# قۇرئان كەرىم
# سۈرىلىرىنىڭ
# ئىدىيىۋى مەزمۇنى

مەككە -مەدىنە نەشرىياتى

قۇرئان شەيداسى بىر  نەسلىنىڭ يېڭىدىن بەرپا قىلىنىشى ئۈچۈن

# قۇرئان كەرىم سۈرىلىرىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى

## مۇندەرىجە


كىرىش سۆز.......... 8

1. فاتىھە سۈرىسى .......... 11

2. ئەلەق سۈرىسى .......... 19

3. مۇززەممىل سۈرىسى .......... 22

4. مۇددەسسىر سۈرىسى.......... 24

5. زۇھا سۈرىسى.......... 26

6. ئىنشىراھ سۈرىسى .......... 28

7. قەلەم سۈرىسى .......... 29

8. تەكۋىر سۈرىسى .......... 31

9. ئەئلا سۈرىسى.......... 33

10. لەيل سۈرىسى.......... 34

11. فەجر سۈرىسى.......... 36

12. قەدر سۈرىسى .......... 38

13. ئەسر سۈرىسى.......... 39

14. ئادىيات سۈرىسى .......... 41

15. كەۋسەر سۈرىسى.......... 42

16. تەكاسۇر سۈرىسى .......... 43

17. مائۇن سۈرىسى.......... 45

18. كافىرۇن سۈرىسى.......... 46

19. مەسەد / تەببەت سۈرىسى.......... 47

20. فىل سۈرىسى .......... 49

21. قۇرەيش سۈرىسى .......... 50

22. قارێه سوڕسی ........ 52
23. فەلەق سوڕسی ........ 53
24. ناس سوڕسی ........ 55
25. ئخلاس سوڕسی ........ 56
26. نەجم سوڕسی ........ 57
27. ئەبەسە سوڕسی ........ 60
28. شەمس سوڕسی ........ 62
29. بوروج سوڕسی ........ 63
30. تن سوڕسی ........ 64
31. زەلزەله سوڕسی ........ 66
32. ئنسان سوڕسی ........ 67
33. قیامەت سوڕسی ........ 69
34. هۆمەزە سوڕسی ........ 70
35. موڕسەلات سوڕسی ........ 71
36. قاف سوڕسی ........ 73
37. بەلەد سوڕسی ........ 75
38. تارق سوڕسی ........ 77
39. یاسن سوڕسی ........ 78
40. فوڕقان سوڕسی ........ 82
41. ڕەهمان سوڕسی ........ 84
42. فاتر سوڕسی ........ 86
43. مەریەم سوڕسی ........ 90
44. تاها سوڕسی ........ 94
45. هاققا سوڕسی ........ 98
46. مائارج سوڕسی ........ 99
47. نەبە سوڕسی ........ 100
48. نازئات سوڕسی ........ 101
49. ئنفتار سوڕسی ........ 103
50. ۋاقئە سوڕسی ........ 104
51. شوئەرا سوڕسی ........ 107
52. ئنشقاق سوڕسی ........ 109
53. نەمل سوڕسی ........ 110
54. قەمەر سوڕسی ........ 113
55. ساد سوڕسی ........ 114

56. ئەئراف سوٗرسی......................................................................................... 117
57. سەجدە سوٗرسی ........................................................................................ 122
58. رەئد سوٗرسی............................................................................................ 124
59. توٗر سوٗرسی ............................................................................................ 127
60. موٗلك سوٗرسی ........................................................................................ 129
61. غاشیە سوٗرسی ....................................................................................... 131
62. كەهف سوٗرسی ....................................................................................... 131
63. جن سوٗرسی ........................................................................................... 138
64. نوٗه سوٗرسی............................................................................................ 140
65. ئبراهم سوٗرسی......................................................................................... 141
66. سافڧات سوٗرسی ...................................................................................... 145
67. قەسەس سوٗرسی ..................................................................................... 147
68. ئسرا سوٗرسی............................................................................................ 151
69. یوٗنوٗس سوٗرسی......................................................................................... 157
70. هوٗد سوٗرسی ............................................................................................ 161
71. یوٗسوٗپ سوٗرسی ...................................................................................... 168
72. هجر سوٗرسی ........................................................................................... 172
73. ئەنئام سوٗرسی.......................................................................................... 175
74. نەهل سوٗرسی .......................................................................................... 179
75. لوقمان سوٗرسی ....................................................................................... 183
76. سەبەئ سوٗرسی ....................................................................................... 186
77. زوٗمەر سوٗرسی ........................................................................................ 189
78. غافر ( موٗئمن ) سوٗرسی............................................................................. 192
79. ئەنبیا سوٗرسی ......................................................................................... 197
80. موٗئمنوٗن سوٗرسی...................................................................................... 200
81. فوٗسسلەت سوٗرسی.................................................................................... 204
82. شوٗرا سوٗرسی ........................................................................................... 206
83. زوٗخروٗف سوٗرسی ..................................................................................... 209
84. دوٗخان سوٗرسی ....................................................................................... 212
85. جاسیە سوٗرسی......................................................................................... 214
86. ئەهقاف سوٗرسی ...................................................................................... 216
87. زاریات سوٗرسی.......................................................................................... 219
88. روٗم سوٗرسی.............................................................................................. 220
89. ئەنكەبوٗت سوٗرسی..................................................................................... 224

90. مۆتەففِفین سۆرسی ........ 227
91. هەج سۆرسی ........ 229
92. مۇهەممەد سۆرسی ........ 232
93. تەغابۇن سۆرسی ........ 234
94. بەقەرە سۆرسی ........ 236
95. ئەنفال سۆرسی ........ 246
96. هەدىد سۆرسی ........ 252
97. نۇر سۆرسی ........ 256
98. ئال ئىمران سۆرسی ........ 262
99. سەف سۆرسی ........ 269
100. جۇمۇئە سۆرسی ........ 271
101. بەييىنە سۆرسی ........ 273
102. هەشر سۆرسی ........ 274
103. مۇنافىقۇن سۆرسی ........ 278
104. نىسا سۆرسی ........ 279
105. مۇجادىلە سۆرسی ........ 287
106. ئەهزاپ سۆرسی ........ 289
107. تالاق سۆرسی ........ 293
108. مائىدە سۆرسی ........ 296
109. مۇمتەهانە سۆرسی ........ 303
110. فەتىھ سۆرسی ........ 306
111. نەسر سۆرسی ........ 309
112. هۇجۇرات سۆرسی ........ 311
113. تەهرىم سۆرسی ........ 314
114. تەۋبە سۆرسی ........ 315

# كىرىش سۆز

بارلىق كىتابلار بىر كىتابنىڭ تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىلىشى ئۈچۈن يېزىلىدۇ. ئۇ كىتاب ئاللاھ نىڭ كىتابى قۇرئاندۇر. قولىڭىزدىكى « قۇرئان سۈرىلىرىنىڭ كىملىكى ( قىسقىچە مەزمۇنى ) » ناملىق بۇ كىتابنىڭ يېزىلىش مەقسىتىمۇ يەنىلا قۇرئاننى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىش ئۈچۈندۇر.

قۇرئاننى چۈشىنىش ئاللاھ نى چۈشىنىشتۇر. چۈنكى قۇرئان ئىلاھىي رەھبەرلىكتۇر. بىر كىشىنىڭ ئاللاھ نى قانچىلىك ياخشى كۆرگەنلىكى، ئۇنىڭ ئاللاھ نىڭ كىتابىغا قانداق مۇئامىلە قىلغانلىقىدىن مەلۇم بولىدۇ.

قۇرئاننى چۈشىنىش ئىنساننى چۈشىنىشتۇر. چۈنكى قۇرئاننى ئەۋەتكۈچى بىلەن ئىنساننى ياراتقۇچى ئوخشاش بىر زاتتۇر. قۇرئاننى چۈشىنىش ھاياتنى چۈشىنىشتۇر. چۈنكى قۇرئان بىر « ھايات كىتابى »دۇر. ۋەھيىنىڭ ئەۋەتىلىش مەقسىتى « بەشەر »نى بەرپا قىلىپ، ئۇنىڭغا روھ پۈۋلەپ « ئىنسان » قىلىشتۇر. ئىنسان ئۆزىگە ئامانەت قىلىنغان ھاياتنىڭ ئۇستىسىدۇر. لېكىن بۇ ئۇستا ئالدى بىلەن شاگىرت بولۇشى كېرەك، شۇنداق بولغاندىلا ئاندىن ئۇ ئۇستا بولالايدۇ. ئىنسان قۇرئاننىڭ شاگىرتى بولغاندىلا، ھاياتنىڭ ئۇستىسى بولۇشقا لايىق بولىدۇ. بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قۇرئاننى چۈشىنىشى شەرت.

تەپسىر ۋە مەنا تەرجىمىلەر بۇ مەقسەت ئۈچۈن يېزىلغان. قولىڭىزدىكى ئەسەر گەرچە كامىل تەپسىر بولمىسىمۇ، « ئىجمالى تەپسىر » تۈرىگە كىرىدىغان بىر ئەسەردۇر. بۇ ئەسەر « قۇرئان سۈرىلىرىنىڭ كىملىكى » ھەققىدە ئومۇمىي ۋە نۇقتىلىق مەلۇماتلارنى سۇنىدۇ. بۇنىڭدىكى مەقسەت، قۇرئاننى ئۆزىنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسى ئىچىدە تونۇشتۇر. قۇرئاننى تونۇشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسلۇبلىرىدىن بىرسى، ئۇنى تەشكىل قىلغان سۈرىلەرنى تونۇشتۇر.

قۇرئان 114 سۈرىدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ھەر بىر سۈرە قۇرئان ساماسىنىڭ بىر بۆرچىدۇر. بۇ بۆرچلارنى تەشكىل قىلغان ئايەتلەرنىڭ ئۆز ئىچىدە پاراللېل ۋە يانتۇ كېسىشمە مۇناسىۋەتلىرى بولغاندەك، سۈرىلەرنىڭمۇ ئۆزئارا پاراللېل ۋە يانتۇ كېسىشمە مۇناسىۋەتلىرى بار. بۇ ئەسەر مانا بۇ مۇناسىۋەتلەرگە كىشىنىڭ دىققىتىنى ئاغدۇرىدۇ ۋە قۇرئان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالدىغا سۈرىلەرنىڭ كىملىكىنى چىقىرىپ بېرىدۇ.

قۇرئاننى چۈشىنىشكە كىرىشكەن بىر يېڭى قۇرئان تالىپىنىڭ قولىغا، ئالدى بىلەن مۇقەددىمە شەكلىدىكى ئەسەرلەرنى بېرىش توغرا بولغان ئۇسلۇبتۇر. بۇ ئەسەر قۇرئاننىڭ ئومۇمىي مەقسىتى ۋە نىشانىنى، پۈتۈننى نەزەردىن ساقىت قىلماستىن چۈشەنمەكچى بولغانلار ئۈچۈن قەلەمگە ئېلىندى. چۈنكى ئۇنىڭغا پەقەت بىر پۈتۈن گەۋدە شەكلىدە نەزەر تاشلانغاندىلا، ۋەھيىنىڭ مەقسىتىنى توغرا چۈشەنگىلى بولىدۇ. پۈتۈننى نەزەردىن ساقىت

قىلغاندا، پارچىنى توغرا ھالدا چۈشىنىش نىسبىتى تۆۋەن بولىدۇ.

سۈرىلەرنىڭ بىر كىملىكى بارمۇ؟

ئەلۋەتتە بار. بۇ كائىناتتا قايسى بىر نەرسىنىڭ كىملىكى يوقكى، سۈرىلەر كىملىكسىز بولسۇن؟ تاش، تۇپراق، دەرەخ، سۇ ... خۇلاسەكالام ھەر نەرسىنىڭ بىر كىملىكى بار. سۈرىلەر قۇرئان مەملىكىتىنىڭ شەھەرلىرىدۇر. بىر شەھەر ھەققىدە توختالغاندا « ئۇ شەھەرنىڭ نېمىسى مەشھۇر؟ » دەپ سورايمىز. قۇرئان سۈرىلىرىمۇ مانا مۇشۇنداق. ھەر بىر سۈرە ئەڭ ئاز دېگەندە بىر تېمىسى بىلەن مەشھۇردۇر. ئۇ سۈرىنى باشقا سۈرىلەردىن ئايرىپ تۇرغان ئۆزگىچىلىكى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى باردۇر. بۇ ئەسەر مانا بۇلار ھەققىدە مەلۇمات بېرىدۇ.

بۇ ئەسەرنىڭ يېزىلىش غايىسىدىن بىرسى، قۇرئان ھالقىلىرىنىڭ دەرسلىك ئېھتىياجىنى قامداش بولۇپ، خۇددى رەسۇلۇللاھ ۋە ساھابىلەرگە ئوخشاش قۇرئاننى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇۋاتقانلارنىڭ سانى كۈنسېرى كۆپەيمەكتە. بىر ئەسەرنىڭ دەرس ھالقىلىرىدا ئوقۇلۇشى ئۈچۈن، مانا بۇ مەقسەت نەزەردە تۇتۇلغان ھالدا قەلەمگە ئېلىنغان بولۇشى كېرەك. بۇ ئەسەر تەييارلانغاندا، مانا بۇ غايىمۇ نەزەردە تۇتۇلدى.

قۇرئان سۈرىلىرىنىڭ كىملىكى 114 سۈرىنىڭ ھەر بىرى ئۈچۈن ئايرىلغان 114 بۆلۈمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ھەر بۆلۈم سۈرىنىڭ ئىسمى تېمىسى ئاستىدا، مەزكۇر سۈرىنىڭ ئىسىم ۋە ئىسىملىرى، ئۇنىڭ مەنىسى، ئىسمىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى قاتارلىق مەزمۇنلار بايان قىلىندى.

ئۇنىڭدىن كېيىن سۈرە نازىل بولغان ئورۇن ۋە ۋاقىتنى تېما قىلغان ئاساستا، سۈرىنىڭ قەيەردە، قاچان، قانداق شارائىتتا، قانداق دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى ئاستىدا نازىل بولغانلىقى ھەققىدە مەلۇماتلار بېرىلدى. بۇنىڭغا قوشۇمچە قىلىپ، سۈرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدە تىزىلغان نازىل بولۇش تەرتىپى ۋە تەرتىپتىكى ئورنى ھەققىدىكى مەزمۇنلار تىلغا ئېلىنىپ، بۇ ھەقتە توغرىغا ئەڭ يېقىن بولغان ئورۇننى بەلگىلەش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىلدى.

ئۈچىنچى تېما سۈپىتىدە، سۈرىنىڭ تېمىسى ھەققىدە توختالدۇق. بۇ بۆلەكتە سۈرىنىڭ كىشىنىڭ دىققىتىنى ئەڭ تارتىدىغان ئايەتلەر نۇقتىلىق ھالدا تەكىتلىنىش بىلەن بىرگە، ئۇلار تىلغا ئېلىنغان بۆلەكلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بولۇپمۇ سۈرىنىڭ جان تومۇرى ياكى ئانا پىكرى دېيىشكە بولىدىغان خۇسۇسلار ھەققىدە نۇقتىلىق ھالدا توختالدۇق.

بۇ ئۈچ نۇقتىنى ئاساس قىلغان ھالدا زۆرۈر تېپىلغان جايلاردا سۈرىنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبىگە مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارمۇ بېرىپ ئۆتتۇلدى. ئەگەر قۇرئاننىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسى ئىچىدە، ئۇ سۈرىنى باشقا سۈرىلەردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان ئۆزگىچىلىكى بولسا، بۇ خاسلىق ئۈستىدە نۇقتىلىق ھالدا توختالدۇق.

« قۇرئان سۈرىلىرىنىڭ كىملىكى »دە ئورۇن ئالغان بارلىق ئايەتلەرنىڭ مەنا تەرجىملىرى كەمىنە قەلەمگە ئالغان « ھايات كىتابى قۇرئان » ناملىق ئەسەردىن ئېلىندى. بېرىلگەن مەنانىڭ ئىزاھاتى بۇ ئەسەردە تىلغا ئېلىنمىدى. چۈنكى بۇ ئەسەرنىڭ ھەجىمىنى تېخىمۇ كېڭەيتىۋېتىدىغان بولغاچقا، ئىزاھات ئۈستىدە توختالمىدۇق. بېرىلگەن مەنانىڭ لۇغەت ۋە ئىلمىي ئىزاھاتىغا قىزىققۇچىلارنىڭ « ھايات كىتابى قۇرئان » ناملىق ئەسەرگە مۇراجىئەت قىلىشىنى سورايمىز.

بۇ ئەسەر قەلەمگە ئېلىنغاندا مۇھىم كەمچىلىكنى ھېس قىلدىم. قۇرئاننىڭ ئىنساننى بەرپا قىلىپ چىقىش باسقۇچىنى تۆۋەندىكىدەك تۆت نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. قۇرئان:

1. ئۇقۇملار بىلەن تەسەۋۋۇر / چۈشەنچىنى

2. تەۋسىيەلەر بىلەن ئەقلنى

3. ئۆرنەكلەر بىلەن شەخسىيەتنى

4. بىر پۈتۈن گەۋدىسى بىلەن ھايات شەكلىنى بەرپا قىلىپ چىقىدۇ.

بۇ تۆت نۇقتىنىڭ ئالدىنقى ئۈچىنى بۇ ئەسەردە بىرمۇ - بىر كۆرسىتىپ ئۆتۈش مۇمكىن ئىدى. بىراق بۇنداق بولغاندا، ئەسەرنىڭ ھەجمى ھازىرقى ھالىتىدىن قاتمۇ - قات كېڭىيىپ كېتەتتى. مانا بۇ سەۋەبتىن بۇ ئەسەر تاماملىنىشقا ئاز قالغاندا، بۇ ئەسەرنى تولۇقلايدىغان ماھىيەتتىكى بىر ئەسەرنىڭ يېزىلىشى ھەققىدىكى بىر پىكىر زېھنىمدە پەيدا بولدى. يەنى، قۇرئان سۈرىلىرىنىڭ ئىنشا (قۇرۇلۇش) خەرىتىسى. ئۆمرۈم يار بېرىپ، نەپسىم بولسا،

مۇشۇنداق بىر ئەسەرنى ئۈممەتىنىڭ قۇرئان كىتابلىقىغا ھەدىيە قىلىشنى ئارزۇ قىلىمەن.

قۇرئان كەرىم سۈرىلىرىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ، باشتىلا « ۋەقپى ئەسەر » نىيىتى بىلەن قەلەمگە ئېلىندى. نىيىتىمىز، بۇ ئەسەرنىڭ بارلىق كىرىمىنى ۋەقپىنىڭ پائالىيەتلىرى ئۈچۈن سەرپ قىلىش ئىدى. ئەلھەمدۇلىللاھ، بۇ نىيىتىمىزنى ئاللاھ قوبۇل قىلدى، ئاقابە ۋەقپىدە روياپقا چىقتى. ۋەقپى ئىدارە ھەيئىتى، ئاقابە ۋەقپى نەشرىياتى نامى بىلەن بۇ ئەسەرنى نەشر قىلدۇرۇپ، بىزگە ئاتىقىمىزنى ئادا قىلىش پۇرستى يارىتىپ بەردى...

رەببىم سەيىيئاتىمىزنى ھەسەناتقا، ھەسەناتىمىزنى سالىھاتقا ئايلاندۇرغاي. سالىھ ئەمەللىرىمىزنى دەرگاھىدا ئەھسەنى قوبۇل بىلەن مەقبۇل ئەيلىگەي، ئامىن!

**شەيخ م.ئو**

# فاتىھە سۈرىسى

**بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ (1)**

الْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ (2) الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ (3) مَالِكِ يَوْمِ الدِّينِ (4) إِيَّاكَ نَعْبُدُ وَإِيَّاكَ نَسْتَعِينُ (5) اهْدِنَا الصِّرَاطَ الْمُسْتَقِيمَ (6) صِرَاطَ الَّذِينَ أَنْعَمْتَ عَلَيْهِمْ غَيْرِ الْمَغْضُوبِ عَلَيْهِمْ وَلَا الضَّالِّينَ (7)

« ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللە نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن. جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللە قا خاستۇر. اللە ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر. قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر. (رەببىمىز) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز. بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن. غەزىپىڭگە يولۇققانلارنىڭ ۋە ئازغانلارنىڭ يولىغا ئەمەس، سەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا (باشلىغىن) » ( 1 ـ 7 ).

**فاتىھە قۇرئاننىڭ ھەم كىرىش سۆزى ھەم قىسقىچە مەزمۇنىدۇر.**

قۇرئاندىن ئىبارەت مۇسلىسىز بىر قوروغا فاتىھەدىن ئىبارەت بىر ئىشىكى ئارقىلىق كىرىمىز. فاتىھەنىڭ قارىمۇ قارشى سۆزى خاتىمە بولۇپ « ئاخىرقى سۆزى » دېگەن مەنىنى بىلدۈردۇ. فاتىھە قۇرئاننىڭ قىسقىچە مەزمۇنىدۇر، چۈنكى فاتىھە قۇرئاننىڭ ئۆزىدۇر. قۇرئان فاتىھەنىڭ تەپسىرىدۇر. فاتىھە كالام جەننىتى بولغان قۇرئاننىڭ كىرىش ئىشىكىدۇر، « بىسمىللاھ » بۇ ئىشىكنىڭ ئاچقۇچىدۇر.

« ئۆزىنى ئاچقان » ياكى « باشقا بىر نەرسىنى ئاچقان » دېگەن مەنىدىكى ئىسمى، رەسۇلۇللاھنىڭ « فاتىھەتۇل كىتاب ـ كىتابنى ئاچقان، كىتابنىڭ كىرىشى » دەپ قويغان ئىسمىغا ئاساسلىنىدۇ. بۇمۇ رەسۇلۇللاھنىڭ فاتىھەنى قۇرئاننىڭ كىرىش سۆزى سۈپىتىدە قوبۇل قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

سۈرىنىڭ فاتىھەدىن باشقا يەنە، سەھىھ رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغان ھالدا بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئۈچ ئىسمى بار. يەنى، « ئەس سەب ئۇل مەسانى ـ تەكرارلانغان يەتتە »، « ئۇممۇل قۇرئان ـ قۇرئاننىڭ ئانىسى » ۋە « ئۇممۇل كىتاب ـ كىتابنىڭ ئانىسى ». بىرىنچى ئىسىم، رەسۇلۇللاھنىڭ تەپسىرىدۇر ۋە قۇرئاندىن ئىلھام ئالغان ھالدا قويۇلغان ( ھىجر، 87 ). قالغان ئىككى ئىسىم، فاتىھەنىڭ قۇرئاننىڭ ئەڭ يارقىن قىسقىچە مەزمۇنى ئىكەنلىكىنى ئىشارەت قىلىدۇ.

فىرۇزئابادى فاتىھە ئۈچۈن 30 ئىسىمنى ساناپ ئۆتكەن. بۇلار ئارىسىدا كىشىنىڭ ئەقلىگە ئەڭ باشتا كېلىدىغانلىرى « ئەل ئەساس، ئەل ھەمد، ئەششۇكۇر، ئەد دۇئا، ئەس سافىيە، ئەل ـ كەنز، ئەل ۋافىيە، ئەل قافىيە » قاتارلىقلاردۇر. بۇلاردىن باشقا ئىسىملارمۇ تىلغا ئېلىنغان. رەسۇلۇللاھتىن كەلگەن سەھىھ رىۋايەتلەر ئىپادىلىگەن يۇقىرىدىكى ئۈچ ئىسىمدىن باشقا، مەزكۇر سۈرىنىڭ ئىسىم سۈپىتىدە كۆرسىتىلگەن ئىسىملار

ئىشەنچلىك بىر ئاساسقا ئىگە ئەمەس. بۇلار ۋاقتىنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ پەيدا بولغان، ئەڭ باشتا كىمنىڭ ئىشلەتكەنلىكى نامەلۇم بولغان ئىسىملاردۇر. بۇ ئىسىملاردىن ھەر بىرى، فاتىھەنىڭ بىر ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. فاتىھەنىڭ ئىسىملىرىنىڭ كۆپ بولىشى، ئەنئەنىۋى چۈشەنچىنىڭ نامايەندىسىدۇر. چۈنكى ئەنئەنىۋى چۈشەنچىدە، ئىسىملارنىڭ كۆپ بولىشى ئۇنىڭ شەرىپىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدۇ. بۇ سەۋەبتىن بىر نەرسىنىڭ شەرىپىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئىسمىنى كۆپەيتىش ئادەتكە ئايلانغان. بۇ چۈشەنچە بىلەن بەزى كىشىلەر ياخشى كۆرگەن كىشى ياكى نەرسىسىنىڭ شەرىپىگە شەرەپ قوشۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا بىر ئىسىمنى ئۆزى قويۇپ كەلگەن.

سۈرىلەرنىڭ، بولۇپمۇ سەھىھ رىۋايەتلەر بىلەن كەلگەن ئىسىملاردىن باشقا كەڭ دائىرىدە ئىشلىتىلمەيدىغان ئىسىملار مەسىلىسى ئىزاھلىنىشقا تېگىشلىك. چۈنكى بۇ ئىسىملار كىملەر تەرىپىدىن قايسى زامان ۋە ماكانلاردا ئىشلىتىلگەنلىكى نامەلۇم. بۇ ھەقتە تەپسىلى مەلۇمات بەرگەن ئەسەرلەرنىڭ ئىچىدە فىرۇزئابادىنىڭ ( ۋاپات، ھىجرى 817 ) « بەشائىرى زەۋىت تەمىيز فى لەتائىفل كىتابىل ئەزىز » ناملىق ئەسىرى ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ ئەسەردە قۇرئان سۈرىلىرى ھەجىم ۋە مەزمۇن جەھەتتىكى تەرەپلىرى ئۈستىدە نۇقتىلىق توختالغان بولۇپ، تەپسىلي سانلىق مەلۇمات بېرىش بىلەن بىرگە، سۈرىلەرنىڭ بىر - بىرى بىلەن بولغان ئوخشاشلىقى ۋە پەرقلىق تەرەپلىرىمۇ بىرمۇ - بىر بايان قىلىنغان. ئەسەردە سۈرىلەر ھەققىدە بېرىلگەن سانلىق مەلۇماتلار شۇنداق تەپسىلي بولۇپ، سۈرىدىكى ھەرپ سانىمۇ بېرىپ ئۆتۈلگەن. مۇشۇنداق تەپسىلاتلىق ئەسەردىمۇ سۈرىلەرنىڭ باشقا ئىسىملىرىنىڭ مەنبەسى، قويۇلغان زامان ۋە ماكان ھەققىدە ھېچقانداق بىر مەلۇمات يوق. بۇ ئەھۋالدا قۇرئان سۈرىلىرىنىڭ تۈنجى نەسل تەرىپىدىن ئىشلىتىلگەنلىكى ھەققىدە يىپ ئۇچى بولمىغان باشقا ئىسىملارنىڭ، مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەردە پەقەت ئەمەلىي ھاياتتا ئاساسىي بولمىغان بىرەر مەلۇمات سۈپىتىدە بايان قىلىنغانلىقىنى ئېيتىش خاتا بولمىسا كېرەك.

فاتىھە 23 يىللىق ۋەھيي جەريانىنىڭ تۈنجى يىلىنىڭ باشلىرىدا نازىل بولغان. مەزكۇر يىل مىلادى كالېندارىدا 610 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ سەۋەبتىن فاتىھە سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان سۈرىدۇر. مۇئمىنلەرنىڭ باشتىن ئاخىر فاتىھەسىز ناماز ئوقۇمىغانلىقى بۇنىڭ دەلىلىدۇر. ناماز، تۇنجى قېتىم نازىل بولغان « ئەلەق » سۈرىسىنىڭ 10 - ئايىتىدە تىلغا ئېلىنىدۇ. گەرچە ئەلەق سۈرىسىنىڭ دەسلەپتە نازىل بولغان بەش ئايىتى بىلەن ئۇنىڭ داۋامىدىكى ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش مەزگىلى ئارىسىدا بەلگىلىك زامان تىلىمى مەۋجۇت بولسىمۇ، ئىككى بۆلەك ئارىسىدا ئۇزۇن بىر مەزگىل بار دەپ قارىمايمىز. ئۇنىڭدىن باشقا، مەككىدە نازىل بولغانلىقى ئېنىق بولغان ھىجر سۈرىسىنىڭ 87 - ئايىتىدە ئورۇن ئالغان « سەب ئەن مىنەل مەسانى » ئارقىلىق فاتىھە ئىشارەت قىلىنغان بولۇپ، بۇ نەبەۋىي بىر تەپسىر سۈپىتىدە رىۋايەت قىلىنغان.

بەزىلەر فاتىھەنىڭ بىر قېتىم مەككىدە، يەنە بىر قېتىم قىبلىنىڭ قۇددۇستىن مەككىگە ئۆزگەرتىلىشىدىن كېيىن مەدىنىدە بولۇپ ئىككى قېتىم نازىل بولغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن. بۇ قاراش بىر - بىرىگە زىت كەلگەن نازىل بولۇش سەۋەبىگە مۇناسىۋەتلىك رىۋايەتلەرگە ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان. رىۋايەتلەر ئارىسىدىكى زىتلىق بىر تەرەپ قىلىنالمىغانلىقتىن، بەزىلەر سۈرىنىڭ ھەم مەككىدە، ھەم مەدىنىدە نازىل بولغانلىقى ھەققىدىكى قاراشنى مۇۋاپىق دەپ قاراپ، بۇ ئۇسلۇب بىلەن مەسىلىنى ھەل قىلغان. لېكىن بۇنىڭ قايىل قىلارلىق ئىزاھاتى ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان. نەتىجىدە بۇ ئارقىلىق ھەقىقەت قۇربان قىلىش بەدىلىگە، رىۋايەتلەر ئۈستۈن تۇتۇلماقچى بولغان.

بىر - بىرىگە زىت بولغان بۇنداق نازىل بولۇش سەۋەبىنىڭ رىۋايەتلىرىنىڭ ھېچبىرىنى زايا قىلىۋەتمەستىن، مۇۋاپىق ھالدا ئىزاھلىغىلى بولىدىغان مېتودلىرى بار. مەسىلەن، بەزىلەرنى فاتىھەنىڭ مەدىنىدە ئىككىنچى قېتىم قايتا نازىل بولغان دېگەن قاراشقا ئېلىپ بارغان نۇزۇل رىۋايەتلىرىنىڭ سەۋەبى بولسا ساھابىنىڭ قۇرئانغا « نازىل بولغان، ئىشى تۈگىگەن » بىر خىتاب ئەمەس، ھاياتقا ھەر ۋاقىت نازىل بولۇپ تۇرىۋاتقان بىر خىتاب دەپ قارىغانلىقىدىن ئىبارەت دەپ قاراش مۇۋاپىق. چۈنكى ساھابە بۇرۇن نازىل بولغان ئايەت ۋە سۈرىلەر بىلەن ئۇنىڭدىن يىللار كېيىن يۈزبەرگەن ۋەقەلەر ئارىسىدا سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتى قۇرۇپ چىقالايتتى. « شۇ، شۇ ئايەتلەر پالانچىنىڭ شۇ ۋەقەسىدىن كېيىن نازىل بولغان » دېگەندەك قاراشلار، رىۋايەتلەر ئايەتنىڭ نازىل بولۇش

ۋاقتى بىلەن ۋەقەنىڭ يۈزبەرگەن ۋاقتى ئارىسىدىكى ۋاقىت خاراكتېرلىق سەۋەبكە دالالەت قىلمايدۇ. بۇلار پەقەت باشتىن ئۆتكۈزۈۋاتقان ھايات بىلەن ۋەھىينى ئوخشاش بىر نۇقتىدا ئۇچراشتۇرۇشنىڭ بىر ئۇسلۇبى ئىدى. بۇ، ساھابىنىڭ ۋەھىيگە ھەر ۋاقىت نازىل بولغان، ھاياتنىڭ ئىچىدە، ئاكتىپ ۋە جانلىق بىر خىتاب نەزىرى بىلەن قارىغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

يىغىنچاقلىغاندا، فاتىھە سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان.

فاتىھە سۈرىسىنىڭ نازىل بولۇش تەرتىپىدىكى ئورنى، خۇددى مۇسھاب تەرتىپىدىكىگە ئوخشاش بىرىنچىلىك بولۇپ، فاتىھە تۇنجى قېتىم تولۇق نازىل بولغان سۈرىدۇر. بىر قېتىمدىلا نازىل بولغان. فاتىھەدىن بۇرۇن نازىل بولغان ئايەتلەر بار، لېكىن بىر قېتىمدىلا تولۇق نازىل بولغان سۈرە ياكى سۈرىلەر يوق. « ئەلەق، مۇززەممىل ۋە مۇددەسسىر » سۈرىلىرىنىڭ بىرىنچى بۆلەكلىرى فاتىھە سۈرىسىدىن بۇرۇن نازىل بولغان، لېكىن بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە نازىل بولمىغان. « ئەلەق » سۈرىسىدىن ئالدىنقى بەش ئايەت، مۇززەممىل سۈرىسىنىڭ ئاخىرقى ئايىتىدىن باشقا ئايەتلىرى، مۇددەسسىر سۈرىسىنىڭ ئالدىنقى ئون ئايىتى بىر قېتىمدا، قالغان ئايەتلەر كېيىن نازىل بولغان. لېكىن فاتىھە سۈرىسى بىر قېتىمدىلا نازىل بولغان تۇنجى سۈرىدۇر. بۇ سەۋەبتىن فاتىھە، ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ئىپادىسى بىلەن « قۇرئاننىڭ تۇنجى سۈرىسى » بولۇش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە.

رەسۇلۇللاھ فاتىھە سۈرىسىنى « كىتابنىڭ كىرىش سۆزى - فاتىھاتۇل كىتاب » دەپ ئاتىغان ۋە قۇرئاننىڭ بېشىغا تىزىشقا بۇيرىغان. نامازلىرىدا باشتىن ئاياغ فاتىھەنى ئوقۇغان. بۇ سەۋەبتىن فاتىھە مۇسھابنىڭ ئەڭ بېشىدىن ئورۇن ئالغان. بۇ پەقەت مۇسھاب تەرتىپىدىلا ئەمەس، نۇزۇل تەرتىپىدىمۇ شۇنداق.

فاتىھە سۈرىسى ھەمدۇساناني ئاللاھ قا خاس قىلىش بىلەن باشلايدۇ. فاتىھە، قۇرئاندا « ھەمد » بىلەن باشلانغان ئەنئام، كەھف، سەبەئ، فاتىر قاتارلىق بەش سۈرىدىن بىرى بولۇپ، بۇ سۈرىلەرنىڭ ھەممىسىدە « ھەمد » ئاللاھ قا خاس قىلىنغان. « ئەلھەمدۇلىللاھ » بىلەن باشلانغان سۈرىلەرنىڭ ھەممىسى مەككىدە نازىل بولغان.

فاتىھە قۇرئاننىڭ قىسقىچە مەزمۇنىدۇر. يەنى:

« ئاللاھ »، بارلىق سۈپەتلەر ئۇنىڭغا مۇجەسسەملەشكەن خاس ئىسمىدۇر.

« ئەلھەمدۇلىللاھ »، بارلىق زات ۋە كامال سۈپەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

« رەببىل ئالەمىن »، بارلىق يارىتىش ۋە مەۋجۇدىيەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك سۈپەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

« ئەررەھمان ئەررەھىم »، ئىنسان ئۈچۈن رەھمەت بولغان دىننى پۈتۈنلەي ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

« مالىكى يەۋمىددىن »، بارلىق ئاخىرقى سائەت، قىيامەت، ئاخىرەت، جەننەت ۋە جەھەننەم ئايەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىيياكە نەئ بۇدۇ، بارلىق ئىبادەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. « ۋە ئىيياكە نەستەئىن »، ئىبادەتلەردە تەۋھىد ۋە ئىخلاسنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

« ئىھدىنەس سىراتەل مۇستەقىم »، ئەخلاق، ئېتىقاد، ئىبادەت ۋە بەشەرى مۇناسىۋەتلەرگە دائىر جىمى توغرىلار / ھەقىقەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

« سىراتەللەزىنە ئەنئەمتە ئەلەيھىم » ئۆتمۈشتىكى بارلىق ياخشىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

« غەيرىلمەغدۇبى ئەلەيھىم ۋە لەدداللىن »، ئۆتمۈشتىكى توغرا يولدىن قېيىپ كەتكەنلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

فاتىھە، ئاللاھ - ئىنسان مۇناسىۋىتىنىڭ كودىنى / شىفرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۇرگەن. فاتىھەدە ئاللاھ تىن ئىنسانغا نازىل بولغان رەھمەت ۋە ۋەھيي، ئىنساندىن ئاللاھ قا ئۆرلىگەن دۇئا ۋە ئىبادەت تىلغا ئېلىنىدۇ. فاتىھە، ئاللاھ نىڭ بارلىقىغا ئىشەنگەنلەر بىردەك ئىتتىپاقلىشالايدىغان مىسلىسىز پرىنسىپلار گەۋدىسىدۇر. فاتىھە، تەۋھىد كەلىمىسى بولغان « لا ئىلاھە ئىللەللاھ »نىڭ شەرھىسىدۇر. فاتىھە، كىملەرگە ئوخشاش بولىشىمىزنى كۆرسىتىپ بېرىش بىلەن بىرگە، كىملەرگە ئوخشاپ قالماسلىقىمىز ھەققىدە بىزنى ئاگاھلاندۇرىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، فاتىھە، ئاللاھ - ئىنسان ئارىسىدىكى كېلىشىمدۇر. ئالدىنقى ئۈچ ئايىتى ئاللاھ نى تونۇشتۇرغان

سانادۇر. ئاخىرقى ئۈچ ئايىتى ئىنساننى تونۇشتۇرغان بىر دۇئادۇر. ئوتتۇردىكى بىر ئايەت ( ئىيياكە نەئ بۇدۇ ۋە ئىيياكە نەستەئىن )، كىلىشمىنىڭ دەل ئۆزىدۇر. رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتى بىلەن مۇقىم بولغان « ئامىن » بۇ كىلىشمىگە قويۇلغان ئىمزادۇر. رەسۇلۇللاھ، « فاتىھە ئوقۇغان كىشىگە پەرىشتىلەرمۇ ئامىن دەيدۇ. كىمنىڭ " ئامىن "ى پەرىشتىلەرنىڭكىگە توغرا كېلىپ قالسا، ئۇنىڭ دۇئالىرى قوبۇل بولىدۇ » دېگەن. ئىنساننى ئىسلاھ قىلغۇچى كۈچى بىلەن ھەققى بىر فاتىھ بولغان قۇرئان، ئىنساننىڭ قەلب ئىشىكىنى فاتىھە ئاچقۇچى ئارقىلىق ئاچىدۇ.

**فاتىھە، مۇئمىنگە ئاللاھ تىن بىر نەرسە تىلەشنىڭ ئۇسلۇبىنى ئۆگىتىدۇ**

فاتىھە، مۇئمىنگە ئاللاھ تىن بىر نەرسە تىلەشنىڭ ئۇسلۇبىنى ئۆگەتمەكتە. ئاللاھ تىن تىلەش، يەنى دۇئا، رەسۇلۇللاھنىڭ ئىپادىسىگە ئاساسەن « ئىبادەتلەرنىڭ نىگىزىدۇر ». بۇ سەۋەبتىن رەببىمىز نەبىنى « ئەگەر سىلەرنىڭ دۇئايىڭلار بولمىسا، رەببىم سىلەرگە پەرۋا قىلمايدۇ » دېيىشكە بۇيرىغاندى. دۇئا بەندىنىڭ ئاللاھ ئالدىدىكى ئاجىزلىقىنىڭ ئىقرارىدۇر. دۇئا قەلبنىڭ ئاللاھ بىلەن قىلغان دىئالوگىدۇر. ئاللاھ بەندىدىن ئەڭ رازى بولغان ۋاقىت ئۇنىڭ ئۆزىگە دۇئا قىلغان ۋاقىتىدۇر. چۈنكى ئاللاھ ھەممىگە ۋە ھەممە نەرسىگە يېتەرلىك بولغۇچىدۇر، بەندە ئۆزىگىمۇ يېتەرلىك ئەمەستۇر. بەندىنىڭ ئاللاھ قا بولغان ئىبادىتى، بۇ ھەققەتنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن باشلىنىدۇ. دۇئا قىلىش، ئۆزىگە يېتەرلىك بولمىغانلىقنى ئېتىراپ قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسلۇبىدۇر. دېمىسىمۇ شېرىكنىڭ يەنە بىر ئېنىقلىمىسى، ئىنساننىڭ ئۆزىنى ئۆزىگە يېتەرلىك دەپ قارىشىدۇر.

ئاللاھ تىن تىلەش ئۇسلۇبى بىر - بىرى بىلەن زىچ باغلانغان ھالقىلاردىن تەشكىل تاپىدۇ:

1. ئاللاھ تىن تىلەشنىڭ بىرىنچى ھالقىسىنى « ھەمد » تەشكىل قىلىدۇ. ھەمد - شۈكۈر، مەدھىيە، سانا، تازىمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كىشى ئاللاھ تىن بىر نەرسە تىلەشتىن بۇرۇن « ھەمد » ئېيتىشى كېرەك. ئۇ، بۇ ئارقىلىق تۆۋەندىكى ھەققەتلەرنى ئېتىراپ قىلغان بولىدۇ:

- تىلمەسەممۇ بەرگەن چەكسىز نېمەتلىرىڭنى ئۇنۇتمىدىم.

- ئالدىنئالا بەرگەن نېمەتلىرىڭ ئۈچۈن ساڭا مىننەت ۋە شۈكۈر ئېيتىمەن.

- تىلەشكە يۈزۈم بولمىسىمۇ سەندىن يېڭى نەرسىلەر سورايمەن. سەندىن بۇ نەرسىلەرنى تىلىشىم ئۇنى تىلەش ھەققىم بولغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى سېنىڭ چەكسىز ئىلتىپاتىڭغا مۇھتاج بولغانلىقىمدىندۇر.

- سەندىن تىلىگەنلىرىمنى بەرسەڭمۇ، بەرمىسەڭمۇ ساڭا مۇھتاج، قەرز ئىكەنلىكىمنى بىلىمەن ۋە بۇ سەۋەبتىن جىمى ھەمدنى ساڭا ئاتايمەن.

- مەن ساڭا ھەمد ئېيتمىغان تەقدىردىمۇ، كائىناتتىكى جىمى مەۋجۇدىيەت ئۆز تىلى بىلەن ساڭا، پەقەت ساڭىلا ھەمد ئېيتماقتا.

- مەن ئېيتقان ھەمد، كائىناتتىكى مەۋجۇدىيەت ئېيتقان ھەمدكە قارىغاندا يوق ھېسابتا، لېكىن مېنىڭ ساڭا ھەمد ئېيتىشىم ماڭا قىممەت قوشماقتا. شۇڭا سەن مېنىڭ ھەمد ئېيتىشىمدىن بىھاجەتسەن، لېكىن مېنىڭ ساڭا ھەمد ئېيتىشقا ئېھتىياجىم بار.

- سەندىن غەيرىگە ھەمد ئېيتمايمەن. بۇنداق قىلغۇچىلار بولغان تەقدىردىمۇ، جىمى ھەمدلەر ئاخىرى يەنىلا ساڭا قايتىدۇ، سېنى كۆرسىتىدۇ، سەندە قارار تاپىدۇ.

- ئالەملەرنىڭ جىمى ھەمدىنىڭ ساڭا خاس ئىكەنلىكىنى بىلىمەن، چۈنكى سەن ئالەملەرنىڭ رەببى. مەنمۇ ئۇ ئالەملەرنىڭ ئىچىدىكى بىر ئالەم. ساڭا ھەمد ئېيتىش ئارقىلىق، سېنىڭ مېنىڭ رەببىم ئىكەنلىكىڭنى ئېتىراپ قىلىمەن.

ئاللاھ قا ھەمد ئېيتىش، ئاللاھ نى مەدھىيەلەش ۋە ئۇنىڭغا سانا ئېيتىشتۇر. ئاللاھ نى مەدھىيەلەش - ئاللاھ ماختىغاننى ماختاشتۇر. ئاللاھقا ھەمد ئېيتىش - ئاللاھ ماختىمىغاننى ماختىماسلىقتۇر. ئاللاھ قا ھەمدى ئېيتىش - ئاللاھ ماختىغاننى ماختاش، ئۇ چەكلىگەندىن يىراق تۇرۇشتۇر. ئەگەر بۇنىڭ ئەكسىچە بولسا، مەيلى ئۇ ئەتتىگەندىن كەچكىچە تىلى بىلەن ھەمدى ئېيتسۇن، تىلىدىكىنى ھەرىكىتى بىلەن يالغانغا چىقارغان بولىدۇ.

ئاللاھ ياخشى كۆرگەننى ياخشى كۆرۈش، يامان كۆرگەننى يامان كۆرۈشنىڭ ئۆزىمۇ ئاللاھ قا ھەمد ئېيتقانلىقتۇر. ئاللاھ ئۇلۇغلىغاننى ئۇلۇغلاش، ئاللاھ خار كۆرگەننى خار كۆرۈشنىڭ ئۆزىمۇ ئاللاھ قا ھەمد ئېيتقانلىقتۇر.

2. ئاللاھ تىن تىلەشنىڭ ئىككىنجى ھالقىسنى ئاللاھ نىڭ ئالەملەرنىڭ رەببى ئىكەنلىكىنى بىلىش تەشكىل قىلىدۇ. ئالەملەرنىڭ رەببى، مەۋجۇدىيەتنى بىر مەقسەت بىلەن ياراتقان ۋە ياراتقان مەخلۇقلىرىنى يارىتىلىش مەقستىنى ئىشقا ئاشۇرۇشى ئۈچۈن تەربىيەلىگۈچىدۇر. ئىنساننىڭمۇ بىر يارىتىلىش مەقستى بار ۋە بۇ مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى ئۈچۈن تەربىيىلىنىشى كېرەك. ئىنساننىڭ تىلىكىنىڭ ھەممىسى يارىتىلىش مەقستىگە مۇۋاپىق بولىشى ناتايىن. ئىنسان بەزىدە ئەڭ ياخشىسى بار يەردە، ئاز مەنپەئەتلىك بولغاننى تىلەپ قالىدۇ. ھەتتا بەزىدە ياخشى بار يەردە، ئۆزى ئۈچۈن ياماننى تىلەپ قالىدۇ. چۈنكى ئىنسان ئاخىرقى تەھلىلدە نېمىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ياخشى، نېمىنىڭ يامان ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيدۇ. بەزىدە ياخشى دەپ ئويلىغىنى زىيانلىق، زىيانلىق دەپ ئويلىغىنى ياخشى بولۇپ چىقىدۇ. ئىنسانغا ھەر تىلىكىنىڭ بىرىلىشى، ئىنساننىڭ ئۆزىگە بالا تېپىشى ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر. ھەزرىتى ئەلى « مەن ئاللاھ نىڭ ئاللاھ ئىكەنلىكىنى ھەر تىلىكىمنى ئىجاۋەت قىلماسلىقىدىن بىلدىم » دېگەن. بىز ئاللاھ تىن تىلەيمىز، لېكىن تىلىكىمىزنىڭ ئۆزىمىز ئۈچۈن خەيرلىك بولغان - بولمىغانلىقىنى بىلمەيمىز. بۇ سەۋەبتىن مۇتلەق خەير بولغان - بولمىغانلىقىدىن خاتىرجەم بولالمىغان نەرسىلەرنى تىلىگەندە « خەيرلىك بولسا ئىجاۋەت قىلغىن » دەيمىز. بۇ، تىلەشتىكى بىر ئەدەپتۇر. ئاللاھ بەزىدە تىلىكىمىزنى ئىجابەت قىلىدۇ، بەزىدە ئىجابەت قىلمايدۇ. ئىجابەت قىلمىغاندا، بۇنىڭ بىز ئۈچۈن ياخشىلىق ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمىز. ئالەملەرنىڭ رەببىگە ھەمد ئېيتىش بىلەن دۇئانى باشلىشىمىزنىڭ بىزگە ئەسلىتىدىغان ھەقىقەتلىرىدىن بىرسى، « ئى رەببىم! سەن تىلىگىمنى ئىجابەت قىلساڭمۇ، قىلمىساڭمۇ ھەمدىم ساڭا خاستۇر. ئەگەر ئىجابەت قىلساڭ شۈكۈر قىلىمەن ۋە شۈكۈرۈمنى ئاشۇرىمەن. ئەگەر ئىجابەت قىلمىساڭ، "يوقلۇق خەيرلىك ئىكەن " دەپ ھەمد ئېيتىمەن ۋە ھەمدىمنى ئاشۇرىمەن. چۈنكى تىلىگىمنىڭ مەن ئۈچۈن خەيرلىك بولغان - بولمىغانلىقىنى ھەر دائىم مەن بىلەلمەيمەن. مەن كۆز ئالدىمدىكى پارچىنى كۆرىمەن، سەن بىر پۈتۈن گەۋدىنى كۆرىسەن. پەقەت پارچىنىلا كۆرۈشكە قادىر بولغىچىنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشى پۈتۈننى كۆرۈپ يەتكۈچىگە تەسلىم بولۇشتۇر. مەن ساڭا ئارزۇلىرىمدا تەسلىم بولدۇم. ئارزۇ قىلغان ھەر نەرسەمنىڭ مەن ئۈچۈن خەيرلىك ئەمەسلىكىنى بىلىمەن. بۇنداق بولغانىكەن، ئى ئالەملەرنىڭ رەببى! خەيرنى مېنىڭ ئارزۇيۇم قىلغىن! ».

3. ئاللاھ تىن تىلەش ئۇسلۇبىنىڭ ئۈچىنچى ھالقىسى، « ئاللاھ »نىڭ رەھمان ۋە رەھىم ئىكەنلىكىنى بىلىشتۇر. ئاللاھ زاتىدا رەھمەت ئىگىسىدۇر، ھەر ئىشىدا رەھمەت قىلغۇچىدۇر. زاتىدىكى رەھمەتنى « رەھمان » ئىسمى، ئىشىدىكى رەھمەتنى « رەھىم » ئىسمى تەمسىل قىلىدۇ. ئاللاھ تىن بىر نەرسە تىلىگۈچى، مۇھاتابىنىڭ (خىتاب قىلىنغۇچى) ئەڭ ئالدىدا تۇرىدىغان ئالاھىدىلىكىنىڭ رەھمەت ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىشى ۋە ئۆزى بىر نەرسە تىلەۋاتقان زاتنىڭ رەھمەتنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يېتىشى كېرەك. بۇنى ھېس قىلىپ يەتكۈچى، تىلىگەن تىلىكى ئەمەلگە ئاشمىغاندا ھەمد ئېيتالايدۇ. چۈنكى تىلىكىگە ئېرىشەلمىگەنلىكى، ئاللاھ نىڭ ئۇنى ساقلاپ قېلىشى مەرھەمىتىنىڭ نامايەندىسىدۇر. ئاللاھ نىڭ بەندىسىگە بولغان مەرھەمىتى بەندىنىڭ ئۆزىگە بولغان مەرھەمىتىدىن چەكسىز ئۈستۈندۇر. بەندە بەزىدە ئارزۇلىرى بىلەن ئۆزىگە زۇلۇم قىلىدۇ، ئاللاھ بەندىگە ھەر تىلىكىنى ئىجابەت قىلماي ئۇنىڭغا مەرھەمەت قىلىدۇ.

ئاللاھ نىڭ چەكسىز مەرھەمەتىنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىش، ئىنساننى ئۆزى لايىق بولمىغان بىر غورۇر ۋە ئۆزىگە مۇۋاپىق بولمىغان ئىشەنچكە يۈزلەندۈرىدۇ. مانا بۇ نۇقتىدا تۆتىنجى ھالقا زۆرۈر بولىدۇ:

4. ئاللاھ تىن تىلەش ئۇسلۇبىنىڭ تۆتىنجى ھالقىسى، ئاللاھ نىڭ ھېساپ كۈنىنىڭ ئىگىسى ئىكەنلىكىنى بىلىشتۇر. دىن كۈنى، دەين ( قەرز ) كۈنىدۇر. ئۇ كۈنى، بەندىلەر ئاللاھ قا بولغان قەرزىنى قايتۇرغانلىقى ئۈچۈن « قەرز كۈنى » دەپ ئاتالغان. ئۇ كۈنى، بەندىلەر ئىچىدىن ئاللاھ قا قەرزدار ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغانلار، شەيتانلاشقان، نەمرۇتلاشقان، پىرئەۋنلەشكەنلەرمۇ قەرزىنى ئېتىراپ قىلغانلىقى، ئىنكار قىلمىغانلىقى ئۈچۈن « قەرز كۈنى » دېيىلگەن. دىن كەلىمىسىمۇ « قەرز » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان « دەين » كەلىمىسىدىن تۇرلىنىپ چىققان. دىندارلىق- قەرزدارلىق تۇيغۇسىدۇر. بەندىدىن ئاللاھ قا بولغان قەرزىنى قايتۇرۇشنى تەمە قىلىش

مۇمكىن ئەمەس. بىراق بەندىدىن ئاللاھ قا بولغان قەرزىنى ئېتىراپ قىلىش، ئىنكار قىلماسلىق تەلەپ قىلىنماقتا. بۇنى ئېتىراپ قىلغان ۋە بۇ ئاڭ بىلەن ياشىغان كىشى قەرزىنى قايتۇرغان دەپ قارىلىپلا قالماستىن، ئۇنىڭغا مۇكاپات سۈپىتىدە جەننەت بېرىلىدۇ.

5. ئاللاھ تىن تىلەش ئۇسلۇبىنىڭ بەشىنچى ھالقىسى، ئىبادەتنى پەقەت ئاللاھ قىلا خاس قىلىشتۇر. دىققەت قىلىڭ! فاتىھەدە ئاللاھ قا ئىبادەت قىلىشىمىز تەلەپ قىلىنمايۋاتىدۇ. پەقەت ئاللاھ قىلا ئىبادەت قىلىشىمىز تەلەپ قىلىنىۋاتىدۇ. ئىبادىتىمىزنى پەقەت ئۇنىڭغىلا خاس قىلىشىمىز، ئاللاھ تىن غەيرىگە ئىبادەت قىلماسلىقىمىز / قۇل بولماسلىقىمىز تەكىتلىنىۋاتىدۇ. يەنى، فاتىھە نەپس - خاھىشقا قۇل بولۇشنى چەكلىمەكتە. بەندىگە قۇل بولۇشتىن توسماقتا. نەرسە - كېرەكلەرگە قۇل بولۇپ قېلىشىمىزنى مەنئى قىلماقتا. پەقەت ۋە پەقەت ئاللاھ قىلا ئىبادەت قىلىش، كىشىنىڭ ئۆز نەپسىدىن تارتىپ ئاللاھ تىن غەيرى ھەرقانداق نەرسىگە بولغان قۇللۇقنى رەت قىلىدۇ. بۇ جەھەتتىن فاتىھە ھەقىقىي ئەركىنلىك خىتابنامىسىدۇر. چۈنكى ئاللاھ قا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرىش ئارقىلىق، ئىنساننىڭ ئۆز نەپسىدىن تارتىپ بارلىق مەنىۋىي بويۇنتۇرۇقلاردىن قۇتقۇزماقتا.

فاتىھەدە ئاللاھ قا خاس قىلىشنى تەلەپ قىلغان ئىتائەت ھەم ئىبادەتنى، ھەمدە ئۇبۇدىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىبادەت - ئاللاھ رازى بولغاننى ئادا قىلىشتۇر. ئۇبۇدىيەت - ئاللاھ نىڭ قىلغانلىرىدىن رازى بولۇشتۇر. ئاللاھ رازى بولغاننى ئادا قىلغۇچى، ئاللاھ  قىلغانغىمۇ رازى بولىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا « ئاللاھ ئۇلاردىن رازىدۇر، ئۇلارمۇ ئاللاھتىن رازىدۇر » دېگەن قۇرئان مەدھىيىسىگە لايىق بولىدۇ. ئاللاھ رازى بولغاننى ئادا قىلىش بەندىنىڭ ئىسلامى، ئاللاھ رويابقا چىقارغاندىن رازى بولۇش بەندىنىڭ ئىمانىدۇر. ئىسلام ئىماننىڭ جىسمى، ئىمان ئىسلامنىڭ يۈرىكىدۇر. يەنى ئىبادەت ئۇبۇدىيەتنىڭ ۋۇجۇدى، ئۇبۇدىيەت ئىبادەتنىڭ نېگىزىدۇر. بۇنداق بىر قەلبنى قۇرئان « پاك قەلب » دەپ تەرىپلىمەكتە. پاك قەلبنىڭ قىبلىسى دەل ئاللاھ تۇر. قىبلىسى ئاللاھ بولغان بىر قەلبنىڭ دۇئاسى ئاللاھ قا خاس قىلىنغان بولىدۇ.

6. ئاللاھ تىن تىلەشنىڭ ئالتىنچى ئۇسلۇبى، دۇئانى پەقەت ئاللاھ قىلا خاس قىلىشتۇر. ئايەتنىڭ كېيىنكى يېرىمى بولغان « پەقەت سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز » ئىبارىسى، دۇئانى پەقەت ئاللاھ قىلا خاس قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. لېكىن ئايەتتە « دۇئا » يىلتىزىدىن ئەمەس، « ئاۋن » سۆز يىلتىزىدىن كەلگەن « نەستەئىن » پېئىلى ئىشلىتىلگەن. ياردەم تىلەشمۇ دۇئانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بىراق ئۇ دۇئادىن تېخىمۇ كەڭ دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ياردەم تىلەشنىڭ ئاللاھ قا خاس قىلىنىشى، تۇنجى مۇھاتاپلار بولغان مەككە مۇشرىكلىرىدىن تارتىپ شېرىك پاتقىقىغا پاتقانلارنىڭ ئېزىپ كېتىشى باشلىغان نۇقتىدۇر. « ياردەم تىلەش »تىن ئىبارەت بىغۇبار بىر سەۋەب، ياردەم تەلەپ قىلىنغۇچىغا تازىم قىلىشنى / بويۇن ئېگىشنى تەقەززا قىلىدۇ. تازىم ئۇلۇغلاشنى، ئۇلۇغلاش قۇللۇقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ ۋە ئەڭ ئاخىرىدا ئاللاھ تىن غەيرىگە قۇل بولۇش بىلەن نەتىجىلىنىدۇ.

فاتىھە، ئاللاھ قا دۇئا قىلىشنى ئەمەس، دۇئانى پەقەت ئاللاھ قا خاس قىلىشنى ئۆگىتىدۇ. دۇئانى ئاللاھ قا خاس قىلمىغۇچىنىڭ قەلبىنىڭ قىبلىسى ئېغىپ كەتكەن بولىدۇ. دۇئانى ئاللاھ قا خاس قىلماسلىقنىڭ نامايەندىلىرىدىن بىرسى، ئۆزى بىلەن ئاللاھ ئارىسىغا ۋاستە قويۇشتۇر. فاتىھە بۇ نەسىھىتى ئارقىلىق بارلىق ۋاستىچى پىكىرلەرنى ئىنسان زېھنى / قەلبىدىن چىقىرىپ تاشلاشنى مەقسەت قىلىدۇ. چۈنكى تارىخ بويىچە ئوتتۇرىغا چىققان ھەر خىل شېرىكنىڭ ئۇلىدا، ئىنساندىن يىراق بولغان ئىلاھ تەسەۋۋۇرى ياتماقتا. قۇرئان بۇ چۈشەنچىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىدۇ ۋە مۇنداق دەيدۇ: « بىز بەندىمىزگە جان تومۇرىدىنمۇ يېقىن ». يەنە مۇنداق دەيدۇ: « مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرۇلۇق سورىسا ( ئۇلارغا ئېيتقىنكى )، مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن. ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن. سىلەرمۇ مېنىڭ  ( پەقەت مەندىنلا تىلەڭلار ) دەۋىتىمگە قۇلاق سېلىڭلار ۋە ماڭا ئىشەنچ قىلىڭلار ». بۇ ئايەت، دۇئانى ئاللاھ قا خاس قىلماسلىقنىڭ تەكىتدە، ئەسلىدە ئاللاھ قا بولغان ئىشەنچسىزلىكنىڭ ياتقانلىقىنى بايان قىلماقتا.

7. ئاللاھ تىن تىلەش ئۇسلۇبىنىڭ يەتتىنچى ھالقىسى، ئاللاھ نىڭ بىز ئۈچۈن خالىغىنىنى، بىزنىڭمۇ ئۆزىمىز ئۈچۈن خالىشىمىزدۇر. چۈنكى ئاللاھ بىز ئۈچۈن ئەڭ ياخشى / مەنپەئەتلىك بولغاننى بىلگۈچىدۇر. شۇڭا ئاللاھ، فاتىھەدە بەندىگە ئۆزىدىن نېمە تىلىشى كېرەكلىكىنى ئۆگەتكەن. يەنى، ھىدايەت... « بىزنى توغرا يولغا

باشلىغىن! » بىر ھىدايەت دۇئاسىدۇر. ئاللاھ نىڭ ھىدايەتكە ئېرىشتۇرىشىنى ھەر خىل شەكىلدە چۈشىنىشكە بولىدۇ. لېكىن بەندىنىڭ ھۆر ئىرادىسى ئارقىلىق تاللاشتىن ئىبارەت بۇ نۇقتىنى بىكار قىلىۋېتىدىغان شەكىلدە چۈشىنىشكە بولمايدۇ. ئەگەر بۇنداق چۈشىنىدىغان بولساق « خالىغان كىشى ئىمان ئېيتسۇن، خالىغان كىشى كۇپۇرلۇق قىلسۇن »، « ئاللاھ ئىنسانغا فۇجۇرنى ۋە تەقۋانى ئىلھام قىلدى »، « دىندا زورلاش يوق، توغرا يول ئازغۇنلىقتىن ئايرىلدى » دېگەندەك ئايەتلەرنى توغرا شەكىلدە چۈشەنگىلى بولمايدۇ. بۇ ئەھۋالدا بەندىنىڭ ئاللاھ تىن ھىدايەت تەلىپى، ئەسلىدە ئىگە بولغان توغرا يول ئۈستىدە توغرا شەكىلدە مېڭىش ئۈچۈن قىلغان ياردەم تەلىپىدۇر. بۇ دۇئانى قىلغۇچى بەندە توغرا يولدا بولغان بىر بەندىدۇر. ئەگەر « بىزنى سىراتەل مۇستەقىمگە باشلىغىن » دەپ دۇئا قىلغان بولسا، فاتىھەنى ئوقۇۋاتىدۇ دېگەنلىكتۇر. فاتىھەنى ئوقۇۋاتقان بولسا، ۋەھيىگە ئىشىنىدۇ دېمەكتۇر. ۋەھيىگە ئىشەنگەن بولسا، ھىدايەتنى قولىدا تۇتىۋاتىدۇ دېگەنلىكتۇر. دېمىسىمۇ، فاتىھەدىكى ھىدايەت تەلىپىگە، مۇسھاپتا بۇ سۈرىنىڭ ئارقىسىدا ئورۇن ئالغان بەقەرە سۈرىسىنىڭ 2 - ئايىتى بىلەن جاۋاب بېرىلگەن:« ئەلىف، لام، مىم. بۇ كىتابتا ( يەنى قۇرئاندا ) ھېچ شەك يوق، ( ئۇ ) تەقۋادارلارغا يېتەكچىدۇر ». شۇنداق، ئاللاھ نىڭ ھىدايىتى ۋەھيي شەكلىدە يەنە بىر قېتىم نامايەن بولدى. چۈنكى ئەقىل ئاللاھ تەرىپىدىن ئىنسانىنىڭ ئىچىگە يەرلەشتۈرۈلگەن ھىدايەت يېتەكچىسىدۇر. ئۇ ئەقىلنى قانداق قىلغاندا توغرا ئىشلىتىدىغانلىقىمىز ھەققىدە ۋەھيي بىزگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

**بىرسى جەننەتكە، يەنە بىرسى جەھەننەمگە تۇتاشقان ئىككى يول**

فاتىھەنىڭ ئاخىرقى ئايەتلىرى بىزگە ئىككى نەرسىنىڭ جاۋابىنى بېرىدۇ:

بىرىنچىسى، ھىدايەتكە ئېرىشكەنلەرنىڭ يولى قايسى؟

ئەلجاۋاب: « نېمەت بېرىلگەنلەرنىڭ يولى ». دېمەككى، ھىدايەتكە ئېرىشكەنلەر نېمەت بېرىلگەنلەر ئىكەن. بۇ بىزدىن بۇرۇن ھىدايەتكە ئېرىشكەن بىر كارۋاننىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ نۇقتىدا، « ئۇنداقتا، نېمەت بېرىلگەنلەر كىملەر؟ » دېگەن سوئال ئەقلىمىزگە كېلىدۇ. بۇ سوئالغا قۇرئان مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىدۇ: « ئاللاھ قا ۋە رەسۇلغا ئىتائەت قىلغۇچىلار، ئاللاھ نېمەت بەرگەن پەيغەمبەرلەر، ھەقىقەتكە سادىق بولغانلار، ھاياتىنى ئىمانىغا شاھىت قىلغانلار ۋە ياخشىلىقنى يايغۇچىلار بىلەن بىر سەپتە بولىدۇ. ئۇلار نېمە دېگەن ياخشى ھەمراھلار » ( نىسا، 69 ).

ئىككىنجىسى، ھىدايەتكە ئېرىشمىگەنلەرنىڭ يولى قايسى؟ بۇ سوئالغا ئىككى ئازغۇن يولنى كۆرسىتىش بىلەن جاۋاب بېرىلمەكتە:

1. غەزەپكە ئۇچرىغانلارنىڭ يولى.
2. زالالەتكە دۇچار بولغانلارنىڭ يولى.

قۇرئاننىڭ تۇنجى مۇپەسسىرى بولغان رەسۇلۇللاھ، فاتىھەنىڭ ئاخىرقى ئىككى ئايىتىنى تەپسىر قىلىپ مۇنداق دېگەن: « غەزەپكە ئۇچرىغانلار يەھۇدىيلاردۇر، زالالەتكە دۇچار بولغانلار خرىستىيانلاردۇر » ( تىرمىزى، تەپسىر، 2 / 2957، ئىبنى ھەنبەل ). ئەسلىدە رەسۇلۇللاھ ئىككى خىل ئېزىشقا تارىختىن ئىككى ئۆرنەك بەرگەن. ھەر مۇئمىن، ھەر قېتىم فاتىھەنى ئوقۇغاندا بۇ ئىككى ئازغۇن يولغا كىرىپ قېلىشتىن پاناھ تىلەپ ئاللاھ قا سېغىنماقتا. دېمەككى، فاتىھە ئوقۇپ، ناماز ئۇتەگەن مۇسۇلمانلارنىڭمۇ بۇ ئىككى ئازغۇنلۇققا چۈشۈپ قېلىش ئېھتىمالى بار. بۇنى « مۇسۇلمانلارنىڭ يەھۇدىيلىشىشى » ۋە « مۇسۇلمانلارنىڭ خرىستىيانلىشىشى » دەپ ئاتىساق خاتالاشمايمىز.

يەھۇدىيلىشىش - دىنىنىڭ روھىنى ئۆلتۈرۈپ، جەسەدىگە / شەكلىگە چىڭ ئېسىلىۋېلىشتۇر. خرىستىيانلىشىش - دىنىنىڭ جەسەدىنى / شەكلىنى ئۆلتۈرۈپ، روھىغا چىڭ ئېسىلىۋېلىشتۇر. يەھۇدىيلىشىش - دىننى مېھرى - مۇھەببەتسىزلەشتۈرۈش، خرىستىيانلىشىش - دىننى شەرىئەتسىزلەشتۈرۈشتۇر. يەھۇدىيلىشىش - رەسۇل / ئەلچىلەرنى خارلاشتۇر، خرىستىيانلىشىش - رەسۇل / ئەلچىلەرنى ھەددىدىن زىيادە ئۇلۇغلاشتۇر، ئىنسانلىق ھالىتىدىن چىقىرىپ تاشلاشتۇر. يەھۇدىيلىشىش - دۇنياغا بېرىلىپ كېتىشتۇر، خرىستىيانلىشىش - روھبانلىششتۇر.

فاتىھە، بۇ ئىككى خىل ئازغۇنلۇقتا قارشى مۇئمىننى ئاگاھلاندۇرماقتا. ئۇلارنىڭ يولىغا كىرىش ئۈچۈن چوقۇم يەھۇدىي ۋە خىرىستىيان بولۇش شەرت ئەمەس. قۇرئانغا ئاساسەن، يەھۇدىيلار ۋە خىرىستىيانلارمۇ باشتا ھەزرىتى مۇسا ۋە ھەزرىتى ئىساغا ئىمان ئېيتقان مۇئمىن ۋە مۇسۇلمانلار ئىدى. ھەزرىتى مۇسا ۋە ھەزرىتى ئىسانىڭ مۇئمىن ۋە مۇسۇلمان ئۈممىتى قانداق قىلىپ يەھۇدىيلەشكەن ۋە خىرىستىيانلاشقان بولسا، ھەزرىتى مۇھەممەدنىڭ ئۈممىتىمۇ ئۇلار ماڭغان يولدىن مېڭىپ يەھۇدىيلىشىش ۋە خىرىستىيانلىششى مۇمكىن، بۇ ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس. شۇڭا فاتىھە، ھەر نامازنىڭ ھەر رەكەتىدە مۇئمىننى بۇ ئىككى خەۋپكە قارىتا ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدۇ.

**فاتىھەنىڭ ھۆكمى**

رەسۇلۇللاھ « فاتىھەسىز ناماز ناماز ئەمەس » ( بۇخارى، ئەزان، 95؛ مۇسلىم، سالات، 34 / 394 ) دېگەن. رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ سۆزىنى بەزى ئىماملار نامازدا فاتىھە ئوقۇشنى پەرز دەپ چۈشەنگەن. ئىمام شافى، ئىمام مالىك ۋە ئىمام ئەھمەد بىن ھەنبەل بۇ قاراشنى قوللىغان ئىماملار قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ. يەنە بەزى ئىماملار مۇززەممىل سۈرىسى 20 - ئايەتتە ئورۇن ئالغان « قۇرئاندىن ئاسان بولغاننى ئوقۇڭلار » دېگەن جۈملىگە ئاساسەن، نامازدا قىرائەت شەرتىنىڭ قۇرئاندىن بولۇش شەرتىگە ئاساسەن باشقا ئايەتلەرنى ئوقۇسىمۇ بولىدۇ، دېگەن. بۇ قاراشتىكىلەرنىڭ ئەڭ ئالدىدا ئىمام ئەبۇ ھەنىفە كەلمەكتە. ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنىڭ بۇ قارىشى، رەسۇلۇللاھنىڭ بىر ساھابىگە ناماز ئوقۇشنى ئۆگەتكەندە « قۇرئاندىن ساڭا ئاسان بولغاننى ئوقۇ » ( بۇخارى، سالات، 45؛ مۇسلىم، سالات، 263 ) دېگەن سۆزىنى ئاساس قىلغان.

جامائەت بىلەن ئوقۇلغان نامازلاردا فاتىھەنىڭ ھۆكمى ھەققىدىمۇ ئىماملار ئىككى پەرقلىق دەلىلگە ئاساسەن، پەرقلىق قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئىمام ئەبۇ ھەنىفە « ئىمامنىڭ قىرائىتى، ئىمامغا ئىقتىدا قىلغۇچىنىڭ قىرائىتىدۇر » ( ئىبنى ھەنبەل ) ھەدىسى بىلەن مۇتلەق شەكىلدە ئەمەل قىلغان ۋە ئىمامنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇغان كىشىنىڭ فاتىھە ئوقۇشىنىڭ زۆرۈر ئەمەسلىكى ھەققىدە ھۆكۈم چىقارغان. ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنىڭ بۇ قارىشىدا، ئىمامنىڭ قىرائەتنى تېشىدا ۋە ئىچىدە ئوقۇغان ۋاقتىدىكى پەرق ئايرىلمىغان. ئىمام فاتىھەنى جارى ئوقۇغان بامدات، شام ۋە خۇپتەن نامازلىرىدا، « قۇرئان ئوقۇلغاندا جىم تۇرۇپ ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىڭلار » دېگەن ئايەتمۇ، بۇ قاراشتىكىلەر ئايرىم ھالدا كۆرسەتكەن بىر دەلىل بولغان. لېكىن ئايەتنىڭ ئالدى ئارقىسىدىكى مۇناسىۋەت نەزەرگە ئېلىنغاندا، بۇ ئايەتنى بۇ قاراشقا دەلىل قىلىپ كۆرسىتىشكە ئانچە مۇۋاپىق ئەمەس.

ئىمام شافى، جامائەت بىلەن ئادا قىلىنغان نامازلاردا، ئىمام جارى ياكى ئىچىدە ئوقۇغانلىق پەرقىنى ئايرىماستىن، جامائەتنىڭ ئايرىم ھالدا فاتىھە ئوقۇشى شەرت دەپ قارىغان. چۈنكى ئۇ « فاتىھەسىز ناماز ناماز ئەمەس » دېگەن ھەدىسگە ئەمەل قىلغان. باشقا دەلىللەر بىلەن ئەمەل قىلمىغان.

بۇ ھەقتە دەلىللەرنىڭ ھەممىسىنى نەزەرگە ئالغان ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان يەنە بىر قاراش بار. بۇ قاراش، بۇ مەسىلىدە تۇتۇپ مېڭىشقا بولىدىغان ئەڭ مۇۋاپىق قاراشتۇر. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، ئىمام جارى ئوقۇغان نامازلاردا ئىمامغا ئىقتىدا قىلغان جامائەت « قۇرئان ئوقۇلغاندا جىم تۇرۇپ ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىڭلار » دېگەن ئايەتكە ۋە « ئىمام ئۆزىگە ئىقتىدا قىلىنغۇچىدۇر، تەكبىر ئالغاندا سىلەرمۇ تەكبىر ئېلىڭلار، ئوقۇشقا باشلىغاندا جىم تۇرۇپ ئاڭلاڭلار » ( مۇسلىم، سالات، 82 / 412 ) ھەدىسگە ئاساسەن جىم تۇرۇپ ئاڭلايدۇ ۋە فاتىھەنى ئايرىم ئوقۇمايدۇ. بىراق ئىمام فاتىھەنى ئىچىدە ئوقۇيدىغان پېشىن ۋە ئەسىر نامازلىرىدا، جامائەت فاتىھەنى ئىچىدە ئوقۇيدۇ ۋە « فاتىھەسىز ناماز ناماز ئەمەس » دېگەن ھەدىسكە ئەمەل قىلغان بولىدۇ. بۇ قاراش تەھقىق ئەھلى ئۆلىمالار تەرىپىدىنمۇ قوبۇل قىلىنغان. بىزمۇ بۇنى ئەڭ مۇۋاپىق بولغان قاراش دەپ قارايمىز.

**فاتىھەنىڭ تەكرارلىنىشىنىڭ ھېكمىتى**

بۇ مۇبارەك سۈرىنىڭ نامازنىڭ ھەر رەكئىتىدە تەكرارلىنىشىنىڭ چەكسىز ھېكمىتى بار. بىزنىڭ ئەقلىمىزگە كەلگەن، بىز بىلىپ يېتەلىگەن ھېكمەتلەر تۆۋەندىكىچە:

1. فاتىھەدىكى ھەقىقەتلەر شۇنداق ئۇلۇغ ھەقىقەتلەر بولۇپ، ئۇلارنى ئۇنتۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇنتۇپ قېلىش ئېھتىمالىمۇ كىشىنى ھەر دائىم ھوشيار تۇرۇشقا ئېلىپ بارىدۇ. بۇ سەۋەبتىن فاتىھەدىكى ھەقىقەتلەرنى

ئىزچىل تەكرارلاپ تۇرۇش ۋە مەزكۇر ئەبەدىي ھەقىقەتلەرنى ئۇنتۇماسلىقىقا نىيەت قىلغانلىقىنى نامايەن قىلىش لازىم.

2. ئىنسان ئۇنتۇغاقتۇر. ئىنسان كەلىمىسىنىڭ سۆز تومۇرى بىلەن، « ئۇنتۇش » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان « نسيان » كەلىمىسىنىڭ سۆز تومۇرى ئوخشاشتۇر. ھەتتا ئىبنى ئابباس ئىنسان كەلىمىسىنى بۇ سۆز يىلتىزىغا نىسبەت قىلىدۇ. ئۇنتۇغاق ئىنسانغا ئەسكەرتىلىدۇ. ئاللاھ مۇ فاتىھە ئارقىلىق ئىنسانغا رەببى بىلەن قانداق مۇناسىۋەت قۇرۇش كېرەكلىكىنى ئەسكەرتمەكتە.

3. فاتىھەنىڭ نامازنىڭ ھەر رەكەتىدە تەكرارلىنىشى، سالات تەكرارىدىن زىيادە باشقا بىر ھەقىقەتنى ئىما قىلىدۇ. يەنى فاتىھەنىڭ چەكلىك لەبزىنىڭ ئارقىسىدا پۈتمەس - تۈگمەس بىر مەنا ئوكيانۇسىنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ سەۋەبتىن فاتىھەنىڭ ھەر ئوقۇلىشى بىر تەكرارلىنىش ئەمەس، ئۇ مەنا ئوكيانۇسىدىن بىر قىسمىنىڭ يەنە ئەقىل يۈرگۈزىدىغان قەلبكە نازىل بولىشىدۇر.

4. فاتىھە ئىسمى، ئىسمى فائىلدۇر. « ئاچقۇچى » دېگەنلىكتۇر. فاتىھە بىر ئاچقۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەقىل يۈرگۈزىدىغان قەلبنى ئاللاھ قا ئاچىدۇ. قەلب تۇپرىقىغا ئىلاھىي رەھمەت بۇلۇتلىرىنى جەلىپ قىلىدۇ. ئۇ بۇلۇتلاردىن تۆكۈلگەن رەھمەت بىلەن قەلب تۇپرىقىنىڭ ياشنىشى ۋە جەننەت كەبى بىر باھارغا ئېرىشىشىدىن خەۋەر بېرىدۇ. ئۇ تۇپراقتا تېرىلغان ئىمان، ئېھسان، تەقۋا باشاقلىرىنى توشقۇزىدۇ.

5. فاتىھە مۇئمىننىڭ ھاياتى بويىچە تىلىدىن چىققان سۆزلەرنىڭ ئىچىدە تەكرارلىنىشى ئەڭ يۇقىرى بولغان سۆز بولىشى كېرەك. فاتىھە ئىلاھىي كالامنىڭ ئەڭ بېشىدا ئورۇن ئالغاندەك، مۇئمىننىڭ سۆز لۇغىتىدىمۇ فاتىھە ئەڭ باشتا ئورۇن ئېلىشى لازىم. ھاياتنىڭ بارلىق سۆزلىرى تۇرگە ئايرىلىپ، تەكرارلىنىش ئىستاتىكىسى بىلەن بىر يەرگە قويۇلغاندا، فاتىھە ئەڭ كۆپ تەكرارلانغان مۇبارەك سۆزلەر ئارىسىدىن ئورۇن ئېلىشى كېرەك.

---

فاتىھە قۇرئاننىڭ فاتىھەدۇر. فاتىھە قۇرئاننى ئىنسانغا، ئىنساننى قۇرئانغا ئاچىدۇ.

فاتىھە نامازنىڭ فاتىھەدۇر. فاتىھە نامازنى قۇرئانغا، قۇرئاننى نامازغا ئاچىدۇ. فاتىھە ئىنسانىيەت بىلەن تەكتۈش بولغان بارلىق ۋەھىيلەرنىڭ، بارلىق ساماۋىي شەرىئەتلەرنىڭ ئۆزىدۇر. شۇڭا پەرقلىق دىنلارغا مەنسۇپ ئىنسانلار مەۋجۇت بولغان بىر دوستىخاندا، « ھەممە كىشى ھەمپىكىر بولغان ئورتاق بىر تېكىست ئوتتۇرىغا قويايلى » دېگەندە، فاتىھەدىنمۇ ياخشى بىر تېكىستنى ئوتتۇرىغا قويغىلى بولمايدۇ. بۇ سەۋەبتىن فاتىھە ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزگەرمەس كودلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىلاھىي بىر خىتابتۇر.

# ئەلەق سۈرىسى

بۇ سۈرىگە 2 - ئايەتكە ئاساسەن « ئەلەق » دەپ ئىسىم قويۇلغان:

« ياراتقان رەببىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن. ئۇ ئىنساننى مېھرى مۇھەببەت ۋە ئەلەقدىن ياراتتى » ( 1 - 2 ).

ئەلەق، ئىنساننىڭ ئۆزگىچىلىكى نەزەردە تۇتۇلغاندا « ئەلەقە، كۆڭۈل بۆلۈش، مېھرى - مۇھەببەت » مەنىسىنى، تۆرەلمە ئىلمىگە مۇناسىۋەتلىك تەرىپى نەزەردە تۇتۇلغاندا « بالىياتقۇغا چۈشكەن تۆرەلمىنىڭ دەسلەپكى ھالىتى، ھۈجەيرە » مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. « ئەلەق ۋە ئەلەقە » كەلىمىلىرىنىڭ قۇرئاندىكى ئىشلىتىلىش ئۇسلۇبلىرى بۇنىڭ دەلىلىدۇر. قۇرئاندا بۇ كەلىمە بەش جايدا ئىشلىتىلگەن. بۇلاردىن تۆتى « ئەلەقە » شەكلىدە مۇئەننەس ( چىشى ) تۇرىدە كەلگەن. ئىشلىتىلگەن جايلار تۆۋەندىكىچە:

1. ھەج سۈرىسى 5 - ئايەت
2. مۇئمىنۇن سۈرىسى 14 - ئايەت
3. غافىر سۈرىسى 67 - ئايەت
4. قىيامەت سۈرىسى 37 -ئايەت

بۇ تۆت ئورۇننىڭ ھەممىسىدە ئىنساننىڭ ئانا قورسىقىدىكى تۆرەلمە باسقۇچىغا دالالەت قىلىدۇ. بۇ سۈرىدە باشقا شەكىللەردىن پەرقلىق ھالدا « ئەلەق » شەكلىدە كەلگەن. بۇ ئۆزگىچە بىر ئەھۋال بولۇپ، قۇرئاندا پەقەت بۇ يەرگىلا خاس شەكىلدە ئىشلىتىلگەن. ئىنساننىڭ بالاياتقۇدىكى تۆرەلمە ھالىتىنى ئىپادىلەيدىغان « ئەلەقا » بىلەن بۇ سۈرىدىكى « ئەلەق » ئارىسىدىكى پەرق مۇتلەق شەكىلدە مەندىمۇ ئەكس ئېتىشى كېرەك. مانا بۇ نۇقتىدا، بۇ كەلىمىنىڭ يىلتىز مەنىسى ھەققىدە سۆزلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى ساھەسىدە مەشھۇر بولغان ئىبن فارىسنىڭ « مۇقايىسۇل لۇغا » ناملىق ئەسىرىدە « ئەل ھۇببۇل لازىم لىل قەلب - قەلب ئۈچۈن زۆرۈر بولغان مۇھەببەت » دېگەن مەنىنى كۆرىمىز.

بۇ، « ئەلەقا » شەكلىدىن پەرقلىق ھالدا پەقەت بۇ يەردىلا كەلگەن « ئەلەق » شەكلى ئۈچۈن بېرىلگەن « مۇھەببەت ۋە ئەلەقە » مەنىسىنىڭ بىردىنبىر سەۋەبى ئەمەس. ئايەتتە « ئەلەق » تىن يارىتىلغانلىقى بايان قىلىنغان ئۇنسۇر « ئىنسان جىنسى »دۇر. « ئەل - ئىنسان »دىكى قاراتمىلىق « جىنس / تۈر » ئۈچۈندۇر. بۇ، ئەلەق بىلەن ئىپادىلەنگەن نەرسىنىڭ تۈرگە خاس ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. ئەگەر « ئەلەق » كەلىمىسىگە تۆرەلمە باسقۇچىنى ئىپادىلەيدىغان « ئەلەقا » مەنىسىنى بەرگەن ۋاقتىمىزدا، « تۆرەلمە / ھۇجەيرە / سپېرما »دىن يارىتىلىشنىڭ پەقەت ئىنسان تۈرىگە خاس ئىكەنلىكى مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ قەتئىي توغرا ئەمەس. باشقا جانلىقلارمۇ « تۆرەلمە / ھۇجەيرە / سپېرما »دىن يارىتىلغان. بۇ يەردە ئىنسانغا خاس بىر نەرسە ئۈستىدە توختىلىۋاتقانلىقى ئېنىق. شۇڭا بۇ كەلىمە بۇ سۈرىدە باشقا جايدىكى مەنىسىدىن پەرقلىق شەكىلدە ئىشلىتىلگەن. ئىنسانغا خاس بولغان ئۇ نەرسە « مۇھەببەت ۋە ئەلەقە »دۇر.

تۇنجى نەسىل (تۇنجى ئەۋلاد كىشىلەر) بۇ سۈرىنى بىرىنچى ئايىتى بىلەن تونۇۋاتقان.

سۈرىنىڭ كىرىشى، ھەقىقىي مەنىدە ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولغان قۇرئان ۋەھيىنىڭ تۇنجى قېتىم نازىل بولغان ئايەتلىرىدۇر. ھەزرىتى ئائىشە ۋە ئەبۇ مۇسا رىۋايەتلىرىدە، ۋەھيى مەككىدە « ئىزدىنىش » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان « ھىرا » غارىدا، تەپەككۇر تولغىقى يەۋاتقان ئابدۇللاھ ئوغلى مۇھەممەدكە، قىل ۋەقەسىدىن تەخمىنەن 40 يىل كېيىنكى بىر رامىزان كېچىسىدە نازىل قىلىنغان بولۇپ، بۇ سۈرىنىڭ ئالدىنقى بەش ئايىتى بىلەن باشلانغان.

سۈرە ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىغا جايلاشقان مەككە شەھىرىنىڭ ئەڭ ئېگىز نۇقتىسىدىكى سەبىر تېغىنىڭ يېنىدىكى ھىرا تېغى ئۈستىدىكى بىر تەبىئىي غاردا نازىل بولغان. ھىرا غارى مەككىگە ھاكىم بىر ئېگىزلىكتە كەبىنى كۆرگىلى بولىدىغان بىر جايدا ئىدى. رەسۇلۇللاھتىن بۇرۇن، بۇ غاردا ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ ئېتىقاد سىستېمىسىغا ئاساسەن ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن چىققان بىردىنبىر كىشى، ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئىبراھىم دىنىغا مەنسۇپ بولغان تاغىسى زەيد بىن ئامىر بىن نۇفەيل ئىدى.

سۈرە نازىل بولغان ۋاقىتنى كۈنى بىلەن ئېنىق قىلىپ ئېيتالمىساقمۇ، تەخمىن قىلىش مۇمكىن. يەنى مىلادى 610 - يىلى ئاۋغۇست ئېيىدىكى بىر دۈشەنبە كېچىسى نازىل بولغانلىق ئېھتىمالى يۇقىرى. بەيھەقى ۋەھيى باشلىنىشتىن بۇرۇن ئالتە ئاي راست چۈش كۆرۈلگەن (ۋەھيى چۈشلەرنىڭ ھىجرەتتىن 13 يىل ئىلگىرىكى رەبىئۇلئەۋۋەل ئېيىدا باشلانغانلىقىنى ۋە ئالتە ئاي داۋام قىلغانلىقىنى نەقىل قىلغان. بۇ تارىخ مىلادى 610 - يىلى فېۋرالىغا توغرا كېلىدۇ. چۈشلەرنىڭ ئالتە ئاي داۋاملاشقانلىقىغا ئاساسلانغاندا، بۇ تارىختىن ئالتە ئاي كېيىنكى ۋاقىت، شۇ يىلى ئاۋغۇست ئېيىغا توغرا كېلىدۇ. ۋەھيىنىڭ تۇغۇلۇشىنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ تۇغۇلغان كۈنى بىلەن ئوخشاش بولغان دۈشەنبىگە توغرا كەلگەنلىكىنى، رەسۇلۇللاھنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۇ كۈننى روزا تۇتۇش بىلەن ئۆتكۈزىدىغانلىقى ھەققىدە سورالغان سوئالغا بەرگەن جاۋابىدىن بىلىمىز.

بۇ ھەقتىكى سەھىھ رىۋايەتلەرنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى مۇنداق: 40 ياشقا يېقىنلاشقاندا ئابدۇللاھ ئوغلى مۇھەممەتكە يالغۇزلۇق ياخشى كۆرگۈزۈلدى. ئۇ ھىرا تېغىدىكى ھىرا غارىدا ئۆزىنى تەپەككۇر ۋە ئىبادەتكە ئاتىدى. بىر كېچىسى تۇيۇقسىز ۋەھيي پەرىشتىسى كەلدى ۋە « ئوقۇ! » دېدى. ئۇ « مەن ئوقۇشنى بىلمەيمەن! » دەپ جاۋاب بەردى. چۈنكى ئۇ بۇ مەزگىلگىچە ئوقۇپ - يېزىپ باقمىغانىدى ( ئەنكەبۇت، 48 )، رەسۇلۇللاھ مۇنداق نەقىل قىلغان: « پەرىشتە مېنى شۇنداق قاتتىق سىقتىكى مادارىم قالمىدى ». بۇ ئەھۋال ئۈچ قېتىم تەكرارلاندى ( بۇخارى، بەدئىۇل ۋەھيي، 1: 1؛ مۇسلىم، ئىمان، 1:73 ). ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ سۈرىنىڭ ئالدىنقى بەش ئايىتى نازىل بولدى ( ۋەھيىنىڭ كېلىش شەكىللىرى ئۈچۈن شۇرا، 51 - ئايەتكە قاراڭ ).

23 يىللىق ۋەھيي جەريانىنىڭ تۇنجى كەلىمىسى « ئوقۇ ». بۇ بىر پېئىل بولۇپ، بىر ئىشنى « قىل! » بۇيرىقىنى بىلدۈرىدۇ. ھەر بىر بۇيرۇق بىر ئالاھ شەكىللەندۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. تۇنجى قېتىم نازىل بولغان بەش ئايەتنىڭ ئاساسلىق تېمىسى ئىنساننىڭ « ئۆگىنىش » قابىلىيىتى بولۇپ، ۋەھيي بىلىمگە، ئىنساننىڭ ئۆگىنىش قابىلىيىتى ۋە ۋاستىلىرىگە كىشىنىڭ دىققىتىنى ئاغدۇرۇش بىلەن باشلانغان. ئىنساننىڭ ئەڭ مۇھىم مەسىلىلىرىدىن بىرى توغرا بولغان بىلىمگە ئىگە بولۇش، يارىتىش ۋە يەتكۈزۈش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان تەلىم ۋە تەربىيىدۇر.

تۇنجى قېتىم نازىل بولغان بۆلەك ۋە سۈرىلەرنىڭ تېمىسى ئارىسىدىكى مەقسەتلىك مۇناسىۋەت ناھايىتى مەنىلىك بولۇپ، ھەقىقىي بىر « كىرىش سۆز » بولغان فاتىھەنى مۇستەسنا دەپ قارىغان ۋاقتىمىزدا، بىزنىڭ ئېنىقلىشىمىزغا ئاساسەن ئەڭ باشتا نازىل بولغان بەش تەرتىپ ۋە تېما تۆۋەندىكىچە:

ئەلەق سۈرىسىنىڭ ئالدىنقى بەش ئايىتى تەپەككۇر ۋە بىلىمنىڭ بەرپا قىلىنىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

مۇززەممىل سۈرىسىنىڭ ئالدىنقى 11 ئايىتى ھېس - تۇيغۇ ۋە ئەخلاقنىڭ بەرپا قىلىنىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

مۇددەسسىر سۈرىسىنىڭ ئالدىنقى يەتتە ئايىتى رول ۋە كېلەچەكنىڭ بەرپا قىلىنىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

زۇھا سۈرىسى تەرغىب ۋە ئىلھام بېرىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

ئىنشىراھ سۈرىسى ئەزىم ۋە قەتئىيلىك بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

تۇنجى نازىل بولغان ئايەت، ئاللاھ نىڭ ئىسمى بىلەن / ئاللاھ نىڭ نامىدىن ئوقۇشقا ئەمىردۇر. بۇ بۇيرۇق ئىسلامنىڭ شۇئارى بولغان بىسمىللاھتا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

تۇنجى بەش ئايەت، ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ ۋەقەنىڭ باشلانغۇچى بولغان قۇرئان ۋەھيىنىڭ تۇنجى بۆلىكىدۇر. بۇ بۆلەكتە ھەقىقەتكە مۇناسىۋەتلىك بىلىم، ئۇنى ئۆگىنىشنىڭ يولى ۋە ئۇسلۇبى بايان قىلىنغان.

اقْرَأْ بِاسْمِ رَبِّكَ الَّذِي خَلَقَ (1) خَلَقَ الْإِنْسَانَ مِنْ عَلَقٍ (2) اقْرَأْ وَرَبُّكَ الْأَكْرَمُ (3) الَّذِي عَلَّمَ بِالْقَلَمِ (4) عَلَّمَ الْإِنْسَانَ مَا لَمْ يَعْلَمْ (5)

« ياراتقان رەببىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇ! ئۇ ئىنساننى مۇھەببەت ۋە ئەلەقدىن ياراتتى. ئوقۇ! رەببىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر. ئۇ ئىنسانغا ( بىلىمنى ) قەلەم بىلەن ( يېزىشنى ) ئۆگەتتى. ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى » ( 1 - 5 ).

بۇ بەش ئايەتتىن كېيىنكى ئايەتلەر ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن نازىل بولغان. بۇ قۇرئان دەۋتىگە كۈچ ئىشلىتىپ ئەزىيەت يەتكۈزۈشكە باشلىغان 3 - يىلغا توغرا كېلىدۇ.

بۇ سۈرىنى « پالانى ۋاقىتتا نازىل بولدى » دېيىش، ئۇ سۈرىنىڭ نازىل بولۇشقا باشلىغان ۋاقتىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ بەش ئايەتتىن كېيىن كەلگەن بۆلەكتە، ئاللاھ ۋەھيي ئەۋەتىش بىلەن كۆڭۈل بۆلگەن ئىنساننىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئاجىزلىقى تىلغا ئېلىنغان:

كَلَّا إِنَّ الْإِنْسَانَ لَيَطْغَى (6) أَنْ رَآَهُ اسْتَغْنَى (7)

« شەك ـ شۈبھىسىز ئىنسان ئۆزىنى ئۆزىگە يېتەرلىك دەپ قارىغان ۋاقىتتا ھەقىقەتەن ئازىدۇ » ( 6 - 7 ).

ئىنسان ئازغان ۋاقتىدا ئىبادەتكە توسقۇنلۇق قىلىدۇ، ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىپ، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيدۇ:

أَرَأَيْتَ الَّذِي يَنْهَى (9) عَبْدًا إِذَا صَلَّى (10) أَرَأَيْتَ إِنْ كَانَ عَلَى الْهُدَى (11) أَوْ أَمَرَ بِالتَّقْوَى (12) أَرَأَيْتَ إِنْ كَذَّبَ وَتَوَلَّى (13)

« ( ئى مۇھاتاب! )، ئىبادەت قىلماقچى بولغان بەندىنى توسماقچى بولغان كىشىنى كۆردۈڭمۇ؟ ( ئى ئىبادەتنى توسماقچى بولغان كىشى! ) ئۇ كىشى توغرا يولدا بولۇپ قالغان بولسا ۋەياكى توغرا يولغا، مەسئۇلىيەتنى بىلىشكە دەۋەت قىلىۋاتقان بولسىچۇ دەپ سوراش ئەقلىڭگە كەلدىمۇ؟

ئويلاپ باقتىڭمۇ، ئەگەر ئۇ ھەقىقەتنى ئىنكار قىلسا ۋە ئاللاھ تىن يۈز ئۆرسە، ... » ( 9 - 13 ).

مانا بۇ چۈشەنچىنىڭ ئاستىدا كۆرمەيدىغان بىر ئاللاھ چۈشەنچىسى ياتىدۇ:

أَلَمْ يَعْلَمْ بِأَنَّ اللَّهَ يَرَى

« الله نىڭ ( ئۇنى ) كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلمەمدۇ؟ » ( 14 ).

سۈرە، مۇھاتابىنى تەربىيلىگۈچى سۈپىتىنى نايامەن قىلغان ھالدا، تەۋھىد كەلىمىسى بىلەن بىردەك بولغان بىر نەھيى ۋە ئىككى بۇيرۇق بىلەن ئاخىرلىشىدۇ:

كَلَّا لَا تُطِعْهُ وَاسْجُدْ وَاقْتَرِبْ

« ئۇنىڭغا ھەرگىز ئىتائەت قىلما! ( الله قا ) سەجدە قىلغىن ۋە (بۇ ئارقىلىق الله قا) يېقىنلىشىشقا تىرىشقىن! » ( 19 ).

## مۇززەممىل سۈرىسى

مۇززەممىل « ئېغىر يۈك كۆتۈرگۈچى » دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ، بۇ ئىسىم قۇرئاندا پەقەت مۇشۇ سۈرىنىڭ 1 - ئايىتىدىلا ئىشلىتىلگەن:

« ئى زىممىسىگە ئېغىر يۈك ئالغۇچى ( پەيغەمبەر )! كېچىنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقا ۋاقىتتا ئورنۇڭدىن تۇر! » ( 1 - 2 ).

ئۇ ( ۋەھيي ) مۇززەممىلدۇر. چۈنكى ئۇنى تاغلارمۇ ئېلىشتىن باش تارتقان « ئېغىر بىر سۆز » ئىدى.

« ... چۈنكى بىز ساڭا ئېغىر بىر سۆز نازىل قىلىمىز » ( 5 ).

مۇززەممىل بىلەن مۇددەسسىر بىرى - بىرىنىڭ زىتىدۇر. مۇززەممىلنىڭ يىلتىز يېيىلى بولغان تەزەممەلە « ئۈستىگە بىر نەرسە ئالدى »، مۇددەسسىرنىڭ يىلتىز يېيىلى بولغان تەدەسسەرا « ئاستىغا بىر نەرسە ئالدى / سالدى » مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. ئۈستىگە ئالغان يۈك ئىنسان يۈكىدۇر. بۇ يۈكنى ئۈستىگە ئالغۇچى يۇمشاق كۆرپىدە خاتىرجەم ئۇخلىيالمايدۇ. بىرىنچىسى ۋەھيىنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ زىممىسىگە ئارتقان مەسئۇلىيەتكە، ئىككىنجىسى « ياتقان پاسسىپ ياخشىنى، ياتقان يېرىدىن تۇرغۇزۇپ ئاكتىپ ياخشىغا ئايلاندۇرۇش »قا دالالەت قىلىدۇ.

مۇززەممىل سۈرىسى، بەشىنچى ئايەتنىڭمۇ ئوچۇق دالالىتى بىلەن ئەڭ باشتا نازىل بولغان سۈرىلەردىن بىرى. ھەتتا بىزنىڭ ئىزاھاتلىق نازىل بولۇش تەرتىپىمىزدە « ئەلەق » سۈرىسىدىن كېيىنلا نازىل بولغان 2 - سۈرىدۇر. سۈرىنىڭ ئاخىرقى ئايىتى ئالدىنقى 19 ئايەتتىن خېلىلا كېيىن نازىل بولغان. بۇ ئايەتنىڭ قانچىلىك مۇددەتتىن كېيىن نازىل بولغانلىقى ھەققىدە ئىختىلاپ بار. ھەزرىتى ئائىشە ۋە ئىبنى ئابباسقا ئاساسلانغاندا بىر يىل؛ سەئىد بىن جۇبەيرغا ئاساسلانغاندا ئون يىلدىن كېيىن نازىل بولغان ( تابارى ). مۇتلەق كۆپچىلىك ئايەتتىكى « ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلىدۇ » ئىبارىسىگە ئاساسەن ئاخىرقى ئايەتنى مەدىنىدە نازىل بولغان دەيدۇ. ھالبۇكى، بۇ كېلەچەكتىن ئالدىن بېرىلگەن بىر بىشارەتتۇر. چۈنكى ئۇنىڭ ئالدىدا « ئالىمەن ئەن سە يەكۈن - ئۇ ( ئاللاھ ) ... بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ » ئىبارىسى بار. « سى » قوشۇمچىسى دالالەت قىلغاندەك، بۇ ئىبارە بولۇپ بولغان بىر ئىش ھەققىدە ئەمەس، بولىدىغان بىر ئىشتىن خەۋەر بەرمەكتە.

بىزنىڭ ئېنىقلىشىمىزچە بۇ سۈرە ئەلەق سۈرىسىدىن كېيىن نازىل بولغان. مەشھۇر تەرتىپلەردە قەلەم سۈرىسى ئىككىنچى قېتىم نازىل بولغان سۈرە دەپ كۆرسىتىلگەن. بىراق قەلەم سۈرىسى مۇقاتىتا ھەرىپلىرى بىلەن باشلىغان ۋە مۇشرىكلارغا قارىتا ئوچۇق ھەيۋە قىلغان مەزمۇنغا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، كېيىنرەك مەزگىلدە نازىل بولغان بولسا كېرەك. بىزنىڭ ئىزاھاتلىق تەرتىپىمىزدە 7 - ئورۇندا تۇرىدۇ.

مۇززەممىل سۈرىسى بىرىنچى گۇرۇپپىغا ئائىت بولغان ئەلەق، مۇددەسسىر، زۇھا، ئىنشىراھ ۋە قەلەم سۈرىلىرىگە ئوخشاش بىۋاستە ھالدا رەسۇلۇللاھنىڭ شەخسىيىتىنى شەكىللەندۈرۈشنى مەقسەت قىلماقتا. بۇ ئارقىلىق پەقەت ئۆز دەۋرىدىكىلەر ئۈچۈنلا ئەمەس، بارلىق دەۋرلەر ۋە ماكانلاردا ياشىغان ئىنسانلار ئۈچۈن ئۈلگىلىك شەخس تىكلەش نەزەردە تۇتۇلغان. بۇ سەۋەبتىن سۈرىنىڭ ئاخىرقى ئايىتىدىن باشقا ئايەتلەردە ئىككىنچى شەخس بىرلىك ۋە كۆپلۈك ئالمىشى ئىشلىتىلگەن.

بۇ سۈرىدە خىتاب قىلىنغۇچىغا قارىتا 11 بۇيرۇق بار.

تۇر!

( ئۇيقۇنى ) ئازايت!

( قۇرئان ئوقۇشنى ) كۆپەيت!

ئالدىرىماي چۈشىنىپ ئوقۇ!

رەببىڭنىڭ نامىنى ياد ئەت!

ئۆزەڭنى ئاللاھ قا ئاتا!

( رەببىڭنى ) ئۇنى ئۆزەڭگە ۋەكىل، ھامىي قىل!

ساڭا قارىتا ئېيتىلغانلارغا سەبىر قىل!

ئۇلارنى چىرايلىقچە تەرك ئەت / ( چىرايلىقچە ھىجرەت قىل / ئايرىل )!

ئىنكار قىلغۇچىلارنى ماڭا قويۇۋەت!

ئۇلارغا ئازغىنا مۆھلەت بەر!

بۇ سۈرە رەسۇلۇللاھنىڭ شەخسىيىتىنى بەرپا قىلىشنى مەقسەت قىلغان بولۇپ، زامان ۋە ماكان چەكلىمىسىدىن ھالقىغان ھالدا ئۆرنەك تىكلەش نىشان قىلىنغان. بۇ بۇيرۇقلارغا قارىغان ۋاقتىمىزدا ئاڭ شەكىللەندۈرۈشنىڭ ئىچىدىن سىرتىغا قاراپ يۈزلەنگەنلىكىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ.

بۇلاردىن بىرىنچىسى « تۇر » بۇيرىقى بولۇپ، « كېچىنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقا ۋاقتىتا تۇر! » ( 2 ).

كېچىدە قىيامدا تۇرۇشنىڭ سەۋەبى بۇ ئايەتتە بايان قىلىنغان: « قۇرئاننى ئاستا - ئاستا چۈشۈنۈپ / ھەزىم قىلىپ ئوقۇ! » ( 4 ).

ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئايەتتە بۇ بۇيرۇقنىڭ سەۋەبى ئىزاھلانغان: « چۈنكى بىز ساڭا ئېغىر بىر سۆز نازىل قىلىمىز » ( 5 ).

« نېمە ئۈچۈن كېچە؟ » دېگەن سوئال سورىلىشى مۇمكىن. بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى 6 - ئايەت بەرمەكتە: « ئەلۋەتتە ( شۇ ) كېچىدىكى تىرىلىش ناھايىتى چوڭقۇر ئىز قالدۇرىدۇ ۋە ئوقۇش جەھەتتىن قالدۇرىدىغان تەسىرى چوڭ بولىدۇ ».

سۈرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىنى رەسۇلۇللاھتىن ئۆزىنى ئاتىشىنى / بېغىشلىشىنى تەلەپ قىلغان تۆۋەندىكى ئايەتلەر تەشكىل قىلماقتا:

وَاذْكُرِ اسْمَ رَبِّكَ وَتَبَتَّلْ إِلَيْهِ تَبْتِيلًا (8) رَبُّ الْمَشْرِقِ وَالْمَغْرِبِ لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ فَاتَّخِذْهُ وَكِيلًا (9)

« رەببىڭنىڭ نامىنى ياد ئەتكىن ۋە بارلىقىڭنى ئۇنىڭغا ئاتىغىن! ئۇ مەشرىقنىڭ ۋە مەغرىبنىڭ رەببىدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنى ھامىي قىلىۋالغىن ( يەنى ھەممە ئىشىڭنى ئۇنىڭغا تاپشۇرغىن ) » ( 8 - 9 ).

ئۇنىڭدىن كېيىنكى بۆلەكتە، ۋەھيىگە قايتۇرۇلغان ئىنكاسلارغا قارشى « سەبىر قىل! » ئەمرىنى بەرگەن ئاللاھ، رەسۇلۇللاھنى ۋەھيىنى يالغانغا چىقارغۇچىلارنى ئۆزىگە ھاۋالە قىلىشقا، ئۇلار بىلەن ئاۋارە بولماسلىققا بۇيرۇيدۇ ( 10 - 11 ).

ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن بۆلەكتە پەرىئەۋننىڭ ئاقىۋىتى ئەسلىتىپ ئۆتۈلگەن بولۇپ، ئىنكار قىلىشقا تەمشەلگەنلەر ئاخىرقى سائەت ۋە ئاخىرەت بىلەن ئاگاھلاندۇرۇلغان ( 12 - 19 ).

ئاخىرقى ئايەتتە، باشتا بېرىلگەن كېچىنىڭ ئۈچتەن بىرىدىن ئاز بولمىغان « ئوقۇش » ئەمرى يەڭگىللىتىلگەن بولۇپ، سۈرە ئىلاھىي رەھمەتنىڭ چەكسىزلىكى تەكىتلەنگەن ھالدا ئاخىرلاشقان.

رەببىم! بىزنى چەكسىز رەھمىتىڭ ئىچىگە ئالغىن، مەغپىرەت قىلىنغۇچىلار قاتارىدىن قىلغىن!

## مۇددەسسىر سۈرىسى

سۈرىنىڭ بىرىنچى ئايىتى سۈرە « مۇددەسسىر » كەلىمىسى بىلەن ئاتالغان. يەنى:

« سەن ئەي ئىچىگە بېكىنىۋالغان كىشى! تۇر ۋە ( ئىنسانلارنى ) ئاگاھلاندۇر! ».

مۇددەسسىر كەلىمىسى قۇرئاندا پەقەت مۇشۇ ئايەتتىلا تىلغا ئېلىنغان.

سۈرە ئەڭ باشتا نازىل بولغان سۈرىلەردىن بىرى بولۇپ، ھەزرىتى ئائىشەدىن كەلگەن رىۋايەتتە، « ۋەھيي ئۈزۈلۈش ھادىسىسى »دىن كېيىن نازىل بولغان ( بۇخارى ۋە مۇسلىم ). جابىر بىن زەيد رىۋايىتىمۇ يۇقىرىدىكى رىۋايەت بىلەن ئوخشاشلىققا ئىگە ( مۇسلىم ).

رىۋايەتكە قارىغاندا رەسۇلۇللاھ ۋەھيي ئۈزۈلۈپ قالغان مەزگىلدە ( فەترەتۇل ۋەھيي ) ناھايىتى قايغۇرغان ۋە نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالغان. بۇ ھادىسە ئارقىلىق ۋەھيىنىڭ ئېغىرلىقى ئاستىدا بېلى پۈكۈلگەن پەيغەمبەرگە، ۋەھيىسىز قېلىشنىڭ نەقەدەر ئىزتىراپ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇش مەقسەت قىلىنغان. فەترەتۇل ۋەھيي دەپ ئاتالغان بۇ ھادىسە، ئىلاھىي تەربىيىلەشنىڭ بىر پارچىسى بولغانىدى.

بۇ ۋەقەنىڭ 3، 13، 15، 25، 40 كۈن، ياكى 6 ئاي ۋەياكى ئىككى يېرىم يىل داۋاملاشقانلىقىغا دائىر رىۋايەتلەر بار.

بۇ مۇددەتلەر ئەستايىدىللىق بىلەن تەھلىل قىلىنىشى لازىم. 3، 13، 15 ياكى 25 كۈنلۈك بىر مۇددەت « فەترەت » دەپ ئاتاشقا لايىق ئەمەس. چۈنكى 6000 دىن ئارتۇق ئايەتلىك بىر خەۋەر 23 يىللىق بىر زاماندا نازىل بولغان. بۇ نۇقتا نەزەردە تۇتۇلغان ئاساستا چۈشۈرۈلگەن ۋەھيي - زامان نىسبىتىگە ئاساسەن ئۈچ - بەش ھەپتىلىك بىر مۇددەت ئۈزۈلۈش ئەمەس، ئەكسىچە نورمال تەربىيە مۇددىتىگە توغرا كېلىدۇ. رىۋايەت قىلىنغان ئەڭ ئۇزۇن مۇددەت بولغان ئىككى يېرىم يىللىق مەزگىل ھەققىدىكى رىۋايەت كىشىنى ئىشەندۇرىدىغان دەرىجىدە ئەمەس. ئەگەر بۇنداق بولغان بولسا ئىدى، 3، 13، 15، 25 كۈن دېگەندەك رىۋايەتلەر بولمايتتى. بۇ ئىككى مۇددەت ئارىسىدا ئاسمان - زېمىن پەرق بار.

بۇ ئۈستىگە ۋەھيىدىن ئىبارەت ئېغىر يۈكنى ئالغۇچىنىڭ بۇ يۈك بىلەن راھەت ئۇخلىيالمايدىغانلىقى ئىما قىلىنغان. رەسۇلۇللاھقا ئۈستىگە ئېغىر مەسئۇلىيەت ئارتىلغانلىقىنى ئەسكەرتىپ، ياتقان پاسسىپ ياخشىنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ ئاكتىپ ياخشى قىلىشنى مەقسەت قىلماقتا.

بۇ ۋەقەنى مۇنداق ئىزاھلاش مۇمكىن. يەنى، ۋەھيىنىڭ باشلىنىش جەريانىدا رەسۇلۇللاھ ۋەھيي ئۈزۈلۈپ قالدى دەپ خاۋاتىرلەنگەن. زۇھا 3- ئايەت بۇنىڭ شاھىتى. بۇ ئەندىشىمۇ بىر رەھمەت بولغان بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ۋەھيىدىن ئۈزۈپ قېلىشتىن تۇيۇلغان ئازاپ، ۋەھيي مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغاندىن كېيىن تارتقان مۇشەققەتتىنمۇ قاتتىق ئىكەنلىكى مەلۇم بولغان. رەسۇلۇللاھنى ئەنسىرەتكەن نەرسە ۋەھيي جەريانىدا

يۇلۇقدىغان بىر نەچچە ئايلىق توختاش ئىدى. لېكىن ۋەھيىنىڭ نازىل بولۇش زىچلىقى تېخى ئېنىق مەلۇم بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئەھۋال فەترەت - ئۈزۈلۈش دەپ قارالغان.

سۈرە دەسلەپكى مەزگىلدىكى بارلىق تەرتىپلەردە مۇززەممىل سۈرىسىنىڭ ئارقىسىغا تىزىلغان. دېمىسىمۇ بۇ ئىككى سۈرە ئارىسىدا قۇرئاننىڭ قوشماق قۇتۇپلۇق قۇرۇلمىسىغا ( مەسانى ) ماس بىر مۇناسىۋەت بار.

مۇززەممىل سۈرىسى ئىنساننىڭ ھەرىكەت ئەخلاقىنى شەكىللەندۈرۈشنى مەقسەت قىلغان، مۇددەسسىر سۈرىسى كىشىنىڭ سۆز ئەخلاقىنى شەكىللەندۈرۈشنى مەقسەت قىلغان.

سۈرە مەزمۇننى نەزەردە تۇتقان ۋاقتىمىزدا، بۇ سۈرە فاتىھە، ئەلەق، زۇھا ۋە مۇززەممىل سۈرىسىدىن كېيىن نازىل بولغان 5 - سۈرە دەپ قاراشقا بولىدۇ. « كاپىرلار » خىتابىنىڭ تۇنجى قېتىم بۇ سۈرىدە تىلغا ئېلىنغانلىقىمۇ بۇ تىزىلىشنى توغرىلايدۇ ( 10 ).

سۈرە مەزمۇن جەھەتتىن قۇرئاننىڭ كىچىك كۆزنىكىگە ئوخشايدۇ. ئالدىنقى يەتتە ئايەتتە يەتتە بۇيرۇق ئورۇن ئالغان بولۇپ، بۇ، سۈرىنىڭ مۇھاتابىنى (خىتاب قىلىنغۇچىنى) تەربىيىلەشنى مەقسەت قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. سۈرىنىڭ « تۇر! » خىتابى بىلەن باشلىنىشى، ئۈستىگە ۋەھيىدىن ئىبارەت ئېغىر يۈكنى ئالغۇچىنىڭ بۇ يۈك بىلەن راھەت ئۇخلىيالمايدىغانلىقى ئىما قىلىماقتا. بۇ ئارقىلىق رەسۇلۇللاھقا ئېغىر مەسئۇلىيەت ئارتىلغانلىقىنى ئەسكەرتىپ، ياتقان پاسسىپ ياخشىنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ ئاكتىپ ياخشى قىلىشنى مەقسەت قىلماقتا.

يَاأَيُّهَا الْمُدَّثِّرُ (1) قُمْ فَأَنْذِرْ (2) وَرَبَّكَ فَكَبِّرْ (3) وَثِيَابَكَ فَطَهِّرْ (4) وَالرُّجْزَ فَاهْجُرْ (5) وَلَا تَمْنُنْ تَسْتَكْثِرُ (6) وَلِرَبِّكَ فَاصْبِرْ (7)

« سەن ئەي ئېچىگە بىكىنىۋالغان كىشى!
تۇر ۋە ( ئىنسانلارنى ) ئاگاھلاندۇر!
پەقەت رەببىڭنى ئۇلۇغلا!
كىيىمىڭنى پاكىز تۇت!
پۈتۈن ( جىسمانىي ۋە مەنىۋىي ) مەينەتچىلىكتىن يىراق بول!
ياخشىلىقنى ئۆزەڭگە كىرىم مەنبەسى قىلىۋالما! ( كۆپ ئېلىش نىيىتىدە بەرمە! )
رەببىڭ ئۈچۈن سەبىر قىل! » ( 1 - 7 ).

بۇ ئايەتلەر ( 1 - 7 ) خىتاب قىلىنغۇچىغا يول كۆرسەتكۈچ ماھىيىتىدە بولۇپ، كۈندىلىك تۇرمۇشتا دىققەت قىلىشقا ۋە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارغا كىشىنىڭ دىققىتىنى بۇرىماقتا.

8 - 9 - 10- ئايەتتە ھېساپ كۈنىنىڭ ئېغىر ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنىپ، بۇ مەسئۇلىيەتتىن جاۋابكارلىققا تارتىلىدىغانلىقى ئەسلىتىلمەكتە.

بۇ بۆلەكتىن كېيىن تۇنجى مۇھاتابلار ئارىسىدا ئورۇن ئالغان شەخس ئۈستىدىن ئىنكارچى ئەقىلگە خىتاب قىلىنغان. بۇ ئىنكارچى ئەقىل، ئاللاھ ئېھتىھان قىلىپ بەرگەن مال - مۈلۈك ۋە پەرزەنتنى ئاللاھ قا قارشى چىقىپ ھاكاۋۇرلۇق قىلىشقا ئىشلەتكەندى ( 11 - 17 ).

سۈرىدە ئورۇن ئالغان دۇنياغا بېرىلىپ كېتىش ۋە باياشاتچىلىق ئىچىدە خۇدىنى يوقاتقان ئىنكارچى ئەقىل، تۆۋەندىكى بۆلەكتە شۇنداق جانلىق تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، بىز خۇددى ئۇنى ئۆز دەۋرىمىز ۋە ماكانىمىزدا كۆرۈۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىمىز:

إِنَّهُ فَكَّرَ وَقَدَّرَ (18) فَقُتِلَ كَيْفَ قَدَّرَ (19) ثُمَّ قُتِلَ كَيْفَ قَدَّرَ (20) ثُمَّ نَظَرَ (21) ثُمَّ عَبَسَ وَبَسَرَ (22) ثُمَّ أَدْبَرَ وَاسْتَكْبَرَ (23) فَقَالَ إِنْ هَذَا إِلَّا سِحْرٌ يُؤْثَرُ (24) إِنْ هَذَا إِلَّا قَوْلُ الْبَشَرِ (25)

چۈنكى ئۇ ( ۋەھيي ھەققىدە ) يۈزەكى ۋە خاتا ئويلاندى، پىلانلىدى.
لەنەتتەككۇر، قانداقمۇ پىلانلاشقا جۇرئەت قىلدى؟
يەنە لەنەت بولسۇنكى، قانداقمۇ پىلانلاشقا جۇرئەت قىلدى؟
ئاندىن ئەتراپقا قارىدى.

ئاندىن قوشۇمىسىنى تۇردى ۋە چىرايى ئۆزگىرىپ كەتتى.
ئەڭ ئاخىرىدا ( ھەقىقەتتىن ) يۈز ئۆرۈدى ۋە كىبىر ئابىدىسى بولدى.
ئاخىرىدا « بۇ پەقەت ئۆتمۈشتىن مىراس قالغان سېھىردۇر. بۇ پەقەت پانى بىر ئىنساننىڭ سۆزىدۇر » دېدى ( 18 - 25 ).

بۇ بۆلەكتە تەپسىلىي بېرىلگەن تەسۋىر، تەسۋىرلەنگۈچىنىڭ تارىخى كىملىكىدىن زىيادە، تەپەككۇر شەكلىگە كىشىنىڭ دىققىتىنى ئاغدۇرىدۇ.

مانا بۇ، ۋەھيىنىڭ زامانلار ۋە ماكانلارنى ھالقىغان بايانىدۇر. ۋەھيى مۆئمىندە، ئۇ خىل كىشىلەرنى قەيەردە ئۇچرىتىشىدىن قەتئىينەزەر تونۇۋالالايدىغان بىر ئەقىل - پاراسەت يېتىلدۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئاينى، كېچىنى ۋە سەھەرنى شاھىت قىلىپ بۇ سۆزلەرنى قىلىشىمۇ دەل بۇ سەۋەبتىن.

كَلَّا وَالْقَمَرِ (32) وَاللَّيْلِ إِذْ أَدْبَرَ (33) وَالصُّبْحِ إِذَا أَسْفَرَ (34)

« شۇنداق، ئاي شاھىت بولسۇن! ئۆتۈپ كەتكەن كېچە شاھىت بولسۇن! يورۇغان سۈبھى شاھىت بولسۇن! » ( 32 - 34 ).

يۇقىرىدا تەپەككۇر شەكلى تەسۋىرلەنگەن باياشاتچىلىق ئىچىدە خۇدنى يوقۇتۇپ قويغان تەكەببۇر ئىنكارچى ئەقىلنىڭ، ئۆزى تولۇق ئىشەنمەيدىغان ئاخىرەت ئۈچۈن ئۆزىگە قۇتقازغۇچى / شاپائەتچى پەيدا قىلىش سەۋداسى قاتتىق بىر تىل بىلەن رەت قىلىنىدۇ:

فَمَا تَنْفَعُهُمْ شَفَاعَةُ الشَّافِعِينَ

« مانا بۇلارغا ھېچقانداق بىر شاپائەتچىنىڭ شاپائىتى پايدا بەرمەيدۇ » ( 48 ).

49 - 51 - ئايەتلەر قۇرئاننى ئىنكار قىلغۇچى ئەقىلنىڭ قۇرئانغا تۇتقان پوزىتسىيىسى ۋە ئىچىدىكى ھەسەتنىڭ ئۇلارنى قايسى ھالغا كەلتۈرۈپ قويغانلىقى بايان قىلىنغان.

فَمَا لَهُمْ عَنِ التَّذْكِرَةِ مُعْرِضِينَ (49) كَأَنَّهُمْ حُمُرٌ مُسْتَنْفِرَةٌ (50) فَرَّتْ مِنْ قَسْوَرَةٍ (51)

« ئۇلار نېمىشقا ۋەز ( يەنى قۇرئان )دىن يۈز ئۆرۈيدۇ؟ گويا ئۇلار يولۋاستىن قاچقان ياۋايى ئېشەكلەردۇر » ( 49 -51 )

54 - 55 - ئايەتلەردە، قۇرئاننىڭ ۋەز - نەسىھەت ئىكەنلىكى، ئۇنىڭدىن خالىغانلارنىڭ ۋەز نەسىھەت ئالىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

كَلَّا إِنَّهُ تَذْكِرَةٌ (54) فَمَنْ شَاءَ ذَكَرَهُ (55)

« ياق، مۇقەررەكى، ئۇ ( يەنى قۇرئان ) ۋەز - نەسىھەتتۇر. خالىغان ئادەم ئۇنىڭدىن ۋەز - نەسىھەت ئالىدۇ ».

56 - ئايەتتە ئاللاھ نىڭ زاتى ۋە چەكسىز مەرھەمىتىنىڭ ئىپادىسى بولغان رەھمىتى بايان قىلىنىپ، مۆئمىنلەرگە ئاللاھ تىن نائۈمىد بولماسلىق ئىما قىلىنغان ھالدا ئاخىرلاشقان.

وَمَا يَذْكُرُونَ إِلَّا أَنْ يَشَاءَ اللَّهُ هُوَ أَهْلُ التَّقْوَى وَأَهْلُ الْمَغْفِرَةِ (56)

« ئۇلار پەقەت خالىسا ئاندىن ( قۇرئاندىن ) ۋەز - نەسىھەت ئالىدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن ئەيمىنىشكە تېگىشلىك زاتتۇر، بەندىلىرىنى مەغپىرەت قىلىشقا لايىق زاتتۇر ».

## زۇھا سۈرىسى

بۇ سۈرىنىڭ « سەھەرنىڭ يوپيورۇق ۋاقتى، چاشگاھ ۋاقتى » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان « زۇھا » ئىسمى 1 - ئايەتتىن ئېلىنغان:

« سەھەرنىڭ يوپيورۇق ۋاقتىنى تەمسىل قىلغان چاشگاھ ۋاقتى شاھىت بولسۇن! » ( 1 ).

قۇرئاندا « چاشگاھ ۋاقتى » ئادەتتە « ئاخشام »نىڭ قارىمۇ قارشى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدۇ. سۈرىگە ئىسمى بېرىلگەن ئايەتتىكى « چاشگاھ ۋاقتى » ئارقىلىق، جاھىلىيەت كېچىسىگە خاتىمە بەرگەن كۈندۈز سەھىرى نەزەردە تۇتۇلغان بولۇشى مۇمكىن. زۇھا سۈرىسىمۇ لەيل، فەجر ۋە ئەسرگە ئوخشاش ئىسىملىرى زاماننىڭ پارچىلىرىنى ئىپادىلىگەن سۈرىلەر كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ.

سۈرە دەسلەپكى مەزگىلدە نازىل بولغان سۈرىلەردىن بىرىدۇر.

سۈرىنىڭ 3 - ئايىتىمۇ ئىشارەت قىلغاندەك، ۋەھيي جەريانىدا نورمال دەپ قارىلىشى كېرەك بولغان بىر توختاپ قېلىشنىڭ بىنورمال ۋە ياكى پۈتۈنلەي توختاپ قالدى دەپ ئەنسىرەش تۇيغۇسى پەيدا بولغان مەزگىلدە نازىل بولغان. سۈرىنىڭ باشتىن ئاخىر رەسۇلۇللاھنىڭ شەخسى تارىخى ھەققىدە مەلۇمات بەرگەنلىكى ۋە ئۇنىڭ شەخسىيىتىنى شەكىللەندۈرۈش مەقسەت قىلىنغان بىر سۈرە ئىكەنلىكى نەزەردە تۇتۇلغاندا، مۇززەممىل - قەلەم سۈرىسى ئارىسىدا ئورۇن ئالغان، 5- قېتىمدا نازىل بولغان سۈرە دەپ قاراش مۇۋاپىق دەپ قارايمىز. بۇنى ھەزرىتى ئائىشەنىڭ قەلەم سۈرىسى ھەققىدىكى رىۋايەتلىرى كۈچلەندۈرمەكتە.

مەزكۇر سۈرە ئۈچ قىسىمدىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، سۈرە رەسۇلۇللاھقا تەسەللى بېرىش بىلەنلا قالماستىن، ئۇنىڭغا كېلەچەك ھەققىدە خوشخەۋەر بېرىدۇ.

رىۋايەتلەر بۇ سۈرىنىڭ بىر ۋەھيي توختاش ( فەترەتى ۋەھيي ) ھادىسىسىدىن كېيىن نازىل بولغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. بۇ ھەقىقىي مەنىدە بىر « فەترەت » بولمىسا كېرەك. بۇنى دەسلەپكى مەزگىلدە نازىل بولغان ۋەھيي بولغانلىقتىن، ۋەھيىنىڭ نازىل بولۇش رېتىمى ھەققىدە تەجرىبىنىڭ كەمچىل بولۇشىدىن پەيدا بولغان ئەندىشە دەپ قاراش لازىم. رەسۇلۇللاھ ئىككى ۋەھيي ئارىسىدىكى نورمال بىر توختاشنى پۈتۈنلەي توختاپ قېلىش دەپ ئويلاپ قالغانلىقتىن ئەندىشە قىلغان بولۇپ، بۇ سۈرە بىلەن رەسۇلۇللاھقا تەسەللىي بېرىلگەن.

زۇھا، قوشمىقى دەپ قارالغان ئىنشىراھ سۈرىسى بىلەن بىرلىكتە مۇھاتابىغا ئىلھام بەرگەن سۈرىدۇر.

سۈرىدە رەسۇلۇللاھقا تەسەللىي بېرىش بىلەنلا قالماستىن، ئۇنىڭغا كېلەچەك ھەققىدە خوش بىشارەت بېرىلىدۇ. بۇ سۈرىمۇ دەسلەپكى مەزگىلدە نازىل بولغان سۈرىلەرگە ئوخشاش رەسۇلۇللاھنىڭ شەخسىيىتىنى بەرپا قىلىشنى مەقسەت قىلماقتا.

سۈرە ئۈچ بۆلەكتىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، بىرىنچى بۆلەك قەسەم ۋە خوشخەۋەرلەردىن تەشكىل تاپقان ( 1 - 5 ). ئىككىنجى قىسىمدا ( 6 - 8 - ئايەتلەر ) رەسۇلۇللاھنىڭ رىسالەتتىن بۇرۇنقى ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلار بايان قىلىنغان. ئۈچىنچى قىسىمدا، رەسۇلۇللاھنى تەربىيلەش مەقسەت قىلىنغان ئايەتلەر ئورۇن ئالغان ( 9 - 11 - ئايەتلەر ).

سۈرە، جاھالەت قاراڭغۇلۇقىغا خاتىمە بەرگەن ۋەھيىنىڭ نۇر چاچقاپ تۇرغان سەھىرىنى ۋە ئۇ سەھەردىن خۇش بىشارەت بەرگەن كېچىنى شاھىت قىلىپ، « رەببىڭ سېنى تاشلىۋەتكىنىمۇ يوق، سەندىن رەنجىپ قالغىنىمۇ يوق » ( 3 ) ۋە بۇ خوشخەۋەرنىڭ كېلەچەكتە رېئاللىققا ئايلىنىدىغانلىقى ھەققىدىكى كاپالەت، ئۆتمۈشتە ئۇنىڭغا قىلىنغان ئىلاھىي ئىكراملاردۇر:

ئۇنىڭغا بىر چاغلاردا يېتىم، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالغان ۋە مۇھتاج ئىكەنلىكى تۆۋەندىكى ئايەتلەردە ئەسكەرتىلىدۇ:

أَلَمْ يَجِدْكَ يَتِيمًا فَآوَى (6) وَوَجَدَكَ ضَالًّا فَهَدَى (7) وَوَجَدَكَ عَائِلًا فَأَغْنَى (8)

« ئۇ سېنى يېتىم بىلىپ پاناھ بەرمىدىمۇ؟ قايمۇققان بىلىپ ھىدايەت قىلمىدىمۇ؟ سېنى يوقسىز بىلىپ ( كىشىلەردىن ) بىھاجەت قىلمىدىمۇ؟ » ( 6 - 8 ).

ئۈچىنچى قىسىمدا، ئۇنىڭغا بېرىلگەن نېمەتلەرنىڭ شۈكرىسىنىڭ دەل شۇ نېمەتنىڭ جىنسىدىن بولىدىغانلىقى ئىما قىلىنىپ، ئاجىز، يېتىم - يېسىرلارنى ھىمايە قىلىش، مۇھتاجلارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىشقا بۇيرۇلۇپ، رەببىنىڭ

ھىدايىتى ۋە نېمىتگە قانداق شۈكۈر قىلىش ئۇسلۇبى كۆرسىتىلگەن. بۇ ئارقىلىق بارلىق خىتاب قىلىنغۇچىلارغا ۋەز - نەسىھەت قىلىنغان:
فَأَمَّا الْيَتِيمَ فَلَا تَقْهَرْ (9) وَأَمَّا السَّائِلَ فَلَا تَنْهَرْ (10) وَأَمَّا بِنِعْمَةِ رَبِّكَ فَحَدِّثْ (11)
« ئۇنداقتا يېتىمنى خارلىما. ھەر ئەھۋالدا ياردەم تەلەپ قىلغۇچىلارغا قوپاللىق قىلما. ھەر دائىم رەببىڭنىڭ ( ساڭا ئاتا قىلغان چەكسىز ) نېمىتىنى تىلىڭدىن چۈشۈرمە » ( 9 - 11 ).
بۇلار ئارقىلىق ھەممىمىزگە، رەسۇلۇللاھ سىلەر ئۈچۈن مىسلىسىز بىر نېمەتتۇر، سىلەر بۇ بۈيۈك نېمەتنى ئۇنۇتماڭلار! دېمەكتە.

## ئىنشىراھ سۈرىسى

سۈرە بىرىنچى ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان « شەرھ » كەلىمىسى بىلەن ئاتالغان. ئادەتتە ئىنشىراھ سۈرىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.
« سېنىڭ كۆكسىڭنى ( ھىدايەت، ھېكمەت ۋە قۇرئاننىڭ نۇرى بىلەن ) كەڭ / يورۇق قىلمىدۇقمۇ؟ » (1).
شەرھ كەلىمىسى « ئاچقان، يورۇتقان » دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ كەلىمە قۇرئاندا ئىجابىي ۋە سەلبىي مەنىدە بەش يەردە تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ھەممىسىدە ئىنساننىڭ كۆكرىكىگە قارىتىلغان. بۇ كەلىمە ئۆتكەن ئايەتلەرنىڭ ھەممىسى مەككىدە نازىل بولغان. كۆكرەك كەلىمىسىنىڭ مەيلى بىرلىك شەكلى بولغان « سادر » ياكى كۆپلۈك شەكلى بولغان « سۇدۇر » بولسۇن، ھېچقانداق بىر يەردە ئورگان مەنىسىدە ئىشلىتىلمىگەن. شەرھ، زۇمەر سۈرىسى 22، ئەنئام سۈرىسى 125 - ئايىتىدە « دىلنى يورۇتۇش » بىلەن نەتىجىلىنىش، تاھا سۈرىسى 25 - ئايىتىدە « قولايلىق ۋە كېڭەيتىش » بىلەن بىرلىكتە ئىشلىتىلگەن. سۈرىگە ئىسمى بېرىلگەن ئايەتتىكى دىلنى راھەتلەندۈرۈشنىڭ قانداق ئەمەلىيلەشكەنلىكى ئۇنىڭ داۋامىدىكى ئايەتلەردە بايان قىلىنغان.
سۈرە بىر قانچە تەپسىردە، بۇخارى ۋە تىرمىزىدە « سۈرەتۇل ئەلەم نەشراھ » دەپ ئاتالغان. بەزى تەپسىرلەردە « ئىنشىراھ سۈرىسى » دەپ ئاتالغان.
سۈرە مەككىدە دەسلەپكى مەزگىللەردە نازىل بولغان سۈرىلەردىن بىرى.
سۈرە نازىل بولۇش تەرتىپى جەھەتتىن شۇبھىسىز زۇھا سۈرىسىدىن كېيىن نازىل بولغان بولۇپ، 6 - ئورۇنغا تىزىلىشى كېرەك. زۇھا ۋە ئىنشىراھ سۈرىسى بىر - بىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئىمام ئاتا ۋە ئۆمەر بىن ئابدۇلئەزىز بۇ ئىككى سۈرىنى بىر سۈرە دەپ قارىغان ۋە ئوقۇغاندا بۇ ئىككى سۈرىنى « بىسمىللاھ » بىلەن ئايرىماستىن ئۇلاپ ئوقۇغان ( رازى ). سۈرىنىڭ 1 - ئايىتى زۇھا سۈرىسىنىڭ 6 - ئايىتىنى ئىما قىلىدۇ.
بۇ ساھەدىكى بارلىق نوپۇزلۇق زاتلار بۇ ئىككى سۈرىنىڭ بىر - بىرىدىن مۇستەقىل ئىككى سۈرە ئىكەنلىكىدە ھەمپىكىر. لېكىن بۇ ئىككى سۈرە ئارقىمۇ - ئارقا نازىل قىلىنغان. رەسۇلۇللاھ مەزكۇر سۈرىنى نامازدا زۇھا سۈرىسى بىلەن قوشۇپ ئوقۇغان. بۇ، ئىككى سۈرىنىڭ بىر سۈرە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەيدۇ، بىر رەكەتتە ئىككى سۈرىنى ئوقۇشقا بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.
شەرھ سۈرىسى مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن زۇھا سۈرىسىگە ئوخشايدۇ. زۇھا، ئىنشىراھ سۈرىسىگە ئوخشاش بىر ئىلھام بەرگۈچى، روھنى كۆتۈرگۈچى سۈرە بولۇپ، كەۋسەر سۈرىسىمۇ بۇ كاتېگورىيىگە كىرىدۇ. بۇ نۇقتا نەزەردە تۇتۇلغاندا، سۈرە رەسۇلۇللاھنىڭ شەخسىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن سۈرىلەردىن بىرى. سۈرە، نۇبۇۋۋەتنىڭ تاغلاردىنمۇ ئېغىر يۈكى ئاستىدا قەددى پۈكۈلگەن نەبىگە تەسەللى ھەدىيەسى سۈپىتىدە نازىل بولغان. سۈرىنىڭ ئالدىنقى ئايەتلىرى ئالەملەرگە رەھمەت بولۇشنىڭ ئالەمنىڭ يۈكىنى قەلبىدە ئېلىپ مېڭىش بىلەن مۇمكىن بولىدىغانلىقىنىڭ بىر دەلىلى.

أَلَمْ نَشْرَحْ لَكَ صَدْرَكَ (1) وَوَضَعْنَا عَنْكَ وِزْرَكَ (2) الَّذِي أَنْقَضَ ظَهْرَكَ (3) وَرَفَعْنَا لَكَ ذِكْرَكَ (4)

« سېنىڭ كۆكسىڭنى ( ھىدايەت، ھېكمەت ۋە قۇرئاننىڭ نۇرى بىلەن ) كەڭ قىلمىدۇقمۇ؟ بېلىڭنى ئېگىۋەتكەن ئېغىر يۈكنى ئۈستۈڭدىن ئېلىپ تاشلىمىدۇقمۇ؟ سېنىڭ شۆھرىتىڭنى ئۈستۈن قىلمىدۇقمۇ؟ » ( 1 - 4 ).

5 - 6 - ئايەتلەر ۋەھيىنىڭ تۇنجى خىتاب قىلىنغۇچىسىدىن ئەڭ ئاخىرقى خىتاب قىلىنغۇچىسىغىچە ھەر كىشىنىڭ كۆكسىنى كېڭەيتىشكە يېتىدۇ:

فَإِنَّ مَعَ الْعُسْرِ يُسْرًا (5) إِنَّ مَعَ الْعُسْرِ يُسْرًا (6)

« ئەلۋەتتە، ھەر بىر قىيىنچىلىقتىن كېيىن بىر ئاسانلىق بار. ئەلۋەتتە ھەر بىر قىيىنچىلىقتىن كېيىن بىر ئاسانلىق بار » ( 5 - 6 ).

رىسالەت مەسئۇلىيىتىنىڭ ئېغىرلىقىنى بۇ سۈرىدىنمۇ ياخشى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان نەرسە يوق. بۇ يۈك شۇنداق ئېغىر بىر يۈك بولۇپ، ئۇنىڭ ئېغىرلىقىنى پەقەت ئاللاھ لا يەڭگىللىتەلەيدۇ. كىشىنىڭ يۈكىنى ئاللاھ يەڭگىللىتسە، ھەم كۆڭلى كۆكسى راھەتلەيدۇ، قەلب دۇنياسى يورۇيدۇ، يۈزى يورۇق بولىدۇ. ھەر كۈندۈز ئىككى كېچە ئارىسىدا بولىدۇ. كېچىدىن كېيىن ھامان تاڭ ئاتىدۇ.

ئىنساننىڭ كۆڭلى - كۆكسى راھەتلىنىپ، يۈكى يەڭگىللىگەن ۋاقىتتا بۇ نېمەتنى بەخش ئەتكەن رەببىگە يۈزلىنىپ، نېمەتكە بولغان شۈكرىنى كۆپەيتىشى كېرەك. شۇندىلا نېمەتنىڭ ھەققىنى ئادا قىلغان بولىدۇ.

ئاخىرقى ئايەتلەر قىيىنچىلىق مەزگىلىدە رەببىگە يالۋۇرغان، قىيىنچىلىق كۆتۈرۈۋېتىلگەندە، بۇ نېمەتكە كۆپىنچە ۋاقىتتا تۈزكورلۇق قىلىدىغان ئىنسانغا (يۇنۇس 22 - 23 )، نېمەت ھەققىنى قانداق ئادا قىلىش يولىنى كۆرسەتمەكتە.

فَإِذَا فَرَغْتَ فَانْصَبْ (7) وَإِلَى رَبِّكَ فَارْغَبْ (8)

« ئۇنداقتا، قىيىنچىلىقتىن خالىي بولغاندا ئىبادەت قىلىشقا تىرىشقىن، ئۇنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىپ رەببىڭگە يۈزلەنگىن ( نېمەت بەرگۈچىنى ياد ئەت )! » ( 7 - 8 ).

# قەلەم سۈرىسى

سۈرە ئىسمىنى 1 - ئايەتتىن ئالغان بولۇپ، بەزى رايۇنلاردا « نۇن » ئىسمى بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ.

« نۇن. قەلەم ۋە ئۇلار يازغان نەرسىلەر بىلەن قەسەمكى! » ( 1 ).

سۈرە ھىجرى 4 - ئەسىرگىچە « نۇن ۋەلقەلەم » دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن بىرلا ئىسىم بىلەن ئاتىلىشقا باشلانغان. بەزى جايلاردا « نۇن » ئىسمى بىلەن، يەنە بەزى جايلاردا « قەلەم » ئىسمى بىلەن ئاتاش ئومۇملاشقان.

بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان « قەلەم » بىلىم ۋاستىلىرىنىڭ ھەممىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن سۈرىنىڭ ئىسمىنى « بىلىم ۋاستىلىرى » دەپ چۈشەنسەك بولىدۇ. ئاللاھ نىڭ قەلەم بىلەن قەسەم قىلىشى، پەقەت بىلىم ۋاستىلىرىنىڭ قىممىتىنىلا كۆرسىتىپ قالماستىن، يەنە مەزكۇر ۋاستىلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە شاھىتلىق قىلىدىغانلىقىغا بىشارەت قىلىدۇ.

سۈرە، مەككىدە دەسلەپكى مەزگىلدە نازىل بولغان سۈرىلەردىن بىرى. سۈرىنىڭ 17 - 52 - ئايەتلەر ئارىسىدىكى بۆلەك، ئالدىنقى بۆلەكتىن بىر مەزگىلدىن كېيىن نازىل بولغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن سۈرىنىڭ تون رىتىمى ۋە مەزمۇنىنىڭ بىر پۈتۈنلىكى نەزەرگە ئېلىنغاندا بۇ ئېھتىماللىق ئاجىزلىشىدۇ. سۈرىنىڭ نازىل بولۇش

تەرتىپىدە ئوخشاش بولمىغان قاراشلار مەۋجۇت بولۇپ نۇزۇل تەرتىپىدە 2 - ئورۇنغا، يەنى ئەلەق سۈرىسىنىڭ ئارقىسىغا تىزىلغان. ھەزرىتى ئوسمانغا نىسبەت قىلىنغان نۇزۇل تەرتىپىدە ئەلەق - مۇززەممىل؛ ئىبنى ئابباس تەرتىپىدە ئەلەق - زۇھا سۈرىلىرىنىڭ ئارىسىغا تىزىلغان. سۈرىنىڭ مەزمۇنى بۇ تىزىلىشنى تۆت نۇقتىدىن قوللىمايدۇ:

1. مۇشرىكلارغا قارىتا جاۋاب ۋە تەھدىت خاراكتېرىغا ئىگە.

2. ھەيۋە قىلىش / دىققەتنى تارتىش رولى بولغان مۇقاتتائا ھەرپى بىلەن باشلىغان تۇنجى سۈرە.

3. ئاخىرەتنى ئىنكار قىلغان مۇشرىكلارنىڭ « بۇرۇنقىلارنىڭ ھېكايىلىرى » سۆزى نەقىل قىلىنغان. ئۇلارنىڭ بۇ سۆزنى قىلىشى ئۈچۈن بۇ سۈرىدىن بۇرۇن ۋەھيى ئاخىرەت ھەققىدە توختالغان بولىشى كېرەك. ھالبۇكى 8 - ئايەتتىكى « رەببىگە قايتىش »نى نەزەرگە ئالمىساق، ئەلەق سۈرىسىدە ئېنىق ھالدا ئاخىرەت ھەققىدە توختالمايدۇ.

4. يۇقىرىدىكى ئۈچ نۇقتا ئۈچۈن مۇشرىكلارىغا قارىتا ئوچۇق دەۋەت شەرت. بۇ دەل فەترەتى ۋەھيى ( ۋەھيىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى - رەسۇلۇللاھ شۇنداق دەپ ئويلاپ قالغان ) دىن كېيىنكى مەزگىلگە توغرا كەلمەكتە. فەترەتى ۋەھيى ۋەقەسى - رەسۇلۇللاھقا ۋەھيىسىز قېلىشنىڭ نەقەدەر بۈيۈك مەھرۇمىيەت ئىكەنلىكىنى بىلدۇرۇش ئۈچۈن بولغاندى. بۇ سۈرىنىڭ ئۈچىنچى ئايىتىدىكى « ئۈزۈلمەسلىك » بەلكىم بۇ ۋەقەنى ئىما قىلغان بولسا كېرەك. ھەزرىتى ئائىشە مەزكۇر سۈرىنى فەترەتى ۋەھيىدىن كېيىن نازىل بولغان دەيدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن بىز بۇ سۈرىنى ئىنشىراھ سۈرىسىدىن كېيىن نازىل بولغان 7 - سۈرە دەپ قارايمىز.

سۈرە مۇشرىك / ئىنكارچىلارنىڭ رەسۇلۇللاھقا قاراتقان ئاغزاكى ئەزىيەتلىرىنى رەت قىلىش بىلەن باشلانغان.

مَا أَنْتَ بِنِعْمَةِ رَبِّكَ بِمَجْنُونٍ

« رەببىڭنىڭ نېئمىتى سايىسىدا سەن ھەرگىزمۇ جىن مۇسەللەت بولغان بىرسى ئەمەس » ( 2 ).

سۈرە ئاخىرىدا يەنە بۇ مەسىلىگە قايتقان ھالدا ئاخىرلاشقان ( 48 - 52 ). سۈرىنىڭ باشلىنىش ئايەتلىرى ئىلاھىي ئىلھام ۋە تەسەللىي خارەكتېرىغا ئىگە.

رەسۇلۇللاھنىڭ شەخسىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان ئايەت بۇ سۈرىدە ئورۇن ئالغان:

وَإِنَّكَ لَعَلى خُلُقٍ عَظِيمٍ

« سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاققا ئىگىسەن » ( 4 ).

سۈرىنىڭ فەجر سۈرىسىدىن بۇرۇن نازىل بولغانلىقىنى قوبۇل قىلغان ۋاقتىمىزدا، قۇرئاننىڭ نازىل بولۇش جەريانىدا بايان قىلىنغان تۇنجى قىسسە بۇ سۈرىدىكى « باغ ئىگىسى » قىسسىسى بولۇپ ( 17 - 32 )، يەمەن دىيارىغا خاس بولغان بۇ قىسسە ئارقىلىق مۇھاتابى ( خىتاب قىلىنغۇچى )دا « نېمەتتىن تەڭ بەھرىمان بولۇش » ئېڭىنى / ئەخلاقىنى تۇرغۇزۇشنى مەقسەت قىلماقتا ۋە مۇھاتابىغا « ئەي ئىنسان! ئاللاھ يوقتەك مۇئامىلىدە / چۈشەنچىدە بولما! » دېمەكتە.

وَلَا يَسْتَثْنُونَ

« لېكىن ئاللاھ نىڭ ھاياتقا مۇداخىلە بولۇپ (ئارىلىشىپ) تۇرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى نەزەردىن ساقىت قىلغانىدى » ( 18 ).

بۇ ئايەتتە، ئاللاھ نىڭ ھەر ۋاقىت ھاياتقا ئارىلىشىپ، ئىنسان ئىرادىسىنىڭ تاللىشىغا قارىتا يېڭى يارىتىشتا بولىدىغانلىقى ئىما قىلىنماقتا.

بۇ سۈرە، نازىل بولۇش جەريانىدا ئاخىرەت ھەققىدە توختالغان تۇنجى سۈرە بولۇپ، ھەقىقەتكە قارىتا ئالدىنئالا چىقىرىۋالغان چۈشەنچىسى بىلەن ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسىدە بولغۇچىلارنى مەسئۇلىيىتىنى تونۇپ يېتىشكە چاقىرماقتا ۋە ئۆز مەسئۇلىيىتىنى تونۇپ يەتمىگەنلەرنى كۈتۈپ تۇرغان دەھشەتلىك ئاقىۋەتتىن خەۋەر بەرمەكتە ( 33 - 43 ).

44 - 47 - ئايەتلەردە، رەسۇلۇللاھقا قارىتىلغان « ئۇلارنى ماڭا قويۇپ بەر » خىتابى ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ئەسلىدە رەسۇلۇللاھقا ( ھەقىقەتكە دەۋەت قىلغۇچىغا ) ئەمەس، ئاللاھ قا قارشى چىقىۋاتقانلىقى ئىما قىلىنغان.

48 - 50 - ئايەتلەردە، ھەزرىتى يۇنۇسنىڭ قەۋمىنى ئاللاھ قا چاقىرىشتىن ئىبارەت ۋەزىپىسىنى، ئاللاھ نىڭ ئىجازىتىسىز تاشلاپ كېتىشى ئەسكەرتىلىپ، خىتاب قىلىنغۇچىغا ۋەزىپىنىڭ ئېغىرلىقى ئىما قىلىنىپ ئىدىيە جەھەتتىن تەييارلىق قىلدۇرۇلۇش بىلەن بىرگە، ھەزرىتى يۇنۇس سادىر قىلغان خاتالىقتىن ساقلىنىشقا بۇيرۇپ « ھەرگىزمۇ چوڭ بېلىقنىڭ ساھىبىغا ئوخشاش بولمىغىن! » دەيدۇ:

فَاصْبِرْ لِحُكْمِ رَبِّكَ وَلَا تَكُنْ كَصَاحِبِ الْحُوتِ إِذْ نَادَى وَهُوَ مَكْظُومٌ (48) لَوْلَا أَنْ تَدَارَكَهُ نِعْمَةٌ مِنْ رَبِّهِ لَنُبِذَ بِالْعَرَاءِ وَهُوَ مَذْمُومٌ (49) فَاجْتَبَاهُ رَبُّهُ فَجَعَلَهُ مِنَ الصَّالِحِينَ (50)

« رەببىڭنىڭ ھۆكمىگە سەۋر قىلغىن. ھەرگىزمۇ چوڭ بېلىقنىڭ ساھىبىغا ئوخشاش بولمىغىن! ئۆز ۋاقتىدا ئۇ غەمكىن ھالدا رەببىگە ئىلتىجا قىلغانىدى.

ئەگەر رەببىڭنىڭ چەكسىز نېئمىتى ئۇنىڭ ئىلتىجاسىغا جاۋاب بولمىغان بولسا ئىدى، ئۇ خار قىلىنغان ھالدا بىر قاقاس دالىغا تاشلانغان بولاتتى. لېكىن رەببىڭ ئۇنى ( قايتىدىن ئەلچى بولۇشقا ) تاللىدى ۋە ئۇنى ياخشىلار قاتارىغا قوشتى » ( 48 - 50 ).

51 - 52 - ئايەتلەردە، كاپىرلار ( ئىنكار قىلغۇچى، ھەقىقەتنى يوشۇرغۇچىلارنىڭ ) ۋەھيىگە ۋە ئۇنى يەتكۈزگۈچىگە تۇتقان پوزىتسىيىسى بايان قىلىنىپ، بۇ ۋەزىپىگە تالىپ بولغۇچىغا ئىدىيە جەھەتتىن تەييارلىق قىلدۇرۇلغان ۋە قۇرئاننىڭ ئەۋەتىلىش مەقسىتى بايان قىلىنغان.

وَإِنْ يَكَادُ الَّذِينَ كَفَرُوا لَيُزْلِقُونَكَ بِأَبْصَارِهِمْ لَمَّا سَمِعُوا الذِّكْرَ وَيَقُولُونَ إِنَّهُ لَمَجْنُونٌ (51) وَمَا هُوَ إِلَّا ذِكْرٌ لِلْعَالَمِينَ (52)

ئىنكار قىلغۇچىلار / كاپىرلار زىكىر ( قۇرئان )نى ئاڭلىغان چاغلىرىدا، خۇددى سېنى يېۋەتكۇدەك / يىقىتىۋەتكۇدەك قارىسىمۇ، سېنى « شۈبھىسىز بىر مەجنۇن / جىن چاپلىشىپ قالغان » دېسىمۇ ( يەنىلا سەۋر قىل! ).

زىكىر ( قۇرئان ) تامام ئەھلى جاھان ئۈچۈن ۋەز - نەسىھەتتۇر ( 51 - 52 ).

# تەكۋىر سۈرىسى

مەزكۇر سۈرىنىڭ ئىسمى 1 - ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان « يۆگەلدى، يىغىۋېتىلدى، ئېلىپ تاشلاندى » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان « كۇۋۋىرات » پېئلىدىن كەلگەن.

« قۇياشنىڭ نۇرى ئۆچكەن / يۆگەلگەن چاغدا... » ( 1 ).

بۇ يەر يۈزىنىڭ ئەجىلى بولغان قىيامەت ۋە ئاخىرقى سائەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، باشلىنىشى بولغان نەرسىنىڭ ئاخىرى بولىدۇ. پەيدا بولۇش ۋە يوقىلىش، مەخلۇقاتنى ياراتقان ئاللاھ نىڭ كائىناتقا قويغان سۈننىتىدۇر.

قۇرئاندا يارىتىلىش ۋە بۇزۇلۇش ( كەۋن ۋە فاساد ) ھەقىقىتىنىڭ ئۆزى بايان قىلىنغان ياكى بۇ ھەقتىكى بىرەر ئالاھىدىلىك بىلەن ئاتالغان 14 سۈرە بار بولۇپ، بۇلاردىن بىرى دۇخان سۈرىسى، قالغانلىرى جاسىيە، ۋاقىئە، ھاققا، قىيامەت، نەبەئ، تەكۋىر، ئىنفىتار، ئىنشىقاق، غاشىيە، فەجر، زەلزەلە، قارىئە ۋە فەلەق سۈرىلىرىدۇر.

بۇخارى ۋە تىرمىزىدا بۇ سۈرە بىرىنچى ئايىتى بىلەن ئاتالغان. دەسلەپكى مەزگىللەرگە ئائىت مۇسھاب ۋە تەپسىرلەردە تەكۋىر ئىسمى بىلەن ئاتالغان.

سۈرىنىڭ مەككە مەزگىلىنىڭ دەسلىپىدە نەجم سۈرىسىدىن بۇرۇن نازىل بولغانلىقى ئېنىق. نەجم سۈرىسى 13 - 18 - ئايەتلىرىدىكى بايانلار بۇ سۈرىنىڭ 23 - ئايىتىنى ئىما قىلىدۇ.

سۈرە، دەسلەپكى مەزگىلدىكى نۇزۇل تەرتىپلىرىدە ئەئلا سۈرىسىنىڭ ئالدىغا، 7 - ئورۇنغا تىزىلغان. بىزنىڭچە ئىزاھاتلىق نۇزۇل تەرتىپىمىزدە 8 - ئورۇندا تۇرىدۇ. چۈنكى، بۇ سۈرىنىڭ 22 - ئايىتىدە تىلغا ئېلىنغان « مەجنۇن ئەمەستۇر » جاۋابى، دەل رەسۇلۇللاھنىڭ مەككىلىك مۇشرىكلار تەرىپىدىن « مەجنۇن، ساراڭ، جىن چاپلىشىپ

قالغان » دەپ ئەيپلىنىۋاتقان دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرمەكتە. بۇ يېپ ئۇچى مەزكۇر سۈرىنىڭ رىسالەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە نازىل بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

سۈرىنىڭ ئانا تېمىسى، ئاخىرقى سائەت ۋە ھېساب كۈنى ھەققىدە بولۇپ، سۈرىنىڭ بېشىدا يەر يۈزىنىڭ ئاخىرقى سائىتىدىكى ئۇ مەنزىرىلەر جانلىق شەكىلدە تەسۋىرلەنگەن ۋە بۇ ئارقىلىق ئاللاھ قويغان قانۇنىيەت دائىرىسىدە كائىناتنىڭ بۇزۇلۇش ھەقىقىتى بايان قىلىنغان. بۇ بۇزۇلۇشنى « مالىمانچىلىق » دەپ سەلبىي نۇقتىدىن ئىزاھلىغىلى بولمايدۇ. چۈنكى بۇزۇلۇش ئاللاھ نىڭ ئەمرى بىلەن بولىدىغان ئىلاھىي قانۇنىيەتكە تەۋە بۇزۇلۇشتۇر. بۇ ئاللاھ تىن غەيرى تەسۋىرلەپ بېرەلمەيدىغان مىسلىسىز ھەقىقەتتۇر.

ئەنبىيا سۈرىسى 104 - ئايەتنى بۇ ئىلاھ يۆگىلىشىنىڭ تەپسىرى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ ئىلاھىي بۇزۇلۇشتىن كېيىن مەيدانغا كېلىدىغان ئىلاھىي يېڭىدىن يارىلىش باسقۇچى ئىنفىتار سۈرىسىدە بايان قىلىنغان.

بۇ سۈرە شۇ ئىككى ھەقىقەتنى ئەكس ئەتتۈرمەكتە، باشلىنىشى بولغان ھەر نەرسە ھامان بىر كۈنى ئاخىرلىشىدۇ. ئىنسان بۇ دۇنياغا پەقەت مېھمان، يەر يۈزى ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئۆتەڭ بولۇپلا قالماستىن، ئۇمۇ ئىنسانغا ئوخشاش بىر مېھمان. يەر يۈزىنىڭ ئۆمرىگە قارىغاندا، يوق دېيەرلىك ئۆمۈرگە ئىگەن بولغان « ئەي ئىنسان! نېمەڭگە ئىشىنىپ تەكەببۇرلۇق قىلىسەن؟ ».

1 - 13 - ئايەتتە « ئىزا » ۋاقىت رەۋىشى دەل 12 قېتىم ئىشلىتىلگەن بولۇپ، بۇ ھەر جۈملىنىڭ مەنە جەھەتتىن مۇستەقىل ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە، كۈچەيتىش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭ ئالتىسى دۇنيا ئۈچۈن، ئالتىسى ئاخىرەت ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن بولۇپ، « ئەي ئىنسان، بۇ ئاگاھلاندۇرۇشتىن خېلى كۆپ زامان ئۆتتى دەپ ئاخىرەت رېئاللىقىنى ئۇنتۇپ قالما! » دېمەكتە.

ئاخىرقى سائەتنىڭ دەھشىتىنى بايان قىلغان بىرىنچى بۆلەك، قۇرئاندا بايان قىلىنغان قىيامەت سەھنىلىرى ئارىسىدا ئۆزگىچە ئورۇننى ئىگىلەيدۇ:

إِذَا الشَّمْسُ كُوِّرَتْ (1) وَإِذَا النُّجُومُ انْكَدَرَتْ (2) وَإِذَا الْجِبَالُ سُيِّرَتْ (3) وَإِذَا الْعِشَارُ عُطِّلَتْ (4) وَإِذَا الْوُحُوشُ حُشِرَتْ (5) وَإِذَا الْبِحَارُ سُجِّرَتْ (6) وَإِذَا النُّفُوسُ زُوِّجَتْ (7) وَإِذَا الْمَوْءُودَةُ سُئِلَتْ (8) بِأَيِّ ذَنْبٍ قُتِلَتْ (9) وَإِذَا الصُّحُفُ نُشِرَتْ (10) وَإِذَا السَّمَاءُ كُشِطَتْ (11) وَإِذَا الْجَحِيمُ سُعِّرَتْ (12) وَإِذَا الْجَنَّةُ أُزْلِفَتْ (13) عَلِمَتْ نَفْسٌ مَا أَحْضَرَتْ (14)

« قۇياشنىڭ نۇرى يۆگەلگەن / ئۆچكەن چاغدا، يۇلتۇزلار ئۆچۈپ تۆكۈلگەن چاغدا، تاغلار گۇمران بولغان چاغدا، بوغاز تۆگىلەر تاشلىۋېتىلگەن چاغدا، ياۋايى ھايۋانلار توپلانغان چاغدا، دېڭىزلار بۇلدۇقلاپ قاينىتىلغان چاغدا، پۈتۈن ئىنسانلار ئايرىلغان چاغدا، تىرىك كۆمۈۋېتىلگەن قىزدىن سەن قايسى گۇناھ بىلەن ئۆلتۈرۈلدۇڭ؟ دەپ سورالغان چاغدا، ( ئىنسانلارنىڭ ) ئەمەل دەپتىرى ئېچىلغان چاغدا، ئاسمان ئېچىپ تاشلانغان چاغدا، جەھەننەمنىڭ ئوتى قىزىتىلغان چاغدا، جەننەت يېقىنلاشتۇرۇلغان چاغدا، ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ نېمە تەييارلىغانلىقىنى ( يېقىندىن ) بىلىدۇ » ( 1 - 14 ).

14 - ئايەتتە ئىنسانغا بېرىلگەن ئۆمۈر ۋە بارلىق ئىمكانلارنىڭ ھېسابى ئېلىنىدىغانلىقى، ئۇنىڭغا قارىتا ئىنسانغا مۇكاپات - جازا بېرىلىدىغانلىقى ئەسكەرتىلىپ، « قازاندا نېمە بولسا، چۆمۈچكە شۇ چىقىدۇ » دېمەكتە ۋە ئىنسانلارنى ئۈستىگە ئالغان مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىشقا ۋە ھەر ئىشنى قىلغاندا ئاخىرەتتىكى جاۋابكارلىقنى ئۇنتۇماسلىققا دەۋەت قىلماقتا.

15 - 25 - ئايەتلەردە يۇلتۇز، كېچە ۋە سەھەر شاھىت قىلىنىپ، قۇرئان / ۋەھيىنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەنلىكى، ئۇنى رەسۇلۇللاھقا يەتكۈزگۈچىنىڭ جىبرىئىل ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ مەرتىۋىسى ھەققىدە مەلۇمات بېرىلگەن ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ئۇنى ئەسلى ھالىتىدە كۆرگەنلىكى تەستىق قىلىنغان. مۇشرىكلارنىڭ قۇرئان ۋە رەسۇلۇللاھقا قاراتقان ئىنكاسلىرىغا رەددىيە بېرىلىپ، ۋەھيىنىڭ ئاللاھ نىڭ سۆزى ئىكەنلىكى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ئاللاھ نىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكى تەكىتلەنگەن.

26 - ئايەتتە پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئورتاق خىتاب قىلىپ « قەيەرگە كېتىۋاتىسىلەر؟ » دەپ سوئال قويغان ۋە ئىنسانلارنى يارىتىلىش مەقسىتى ۋە مەسئۇلىيىتى ھەققىدە ئويلىنىشقا چاقىرغان.

فَأَيْنَ تَذْهَبُونَ

« قەيەرگە كېتىۋاتىسىلەر؟ » ( 26 ).

27 - 29 - ئايەتلەردە قۇرئاننىڭ ئەۋەتىلىش مەقسىتىنىڭ ئىلاھى يېتەكچى ۋە يول كۆرسەتكۈچى ئىكەنلىكى بايان قىلىنىپ، ئەگىشىش - ئەگەشمەسلىك ئىختىيارىنىڭ ئىنساندا ئىكەنلىكى ئىما قىلىنغان. ئاللاھ نىڭ ئىنسانلارنى توغرا يولغا مېڭىشى ئۈچۈن ئەقىل، ئىرادە ۋە يېتەكچى بەرگەنلىكى، ئەگەر بۇلارنى بەرمىگەن بولسا ئىنسانلارنىڭ ھېچنەرسىنى تاللىيالمايدىغانلىقى ئەسلىتىپ ئۆتۈلگەن.

إِنْ هُوَ إِلَّا ذِكْرٌ لِلْعَالَمِينَ (27) لِمَنْ شَاءَ مِنْكُمْ أَنْ يَسْتَقِيمَ (28) وَمَا تَشَاءُونَ إِلَّا أَنْ يَشَاءَ اللَّهُ رَبُّ الْعَالَمِينَ (29)

« ئۇ زىكىر ( قۇرئان ) پۈتۈن ئەھلى جاھانغا نەسىھەتتۇر. ئىچىڭلاردىن توغرا يولغا مېڭىشنى خالايدىغانلارغا ( قۇرئان ) نەسىھەتتۇر. ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھ ( سىلەرگە ئىرادە بېرىشنى ) خالىمىغان بولسا ئىدى، سىلەر ھېچنەرسىنى خالىيالمايتتىڭلار » ( 27 - 29 ).

## ئەئلا سۈرىسى

مەزكۇر سۈرە 1 - ئايەتتە ئىسمى سۆپەت بولۇپ كەلگەن « مۇتلەق ئۈستۈن، ئۇلۇغلۇقتا تەڭدىشى يوق » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان « ئەئلا » كەلىمىسى بىلەن ئاتالغان:

« ھەممىدىن ئۈستۈن رەببىڭنىڭ نامىنى پاك دەپ ئېتىقاد قىل! » ( 1 ).

سۈرىنىڭ ئىسمى ئاللاھ نىڭ ئەسمائى ھۇسناسىدىن بىرىدۇر. بۇ ئىسىم قۇرئاندا بۇ يەردىن باشقا يەنە بىر يەردە، يەنى لەيل سۈرىسى 20 - ئايەتتە ئاللاھ نىڭ سۈپىتى ھالىتىدە ئىشلىتىلگەن.

ئەئلا سۈرىسى، ئاللاھ نىڭ ئەسمائى - ھۇسناسى بىلەن ئاتالغان نۇر، فاتىر، غافىر ( مۇئمىن ) ۋە رەھماندىن ئىبارەت بەش سۈرىدىن بىرى.

سۈرە، مۇسھاپ ۋە تەپسىرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىدە بۇ ئىسىم بىلەن ئاتالغان. ساھابىلەردىن كەلگەن رىۋايەتلەردە بىرىنچى ئايەت بىلەن ئاتالغانلىقى مەلۇم بولماقتا.

سۈرە رىسالەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە مەككىدە نازىل بولغان سۈرىلەردىن بولۇپ، ئىبنى ئابباس، ئىكرىمە رەزىيالللاھۇئەنھۇ ۋە ھەسەن ئەلبەسرىدىن كەلگەن رىۋايەتلەردە « ئەلەق، قەلەم، مۇززەممىل، مۇددەسسىر، مەسەد ۋە تەكۋىر سۈرىلىرىدىن » كېيىن 7 - قېتىمدا نازىل بولغان سۈرە قاتارىغا تىزىلغان. جابىر بىن زەيد تەرتىپىدە فاتىھە تىزىملىككە كىرگۈزۈلگەنلىكى ئۈچۈن 8 - ئورۇنغا تىزىلغان. بىزنىڭچە بۇ سۈرە تەكۋىر سۈرىسى بىلەن لەيل سۈرىسى ئارىسىدا يەنى 9 - ئورۇنغا توغرا كېلىدۇ.

سۈرە، ئىنسان ئۈچۈن ھەم نېمەت ھەم ئاجىزلىق بولغان ئەستە تۇتۇش ۋە ئۇنتۇش قابىلىيىتى ئانا تېما قىلىنغان.

سۈرە دەسلەپكى مەزگىلدە نازىل بولغان باشقا سۈرىلەرگە ئوخشاش، ۋەھيىنىڭ تۇنجى مۇھاتابى بولغان رەسۇلۇللاھنىڭ شەخسىيىتىنى، دۇنيا قارىشىنى شەكىللەندۈرۈشنى مەقسەت قىلغان. ئالدىنقى توققۇز ئايەتتە خىتاب بىۋاستە ھالدا تۇنجى مۇھاتابقا قارىتىلغان. بىرىنچى ئايەت بىر ئەمىر / بۇيرۇقتۇر:

سَبِّحِ اسْمَ رَبِّكَ الْأَعْلَى

« ھەممىدىن ئۈستۈن رەببىڭنىڭ نامىنى پاك دەپ ئېتىقاد قىل! » ( 1 ).

ھەر نامازدا سەجدىدە تەكرارلانغان نەبەۋى تەسبىھات، مەزكۇر سۈرىنىڭ 1 - ئايىتىدە بېرىلگەن بۇ ئىلاھىي بۇيرۇقنىڭ ئىپغىزدىكى جانلىق تەدبىقىدۇر.

2 - 5 - ئايەتلەردە ئاللاھ نىڭ مەخلۇقاتنى يارىتىپلا قالماستىن، ئۇنى يارىتىلىش مەقسىتىگە يۈزلەندۈرگەنلىكى ۋە ئۆگەتكەنلىكى بايان قىلىنىش بىلەن بىرگە، يارىتىلىش ۋە ئاخىرلىششتىن ئىبارەت ئىلاھىي قانۇنىيەت ( سۈننەتۇللاھ ) ئەسكەرتىلىپ، ئۆسۈملۈكلەر مىسال قىلىنىش ئارقىلىق ئىنساننىڭمۇ بىر كۈنى بۇ دۇنيادىن خوشلىشىدىغانلىقى ئىما قىلىنغان.

الَّذِي خَلَقَ فَسَوَّى

« ئاللاھ پۈتۈن مەخلۇقاتلارنى ياراتتى ۋە ئۇلارنى يارىتىلىش مەقسىتىنى ئادا قىلغۇدەك بىر قابىلىيەتكە ئىگە قىلدى » ( 2 ).

سۈرە ھەجىم جەھەتتىن كىچىك بولسىمۇ، قۇرئاننىڭ ئانا تېمىسى بولغان ئاللاھ - كائىنات - ئىنسان ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ھەققىدە قىسقىچە توختۇلۇپ، بۇ مۇناسىۋەتنىڭ ئېغىپ كەتمەسلىكىدە ۋەھيىنىڭ ئوينايدىغان رولى تەكىتلەنگەن.

ھەزرىتى ئەلى رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ سۈرىنى نامازلاردا كۆپ ئوقۇشىنى، رەسۇلۇللاھ بۇ سۈرىنى ياخشى كۆرەتتى دەپ ئىزاھلىغان. رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ سۈرىگە ئەھمىيەت بېرىشىنىڭ سەۋەبىنى سۈرە ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇندىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، رەسۇلۇللاھ ۋاپاتىدىن بۇرۇن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم جامائەت بىلەن ئادا قىلغان نامىزىدا ئەئلا ۋە كافىرۇن سۈرىسىنى ئوقۇغان.

6 - 10 - ئايەتلەردە، رەسۇلۇللاھقا ئىلھام بېرىلگەن بولۇپ، رەسۇلۇللاھنىڭ ئاللاھ نىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىكەنلىكى تەكىتلەنگەن. ئاللاھ نىڭ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ھەر نەرسىنى بىلىپ تۇرغۇچى ئىكەنلىكى ئەسكەرتىلىپ، ئاللاھ ھەققىدە كىشىلەر تەسەۋۋۇردا ئورناپ كەتكەن ناتوغرا چۈشەنچىگە رەددىيە بېرىلگەن. ھەقىقەتكە قۇلاق سالغۇچىلارغا قۇرئان ئارقىلىق ۋەز - نەسىھەت قىلىشقا بۇيرۇلغان.

11 - 13 - ئايەتلەردە قۇرئاندىن يۈز ئۆرىگۈچىلەرنىڭ سۈپىتى ۋە ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشى سەۋەبلىك ئاخىرەتتە دۇچار بولىدىغان ئاقىۋىتى بايان قىلىنغان.

14 - 15 - ئايەتلەردە ئاخىرەتلىك مەقسىتىگە يەتكۈچىلەرنىڭ سۈپىتى بايان قىلىنغان.

16 - 17 - ئايەتتە ئىنساننىڭ دۇنيالىق نەرسىلەرگە بېرىلىپ كېتىدىغان ئاجىزلىقى تىلغا ئېلىنىپ، دۇنيالىق نەرسىلەرنىڭ ئىنسانغا ئىمتىھان قىلىپ بېرىلگەنلىكى، ئۇنىڭغا قۇل بولۇپ قالماسلىق تەۋسىيە قىلىنىش بىلەن بىرگە، مۇئمىننىڭ ئۇيۇقىدا ھەر دائىم باقىي بولغان ئاخىرەت بولىشى كېرەكلىكى ئەسكەرتىلگەن.

18 - 19 - ئايەتلەردە قۇرئاندىكى ۋەز - نەسىھەتلەرنىڭ قۇرئاندىن بۇرۇنقى ئىلاھىي كىتابلاردىمۇ بارلىقى، يەنى ھەزرىتى ئىبراھىم ۋە مۇسانىڭ دىنى بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىنىڭ بىر ئىكەنلىكى، بۇلارنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچى ئىكەنلىكى ئەسكەرتىلگەن.

# لەيل سۈرىسى

سۈرىنىڭ ئىسمى 1 - ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان « كېچە » مەنىسىدىكى « لەيل » سۆزىدىن ئېلىنغان:

« قاراڭغۇلۇقى ئالەمنى قاپلىغان كېچە بىلەن قەسەمكى!... » ( 1 ).

لەيل، قۇرئان تىلىدا ئىچىدىن يورۇتقىلى بولىدىغان قاراڭغۇلۇقنىڭ ئىسمى بولۇپ، كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن كېچىدىن قۇتۇلۇش شەرت ئەمەس. ئۇنىڭ ئىچىدە تۇرۇپمۇ قاراڭغۇلۇقتىن قۇتۇلغىلى بولىدۇ. ئاي يورۇقى بۇنىڭ تىپىك دەلىلى.

يەنە شۇنداق بىر قاراڭغۇلۇق باركى، ئۇنى ئىچىدىن يورۇتقىلى بولمايدۇ. قۇرئان بۇ خىل قاراڭغۇلۇقنى « زۇلۇمات » دەپ ئاتايدۇ. ئۇنىڭ بىرلىك شەكلى « زالام » بولۇپ، بۇ قاراڭغۇلۇق كېچە قاراڭغۇلۇقىغا ئوخشمايدۇ. ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىچىدىن چىقىش لازىم. ئۇ خۇددى باتقلىغا ئوخشايدۇ. باتقلىنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ ھەقىقەتكە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. شۇڭا، باتقىلدىن قۇتۇلۇش لازىم. زۇلمەت بىلىنمىگەن ۋە كۆرۈنمىگەن نەرسە بولۇپ، كېچە جاھىلىيەت ئىنسانى نەزىرىدە ئىلاھقا ئوخشايدۇ. « جاھالەت »- ئىنسان قورقۇ ھېس قىلىدىغان بىر زامان تىلىمىدۇر. قۇرئان بۇ جاھىلىيەت چۈشەنچىسىنى رەت قىلىپ، كېچىنىڭمۇ ئاللاھ نىڭ بىر مەخلۇقى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. شۇنداق كېچىلەر باركى، مىڭ ئايدىنمۇ خەيرلىك بولۇپ، مانا بۇ كېچىدە قۇرئان نازىل بولۇشقا باشلىغان. بەسىر ۋە ئالىم بولغان ئاللاھ ئۈچۈن كېچە ۋە كۈندۈزنىڭ پەرقى يوق.

سۈرە بەزى تەپسىرلەردە « ۋەللەيلى » دەپ ئاتالغان. بۇخارى ۋە تىرمىزىدا بىرىنچى ئايىتى بىلەن ئاتالغان.

سۈرە رىسالەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە مەككىدە نازىل بولغان بولۇپ، سۈرىنىڭ تېمىسى ۋە ئۇسلۇبى بۇنى دەلىللىمەكتە. سۈرىنى مەدىنىدە نازىل بولغان دېگۈچىلەر باش قەھرىمانى ئەنسارلاردىن سابىت بىن داھداھ ئەل بەلەۋى بولغان بىر ئىنفاق ۋەقەسىنى 5 - 10 - ئايەتلەرنىڭ نۇزۇل سەۋەبى دەپ كۆرستىدۇ. بۇ توغرا ئۇسلۇب ئەمەس. چۈنكى، يىللار ئىلگىرى نازىل بولغان سۈرە ياكى ئايەتلەر بىلەن يىللار كېيىن يۈز بەرگەن ۋەقە ئارىسىدا مۇناسىۋەت قۇرۇش، قۇرئان نەسلىنىڭ ۋەھيىگە بىر جانلىق خىتاب نۇقتىئىنەزىرى بىلەن قارىغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر. سۈرىنىڭ مەدىنىدە نازىل بولغانلىقى ھەققىدىكى قاراشنى ئەنئام سۈرىسىدە ئوتتۇرىغا قويغان ئۆلچەملەر تەستىقلىمايدۇ.

سۈرە دەسلەپكى مەزگىلدىكى نۇزۇل تەرتىپلىرىدە ئەئلا - فەجر سۈرىسىنىڭ ئارىسىدا ئورۇن ئالغان بولۇپ، بۇ سۈرىنىڭ كېچىگە قەسەم قىلىش بىلەن باشلانغان تۇنجى سۈرە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. تىلغا ئېلىنغان كېچىنىڭ مۇھاتابىقا مەلۇم ئىكەنلىكى مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان « ال » قوشۇمچىسى بىلەن « اللَّيْلِ - ئەللەيل » دەپ تىلغا ئېلىنىشى ۋە شاھىت قىلىنغان ھالدا باشلىنىشى، مەزكۇر كېچىنىڭ خىتاب قىلىنغۇچى ( رەسۇلۇللاھ ) بىلىدىغان كېچە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەكتە. بۇنىڭ قۇرئان نازىل بولغان كېچە بولۇش ئېھتىماللىقى يۇقىرى. بىزنىڭ ئىزاھاتلىق نۇزۇل تەرتىپىمىزدە سۈرە 10 - ئورۇنغا يەرلەشتۈرۈلدى.

سۈرە خىتاب قىلىنغۇچىدا مال - مۈلۈكنى قانداق سەرپ قىلىش ئېڭىنى شەكىللەندۈرۈشنى مەقسەت قىلماقتا. مال - مۈلۈك ئىنسانغا ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلگەن بىر ئامانەت بولۇپ، ئامانەتكە خىيانەت قىلماسلىق كېرەك. شاھىت بولۇش مۇئمىننىڭ مەسئۇلىيىتىدىن بىرى. مەزكۇر سۈرە ئىككى جۈپ شاھىتنى گۇۋاھچى قىلىش بىلەن باشلايدۇ. بىرىنچىسى، مەخپىي ۋە ئاشكارا بېرىلگەن سەدىقىنى ئىما قىلغان كېچە ۋە كۈندۈزنى؛ ئىككىنچىسى، پىقىرلىق ۋە بايلىقنى ھاياتنىڭ قوشماق قۇتۇپلۇق قانۇنىيىتى ئىچىدە چۈشىنىشىمىز ئۈچۈن بۇ مىزاننىڭ ئەڭ تىپىك مىسالى بولغان ئەركەك - چىشىلىقنى شاھىت قىلىش بىلەن باشلىغان ( 1 - 3 ). بۇنىڭغا ماس ھالدا ئىنسانلارنىڭ كىشىلىك ھاياتتىكى ئىجتىمائىي ئورنى، خىزمەت ساھەسى ۋە دائىرىسىدىكى ئوخشاشماسلىقلارغا كىشىنىڭ دىققىتىنى بۇرايدۇ. ئاندىن ئىنساننى مال - مۈلۈكنىڭ قۇلى ئەمەس، ئۇنىڭ خوجايىنى بولۇشقا چاقىرىدۇ ( 4 ).

فَأَمَّا مَنْ أَعْطَى وَاتَّقَى (5) وَصَدَّقَ بِالْحُسْنَى (6) فَسَنُيَسِّرُهُ لِلْيُسْرَى (7) وَأَمَّا مَنْ بَخِلَ وَاسْتَغْنَى (8) وَكَذَّبَ بِالْحُسْنَى (9) فَسَنُيَسِّرُهُ لِلْعُسْرَى (10) وَمَا يُغْنِي عَنْهُ مَالُهُ إِذَا تَرَدَّى (11)

« كىمكى ( ئاللاھ ئۈچۈن ) تەمەسىز ھالدا بەرسە ۋە ئاللاھ قا مۇھتاج ئىكەنلىكى چۈشەنچىسى بىلەن ھەرىكەت قىلسا ھەمدە ئېخىمۇ ياخشىسى بىلەن ( مۇكاپاتلىنىدىغانلىقىغا ) ئىشەنسە، ئۇنىڭغا ھوزۇر ۋە خوشاللىققا ئېرىشتۈرىدىغان يولنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىمىز ».

« كىمكى بېخىللىق قىلسا ۋە ئۆزىنى ئۆزىگە يېتەرلىك دەپ بىلسە ( ئۆزىنى ئاللاھتىن بىھاجەت ھېسابلىسا ) ھەمدە ئەڭ ياخشىسىنى ( ۋەھيىنى ) ئىنكار قىلسا، ئۇنىڭغا قىيىنچىلىق ۋە پالاكەت بىلەن تولغان يولنى

ئوڭايلاشتۇرۇپ بېرىمىز. ئۇ جەھەننەمگە بېشچىلاپ تاشلانغان ۋاقتتا، ( ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن تەڭ بەھرىمان بولمىغان ) مېلى ئۇنى قۇتقۇزۇپ قالالمايدۇ » ( 5 - 11 ).

بۇ ئايەتلەردە ئاللاھ تەرىپىدىن ئىكرام قىلىنغان مال - مۈلۈكنى باشقىلار بىلەن تەڭ بەھرىمان بولۇش ياكى بولماسلىقنىڭ ئەسلىدە ئىنساننىڭ زېھنىدىكى ئاللاھ تەسەۋۋۇرى، ئاخىرەتكە ئىمان ۋە مەسئۇلىيەت ئەخلاقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان. ( بېرىلگەن نېمەتنى ) ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلغۇچىغا جەننەتكە يەتكۈزىدىغان يول ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ ( 7 ). بۇ سەۋەبتىن مۆئمىن شۇنى ئۇنتۇماسلىقى ۋە تۆۋەندىكى ئاڭنى ئۆزىدە يېتىلدۈرۈش لازىم:

ئاللاھ بەندىدىن ھەرگىزمۇ ئېلىش ئۈچۈن بىر نەرسىنى تەلەپ قىلمايدۇ، ئەكسىچە ئۇنىڭغا تېخىمۇ كۆپ بېرىش ئۈچۈن سەرپ قىلىشقا بۇيرۇيدۇ.

« توغرا يولنى كۆرسىتىشكە شەك - شۈبھىسىز بىز مەسئۇلمىز » ( 12 ) دېگەن ئاللاھ مال - مۈلۈك ئامانىتىگە خىيانەت قىلغۇچىلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ: « سىلەرنى لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتتىن ئاگاھلاندۇرىمەن » ( 14 ) دەيدۇ.

مال - مۈلۈكنى باشقىلار بىلەن تەڭ بەھرىمەن بولغاندا، قارشى تەرەپتىن تېخىمۇ كۆپ نەپكە ئىگە بولۇش ۋە ياكى باشقا بىر نىيەت بىلەن بەھرىمان بولماسلىق كېرەك. بۇ « ھېساب ئەخلاقى »غا مۇناسىۋەتلىك. ھالبۇكى، ۋەھيي مۇھاتابىدا « ھاسبى ئەخلاق » ئېڭىنى شەكىللەندۈردۇ. ئۇ ئاللاھ ئۈچۈن خالىسلىقتۇر. يەنى، پەقەت ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن بولىشى كېرەك.

الَّذِي يُؤْتِي مَالَهُ يَتَزَكَّى (18) وَمَا لِأَحَدٍ عِنْدَهُ مِنْ نِعْمَةٍ تُجْزَى (19) إِلَّا ابْتِغَاءَ وَجْهِ رَبِّهِ الْأَعْلَى (20)

« ئۇ شۇنداق كىشىدۇركى، مېلىنى چىن دىلىدىن ( ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ) سەرپ قىلىپ پاكلىنىدۇ. بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرغاندا ھەرگىزمۇ بىراۋنىڭ ياخشىلىقىنى ياندۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت ئۇلۇغ رەببىنىڭ رازىلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىشتىياقى بىلەن قىلىدۇ » ( 18 -20 ).

سۈرە دائىم ئەسكەرتىلىشى كېرەك بولغان ھەقىقەتلەرنى ئەسلەتكەن ھالدا ئاخىرلىشىدۇ.

ئاللاھ ئۈچۈن سەرپ قىلىش ئايرىلىپ قېلىش ئەمەس، ئەكسىچە ھەسسىلەپ ئېلىشتۇر ( 21 ).

## فەجر سۈرىسى

سۈرە بىرىنچى ئايىتىگە ئاساسەن « فەجر » ئىسمى بىلەن ئاتالغان:

« فەجر - قاراڭغۇلۇقنى يېرىپ چىققان سەھەر شاھىت بولسۇن! » ( 1 ).

فەجر كەلىمىسى ئەسلىدە پېئىل بولۇپ، « يېرىپ چىقىش » دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ياخشى بولغان « فەجر »، شەر بولغان « فۇجۇر » كەلىمىسى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. سەھەر كېچىنى، بۇلاق سۈيى يەرنى يېرىپ چىققانلىقى ئۈچۈن « فەجر » دەپ ئاتىلىدۇ. گۇناھ ئىنساننىڭ كىشىلىكىنى يېرىپ، ئۇنى يارا قىلغانلىقى ئۈچۈن « فۇجۇر » دەپ ئاتىلىدۇ. جاھىلىيەت ئۇرۇشلىرى ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئاينىڭ ھۆرمىتىنى دەپسەندە قىلغانلىقى ئۈچۈن « فىجار » دەپ ئاتالغان.

فەجرنىڭ مەنىسى ئىچىدە « بارلىق سەھەرلەر » ياكى « ئۇ مەلۇم سەھەر » ۋە ياكى « مەۋجۇدىيەتنىڭ تۇنجى سەھىرى » دېگەندەك مەنىلەرمۇ بار. بىرىنچى ئايەتتىكى فەجر مەنا جەھەتتىن يوقلۇق قاراڭغۇلۇقنى يېرىپ، مەۋجۇدلۇق تاڭ سەھىرىگە چىقىشنى بىلدۈرىدۇ. فەجر سۈرىسىمۇ ئىنفىتار ۋە فەلەق سۈرىسىگە ئوخشاش « بولۇش »نى ئىپادىلىگەن ئىسىملاردىن بىرى. سۈرە بۇ ئىسىم بىلەن ئاتالغان.

سۈرە مەككىدە نازىل بولغان دەسلەپكى سۈرىلەردىن بىرى. دەسلەپكى مەزگىلگە ئائىت نۇزۇل تەرتىپلىرىدە لەيل سۈرىسىنىڭ ئارقىسىغا تىزىلغان. بۇنىڭغا ئېتىراز قىلغۇدەك قولىمىزدا بىر ئاساس يوق. سۈرە يۈزەكى قاراشتا بىر قېتىمدا نازىل بولمىغاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ. لېكىن فاسىلا ھەرپلىرىنىڭ كۆپلىكى ( سەككىز ھەرپ ) ۋە مەككە - مەدىنە مەكتىۋىنىڭ 15 ۋە 16 - ئايەتلەرنى تۆت ئايەت دەپ قارىغانلىقى نەزەرگە ئېلىنغاندا، سۈرىنىڭ ئىككى پەرقلىق زاماندا نازىل بولغانلىقى ھەققىدىكى قاراش پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ. سۈرە رىسالەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە نازىل بولغان بولسا كېرەك.

بۇ سۈرە ئىنساننىڭ ئىمكانلىرى ۋە ئاجىزلىقلىرىنى ئاساسىي تېما قىلغان.

1 - 5 - ئايەتكىچە ئالاھىدە ۋاقىتلارغا قەسەم قىلىش ئارقىلىق، بۇ قەسەمنىڭ مەقسىتى تەكىتلەنگەن.

وَالْفَجْرِ (1) وَلَيَالٍ عَشْرٍ (2) وَالشَّفْعِ وَالْوَتْرِ (3) وَاللَّيْلِ إِذَا يَسْرِ (4) هَلْ فِي ذَلِكَ قَسَمٌ لِذِي حِجْرٍ (5)

« قاراڭغۇلۇقنى يېرىپ چىققان سەھەر شاھىت بولسۇن! ئۇ ئون كېچە شاھىت بولسۇن! جۈپ ۋە يالغۇز شاھىت بولسۇن! سەھەرگە قاراپ ئىلگىرلىگەن كېچە شاھىت بولسۇن!

يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسىدە ساغلام ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئىشەنچلىك بىر شاھىتلىق يوقمۇ؟ » ( 1 - 5 ).

6 - 14 - ئايەتلەردە، بارلىق مۇھاتابلىرىغا قەدىمكى دەۋردە ياشىغان قەۋملەرنىڭ ئېزىپ كېتىشى مىساللار بىلەن بايان قىلىنغان بولۇپ، ئاد، سەمۇد ۋە پىرئەۋن قەۋملىرىنىڭ ھالاكىتى ئىبرەت قىلىپ كۆرسىتىلگەن.

ئاد ۋە سەمۇد قۇرئاندا 22 جايدا بىرلىكتە ياكى ئارقىمۇ - ئارقا تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ ئارقىلىق خاتا ۋە ئەيىپنى ئۆزىنىڭ ۋەھيىگە تۇتقان پوزىتسىيىسىدە ئىزدىمەي، مەسىلىنى ئىنشائات ماتېرىياللىرىدا دەپ قارىغان ۋە ئۇنى ئۆزگەرتكەن بىر قەۋمنى، ئۇ نەرسىلەر ئاللاھ نىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزۇپ قالالمايدۇ ۋە ئىبرەت ئېلىنمىسا تارىخ تەكرارلىنىدۇ. قۇرئان ۋەھيىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئورۇن ئالغان ھالاك قىلىنغان قەۋملەرنىڭ قىسسەلىرى، بۇ سۈرىدە قىسقىچە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن. ئۇلارنى ھالاكەتكە ئېلىپ بارغان ئاساسلىق ئامىللاردىن بىرسى، ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى ناتوغرا مال - مۈلۈك چۈشەنچىسى ۋە ئۇنىڭ نەتىجىسى بولغان مال - دۇنياغا بېرىلىپ كېتىش ۋە يېغىش ھېرىسى ئىدى:

فَأَمَّا الْإِنْسَانُ إِذَا مَا ابْتَلَاهُ رَبُّهُ فَأَكْرَمَهُ وَنَعَّمَهُ فَيَقُولُ رَبِّي أَكْرَمَنِ (15) وَأَمَّا إِذَا مَا ابْتَلَاهُ فَقَدَرَ عَلَيْهِ رِزْقَهُ فَيَقُولُ رَبِّي أَهَانَنِ (16) كَلَّا بَلْ لَا تُكْرِمُونَ الْيَتِيمَ (17) وَلَا تَحَاضُّونَ عَلَى طَعَامِ الْمِسْكِينِ (18) وَتَأْكُلُونَ التُّرَاثَ أَكْلًا لَمًّا (19) وَتُحِبُّونَ الْمَالَ حُبًّا جَمًّا (20)

رەببى قاچان ئىنساننى سىناپ ئۇنى ئەزىز قىلسا ۋە نېمەتلەرگە غەرق قىلسا، ئۇ ( ئاللاھ نىڭ ئۆزىگە ياردەم قىلىۋاتقانلىقىنى ئويلاپ ): « رەببىم مېنى ئەزىز قىلدى » دەيدۇ.

رەببى قاچان ئىنساننى ( يوقلۇق / قىيىنچىلىق ) بىلەن ئېمتىھان قىلىپ كۆڭلىنى ئېغىرلاشتۇرسا، ئۇ: « رەببىم مېنى خار قىلدى » دەيدۇ.

ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. سىلەر يېتىمنى ھۆرمەت قىلمايسىلەر. بىر - بىرىڭلارنى مىسكىنگە ئاش، نان بېرىشكە تەرغىپ قىلمايسىلەر. ئەجىرسىز كەلگەننى ھالال - ھارام دەپ ئايرىماستىن ئاچكۆزلۈك بىلەن يەيسىلەر. ھەتتا مال - مۈلۈكنى ( ھېرىسلىق بىلەن ) ناھايىتى ياخشى كۆرىسىلەر ( 15 - 20 ).

21 - 26 - ئايەتلەر مۇشۇنداق قىلغۇچىلارغا بۇ دۇنيادىكى ئاگاھلاندۇرۇش ۋە ئاخىرەتتە كۈتۈپ تۇرغان دەھشەتلىك ئازاپتىن خەۋەر بەرمەكتە.

27 - 30 - ئايەتلەر دۇنيا، مال - مۈلۈككە بېرىلىپ كەتمىگەن، ئۇلارنىڭ قۇلى بولۇپ قالماي، ئۇلارنى سەرپ قىلالىغان، ئاللاھ ۋەدە قىلغان جەننەت بىلەن ئۆزىنى بەختىيار قىلالىغان كامىل ۋە مۇتتەقى كىشىلەرگە خىتاب قىلماقتا.

يَا أَيَّتُهَا النَّفْسُ الْمُطْمَئِنَّةُ (27) ارْجِعِي إِلَى رَبِّكِ رَاضِيَةً مَرْضِيَّةً (28) فَادْخُلِي فِي عِبَادِي (29) وَادْخُلِي جَنَّتِي (30)

« ئى ( ئاللاھ بىلەن ) قانائەت ھاسىل قىلغان ئىنسان! سەن رەببىڭدىن مەمنۇن، رەببىڭ سەندىن رازى بولغان ھالدا، ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتقىن. مېنىڭ ياخشى بەندىلىرىم قاتارىغا قوشۇلغىن. مېنىڭ جەننىتىمگە كىرگىن » ( 27 - 30 ).
رەببىمىز بىزنى چەكسىز سائادەتكە نائىل بولغانلار قاتارىدىن ئەيلىگەي!

# قەدر سۈرىسى

سۈرە بىرىنچى ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان « قەدەر، قىممەت، ئۆلچەم » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان « قەدر » كەلىمىسى بىلەن ئاتالغان:
« شۈبھىسىزكى، بىز ئۇنى ( قۇرئاننى ) قەدر - قىممەت كېچىسىدە نازىل قىلىشقا باشلىدۇق » ( 1 ).
قەدر - بىر نەرسىنىڭ مىقدارىنى، قىممىتىنى ۋە نەتىجىسىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى بولغان قەدر، قۇرئان نازىل بولۇشقا باشلىغان مەزكۇر كېچىگە قوشقان قەدىر - قىممەتنى ئىما قىلماقتا. بۇ مەنا مەزكۇر سۈرىدە ناھايىتى روشەن ھالدا ئىپادىلەنگەن: « مىڭ ئايدىن ئارتۇق كېچە ». يەنى، « بىر ئۆمۈرگە تەڭ كېلىدىغان كېچە ».
سۈرە بارلىق مۇسھاب، تەپسىر ۋە ھەدىسلەردە بۇ ئىسىم بىلەن ئاتالغان.
سۈرە نۇبۇۋۋەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە مەككىدە نازىل بولغان.
سۈرە دەسلەپكى مەزگىلدىكى نۇزۇل تەرتىپلىرىنىڭ ھەممىسىدە « ئەبەسە » سۈرىسىنىڭ ئارقىسىغا تىزىلغان. بۇ، سۈرىنىڭ ئەڭ بالدۇر دېگەندە رىسالەتنىڭ 4 - يىلىدا نازىل بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بىزنىڭچە سۈرە ئۇنىڭدىن تېخىمۇ بۇرۇن نازىل بولغان. خەتتابى، ساھابىلەرنىڭ سۈرىلەرنى تىزغاندا، قەدر سۈرىسىنى « ئەلەق » سۈرىسىنىڭ ئارقىسىغا تىزغانلىقىنى ئېيتقان ( سۇيۇتى، « ئىتكان »، III، 334 ). قولىمىزدىكى مۇسھابلاردىمۇ مۇشۇنداق تىزىلغان. خەتتابى، « ساھابە » كەلىمىسى بىلەن مۇسھاب تەرتىپ ھەيئىتىنى تەشكىل قىلغان شەخسلەرنى ئىما قىلغان. بۇ، « ئۇنى بىز نازىل قىلدۇق » دىكى ئالماش بىلەن « ئوقۇ! » ئەمرى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەكىتلىگەن قاراشتۇر. بىزنىڭچە مەزكۇر سۈرە لەيل ۋە فەجر سۈرىسى ئارىسىغا، يەنى 12 - ئورۇنغا تىزىلىشى كېرەك. چۈنكى لەيل ۋە فەجر سۈرىلىرى بىلەن قەدر سۈرىسى ئارىسىدا مەزمۇن پۈتۈنلىكى ۋە ئورتاق - يېپىق ئىمالار مەۋجۇت.
سۈرىنىڭ ئانا تېمىسى قۇرئان ۋەھيىنىڭ قەدر - قىممىتى ھەققىدە بولۇپ، سۈرە بارلىق مۇھاتابىغا: « ئەي ئىنسان! قۇرئان / ۋەھيي نازىل بولۇشقا باشلىغان بىر كېچىنى بىر ئۆمۈرگە ( مىڭ ئاي تەخمىنەن 83 يىل تۆت ئايغا توغرا كەلمەكتە ) تەڭ ھۆرمەتكە ئىگە قىلدى. مانا بۇ ۋەھيي سېنىڭ ھاياتىڭغا نازىل بولۇپ، ئۆزىنى سەندە نامايەن قىلىشقا باشلىسا، سېنىڭ ئۆمرۈڭ قانچە ئۆمۈرگە تەڭ بولار؟ » دېمەكتە.
مەزكۇر سۈرىدە تىلغا ئېلىنغان « كېچە » خاس ھالدا ۋەھيي نازىل بولۇشقا باشلىغان كېچىنى ئىشارەت قىلماقتا.
إِنَّا أَنْزَلْنَاهُ فِي لَيْلَةِ الْقَدْرِ (1) وَمَا أَدْرَاكَ مَا لَيْلَةُ الْقَدْرِ (2) لَيْلَةُ الْقَدْرِ خَيْرٌ مِنْ أَلْفِ شَهْرٍ (3)
« شۈبھىسىز، بىز ئۇنى ( قۇرئاننى ) قەدر - قىممەت كېچىسىدە نازىل قىلىشقا باشلىدۇق. ئۇ قەدر - قىممەت كېچىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ ئۇ قەدر - قىممەت كېچىسى ( شەرەپ ۋە پەزىلەتتە ) مىڭ ئايدىن ئارتۇقتۇر » ( 1 - 3 ).
بۇ كېچە ئىما قىلغان يەنە بىر ھەقىقەت جاھالەتنىڭ زۇلمەتلىك كېچىسى بولۇپ، نۇرىنى ئاللاھ تىن ئالغان « قۇرئان تولۇن ئېيى » بۇ كېچىنى يورۇتقانىدى.

مەزكۇر سۈرىنىڭ ئاخىرقى ئىككى ئايىتى نەزەردە تۇتۇلغاندا، دۇنيا ھاياتىنىڭ بىر « كېچىگە » ئوخشىتىلغان بولۇشى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس. دۇنيا ھاياتىنى بىر كېچە دېسەك، ئاخىرەت بۇ كېچىنىڭ تاڭ سەھىرى. ئىنسان ئىلاھىي يېتەكچىلىك بولماي تۇرۇپ، بۇ ھايات سەپىرىنى ئوڭۇشلۇق ھالدا ئاخىرلاشتۇرۇپ ئەبەدىي سائادەتكە ئېرىشەلمەيدۇ. ۋەھيى ئىنسانىيەتكە ئەۋەتىلگەن يول خەرىتىسى بولۇپ، ئىنسانغا توغرا يولنى كۆرسىتىدۇ. « ياقىن » دەپ تىلغا ئېلىنغان ئاخىرەت سۈبھىسى يېتىپ كەلگەندە ھەقىقەت ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. لېكىن، دۇنيا ھاياتىدا ھەقىقەتكە كۆزىنى ئېتىۋالغانلار ئۈچۈن ھەقىقەتنىڭ ئۇلارغا ھېچقانداق پايدىسى بولمايدۇ.

مانا بۇ ۋەھيى، دۇنيا كېچىسى ئاخىرلىشىپ تاڭ ئاتقىچە ئەبەدىي ھوزۇر، خاتىرجەملىك ۋە شادلىقنىڭ يېتەكچىسىدۇر، رېتسىپىدۇر.

تَنَزَّلُ الْمَلَائِكَةُ وَالرُّوحُ فِيهَا بِإِذْنِ رَبِّهِمْ مِنْ كُلِّ أَمْرٍ (4) سَلَامٌ هِيَ حَتَّى مَطْلَعِ الْفَجْرِ (5)

« پەرىشتىلەر ۋەھيى بىلەن بىرگە ئۇ كېچىدە چۈشىدۇ، رەببىنىڭ ئىزنى بىلەن ھاياتنىڭ ھەر ساھەسىگە مۇناسىۋەتلىك تەرىپسىز بىر شادلىقنىڭ ( رېتسىپىنى ئېلىپ كېلىدۇ ). بۇ ھالەت تاڭ ئاتقىچە داۋاملىشىدۇ » ( 4 - 5 ).

ئۇنىڭدىن كېيىن ئىشىنىش ۋە ياشاش پەسلى ئاخىرلىشىپ، كۆرۈش ۋە ھوسۇلنى يىغىش پەسلى باشلىنىدۇ.

ئاللاھ بىزنى بۇ دۇنيادا ھايات ئېكىنزارلىقىغا كۆچىنىڭ يېتىشىچە ئەجىر قىلغان ۋە ھوسۇل زامانىدا ئاللاھ نىڭ رەھمىتى بىلەن مول ھوسۇل ئالغۇچىلار قاتارىدىن قىلغاي! ( ئامىن!!! ).

## ئەسر سۈرىسى

سۈرە بىرىنچى ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان « ئەسر » كەلىمىسى بىلەن ئاتالغان. « ئەسر » سۆزى « سىقىپ سۈيىنى چىقىرىش، مېغىزىنى ئېلىپ شاكىلىنى تاشلاش » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان پېئىل تومۇرىدىن تۈرلىنىپ چىققان. ئادەتتە چۈش ۋاقتى بىلەن ئاخشام ئارىسىدىكى زامان تىلىمى « ئەسر » دەپ ئاتىلىدۇ. مانا بۇ ۋاقىت ئىشلەيدىغان بىر كىشى ئۈچۈن ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن، ئېزىلىپ سۈيى چىققان ۋە بىر كۈنلۈك خىزمىتىنىڭ نەتىجىسى كۆرۈلگەن ۋاقىتتۇر. يۈز يىللىق بىر مەزگىلمۇ « ئەسر » دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى ئۇ، ئىنساننىڭ ساپاسىنى نامايەن قىلىدىغان ئۈچ ئەۋلادنىڭ ئۆمرىنى تەمسىل قىلىدۇ. ھېساپ كۈنىمۇ « ئەسر » دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى ئۇ « ھوسۇل » كۈنىدۇر. ئىنساننىڭ قىلمىشلىرى ئۇ كۈنى ئايرىلىدۇ.

سۈرە، دەسلەپكى مەزگىلدىكى مۇسھاب ۋە تەپسىرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىدە بۇ ئىسىم بىلەن ئاتالغان. بۇخارى بۇ سۈرىنى « ۋەلئەسر » دەپ ئاتىغان.

ئەسر سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان دەسلەپكى سۈرىلەردىن بىرى. ھەزرىتى ئوسماننىڭ نۇزۇل تەرتىپىدە ئىنشىراھ - ئادىيات سۈرىسى ئارىسىدا 13 - ئورۇندا يەر ئالغان. ئادىياتنىڭ ئورنى توغرا بولغان بولسىمۇ، ئىنشىراھ سۈرىسىنىڭ ئورنى توغرا ئەمەس. چۈنكى ئىنشىراھ، زۇھا سۈرىسىدىن كېيىن نازىل بولغان سۈرە بولسا كېرەك. مەزمۇن جەھەتتىن زۇھا سۈرىسىنىڭ قوشىمىقىغا ئوخشايدۇ. ئىبنى ئابباس تەرتىپىدە رەھمان - كەۋسەر سۈرىسى ئارىسىغا تىزىلغان. بۇ تېخىمۇ توغرا ئەمەس. بىزنىڭچە قەدر - ئادىيات سۈرىسىنىڭ ئارىسى ئەڭ مۇۋاپىق بولسا كېرەك. سۈرە نازىل بولغان تارىخنى ئېنىق كۆرسىتىش قىيىن. شۇنداقتىمۇ رىسالەتنىڭ 1 - يىلىنىڭ ئاخىرى 2 - يىلىنىڭ باشلىرىدا نازىل بولغان بولسا كېرەك.

سۈرە قۇرئاندىكى ئايەت ھەجىمى جەھەتتىن ئەڭ قىسقا ئۈچ سۈرىدىن بىرى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۈچ ئايەتتىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، ئۇلار كەۋسەر، ئەسر ۋە ناسر سۈرىلىرىدۇر.

ئەسر سۈرىسى ھەجىم جەھەتتىن كىچىك، ئەمما مەنا جەھەتتىن ناھايىتى كەڭ مەزمۇنغا ئىگە بولۇپ، باش تېمىسى بولسا قۇرئان بەرپا قىلماقچى بولغان ئۆرنەك ئىنسان تىپىنى تەسۋىرلەپ بېرىش. سۈرىنىڭ بالاغەت

جەھەتتىن تەڭدىشى يوق. ئىمام شافى، « ئەگەر قۇرئان بۇ سۈرىدىنلا ئىبارەت بولغان بولسا ئىنسانىيەت ئۈچۈن يەنىلا يېتەرلىك بولاتتى » دېگەنىكەن ( ئالۇسى ). بۇ سۈرە بىلەن بەلەد سۈرىسى ئارىسىدا مەزمۇن جەھەتتىن زىچ مۇناسىۋەت بار.

ئابدۇللاھ ب. ھۇسەيىندىن نەقىل قىلىنغان بىر رىۋايەت ئەسر سۈرىسىنىڭ تۇنجى قۇرئان نەسلىنىڭ ھاياتىدا تۇتقان ئورنىنى ئەڭ ياخشى شەكىلدە تەسۋىرلەپ بەرمەكتە: « رەسۇلۇللاھنىڭ ئەسھابلىرىدىن ئىككى كىشى بىر يەردە جەم بولغاندا بىرسى يەنە بىرسىگە ئەسر سۈرىسىنى ئوقۇپ بەرمەستىن ئايرىلمايتتى » ( تەبەرانى ).

« ئوقۇش »نى قۇرئانى مەنىدە چۈشەنگەن ۋاقتىمىزدا، بۇ رىۋايەتتىن مۇنداق مەنا چىقىدۇ: رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابىلىرى بىر يەردە جەم بولغاندا بىر - بىرىگە ھەقنى، سەبرنى تەۋسىيە قىلاتتى ۋە ئۇنى ھاياتىغا تەدبىقلاش ھەققىدە نەسىھەت قىلاتتى. ئۇلارنىڭ بۇنى ھايات شەكلىگە ئايلاندۇرۇشى، « ئەسر سۈرىسىنى ئوقۇش » مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.

سۈرە ئىنساننىڭ سائادىتىنى ياكى پالاكىتىنى ئۆز قولى بىلەن تەييارلايدىغانلىقىنى بايان قىلماقتا. ئىنساننىڭ گۇناھىنى زامان، دەۋر، ماكانغا ئارتىپ قويۇپ، ئۆز مەسئۇلىيىتىدىن قېچىشنى رەت قىلىپ، بۇ باھانىنىڭ قوبۇل قىلىنمايدىغانلىقىنى ئەسكەرتمەكتە.

ياخشىلىقنى بەلگىلىك بىر تارىخىي مەزگىلگە مەھكۇم قىلىپ قويۇپ، ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋردە باش كۆتۈرگەن يامانلىقنى « زامان ئاخىرى » دېگەندەك سۆزلەر بىلەن دەۋرگە ئارتىپ قويۇپ، ئۆزىنى ئاقلاش مەنتىقىسىنى رەت قىلماقتا.

خۇلاسىلىگەندە، كارامەت زاماندا ئەمەس، ئىنساندا دېمەكتە.

ئەسر سۈرىسى بىر ئىلاھى ئۇلتىماتۇم خاراكتېرىگە ئىگە. ئۇ مۇھاتابىغا « بۇنچە يۇقىرى سەۋىيەدە پەقەت ئاللاھ لا سۆز قىلالايدۇ » دېگۈزىدىغان شەكىلدە خىتاب قىلىدۇ ۋە ۋىجدانىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈش، ئىنسان شەخسىيىتىنى بەرپا قىلىش مەقسىتىدە ۋاقىتنى شاھىت قىلىپ تۇرۇپ سۆز باشلىغان:

وَالْعَصْرِ

« ( سۈدەك ئېقىپ كېتىۋاتقان ) زامان / ئەسر بىلەن قەسەمكى ( ئەسر شاھىت بولسۇنكى )!» ( 1 - ئايەت ).

ئاندىن پەقەت ئاللاھ لا ئېيتالايدىغان سۆزنى ئېيتقان:

إِنَّ الْإِنْسَانَ لَفِي خُسْرٍ

« شۈبھىسىزكى، ئىنسان زىيان ئىچىدە » ( 2 - ئايەت ).

ئاندىن زىياندىن خالىي بولغانلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بايان قىلىنغان:

إِلَّا الَّذِينَ آَمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ وَتَوَاصَوْا بِالْحَقِّ وَتَوَاصَوْا بِالصَّبْرِ

« ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىپ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلغان، بىر - بىرىگە ھەقنى ۋە سەبرنى تەۋسىيە قىلغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا » ( 3 - ئايەت ).

بۇ ئايەتتە تۆت ئالاھىدىلىك تىلغا ئېلىنغان، يەنى ئىمان ئېيتىش، سالىھ ئەمەل قىلىش، ھەقنى ۋە سەبرنى تەۋسىيە قىلىش. بۇلارنى ئىشىنىش، ياشاش، بەھرىمان بولۇش ۋە بەرداشلىق بېرىش دەپ تەرىپلىسەكمۇ بولىدۇ.

بىرىنچىسى، ئاللاھ نىڭ؛ ئىككىنجىسى، ھاياتنىڭ؛ ئۈچىنچىسى، ئىنساننىڭ؛ تۆتىنجىسى، ھەقىقەتنىڭ ھەققى.

ئالدىنقى ئىككى ئالاھىدىلىك كىشىنىڭ شەخسىيتى بىلەن؛ كېيىنكى ئىككى ئالاھىدىلىك كىشىنىڭ ئىجتىمائىي جەمئىيەتتىكى مەسئۇلىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

ئىمان ئېيتىش ئەقىدە، قالغانلىرى ئەمەل مەسلىسى بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ نىجاتلىققا ئېرىشىشىنىڭ ئاچقۇچى مانا بۇ تۆت نۇقتىدا ئىپادىلەنمەكتە. ئەكسىچە بولغاندا، ئىنسان ھەقىقەتەن زىيان ئىچىدە بولىدۇ.

يا رەببى بىزنى زىيان ئىچىدە بولغۇچىلار قاتارىدا بولۇپ قېلىشتىن ساقلىغىن!

# ئادىيات سۈرىسى

سۈرە بىرىنچى ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان « ھۇجۇم قىلغانلار » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان « ئادىيات » كەلىمىسى بىلەن ئاتالغان بولۇپ، مەزكۇر ئايەتتە ۋەھىي دۈشمەنلىرىنىڭ ۋەھىيگە بولغان ئۆچمەس دۈشمەنلىكى ئىما قىلىنغان:

« غالجىرلاشقان ھالدا ھۇجۇم قىلغانلارنىڭ ھالىغا ۋاي! ».

بۇ ئايەتتە خىتاب قىلىنغۇچىنىڭ ئەقلىگە ئەڭ باشتا « نېمىگە ھۇجۇم قىلغانلارغا؟ » دېگەن سۇئال كېلىدۇ. بۇ ئېنىقلىغۇچىسى نامەلۇم بولغان سۆزلەر بىلەن باشلىنىغان سۈرىلەردىن بىرى. « ھۇجۇم قىلغانلار » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان « ئادىيات » كەلىمىسىنى « بەدرى ئۇرۇشىدىكى مۇئمىن مۇجاھىدلارنىڭ ئاتلىرىنى كۆرسىتىدۇ » دېگەنلەرمۇ بولغان. ھەزرىتى ئەلى بۇ چۈشەندۈرۈشنى رەت قىلىپ، « بەدرىدە مىقتات ۋە زۇبەيردىن باشقىلارنىڭ ئېتى يوق ئىدى » دەيدۇ.

بەزى مۇپەسسىرلەر « ئادىيات » كەلىمىسى بىلەن « ھاجىلارنىڭ تۆگىسى » كۆزدە تۇتۇلغان دەيدۇ. بۇ سۈرە نازىل بولغان مەزگىلدە ھەج تېخى پەرز بولمىغانىدى. « ئادىيات » بىلەن نېمىنىڭ نەزەردە تۇتۇلغانلىقى ھەققىدە بۇنىڭغا ئوخشايدىغان قاراشلارنى كەلىمىنىڭ مەنىسى رەت قىلماقتا. چۈنكى، كەلىمە « دۈشمەن، دۈشمەنلىك » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان « ئادۇ، ئادۋۇ » سۆز تومۇرىدىن تۈرلىنىپ چىققان. بۇ يەردىن « ھۇجۇم قىلغۇچىلارنىڭ » ۋەھىي دۈشمەنلىرى ئىكەنلىكى ئېنىق ھالدا مەلۇم بولماقتا.

قەدىمقى مۇسھابلاردا سۈرە بۇ ئىسىم بىلەن ئاتالغان. بەزى مۇپەسسىرلەر بېشىدىكى « ۋاۋ » ھەرپى بىلەن بىرلىكتە ئاتىغان.

سۈرە مەككىدە دەسلەپكى مەزگىللەردە نازىل بولغان سۈرىلەردىن بىرى. ھەزرىتى ئوسمان تەرتىپىدە ئەسىر ۋە كەۋسەر سۈرىسىنىڭ ئارىسىغا تىزىلغان. بۇ شەخسلەرنى نىشان قىلغان ھالدا ئېلىپ بېرىلغان دەۋەت مەزگىلىگە، يەنى رىسالەتنىڭ 2 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

سۈرىنىڭ ئانا تېمىسى ئاللاھ ۋە ئىنسان ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت بولۇپ، سۈرە خىتاب قىلىنغۇچىنى سەگىتىش مەقسىتىدە « ھەيرانلىق ھېس قىلدۇرۇش » تۇس مەنىسىگە ئىگە بولغان قەسەم ۋاۋى ( و ) بىلەن باشلانغان. خىتاب قىلىنغۇچىنىڭ بۇ خىتابلارنى پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئاڭلىشى، ئىنسان ۋىجدانىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈش ۋە ئاكتىپ ۋىجدان ئىگىلىرىدىن قىلىپ يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلىنغان. سۈرىنىڭ ھەر بىر كەلىمىسى، ھەتتا ھەر ھەرپى خىتاب قىلىنغۇچىنىڭ قەلبىگە ھېساپ كۈنىنى ئۇستىلىق بىلەن نەقىش قىلىپ ئويىدۇ. سۈرىدە بەندىنىڭ بۇ رېئاللىقنى ھەر ۋاقىت ھېس قىلىپ يېتىشى مەقسەت قىلىنغان بولۇپ، ئۇنى كۆرۈپ تۇرغاندەك ئىمان ئېيتىش ئىما قىلىنىدۇ. چۈنكى، ۋىجدان پەقەت بۇ ئارقىلىق ئۆز مەۋجۇتلىقىنى ساقلاپ قالىدۇ. ئىنسان مانا بۇ سەۋەبتىن ئىنسانلىقىنى ساقلاپ قالالايدۇ:

وَالْعَادِيَاتِ ضَبْحًا (1) فَالْمُورِيَاتِ قَدْحًا (2) فَالْمُغِيرَاتِ صُبْحًا (3) فَأَثَرْنَ بِهِ نَقْعًا (4) فَوَسَطْنَ بِهِ جَمْعًا (5)

« ئاللاھ شاھىتكى، ( ۋەھىيگە ) غالجىرلىق بىلەن ھۇجۇم قىلغۇچىلارغا ۋە ( ئىچىدىكى ) غەزەپ ئوتىنى ئەتراپىدىكىلەرگە تۇتاشتۇرغانلارغا، سەھەرگىچە ھەسەت ئوتىدا پۇچىلانغانلارغا ۋە چاڭ - توزان ( قۇرۇق گەپ، تۆھمەت )لىرى بىلەن پىتنە چىقارغانلارغا، بۇ دۈشمەنلىك بىلەن كىشىلەر توپى ئارىسىغا بۆسۈپ كىرگۈچىلەرگە... » ( 1 - 5 ).

سۈرىنىڭ رىسالەتنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا نازىل بولغانلىقى نەزەردە تۇتۇلغاندا، سۈرىنىڭ ئېنىقلىغۇچىسى يوق ھالدا باشلانغان ئالدىنقى بەش ئايىتىنى ئۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك دەپ شەرھىيلىگىلى بولمايدۇ. بۇ ئايەتلەردە

كىلەچەكنى ئىشارەت قىلىدىغان بىرەر لەبزى دەلىلمۇ يوق. بىزنىڭچە بۇ ئايەتلەر ۋەھيىنى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ۋەھيىگە قارىتا تۇتقان غەلىتە مۇئامىلىسىنى ئىپادىلىمەكتە. بۇنىڭ دەلىلى ئارقىدا بايان قىلىنغان شۇ ئايەتلەردۇر:

إِنَّ الْإِنْسَانَ لِرَبِّهِ لَكَنُودٌ (6) وَإِنَّهُ عَلَى ذَلِكَ لَشَهِيدٌ (7) وَإِنَّهُ لِحُبِّ الْخَيْرِ لَشَدِيدٌ (8)

« ئىنسان ھەقىقەتەن رەببىنىڭ نېمەتلىرىنى شەكسىز ئىنكار قىلىدۇ. ئىنسان ھەقىقەتەن رەببىڭنىڭ بۇ نېمەتلىرىگە ئەلۋەتتە ئۆزى گۇۋاھتۇر. ئىنسان پۇل - مالغا ئىنتايىن ھېرىستۇر » ( 6 - 8 ).

دېمەككى، دەسلەپكى بەش ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان « تۇز كورلۇق » نىڭ خاراكتېرى / سۈپىتىنى بۇ ئايەتلەر بايان قىلغان بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ئاللاھ نىڭ بەندىلىرى ئۈستىدىكى ھەققىنى ئەسلەتمەكتە ۋە ھېساب كۈنى ئۈچۈن ئاگاھلاندۇرماقتا.

خۇلاسىلىگەندە، ئىنسان ئاللاھ نى ھەرگىزمۇ ئالدىيالمايدۇ. كۆرۈنۈشتە قانچىلىك سەۋەبنى ئوتتۇرىغا قويۇشىدىن قەتئىينەزەر، ۋىجدانى ئۆزى ئوتتۇرىغا قويغان بارلىق ئۆزرىلەرنى رەت قىلىپ، ھەقنى جاكارلايدۇ: « دىللاردىكى سىرلارنىڭ ئاشكارا قىلىنىشى » ( 10 - ئايەت )، ۋىجداننىڭ زۇۋانغا كىلىپ ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا قويۇشىدۇر.

سۈرە ئاخىرىدا ئاللاھ نىڭ خەبىر ئىسمىنى تىلغا ئېلىش ئارقىلىق، مۇھاتابىغا ئاللاھ تىن يوشۇرۇن ئىش قىلىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئەسلىتىپ ئۆتكەن.

إِنَّ رَبَّهُمْ بِهِمْ يَوْمَئِذٍ لَخَبِيرٌ

« ئۇلارنىڭ ھەممە ئەھۋالىدىن رەببىنىڭ ھەقىقەتەن خەۋەردار ئىكەنلىكىنى ( بۇ نادان ئىنسان ) بىلمەمدۇ؟ » ( 11 ).

# كەۋسەر سۈرىسى

سۈرە بىرىنچى ئايىتىدە تىلغا ئېلىنغان « ناھايىتى خەيرلىك، مول ئىكرام، نېمەت يامغۇرى » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان « كەۋسەر » كەلىمىسى بىلەن ئاتالغان:

« بىز ساڭا ھەقىقەتەن نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى ئاتا قىلدۇق » ( 1 ).

ئەل كەۋسەر - جامىد ئىسىم ( مەلۇم بىر ئىسىم ياكى پېئىلدىن تۈرلىنىپ چىقمىغان، مۇستەقىل ئىسىم ) بولۇپ، گراممانتىكىلىق قائىدىگە ئاساسەن قارىتىلغان ئوبيېكتتىن باشقا بىر مەنىگە دالالەت قىلمايدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن بۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان « كەۋسەر » رەسۇلۇللاھقا بېرىلگەن « نۇرغۇن نېمەتلەرنىڭ » ئومۇمي ئىسمى بولۇپ، بۇ نېمەتلەردىن كۆزگە كۆرۈنگەنلىرى قۇرئان ۋەھيي، نەبىيلىك ۋە ھېكمەت. ھەزرىتى ئەنەستىن كەلگەن ۋە ئاۋام ئارىسىدا كەڭ تارقالغان « كەۋسەر كۆلى » ئىزاھاتى، كەۋسەر ئىسمى دالالەت قىلغان نەرسە ئەمەس، ئۇ پەقەت كىشىلەرنىڭ مەزكۇر كەلىمە ھەققىدىكى چۈشەنچىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. كەۋسەرنى « جەننەتتە رەسۇلۇللاھقا خاس قىلىنغان بىر كۆل » دەپ شەرھىيلىگەنلەردىن باشقا يەنە، « رەسۇلۇللاھنىڭ نەسلى، ساھابىلىرى، ئۈممىتى، ئۈممىتىنىڭ ئالىملىرى، جەننەتتىكى بىر ئۆستەڭ، تەۋھىد ئەقىدىسى، ئىسلام، پەزىلەت، ماختاشقا سازاۋەر ماقام، مۇھەممەدى شەرىئەتنىڭ يەڭگىللىكى، قۇرئان، قۇرئاننىڭ ئاسان چۈشەنگىلى بولىدىغانلىقى، رەسۇلۇللاھقا خاس بىر نۇر... » دېگەندەك شەكىلدە ئىزاھلىغانلارمۇ بولغان.

بارلىق مۇسھاب ۋە تەپسىرلەردە سۈرە بۇ ئىسىم بىلەن ئاتالغان. بۇ كەلىمە قۇرئاندا پەقەت مۇشۇ سۈرىدىلا تىلغا ئېلىنغان.

مەزكۇر سۈرە مەزمۇن ۋە ئۇسلۇبى نۇقتىسىدىن قارىغاندا مەككىدە نازىل بولغان. ھەزرىتى ئوسمان ب. ئاففان، جابىر ب. زەيد ۋە باشقىلار بۇ سۈرىنى ئادىيات - تەكاسۇر سۈرىلىرى ئارىسىغا تىزغان. ئىبن ئابباس ئەسر - تەكاسۇر سۈرىسى ئارىسىغا يەرلەشتۈرگەن.

سۈرە رىسالەتنىڭ 2 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا نازىل بولغان. سۈرىنىڭ 3 - ئايىتى رەسۇلۇللاھقا قاتتىق دۈشمەنلىك قىلىۋاتقان بىر گۇرۇھنىڭ بارلىقىدىن خەۋەر بەرگەن بولۇپ، بۇنىڭدىن دەۋەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە رەسۇلۇللاھقا ئىچ - ئىچىدىن دۈشمەنلىك قىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ بارلىقى مەلۇم بولماقتا.

سۈرە قۇرئاننىڭ ئەڭ قىسقا سۈرىسى بولغان بولسىمۇ، مەزمۇنى ناھايىتى چوڭقۇر سۈرىلەردىن بىرى. سۈرە مەزمۇن جەھەتتىن نېمەتكە شۈكۈر قىلىش ئەخلاقىنى يېتىلدۈرۈشنى ۋە ئۇسلۇبىنى كۈرستىپ بېرىشنى مەقسەت قىلغان بولۇپ، مۇھاتابىنى سالىھ ئەمەل قىلىشقا تەشۋىق قىلىدۇ.

سۈرە رەسۇلۇللاھنىڭ ئۈمىدىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، مەنىۋىي كۈچىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ. ئالەملەرگە رەھمەت بولغۇچىغا ۋەھىي ۋە نۇبۇۋۋەتنىڭ پەقەت « بىر ئېغىر مەسئۇلىيەت » بولۇپلا قالماستىن، يەنە « ناھايىتى چوڭ خەيرلىك ئىش » ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىدۇ:

إِنَّا أَعْطَيْنَاكَ الْكَوْثَرَ

« بىز ساڭا ھەقىقەتەن نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى ئاتا قىلدۇق » ( 1 ).

ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھ نىڭ بۇ خەيرلىك نېمىتى سايىسىدە، ئابدۇلمۇتەللىپنىڭ يېتىمى « ئالەملەرگە رەھمەت » بولغاندى. بۇ شەرەپلىك نېمەت ئالەملەرنىڭ رەببىگە شۈكۈر قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ. شۈكۈرنىڭ ئەڭ چوڭى، تەبىئىيكى ئىبادەتنى ئالەملەرنىڭ رەببىگىلا خاس قىلىشتۇر:

فَصَلِّ لِرَبِّكَ وَانْحَرْ

« نامىزىڭنى، قۇربانلىقىڭنى ئالەملەرنىڭ رەببىگە خاس قىلغىن! » ( 2 ).

كەۋسەر - ئەبەتەر كەلىمىسى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت سۈرىنىڭ ئاچقۇچىدۇر. رەسۇلۇللاھقا دۈشمەنلىك قىلىدىغانلار بولىدۇ. يەنى، ئاللاھ نىڭ نۇرغۇن ياخشىلىقى ۋە كەرىمىگە نائىل بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا نەپرەت قىلىش، مەۋجۇدلىقى پۈتۈنلەي خەيرلىك بولغان بىرسىدىن مەھرۇم بولغانلىقتۇر. ئۇ ئەل - ئەبەتەر بولۇپ، يەنى ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرىگەن ۋە ئۇنىڭغا دۈشمەن بولغان بىرسى، ئەمەلىيەتتە ئەل - كەۋسەردىن يۈز ئۆرۈپ ئۇنىڭغا دۈشمەن بولغان ۋە ياخشىلىق بۇلىقىدىن مەھرۇم قالغان كىشىدۇر:

إِنَّ شَانِئَكَ هُوَ الْأَبْتَرُ

« ھەقىقەتەن سېنىڭ دۈشمىنىڭنىڭ نام - نىشانى قالمايدۇ ( ھەقىقەت شۇكى، ساڭا دۈشمەنلىك قىلغۇچى ياخشىلىقتىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قالغان كىشىدۇر ) » ( 3 - ئايەت ).

رەببىم بىزنى رەھمەت، ياخشىلىق بۇلىقىدىن مەھرۇم بولغۇچىلار قاتارىدىن قىلمىغىن!

## تەكاسۇر سۈرىسى

سۈرە بىرىنچى ئايىتىدە تىلغا ئېلىنغان « ھېرىس بىلەن كۆپەيتىش » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان « تەكاسۇر » كەلىمىسى بىلەن ئاتالغان.

« سىلەرگە تا ئۆلۈم يېتىپ قەبرىگە كىرگىچە كۆپەيتىش ھېرىسى سىلەرنى غەپلەتتە قالدۇردى » ( 1 - 2 ).

تەكاسۇر ئىسمى بىلەن ئاتالغان بىر سۈرىنىڭ قۇرئاندا ئورۇن ئېلىشى ئۆتمۈش، بۈگۈن ۋە كېلەچەكتىكى ئىنسانلار ئۈچۈن بىر مۆجىزىۋى تېما بولۇپ، ئۆزلۈكسىز مال - مۈلكنى كۆپەيتىش ھېرىسى مۇتلەق كۆپ سانلىق ئىنسانلار گىرىپتار بولغان خەتەرلىك ئىللەتلەردىن بىرى. بۈگۈنكى دەۋرىمىزدىمۇ ئىنسانلاردىكى ئەڭ چوڭ

ئىللەتلەردىن بىرى توختىماي كۆپەيتىش ھېرسى بولۇپ، قانائەت قىلماستىن كۆپەيتىش، تېخىمۇ كۆپلەپ يىغىش ۋە تېخىمۇ كۆپكە ئىگە بولۇش ھېرسى نەتىجىسىدە خۇدنى يوقىتىپ قويغان ئىنسان بۇ يولدا ئۆزىنى يوقىتىپ، ھەددىنى بىلەلمەي چەكتىن ئاشماقتا.

مۇتلەق كۆپ ساندىكى مۇسھاب ۋە تەپسىرلەردە سۈرە مۇشۇ ئىسىم بىلەن ئاتالغان. رەسۇلۇللاھنىڭ ئەسھابلىرىنىڭ « مەقبۇرا » دەپ ئاتىغانلىقى ھەققىدە رىۋايەتلەر بار ( ئالۇسى ). سۈرە بۇخارىدا « ئەلھاكۇم » ئىسمى بىلەن ئاتالغان.

سۈرىنىڭ مەككىدە نازىل بولغانلىقى ھەققىدە ئىختىلاپ يوق. سۈرە رىسالەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىدە نازىل بولغان بولۇپ، قەدىمقى نۇزۇل تەرتىپلىرىدە كەۋسەر ۋە مائۇن سۈرىسى ئارىسىدا 16 - ئورۇندا يەر ئالغان. بۇ تەخمىنەن رىسالەتنىڭ ئىككىنجى يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

گەرچە بۇ سۈرىنىڭ مەككىدىكى ئىككى چوڭ رەقىب قەبىلە ئارىسىدىكى كۈچ - قۇۋۋەت بەسلىشىشى سەۋەبىلىك نازىل بولغانلىقى رىۋايەت قىلىنسىمۇ، ئەمما سۈرە ئىما قىلىۋاتقان مەنا زامان ۋە ماكانلارنى ھالقىغان بولۇپ، ھەر دەۋردىكى « مال - دۇنيا يىغىش، بىرلەشتۈرۈش ھېرسى »غا گىرىپتار بولغان ئىنسانلارغا خىتاب قىلىپ، بۇ ئىللەتتىن ھەزەر ئەيلەش ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇش بەرمەكتە.

سۈرىنىڭ ئانا تېمىسى، ھەر قايسى دەۋر ئىنسانلىرى ئىچىدە كۆرۈلىدىغان ھەممە جەھەتتە بىرىنچى بولۇش ھەۋىسىگە ئەسىر بولغان ئىنسان بولۇپ، بۇ خىرىسقا قۇل بولۇش سەۋەبىدىن ئىنسان ئۆزلۈكسىز يىمەي - ئىچمەي يىغىدۇ ۋە باشقىلارغىمۇ يىگۈزمەي بىرلەشتۈرىدۇ. نەتىجىدە بۇ يىغقانلىرى ئاستىدا مجىلىپ خۇدىنى يوقىتۇپ قويىدۇ ۋە يارىتىلىش مەقستىنى ئۇنتۇيدۇ. مانا بۇ سۈرە، ئىنسانىنى دۇنياۋىيلىشىپ كېتىش بالاسىغا دۇچار بولۇپ قالماسلىق ئۇچۇن كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇپ « قارۇنلاشماسلىق »نى ئىما قىلغان ھالدا سۆزنى باشلايدۇ:

أَلْهَاكُمُ التَّكَاثُرُ (1) حَتَّى زُرْتُمُ الْمَقَابِرَ (2)

« سىلەرگە تا ئۆلۈم يېتىپ قەبرىگە كىرگىچە كۆپەيتىش ھېرسى سىلەرنى غەپلەتتە قالدۇردى » ( 1 - 2 ).

بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقان مەسىلە، ئۆتكۈنچى بىلەن ئەبەدىي، بىباھا بىلەن باھاسى بولغاننى ئايرىيالىغۇدەك بىلىمگە ئىگە بولۇش مەسىلىسى بولۇپ، بۇ بىلىم ئىمانىنىڭ ئەسەرى بولىدۇ. يەنى، بۇ بىلىم ئىنسانىنى ئاللاھ نى كۆرۈپ تۇرغاندەك تۇيغۇ بىلەن ئاللاھ قا ئىبادەت قىلىشقا يۈزلەندۈرىدىغان تىرىك ۋە تىرىلدۈرگۈچى بىر ئىماننىڭ شاھ ئەسەرى بولۇپ، بۇنداق بىر ئىمان ئىنساننىڭ دىلىغا جەھەننەم خەۋپىدىن خەۋەر بېرىپ تۇرىدىغان بىر ھوشيارلىق بەخش ئېتىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، ئىچىدىن يالقۇنلاپ چىققان يانغىن ۋىجدان پەردىسىنى كۆيدۈرۈپ تاشلاپ، پۈتۈن ھەقىقەت مانا مەن دەپ كۆز ئالدىدا پەيدا بولغان ئۇ كۈندە، ئىنسان ئۇ ھەقىقەتنى بىلىپ يېتىدۇ. لېكىن، بۇ ۋاقىتتا پۇرسەت قولدىن كەتكەن بولىدۇ:

كَلَّا سَوْفَ تَعْلَمُونَ (3) ثُمَّ كَلَّا سَوْفَ تَعْلَمُونَ (4) كَلَّا لَوْ تَعْلَمُونَ عِلْمَ الْيَقِينِ (5) لَتَرَوُنَّ الْجَحِيمَ (6) ثُمَّ لَتَرَوُنَّهَا عَيْنَ الْيَقِينِ (7)

« ياق، ۋاقتى كەلگەندە ھەقىقەتنى بىلىپ قالىسىلەر. ئاندىن ۋاقتى سائىتى كەلگەندە ھەقىقەتنى ( ئۇ جايىدا ) بىلىپ قالىسىلەر. ئەگەر بۇ (ھېرسىنىڭ قانداق مۇسىبەتلەر ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ) ئەتراپلىق تەپەككۇر قىلىپ يەتكەن بولساڭلار، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ( دۇنيانى ) جەھەننەمگە ( ئايلاندۇرغانلىقىنى ) كۆرۈپ يېتەتتىڭلار. ( بۇ يەردە - دۇنيادا كۆرۈپ يېتەلمىدىڭلار )، كۆپ ئۆتمەستىن ( ئاخىرەتتە ) ئۇنى ھەقىقەتەن ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆرىسىلەر، ... » ( 3 - 7).

بۇ ئايەتلەر نازىل بولغان دەۋردىكى ئىنسان « كۆپەيتىش، يىغىش ھېرسىغا مۇپتىلا بولغان ئىنساننىڭ دۇنيانى جەھەننەمگە ئايلاندۇرغانلىقىنى بىز تېخى كۆرمىدۇق » دېگەن بولسا مىڭ قېتىم ھەقسىزلىق قىلغان بولاتتى. لېكىن، كۈنىمىزدىكى ئىنسان بۇنى دېسە مىليارد قېتىم ھەقسىزلىق قىلغان، رىئاللىقتا كۆزنى يۇمۇۋالغان بولىدۇ. چۈنكى، بۇنىڭغا تېخى يېقىنقى زاماندا بىر قانچە قېتىم شاھىت بولدى.

سۈرىنىڭ ئاخىرقى ئايىتى مال - مۈلۈكنىڭ بىز ئۆز ئىختىيارىمىزچە سەرپ قىلىدىغان بىر مۈلكىيەت ئەمەس، سورىقى بار بىر ئامانەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ ئىنساننى ئاگاھلاندۇرماقتا:

ثُمَّ لَتُسْأَلُنَّ يَوْمَئِذٍ عَنِ النَّعِيمِ

« ئەلۋەتتە ئۇ كۈندە ( دۇنيادا سىلەرگە بېرىلگەن ) بارلىق نېمەتلەردىن سوئال - سوراق قىلىنىسىلەر » (8 ).

# مائۇن سۈرىسى

سۈرە ئاخىرقى ئايىتىدە تىلغا ئېلىنغان « قىزغىنىش، ئاياش » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان، قۇرئاندا پەقەت مەزكۇر سۈرىدىلا تىلغا ئېلىنغان « مائۇن » كەلىمىسى بىلەن ئاتالغان.

« ئەڭ كىچىك ياردەمنىمۇ ئاياىدۇ » ( 7 - ئايەت ).

مائۇن، مەئۇنەت پېئىلىدىن تۈرلەنگەن بولۇپ، قۇرتۇبى ئېتىقادىدەك مائۇن كەلىمىسى « ئازلىق » مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. كۆپ نەرسىنىڭ ئاز بىر قىسمىغا ۋەكىللىك قىلغانلىقى ئۈچۈن زاكات ۋە سەدىقىمۇ « مائۇن » دەپ ئاتالغان. ئابدۇللاھ ب. مەسئۇد مائۇننى « بىر ئۆلچەم، بىر چېلەك »كە ئوخشاش مەھسۇلاتلار ئۆلچەنگەن ئۆلچىگۈچلەرنىڭ ئەڭ تۆۋەن ئۆلچەم بىرلىكى دەپ ئىزاھلىغان. بىز تاللىغان مەنامۇ يۇقىرىقى ئىزاھاتنى ئاساس قىلماقتا. مۇجاھىد بۇ كەلىمىنى « ئۆتنە بېرىش » دەپ ئالغان. بۇنىڭغا ئاساسەن بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى « ئۆتنە بېرىشكىمۇ توسالغۇ بولىدۇ » دېگەنلىك بولىدۇ. مائۇن ھاۋا، قۇياش، شامال، يامغۇر، سۇ، ئوت - ياش، ئوتقا ئوخشاش ھېچكىمنىڭ بىراۋدىن ئاياش ھەققى بولمىغان ئورتاق ئىشلىتىشكە بېرىلگەن نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ دېگەنلەرمۇ بولغان. بىزنىڭچە بۇ مائۇننىڭ ئەڭ ياخشى ئىزاھاتلىرىدىن بىرسى بولسا كېرەك. بۇنىڭغا ئاساسەن سۈرىگە ئىسمى بېرىلگەن ئايەتنىڭ مەنىسى مۇنداق: « ئەمما ( قۇياش، ھاۋا، سۇ. شامال ۋە يامغۇرغا ) ئوخشاش ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان نەرسىلەرنىمۇ ئاياىدۇ، قىزغىنىدۇ ».

بەزى تەپسىرلەر ۋە بۇخارى مەزكۇر سۈرىنى تۇنجى كەلىمىسى بولغان « ئەرائەيتە » ئىسمى بىلەن ئاتىغان.

سۈرە مەككىدە نازىل بولغان بولۇپ، ھەزرىتى ئوسماننىڭ نۇزۇل تەرتىپىدە تەكاسۇر بىلەن كافىرۇن سۈرىسى ئارىسىغا، يەنى 17 - ئورۇنغا تىزىلغان. ئىبن ئابباس تەرتىپىدە تەكاسۇر - فىل سۈرىسى ئارىسىغا تىزىلغان بولۇپ، بىزنىڭچە ھەزرىتى ئوسمان تەرتىپى توغرا. سۈرىنىڭ مەزمۇنى بۇنى توغرىلىماقتا.

بەزىلەر مائۇن سۈرىسىنىڭ يېرىمىنى مەككىدە، قالغان يېرىمىنى مەدىنىدە نازىل بولغان دېگەن. سۈرىنى ئىككىگە بۆلۈپ 1 - 3 - ئايەتلىرىنىڭ مەككىدە، 4 - 7 - ئايەتلىرىنىڭ مەدىنىدە نازىل بولغانلىقى ھەققىدىكى قاراشلار « مۇسەللىن » كەلىمىسگە « ناماز ئوقۇغۇچىلار » مەنىسىنى بېرىشتە چىڭ تۇرۇشتىن كېلىپ چىققان. لېكىن بۇنىڭ ئاساسى يوق. سۈرە مەزمۇن جەھەتتىن ھېچقانداق شەكىلدە پارچىلىغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە. سۈرە ئاخىرقى ئايىتىدە كىرىشتە تىلغا ئېلىنغان مەسىلىگە قايتىپ، ئۇنى ھەر تۈرلۈك پارچىلاش قاراشلىرىنى بىكار قىلىدۇ. سۈرىدە بىر - بىرىگە « فا » بېغى بىلەن ئايرىلماس شەكىلدە باغلانغان ئىككى مەزمۇننى بىر - بىرىدىن ئايرىش، سۈرىنىڭ ئۆزى رەت قىلغان بىر قاراشتۇر.

مائۇن سۈرىسى رىسالەتنىڭ ئىككىنجى يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا نازىل بولغان بولىشى مۇمكىن. مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن ئۆزىدىن ئىلگىرىكى تەكاسۇر سۈرىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

سۈرىنىڭ ئانا تېمىسى، شەخسى ئىبادەت ( مەسئۇلىيەت ) بىلەن ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت ئارىسىدىكى زىچ مۇناسىۋەتنى تەكىتلەش ۋە كۆرسىتىپ بېرىش بولۇپ، خىتاب قىلىنغۇچىغا سالات ( ئىبادەت ) ئۈستىدىن، ھەسەنات ( شەخسى ئىبادەت )نى قانداق قىلىپ سالىھات ( سالىھ ئەمەل، ياخشى ئىشلار )قا ئايلاندۇرىدىغانلىقىنى ئۆگەتمەكتە. خىتاب قىلىنغۇچىغا بەندىنىڭ ئالالاھ ۋە ئىجتىمائىي جەمئىيەت ئالدىدىكى

مەسئۇلىيىتىنىڭ بىر - بىرىدىن ئايرىلماس بىر پۈتۈن گەۋدە ئىكەنلىكى بىلدۈرۈلمەكتە ۋە بۇ ئارقىلىق « يېتىمنى ھىمايە قىلىش، ئۇنىڭغا ئاتىدارچىلىق قىلىش بىلەن ئىبادەتنى ئايرىم دەپ قاراش، ئاللاھ ئالدىدىكى مەسئۇلىيەت ئېڭى مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان " دىن "نى ئىنكار قىلىش بىلەن ئوخشاش » دېمەكتە:

أَرَأَيْتَ الَّذِي يُكَذِّبُ بِالدِّينِ (1) فَذَلِكَ الَّذِي يَدُعُّ الْيَتِيمَ (2) وَلَا يَحُضُّ عَلَى طَعَامِ الْمِسْكِينِ (3) فَوَيْلٌ لِلْمُصَلِّينَ (4)
الَّذِينَ هُمْ عَنْ صَلَاتِهِمْ سَاهُونَ (5) الَّذِينَ هُمْ يُرَاءُونَ (6) وَيَمْنَعُونَ الْمَاعُونَ (7)

« ئاللاھ ئالدىدىكى بارلىق مەسئۇلىيىتى ( دىن )نى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلغان كىشىنى كۆردۈڭمۇ؟ ئۇ شۇنداق كىشىكى، يېتىمنى دۆشكەلەيدۇ، مىسكىنگە تاماق بېرىشنى تەرغىب قىلمايدۇ. مانا بۇ سەۋەبتىن، بۇنداق ئىبادەت قىلغانلارنىڭ ھالىغا ۋاي! مانا بۇلار ئىبادەتنىڭ ھەقىقى مەقسىتىدىن غاپىل قالغانلاردۇر. بۇلار شۇنداق كىشىلەردۇركى، ( ئىبادەتنى ) رىياغا ئايلاندۇرىدۇ. ئۇلار ئەڭ كىچىك ياردەمنىمۇ ئايايدۇ » ( 1 - 7 ).

مەزكۇر سۈرىنىڭ ئالدىنقى ئۈچ ئايىتى كىشىنىڭ باشقا كىشىلەر بىلەن، قالغان ئۈچ ئايىتى كىشىنىڭ ئاللاھ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە دائىر بولۇپ، بۇ ئارقىلىق تەۋھىد ۋە ئادالەت دىنىنىڭ ئىككى قانىتى دېمەكتە. بۇلاردىن بىرسى سۇنسا، يەنە بىر قانات ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالمايدۇ. بۇ سۈرە كىشىلەر ئالدىدىكى مەسئۇلىيەتنى ئاللاھ ئالدىدىكى مەسئۇلىيەتتىن ئايرىپ چۈشىنىشكە بولمايدىغانلىقىنى ئىما قىلماقتا. ئەگەر كىشى ئىنسانلار ( ئىجتىمائىي جەمئىيەت ) ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلمىسا، ئىبادىتى بىر شەكىلگە ئايلىنىپ قالىدۇ ( 4 ).

يىغىنچاقلىغاندا، ئىبادەتلەر گەرچە ئاللاھ بىلەن بەندە ئارىسىدا بولسىمۇ، ئىبادەتلەرنىڭ غايىسى بەندىنىڭ باشقا بەندىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە ئۆزىنى ئەكس ئەتتۈرىشى كېرەك. چۈنكى، ئىبادەتنىڭ پايدىسى ئاللاھ قا ئەمەس، ئىنسانغا يېتىدۇ. مانا بۇ ئىبادەتنىڭ ھەقىقىي مېۋىسى.

## كافىرۇن سۈرىسى

سۈرە بىرىنچى ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان « كاپىرلار » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان « كافىرۇن » كەلىمىسى بىلەن ئاتالغان:

« ئېيتقىنكى: ئەي كاپىرلار! » ( 1 ).

« كافىرۇن » كەلىمىسى ئىسمى فائىل ( ئىگە ) شەكلىدە كەلگەن بولۇپ، بۇ ئىسىم خىتاب قىلىنغۇچىنىڭ شۇ كەلىمىدە ئىپادىلەنگەن ئىش - ھەرىكەتنى ئۆزىنىڭ تۇرمۇش ئادىتى قىلىۋالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن بىرىنچى ئايەتنىڭ مەنىسى مۇنداق بولىدۇ:

« ئەي كۇپۇر ۋە تۇز كورلۇقنى ئۆزىگە ئادەت قىلىۋالغانلار تەبىقىسى / گۇرۇھى! ».

كۇپۇرنىڭ ئەقىدىۋىي ئىپادىسى ئىنكار قىلىش بولۇپ، ئەخلاقىي ئىپادىسى تۇزكورلۇق قىلىش. « كەفەرە » پېئىلى « يېپىپ قويدى، ئۈستىنى يېپىپ قويدى » مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. ھەقىقەتنىڭ ئۈستىنى يېپىپ قويۇش كۇپۇرلۇقتۇر. ۋىجدانىنىڭ ئۈستىنى باستۇرۇپ، ئۇنىڭ نىداسىغا قۇلاق سالماسلىق كۇپۇردۇر. نېمەتنىڭ ئۈستىنى يېپىپ، ئۇنى كۆرمەسكە سېلىش ۋە ئۇنىڭغا تۇزكورلۇق قىلىشمۇ كۇپۇردۇر. قەدىمى مۇسھاب ۋە تەپسىرلەردە بۇ ئىسىم بىلەن ئاتالغان. بۇخارىدا بىرىنچى ئايىتى بىلەن ئاتالغان.

سۈرە مەككىدە نازىل بولغان بولۇپ، ھەزرىتى ئوسمان ۋە جابىر بىن زەيدىنىڭ نۇزۇل تەرتىپىدە مائۇن - فىل سۈرىسى ئارىسىغا، يەنى 18 - ئورۇنغا تىزىلغان. ئىبن ئابباس فىل - ئىخلاس سۈرىسى ئارىسىغا تىزغان. ئالدىنقىسىنىڭ ئورنى كېيىنكىسىگە قارىغاندا مۇۋاپىق. بىزنىڭچە مائۇن - تەببەتيەدا سۈرىسى ئارىسىغا تىزىلسا توغرا بولىشى مۇمكىن. سۈرە رىسالەتنىڭ 2 - يىلى نازىل بولغان بولسا كېرەك.

سۈرىنىڭ ئانا تېمىسى - ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ ئۇلى بولغان تەۋھىد بولۇپ، بۇ سۈرە ئىخلاس سۈرىسى بىلەن بىرلىكتە كەلىمەئى تەۋھىدنىڭ تەپسىرىگە ئوخشاپ قالىدۇ. يەنى « لا ئىلاھە » قىسمىغا كافىرۇن سۈرىسى، « ئىللەللاھ » قىسمىغا ئىخلاس سۈرىسى ۋەكىللىك قىلىدۇ دېيىشكە بولىدۇ.

مەركىزى ئىدىيىسى - ئىماندا بازارلىق قىلىشقا (شەرت قويۇشقا) بولمايدۇ ياكى بازارلىق قىلىدىغان يەردە ئىمان بولمايدۇ. سۈرە بىر مەنىدە ئىماندا قەتئىي ۋە مۇستەھكەم تۇرۇشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. مەزكۇر سۈرە، مۇھاتابىدا مۇستەھكەم ئىماننى شەكىللەندۈرۈشنى مەقسەت قىلماقتا. بۇ مەيلى دۇنيانىڭ قەيرىدە بولىشىدىن قەتئىينەزەر، مۇستەھكەم ئىمانغا ئىگە بولغان كىشىلەرنىڭ دۇنيادىكى بارلىق كاپىرلارغا سۇنغان ئۇلتىماتۇمىغا ئوخشايدۇ. يەنى:

قُلْ يَا أَيُّهَا الْكَافِرُونَ (1) لَا أَعْبُدُ مَا تَعْبُدُونَ (2) وَلَا أَنْتُمْ عَابِدُونَ مَا أَعْبُدُ (3) وَلَا أَنَا عَابِدٌ مَا عَبَدْتُمْ (4) وَلَا أَنْتُمْ عَابِدُونَ مَا أَعْبُدُ (5) لَكُمْ دِينُكُمْ وَلِيَ دِينِ (6)

« ئېيتقىنكى، ئى كاپىرلار! سىلەر چوقۇنىۋاتقان نەرسىلەرگە مەن ھەرگىزمۇ چوقۇنمايمەن. سىلەرمۇ مەن ئىبادەت قىلىۋاتقان ئاللاھ قا ئىبادەت قىلمايسىلەر! مەنمۇ ئەزەلدىن سىلەر چوقۇنىۋاتقان نەرسىلەرگە چوقۇنغىنىم يوق. سىلەرنىڭمۇ مەن ئىبادەت قىلىۋاتقان ئاللاھ قا ئىبادەت قىلغىنىڭلار يوق. سىلەرنىڭ دىنىڭلار ئۆزەڭلار ئۈچۈن، مېنىڭ دىنىممۇ ئۆزەم ئۈچۈن! » ( 1 - 6 ).

بۇ سۈرە دۇنيانىڭ ئەڭ جىمغۇر ئىنسانىنى، « ئى تاغا! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى! ئوڭ قولۇمغا كۈننى، سول قولۇمغا ئاينى بەرسىمۇ، ئاللاھ تىن ئەمر كەلمىگۈچە مەن بۇ داۋادىن ھەرگىزمۇ ۋاز كەچمەيمەن! » ( ئىبن ھىشام، ئەس - سىرا، 2 ، 101 ) دەيدىغان تىللارغا داستان قەتئىي ئىرادە نۇقتىسىغا ئېلىپ كەلگەن باسقۇچنىڭ بىشارەتلىرىدىن بىرى ئىدى.

ۋاھىدى ۋە ئىبن ئىسھاق نەقىل قىلغان نازىل بولۇش سەۋەبىگە مۇناسىۋەتلىك بۇ رىۋايەتنى بىلمەي تۇرۇپ بۇ سۈرىنى تولۇق چۈشەنگىلى بولمايدۇ:

« بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ كەبىنى تاۋاپ قىلىۋاتقانىدى. قەۋمىنىڭ ئاقساقاللىرىدىن ئەسۋەد بىن مۇتتەللىپ، ۋەلىد بىن مۇغىرە، ئۇمەييە بىن خەلەف، ئاس بىن ۋائىل ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ مۇنداق بىر تەكلىپ بەردى:

ئى مۇھەممەد! بىز ( بىر يىل ) سېنىڭ رەببىڭگە ئىبادەت قىلايلى، سەنمۇ ( بىر يىل ) بىزنىڭ ئىلاھلىرىمىزغا ئىبادەت قىل. بۇ سايىدە بىز شېرىك بولايلى. ئەگەر سەن ئىبادەت قىلىۋاتقان ئىلاھ بىزنىڭكىدىن خەيرلىك بولسا، بىز ئۇ خەيردىن ئۆزىمىزگە تېگىشلىك نېسىۋىنى ئالىمىز. ئەگەر بىزنىڭ ئىلاھلىرىمىز سېنىڭ ئىلاھىڭدىن خەيرلىك بولسا، سەن ئۇنىڭدىن مەھرۇم قالمىغان بولسەن.

شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ بۇ سۈرىنى نازىل قىلدى. رەسۇلۇللاھ ئەتىسى سەھەردە كەبىدە ئۇلارغا بۇ سۈرىنى ئوقۇدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇلار رەسۇلۇللاھتىن ئۈمىدىنى ئۈزدى ».

ئىبن ئاbbas مۇنداق دەيدۇ: « شۇنىڭ بىلەن ئۇلار رەسۇلۇللاھتىن ئۈمىدىنى ئۈزدى ۋە ئۇنىڭغا، ساھابىلىرىگە مانا شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ئەزىيەت يەتكۈزۈشكە باشلىدى ».

بۇ ئىپادىلەر مەزكۇر سۈرىنىڭ خۇددى نەجم سۈرىسىگە ئوخشاش مەككە مەزگىلىنىڭ بۆرۈلۈش نۇقتىسىدىن بىرسى بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن مۇشرىكلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا قاراتقان سۈكۈت قىلىش، مەسخىرەت قىلىشتەك مۇئامىلىسى رەسمىي ئەزىيەت يەتكۈزۈش، زۇلۇم قىلىش، بېسىم قىلىشقا ئايلانغانىدى.

## مەسەد / تەببەت سۈرىسى

سۈرە بىرىنچى ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان « قۇرۇپ كەتتى ( غەزەپكە ئۇچرىدى ) » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان « تەببەت » كەلىمىسى بىلەن ئاتالغان:

« ئەبۇ لەھەبنىڭ ئىككى قولى ( پۈتۈن كۈچى ) قۇرۇپ كەتسۇن، ئەمەلدە قۇرۇپ كەتتى! » ( 1 ).

تەببەن، ئەرەپچىدە بىر لەنەتلەش ئىپادىسى بولۇپ، رەسۇلۇللاھ سافا تېغىدا قەۋمىنى تەۋھىدكە چاقىرغان ۋاقىتتا، ئۇنىڭغا بىرىنچى بولۇپ ئەبۇ لەھەب قارشى چىققان ۋە رەسۇلۇللاھقا « تەببەن » دېگەن. قۇرئان ئەبۇ لەھەبنىڭ بۇ بەددۇئاسىنى ئۆزىگە قايتۇرغان.

دەسلەپكى مەزگىلدىكى مۇسھاب ۋە تەپسىرلەردە سۈرە مۇشۇ ئىسىم بىلەن تىلغا ئېلىنغان. تىرمىزىدىمۇ بۇ ئىسىم بىلەن ئاتالغان. بەزى مۇسھاب ۋە تەپسىرلەردە سۈرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كەلىمىسى بولغان « مەسەد » بىلەن ئاتالغان.

سۈرە مەككىدە نازىل بولغان. ھەزرىتى ئوسمان ۋە ئىبنى ئابباسنىڭ نۇزۇل تەرتىپىدە فاتىھە سۈرىسىدىن كېيىنلا 6 - ۋە 7 - قاتارغا تىزىلغان. بۇ ئەھۋالدا سۈرىنىڭ نازىل بولۇش تارىخى دەۋەتنىڭ 1 - يىلىنىڭ ئادىنقى يېرىمىغا توغرا كېلىدۇ. يەنە ئىبنى ئابباستىن كەلگەن بۇخارى ۋە مۇسلىم قاتارلىق بىر قانچە مەنبەدە نەقىل قىلىنغان نۇزۇل سەۋەبىگە مۇناسىۋەتلىك رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا، مەزكۇر سۈرە ئەڭ بالدۇر دېگەندە دەۋەتنىڭ 6 - ياكى 7 - يىلىدا نازىل بولغان ۋە 47 - ئورۇندىكى شۇئەرا سۈرىسىنىڭ ئارقىسىغا تىزىلىدۇ. لېكىن، بۇ رىۋايەتلەرنىڭ ھەممىسى تەببەت سۈرىسىنىڭ نازىل بولىشىغا سەۋەب بولغان ئامىل « قەۋمىڭنى ۋە ئۇرۇق - تۇققانلىرىڭنى ئاگاھلاندۇر » ( شۇئەرا، 214 ) ئايىتى بىلەن باشلايدۇ.

بىرىنچى قاراشقا قارىساق، نازىل بولۇش ۋاقتى بەك بالدۇر. چۈنكى، ئەبۇ لەھەب رەسۇلۇللاھنىڭ تاغىسى ۋە مەزكۇر سۈرىنىڭ ئانا تېمىسى بولۇپ، بۇ سۈرە تاغا بىلەن جىيەن ئارىسىدىكى يىرىكلىشىپ ئۇزۇلەي دەپ قالغان زىل مۇناسىۋەتنى بىراقلا ئۈزۈپ تاشلىغان. بۇ مۇناسىۋەتنىڭ يىرىكلىششى ئۇچۇن بەلگىلىك زامان ئۆتكەن بولىشى ۋە بىر قىسىم ۋەقەلەر يۈز بەرگەن بولىشى كېرەك. بۇ سەۋەبتىن نازىل بولۇش ۋاقتىنى دەۋەتنىڭ 1 - يىلى دېگىلى بولمايدۇ.

ئىككىنچى ئېھتىمال نەزەردە تۇتۇلغاندا، يەنى مەزكۇر سۈرە شۇئەرا سۈرىسىنىڭ ئارقىسىغا تىزىلغاندا بەك كېيىن بولۇپ كېتىدۇ. دەۋەت باشلانغان تۇنجى يىل نەزەردە تۇتۇلغاندا، سۈرىنىڭ ئانا تېمىسىغا ئەڭ مۇۋاپىق بولغان نازىل بولۇش ۋاقتى دەۋەتنىڭ 2 - يىلىغا، كافىرۇن سۈرىسىنىڭ ئارقىسىغا توغرا كەلمەكتە.

كافىرۇن سۈرىسىدە، بازارلىق قىلىش (شەرتلىشىش) ھاياتىغا سىڭىپ كەتكەن كاپىرلاردىن سۆز قىلىنغان. بۇ سۈرىدە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بازارلىق قىلىشقا ئەڭ خۇشتار تىپ بولغان بىر ئىسىم، يەنى، ئەبۇ لەھەب كۆپۈرنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە تونۇشتۇرۇلماقتا، يەنى ئەبۇ لەھەب:

تَبَّتْ يَدَا أَبِي لَهَبٍ وَتَبَّ (1) مَا أَغْنَى عَنْهُ مَالُهُ وَمَا كَسَبَ (2) سَيَصْلَى نَارًا ذَاتَ لَهَبٍ (3)

« ئەبۇ لەھەبنىڭ ئىككى قولى ( پۈتۈن كۈچى ) قۇرۇپ كەتسۇن، ئەمەلدە قۇرۇپ كەتتى! ئۇنىڭغا مال - مۈلكى ۋە ئېرىشكەن نەرسىلىرى ئەسقاتمايدۇ. ۋاقتى كەلگەندە ئۇ تىل بىلەن ئىپادىلىگىلى بولمايدىغان لاۋۇلداپ تۇرىدىغان ئوتقا ( ئوتۇن ) بولىدۇ » ( 1 - 3 ).

رەسۇلۇللاھنىڭ تاغىسى ئابدۇلئۇززا، سۈرىدە كىنايىلىك بىر شەكىلدە « لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتنىڭ دادىسى » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان بىر سۈپەت بىلەن تىلغا ئېلىنغان. نۇزۇل سەۋەبىدىكى رىۋايەتلەردىن بىرىسىدە، بۇ شەخسنىڭ خاراكتېرىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بىر بازارلىق قىلىش ۋەقەسى بايان قىلىنغان. ئەبۇ لەھەب رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا كېلىپ: « مەن مۇسۇلمان بولسام ماڭا نېمە ( مۇكاپات ) بار؟ » دەپ سورايدۇ. رەسۇلۇللاھ « باشقىلارغا نېمە بولسا ساڭىمۇ شۇ بار » دەپ جاۋاب بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ: « مېنى باشقىلار بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويغان دىن دىن بولامدۇ؟ » دېگەن. ئۇنىڭ مەنپەئەتپەرەستلىكى بەدىردىمۇ كۆرۈلگەندى. ئۇ جەڭ مەيدانىغا بېرىپ مەرتلەرچە جەڭ قىلىشنىڭ ئورنىغا، ئۆزىنىڭ ئورنىغا ئادەم ياللاپ ئەۋەتكەن.

قۇرئان رەسۇلۇللاھتىن باشقا شۇ دەۋردە ئۆتكەن ئىككى كىشىنىڭلا ئىسمىنى، يەنى ياخشىلاردىن بولغان ھەزرىتى زەيدنى ۋە ئەسكىلەردىن بولغان ئەبۇ لەھەبنى تىلغا ئالغان. ئەبۇ لەھەب بۇ سۈرىدە تارىخى بىر شەخس

ئەمەس، ئىمانغا قارشى قارىغۇلارچە ئۇرۇش قىلغان ئىنكارچىلارنىڭ تىپىك ۋەكىلى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغان. بۇ ئارقىلىق خىتاب قىلىنغۇچىغا:
« ئەبۇ لەھەب ئۆلىدۇ، لېكىن ئەبۇ لەھەبلىك مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ » دەيدۇ.

# فىل سۈرىسى

سۈرە بىرىنچى ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان « فىل » كەلىمىسى بىلەن ئاتالغان:
« رەببىڭنىڭ فىل قوشۇنىنى قانداق قىلغانلىقىنى كۆردۈڭمۇ؟ » ( 1 ).
قۇرئاندا ھايۋان ئىسمى بىلەن ئاتالغان بەش سۈرە بار، يەنى بەقەرە ( كالا )، نەھل ( ھەسەل ھەرىسى )، ئەنكەبۇت ( چىشى ئۆمچۈك )، نەمل ( چۈمۈلە ) ۋە فىل سۈرىلىرى بولۇپ، بۇلاردىن بىرى فىل سۈرىسى. فىل سۈرىسىگە ئەبرەھەنىڭ قوشۇنىنىڭ ئەڭ ئالدىدا ماڭغان پىلنىڭ ئىسمى بېرىلگەن. پىلنىڭ قوشۇن سۆزىگە ئەمەس، قوشۇننىڭ پىلغا ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىشىدە كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان بىر نۇقتا بار. يەنى، پىللار ھەر قانچە مەجبۇرلانغان بولسىمۇ كەبىگە ھۇجۇم قىلىشتىن قاچقان بولۇپ، پىل، قوشۇن ۋە ئۇنىڭ قوماندانلىرىدىن ئەقىللىق ئىدى. شۇڭا سۈرىدە « قوشۇننىڭ پىلى » ياكى « ئەبرەھەنىڭ قوشۇنى » دەپ ئېلىنماي، « پىل قوشۇنى » دەپ ئاتالغان.
مەزكۇر سۈرە بۇخارىدا ۋە قۇرتۇبى نەقىل قىلغان رىۋايەتتە « ئەلەمتەرا » ئىسمى بىلەن تىلغا ئېلىنغان.
سۈرە مەككىدە نازىل بولغان. ھەزرىتى ئوسمان نۇزۇل تەرتىپىدە كافىرۇن - فەلەق سۈرىسى ئارىسىغا جايلاشقان. ئىبنى ئابباس تەرتىپىدە مائۇن - كافىرۇن سۈرىسى ئارىسىغا جايلاشقان. بىزنىڭ ئىزاھاتلىق تەرتىپىمىزدە تەببەت - قۇرەيش سۈرىسى ئارىسىغا توغرا كەلمەكتە. نازىل بولۇش ۋاقتى نۇقتىسىدىن بىز ئىگە بولغان مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، سۈرە رىسالەتنىڭ 2 - يىلىغا توغرا كەلمەكتە. قۇرەيش سۈرىسى بىلەن بۇ سۈرە ئارىسىدا مەزمۇن جەھەتتىن زىچ مۇناسىۋەت بار.
سۈرىنىڭ ئانا تېمىسى، خىتاب قىلىنغۇچىدا كۈچ - قۇۋۋەت ئەخلاقىنى تىكلەشنى مەقسەت قىلىدۇ. مەزكۇر سۈرە تارىخى پىل ۋەقەسىنى مىسال قىلىپ تۇرۇپ، كۈچنى زۇلۇمغا ئىشلەتكەن، كۈچ ئەخلاقىدىن يوقسۇنلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. ئىشغالچى « پىل قوشۇنى ( ئەسھابۇل فىل ) »، ھەر دەۋرىدە مەۋجۇت بولىدىغان زوراۋان كۈچنىڭ سىمۋولى. ئۇلار « مەن كۈچلۈك، شۇڭا مېنىڭ راست ( زامان زورنىڭ ) » دەيدىغان مەنتىق بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ. بۇ مەنتىق بىلەن ھەرىكەت قىلغۇچى ھامان بىر كۈنى زاۋال تاپىدۇ:
أَلَمْ تَرَ كَيْفَ فَعَلَ رَبُّكَ بِأَصْحَابِ الْفِيلِ (1) أَلَمْ يَجْعَلْ كَيْدَهُمْ فِي تَضْلِيلٍ (2)
« رەببىڭنىڭ فىل قوشۇنىنى قانداق قىلغانلىقىنى كۆردۈڭمۇ؟ ئۇ ئۇلارنىڭ ھىيلە - مىكرىنى بەربات قىلمىدىمۇ؟ » ( 1 - 2 ).
سۈرىدە پىل - ئەبابىل ( قۇشلار )دىن ئىبارەت بىر - بىرىگە زىت قۇتۇپلار تىلغا ئېلىنغان:
وَأَرْسَلَ عَلَيْهِمْ طَيْرًا أَبَابِيلَ (3) تَرْمِيهِمْ بِحِجَارَةٍ مِنْ سِجِّيلٍ (4)
« رەببىڭ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە توپ - توپ قۇشلارنى ئەۋەتتى. قۇشلار ئۇلارغا ساپال تاشلارنى ئاتاتتى » ( 3 - 4 ).
بۇ يەردىكى پىل يوغان ۋە كۈچلۈك، لېكىن ھەقسىز زالىمنىڭ؛ ئەبابىل ( قۇشلىرى ) ئۆزى كىچىك، ئەمما زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ سىمۋولى. ئاللاھ بىردىنبىر ۋە ھەقىقىي كۈچ - قۇدرەت ساھىبىدۇر.
خۇلاسىلىگەندە، كۈچكە چوقۇنىدىغان ھەر قانداق ئەخلاقسىزلار ۋە كۈچىگە ئىشىنىپ زومىگەرلىك قىلىدىغان ھاماقەتلەر ھامان بىر كۈنى غەزەپكە ئۇچرايدۇ.

**سۈرىنىڭ تارىخى ئارقا كۆرۈنۈشى**

سۈرە ئىما قىلغان تارىخىي ۋەقەنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى مۇنداق:

ئۆز ۋاقتىنىڭ ئىككى چوڭ كۈچى بولغان پارس بىلەن رىم ئىمپېرىيىسى بىر - بىرى بىلەن رىقابەت ھالىتىدە ئىدى. مىلادى 6 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا بۇ رىقابەت تېخىمۇ كەسكىنلەشكەن. بۇ رىقابەتنىڭ قارا سايىسى مەككىگىمۇ چۈشكەن بولۇپ، نوپۇزلۇق قەبىلىلەر مۇتەييىبىن ۋە ھەلىف ئىسمى بىلەن ئىككى تەرەپكە ئايرىلغان. مۇتەييىبىن دەپ ئاتالغانلار پارس ئىمپېرىيىسى تەرەپتارلىرى بولۇپ، تەخت تالىشىش كۆرەشلىرى سەۋەبىدىن ئۆز ئىچىدە بوغۇشۇۋاتقان شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسى ئاجىزلاشقان، پارسلار ئۇلاردىن ئۈستۈن ئورۇنغا ئۆتكەنىدى. بۇ سەۋەبتىن پارسلار رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى رايونلاردىن ئۆزىگە ئىنتىپاقداش ئىزدەۋاتقانىدى. رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ئوتتۇرا شەرقتىكى ئەڭ كونا نوپۇز دائىرىسى ھەبەشىستان ۋە يەمەن ئىدى.

ھىجاز رايونى بۇ ئىككى كۈچنىڭ نوپۇزى ئاستىغا كىرمىگەن بولۇپ، قەدىمدىن تارتىپ ھاكىم كۈچلەرنىڭ نوپۇزى ئاستىقا كىرىپ باقمىغان. ھىجاز رايونىنىڭ دورا - دەرمەك، خۇش -بۇي باھارات تىجارەت يولى ئارقىلىق شىمال - جەنۇب ئارىسىدىكى تىجارەتتىن كېلىدىغان پايدىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى بۇ رايوندىكى تىجارەتچى ئائىلىلەر ئالاتتى. ئۇلار تىجارەت يولىدا پات - پات پەيدا بولۇپ تۇرىدىغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ۋە يولنىڭ بىخەتەرلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن شۇ دەۋرنىڭ ھاكىم كۈچلىرىدىن بىرسىنىڭ ھىمايىسى ئاستىغا كىرىشكە مەجبۇر بولغانىدى. مانا بۇ سەۋەبتىن مەككىنىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر جەمەتلەردىن بىرى بولغان ھاشىم ئوغۇللىرى ۋە ئىنتىپاقداشلىرىغا قارشى كۈچلۈك بىر كۈچ سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقماقچى بولغان ئەبۇ سۇفيانىنىڭ ئاتىسى ئۇمەييە ئوغۇللىرى ۋە ئەبۇ جەھلىنىڭ ئاتىسى مەھزۇن ئوغۇللىرى رەقىپلىرىگە قارشى مەككىدىكى ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن پارسلارغا يېقىنلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە رىم ئىمپېرىيىسى ۋە ئۇنىڭ مەزكۇر رايوندىكى ۋەكىلى بولغان ھەبەشىستان بىلەنمۇ يېقىن مۇناسىۋەت ئورناتماقچى بولىدۇ.

مىلادى 570 - يىللىرىدا مەككىدىكى ئىران تەرەپتارلىرىنىڭ نوپۇزى كۈچىيىشكە باشلايدۇ. بۇ مەزگىلدە يەمەندە تەختنى تارتىۋالغان ئەبرەھە، ئولپان تاپشۇرۇش شەرتى بىلەن خىرىستىيان ھەبەش دۆلىتىگە ۋە بۇ ئارقىلىق شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ھىمايىسى ئاستىغا كىرىدۇ. ئۇ جەنۇب - شىمال ئارىسىدىكى تىجارەتتىن كېلىدىغان پايدىنى قولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن تىجارەت مەركىزىنى مەككىدىن ساناغا قايدۇرماقچى بولىدۇ ۋە كەبىگە رەقىب سۈپىتىدە بىر چىركاۋ ياسىتىدۇ. ئاندىن بۇ چىركاۋغا قىلىنغان ھۇجۇمنى باھانە قىلىپ، كەبىنى چېقىپ تاشلاش ئۈچۈن پىللار بىلەن جابدۇلغان قوشۇننى ئېلىپ مەككىگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. پىل قوشۇنى مەككىگە يېقىنلاشقاندا ئاللاھ ئەۋەتكەن قۇشلار تەرىپىدىن يەرىيەكسان قىلىنىدۇ.

سۈرە مانا بۇ مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقان سەپەرنى مەككىلىك مۇشرىكلەرگە ئەسلىتىپ، ئۇلارنى رەسۇلۇللاھقا قارشى ئەبرەھەنىڭ رولىنى ئوينىماسلىققا دەۋەت قىلىدۇ ۋە ئاللاھ قا قارشى كۈچ كۆرسەتمەكچى بولغانلارنىڭ ئاقىۋىتى ناھايىتى ئېنىق ھالدا: « چاينىۋېتىلگەن ساماندەك بولۇپ كېتىش » ۋە ھىمايىسىز قېلىش ئىكەنلىكىنى ئىما قىلىدۇ.

بۇ قىسسەنىڭ قۇرئاننىڭ باشقا جايلىرىدا قايتا تەكرارلانماسلىقىدا مۇنداق ئىككى سەۋەب بار:

بىرىنچىسى، پىل قوشۇنىنىڭ ھالاكىتىنىڭ ئاستىدا بىر پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلىش، يالغانچى قاتارىغا چىقىرىش يوق.

ئىككىنجىسى، مۇشرىكلارنىڭ بۇ ۋەقەدىن ئۆزىگە نېسۋە چىقىرىپ، ئۇنى سۇيىئىستىمال قىلماسلىقى نەزەردە تۇتۇلغان.

## قۇرەيش سۈرىسى

سۈرە بىرىنچى ئايەتتە ۋە قۇرئاندا پەقەت مۇشۇ ئايەتتىلا تىلغا ئېلىنغان « قۇرەيش » كەلىمىسى بىلەن ئاتالغان:

« قۇرەيش قوغدالغانلىقى ( بىرلىك ۋە تىرىكلىك ھەققى ) ئۈچۈن، ئۇلار ياز ۋە قىشتا قىلغان تىجارەت سەپەرلىرى قوغدالغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئۆي ( يەنى بەيتۇللاھ )نىڭ رەببى ئۈچۈن ئىبادەت قىلسۇن! » ( 1 - 3 ).

قۇرەيش كەلىمىسى ئىككى سۆز تومۇرىغا نىسبەت قىلىنىدۇ. يەنى، بىرىنچىسى « لەھەڭ » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان « قىرش » سۆز يىلتىزى؛ ئىككىنچىسى، « يىغىش ۋە بىرىكتۈرۈش » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان « قارش » كەلىمىسى. ئەركىلەتمە شەكلىدە كەلگەن قۇرەيشنىڭ مەنىسى بىرىنچى ئېھتىمالدا « لەھەڭ بالىسى »؛ ئىككىنچى ئېھتىمالدا « پارچە پۇل، بىر قانچە تەڭگە » مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. فىھر بىن مالىك ۋەياكى ئۇنىڭ دادىسى قىنانەلى نادىرنىڭ نەسلىدىن كەلگەن مەككە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا مۇقىم ماكانلاشقان قەبىلىلەرنىڭ ئومۇمىي ئىسمى.

مۇسھابىلاردا، تەپسىرلەردە ۋە بۇخارىدا بۇ ئىسىم بىلەن ئاتالغان. ئىككىنچى نەسىل ( تابىئىن ) بۇ سۈرىنى « لى ئىلافى قۇرەيش » ئىسمى بىلەن ئاتىغان.

سۈرە مەككىدە نازىل بولغان. دەسلەپكى مەزگىلدىكى نۇزۇل تەرتىپلىرىنىڭ ھەممىسىدە تىن - قارىئە سۈرىسى ئارىسىغا تىزىلغان. بۇ بىر قانچە نۇقتىدىن توغرا بولمىسا كېرەك. بىرىنچىدىن، تىن سۈرىسى قارىئە سۈرىسىدىن كېيىن، يەنى ئەڭ ئاز بىر يىل كېيىن نازىل بولغان بولىشى مۇمكىن. ئىككىنچىدىن، قۇرەيش سۈرىسى بىلەن پىل سۈرىسى ئارىسىدا مەزمۇن جەھەتتىن زىچ مۇناسىۋەت بار. بىز ئىگە بولغان مەلۇماتلار بۇ سۈرىنىڭ فىل سۈرىسىنىڭ ئارقىسىغا تىزىلسا توغرا بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتمەكتە. يەنى:

دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئالىملاردىن فەررا، ئاھفەش ۋە باشقىلار قۇرەيش سۈرىسىنىڭ بىرىنچى ئايىتى بىلەن فىل سۈرىسىنىڭ ئاخىرقى ئايىتى ئارىسىدا زىچ مۇناسىۋەت بارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ قاراشنى ئايەت مەزمۇنمۇ توغرىلىماقتا. چۈنكى، ئىككى سۈرىدە ئاللاھ تۈنجى خىتاب قىلىنغۇچىلارغا بەرگەن نېمەتلىرىنى ئەسلەتمەكتە. ھەزرىتى ئۆمەر بىر پەرز نامازنىڭ ئىككىنچى رەكئىتىدە باشتا فىل سۈرىسىنى، ئاندىن قۇرەيش سۈرىسىنى ئوقۇغان ( تاباری ). ئۇبەي بىن كائاب مۇسھابىدا بۇ ئىككى سۈرىنىڭ ئارىغا بىسمىللاھ قويماستىن ئارقىمۇ - ئارقا ھالدا تىزىلغانلىقى ھەققىدە رىۋايەتلەر بار. بۇ رىۋايەتلەر ئىككى سۈرىنىڭ بىر سۈرە ئىكەنلىكىنى ئەمەس، مەنا ۋە مەزمۇن جەھەتتىن بىر - بىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەكتە. بۇ مەلۇماتلار نەزەردە تۇتۇلغاندا، سۈرە دەۋەتنىڭ ئىككىنچى يىلىنىڭ ئاخىرى نازىل بولغان دېيىشكە بولىدۇ.

سۈرىنىڭ مەركىزى ئىددىيىسى - بۇ سۈرە فىل سۈرىسىگە ئوخشاش تۈنجى خىتاب قىلىنغۇچىلىرىغا ئاللاھنىڭ بەرگەن كاتتا نېمەتلىرىنى ئەسلىتىدۇ. چۈنكى، مەككە ئاھالىسى بولغان قۇرەيش قەبىلىسى ھەممە نەرسىسىنى جانلىق شاھىت سۈپىتىدە گۇۋاھچى بولۇپ تۇرغان كەبىگە، ئۇنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھ قا قەرزدار. تىجارەتنىڭ قۇرەيش ئۈچۈن قانچىلىك ھاياتى ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلمەستىن بۇ سۈرىنى ياخشى چۈشەنگىلى بولمايدۇ. بۇ ھەقىقەتنى مۇنداق ئىپادىلەش مۇمكىن، تىجارەت بولمىسا قۇرەيش يوق، ئىلاف بولمىسا تىجارەت يوق. بۇ ھەقىقەتنى قۇرەيشنىڭ ئەڭ چوڭ سودىگەرلىرىدىن بىرى بولغان ساففان بىن ئۇمەييەنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئىلافىنىڭ ئىككى قانىتىدىن بىرىنى تىزگىنى ئاستىغا ئالغانلىقىنى ئىپادىلىگەن بۇ سۆزلىرى ناھايىتى روشەن ئىپادىلەپ بەرمەكتە:

« قانداق قىلىمىز، قەيەرگە بارىمىز، بىلەلمەيۋاتىمىز. بۇ يەردە ئولتۇرۇپ قالساق، دەسمايىمىزنى يەپ تۈگىتىمىز. مەككىدىكى مەۋجۇدىيىتىمىز ياز شام، قىشتا ھەبەشىستان بىلەن بولغان تىجارەتكە تايىنىدۇ » ( ۋاقىدى، مەغازى، بەيرۇت، 1404، 197 - بەت ).

لېكىن، بۇ رىئاللىقنىڭ پەقەت يېرىمى. ھەقىقەتنى بۇ جۈملە ئەڭ ياخشى شەكىلدە ئىپادىلىگەن: « ئەگەر كەبە بولمىسا، تىجارەتمۇ، ئىلافمۇ بولمايدۇ. كەبە بەرىكىتىنى ئۆزىدىن ئەمەس، رەببىدىن ئالىدۇ ». سۈرە بۇ ھەقىقەتنى ئەسلىتىدۇ:

فَلْيَعْبُدُوا رَبَّ هَذَا الْبَيْتِ (3) الَّذِي أَطْعَمَهُمْ مِنْ جُوعٍ وَآمَنَهُمْ مِنْ خَوْفٍ (4)

« ئىبادەتنى بەيت ( بەيتۇللاھ )نىڭ رەببىگە قىلسۇن. چۈنكى، ئۇ ( ئاللاھ ) ئۇلارنى ئاچلىقتا تويغۇزدى، ھەر خىل خېيىم - خەتەردىن ساقلاپ ئەمىن قىلدى » ( 3 - 4 ).

دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك نۇقتا، ئىبادەتنى بەيت ( بەيتۇللاھ ) كە ئەمەس، ئۇنىڭ رەببىگە قىلسۇن... بۇ ئارقىلىق نانغا ئەمەس، نان بەرگۈچىگە رەھمەت ئېيتسۇن دېمەكتە بۇ ئايەت.

# قارىئە سۈرىسى

سۈرە ئالدىنقى ئايەتلەردە تىلغا ئېلىنغان « دەھشەتلىك پارتلاش، پاجىئە » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان « قارىئە » كەلىمىسى بىلەن ئاتالغان:

« ئاھ ئۇ دەھشەتلىك پارتلاش! ( ئى خىتاب قىلىنغۇچى ) ئۇ دەھشەتلىك پارتلاشنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى ( ئەگەر بىلسەڭ ئىدىڭ )! توغرا، سەن ئۇ دەھشەتلىك پارتلاشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى قانداقمۇ بىلەلەيسەن؟ » ( 1 - 3 ).

قۇرئاندا پەيدا بولۇش ۋە بۇزۇلۇپ يېگى بىر باسقۇچقا كىرىشتىن ئىبارەت ھەقىقەتنىڭ ئۆزى بىلەن ياكى بىرەر ئالاھىدىلىكى بىلەن ئاتالغان سۈرىلەرنىڭ سانى 14 بولۇپ، ئۇلار دۇخان، جاسىيە، ۋاقىئە، ھاققا، قىيامەت، نەبە، تەكۋىر، ئىنفىتار، ئىنشىقاق، غاشىيە، فەجر، زەلزەلە، فەلەق ۋە قارىئە سۈرىسىدىن ئىبارەتتۇر.

بارلىق مۇسھابلاردا، تەپسىرلەردە ۋە ھەدىس كىتابلىرىدا بۇ ئىسىم بىلەن ئاتالغان.

سۈرە مەككىدە نازىل بولغان. دەسلەپكى مەزگىلدە تىزىلغان نۇزۇل تەرتىپلىرىنىڭ ھەممىسىدە قۇرەيش - قىيامەت سۈرىسى ئارىسىغا يەرلەشتۇرۇلگەن. لېكىن قىيامەت سۈرىسىنىڭ بۇ سۈرىنىڭ ئارقىسىغا تىزىلىشى توغرا بولمىسا كېرەك. چۈنكى قىيامەت سۈرىسى بۇ سۈرىدىن ئەڭ ئاز بىر يىل كېيىن نازىل بولغان بولسا كېرەك. ئابدۇللاھ ئىبن مەسئۇد ئىنسان سۈرىسىنى قىيامەت سۈرىسىنىڭ ئالدىغا تىزغان. بۇ سۈرىنىڭ ئەڭ مۇناسىپ يېرى قۇرەيش - فەلەق سۈرىسىنىڭ ئارىسىدۇر. سۈرە دەۋەتنىڭ 3 - يىلىدا نازىل بولغان بولسا كېرەك. بۇ قۇرئان ۋەھيىنىڭ تۇنجى خىتاب قىلىنغۇچىلىرىنى رىسالەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىن باشلاپلا قىيامەت ۋە ئاخىرقى سائەت بىلەن ئاگاھلاندۇرۇشقا باشلىغانلىقىنىڭ شاھىتى.

ھەر يولۇچىنىڭ بىر يولى، ھەر يولنىڭ بىر چېكى بولىدۇ. دۇنيادىكى ئىنسان يولۇچى بولغان يەردە، دۇنيامۇ يولۇچى بولمامدۇ؟ ئۇمۇ بىر يولۇچى، ئۇنىڭمۇ بىر ئاخىرقى نۇقتىسى بار. لېكىن، دۇنيانىڭ ئاخىرقى چېكى ھاياتنىڭ ئاخىرلىششى ئەمەس. چۈنكى، دۇنيا ھاياتى ھاياتنىڭ ۋۇجۇدىغا ئوخشايدۇ. ھەر نەرسىنىڭ بىر روھى بولغاندەك، بۇ دۇنيا ھاياتىنىڭمۇ بىر روھى بار. ئۇ روھ ئاخىرەت بولۇپ، ئاخىرەتسىز دۇنيا ھاياتى، روھسىز بىر مېيىتقا ئوخشايدۇ. سۈرە مانا بۇ روھ ھەققىدە ئىمالىق شەكىلدە توختىلىدۇ. يەنى، ئاخىرەت- قايتىدىن تىرىلىش ۋە ھېساپ ئېلىنىدىغان كۈندىن ئىبارەت ھەقىقەت ئۈستىدە توختىلىدۇ... بىزگە ئاللاھ تىن باشقا ھېچكىم خەۋەر بېرەلمەيدىغان ئاخىرقى سائەت ۋە قىيامەت ھەققىدە بىۋاستە ھالدا ئۇچۇرلارنى بېرىدۇ. يەنى، بۇ سۈرىدە ئىنسانلار پەرۋانىدەك بولۇپ كېتىدىغان، بىزگە قوزۇقتەك قېقىلغان، مىدىرلىماس دەپ بىلىنىدىغان تاغلار ئېتىلغان يۇڭدەك بولۇپ كېتىدىغان بىر ۋاقىتنىڭ دەھشىتىدىن خەۋەر بەرمەكتە.

يَوْمَ يَكُونُ النَّاسُ كَالْفَرَاشِ الْمَبْثُوثِ (4) وَتَكُونُ الْجِبَالُ كَالْعِهْنِ الْمَنْفُوشِ (5)

« ئۇ كۈنى ئىنسانلار تارىلىپ كەتكەن پەرۋانىدەك بولۇپ كېتىدۇ. تاغلار ئېتىلغان يۇڭدەك بولۇپ كېتىدۇ » ( 4 - 5 ).

ئۇنىڭدىن كېيىن ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ تەبىئىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر كېلىدۇ. ئىنساندىن كەمچىلىكسىز بولۇشنى كۈتكىلى بولمايدۇ. ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ خاتالىق ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى، كەمچىلىكىنىڭ بارلىقىنى ئوبدان

بىلدۇ. ئاللاھ بەندىلىرىدىن كۈتىۋاتقان نەرسە ياخشىلىقى يامانلىقىدىن ئېخىمۇ ئېغىر توختايدىغان بىر ھايات كەچۈرۈشى بولۇپ، تۆۋەندىكى ئايەتلەر بۇ ھەقىقەتنى ئەسلىتىدۇ:

فَأَمَّا مَنْ ثَقُلَتْ مَوَازِينُهُ (6) فَهُوَ فِي عِيشَةٍ رَاضِيَةٍ (7) وَأَمَّا مَنْ خَفَّتْ مَوَازِينُهُ (8) فَأُمُّهُ هَاوِيَةٌ (9)

« ياخشىلىقى ئېغىر توختىغان كىشىگە كەلسەك، ئۇ ئۆزىنى تىل بىلەن ئىپادىلىگىلى بولمايدىغان كۆڭۈللۈك تۇرمۇش ئىچىدە كۆرىدۇ. ياخشىلىقى يەڭگىل توختىغان كىشىگە كەلسەك، ئۇ ئۆزىنى تېگى يوق بىر ھاڭنىڭ ئىچىدە كۆرىدۇ » ( 6 ـ 9 ).

قۇرئاندىكى تىلغا ئېلىنغان قىيامەت ۋە ئاخىرقى سائەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك سەھنىلەرنىڭ مۇنداق ئۈچ ئوخشاشلىقى بار:

بىرىنچى: قاتتىق شىددەتلىك ۋە دەھشەتلىك.

ئىككىنجى: ناھايىتى زىل ۋە سىكۈنتلىق ( بەلگىلەنگەن ۋاقىت توشقاندا تۇيۇقسىز، سىكۇنت كېچىكمەستىن رىئاللىققا ئايلىنىدۇ ).

ئۈچىنچى: ۋۇجۇدقا چىقارغۇچى ئەمەس، يۈز بېرىش جەريانىدا بولىدىغان ۋەقەلەر تەكىتلىنىدۇ.

( بۇ ئۈچ نۇقتا ئۈچۈن ئۆرنەك سۈپىتىدە ئىنشىقاق سۈرىسىگە قاراڭ ).

بۇلاردىن شۇ خۇلاسىنى چىقىرىش مۇمكىن:

بىرىنچى، قىيامەت ۋە ئاخىرقى سائەتتىكى ۋەقە ـ ھادىسىلەر ئالدىن بەلگىلەنگەن پرىنسىپ بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ.

ئىككىنجى، بۇلارنىڭ رويابقا چىقىشى سىرتقى كۈچنىڭ تەسىرىگە مۇھتاج بولمىغىدەك شەكىلدە ئالدىنئالا بەلگىلەنگەن.

ئۈچىنچى، قىيامەت تۇيۇقسىز، بىشارەت بەرمەستىن ( باغتەتەن ) مەيدانغا كېلىدۇ.

تۆتىنچى، بۇ باسقۇچنىڭ باشلىنىشىدا ئىنساندىن ئىبارەت ئىرادىلىك مەخلۇقلارنىڭ قىلغان قىلمىشلىرى رول ئوينايدۇ. چۈنكى ئىنساننىڭ قىلمىشى بىلەن ئاخىرقى سائەت ئارىسىدا سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتى بار. يەنى، ئى ئىنسان! شۇ كائىنات ئىچىدىكىلەر مەۋجۇدىيەت بىلەن زىچ مۇناسىۋەتكە ئىگە. دۇنيانىڭ چەت بىر يېرىدە مەيدانغا كەلگەن زۇلۇم، كائىناتنىڭ بىپايان بىر ئۇچىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

# فەلەق سۈرىسى

سۈرە بىرىنچى ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان « يېرىپ چىقارغۇچى » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان « فەلەق » كەلىمىسى بىلەن ئاتالغان:

« ( ئى خىتاب قىلىنغۇچى! )، ( يوقلۇق ) قاراڭغۇلۇقنى يېرىپ مەۋجۇدلۇق ( يورۇقلۇق )قا چىقارغان سەھەرنىڭ رەببىگە سېغىنىمەن، دېگىن » ( 1 ).

فەلەق ئىسمى، بارلىق مەۋجۇدىيەت تەۋە بولغان « يارتىلىش ۋە بۆزۈلۈش » قانۇنىيىتىدىن « يارتىلىش » قانۇنىيىتىنى ئىما قىلغان بولۇپ، بۇ ئىنفىتارغا ئوخشاش بىر « يېڭىدىن پەيدا بولۇش »نى كۆرسەتمەيدۇ. ئەكسىچە، فەلەق « فەجر »گە ئوخشاش دەسلەپكى يارىتىلىشنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇ يوقلۇق كېچىسىگە خاتىمە بەرگەن مەۋجۇدلۇق ئۇرۇقىنىڭ بىخ تارتىشىدۇر.

بارلىق مۇسھابىلاردا ۋە تەپسىرلەرنىڭ كۆپ قىسمىدا بۇ ئىسىم بىلەن ئاتالغان. رەسۇلۇللاھتىن نەقىل قىلىنغان بىر سەھىھ ھەدىستە، بۇ سۈرە « بىرىنچى ئايەت » بىلەن ئاتالغان.

سۈرە مەككىدە نازىل بولغان بولۇپ، سۈرىدىكى تىل ئۇسلۇبى ۋە مەزمۇنى بۇنى تەستىقلايدۇ. ئىبن ئابباستىن ئەبۇ سالىھ ئارقىلىق كەلگەن بىر رىۋايەتتە، سۈرە مەدىنىدە نازىل بولغان دەپ كۆرسىتىلگەن. قۇرەيب يەنە ئوخشاش مەنبەدىن بۇنىڭ دەل ئەكسىچە بولغان بىر رىۋايەتنى نەقىل قىلىدۇ. ئىبن ئابباسنىڭ قۇلى ۋە تالىبى بولغان ئىكرىمە، ئاتا بىن ئەبى راھا ۋە ھەسەن ئەلبەسرى سۈرىنى مەككىدە نازىل بولغان دەيدۇ.

مەدىنىدە بىر يەھۇدىينىڭ ئاللاھ رەسۇلىغا قارىتا سېھىر ئىشلەتمەكچى بولغانلىقى سەۋەبىدىن نازىل بولغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ، بۇ رىۋايەت سۈرىنىڭ نازىل بولغان جايى ھەققىدىكى ناتوغرا چۈشەنچىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولغان. ئەگەر چوقۇم بىر نازىل بولۇش سەۋەبى بار دەپ قارىساق، بۇ مۇشرىكلارنىڭ رەسۇلۇللاھ ئۇچۇن ئېيتقان « سىلەر سېھىرلەنگەن ئادەمگىلا ئەگىشىۋاتىسىلەر » ( ئىسرا، 47 ) دېگەندەك تۆھمەتكە ئوخشايدىغان بىرەر سەۋەب بار بولسا كېرەك. قۇرئان رەسۇلۇللاھقا قارىتىلغان بۇ خىل تۆھمەتلەرنى كەسكىنلىك بىلەن رەت قىلماقتا.

ھەزرىتى ئوسمانغا نىسبەت قىلىنغان نۇزۇل تەرتىپىدە فىل - ناس سۈرىسى ئارىسىغا تىزىلغان. ئىبن ئابباسقا نىسبەت قىلىنغان نۇزۇل تەرتىپىدە سۈرە مەدىنىدە نازىل بولغان سۈرىلەر قاتارىدا ئاخىرىدىن سانىغاندا 2 - سۈرە، يەنى 113 - سۈرە قىلىپ تىزىلغان. بۇ تىزىلىشنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان رىۋايەتتىن باشقا ئىزاھاتى يوق.

ھەزرىتى ئوسمان تەرتىپىگە ئاساسلانغاندا، بۇ سۈرە رىسالەتنىڭ 3 - يىلىدا نازىل بولغان بولسا كېرەك. بۇ مەزگىل سۈرىنىڭ مەزمۇنىغا ماس كېلىدۇ. جاھىلىيەت كېچىسىنى يېرىپ چىققان قۇرئان تاڭ سەھىرىدىن خۇش بىشارەتتىن خەۋەر بەرگەن بۇ سۈرىنى، غەيىپتىن بىر خەۋەر دەپ قاراشقا بولىدۇ.

فەلەق سۈرىسى دەسلەپكى مەزگىلدە نازىل بولغان باشقا سۈرىلەرگە ئوخشاش خىتاب قىلىنغۇچىدا بەلگىلىك ئاڭ شەكىللەندۈرۈشنى مەقسەت قىلماقتا. سۈرىنىڭ بۇيرۇق تەكرارى ( قۇل - ئېيتقىنكى ) بىلەن باشلىنىشى، « ئى مۇھاتاب، سېنى تەربىيلەيمەن » دېگەن مەننى بىلدۈرىدۇ ۋە مۇھاتابنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە مەركەزلەشتۈرىدۇ. بۇ سۈرە ئىنسان ئىرادىسىنىڭ كۆرۈنمەيدىغان ۋە بىلىنمەيدىغان نەرسە تەرىپىدىن ئەسىر ئېلىنىشىغا قارشى ئالاھىدە بىر مۇداپىئە ئۇسلۇبىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. يەنى، « رەببىڭگە سېغىن ». بۇ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىنسانلارنىڭ جاھىلىيەتنىڭ « يامانلىق تەڭرىسى » چۈشەنچىسى بىلەن ئېڭىدا ئۆزلەشتۈرگەن شەيتان ۋە جىن تەسەۋۋۇرىنى رەت قىلغانلىقتۇر. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مەزكۇر سۈرە ئىجاد قىلىنغان ۋە ئىجاد قىلغۇچىنى ئەسىر ئېلىۋالغان قورقۇنچلىرىنى تەربىيلەش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

سۈرە، كۆرۈنمەيدىغان ۋە بىلگىلى بولمايدىغان مەۋجۇدىيەتلەردىن قورقۇشنىڭ ئىنساننىڭ ئاللاھ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىكى ئاجىزلىقتىن كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى ئەسكەرتمەكتە. سۈرە، ئاللاھ نىڭ كۆرۈنىدىغان ۋە كۆرگىلى بولمايدىغان، بىلگىلى بولىدىغان ۋە بىلگىلى بولمايدىغان بارلىق مەخلۇقلارنىڭ رەببى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ ۋە مۇھاتابىنى بارلىق مەۋجۇدىيەتنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەپ رەببىگە سېغىنىشقا بۇيرىماقتا:

قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ الْفَلَقِ (1) مِنْ شَرِّ مَا خَلَقَ (2)

« ( ئى خىتاب قىلىنغۇچى! )، ( يوقلۇق ) قاراڭغۇلۇقنى يېرىپ مەۋجۇدلۇق ( يورۇقلۇق )قا چىقارغان سەھەرنىڭ رەببىگە سېغىنىمەن، ئۇ ياراتقان بارلىق شەيئىلەرنىڭ شەررىدىن ئۇنىڭغا سېغىنىمەن، دېگىن » ( 1 - 2 ).

سۈرە، كۆرگىلى بولمايدىغان ۋە بىلىنمەس مەخلۇقلار ئالدىدا ئاللاھ تىن غەيرىگە سېغىنىشنى رەت قىلىدۇ. چۈنكى، مۇشرىكلار جىنلارغا سېغىناتتى ( سۈرە جىن، 6 ).

سۈرە، ئىمان ئېيتقان كىشىگە ئاللاھ قا سېغىنىشنى ئۆگەتمەكتە ۋە تەنبىھلىمەكتە. ئىنسان نېمە ئۇچۇن رەببىگە سېغىنىدۇ؟ ئىنسان پەقەت جىن ۋە شەيتانغا ئوخشاش كۆرۈنمەيدىغان ۋە بىلگىلى بولمايدىغانلار دۇنياسى سەۋەب بولغان ۋەھىمىدىن كېلىپ چىققان قورقۇنچلار سەۋەبىدىنلا ئەمەس، « جاھالەت قاراڭغۇلۇقى » دەك ئۆزىنى بىلەلمەي قالغان ئەھۋالدىمۇ « رەببىگە سېغىنىدۇ ». قەلبىنىڭ ئەقىل بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ تاشلاپ ئىنسانلارنى « بىلىمنىڭ ئورنىغا قورقۇنچقا، مۇۋاپىق بولغان نەرسىگە ئەمەس، مەخسۇس بولغانغا؛

مەنانىڭ ئورنىغا ھاياجانغا چاقىرغان دەم سالغۇچىلار »غا ئوخشايدىغان ساختىپەزلەردىن ۋە « ھەسەتخورنىڭ ھەستى » گە ئوخشاش يامان تۈيغۇلاردىن پاناھلىق تىلەپ رەببىگە سېغىنىدۇ. يەنى:

وَمِنْ شَرِّ غَاسِقٍ إِذَا وَقَبَ (3) وَمِنْ شَرِّ النَّفَّاثَاتِ فِي الْعُقَدِ (4) وَمِنْ شَرِّ حَاسِدٍ إِذَا حَسَدَ (5)

« ( ئەقىل - ئىرادىنى ) باستۇرغان ۋاقتىنىڭ، زەھەرلىك - زۇلمەتلىك بىر ( جاھالەت ) قاراڭغۇلۇقنىڭ شەررىدىن ۋە تۈگۈنلەرگە دەم سالغۇچى سېھرگەرنىڭ شەررىدىن ۋە ھەسەتخورنىڭ ھەسەت قىلغان چاغدىكى شەررىدىن ( ئاللاھ قا ) سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن » ( 3 - 5 ).

ئاللاھ مۆئمىن ئۈچۈن بىردىنبىر ساغلام پاناھلىق مەركىزىدۇر.

قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ النَّاسِ (1) مَلِكِ النَّاسِ (2) إِلَهِ النَّاسِ (3) مِنْ شَرِّ الْوَسْوَاسِ الْخَنَّاسِ (4) الَّذِي يُوَسْوِسُ فِي صُدُورِ النَّاسِ (5) مِنَ الْجِنَّةِ وَالنَّاسِ (6)

# ناس سۈرىسى

« ئىنسانىيەت » ۋە « ئىنسانلار » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان سۈرە ئىسمى « ناس » مەزكۇر سۈرىدە ئۈچ قېتىم تەكرارلانغان:

« ( ئەي خىتاب قىلىنغۇچى! ) ئىنسانلارنىڭ رەببى، ئىنسانلارنىڭ ئىگىسى، ئىنسانلارنىڭ ئىلاھى ( ئاللاھ )غا سېغىنىمەن، دېگىن! » ( 1 - 3 ).

بارلىق مۇسھابلارنىڭ ئاللاھ نىڭ ئىسمى بىلەن باشلىنىپ (ئەلھەمدۇلىللاھى رەببىل ئالەمىين)، « ئىنسانىيەت » ئىسمى بىلەن ئاخىرلىششى ناھايىتى مەنىلىك بولۇپ، بۇ تاسادىپىيلىق ئەمەس. « رەب »، مەلۇم بىر تاللانغان تەبىقىنىڭ، سىنىپنىڭ ياكى مەلۇم بىر ئېتىقاد گۇرۇھىنىڭ، بەلگىلىك جامائەتلەرنىڭ ۋە دىن مەنسۇبىنىڭ رەببى ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ رەببىدۇر.

مەزكۇر سۈرە مۇسھاب ۋە تەپسىرلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە « ناس » ئىسمى بىلەن تىلغا ئېلىنغان. بۇ سۈرىنى رەسۇلۇللاھ بىرىنچى ئايىتى بىلەن ئاتىغان.

سۈرە مەككىدە نازىل بولغان. بارلىق قۇرئان نۇزۇل تەرتىپىدە بۇ سۈرە فەلەق - ئىخلاس سۈرىسى ئارىسىدا ئورۇن ئالغان. سۈرە رىسالەتنىڭ 3 - يىلى نازىل بولغان بولسا كېرەك.

رەسمىي مۇسھاب تەرتىپلىرىدە مەزكۇر سۈرە 114 - قاتارغا تىزىلغان. بۇ سايىدە ئاللاھ نىڭ ئىسمى بىلەن باشلانغان مۇسھاب، « ناس ( ئىنسانلار ) » سۈرىسى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. ئاللاھ ۋەھيىنىڭ مەنبەسى، ئىنسان ۋەھيىنىڭ نىشانى. ۋەھيىنىڭ ئىككى مەقسىتى بار، يەنى تەۋھىد ۋە ئادالەت. بىرىنچىسى، بەندىدىن ئاللاھ قا؛ ئىككىنجىسى، بەندىدىن ئىنسانغا قارىتىلغان. ئىلاھىي خىتاب بۇ سەۋەبتىن بىر ئۈچى ( بېشى ) سامادا، يەنە بىر ئۈچى ( ئايىغى ) يەردە بولغان بىر خىتابتۇر. ئۇنىڭ ئاياقلىرىنى ئىنسانىيەت تەمسىل قىلماقتا.

ناس سۈرىسى، دەسلەپكى مەزگىلدە نازىل بولغان باشقا سۈرىلەرگە ئوخشاش خىتاب قىلىنغۇچىدا بەلگىلىك ئاڭ شەكىللەندۈرۈشنى مەقسەت قىلماقتا. فەلەق سۈرىسىدە « فەلەق »نىڭ رەببىگە سېغىنىش تەۋسىيە قىلىنغان بولسا، بۇ سۈرىدە « ئىنسانىيەت »نىڭ رەببىگە سېغىنىش تەۋسىيە قىلىنماقتا:

قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ النَّاسِ (1) مَلِكِ النَّاسِ (2) إِلَهِ النَّاسِ (3)

« ( ئەي خىتاب قىلىنغۇچى! ) ئىنسانلارنىڭ رەببى، ئىنسانلارنىڭ ئىگىسى، ئىنسانلارنىڭ ئىلاھى ( ئاللاھ )قا سېغىنىمەن، دېگىن! » ( 1 - 3 ).

فەلەق سۈرىسىدە كېچىنى « يامانلىق ئىلاھى » دەپ تەسەۋۋۇر قىلىش رەت قىلىنىدۇ. ناس سۈرىسىدە كۆرۈنىدىغان ۋە كۆرۈنمەيدىغان، ئىنسان ۋە جىن شەيتانلارنىڭ « يامانلىق ئىلاھى » دەپ تەسەۋۋۇر قىلىنىشى رەت قىلىنىدۇ:

مِنْ شَرِّ الْوَسْوَاسِ الْخَنَّاسِ (4) الَّذِي يُوَسْوِسُ فِي صُدُورِ النَّاسِ (5) مِنَ الْجِنَّةِ وَالنَّاسِ (6)

« كىشىلەرنىڭ دىللىرىدا دائىم ۋەسۋەسە قىلغۇچى جىنلاردىن ۋە ئىنسانلاردىن بولغان شەيتانلارنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن » ( 4 ـ 5 ).

سۈرىنىڭ ئاخىرقى ئايىتىدىن « شەيتان » ئىسمىنىڭ پەقەت كۆرگىلى بولمايدىغان مەۋجۇدىيەتلەرنىڭ شەررىگىلا قارىتىلماستىن، ئىنساننىڭمۇ يامانلىق ئىلىپ كەلگۈچىلىرىگە قارىتىلغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئىنساندىن ئىنسانلارنىڭ رەببىگە سېغىنىمىز. سۈرىدە شەيتاننىڭ « رەب »كە ئىزافەت ( ئېنىقلىغۇچى ) بولۇپ كەلمەسلىكى، شەيتاننىڭ ئىسيان سەۋەبىدىن ئىلاھىي تەربىيىنى رەت قىلغانلىقى، ئىنساننىڭ تەۋبە بىلەن ئىلاھىي تەربىينى قوبۇل قىلغانلىقى مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ سۈرىنىڭ تۇنجى خىتاب قىلىنغۇچىسى رەسۇلۇللاھ بولۇپ، ئۇنىڭدا پەقەت كۆرۈنمەيدىغان مەخلۇقلارغىلا ئەمەس، ئىنسانلار ئارىسىدىكى شەيتانلاشقان كىشىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن پاناھ تىلەپ ئاللاھ قا سېغىنىش ئېڭىنى بەرپا قىلىشنى مەقسەت قىلغان. بۇ بىر ئىلاھىي تەسەللى بولۇشتىن زىيادە، بىر كاپالەت مەنىسىگە ئىگە. چۈنكى، بۇ ئىلاھىي كاپالەتنىڭ ئەڭ ئېغىر شارائىتتا قانداق نامايەت بولغانلىقىغا تارىخ شاھىت.

يىغىنچاقلىغاندا، ئاللاھ ئۆزىگە سېغىنىپ پاناھلىق تىلىگۈچىنى پەقەت كۆرۈنمەيدىغان مەخلۇقلارنىڭ شەررىدىنلا ساقلاپ قالماي، پاناھلىق تىلىگۈچىنىڭ ئۆز جىنسىدىن بولغان بارلىق يامانلىقلارنىڭ شەررىدىنمۇ ساقلايدۇ.

ئاللاھ نىڭ « ئىنسانلارنىڭ رەببى » بولىشى، ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭمۇ خۇددى بىر شەخسكە ئوخشاش ئىلاھىي تەربىيىنىڭ نىشانى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەكتە. بۇ ھەقىقەت:

« شۈبھىسىزكى، بىر قەۋمنىڭ ئەزالىرى ئۆزىنىڭ ھالىنى ئۆزگەرتمىگۈچە، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ » ( رەئىد، 11 ـ ئايەت ) ئاساسىدا چۈشىنىلىشى كېرەك.

## ئىخلاس سۈرىسى

سۈرە، مۇھاتابىنىڭ « ئاللاھ » تەسەۋۋۇرىنى شېرىكتىن خالىي قىلغانلىقى ئۈچۈن « ئىخلاس » ئىسمى بىلەن ئاتالغان. مەزمۇنغا مۇناسىپ ھالدا تەۋھىد سۈرىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

بەزى رىۋايەتلەردە بىرىنچى ئايىتى بىلەن ئاتالغان.

سۈرە مەككىدە نازىل بولغان بولۇپ، سۈرىنىڭ ئۇسلۇبى ۋە مەزمۇنىمۇ بۇ قاراشنى كۈچلەندۈرمەكتە. دەسلەپكى نۇزۇل تەرتىپلىرىنىڭ ھەممىسىدە مەككىدە نازىل بولغان سۈرىلەر قاتارىغا تىزىلغان. مەدىنىدە نازىل بولغانلىقى ھەققىدىكى قاراشلار سەۋەبى نۇزۇل رىۋايەتلىرىگە ئاساسلانغان بولىسا كېرەك. ھەزرىتى ئوسمانغا نىسبەت قىلىنغان نۇزۇل تەرتىپىدە فەلەق ۋە ناس سۈرىلىرىنىڭ ئارقىسىغا، نەجم سۈرىسىنىڭ ئالدىغا تىزىلغان. ئىبنى ئاباس تەرتىپىدە كافىرۇن ـ نەجم سۈرىسى ئارىسىغا يەرلەشتۈرۈلگەن. سۈرە رىسالەتنىڭ 3 ـ يىلىدا نازىل بولغان بولىشى مۇمكىن.

ئىخلاس سۈرىسى، كەلىمەئى تەۋھىد ( لا ئىلاھە ئىللەللاھ )نىڭ تەپسىرى خاراكتېرىدە بولۇپ، ئۈچ بولۇشلۇق ۋە ئۈچ بولۇشسىزدىن ئىبارەت ئالتە جۈملىدىن تەركىپ تاپقان. سۈرىنىڭ ئاساسىي تېمىسى تەۋھىد

بولۇپ، خىتاب قىلىنغۇچى ئېگىدا توغرا بولغان ئاللاھ تەسەۋۋۇرىنى شەكىللەندۈرۈشنى مەقسەت قىلماقتا. ھەر جۈملە ئارىسىدا سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتى بار:

قُلْ هُوَ اللَّهُ أَحَدٌ (1) اللَّهُ الصَّمَدُ (2) لَمْ يَلِدْ وَلَمْ يُولَدْ (3) وَلَمْ يَكُنْ لَهُ كُفُوًا أَحَدٌ (4)

« ( ئى مۇھاتاب! ) ئېيتقىنكى، ئۇ - ئاللاھ بىردۇر، سامەدتۇر ( ھەممە ئاللاھ قا مۇھتاجدۇر ). ئاللاھ بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس. ھېچقانداق مەۋجۇدىيەت ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ » ( 1 - 4 ).

ئاللاھ بولىشى نەتىجە، قالغانلىرى سەۋەب بولغاندا بۇنىڭ مەنىسى مۇنداق بولىدۇ:

ئۇ ئاللاھ تۇر. چۈنكى، تەڭدىشى ۋە ئوخشىشى يوقتۇر. سامەدتۇر، بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس، ھېچقانداق بىر مەۋجۇدىيەت ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ.

ئاللاھ بولىشى سەۋەب، قالغانلىرى نەتىجە بولغاندا، ئۇنىڭ تەڭدىشى ۋە ئوخشىشى يوقتۇر. ئۇ سامەدتۇر، ئۇ بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس. ھېچقانداق بىر مەۋجۇدىيەت ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئاللاھ تۇر.

سۈرە تەۋھىد سۈرىسى بولۇپ، تەۋھىد ئاللاھ نى ئاللاھ تونۇشتۇرغان شەكىلدە بىلىشتۇر.

ئىخلاس سۈرىسى بىر پۈتۈن ھالىتىدە ئاللاھ نى تونۇشتۇرىدۇ. بەندىنىڭ رەببىگە ئىخلاس بىلەن يۈزلىنىشىنى ئىما قىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ مەزكۇر سۈرىنى « قۇرئاننىڭ ئۈچتىن بىرىگە تەڭ كېلىدۇ » دېگەن ( بۇخارى ۋە مۇسلىم ). بۇ مەدھىيە سۈرىنىڭ مەزمۇنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، قۇرئاننىڭ ئاساسلىق تېمىلىرى تەۋھىد، نۇبۇۋۋەت ۋە ئاخىرەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. رەسۇلۇللاھ بامدات نامىزىنىڭ ئىككى رەكەت سۈننىتى ۋە ھېيت نامازلىرىدا بۇ سۈرىنى كافىرۇن سۈرىسى بىلەن قوشۇپ ئوقۇيتتى. سۈرىنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى ھەققىدە توغرا بولغان رىۋايەت، ئىبنى مەسئۇد، ئۇبەي بىن كائاب ۋە جابىر بىن ئابدۇللاھتىن ئايرىم - ئايرىم ھالدا كەلگەن تۆۋەندىكى رىۋايەتتۇر:

« قۇرەيش رەسۇلۇللاھقا: " بىزگە رەببىڭنى تونۇشتۇرغىن! " دېدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ سۈرە نازىل بولدى » ( تىرمىزى، تەپسىر 3361،3362 ).

بۇ سۈرە ئاللاھ نى تونۇشتۇرغان بولۇپ، بۇ سەۋەبتىن مەزكۇر سۈرە ۋەھيىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەزكۇر سۈرە مەۋجۇدىيەتنىڭ ئەڭ يۇقىرىسى بولغان ئاللاھ تىن سۆز قىلماقتا.

قۇرئاندا ئاللاھ نى تونۇشتۇرغان ئايەتەل كۇرسى ۋە ھەشر سۈرىسىنىڭ ئاخىرقى ئايەتلىرىمۇ بار. لېكىن، ئىخلاس سۈرىسى ئاللاھ نى تونۇشتۇرغان مۇستەقىل سۈرىدۇر.

# نەجم سۈرىسى

سۈرە بىرىنچى ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان « يۇلتۇز » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان « نەجم » كەلىمىسى بىلەن ئاتالغان. ساھابە دەۋرىدىمۇ نەجم ئىسمى بىلەن ئاتالغان. نەجم گەرچە « يۇلتۇز » دېگەن مەنىنى بىلدۈرسىمۇ، ئەمما بۇ سۈرىدە بۇ مەنىنى ئىپادىلىمىسە كېرەك. چۈنكى، « بىر پۈتۈن گەۋدىنىڭ پارچىلىرى »مۇ نەجم دەپ ئاتىلىدۇ. قۇرئاننىڭ تەدرىجىي نازىل بولىشى ئۈچۈن ئوخشاش سۆز يىلتىزىدىن كەلگەن « تەنجىم » رەۋىشى ئىشلىتىلىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، نەجمنىڭ « يۇلتۇز » مەنىسى، بۇ ئەسلى مەنىگە قىياس بىلەن قويۇلغان بىر قوشۇمچە مەنە بولسا كېرەك. بىرىنچى ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان « ئەننەجم » كەلىمىسى، « قارىغان ھەر قانداق كىشى كۆرەلەيدىغان يەردە تۇرغان، ھېچكىم ئۇنىڭدىن بىگانە قالالمايدىغان دەرىجىدە كۆز ئالدىدا تۇرغان، كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇرىدىغان » دېگەن مەنىگە ئىگە. شۇڭا بۇ كەلىمە يا قۇرئان ۋەھيىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكىنى ۋەياكى

تەدرىجىي نازىل بولۇشنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن. مۇجاھىتنىڭ ئىبن ئابباستىن نەقىل قىلىشىچە، ئەننەجم كەلىمىسى ئارقىلىق « ۋەھىينىڭ تەدرىجىي نازىل بولىشى » نەزەردە تۇتۇلغان.

ئىبن ئابباس نەجم سۈرىسى رەسۇلۇللاھ مەككىلىكلەرگە ۋەھىي بىلەن « جەڭ ئېلان قىلغان » تۇنجى سۈرە ئىدى، دېگەن ( بۇخارى ). ئىبن ئابباسنىڭ بۇ قارىشىنى قۇرئان تەستىقلايدۇ. مەككە مۇشرىكلىرى دەسلەپتە ۋەھىينىڭ چاقىرىقىغا قۇلاق يوپۇرۇپ كەلگەنىدى. قوبۇل قىلمىغان بولسىمۇ، ئوچۇق - ئاشكارا قول سېلىپ قارشى تۇرمىغانىدى. ئىلاھلىرىنى ئەيىپلەش بىلەن تەڭ مۇئامىلىسىنى ئۆزگەرتىپ، ۋەھىيگە ۋە ئۇنىڭ تەبلىغچىسىغا ئەزىيەت يەتكۈزۈشكە باشلىدى. مانا بۇ مۇئامىلىدىكى ئۆزگىرىشنىڭ پەيدا بولىشىدا بۇ سۈرىنىڭ ئوينىغان رولى چوڭ. قۇرئاننىڭ ئۇسلۇبى بىزگە بىر ھەقىقەتنى ئۆگىتىدۇ. يەنى، ھەقىقەتنىڭ يەتكۈزۈلىشى بارلىق ئىستىراتېگىيىلىك ۋە تاكتىك پىلانلاردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. مانا بۇ سۈرىدىكى قەتئىي پوزىتسىيىدىن سۈرىنىڭ نازىل بولغان ۋاقتىنى تەخمىن قىلىشقا بولىدۇ. بۇ سۈرە تەخمىنەن دەۋەتنىڭ 3 - ياكى 4 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

مۇھەممەدى دەۋەتنىڭ مەككىدىكى مەزگىلىنى تۆت باسقۇچقا ئايرىشقا بولىدۇ:

1. شەخسلەر نىشان قىلىنغان دەۋەت باسقۇچى. ۋەھىينىڭ نازىل بولۇشقا باشلىنىشىدىن تارتىپ نەجم سۈرىسى نازىل بولغىچە بولغان مەزگىل. بۇ مەزگىل ۋەھىينىڭ باشلىنىشىدىن تارتىپ 3 - ياكى 4 - يىلغىچە داۋام قىلغان. فاتىھە سۈرىسىدىن تارتىپ ئىخلاس سۈرىسىگىچە بولغان 25 سۈرە بۇ مەزگىلدە نازىل بولغان بولسا كېرەك.

2. ئاۋام خاراكتېرلىق دەۋەت باسقۇچى. بۇتلارنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنىپ، بۇتلار ئوچۇق - ئاشكارا ئەيىبلەنگەن نەجم سۈرىسى نازىل بولغان 3 - ياكى 4 - يىلدىن تارتىپ قۇرەيش ئېمبارگوسى باشلانغانغا قەدەر داۋام قىلغان مەزگىل. بۇ مەزگىلمۇ 3 - 4 يىل داۋام قىلغان. بۇ مەزگىلدە نەجم سۈرىسىدىن ھاققا سۈرىسىگىچە 20 سۈرە نازىل بولغان بولسا كېرەك.

3. قۇرەيشنىڭ مۇئمىنلەرگە قارشى ئېلىپ بارغان ئېمبارگو باسقۇچى. بۇ باسقۇچ رسالەتنىڭ 7 - يىلىدا باشلانغان بولۇپ، 9 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 3 يىلغا يېقىن داۋام قىلغان. بۇ مەزگىلدە مەئارىج سۈرىسىدىن رەئىد سۈرىسىگىچە بولغان 14 سۈرە نازىل بولغان بولسا كېرەك.

4. بەيئەت باسقۇچى. ئېمبارگودىن كېيىن، يەنى 10 - يىلدىن تارتىپ 13 - يىلدىكى ھىجرەتنىڭ باشلىنىشىغىچە بولغان مەزگىل. بىرىنچى ۋە ئىككىنچى ئەقەبە بەيئەتلىرى بۇ مەزگىلدە بولغان. تۇنجى سۈيقەست ئىماسى ئىشارەت قىلىنغان تۇر سۈرىسىدىن مەككىدە ئەڭ ئاخىرقى قېتىم نازىل بولغان مۇتەففىفىن سۈرىسىگىچە بولغان 30 سۈرە بۇ باسقۇچتا نازىل بولغان بولسا كېرەك.

قۇرەيش بۇتلىرىنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنىپ، ئوچۇق - ئاشكارا ئەيىبلەنگەن تۇنجى سۈرە بولغان نەجم، شەخسلەر نىشان قىلىنغان دەۋەتتىن ئاۋام دەۋەت نىشانى بولغان باسقۇچقا ئۆتۈشتە بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ سۈرىنىڭ پۈتۈنلەي ياكى بىر قىسمىنىڭ مەدىنىدە نازىل بولغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك رىۋايەتلەرنىڭ ئاساسى يوق. دەسلەپكى مەزگىلدىكى نۇزۇل تەرتىپلىرىدە مەزكۇر سۈرە ئىخلاس - ئەبەسە سۈرىسى ئارىسىغا يەرلەشتۈرۈلگەن. بىزمۇ بۇنى توغرا دەپ قارايمىز. بۇنىڭغا قارىغاندا، مەزكۇر سۈرە بىرلا قېتىمدا ياكى تەدرىجىي نازىل بولغان بولسا كېرەك.

بۇ سۈرە فەجر سۈرىسىدىن كېيىن نازىل بولغان سۈرىلەر ئارىسىدا قىسسەلەر بايان قىلىنغان ئىككىنچى سۈرە. فەجر سۈرىسىدە ئورۇن ئالغان قىسسەلەرگە بۇ سۈرىدە ھەزرىتى مۇسا، ھەزرىتى نۇھ ۋە مۇتەفكە ( لۇت ) قەۋمى قىسسەلىرى قوشۇلغان.

سۈرىنىڭ ئالدىنقى قىسمىدا ۋەھىي ۋە ئۇنىڭ ئىلاھى مەنبەسى ھەققىدە بايان بېرىلگەن بولۇپ، رەسۇلۇللاھنىڭ ۋەھىي پەرىشتىسى بىلەن ئىككى يەردە ئۇچراشقانلىقى بايان قىلىنغان. بۇ نۇقتىدىن ئىسرا سۈرىسىنىڭ باشلىنىش قىسمىدىكى ئىسرا ۋەقەسى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋىتى بولىشى مۇمكىن.

رەسۇلۇللاھنىڭ ۋەھىي پەرىشتىسى بىلەن ئۇچرىشىش ھەقىقىتىنىڭ قۇرئاندىكى بايانى تۆۋەندىكىچە:

وَالنَّجْمِ إِذَا هَوَى (1) مَا ضَلَّ صَاحِبُكُمْ وَمَا غَوَى (2) وَمَا يَنْطِقُ عَنِ الْهَوَى (3) إِنْ هُوَ إِلَّا وَحْيٌ يُوحَى (4) عَلَّمَهُ
شَدِيدُ الْقُوَى (5) ذُو مِرَّةٍ فَاسْتَوَى (6) وَهُوَ بِالْأُفُقِ الْأَعْلَى (7) ثُمَّ دَنَا فَتَدَلَّى (8) فَكَانَ قَابَ قَوْسَيْنِ أَوْ أَدْنَى (9) فَأَوْحَى إِلَى
عَبْدِهِ مَا أَوْحَى (10) مَا كَذَبَ الْفُؤَادُ مَا رَأَى (11) أَفَتُمَارُونَهُ عَلَى مَا يَرَى (12) وَلَقَدْ رَآهُ نَزْلَةً أُخْرَى (13) عِنْدَ سِدْرَةِ
الْمُنْتَهَى (14) عِنْدَهَا جَنَّةُ الْمَأْوَى (15) إِذْ يَغْشَى السِّدْرَةَ مَا يَغْشَى (16) مَا زَاغَ الْبَصَرُ وَمَا طَغَى (17) لَقَدْ رَأَى مِنْ آيَاتِ
رَبِّهِ الْكُبْرَى (18)

« ۋەھيىنىڭ تەدرىجىي نازىل بولۇشى شاھىت بولسۇن! سىلەرنىڭ دوستۇڭلار / ھەمراھىڭلار ( يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ) گۇمراھ بولمىدى ۋە يولدىن ئاداشمىدى. ( ئۇ ) ئۆز نەپسى خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ. بۇ ( قۇرئان ) ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان بىر ۋەھيىدىن ئىبارەت. ۋەھيىنى ئۇنىڭغا كۈچلۈك پەرىشتە ( جىبرىئىل ) ئۆگەتتى. ئۇنىڭ ( جىبرىئىلنىڭ ) كۆرۈنۈشى چىرايلىق بولۇپ، يۇقىرى ئۇپۇقتا ( ئۆز شەكلىدە ) تۇردى. ئاندىن ئۇ ئاستا - ئاستا ( مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ) يېقىنلاشتى. ئۇ ( مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ) ئىككى ياچاق مىقدارى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ يېقىنراق يېقىنلاشتى. ئاللاھ بەندىسىگە ( جىبرىئىل ئارقىلىق تېگىشلىك ) ۋەھيىلەرنى ۋەھيى قىلدى. ئۇنىڭ (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ) كۆرگىنىنى دىلى ئىنكار قىلمىدى ( يەنى راست كۆردى ). سىلەر ( ئى مۇشرىكلار جامائەسى! ) ئۇنىڭ كۆرگەنلىرى ئۈستىدە ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرە قىلىشامسىلەر؟ ئۇ جىبرىئىلنى ھەقىقەتەن ئىككىنچى قېتىم سىدرەتۇلمۇنتەھا ( دەرىخىنىڭ ) يېنىدا كۆردى. جەننەتۇلمەئۋا بولسا سىدرەتۇلمۇنتەھانىڭ يېنىدۇر. ( ئۇ ) سىدرەتۇلمۇنتەھانى ( ئالەملەرنىڭ رەببىنىڭ نۇرى ) قاپلىغان چاغدا ( كۆردى ). ( پەيغەمبەرنىڭ ) كۆزى ( ئوڭ - سولغا ) بۇرۇلمىدى، ( كۆزلەنگەن نەرسىدىن ) ئۆتۈپ كەتمىدى. شۈبھىسىزكى، ئۇ رەببىنىڭ ئەڭ چوڭ ئايەتلىرىدىن بىرىنى كۆردى » ( 1 - 18 ).

بۇ ئايەتلەر ھەم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ۋە مۇئمىنلەرنى تەستىق ۋە تەشۋىق قىلغان ھەم ئىنكار قىلغۇچىلارنى تەنقىد قىلىش بىلەن بىرگە ئۇلارنى ئەيىبلىمەكتە. سۈرە ۋەھيىگە قارىتىلغان تۆھمەتلەرگە جاۋاب بېرىشكە « ۋەننەجم » كەلىمىسى بىلەن باشلىغان. نەجمىدىن ئىبارەت كۆپ مەنىلىك بىر كەلىمىنىڭ ئىشلىتىلىشى چوڭقۇر مەنىگە ئىگە. بۇ ۋەھيىنىڭ سۆز ساماسى ( ئاسمىنى )نىڭ يۇلتۇزى ئىكەنلىكىنى، ۋەھيىنىڭ تەدرىجىي نازىل بولىدىغانلىقىنى، « ساما » ۋە ئۇنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ھەشەمىتىنى ئىما قىلماقتا. مەزكۇر سۈرىگە بۇ خىل ئۇسلۇب بىلەن كىرىش ئارقىلىق، چوڭ ئالەم بولغان كائىنات بىلەن كىچىك ئالەم بولغان ئىنسان ئارىسىدا بىر مۇناسىۋەت قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ نۇقتىنى چىقىش قىلغان ئاساستا، ئىنساننىڭ بۇزۇلۇشى بىلەن كائىناتنىڭ بۇزۇلۇشى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئىشارەت قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قۇرەيشنىڭ بۇزۇلغان ئىلاھ چۈشەنچىسى ۋە بۇ چۈشەنچىنىڭ ئەسىرى بولغان يالغان ئىلاھلار تىلغا ئېلىنىدۇ ( 19 - 32 ). سۈرە ئىنساننىڭ ئەبەدىي ئىستىقبالى ۋە بۇ ئىستىقبالدا ئۆزىنى كۈتىۋاتقان مۇكاپات ياكى جازا تېمىسىنى ئاساس قىلغان بايانلار بىلەن ئاخىرلىشىدۇ ( 33 - 62 ).

سۈرىدە، پۈتۈن زامان ۋە ماكانلار ئۈچۈن كۈچكە ئىگە بولغان ئىلاھىي پرىنسىپ مۇنداق بايان قىلىنغان:

أَلَّا تَزِرُ وَازِرَةٌ وِزْرَ أُخْرَى (38) وَأَنْ لَيْسَ لِلْإِنْسَانِ إِلَّا مَا سَعَى (39)

« ھېچكىم باشقا بىر كىشىنىڭ جاۋابكارلىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئالالمايدۇ. ئىنسان پەقەت ئۆزىنىڭ ئىشلىگەن ئىشىنىڭ ( ئەمەلىنىڭ ) نەتىجىسىنى كۆرىدۇ » ( 38 - 39 ).

سۈرىنىڭ ئاخىرقى بۆلۈمدىكى ئىككى ئايەتتە، بىر - بىرىگە زىتلارنىڭ ۋە جۈپلەرنىڭ بولۇشىنىڭ ئاللاھ نىڭ مەخلۇقات ئۈچۈن بەلگىلىگەن قانۇنى ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئەسلىتىدۇ:

وَأَنَّهُ هُوَ أَضْحَكَ وَأَبْكَى (43) وَأَنَّهُ هُوَ أَمَاتَ وَأَحْيَا (44)

« ئاللاھ ئىنساننى كۈلدۈرەلەيدۇ ۋە يىغلىتالايدۇ. ئاللاھ ئۆلتۈرۈشكە ۋە تىرىلدۈرۈشكە قادىر » ( 43 - 44 ).

# ئەبەسە سۈرىسى

بۇ سۈرە بىرىنچى ئايەتتىكى « تەرىنى تۈردى » مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان « ئەبەسە » پېئىلى بىلەن ئاتالغان.

«يېنىغا ئەما كەلگەنلىكى ئۈچۈن تەرىنى تۈردى ۋە يۈزىنى ئۆرۈۋالدى » ( 1 - 2 ).

« بۇ ئايەتتىكى تەرىنى تۈرگەن ۋە يۈزىنى ئۆرىۋالغان كىم؟ » دېگەن سوئالغا رىۋايەتلەرنى ئارىلاشتۇرمىغان ئاساستا، پەقەت ئايەتنىڭ ئۆزىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ جاۋاب بەرسەك، مۇنداق ئىككى تۈرلۈك ئېھتىماللىق مەۋجۇت.

بىرىنچى ئېتىماللىق، تەرىنى تۈرگەن كىشى رەسۇلۇللاھتۇر. ئۇ، مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ چوڭلىرىدىن بىرسى ( ۋەلىد بىن مۇغىرە ياكى ئۇبەيي بىن خەلەف ) گە دەۋەت قىلىۋاتقاندا ئىبن ئۇممى مەكتۇم كېلىپ رەسۇلۇللاھتىن ئۆزىگە نەسىھەت ( دەۋەت ) قىلىشنى سورايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇنىڭغا ئىچى پۇشۇپ تەرىنى تۈرگەن ۋە يۈزىنى ئۆرىۋالغان.

ئىككىنچى ئېھتىماللىق، ئۇ تەرىنى تۈرگۈچى مەككىلىك مۇشرىكلارنىڭ چوڭى بولۇپ، ئۇ كىشى رەسۇلۇللاھ بىلەن مۇنازىرىلىشىۋاتقاندا، دىن ئۆگەنمەكچى بولۇپ رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا پېقىر بىر مۇئمىن بولغان ئەما ئابدۇللاھ ئىبن ئۇممى مەكتۇم كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن كىبرى سەۋەبىدىن ئۆزىنى يوقسۇل بىر كىشى بىلەن تەڭ تۇتۇشنى خالىمىغان ئۇ مۇشرىكنىڭ بۇ ئەھۋالغا ئىچى پۇشۇپ ئۇ يەردىن ئايرىلغان. ئۇ مۇشرىك كىشى ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ مۇئمىن كىشى ئۇنىڭغا نىسبەتەن بىر مالاي ئىدى. جاھىلىيەت مەنتىقىسى نەزەردە تۇتۇلغاندا، بىر كاتتا كىشىنىڭ ئادەتتىكى بىر كىشى بىلەن تەڭ ئورۇندا بولىشى قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان بىر ئىش ئىدى. شۇڭا ئۇ مۇشرىكمۇ بۇنى قوبۇل قىلمىدى ۋە تەرىنى تۈرۈپ ئۇ يەردىن ئايرىلدى.

سۈرىنىڭ تېكىستىنى نەزەردە تۇتساق، بۇ ئىككى ئېھتىماللىق ئىچىدە بۇرۇنقى ئەنئەنىۋى چۈشەنچىدە ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغان بىرىنچى ئېھتىماللىق ئەمەس، ئەكسىچە ئىككىنچى ئېھتىماللىق توغرا. سۈرە تېكىستىگە ئاساسلانغان ۋاقتىمىزدا بۇنىڭ مۇنداق ئىككى دەلىلى بار:

1. دەسلەپكى ئىككى ئايەتتە ئىشلىتىلگەن ئالماش بىلەن 3 - ۋە 4 - ئايەتتە ئىشلىتىلگەن ئالماش ئارىسىدا ناھايىتى ئېنىق پەرق بار. 1 - ۋە 2 - ئايەتتە « ھۇۋە - ئۇ »، 3 - ۋە 4 - ئايەتتە ئېنىق ھالدا « كە - سەن » ئالمىشى ئىشلىتىلگەن. ئالدىنقى ئىككى ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان « ئۇ » بىلەن كېيىنكى ئىككى ئايەتتە ئىشلىتىلگەن « سەن » ئالمىشى ئوخشاش بىر كىشىنى كۆرسەتمىسە كېرەك. بولۇپمۇ ئاللاھ تىلغا ئېلىنغاندا، گەرچە ئالماشلار ئوخشاش بۆلەك ئىچىدە ئالمىشىپ كەلسىمۇ، لېكىن بۇ ئارقىلىق ئاللاھ نى ھېچقانداق بىر ئالماش بىلەن ئىپادىلىگىلى بولمايدىغانلىقىنى ۋە ئىنسان زېھنىدىكى شەخسكە ئايلاندۇرۇشنىڭ ھەر خىل شەكلىدىن خالىي ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت چۈشەنچىنى ئىنسان ئېڭىدا تۇرغۇزۇش مەقسەت قىلىنماقتا. بۇنىڭدىن باشقا، كىشىلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن ئالماشلاردىكى ئالمىشىش، خىتاب قىلىنغۇچىنىڭمۇ ئالماشقانلىقى مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ سۈرىدىكى ئالدىنقى تۆت ئايەتتىمۇ ئالماشلار ئۆزگەرگەن. ئالدىنقى ئىككى ئايەتتە ئىشلىتىلگەن « ئۇ » ئالمىشى تەرىنى تۈرۈپ يۈزىنى ئۆرىۋالغان كىشىنى كۆرسەتمەكتە. ئۇ شەخس مۇشرىك ئاقساقاللىرىدىن بىرسى. داۋامىدىكى 3 - ۋە 4 - ئايەتتىكى « سەن » ئالمىشى رەسۇلۇللاھنى كۆرسەتمەكتە. رەسۇلۇللاھ بۇ ئايەتلەردە تەرىنى تۈرۈپ يۈز ئۆرۈۋېلىشقا سەۋەبچى بولغان ئەمانىڭ بىئەپ ۋاقىتتا يېنىغا كېلىشىدىن ئانچە خۇرسەن بولمىغان. شۇ سەۋەبتىن ئاللاھ رەسۇلۇللاھقا كايىغان.

2. ئەبەسە ( تەرىنى تۈردى ) ۋە ۋەتەۋەللە ( يۈزىنى ئۆرۈپ يىراقلاشتى ) پېئىلى قۇرئاندا پەقەت ئىككى يەردە بىرلىكتە ئىشلىتىلىدۇ. بىرىنچىسى بۇ سۈرىدە. ئىككىنچىسى مۇددەسسىر سۈرىسى 23 - 24 - ئايەتتە. نازىل بولۇش سەۋەبلىرىگە قارىغان ۋاقتىمىزدا، ئىككى ۋەقەدە ئوخشاش ئىككى ئىسمىنى كۆرىمىز. يەنى، مۇغىرە

بىن شۇبە ياكى ئۇبەي بىن خەلەف. بۇ سەۋەبتىن قۇرئاندا پەقەت ئىككى يەردە بىللە ئىشلىتىلگەن بۇ پېئىللارنى ئەسبابى نۇزۇل ( نازىل بولۇش سەۋەبى )دا بايان قىلىنغان ئىگە ( شەخس ) ئوخشاش بىر كىشىنى كۆرسەتمەكتە.
بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى بولغان ئەبەسە ( تەرىنى تۈردى ) پېئىلىنىڭ ئىگىسى رەسۇلۇللاھ ئەمەس، ئەكسىچە شۇ مەزگىلدىكى مەككىلىك مۇشرىكلارنىڭ كاتتىۋاشلىرىدىن بولغان ئۇ ئىككى كىشىدىن بىرسى بولسا كېرەك.

سۈرە مەككىدە نازىل بولغان. سۈرىنىڭ ئالدىنقى بۆلىكىدە باش قەھرىمانى ئەما ئىبن ئۇممى مەكتۇم بولغان ۋەقە بىزگە سۈرىنىڭ نازىل بولۇش ۋاقتى ھەققىدە يىپ ئۇچى بېرىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، رەسۇلۇللاھ مۇشرىكلارنىڭ كاتتىلىرىنى دەۋەت قىلىش ئۈچۈن بىر يەردە جەم بولغان. بارلىق نازىل بولۇش تەرتىپلىرىدە نەجم سۈرىسىنىڭ ئارقىسىغا تىزىلغان بولۇپ، مەككىلىك مۇشرىكلار بىلەن مۇناسىۋەتنىڭ ئۈزۈلۈش ھارپىسىدا نازىل بولغان بولسا كېرەك. چۈنكى، نەجم سۈرىسى نازىل بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەستىن مۇشرىكلار بىلەن بولغان بارلىق دىئالوگلار توختىغان. بۇلارغا ئاساسلانغاندا، ئەبەسە سۈرىسى شەخسلەر نىشان قىلىنغان دەۋەت بىلەن ھەبەشىستانغا ھىجرەتنىڭ باشلىنىشى ئارىسىدىكى بىر مەزگىلدە، يەنى دەۋەتنىڭ 4 - يىلىدا نازىل بولغان بولسا كېرەك.

سۈرە ئالدىنقى بۆلىكىدە ۋاستىلىق، قالغان بۆلىكىدە بىۋاستە ھالدا ئىنسانلارغا ( ئەل - ئىنسان ) خىتاب قىلىدۇ. ئىگىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكى نامەلۇم بولغان دەسلەپكى ئىككى ئايەتنى نەزەرگە ئالمىساق، سۈرە رەسۇلۇللاھنى ئاگاھلاندۇرغان بىر تىل بىلەن باشلىنىدۇ:
وَمَا يُدْرِيكَ لَعَلَّهُ يَزَّكَّى (3) أَوْ يَذَّكَّرُ فَتَنْفَعَهُ الذِّكْرَى (4) أَمَّا مَنِ اسْتَغْنَى (5) فَأَنْتَ لَهُ تَصَدَّى (6) وَمَا عَلَيْكَ أَلَّا يَزَّكَّى
(7) وَأَمَّا مَنْ جَاءَكَ يَسْعَى (8) وَهُوَ يَخْشَى (9) فَأَنْتَ عَنْهُ تَلَهَّى (10)

« ( ئى نەبى ساڭا كەلسەك! ) ئۇ ( مۇشرىكنىڭ گۇناھلىرىدىن ) پاكلىنىش ئېھتىمالىنىڭ بارلىقىنى ياكى نەسىھەتنىڭ ئۇنىڭغا پايدىلىق بولىدىغانلىقىنى سەن نەدىن بىلسەن؟ ئۆزىنى ( ئىماندىن ) بىھاجەت ھېسابلايدىغان ئادەمگە كەلسەك، سەن پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭ بىلەن ئۇنىڭغا يۈزلىنىسەن ( كۆڭۈل بۆلىسەن ). ئۇ ( كۇفرىدىن، گۇناھلاردىن ) پاكلانمىسا، بۇنىڭغا سەن جاۋابكار ئەمەس. ئەمما، ساڭا ئىشتىياق بىلەن كەلگەن كىشى ھەقىقەتەن ئاللاھ تىن ئەيمىنىدۇ، ئۇنى ھۆرمەتلەيدۇ. سەن ئۇنىڭغا قارىماي قويىسەن » ( 3 - 10 ).

بۇ ئاگاھلاندۇرۇش، مەسئۇلىيەت ئەخلاقى ۋە مۇئامىلە قىلىش ئەخلاقى ئارىسىدىكى ساقلىنىشى كېرەك بولغان مۇۋازىنەتنى نەزەردە تۇتماقتا. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئىجتىمائىي جەمئىيەتتە مېيىپلارغا ئېتىبار بېرىشتىن ئىبارەت بىر گۈزەل ئەخلاقنى ئىما قىلماقتا.

مەزكۇر سۈرىنىڭ ئالدىنقى بۆلىكىدە، ئىجتىمائىي ئورۇنىنىڭ كىشىنىڭ قىممىتىنى بەلگىلەيدىغان ئامىل ئەمەسلىكى تەكىتلەنگەن. بۇ ھەقىقەت ھۇمەزە ۋە ھۇجرات سۈرىلىرىدىمۇ تەكىتلىنىدۇ. بۇ نۇقتىدا، رەسۇلۇللاھنى ئاگاھلاندۇرغان ئايەتلەر بۇ سۈرىنىڭ ئالدىنقى بۆلىكى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. تەۋبە سۈرىسى 43 - ئايىتىدە بىۋاستە ھالدا، نىسا سۈرىسى 105 - 107 - ئايەتلىرىدە ۋاستىلىق ھالدا رەسۇلۇللاھ ئاگاھلاندۇرۇلغان.

سۈرىنىڭ ئىككىنچى بۆلىكىدە، سۆز ئىنسانغا قارىتىلىدۇ. چۈنكى، سۆزلەر تاجى ۋەھيىدۇر، ئۇنىڭ نىشانى ئىنسان ( 11 - 16 )؛ دۇنيا ھاياتىنىڭ مەركىزىدە ئىنسان ئورۇن ئالماقتا ( 17 - 24 ).

سۈرىنىڭ رەسۇلۇللاھنى ئاگاھلاندۇرغان بۆلىكىنىڭمۇ مەقسىدىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئايەت بۇ بۆلەكتە تىلغا ئېلىنماقتا:

كَلَّا لَمَّا يَقْضِ مَا أَمَرَهُ

« ( ھېچقانداق بىر ئىنسان ) ئۇنىڭ ( ئاللاھ نىڭ ) ئەمرىنى تولۇق ئادا قىلالمىغان » ( 23 ).

ئىنسانىنى بىر جۈملىدە چۈشەندۈرگەن بالاغەت ۋە پاساھەت ئۆرنىكى بولغان بۇ ئايەت، « بەندە نۇقسانسىز بولمايدۇ » نىڭ قۇرئانى ئىپادىسىدۇر.

ئاخىرقى سۆزلەر قايتا تىرىلىشقا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بولۇپمۇ ئەڭ يېقىن ئۇرۇق - تۇققانلارنىڭمۇ بىر - بىرىدىن يۈز ئۆرۈيدىغان ھېساپ كۈنى تەكرار ئەسلىتىپ ئۆتۈلگەن:

وُجُوهٌ يَوْمَئِذٍ مُسْفِرَةٌ (38) ضَاحِكَةٌ مُسْتَبْشِرَةٌ (39) وَوُجُوهٌ يَوْمَئِذٍ عَلَيْهَا غَبَرَةٌ (40) تَرْهَقُهَا قَتَرَةٌ (41)

« ئۇ كۈنده بەزى يۈزلەردىن نۇر، تەبەسسۇم ۋە شاد - خوراملىق يېغىپ تۇرىدۇ. بەزى يۈزلەرنى چاڭ - توزان بېسىپ كەتكەن، قارىداپ كەتكەن بولىدۇ » ( 38 - 41 ).

رەببىم! يۈزىمىزنى نۇرلۇق، ئۆزىمىزنى پاك، سۆزىمىزنى ھەق ئەيلىگىن!

# شەمس سۈرىسى

سۈرە بىرىنچى ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان « قۇياش » مەنىسىدىكى « شەمس » كەلىمىسى بىلەن ئاتالغان.

« قۇياش ۋە ئۇنىڭ نۇرى بىلەن قەسەمكى، قۇياشقا ئەگەشكەن ئاي بىلەن قەسەمكى! » ( 1 - 2 ).

رەھمان سۈرىسىدە قۇياشنىڭ سەجدە قىلغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇنىڭ مەقسىتى، قۇياشنىڭ يارىتىلىش مەقسىتىگە ماس ھالدا ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەش بولۇپ، بىرىنچى ئايەتتە قۇياشنىڭ شاھىتلىقى تىلغا ئېلىنماقتا. ئەلۋەتتە، قۇياش ئالدى بىلەن نازىل بولۇش مۇھىتىدا ئۆزىنى ئىلاھلىق سۈپىتى بىلەن سۈپەتلىگەنلەرنىڭ زىيىنىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ. ئاندىن ھەر كۈنى تۇغۇلغاندىن كۈن پاتقىچە بولغان ئارىلىقتىكى ھەر نەرسىگە گۇۋاھچى بولىدۇ. قۇياش ۋە ئاينىڭ شاھىت بولۇشى كېچە ۋە كۈندۈزنىڭ شاھىت بولۇشى دېگەنلىكتۇر. كېچە ۋە كۈندۈزنىڭ شاھىت بولۇشى، ئۇلارنىڭ ئىنسانلارنىڭ ھەر قىلمىشىغا شاھىت بولىدۇ دېگەنلىكتۇر.

يىغىنچاقلىغاندا، ھېچكىم ئاللاھ تىن بىر نەرسىنى يوشۇرالمايدۇ.

مەزكۇر سۈرە بۇخارىدا بىرىنچى ئايىتى بىلەن ئاتالغان.

قۇرئاندا، يەر يۈزىدىكى ھاياتلىقنىڭ ئەڭ مۇھىم ئامىلى بولغان « قۇياش » نىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان بىر سۈرىنىڭ بولۇشى كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. قۇياش كۆيدۈرگۈچى ھارارىتى ۋە زەھەرلىك نۇرلىرى بىلەن جەلال سۈپەتلىرىنىڭ، ھاياتلىقنىڭ مەنبەسى بولۇشى بىلەن جەمال سۈپىتىنىڭ ئورتاق تەجەللىسى بولۇپ، نۇر ۋە نار ( ئوت )مۇ ئۆزىنى ئۇنىڭدا بىرلىكتە نامايەن قىلىدۇ.

سۈرە مەككىدە نازىل بولغان. سۈرىنىڭ رىتىم ۋە مەزمۇن پۈتۈنلىكىگە قارىغاندا بىر قېتىمدىلا نازىل بولغان بولۇشى مۇمكىن. سەمۇد قەۋمىنىڭ ھالاكىتىگە مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار بېرىلگەن ئاخىرقى بۆلىكى ئۆز ۋاقتىدىكى مەككىلىك ئىنكارچىلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا قاراتقان ئەزىيىتى ۋە زۇلۇمىنىڭ باشلانغان مەزگىلىنى ئىما قىلماقتا. بۇ مەزكۇر سۈرىنىڭ رىسالەتنىڭ 3 - 6 - يىللىرى ئارىسىدىكى دارۇل ئەرقەم يىللىرىدا نازىل بولغانلىقىنى كۆرسەتمەكتە. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا مەزكۇر سۈرە دەۋەتنىڭ 4 - يىلىدا نازىل بولغان بولۇشى مۇمكىن. مەزكۇر سۈرە دەسلەپكى مەزگىللەردىكى نۇزۇل تەرتىپلىرىدە بۇرج سۈرىسىنىڭ ئالدىغا تىزىلغان.

سۈرىدە فەجر ۋە بەلەد سۈرىلىرىدە بايان قىلىنغاندەك ھەزرىتى ئىنسان، ئۇنىڭ ئەبەدىي سائادىتى ۋە پالاكىتى بايان قىلىنغان.

سۈرىنىڭ قۇياش ۋە نۇرىنى قۇياشتىن ئالىدىغان ئاي شاھىت قىلىنغان ھالدا باشلىنىشى ( 1 - 2 )، بىر مەنىدە ئاللاھ ۋە ۋەھيىنى سىمۋول قىلماقتا. قۇياش ماددىي ھايات ئۈچۈن نۇر ۋە ھاياتلىق مەنبەسى بولغاندەك، ئاللاھ ۋە ۋەھيىمۇ مەنىۋىي ھايات ئۈچۈن نۇر ۋە ھايات مەنبەسىدۇر. كېچىسى ۋە كۈندۈزى بىلەن يەر يۈزى قۇياش ۋە ئايغا شاھىت بولغاندەك، ئىنسان فىترىتىدىكى فۇجۇر ۋە تەقۋاسى بىلەن ئاللاھ قا ۋە ۋەھيىگە شاھىتتۇر ( 3 - 8 ). بۇ ئايەتلەر بۆلىكىنىڭ ئاخىرقى ئايىتى مۇنداق ئاخىرلاشقان:

قَدْ أَفْلَحَ مَنْ زَكَّاهَا (9) وَقَدْ خَابَ مَنْ دَسَّاهَا (10)

« كمكى ئۆز نەپسنى پاكلاپ گۇناھلاردىن يىراقلاشسا، ئۇ چوقۇم ئەبەدىي سائادەتكە ئېرىشىدۇ؛ كىمكى ئۆز نەپسىنى ئىختىيارىغا قويۇپ بەرسە ( ئىچىدىكى ياخشىلىق ئۇرۇقىنى بىخلاندۇرماي چىرىتسە)، ئۇ چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىدۇ » ( 9 - 10 ).

بۇ بۆلەكتە قۇياش، قۇياش نۇرى، ئاي، كۈندۈز، كېچە، ئاسمان، زېمىن ۋە ئىنساندىن ئىبارەت سەككىز نەرسىگە قەسەم قىلىنغان.

بۇ سەككىز نەرسىنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى شۇكى، گەرچە بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى يارىتىلغان نەرسىلەر بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئىنسانىيەت تارىخىدا ئوخشاش بولمىغان ماكان ۋە زامانلاردا بۇلارغا « ئىلاھ » لىق سۈپىتى بېرىلىپ چوقۇنۇلغان. بۇ ئارقىلىق بۇلاردىن ئالدىنقى ئالتىسى ئىنساننىڭ ئەمرىگە ( خىزمىتىگە ) بېرىلگەنلىكى ئەسلىتىلىدۇ. خىزمىتىگە بېرىلگەن نەرسىلەرگە ئاللاھ تىن مۇستەقىل ھالدا بىر « ئىلاھ » لىق سۈپىتى بېرىش خۇددى چاكىرىنىڭ خىزمەتكارى بولغان ئەقىلسىز خوجايىن بولغاندەك بىر ئىش خالاس.

سۈرىنىڭ ئاخىرقى بۆلىكىدە « زىيان تارتقۇچىلار كىملەرگە ئوخشايدۇ؟ » دېگەن سوئالغا، سەمۇد قەۋمى دۇچار بولغان ئاقىۋەت مىسال قىلىنىش ئارقىلىق روشەن ھالدا جاۋاب بېرىلگەن ۋە خىتاب قىلىنغۇچىلار ئاگاھلاندۇرۇلغان. دەسلەپكى مەزگىلدە نازىل بولغان فەجر سۈرىسىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن سەمۇد قەۋمىنىڭ ئاقىۋىتى بۇ سۈرىدە بىر قەدەر تەپسىلى بايان قىلىنغان. ئۇلار ۋەھيىدىن ئىلاھى نۇر ئېلىپ كەلگەن بىر ئاللاھ رەسۇلىنى يالغانغا چىقىرىپ ئىنكار قىلغاندى. نەتىجىدە ئۇلار ئۆزلىرىنى زۇلمەتكە مەھكۇم قىلىپ، ئەبەدىي زىيان تارتقۇچىلاردىن بولغاندى ( 11 - 15 ).

## بۇرۇج سۈرىسى

سۈرە بىرىنچى ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان « بۇرۇج » كەلىمىسى بىلەن ئاتالغان:

« بۇرۇجلار بىلەن تولغان ئاسمان شاھىت بولسۇن! ».

بۇرۇج كەلىمىسى ئەندۇلۇس ئارقىلىق خىرىستىيان ياۋروپاغا ئۆتكەن. يەنى، بۇرژۇئا -بۇرۇجلاردا ئولتۇرغان بايلار تەبىقىسىنىڭ ئىسمىدۇر. بۇرژۇئازىيە - بۇ تەبىقە ھاسىل قىلغان سىنىپىنىڭ ئىسمى. ياۋروپادىكى چوڭ شەھەرلەرنىڭ كۆپ سانلىقىدا بۇ ئىسىم ئىشلىتىلمەكتە. لۇگسىمبۇرگ، ھامبۇرگ، دىسبۇرگ، ستارازبۇرگ بۇلاردىن بىر قانچىسى.

بۇ سۈرە ساھابىلەردىن كەلگەن رىۋايەتلەردە بىرىنچى ئايەت بىلەن تولۇق ئاتالغان. مۇسھابلاردا، ھەدىس ۋە تەپسىر كىتابلىرىدا بۇرۇج ئىسمى بىلەن ئاتالغان.

سۈرە مەككىدە نازىل بولغان بولۇپ، مەزمۇنىدىن مۇئمىنلەرگە قارىتىلغان زۇلۇم ۋە ئەزىيەتلەر باشلانغان بىر مەزگىلدە نازىل بولغانلىقى مەلۇم. بۇ نەجمىدىن كېيىن ۋە ھاققا سۈرىسى نازىل بولۇشتىن ئىلگىرىكى مەزگىلگە، يەنى دەۋەتنىڭ 4 - ياكى 5 - يىلىغا توغرا كەلمەكتە.

دەسلەپكى مەزگىلدىكى نۇزۇل تەرتىپلىرىدە شەمس ۋە تىن سۈرىسىنىڭ ئارىسىغا تىزىلغان.

سۈرىدە ئېتىقادقا قارىتىلغان تەشكىللىك بېسىم چۈرىدەلگەن ھالدا قانچىلىك زۇلۇم قىلىشتىن قەتئىينەزەر، كۈچ - قۇۋۋەت تىلىنىڭ سۆزىنىڭ كۈچىنى بويسۇندۇرالمايدىغانلىقى بايان قىلىنغان. ھەر قانداق بىر زالىم ياققان زۇلۇم گۈلخانى ئىماننى كۆيدۈرەلمەيدۇ. ئىماننىڭ ئىززىتى ھەر دائىم قىيىن - قىستاق ۋە زۇلۇمدىن غالىپ كېلىدۇ. ئىمانغا قارشى ئوت بىلەن تولغان ئورەكلەرنى تەييارلىغانلارنىڭ بۇ قىلمىشىنىڭ جازاسىنى ئاخىرەتتىكى ئوت بىلەن تولدۇرۇلغان ئورەكلەردە تارتىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەت بايان قىلىنغان.

مۇپەسسىرلەر سۈرىنىڭ ئالدىنقى بۆلىكىنى تارىخى بىر رىۋايەتلەر ئاساسىدا چۈشەندۈرگەن. بىزنىڭچە تارىخى بىر ۋەقە ئىما قىلىنغان ئايەتلەر 7 - 8 - ئايەتلەردۇر:

وَهُمْ عَلَى مَا يَفْعَلُونَ بِالْمُؤْمِنِينَ شُهُودٌ (7) وَمَا نَقَمُوا مِنْهُمْ إِلَّا أَنْ يُؤْمِنُوا بِاللَّهِ الْعَزِيزِ الْحَمِيدِ (8)

« ئۇلارنىڭ مۇئمىنلەرگە قىلغانلىرى ئۆزلىرىنىڭ بېشىغا كەلدى. ئۇ ( زالىملار ) پەقەت غالىب، مەدھىيىگە لايىق ئاللاھ قا ئىمان ئېيتقانلىرى ئۈچۈنلا مۇئمىنلەرنى يامان كۆرگەندى » ( 7 ـ 8 ).

بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىدىكى 1 ـ 6 ـ ئايەتلەر، پەقەت ئاللاھ قا ئىبادەت قىلغانلىقى ئۈچۈنلا مۇئمىنلەرگە زۇلۇم قىلىپ، ئۇلاردىن ئۆچ ئالماقچى بولغانلارنىڭ ئاخىرەتتىكى ئەھۋالى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. چۈنكى مەزكۇر سۈرىنىڭ بۇ مەزگىلدە نازىل بولغان باشقا بىر قانچە سۈرىگە ئوخشاش قەسەم ۋە جاۋابتىن تەشكىل قىلىنغان ئالتە ئايەتلىك بۆلىكىنىڭ ئانا تېمىسى ئاخىرەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

سۈرە ئىماننى كۆيدۈرمەكچى بولغان ھەر دەۋرنىڭ زالىملىرىنى تەۋبە قىلىپ پۇشايمانلىق ھېس قىلمىسا، ئاخىرەتتە جەھەننەم بىلەن جازالىنىدىغانلىقى بىلەن ئاگاھلاندۇرماقتا:

إِنَّ الَّذِينَ فَتَنُوا الْمُؤْمِنِينَ وَالْمُؤْمِنَاتِ ثُمَّ لَمْ يَتُوبُوا فَلَهُمْ عَذَابُ جَهَنَّمَ وَلَهُمْ عَذَابُ الْحَرِيقِ

« مۇئمىن ئەرلەر ۋە مۇئمىن ئاياللارغا زىيانكەشلىك قىلغاندىن كېيىن كۇفرىدىن قايتمىغانلار، شۈبھىسىزكى، جەھەننەمنىڭ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ، ئۇلارغا ئوت بىلەن ئازاپ قىلىنىدۇ » ( 10 ).

ئېتىقادقا قاراتقان بېسىم ۋە زۇلۇمنى تەرك قىلىپ، ياخشىلىققا يۈزلەنگەنلەرگە جەننەت بىلەن خۇش بىشارەت بېرىلگەن ( 11 ). بۇ ئايەتلەر ئاللاھ نىڭ مەرھەمىتىنىڭ ناھايىتى چەكسىز ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدۇ. بۇ مەرھەمەتنىڭ تېگىدە ياتقان ئاساسىي ئامىل، ئاللاھ نىڭ « ھەم دوست تۇتقۇچى ھەم دوست تۇتۇلۇشنى خالايدىغان » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان « ئەل ۋەدۇد » ئىسمىدۇر:

وَهُوَ الْغَفُورُ الْوَدُودُ

« ئۇ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، دوست تۇتقۇچىدۇر ۋە دوست تۇتۇلۇشنى خالىغۇچىدۇر » ( 14 ).

سۈرىنىڭ ئاخىرىدا سۆز قۇرئان ۋەھيي بىلەن ئاخىرلاشقان بولۇپ، سۈرىنىڭ مەقسىتىنىڭ تارىخى بىر ۋەقە ئارقىلىق ھەر بىر خىتاب قىلىنغۇچىنىڭ « ھازىرقى ۋاقىت ۋە شۇ جاينىڭ ئۆزىدىكى » رىئاللىقنى بايان قىلىش ئىكەنلىكى مەلۇم بولماقتا:

بَلْ هُوَ قُرْآنٌ مَجِيدٌ (21) فِي لَوْحٍ مَحْفُوظٍ (22)

« بۇ شانۇ ـ شەۋكەتلىك بىر خىتابتۇر، لەۋھۇلمەھپۇزدا ساقلانغاندۇر » ( 21 ـ 22 ).

## تىن سۈرىسى

سۈرە بىرىنچى ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان لەبزەن « ئەنجۈر / ئەنجۈر دەرىخى » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان « ئەت ـ تىن » كەلىمىسى بىلەن ئاتالغان:

« ئەنجۈر دەرىخى ۋە زەيتۇن دىيارى شاھىت بولسۇن! » ( 1 ).

ئەنجۈر ئۇرۇقى كۆپ، زەيتۇن بىر ئۇرۇقى بار مېۋە. بۇ، بىرىنچىسى يارىتىلغاننىڭ كۆپلىكى، ئىككىنچىسى ياراتقۇچىنىڭ يەككە ئىكەنلىكىنى ئىشارەت قىلماقتا. ئۇنىڭدىن باشقا ئەنجۈر ۋە زەيتۇن ئارقىدا كەلگەن ئايەتلەر دالالەت قىلغاندەك ئىككى ماكاننى سىمۋول قىلماقتا. ئەنجۈر ئارقىلىق ھەزرىتى نۇھنىڭ توپان دىيارى بولغان شام دىيارىنى، زەيتۇن ئارقىلىق ھەزرىتى ئىسا ۋەھيي ئالغان پەلەستىن دىيارى ئىما قىلىنغان بولسا كېرەك.

سۈرە ئىسمى بولغان ئەنجۈر، بىر مېۋىنىڭ ئىسمى بولۇشتىن كۆرە سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە بولسا كېرەك.

تىرمىزىدا « ئەت ـ تىن » ئىسمى بىلەن، بۇخارىدا « ۋەت ـ تىن » ئىسمى بىلەن ئاتالغان.

سۈرە مەككىدە نازىل بولغان. دەسلەپكى مەزگىلدىكى نۇزۇل تەرتىپىنىڭ ھەممىسىدە بۇرۇج ۋە قۇرەيش سۈرىسىنىڭ ئارىسىغا تىزىلغان. قۇرەيش سۈرىسىنىڭ بۇرۇج سۈرىسىدىن كېيىنكى ئورۇنغا تىزىلىشى بىزنىڭچە توغرا

ئەمەس. چۈنكى قۇرەيش سۈرىسىدە ئىما قىلىش نۇقتىسىدىن بولسىمۇ ئىنكار قىلغۇچىلارغا قارىتا بىر ئىشارەت يوق بولۇپ، ناھايىتى سىلىق بىر ئۇسلۇپتا ئۇلارنى « كەبىنىڭ رەببىگە » ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلغان. قۇرەيش سۈرىسىنىڭ بۇ ئۇسلۇبى، ئۇنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدە نازىل بولغان سۈرىلەر ئارىسىغا قويىشىمىزنى تەقەززا قىلماقتا.

بۇرۇج سۈرىسى نىسبەتەن كېيىنرەك مەزگىلدە نازىل بولغان بىر سۈرىدۇر.

بىزنىڭچە بولغاندا، سۈرىنىڭ تىزىلىشقا تېگىشلىك ئەڭ مۇۋاپىق جاي بۇرۇج - زەلزەلە سۈرىسىنىڭ ئارىسى. بۇنداق بولغاندا سۈرە دەۋەتنىڭ 4 - يىلدا نازىل بولغان بولسا كېرەك.

سۈرە ئىنسان ۋىجدانى ئىلاھى ۋەھيي بىلەن ھەرىكەتكە كەلتۈرۈلگەن تۆت جاي ئىما قىلىنغان ۋە لەبزى شەكلىدە تىلغا ئېلىنغان ھالدا باشلانغان:

وَالتِّينِ وَالزَّيْتُونِ (1) وَطُورِ سِينِينَ (2) وَهَذَا الْبَلَدِ الْأَمِينِ (3)

« ئەنجۈر دەرىخى ۋە زەيتۇن ( دىيارى ) شاھىت بولسۇن! مۇبارەك سىنا تېغى شاھىت بولسۇن! بۇ ئەمىن ( تىنچ ) شەھەر شاھىت بولسۇن! » ( 1 - 3 ).

1. ئەنجۈر ياكى ئەنجۈر دەرىخى ۋەياكى چۆل ئەنجۈرى بولسا ھەزرىتى ئىبراھىم ۋەھيي ئالغان مۇبارەك جاينى سىمۋول قىلىدۇ. ھەزرىتى نۇھ ۋە مۇسا ئوخشاش بىر ماكاندا ۋەھيي ئالغان ( ئەنبىيا، 71؛ ئەئراف، 137 ).

2. زەيتۇن تېغى، زەيتۇن ياكى زەيتۇن دەرىخى بولسا سۇلايمان مەبەدى بىنا قىلىنغان تاغ ۋە ھەزرىتى ئىسا ۋەھيي ئالغان مۇبارەك ۋە مۇقەددەس قىلىنغان جاينى سىمۋول قىلىدۇ ( مائىدە، 21 ). ھەزرىتى ئىبراھىممۇ ئۆز ۋاقتىدا ئۇ ماكاندا ۋەھيي ئالغاندى ( ئىسرا، 1 ).

3. سىنا تېغى: ھەزرىتى مۇسا ۋەھيي ئالغان ۋە ئىككى قېتىم مۇبارەك قىلىنغان ماكاندۇر ( قەسەس، 30؛ تاھا، 12؛ نازىئات، 16 ). ئەگەر سىنا مۇستەقىل ھالدا تىلغا ئېلىنمىغان بولسا، مۇئمىن سۈرىسى 20 - ئايەتنىڭ دالالىتى بىلەن سىنا « زەيتۇن » دىيارى دائىرىسىگە كىرەتتى.

4. تىنچ شەھەر: ھەزرىتى مۇھەممەد ۋەھيي ئالغان مۇبارەك جايدۇر ( ئالئىمران، 96 ).

شاھىت قىلىنىپ قەسەم قىلىنغان بۇ ماكانلارنىڭ ھەممىسى قۇرئاندا « مۇبارەك » ۋە « مۇقەددەس » دەپ تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇلار ماكانلارنىڭ بەرىكىتى ۋە مۇقەددەسلىكى ئۆزىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇ دىيارلاردا بولغان ۋەقەدىن كېلىپ چىقماقتا. بۇ جايلار « زېمىننىڭ ئەڭ شەرەپلىك جايلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ شان - شەرىپى ئۇ ماكانلاردا بولغان ۋەقەنىڭ شان - شەرىپىدىن كېلىپ چىقماقتا ». بۇ دىيارلارنىڭ تىلغا ئېلىنىپ قەسەم قىلىنىشىنىڭ سەۋەبىمۇ، خىتاب قىلىنغۇچىنىڭ زېھنىنى ماددى نەرسىدىن مەنىۋى نەرسىگە ئاغدۇرۇش بولۇپ، بەئەينى « ئەي خىتاب قىلىنغۇچى! نازىل بولغان دىيارنى بۇنچە بەرىكەتلىك قىلغان ۋەھيي ئەگەر سېنىڭ ھاياتىڭغا نازىل بولسا ساڭا قىممەت قوشماسمۇ؟ سېنىڭ ئىززىتىڭنى يۇقىرى كۆتۈرمەسمۇ؟ » دېمەكتە. مانا بۇ سەۋەبتىن ۋەھيي ئەقىلگە مىراج قىلدۇرۇش ئۈچۈن نازىل بولغان.

بۇ مۇبارەك خىتابتىن كېيىن سۆز زېمىننىڭ روھى بولغان ئىنسانغا كېلىدۇ. تۆۋەندىكى ئايەتتە بايان قىلىنغان ھەقىقەتنى ئىنسانغا پەقەت ياراتقۇچىلا بايان قىلىپ بېرەلەيدۇ:

لَقَدْ خَلَقْنَا الْإِنْسَانَ فِي أَحْسَنِ تَقْوِيمٍ (4) ثُمَّ رَدَدْنَاهُ أَسْفَلَ سَافِلِينَ (5)

« بىز ئىنساننى ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە ياراتتۇق، ئاندىن دەسلەپكى ھالىتىگە قايتۇردۇق » ( 4 - 5 ).

تاكامۇللىشىش سەپىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇشنى ئارزۇ قىلىۋاتقان، بۇنىڭ ئۈچۈن يولدىن چىقىپ كەتمەسلىككە تىرىشىۋاتقان، يولدا سەبىر بىلەن مېڭىۋاتقان، يولنىڭ ئىگىسىگە ئىشەنگەن / ئىمان ئېيتقان كىشىلەرگە مۇنداق خىتاب قىلىنىدۇ:

إِلَّا الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ فَلَهُمْ أَجْرٌ غَيْرُ مَمْنُونٍ

« ( تاكامۇللىشىش سەپىرىدە ) ئىماندا مۇستەھكەم تۇرغان ۋە ئۇ ئىمانغا ماس ئەمەللەرنى قىلغۇچىلارغا چەكسىز مۇكاپات بېرىمىز » ( 6 ).

سۈرىنىڭ ئاخىرىدىكى خىتاب، ئىنسان بولۇشنى داۋا قىلغۇچى ھەر كىشىگە قارىتىلغان بولۇپ:

فَمَا يُكَذِّبُكَ بَعْدُ بِالدِّينِ (7) أَلَيْسَ اللَّهُ بِأَحْكَمِ الْحَاكِمِينَ (8)

« ئۇنداقتا ( ئى ئىنسان ) پۈتۈن بۇ ھەقىقەت ( روشەن دەلىللەر بايان قىلىنغان )دىن كېيىن ساڭا ھېساپ كۈنىنى ئىنكار قىلغۇزۇۋاتقان نەرسە نېمە؟ ( ئى ئىنسان ) ئاللاھ ئەڭ ئادىل ھۆكۈم قىلغۇچى ئەمەسمۇ؟ » ( 7 - 8 ).

# زەلزەلە سۈرىسى

سۈرە بىرىنچى ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان « يەر تەۋرەش » دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان « زەلزەلە » كەلىمىسى بىلەن ئاتالغان:

« زېمىن تۈيۈقسىز قاتتىق تەۋرىتىلگەندە » ( 1 ).

بۇ يەر تەۋرەش بىر شەھەر، بىر رايون ياكى بىر قىتئە ئەمەس، بەلكى پۈتۈن يەر شارى خاراكتېرلىق بولۇپ، بۇ قۇرئاندا « ئاخىرقى ۋاقىتتىكى يەر تەۋرەش » دەپ ئاتالغان. بۇ سۈرىدىن باشقا، قۇرئاندا قىيامەت ۋە ئاخىرقى سائەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر قانچە سۈرە بار. قۇرئاندا ئىسمى ئىلاھى بارلىققا كېلىش ۋە بۇزۇلۇش ھەقىقىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دۇخان، جاسىيە، ۋاقىئە، ھاققا، قىيامەت، نەبە، تەكۋىر، ئىنفىتار، ئىنشىقاق، غاشىيە، فەجر، زەلزەلە، قارىئە ۋە فەلەق قاتارلىق 14 سۈرە بار.

مۇسھابلاردا ۋە دەسلەپكى قۇرئان تەپسىرلىرىدە « زەلزەلە » ياكى « زىلزال » ئىسمى بىلەن ئاتالغان.

بۇخارى ۋە تىرمىزىدا تىلغا ئېلىنغان رىۋايەتلەردىن ساھابىلەرنىڭ « ئىزازۇل زىلەت » دەپ ئاتىغانلىقىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ.

مەزكۇر سۈرە مەككىدە نازىل بولغان. سۈرىنىڭ ئۇسلۇبى ۋە تېمىسى بۇنى ئېنىق كۆرسەتمەكتە. ئىبنى مەسئۇد، ئىبنى ئابباس، مۇجاھىت، قاتادە ۋە داھھاق قاتارلىق ساھابىلەر مەككىدە نازىل بولغان دەيدۇ. بەغاۋى، ئىبنى كەسىر ۋە نىسابۇرى قاتارلىق مۇپەسسىرلەرمۇ مۇشۇنداق قارايدۇ. سۈرىدە ئاخىرەت بايان قىلىنغان. مەزمۇن جەھەتتىن مەزكۇر سۈرىگە ئوخشايدىغان قارىئە، زارىئات، تەكۋىر، ئىنفىتار، ئىنشىقاق، غاشىيە، تەكاسۇر، ئادىيات، فەجر، نازىئات، مۇرسەلەت، نەبە، قىيامەت، مەئارىج، ھاققا ۋە ۋاقىئە قاتارلىق سۈرىلەر بىلەن ئوخشاش بىر كاتېگورىيىگە قويۇشقا بولىدۇ.

مەزكۇر سۈرىنىڭ مەدىنىدە نازىل بولغانلىقى ھەققىدىكى قاراش ئەبۇ سەئىد ئەل خۇدرى ۋەقەسىنى ئاساس قىلماقتا. بۇ ساھابە رەسۇلۇللاھتىن « قىلغان چوڭ - كىچىك ھەممە ئىشلىرىمنى كۆرەمدىم؟ » دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ « شۇنداق » دەپ جاۋاب بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ: « ۋاي مېنىڭ ھالىمغا! » دېگەن. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا مائىدە سۈرىسىنىڭ 9 - ئايىتى بىلەن تەسەللى بەرگەن ( ئىبنى ئەبۇ ھاتەم ).

بۇ رىۋايەت مەزكۇر سۈرىنىڭ نازىل بولۇش ۋاقتىنى كۆرسەتمەيدۇ. ئەكسىچە، مەزكۇر سۈرىنىڭ ئەبۇ سەئىدنىڭ ئېڭىغا نازىل بولغان ۋاقتىنى ھەتتا ساھابىنىڭ قۇرئانغا ئىزچىل نازىل بولۇپ تۇرغان ئىلاھى خەۋەر سۈپىتىدە قارىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

گەرچە مەزكۇر سۈرىنىڭ قاچان نازىل بولغانلىقىنى ئېنىق شەكىلدە كۆرسەتكىلى بولمىسىمۇ، دەۋەتنىڭ 4 - يىلىدا نازىل بولغان دېيىشكە بولىدۇ.

سۈرىدە ئاخىرەت ۋە ئىلاھىي ئادالەت ئاساسي تېما قىلىنغان بولۇپ، خۇددى « ئەي ئىنسان! ئاللاھ تىن ھېچقانداق نەرسىنى يوشۇرالمايسەن! يەر يۈزىنىڭ ئىچىنى تېشىغا ئۆرۈشكە قادىر بولغان ئاللاھ تىن بىر نەرسىنى يوشۇرالمايسەن! زېمىننى زۇۋانغا كەلتۈرۈپ ئۇنىڭغا ھەقىقەتنى بايان قىلدۇرغان ئاللاھ نىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى بىر تەسەۋۋۇر قىلىپ باق! » دەيدۇ:

إِذَا زُلْزِلَتِ الْأَرْضُ زِلْزَالَهَا (1) وَأَخْرَجَتِ الْأَرْضُ أَثْقَالَهَا (2) وَقَالَ الْإِنْسَانُ مَا لَهَا (3) يَوْمَئِذٍ تُحَدِّثُ أَخْبَارَهَا (4) بِأَنَّ
رَبَّكَ أَوْحَى لَهَا (5) يَوْمَئِذٍ يَصْدُرُ النَّاسُ أَشْتَاتًا لِيُرَوْا أَعْمَالَهُمْ (6)

« زېمىن تۇيۇقسىز قاتتىق تەۋرىتىلگەندە، زېمىن قويندىكى بارلىق نەرسىلەرنى چىقارغاندا، ئىنسان ئۇنىڭغا ( يەنى زېمىنغا ) نېمە بولدى؟ دېگەندە، مانا بۇ ئېغىر كۈندە زېمىن زۇۋانغا كېلىپ ئۆزىنىڭ خەۋەرلىرىنى ( يەنى ئۇنىڭ ئۈستىدە ئىشلەنگەن ياخشى - يامان ئىشلارنى ) مەلۇم قىلىدۇ. رەببىڭ ئۇنى شۇنداق قىلىشقا ئەمر قىلغان. مانا بۇ ئېغىر كۈندە بارلىق كىشىلەر قىلغان ئەمەللىرىنى كۆرۈش ئۈچۈن توپ - توپ بولۇپ تارىلىپ كېتىدۇ » ( 1 - 6 ).

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلار نەزەردە تۇتۇلغاندا، شۇ ھەقىقەتنى تېخىمۇ ياخشى چۈشەنگىلى بولىدۇ:

فَمَنْ يَعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ خَيْرًا يَرَهُ (7) وَمَنْ يَعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ شَرًّا يَرَهُ (8)

« كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ. كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ » ( 7 - 8 ).

سۈرە گەرچە قىسقا بولسىمۇ سەككىز نۇقتىنى تەكىتلەيدۇ. بۇ قۇرئان بالاغىتىنىڭ تىپىك ئۈرنەكلىرىدىن بىرى. ۋەھيىنىڭ مەقسىتى ناھايىتى ئېنىق، بەشەر تىلىنىڭ بارلىق ئىمكانلىرىنى خىتاب قىلىنغۇچىنىڭ ھىدايىتى ئۈچۈن سەپەرۋەر قىلىش. بۇ ئىلاھىي شەپقەت ئالدىدا بىز ئىنسانلار قىلىشقا تېگىشلىك بىر ئىش بار. يەنى:

ئى مەرھەممىتى چەكسىز بولغان رەببىم! ساڭا لايىق شەكىلدە شۈكۈر قىلىشتا ئاجىزمىز، شۈكرىمىزنى قوبۇل قىلغىن!

# ئىنسان سۈرىسى

مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىكى بولغان « ئىنسان » ئىسمى بىلەن ئاتالغان بۇ سۈرە، ئىسمىنى مەزكۇر سۈرىنىڭ بىرىنچى ئايىتىدىن ئالغان:

« ئىنسان تارىخ سەھنىسىگە چىققۇچە بولغان ئارىلىقتا نامەلۇم ۋە ئۇزۇن بىر ۋاقىت بېشىدىن ئۆتمىدىمۇ؟ ئۇ بۇ مۇددەت ئىچىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىگۈدەك مەخلۇق ئەمەس ئىدى » ( 1 ).

قۇرئاندا ئىنسان ئىسمى بېرىلگەن بىر سۈرىنىڭ بولىشى ھەقىقەتەن كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ.

بۇخارىدىكى بىر رىۋايەتتىن مەزكۇر سۈرىنىڭ رەسۇلۇللاھ دەۋرىدە « ھەل ئەتا ئەلەل ئىنسان » سۈرىسى دەپ ئاتالغانلىقىنى بىلەلەيمىز. بەزى مۇسھابلاردا « بارلىق دەۋرلەر » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان « دەھر » ئىسمى بىلەنمۇ ئاتالغان.

سۈرە مەككىدە نازىل بولغانمۇ ياكى مەدىنىدە نازىل بولغانمۇ؟ بۇ ھەقتە ئۆلىمالار ئارىسىدا ئوخشاش بولمىغان قاراشلار مەۋجۇت. ئىبن ئابباس، ئىبن ئەبى تەلھە، قاتادە ۋە مۇقاتىل مەككىدە نازىل بولغان دېگەن. ھافاجى بۇ قارىشنى جۇمھۇر ئۆلىمالاردىن ئالغانلىقىنى ئىما قىلغان. مۇجاھىد ۋە باشقىلار مەزكۇر سۈرىنىڭ مەدىنىدە نازىل بولغانلىقىنى ئېيتقان. مەدىنىدە نازىل بولغان دېگۈچىلەر، 8 - ئايەتتىكى « ئەسىران » كەلىمىسىنى « ئۇرۇش ئەسىرى » دەپ چۈشەنگەن ۋە ئەنسارلاردىن كەلگەنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلگەن نۇزۇل سەۋەبى رىۋايەتلەرنى ئېتىبارغا ئالغان. شۇنىڭ بىلەن قولىمىزدىكى مۇسھابلاردا سۈرە مەدىنىدە نازىل بولغان تالاق سۈرىسىنىڭ ئالدىغا تىزىلغان.

ھالبۇكى، ساھابىلەر بەزىدە بىر ئايەت ياكى بىر بۆلەك ھەققىدە، نازىل بولۇپ نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن مەدىنىدە يۈز بەرگەن بىر ۋەقەنى نۇزۇل سەۋەبى دەپ كۆرسەتكەن. بۇنىڭ ھەيران قالغۇچىلىكى يوق. ساھابىلەر بۇ ئارقىلىق قۇرئانغا بىر قېتىم نازىل بولۇپ تۈگىگەن تېكىست نەزىرى بىلەن ئەمەس، ئەكسىچە تېكىستى بىر قېتىم

نازىل بولغان، مەنىسى چەكسىز نازىل بولىدىغان جانلىق بىر خىتاب نەزىرى بىلەن قارىغانلىقنى ئىسپاتلىغان. بۇ خىل رىۋايەتلەرنى نازىل بولۇش سەۋەبى دەپ چۈشۈنۈۋېلىش، ساھابىلەرنىڭ بۇ چۈشەنچىسىنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋېتىشتىن باشقا، رىۋايەتلەرگە شەرتسىز تەسلىم بولۇش پوزىتسىيىسىنىڭ جانلىق نامايەندىسىدۇر. ساھابىلەرنىڭ بۇ خىل پوزىتسىيىسى ئاساسىدا، بىزمۇ بىر مۇنچە ئايەتنىڭ نۇزۇل سەۋەبىنىڭ ئۆزىمىز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتەلەيمىز.

بۇ نۇقتىدا مۇنداق بىر سوئال تۇغۇلىشى مۇمكىن: بۇ ئەھۋالدا قۇرئان ئىلىملىرى پىرىنسىپىنىڭ بىر پارچىسى بولغان « ئەسبابى نۇزۇل ( نازىل بولۇش سەۋەبى ) » كېرەكسىز نەرسىگە ئايلىنىپ قالامدۇ؟

بۇ سوئال رىۋايەت ھاكىمىيىتىنى قوغداش غېمىگە چۈشۈپ قالغان بىر ئاقىلنىڭ قايغۇسىنىڭ ئىپادىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. بىزنىڭ ئېيتقانلىرىمىز ھاياتنى قۇتقۇزۇپ قېلىش كويىغا چۈشكەن بىر ئاقىلنىڭ دەردىنى نامايەن قىلماقتا. « كىم نېمىنى قۇتقۇزماقچى بولسا، ئۇنىڭ پېيىدا بولسۇن » دېيىشتىن باشقا بىر جاۋابىمىز يوقتۇر.

سۈرىنىڭ ئۇسلۇبى، مەزمۇنى ۋە بالاغىتى شۈبھىسىز مەككىدە نازىل بولغانلىقىنى، ھەتتا دەسلەپكى مەزگىللەردە نازىل بولغانلىقىنى ئىپادىلىمەكتە. سۈرە ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇسھابىدا قىيامەت سۈرىسىنىڭ ئالدىغا تىزىلغان. بۇ، رەسۇلۇللاھنىڭ ئىنسان ۋە قىيامەت سۈرىلىرىنى نامازدا بىرگە ئوقۇغانلىقى رىۋايىتىنى كۈچلەندۈرمەكتە ( ئەبۇ داۋۇد ). سۈرە رىسالەتنىڭ 5 - يىلىدا نازىل بولغان بولسا كېرەك.

سۈرە ئۆتمۈشى، بۈگۈنى ۋە كېلەچىكى بىلەن ئىنسان ۋە ئىنسان ئىرادىسىنىڭ بەلگىلىگۈچى رولىنى ئاساسىي تېما قىلغان.

سۈرە تاكامۇللىشىش قانۇنى ئىما قىلىنغان ھالدا باشلانغان بولۇپ، مەخلۇقاتلارنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىكى بولغان ئىنساننىڭمۇ تاكامۇللىشىش قانۇنىيىتىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى ئىما قىلغان ( 1- ئايەت). ئاندىن ئىنسان ئەۋلادىنىڭ « نۇتفە ( ئەر - ئايال مەنىسىنىڭ بىرلەشمىسى ) » دىن يارىتىلغانلىقى بايان قىلىنغان:

إِنَّا خَلَقْنَا الْإِنْسَانَ مِنْ نُطْفَةٍ أَمْشَاجٍ نَبْتَلِيهِ فَجَعَلْنَاهُ سَمِيعًا بَصِيرًا

« ئىنسان ئەۋلادىنى ئارىلاشما مەنىيدىن بىز ياراتتۇق. ئۇنى ئېمتىھان قىلىشنى ( خالىدۇق )، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ئاڭلايدىغان ۋە كۆرىدىغان قىلىپ ياراتتۇق » ( 2 ).

ئىلاھى تاكامۇللىشىش قانۇنىيىتىگە تەۋە بولغان ئىنساننىڭ پەقەت بىرلا تەقدىرى بار، يەنى « تاللاش ». مانا بۇ ھەقىقەتنى تۆۋەندىكى ئايەت جاكارلىماقتا:

إِنَّا هَدَيْنَاهُ السَّبِيلَ إِمَّا شَاكِرًا وَإِمَّا كَفُورًا

« ئەلۋەتتە بىز ئۇنىڭغا ( ۋەھيي ۋە رەسۇل ئەۋەتىش ئارقىلىق ياخشى - يامان ) يولنى كۆرسەتتۇق. ئىمان ئېيتىپ شۈكۈر قىلغۇچى بولۇش ياكى ئىنكار قىلىپ كۇپۇرلۇق قىلغۇچى بولۇشنى ( ئۇنىڭ ئىختىيارىغا بەردۇق ) » ( 3 ).

ھەر نەرسىنىڭ روھى بولغاندەك، ئاخىرەتمۇ بۇ دۇنيانىڭ روھىدۇر. ئىنسان ئاخىرەتتە بۇ دۇنيادىكى تاللاشلىرىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ. جازا ياكى مۇكاپات، ئىنساننىڭ ئۆز ئەمەللىرى بىلەن قولغان كەلتۈرگەن نەتىجىسىدۇر ( يەنى قازاندا نېمە بولسا، چۆمۈچكە شۇ چىقىدۇ. نېمە تېرىسىڭىز، شۇنى ئالىسىز ) ( 4 - 22 ).

سۈرىنىڭ ئاخىرىدا بىۋاستە ھالدا رەسۇلۇللاھقا، ۋاستىلىق ھالدا مۇئمىنلەرگە قارىتىلغان خىتاب ئارقىلىق كۇفرىغا قارشى مۇستەھكەم تۇرۇش ئېڭىنى كۈچەيتكەن ( 23 - 28 ). ئۇنىڭدىن كېيىن ئىرادە ھەققىدە توختىلىپ، ئىنساننىڭ خالىشى ( تاللىشى )نى ئاللاھ نىڭ ئىرادە قىلغانلىقى بايان قىلىنغان:

إِنَّ هَذِهِ تَذْكِرَةٌ فَمَنْ شَاءَ اتَّخَذَ إِلَى رَبِّهِ سَبِيلًا (29) وَمَا تَشَاءُونَ إِلَّا أَنْ يَشَاءَ اللَّهُ إِنَّ اللَّهَ كَانَ عَلِيمًا حَكِيمًا (30) يُدْخِلُ مَنْ يَشَاءُ فِي رَحْمَتِهِ وَالظَّالِمِينَ أَعَدَّ لَهُمْ عَذَابًا أَلِيمًا (31)

« بۇلار ( ئايەتلەر ) بىر ۋەز - نەسىھەت ۋە ئاگاھلاندۇرۇشتۇر. ئۇنداقتا ( بۇ ۋەز - نەسىھەتتىن پايدىلىنىشنى ) خالىغان ئادەم رەببىگە يەتكۈزىدىغان يولنى تۇتسۇن. ئەگەر ئاللاھ ( تاللىشىڭلارنى ) خالىمىغان بولسا ئىدى، سىلەر ھەرگىزمۇ تاللىيالمايتتىڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش

قىلغۇچىدۇر. ئۇ رەھمەتكە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلغۇچىنى رەھمەت دائىرىسىگە كىرگۈزىدۇ. ئاللاھ زالىملارغا قاتتىق ئازاپ تەييارلىدى » ( 29 - 31 ).

كىشىنىڭ دىققىتىنى ئىرادىگە بۇرىغان ھالدا باشلانغان بۇ سۈرە، يەنە ئىرادىگە كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىش بىلەن ئاخىرلاشقان.

# قىيامەت سۈرىسى

مەزكۇر سۈرە « بۈيۈك قىيام » ياكى قايتىدىن تىرىلىش مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان « قىيامەت » كەلىمىسى بىلەن ئاتالغان. بۇ كەلىمە سۈرىنىڭ بىرىنچى ئايىتىدە تىلغا ئېلىنىپلا قالماستىن، سۈرىنىڭ مەزمۇنىمۇ قىيامەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك. قۇرئاندا قىيامەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك 14 سۈرىنىڭ بارلىقىنى مۇناسىۋەتلىك سۈرىلەردە قەيت قىلىپ ئۆتكەنىدۇق.

سۈرە دەسلەپكى مەزگىلدىكى مۇسھاب ۋە تەپسىرلەردە بۇ ئىسىم بىلەن ئاتالغان.

قىيامەت كەلىمىسى ئىپادىلىگەن مەنا دائىرىسىگە « ئەڭ ئاخىرقى ۋاقىت - ئەس سائەھ »، « ھېساپ كۈنى - يەۋمۇد دىن »، « بۈيۈك پەرياد - يەۋمۇل فەزەئىل ئەكبەر » قاتارلىق ئىسىملارمۇ كىرىدۇ، بۇ كەلىمىلەر قۇرئاندا تىلغا ئېلىنماقتا.

سۈرە مەككىدە نازىل بولغان بولۇپ، مەزمۇنى جەھەتتىن سېلىشتۇرۇپ ئوقۇغان ۋاقىتمىزدا قارىئە، مۇرسەلات، بەلەد، تارىق، شەمس ۋە تىن سۈرىلىرىگە ئوخشاش شەخس نىشان قىلىنغان دەۋەت باسقۇچىدىن كېيىن ۋە مۇسۇلمانلارغا قارىتىلغان ئېمبارگو مەزگىلىدىن بۇرۇن نازىل بولغانلىقىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ.

دەسلەپكى مەزگىللەردىكى مۇسھابلاردا قارىئە سۈرىسىنىڭ ئارقىسىغا تىزىلغان. مەزكۇر سۈرىدە ئىنكارچىلارغا قارىتا قاتتىق رەددىيە بېرىلمىگەن بولسىمۇ، مەشھۇر بولغان قۇرئان سۈرىلىرىنىڭ نازىل بولۇش تەرتىپلىرىدە نەجم سۈرىسىنىڭ ئارقىسىغا تىزىلغان. مەزكۇر سۈرە دەۋەتنىڭ 4 - ياكى 5 - يىلى نازىل بولغان بولسا كېرەك.

قۇرئاندا قىيامەت ۋە ئاخىرقى سائەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بارلىق بۆلەكلەر ۋە سۈرىلەردە كۆرۈلگەن ئۇسلۇب بۇ سۈرىدىمۇ روشەن ھالدا ئۆزىنى نامايەن قىلماقتا ( ئىنشىقاق سۈرىسىگە قاراڭ ).

سۈرە قىيامەتكە قەسەم قىلىش بىلەن باشلىغان تۇنجى سۈرە بولۇپ، قىيامەت ئاساسىي تېما قىلىنىش ئارقىلىق بىۋاستە ھالدا ئىنسانغا خىتاب قىلماقتا. چۈنكى مەزكۇر سۈرىدە بارلىق ئىنسانلار كۆزدە تۇتۇلغان ھالدا ئالتە قېتىم « ئەل - ئىنسان » كەلىمىسى ئىشلىتىلگەن ۋە بۇ ئارقىلىق « ئەي ئىنسان! ئۆلگەندىن كېيىن قانداق بولۇشنى ئويلاۋاتىسەن؟ » دېگەن سوئالنى سوراۋاتىدۇ دېيىشكىمۇ خاتالاشمايمىز.

مەزكۇر سۈرىدە جان ئۈزۈۋاتقان ۋاقىتتىكى مەنزىرە ئەڭ جانلىق شەكىلدە بايان قىلىنغان:

كَلَّا إِذَا بَلَغَتِ التَّرَاقِيَ (26) وَقِيلَ مَنْ رَاقٍ (27) وَظَنَّ أَنَّهُ الْفِرَاقُ (28) وَالْتَفَّتِ السَّاقُ بِالسَّاقِ (29) إِلَى رَبِّكَ يَوْمَئِذٍ الْمَسَاقُ (30)

شۇنداق، جان ھەلقۇمغا يەتكەندە، « ( بۇ كېسەلگە ) كىم ئىلاج قىلالايدۇ؟ » پەريادلىرى كۆتۈرۈلىدۇ. ( سەكراتتا ياتقان ئادەم ) بۇنىڭ ( دۇنيادىن ) ئايرىلىش ئىكەنلىكىنى جەزىم قىلىدۇ. ( سەكراتنىڭ قاتتىقلىقىدىن ) پاچاق پاچاققا كىرىشىپ كېتىدۇ. بۇ كۈندە ھەيدەپ بېرىلىدىغان جاي رەببىڭنىڭ دەرگاھىدۇر ( 26 - 30 ).

سۈرىدە قايتىدىن تىرىلىش مەقسىتى بولغان مۇكاپات ۋە جازا، ئۇنىڭ ئۇلىدا ياتقان ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئارىسىدىكى پەرق ھەققىدە مەلۇماتلار بېرىلگەن. ئەڭ ياخشى بۇزۇلسا ئەڭ ئەسكى بولىدۇ. شۇڭا ئەڭ ياخشى بولغان ئىنسان شۇ ياخشى ھالىتىنى ساقلاپ قالسۇن دەپ تۆۋەندىكى ئايەتلەر ئەڭ ياخشىنى ئاگاھلاندۇرماقتا:

أَوْلَى لَكَ فَأَوْلَى (34) ثُمَّ أَوْلَى لَكَ فَأَوْلَى (35)

« ۋاي سىنىڭ ھالىڭغا! ۋاي سىنىڭ ھالىڭغا! ۋاي سىنىڭ ھالىڭغا! ۋاي سىنىڭ ھالىڭغا ( يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان ئۇ كۈن تېخىمۇ يېقىنلاشتى ) !» ( 34 - 35 ).

بۇ ئايەتلەر ئارقىلىق ئەجىلىنىڭ يېقىنلىشىۋاتقانلىقى، ئېمتىھان ۋاقتىنىڭ توشۇشقا قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقانلىقى ئەسكەرتىلىش بىلەن بىرگە، ئەڭ ياخشىغا ( مۆتىۋەر مەخلۇققا ) ئامانەت قىلىنغان نەرسىلەرنى ئەسلى مەقسىتىنىڭ ئەكسىچە ئىشلىتىۋاتقان ئىنسانغا بىۋاسىتە ھالدا خىتاب قىلىدۇ ۋە ئىنساننىڭ ئۆز ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىلمەيدىغان ھۆرمەتلىك، ئېتىبارى بار مەخلۇق ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ:

أَيَحْسَبُ الْإِنْسَانُ أَنْ يُتْرَكَ سُدًى

« ئىنسان ئۆزىنى بىكار قويۇپ بېرىلىدۇ ( يەنى شەرىئەت ئىشلىرىغا تەكلىپ قىلىنماي، مەيلىگە قويۇۋېتىلگەن ھايۋانغا ئوخشاش ) دەپ ئويلامدۇ؟ » ( 36 ).

# ھۇمەزە سۈرىسى

سۈرە بىرىنچى ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان « سۆخەنچىلىك قىلىش، ئەيىپلەش » دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان « ھۇمەزە » كەلىمىسى بىلەن ئاتالغان.

« ئاشكارا - يوشۇرۇن، ئالدى - ئارقىسىدىن دائىم تۆھمەت قىلىپ قارا چاپلىغان، چېقىشتۇرۇپ ئەيىپلىگەن ۋە ئەيىپ ئىزدەپ يۈرگەن كىشىلەر ئۆزىگە زۇلۇم قىلدى، ئۇلارنىڭ ھالىغا ۋاي! » ( 1 ).

« ھۇمەزە - لۇمەزە »گە ئوخشايدىغان بىر جۈپ ئۇقۇملار خۇددى « مۇززەممىل - مۇددەسسىر » بىر جۈپقا ئوخشاش بىر مەنىنىڭ ئىككى قۇتۇپىنى ئىپادىلەيدۇ. « ئاشكارا - يوشۇرۇن، ئالدى - ئارقىدىن » مەنىسى مەزكۇر كەلىمىنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكىدىن كېلىپ چىققان. نېمە ئۈچۈن بۇ يەردە مەزكۇر كەلىمىنىڭ « ھەمماز ۋە لەمماز » شەكلى ئىشلىتىلمىگەن دەپ سورالغاندا، بۇنىڭ جاۋابى ناھايىتى ئېنىق. جانابى ئاللاھ بىزنىڭ گۇناھكارنى ئەمەس، گۇناھنى نىشان قىلىشىمىزنى ئىما قىلماقتا. بىزنىڭ گۇناھكارنى تۈگىتىشىمىزنى ئەمەس، گۇناھنى تۈگىتىشىمىزنى، گۇناھكارنى ئەمەس، گۇناھنى نۇقتا قىلىشىمىزنى ئىما قىلماقتا.

بۇخارى ۋە بەزى تەپسىرلەردە مەزكۇر سۈرە بىرىنچى ئايىتى بىلەن ئاتالغان.

سۈرە مەككىدە نازىل بولغان. دەسلەپكى مەزگىلدىكى نۇزۇل تەرتىپلىرىدە قىيامەت ۋە مۇرسەلات سۈرىسىنىڭ ئارىسىغا تىزىلغان. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، بۇ سۈرە نۇبۇۋۋەتنىڭ 4 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا ياكى 5 - يىلىنىڭ باشلىرىدا نازىل بولغان بولۇشى مۇمكىن. مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋىتىگە قارىتا تۇتقان ئىنكار پوزىتسىيىسىنى مۇنداق تۆت باسقۇچقا ئايرىشقا بولىدۇ:

1. سۈكۈت قىلىش
2. مەسخىرە قىلىش
3. تۆھمەت قىلىش
4. رەسمىي ئەزىيەت يەتكۈزۈش

مەزكۇر سۈرە مۇشرىك مەككىلىكلەرنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋىتىگە قارىتا تۇتقان « مەسخىرە قىلىش باسقۇچى »دىن ئىبارەت دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشىنى ئەكس ئەتتۈرمەكتە.

ھۇمەزە سۈرىسى ئىنساننىڭ ئۆز جىنسىدىن بولغان ئىنسان قېرىنداشلىرىغا قارىتا تۇتقان تەربىيىسىز قىلمىشلىرىنى روھىي جەھەتتىن مۇھاكىمە قىلىدۇ. خورلاش، ھاقارەتلەش، مەسخىرە قىلىش، قارا چاپلاش، ئىززەت - ئابروينى تۆكۈش، غەيۋەت قىلىش، كەمچىلىك ۋە ئەيىپلىرىنى ئىزدەش قاتارلىق قىلمىشلارنى ئەخلاقسىزلىق، روھى كېسەللىك دەپ قارايدۇ. بۇ ئەخلاقسىز قىلمىشلارنى رەت قىلغان مەزكۇر سۈرە بۇ

قىلمىشلارنىڭ ۋە ئىللەتنىڭ تېگىدە « ئۆزىنى بىلمەسلىك » ئامىلىنىڭ ياتقانلىقىنى يورۇتۇپ بەرمەكتە. چۈنكى، ئۆزىنى بىلمىگەنلەر « ئەبەدىي ياشايمەن » دەپ ئويلاپ قالىدۇ:

وَيْلٌ لِكُلِّ هُمَزَةٍ لُمَزَةٍ (1) الَّذِي جَمَعَ مَالًا وَعَدَّدَهُ (2) يَحْسَبُ أَنَّ مَالَهُ أَخْلَدَهُ (3)

« ئاشكارا - يوشۇرۇن، ئالدى - ئارقىسىدىن دائىم تۆھمەت قىلىپ قارا چاپلىغان، چېقىشتۇرۇپ ئەيىپلىگەن ۋە ئەيىپ ئىزدەپ يۈرگەن كىشىلەر ئۆزىگە زۇلۇم قىلدى، ئۇلارنىڭ ھالىغا ۋاي! مانا بۇ مال - دۇنيا توپلىغان ۋە ئۇلارنى بايلىق دەپ ئويلاپ قالغانلار، ئۇ مېلى ئۆزىنى ( دۇنيادامەڭگۈ قالدۇرىدۇ دەپ ئويلايدۇ ) » ( 1 - 3 ).

بۇ سۈرىنىڭ مەككىدە نازىل بولغان سۈرىلەر ئارىسىدىكى قېرىندىشى قەلەم سۈرىسى بولۇپ، مەدىنە سۈرىلىرى ئارىسىدىكى تەپسىرى ھۇجرات سۈرىسىدۇر.

سۈرىنىڭ ئاساسىي تېمىسى ئەخلاق بولۇپ، سۈرە كىبىرلىك، ھاكاۋۇر كىشلەرنىڭ پسىخولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بارىدۇ. سۈرىدە تىلغا ئېلىنغان « مال » ئەسلىدە تەقۋا ( مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى )دىن سىرت، باشقا كىشلەردىن پەرقلىق ھالدا ئىگە بولغان بارلىق نەرسىلىرىمىزگە ۋەكىللىك قىلماقتا. باشقىلارغا قارىغاندا كۆپرەك ئىگە بولغان نەرسىلەرنى ئۇلارغا ئىگە بولمىغانلارغا قارىتا ئۇلارنى كەمسىتىش ۋە خور كۆرۈش، ئۇلارنىڭ ھەققىنى دەپسەندە قىلىش ۋە ئىززەت - ئابرويىغا تىل تەككۈزۈش سەۋەبى دەپ قارىغانلار « ئىست سېنىڭ ھالىڭغا! » دېيىلگەن « ھۇمەزە ۋە لۇمەزە » سىنىپىغا كىرىدۇ. بۇ تۈردىكى كىشلەر ئەلىمى يۈرەكلەرگە يېتىپ بارىدىغان ئازاپقا دۇچار قىلىنىپ، قاتتىق خارلىنىدۇ، ئازاپلىنىدۇ:

كَلَّا لَيُنْبَذَنَّ فِي الْحُطَمَةِ (4) وَمَا أَدْرَاكَ مَا الْحُطَمَةُ (5) نَارُ اللَّهِ الْمُوقَدَةُ (6)

« ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، دەل ئەكسىچە يىلاندەك تولغاندۇرىۋېتىدىغان ۋە ئەلىمى يىلىكىدىن ئۆتۈپ كېتىدىغان لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا تاشلىنىدۇ. سەن يىلاندەك تولغاندۇرىۋېتىدىغان  ئۇ ئوتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى قانداق بىلەلەيسەن؟  ئۇ ئاللاھ ياندۇرغان ئوتتۇر » ( 4 - 6 ).

تۆھمەت ۋە قارا چاپلاش سەۋەبىدىن بۇ ھەقسىزلىققا دۇچار بولغانلارنىڭ يۈرىكى قانداق ئەلەم تارتقان ۋە ئازاپلانغان بولسا، بۇ جىنايەتنىڭ جازاسىمۇ ھۇتەمەدە بۇ جىنايەتنى سادىر قىلغۇچىلارنىڭ يۈرىكىدە شۇنداق تۇيغۇنى پەيدا قىلىدۇ:

الَّتِي تَطَّلِعُ عَلَى الْأَفْئِدَةِ

« ئۇ شۇنداق بىر ئوتكى، ئۇنىڭ ئەلىمى يۈرەكلەرگە يېتىپ بارىدۇ » ( 7 ).

يەنى خىيانەت قىلغان فىترىتى، باستۇرۇلغان ۋىجدان چۇقانى، ھاۋايى - ھەۋەسنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرغان ئىدراكى ۋە يامانلىققا مايىل قىلىنغان يوشۇرۇن ئېڭى، ئاللاھ تىن مەھرۇم قالدۇرۇلغانلىقنىڭ ئازابى بىلەن ئىگىسىنى كۆيۈپ پۇچىلاندۇرغان بىر جەھەننەمگە ئايلىنىدۇ:

إِنَّهَا عَلَيْهِمْ مُؤْصَدَةٌ (8) فِي عَمَدٍ مُمَدَّدَةٍ (9)

« مانا بۇ ئوت ئۇلارنىڭ ئۈستىگە تاشلىنىدۇ. ئۇلار ئېگىز تۈۋرۈكلەرگە باغلىنىدۇ ( ئۆزى ياراتقان زىندانلارغا مەھكۇم قىلىنىدۇ ) » ( 8 - 9 ).

بەلكىم بۇ نۇقتىدا « بۇ قىلمىش نېمە ئۈچۈن ئاللاھ نى بۇنداق غەزەپلەندۈرىدۇ؟ » دېگەن سوئال تۇغۇلىشى مۇمكىن. قىسقىچە قىلىپ ئېيتساق، بۇ مۇئامىلە كىشىنىڭ ئۆزىنى ئاللاھ نىڭ ئورنىغا قويغانلىقىدۇر. چۈنكى، ئىنسانلارنىڭ ئەمەل دەپتىرىنى ئاللاھ تۇتىدۇ. خاتالىقلىرىنى ۋە ئەيىپلىرىنى ئاللاھ خاتىرىلەيدۇ ( پەرىشتىلەر ئاللاھ نىڭ ئەمرى بىلەن بۇ ئىشلارنى ئادا قىلىدۇ ). باشقىلارنىڭ خاتالىقلىرىنى ۋە ئەيىپلىرىنى ئىزدىگۈچىلەر ئاللاھ قا خاس بولغان ئىشقا تالىق بولماقچى بولغانلار بولۇپ، بۇلار ھەددىدىن ئاشقانلىق بولىدۇ.

## مۇرسەلات سۈرىسى

سۈرە بىرىنچى ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان « ئەۋەتىلگەنلەر » مەنىسىدىكى « مۇرسەلات » كەلىمىسى بىلەن ئاتالغان:

« ئارقا - ئارقىدىن ئەۋەتىلگەن ( بۇ ۋەھىيلەر ) بىلەن قەسەمكى » ( 1 ).

مەزكۇر سۈرە ئاديات، زارىيات، نازىئات ۋە سافّات سۈرىلىرى بىلەن ئىسىم ۋە باشلىنىش جەھەتتىن ئوخشاشلىققا ئىگە. ئىبنى مەسئۇد ۋە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن كەلگەن رىۋايەتلەردە سۈرە « ۋەل مۇرسەلاتى ئۇرفەن » دەپ ئاتالغان ( بۇخارى ۋە مۇسلىم ). ئىبنى ئابباس بۇ سۈرىنى ئوقۇۋاتقاندا « ناماز شامدا رەسۇلۇللاھنىڭ ئاغزىدىن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئاڭلىغان سۈرە بۇ ئىدى » دەپ كۆز يېشى قىلغان. يەنە ئىبنى مەسئۇد رەسۇلۇللاھنىڭ نامازلاردا سۈرىلەرنى بىللە ئوقۇۋاتقانلىقىنى، بەزىدە بىر رەكەتتە رەھمان بىلەن نەجم سۈرىسىنى، ئىككىنجى رەكەتتە ئىقتەرابە ( ئەنبىيا ) بىلەن ھاققا سۈرىسىنى، بەزىدە ئەممە يەتەسائەلۇن ( نەبە ) بىلەن مۇرسەلات سۈرىسىنى بىرگە ئوقۇۋاتقانلىقىنى ئېيتقان.

سۈرە مەككىدە نازىل بولغان بولۇپ، سۈرىنىڭ مەزمۇنى ۋە ئۇسلۇبىدىن بۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئىبنى مەسئۇدتىن كەلگەن رىۋايەت بىزگە سۈرىنىڭ نازىل بولغان ۋاقتى ھەققىدە يىپ ئۇچى بېرىدۇ. ئۇ مۇنداق دېگەن:

« بىز منادىكى بىر غاردا ( مەخپىي ھالدا ) رەسۇلۇللاھ بىلەن ئۇچرىشاتتۇق، بۇ سۈرە نازىل بولدى » ( بۇخارى ).

بۇ رىۋايەتتىن بۇ ۋاقىتنىڭ دەۋەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. بۇ مەزگىل رىسالەتنىڭ 5 - يىلىغا توغرا كەلمەكتە. بۇ سۈرە دەسلەپكى مەزگىللەردە تىزىلغان نۇزۇل تەرتىپىدە ھۇمەزە - قاف سۈرىسى ئارىسىغا تىزىلغان.

مەزكۇر سۈرىدە ۋەھيي ۋە قايتىدىن تىرىلىش ئاساسىي تېما قىلىنغان. ۋەھيي ئەقلىنىڭ، ئاخىرەت دۇنيانىڭ روھىدۇر. سۈرە بۇ ئىككى ئامىلغا جان بەرگەن ئايەتلەردىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، ئاخىرقى سائەت، قىيامەت، قايتىدىن تىرىلىش، ھېساپ كۈنى، مۇكاپات ۋە جازا قاتارلىق تەپسىلاتلار بىلەن ئىنساننىڭ ئەبەدىي ئىستىقبالى ھەققىدە توختالغان.

سۈرە ئاديات، نازىئات، زارىئات ۋە سافّات سۈرىلىرىگە ئوخشاش ئېنىقلىغۇچىسىز سۈپەتلەر بىلەن باشلىنىدۇ:

وَالْمُرْسَلَاتِ عُرْفًا (1) فَالْعَاصِفَاتِ عَصْفًا (2) وَالنَّاشِرَاتِ نَشْرًا (3) فَالْفَارِقَاتِ فَرْقًا (4) فَالْمُلْقِيَاتِ ذِكْرًا (5) عُذْرًا أَوْ نُذْرًا (6)

« ئارقا - ئارقىدىن ئەۋەتىلگەن ( بۇ ۋەھيىلەر ) بىلەن قەسەمكى! ئاندىن بىر بورانغا ئوخشاش ھەممىنى ئۇچۇرغانلار ( ئورنىدىن قوزغىۋەتكەن، جەمئىيەتتە چاقىلىنىش پەيدا قىلغانلار )! ۋە ( ئىلاھيي ۋەھيي )نى پۈتۈن كۈچى بىلەن تارقاتقۇچىلار! ئاندىن ( ھەق بىلەن باتىلنى ) تاللاپ ئايرىغۇچىلار! ( ئىنسانىنى ) تەرىپلەشكە تىل ئاجىزلىق قىلىدىغان ( بىباھا ) بىر نەسىھەت بىلەن ئۇچراشتۇرغۇچىلار! ( ئۇ نەسىھەت بىلەن ) ئىمانغا يۈزلەنگۈچىنى مەغپىرەتكە لايىق قىلغان ۋە تەۋبە قىلغۇچىغا مەغپىرەت قىلىنغانلىق خۇشخەۋىرىنى بەرگۈچىلەر » ( 1 - 6 ).

سۈرىدە قىيامەت ۋە ئاخىرەت قايتا - قايتا تەكرارلانغان بولۇپ، تۆۋەندىكى ئايەت مەزكۇر سۈرىدە دەل ئون قېتىم تەكرارلىنىپ ئۆزىدىن كېيىن كەلگەن بايانلارنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ:

وَيْلٌ يَوْمَئِذٍ لِلْمُكَذِّبِينَ

« بۇ كۈندە ( ئۇ كۈننى / ھەقىقەتنى ) ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ھالىغا ۋاي! » ( 15 ).

سۈرىدە ئاخىرقى سائەتتە مەيدانغا كېلىدىغان ئىلاھيي بۇزۇلۇش ئالامەتلىرى جانلىق تەسۋىرلەنگەن ( 7 - 10 ).

ئاندىن كېلىشى مۇتلەق بولغان ھۆكۈم كۈنى ھەققىدە توختىلىپ، بۇ ئېغىر كۈننىڭ قاتتىقلىقى ئەسكەرتىلىش بىلەن بىرگە، ئىلگىرىكى ئىنكار قىلغۇچى قەۋملەرنىڭ ئاقىۋىتى، ئىنساننىڭ ئەسلى، قايتىدىن تىرىلىش ۋە بېرىلگەن

نېمەتلەر تىلغا ئېلىنىپ، ئاللاھ تىن كەلگەن ھەقىقەت ( ۋەھيي )نى ئىنكار قىلغۇچىلارنى ئاخىرەتتە كۈتۈپ تۇرغان ئازاپ جانلىق تەسۋىرلەر بىلەن بايان قىلىنغان، ئىنكارچىلار ئاگاھلاندۇرۇلغان ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە بولۇپ ياخشى ئەمەل قىلغۇچىلارغا ئاخىرەتتە بېرىلىدىغان مۇكاپاتتىن خۇش بىشارەت بېرىلگەن ( 11 - 49 ).

ۋاستىلىق ھالدا ۋەھيينى ئىما قىلىپ باشلىغان سۈرە يەنە ۋەھيي ئىما قىلىنغان ھالدا ئاخىرلىشىدۇ:

فَبِأَيِّ حَدِيثٍ بَعْدَهُ يُؤْمِنُونَ

« ئۇلار بۇ سۆزلەرگە ( ۋەھيگە ) ئىشەنمىگەن بولسا، ئۇنىڭدىن باشقا قايسى سۆزلەرگە ئىشىنىدۇ؟ » ( 50 ).

# قاف سۈرىسى

سۈرە بىرىنچى ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان « ق ( قاف ) » ھەرپى بىلەن ئاتالغان.

مەزكۇر سۈرىدە ئىچىدە « ق » ھەرپى بولغان كەلىمىلەرنىڭ كۆپلىكى كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. بىزگىچە يېتىپ كەلگەن رىۋايەتلەردىن ساھابىلەرنىڭ بۇ سۈرىنى « قاف » ئىسمى بىلەن ئاتىغانلىقى مەلۇم بولماقتا.

ئۇممۇ ھىشام رەسۇلۇللاھنىڭ « خۇتبىدە » مۇئمىنلەرگە بۇ سۈرىنى پات - پات ئوقۇغانلىقىنى ۋە ئۆزىنىڭمۇ بۇ سۈرىنى رەسۇلۇللاھنىڭ خۇتبىلىرىدە قايتا - قايتا ئاڭلاپ يادا ئالغانلىقىنى قەيت قىلغان ( مۇسلىم ). يەنە ھەزرىتى ئۆمەر رەسۇلۇللاھنىڭ ھەر ھېيت نامازلىرىدا بۇ سۈرىنى ئوقۇغانلىقىنى ئېيتقان ( مۇۋەتتا ۋە مۇسلىم ).

سۈرە مەككىدە نازىل بولغان بولۇپ، ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇندىن رىسالەتنىڭ 5 - يىلىدا نازىل بولغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. قەلەم، فەجر ۋە شەمس سۈرىسىدىن قالسا قىسسە بايان قىلىنغان 4 - سۈرە بولۇپ، ئالدىنقى سۈرىلەردىن ئۆزگىچە ھالدا نۇھ، رەس، لۇت ۋە تۇببە قەۋملىرىنىڭ قىسسەلىرى بايان قىلىنغان. مەزكۇر سۈرە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىگە قارىتا مەككە مۇشرىكلىرى مۇئمىنلەرنى ئېتىقادىدىن ۋاز كەچتۇرۇش ئۈچۈن قاتتىق قوللۇق قىلىۋاتقان، ئۇلارغا ھەر خىل ئەزىيەتلەرنى يەتكۈزۈش ئەۋج ئالغان بىر مەزگىلدە نازىل بولغان بولۇپ، بۇ قىسسەلەر ئارقىلىق ئىنكار قىلغۇچىلارنى ئاگاھلاندۇرۇش مەقسەت قىلىنغان.

مەزكۇر سۈرە بارلىق قەدىم نۇزۇل تەرتىپىدە مۇرسەلات - بەلەد سۈرىسى ئارىسىغا تىزىلغان.

سۈرىنىڭ ئاساسىي تېمىسى ئاخىرەت بولۇپ، مەزمۇن جەھەتتىن بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە. سۈرە مۇقەتتائا ھەرپلىرىدىن كېيىن ئۆزىگە ئوخشاش باشقا سۈرىلەردىكىدەك ۋەھيي تىلغا ئېلىنغان ھالدا باشلانغان بولۇپ، دەسلەپكى ئايەتلىرىدىلا ئاخىرەت ھەققىدە توختالغان.

ئىسلام ئېتىقادى تەۋھىد، نۇبۇۋۋەت ( ئەلچىلىك ) ۋە ئاخىرەت چۈشەنچىسى ئۈستىگە قۇرۇلغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتىش ئۆزگىچە سالماقنى ئىگىلەيدۇ. چۈنكى، يەر يۈزىدە ئۆز ۋاقتىدىكى مەككىنىڭ ھاكاۋۇر چوڭلىرىغا ئوخشاش ئاللاھ نىڭ بارلىقىغا ئىشەنسىمۇ ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغان نۇرغۇن كىشى بار بولۇپ، ئاخىرەتكە ئىشىنىپ تۇرۇپ ئاللاھ نى ئىنكار قىلىدىغانلار يوق. بۇنىڭ سەۋەبى، ئاخىرەتنىڭ ئاللاھ تىن تېخىمۇ غەيب، ھېس قىلغىلى بولمايدىغانلىقىدىن كېلىپ چىقماقتا. مەۋجۇدىيەت غەيب نۇقتىسىدىن مۇنداق ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

1. ئۆزى ۋە بارلىقىقا كەلتۈرگەن ئەسەرلىرىمۇ غەيب بولمىغان مەۋجۇدىيەت. ماددى ئالەمنىڭ ھەممىسى بۇ كاتېگورىيىگە كىرىدۇ.

2. ئۆزى غەيب بولغان بولسىمۇ ئەسەرلىرى مەلۇم بولۇپ تۇرىدىغان مەۋجۇدلۇق. ئاللاھ نىڭ زاتى غەيب، ئەسەرلىرى زاھىرى ( كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ) بولغانلىقتىن، ئاللاھ بۇ كاتېگورىيەگە كىرىدۇ.

3. ئۆزى ۋە ئەسەرى غەيب بولغان مەۋجۇدىيەت. ئاخىرەت مانا بۇ كاتېگورىيىگە كىرىدۇ. بۇ دۇنيادىن ئاخىرەتكە ئائىت ھېچقانداق بىر نەرسىنى كۆرسەتكىلى بولمايدۇ. مانا بۇ سەۋەبتىن ئاخىرەتكە ئىشىنىش ئاللاھ قا ئىشىنىشتىنمۇ قىيىن. قۇرئاندىكى ئاخىرەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بۆلەكلەر بۇ ھەقىقەتنى ئىما قىلماقتا. چۈنكى، قۇرئان ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتىشقا دەۋەت قىلىنغاچقان مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ ئاللاھ قا ئىشىنىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرمەكتە.

بۇ سۈرىدە باشتىن ئاخىر قايتىدىن تىرىلىش ۋە ھېساپ كۈنى ئاساسىي تېما قىلىنغان بولۇپ، بۇ تېمىنى چۈرىدىگەن ھالدا بۇ ھەقىقەتنى ئەسلىتىدىغان بايانلار بېرىلگەن. سۈرىنىڭ كىرىش قىسمىدىكى ئايەتلەردە يەر ۋە ئاسمانغا مۇناسىۋەتلىك دەلىللەرنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

« ئۇلار ئاسماننى قانداق بەرپا قىلغانلىقىمىزغا، ئۇنى ( يۇلتۇزلار بىلەن ) بېزىگەنلىكىمىزگە، ئۇنىڭدا ھېچقانداق يوچۇق يوقلىقىغا قارىمامدۇ؟ » ( 6 ).

« يەر يۈزىنى ( توغرىسىغا ۋە ئۇزۇنىسىغا سوزۇپ ) كەڭ ياراتتۇق، يەر يۈزىدە تاغلارنى قىلدۇق ۋە ئۇنىڭدا تۈرلۈك چىرايلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈردۇق » ( 7 ).

« ئاسماندىن مۇبارەك سۇنى چۈشۈردۇق، ئۇنىڭ بىلەن باغلارنى ۋە ئاشلىقلارنى، ئېگىز ئۆسكەن، مېۋىلىرى سانجاق - سانجاق بولۇپ كەتكەن خورمىلارنى ئۆستۈردۇق » ( 9 - 10 ).

مانا بۇ ھەقىقەتلەرنى ئەسلەتكەن ئايەتلەر مۇھاتابىدىن نېمە تەلەپ قىلىۋاتقانلىقىنىمۇ بايان قىلماقتا:

« ئىختىيارى ھالدا ئاللاھ قا يۈزلەنگۈچى ھەر بىر بەندىنىڭ ئۆزىگە قايتىشى ۋە ھوشىنى تېپىۋېلىشىغا ۋەسىلە بولىشى ئۈچۈن ( شۇنداق قىلدۇق ) » ( 8 ).

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغانلارنىڭ ئاخىرەتنىڭ بارلىقى بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار؟ دېگەن سوئال تۇغۇلىشى مۇمكىن. بۇ سوئالغىمۇ ۋەھيي مۇنداق جاۋاب بەرمەكتە:

« بىز ئۆلۈك ( يەنى قاقاس ) زېمىننى سۇ بىلەن تىرىلدۈردۇق، ئىنسانلارنىڭ قايتىدىن تىرىلىشىمۇ مانا شۇنىڭغا ئوخشاشتۇر » ( 11 ).

ۋەھيي ناھايىتى ئاددىي بىر ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغۇچىغا ئەسلەتمەكتە: « ھەر يىلى سەن شاھىت بولۇۋاتقان قىشنىڭ كەينىدىن كەلگەن جەننەت مىسالى باھار قايتىدىن تىرىلىشنىڭ تەبىئەتتىكى نامايەندىسى ئەمەسمۇ؟ مىڭ يىلدىن بۇيان يېشىللىققا پۈركىنىپ باقمىغان قاقاس چۆل مۇۋاپىق شارائىتقا ئىگە بولغاندا بوستانلىققا ئايلانغانلىقىنى كۆرمەيۋاتامسەن؟ بۇلارنى كۆزۈڭ بىلەن كۆرۈپ تۇرۇپمۇ قايتىدىن تىرىلىشنى قانداقمۇ ئىنكار قىلىسەن؟ بۇنى ئاللاھ ئۈچۈن قىيىن، قىلالمايدۇ دەپ ئويلاۋاتامسەن؟ ئەگەر بۇنىڭغا قادىر ئەمەس دەپ ئويلاپ قالغان بولساڭ ئۇنداقتا خۇددى جىسمىڭغا ئوخشاش روھىڭغىمۇ تەۋە بولغان تاكامۇللىشىش قانۇنىيىتىنى رەت قىلىدىغان قانداق ئاساسىڭ بار؟ جىسمىڭ مەۋت ( ئۆلگەندە ) روھىڭنىڭمۇ مەۋت بولىدىغانلىقىغا دائىر قانداق ئەقەللىي بىر دەلىلىڭ بار؟ روھ رەببىگە قايتىپ ئۇنىڭغا ۋاپا قىلىدۇ. بۇ خۇددى ئىگىسىگە كۆنگەن قۇشلار چاقىرىلغاندا ئىگىسىگە قايتىپ كەلگەنگە ئوخشايدۇ. رەببىڭ چاقىرغاندا روھلارمۇ ئۇنىڭ چاقىرىقىغا ۋاپا قىلىدۇ ».

قايتىدىن تىرىلىشنى ئىنكار قىلىشنىڭ « ئۆزىدىن يىراق ئىلاھ » چۈشەنچىسىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى ئىپادىلىگەن مەشھۇر ئايەت مانا بۇ سۈرىدە ئورۇن ئالماقتا:

وَلَقَدْ خَلَقْنَا الْإِنْسَانَ وَنَعْلَمُ مَا تُوَسْوِسُ بِهِ نَفْسُهُ وَنَحْنُ أَقْرَبُ إِلَيْهِ مِنْ حَبْلِ الْوَرِيدِ

« بىز ھەقىقەتەن ئىنساننى ياراتتۇق ۋە ئۇنىڭ كۆڭلىگە كەلگەننى بىلىمىز، بىز ئۇنىڭغا جان تومۇرىدىنمۇ يېقىنمىز » ( 16 ).

ئاندىن قايتىدىن تىرىلىشنى ئىنكار قىلغۇچىلارنى كۈتۈپ تۇرغان ئاخىرەت ئازابى تەسۋىرلەنگەن ( 19 - 30 ). ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ ھەقىقەتكە ئىمان ئېيتىپ، ھېسابى بېرىلىدىغان بىر ھاياتنى باشتىن ئۆتكۈزگەنلەرنى كۈتۈپ تۇرغان مۇكاپاتلار بايان قىلىنغان ( 31 - 35 ).

قۇرئاندا قەلب دېيىلگەندە ئەقىل يۈرگۈزىدىغان قەلب نەزەردە تۇتۇلماقتا. ھېس - تۇيغۇ ۋە چۈشەنچە مەركەزلىرىنى قۇرئان بىر - بىردىن ئايرىۋەتمەيدۇ. قۇرئاننىڭ قەلب ئارقىلىق ۋۇجۇدقا قان تارقىتىدىغان بىر ئورگاننى ئىما قىلمىغانلىقىنىڭ ئەڭ جانلىق ئىپادىسى يەنە بۇ سۈرىدە ئورۇن ئالماقتا:

« ئەلۋەتتە بۇنىڭدا ( ھەقىقەت ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزىدىغان ) قەلبكە ئىگە ئادەم ياكى ( ۋەز - نەسىھەتكە ) ھۇزۇرىي قەلب بىلەن قۇلاق سالىدىغان ئادەم ئۈچۈن ئەلۋەتتە ۋەز - نەسىھەت بار » ( 37 ).

يەنى ۋەھىي ئۆزىگە ئاكتىپ ۋە جانلىق ھالدا ئىشلەيدىغان بىر ئەقىل ۋە ۋىجدان تەلەپ قىلماقتا. ۋەھىي بۇلاردىن خالىي ھالدا ئالدىغا كەلگۈچىنى قەلبسىز ۋە ۋىجدانسىز دەپ قارىماقتا.

ئىنسان ئۆلۈمدىن قاچالمايدۇ. ئۇنداقتا ئاقىۋەتكە تەييارلىق قىلىشى كېرەك. قانداقلا بولمىسۇن « ئاخىرى بارىدىغان جاي ئاللاھ نىڭ دەرگاھىدۇر » ( 43 ). چۈنكى، « يەر يېرىلغان ئۇ كۈندە ئۇلار ( قەبرىلىرىدىن ) تېز چىقىپ كېلىدۇ، ئەنە شۇ يىغىش بىزگە ئاساندۇر » ( 44 ).

سۈرىدىكى ئاخىرقى خىتاب بىۋاستە ئاللاھ رەسۇلىغا ۋە ئۇنىڭ مىراسىغا ۋارىسلىق قىلىدىغان بارلىق كىشىلەرگە بولۇپ، مۇنداق دەيدۇ:

نَحْنُ أَعْلَمُ بِمَا يَقُولُونَ وَمَا أَنْتَ عَلَيْهِمْ بِجَبَّارٍ فَذَكِّرْ بِالْقُرْآنِ مَنْ يَخَافُ وَعِيدِ

« بىز ئۇلارنىڭ ( ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ) ئېيتىدىغان سۆزلىرىنى ئوبدان بىلىمىز، سەن ئۇلارنى ( ئىسلامغا ) زورلىغۇچى ئەمەسسەن، مېنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشۇمدىن قورقىدىغانلارغا قۇرئان بىلەن ۋەز - نەسىھەت قىلغىن » ( 45 ).

## بەلەد سۈرىسى

سۈرە بىرىنچى ئايەتتە مەككە كۆزدە تۇتۇلغان ھالدا تىلغا ئېلىنغان « جاي، يەر » مەنىسىدىكى « ئەل - بەلەد » كەلىمىسى بىلەن ئاتالغان:

« بۇ شەھەر ( مەككە ) بىلەن قەسەم قىلىمەنكى » ( 1 ).

بەلەد كەلىمىسى بىلەن مەككە نەزەردە تۇتۇلغان. چۈنكى قۇرئاندا « ھازەل بەلەد » ئىپادىسى ئاساسەن مەككىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئىپادە يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مەقسەتتە ئىبراھىم سۈرىسى 35 - ئايەت ۋە تىن سۈرىسى 3 - ئايەتتە تىلغا ئېلىنماقتا. بەلەد ئىپادىسى بىلەن نەزەردە تۇتۇلغان مەككە ئىنسان تۇنجى قېتىم ئولتۇرىغا چىققان جاي. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەر يۈزىنىڭ خەلىپىسى بولغان ئىنساننىڭ زېمىندا تۇنجى مېمارچىلىق ھەرىكىتىنىڭ نامايەندىسى بولغان تۇنجى ئۆي مانا بۇ ماكاندا بىنا قىلىنغان. ئاللاھ ئىنساننىڭ تۇنجى مېمارچىلىق پائالىيىتىنى « ئاللاھ نىڭ ئۆيى » سۈپىتىدە قوبۇل قىلىپ، ئۇنى « بەيتۇللاھ » دەپ ئاتىغان. بەيتۇللاھنى زىيارەت قىلىش پائالىيىتى بولغان ھەج ئىبادىتى ئىنسانىيەتنىڭ ئاتا يۇرتىغا قايتىشىنى سىمۋول قىلماقتا.

سۈرە تەپسىر ۋە مۇسھابلاردا « بەلەد » ئىسمى بىلەن ئاتالغان. بۇخارىدا « لا ئۇقسىمۇ » ئىسمى بىلەن ئاتالغان.

سۈرە مەككىدە نازىل بولغان بولۇپ، دەسلەپكى نۇزۇل تەرتىپلىرىدە قاف - تارىق سۈرىلىرى ئارىسىغا تىزىلغان. ھەزرىتى ئوسمان تەرتىپىدە 35 - قاتاردا، ئىبن ئابباس تەرتىپىدە 33 - قاتاردا ئورۇن ئالغان. قاف سۈرىسىنىڭ دەۋەتنىڭ 5 - يىلىدا نازىل بولغانلىقىنى قوبۇل قىلساق، بۇ سۈرىنىمۇ 5 - يىلدا نازىل بولغان سۈرىلەر قاتارىدا دەپ قاراش خاتا بولمىسا كېرەك. سۈرە نازىل بولغان مەزگىل مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئېغىر كۈنلەر باشلىغان دەۋر ئىدى. مەككە مۇشرىكلىرى ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغان مۇئمىنلەر ئىچىدىكى قۇل ۋە يوقسۇللارغا قارىتا سىستېمىلىق

هالدا قاتتىق زۇلۇم ۋە ئېتىقادىدىن ۋاز كەچتۈرۈش سىياستى يۈرگۈزۈۋاتقانىدى. سۈرىدە قۇللارغا ۋە يوقسۇللارغا ياردەم قىلىش ھەققىدە توختالغان ئايەتلەرنىڭ بولۇشى بۇ دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشىنى ئەكس ئەتتۈرمەكتە.

مەزكۇر سۈرە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئىنسان ۋە مەسئۇلىيەتنى ئاساسىي تېما قىلغان ئاساستا بىۋاستە ھالدا ئىنسان ۋىجدانىغا خىتاب قىلىدۇ.

سۈرە زېمىندا ئىنسانىنى كۈتۈۋالغان جاينىڭ مەركىزى بولغان مەككە ۋە ئۇ يەرنى تارىخنىڭ سوقۇۋاتقان قەلبىگە ئايلاندۇرغان ھەزرىتى ئىبراھىم ۋە ھەزرىتى ئىسمائىلغا ( ياكى ھەزرىتى ئادەم ۋە باللىرىغا ) قەسەم قىلىش بىلەن باشلىنىدۇ:

لَا أُقْسِمُ بِهَذَا الْبَلَدِ (1) وَأَنْتَ حِلٌّ بِهَذَا الْبَلَدِ (2) وَوَالِدٍ وَمَا وَلَدَ (3)

« بۇ شەھەر ( يەنى مەككە ) بىلەن قەسەمكى، سەنمۇ بۇ شەھەرنىڭ ( ھۆرمەتلىك ) ئاھالىسىدىن بىرى. ئاتا ۋە ( ئۇنىڭ ياخشى ) پەرزەنتلىرى بىلەن قەسەمكى! » ( 1 - 3 ).

ئاندىن 4 - 7 - ئايەتلەردە ھەزرىتى ئىنسانىنىڭ ئاجىزلىقلىرى ھەققىدە توختالغان. ئاندىن ئاللاھ نىڭ ئىنسانغا بەخش ئەتكەن قابىلىيەت ۋە ئىقتىدارلار ئەسلىتىلگەن ( 8 - 10 ).

ئىنسان بۇ ئىقتىدار ۋە قابىلىيەتلىرى بىلەن ئاخىرى جەننەتكە تۇتاشقان « ئاقابە - داۋان »نى ئېشىشى كېرەك. ئىنسان ئىنسانىنى ھەر خىل قۇللۇقتىن قۇتۇلدۇرۇش ۋە مال - مۈلۈكنى مۇھتاجلار بىلەن تەڭ بەھرىمان بولۇشتىن ئىبارەت ئىككى پۈت ئارقىلىق بۇ داۋاندىن ئاشالايدۇ. ئايەتلەر بۇ ھەقىقەتنى بايان قىلماقتا:

فَلَا اقْتَحَمَ الْعَقَبَةَ (11) وَمَا أَدْرَاكَ مَا الْعَقَبَةُ (12) فَكُّ رَقَبَةٍ (13)

« لېكىن، ئۇ ( ئاخىرى جەننەتكە تۇتىشىدىغان ) داۋاننى ئېشىش ئۈچۈن ھېچقانداق بىر قۇربانلىق بەرمىدى / پىداكارلىق كۆرسەتمىدى. ئۇ داۋان ئېشىشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ بىر كىشىنى قۇللۇقتىن ئازات قىلىشتۇر » ( 11 - 13 ).

قۇللۇقتىن قۇتقۇزۇش پەقەت بىر كىشىنىڭ ئىلكىدىكى بىر خىزمەتكارنى سېتىۋېلىپ ئۇنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتقۇزۇپ جىسمانىي ئەركىنلىككە ئىگە قىلىشنىلا كۆرسەتمەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە، كىشىنى ئۆز شەخسىيەتچىلىكىگە، نەپس - خاھىشىغا، ھەۋەسلىرىگە، شەيتانغا، گۇناھقا، بۇتلارغا ۋە ئىنسانلارغا قۇل بولۇشتىن قۇتۇلدۇرۇپ، پەقەت ئاللاھ قا بەندە قىلىشمۇ « قۇل ئازات قىلىش » دائىرىسىگە كىرىدۇ. جىسمانىي قۇللۇققا قارىغاندا يوشۇرۇن ساناپ ئۆتكەن مەنىۋىي قۇللۇق ھەر زامان ۋە ماكاندا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

« ياكى ئاچارچىلىق كۈندە تۇغقانچىلىقى بولغان يېتىمگە ياكى توپىدا ياتقان مىسكىن ( ھالى ناچار كەمبەغەل )گە تاماق بېرىشتۇر » ( 14 - 16 ).

پەقەت بەندىگە ۋە مال - مۈلۈككە قۇل بولۇشتىن ئۆزىنى قۇتقۇزۇپ قالالىغان كىشىلەرلا مال - مۈلۈكنى مۇھتاجلارنىڭ ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن سەرپ قىلالايدۇ. مال - مۈلۈكنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قالغانلار بۇنى قىلالمايدۇ. چۈنكى، ھەر قانداق بىر قۇل خوجايىنىنى باشقىلارغا بېرىۋېتەلمەيدۇ.

مانا بۇ داۋانلارنى ئېشىشنىڭ ئۆزى بىلەنلا كۇپايىلىنىپ قالماي، ئاكتىپ ياخشىلاردىن بولۇش، ياخشىلىق ۋە مەرھەمەت قىلىشنى تەۋسىيە قىلىپ ئۇنى ئومۇملاشتۇرۇش كېرەك ( 17 ).

مانا بۇ ئايەتلەر قۇرئاننىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىن تارتىپلا قۇللۇقنى بىكار قىلىشنى كۆزلىگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە. مەزكۇر ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان داۋان ئەسلىدە ئادىمىيلىك داۋىنى بولۇپ، ئەگەر ئىنسانلار بۇ داۋاندىن ئاشمىسا، ئىنسانىيەت زۇلۇم ۋە ئادالەتسىزلىك ئىچىدە قالىدۇ. ئەگەر بۇ داۋان ئېشىلسا، ئىنسانىيەت تۈزلەڭلىككە چىقىدۇ، نىجاتلىققا ئېرىشىدۇ. تۆۋەندىكى ئايەت مانا بۇ داۋاننى ئاشالىغانلارغا خۇشخەۋەر بەرمەكتە:

« ئەنە شۇلار ۋىجدانلىق، سائادەتمەن كىشىلەردۇر » ( 18 ).

ئىنسانىيەت ۋىجدانىنى ئويغۇتۇش ئۈچۈن ساماۋى داستىخان سۈپىتىدە ئىنسانىيەت ۋىجدانىغا نازىل قىلىنغان قۇرئانى ۋەھيىنى ئىنكار قىلىش، ئەسلىدە ئىنسانىي قەدىر - قىممەتنى ئىنكار قىلغانلىقتۇر. بۇ ئىنسانغا ۋە مال -

مۇلۇككە قۇل بولۇشنى ياقلىغانلىقتۇر. « ئۇلار ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلاتتى » ( 19 ). ئىنسانىيەتنى زۇلۇمغا مەھكۇم قىلغۇچىلار ئاخىرەتتە بۇ قىلمىشىنىڭ جازاسى سۈپىتىدە دوزاختا تاشلىنىدۇ ( 20 ).

## تارىق سۈرىسى

سۈرە بىرىنچى ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان « كېچىدە كەلگەن مېھمان » مەنىسىدىكى « تارىق » كەلىمىسى بىلەن ئاتالغان:

« ئاسمان ۋە كېچىدە كەلگەن مېھمان بىلەن قەسەم قىلىمەن » ( 1 ).

سەھەردىن خەۋەر بەرگەنلىكى ئۈچۈن سەھەر يۇلتۇزىمۇ « تارىق » دەپ ئاتالغان. ئەت - تارىق، « ئاتلىنىش ئۈچۈن قاتتىق ئۇرۇش، كەلگەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئاۋاز چىقىرىش » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان « تارق » كەلىمىسىدىن تۇرلىنىپ چىققان. سۈرىنىڭ پۈتۈن مەزمۇنى نەزەردە تۇتۇلغاندا، تارىق ئارقىلىق « ۋەھيي »نىڭ ئىما قىلىنغانلىقى مەلۇم. چۈنكى ۋەھيي « كېچە كەلگەن مېھمان »دۇر. ئۇ قەدىر كېچىسىدە نازىل بولۇشقا باشلىغان، نازىل بولغان كېچىنى مىڭ ئايدىن تېخىمۇ قىممەتلىك قىلغان. ئىنسانىيەت جاھالەتنىڭ زۇلمەت قاراڭغۇلۇقىغا چۆمگەن بىر كېچىدە ئىنسانىيەتنىڭ قەلب ئىشىكىنى قاققان بۇ مېھمان ئىنسانىيەتكە ئەبەدىي سائادەتنىڭ تاڭ سەھىرىدىن خۇشخەۋەر بەرگەندى.

ساھابىلەردىن كەلگەن بىر رىۋايەتتە ۋە بەزى دەسلەپكى مەزگىللەردىكى تەپسىرلەردە « ۋەسسامائى ۋەت تارىق » ئىسمى بىلەن ئاتالغان. باشقا تەپسىر، ھەدىس ۋە مۇسھابلاردا « تارىق سۈرىسى » دەپ ئاتالغان.

سۈرە مەككىدە نازىل بولغان. سۈرىنىڭ نازىل بولغان ۋاقتىنى بەلگىلەش سەل قىيىن. دەسلەپكى نۇزۇل تەرتىپلىرىدە بەلەد ۋە قەمەر سۈرىسى ئارىسىغا تىزىلغان. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا سۈرە دەۋەتنىڭ 5 - يىلىدا نازىل بولغان بولسا كېرەك.

سۈرە بۇرۇج، ئىنشىقاق ۋە ئىنفىتار سۈرىلىرىگە ئوخشاش ساماغا قەسەم قىلىش بىلەن باشلانغان سۈرىلەر قاتارىغا كىرىدۇ.

سۈرە باشتىن ئاخىرى ئىنسانىيەتنىڭ توغرا يولغا قايتىشى ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن ئاخىرقى ئىلاھىي ۋەھيي قۇرئان ھەققىدە بولۇپ، سۈرە ئوخشىتىش بىلەن باشلىنىپ قۇرئان بالاغىتىنى نامايەن قىلغان. ۋەھيي سەھەردىن خەۋەر بېرىش ئۈچۈن كېچىدە چىققان چاقناپ تۇرغۇچى يۇلتۇزغا ئوخشىتىلغان. بۇ يېتىپ كېلىۋاتقان ئادىمىيلىك تاڭ سەھىرىنىڭ ئاياق تېۋىشىنىڭ شەپىسى ئىدى. ۋەھيي يۇلتۇزىنىڭ نۇرى كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، مۇئمىنلەرنىڭ قەلب كۆزىگە ئۇلاشقانىدى. چۈنكى، ئاللاھ ئىنساننى باشپاناھسىز، ھىمايىسىز، يېتەكچىسىز ھالدا تاشلاپ قويمىغانىدى. تۆۋەندىكى ئايەتلەر مانا بۇ ھەقىقەتنى ئەكس ئەتتۈرمەكتە:

وَالسَّمَاءِ وَالطَّارِقِ (1) وَمَا أَدْرَاكَ مَا الطَّارِقُ (2) النَّجْمُ الثَّاقِبُ (3) إِنْ كُلُّ نَفْسٍ لَمَّا عَلَيْهَا حَافِظٌ (4)

« ئاسمان ۋە كېچىدە كەلگەن مېھمان بىلەن قەسەم قىلىمەن. كېچىدە كەلگەن مېھماننىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ ئۇ ( ئىنكار قىلغۇچى ئەقلىنىڭ زۇلمەت قاراڭغۇلۇقىنى ) تېشىپ ئۆتكەن يورۇق يۇلتۇزدۇر. ھەر ئىنساننى كۆزىتىپ ۋە ئۇنى ساقلاپ تۇرغۇچى باردۇر » ( 1 - 4 ).

بۇ ئايەتلەردىن كېيىن ئىنسان ھەددىنى ۋە ئۆزىنى بىلىشكە دەۋەت قىلىنغان ( 5 - 7 ). ئەگەر بۇنىڭغا لايىقىدا ئەمەل قىلالىسا، رەببىنىڭ ئۇلۇغلىقىنى، رەببىنىڭ بىھۇدە، ئەھمىيەتسىز ئىش قىلمايدىغانلىقىنى بىلىپ يېتىدۇ ۋە ھېساپ كۈنىگە تەييارلىق قىلىدۇ ( 8 - 12 ). ئەبەدىي سائادەتنىڭ يول خەرىتىسى مانا بۇ ۋەھيدۇر. بۇ ھەقىقەتكە ئىنسان شاھىت بولمىسا، ئاسمان ۋە يەر شاھىتتۇر، مانا بۇ كۈپايە:

وَالسَّمَاءِ ذَاتِ الرَّجْعِ (11) وَالْأَرْضِ ذَاتِ الصَّدْعِ (12) إِنَّهُ لَقَوْلٌ فَصْلٌ (13) وَمَا هُوَ بِالْهَزْلِ (14)

« يامغۇرلۇق بۇلۇت بىلەن قەسەمكى ( ھاياتقا سەھنە بولغان ئاسمان گۇۋاھ بولسۇن )! يېرىلىپ ( گىياھلارنى ئۇندۇرۇپ بېرىدىغان ) زېمىن بىلەن قەسەمكى! ئەلۋەتتە بۇ ۋەھيي ھەقنى باتىلدىن ئايرىغۇچى بىر سۆزدۇر، ئۇ چاقچاق ئەمەستۇر » ( 11 ـ 14 ).

بۇ ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىپ يامانلىقنىڭ ئارقىسىدىن ماڭغانلار ئۆتكۈنچىنى ئەبەدىيگە تېگىشكۈچىلەردۇر. ئاخىرقى ئايەت بۇ ئىنكارچى ئەقىلگە ئۆلمەس بىر ھەقىقەتنى ئەسلىتىدۇ. يەنى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشىنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ، ئۇنىڭدىن بىخەۋەر ئەمەس، پەقەت ئۇلارغا بىر ئاز مۆھلەت بېرىدۇ:

فَمَهِّلِ الْكَافِرِينَ أَمْهِلْهُمْ رُوَيْدًا

« ئۇنداقتا كاپىرلارنىڭ ھالاك بولۇشىغا ئالدىرىمىغىن، ئۇلارغا بىر ئاز مۆھلەت بەرگىن » ( 17 ).

# ياسىن سۈرىسى

سۈرە بىرىنچى ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان « ئى ئىنسان » ( ئىبنى ئابباس ) مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان « ياسىن » بىلەن ئاتالغان.

رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ سۈرىنى « ياسىن » ئىسمى بىلەن ئاتىغانلىقى ھەققىدە بىر رىۋايەت بار ( ئەبۇ داۋۇد؛ بۇخارى تەفسىر، 1؛ تىرمىزى، سەۋابۇل قۇرئان، 7 ).

سۈرە مەككىدە نازىل بولغان. دەسلەپكى نۇزۇل تەرتىپلىرىدە جىن ـ فۇرقان سۈرىلىرى ئارىسىغا تىزىلغان. ياسىن سۈرىسىنىڭ فۇرقان سۈرىسىنىڭ ئالدىغا تىزىلىشى ھەر جەھەتتىن توغرا. لېكىن جىن سۈرىسىنىڭ ئارقىسىغا تىزىلىشىنىڭ ئىزاھاتى قىيىن. چۈنكى، ياسىن سۈرىسى ئەڭ بالدۇر بولغاندا نۇبۇۋۋەتنىڭ 5 ـ 6 ـ يىللىرىدا نازىل بولغان. جىن سۈرىسى بۇ تارىختىن بىر قانچە يىل كېيىن، يەنى 10 ـ يىلىدا نازىل بولغان بولىشى مۇمكىن. چۈنكى سۈرىدە نازىل بولۇش ۋاقتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئىككى ئىشارەت بار. بىرىنچىسى، ئاللاھ رەسۇلىنىڭ تائىف سەپىرىنى ئىما قىلغان يىپ ئۇچى بار. ئىككىنجىسى، ئەھقاپ سۈرىسى 29 ـ 32 ـ ئايەت بىلەن ئوخشاش بىر تېما ھەققىدە توختالماقتا.

بۇ مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، بۇ سۈرە رىسالەتنىڭ 5 ـ ياكى 6 ـ يىلى نازىل بولغان بولىشى مۇمكىن.

سۈرىنىڭ مەركىزى ئىدىيىسى- قايتىدىن تىرىلىش. رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ سۈرىنى جان ئۈزۈش ئالدىدىكى كىشىلەرگە ئوقۇپ بېرىش ھەققىدىكى تەۋسىيەسىنى بۇ مەركىزى ئىدىيە ئاساسىدا چۈشىنىش كېرەك ( ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ھىببان ). سۈرە ئاساسى جەھەتتىن ئاخىرەت ھەققىدە توختالغانلىقى ئۈچۈن « قۇرئاننىڭ يۈرىكى » دەپ ئاتالغان. چۈنكى ئاخىرەتكە ئىمان بولسا ئېتىقاد ئاساسلىرىنىڭ يۈرىكىدۇر. ھەر ئايەتكە بۇ يۈرەكتىن قان ماڭغانلىقى ئۈچۈن سۆز يەنە ئايلىنىپ ئاخىرەتكە كېلىپ توختايدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئاخىرەتكە بولغان ئىمان توغرا بىر ئىماننىڭ ئاساسي بولۇپلا قالماستىن، ئاللاھ قا بولغان ئىماننىڭ ئۇلىدۇر. « ئەگەر بىر ياراتقۇچى بولغان بولسا، يەر يۈزىدە بولۇۋاتقان بۇنچە زۇلۇمغا يول قويمايتتى » دەيدىغان بىر ئەقىلدىكى ئەسلى خاتالىق، ئاللاھ قا ئىشىنىشتە پەقەت ئىنساني ۋە دۇنياۋىي مەنپەئەت نۇقتىسىدىن قاراش، ھېساپ كۈنىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى نەزەرگە ئالماسلىقتىن كېلىپ چىقماقتا. مانا بۇ سۈرە بىر دۇنيالىق چۈشەنچە بىلەن ھاياتقا نەزەر تاشلايدىغان ئەقىلگە بېرىلگەن ئىلاھىي جاۋابتۇر.

بىر مۇئامىلىنى ئەخلاقلىق قىلغان نەرسە ئۇنىڭ تېگىدە ياتقان مەسئۇلىيەت ئېڭىدۇر. مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن مەسئۇلىيەتسىزلىك ئارىسىدىكى پەرق ھەققانىيەتنىڭ تەقەززاسىدۇر. بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئاخىرەتكە ئىمان ھەققانىيەتنىڭ تەجەللىسىگە ئىماندۇر. چۈنكى ئاخىرەت بۇ دۇنيا ھاياتىنىڭ ھېسابى بېرىلىدىغان يەنە بىر ھاياتتۇر. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، ھېساپ كۈنىنى ئىنكار قىلىشنىڭ ئاستىدا ھاياتنى مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن

ئۆتكۈزۈش ئارزۇسى ياتماقتا. مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن بىر ھاياتنىڭ ھېسابىنى بەرگىلى بولمايدۇ. مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن ئۆمرىنى ئۆتكۈزگەنلەرنىڭ جاۋابكارلىقتىن قېچىش ئارزۇسى « ئىنكار قىلىش » شەكلىدە ئۆزىنى نامايەن قىلىدۇ. لېكىن، « ئىنكار قىلىش » ھېساپ كۈنىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنىڭ ئۈستىنى ياپالمايدۇ.

سۈرە رەسۇلۇللاھقا قارىتىلغان خىتاب بىلەن باشلانغان. خىتاب ئۇسلۇبى ھەقىقەتەن كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ:

« ئى ئىنسان! » ( 1 ).

قۇرئاندا رەسۇلۇللاھقا « ئى نەبى! » ۋە « ئى رەسۇل »دىن باشقا بىۋاستە قىلىنغان بىردىنبىر خىتاب « ئى ئىنسان! » شەكلىدە بولۇپ، بۇ خىتاب « ئېيتقىنكى، مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنسانمەن! » ئىلاھىي ئەمرى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە. ئۇنىڭدىن باشقا « تاھا »مۇ بەزى ئەرەب شىۋىلىرىدە « ئى ئىنسان! » مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. رەببىمىزنىڭ ئالەملەرگە رەھمەت بولغان نەبىيگە « ئى ئىنسان! » دەپ خىتاب قىلىشى، پەقەت ئۇنىڭ بىر ئىنسان ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىشنى مەقسەت قىلىپلا قالماستىن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە « ئىنسان » بولۇشنىڭ ئۇلۇغلىقى، ناھايىتى بۈيۈك شەرەپ ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

ۋەھيىنىڭ بۇ خىتابى رەسۇلۇللاھنىڭ ئىنسان بولۇشىنى يېتەرلىك كۆرمەيۋاتقانلارغا قارىتا ئىلاھىي ئازار ماھىيەتكە ئىگە. بۇ خىل چۈشەنچىدىكى كىشىلەر قەدىر - قىممەتكە قانائەت قىلمايدۇ. ئاللاھ ئەتىۋارلىغان نەرسىگە، شەخسكە ھۆرمەت كۆزى بىلەن قارىمايدۇ. بۇ بىر بىنورماللىق بولۇپ، ئېزىش مانا بۇ نۇقتىدىن باشلىنىدۇ ۋە بۇنىڭ بىلەن چەكلىنىپ قالمايدۇ. بىر ئىنسان بىر نەرسىنىڭ قىممىتىگە قانائەت قىلمىغان ۋاقىتتا كۆپتۈرۈش ۋە مۇبالىغىلەشتۈرۈش مەيدانغا كېلىدۇ. كۆپتۈرمىچىلىك ۋە مۇبالىغە ئاستا - ئاستا تۇمانغا ئايلىنىپ ھەقىقەتنىڭ ئۈستىنى يېپىشقا باشلايدۇ ۋە ھەقىقەت كۆرۈنمەس ھالغا كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئورنىنى ھېسسىيات ۋە كۆلەڭگۈ ئېلىشقا باشلايدۇ. يىغىنچاقلىغاندا، ئىنكارچى ئەقلىنىڭ ئۇلدا ئاللاھ بەلگىلىگەن نەرسىگە رازى بولماسلىق ياتماقتا. ئاللاھ قويغان ئۆلچەمگە رازى بولمىغانلار ئۆزلىرى بەلگىلىگەن ئۆلچەمنى ئاللاھ بەلگىلىگەن ئۆلچەمدىن ئۈستۈن كۆرۈشكە باشلايدۇ. ھەزرىتى ئىساغا بولغان مۇھەببىتىنى چەكتىن ئاشۇرۇپ زەھەرلەپ قويغانلارنىڭ ئاقىۋىتى بۇنىڭ دەلىلى. ئۇلار پەقەت ھەزرىتى ئىسانىڭ ھەقىقىتىنى زەھەرلەپلا قالماستىن، ئۇ ئېلىپ كەلگەن ھەقىقەتنىمۇ زەھەرلىدى ( ئۆزگەرتىۋەتتى ). ھالبۇكى، بىر نەبىگە ھەر قانداق دۈشمەنى بۇنچە چوڭ زىيان يەتكۈزەلمەيتتى.

تەببەت سۈرىسى ئەبۇ لەھەبنىڭ ئىمان ئېيتمايدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن بىر سۈرە ئىدى. بۇ سۈرىنىڭ 7 - ئايىتى بۇنىڭغا ئوخشاش بىشارەتلەرنىڭ توغرا چىققانلىقىنى بىلدۈرىدىغان مەزمۇنغا ئىگە:

« ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ھەققىدە ھۆكۈم بېرىلىپ بولدى، ئۇلار ئىمان ئېيتمايدۇ » (7 ).

تىرمىزىدا رەسۇلۇللاھقا نىسبەت قىلىنىپ نەقىل قىلىنغان ھەدىستىكى « جان ئۈزۈش ئالدىدىكى كىشىگە ياسىن سۈرىسىنى ئوقۇڭلار » سۆزىنىڭ ئەسلى مەقسىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئاخىرەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئايەت تۆۋەندىكى ئايەت بىلەن باشلىنىدۇ:

إِنَّا نَحْنُ نُحْيِي الْمَوْتَى وَنَكْتُبُ مَا قَدَّمُوا وَآثَارَهُمْ وَكُلَّ شَيْءٍ أَحْصَيْنَاهُ فِي إِمَامٍ مُبِينٍ

« بىز، شۈبھىسىزكى ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىمىز، ئۇلارنىڭ ( دۇنيادا ) قىلغان ( ياخشى - يامان ) ئەمەللىرىنى ۋە ئىشلىرىنى خاتىرىلەپ قويىمىز، ھەممە شەيئىنى روشەن دەپتەردە تولۇق خاتىرىلەپ قويىمىز » ( 12 ).

شەھەرنىڭ « كاتتىلىرىدىن » ياكى « يىراق جايدىن » يۈگۈرگەن ھالدا كەلگەن كىشىلەر...

بۇ سۈرە مانا بۇ كىشىلەردىن بىرسىنىڭ ئاللاھ نى قانداق قىلىپ رازى ۋە خۇرسەن قىلغانلىقى قىسسىسىنى بايان قىلىدۇ. بەزى ئالىملىرىمىز بۇ قىسسە قەھرىمانىنىڭ ئانتاكيالىق ( تۈركىيەدىكى بىر جاينىڭ ئىسمى ) ياغاچچى ھەبىب ئىكەنلىكىنى ئېيتىشقان. سۈرىدە تونۇشتۇرۇلغان قەھرىمان « يىراقتىن كەلگەن دەۋەتچىلەر » بولۇپ، دۇنيانىڭ قەيىرىدە بولىشىدىن قەتئىينەزەر، ھەقىقەتنىڭ جاكارچىسى بولغان كىشىلەرنى تەستىقلاش ئۈچۈن ئۆز قەۋمى بىلەن زىددىيەتلىشىپ قېلىشتىن قورقمىغان ۋە ھەقنى ھىمايە قىلغان ھەر قانداق بىر كىشى بولۇپ ۋە

بۇ سۈرىدە تونۇشتۇرۇلغان ئۇ قەھرىمان ئۆز دەۋرىدىكى شۇ خىل كىشىلەرنىڭ تىپىك ۋەكىلىدۇر ( يەنى، بۇ قەھرىماننى تارىخقا مەھكۇم قىلىپ قويغىلى بولمايدۇ ).

سۈرىدە ئازغۇن قەۋم بىلەن ئەلچىلەرنىڭ « قەدەر » چۈشەنچىسىدىكى زىتلىق تەكىتلەنگەن. ئازغۇن قەۋم ھەقىقەتكە چاقىرغان ھەق يولدىكى پىداكار كىشىلەرگە: « بىزگە بالايىئاپەت ( شۇملۇق ) ئېلىپ كەلدىڭلار »، دېيىشىدۇ ( 18 ). ھەق يولدىكى كىشىلەر « شۇملۇق ئەسلىدە سىلەردە » شەكلىدە جاۋاب بەرمەيدۇ. ئۇنداقتا، نېمە دەپ جاۋاب بېرىدۇ؟ « شۇملۇق سىلەرنىڭ تاللىشىڭلارغا مۇناسىۋەتلىك » دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئايەتنى بىر پۈتۈن ھالدا ئوقۇيلى:

قَالُوا طَائِرُكُمْ مَعَكُمْ أَئِنْ ذُكِّرْتُمْ بَلْ أَنْتُمْ قَوْمٌ مُسْرِفُونَ

« ئەلچىلەر: شۇملۇقۇڭلار ئۆزەڭلار بىلەن بىللىدۇر. سىلەرگە ۋەز - نەسىھەت قىلىنسا ( شۇم پال ئالامسىلەر؟ ) ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، سىلەر ھەددىدىن ئاشقۇچى قەۋمسىلەر » ( 19 ).

شەھەرنىڭ « يىراق جايىدىن » ياكى « شەھەرنىڭ مۆتىۋەرلىرىدىن » يۈگۈرۈپ كەلگەن كىشى: « ئى قەۋمىم! ئەلچىلەرگە ئەگىشىڭلار » دېدى ( 20 ). شەھەرنىڭ يىراق جايىدىن كەلگەن كىشىلەر ماڭغان ھالدا ئەمەس، « يۈگۈرگەن » ھالدا كېلىدۇ. چۈنكى، جەننەتكە ئالدىرىماي لاغايلاپ مېڭىپ كىرگىلى بولمايدۇ. ئىنسان جەننەتنى كۆرگەن ۋاقىتتا يۈگۈرۈشى كېرەك. كىشى جەننەتنى كۆرۈپ لاغايلاپ ماڭسا توغرا بولامدۇ؟ ئىنسان جەننەتنىڭ ھىدىنى ئالغان زامان يەنە ئالدىرىماي ماڭامدۇ؟ بىر ئىزىدا تۇرۇپ قالغانلارغا، ئولتۇرغانلارغا، ياتقانلارغا نېمە دەيمىز؟ ئۇلارنىڭ بىر ئىزاھاتى بولىشى مۇمكىنمۇ؟ شەھەرنىڭ يىراق جايىدىن يۈگۈرۈپ كەلگەن جەسۇر كىشى يۈرىكىنى، ئەقلىنى ۋە ئاغزىنى ھەقىقەتنىڭ ماكانى ھالىغا كەلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئاخىرقى بېكىتىمۇ ھەقىقەتنىڭ ماكانى بولىدۇ، يەنى جەننەت:

قِيلَ ادْخُلِ الْجَنَّةَ قَالَ يَا لَيْتَ قَوْمِي يَعْلَمُونَ (26) بِمَا غَفَرَ لِي رَبِّي وَجَعَلَنِي مِنَ الْمُكْرَمِينَ (27)

« ئۇنىڭغا جەننەتكە كىرگىن » دېيىلدى، ئۇ: « كاشكى قەۋمىم رەببىمنىڭ ماڭا مەغپىرەت قىلغانلىقىنى ۋە مېنى ھۆرمەتلىكلەردىن قىلغانلىقىنى بىلسە ئىدى » دېدى ( 26 - 27 ).

ئەنفال سۈرىسىدە، بەدرى ئۇرۇشىنىڭ ئۇ ئېغىر ۋە قىيىن كۈنلىرىدە « سىلەرگە ئارقىمۇ - ئارقا ( چۈشىدىغان ) مىڭ پەرىشتە بىلەن ياردەم بېرىمەن » ( 8:9 )دېگەن ئىلاھىي جاسارەتلەندۈرۈشى قانداق چۈشىنىلىشى كېرەك؟ مۇشۇنداق ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش سوئاللار ئاللاھ نىڭ قانۇنلىرى دائىرسى ئىچىدە ئىزاھلىنىشى كېرەك. ئۇ قانۇنلارنى يەنە قۇرئاندىن تاپىمىز. بۇ دائىرىدە « ئاللاھ ھالاك قىلىدىغان قەۋمنى ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئاسماندىن بىر قوشۇن ئەۋەتىپ ھالاك قىلامدۇ؟ » سوئالىنىڭ جاۋابى بۇ سۈرىدە ئورۇن ئالماقتا:

وَمَا أَنْزَلْنَا عَلَى قَوْمِهِ مِنْ بَعْدِهِ مِنْ جُنْدٍ مِنَ السَّمَاءِ وَمَا كُنَّا مُنْزِلِينَ (28) إِنْ كَانَتْ إِلَّا صَيْحَةً وَاحِدَةً فَإِذَا هُمْ خَامِدُونَ (29)

« ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ قەۋمىنى ( جازالاش ئۈچۈن ) ئاسماندىن قوشۇن ( يەنى پەرىشتىلەر ) چۈشۈرمىدۇق، ئۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ بۇنداق قىلمىغانىدۇق. ئەگەر بۇ زۆرۈر بولغان بولسا بىر ئاۋاز يېتەرلىك بولىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا ئۇلار ئۆچۈپ قالغان چوغدەك قاپقارا كۈلگە ئايلىنىپ قالاتتى » ( 28 - 29 ).

ئۆلۈك زېمىننى تىرىلدۈرگەن ئۇ ( ئاللاھ )دۇر. يەر يۈزىدىكى بارلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈرگەن ئۇ ( ئاللاھ )دۇر ( 33 - 34 ). ئىنسانلار بەزى نەرسىلەر ھەققىدە تېخى ھېچقانداق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەس ( 36 ). كېچە ۋە كۈندۈزنى بەلگىلىك بىر مەقسەت بىلەن ياراتقان ئاللاھ تۇر. قۇياش ۋە ئاينى بەلگىلەنگەن جايغا قاراپ سەير قىلدۇرغان ئاللاھ تۇر ( 37 - 40 ). ئىنسانلار نەسلىنىڭ قۇرۇپ كېتىشىدىن ساقلاپ قالغۇچى ئۇ ( ئاللاھ )دۇر ( 41 ) ۋە ئىنسانلار يولدىن چىقىپ ئېزىپ كەتمىسۇن دەپ ئەلچىلەر ئەۋەتىش ئارقىلىق ئۇلارغا يول كۆرسىتىپ كەلگەن ئۇ ( ئاللاھ )دۇر (46 ). بۇ نېمەتلەرنىڭ شۈكرىسى بولسۇن دەپ ئاللاھ ئۇلارغا مال - مۈلۈكنى يوقسۇللار بىلەن تەڭ بەھرىمان بولۇشقا بۇيرىغان ( 47 ).

ئىنسان ھېساپ كۈنى ئامانەت بېرىلگەن ھەر نەرسىدىن جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ. لېكىن ئۇلار ئاخىرەت كۈننى ئىنكار قىلماقتا.

سۈرىنىڭ نېمە ئۈچۈن سەكراتتا ياتقانلارغا ئوقۇپ بېرىلىشىنى تەۋسىيە قىلىنغانلىقىنىڭ جاۋابى تۆۋەندىكى ئايەتلەردە بايان قىلىنماقتا:

وَنُفِخَ فِي الصُّورِ فَإِذَا هُمْ مِنَ الْأَجْدَاثِ إِلَى رَبِّهِمْ يَنْسِلُونَ (51) قَالُوا يَا وَيْلَنَا مَنْ بَعَثَنَا مِنْ مَرْقَدِنَا هَذَا مَا وَعَدَ الرَّحْمَنُ
وَصَدَقَ الْمُرْسَلُونَ (52) إِنْ كَانَتْ إِلَّا صَيْحَةً وَاحِدَةً فَإِذَا هُمْ جَمِيعٌ لَدَيْنَا مُحْضَرُونَ (53) فَالْيَوْمَ لَا تُظْلَمُ نَفْسٌ شَيْئًا وَلَا تُجْزَوْنَ
إِلَّا مَا كُنْتُمْ تَعْمَلُونَ (54) إِنَّ أَصْحَابَ الْجَنَّةِ الْيَوْمَ فِي شُغُلٍ فَاكِهُونَ (55) هُمْ وَأَزْوَاجُهُمْ فِي ظِلَالٍ عَلَى الْأَرَائِكِ مُتَّكِئُونَ (56)
لَهُمْ فِيهَا فَاكِهَةٌ وَلَهُمْ مَا يَدَّعُونَ (57) سَلَامٌ قَوْلًا مِنْ رَبٍّ رَحِيمٍ (58) وَامْتَازُوا الْيَوْمَ أَيُّهَا الْمُجْرِمُونَ (59) أَلَمْ أَعْهَدْ إِلَيْكُمْ يَا بَنِي
آَدَمَ أَنْ لَا تَعْبُدُوا الشَّيْطَانَ إِنَّهُ لَكُمْ عَدُوٌّ مُبِينٌ (60) وَأَنِ اعْبُدُونِي هَذَا صِرَاطٌ مُسْتَقِيمٌ (61) وَلَقَدْ أَضَلَّ مِنْكُمْ جِبِلًّا كَثِيرًا أَفَلَمْ
تَكُونُوا تَعْقِلُونَ (62) هَذِهِ جَهَنَّمُ الَّتِي كُنْتُمْ تُوعَدُونَ (63) اصْلَوْهَا الْيَوْمَ بِمَا كُنْتُمْ تَكْفُرُونَ (64) الْيَوْمَ نَخْتِمُ عَلَى أَفْوَاهِهِمْ وَتُكَلِّمُنَا
أَيْدِيهِمْ وَتَشْهَدُ أَرْجُلُهُمْ بِمَا كَانُوا يَكْسِبُونَ (65)

سۇر چېلىنغان ھامان ئۇلار قەبرىلىرىدىن چىقىپ رەببى تەرەپكە يۈگۈرىدۇ. ئۇلار « ۋاي ئىسىت! بىزنى ئۇخلاۋاتقان يېرىمىزدىن ( يەنى قەبرىمىزدىن ) كىم ئويغاتتى؟ » دەيدۇ ( چۈنكى ئۇلار ئىككى سۇر ئارىسىدا ئۇيقۇدا بولۇپ ئازاپتىن خالىي بولىدۇ ) ۋە ( جاۋابنى ئۆزلىرى بېرىدۇ ): « رەھمان ۋەدە قىلغىنى مۇشۇ ( كۈن ) بولسا كېرەك، ئەلچىلەر ھەقىقەتەن راست ئېيتقانىكەن » دەيدۇ. پەقەت بىر ئاۋاز بىلەنلا ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھوزۇرىمىزغا ھازىر قىلىنىدۇ. ئۇ كۈندە ھېچبىر ئىنسانغا قىلچە زۇلۇم قىلىنمايدۇ، سىلەر پەقەت قىلغان ئىشىڭلاردىن جاۋابكارلىققا تارتىلىسىلەر ( مۇكاپات ياكى جازاغا لايىق بولىسىلەر ). شۈبھىسىزكى، ئۇ كۈندە جەننەت ئەھلىلىرى نېمەت ئىچىدىدۇر. ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ جۈپتىلىرى ( جەننەتلەرنىڭ ) سايىلىرى ئاستىدا تەختلەرگە يۆلەنگەن ھالدا ئولتۇرىدۇ. ئۇلار ئۈچۈن جەننەتتە ( تۈرلۈك ) مېۋىلەر بار، ئۇلار ئۈچۈن جەننەتتە ( ئۇلارنىڭ ) كۆڭلى تارتقان نەرسىلەر بولىدۇ. مانا بۇ مېھرى - شەپقىتى چەكسىز رەببىڭنىڭ سۆزى بىلەن كەلگەن، تىل بىلەن ئىپادىلىگۈسىز سائادەتتۇر. ئەمما ( گۇناھكارلارغا ): « ئى گۇناھكارلار! بۈگۈن ( بىر تەرەپكە ) ئايرىلىڭلار! » دېيىلىدۇ. سىلەرگە ( ئەلچىلەر ئارقىلىق ): « ئى ئادەم باللىرى! شەيتانغا چوقۇنماڭلار، ئۇ ھەقىقەتەن سىلەرگە ئاشكارا دۈشمەندۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار، بۇ توغرا يولدۇر دەپ تەۋسىيە قىلمىدىممۇ؟ شۈبھىسىزكى، شەيتان سىلەردىن نۇرغۇن كىشىلەرنى ئازدۇردى، بۇنى چۈشەنمەمسىلەر؟ سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان جەھەننەم مانا بۇ. سىلەر ئىنكار قىلىشتا چىڭ تۇرغانلىقىڭلار نەتىجىسى سۈپىتىدە بۈگۈن جەھەننەمگە كىرىڭلار ». شۇ كۈندە ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىنى پېچەتلىۋېتىمىز، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى قوللىرى بىزگە سۆزلەپ بېرىدۇ، پۇتلىرى گۇۋاھلىق بېرىدۇ ( 51 - 65 ).

تاكامۇللىشىش مەۋجۇدىيەت تەۋە بولغان قانۇندۇر. بۇ قانۇن پەقەت مەۋجۇدىيەتنىڭ ماددىي تەرىپى ئۈچۈنلا ئەمەس، مەنىۋىي تەرىپى ئۈچۈنمۇ كۈچكە ئىگە. ئېلېمېنتلار، ئۆسۈملۈكلەر، ھايۋانلار ۋە ئىنسانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ قانۇن، روھى بىلەن ئۇلاردىن بىر دەرىجە يۇقىرى ئورۇندىكى ئالەمگە تەۋە بولغان ئىنساندا بىر مەنىۋىي ماھىيەت پەيدا قىلىدۇ. ئاخىرەت مانا بۇ مەنىۋىي تەرەپنىڭ يەنە بىر يۈزىنى كۆرسىتىدۇ. جەننەت ئەسلىدە ئىنساننىڭ تاكامۇللىشىشىنىڭ ئاخىرقى بېكىتىدۇر. ۋەھيي ھايات يولۇچىسىنى ھەر خىل ئېزىشتىن ئاگاھلاندۇرىدۇ. بۇ ئاگاھلاندۇرۇشلار مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە بولغانلارغا، يەنى « قەلب جەھەتتىن ) تىرىك بولغانلارغا » ( 70 ) پايدا قىلىدۇ.

سۈرە ئاللاھ نىڭ ئەزىمىتى ۋە قۇدرىتىنى بايان قىلغان بىر ئابزاس بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

ئىبن ئابباستىن بۇ سۈرىنىڭ پەزىلىتى سورالغاندا، « بۇنى بىلمەيمەن، بەلكىم ئاخىرقى ئايىتى ئۈچۈن بولسا كېرەك » دېگەن:

فَسُبْحَانَ الَّذِي بِيَدِهِ مَلَكُوتُ كُلِّ شَيْءٍ وَإِلَيْهِ تُرْجَعُونَ

« ھەر نەرسىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ئىلكىدە بولغان ئاللاھ پاكتۇر، ( ئۆلگەندىن كېيىن ) ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر » ( 83 ).

# فۇرقان سۈرىسى

سۈرە « ياخشىنى ياماندىن ئايرىغان »، « ياخشى بىلەن ياماننى ئايرىپ بەرگەن » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان « فۇرقان » كەلىمىسى بىلەن ئاتالغان. فۇرقان قۇرئاندا بارلىق ۋەھيىلەرنىڭ ھەم ساغلام ئەقلىنىڭ سۈپىتى قىلىپ ئىشلىتىلگەن. چۈنكى ئىشەنچلىك نەقلمۇ، ساغلام ئەقلمۇ ئىگىسىگە ياخشىنى ياماندىن، چىرايلىقنى سەتتىن، ھەقنى باتىلدىن، توغرىنى ئەگرىدىن ئايرىشقا ياردەم قىلىدۇ. بۇ سۈرە ساھابىلەردىن تارتىپ « فۇرقان » ئىسمى بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن.

سۈرە مەككىدە نازىل بولغان. سۈرىنىڭ ئۇسلۇبى ۋە تېمىسى بۇنىڭغا دەلىل بولالايدۇ. ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلىنغان 68 ـ 70 ـ ئايەتلەرنىڭ مەدىنىدە نازىل بولغانلىقى ھەققىدىكى قاراشنى يەنە ئىبنى ئابباستىن نەقىل قىلىنغان قاسىم بىن ئەبى بەززە رىۋايىتى رەت قىلماقتا ( بۇخارى ). چۈنكى، بۇ قاراشنى ئەنئام سۈرىسىدە تىلغا ئالىدىغان ئۆلچەملەرمۇ رەت قىلماقتا.

مەزكۇر سۈرە دەسلەپكى مەزگىلدە تىزىلغان قۇرئان نازىل بولۇش تەرتىپلىرىدە ياسىن ـ فاتىر سۈرىسى ئارىسىغا تىزىلغان. سۈرىنىڭ ئىسمى ۋە ئىمان بىلەن كۇپرى ئارىسىدىكى جەڭنى چۆرىدىگەن مەزمۇنى نەزەردە تۇتۇلغاندا، بۇ سۈرىنىڭ دەۋەتنىڭ 5 ـ ياكى 6 ـ يىلىدا نازىل بولغانلىقىنى تەخمىن قىلغىلى بولىدۇ. بۇ مەزگىلدە ئىنكار قىلغۇچىلار سېپىدە دۈشمەنلىك پوزىتسىيىسى تېخىمۇ كەۋدىلىنىشكە باشلىغان بولۇپ، ئۇلار ۋەھيىنىڭ نازىل بولۇش ئۇسلۇبىغا ئېتىراز قىلىشقانىدى ( 31 ـ 32 ).

سۈرىنىڭ ئانا تېمىسى ئىلاھىي تىرىلدۈرۈش لاھىيەسى بولغان ۋەھيي بولۇپ، سۈرىدە ۋەھيىنىڭ ماھىيىتى، نازىل بولۇش سەۋەبى، ھېكمىتى، مەقسىتى ۋە ئەھمىيىتى قاتتىق تەكىتلەنگەن. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، سۈرە مەزمۇن جەھەتتىن بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە.

فۇرقان سۈرىسى « ياخشىنى ياماندىن، ھەقنى باتىلدىن، توغرىنى خاتادىن » ئايرىغۇچى ۋەھيىنى تىلغا ئېلىش بىلەن باشلانغان. فۇرقان پەقەت ۋەھيىنىڭ سۈپىتى بولۇپلا قالماستىن، ۋەھيي بىلەن شەكىللەنگەن ئەقلىنىڭمۇ سۈپىتىدۇر. چۈنكى ۋەھيي ئەقلىنى بۇ سۈپەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن نازىل بولغان.

تەۋھىد تېمىسى ھەر سۈرىدە تىلغا ئېلىنغان ئانا تېما. بۇ تېما بەزىدە جۇش ئۇرۇپ ئاققان دەريادەك بىر قاراشتا ئېنىق مەلۇم بولىدۇ. بەزىدە يەر ئاستىدا ئاققان كارىز سۈيىدەك ساداسىز، كۆرۈنمەس ھالدا تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ سۈرىنىڭ بىرىنچى بۆلىكىدە تەۋھىد ۋە ئاخىرەتكە ئىمان چاقىرىقى ئېنىق ھالدا بايان قىلىنغان ( 2 ـ 19 ). ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلار بىر كۈنى بۇ ھەقىقەت بىلەن يۈزلىشىدۇ. ئۇ كۈندە ئۇلارغا دېيىلىدىغان سۆزلەر بۇ سۈرىدە بايان قىلىنغان بولۇپ، تۆۋەندىكى ئايەتلەر ئوقۇغانلارنىڭ يۈرىكىنى تىترىتىدۇ:

لَا تَدْعُوا الْيَوْمَ ثُبُورًا وَاحِدًا وَادْعُوا ثُبُورًا كَثِيرًا

« ( ئۇلارغا ) بۈگۈن سىلەر بىر ئۆلۈمنى ئەمەس، تالاي ئۆلۈملەرنى تىلەڭلار ( دېيىلىدۇ ) » ( 14 ).

يەنە، نەبىنىڭ ئىنسانلىقىغا قارىتىلغان ئېتىراز ۋە ۋەھيىنىڭ بۇ خىل ئېتىرازلارغا باشقا سۈرىدىكىلەرگە ئوخشاش بەرگەن ئەمما ئۆزگىچە بولغان جاۋابى بۇ سۈرىدە ئورۇن ئالغان:

« بىز سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتكەن نەبىلەرنىڭ ھەممىسىلا ئەلۋەتتە تاماق يەيتتى، بازارلاردا مېڭىپ يۈرەتتى » ( 20 ).

مەككىلىك مۇشرىكلەرنىڭ كۆزى، پىل چىشىدىن ياسالغان تەختتە ئولتۇرغان، ئىنسانلارغا « مەن سىلەردىن پەرقلىق بىرى » دەپ مەغرۇرلانغان، مۇئامىلىسى، ھالى ۋە تەرزى بىلەن « مېنى ئۆزەڭلارغا ئوخشاش دەپ

ئويلاپ قالماڭلار » دېگەندەك مۇئامىلىدە بولىدىغان بىرسىنى ئىزدەۋاتقانىدى. لېكىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدا ئۇلار ئىزدەۋاتقان بۇ ئۆزگىچىلىك يوق ئىدى. ئۇ ئالدىدا قورقۇپ تىترەپ تۇرغان كىشىگە، « نېمىگە بۇنچە تىترەيسەن؟ مەنمۇ ساڭا ئوخشاش قۇرۇتۇلغان گۆش يېگەن بىر ئايالنىڭ ئوغلى » دېگەن « بەندە » ۋە « ئىنسان » ئىدى. ئۇنداقتا « بىزگە بىر ئىنساننىڭ ئورنىغا بىر پەرىشتە ئەۋەتىلگەن بولسىچۇ » دېگۈچىلەرنىڭ مەقسىتى نېمە؟ ( 21 ). ئۇلارنىڭ مەقسىتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى جانابى ئاللاھ بۇ ئايەتنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق بايان قىلغان: « شۈبھىسىزكى، ئۇلار ئىچكى دۇنياسىدا ئۆزلىرىنى چوڭ تۇتتى ۋە تولىمۇ ھەددىدىن ئاشتى » ( 21 ).

ئى ئاللاھ! ساڭا قۇربان بولماي كىمگە قۇربان بولىمىز؟

ئاللاھ رەسۇلىنىڭ « بەندە »لىكى ۋە « ئادەمىي » لىكىگە تايانغان ئەخلاقىنى تاشلاپ، ئۆزىگە پىرئەۋنلەرنىڭ ۋە نەمرۇتلارنىڭ تەرزىنى ياقتۇرغانلار بىر كۈنى « ئىسىت! نەبى بىلەن ( نىجاتلىق ) يولىنى تۇتسامچۇ. ئىسىت! پالانىنى دوست تۇتمىغان بولسامچۇ؟ قۇرئان ماڭا يەتكەندىن كېيىن، ئۇ ( يەنى پالانچى ) مېنى قۇرئاندىن، شەك - شۈبھىسىزكى، ئازدۇردى » دەيدۇ ( 27 - 28 ). ئايەتنىڭ ئاخىرىدا پۇشايمان قىلماسلىقنىڭ بىردىنبىر يولى، ۋەھيىگە چىڭ يېپىشىش ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن. ھەممىمىزنىڭ يىلىكلىرىمىزنى قوشۇپ تىترىتىدىغان ئۇ مۆجىزىۋى ئايەت بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىدۇ. ئىنساننىڭ ھەقىقەت ئىزدەش يولىدا ۋەھيىنىڭ مۇنازىرە تەلەپ قىلمىغۇدەك ئورنى تەكىتلەنگەن بۇ ئايەت، ھېساپ كۈنىدە رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ شىكايىتىنى بايان قىلماقتا:

وَقَالَ الرَّسُولُ يَا رَبِّ إِنَّ قَوْمِي اتَّخَذُوا هَذَا الْقُرْآنَ مَهْجُورًا

« يا رەببى! شۈبھىسىزكى، مېنىڭ قەۋمىم بۇ قۇرئاننى تاشلاندۇق قىلىپ قويدى » ( 30 ).

ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان « مەھجۇر » كەلىمىسى، مەترۇق مەنىسىنى بىلدۈرمەيدۇ. مەترۇق، « تەرك قىلىنغان »، « ئۆزىدىن يىراقلاشقان »، « قولدىن چىقىرىۋەتكەن » نەرسە ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. لېكىن، « مەھجۇر » كەلىمىسى، قولدا بولسىمۇ « رولى قالمىغان »، « كېرەككە كەلمەيدىغان »، « قولدا بولسىمۇ خۇددى يوقتەك مۇئامىلە قىلىنغان » مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مانا بۇ قۇرئاننىڭ مەھجۇر قىلىنىشى بولۇپ، رەسۇلۇللاھ دەرگاھى ئىلاھىيدە بۇ ئەھۋال ئۈستىدىن شىكايەت قىلىدۇ.

رەسۇلۇللاھ، ئۈممىتى تەرىپىدىن ۋەھيى مەھجۇر قىلىنغان بىردىنبىر نەبى ئەمەس. بۇ ئايەتنىڭ ئارقىسىدا ھەزرىتى مۇسا ۋە ھارۇن بىلەن پىرئەۋن ۋە قەۋمىگە ئەۋەتىلگەن، شۇنداقلا ھەزرىتى نۇھ بىلەن قەۋمىگە، ئاد ۋە سەمۇدقا، رەس ئاھالىسىگە ئەۋەتىلگەن ۋەھيىلەر تىلغا ئېلىنىپ بۇ رىسالىلىق بايان قىلىنغان ( 35 - 39 ).

ۋەھيىنى يەتكۈزگەن ئەلچى ئارقىلىق بۇ ۋەھيىگە قارشى چىققۇچىلارنىڭ « نەپسى خاھىشىنى ئىلاھلاشتۇرىۋالغانلىقىنى » ئېيتىپ ( 43 )، بۇلارنىڭ « ئەقلىنى ئىشلەتمەيدىغان كىشىلەر » ئىكەنلىكى، شۇڭا « چاھار پايلارغا ئوخشاپ قالغانلىقى » ( 44 ) تەكىتلەنگەن.

سۈرىدە رەھمان ياخشى كۆرىدىغان بەندىلىرىنىڭ ئۆزىنىڭغا قانداق دۇئا قىلىدىغانلىقىنى كۆرىمىز. پەقەت قانداق دۇئا قىلىدىغانلىقىنىلا ئەمەس، يەنە ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرىدىنمۇ خەۋەردار بولىمىز:

وَعِبَادُ الرَّحْمَنِ الَّذِينَ يَمْشُونَ عَلَى الْأَرْضِ هَوْنًا وَإِذَا خَاطَبَهُمُ الْجَاهِلُونَ قَالُوا سَلَامًا (63) وَالَّذِينَ يَبِيتُونَ لِرَبِّهِمْ سُجَّدًا وَقِيَامًا (64) وَالَّذِينَ يَقُولُونَ رَبَّنَا اصْرِفْ عَنَّا عَذَابَ جَهَنَّمَ إِنَّ عَذَابَهَا كَانَ غَرَامًا (65) إِنَّهَا سَاءَتْ مُسْتَقَرًّا وَمُقَامًا (66) وَالَّذِينَ إِذَا أَنْفَقُوا لَمْ يُسْرِفُوا وَلَمْ يَقْتُرُوا وَكَانَ بَيْنَ ذَلِكَ قَوَامًا (67) وَالَّذِينَ لَا يَدْعُونَ مَعَ اللَّهِ إِلَهًا آخَرَ وَلَا يَقْتُلُونَ النَّفْسَ الَّتِي حَرَّمَ اللَّهُ إِلَّا بِالْحَقِّ وَلَا يَزْنُونَ وَمَنْ يَفْعَلْ ذَلِكَ يَلْقَ أَثَامًا (68) يُضَاعَفْ لَهُ الْعَذَابُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ وَيَخْلُدْ فِيهِ مُهَانًا (69) إِلَّا مَنْ تَابَ وَآمَنَ وَعَمِلَ عَمَلًا صَالِحًا فَأُولَئِكَ يُبَدِّلُ اللَّهُ سَيِّئَاتِهِمْ حَسَنَاتٍ وَكَانَ اللَّهُ غَفُورًا رَحِيمًا (70) وَمَنْ تَابَ وَعَمِلَ صَالِحًا فَإِنَّهُ يَتُوبُ إِلَى اللَّهِ مَتَابًا (71) وَالَّذِينَ لَا يَشْهَدُونَ الزُّورَ وَإِذَا مَرُّوا بِاللَّغْوِ مَرُّوا كِرَامًا (72) وَالَّذِينَ إِذَا ذُكِّرُوا بِآيَاتِ رَبِّهِمْ لَمْ يَخِرُّوا عَلَيْهَا صُمًّا

وَعُمْيَانًا (73) وَالَّذِينَ يَقُولُونَ رَبَّنَا هَبْ لَنَا مِنْ أَزْوَاجِنَا وَذُرِّيَّاتِنَا قُرَّةَ أَعْيُنٍ وَاجْعَلْنَا لِلْمُتَّقِينَ إِمَامًا (74) أُولَئِكَ يُجْزَوْنَ الْغُرْفَةَ بِمَا
صَبَرُوا وَيُلَقَّوْنَ فِيهَا تَحِيَّةً وَسَلَامًا (75) خَالِدِينَ فِيهَا حَسُنَتْ مُسْتَقَرًّا وَمُقَامًا (76)

« مەرھەمەتلىك ئاللاھ نىڭ ( ياخشى كۆرىدىغان ) بەندىلىرى زېمىندا ئۆزلىرىنى تۆۋەن تۇتۇپ تەمكىنلىك بىلەن ماڭىدۇ، نادانلار ئۇلارغا ( ياقتۇرمايدىغان ) سۆز قىلسا، ئۇلار: « سىلەرگە ئامانلىق تىلەيمىز » دەيدۇ ( يەنى گۇناھ بولمايدىغان سۆزلەرنى قىلىدۇ ). ئۇلار كېچىلەرنى پەرۋەردىگارىغا سەجدە قىلىش ۋە قىيامدا تۇرۇش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. ئۇلار: « رەببىمىز! بىزدىن جەھەننەم ئازابىنى دەپئى قىلغىن، جەھەننەمنىڭ ئازابى ھەققەتەن ناھايىتى قاتتىق، شىددەتلىكتۇر. ئۇ ھەققەتەن يامان قارارگاھتۇر، يامان جايدۇر » دەيدۇ. ئۇلار ئىنفاق قىلغاندا، ئىسراپچىلىقمۇ قىلمايدۇ، بېخىللىقمۇ قىلمايدۇ، ئوتتۇراھال بولىدۇ. ئۇلار ئاللاھ قا ئىككىنچى بىر مەبۇدنى شېرىك قىلمايدۇ، ئاللاھ ھارام قىلغان ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش ئىشنى قىلمايدۇ، زىنا قىلمايدۇ. كىمكى بۇ ( گۇناھلار )نى قىلىدىكەن، گۇناھقا چۆمگەن بولىدۇ، ئاخىرەتتە جازاغا لايىق بولىدۇ. قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا ھەسسىلەپ ئازاپ قىلىنىدۇ، ئۇ مەڭگۈ ئازاپ ئىچىدە خارلانغان ھالدا قالىدۇ. پەقەت ( ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ) ( بۇ دۇنيادىكى ۋاقتىدا ) تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارلا بۇ ھالدا قالمايدۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى ياخشىلىققا ئالماشتۇرىدۇ، ئاللاھ تولىمۇ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر ۋە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر. كىمكى ( گۇناھلىرىغا ) تەۋبە قىلىدىكەن ۋە ئەمەلىنى تۈزەيدىكەن ( مەسئۇلىيەتچان بولسا )، ئۇ ئاللاھ قا يۈزلەنگەن بولىدۇ ( يەنى ئاللاھ ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭدىن رازى بولىدۇ ). ئۇلار يالغان گۇۋاھلىق بەرمەيدۇ، يامان سۆزلەرنى ئاڭلاپ قالغان چاغدا ئالىيجاناپلىق بىلەن ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇلارغا رەببىنىڭ ئايەتلىرى ئەسلىتىلگەن، ئۇنىڭ بىلەن ۋەز - نەسىھەت قىلىنغاندا، گاس، كورلاردەك ئاڭلاپ، چۈشەنمەستىن يۈرمەيدۇ. ئۇلار: « ئى رەببىمىز! بىزگە ئاياللىرىمىز ۋە ئەۋلادلىرىمىز ئارقىلىق شادلىق بېغىشلىشىڭنى ( يەنى بىزگە ساڭا ئىتائەتمەن ئايال ۋە پەرزەنت ئاتا قىلىشىڭنى ) تىلەيمىز، بىزنى تەقۋادارلارنىڭ پېشىۋاسى ( يەنى تەقۋادارلارنىڭ نەمۇنىسى، ياخشىلىققا دەۋەت قىلغۇچى ) قىلغىن » دەيدۇ. ئەنە شۇلار قىيىنچىلىقلارغا سەبىر قىلغانلىقى ئۈچۈن جەننەت بىلەن مۇكاپاتلىنىدۇ، ئۇلار جەننەتتە تىل بىلەن ئىپادىلەشكە ئاجىز كېلىدىغان شادلىق ۋە سالام بىلەن قارشى ئېلىنىدۇ. ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ قالىدۇ، جەننەت نېمە دېگەن گۈزەل قارارگاھ! نېمە دېگەن گۈزەل جاي! » ( 63 - 76 ).

سۈرە ئىمان ئېيتقان ۋە ئىمان ئېيتمىغان كىشىلەرگە ئورتاق خىتاب قىلغان ھالدا ئاخىرلىشىدۇ:

قُلْ مَا يَعْبَأُ بِكُمْ رَبِّي لَوْلَا دُعَاؤُكُمْ فَقَدْ كَذَّبْتُمْ فَسَوْفَ يَكُونُ لِزَامًا

« ئەگەر سىلەرنىڭ دۇئايىڭلار بولمىسا، رەببىم سىلەرگە پەرۋا قىلمايدۇ » ( 77 ).

بەندە ئۆزىدىن بىر نەرسىنىڭ سورىلىشىنى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمەيدۇ. لېكىن ئاللاھ ئۆزىدىن بىر نەرسە تەلەپ قىلىنىشىدىن خۇرسەن بولىدۇ.

# رەھمان سۈرىسى

بۇ سۈرە قۇرئاندا ئاللاھ نىڭ ئىسمى بىلەن باشلىنغان يېگانە سۈرە بولۇپ، بىرىنچى ئايەتتە تىلغان ئېلىنغان ئاللاھ نىڭ « مەرھەمەتنىڭ چەكسىز مەنبەسى » ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان « رەھمان » ئىسمى بىلەن ئاتالغان.

سۈرە رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋرىدىمۇ « رەھمان » ئىسمى بىلەن ئاتالغان.

رەھمان سۈرىسى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ فۇرقان سۈرىسى 60 - ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان « رەھمان دېگەن نېمە؟ » سوئالىغا جاۋاب بولۇپ نازىل بولغان بولسا كېرەك. سۈرىنىڭ ئۇسلۇبى ۋە مەزمۇنى باشتىن ئاخىرى ۋاستىلىق ھالدا مۇشۇنداق بىر جاۋاب خاراكتېرىگە ئىگە. بۇنىڭدىن باشقا ئىككى سۈرە ئارىسىدىكى يەنە بىر مۇناسىۋەت بۇ سۈرىنىڭ 19 - 20 - ئايەتلىرى بىلەن فۇرقان سۈرىسىنىڭ 53 - ئايىتى ئارىسىدىكى مەزمۇن

ئوخشاشلىقى. ھەزرىتى ئەسمادىن كەلگەن ۋە ھىجرى سۈرىسىنىڭ 94 - ئايىتى ئىما قىلىنغان ئەھمەت بىن ھەنبەل رىۋايىتىگە ئاساسلانغاندا، بۇ سۈرە ھىجر سۈرىسىدىن بۇرۇن نازىل بولغان.

ئىبن ئاباسنىڭ نۇزۇل تەرتىپىدە شەرھ - ئەسىر سۈرىسى ئارىسىغا، يەنى 13 - ئورۇنغا تىزىلغان. ھەزرىتى ئوسمان تەرتىپىدە رەئىد - ئىنسان سۈرىسى ئارىسىغا، يەنى 97 - ئورۇنغا تىزىلغان. بىرىنچىسى بەك بالدۇر، ئىككىنچىسىدە بەك كېيىن بولۇپ قالغان. جابىر تەرتىپىدە فۇرقان سۈرىسىدىن كېيىن كېلىدۇ، ئەڭ توغرىسى بۇ.

ئىبن ھىشامنىڭ نەقىل قىلىشىچە، ئىبن مەسئۇد بۇ سۈرىنى كەئبىدە ئوچۇق - ئاشكارە ئوقۇغان ۋە مۇشرىكلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان بولۇپ، ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: « ئاللاھ نىڭ دۈشمەنلىرىنى بۇنىڭدىن ئىلگىرى بۇنچە ئاجىز، بىچارە ھالەتتە كۆرمىگەنىدىم » ( ئەس - سىرەتۇن نەبەۋىييە ).

نەجم سۈرىسى شىرىكنى ئەيىپلەش دەۋرىنى ئاچقاندى. رەھمان سۈرىسى ئوقۇلغاندا مۇشرىكلارنىڭ غالجىرلىق بىلەن ھۇجۇم قىلىشىنى بۇ باسقۇچتا تېخىمۇ گۈللەنگەن قۇرئان دەۋتىگە قارىتا مۇشرىكلارنىڭ ھەيۋە قىلىشى دەپ چۈشەنسەك بولىدۇ.

بۇ مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، مەزكۇر سۈرە رىسالەتنىڭ 5 - ياكى 6 - يىلىدا نازىل بولغان بولسا كېرەك.

بالاغەت جەھەتتىن كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بۇ سۈرە شاۋقۇنسىز ئاققان دەرياغا ئوخشاش ئۆزگىچە بىر ئۇسلۇب بىلەن كىشىنىڭ روھى دۇنياسىغا خىتاب قىلىدۇ. سۈرە ئاللاھ نىڭ ئىنسانغا بولغان رەھمىتى، مېھرى - شەپقىتىنى بايان قىلىدۇ. بۇ رەھمەتنى بايان قىلغاندا ۋەھيي نېمىتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويغان. بۇ ئارقىلىق « ھىدايەتنىڭ ئاللاھ نىڭ ئىنسانغا بەرگەن نېمەتلىرى ئىچىدە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقى » نى تەكىتلىمەكتە.

سۈرە قۇرئاندا ئەسمائى - ھۇسنادىن بىرسى بىلەن باشلىنىغان يېگانە سۈرە بولۇپ، بۇ ئىسىم ئىلاھىي كىملىك سۈپىتىدە ئىشلىتىدىغان « بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم » كەلىمىسىدە تىلغا ئېلىنغان ئىككى ئىسمىدىن بىرسى بولغان « ئەر رەھمان »دۇر. بىر مەنىدە مۇشرىكلارنىڭ « رەھمان دېگەن نېمە؟ » دېگەن سوئالىغا جاۋابتۇر. بۇ جاۋابنى ياخشى چۈشىنىش ئۈچۈن، مۇشرىكلارنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى روھى ھالىتىنى ۋە ۋەھيىگە تۇتقان مۇئامىلىسىنى بىلىشىمىز زۆرۈر. مۇشرىكلار باشتىن تارتىپ « رەھمان » ئىسمىغا سوغۇق نەزەردە قارىغان بولۇپ، بۇ كەلىمىنى ئىشلىتىشتىن ئۆزىنى تارتقان ھەتتا بۇ ئىسىمدىن نەپرەتلەنگەن. بۇ پوزىتسىيىسىنى ئاخىرقى نەپىسىگىچە داۋاملاشتۇرغان.

ھىجرەتنىڭ 6 - يىلىدىكى ھۇدەيبىيە سۈلھىسىدە بۇ مۇئامىلىنى ئېنىق كۆرەلەيمىز. مەككە ھەيئىتىنىڭ رەئىسى سۇھەيل بىن ئامىر رەسۇلۇللاھنىڭ سۈلھى كاتىبى بولغان ھەزرىتى ئەلىگە يازدۇرغان « بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم » كەلىمىسىگە قارشى چىققان ۋە:

« رەھمان دېگەن نېمە؟ بىسمىكەللاھۇممە دەپ ياز! » دېگەن.

رەھمان سۈرىسىنىڭ تۇنجى ئايەتلىرى جاھىلىيەت ئىنسانلىرىنىڭ « رەھمان »نى ئىنكار قىلىشىغا بېرىلگەن بىر جاۋاب خاراكتېرىغا ئىگە. ئۇلارغا قۇياش بىلەن ئاينىڭ، يەر بىلەن ئاسماننىڭ، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ، دەريا بىلەن دېڭىزلارنىڭ ۋە تاغلارنىڭ ئىنساننىڭ ئەمرىگە بېرىلگەنلىكى بايان قىلىنغان.

ئەگەر ئىنسان ئۆزىنى ئوراپ تۇرغان تەبىئەت دۇنياسىغا رەھمەت نەزىرى بىلەن قارىسا، رەھماننىڭ رەھمىتىنى كۆرىدۇ. تۆۋەندە رەھماننىڭ رەھمىتىنىڭ تەجەللىلىرىنى رەھماننىڭ كالامىدىن بىرلىكتە ئوقۇيلى:

الرَّحْمَنُ (1) عَلَّمَ الْقُرْآنَ (2) خَلَقَ الْإِنْسَانَ (3) عَلَّمَهُ الْبَيَانَ (4) الشَّمْسُ وَالْقَمَرُ بِحُسْبَانٍ (5) وَالنَّجْمُ وَالشَّجَرُ يَسْجُدَانِ (6)

« رەھمان. قۇرئاننى ئۆگەتتى، ئىنساننى ئۇ ياراتتى. ئۇنىڭغا مەقسىتىنى ئۇقتۇرۇشنى ئۆگەتتى. كۈن بىلەن ئاينى ( ئۆز بۇرجلىرىدا ) مۇئەييەن ھېساب بويىچە سەير قىلدۇرغان ئۇدۇر. ئوت - چۆپلەر، دەل - دەرەخلەر ئۇنىڭغا سەجدە قىلىدۇ ( يەنى رەھماننىڭ ئەمرىگە بويسۇنىدۇ ) » ( 1 - 6 ).

ئەر - رەھمان، « رەھمەت قىلغۇچى، مۇتلەق رەھمەتنىڭ مەنبەسى » مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ كەلىمە « رەھىم » سۆز تومۇرىدىن تۈرلىنىپ چىققان بولۇپ، خۇددى « ئاللاھ » ئىسمىغا ئوخشاش خاس سۈپەتتۇر.

ئەسمائى ھۇسنا ئىچىدە بۇ سۈپەت پەقەت ئاللاھ ئۈچۈنلا ئىشلىتىلىدۇ. خۇددى « ئاللاھ » ئىسمى بىرلىك ۋە كۆپلۈك شەكلىدە ئىشلىتىلمىگەندەك خاس سۈپەت بولغان « رەھمان » كەلىمىسىمۇ بىرلىك ۋە كۆپلۈك شەكلىدە ئىشلىتىلمەيدۇ. « رەھىم » سۈپىتى خاس سۈپەت بولمىغانلىقى ئۈچۈن قۇرئاندا رەسۇلۇللاھ ۋە مۇئمىنلەر ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلگەن. « ئاللاھ پالانچىغا رەھمەت قىلسۇن » دېگەنلىك « ئاللاھ پالانچىغا رەھمان ۋە رەھىم ئىسىملىرى بىلەن تەجەللى قىلسۇن » دېگەنلىك بولىدۇ. رەھمان ئىسمىنىڭ سۈپەتلەر ئىچىدە خاس سۈپەت بولۇشى سەۋەبىدىن باشقا سۈپەتلەر ئىچىدە ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ ئايەت رەھمان سۈپىتىنىڭ سۈپەتلەر ئىچىدە ئۆزگىچە ئورنىنىڭ بارلىقىنىڭ بىر ئىپادىسى:

« ئاللاھ دەپ ئاتىساڭلارمۇ بولىدۇ، رەھمان دەپ ئاتىساڭلارمۇ بولىدۇ، قايسىنى ئاتىساڭلار ( ھەممىسى ياخشىدۇر ). شۇنى ئۇنتۇماڭلاركى، ئەڭ ياخشى سۈپەتلەر ۋە بارلىق مۇكەممەللىكلەر ئۇنىڭغا خاستۇر » ( ئىسرا، 110 ).

رەھمان سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان بولۇپ، ئىلاھىي رەھمەتنىڭ تەجەللىلىرىنى بايان قىلغان. مەزكۇر سۈرىدە « رەببىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟ » ئايىتى 31 قېتىم تەكرارلانغان بولۇپ، ھەر قېتىم تەكرارلانغاندا ئالدىدىكى ئايەتنى تەكىتلەش رولىنى ئوينايدۇ. چۈنكى، بۇ ئايەتتە تەكرارلانغان « نېمەت » مەزكۇر ئايەتتىن ئىلگىرىكى ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان بىر - بىردىن پەرقلىق نېمەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. مەزكۇر ئايەتتىكى « كۇما » ئالمىشى ئىنسان ۋە جىنلارنى كۆرسىتىدۇ دەپ قارالغان. بەلكىم بۇ ئالماش ئارقىلىق ئىنساننىڭ كۆرۈنىدىغان ۋە كۆرۈنمەيدىغان تەرىپى ياكى دۇنيا بىلەن ئاخىرەتنى نەزەردە تۇتۇلغان بولۇشى مۇمكىن.

رەھمان ئىسمى بىلەن باشلانغان بۇ سۈرىدە 31 قېتىم « رەببىڭنىڭ نېمىتى » ئىبارىسىنىڭ ئىشلىتىلىشى رەبنىڭ رۇبۇبىييىتىنى رەھمانىييىتىدىن ئايرىپ چۈشىنىشكە بولمايدىغانلىقىنىڭ بىر ئىپادىسى.

سۈرىدە رەھمان ئىسمىدىن كېيىن كەلگەن « قۇرئاننى ئۇ ئۆگەتتى » ئايىتى ۋەھيىنىڭ رەھماننىڭ ئىنسانىيەتكە بەخش ئەتكەن ئەڭ چوڭ رەھمىتى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئايەتتە ئىككى نەرسە تىلغا ئېلىنغان. يەنى، قۇرئان ۋە ئۆگىنىش. قۇرئان ئۆز ئالدىغا بىر رەھمەت، ئۆگىنىش قابىلىيىتىمۇ ئۆز ئالدىغا بىر رەھمەتتۇر. رەھماننىڭ ئۆگىتىشى ئۆزگىچە بىر رەھمەتتۇر. بۇ رەھمەتلەر ئىنساننىڭ يارىتىلىشىدىنمۇ ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇنداق، ئىنساننىڭ يارىتىلىشى چوڭ بىر رەھمەتتۇر. لېكىن، ۋەھيي ۋە ئۆگىنىش قابىلىيىتى بولمىغان بولسا، ئىنسان « بەشەر »لىكتىن « ئىنسان »لىق دەرىجىسىگە يۈكسەلەلمىگەن بولاتتى.

سۈرىدە ئىنساننىڭ روھى دۇنياسىغا خىتاب قىلىدىغان جەننەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ناھايىتى يارقىن تەسۋىرلەر بېرىلگەن بولۇپ، ئىمان كۆزى بىلەن قارىغان بىر مۇئمىن ئۆزىنى خۇددى جەننەتتە كۆرگەندەك بولىدۇ.

سۈرە باشتىن ئاخىرى مەۋجۇدىيەتنىڭ قوشماق قانۇنىيىتىنى خىتاب قىلىنغۇچىنىڭ ئېڭىغا سىڭدۈرىدۇ. ئاللاھ نىڭ ھاياتقا ھەر ۋاقىت مۇداخىلە قىلىپ (ئارىلىشىپ) تۇرىدىغانلىقى ھەقىقىتىنىڭ ئەڭ جانلىق ئىپادىسى بۇ سۈرىدە بايان قىلىنغان:

يَسْأَلُهُ مَنْ فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ كُلَّ يَوْمٍ هُوَ فِي شَأْنٍ

« ئۇ ( رەھمان ) ھەر ۋاقىت ھاياتقا ۋە مەۋجۇدىيەتكە مۇناسىۋەتلىك ھەر ئىشقا مۇداخىلە قىلىپ تۇرىدۇ » ( 29 ).

رەھمان ئىسمى بىلەن باشلىغان بۇ سۈرە، ئەسمائى ھۇسنا ئىچىدە ئۆزگىچە ئورنى بولغان « زۇلجەلالى ۋەلئىكرام ( ئەزىمەتلىك ۋە كەرەملىك )» ئىسمى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

## فاتىر سۈرىسى

سۈرە ئاللاھ نىڭ ئاسمان ۋە زېمىننى يارىتىشى بايان قىلىنغان بىرىنچى ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان « فاتىر » ئىسمى بىلەن ئاتالغان. فاتىر ئاللاھ نىڭ قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان سۈپەتلىرىدىن بىرسى بولۇپ، ئۇ « بىر ئۇرۇقنى بىخ ئۇرۇپ، شاكىلىنى يېرىپ چىقارغۇزۇش » دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ سۈپەت ئاللاھ ئۈچۈن ئىشلىتىلگەندە « بىر ئۇرۇقنى شاكىلىنى يېرىپ بىخ تارتقۇزۇپ چىقارغاندەك، مەۋجۇدىيەت ئۇرۇقىدىن يوقلۇق شاكىلىنى يېرىپ ئوتتۇرىغا چىقارغان » مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ سۈرىدە ئاللاھ نىڭ ئاسمانلارنىڭ ۋە يەرنىڭ فاتىرى ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان. بۇ « ئاسمانلارنى ۋە يەرنى، يەنى پۈتۈن بىر كائىناتنى يوقلۇقتىن مەۋجۇت بولۇشقا، خۇددى بىر ئۇرۇقنىڭ ئىچىدىن بىخ تارتقۇزۇپ چىقارغاندەك ياراتقان ئۇلۇغ زات » مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.

سۈرە بۇخارى، تىرمىزى ۋە بەزى تەپسىرلەردە « مەلائىكە سۈرىسى » دېگەن ئىسىم بىلەن تىلغا ئېلىنغان. چۈنكى، پەرىشتىلەر قۇرئاندا مۇشۇ سۈرىنىڭ بىرىنچى ئايىتىدە بېرىلگەن تەسۋىر بىلەن ياد قىلىنىدۇ: « ئىككى قاناتلىق، ئۈچ قاناتلىق ۋە تۆت قاناتلىق ئەلچىلەر » ( 1 ). قانات ماددىي دۇنيارىمىزدا قۇشلارغا خاس ئورگان بولۇپ، ۋەزىپىسى ئۆزى ئورۇنلاشقان گەۋدىنى ھەر خىل قىيىنچىلىقلارغا قارىماي، ئەڭ تېز شەكىلدە بارىدىغان مەنزىلىگە يەتكۈزۈشتۇر. بۇنى « ئۇچۇش » دەپ ئاتايمىز. پەرىشتىلەرمۇ مەنىۋىي دۇنيانىڭ ماھىيىتىدە پەقەت ئاللاھ بىلىدىغان مەنىۋىي قۇشلارغا ئوخشاش بىر مەخلۇقتۇر. كۆپ قاناتلىق بولۇشى تېز ئۇچىدىغانلىقىنى ئىما قىلسا كېرەك. رەسۇلۇللاھ بىر ھەدىسىدە ئىسرا ۋەقەسىدە ئۆزى مۇلاقات بولغان جىبرىئىلنى 600 مىڭ قانىتى بىلەن كۆرگەنلىكىنى بايان قىلغان. ھەدىستىكى 600 مىڭ سانى بىر ئوخشىتىش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.

سۈرە مەككىدە نازىل بولغان. تۇنجى تەرتىپلەرنىڭ ھەممىسىدە فۇرقان - مەريەم سۈرىسى ئارىسىغا تىزىلغان. بۇ مەلۇماتقا قارىغاندا، سۈرە قۇرەيش ئېمبارگوسى باشلىنىشتىن بۇرۇن، يەنى دەۋەتنىڭ 6 - يىلىدا نازىل بولغان بولسا كېرەك. بۇ مەككىدىكى تەرەپلەر ئۆز سېپىنى ئېنىق نامايەن قىلغان، سەپلەر ئايرىلغان، ۋەھيي ۋە ئۇنىڭ يەتكۈزگۈچىسى بولغان رەسۇلۇللاھقا قارشى قىلىچلار بىلەيلىنىشكە باشلىغان بىر مەزگىل ئىدى. بۇ مەزگىلدە مەككىدىكى بېسىم ۋە زۇلۇم سەۋەبىدىن بىر قىسىم مۇسۇلمانلار ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىپ بولغانىدى. ھىجرەت قىلىشقا قادىر بولالمىغانلارغا قارىتا رەھىمسىزلىك بىلەن قاتتىق زۇلۇم قىلىنماقتا، ھەر خىل قىيىن - قىستاق، ئەزىيەت راۋا كۆرۈلمەكتە ئىدى. سۈرىنىڭ ئىسمى بولغان فاتىر بەلكىم مۇسۇلمانلارغا : « يوقلۇق قاراڭغۇلۇقىغا نۇرى بىلەن تەجەللى قىلىپ، مەۋجۇدىيەتنى بارلىققا كەلتۈرگەن ئاللاھ، مەككىدىكى كۇپرى قاراڭغۇلۇقىغا نۇرى بىلەن تەجەللى قىلىپ، ئىمان قۇياشىنى چىقارماسمۇ؟ » دەپ مۆئمىنلەرگە ئۈمىد بېغىشلاپ تەسەللىي بەرگەن بولسا كېرەك.

فاتىر سۈرىسى قۇرئاندا « ئەلھەمد » بىلەن باشلىغان فاتىھە، ئەنئام، كەھف ۋە سەبە قاتارلىق بەش سۈرىنىڭ بىرسى.

سۈرە مەۋجۇدىيەتنىڭ كۆرۈنۈشتىكى رەڭگا - رەڭلىكى، بىر - بىرىگە ئوخشاش بولماسلىقىغا قارىماي، ئۇلار ئارىسىدىكى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان زىچ مۇناسىۋەت ۋە ماسلىشىشنى ئاساسىي تېما قىلغان.

سۈرە كۆرۈنىدىغان ۋە كۆرۈنمەيدىغان تەرەپلىرى بىلەن يارىتىلىش تىلغا ئېلىنغان ھالدا باشلانغان: « جىمى ھەمدۇسانا ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆرنەكسىز ياراتقۇچى، پەرىشتىلەرنى ئىككى قاناتلىق، ئۈچ قاناتلىق، تۆت قاناتلىق ئەلچىلەر قىلغۇچى ئاللاھ قا خاستۇر! » ( 1 ).

سۈرە بۇ كائىنات ۋە ئۇنىڭ ياراتقۇچىسىنى تونىماستىن ئۆز مەيلىچە ياشاۋاتقان ئىنسانغا مەسئۇلىيىتىنى ئەسلىتىدۇ ( 2 - 7 ). بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان بىر ئايەت ھەممىمىز ھايات ۋاقتىمىزدا بىر ياكى بىر قانچە قېتىم شاھىت بولغان بىر سۈننەتۇللاھنى بايان قىلىدۇ:

مَا يَفْتَحِ اللَّهُ لِلنَّاسِ مِنْ رَحْمَةٍ فَلَا مُمْسِكَ لَهَا وَمَا يُمْسِكْ فَلَا مُرْسِلَ لَهُ مِنْ بَعْدِهِ وَهُوَ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ

« ئاللاھ رەھمىتىدىن كىشىلەرگە ئاچقان نەرسىنى ھەرگىزمۇ توسۇپ قالالىغۇچى بولمايدۇ، ئاللاھ رەھمىتىدىن توسقان نەرسىنى ئاللاھ توسقاندىن كېيىن ئۇنى ھېچ قويۇپ بەرگۈچى بولمايدۇ. ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر » ( 2 ).

بۇ ئايەتتىن كېيىنلا « ئاللاھ تىن باشقا سىلەرگە ئاسماندىن ۋە زېمىندىن رىزىق بېرىپ تۇرىدىغان ياراتقۇچى بارمۇ؟ » ( 3 ) دەپ سورايدۇ. بۇ سوئال دەماللىققا ئادەتتىكىدەك تۇيۇلىدۇ. لېكىن، ئىنسان ئىستىمال قىلىۋاتقان غىزالارنىڭ مۆجىزىۋى يارىتىلىشى ھەققىدە بىر ئاز تەپەككۇر قىلغان ۋاقتتا، بۇ سوئال ئالدىدا كىشى تىترەشكە باشلايدۇ. چۈنكى، بۇ ئايەتلەرنىڭ مەقسىتى، ئىنسانغا مۇشۇنداق سېخىيلىق قىلىۋاتقان رەببىگە قانداق قىلىپ تۇزكورلۇق قىلىۋاتقانلىقىنى ئەسلىتىپ ئىنساننى ئاگاھلاندۇرماقتا. بۇنىڭ بىلەن ئۆز ۋاقتىدا مەككىدە زۇلۇم ۋە بېسىم ئاستىدا قالغان رەسۇلۇللاھنىڭ قەلب دۇنياسىدا بىر كۆزنەك ئېچىلىپ، خۇددى « بۇنچە نېمەت بەرگەن ئاللاھ نى يالغانغا چىقارغانلارنىڭ سېنى ئىنكار قىلغانلىقىغا ھەيران قالمىغىن، سەندىن ئىلگىرى ئۆتكەن نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنىڭ بېشىغىمۇ بۇلار كەلگەن » دەپ تەسەللىي بېرىۋاتقاندەك قىلاتتى:

وَإِنْ يُكَذِّبُوكَ فَقَدْ كُذِّبَتْ رُسُلٌ مِنْ قَبْلِكَ وَإِلَى اللَّهِ تُرْجَعُ الْأُمُورُ

« ( ئى مۇھەممەد! ) ئەگەر ئۇلار سېنى ئىنكار قىلسا ( قايغۇرۇپ كەتمە )، ھەقىقەتەن سەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرمۇ ئىنكار قىلىنغان، ئاقىۋەتتە ھەممە ئىش ئاللاھ نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدۇ » ( 4 ).

قۇرئاننىڭ ئۆزگىچە ئىپادە شەكىللىرىدىن بىرسى بۇ سۈرىدە ئورۇن ئالغان. يەنى، « ئاللاھ نامىدىن ئالداش! » ( 5 ). ئالداشنىڭ مىڭ تۈرلۈك يولى، ئۇسۇلى بار. لېكىن، ئاللاھ نامىدىن ئالداش ئالدامچىلىقنىڭ ئەڭ رەزىل شەكلى بولۇپ، بۇنداق قىلغۇچى ئۆزىنىڭ ساختىپەزلىكىگە ئاللاھ نى ۋاستە قىلماقچى بولغان ۋە ئاللاھ نىڭ ئىسمىنى سۇيىئىستىمال قىلىشتىنمۇ قورقمايدىغان بىرىدۇر.

رىياخور دىندارلىقتىن تارتىپ ساختا ئىمانغا، ئىبادەتلەردىكى رىيادىن تارتىپ شەكىلۋاز دىندارلىققىچە بولغان كەڭ دائىرىدىكى ئالداش شەكلىنى رەببىمىز مۇنداق پاش قىلغان: « ھەر قانداق بىر ساختىپەز سىلەرنى ئاللاھ نىڭ نامىدىن ئالداپ قويمىسۇن! » ( 5 ).

سۈرىدىكى قىيامەت ۋە ئاخىرەتكە مۇناسىۋەتلىك بايانلار كۆپىنچىمىزنىڭ نەزىرىدىن ساقىت بولغان بىر ھەقىقەتنى ئەسلىتىدۇ: « ھېچقانداق بىر ئەھەدى ساڭا ھەممىدىن خەۋەردار بولغان ئاللاھ بەرگەن خەۋەرگە ئوخشاش بىر خەۋەرنى بېرەلمەيدۇ » ( 14 ). شۇنداق ئەمەسمۇ؟ قىيامەت ۋە ئاخىرەت ھەققىدە ئاللاھ تىن باشقا مەلۇمات بەرگۈچى بارمۇ؟

مەۋجۇدىيەت ئىچىدە ئۆزىگە ئۆزى يېتەرلىك بولغان يىگانە زات ئاللاھتۇر. ئىنساندىن تارتىپ بارلىق مەخلۇقلار ئاللاھ قا مۇھتاج. بۇ ئەزەلىي ۋە ئەبەدىي ھەقىقەتنى قۇرئان تىلىدىن ئاڭلاش كىشىگە باشقا بىر تۇيغۇ بېرىدۇ:

يَا أَيُّهَا النَّاسُ أَنْتُمُ الْفُقَرَاءُ إِلَى اللَّهِ وَاللَّهُ هُوَ الْغَنِيُّ الْحَمِيدُ

« ئى ئىنسانلار! سىلەر ئاللاھ قا مۇھتاجسىلەر، ئاللاھ ( ھەممىدىن ) بىھاجەتتۇر، مەدھىيىگە لايىقتۇر » ( 15 ).

يۇقىرىدىكى بۇ ئايەتتىن بەلكىم كىشىنىڭ ئەقلىگە مۇنداق بىر سوئال كېلىشى مۇمكىن: « بۇ ھەقىقەتكە قارىغاندا، ئاللاھ ئۈچۈن ئىنسان ۋاز كەچكىلى بولمايدىغان بىر مەخلۇقمۇ؟ ». ئەلۋەتتە ئۇنداق ئەمەس. « ئەگەر ئاللاھ خالىسا سىلەرنى ھالاك قىلىپ، ئورنۇڭلارغا يېڭى بىر خەلقنى پەيدا قىلىدۇ » ( 16 ).

خالىسا...

خالامدۇ؟

ئۆتمۈشتە ئىنسانلار ئىچىدىكى بەزى قەۋملەر ئۈچۈن خالىغان. بۇ دۇنيارىمىز ئەبەدىي بولۇشنى داۋا قىلغان سانسىزلىغان خاندانلىق، دۆلەت ۋە ئىمپېرىيەنى كۆردى. ھەممىسىنىڭ جايىدا بوگۈن شاماللار ئەگىپ ئۆتمەكتە. ئىنسان ئاللاھ نىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويسا، بەلكىم بىر كۈنى ئۇلارنى ھالاك قىلىپ ئورنىغا باشقىلارنى يارىتىشى مۇمكىن. بۇ ئايەت بۇ ھەقىقەتنى ئەسكەرتمەكتە.

سۈرە مەركىزى ئىدىيىسىگە ماس ھالدا ۋەھيىنىڭ تۇنجى خىتاب قىلىنغۇچىسى ئېڭىغا ھاياتنىڭ رەڭدار، ھەر تۈرلۈك ۋە قوشماق قۇتۇپلۇق قانۇنىيىتىنى نەقىش قىلىپ ئىشلىمەكتە. ئىمان ۋە كۇپرى دائىم مەۋجۇت بولۇپ

تۇردۇ. سىلەرنىڭ ئۆزەڭلارنى بۇنچە ئاۋارە قىلىشىڭلار ئاللاھ نىڭ قانۇننى ئۆزگەرتەلمەيدۇ: « سەن ئۇلار ئۇچۇن ( يەنى ئىمان ئېيتمىغانلىقلىرى ئۇچۇن ) قايغۇرۇپ ئۆزەڭنى ھالاك قىلىۋالمىغىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر » ( 8 ). يەنى، كۆپرىنىڭ يەر يۈزىدىكى مەۋجۇدلىقى ئاللاھ نىڭ ئىلمى دائىرىسىدە، لېكىن رازىلىقى دائىرىسى ئىچىدە ئەمەس. چۈنكى، ئاللاھ نىڭ بىر مۇئامىلىگە رۇخسەت قىلىشى بىلەن ئۇنىڭغا رازى بولىشى ئوخشاش نەرسە ئەمەس. ئىنسانغا ئىرادە ۋە ئەقىل بەرگەنلىكى ياخشى ۋە ياماننى ئايرىشىغا رۇخسەت قىلىغانلىقىدۇر. ياخشى ۋە يامان، چىرايلىق ۋە سەت ئارىسىدىكى پەرق بۇ ئاساستا ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. شۇڭا ھەركىم نېمىنى خالىسا ئۇنىڭ كويىدا بولىشى كېرەك. شەرەپ ۋە ئېتىبارنىڭ ھەقىقى بولغىنىغا تالىپ بولغۇچى بۇلارنىڭ ئىلاھىي مەنبەسى بولغان ئاللاھ قا يۈزلىنىشى كېرەك:

مَنْ كَانَ يُرِيدُ الْعِزَّةَ فَلِلَّهِ الْعِزَّةُ جَمِيعًا

« كىمكى شەرەپ ئىزدەيدىكەن، شەرەپنىڭ ھەممىسى ئاللاھ غا مەنسۇپ ( ئۇنى ئاللاھ تىن تىلىسۇن ) » ( 10 ).

ئايەتنىڭ داۋامى « سۆز - ھەرىكەت ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتكە قارىتا ئىلاھىي قانۇن نېمە؟ » دېگەن سۇئالغا مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ:

إِلَيْهِ يَصْعَدُ الْكَلِمُ الطَّيِّبُ وَالْعَمَلُ الصَّالِحُ يَرْفَعُهُ

« پەقەت ياخشى سۆز ئاللاھ نىڭ دەرگاھىغا ئۆرلەيدۇ، ياخشى ئەمەل ئۇنى يۇقىرىغا ئۆرلىتىدۇ » ( 10 ).

سۈرە، يارىتىلىشتىكى رەڭدارلىق ئىچىدىكى ماسلىشىش قانۇنىغا دېڭىزنى ( 12 )، كېچە ۋە كۈندۈزنى ( 13 )، ئۆسۈملۈكلەر ۋە مېتاللار ( مېنېرال ئېلېمېنتلار )نى ( 27 )، ھايۋانلارنى ( 28 ) مىسال قىلىپ كۆرسىتىدۇ.

سۈرىنىڭ مەركىزى ئىدىيىسىنى تەشكىل قىلغان بۇ ئايەتلەر رەببىمىزنىڭ يارىتىشتىكى ۋە ئىنسانلاردىكى ئوخشىماسلىقلارغا قايسى نۇقتىدا تۇرۇپ قارىشىمىز كېرەكلىكىنى تۆۋەندىكى ئايەتتە ئۆگەتمەكتە:

وَمَا يَسْتَوِي الْبَحْرَانِ هَذَا عَذْبٌ فُرَاتٌ سَائِغٌ شَرَابُهُ وَهَذَا مِلْحٌ أُجَاجٌ وَمِنْ كُلٍّ تَأْكُلُونَ لَحْمًا طَرِيًّا وَتَسْتَخْرِجُونَ حِلْيَةً تَلْبَسُونَهَا وَتَرَى الْفُلْكَ فِيهِ مَوَاخِرَ لِتَبْتَغُوا مِنْ فَضْلِهِ وَلَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ

« ئىككى دېڭىز ( يەنى دېڭىز ۋە دەريا ) ئوخشاش ئەمەس. بىرىنىڭ سۈيى تاتلىق، تەملىك بولۇپ ( گالدىن ) سىلىق ئۆتىدۇ، يەنە بىرىسى ناھايىتى ئاچچىق، تۇزلۇق. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىدىن يېڭى گۆشلەرنى ( يەنى بېلىقلارنى ) يەيسىلەر، سىلەر تاقايدىغان زىننەت بۇيۇملىرى ( يەنى ئۈنچە - مارجانلار ) نى چىقىرىسىلەر، ئاللاھ نىڭ نېمىتىنى تەلەپ قىلىشىڭلار ئۈچۈن، شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن ئۇنىڭ باغرىدا دولقۇن يېرىپ كېتىۋاتقان كېمىلەرنى كۆرىسىلەر » ( 12 ).

بۇ قانۇن تەقەززاسى سەۋەبىدىن ئىنسانلارنىڭمۇ ھەقىقەتكە قارىتا مەسئۇلىيەت، بىلىم ۋە چۈشەنچە نۇقتىسىدا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئىنكاس قايتۇرىدىغانلىقى بايان قىلىنغان ( 18 -22؛ 28؛ 32 ).

بەندىلەر ئىچىدە بەزىلىرى ئاللاھ نىڭ قانۇنلىرىنى بايقاپ ئۇنىڭغا قارىتا ئەمەل قىلىدۇ. بۇ ھەقىقەتنى تۆۋەندىكى ئايەت بايان قىلماقتا:

« ئاللاھ نىڭ بەندىلىرى ئىچىدە پەقەت بىلىم ۋە بىلىمنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ يەتكەن كىشىلەرلا ئاللاھ نى ھەقىقىي رەۋىشتە ھۆرمەتلەيدۇ » ( 28 ).

پەرقلىق بولۇش قانۇنىيىتىنى بايقىيالمىغان ئىنساننىڭ پەرقلىق ئېتىقاد ۋە چۈشەنچىسىنى « ياتلاشتۇرۇپ »، ئۇنى قارىغۇلارچە يوق قىلىشقا ئۇرۇنغانلىقىنى رەسۇلۇللاھقا ئەزىيەت يەتكۈزگەن مۇشرىكلارنىڭ چۈشەنچىسى ئاساسىدا بايان قىلىنغان ( 2، 10 ، 25، 42، 43 ). ئىنكار قىلغۇچىلار ھەرگىزمۇ ئاللاھ قا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، ئىنكار سەۋەبىدىن زىيان تارتقۇچى يەنىلا ئىنكار قىلغۇچىنىڭ ئۆزى بولىدۇ ( 39 ). ئاندىن بىر - بىرىنىڭ ئىنكارىنى كۈچەيتكۈچى ھاماقەت كىشىلەر ئۈچۈن مۇنداق دېيىلىدۇ: « بۇ ھەددىنى بىلمەيدىغانلار بىر - بىرىگە پەقەت ئالدىنىشنى ۋەدە قىلىشىدۇ » ( 40 ).

بۇ شەكىلدە، ئېتىقاتتىكى ئوخشىماسلىق ۋە ئىمان - كۇپرى ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەشنىڭمۇ بۇ قانۇن دائىرىسىدە چۈشىنىلىشى كېرەكلىكى بايان قىلىنىدۇ:

« سەن ئاللاھ نىڭ سۈننىتىدە ھېچقانداق بىر ئۆزگىرىشنى كۆرمەيسەن. ئاللاھ نىڭ سۈننىتىدە ھېچقانداق يۆنىلىش ئۆزگەرتىشنى ( ئۆزگىرىشنى ) كۆرمەيسەن » ( 43 ). بۇ ھەقىقەت مەزكۇر سۈرىنىڭ 4 - ئايىتىدىمۇ تىلغا ئېلىنغان. ئىلاھىي رەھمەتنىڭ بىر ئەسەرى بولغان ئىنسان ئۈچۈن بەلگىلەنگەن يەنە بىر قانۇن بار. يەنى ئىنسانغا تىنىقى توختىغىچە بولغان ئارىلىقتا خاتادىن قايتىش پۇرسىتى بېرىلگەن ( 44 ).

سۈرىدە ۋەھيىنىڭ ھەممىسىگە سىڭدۈرۈۋېتىلگەن ئىلاھىي ھەقىقەتلەرنى بىر جۈملىدە ئىپادىلىگەن نۇرغۇن ئىبارىلەر ئورۇن ئالماقتا. بۇ نۇقتىدىن سۈرە « ئايەتلەر سەردارى »دۇر. بۇ ئايەتلەرنىڭ ھەر بىرى بىرەر كىتاب بولغۇدەك ھەقىقەتنى بىر جۈملە بىلەن ئىپادىلەيدۇ. بۇ ئايەتلەر قۇرئاندىكى ھەقىقەتنىڭ ئەڭ ئىخچام ئىپادىسى بولۇپ، ئۇلار خۇددى مۇبارەك قۇرئان قەلبىمىزگە ئاسقان بولاپكىغا ئوخشايدۇ. ئۇ ئايەتلەردىن بىر قانچىسىغا قاراپ باقايلى:

إِلَيْهِ يَصْعَدُ الْكَلِمُ الطَّيِّبُ وَالْعَمَلُ الصَّالِحُ يَرْفَعُهُ

« پەقەت ياخشى سۆز ئاللاھ نىڭ دەرگاھىغا ئۆرلەيدۇ، ياخشى ئەمەل ئۇنى يۇقىرىغا ئۆرلىتىدۇ » ( 10 ).

وَلَا يُنَبِّئُكَ مِثْلُ خَبِيرٍ

« ھېچقانداق بىر ئەھەدى ساڭا ھەممىدىن خەۋەردار بولغان ئاللاھ بەرگەن خەۋەرگە ئوخشاش بىر خەۋەرنى بېرەلمەيدۇ » ( 14 ).

يَا أَيُّهَا النَّاسُ أَنْتُمُ الْفُقَرَاءُ إِلَى اللَّهِ وَاللَّهُ هُوَ الْغَنِيُّ الْحَمِيدُ

« ئى ئىنسانلار! سىلەر ئاللاھ قا مۇھتاجسىلەر، ئاللاھ ( ھەممىدىن ) بىھاجەتتۇر، مەدھىيىگە لايىقتۇر » ( 15 ).

إِنْ يَشَأْ يُذْهِبْكُمْ وَيَأْتِ بِخَلْقٍ جَدِيدٍ

« ئەگەر ئاللاھ خالىسا، سىلەرنى ھالاك قىلىپ، ئورنۇڭلارغا يېڭى بىر خەلقنى پەيدا قىلىدۇ » ( 16 ).

إِنَّمَا يَخْشَى اللَّهَ مِنْ عِبَادِهِ الْعُلَمَاءُ

« ئاللاھ نىڭ بەندىلىرى ئىچىدە پەقەت بىلىم ۋە بىلىمنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ يەتكەن كىشىلەرلا ئاللاھ نى ھەقىقىي رەۋىشتە ھۆرمەتلەيدۇ » ( 28 ).

فَلَنْ تَجِدَ لِسُنَّةِ اللَّهِ تَبْدِيلًا وَلَنْ تَجِدَ لِسُنَّةِ اللَّهِ تَحْوِيلًا

« سەن ئاللاھ نىڭ سۈننىتىدە ھېچقانداق بىر ئۆزگىرىشنى كۆرمەيسەن. ئاللاھ نىڭ سۈننىتىدە ھېچقانداق يۆنىلىش ئۆزگەرتىشنى ( ئۆزگىرىشنى ) كۆرمەيسەن » ( 43 ).

## مەريەم سۈرىسى

سۈرىدە ھەزرىتى مەريەم ۋە ئوغلى ئىسانىڭ تۇغۇلۇشى ھەققىدە تەپسىلىي توختالغانلىقى ئۈچۈن « مەريەم » ئىسمى بىلەن ئاتالغان.

بەزى رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، بۇ سۈرە رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋرىدىلا « مەريەم » ئىسمى بىلەن ئاتالغان. بۇخارىدا سۈرە مەزكۇر سۈرىنىڭ باشلىنىشىدىكى مۇقاتتا ھەرپلىرى بىلەن ئاتالغان.

قۇرئاندا مەيلى ئوچۇق ياكى ئىما شەكلى بىلەن بولسۇن، قۇرئان ۋەھيي بىۋاستە نازىل قىلىنغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى ھەققىدە بىرمۇ ئايەت يوق. ئەمما، ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى ھەزرىتى مەريەم

ھەققىدە 98 ئايەتلىك ئۇزۇن بىر سۈرە ئورۇن ئالغان. ئۇنىڭ سىرتىدا باشقا سۈرىلەردىمۇ نەچچە ئون ئايەتتە مەريەم ھەققىدە توختالغان. پەقەت بۇنىڭ ئۇزىلا، ۋەھيي مەنبەسىنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بەشەرى ( ئىنسانى ) كىملىكىدىن مۇستەقىل ئىكەنلىكىنىڭ ئېنىق دەلىلى. قۇرئاندا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شەخسىي ھاياتىدىكى خۇشاللىق ياكى قايغۇسىغا مۇناسىۋەتلىك بىرمۇ ئايەت تاپقىلى بولمايدۇ. مانا بۇ نۇقتا كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ.

بۇ سۈرە مەككىدە نازىل بولغان بولۇپ، مەلۇم بولغان رىۋايەتلەرگە قارىغاندا ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغان مۇھاجىرلارنىڭ رەئىسى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى جافەر ب. ئەبۇ تالىپ ھەبەشىستان ھۆكۈمدارىغا مەريەم سۈرىسىنىڭ بىر قىسمىنى ئوقۇپ بەرگەن. بۇ تارىخيي مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، سۈرە پەيغەمبەرلىكنىڭ 6 - يىلىدا نازىل بولغان دېيىشكە خاتالاشمايمىز. مەريەم سۈرىسى دەسلەپكى مەزگىلدىكى قۇرئان تەرتىپىدە فاتىر - تاھا سۈرىسى ئارىسىغا يەرلەشتۈرۈلگەن.

قۇرئان، نازىل بولغان تىلدىكى ئەڭ يۇقىرى ئەدەبى تېكىست. لېكىن، قۇرئاننى بىر ئەدەبى ئەسەر دەپ قاراشقا بولمايدۇ. چۈنكى، قۇرئاننىڭ قىممىتى ۋە كۈچىنى ئەدەبىيلىكىدىن ئەمەس، ئەبەدىيلىكىدىن ئالىدۇ. قۇرئاندا ئەدەبىي ئەسەرلەردە كۆرۈلىدىغان ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنىڭ ھەممىسى ئىشلىتىلگەن بولۇپ، قۇرئاننى « مەجازنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى » دېيىشكە بولىدۇ. قۇرئاندا ئوخشىتىش، ئىستىئارە، كىنايە قاتارلىقلار ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر ئىشلىتىلگەن. قۇرئاندا ئەدەبىياتنىڭ بۇنچە يۇقىرى سەۋىيەدە ئىشلىتىلىشى ئىلاھىي ۋەھيىلەرنىڭ ئومۇمىي ماھىيىتىگە مۇۋاپىق بولۇپ، ھەر دەۋرنىڭ پەيغەمبىرى ئۇز دەۋرىدە ئەڭ تەرەققىي قىلغان ئىلىم ۋە سەنئەتكە خىرىس قىلىدىغان سەۋىيەدە قورال‌لاندۇرۇلغان ھالدا ئەۋەتىلگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ياشىغان دەۋر ۋە جەمئىيەتتە شېئىر ۋە باشقا تۈردىكى ئېغىز ئەدەبىياتى ئەڭ تەرەققىي قىلغان ۋە تەسىر كۈچى يۇقىرى بولغان بىر دەۋر ئىدى. شېئىرلار ئىچىدە تاللانغان ئەڭ ياخشى شېئىرلار كەئبىنىڭ تاملىرىغا ئېسىلاتتى. قۇرئان، شېئىرنى « بۇت »نىڭ ئورنىغا، شائىرنى شامانىنىڭ ئورنىغا قويغان مۇشرىك مەككىگە بالاغىتى بىلەن ھەيۋە قىلغانىدى. قۇرئان ئەدەبىيات نۇقتىسىدىن شېئىرغا ياكى نەسرگە ئوخشىمايدىغان بولۇپ، ئۇزىگە خاس بىر ئۇسلۇبقا ئىگە. قۇرئان ئۇزىمۇ ئۇزىنىڭ شېئىر ئەمەسلىكىنى تەكىتلەيدۇ. قۇرئان قۇلىقى شېئىرغا كۆنۈپ قالغان چۆل ئەرەپلىرىگە قۇرئاننى ئاڭلىغان ھامان سەجدە قىلدۇرغىدەك دەرىجىدە بالاغەتنى ئىشلەتتى.

قۇرئاندا ئىچكى خىتاب بىلەن ئىنسان دىلىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا خىتاب قىلىدىغان رەھمان ۋە مەريەمدىن ئىبارەت ئىككى سۈرە بار. مەريەم سۈرىسىدە « رەھمان » كەلىمىسى 16 قېتىم تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئىچكى خىتاب نۇقتىسىدىن رەھمان سۈرىسى بىلەن ئوخشاش ئالاھىدىلىككە ئىگە. قۇرئاندىكى ئىچكى خىتاب سۆزنىڭ شىلدىرلىشىغا، شامالنىڭ پىچىرلىشىغا ئوخشايدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ چاقىرىقى قەلبتىن قۇلاق سالغۇچىنىڭ قەلب دۇنياسىنىڭ ئەڭ ئىچكى بۇلۇڭلىرىغا يېتىپ بارىدۇ. كىشىنى ئۇزىگە جەلپ قىلىدۇ.

سۈرە ھەزرىتى يەھيا بىلەن دادىسى ھەزرىتى زەكەرىيا، ھەزرىتى ئىسا بىلەن ئانىسى ھەزرىتى مەريەم ۋە ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ ھايات ھېكايىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا بىر قىسىم ۋەقەلەرنى بايان قىلىدۇ. بۇ ئارقىلىق قۇرئان ۋەھيىنىڭ تۇنجى خىتاب قىلىنغۇچىلىرى بولغان مۇئمىنلەرگە تەسەللى بېرىدۇ. ئىمانى سەۋەبلىك يۇرتىنى تەرك قىلىشقا مەجبۇر بولغان ھەزرىتى ئىبراھىم، قۇرئان ۋەھيى نازىل بولۇش جەريانىدا تۇنجى قېتىم بۇ سۈرىدە تىلغا ئېلىنىدۇ. سۈرە رەسۇلۇللاھ بىلەن ئۇنىڭغا ئەگەشكەن مۇئمىنلەرنىڭ شەخسىيىتىنى شەكىللەندۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ.

سۈرىنىڭ بىرىنچى قەھرىمانى زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام بولۇپ، ئۇ مەبەدنىڭ سادىق ۋە مۇتتەقى خىزمەتچىسى، مەريەمنىڭ ھامىمىسى ئېلىزابىتنىڭ ئېرى، ھەزرىتى يەھيانىڭ دادىسى، ئىمران ئائىلىسىنىڭ رەئىسى ئىمراننىڭ باجىسى، مەريەمنىڭ ئانىسى ھاننەنىڭ قېيىنئاكىسى ۋە ئاتاق ( قۇربانلىق / نەزىر ) قىلىنغان بىغۇبار مەريەمنىڭ مەبەدتىكى ھامىيسى ئىدى. ئۇ ئوغلى يەھيا بىلەن بىرلىكتە جېنىنى ئاللاھ قا شاھىت قىلىپ شېھىت بولغان پەيغەمبەرلەر ئارىسىدىن ئورۇن ئالغان. يەھۇدىيلار ئۇز ئىچىدىن چىققان بۇ پەيغەمبەرنى دەۋىتى سەۋەبلىك خورلىغان ۋە ئاخىردا ئۆلتۈرىۋەتكەنىدى. رەببى بۇ سۈرىنى ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلغانىدى:

ذِكْرُ رَحْمَةِ رَبِّكَ عَبْدَهُ زَكَرِيَّا

« بۇ، رەببىڭنىڭ بەندىسى زەكەرىياغا قىلغان مەرھەمىتىنىڭ بايانىدۇر » ( 2 ).

ھەزرىتى زەكەرىيانىڭ پەرزەنتى يوق بولۇپ، ئاللاھ ئۇنى بۇ ئارقىلىق ئىمتىھان قىلغانىدى. ئۆزىنىڭ يېشى چوڭىيىپ قالغان، ئايالى تۇغماس ئىدى ( 5 ). مەريەمنىڭ ئېھتىياجى سەۋەبلىك يېنىغا كىرىپ چىققان ۋاقتىتا، ئاللاھ قا بېغىشلانغان نەزىر مەريەمنىڭ ئىلاھىي ئىكرامغا نائىل بولغانلىقىغا شاھىت بولىدۇ. بۇنىڭغا ھەۋەسى كېلىدۇ ۋە رەببىدىن ئۆزىگە بىر پەرزەنت تىلەيدۇ. بۇ دۇئاسىنى قىلغاندا چىن يۈرىكىدىن رەببىگە مۇناجات قىلىدۇ. ھەم « رەببىم! ساڭا دۇئا قىلىپ ئۈمىدسىز بولۇپ قالغىنىم يوق » ( 4 ) دەيدۇ. ئۇ ئۆزىدىن كېيىن داۋاسىنى داۋاملاشتۇرىدىغان بىر پەرزەنتكە ئىگە بولۇشنى ئارزۇ قىلغانىدى. يەنى، ھەزرىتى زەكەرىيا دۇنياۋىي مەقسەت ئۈچۈن ئاللاھ تىن پەرزەنت تىلىمىگەن بولۇپ، بۇنىڭ چىن قەلبىدىن قىلغان دۇئاسىغا مۇنداق جاۋاب بېرىلگەنىدى:

يَا زَكَرِيَّا إِنَّا نُبَشِّرُكَ بِغُلَامٍ اسْمُهُ يَحْيَى لَمْ نَجْعَلْ لَهُ مِنْ قَبْلُ سَمِيًّا

«( پەرىشتىلەر ئارقىلىق ): ئى زەكەرىيا! بىز ھەقىقەتەن ساڭا يەھيا ئىسىملىك بىر ئوغۇل بىلەن خۇش خەۋەر بېرىمىز، ئىلگىرى ھېچ كىشىنى ئۇنىڭغا ئىسىمداش قىلمىدۇق » ( 7 ).

زەكەرىيا دۇئا قىلغان، ئاللاھ ئۇنىڭ بۇ سالىھ دۇئاسىنى قوبۇل قىلغانىدى.

دۇئانىڭ قوبۇل قىلىنغانلىقى خەۋىرىنى ئەڭ ئىشەنچلىك مەنبەدىن ئالغان زەكەرىيا بۇ خەۋەرنى ئالا - ئالماي، ئىختىيارسىز بۇ سۇئالنى سورىدى:

قَالَ رَبِّ أَنَّى يَكُونُ لِي غُلَامٌ وَكَانَتِ امْرَأَتِي عَاقِرًا وَقَدْ بَلَغْتُ مِنَ الْكِبَرِ عِتِيًّا

« زەكەرىيا ئېيتتى: ئايالىم تۇغماس تۇرسا، مەن قېرىپ مۈكچىيىپ كەتكەن تۇرسام، مېنىڭ قانداقمۇ ئوغلۇم بولسۇن؟ » ( 8 ).

بۇ يەردە ئىككى نۇقتا بار. بىرسى قەلب، يەنە بىرسى ئەقىل. دۇئا قەلبتىن چىققانىدى. دۇئا قەلبنىڭ ئاللاھ بىلەن سۆزلىشىشى، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ھەزرىتى زەكەرىيامۇ ئاللاھ بىلەن قەلبى ئارقىلىق سۆزلەشكەن ۋە دۇئاسى قوبۇل بولغانىدى. ئۇ ئاللاھ تىن پەرزەنت تىلىگەندە ئۆزىنىڭ قېرىپ مۈكچىيىپ قالغان، ئايالىنىڭمۇ تۇغماس ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ئوبدان بىلەتتى ۋە بۇ ھەقىقەتنى ئۆزىمۇ بايان قىلغانىدى. بۇ ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ، يەنىلا ئاللاھ تىن پەرزەنت تىلىگەنىدى. دۇئاسى قوبۇل بولغاندا نېمە ئۈچۈن « رەببىم! ئايالىم تۇغماس تۇرسا، مەن قېرىپ مۈكچىيىپ كەتكەن تۇرسام، مېنىڭ قانداقمۇ ئوغلۇم بولسۇن؟ » دەپ سورىدى؟ مانا بۇ نۇقتىدا ئەقىل ئۆزىنى كۆرسەتكەنىدى. ھەزرىتى زەكەرىيا دۇئانى چىن دىلىدىن قىلغان، سۇئالنى ئەقىل نۇقتىسىدىن سورىغانىدى. مانا بۇ ئىككى نۇقتا ئارىسىدا ناھايىتى چوڭ پەرق بار. بۇ پەرقنى چۈشەنمىگەن ۋاقىتتا، بىر - بىرىگە زىتتەك كۆرۈنگەن بۇ ئىككى نۇقتىنى ھەرگىزمۇ چۈشەنگىلى بولمايدۇ.

سۈرىنىڭ ئىككىنچى قەھرىمانى يەھيا ئىدى. خىرىستىيانلار ئۇنى « ۋاپتىز يەھيا » ( جون ) دەپ ئاتىسىمۇ، بىز ئۇنى « تەھارەتچى يەھيا » دەپ چۈشەنسەك بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ بارلىقىنى پاك بىر جەمئىيەت ۋە پاك بىر دۇنيا ئۈچۈن پاك شەخسىيەتنىڭ قولىغا كەلتۈرۈلۈشىگە بېغىشلىغانىدى. ئۇنىڭ بۇ پاكلىقىغا جىسمى پاكلىقىمۇ كىرەتتى. ئۇ سۈنى بەدەننىڭ پاكلىقى ئۈچۈن، ئىبادەتنى ئەخلاقنىڭ پاكلىقى ئۈچۈن، ھېچقانداق دۇنياۋى بايلىققا ئىگە بولماسلىقنى مالنىڭ پاكلىقى ئۈچۈن، ۋەھيىنى قەلبنىڭ پاكلىقى ئۈچۈن ئىشلەتكەنىدى.

ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاللاھ قويغانىدى ( 7 ). يەھيا « دائىم ياشايدىغان » مەنىنى بىلدۈرىدىغان بىر پېئىلدۇر. لېكىن، پېئىل بۇ يەردە ئىسىم بولغانىدى، ھەمدە بۇ ئىسمىنى ئاللاھ بەرگەنىدى. يەھيا گۇناھقا چۆمگەن ئىنسانلار جەمئىيىتىدىن ئايرىلىپ چۆلدە ياشىغان، ئۆز جامائىتىنى قۇرغان، ئۇلارنى يەھۇدىيلەشكەن ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنىڭ كىرلىرىدىن يىراق تۇتقان، مەريەمنى ۋە ئۇنىڭ قۇچىقىدىكى بالىسىنى ھىمايە قىلغانىدى.

ئىسمى « دائىم ياشايدىغان » بولغان يەھيانىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولدى؟

زالىم ھېرودەس، ئۆز سىڭلىسى بىلەن توي قىلىشىغا پەتىۋا بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنى ھاياتىنىڭ باھارىدا بوغۇزلاپ كاللىسىنى ئېلىپ ئاشىقىغا ھەدىيە قىلغانىدى.

ئۇ دائىم ياشايتتىغۇ؟

شۇنداق، ئۇ دائىم ياشىدى. لېكىن، ياشاشتا بىز بىلىدىغان مەنىدە ياشىمىدى. ئاللاھ بەرگەن مەنىدە ياشىدى. دائىم ياشىدى، ياشاۋاتىدۇ ۋە ياشايدۇ. دۇنيا مەۋجۇت بولغان مۇددەتچە ياشاشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. مانا بۇ ئايەتلەر ، بۇ قۇرلار ئۇنىڭ دۇنيادىمۇ ياشاۋاتقانلىقىنىڭ دەلىلى. ئاخىرەتتە بولسا ئۇ ئەڭ ياخشىلار قاتارىدا ياشايدۇ.

مەزكۇر سۈرىنىڭ ئۈچىنچى قەھرىمانى سۈرىگە ئىسمى بېرىلگەن مەريەم ئىدى. مەريەمنىڭ ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك بەزى مەلۇماتلار ئالئىمران سۈرىسى 34 - ئايەتتىن باشلانغان بۆلەكتە بايان قىلىنىدۇ. بۇ سۈرىدە ھەزرىتى مەريەمگە مۇناسىۋەتلىك بايانلار ئالئىمران سۈرىسىدىكى بايانلارنىڭ داۋامىغا ئوخشاپ قالىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ھەزرىتى مەريەمنىڭ ھاياتىنى ئوقۇغاندا، ئالدى بىلەن ئالئىمران سۈرىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنى، ئاندىن مەريەم سۈرىسىنىڭ بۇ ئايەتلىرىنى ئوقۇش كېرەك.

ھەزرىتى مەريەمنىڭ ئىساغا ھامىلە بولۇش ۋە ئۇنى دۇنياغا كەلتۈرىشى بۇ سۈرىدە تەپسىلى بايان قىلىنغان ( 18 - 29 ).

سۈرىدە ھەزرىتى مەريەم ئېپپەتنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭغا چاپلانغان تۆھمەتلەر كەسكىنلىك بىلەن رەت قىلىنغان. بۇ ئايەتلەرنى ئوقۇغاندا، بالا دېگۈدەك ياشتىكى بىر قىزنىڭ قانداق ئېغىر كۈنلەر بىلەن سىنالغانلىقىغا شاھىت بولىمىز. بۇ شۇنداق ئېغىر ئىمتىھان بولۇپ، بۇ كىچىك قىزغا ناھايىتى ئېغىر كەلگەن ۋە ئاخىرىدا مەريەمنى مۇنداق دېگۈزىۋەتكەنىدى:

« كاشكى مەن بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتكەن بولسامچۇ؟ كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ كەتكەن ( ئەرزىمەس ) نەرسىگە ئايلىنىپ كەتسەمچۇ! » ( 23 ).

« ھەر قىيىنچىلىقتىن كېيىن بىر ئاسانلىق باردۇر » ئايىتىنىڭ سىرى تەجەللى قىلىدۇ مەريەمنىڭ ھاياتىغا. بىر بىغۇبارنىڭ ئىپپىتىگە قارىتىلغان ئەڭ ئېغىر ئەيىپلەش بىر تەرەپتە، يەر يۈزىنىڭ ئەڭ مۇستەسنا ۋەقەسىنى تەمسىل قىلغان ئىسانىڭ مۆجىزىۋى تۇغۇلۇشى يەنە بىر تەرەپتە تۇرماقتا ئىدى. ئىمتىھان قانچە ئېغىر بولسا، ئۇنىڭ مۇكاپاتىمۇ شۇنىڭغا ماس ھالدا چوڭ بولىدۇ.

مەريەم تۇغۇت جەريانىدا تارتقان ئازاپ، بۇ سۈرىدە تەپسىلى بايان قىلىنغان. ئەسلىدە بۇ نۇقتىدا، مەريەممۇ ھەر ئانىغا ئوخشاش تۇغۇت ئازابىنى تارتىپ يەتكەندى، دېيىلگەنىدى. يەنى مەريەمنى ۋە ئىسانى ھەددىدىن زىيادە ئۇلۇغلاپ چەكتىن ئاشماڭلار! ئاللاھ ئۇلارنى قويغان يەر، ئۇلار ئۇچۇن پەخىرلىنىشكە يېتىپ ئاشىدۇ!

مەريەم سۈرىسىنىڭ تۆتىنجى قەھرىمانى ھەزرىتى ئىسا بولۇپ، ئالئىمران سۈرىسى بىلەن قوشۇپ ئوقۇلغاندا، ئىسا، ئۈچ نەسلىنىڭ ئاللاھ قا بېغىشلاش جەريانىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ ئالدىمىزغا چىقماقتا. سۈرىدە سۆز ھەزرىتى ئىسا ئۈستىدىن مەزھەبلەرنىڭ باتىل سۈركىلىشلىرىگە كېلىپ توختايدۇ. ئەسلىدە بۇ ئارقىلىق مۇھەممەد ئۈممىتىگە: خىرىستىيانلار ئىسانى ئۇلۇغلاپ ئىلاھلاشتۇرغاندەك، سىلەرمۇ پەيغەمبىرىڭلارنى ئۇلۇغلاپ ئىلاھلاشتۇرۇۋالماڭلار!، دەپ خىتاب قىلىدۇ.

ھەزرىتى يەھيا ۋە ھەزرىتى يەھيا ئۆرنىكى ئارقىلىق رەسۇلۇللاھ قا ئاللاھ نىڭ ئەڭ بۈيۈك ئىمكان ئىكەنلىكى يەنە بىر قېتىم ئەسلىتىلىدۇ:

« ئاللاھ بىر نەرسىنىڭ ۋۇجۇتقا چىقىشىنى ئىرادە قىلسا، ئۇ پەقەت < ۋۇجۇتقا كەل! > دەيدۇ - دە، ئۇ نەرسە ۋۇجۇتقا كېلىش باسقۇچىغا كىرىدۇ » ( 35 ).

ئاندىن سۈرىدە ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ دادىسىغا قىلغان نەسىھەتلىرى بايان قىلىنغان ( 41 - 50 ). پەرزەنتلەر دادىسىنى ھىدايەتكە چاقىرالمايدۇ دەپ كىم شۇنداق دەيدۇ؟ پەرزەنتلەر دادىسىغا نەسىھەت قىلالمايدۇ دەپ كىم شۇنداق دەيدۇ؟ بۇنداق دېگۈچىلەرنى ئايەتلەر ئىنكار قىلماقتا. ئەمما، بۇت ياسىغۇچى ئاتا ئوغلىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالمىغانىدى. بۇ يەردە: پەرزەنتنىڭ پەيغەمبەر بولغان تەقدىردىمۇ ساڭا بىر پايدىسى يوق. ئاتا پەقەت ئۆزىنىڭ تاللىشى بىلەن ھىدايىتىنى تاپىدۇ. ئەگەر ھىدايەت ئىنسانلارنىڭ ئىختىيارلىقىدىن ئۆز ئالدىغا بولىدىغان بولسا ئىدى، پەيغەمبەرلەر ئۆز ئاتىسى ۋە ئوغۇللىرىغا ئۇنى ھەدىيە قىلاتتى. ئەمما، بۇنى قىلالمىدى، دېيىلمەكتە.

سۈرىدە ھەزرىتى مۇسانىڭ تۇر تېغىدا ۋەھيي ئېلىشى، ھەزرىتى ئىسمائىلنىڭ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىدىغان بىرى ئىكەنلىكى، ھەزرىتى ئىدرىسنىڭ راستچىل بىرى ئىكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ ( 51 ـ 57 ). بۇ تىلغا ئېلىنغان پەيغەمبەرلەردىن كېيىن، ئۇلارنىڭ يولىنى داۋاملاشتۇرغان خەيرلىك خەلەف نەسىللەر بايان قىلىنىدۇ ( 58 ).

ئاندىن بۇ ئايەتلەردىن كېيىن، ئۇلارنىڭ خەيرلىك مىراسىغا خىيانەت قىلغان بىر تۈركۈم كىشىلەر ھەققىدە توختۇلۇپ: « ئۇلاردىن كېيىن كەلگەنلەر ئىبادەتنىڭ ئىچىنى قۇرۇغداپ قۇرۇق شەكىلگە ئايلاندۇرۇپ قويىدى ۋە نەپسى ـ خاھىشلىرىغا ئەگەشتى » ( 59 ) دەيدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدىن خاتالىقىدىن قايتىپ تەۋبە قىلغانلارغا جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بېرىلىدۇ ( 60 ـ 63 ). سۈرىدە ئاللاھ نىڭ ئىزچىل ھالدا « رەھمان » سۈپىتى بىلەن تىلغا ئېلىنىشىنىڭ بىر سەۋەبى بۇ بولسا كېرەك.

ئاندىن ئاخىرەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بۆلەكتىن كېيىن، سۆز ۋەھيىنىڭ چاقىرىقىغا كېلىپ توختايدۇ. پۇرسەت قولدا بار ۋاقىتتا بۇ چاقىرىققا قۇلاق سېلىش كېرەك.

سۈرىدە ئاللاھ ئىزچىل ھالدا « رەھمان » سۈپىتى بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ.

ياخشىلارنى ئىلاھلاشتۇرۇۋېلىش، ھەم ياخشىلارغا ھەم ئۇلارنىڭ ياخشىلىقىغا خىيانەت قىلغانلىق بولىدۇ. بۇ ئايەت خىيانەتنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

« ئۇلار ئۆزىگە مەنپەئەت ۋە نوپۇز ئېلىپ كېلىشى ئۈچۈن ئاللاھ تىن غەيرىنى ئىلاھ قىلىۋالدۇ » ( 81 ).

قۇرئاننىڭ ئەڭ سەر خىل ئايەتلىرىدىن بىرسى بۇ مەسىلە مۇناسىۋىتى بىلەن بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان:

لَقَدْ جِئْتُمْ شَيْئًا إِدًّا (89) تَكَادُ السَّمَوَاتُ يَتَفَطَّرْنَ مِنْهُ وَتَنْشَقُّ الْأَرْضُ وَتَخِرُّ الْجِبَالُ هَدًّا (90)

« سىلەر شەك ـ شۈبھىسىزكى قەبىھ بىر سۆزنى قىلدىڭلار! بۇ سۆزنىڭ يامانلىقىدىن ئاسمانلار پارچىلىنىپ كەتكىلى، يەر يېرىلىپ كەتكىلى، تاغلار گۇمران بولۇپ كەتكىلى تاس قالدى » ( 89 ـ 90 ).

سۈرىنىڭ ئاخىرىدا ئەبەدى مۇھەببەتنىڭ ئەبەديي مەۋجۇت بولۇپ تۇرغۇچى بەخش ئەتكەن بىر مۇھەببەت ئىكەنلىكى تۆۋەندىكى ئايەتتە بايان قىلىنغان:

إِنَّ الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ سَيَجْعَلُ لَهُمُ الرَّحْمَنُ وُدًّا

« ئىماندا چىڭ تۇرغان، ئۇ ئىمانىغا ماس بىر ھايات كەچۈرگەنلەرگە ئۇ چەكسىز رەھمەتنىڭ مەنبەسى ( ئاللاھ ) ئۇلارنىڭ دىللىرىدا مۇھەببەت پەيدا قىلىدۇ » ( 96 ).

ئاللاھ نى ئىزچىل ھالدا « رەھمان » سۈپىتى بىلەن تىلغا ئالغان سۈرىنىڭ ئەسلىدە « رەھمان » پەيدا قىلغان مۇھەببەت تىلغا ئېلىنغان ھالدا ئاخىرلىشىشى، ئۇنىڭ « رەھمەت سۈرىسى » دەپ ئاتىشىمىز ئۈچۈن يېتەرلىك دەلىل بولالايدۇ.

## تاھا سۈرىسى

سۈرە بىرىنچى ئايەت بىلەن ئاتالغان. « تاھا » ئىسمى ھەققىدە مۇنداق ئىككى خىل قاراش بار:

1ـ مۇقاتتائا « ئىسىم »دۇر. بەزى مۇپەسسىرلەر بىر قانچە سۈرىنىڭ بېشىدا كەلگەن مۇقاتتائا « ئىسىم » ھەرپلىرىدىن بىرسىنىڭ « تا ـ ھا » ئىكەنلىكىنى ئېيتقان.

2ـ « ئى ئىنسان! » مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. ساھابىلەردىن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھ ئەنھۇ، تابىئىنلەردىن ئىكرىمە، سائىد ب. جۇبەير، داھھاق، قاتادە ۋە ھەسەن ئەلبەسرىگە ئوخشاش كىشىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى « ئى ئىنسان! » مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ دەپ قارىغان. بۇ كەلىمىنىڭ نەباتچە ياكى سۈريانچىدە بۇ مەنىنى بىلدۈرىدىغانلىقى يۇقىرىدا تىلغا ئالغان كىشىلەر تەرىپىدىن تەكىتلەنگەن. بۇ قاراشنى قوللىغان تابارى « تاھا »نىڭ « ئاقق » لۇغىتىدە « ئى ئىنسان » مەنىسىدە ئىشلىتىلگەنلىكىنى ئېيتقان. تابارى يەنە بۇ كەلىمىنىڭ مۇقاتتا

ھەرپلىرىدىن بىرى دەپ قارىغانلارنىڭ قاراشلىرىغا ئېتىراز قىلغان بولۇپ، بۇ كەلىمىنىڭ « ئى ئىنسان! » دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن كلاسسىك ئەرەب شېئىرلىرىدىن مىساللار كەلتۈرگەن.

« ئى ئىنسان! » دېگەن بۇ خىتابتىكى ئىنسان كىم؟ بۇ سۇئالنىڭ جاۋابى سۈپىتىدە ئەقلىمىزگە ئەڭ باشتا « ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام » كېلىدۇ. سۈرىنىڭ ئىككىنچى ئايىتى بىۋاستە رەسۇلۇللاھقا خىتاب قىلماقتا. لېكىن، بىرىنچى ئايەتتىكى « ئى ئىنسان! » خىتابىنى رەسۇلۇللاھ ئارقىلىق پۈتۈن ئىنسانلارغا قىلىنغان دەپ چۈشىنىش خاتا ئەمەس. بۇ قۇرئانىنىڭ پۈتۈن ئىنسانىيەتكە قىلىنغان خىتاب ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ.

سۈرىنىڭ مەزمۇنى ۋە تېمىسى ھەزرىتى مۇسانىڭ ھاياتىنى تەپسىلى بىر شەكىلدە بايان قىلغانلىقى ئۈچۈن، بۇ سۈرىنى « مۇسا سۈرىسى » دەپ ئاتىغانلارمۇ بولغان.

سۈرە مەككىدە نازىل بولغان. ئىبنى ئىسھاق ۋە دارالقۇتنى قاتارلىق دەسلەپكى مەزگىلدە ياشىغان كىشىلەر ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىغا بۇ سۈرىنىڭ سەۋەب بولغانلىقى ھەققىدە ھەمپىكىردە بولغان. بۇ ۋەقە نەزەردە تۇتۇلغاندا، سۈرە پەيغەمبەرلىكنىڭ 6 - يىلىدا نازىل بولغان.

سۈرە، مەريەم - شۇئەرا ياكى مەريەم - ۋاقىئە سۈرىسى ئارىسىغا تىزىلغان. مەريەم سۈرىسى 96 - ئايەت بىلەن بۇ سۈرىنىڭ 39 - ئايىتى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. بۇ، سۈرىنىڭ نازىل بولۇش ۋاقتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر دەلىلدۇر.

يەنە بىر دەلىل بولسا، سۈرىدە بايان قىلىنغان مۇسا قىسسىسى بولۇپ، بۇ قىسسە بايان قىلىنغان سۈرىلەر ئىچىدە تاھا سۈرىسىدە ھەزرىتى مۇسانىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەر تەپسىلى بايان قىلىنغان ( ئۇنىڭدىن باشقا ئەئراف، شۇئەرا، قەسەس، يۇنۇس، مۇئمىن، نازىئات ۋە بەقەرە سۈرىلىرىدە بايان قىلىنغان ).

سۈرىدە ھەزرىتى مۇسا ۋە ئۇنىڭ قەۋمى بولغان بەنى ئىسرائىلنىڭ قىسسەلىرى بايان قىلىنغان بولۇپ، قۇرئان تارىختا بولۇپ ئۆتكەن ئۆرنەكلەر ئارقىلىق تۇنجى خىتاب قىلىنغۇچىلىرىغا ساۋاق بېرىشنى مەقسەت قىلماقتا.

سۈرە رەسۇلۇللاھقا « تاھا - ئى ئىنسان! » خىتابى بىلەن باشلانغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن رەسۇلۇللاھقا تەسەللىي بېرىدىغان تۆۋەندىكى ئايەتلەر كەلگەن:

طه (1) مَا أَنْزَلْنَا عَلَيْكَ الْقُرْآنَ لِتَشْقَى (2) إِلَّا تَذْكِرَةً لِمَنْ يَخْشَى (3)

« بىز ساڭا بۇ ئىلاھىي خىتاب - قۇرئاننى سېنى جاپاغا سېلىش ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت ئاللاھ نىڭ ياخشى كۆرۈشىدىن / دوست تۇتۇشىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقىدىغانلارغا ۋەز - نەسىھەت، چىقىش يولى بولسۇن دەپ نازىل قىلدۇق » ( 2 - 3 ).

ئالدىنقى سەككىز ئايەتتە بىۋاستە ھالدا رەسۇلۇللاھقا خىتاب قىلىنغان ۋە ئۇنىڭ ھەزرىتى مۇسانىڭ خەلەپى ( ئىزىدىن ماڭغۇچى ) ئىكەنلىكى ئەسلىتىلگەن. چۈنكى، رەسۇلۇللاھ ئىنسانىيەت بىلەن تەڭتۇش بولغان پەيغەمبەرلىك زەنجىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھالقىسى بولۇپ، ئۇ بۇ زەنجىرنىڭ ئۆزىدىن بۇرۇنقى ھالقىسىنى بىلىشى كېرەك ئىدى. مانا بۇ « مۇسانىڭ قىسسىسىدىن خەۋىرىڭ بارمۇ؟ » ( 9 ) ئايىتى بىلەن باشلانغان ۋە ھەزرىتى مۇسانىڭ ھاياتىنى ئىخچام شەكىلدە بايان قىلىنغان بۆلەك ۋەھيي ئىما قىلىنغان كىرىش سۆز ( 2 - 3 - ئايەت ) دىن كېيىن كەلگەن.

ھەزرىتى مۇساغا رىسالەت ۋەزىپىسىنىڭ تاپشۇرۇلۇشى تەسۋىرلەنگەن ئايەتلەر بىلەن قىسسە باشلىنىدۇ. ئۇنىڭغا ئوتنىڭ يورۇقىغا ئوخشاش بىر نەرسە كۆرۈنگەن ئىدى ( 10 ). بۇ، ئەسلىدە ئوت يېقىپ ئائىلىسىنى ئىسسىتماقچى بولۇپ ئەتراپقا قاراۋاتقان مۇساغا بېرىلگەن بىر ئىشارەت ئىدى. ئوت ھەم نار ( ئوت يالقۇنى ) ھەم نۇرنى ئۆز جىسمىدا مۇجەسسەملەشتۈرگەن. ئۇ نارغا قاراپ ماڭغانىدى، ئەمما نۇر بىلەن ئۇچراشتى. قۇرئاندا، مانا ئۇ يەردە شۇ ۋاقىتتا يۈز بەرگەن تارىخى بۇرۇلۇش نۇقتىلىرىدىن بىرى بولغان ۋەقە مۇنداق بايان قىلىنغان:

«مۇسا ئوتنىڭ يېنىغا كەلگەندە ندا قىلىندىكى، < ئى مۇسا! مەن ھەقىقەتەن سېنىڭ رەببىڭدۇرمەن، كەشىڭنى سالغىن، سەن ھەققەتەن مۇقەددەس بولغان توۋا ۋادىسىدا سەن. مەن سېنى ئەلچىلىككە تاللىدىم، سەن ۋەھيىگە قۇلاق سالغىن. مەن ھەقىقەتەن ( ئىبادەتكە لايىق ) ئاللاھ دۇرمەن، پەقەت ماڭىلا ئىبادەت قىلغىن، مېنى زىكرى قىلىش ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن > » ( 11 - 14 ).

سۈرە مانا بۇ تەسۋىر بىلەن قىسسەنى باشلايدۇ ۋە مۇسا بىلەن ئاللاھ ئارىسىدىكى دىئالوگ داۋام قىلىپ، مۇساغا ۋەزىپە بېرىلىدۇ: « پىرئەۋنگە بارغىن، ئۇ ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئاشتى » ( 24 ). ھەزرىتى مۇسا ئۆزىگە بىر ياردەمچى تەلەپ قىلىدۇ ھەتتا ئۇنىڭ ئىسمىنىمۇ ئېيتىدۇ. يەنى، قېرىندىشى ھارۇن ( 29 - 30 ). ئۇنىڭ بۇ تەلىپى قوبۇل قىلىنىدۇ، بۇ ئۇنىڭغا بېرىلگەن بىر ئىلاھىي مۇكاپات ئىدى.

بۇ ئەلۋەتتە، ھەزرىتى مۇسا نائىل بولغان تۇنجى ئىلاھىي ئىكرام ئەمەس ئىدى. قىسسەدە ئاللاھ نىڭ ئۇنى تۇغۇلغان ۋاقتىدا پىرئەۋننىڭ ئادەملىرى ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا قانداق قۇتقۇزۇپ قالغانلىقى، پىرئەۋن سارىيىدا ئىلاھىي ھىمايە ئاستىدا قانداق قوغدالغانلىقى ئەسلىتىلىدۇ.

پىرئەۋنگە ئەلچى بولۇپ بېرىش ئۆزىنى بېقىپ چوڭ قىلغان ھۆكۈمدارغا قارشى چىقىش دېگەنلىك ئىدى. ھەزرىتى مۇسا بۇنى بىلەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ رەببىنىڭ بۇيرىقىغا بويۇن ئېگىدۇ ۋە ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىدۇ.

ئاللاھ ھەزرىتى مۇساغا ئىككى مۆجىزە بىلەن ياردەم قىلغان بولۇپ، ئۇلاردىن بىرى يەدى بەيزا ( نۇرلۇق / پارقىراق قول )، يەنە بىرسى ھاسا ئىدى. يەدى بەيزا بىر سىمۋول ئىدى. ھەزرىتى مۇسا ياش ۋاقتىدا ئۆزى خالىماستىن بىر جىنايەت سادىر قىلغانىدى. ئۇ بىر جېدەلگە ئارىلىشىپ قالغان ۋە بىر مۇشت بىلەن بىر مىسىرلىقنى ئۆلتۈرۈپ قويغانىدى. مانا بۇ « نۇرلۇق قول » ئادەم ئۆلتۈرگەن قول ئىدى. ھەزرىتى مۇسا تەۋبە قىلغان، ئاللاھ ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىپ، جىنايەت سادىر قىلغان قولنى نۇرلۇق ھالغا كەلتۈرگەنىدى. تۈنۈگۈن ( ئۆتمۈشتە ) جىنايەتكە سەۋەب بولغان قول، بۈگۈن ھىدايەتكە ۋەسىلە بولۇش ئۈچۈن نۇرغا ئوخشاش چاقنىماقتا ئىدى. ھاسا، پىرئەۋننىڭ ھۆكۈمرانلىق سىمۋولى بولغان قامچىغا قارشى بېرىلگەن بىر سىمۋول ئىدى. ئۇ قامچا بۈگۈنمۇ بارلىق پىرئەۋن ھەيكەللىرىنىڭ قولىدا تارىخىي بىر ئىبرەت سۈپىتىدە تۇرماقتا. بۇ ھاسا ئارقىلىق ئاللاھ : « ئاللاھ تاللىغان بىر پادىچىنىڭ ھاسىسى يەر يۈزىدىكى بارلىق ساختا ئىلاھلىق دەۋاسى قىلغان پىرئەۋنلەرنىڭ قامچىسىدىن ئۈستۈن » دېگەندەك قىلاتتى.

نەتىجىدىمۇ شۇنداق بولدى. پىرئەۋننىڭ سېھىرگەرلىرى ئۈستىدىن ھەزرىتى مۇسانىڭ ھاسىسى غالىپ كېلىدۇ ۋە سېھىرگەرلەر ئۆلىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ئىمان ئېيتىدۇ. سېھىرگەرلەرنىڭ ئىككىلەنمەستىن ئىمان ئېيتىشى ئىمانىنىڭ تارىخى ئۆرنەكلىرىدىن بىرسىدۇر. سېھىرگەرلەر قىيىن - قىستاق بىلەن ئۆلتۈرۈلۈش تەھدىتىگە « پەرۋايىمىز پەلەك » دەپ قەتئىيلىك بىلەن جاۋاب بېرىدۇ ( 72 ). پىرئەۋننىڭ سېھىرگەرلىرى ئىمان ئېيتتى، لېكىن پىرئەۋن ئىمان ئېيتمىدى. سەۋەبى ناھايىتى ئوچۇق. سېھىرگەرلەر سېھىر بىلەن مۆجىزىنى ئايرىيالىغۇدەك بىلىمگە ئىگە ئىدى. لېكىن، پىرئەۋن سېھىر بىلەن مۆجىزىنى بىر - بىرىدىن ئايرىغۇدەك بىلىمگە ئىگە ئەمەس ئىدى. بىلگۈچىلەر ئىمان ئېيتتى، نادان ( بىلىمسىز ) ئىنكاردا چىڭ تۇردى.

ئاندىن سۈرىدە بەنى ئىسرائىلنىڭ « ئىسرا » سى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. پىرئەۋننىڭ زۇلۇمىدىن قۇتۇلغان، لېكىن پىرئەۋندىنمۇ بەتتەر بولغان « مەن » لىك ۋە شەخسىيەتچىلىك تۇيغۇلىرىدىن قۇتۇلالمىغان بەنى ئىسرائىل قەۋمى ھەزرىتى مۇسانىڭ ۋەھىي ئېلىش ئۈچۈن كەتكەن ۋاقتىنى غەنىمەت بىلىپ، بىر موزايغا چوقۇنۇشقا باشلايدۇ. بەنى ئىسرائىلنىڭ يەھۇدىيلىشىش جەريانى مانا مۇشۇنداق باشلىنىدۇ. « نېمە ئۈچۈن كالىغا ئەمەس، موزايغا چوقۇنىدۇ؟ ». بۇ ئۇلاردىكى ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈش ئىللىتىنىڭ بىر ئىپادىسى ئىدى. بەنى ئىسرائىل پىرئەۋن قەۋمى ئالدىدا شۇنداق خورلۇق تۇيغۇسىغا چۆمگەن بولۇپ، ئۆزلىرىگە ئىرقى قىرغىنچىلىق سىياستى يۈرگۈزگەن دۈشمىنىنىڭ تەڭرىلىرىگە چوقۇنماقچى بولغان ۋاقتىدا، « بىز كونا خوجايىنلىرىمىزنىڭ تەڭرىلىرىگە چوقۇنىۋاتىمىز، ئەمما ئۇ ئىلاھنىڭ ئانىسىغا چوقۇنۇشقا لايىق ئەمەس، شۇڭا بىز ئۇنىڭ بالىسىغا چوقۇنايلى » دېگەن تۇيغۇ ئاستىدا ھەرىكەت قىلغان ( پىرئەۋن قەۋمى كۆپ ئىلاھلىق دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە كالا سۈرەتلىك بىر ئىلاھ بار ئىدى ).

بۇ، بەنى ئىسرائىلنىڭ يەھۇدىيلىشىش جەريانىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ، قۇرئان ۋەھيي بۇ ئارقىلىق: « ئى مۇھەممەد ئۈممىتى، سىلەرمۇ مۇسا ئۈممىتىدەك يەھۇدىيلەشمەڭلار. ئەگەر ئۇلاردەك بولساڭلار، ئۇلار دۇچار بولغان ئاقىۋەتكە قالىسىلەر! » دېمەكتە.

ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئايەتلەردە، بۇ ئىككى تەرەپلىملىك بايانلارنىڭ مەقسىتىگە ماس ھالدا تۈنجى خىتاب قىلىنغۇچىلىرى بولغان مۇشرىكلارغا ھەم مۇئمىنلەرگە خىتاب قىلىدۇ. مۇشرىكلارغا « پىرئەۋنىگە ئوخشاش بولماڭلار »، مۇئمىنلەرگە « يەھۇدىيلەشمەڭلار » دەپ ئاگاھلاندۇرىدۇ ( 99 - 112 ). ئەسلىدە بۇ بۆلەكلەر ئارىسىدا ئورۇن ئالغان ئادەم - شەيتان قىسسىسىمۇ ( 115 - 127 ) ئالدىنقى ئۆرنەكلەرنى تېخىمۇ ياخشى چۈشەندۈرۈشنى مەقسەت قىلماقتا. يەنى، يالغۇز ئىنسان ياكى ئىنسانلار جەمئىيىتى ئاللاھ نىڭ چاقىرىقىغا قۇلاق سالمىسا، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن شەيتان ئۇ ئىنساننى ياكى ئىنسانلار جەمئىيىتىنى يولدىن چىقىرىپ تاشلايدۇ. بۇ يولدىن چىقىش بەزىدە ئازغۇنلۇقتا چىڭ تۇرۇش شەكلىدە، بەزىدە ھەقتىن ئازغۇنلۇققا مايىل بولۇپ كېتىش شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. شەيتاننىڭ ئادەمنى يولدىن چىقىرىشى، « ئاتا - بوۋىسىنىڭ دىنى » دا چىڭ تۇرغان پىرئەۋن ۋە پىرئەۋنى چۈشەنچىسىنى رەت قىلىش ئۈچۈن بولۇپ، شەيتان - ئادەم قىسسىسى ئاتا - بوۋىلىرىنى ھەقىقەتنىڭ مەنبەسى قىلىپ كۆرسىتىدىغان چۈشەنچىگە « ئاتىلارمۇ خاتالىشىدۇ » جاۋابىنى بېرىشنى مەقسەت قىلماقتا.

ۋەھيىنىڭ نازىل بولۇش جەريانىدا بەش ۋاقىت نامازغا دالالەت قىلىدىغان تۈنجى ئايەتلەر بۇ سۈرىدە تىلغا ئېلىنغان:

فَاصْبِرْ عَلَى مَا يَقُولُونَ وَسَبِّحْ بِحَمْدِ رَبِّكَ قَبْلَ طُلُوعِ الشَّمْسِ وَقَبْلَ غُرُوبِهَا وَمِنْ آنَاءِ اللَّيْلِ فَسَبِّحْ وَأَطْرَافَ النَّهَارِ لَعَلَّكَ تَرْضَى (130)

« ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە سەبرى قىلغىن، كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى، كۈن پېتىشتىن بۇرۇن، كېچە ۋاقىتلىرىدا ۋە كۈندۈزنىڭ بەلگىلىك ( كۈندۈزنىڭ دەسلەپكى ۋە ئاخىرقى ) ۋاقىتلىرىدا رەببىڭگە تەسبىھ ئېيتقىن ( يەنى ناماز ئوقۇغىن ) ۋە ھەمد ئېيتقىن، بۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ ( ئاللاھ )دىن رازى بولغانلىقىڭ مەلۇم بولسۇن » ( 130 ).

ئالدى بىلەن شۇنى ئېيتىش كېرەككى، قۇرئاندا تەسبىھ ئەمرى ۋاقىت شەرتى بىلەن بىرلىكتە كەلسە، شۈبھىسىزكى نامازنى بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭ مىساللىرى كۆپ. ئايەتتە ۋاقىت مۇنداق بەلگىلەنگەن:

1. كۈن چىقىشتىن بۇرۇن
2. كۈن پېتىشتىن بۇرۇن
3. كېچىنىڭ بەزى ۋاقىتلىرىدا
4. ۋە 5 . كۈندۈز ۋاقىتلىرىدا. بۇ سۈرىنىڭ ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ھىدايىتىگە ۋەسىلە بولغان سۈرە ئىكەنلىكى نەزەردە تۇتۇلغاندا، بەش ۋاقىت نامازغا دالالەت قىلغان بۇ ئايەتنىڭ پەيغەمبەرلىكنىڭ 5 - ياكى 6 - يىلىدا نازىل بولغانلىقى مەلۇم بولماقتا.

سۈرە يارىتىلىش مەقسىتىگە مۇۋاپىق بىر ھاياتنى روياپقا چىقىرىش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلغان ئىنسانغا ۋەھيىنىڭ « ئىلاھىي ئىنشا ( شەكىللەندۈرۈش، بەرپا قىلىش ) لاھىيىسى » ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىدۇ. شۇڭا، سۈرىدە بىر - بىرىگە زىت بولغان زىكر ( ئەسلەش ) ۋە نىسيان ( ئۇنتۇش ) ئۇقۇمى كۆپ ئىشلىتىلىدۇ ( 3، 14، 34، 42، 44، 52، 88، 99، 113، 115،124 - ئايەتلەر ).

رەسۇلۇللاھنىڭ يېقىنلىرى تۆۋەندىكى ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھ ئات ۋە قىزىل تۆگە قاتارلىق بۇرۇندىن تارتىپ ياخشى كۆرىدىغان دۇنيالىقلارغا قارىمايدىغان، ئۇچراپ قالسا ئۇلارغا قارىماستىن يەرگە قاراپ ئۆتۈپ كېتىدىغان بولغانلىقىنى ئېيتىشىدۇ:

وَلَا تَمُدَّنَّ عَيْنَيْكَ إِلَى مَا مَتَّعْنَا بِهِ أَزْوَاجًا مِنْهُمْ زَهْرَةَ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا لِنَفْتِنَهُمْ فِيهِ وَرِزْقُ رَبِّكَ خَيْرٌ وَأَبْقَى (131).

« بىز ئۇلاردىن بەزىلەرگە بەھرىمەن قىلغان دۇنيانىڭ نېمەتلىرى ۋە زىبۇزىننەتلىرىگە كۆز قىرىڭنى سالمىغىن، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى سىنايمىز، رەببىڭ ( ساڭا بەرگەن ) نېمەت ئۇنىڭدىن تېخىمۇ ياخشى ۋە ئەڭ باقىيدۇر » ( 131 ).

# ھاققا سۈرىسى

سۈرە بىرىنچى ئايەت بىلەن ئاتالغان:
« ( بولىشى ئېنىق ) قىيامەت، قىيامەت نېمىدۇر؟ قىيامەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى قانداق بىلەلەيسەن؟ » ( 1 - 3 ).

پەقەت بۇ يەردىلا ئىشلىتىلگەن « ئەل - ھاققا » كەلىمىسى « ھەقىقەتنىڭ پۈتۈن ئامىللىرى بىلەن رويابقا چىقىشى » دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ھەقىقىي ماھىيىتى بىلەن ئەمەلىيلىشىدىغان بىر ھەقىقەتتىن ئالدىنئالا مەلۇمات بېرىدۇ. مەزكۇر سۈرە قۇرئاندىكى قىيامەت ۋە ئاخىرقى سائەت ياكى ئىلاھىي بارلىققا كېلىش ۋە بۇزۇلۇش ( كەۋن ۋە فەساد ) ھەقىقىتىنى بايان قىلغان 14 سۈرىدىن بىرى.

نازىل بولۇش سەۋەبى ھەققىدىكى رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، بۇ سۈرە رەسۇلۇللاھنىڭ زامانىدىلا « ھاققا » ئىسمى بىلەن ئاتىلىشقا باشلىغان. دەسلەپكى مەزگىلدىكى قۇرئان نازىل بولۇش تەرتىپلىرىدە پەيغەمبەرلىكنىڭ 9 - يىلىغا ئائىت بولغان مۈلك سۈرىسىنىڭ ئارقىسىغا، مۈلك - مائارىج سۈرىلىرى ئارىسىغا تىزىلغان. لېكىن، سۈرە مەزمۇنلىرى ئاساس قىلىنغان يەنە بىر تىزىلىشتا، 9 - يىلدىن بۇرۇنقى تارىخقا ئېلىنغان. سۈرىنىڭ باشلىنىشىدا قىسسەلەرنىڭ ناھايىتى ئىخچام بىر شەكىلدە تىلغا ئېلىنىشى، فەجر سۈرىسىنى ئىما قىلىدۇ. سۈرىنىڭ 41 - 42 - ئايىتى ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارالغان.

يۇقىرىدىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، بۇ سۈرىنى نەجم سۈرىسى  بىلەن باشلىنىپ، تاھا سۈرىسى بىلەن ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىققان مۇشرىكلارغا قارىتا « خىرىس قىلغان / ھەيۋە كۆرسەتكەن » سۈرىلەرنىڭ ئاخىرقىسى دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇ تەخمىنەن پەيغەمبەرلىكنىڭ 6 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

سۈرە، ئاخىرقى سائەت ۋە ئاخىرەتنى ئاساسىي تېما قىلغان بولۇپ، ئاخىرقى سائەتنىڭ ھالاك قىلغۇچى مەنزىرىسى تەسۋىرلەنگەن ( 1 -3 ؛ 13 - 17 ).

ئاخىرەتنى ئىنكار قىلغان ۋە ۋەھيىگە قۇلاق سالمىغان ئۆتمۈش قەۋملەرنىڭ ھالاك بولۇشى ئىبرازلىق ھالدا بايان قىلىنغان ( 4 - 12 ).

ئۇنىڭدىن كېيىن ھېساپ كۈنى ھەققىدە توختالغان ( 13 - 18 ). مۇكاپات ۋە جازا، ھېسابنىڭ تەبىئىي بىر نېمىتى ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان ( 19 - 37 ). بۇ ئارقىلىق ئىنساندا دۇنيا ھاياتىدا مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ھەر ئىشنى ھېسابنى بېرەلەيدىغان ھالدا قىلىش، ئاخىرەتنى ئۇنتۇماسلىق ئېڭىنى شەكىللەندۈرۈشنى مەقسەت قىلغان.
سۈرە ئاخىرەتتە مۇكاپاتى جەننەت بولغانلارنىڭ خۇشاللىقىنى تىرىك ياشاۋاتقانلارغا ئالدىن بايان قىلىپ بېرىدۇ:

فَأَمَّا مَنْ أُوتِيَ كِتَابَهُ بِيَمِينِهِ فَيَقُولُ هَاؤُمُ اقْرَءُوا كِتَابِيَهْ (19) إِنِّي ظَنَنْتُ أَنِّي مُلَاقٍ حِسَابِيَهْ (20)

« نامە - ئەمالى ئوڭ قولىغا بېرىلگەن ئادەم ( خۇشاللىقتىن ): < بۇ مېنىڭ نامە - ئەمەلىمنى ئېلىپ ئوقۇپ بېقىڭلار، مەن ھېساباتىمغا مۇلاقات بولىدىغانلىقىمغا مۇقەررەر ئىشەنگەن ئىدىم > دەيدۇ » ( 19 - 20 ).

جازاسى جەھەننەم بولغانلارنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋالى ھەققىدە مۇنداق بايانلار بېرىلگەن:

وَأَمَّا مَنْ أُوتِيَ كِتَابَهُ بِشِمَالِهِ فَيَقُولُ يَا لَيْتَنِي لَمْ أُوتَ كِتَابِيَهْ (25) وَلَمْ أَدْرِ مَا حِسَابِيَهْ (26) يَا لَيْتَهَا كَانَتِ الْقَاضِيَةَ (27) مَا أَغْنَى عَنِّي مَالِيَهْ (28) هَلَكَ عَنِّي سُلْطَانِيَهْ (29)

« نامە - ئەمالى سول قولىغا بېرىلگەن ئادەم ئېيتىدۇكى، < ماڭا نامە - ئەمالىم بېرىلمىگەن بولسىچۇ! ھېسابىمنىڭ نېمە بولغانلىقىنى بىلمىسەم ئىدىم! دۇنيادا ئۆلۈمىم ھاياتىمنى ( ئاخىرەتتە قايتا تىرىلمەس قىلىپ ) ئاخىرلاشتۇرسىچۇ! مېنىڭ مال - مۈلكۈم ماڭا ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمىدى. مېنىڭ ھوقۇقۇم قولۇمدىن كەتتى > » ( 25 - 29 ).

ۋەھيي مەنبەسىنىڭ پەيغەمبەر ئەمەس، ئاللاھ ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان ئىپادە بۇ سۈرىدە ئورۇن ئالغان:

وَلَوْ تَقَوَّلَ عَلَيْنَا بَعْضَ الْأَقَاوِيلِ (44) لَأَخَذْنَا مِنْهُ بِالْيَمِينِ (45) ثُمَّ لَقَطَعْنَا مِنْهُ الْوَتِينَ (46) فَمَا مِنْكُمْ مِنْ أَحَدٍ عَنْهُ حَاجِزِينَ (47)

« ئەگەر ئۇ ( پەيغەمبەر ) بىزنىڭ نامىمىزدىن يالغاننى توقۇيدىغان بولسا، ئەلۋەتتە ئۇنى ئوڭ قولىدىن قاتتىق تۇتاتتۇق، ئاندىن ئۇنىڭ ئاساسىي قىزىل تومۇرىنى كېسىپ تاشلايتتۇق، سىلەردىن ھېچبىر ئادەم ئۇنى قوغداپ قالالمايتتى » ( 44 ـ 47 ).

سۈرە سۆزلەرنىڭ سۇلتانى بولغان ۋەھيي ھەققىدىكى بايانلار بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. چۈنكى، ۋەھيي « ئېنىق ھەقىقەتتۇر » ( 51 ). بۇ سەۋەبتىن ئىنسان ئەزىمەتلىك رەببىنىڭ نامىنى ياد قىلغان ھالدا ھەرىكەت قىلىشى كېرەك:

فَسَبِّحْ بِاسْمِ رَبِّكَ الْعَظِيمِ (52)

« ( ئى خىتاب قىلىنغۇچى ) سەن، ئەزىمەتلىك رەببىڭنىڭ نامىنى ياد قىلىپ ئەمەل قىلغىن! » ( 52 ).

# مائارىج سۈرىسى

« يۇقىرى ئۆرلەش، كۆتۈرۈلۈش » ياكى « يۇقىرى ئۆرلەش باسماقلىرى » ۋە ياكى « يۇقىرى ئۆرلەش ۋاستىلىرى » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان « مائارىج » كەلىمىسى مەزكۇر سۈرىنىڭ 3 ـ ئايىتىدە تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، سۈرە بۇ ئىسىم بىلەن ئاتالغان. بۇ كەلىمە ئاللاھ نىڭ ئۇلۇغلىقى ۋە مۇقەددەسلىكىنى ھەم ئىنساننىڭ ئاللاھ قا يېقىنلىشىش ئىمكانلىرىنىڭ كۆپ خىل ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

« ئاللاھ تىن كېلىدۇ، تاكامۇل مەرتىۋىسىنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھ تىن كېلىدۇ » ( 3 ).

سۈرە بىرىنچى ئايەت نىسبەت بېرىلگەن ھالدا « سەئەلە سائىلۇن ۋە ۋاقى » دەپمۇ ئاتالغان.

سۈرە مەككىدە نازىل بولغان. ھەزرىتى ئوسمانغا نىسبەت بېرىلگەن مەشھۇر قۇرئان نازىل بولۇش تەرتىپىدە ھاققا ـ نەبە سۈرىسى ئارىسىغا تىزىلغان. ھاققا سۈرىسى بىلەن بۇ سۈرىنىڭ مەزمۇن جەھەتتىكى يېقىنلىقى ناھايىتى ئېنىق. سۈرىنىڭ مەزمۇنى مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ رەسۇلۇللاھقا، مۇسۇلمانلارغا ۋە ھىمايىچىلىرىغا قارىتىلغان ئېمبارگودىن بىر ئاز بۇرۇن ياكى ئېمبارگونىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە نازىل بولغانلىقىنى كۆرسەتمەكتە. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، بۇ سۈرە پەيغەمبەرلىكنىڭ 7 ـ يىلىدا نازىل بولغان.

سۈرىنىڭ ئانا تېمىسى ئاخىرەت بولۇپ، خىتاب قىلىنغۇچىدا ئادالەت ئېڭىنى شەكىللەندۈرۈشنى مەقسەت قىلماقتا. سۈرە ئاخىرەتنى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ئاخىرەتتە دۇچار بولىدىغان يۈرەك داغلىغۇچى ئازاپتىن خەۋەر بەرگەن ھالدا باشلىنىدۇ ( 1 ـ 2 ). ئۇنىڭدىن كېيىن، ئىلاھىي قۇدرەتنىڭ چوڭلۇقى ۋە ئىلاھى مۇداخىلىنىڭ تېزلىكى ئىما قىلىنىدۇ ( 3 ـ 4 ). ئاندىن ئىنكار قىلغۇچى ئىنساننىڭ سۈپەتلىرى ۋە ئاخىرەتتىكى يالغۇزلۇقى ئوبرازلىق ھالدا بايان قىلىنىدۇ ( 6 ـ 18 ). بۇ بۆلەكنىڭ ئاخىرقى ئايىتىدە تىلغا ئېلىنغان پىخسىقلىقنىڭ سەۋەبى ئۇنىڭدىن كېيىن باشلانغان بۆلەكنىڭ بىرىنچى ئايىتىدە بايان قىلىنىدۇ:

إِنَّ الْإِنْسَانَ خُلِقَ هَلُوعًا (19) إِذَا مَسَّهُ الشَّرُّ جَزُوعًا (20) وَإِذَا مَسَّهُ الْخَيْرُ مَنُوعًا (21)

« ئىنسان ھەقىقەتەن چىدامسىز يارىتىلدى. ئۇنىڭغا ( يوقسۇزلۇق ياكى كېسەللىك ياكى قورقۇنچتەك ) بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يەتكەن چاغدا زارلانغۇچىدۇر. بىرەر ياخشىلىق يەتكەن چاغدا ئۇنى باشقىلاردىن قىزغانغۇچىدۇر » ( 19 ـ 21 ).

بۇ كېسەللىكنىڭ داۋاسى يوق ئەمەس. بۇ سۈرىنىڭ 22 ـ 35 ـ ئايەتلىرى بۇ كېسەللىكنىڭ داۋاسىغا ئايرىلغان.

سۈرىدە يەنە، ئىنكارچىلارنىڭ رەسۇلۇللاھقا قاراتقان ئاغزاكى ئەزىيەتلىرىگە قارىتا رەسۇلۇللاھقا تەسەللى بېرىلگەن ( 5؛ 36 - 42 ).

سۈرىنىڭ ئاخىرىدا سۆز يەنە باشقا قايتىپ، قىيامەتتە ئىنكار قىلغۇچى ئىنساننىڭ ھالىغا مۇناسىۋەتلىك بايانلار بېرىلگەن بولۇپ، ئىنكار قىلغۇچىلار ئاگاھلاندۇرۇلغان:

يَوْمَ يَخْرُجُونَ مِنَ الْأَجْدَاثِ سِرَاعًا كَأَنَّهُمْ إِلَى نُصُبٍ يُوفِضُونَ (43) خَاشِعَةً أَبْصَارُهُمْ تَرْهَقُهُمْ ذِلَّةٌ ذَلِكَ الْيَوْمُ الَّذِي كَانُوا يُوعَدُونَ (44)

« ئۇ كۈندە ئۇلار قەبرىلىرىدىن چىقىپ خۇددى تىكلەپ قويغان بۇتلىرىغا قاراپ يۈگۈرگەندەك ( مەھشەرگاھقا ) يۈگۈرىدۇ. ئۇلار ( ئاللاھ تىن ئۈيلىپ ) يۇقىرى قارىيالمايدۇ، ئۇلارنى خورلۇق ئورىۋالىدۇ، ئەنە شۇ ئۇلارغا ۋەدە قىلىنغان كۈندۇر » ( 43 - 44 ).

# نەبە سۈرىسى

سۈرە قەدىمى مۇسھاب، تەپسىر ۋە ھەدىس كىتابلىرىنىڭ كۆپىنچىسىدە « نەبە » ئىسمى بىلەن ئاتالغان. مەزكۇر سۈرىنىڭ ئىككىنجى ئايىتىدە تىلغا ئېلىنغان « نەبە » كەلىمىسى « مۇھىم ۋە بۈيۈك خەۋەر » مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. « خەۋەر » كەلىمىسمۇ ئەرەپچە سۆز بولۇپ، بۇ ئىككى سۆز ئارىسىدىكى پەرق مۇنداق:

خەۋەر كەلىمىسى مۇھىم بولسۇن بولمىسۇن ھەر خىل خەۋەرلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

نەبە كەلىمىسى، پەقەت مۇھىم ۋە ئاڭلىغۇچىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان، ئاڭلىغۇچىنى مەيدانىنى ئىپادىلەشكە، ئىنكاس بىلدۈرۈشكە مەجبۇر قىلىدىغان خەۋەرلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

سۈرە ئىسمى بولغان « نەبە » ئەلۋەتتە ئاخىرقى سائەت ھەققىتىنى بىلدۈرىدۇ.

سۈرە بۇخارى ۋە بەزى تەپسىرلەردە بىرىنچى ئايىتى بىلەن ئاتالغان. قۇرتۇبى « سۈرەتۇ ئاممە » دەپ ئاتىغان.

نەبە ۋە نازىئات سۈرىلىرى مۇسھاپتا ۋە نازىل بولۇش تەرتىپىدە ئارقىمۇ - ئارقا تىزىلغان. مەشھۇر بولغان قۇرئان سۈرىلىرىنىڭ نازىل بولۇش تەرتىپىدە مائارىج - نازىئات سۈرىلىرى ئارىسىغا تىزىلغان. سۈرىدە مەزمۇن جەھەتتىن نازىل بولغان ۋاقتىغا مۇناسىۋەتلىك بىر يىپ ئۇچى يوق. ئەمما، سۈرىنىڭ ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ دىققىتىنى تارتقان ئاخىرەتنى ئىنكار قىلىش ھەققىدىكى بايان بىلەن باشلىنىشىنى نازىل بولۇش مەزگىلى بىلەن مۇناسىۋەتلىك يىپ ئۇچى دەپ قارىساق خاتالاشمايمىز.

نازىل بولۇش تەرتىپىگە ئاساسەن سۈرىنىڭ رىسالەتنىڭ 7 - يىلىدا نازىل بولغانلىقىنى ئېيتىشقا بولىدۇ. ئىبن ئاbباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن كەلگەن بىر رىۋايەت بۇ قارىشىمىزنى كۈچلەندۈرىدۇ:

« قۇرەيشلىكلەر ئولتۇرۇپ نازىل بولغان قۇرئان ئايەتلىرى ھەققىدە مۇنازىرە قىلىشىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە تەستىق قىلغانلارمۇ، يالغانغا چىقارغانلارمۇ چىقاتتى. مانا بۇ ۋاقىتتا بۇ سۈرە نازىل بولدى ».

سۈرىنىڭ ئاساسىي تېمىسى ئىنساننىڭ ئەبەدى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئىنساندا ھېسابىنى بېرەلەيدىغان بىر ھاياتنى ياشىشى ئۈچۈن، ئۇنى تىزگىنلەپ تۇرىدىغان جاۋابكارلىق - ئاخىرەت ئېڭىنى شەكىللەندۈرۈشنى؛ بۇ ئارقىلىق ئىنساننى مەيلى سۆز - ھەرىكىتى ياكى چۈشەنچىسى جەھەتتىن بولسۇن، ئاخىرەتنى ئىنكار قىلماسلىق ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇشنى مەقسەت قىلغان.

سۈرە قايتىدىن تىرىلىشقا مۇناسىۋەتلىك ئوبرازلىق بىر بالاغەت تىلى بىلەن باشلىنىدۇ:

عَمَّ يَتَسَاءَلُونَ (1) عَنِ النَّبَإِ الْعَظِيمِ (2) الَّذِي هُمْ فِيهِ مُخْتَلِفُونَ (3) كَلَّا سَيَعْلَمُونَ (4) ثُمَّ كَلَّا سَيَعْلَمُونَ (5)

« ئۆز ئارا نېمە توغرۇلۇق سورىشىۋاتىدۇ؟ ئۇ چوڭ ۋەقەنىڭ خەۋىرىنى سوراۋاتامدۇ؟ ئۇلار شۇ ( خەۋەر - قىيامەت ) ھەققىدە باشقىچە ئويدا بولۇۋاتىدۇ. ھەرگىز ئۇلار ئويلىغاندەك ئەمەس، كېلەچەكتە ( ھەققەتنى ) بىلىپ قالىدۇ. ھەرگىز ئۇلار ئويلىغاندەك ئەمەس، ئۇلار ( ھەققەتنى ) كەلگۈسىدە بىلىدۇ » ( 1 - 5 ).

بۇ ئايەتلەردىن كېيىن، ئىنسانغا بېرىلگەن نېمەتلەر ئەسلىتىلىدۇ: « ئۇيقۇڭلارنى ئۆلۈم (نىڭ سىمۋولى ) قىلدۇق » ( 9 ) ۋە « كۈندۈزنى ھاياتقا ( سىمۋول ) قىلدۇق » ( 11 ) دېگەن ئايەتلەر بۇ سۈرىدە ئورۇن ئالماقتا.

سۈرىدە ئىلاھىي مۇكاپات ۋە جازا تەپسىلىي تەسۋىرلىنىدۇ ( 21 - 40 ). بۇ بۆلەكتە كىشىگە قاتتىق تەسىر قىلىدىغان جەننەت ۋە جەھەننەم ھەققىدە تەسۋىرلەر بېرىلگەن بولۇپ، بۇ تەسۋىرلەرنىڭ ھەممىسى ئىلاھىي رەھمەتنىڭ بىر ئەسەرى. چۈنكى، ۋەھيى پۈرسەت قولدىن كېتىشتىن بۇرۇن، خاتادىن قايتىشقا پۇرسەت بار ۋاقىتتا ئىنساننى ئەقلى - ھۇشىنى تېپىشقا ۋە يارىتىلىش مەقسىتىگە يۈزلىنىشكە دەۋەت ئۈچۈن نازىل قىلىنغان.

سۈرە، ئىنكار قىلغان ھېساپ كۈنى بىلەن يۈزلەشكەن بىر ئىنكارچىنىڭ پۇشايمانلىق چىقىپ تۇرىدىغان شۇ ئاچچىق نىداسى بىلەن ئاخىرلاشقان:

يَا لَيْتَنِي كُنْتُ تُرَابًا

« كاشكى مەن تۇپراق بولۇپ كەتكەن بولسامچۇ! » ( 40 ).

## نازىئات سۈرىسى

سۈرە بىرىنچى ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان « سۆكۈپ چىقارغۇچىلار » ياكى « تارتىپ چىقارغۇچىلار » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان « نازىئات » كەلىمىسى بىلەن ئاتالغان:

« ( خىتاب قىلىنغۇچىنىڭ قەلبىگە ) كىرىپ ( كۈيرىنى ئۇ يەردىن ) قاتتىق تارتىپ چىقارغان ( ئاگاھلاندۇرغۇچى / غەزەپ ئايەتلەر ) بىلەن قەسەمكى! » ( 1 ).

تىرناق ئىچىدە بېرىلگەن ئىگىدىن مەلۇم بولغاندەك، سۈرىگە ئىسمى بېرىلگەن ئايەت، ئىگىسى نامەلۇم بۆلەكنىڭ بىرىنچى ئايىتىنى تەشكىل قىلماقتا. مۇپەسسىرلەر « تارتىپ چىقارغۇچىلار » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان « نازىئات »نىڭ كىم ئىكەنلىكى ھەققىدە پەرقلىق قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە شۇ شەكىلدە چۈشەندۈرگەن. ئۇلار « پەرىشتىلەر، يۇلتۇزلار، ئوق ئاتقۇچى مۇجاھىتلار » ياكى « قەبزى قىلىنغان روھلار » دەپ چۈشەندۈرگەن. بۇ كەلىمىدە ئىپادىلەنگەن نامەلۇم ئىگىنى « پەرىشتىلەر » دەپ چۈشەندۈرۈش قۇرئانغا زىت كېلىدۇ. چۈنكى، قۇرئان پەرىشتىلەرنى « چىشى - قىز » دەپ قارايدىغان مۇشرىكلارنىڭ باتىل ئېتىقادىنى زۇخرۇف 19 - ئايەتتە رەت قىلىدۇ. « يۇلتۇزلار » ياكى « روھلار » دەپ چۈشەندۈرۈشمۇ يۇقىرىقىدەك خاتا. چۈنكى، بۇلارنى سۇبيېكتىپلىققا ( ئىگە، مەلۇم كۈچ - قۇدرەتكە ) ئىگە قىلىش يۇلتۇزلارغا چوقۇنغۇچىلارنىڭ ئېتىقادىدۇر. ھالبۇكى ئايەتتە « مۇدەببىرات » دېيىلمەكتە. مۇدەببىر « باشقۇرغان، ئىدارە قىلغان، ئىدارە قىلغۇچى » دېگەنلىك بولىدۇ. بىزنىڭچە، بۇ سۈپەتلەرنىڭ ئېنىقلىغۇچىسى بۇ سۈرىگە ئوخشاش بولغان زارىيات، ئادىيات، ساففات، مۇرسەلەت سۈرىلىرىنىڭ باشلىنىشىدا ئورۇن ئالغان ئىگىسى نامەلۇم سۈپەتلەرگە ئوخشاش ۋەھيى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

سۈرە دەسلەپكى مەزگىلدىن تارتىپ بۇ ئىسىم بىلەن ئاتالغان.

سۈرە مەككىدە نازىل بولغان بولۇپ، دەسلەپكى نۇزۇل تەرتىپلىرىنىڭ ھەممىسىدە نەبە - ئىنفىتار سۈرىسىنىڭ ئارىسىغا تىزىلغان. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، مەزكۇر سۈرە قۇرەيش ئېمبارگوسى باشلانغان بىرىنچى يىلدا، يەنى نۇبۇۋۋەتنىڭ 7 - يىلدا نازىل بولغان بولسا كېرەك.

سۈرىنىڭ ئانا تېمىسى ئاخىرەت بولۇپ، باشقا سۈرىلەرگە ئوخشاش بۇ سۈرىنىڭ ئانا تېمىسىنىڭ ئاخىرەت بولۇشىنىڭ سەۋەبى بار. چۈنكى، ھەر نەرسىنىڭ بىر روھى بار، دۇنيانىڭ روھى ئاخىرەتتۇر.

سۈرە باشقا سۈرىلەرگە ئوخشاش ۋەھيي ئىما قىلىنغان ھالدا باشلانغاندىن كېيىن، ئاخىرەتكە مۇناسىۋەتلىك بىر بۆلەك بايان قىلىنغان ( 6 - 14 ). ۋەھيي بۇ ئارقىلىق خىتاب قىلىنغۇچىلىرىنى « ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتىشقا » چاقىرماقتا. بۇ ئارقىلىق ياخشىلاردىن بولۇشنى بىر سىستېمىغا باغلاشتۇرماقتا. خىتاب قىلىنغۇچىنى يەككە دۇنيالىق چۈشەنچىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئىككى دۇنيالىق چۈشەنچىگە ئىگە قىلىشنى مەقسەت قىلماقتا. چۈنكى، ئاخىرەتكە ئىمان ئىنسانغا ئاللاھ قا ئىشىنىشنى تەنبىھلەيدۇ. ئەگەر ئاللاھ قا بولغان ئىشەنچ بولمىسا، ئىمان ئەخلاقمۇ بولمايدۇ. ئاللاھ قا ئىشەنچ قىلمايدىغان بىر كىشىنىڭ ئاللاھ قا بولغان ئىمانىنىڭ قىممىتى بولمايدۇ. ئاللاھ قا بولغان ئىشەنچنىڭ ئەڭ مۇھىم شەرتلىرىدىن بىرسى ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتىش. كىشى فىترىتىگە سادىق بولغان ئەھۋالدا ياخشىلاردىن بولالايدۇ. لېكىن، بۇ ياخشىلاردىن بولۇشنىڭ ئىزچىللىقى ھەققىدە بىر نېمە دېيىش قىيىن. بۇلار بولماستىن ياخشىلاردىن بولۇش ھايات شەكلىگە ئايلىنالمايدۇ. ياخشىلىقنى ھاياتقا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن « ئىمان » شەرت. ئىماننىڭ تەۋھىد - نۇبۇۋۋەت - مەئادتىن تەشكىل تاپقان ئۈچ ئامىلىدىن ئەڭ غەيب بولغىنى « مەئاد » بولۇپ، ئۇ ئاخىرەتكە ئىماندۇر. ئاخىرەتكە ئىمان، بىر كىشىنىڭ بىر ياخشىلىقنى بىرەر غەرەز ياكى مەنپەئەت تەمەسىدىن خالىي ھالدا قىلىشىنىڭ ۋە داۋاملاشتۇرۇشىنىڭ كاپالىتى بولىدۇ. ئاخىرەتكە ئىمان بولماستىن قىلىنغان ياخشىلىق، يا بىرەر غەرەز ياكى مەنپەئەت ئۈچۈن بولىدۇ. ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتقان بىرسى ياخشىلىقنى « خەيىر » ئۈچۈن قىلىدۇ. ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتماستىن ياخشىلىق قىلغۇچىغا ئاخىرەتتىن بىر نېسىۋە يوق. چۈنكى، ھېچكىم ئاچقۇزمىغان بىر ھېساپتىن كىرىم تەلەپ قىلالمايدۇ.

سۈرە ئىگىسى نامەلۇم سۈپەتلەر بىلەن ۋەھيىنى ئىما قىلغان ھالدا باشلىنىدۇ:

وَالنَّازِعَاتِ غَرْقًا (1) وَالنَّاشِطَاتِ نَشْطًا (2) وَالسَّابِحَاتِ سَبْحًا (3) فَالسَّابِقَاتِ سَبْقًا (4) فَالْمُدَبِّرَاتِ أَمْرًا (5)

« ( خىتاب قىلىنغۇچىنىڭ قەلبىگە ) كىرىپ ( كۆپرىنى ئۇ يەردىن ) قاتتىق تارتىپ چىقارغان ( ئاگاھلاندۇرغۇچى / غەزەپ ئايەتلەر ) بىلەن قەسەمكى، ( مۇئمىنلەرنىڭ قەلبىگە ) رەھمەت بىلەن تولۇپ تاشقان بىر ئۈمىدنى ئۈستىلىق بىلەن سالغان ( رەھمەت ئايەتلىرى ) بىلەن قەسەمكى! ( ئۇ ئۈمىت بىلەن ھايات دېڭىزىدا ) ئۈزگەنسېرى جانلىنىپ ئىلگىرلىگەن ( مۇئمىنلەر ) بىلەن قەسەمكى! ( ياخشىلىق يولىدا ) ئۆزئارا بەسلەشكەن باشلامچىلار بىلەن قەسەمكى! ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئىشلىرىنى ئىزىغا چۈشۈرگۈچىلەر بىلەن قەسەمكى! » ( 1 - 5 ).

ئاندىن ئاخىرەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بۆلەك باشلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ھەزرىتى مۇسا ۋە ئۇنىڭ دەۋىتىنى رەت قىلغان پىرئەۋننىڭ قىسسىسى بايان قىلىنىدۇ:

« ئاللاھ ئۇنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتكە ئىبرەت بولسۇن دەپ جازالىدى » ( 25 ).

سۈرىدە يەنە، سۆز ئارقىلىق يەتكۈزۈلگەن ئايەتلەرگە ئىشەنمەيدىغانلارغا تەبىئەت ۋە كائىنات ئايەتلىرى كۆرسىتىلگەن ( 27 - 33 ).

سۈرىنىڭ ئاخىرىدا سۆز يەنە قىيامەتكە كېلىپ توختايدۇ ۋە ئىنسانغا ئاللاھ تىن باشقا ھېچكىم خەۋەر بېرەلمەيدىغان، كىشىنى چۆچۈتىدىغان ئايەتلەر بىلەن سۈرە ئاخىرلىشىدۇ. بۇ ئارقىلىق مۇھاتاب ئېڭىدا ھېسابىنى بېرەلەيدىغان بىر ھايات ياشاش ئېڭىنى شەكىللەندۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ:

يَسْأَلُونَكَ عَنِ السَّاعَةِ أَيَّانَ مُرْسَاهَا (42) فِيمَ أَنْتَ مِنْ ذِكْرَاهَا (43) إِلَى رَبِّكَ مُنْتَهَاهَا (44) إِنَّمَا أَنْتَ مُنْذِرُ مَنْ يَخْشَاهَا (45) كَأَنَّهُمْ يَوْمَ يَرَوْنَهَا لَمْ يَلْبَثُوا إِلَّا عَشِيَّةً أَوْ ضُحَاهَا (46)

« ( ئى رەسۇل! ) سەندىن قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى سورايدۇ. سەن ئۇنى قانداقمۇ بايان قىلىپ بېرەلەيسەن؟ ئۇنى بىلىش پەرۋەردىگارىڭغا خاستۇر. سېنىڭ ۋەزىپەڭ پەقەت قىيامەتتىن قورقىدىغان ئادەمنى ئاگاھلاندۇرۇشتۇر. ئۇلار قىيامەتنى كۆرگەن كۈندە گويا ئۆزلىرىنى ( دۇنيادا ) پەقەت بىر كەچقۇرۇن ياكى بىر ئەتىگەن تۇرغاندەك ( گۇمان قىلىدۇ ) » ( 42 - 46 ).

# ئىنفىتار سۈرىسى

سۈرە بىرىنچى ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان ئىنفەتەرات پېئىلى بىلەن ئاتالغان:

« ئاسمان خۇددى ئۈچكىنى يېرىپ بىخ تارتىپ چىققان ئۇرۇقتەك يېڭىدىن يارىتىلىشقا باشلىغان چاغدا » ( 1 ).

ئايەتتىكى ئىنفەتەرات پېئىلى « ئىلاھىي بۇيرۇققا بويسۇن ئىگىپ، خۇددى بىر ئۇرۇقنىڭ بىخ تارتىش ئۈچۈن ئۈچكىنى يېرىپ چىققىنىدەك يېڭىدىن يارىتىلىش » مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ كەلىمىنىڭ ئىسمى فائىل شەكلى « فاتىر » بولۇپ، بۇ ئىسىم قۇرئاندىكى 35 - سۈرىگە بېرىلگەن.

بۇ ئىسىم، تەرجىمە ۋە تەپسىرلەرگە مۇناسىۋەتلىك مەنبەلەردە كائىنات تەۋە بولغان كەۋن ۋە فەساد ( بارلىققا كېلىش ۋە بۇزۇلۇش ) قانۇنىدىن « فەساد / بۇزۇلۇش »قا تەۋە دەپ قارالغان. لېكىن، بۇ كەلىمە « كەۋن / بارلىققا كېلىش » قانۇنىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، ئىنفىتار سۈرىسى « تۇنجى بارلىققا كېلىشى »نى ئەمەس، ئىنفىئالنى كۆرسەتكەندەك « يېڭىدىن بارلىققا كېلىش »نى بىلدۈرىدۇ. تۇنجى بارلىققا كېلىشنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملار فەجر ۋە فەلەقتۇر.

رەسۇلۇللاھقا نىسبەت بېرىلگەن بىر رىۋايەتتە، سۈرە بىرىنجى ئايىتى بىلەن ئاتالغان. سۈرە بۇخارىدا بىرىنچى ئايىتى بىلەن ئاتالغان.

سۈرە مەككىدە نازىل بولغان. ھەزرىتى ئوسمانغا نىسبەت بېرىلگەن نۇزۇل تەرتىپىدە نازىئات - ئىنشىقاق سۈرىسى ئارىسىغا تىزىلغان. بۇ سۈرە رەسۇلۇللاھ « چېچىمنى ئاقارتتى » دېگەن سۈرىلەر ئارىسىدا ئورۇن ئالماقتا. بۇ سۈرىنىڭ قۇرەيش ئېمبارگوسىنىڭ باشلانغۇچ مەزگىلىدە نازىل بولغانلىقىنى كۆرسەتمەكتە. سۈرە پەيغەمبەرلىكنىڭ 7 -يىلىدا نازىل بولغان بولسا كېرەك.

سۈرىنىڭ ئانا تېمىسى ئاخىرەت بولۇپ، ئاخىرەتنى ئىنكار قىلىپ ئاللاھ قا ئاسىيلىق قىلىۋاتقان، ئۆز مەيلىچە ياشاۋاتقان ئىنسان ئېڭىدا جاۋابكارلىقنى بېرەلەيدىغان بىر ھايات ئېڭىنى شەكىللەندۈرۈشنى مەقسەت قىلماقتا، ئىنسان گەپ - سۆز ۋە ئەمەللىرىدە مەسئۇلىيەتچان بولۇشقا چاقىرماقتا.

سۈرە يېڭىدىن يارىتىلىشقا مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر بىلەن باشلانغان بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ئىنسانغا قايتا تىرىلىشنى ئەسكەرتمەكتە. سۈرىنىڭ ئالدىنقى ئايەتلىرىدە قۇرئاندىن باشقا ھېچقانداق بىر مەنبەدىن بىلەلمەيدىغان قايتىدىن يارىتىلىش سەھنىسى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، يۇلتۇزلارنىڭ يېڭىدىن يارىتىلىشى ۋە دېڭىزلارنىڭ قايتىدىن ئوتتۇرىغا چىقىشى بايان قىلىنغان:

إِذَا السَّمَاءُ انْفَطَرَتْ (1) وَإِذَا الْكَوَاكِبُ انْتَثَرَتْ (2) وَإِذَا الْبِحَارُ فُجِّرَتْ (3)

« ئاسمان خۇددى ئۈچكىنى يېرىپ بىخ تارتىپ چىققان ئۇرۇقتەك يېڭىدىن يارىتىلىشقا باشلىغان چاغدا، يۇلتۇزلار قايتىدىن چېچىلغان چاغدا، دېڭىزلار قايتىدىن كۆتۈرۈلۈپ دولقۇنلىغان چاغدا... » ( 1 - 3 ).

بۇ ئايەتلەرنىڭ مەقسىتى ئىنساننىڭ ئاللاھ تىن يۈز ئۆرۈپ خىيانەت قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش بولۇپ، كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان ئايەت بۆلاردىن كېيىن كەلمەكتە:

يَا أَيُّهَا الْإِنْسَانُ مَا غَرَّكَ بِرَبِّكَ الْكَرِيمِ

« ئى ئىنسان! سېنى مەرھەمەتلىك رەببىڭگە ئاسىيلىق قىلىشقا نېمە ئالدىدى؟ » ( 6 ).

ئىنساننىڭ يارىتىلىشى بايان قىلىنىپ ئاللاھ نىڭ بەرگەن بۇ نېمەتلىرى ئەسلىتىلگەندىن كېيىن، بۇ نېمەتكە تۇزكورلۇق قىلماسلىققا چاقىرىلغان ( 7 - 9 ). ئاندىن ئىنساننىڭ دائىم كۆزىتىلىپ ۋە نازارەت قىلىنىپ تۇرىدىغانلىقى بايان قىلىنغاندىن كېيىن ( 10 - 12 )، ياخشىلارغا مۇكاپات، يامانلارغا جازا بېرىلىدىغانلىقى بىلدۈرۈلگەن ( 13 - 16 ).

بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بىر مەقسىتى بولۇپ، ئۇ ئىنسانغا ھېساب كۈنىنى ئەسلىتىش. چۈنكى، ئۇ كۈندە بىر ئىنساننىڭ باشقا بىر ئىنسانغا ھېچقانداق پايدىسى بولمايدۇ:

يَوْمَ لَا تَمْلِكُ نَفْسٌ لِنَفْسٍ شَيْئًا وَالْأَمْرُ يَوْمَئِذٍ لِلَّهِ

« ئۇ، بىر ئادەمنىڭ يەنە بىر ئادەمگە ياردەم بېرىشى، مەنپەئەت يەتكۈزۈشى مۇمكىن بولمايدىغان كۈندۇر. بۇ كۈندە ھۆكۈم پۈتۈنلەي ئاللاھ قا خاستۇر » ( 19 ).

## ۋاقىئە سۈرىسى

سۈرە بىرىنچى ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان « ۋەقە، ۋەزىيەت » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان « ۋاقىئە » كەلىمىسى بىلەن ئاتالغان:

إِذَا وَقَعَتِ الْوَاقِعَةُ

« يۈز بېرىشى شۈبھىسىز بولغان ئۇ قورقۇنچ ۋەقە مەيدانغا كەلگەن چاغدا » ( 1 ).

سۈرە ئاللاھ بەلگىلىگەن بۇزۇلۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك سۈرىلەر قاتارىغا كىرىدۇ.

سۈرىگە بۇ ئىسىمنى رەسۇلۇللاھ قويغان بولۇپ، بارلىق مۇسھاب ۋە ھەدىس توپلاملىرىدا بۇ ئىسىم بىلەن ئاتالغان.

سۈرە مەككىدە نازىل بولغان. سۈرىنىڭ مەزمۇنىمۇ بۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ بىلەن ھەزرىتى ئەبۇ بەكىر ئارىسىدا ئۆتكەن بىر دىئالوگ سۈرىنىڭ نازىل بولۇش زامانى ھەققىدە بىزگە يىپ ئۇچى بېرىدۇ:

« ئەبۇ بەكىر:

- چاچلىرىڭ ئاقىرىپ كېتىپتۇ يا رەسۇلۇللاھ.
- چاچلىرىمنى ھۇد، ۋاقىئە، مۇرسەلات، ئەممە يەتەسائەلۇن، ئىزەششەمسۇ كۇۋۋىرات ( سۈرىلىرىدىكى ھەقىقەتلەر ) ئاقارتىۋەتتى، دەپ جاۋاب بەردى رەسۇلۇللاھ » ( تىرمىزى ).

بۇ مەلۇماتقا ئاساسەن، مەزكۇر سۈرىنى دەۋەتنىڭ 8 - يىلىدا نازىل بولغان دېسەك خاتالاشمايمىز. بۇ قۇرەيش ئېمبارگوسى باشلىنىپ بىر يىل ئۆتكەن مەزگىل ئىدى. ئىبن ئابباس تەرتىپىدە مەدىنىدە نازىل بولغان ناسىر سۈرىسى بىلەن مەككىدە نازىل بولغان ئادىيات سۈرىسى ئارىسىغا تىزىلغان. باشقا تەرتىپلەردە تاھا - شۇئەرا سۈرىسى ئارىسىغا تىزىلغان. ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان تاھا سۈرىسى بۇ سۈرىدىن خېلىلا بۇرۇن نازىل بولغان. بىزچە ئىنفىتار - شۇئەرا سۈرىسى ئارىسىغا تىزىلسا مۇۋاپىق بولىدۇ.

سۈرە ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇن نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ سۈرە قۇرئاننىڭ مۇندەرىجىسىگە ئوخشاپ قالىدۇ. سۈرىنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە بىر قىسىم رىۋايەتلەر مەۋجۇت. سۈرىنىڭ بۇ ھەقتىكى ئالاھىدىلىكىنى ئىككىنچى نەسىل ( تابىئىن ) ئىچىدە ئۆتكەن مەشھۇر زاھىدى مەسرۇقتىن نەقىل قىلىنغان تۆۋەندىكى ئىپادە ئەڭ ياخشى شەكىلدە بايان قىلغان:

« كىم بۇرۇنقىلارنىڭ ۋە كېيىنكىلەرنىڭ، جەننەت ئەھلى ۋە جەھەننەم ئەھلىنىڭ، دۇنيا ۋە ئاخىرەت ئەھلىنىڭ ھالىدىن خەۋەردار بولماقچى بولسا، ۋاقىئە سۈرىسىنى ئوقۇسۇن » ( ئىبن ئاشۇر ).

بۇ يەردە ئەسكەرتىشكە تېگىشلىك نۇقتا شۇكى، مەسرۇقنىڭ سۈرىنىڭ پەزىلىتى ھەققىدىكى بۇ سۆزلىرى سۈرىنىڭ مەزمۇنى كۆزدە تۇتۇلغان ھالدا ئېيتىلغان بولۇپ، بۇ پەزىلەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن سۈرىنى تىلاۋەت قىلىش كۇپايە قىلمايدۇ، ئۇنى چۈشىنىش شەرت. چۈشىنىش پەقەت لەبزىنى تەلەپپۇز قىلىش بىلەن ۋۇجۇتقا چىقمايدۇ. مەنىسىنى ئۆزلەشتۈرۈش كېرەك.

سۈرە ئاخىرقى سائەت ھەققىدىكى ئاگاھلاندۇرۇش بىلەن باشلانغان بولۇپ، پەقەت مىھمان ( ئىنسان )لا ئەمەس، ئۆتەڭ ( دۇنيا )نىڭمۇ ئۆلۈملۈك ئىكەنلىكى ئىما قىلىنىدۇ. بۇ ئارقىلىق دۇنياغا بېرىلىپ كېتىش خەۋپىگە كىشىنىڭ دىققىتىنى بۇرايدۇ ( 1 - 6 ). ھايات ياخشىلار بىلەن يامانلار ئارىسىدىكى بىر مۇسابىقە بولۇپ ( 7 - 14 )، بۇ مۇسابىقە بىر كۈنى ئاخىرلىشىدۇ. كىشى تاللىشىغا قارىتا يەنە بىر ئالەمدە مۇكاپات ياكى جازاسىنى ئالىدۇ ( 15 - 56 ). ئىنكار قىلىشنىڭ تۈزكورلۇق ئىكەنلىكى بايان قىلىنىپ، ئاللاھ يارىتىلىش ۋە ئىنساننىڭ ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان نېمەتلەرگە كىشىنىڭ دىققىتى ئاغدۇرۇلىدۇ. ئىنكار قىلىشنىڭ تېگىدە شۈكرىسىزلىك، ئۇنىڭ تېگىدە قىممىتىنى بىلمەسلىك ياتقانلىقى بايان قىلىنىدۇ ( 57 - 74 ).

سۈرىدە ئىنسانلار ياخشىلار، يامانلار، ئاۋانگارت ياخشىلار دەپ ئۈچ تۈرگە ئايرىلىدۇ. بۇ ئۆلچەم بىزنىڭ ئەنئەنىۋى ياخشى - يامان چۈشەنچىمىزنى ئۆرۈپ تاشلايدۇ. ياخشىلارنىڭ ياخشى ھالىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئەسلىدە ئاۋانگارت ياخشىلارنىڭ بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. چۈنكى، ھەر قانداق بىر ئەسكى، ئانىسىدىن ئەسكى بولۇپ تۇغۇلمايدۇ، ئەتراپىدىكى مۇھىتنىڭ تەسىرى بىلەن ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئەسكى بولىدۇ، ناچار مىجەز - خۇيىنى ئۆزىگە يۇقتۇرۇۋالىدۇ. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، ياخشىلارمۇ ئەسكىلەردىن بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ ياخشى ھالىتىنى ساقلاپ قېلىشى ئاۋانگارت ياخشىلارنىڭ تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە بولماقتا. بارلىق پەيغەمبەرلەر ئاۋانگارت ياخشىلار قاتارىغا كىرىدۇ. سۈرە بۇ ئۈچ تۈرنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

فَأَصْحَابُ الْمَيْمَنَةِ مَا أَصْحَابُ الْمَيْمَنَةِ (8) وَأَصْحَابُ الْمَشْأَمَةِ مَا أَصْحَابُ الْمَشْأَمَةِ (9) وَالسَّابِقُونَ السَّابِقُونَ (10) أُولَئِكَ الْمُقَرَّبُونَ (11) فِي جَنَّاتِ النَّعِيمِ (12) ثُلَّةٌ مِنَ الْأَوَّلِينَ (13) وَقَلِيلٌ مِنَ الْآخِرِينَ (14) عَلَى سُرُرٍ مَوْضُونَةٍ (15) مُتَّكِئِينَ عَلَيْهَا مُتَقَابِلِينَ (16) يَطُوفُ عَلَيْهِمْ وِلْدَانٌ مُخَلَّدُونَ (17)

« ( بىر تۈركۈم كىشىلەر ) سائادەتمەنلەردۇر، سائادەتمەنلەر قانداق ئادەملەر؟ ( ئۇلار نامە - ئەمالى ئوڭ تەرىپىدىن بېرىلىدىغان ) ئادەملەردۇر. ( بىر تۈركۈم كىشىلەر ) بەختسىز ئادەملەردۇر، بەختسىز ئادەملەر قانداق ئادەملەر؟ ( ئۇلار نامە - ئەمالى سول تەرىپىدىن بېرىلىدىغان ) ئادەملەردۇر. ( يەنە بىر تۈركۈم كىشىلەر ياخشى ئىشلارنى ) ئەڭ ئالدىدا قىلغۇچىلار بولۇپ، ( ئۇلار جەننەتكە ) ئەڭ ئالدىدا كىرگۈچىلەردۇر. ئۇلار چەكسىز نېمەتلەر بىلەن تولغان جەننەتلەردە ئاللاھ قا يېقىن بولغۇچىلاردۇر. بۇلارنىڭ بىر قىسمى ئىلگىرىكىلەردىن، بىر قىسمى كېيىنكىلەردىن بولىدۇ. ئۇلار ئەمىلىنىڭ مەھسۇلى بولغان تەختلەر ئۈستىدە يۆلەنگەن ھالدا بىر - بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرىدۇ. ( قېرىماي ) ھەمىشە بىر خىل تۇرىدىغان ياشلار ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرىدۇ » ( 8 - 17 ).

ئاۋانگارت ياخشىلار ياخشىلىقتا ھەمىشە ئالدىنقى قاتاردا تۇرغۇچىلاردۇر. ئۇلار ئاللاھ قا يېقىن بولغانلاردۇر، يەنى « مۇقەررەبۇن » دۇر. ئۇلار چەكسىز نېمەتلەر بىلەن تولغان جەننەتلەرگە لايىق بولغۇچىلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئۆتمۈشتىكىلەردىن، بىر قىسمى كېيىنكىلەردىن بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ « بىر قىسمىغا » نەبىلەرمۇ كىرىدىغان بولۇپ، نەبى / رەسۇل ئەۋەتىلىش ئاخىرلاشتى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى بۇرۇنقىلاردىن، بىر قىسمى كېيىنكىلەردىن بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئايەتلەردە، چەكسىز نېمەتلەر بىلەن تولغان ۋە ئەبەدىي سائادەت مەركىزى جەننەت ھەققىدىكى تەسۋىرلەر بايان قىلىنغان ( 18 - 26 ). بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان نېمەتلەر خۇددى ئاۋانگارت ياخشىلارنىڭ دۇنيادىكى ئەمەللىرىگە ئوخشاپ قالىدۇ. دۇنيادا ياخشىلىقتا ئالدىراپ ئاقارتقان چاچلىرى ئاخىرەتتە ئۆلۈمسىز يىگىتلىك بولۇپ ئۇلارنى كۈتمەكتە. دۇنيادا ياخشىلىق كۆپەيسۇن دەپ ئۆزىنى مەھرۇم قىلغان نۇرغۇن مۇباھلار ئاخىرەتتە ئۇلارغا ئەبەدىي ۋە مۇتلەق گۈزەللىك بولۇپ قايتىدۇ. دۇنيادا ياخشىلىقتا ئالدىراپ ئولتۇرۇۋشقا پۇرسەت تاپالمىغان ئورۇندۇقلار ئاخىرەتتە ئۇلارغا « ئەبەدىي ھوزۇر تەختلىرى » بولۇپ قايتىدۇ. ئىپادىلەشكە تىل ئاجىزلىق قىلىدىغان شادلىقلىرىنى ئۇ تەختلەرگە يۆلەنگەن ھالدا تەڭ بەھرىمان بولۇشىدۇ. دۇنيادا ئاۋانگارت ياخشىلاردىن بولۇش ئۈچۈن ۋاز كەچكەن ھالاۋەت ۋە ئالىي تۇرمۇش ئاخىرەتتە جەننەت ھاياتىنى تاماملايدىغان چەكسىز ھەدىيە سۈپىتىدە ئۇلارغا بېرىلىدۇ.

ئاندىن پەقەت « ياخشىلارنىڭ » مۇكاپاتلىرى بايان قىلىنغان ( 27 - 40 ). ئۇلارغا بېرىلىدىغان مۇكاپاتلار ئارىسىدا ئەڭ ياخشىلارغا بېرىلىدىغان مۇكاپاتلار تىلغا ئېلىنمىغان. ئۇلارنىڭ مۇكاپاتلىرى ئاۋانگارت ياخشىلارنىڭكى بىلەن ئوخشاش ئەمەسلىكى بۇنىڭدىن چىقىپ تۇرىدۇ. ئاندىن يامانلارنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە بايان بېرىلگەن. ئۇلارنىڭ دۇنيا ھاياتىدا قىلغان يامانلىقلىرى جانلىنىپ ئالدىغا كەلگەندى. دۇنيا ھاياتىدا بوغۇزىدىن ئۆتكەن ھەر بىر ھارام لوقما ۋە زۇلۇم، ھەر بىر ھارام يېمەك - ئىچمەك ئاخىرەتتە ئۇلارغا ئىچىدىن ئازاپلايدىغان كۆيدۈرگۈچى بىر ئوت، يۈرەك داغلىغۇچى ئۈمىدسىزلىك بولۇپ ئىگىسىگە قايتىدۇ. ھەر بىر يامانلىقى ئىچىنى بوغۇدىغان بىر سايىدەك ئۇلارغا ھەمراھ بولىدۇ ( 41 - 44 ).

ئۇلاردىكى ئاساسلىق مەسىلە بىر دۇنيالىق چۈشەنچىسى بولۇپ، ھېساپ كۈنىگە ئىشەنمىگەنلىكى ئۈچۈن مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ئىچىدە ھېسابىنى بېرەلەيدىغان بىر ھايات ئىچىدە ياشاشنى ئويلاشمىغاندى. دۇنيادا دەپسەندە قىلغان ئىلاھىي چەكلىمىلەر ئۆلۈمدىن كېيىن روھلىرىغا زەھەرلىك جەھەننەم دەرىخىنىڭ مېۋىسى غىزا سۈپىتىدە بېرىلىدۇ ( 51 - 52 ). چۈنكى، ئۇلار ئىچىگە ئاللاھ ئىمتاھان مەقسىتى بىلەن تۇغۇلۇشتىلا فىترىتىگە تىككەن جەننەت دەرىخىنى سۇغۇرۇشنىڭ ئورنىغا جەھەننەم دەرىخىنى سۇغاردى. دۇنيادا قەيەرگە مەبلەغ سالغان بولسا ئاخىرەتتە ئۇنىڭ مېۋىسىنى ئالىدۇ. ئۇلار دۇنيادا گۇناھقا تويمىغاندى. ئاخىرەتتە دۇنيا ھاياتىدا قىلغان يامانلىقلىرىنىڭ زەھەرلىك شەربەتلىرىنى خۇددى سۇغا تەشنا بولغان تۆگىلەردەك ئىچىدۇ ( 54 - 55 ).

رەھمىتى چەكسىز بولغان رەھمان بەندىلىرىنىڭ زەھەرلىنىشىگە رازى ئەمەس. شۇڭا بۇ بۆلەكتىن كېيىن پۈتۈن ئىنسانلارغا خىتاب قىلىدۇ:

نَحْنُ خَلَقْنَاكُمْ فَلَوْلَا تُصَدِّقُونَ (57) أَفَرَأَيْتُمْ مَا تُمْنُونَ (58) أَأَنْتُمْ تَخْلُقُونَهُ أَمْ نَحْنُ الْخَالِقُونَ (59) نَحْنُ قَدَّرْنَا بَيْنَكُمُ الْمَوْتَ وَمَا نَحْنُ بِمَسْبُوقِينَ (60)

« بىز سىلەرنى ياراتتۇق. ( ئى ئىنسانلار ) بۇ ھەقىقەتنى نېمە ئۈچۈن قوبۇل قىلمايسىلەر؟ سىلەر ( ئاياللارنىڭ بەچچىدانىغا ) تۆكۈلگەن مەنى ھەققىدە ئويلاپ باقتىڭلارمۇ؟ ئۇنى سىلەر ياراتتىڭلارمۇ ياكى بارلىق يارىتىشنىڭ مەنبەسىمۇ بىزمۇ؟ سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ئۆلۈم قانۇنىنى بىز بەلگىلىدۇق، بىز ئۇنى ھەرگىز بۇزمايمىز » ( 57 - 60 ).

بۇ نېمەتلەر ئەسلىتىلگەندىن كېيىن بىر تەلەپ ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ:

« ئۇنداقتا ھەر ئىشنى ئەزىمەتلىك رەببىڭنىڭ نامى بىلەن قىلغىن! » ( 74 ).

بۇنىڭغا ئەمەل قىلغان كىشى رەببىنىڭ ۋەھيىسىنى ئۆزىگە يېتەكچى قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ « خىتاب قىلىنغۇچىنى / ئەمەل قىلغۇچىنى قىممەتكە ئىگە قىلغۇچى بىر خىتابتۇر » ( 77 ).

ۋەھيىنىڭ نازىل قىلىنىش مەقسىتى ئىنسانغا نېمەتنى بەرگۈچىنى ئەسلىتىشتۇر. مانا بۇ سەۋەبتىن ۋەھيىنى ئىنكار قىلىش، ئىنكار قىلغاندىن مەنپەئەتلىنىشتۇر « سىلەر مانا مۇشۇنداق قىلىپ ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىشنى ئۆزەڭلارغا ئوزۇقلۇق قىلىۋالىسىلەر » ( 82 ).

مانا بۇ يەردە بىر بۆلەك باشلىنىدۇ ۋە قۇرئاندا ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىغان سەكرات مەنزىرىسى تەسۋىرلىنىدۇ:

وَتَجْعَلُونَ رِزْقَكُمْ أَنَّكُمْ تُكَذِّبُونَ (82) فَلَوْلَا إِذَا بَلَغَتِ الْحُلْقُومَ (83) وَأَنْتُمْ حِينَئِذٍ تَنْظُرُونَ (84) وَنَحْنُ أَقْرَبُ إِلَيْهِ مِنْكُمْ وَلَكِنْ لَا تُبْصِرُونَ (85) فَلَوْلَا إِنْ كُنْتُمْ غَيْرَ مَدِينِينَ (86) تَرْجِعُونَهَا إِنْ كُنْتُمْ صَادِقِينَ (87) فَأَمَّا إِنْ كَانَ مِنَ الْمُقَرَّبِينَ (88) فَرَوْحٌ وَرَيْحَانٌ وَجَنَّةُ نَعِيمٍ (89) وَأَمَّا إِنْ كَانَ مِنْ أَصْحَابِ الْيَمِينِ (90) فَسَلَامٌ لَكَ مِنْ أَصْحَابِ الْيَمِينِ (91) وَأَمَّا إِنْ كَانَ مِنَ الْمُكَذِّبِينَ الضَّالِّينَ (92) فَنُزُلٌ مِنْ حَمِيمٍ (93) وَتَصْلِيَةُ جَحِيمٍ (94) إِنَّ هَذَا لَهُوَ حَقُّ الْيَقِينِ (95)

« مۇشۇنداق بىر خەۋەر / سۆز ( قۇرئان )نى سىلەر كىرلەتمەكچىمۇ؟ بۇ ئارقىلىق سىلەر ھەقىقەتنى يالغانغا چىقىرىشنى ئۆزەڭلارغا غىزا ھالىغا كەلتۈرمەكچى شۇنداقمۇ؟ ئۇنداقتا جان ھەلقۇمغا يەتكەن چاغدا ( سەكراتقا چۈشكەن ۋاقتتا ) نېمە بولىدۇ؟ سىلەر ئۇنىڭ ( ھەقىقەتنى / قۇرئاننى ئىنكار قىلغۇچىنىڭ) بېشىدا قاراپ تۇرىسىلەر. بىز ئۇنىڭغا سىلەردىنمۇ بەكرەك يېقىن بولىمىز، لېكىن سىلەر بىزنى كۆرەلمەيسىلەر. ئەگەر سىلەر بىزگە تۇغۇلۇشتىن قەرزدار ئەمەسلىكىڭلارغا ئىشەنسەڭلار، بۇ ئېتىقادىڭلاردا راستچىل بولساڭلار، قېنى ئۇنداقتا ھاياتنى

مېيىتقا قايتۇرۇپ بېرىڭلار. ئەگەر ئاللاھقا مۇقەررەبىين / يېقىن ( تائەت - ئىبادەت ۋە ياخشى ئىشلارنى ئەڭ ئالدىدا قىلغۇچى )لاردىن بولساڭلار، ( جايىڭلار ) ئىپادىلەشكە تىل ئاجىزلىق قىلىدىغان ھوزۇر، چەكسىز رىزىق ۋە شادلىققا تولغان جەننەتتە بولىسىلەر. ئەگەر سائادەتمەنلەردىن بولساڭلار، ( ئى ) ۋەدىسىگە ۋاپا قىلغۇچى بەختىيار كىشى: ساڭا سالام بولسۇن! ئەگەر ئۇ، ئىنكار قىلىپ توغرا يولدىن چىقىپ كەتكەن بىرى بولغان بولسا، ئۇنىڭ جازاسى يۇرەك داغلايدىغان ( ئۇمىتسىزلىك ) داستىخىنىدا كۈتۈۋېلىنىش ۋە شىددەتلىك ئوتقا ( جەھەننەمگە ) تاشلىنىش بولىدۇ. شەك - شۈبھىسىزكى، بۇ ئېنىق ھەقىقەتتۇر » ( 82 - 95 ).

سۆز ھالىتىدە ئالدىمىزغا قويۇلغان ھەقىقەتنى يالغانغا چىقىرىپ ئىنكار قىلغان كىشى، بىر كۈنى چوقۇم خەۋەر بېرىلگەن بۇ ھەقىقەت بىلەن يۈزلىشىدۇ ( 95 ). سۈرىنىڭ ئاخىرىدا ئىنسانلار بۇ ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشقا چاقىرىلغان:

فَسَبِّحْ بِاسْمِ رَبِّكَ الْعَظِيمِ (96)

ئۇنداقتا ( ئى ئىنسان! ) ھەر ئىشنى ئەزىمەتلىك رەببىڭنىڭ ئىسمى بىلەن قىلغىن.

## شۇئەرا سۈرىسى

سۈرە 224 - ئايىتىدە تىلغا ئېلىنغان « شائىرلار » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان « شۇئەرا » كەلىمىسى بىلەن ئاتالغان. ئايەتتە شامانلىقنى شائىرلىقنىڭ ئالدىغا ئۆتكۈزگەن، تىل سەنئىتىنى ئاللاھ قا بولغان ھەيرانلىقى يولىدا ئىشلەتمەي، ئۇنىڭغا قارشى چىققان شائىرلار ئەيىبلەنگەن.

وَالشُّعَرَاءُ يَتَّبِعُهُمُ الْغَاوُونَ - شائىرلارغا گۇمراھلار ئەگىشىدۇ ( 224 ).

سۈرە مەككىدە نازىل بولغان. ئىبنى ئابباسنىڭ قۇرئان نازىل بولۇش تەرتىپىدە تاھا - نەمل سۈرىلىرى ئارىسىغا، باشقا تەرتىپلەردە ۋاقىئە - نەمل سۈرىسى ئارىسىغا تىزىلغان. بۇ تەرتىپلەرگە ئاساسلانساق، مەزكۇر سۈرە دەۋەتنىڭ 5 - ياكى 6 - يىلىدا نازىل بولغان بولىدۇ. لېكىن، سۈرىنىڭ مەزمۇنى نەزەردە تۇتۇلغاندا، بۇ سۈرە قۇرەيش بايقۇتىنى دەۋر ئارقا كۆرنۈشى قىلغان. بەلكىم، بۇنىڭدىن بىر مەزگىل كېيىن نازىل بولغان بولىشىمۇ مۇمكىن. بۇ نۇقتا نەزەردە تۇتۇلغاندا، مەزكۇر سۈرە رىسالەتنىڭ 8 - يىلىدا نازىل بولغان بولسا كېرەك.

سۈرە ئەئراف، ھۇد، ھىجر ۋە ئەنبىيا سۈرىلىرىگە ئوخشاش ئاللاھ نىڭ ئەلچىلىرى ھەققىدە توختىلىدۇ. لېكىن، ھېچقايسىسىدا قىسسەلەردە تەكىتلەنگەن مەسىلىلەر ئوخشاش ئەمەس. بۇ سۈرىدىكى قىسسەلەرنىڭ مەركىزىدە نەبىلەر ئورۇن ئالغان. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ سۈرىدە بەنى ئىسرائىل بارلىق مۇھاتابلىرىغا ئىبرەت قىلىپ كۆرسىتىلگەن. سۈرىدە بىۋاستە ھالدا رەسۇلۇللاھقا خىتاب قىلىنىغان. شۇڭا، سۈرىدە ئىككىنجى شەخس بىرلىك ئالمىشى ( سەن ) ناھايىتى كۆپ ئىشلىتىلگەن. بۇ خىتاب بىۋاستە ھالدا رەسۇلۇللاھقا، ۋاستىلىق ھالدا بارلىق كىشلەرگە بولۇپ، ئۇلارنىڭ شەخسىيىتىنى شەكىللەندۈرۈشنى مەقسەت قىلماقتا. سۈرىنىڭ ئۈچىنچى ئايىتىدە ئىنكار قىلغۇچىلار ئۈچۈن كۆڭلى يېرىم بولغان، ئۇلارنىڭ ھالىغا ئېچىنغان پەيغەمبەرگە تەسەللىي بېرىلگەن:

لَعَلَّكَ بَاخِعٌ نَفْسَكَ أَلَّا يَكُونُوا مُؤْمِنِينَ

« ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقىدىن ئۆزەڭنى ھالاك قىلىۋېتەي دەپ قالدىڭ » ( 3 ).

باشقىلارنىڭ ئىمانى ئۈچۈن ئۆزىنى ھالاك قىلىش ... ئالەملەرگە رەھمەت بەلكىم مانا مۇشۇنداق بىر ئىش بولسا كېرەك. ئىسلامنىڭ بىر شەپقەت ھەرىكىتى ئىكەنلىكىگە بۇنىڭدىنمۇ ياخشى بىر ئۆرنەك بارمۇ؟ لېكىن، ئاللاھ قويغان بىر قانۇن بار. بۇ قانۇنغا ئاساسلانغاندا، سىرتتىن كەلگەن بىر تەلەپ بىراۋنىڭ ھىدايىتى ئۈچۈن كۇپايە قىلمايدۇ. چوقۇم كىشى ئۆزى تەلەپ قىلىشى، توغرا يولغا يۈزلىنىشى، ئاللاھ تىن توغرا يولغا باشلىشىنى تىلىشى لازىم. ئەگەر بۇنىڭ ئەكسىچە بولغان بولسا ئىدى، ئاللاھ نىڭ يەر يۈزىدىكى ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىنى

ئىمانغا مەجبۇر قىلىشى ھەرگىزمۇ تەس ئەمەس. ئىنسانلار ئىمانغا مەجبۇر ۋە مەھكۇم قىلىنغان بولسا ئىدى، ئىمان ئېيتقۇچىغا مۇكاپاتى بېرىشنىڭ ئەھمىيىتى بولاتتىمۇ؟ مۇكاپات ياكى جازا، ئەركىن ئىرادە بىلەن تاللاشنىڭ نەتىجىسىدۇر. تۆۋەندىكى ئايەتتە بۇ ھەقىقەت بايان قىلىنغان:

إِنْ نَشَأْ نُنَزِّلْ عَلَيْهِمْ مِنَ السَّمَاءِ آيَةً فَظَلَّتْ أَعْنَاقُهُمْ لَهَا خَاضِعِينَ

« ئەگەر بىز خالىساق ئۇلارغا ئاسماندىن شۇنداق بىر ئايەت ( ئالامەت ) چۈشۈرەتتۇق، ئۇلار ئۇنىڭغا ( مەجبۇرىي ) بويۇن پۈكۈپ، باش ئەگەتتى » ( 4 )

بۇ نۇقتىدا 3 - ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن كىشىنىڭ ئەقلىگە « رەسۇلۇللاھ قەۋمىنىڭ بېشىغا بۇرۇنقى ئۈممەتلەرگە كەلگەندەك بىرەر بالا كېلىشىدىن ئەنسىرەۋاتقان بولغىيمىدى؟ » دېگەن سوئال كېلىشى مۇمكىن.

رەسۇلۇللاھ ئۈچۈن ھەزرىتى مۇسا ۋە ئىبراھىم پەيغەمبەرلەر ئۆرنەك قىلىپ كۆرسىتىلگەن، ئىنكار قىلغۇچىلار ئۈچۈن نۇھ، ئاد، سەمۇد، لۇت ۋە ئەيكە قەۋمىنىڭ ئاقىۋىتى ئىبرەت قىلىپ كۆرسىتىلگەن. سۈرىدە ئىبرەت قىلىپ كۆرسىتىلگەن قەۋملەر ئاساسەن ئىنسانىيەت تارىخىدىكى بىر ئازغۇنلۇق تۈرىنى ئىشارەت قىلماقتا.

سۈرىدە بىر قانچە رەسۇلنىڭ ئاللاھ قا دەۋەت قىلىش يولىدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى ۋە قەۋمىنىڭ ئۇلارغا تۇتقان ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسى بايان قىلىنغان. بولۇپمۇ بۇ قەۋملەرنىڭ مۆجىزىلىك ئىشارەتلەر ئالدىدىمۇ ئىنكار قىلىشتا چىڭ تۇرۇشى بايان قىلىنىپ، 4 - ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان ھەقىقەتنى ئىما قىلىپ ئۆتكەن. بۇ ئۆرنەكلەر ئارقىلىق قەۋمىنىڭ مۆئمىن بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن، ئۇلار ئۈچۈن قايغۇرۇپ ھالاك بولۇپ كېتەي دەپ قالغان رەسۇلۇللاھقا تەسەللىي بېرىلگەن. بۇ ئۆرنەكلەر ئارقىلىق ئىنكارچىلىقتا چىڭ تۇرغان قەۋملەرنىڭ ھېچبىرىدە ئۈمىد يوق ئىكەنلىكى كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن. بۇ قىسسەلەرنىڭ مەقسىتى ھەر بىر قىسسەدىن كېيىن تىلغا ئېلىنغان ۋە سۈرىدە سەككىز قېتىم تەكرارلانغان بۇ ئايەتكە مۇجەسسەملەنگەن:

إِنَّ فِي ذَلِكَ لَآيَةً وَمَا كَانَ أَكْثَرُهُمْ مُؤْمِنِينَ (67) وَإِنَّ رَبَّكَ لَهُوَ الْعَزِيزُ الرَّحِيمُ (68)

« شۈبھىسىزكى، بۇ قىسسەدە ساۋاق ئالغۇچىلار ئۈچۈن چوڭ ئىبرەت بار. لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى يەنىلا ئىشەنمەيدۇ. ئاللاھ غالىبتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر » ( 67 - 68)

بۇ ئاگاھلاندۇرۇش:

1. ئىنسانلارنىڭ كۆپ سانلىقىنىڭ پەرۋاسىز مۇئامىلىسىنى ئۆلچەم قىلىشقا بولمايدۇ. سەن ئىبرەت ۋە ساۋاق ئال!

2. ئاللاھ قا ئىشەنچ قىل، ئۇنىڭ مەرھەمىتى چەكسىز بىر رەببى - رەھىم ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇما. ئاندىن سۆز يەنە بارلىق دەۋرلەرنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى بولغان قۇرئانغا كېلىپ توختايدۇ. « قۇرئان نېمە؟ قانداق كەلگەن؟ كىمگە كەلگەن؟ قەيەردىن كەلگەن؟ نېمە ئۈچۈن نازىل بولغان؟ قانداق خىتاب؟ » دېگەندەك بىر قاتار سوئالغا تۆۋەندىكى تۆت ئايەت بىلەن جاۋاب بېرىلگەن:

وَإِنَّهُ لَتَنْزِيلُ رَبِّ الْعَالَمِينَ (192) نَزَلَ بِهِ الرُّوحُ الْأَمِينُ (193) عَلَى قَلْبِكَ لِتَكُونَ مِنَ الْمُنْذِرِينَ (194) بِلِسَانٍ عَرَبِيٍّ مُبِينٍ (195)

« شۈبھىسىزكى، قۇرئان ئالەملەرنىڭ رەببى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر. ئاگاھلاندۇرغۇچىلاردىن بولۇشۇڭ ئۈچۈن، ئىشەنچلىك جىبرىئىل ئۇنى سېنىڭ قەلبىڭگە ئېلىپ چۈشتى. ( قۇرئان ) ئوچۇق ئەرەبى تىلدا ( نازىل بولدى ) » ( 192 - 195).

سۈرىدە يەنە ئىنسانىيەت سەدىقىسى بولغان نەبىلەرنىڭ شۇ خىتابى بەش قېتىم تەكرارلانماقتا:

وَمَا أَسْأَلُكُمْ عَلَيْهِ مِنْ أَجْرٍ إِنْ أَجْرِيَ إِلَّا عَلَى رَبِّ الْعَالَمِينَ

« تەبلىغ قىلغانلىقىم ئۈچۈن سىلەردىن ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايمەن، ئۇنى پەقەت ئالەملەرنىڭ رەببىدىن تىلەيمەن » ( 127 ).

نەبىلەر ھەق سەدىقىسى بولۇپ، ئۇلار ھاياتنى ئىنسانىيەتنىڭ سائادىتى ئۈچۈن ئاللاھ قا ئاتىغان كىشىلەردۇر. ھەقلىرىنى ۋە مۇكاپاتىنى دەۋەت قىلغان ئىنسانلاردىن ئەمەس، ئاللاھ تىن ئالغاندى. ئالغان دېبۇق،

چۈنكى ياخشى بولۇش ۋە ياخشىلىق قىلىش ئۈچۈن ھەق ئىلىش ۋە مۇكاپات ئىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. ياخشى بولۇشنىڭ ئۆزىلا بىر مۇكاپات ئەسلىدە. نەبىلەرنىڭ ھاياتى بۇ ھەقىقەتنىڭ جانلىق شاھىتى.

سۈرىگە « شائىرلار » دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان ئىسمىنىڭ بېرىلىشىغا سەۋەب بولغان ئايەتلەر سۈرىنىڭ ئاخىرىدا ئورۇن ئالغان. بۇ ئايەتلەردە ئەيىبلەنگەن شائىرلار ساختا رەسۇل قىلىپىغا كىرىۋالغان « شامان » شائىرلىرى بولۇپ، ئەيىبلەنگەن شېئىرلارمۇ ۋەھيىنىڭ تەختىگە كۆز تىككەن ۋە مۇھاتابىنىڭ ئەقلىنى ئەمەس، ھېسسىي تۇيغۇسىنى نىشان قىلغان سېھىر - ئەپسۇنىنىڭ قېرىندىشى ھېسابلىنىدىغان تۈردىكى شېئىرلاردۇر.

هَلْ أُنَبِّئُكُمْ عَلَى مَنْ تَنَزَّلُ الشَّيَاطِينُ (221) تَنَزَّلُ عَلَى كُلِّ أَفَّاكٍ أَثِيمٍ (222) يُلْقُونَ السَّمْعَ وَأَكْثَرُهُمْ كَاذِبُونَ (223) وَالشُّعَرَاءُ يَتَّبِعُهُمُ الْغَاوُونَ (224) أَلَمْ تَرَ أَنَّهُمْ فِي كُلِّ وَادٍ يَهِيمُونَ (225) وَأَنَّهُمْ يَقُولُونَ مَا لَا يَفْعَلُونَ (226)

« سىلەرگە مەن شەيتانلارنىڭ كىمگە چۈشىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ ئۇلار ئۆزىنى ئالداشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇۋالغان ھەر گۇناھكارغا چۈشىدۇ، ( يالغانغا ) قۇلاق سالىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ تولىسى ( باشقىلارغىمۇ ) يالغان ئېيتىدۇ. ( شامانلىق قىلىۋاتقان ) شائىرلارغا گۇمراھلار ئەگىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ( خىيال ۋە ھېس ) ۋادىلىرىدا تېڭىرقاپ يۈرگەنلىكىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇلار قىلمىغان نەرسىلەرنى قىلدۇق دەپ سۆزلەيدۇ » ( 221 - 226 ).

ھەقىقەتنى ئىزدىگەن شېئىر ھېكمەت، ھەقىقەتنى ئىزدىگەن شائىر ھەكىمدۇر. ھەقىقەتنىڭ ئورنىغا كۆز تىككەن شېئىر ھەددىنى ئاشقان سۆزدۇر. سۆزنىڭ ھەددىدىن ئاشقىنى ھەددىدىن ئاشقان ئىنساندىن ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. ھەددىدىن ئاشقان شائىر شامانلىققا مايىل بولغان كىشىدۇر. قەدىمقى ھەر ئېزىشتا ۋە ھەر خىل باتىل ئېتىقادتا شامانلىقتىن بىر ئىز بار. ئىسلامدىن ئىبارەت ھەق دىن ئىنسانىيەت بىلەن تەگتۇش بولغانىدەك، شامانلىقمۇ ئىنسانىيەت بىلەن تەگتۇش بارلىق خۇراپاتلىقنىڭ ئىسمىدۇر. ئەلۋەتتە، قۇرئان ئۆزىنى بىلىدىغان شائىر ۋە سۆزگە بىر نەرسە دېمەيدۇ. بۇنىڭ دەلىلى 227 - ئايەتتۇر.

سۈرىنىڭ ئاخىرقى ئايىتى ئاللاھ قا، ئۆزىگە ۋە شەيئىلەرگە ياتلاشقان ھەر قەۋم ۋە مەدەنىيەتنى كۈتۈپ تۇرغان ئۆزگەرمەس بىر قانۇنىيەتتىن خەۋەر بەرمەكتە:

وَسَيَعْلَمُ الَّذِينَ ظَلَمُوا أَيَّ مُنْقَلَبٍ يَنْقَلِبُونَ

« زۇلۇم پاتقىقىغا پاتقانلار ئۇزاققا قالماي قايسى جايغا قايتىدىغانلىقىنى بىلىپ قالىدۇ » ( 227 ).

ئامەننا ۋە سەددەقنا دەيمىز يا رەببى! بىزنى ئۇ زالىملار قاتارىدىن قىلمىغىن، ئۇ زالىملارغا يۆلەنگەن زالىملاردىن قىلمىغىن!

## ئىنشىقاق سۈرىسى

سۈرە « يېرىلىش، پارچىلىنىش » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ئىنشىقاق كەلىمىسى بىلەن ئاتالغان بولۇپ، بۇ كەلىمە بىرىنچى ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان:

« ئاسمان يېرىلغان چاغدا » ( 1 ).

بۇ سۈرە ئىلاھىي تەرتىپنىڭ بۇزۇلۇشىنى بىلدۈرىدىغان سۈرىلەردىن بىرى.

سۈرە مەككىدە نازىل بولغان. سۈرىدىكى 6، 13 - 14 ۋە 20 - 24 - ئايەتلەرگە قارىغاندا، بۇ سۈرە قۇرەيش بايقۇتى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىققان مەزگىلدە نازىل بولغان. بۇ ئايەتلەردە مۇشرىكلار زۇلۇمىنىڭ كۈچىيىپ، مۇئمىنلەرنىڭ قاتتىق ئېغىر كۈندە قالغانلىقى ئىما قىلىنغان.

ھەزرىتى ئوسمان ۋە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ نۇزۇل تەرتىپلىرىدە ئىنفىتار - رۇم سۈرىلىرى ئارىسىغا تىزىلغان. بۇ سۈرىنى رىسالەتنىڭ 8 - يىلىدا نازىل بولغان سۈرىلەر قاتارىغا تىزىشقا بولىدۇ.

سۈرىدە بۇ دۇنيا ھاياتىنىڭ يەنە بىر يۈزى بارلىقى ئاساسىي تېما قىلىنغان بولۇپ، كىشى نېمە تېرىغان بولسا شۇنى ئالىدىغانلىقى، شۇ مەھسۇلاتى بىلەن ئاللاھ نىڭ ھوزۇرىغا چىقىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. يىغىنچاقلىغاندا، كائىناتىنىڭ يولۇچىسى بولغان ئىنسان يولىنىڭ ئاخىرىدا تاللىشىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ.

إِذَا السَّمَاءُ انْشَقَّتْ (1) وَأَذِنَتْ لِرَبِّهَا وَحُقَّتْ (2) وَإِذَا الْأَرْضُ مُدَّتْ (3) وَأَلْقَتْ مَا فِيهَا وَتَخَلَّتْ (4) وَأَذِنَتْ لِرَبِّهَا وَحُقَّتْ (5) يَا أَيُّهَا الْإِنْسَانُ إِنَّكَ كَادِحٌ إِلَى رَبِّكَ كَدْحًا فَمُلَاقِيهِ (6)

« ئاسمان يېرىلغان، رەببىڭنىڭ خىتابىغا قۇلاق سالغان ۋە ئۇنىڭ نەتىجىسى ئېلىنغان، زېمىن سوزۇلۇپ بىپايان بىر تۈزلەڭلىككە ئايلاندۇرۇلغان، ئىچىدىكى ھەممە نەرسىنى سىرتىغا چىقىرىپ ئىچىنى قۇرۇقدىغان، رەببىڭنىڭ خىتابىغا قۇلاق سالغان ۋە ئۇنىڭ نەتىجىسى ئېلىنغان ۋاقىتقىچە، ئى ئىنسان! رەببىڭگە مۇلاقات بولىدىغان ۋاقىتقىچە سەن ( مەيلى خالا - خالىما ) ھايات يولىدا تېز سۈرئەتتە سەپىرىڭنى داۋاملاشتۇرىسەن » ( 1 - 6 ).

بۇ ھايات سەپىرىدە ھەر كىشىنىڭ ئارخىپى ئىشلىنىۋاتقان بولۇپ، ياخشىلار دۇنيا ھاياتىدا مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئەمەل قىلغانلىقى ئۈچۈن نامە - ئەمەل دەپتىرى ئوڭ قولىغا بېرىلىدۇ. جازاغا لايىق بولغۇچىلار دۇنيا ھاياتىدا پىترىتىگە ماس بولغان ھالدا مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلمىغان، ۋىجدانىنىڭ چۇقانىغا قۇلاق سالمىغانلىقى ئۈچۈن نامە - ئەمەل دەپتىرى سول قولىغا بېرىلىدۇ ( 7 - 15 ).

ئەڭ چوڭ شاھىت كىم؟ شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تۇر. ئەڭ بۈيۈك گۇۋاھلىق كىمنىڭ گۇۋاھلىقى؟ ئەلۋەتتە، ئاللاھ نىڭ گۇۋاھلىقىدۇر. ئۇنداقتا، ئەڭ بۈيۈك شاھىتنىڭ كالامىغا قۇلاق سېلىشنىڭ ئىنسان روھىدا پەيدا قىلغان ئۆزگىرىشمۇ ھەقىقەتەن ئەڭ چوڭ بولىدۇ:

فَلَا أُقْسِمُ بِالشَّفَقِ (16) وَاللَّيْلِ وَمَا وَسَقَ (17) وَالْقَمَرِ إِذَا اتَّسَقَ (18) لَتَرْكَبُنَّ طَبَقًا عَنْ طَبَقٍ (19)

« شەپەق ۋاقتىنى شاھىت قىلىمەن! كېچە ۋە ئۇ خاتىرلىگەن نەرسىلەرنى شاھىت قىلىمەن! نۇرى كامالەتكە يەتكەن ئاي بىلەن قەسەمكى! ئى ئىنسانلار! سىلەر جەزمەن بىر ھالەتتىن بىر ھالەتكە ... ھالەتلاردا تۇرمايسىلەر، قەدەممۇ - قەدەم ھايات سەپىرىنىڭ ئاخىرقى بېكەتكە قاراپ ئىلگىرىلەيسىلەر » ( 16 - 19 ).

ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئايەتلەردە ھايات سەپىرىنىڭ ئاخىرقى بېكىتىدىكى مۇكاپات ۋە جازا تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، بۇ ئادالەتنىڭ يەنە بىر ئىسمىدۇر ( 24 - 25 ).

# نەمل سۈرىسى

نەمل كەلىمىسى خاس ئىسىم بولغاندا « چۈمۈلە »، ئومۇمىي ئىسىم بولغاندا « بىر يەرگە جەم بولۇش قابىلىيىتىگە ئىگە ئەڭ كىچىك ۋە ئاجىز جانلىق » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ، سۈرىنىڭ 18 - 19 - ئايىتىدە بايان قىلىنغان قىسسەدە تىلغا ئېلىنغان.

بۇخارى ۋە تىرمىزدا بۇ سۈرە قىسسە تېمىسىغا نىسبەت بېرىلگەن ھالدا « سۇلايمان سۈرىسى » دەپ ئاتالغان.

سۈرە مەككىدە نازىل بولغان. دەسلەپكى نۇزۇل تەرتىپلىرىنىڭ ھەممىسىدە شۇئەرا - قەسەس سۈرىسى ئارىسىغا تىزىلغان. سۈرىنىڭ بىۋاستە ھالدا مۇھاتابىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەت، كۈچ ۋە ئادالەت ئەخلاقىنى شەكىللەندۈرۈشنى مەقسەت قىلغان مەزمۇنى بۇ تەرتىپنى توغرىلايدۇ. قۇرەيش بايقۇتى مەزگىلى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋردە نازىل بولغان سۈرىلەرنىڭ ھەممىسىدە پەيغەمبەرلەر قىسسىلىرى، بولۇپمۇ بەنى ئىسرائىل ئۆرنىكى ئارقىلىق ساۋاقلار بېرىلگەن بولۇپ، بۇ مەزكۇر دەۋردە نازىل بولغان سۈرىلەرنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكىدۇر. سۈرە دەۋەتنىڭ 8 - يىلىدا نازىل بولغان بولسا كېرەك.

سۇرىدە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىسىملىرىنى چۆرىدىگەن ھالدا قىسسەلەر ۋە ۋەقەلەر بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئارقىلىق رەسۇلۇللاھ ۋە بارلىق مۇئمىنلەرنىڭ شەخسىيىتىنى شەكىللەندۈرۈش مەقسەت قىلىنغان. بۇ مەقسەت سۈرىدە ناھايىتى روشەن ھالدا ئۆزىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇپ، قىسسەلەر ئاخىرلاشقاندا ئاللاھ قا ھەمد، پەيغەمبەرلەرگە سالام قىلىشقا بۇيرۇلغان ( 59 ).

سۈرە مۇقاتتائا ھەرپلىرى بىلەن باشلانغان سۈرىلەر قاتارىدىن بولۇپ، ۋەھيي ئىما قىلىنغان ھالدا باشلانغان. سۈرىنىڭ باشلىنىشىدىلا نامازنى تەئدىل ئەركان بىلەن ئادا قىلغان ۋە زاكاتنى چىن كۆڭلىدىن چىقىرىپ بەرگەن مۇئمىنلەرگە خۇش خەۋەر بېرىلگەن ( 3 ).

سالات ( ناماز ) ۋە زاكات قۇرئاننىڭ نازىل بولۇش باسقۇچىنىڭ ھەممىسىدە بىزگە كۆپ ئۇچرايدىغان ئىككى ئىبادەتتۇر. نەچچە ئون ئايەتتە بىرلىكتە تىلغا ئېلىنغان. بىرىنچىسى ( سالات ) بەندىنىڭ ئاللاھ ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىنى؛ ئىككىنجىسى ( زاكات ) بەندىنىڭ ئىجتىمائىي جەمئىيەت ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، ناماز ھېس - تۇيغۇ ۋە چۈشەنچىگە توغرا يولنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. زاكات، مال ۋە بايلىق ھەققىدە توغرا يۆنىلىشنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ناماز بەندىنى يامانلىقلاردىن توسىدۇ، زاكات دۇنياغا بېرىلىپ كېتىشتىن ساقلايدۇ. ناماز ۋە زاكات بىر قۇشنىڭ ئىككى قانىتىغا ئوخشايدىغان بولۇپ، ئىنسان ھايات سەپرىدە بۇ ئىككى قانات بىلەن ئۇچالايدۇ.

ئايەتتىكى « زاكات بېرىدۇ » ئىپادىسىدىن، خېلى بىر مەزگىلدىن كېيىن رەسۇلۇللاھ تەرىپىدىن قائىدىسى ۋە نىسبىتى ئېنىق ھالدا بەلگىلەنگەن بىر ئىبادەت نەزەردە تۇتۇلغان دەپ قارالماسلىق كېرەك. بۇ مەزگىلدە زاكات ئىقتىسادىي مەجبۇرىيەتتىن باشقا « پاكلىنىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ھەر خىل پىداكارلىقنى » ئۆز ئىچىگە ئالغان. كەلىمىنىڭ سۆز يىلتىزىدىن مەلۇم بولغاندەك، ئاشۇرۇش ئۈچۈن پاكلىنىش ... شۇڭا زاكات بېرىش، ياۋا شاخلارنى پۇتاشقا ئوخشايدۇ. ياۋا شاخلار پۇتالغاندا، كۆرۈنۈشتە شاخ ئازايغاندەك قىلسىمۇ، ساپاقتىكى ئۈزۈم كۆپىيىدۇ. زاكات دەل بۇنىڭغا ئوخشايدۇ. راتسىئونال ماتېماتىكىدا 40 تىن بىرنى ئېلىۋەتكەندە 39 قالىدۇ. لېكىن، ئىمان ماتېماتىكىسىدا 400 قالىدۇ.

سۈرىدە قىسسەلەر بۆلىكى باشلانغاندا، داۋۇت ۋە سۇلايمان ئىسمى تىلغا ئېلىنغان. بۇ ئىككى شەخس پەقەت پەيغەمبەر بولۇپلا قالماستىن بەلكى ئۆز دەۋرىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى بولۇپ، سۈرە بۇ پەيغەمبەرلەر ھەققىدە توختالغاندا، بۇلارغا « مۇلۇك » بېرىلگەنلىكىنى ئەمەس، ئەكسىچە « ئىلىم » بېرىلگەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ:

وَلَقَدْ آتَيْنَا دَاوُودَ وَسُلَيْمَانَ عِلْمًا وَقَالَا الْحَمْدُ لِلَّهِ الَّذِي فَضَّلَنَا عَلَى كَثِيرٍ مِنْ عِبَادِهِ الْمُؤْمِنِينَ

بىز ھەقىقەتەن داۋۇدقا، سۇلايمانغا ئىلىم ئاتا قىلدۇق. ئۇلار: « جىمى ھەمدۇسانا بىزنى نۇرغۇن بەندىلىرىدىن ئارتۇق قىلغان ئاللاھ قا خاستۇر! » دېگەندى ( 15 ).

ئۇلار ئۆزلىرىگە بېرىلگەن ئىلىمنىڭ شۈكرىسىنى ئادا قىلغاندى. ئۇلار ئۆزلىرىگە بېرىلگەن ئىلىم بىلەن ئاللاھ قا ھەمدۇسانا ئېيتقاندى. ئۇنداقتا، ئىگىسىگە ھەمدۇسانا ئېيتىشنى ئۆگەتمىگەن ئىلىم، ئىلىم بولامدۇ؟ دادىسى داۋۇدقا ۋارىس بولغان سۇلايمانغا « قۇشلارنىڭ مەنتىقىسى (مَنْطِقَ الطَّيْرِ )» ئۆگىتىلگەندى ( 16 ). ئايەتتە قۇشلارغا مەنتىق نىسبەت قىلىنغان بولۇپ، سۇلايمان ئۇلارنىڭ مەنتىقىسىنى بىلەتتى. بىرسى بىر نەرسىدىن مەنا چىقارغان بولسا، ئۇ كىشىدە شۇ نەرسىنىڭ تىلى بار بولغان بولىدۇ. بىرسى بىر نەرسىدىن ھېچقانداق بىر مەنا چىقىرالمىغان بولسا، ئۇ شۇ نەرسىنىڭ تىلىنى ۋە سۆزىنى بىلىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ تىلسىزدۇر. ئايەتتە قۇشلارغا سۇلايماننىڭ تىلىنى ئەمەس، سۇلايمانغا قۇشلارنىڭ تىلى / مەنتىقى ئۆگىتىلگەنلىكى بايان قىلىنغان. كارامەت قۇشنىڭ زاۋانغا كېلىشىدە ئەمەس، سۇلايماننىڭ پاراسەت ۋە ئەقىللىق بولغانلىقىدا ئىدى.

سۈرىدە سۇلايمان ۋە بىلقىس ھەققىدىكى قىسسەگە كەڭ دائىرىدە ئورۇن بېرىلگەن ( 16 - 44 ) بولۇپ، بۇ ئارقىلىق « بىر چۈمۈلىگىمۇ زۇلۇم قىلماسلىق » نەسىھەت قىلىنىپ، ھوقۇق ۋە كۈچ ئەخلاقى ياكى كۈچ ۋە ھېكمەت مۇناسىۋىتىنى قانداق شەكىللەندۈرۈش ئۆگىتىلگەن. سۇلتان سۇلايمان بولۇپ دۇنياغا ھۆكۈمران بولالىشىڭىز مۇمكىن. لېكىن، سىزنى قۇدرەتلىك قىلغان نەرسە سەلتەنەتىڭىز ئەمەس، ئەكسىچە كۈچ ۋە ھوقۇق

قولىغىزدا بولۇشىغا قارىماي، بىر چۈمۈلىگىمۇ زۇلۇم قىلماسلىقتەك ئادالەتنى بەرپا قىلالىشىڭىزدۇر. سۈرىگە ئىسمى بېرىلگەن « چۈمۈلە » مانا بۇ زۇلۇمغا ئۇچرىمىغان چۈمۈلىدۇر.

سۈرىدە ھەر رەسۇلنىڭ ئۆزگىچە ئارتۇقچىلىق ۋە قابىلىيەتكە ئىگە قىلىنغانلىقى ئىما قىلىنغان. ھەزرىتى سۈلايمانغىمۇ بۇ سۈرىدە بايان قىلىنغان ئارتۇقچىلىقلار ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلگەنىدى. بۇ قىسسەنىڭ ئالدىدا بايان قىلىنغان مۇسا ( 7 ـ 14 ) ، ئۇنىڭدىن كېيىن بايان قىلىنغان سالىھ ( 45 ـ 53 ) ۋە لۇت قەۋمى ( 54 ـ 58 ) قىسسەلىرى ئارقىلىق ئىنكارچى روھىيەت ئاگاھلاندۇرۇلغان.

سۈرىدە تەۋھىد ئەقىدىسى ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇشلار بېرىلگەن بولۇپ، ئاللاھ تىن غەيرىگە ئىلاھلىق سۈپىتى بېرىشنىڭ ئاللاھقا قىلىنغان ئەڭ چوڭ تۆزكورلۇق ئىكەنلىكى تەكىتلەنگەندىن كېيىن، بۇ خىل تۆزكور كىشىلەرگە مۇنداق خىتاب قىلىنغان:

قُلْ لَا يَعْلَمُ مَنْ فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ الْغَيْبَ إِلَّا اللَّهُ وَمَا يَشْعُرُونَ أَيَّانَ يُبْعَثُونَ

ئېيتقىنكى: « ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا ئاللاھ تىن باشقا ھېچكىم ئىدراكتىن ھالقىغان ھەقىقەتلەرنى ( غەيبنى ) بىلمەيدۇ، ھېچكىم ئۆلگەندىن كېيىن قاچان تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ » ( 65 ).

سۈرىدە خارابىگە ئايلىنىپ كەتكەن مەدەنىيەتلەردىن قالغان ئىزنالارغا ئىبرەت نەزىرىدە قاراپ ئۇلاردىن ساۋاپ ئېلىشقا بۇيرۇلغان:

قُلْ سِيرُوا فِي الْأَرْضِ فَانْظُرُوا كَيْفَ كَانَ عَاقِبَةُ الْمُجْرِمِينَ

ئېيتقىنكى: « زېمىندا سەير قىلىڭلار، گۇناھكارلار ( پەيغەمبەرلىرىنى / ۋەھيىنى ئىنكار قىلغۇچىلار )نىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قاراڭلار » ( 69 ).

ئاندىن سۈرە باشلىنىشتىكىگە ئوخشاش سۆزنى ۋەھيىگە / قۇرئانغا كەلتۈرۈپ، ۋەھيىنىڭ خىتاب قىلىنغۇچىدا شەكىللەندۈرمەكچى بولغان ئاخىرەت چۈشەنچىسىنى تەكىتلىگەن:

وَيَقُولُونَ مَتَى هَذَا الْوَعْدُ إِنْ كُنْتُمْ صَادِقِينَ (71) قُلْ عَسَى أَنْ يَكُونَ رَدِفَ لَكُمْ بَعْضُ الَّذِي تَسْتَعْجِلُونَ (72)

ئۇلار: « ئەگەر ( سۆزۈڭلاردا ) راستچىل بولساڭلار، ( سىلەر بىزگە ۋەدە قىلغان ) ئازاب قاچان چۈشىدۇ » دېيىشىدۇ. « سىلەر ئالدىراپ كەتكەن ئازابنىڭ بىر قىسمى سىلەرگە يېقىنلاشقان بولۇشى مۇمكىن » دېگىن ( 71 ـ 72 ).

ئاندىن بىردىنلا بەنى ئىسرائىل ھەققىدە بايانلار باشلىنىدۇ. قۇرئان بەنى ئىسرائىل ئىختىلاپ قىلىشقان بىر مۇنچە مەسىلىنىڭ ھەقىقىتىنى بايان قىلغان بولۇپ، ئەگەر يەھۇدىيلار قۇرئانغا مۇراجەت قىلسا ئۆزئارا ئىختىلاپ قىلىشقان بىر مۇنچە مەسىلىنىڭ ھەقىقىتىدىن خەۋەردار بولاتتى ( 76 ).

قۇرئان بىز بىلىدىغان ئۇقۇملارنى يېڭىۋاشتىن ئىزاھلاپ توغرا بولغان مەنىسىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. بۇ مەنىلەر بىرلا دۇنيالىق ئەمەس، ئىككى دۇنيالىق مەنىلەر بولۇپ، بۇ مەنىلەر ئاساسىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن ئەقىل ئاللاھ « نەزەر تاشلا » دېگەن ۋاقىتتا تۇرۇپ ۋەقە ـ ھادىسىلەرگە نەزەر تاشلايدۇ ۋە ئاللاھ كۆرسەتمەكچى بولغان نەرسىنى كۆرىدۇ. ھايات ۋە ئۆلۈم قۇرئان يېڭىۋاشتىن ئىزاھلىغان ئۇقۇملاردىن پەقەت بىر ئۆرنەك، خالاس. قۇرئان بىز « ئۆلۈك » دېگەنلەرگە « ئۆلۈك » دېمەيدۇ، ئەكسىچە بىز « تىرىك » دېگەنلەرگە « ئۆلۈك » دەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بىز « كۆزى ئوچۇق » دەپ بىلگەنلىرىمىزنى « كور » دەيدۇ. بۇ ھەقىقەت تۆۋەندىكى ئايەتتە مۇنداق بايان قىلىنغان:

إِنَّكَ لَا تُسْمِعُ الْمَوْتَى وَلَا تُسْمِعُ الصُّمَّ الدُّعَاءَ إِذَا وَلَّوْا مُدْبِرِينَ (80) وَمَا أَنْتَ بِهَادِي الْعُمْيِ عَنْ ضَلَالَتِهِمْ إِنْ تُسْمِعُ إِلَّا مَنْ يُؤْمِنُ بِآيَاتِنَا فَهُمْ مُسْلِمُونَ (81)

« شۈبھىسىزكى، سەن ئۆلۈكلەرگە ئاڭلىتالمايسەن. بولۇپمۇ بۇ دەۋەتتىن يۈز ئۆرۈگەن گاسلارغا دەۋىتىڭنى ئاڭلىتالمايسەن. توغرا يولدىن چىقىپ كەتكەن كورلارنى توغرا يولغا سەن باشلىيالمايسەن. سەن پەقەت بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە چىنپۈتكەن كىشىلەرگىلا ئاڭلىتالايسەن » ( 80 ـ 81 ).

ۋەھيي، ئاللاھ نىڭ ئىنسانلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن غاپىل ئەمەسلىكىنىڭ نامايەندىسىدۇر. ئاللاھ نىڭ غاپىل ئەمەسلىكى، ھاكىمى پەقەت ئاللاھ لا بولغان مەھشەر كۈنىدىكى مەھكىمىدە ھەقىقىي رەۋىشتە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ:

وَمَا رَبُّكَ بِغَافِلٍ عَمَّا تَعْمَلُونَ

« رەببىڭلار سىلەرنىڭ قىلغان ئەمەللىرىڭلاردىن غاپىل ئەمەستۇر » ( 93 ).

# قەمەر سۈرىسى

سۈرە بىرىنچى ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان، ئاينىڭ جىسمى مەۋجۇتلۇقىغا دالالەت قىلىدىغان « ئاي » مەنىسىدىكى « قەمەر » كەلىمىسى بىلەن ئاتالغان.

ساھابىلەر سۈرىنى « اقْتَرَبَتِ السَّاعَ » ئىسمى بىلەن ئاتىغان ( بۇخارى، تەفسىر ).

سۈرە مەككىدە نازىل بولغان بولۇپ، بۇ ھەقتە ھەزرىتى ئائىشەدىن مۇنداق بىر رىۋايەت نەقىل قىلىنغان: « بۇ سۈرە مۇھەممەد ( ئەلەيھىسسالام )كە نازىل بولغان ۋاقىتتا ئويۇن ئوينايدىغان بىر كىچىك قىز ئىدىم » ( بۇخارى، تەپسىر ).

دەسلەپكى مەزگىلدە تىزىلغان قۇرئان نازىل بولۇش تەرتىپلىرىدە بۇ سۈرە تارىق - ساد سۈرىلىرى ئارىسىغا تىزىلغان. بۇ سۈرىنى دەۋەتنىڭ 5 - يىلى نازىل بولغان تارىق سۈرىسىنىڭ ئارقىسىغا تىزىش توغرا ئەمەس. چۈنكى، سۈرە قۇرەيش بايقۇتى مۇسۇلمانلاردا قالدۇرغان يارىلارنى ساقايتىدىغان بىر ئۇسلۇبقا ئىگە. بۇ سۈرە ئۇ يارىلار تېخى يېڭى چىققان تىرە بىلەن ئىتىلىۋاتقان مەزگىلدە نازىل بولغان بولسا كېرەك.

« سۈرە ئاخىرقى سائەت يېقىنلاشتى ۋە ئاي يېرىلدى » ( 1 ) دەپ باشلىنىدۇ. قۇرئاندا ئاخىرقى سائەت ھەققىدىكى مەلۇماتلارنىڭ مۇتلەق ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئۆتمۈش زامان شەكلى ئىشلىتىلىدۇ. بۇ قائىدە ئاساسىدا بىرىنچى ئايەتنى مۇنداق چۈشىنىش كېرەك:

« ئاخىرقى سائەت يېقىنلىشىدۇ ۋە ئاي يېرىلىدۇ ».

تابىئىنلار ئىچىدىن چىققان مەشھۇر ئالىم ھەسەن ئەلبەسرى ۋە ئاتا بىن ئەبى راباھ بۇ ئايەتنى قىيامەت يېقىنلاشقاندا يۈز بېرىدىغان كېلەچەك ھەققىدە ئالدىن بېرىلگەن خەۋەر دەپ چۈشەنگەن. تابىئىنلاردىن باشقا كىشىلەر ۋە ئۇلارنى ئۆزىگە ئۇستاز تۇتقانلار بۇ ھەقىقىي يۈز بەرگەن بىر مۆجىزە ھەققىدە بېرىلگەن مەلۇمات دەپ قارىغان. مۇشۇنداق بىر مۆجىزىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ھەقىقەتەن چوڭ ۋەقەدۇر.

مۆجىزىلەر ھەققىدە قۇرئان بىزگە قايتا - قايتا بىلدۈرگەن، ئىلاھى قانۇن قۇرئاندا مۇنداق بايان قىلىنغان:

ئىنكارچى قەۋم مۆجىزە تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر بۇ تەلەپ ئادا قىلىنىپ مۆجىزە ئەۋەتىلسە، ئۇلاردىن بۇ مۆجىزىگە جاۋابەن ئىمان ئېيتىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەگەر مۆجىزە كەلگەندىن كېيىنمۇ ئىمان ئېيتماسلىقتا چىڭ تۇرغانلارنىڭ ھالاك قىلىنىش باسقۇچى باشلىنىپ، ھەققىدە بېرىلگەن ھۆكۈم قەتئىيلىككە ئايلىنىپ، جازالىرى ئىجرا قىلىنىدۇ. پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قوشۇنىنىڭ ئاقىۋىتى مۇشۇنداق بولغانىدى. ئاد ۋە سەمۇد قەۋملىرىنىڭمۇ ھالاكىتى يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك بولغانىدى. ئەگەر مۇشۇنداق بىر مۆجىزە كۆرسىتىلگەن بولسا، ئۇنداقتا بۇنىڭدىن مۇشرىكلار بۇ مۆجىزىگە ئىشەنمىگەن دېگەن مەنا چىقىدۇ. ئىشەنمىگەن بولسا، سۈننەتۇللاھ تەقەززاسى بويىچە مۇشرىكلارنىڭ ھالاك بولماسلىقى قۇرئان بىزگە كۆرسەتكەن ئۆرنەكلەرگە زىت كېلىدۇ. مۇنداق بىر مۆجىزە دۇنيانىڭ ھەر جايىدىن كۆرۈلىشى كېرەك ۋە بۇنىڭغا نۇرغۇن كىشىنىڭ شاھىت بولغانلىقى ئاشكارىلىنىشى كېرەك. لېكىن، بۇنداق بىر شاھىتلىق يوق. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇنداق بىر مۆجىزە بۇ ھەقتىكى رىۋايەتلەرنى مۇتەۋاتىر دەرىجىسىگە كەلتۈرۈشى كېرەك ئىدى. ئەمما، بۇنىمۇ كۆرگىلى بولمايدۇ. بۇنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇپ، تابىئىنلارغا

قارايدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ھەسەن ۋە ئاتاغا ئوخشاش نوپۇزلۇق كىشلەر بۇ ئايەتنى قىيامەتتە يۈز بېرىدىغان بىر ھادىسە دەپ تەپسىر قىلغان. ئەگەر مۇشۇنداق بىر مۆجىزە يۈز بەرگەن بولسا، بۇ ئالىملارنىڭ بۇنداق چۈشىنىشكە ھېچقانداق بىر پۇرسەت ۋە ئېھتىماللىق بەرگىلى بولمايدۇ.

بۇ سۈرىدىكى قىسسەلەر خۇددى ئوقۇقا ئوخشاش سۆز قوراللىدا، سۆزنىڭ كۈچىگە قارشى كۈچىنىڭ باياناتچىلىقىنى قىلىۋاتقان ئىنكارچىلارغا قارىتىپ ئېتىلغان. سۈرىدە بۇ ئايەت تۆت قېتىم تەكرارلانغان:

« لېكىن، ئاگاھلاندۇرۇشۇمغا ( قۇلاق سالمىغاندا ) ئازابىمنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆردى. ھەقىقەتەن بىز قۇرئاننى ئىبرەت ئالسۇن دەپ ئاسانلاشتۇرۇپ ( چۈشۈنۈشلۈك قىلىپ ) بەردۇق. ئىبرەت ئالغۇچىلار يوقمۇ؟ » ( 17 ).

چۈنكى، قۇرئان ئاللاھ نىڭ ئىدارىسىدىكى ھايات مەكتىپىنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن تۈزۈلگەن دەرسلىكى بولۇپ، قۇرئاندىن دەرس ئالمىغانلار ئاللاھ تىن دەرس ئالمىدى دېگەنلىك بولىدۇ. ۋەھيى ئۆزىنى « دەرس ئالىدىغان جەمئىيەتكە » بېغىشلايدۇ. دەرسنى ۋەھيى ئارقىلىق ھاياتنىڭ يۆنىلىشىنى بەلگىلەشنى ئارزۇ قىلىدىغانلار ئالىدۇ.

ھەزرىتى ئۆمەر مۇنداق دېگەن: « بىرسىنىڭ قۇرئان ئوقۇشى سىلەرنى ئالداپ قويمىسۇن. ئۇ پەقەت تىلىمىزدىكى سۆزدۇر. كىمكى قۇرئاننى ھاياتىنىڭ ئىچىگە ئېلىپ كىرگەن بولسا، سىلەر ئۇنىڭغا ئېتىبار قىلىڭلار ».

فۇدايل بىن ئىياز مۇنداق دېگەن: « قۇرئان پەقەت ئۇ ئارقىلىق ئەمەل قىلىش ئۈچۈن نازىل قىلىندى. ئەمما، ئىنسانلار ئۇنى قىرائەت قىلىشنى ئەمەل دەپ قارايدىغان بولۇۋالدى ».

مەزكۇر سۈرىنى مەزمۇن جەھەتتىن ئۈچ بۆلەككە ئايرىشقا بولىدۇ.

بىرىنچى بۆلەكنى تەشكىل قىلغان ئايەتلەردە ( 1 - 8 ) يېقىنلىشىۋاتقان قىيامەت ھەققىدە مەلۇماتلار بېرىلگەن.

ئىككىنجى بۆلەكتە، ئىنكارچى قەۋملەرنىڭ ھالاك بولۇشى بايان قىلىنغان ( 9 - 42 ). ھەزرىتى نۇھنىڭ « مېنىڭ تاقىتىم قالمىدى » دېگەن نۇقتىغا كەلگەنلىكى مۇنداق بايان قىلىنغان:

ئۇ رەببىگە: « ھەقىقەتەن مەن بوزەك قىلىندىم، ياردەم قىلغىن! » ( 10 ).

بۇ ئارقىلىق رەسۇلۇللاھقا « بەندىنىڭ تاقىتى تۈگىگەن يەردە، ئاللاھ نىڭ ياردىمى يېتىپ كېلىدۇ » دېگەن خۇشخەۋەر بېرىلگەن.

ئۈچىنچى بۆلەك، مۆجىزىۋى بىر خەۋەر بىلەن ۋەھيىگە قارشى چىققانلارنىڭ مەغلۇپ بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى بايانلار بىلەن باشلىنىدۇ ( 45 ). مەۋجۇدىيەتنىڭ ئىلاھىي بىر پىلان ئۈستىدە يارىتىلغانلىقى تەكىتلىنىدۇ:

« ھەقىقەتەن بىز ھەر نەرسىنى ئىلاھىي بىر قەدەر ( ئۆلچەم ) بىلەن ياراتتۇق » ( 49 ).

سۈرىنىڭ ئاخىرىقى قىسمىدا ئاللاھ قا قارشى بويۇنتاۋلىق قىلغانلار مۇنداق دەپ ئاگاھلاندۇرۇلغان:

وَلَقَدْ أَهْلَكْنَا أَشْيَاعَكُمْ فَهَلْ مِنْ مُدَّكِرٍ

« بىز ھەقىقەتەن سىلەردىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەردىن سىلەرگە ئوخشاش زېھنىيەتكە ئىگە بولغانلارنى ھالاك قىلدۇق، تېخىچە ئىبرەت ئالىدىغانلار يوقمۇ؟ » ( 51 ).

بۇ ئايەتنىڭ ئارقىسىدىن ئىنسانلارغا « ئى ئىنسان دىققەت قىل! شۇنى ئۇنتۇما، قىلغان ھەر ئىشىڭ يېزىلىپ ماڭىدۇ! » دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان ئايەتلەر بايان قىلىنغان:

وَكُلُّ شَيْءٍ فَعَلُوهُ فِي الزُّبُرِ (52) وَكُلُّ صَغِيرٍ وَكَبِيرٍ مُسْتَطَرٌ (53)

« ئۇلارنىڭ قىلغان ( ياخشى ۋە يامان ) ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى نامە - ئەمەل دەپتىرىگە يېزىلىپ ماڭىدۇ. مەيلى ئۇ ئىش چوڭ بولسۇن ياكى كىچىك بولسۇن ھەممىسى يېزىلغاندۇر » ( 52 - 53 ).

## ساد سۈرىسى

سۈرە باشلىنىشتىكى « ساد » ھەرپى بىلەن ئاتالغان. ئۇنىڭدىن باشقا، سۈرىدە داۋۇت ئەلەيھىسسالام ھەققىدىكى قىسسە بايان قىلىنغانلىقى ئۈچۈن « داۋۇد سۈرىسى » دەپمۇ ئاتالغان. لېكىن بۇ ئىسىم كەڭ دائىرىدە تارقالمىغان.

سۈرە مەككىدە نازىل بولغان بولۇپ، دەسلەپكى مەزگىللەردە تىزىلغان قۇرئان نازىل بولۇش تەرتىپلىرىدە قەمەر - ئەئراف سۈرىلىرى ئارىسىغا تىزىلغان. لېكىن، بۇ نازىل بولۇش مەزگىلىگە ماس كەلمەيدۇ.

ئىبن ئابباستىن نەقىل قىلىنغان بىر رىۋايەتكە ئاساسلانغاندا، سۈرىنىڭ 5 - 7 - ئايەتلىرى مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ كاتتىلىرى ئەبۇ تالىپنىڭ يېنىغا رەسۇلۇللاھنىڭ تەۋھىد دەۋىتى ھەققىدە شىكايەت قىلىپ كەلگەن ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ ئېتىرازلىرىغا جاۋاب بولۇپ نازىل بولغان. مۇشرىكلارنىڭ كاتتىلىرى ئېغىر كېسەل بولۇپ ياتقان ئەبۇ تالىپنىڭ يېنىغا كېلىپ جىيەنىنى داۋاسىدىن ۋاز كېچىشكە قايىل قىلىشنى تەلەپ قىلغان ۋە ئۇنىڭغا بەزى نەرسىلەرنى تەكلىپ قىلغان. ئۇ تەكلىپ قىلىنغان نەرسىلەر: « ئەگەر ئۇ خالىسا ئۇنى ئۆزىمىزگە پادىشاھ قىلايلى. ياكى ئۇنى ئىچىمىزدىكى ئەڭ باي كىشىگە ئايلاندۇرايلى. خالىسا ئۇنى مەككىدىكى ئەڭ چىرايلىق قىزلارغا ئۆيلەپ قويايلى. ئەگەر بۇلارنى قوبۇل قىلمىسا، ئۇنى بىزگە تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئىچىمىزدىن خالىغان بىرسىنى ياكى يېقىنلىرىمىزدىن بىرسىنى ئۇنىڭ ئورنىغا ئال! » ( تىرمىزى، ئەھمەد ۋە ئىبن ساد ).

ئەبۇ تالىپ مۇشرىك كاتتىلىرىنىڭ بۇ تەكلىپىنى رەسۇلۇللاھقا يەتكۈزگەندە، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەنىدى:

« ئى تاغا! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، قۇياشنى ئوڭ قولۇمغا، ئاينى سول قولۇمغا بېرىپ، مېنى بۇ داۋادىن ۋازكەچ دېسە، ئاللاھ تىن بىر تەلىمات كەلمىگۈچە بۇ داۋايىمدىن ھەرگىز ۋازكەچمەيمەن ».

ئىبن ھىشام نەقىل قىلغان بىر رىۋايەت سۈرىنىڭ ئەبۇ تالىپنىڭ ئېغىر كېسەل بولۇپ ۋاپات بولۇش جەريانىدا نازىل بولغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات بېرىدۇ. ئەبۇ تالىپ نۇبۇۋۋەتنىڭ 9 - يىلىدا ( مىلادى 619 ) ۋاپات بولغانىدى. بۇ ئەھۋالدا سۈرىنى رىسالەتنىڭ 9 - يىلىدا نازىل بولغان سۈرىلەر قاتارىغا تىزىشقا بولىدۇ.

قىسقا ۋە ئىخچام ھالدا نەقىل قىلىنغان قىسسەلەر ئارقىلىق خىتاب قىلىش بۇ مەزگىلدە نازىل بولغان سۈرىلەرنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى بولۇپ، بىر تەرەپتىن ھالاك بولغان قەۋملەر ئارقىلىق مۇشرىكلار ئاگاھلاندۇرۇلغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن كۈچ ۋە سەلتەنەت بېرىلگەن پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق رەسۇلۇللاھ ۋە مۇئمىنلەرگە تەسەللىي بېرىلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ رەسۇلۇللاھقا ئالدىن بېرىلگەن بىشارەت بولۇپ، بۇ بىشارەت رەسۇلۇللاھ ھەزرىتى ئەييۇبنىڭ سەبرى بىلەن سەبىر قىلغاندىن كېيىن ئەمەلگە ئاشقانىدى ( 41 - 44 ). ئەييۇب قىسسەسى ئارقىلىق رەسۇلۇللاھقا سەبىر تەۋسىيە قىلىنغان. قىسسە باياندىكى بۇ قوش يۆنىلىشلىك ئۇسلۇب بۇ سۈرىدىن كېيىنلا نازىل بولغان ئەئراف سۈرىسى بىلەن تېخىمۇ تەپسىلىي ھالغا كەلگەن. سەبەئ، كەھف ۋە يۇسۇپ سۈرىسى بىلەن داۋاملاشقان.

سۈرە خاتادىن قايتىش بىلەن خاتالىقتا چىڭ تۇرۇش ئارىسىدىكى پەرقنى ئاساسىي تېما قىلغان. ئىلاھىي تەربىيىلەش لاھىيەسى بولغان ۋەھيي ئىما قىلىنغان ھالدا باشلانغان ۋە ئاخىرلاشقان. بۇ سۈرىنىڭ باشلىنىشى ئۆزىدىن كېيىن نازىل بولغان سافقات سۈرىسىنىڭ ئاخىرىدىكى قوبۇل قىلىنمايدىغان باھانىگە ( 168 - 169 ) بىر جاۋاب ماھىيىتىگە ئىگە. سۈرىدە ھەددىنى بىلمەسلىك ۋە ئەجدادلارنى قارىغۇلارچە تەقلىد قىلىپ ئېزىپ كەتكەن مۇشرىكلارغا خاتالىقدا چىڭ تۇرۇۋالماسلىقى تەنبىھلەنگەن ( 1 - 12 ). چۈنكى، خاتالىقدا چىڭ تۇرغانلارنىڭ ئاقىۋىتى ئېچىنىشلىق بولغانىدى ( 13 - 16 ).

ھەزرىتى داۋۇد خاتالىقتا چىڭ تۇرۇۋالماسلىقنىڭ، ھەزرىتى سۇلايمان مال - مۈلۈك ۋە سەلتەنەتتە ( ھاكىمىيەتتە ) ئۆزىنى بىلىش، ھەددىدىن ئاشماسلىقنىڭ بىر ئۈرنىكىدۇر ( 17 - 40 ).

بۇ ئىككى قىسسە ئارقىلىق كۈچ - قۇدرەت ۋە كۈچ ئەخلاقى مۇلاھىزە قىلىنغان. ھاكىمىيەت ۋە پاراغەتنىڭ كىشىنى بىخۇدلاشتۇرۇپ يولدىن چىقىرىپ تاشلايدىغان تەرىپى بايان قىلىنىپ، بۇنىڭغا تاقابىل تۇرالىغانلار بىلەن تاقابىل تۇرالمىغانلارنىڭ ئاللاھ ھوزۇرىدا تەڭ ئەمەسلىكى تەكىتلەنگەن ( 28 ).

ھەزرىتى داۋۇد قىسسەسى ئارقىلىق رەسۇلۇللاھ ۋە مۇئمىنلەرگە مۇنداق دەيدۇ: « ئاللاھ سىلەرگە 99 قوي بەرگەن بولسا، يەنە باشقىلارنىڭ ئىلكىدىكى بىر قويغا كۆز تىكمەڭلار! ». بۇ ئىبرەتلىك قىسسە بۇ سۈرىدە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

وَهَلْ أَتَاكَ نَبَأُ الْخَصْمِ إِذْ تَسَوَّرُوا الْمِحْرَابَ (21) إِذْ دَخَلُوا عَلَى دَاوُودَ فَفَزِعَ مِنْهُمْ قَالُوا لَا تَخَفْ خَصْمَانِ بَغَى بَعْضُنَا عَلَى
بَعْضٍ فَاحْكُمْ بَيْنَنَا بِالْحَقِّ وَلَا تُشْطِطْ وَاهْدِنَا إِلَى سَوَاءِ الصِّرَاطِ (22) إِنَّ هَذَا أَخِي لَهُ تِسْعٌ وَتِسْعُونَ نَعْجَةً وَلِيَ نَعْجَةٌ وَاحِدَةٌ
فَقَالَ أَكْفِلْنِيهَا وَعَزَّنِي فِي الْخِطَابِ (23) قَالَ لَقَدْ ظَلَمَكَ بِسُؤَالِ نَعْجَتِكَ إِلَى نِعَاجِهِ وَإِنَّ كَثِيرًا مِنَ الْخُلَطَاءِ لَيَبْغِي بَعْضُهُمْ عَلَى
بَعْضٍ إِلَّا الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ وَقَلِيلٌ مَا هُمْ وَظَنَّ دَاوُودُ أَنَّمَا فَتَنَّاهُ فَاسْتَغْفَرَ رَبَّهُ وَخَرَّ رَاكِعًا وَأَنَابَ (24) فَغَفَرْنَا لَهُ
ذَلِكَ وَإِنَّ لَهُ عِنْدَنَا لَزُلْفَى وَحُسْنَ مَآبٍ (25) يَا دَاوُودُ إِنَّا جَعَلْنَاكَ خَلِيفَةً فِي الْأَرْضِ فَاحْكُمْ بَيْنَ النَّاسِ بِالْحَقِّ وَلَا تَتَّبِعِ الْهَوَى
فَيُضِلَّكَ عَنْ سَبِيلِ اللَّهِ إِنَّ الَّذِينَ يَضِلُّونَ عَنْ سَبِيلِ اللَّهِ لَهُمْ عَذَابٌ شَدِيدٌ بِمَا نَسُوا يَوْمَ الْحِسَابِ (26)

(ئى مۇھەممەد!) دەۋا قىلغۇچىلارنىڭ قىسسەسى ساڭا يەتتىمۇ؟ ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار (داۋۇد ئىبادەت قىلىۋاتقان) مەسجىدنىڭ تېمىدىن ئارتىلىپ چۈشۈشتى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار داۋۇدنىڭ يېنىغا كىردى. داۋۇد ئۇلاردىن قورقتى، ئۇلار (داۋۇدقا): « قورقمىغىن، بىز بىرىمىز ـ بىرىمىزنىڭ ھەققىگە تاجاۋۇز قىلغان ( ھەققىنى يېگەن ) ئىككى دەۋاگەرمىز، بىزنىڭ ئارىمىزدا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم قىلغىن، ناھەق ھۆكۈم چىقارمىغىن، بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن » دېدى. ( ئۇلارنىڭ بىرى ) « شۇبھىسىزكى، مېنىڭ بۇ قېرىندىشىمنىڭ 99 ساغلىقى بار، مېنىڭ بىر ساغلىقىم بار، قېرىندىشىم ئۇ بىر ساغلىقنىمۇ ماڭا بەرگىن دېدى ۋە دېگىنىنى ئەمەلگە ئاشۇردى » دېدى. داۋۇد ئېيتتى: « ئۇ سېنىڭ ساغلىقىڭنى ئۆزىنىڭ ساغلىقلىرىغا قوشۇۋېلىپ راستلا سېنى بوزەك قىلىپتۇ، نۇرغۇن شېرىكلەر (يەنى دوستلار)، شۈبھىسىزكى، بىر ـ بىرىنىڭ ھەققىگە تاجاۋۇز قىلىدۇ ( ھەققىنى يەيدۇ )، پەقەت ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەل قىلغانلارلا ( بۇنىڭدىن مۇستەسنا ) بۇلار ئازدۇر ». داۋۇد بىزنىڭ ئۇنى سىنىغانلىقىمىزنى بىلدى. پەرۋەردىگارىدىن مەغپىرەت تەلەپ قىلدى، سەجدىگە باردى. (اللّٰه قا) تەۋبە قىلدى. بىز ئۇنىڭ خاتالىقىنى ئەپۇ قىلدۇق، ئۇ بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا ئەلۋەتتە يېقىنلىققا ۋە ياخشى ئاقىۋەتكە ئىگە بولىدۇ. ئى داۋۇد! سېنى بىز ھەقىقەتەن يەر يۈزىدە خەلىپە قىلدۇق، كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم چىقارغىن، نەپسى خاھىشقا ئەگەشمىگىنكى، ئۇ سېنى اللّٰه نىڭ يولىدىن ئازدۇرىدۇ، اللّٰه نىڭ يولىدىن ئازغانلار ھېساب كۈنى (يەنى قىيامەت كۈنى) نى ئۇنتۇغانلىقلىرى ئۈچۈن ھەقىقەتەن قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ ( 21 ـ 26 ).

قىسسەدە تىلغا ئېلىنغان ئىككى داۋاگەر، ئەسلىدە ھەزرىتى داۋۇدنىڭ مۇئامىلىسىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى سەمىگە سېلىپ، تەۋبە قىلىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن ئاگاھلاندۇرغۇچىلار ئىدى. بۇ قىسسەدىن ئىبرەت ئالغۇچىلارغا كۆپ ساۋاق بار. داۋۇدقا ئوخشاش جاھانغا ھۆكۈمران بولسىڭىزمۇ بېرىلگەن نەسىھەتكە قۇلاق سېلىڭ ۋە خاتادىن يېنىڭ. خاتاسىز بەندە بولمايدۇ. ھەر بەندىدىن خاتالىق سادىر بولىدۇ. لېكىن، پەزىلەت خاتادىن مۇستەسنا بولۇش ئەمەس، بەلكى خاتاسىدىن يېنىشتۇر. ياخشى كىشىلەر خاتالىق ئۆتكۈزمىگەنلەر ئەمەس، ئەكسىچە خاتالىقنى تونۇپ ئۇنىڭدىن قايتقان كىشىلەردۇر. ئىلكىدىكى كۆپنى كۆرەلمىگەنلەر باشقىلارنىڭ ئىلكىدىكى ئازغا كۆز تىكىدۇ. ئىنساننىڭ كۆزىنى بىر سىقىم توپا تويغۇزىدۇ. بۇ چوڭقۇر مەنىگە ئىگە قىسسەدىن كېيىن بۇ ئاگاھلاندۇرۇش بايان قىلىنغان:

« ئاسماننى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى شەيئىلەرنى مەقسەت ۋە مۇددىئاسىز ھالدا بىكارغا ياراتمىدۇق » ( 27 ).

بۇ ئارقىلىق « ئى ئىنسان، ئاللاھ ياراتقان ئاسمان ۋە زېمىننىڭ مەقسىتى سەن ئۈچۈن خىزمەت قىلىش. ئۇنداقتا سېنىڭ يارىتىلىش مەقسىتىڭ نېمە؟ كىم ئۈچۈن يارىتىلدىڭ؟ » دېمەكتە.

بۇ سۇئالغا توغرا جاۋاب بېرىش كۇپايە قىلمايدۇ. توغرا جاۋاب بىلەن بىرگە، بۇ جاۋابقا لايىق شەكىلدە ياشاش شەرت. ئىنسان بۇنداق بىر ھايات شەكلىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن يول كۆرسەتكۈچكە مۇھتاج. بۇ يول كۆرسەتكۈچ دەل ۋەھيىدۇر. سۆز بۇ نۇقتىغا كەلگەندە سۈرىدىكى بۇ جاۋاب دىققىتىڭىزنى تارتىدۇ:

كِتَابٌ أَنْزَلْنَاهُ إِلَيْكَ مُبَارَكٌ لِيَدَّبَّرُوا آيَاتِهِ وَلِيَتَذَكَّرَ أُولُو الْأَلْبَابِ

« ئۇلارنىڭ ئايەتلەرنى تەپەككۇر قىلىشلىرى ئۈچۈن، ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ ۋەز - نەسىھەت ئېلىشلىرى ئۈچۈن بىز ساڭا بۇ مۇبارەك كىتاب ( قۇرئان )نى نازىل قىلدۇق » ( 29 ).

بۇ ئايەتتىن كېيىن بايان قىلىنغان پەيغەمبەر قىسسەلىرى ئارقىلىق شەخسەن رەسۇلۇللاھنىڭ تەسەۋۋۇرى شەكىللەندۈرۈلگەن. ھەزرىتى داۋۇت ۋە سۇلايمان، ھەزرىتى ئەييۇب، ھەزرىتى ئىبراھىم، ھەزرىتى ئىسھاق، ھەزرىتى ياقۇپ، ھەزرىتى ئىسمائىل، ھەزرىتى ئەليەسا بۇ سۈرىدە تىلغا ئېلىنغان پەيغەمبەرلەردۇر ( 41 - 48 ).

ھەزرىتى ئەييۇبنىڭ قىسسەسى بايان قىلىنغاندا، ئۇنىڭ ئېغىزىدىن شۇ سۆزلەر نەقىل قىلىنغان: « رەببىم! شەيتان ماڭا ھەققەتەن بىزارلىق ۋە تەرك ئېتىلگەنلىك تۇيغۇسى بېرىۋاتىدۇ » ( 41 ). بۇ يەردە ھەزرىتى ئەييۇبنىڭ بىتاپلىقتىن ئەمەس، بەلكى بىتاپلىقتىن تۇغۇلغان بىزارلىقتىن شىكايەت قىلىشى ۋە بۇنى شەيتانغا نىسبەت بېرىشى ھەققەتەن كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. بىر كىشىنىڭ خاتالىقنى شەيتانغا نىسبەت بېرىشى، خاتالىقنى سادىر قىلغۇچىنى ئەمەس، بەلكى خاتالىقنى نىشانغا ئالغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر ( سىزنىڭ نىشانىڭىزدا خاتالىق سادىر قىلغۇچى ئەمەس، ئۇ سادىر قىلغان خاتالىقنى تۈزىتىش بولسۇن ). ۋەھيي بۇ ئارقىلىق خاتالىقىمىز بىلەن بىرلىشىپ كەتمەسلىكىمىزنى بىزگە ئۆگەتمەكتە. بۇنىڭغا ئەمەل قىلغۇچى خاتالىقى بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتمەيدۇ. بۇنداق بولغاندا، كىشى خاتالىقنى ئۆزىدىن ئېلىپ تاشلىيالايدۇ، ئۇنى قايتا سادىر قىلماسلىققا تىرىشىدۇ. خاتالىقى بىلەن يۈزلىشىپ، تەۋبە - ئىستىغفار ئارقىلىق ئۇنى يېڭىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئايەتلەردە ياخشىلار بىلەن يامانلارنىڭ ئاخىرەتتىكى مۇكاپات ۋە جازاسى بايان قىلىنىدۇ ( 49 - 64 ). ئىبلىس قىسسەسى ئارقىلىق خاتالىقتا چىڭ تۇرۇشنىڭ كىشىنى قانداق ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدىغانلىقى كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ. ۋەھيينىڭ مەقسىتى ئىنساننى ئىبلىسلىشىپ قېلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇش بولۇپ، بۇ ئاگاھلاندۇرۇشقا نىسبەتەن كور ۋە گاس بولۇۋالغانلار بۇ ئايەت بىلەن ئاگاھلاندۇرۇلغان:

« بىر مۇددەتتىن كېيىن ئۇ ( قۇرئان ) خەۋەر بەرگەنلەرنىڭ راستلىقىنى چوقۇم بىلىسىلەر » ( 88 ).

## ئەئراف سۈرىسى

سۈرە 46 - ۋە 48 - ئايەتلەردە تىلغا ئېلىنغان « ئەل - ئەئراف » كەلىمىسى بىلەن ئاتالغان بولۇپ، « ئەئراف » كەلىمىسى « تونۇش، بىلىش » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان « ئۇرف » كەلىمىسىدىن تۈرلىنىپ چىققان.

ئاتنىڭ يايلى، خورازنىڭ تاجى بۇ ھايۋانلارنىڭ ئەڭ تونۇشلۇق بەلگىلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن ئەرەپچىدە « ئۇرف » دېيىلىدۇ. « تام، سېپىل، قەلئە، مۇنار، مۇنبەر، سەھنە » گە ئوخشاش كۆزگە ئاسان چېلىقىدىغان ۋە بىر قاراشتىلا كۆرگىلى بولىدىغان شەيئىلەر ئۈچۈنمۇ بۇ كەلىمە ئىشلىتىلىدۇ.

ئادەتتە ئەئراف « جەننەت بىلەن جەھەننەم ئارىسىدىكى بىر جاي » دەپ چۈشەندۈرۈلىدۇ. تابىئىنلار ئىچىدىن چىققان مەشھۇر ئالىم ھەسەن ئەلبەسرى ۋە باشقا بەزى ئالىملار 46 - ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان « ئەلەل ئەئراف » كەلىمىسىنى « مەرىپەت قابىلىيىتى »، « ئەسھابۇل ئەئراف » نى « مەرىپەت ئىگىلىرى » دېگەن مەنىدە چۈشەنگەنىكەن. بۇنىڭغا ئاساسەن « ئەئراف » ئىسمىنىڭ بىر ماكان ئىسمى ئەمەس، ئارتۇقچىلىققا ئىگە بولغان بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ سۈپىتىنى بىلدۈرىدۇ دەپ چۈشىنىش تېخىمۇ توغرا بولىدۇ. بۇنداق بولغاندا بۇ ئىسمىنىڭ مەنىسى « ياخشىلار بىلەن يامانلارنى ئايرىيدىغان قابىلىيەت » دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. نەسائىنىڭ ھەزرىتى ئائىشەدىن نەقىل قىلغان بىر رىۋايىتىگە ئاساسەن بۇ سۈرىنىڭ رەسۇلۇللاھ دەۋرىدە « ئەئراف » ئىسمى بىلەن ئاتالغانلىقى مەلۇم.

ئۇنىڭدىن باشقا، سۈرىگە « تەيىن قىلىنغان زامان - تەيىن قىلىنغان ماكان » دېگەندەك ئىككى مەنىنى بىلدۈرىدىغان « مىقات » ئىسمى بېرىلگەن. بۇ ئىسىم مەزكۇر سۈرىدىكى 143 - ئايەتتىن ئېلىنغان، يەنى « مۇسا بىز ۋەدە قىلغان ۋاقىتتا كەلگەن ۋە رەببى ئۇنىڭغا سۆز قىلغان چاغدا ». شۈبھىسىزكى، ئاللاھ نىڭ ئىنسانغا سۆز

قىلىشى تارىخ تەرەققىياتى جەريانىدىكى مۇھىم بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسىدۇر. ھەزرىتى مۇسا بۇ ئىلاھىي خىتابقا بىۋاستە نائىل بولغانلىقى ئۈچۈن كەلىمۇللاھ ( ئاللاھ سۆز قىلغان كىشى ) دېگەن لەقەم بىلەن ياد ئېتىپ كېلىنگەن.

بۇ سۈرە يەنە « مىساق ( ۋەدە ) » ئىسمى بىلەنمۇ ئاتالغان. بۇ ئىسىم سۈرىگە « مىساق ئايىتى » دەپ ئاتالغان ئاللاھ - بەندە ئارىسىدىكى ئەھدىدىن ئىلھام ئېلىنغان ئاساستا بېرىلگەن. يەنى:

ئۆز ۋاقتىدا رەببىڭ ئادەم باللىرىنى ( يەنى نەسلىنى ) ئۇلارنىڭ ( ئاتىلىرىنىڭ ) پۇشتىدىن چىقاردى ۋە ئۇلارنى ئۆزلىرىگە گۇۋاھ قىلىپ: « مەن سىلەرنىڭ رەببىڭلار ئەمەسمۇ؟ » دېدى. ئۇلار: « ھەئە، سەن بىزنىڭ رەببىمىزدۇرسەن، گۇۋاھلىق بەردۇق » دېدى ( 172 ).

ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كېيىنكى ئىككى ئىسىم ئۇنتۇلغان.

سۈرە مەككىدە نازىل بولغان. بەزى ئايەتلەرنى نەزەرگە ئالمىغاندا، 206 ئايەتلىك بۇ سۈرىنىڭ نۇن ھەرپلىك قاپيىسى سۈرىنىڭ بىر قېتىمدا ياكى بۆلەكلەر ھالىتىدە ئارقىمۇ - ئارقا ھالدا نازىل بولغانلىقىغا دالالەت قىلماقتا. سۈرىنىڭ مەزمۇنىمۇ بۇنى كۆرسەتكەن بولۇپ، مەزمۇن جەھەتتىن بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە. سۈرە دېمەكچى بولغان مەقسەتنى ھەم ماھىيەت جەھەتتىن ھەم مەزمۇن جەھەتتىن ئۈزلۈكسىز ئاققان بىر دەريادەك لىرىك ئۇسلۇب بىلەن بايان قىلماقتا.

بۇ سۈرە دەسلەپكى مەزگىلدە تىزىلغان نۇزۇل تەرتىپلىرىنىڭ ھەممىسىدە ساد - جىن سۈرىلىرى ئارىسىغا تىزىلغان. ھەزرىتى ئوسمان تەرتىپىدە 39 - ئورۇنغا، ھەزرىتى ئىبن ئابباس تەرتىپىدە 37 - ئورۇنغا، ئىمام جافەر تەرتىپىدە 39 - ئورۇنغا تىزىلغان. ئارىدىكى بۇ پەرق زاماندىكى پەرقنى كۆرسەتمەيدۇ. بىزنىڭ ئىزاھاتلىق تەرتىپىمىزدە ساد - سەجدە سۈرىسى ئارىسىدا، يەنى 57 - ئورۇنغا توغرا كەلمەكتە. بۇ ئورۇن قەدىمكى تەرتىپلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ ئارقىغا توغرا كەلمەكتە. بىزنىڭ تەرتىپىمىزگە ئاساسلانغان ۋاقتىمىزدا، سۈرىنىڭ نازىل بولۇش ۋاقتى رىسالەتنىڭ 9 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ. ساد ۋە جىن سۈرىلىرى ئارىسىغا تىزىلىشى، ئەئراف سۈرىسىنىڭ نازىل بولۇش ۋاقتى ھەققىدىكى قارىشىمىزنى كۈچلەندۈرمەكتە. مەزكۇر سۈرە قۇرئاندىكى ئەڭ ئۇزۇن يەتتە سۈرىنىڭ بىرى.

ئەئراف سۈرىسى رەسۇلۇللاھقا تەسەللى بەرگەن ھالدا باشلىنىدۇ. يەنى، رەسۇلۇللاھقا « يۈرىكىڭ سىقىلمىسۇن » دېيىلگەن:

كِتَابٌ أُنْزِلَ إِلَيْكَ فَلَا يَكُنْ فِي صَدْرِكَ حَرَجٌ مِنْهُ لِتُنْذِرَ بِهِ وَذِكْرَى لِلْمُؤْمِنِينَ (2) اتَّبِعُوا مَا أُنْزِلَ إِلَيْكُمْ مِنْ رَبِّكُمْ وَلَا تَتَّبِعُوا مِنْ دُونِهِ أَوْلِيَاءَ قَلِيلًا مَا تَذَكَّرُونَ (3)

« (ئى مۇھەممەد! كاپىرلارنى) ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ئۈچۈن، مۆمىنلەرگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلىشىڭ ئۈچۈن، بۇ كىتاب (يەنى سۈرە) ساڭا نازىل قىلىندى، ئۇنىڭدىن (يەنى ئۇنى تەبلىغ قىلىشتا قەۋمىڭنىڭ ئۇنى ئىنكار قىلىشىدىن ئەنسىرەپ) يۈرىكىڭ سىقىلمىسۇن. (ئى ئىنسانلار!) سىلەر پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن سىلەرگە نازىل قىلىنغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ئەگىشىڭلار، الله نى قويۇپ، (جىنلاردىن ۋە ئىنسانلاردىن بولغان، سىلەرنى ئازدۇرىدىغان) دوستلارغا ئەگەشمەڭلار، سىلەر ۋەز ـ نەسىھەتنى ئاز قوبۇل قىلىسىلەر » ( 2 - 3 ).

قۇرئانىنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبلىرى ئىچىدە ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلگەن « مەسانى » ئۇسلۇبى، بۇ سۈرىدىمۇ ئۆزىنى ئەكس ئەتتۈرمەكتە. رەسۇلۇللاھقا تەسەللىي بەرگەن ئايەتلەرنىڭ يېنىدا ۋەھيىلەرگە دۈشمەنلىك قىلىۋاتقانلارنى قورقۇتىدىغان بۇ تەھدىت ئايەتلىرىمۇ ئورۇن ئالماقتا. قۇرئان ھەممە كىشى ئۈچۈن ھىدايەتتۇر. مۇئمىنگە ۋەدە ئارقىلىق ھىدايەت، مۇنكىرلەرگە ۋائىد ( تەھدىت سېلىش ) ئارقىلىق ھىدايەت قىلىنماقتا ... بۇ نۇقتىدىن سۈرىنىڭ باشلىنىشى كىشىگە تاھا سۈرىسىنىڭ باشلىنىشىدىكى « بىز ساڭا بۇ قۇرئاننى سېنى جاپاغا سېلىش ئۈچۈن نازىل قىلمىدۇق » ئايىتىنى ئەسلىتىدۇ. تاھا سۈرىسىدە قۇرئاننىڭ نازىل قىلىنىشى ئىما قىلىنغان، ئەمما بۇ سۈرىدە مەزكۇر سۈرىنىڭ نازىل بولۇشى ئىما قىلىنغان. بۇ سۈرىنىڭ باشلىنىش ئۇسلۇبىغا ئاساسەن مەزكۇر سۈرىنى زۇھا، ئىنشىراھ، تاھا قاتارلىق تەسەللى ۋە ئىلھام بېرىش ماھىيىتىدىكى سۈرىلەر قاتارىغا تىزىشقا بولىدۇ.

سۈره بۇ باشلىنىشتىن كېيىن سۆزنى ئىلاھى كالامنى ئىما قىلغان ئاساستا ئادەم ۋە ئىبلىس قىسسىسىگە كەلتۈرىدۇ. بۇ قىسسە ئارقىلىق ئادەم گۇناھ ئۆتكۈزدى، ئىبلىسمۇ گۇناھ ئۆتكۈزدى. لېكىن، ئادەم گۇناھىنى ئېتىراپ قىلىپ « ئادەم » بولدى، ئىبلىس گۇناھىدا چىڭ تۇرۇپ « شەيتان » بولدى. بۇ ئىككىسى پۈتۈن ئىنسانلار ئۈچۈن ياخشى ۋە يامانىنىڭ تۈنجى ئۆرنەكلىرى بولدى دەپ نەسىھەت قىلماقتا ( 10 ـ 30 ).

بۇ قىسسەدىن شۇ ساۋاق چىقماقتا: شەيتانلىششى بىلەن نەتىجىلەنگەن جەريانىنىڭ بىرىنچى باسقۇچىدا ئاللاھ تىن ئۈمىدىنى ئۈزۈش كەلمەكتە. چۈنكى، ئىبلىس ئىسمى « ئۈمىدىنى ئۈزگەن » دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ ۋە ئاللاھ تىن ئۈمىدىنى ئۈزگۈچىدىن ئاللاھ مۇ ئۈمىدىنى ئۈزىدۇ. مانا بۇ ھەقىقىي بەختسىزلىكتۇر، پالاكەتتۇر.

قۇرئاندا ئادەم ـ ئىبلىس قىسسىسى يەتتە جايدا تەپسىلىي ھالدا بايان قىلىنىدۇ. لېكىن، بۇ قىسسەلەردە تەكىتلەنگەن مەسىلە بىر ـ بىرى بىلەن ئوخشاش ئەمەس. بىرىسىدە پەرىشتىلەرنىڭ ئىتائىتى تەكىتلەنگەن بولسا، يەنە بىرىسىدە شەيتانىنىڭ ئىسيانى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. يەنە بىرىدە ئادەمنىڭ « تەۋبىسى » ئاساسىي تېما قىلىنغان بولسا، يەنە بىرىدە ئىبلىسنىڭ ئۈمىدسىزلىكى نۇقتا قىلىنغان. ئەئراف سۈرىسىدە بايان قىلىنغان ئادەم ـ ئىبلىس قىسسىسىنىڭ ئاساسىي تېمىسى بىزنىڭچە ئىبلىسنىڭ ئاكتىپ يامانلاردىن بولۇش يولىدا چىڭ تۇرۇشى بولۇپ، تۆۋەندىكى ئايەتلەر بۇنى كۆرسەتمەكتە:

قَالَ فَبِمَا أَغْوَيْتَنِي لَأَقْعُدَنَّ لَهُمْ صِرَاطَكَ الْمُسْتَقِيمَ (16) ثُمَّ لَآتِيَنَّهُمْ مِنْ بَيْنِ أَيْدِيهِمْ وَمِنْ خَلْفِهِمْ وَعَنْ أَيْمَانِهِمْ وَعَنْ شَمَائِلِهِمْ وَلَا تَجِدُ أَكْثَرَهُمْ شَاكِرِينَ (17)

ئىبلىس ئېيتتى: « سەن مېنى ئازدۇردۇڭ. قەسەم قىلىمەنكى، ئۇلار (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىغا ۋەسۋەسە قىلىش) ئۈچۈن چوقۇم سېنىڭ توغرا يولۇڭ ئۈستىدە ئولتۇرىمەن. ئاندىن ھەم بىۋاستە ۋە ئاشكارا ھەم ۋاستىلىك ۋە يوشۇرۇن ھالدا، ھەم سۈرتى ھەقتىن كۆرۈنۈش ئارقىلىق، ھەم ئۇلارنىڭ ئاجىزلىقى ۋە نەپسى ـ خاھىشىدىن پايدىلىنىپ ئۇلارغا چوقۇم ھۇجۇم قىلىمەن، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ (نېمىتىڭگە) شۈكۈر قىلغۇچىلار ئەمەسلىكىنى كۆرىسەن » ( 16 ـ 17 ).

بۇ قىسسەدىن بارلىق ئادەم بالىلىرى ئىبرەت ئېلىشى كېرەك ئەمەسمۇ؟ قۇرئانمۇ مانا بۇ نۇقتىدا ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىنى بۇ قىسسەدىن ساۋاق ئېلىشقا چاقىرىدۇ:

يَا بَنِي آدَمَ لَا يَفْتِنَنَّكُمُ الشَّيْطَانُ كَمَا أَخْرَجَ أَبَوَيْكُمْ مِنَ الْجَنَّةِ يَنْزِعُ عَنْهُمَا لِبَاسَهُمَا لِيُرِيَهُمَا سَوْآتِهِمَا إِنَّهُ يَرَاكُمْ هُوَ وَقَبِيلُهُ مِنْ حَيْثُ لَا تَرَوْنَهُمْ إِنَّا جَعَلْنَا الشَّيَاطِينَ أَوْلِيَاءَ لِلَّذِينَ لَا يُؤْمِنُونَ

« ئى ئادەم بالىلىرى! شەيتان سىلەرنىڭ ئاتا ـ ئاناڭلارنى (ئازدۇرۇپ) جەننەتتىن چىقىرىۋەتكەندەك سىلەرنىمۇ ئازدۇرمىسۇن، شەيتان ئۇلارنىڭ ئەۋرەتلىرىنى ئۆزلىرىگە كۆرسىتىش ئۈچۈن كىيىملىرىنى سالغۇزۇۋەتكەن ئىدى (يەنى ئۇلارنىڭ يالىڭاچ بولۇپ قېلىشىغا شەيتان سەۋەبچى بولغان ئىدى). شەيتان ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى سىلەرنى كۆرەلەيدۇ، سىلەر ئۇلارنى كۆرەلمەيسىلەر، شۈبھىسىزكى، بىز شەيتانلارنى ئىمان ئېيتمايدىغانلارنىڭ دوستى قىلدۇق » ( 27 ).

ئادەم ـ ئىبلىس قىسسەسى بايان قىلىنغان ئايەتلەردىن كېيىن مۇنداق بىر ئايەتنىڭ كېلىشى چوقۇم بىر ھېكمەتكە تۈرتكە بولۇشى كېرەك:

قُلْ مَنْ حَرَّمَ زِينَةَ اللَّهِ الَّتِي أَخْرَجَ لِعِبَادِهِ وَالطَّيِّبَاتِ مِنَ الرِّزْقِ قُلْ هِيَ لِلَّذِينَ آمَنُوا فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا خَالِصَةً يَوْمَ الْقِيَامَةِ كَذَلِكَ نُفَصِّلُ الْآيَاتِ لِقَوْمٍ يَعْلَمُونَ

« الله بەندىلىرى ئۈچۈن ياراتقان گۈزەللىكلەرنى، شېرىن، پاك رىزىقلارنى كىم ھارام قىلدى؟ » دەپ سورىغىن. ۋە جاۋاب بېرىپ ئېيتقىنكى، « ئۇلار بۇ دۇنيادا مۆمىنلەر ئۈچۈن يارىتىلغان (گەرچە ئۇلارغا كۇففارلار شېرىك بولسىمۇ)، ئاخىرەتتە بولسا مۆمىنلەرگىلا خاستۇر». الله نىڭ بىر ۋە شېرىكى يوق ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلەرنى مۇشۇنداق تەپسىلى بايان قىلىمىز » ( 32 ).

ئۇنداقتا، ئۇ ھېكمەت نېمە؟ ئۇ ھېكمەت، بىرىنچىدىن، ئۆز خاھىشى بويىچە ھالال قىلىنغان نەرسىلەرنىڭ دائىرىسىنى تارايتىپ، ھاراملارنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىش تەشەببۇسلىرىنىڭ ئارقىسىدا شەيتاننىڭ ياتقانلىقىنى كۆرسەتمەكتە. ھالالنى ھارام دەپ قاراشنى كاپىرلارنىڭ كۆپرى بىلەن، ھارامنى ھالال قىلىشنى مۇناپىقنىڭ نىفاقى بىلەن قىياسلاشقا بولىدۇ.

ئىككىنچىسى، سۈرىتى ( كۆرۈنۈشى ) ھەقتىن بولۇش بولۇپ، ناھايىتى يوشۇرۇن بولىدۇ. بۇ شەيتاننىڭ « ئۇلارنى ئازدۇرۇش ئۈچۈن ئۇڭدىن كېلىمەن / ھۇجۇم قىلىمەن » دېگەن تۇردىكى ئېزىش بولۇپ، بۇ خىل ئېزىش شەيتان ئازدۇرىدىغان ئوڭلاردىن بىرسىدۇر. بۇنىڭ تەكتىدە ساختا دىندارلىق ياتىدۇ. ئۇنىڭ ئۇلدا ھالال ۋە ھارامنى بەلگىلەشتە يېگانە ھاكىم بولغان ئاللاھ نىڭ بۇ ھەققىدىن ئۆزگە نېسۋە ئېلىش ئارزۇسى ياتماقتا. بۇ قۇرئان شېرىك دېگەن ئىشلار قاتارىغا كىرىدۇ. بۇ شېرىك رەسۇلۇللاھنىڭ ئۇ ئەڭ يارقىن ئىپادىسى بىلەن « قاپقاراڭغۇ كېچىدە، قاپقارا چۈمۈلىنىڭ قاپقارا تاش ئۈستىدە مېڭىشىغا ئوخشايدىغان » دەرىجىدە يوشۇرۇن بولىدۇ.

ئادەم - ئىبلىس قىسسەسىدىن كېيىن كەلگەن بۆلەكلەردە « ئادەم ۋە ئىبلىس بىرەر سىمۋولدۇر. بىرسى ياخشىلىقنى، يەنە بىرسى يامانلىقنى سىمۋول قىلماقتا. بىرسى ئاكتىپ ياخشىنىڭ، يەنە بىرسى ئاكتىپ يامانلىقنىڭ ئوبرازى. ئادەمنى ئاكتىپ ياخشى قىلغان ئامىل ئۇنىڭ قۇسۇرسىز بولۇشى ئەمەس. چۈنكى، ئۇ قۇسۇرسىز ئەمەس، بەندە خاتالىقتىن خالىي بولالمايدۇ. قۇسۇرسىزلىق ئاللاھ قا خاستۇر. بەندە خاتالىقنى تونۇپ، ئۇنى ئېتىراپ قىلسا « ئادەم » بولىدۇ ۋە يوقىتىپ قويغان جەننەتكە ئېرىشىدۇ. ئادەم خاتالاشتى، ئىبلىسمۇ خاتالىق ئۆتكۈزدى. لېكىن، ئادەم خاتالىقنى ئېتىراپ قىلىپ ئادەم بولدى، ئىبلىس خاتالىقنى بويىنغا ئالماي، ئۆزىنى ئاقلاپ شەيتان بولدى. ئى بۇ ۋەھيي خىتاب قىلىنغۇچى! كىمنى ئۆزەڭگە ئۈرنەك قىلساڭ، ئۇنىڭغا ئوخشاش بولىسەن. كىمگە ئوخشاش بولساڭ، ئۇنىڭغا ئوخشاش نەتىجىگە ئېرىشىسەن » دېگەن ھەقىقەت ئوتتۇرىغا قويۇلغان ( 31 - 58 ).

قىسسەدىن ئېلىنغان بۇ ساۋاقنىڭ بىرمۇ - بىر مىسالى تارىختا بار. تارىختا ئادەمنىڭ ئىزىدىن ماڭغان ئاۋانگارت ياخشىلاردىن بولغان پەيغەمبەرلەر ۋە شەيتاننىڭ ئىزىدىن مېڭىپ ئاكتىپ يامان بولۇشنى تاللىغان ئىسيانكار قەۋملەر ئۆتكەن. ئەگەر « شەيتاننىڭ ئىزىدىن ماڭغان بۇ قەۋملەرنىڭ ئاقىۋىتى نېمە بولدى؟ » دەپ سورىسىڭىز، بۇ سۈرىدە بايان قىلىنغان قەۋملەرنىڭ ئاقىۋىتىگە نەزەر سالسىڭىز بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى تاپالايسىز. شەيتاننىڭ ئىزىدىن ماڭغان ئاد، ھۇد، سەمۇد، لۇت ۋە مەدىيەن قەۋملىرى ھالاك بولغاندى ( 59 - 102 ).

ئۇلۇھىييەت، رۇبۇبىييەت، نۇبۇۋۋەت ۋە ۋەھدانىيەت دەلىللىرىدىن كېيىن 108 - 117 - ئايەتلەردە بۇ دەلىللەرنى رەت قىلغان ئىنكارچىلارنىڭ كېسەللىك بىلەن تولغان ئىچكى دۇنياسى مۇلاھىزە قىلىنغان. 118 - ئايەتتىن تارتىپ سۈرىنىڭ ئاخىرىغىچە يېمەك - ئىچمەك نۇقتىسىدا باتىل ئېتىقاد ۋە خۇراپاتلىقلار ئارقىلىق ئىنسانلار توپىدىكى پادا پسىخىكىسى تەھلىل قىلىنىدۇ ۋە خۇراپاتلىقنىڭ تەۋھىدنىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكى مىساللار ئارقىلىق بايان قىلىنىدۇ.

قۇرئاننىڭ قەيىرىدە ھالاك قىلىنغان قەۋملەرنىڭ قىسسەلىرى تىلغا ئېلىنغان بولسا، ئۇ يەردە ئادەم - ئىبلىس قىسسەسىدە دېيىلگەن مۇددىئا ئەكس ئەتمەكتە. بۇ قىسسەلەردىن كېيىن كەلگەن مۇسا - پىرئەۋن قىسسىسىنمۇ ئوخشاش بىر ئىبرەت نۇقتىسىدىن ئوقۇش كېرەك. مۇسا ئادەمنىڭ ئىزىدىن، پىرئەۋن شەيتاننىڭ ئىزىدىن ماڭدى. ياخشىلار بىلەن يامانلار ۋاقتىنىڭ بۇ تىلىمىدا يەنە بىر قېتىم يۈز تۇرانە ئۇچراشتى. ئاقىۋەتتە ئاللاھ نىڭ قانۇنىنىڭ تەقەززاسى بىلەن ياخشىلار غالىپ كەلدى ( 103 - 137 ).

لېكىن، زەپەر قۇچقان ياخشىلار ئۇتۇقنى ئاللاھ نىڭ ياخشىلىققا بېرىلگەن بىر مۇكاپاتى دەپ قاراشنىڭ ئورنىغا ئىبرانى ئىرقى ئۇنى ئۆزى قولغا كەلتۈرگەن ھەق دەپ قاراپ شەيتان چۈشكەن توزاققا چۈشتى. مۇسا تەۋبىسى بىلەن، بەندىلىكى ۋە تەسلىمىيىتى بىلەن ئادەمنىڭ يولىدىن ماڭغاندا، قەۋمى ئىرقچىلىق بىلەن، خاتالىقىدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئاللاھ قا ئىسيان قىلىش بىلەن شەيتاننىڭ ئىزىدىن ماڭدى. نەتىجىدە، ۋەھيي يەتكۈزۈش شەرىپىگە نائىل بولغان مۇسۇلمان بەنى ئىسرائىل قەۋمى يەھۇدىيلەشتى ( 103 - 178 ).

بۇ ئاگاھلاندۇرۇشلارغا قۇلاق سالمىغانلار مۇنداق تەسۋىرلەنگەن:

وَلَقَدْ ذَرَأْنَا لِجَهَنَّمَ كَثِيرًا مِنَ الْجِنِّ وَالْإِنْسِ لَهُمْ قُلُوبٌ لَا يَفْقَهُونَ بِهَا وَلَهُمْ أَعْيُنٌ لَا يُبْصِرُونَ بِهَا وَلَهُمْ آذَانٌ لَا يَسْمَعُونَ بِهَا أُولَئِكَ كَالْأَنْعَامِ بَلْ هُمْ أَضَلُّ أُولَئِكَ هُمُ الْغَافِلُونَ

« شەك ـ شۈبھىسىزكى، جىن ۋە ئىنسانلاردىن ئەقىل يۈرگۈزىدىغان قەلبلىرى بولغان بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق ھەقنى چۈشەنمەيدىغان، كۆزلىرى بولغان بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق (اﷲ نىڭ قۇدرىتىنىڭ دەلىللىرىنى) كۆرمەيدىغان، قۇلاقلىرى بولغان بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق (اﷲ نىڭ ئايەتلىرىنى ئىبرەت ئېلىپ) تىڭشىمايدىغانلارنى دوزاخقا (يېقىلغۇ) مەھكۇم قىلدۇق. ئۇلار گويا ھايۋانغا ئوخشايدۇ، ھايۋاندىنمۇ بەتتەر گۇمراھتۇر، ئەنە شۇلار غاپىللاردۇر » ( 179 ).

يۇقىرىدىكى بۆلەكتە تىلغا ئېلىنغان بىر ئايەت، كالام ئىلمىگە مەنسۇپ ئالىملار ئارىسىدا « مىساق ئايىتى » دەپ ئاتالغان:

وَإِذْ أَخَذَ رَبُّكَ مِنْ بَنِي آدَمَ مِنْ ظُهُورِهِمْ ذُرِّيَّتَهُمْ وَأَشْهَدَهُمْ عَلَى أَنْفُسِهِمْ أَلَسْتُ بِرَبِّكُمْ قَالُوا بَلَى شَهِدْنَا أَنْ تَقُولُوا يَوْمَ الْقِيَامَةِ إِنَّا كُنَّا عَنْ هَذَا غَافِلِينَ

ئۆز ۋاقتىدا رەببىڭ ئادەم باللىرىنى ( يەنى نەسلىنى ) ئۇلارنىڭ ( ئاتىلىرىنىڭ ) پۇشتىدىن چىقاردى ۋە ئۇلارنى ئۆزلىرىگە گۇۋاھ قىلىپ: « مەن سىلەرنىڭ رەببىڭلار ئەمەسمۇ؟ » دېدى. ئۇلار: « ھەئە، سەن بىزنىڭ رەببىمىزدۇرسەن، گۇۋاھلىق بەردۇق » دېدى. قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ: « بىز بۇنىڭدىن غەپلەتتە قالغان ئىكەنمىز » دېمەسلىكلىرى ئۈچۈن ( ئۇلارغا بۇنى ئەسلەتتۇق ) ( 172 ).

بۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان ۋە ئاۋام ئارىسىدا « قالۇ - بەلا » دەپ ئاتالغان مىساقنىڭ ماھىيىتى كالامچىلار ئارىسىدا مۇنازىرە تېمىسى بولغان. ئەشئەرى كالام ئىلمىگە مەنسۇپ ئالىملار بۇ مىساقنى « روھلار ئالىمى » دەپ ئاتالغان بىر ئالەمدە ئىنسان يارىتىلىشتىن بۇرۇن ئەھدە ئېلىنغان دەپ قارايدۇ. ئەشئەرى كالامچىلىرى ياقلىغان « تۇنجى مىساق » قارىشىنى ئىمام ماتۇرىدى رەت قىلدۇ. ماتۇرىدىنىڭ قارىشىچە، بۇ ئايەت ئىنساننىڭ تۇغۇلۇشىدىنلا بىر ياراتقۇچىنىڭ بارلىقىنى قوبۇل قىلىشقا مايىل فىترىتى بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ. يەنى، بۇ ئايەتتە ئەسلىدە « ئاللاھ نىڭ ئىنساننى ياراتقاندا ئۇنىڭغا يەرلەشتۈرگەن فىترىتى » ( رۇم، 30 ) ئىما قىلىنغان.

ئەشئەرى كالامىنىڭ تۇنجى « روھلار ئالىمى »نى قوبۇل قىلغان چۈشەنچىسى ئاساسىغا قۇرۇلغان بۇ قارىشى ئەسلىدە ئىسلام كالام ئىلمىگە پىلاتونچىلىقتىن، ئۇ يەرگە قەدىم مىسىرنىڭ ھەرمەسچى تەلىماتىدىن كىرگەن. بۇ پەلسەپە ئېنىق ھالدا بىر « روھ - بەدەن ئايرىمى » ئۈستىگە قۇرۇلغان. ئايەتتىكى ئىلاھى مىساق بۇنداق بىر پەلسەپە ئۈستىگە قۇرۇلغان ۋاقىتتا، بۇ ئايەتنىڭ ئىنسانغا دەيدىغان كۆپ نەرسىسى قالمايدۇ. چۈنكى، بۇنداق بىر ئىزاھات، ئايەت تىلغا ئالغان مەسلىنى ئىنساننىڭ مەسئۇلىيەت دائىرىسىنىڭ سىرتىغا چىقىرىپ تاشلايدۇ. بۇ مەسلىدە ھەل قىلغۇچ سوئال مۇنداق: بۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان « رەببىڭ ئادەم باللىرىنىڭ پۇشتىدىن ئۇلارنىڭ نەسلىنى چىقارغان ھەر قېتىمدا » ئىبارىسىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ ». ئەگەر بۇ ئىبارە ئىنساننىڭ ئەقىل ۋە بالىغ بولۇش مەسلىسى دەپ قارالغان ۋاقىتتا، رەسۇلۇللاھنىڭ « ئۈچ كىشىدىن قەلەم كۆتۈرۈلدى: ئېھتىلام مەزگىلىگە قەدەم قويمىغان باللاردىن... » ھەدىسىدە بەرگەن بۇ مەلۇمات دەل جايىغا چۈشكەن بولىدۇ. بۇنداق بولغاندا، رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ ھەدىسى، قۇرئاننىڭ نەبەۋى بىر تەپسىرى بولىدۇ.

مىساق ئايىتىنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىنى چۈشىنىشكە تىرىشىۋاتقاندا، تېمىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا يەر ئالغان بۇ ئايەت كۆزىمىزگە چېلىقماقتا ۋە دىلىمىزنى - كۆزىمىزنى يورۇتماقتا:

خُذِ الْعَفْوَ وَأْمُرْ بِالْعُرْفِ وَأَعْرِضْ عَنِ الْجَاهِلِينَ

« سەن ئىنسان فىترىتىگە ئەڭ مۇۋاپىق بولغان يولنى تۇتقىن، ياخشىلىققا (يەنى ياخشى سۆز قىلىشقا، ياخشى ئىش قىلىشقا) بۇيرۇغىن، نادانلار بىلەن تەڭ بولمىغىن (يەنى نادانلارنىڭ قىلغىنىنى قىلماي، ئۇلارغا مۇلايىم بولغىن) »( 199 ).

يۇقىرىدىكى ئايەت، غاپىللاردىن بولۇپ قالماسلىقنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ بەرگەن ئايەتلەر گۇرۇپپىسى ئىچىدىن ئورۇن ئالغان ( 180 ـ 206 ). سۈرىنىڭ رەببىمىزگە قايسى ئۇسلۇپتا بەندىچىلىك قىلىشنىڭ ئەدەب قائىدىسىنى ئۆگەتكەن ئاخىرقى ئايەتلىرى سۈرىنىڭ بېشىدا يەر ئالغان ئادەم ـ ئىبلىس قىسسەسىدە تىلغا ئېلىنغان مەككار ئىبلىستەك بولۇپ قالماسلىقنىڭ يوللىرىنى بايان قىلماقتا:

وَاذْكُرْ رَبَّكَ فِي نَفْسِكَ تَضَرُّعًا وَخِيفَةً وَدُونَ الْجَهْرِ مِنَ الْقَوْلِ بِالْغُدُوِّ وَالْآَصَالِ وَلَا تَكُنْ مِنَ الْغَافِلِينَ (205) إِنَّ الَّذِينَ عِنْدَ رَبِّكَ لَا يَسْتَكْبِرُونَ عَنْ عِبَادَتِهِ وَيُسَبِّحُونَهُ وَلَهُ يَسْجُدُونَ (206)

« رەببىڭنى يىغلىغان ۋە ئۇنىڭدىن قورققان ھالدا ئىچىڭدە ياد ئەتكىن، ئەتىگەندە ـ ئاخشامدا ئۈنى پەس ئاۋازدا زىكرى قىلغىن، ئۆزىدىن ياتلاشقانلاردىن بولمىغىن. ئۇنتۇمىغىنكى، رەببىڭ تەرىپىدە سەپ تۇتقانلار كىبىرلىك قىلىپ ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشتىن باش تارتمايدۇ، الله قا تەسبىھ ئېيتىدۇ ۋە ئۇنىڭغا سەجدە قىلىدۇ » ( 205 ـ 206 ).

## سەجدە سۈرىسى

سەجدە، تەسلىمىيەتنىڭ ئاستىغا ۋۇجۇت تىلى بىلەن قويۇلغان ئىمزا بولۇپ، بۇ كەلىمە 15 ـ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان ۋە سۈرە بۇ كەلىمە بىلەن ئاتالغان.

تىرمىزى، جامىئۇس سۇنەن قاتارلىق ھەدىس توپلاملىرىدا سۈرە بۇ ئىسىم بىلەن ئاتالغان. يەنە تىرمىزىدا جابىر بىن. ئابدۇللاھتىن نەقىل قىلىنغان « پەيغەمبەر ئەلىف لام مىم تەنزىل ۋە تەبارەكەللەزى بى يەدىھىل مۇلكىنى ئوقۇماستىن ئۇخلىمايتتى » رىۋايىتىدىن بۇ سۈرىنىڭ يەنە باشقا ئىسىملىرىنىڭ بارلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ رىۋايەت بۇ سۈرىنىڭ رەسۇلۇللاھ دەۋرىدە سەجدە ئىسمى بىلەن ئاتالمىغانلىقىنىمۇ بىلدۈرىدۇ.

سۈرە مەككىدە نازىل بولغان بولۇپ، سۈرىدە مۇشرىكلارنىڭ ۋەھىيگە قارىتا ئېتىراز ۋە تۆھمەتلىرى ھەققىدە توختالغانلىقى نەزەردە تۇتۇلغاندا ( 3 )، سۈرىنىڭ مەككىدە نازىل بولغانلىقى ئېنىق. 13 ـ ئايەتتە پەيغەمبەرلىكنىڭ 9 ـ يىلىدا نازىل بولغان ساد سۈرىسىنىڭ 84 ـ 85 ـ ئايەتلىرىگە قارىتىلغان ئىمالار بار. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا بۇ سۈرىنىڭ قۇرەيش بايقۇتنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىدە ياكى ئۇنىڭدىن كېيىن نازىل بولغانلىقىنى تەخمىن قىلغىلى بولىدۇ. بۇ ئەھۋالدا مەزكۇر سۈرە پەيغەمبەرلىكنىڭ 9 ـ يىلىدا نازىل بولغان بولسا كېرەك.

ئىبن ئابباستىن كەلگەن مەشھۇر قۇرئان نازىل بولۇش تەرتىپىدە مەدىنىدە نازىل بولغان جۇمە ـ مۇنافىقۇن سۈرىلىرىنىڭ ئارىسىغا، جابىر بىن. زەيد ئارقىلىق يېتىپ كەلگەن ئىبن ئابباس تەرتىپىدە ئىنشىقاق ـ ئەنكەبۇت سۈرىسى ئارىسىغا، باشقا تەرتىپلەردە مۇئمىنۇن ـ تۇر سۈرىسى ئارىسىغا تىزىلغان. قەدىمقى تەرتىپلەرنى نەزەردىن ساقىت قىلمىغان ھالدا سۈرىنىڭ مەزمۇنى، ئىچىدىكى ئىمالار، ھەدىس ۋە سىيەر مەنبەلىرى ئارقىلىق يېتىپ كەلگەن رىۋايەتلەرگە ئاساسلىنىپ شەكىللەندۈرگەن ئىزاھاتلىق تەرتىپىمىزدە، بۇ سۈرە ئەئراف ـ رەئد سۈرىسى ئارىسىغا توغرا كەلمەكتە.

سۈرە مۇقەتتا ھەرپلىرى بىلەن باشلانغان ۋە بۇ ھەرپلەر بىلەن باشلانغان باشقا سۈرىلەرگە ئوخشاش ۋەھيى ھەققىدە توختالغان:

« بۇ كىتاب ( قۇرئان )نىڭ ئالەملەرنىڭ رەببى تەرىپىدىن نازىل بولغانلىقىدا ھېچ شۈبھە يوقتۇر » ( 2 ).

ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئايەتتە ئىنكارچىلارنىڭ ۋەھيىنى ھەزرىتى مۇھەممەد توقۇپ چىقتى دېگەن تۆھمەتلىرى تىلغا ئېلىنغان.

بۇ خىل ئۇسلۇب بىلەن باشلانغان باشقا سۈرىلەردە كۆرۈلگەندەك، مەۋجۇدىيەتنىڭ يارىتىلىشى ھەققىدىكى ئايەتلەر ئۈستىدىن كىشىنىڭ دىققىتىنى ئاخىرەت ھاياتىغا بۇرايدۇ ۋە ئاللاھ نىڭ ئاسمانلارنى ئالتە باسقۇچتا

ياراتقانلىقى بايان قىلىنىدۇ ( 4 ). بەلكىم بۇ ئارقىلىق خىتاب قىلىنغۇچىغا ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشنىڭ بىردەمدىلا بولمايدىغانلىقى، بۇنىڭ بەلگىلىك ۋاقىت ۋە باسقۇچتا قەدەممۇ - قەدەم ۋۇجۇدقا چىقىدىغانلىقى ئىما قىلىنغان بولۇسا كېرەك. ئاسمان زېمىننىڭ يارىتىلىشى ھەققىدىكى بايانلار ئەفەق ئايەتلىرى بولۇپ، ئىنساننىڭ ئېلېمېنت نۇقتىسىدىن لايدىن، بىئولوگىيىلىق نۇقتىدىن مەنىيدىن يارىتىلغانلىقى بايان قىلىنغان ( 7 - 8 ). بۇ ئارقىلىق ئىنساننى ياراتقۇچىسى ئالدىدا كەمتەر بولۇشقا دەۋەت قىلماقتا. ھەم ياراتقۇچىنىڭ ئۆزى ئۈستىدىكى ئەمگىكىگە كىشىنىڭ دىققىتىنى ئاغدۇرۇش ھەم يارىتىلىش سۈننىتى ( قانۇنىيىتى ) ئۈستىدىن ئۆزگىرىشنىڭ بىر جەريان تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن بۇ ئۇسلۇب ئىشلىتىلگەن. چۈنكى، 7 - ئايەتتىكى « ۋە بەدەئە خەلقەل ئىنسانى مىن تىن - ئۇ ئىنساننى يارىتىشنى لايدىن باشلىدى » ئىبارىسىدىكى « باشلىدى » پېئىلى ئىنساننىڭ يارىتىلىشىنىڭ بەلگىلىك بىر جەرياننى باشتىن ئۆتكۈزۈش بىلەن ۋۇجۇدقا چىققانلىقىنى مۇنازىرىسى شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويماقتا.

ئاندىن ئاخىرەتكە مۇناسىۋەتلىك تەپسىلاتلار بايان قىلىنغان ( 10 - 14 ).

نېمە ئۈچۈن كائىنات ۋە ئىنساننىڭ ماددىي يارىتىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك تاكامۇللىشىش قانۇنى ئاساسىدا بىر جەرياننى باشتىن ئۆتكۈزگەنلىكى ھەققىدىكى بايانلاردىن كېيىنلا ئاخىرەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر كېلىدۇ؟

جاۋاب: چۈنكى، ئاخىرەت ھاياتى دۇنيا ھاياتىنىڭ تەقەززاسى ۋە تەبىئىي نەتىجىسىدۇر. ئىلاھىي ئەجىر ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىدە ئۆزىنى نامايەن قىلغان ئىنسان تۈرىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى بۇ دۇنيادىكى ھايات بىلەن چەكلىك بولمايدۇ. ئىنسان دېيىلگەن بۇ شاھ ئەسەر ساھىبىنىڭ ئۇنى ئەقىل، ئىرادە ۋە ۋىجدان بىلەن زىننەتلىشى ئەسلىدە ئۇنىڭغا ماددى مەۋجۇدىيەتتىن ھالقىغان بىر ھاياتنى تەقدىر قىلغانلىقىنى كۆرسەتمەكتە. ئاخىرەت ھاياتى ئىنساننىڭ تاكامۇللىشىش سەپىرىنىڭ « باشقا بىر » ئۆتكۈ بولۇپ، جەننەت ئىنسان تاكامۇللىشىش سەپىرىدە يېتىپ بارىدىغان ئاخىرقى مەنزىلدۇر. ئىنسان تاكامۇللىشىش سەپىرىنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسىغا يېتىپ بارغاندا جەننەتتىن ئىبارەت مەنزىلگە يېتىپ بارغان بولىدۇ.

ئىنساننىڭ ئېلېمېنتلىق ۋە بىئولوگىيىلىك يارىتىلىشى بايان قىلىنغان ئايەتلەردىن كېيىن، باشقا بىر مەنبەدىن بىلگىلى بولمايدىغان ئالاھىدە بىر مەلۇمات بېرىلگەن. يەنى، ئاللاھ يارىتىلىش مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىدەك ئىقتىدارغا ئىگە بولغان ئىنسانغا ئۆزىدىن روھ پۈۋلىگەن:

ثُمَّ سَوَّاهُ وَنَفَخَ فِيهِ مِنْ رُوحِهِ وَجَعَلَ لَكُمُ السَّمْعَ وَالْأَبْصَارَ وَالْأَفْئِدَةَ قَلِيلًا مَا تَشْكُرُونَ

« ئاندىن ئۇنى يارىتىلىش مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىدەك ئىقتىدارغا ئىگە قىلىپ، ئۆزىدىن روھ پۈۋلىدى ۋە سىلەرنى ئاڭلاش ۋە كۆرۈش، ھەم ھېس - تۇيغۇ ۋە چۈشىنىش قابىلىيىتىگە ئىگە قىلدى. سىلەر ئاز شۈكۈر قىلىسىلەر » ( 9 ).

بۇ ھەقىقەت ناھايىتى ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە مەلۇمات بولۇپ، بۇنى پەقەت ئاللاھ لا بىزگە بېرەلەيدۇ. ئايەتنىڭ ئاخىرى بېشىدىكىگە ئوخشاش كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ: « سىلەرگە ئاڭلاش ۋە كۆرۈش، ھېس قىلىش ۋە چۈشىنىش قابىلىيەتلىرىنى بەخش ئەتتى » .

ئاللاھ ئىنسانغا روھ پۈۋلەشتىن بۇرۇن ئىزچىل « ئۇ » دەپ خىتاب قىلغان. ئىنسان روھ پۈۋلىنىشتىن بۇرۇن نەزەرگە ئالغۇدەك نەرسە ئەمەس ئىدى. پەقەت ئۈچىنچى شەخس بىرلىك ئالمىشى بىلەن خىتاب قىلىنغان بىر شەيئى ئىدى. قاچان روھ پۈۋلەنگەن بولسا شۇنىڭدىن باشلاپ خىتاب شەكلىدە ئۆزگىرىش بولغان. روھ پۈۋلەنگەن بەشەر ئەقىل ۋە ئىرادىگە ئىگە بولۇپ « ئىنسان » بولغانىدى. مانا بۇ ۋاقىتتا ئاللاھ ئۇنىڭغا بىۋاستە ۋە « سىلەر / سىز » دەپ خىتاب قىلىشقا باشلىغان، بۇ ئارقىلىق ئىنساننى شەرەپلەندۈرگەنىدى. بۇنى بىلگۈچى ئۈچۈن بۇنىڭ ئۆزى ناھايىتى چوڭ نېمەتتۇر. بۇنى بىلگۈچى شۈكۈر قىلىدۇ. لېكىن، بۇنىڭ قەدرىنى بىلمىگەنلەر... بۇ سەۋەبتىن ئايەت « سىلەر ھەقىقەتەن ئاز شۈكۈر قىلىسىلەر » دەپ ئاخىرلاشقان.

ئۇنداقتا، نېمە قىلىش كېرەك؟ ئىنساننىڭ ئەقىل ۋە ئىرادىسىنى ئىشلىتىشكە تەرغىپ قىلىش. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر يول بار. يەنى، ئىنساننى مەجبۇرى بۇ يولغا كىرگۈزۈش. ئەمما بۇ توغرا ئەمەس. ئاللاھ مۇ بۇنداق قىلىشنى خالىمىغاندى:

وَلَوْ شِئْنَا لَآتَيْنَا كُلَّ نَفْسٍ هُدَاهَا وَلَكِنْ حَقَّ الْقَوْلُ مِنِّي لَأَمْلَأَنَّ جَهَنَّمَ مِنَ الْجِنَّةِ وَالنَّاسِ أَجْمَعِينَ

ئەگەر بىز خالىغان بولساق، ھەممە كىشىنى توغرا يولغا ( مەجبۇرى ) باشلايتتۇق. لېكىن، ( ياخشىلار يامانلاردىن ئايرىلسۇن ) ۋە بېكىتىلىپ بولغان« جەھەننەمنى كۆرۈنمەيدىغان ئىرادىلىك مەۋجۇدىيەتلەر ۋە ئىنسانلارنىڭ ( ئەسكىلىرى ) بىلەن توشقۇزۇش» ھۆكمىمنى رېئاللىققا ئاشسۇن دەپ ( بۇنداق قىلىشنى خالىمىدۇق ) ( 13 ).

ئۆز ئىرادە ۋە ئەقلى بىلەن توغرا يولنى تاپالمىغانلار جازاغا لايىق بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرىگە ئامانەت قىلىنغان ئىرادە ۋە ئەقىل نېمىتىگە خىيانەت قىلغان ( 12 ). ئەمما، بۇ ئامانەتكە ساداقەت كۆرسەتكەنلەرگە جەننەت مۇكاپاتى بېرىلىدۇ. مانا بۇ نۇقتىدا قۇرئاندىكى جەننەت ھەققىدە كىشىنىڭ دىققىتىنى جەلىپ قىلىدىغان ئايەتلەردىن بىرسى بايان قىلىنىدۇ:

فَلَا تَعْلَمُ نَفْسٌ مَا أُخْفِيَ لَهُمْ مِنْ قُرَّةِ أَعْيُنٍ جَزَاءً بِمَا كَانُوا يَعْمَلُونَ

« ئۇلارنى مۇكاپاتلاش يۈزىسىدىن ئاللاھ جەننەت ساقلىغان ۋە ئۇلارنى خۇشال قىلىدىغان كاتتا نېمەتنى ھېچكىم بىلمەيدۇ » ( 17 ).

ئاندىن ئۆتمۈشتە ئۆتكەن ئۈممەتلەردىن ئۆرنەك ۋە ئىبرەت مىساللىرى تىلغا ئېلىنغان ( 23 - 26 ).

سۈرە ئىنكار قىلىشتا چىڭ تۇرغانلارنى ئاگاھلاندۇرغان بىر ئايەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ:

فَأَعْرِضْ عَنْهُمْ وَانْتَظِرْ إِنَّهُمْ مُنْتَظِرُونَ

« سەن ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈگىن ( سۆزلىرىگە پەرۋا قىلىپ كەتمىگىن ). ئۇلار ( ئاللاھ تىن كېلىدىغان ئازابنى ) كۈتۈشكە رازى بولغانىكەن، سەنمۇ ئۇنى كۈتكىن » ( 30 ).

## رەئد سۈرىسى

سۈرە « گۈلدۈرماما » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ئىسمىنى 13 - ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان « رەئد » كەلىمىسىدىن ئالغان.

بۇ ئىسىم، ۋەھيىگە ۋە ئۇنى تەبلىغ قىلغان ( يەتكۈزگەن ) رەسۇلۇللاھقا قاتتىق قارشى چىققان مەككە مۇشرىك كاتتىلىرىغا قارىتا تەھدىد مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى، گۈلدۈرماما ئارقىسىدىن كېلىدىغان يامغۇرنىڭ خەۋەرچىسى بولۇپ، بۇ يامغۇر رەھمەت ئېلىپ كېلەمدۇ ياكى ئاپەتمۇ؟ بۇ مەجھۇل.

سۈرىنىڭ مەككە ياكى مەدىنىدە نازىل بولغانلىقى ھەققىدە ئىختىلاپ بار. سەئىد بىن جۇبەير، ھەسەن ئەلبەسرى، ئىكرىمە، ئاتا بىن ئەبى راباھ مەككىدە نازىل بولغان دەيدۇ. ئىبن زۇبەير، كەلبى، مۇقاتىل بىن سۇلايمان مەدىنىدە نازىل بولغان دەيدۇ ( فەتھۇل قادىر ).

بەزى مەنبەلەر بۇ ئىككى قاراشقا ئىبن ئابباسنى مەنبە قىلىپ كۆرسەتمەكتە ( بەغاۋى ۋە ئىبنۇل جەۋزى ). ھەر ئىككى رىۋايەت 31 - ۋە 43 - ئايەتلەرنى مۇستەسنا دەپ قارايدۇ. ئەمما بۇ ھېچقانداق بىر دەلىلنى ئاساس قىلمىغان.

سۈرىنىڭ مەزمۇنى ۋە ئۇسلۇبى رەئد سۈرىسىنىڭ مەككىدە نازىل بولغانلىقىنى دالالەت قىلىدۇ. چۈنكى، دەسلەپكى مەزگىللەردە تىزىلغان تەرتىپلەردە مەككىدە نازىل بولغان سۈرىلەر ئارىسىغا تىزىلغان.

مەزكۇر سۈرىنىڭ مەككە ياكى مەدىنىدە نازىل بولغانلىقى ھەققىدىكى ئىختىلاپلار دەسلەپكى تەرتىپلەردىمۇ ئۆزىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ئىبن ئابباس تەرتىپىدە سۈرە مەككىدە نازىل بولغان سۈرىلەر قاتارىغا، يەنى سەجدە - تۇر سۈرىسى ئارىسىغا تىزىلغان. ئىبن ئابباسقا نىسبەت بېرىلگەن يەنە بىر تەرتىپتىمۇ سۈرە مەككىدە نازىل بولغان سۈرىلەر قاتارىغا، يەنى مۇئمىنۇن - تۇر سۈرىسى ئارىسىغا تىزىلغان. ھەزرىتى ئوسمان تەرتىپىدە مەدىنىدە نازىل بولغان سۈرىلەر ئارىسىغا، يەنى مۇھەممەد - تالاق سۈرىسى ئارىسىغا تىزىلغان. ئىمام جافەر تەرتىپىدە مەدىنىدە نازىل بولغان سۈرىلەر ئارىسىغا، يەنى مۇھەممەد - رەھمان سۈرىسى ئارىسىغا تىزىلغان. بىزنىڭچە ئىبن ئابباس تەرتىپى توغرا. سۈرىنىڭ رىسالەتنىڭ 9 - يىلىدا نازىل بولغانلىقىنى تەخمىن قىلغىلى بولىدۇ.

رەئد سۈرىسىدە ئىككى ئاساسلىق تېما تىلغا ئېلىنغان:

1. مەۋجۇدىيەتنىڭ ئاللاھ قا يۈزلەنگەن تەرىپى بىلەن تەۋھىد ۋە ۋەھدەت ( يىگانىلىق ).

2. مەۋجۇدىيەتنىڭ مەخلۇقاتقا يۈزلەنگەن تەرىپى بىلەن ئەزۋاج ( ھەمراھ، جۈپ )، ئەزداد ( زىتلىق ) ۋە كەسرەت ( كۆپلۈك ).

سۈرە مۇقاتتا ھەرپلىرىدىن كېيىن « بۇلار كىتابنىڭ ئايەتلىرىدۇر » دەپ سۆز باشلايدۇ. ئايەتلەر كۆپ، كىتاب بىردۇر. ئايەتلەر ۋەھيىنىڭ نىشانى، كىتاب ۋەھيىنىڭ مەنبەسىدۇر. ۋەھيىنىڭ ئانا مەنبەسى ئاللاھ تۇر. ئاللاھ نىڭ ۋەھيي نازىل قىلىشتىكى مەقستى ئىنساندۇر. كۆرۈنگەن ھەر نەرسە بىر ئايەت بولۇپ، ئايەتلەر پەقەت كىتابنىڭ ئىچىدىلا ئەمەس. ئاسمان كىتابىدا قۇياش ۋە ئاي ئايەتلەردۇر. بۇلارنىڭ ھەر بىرى بىر قانۇنغا تەۋە قىلىنغان ( 2 ). مىدىرلىماس تاغلاردۇر، شاۋقۇن سۈرۈپ ئاققان دەريالار، ئەركەك - چىشى قىلىپ جۈپ يارىتىلغان ھايۋانلار، ئۆسۈملۈكلەر، ئاسمان - زېمىن ئارىسىدىكى كېچە - كۈندۈز يەر يۈزى كىتابىنىڭ ئايەتلىرىدۇر ( 3 ). دۇنيا ( يەر شارى ) بىردۇر، بۇ يىگانىلىقى بىلەن ۋەھدەتنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن، قىتئەلەر ۋە قۇرۇقلۇق پارچىلىرى كۆپتۇر، بۇ كۆپلىكنى كۆرسىتىدۇ ( 4 ). ئۈنىڭدىن باشقا، باغلار، ئېكىنزارلىقلار، بىر يىلتىزدىن چىققان كۆپ شاخلىق ياكى كۆپ شاخلىق بولمىغان يەككە گەۋدە ھالىتىدە قەد كۆتۈرگەن خورما دەرەخلىرى؛ گەرچە بۇلار ئوخشاش سۇ بىلەن سۇغۇرۇلغان بولسىمۇ، ئەمما تەمى، لەززىتى، رەڭگى، پۇرىقى، شەكلى ھەر خىل بولغان مېۋىلەرنى بېرىدۇ ( 4 ). بۇلار خالىققا يۈزلەنگەن تەرىپى بىلەن ۋەھدەتنىڭ، مەخلۇققا يۈزلەنگەن تەرىپى بىلەن كۆپلۈكنىڭ نامايەندىسىدۇر.

سۈرىدە پەقەت ئۈچ ئايەتتە ۋەھدەت ۋە كەسرەتكە مۇناسىۋەتلىك بۇنچە كۆپ مىسال بېرىلگەن ۋە ئۈنىڭدىن كېيىن مۇنداق دەپ ئاگاھلاندۇرۇلغان:

لَهُ دَعْوَةُ الْحَقِّ وَالَّذِينَ يَدْعُونَ مِنْ دُونِهِ لَا يَسْتَجِيبُونَ لَهُمْ بِشَيْءٍ إِلَّا كَبَاسِطِ كَفَّيْهِ إِلَى الْمَاءِ لِيَبْلُغَ فَاهُ وَمَا هُوَ بِبَالِغِهِ وَمَا دُعَاءُ الْكَافِرِينَ إِلَّا فِي ضَلَالٍ

« مۇتلەق ھەققەت نەزەردە تۇتۇلغان ھەققى بىر دۇئا پەقەت ئاللاھ قا قارىتىلغان بولىدۇ. ئاللاھ نى قويۇپ يالۋۇرۇپ يېلىنغان مەۋجۇدىيەتلەر ھېچقانداق شەكىلدە ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىگە جاۋاب بېرەلمەيدۇ. ( ئۇلارنىڭ مىسالى ) خۇددى ئاغزىمىزغا سۇ چۈشسۇن دەپ نېرىدىن ئىككى ئالقىنىنى سۇغا قارىتىپ ئېچىپ تۇرغان ئادەمگە ئوخشايدۇ. بۇ ئەھۋالدا ئۇلار ھەرگىزمۇ سۇغا ئېرىشەلمەيدۇ. كۇپرىغا پېتىپ قالغانلارنىڭ دۇئاسى گۇمراھلىقنى ئاشۇرۇشتىن باشقا ھېچقانداق پايدا ئېلىپ كەلمەيدۇ » ( 14 ).

سۈرىدىكى بۇ ئانا تېما بىلەن نازىل بولۇش سەۋەبى ئارىسىدا بىۋاستە بىر مۇناسىۋەت بولسا كېرەك. مەسىلەن: ئوخشاش بىر ئاتىدىن كەلگەن ئادەم باللىرى ئاللاھ نىڭ ۋەھيىسىگە قارىتا بىرسى ئىمان ئېيتىپ، يەنە بىرسى ئىنكار قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل مۇئامىلىدە بولماقتا، بۇ نېمە ئۈچۈن؟ ئوخشاش بىر ئاتا - ئانىنىڭ باللىرىدىن بىرسى ھىدايەتنى تاللىغان بولسا، يەنە بىرسى گۇمراھلىقنى تاللىماقتا، بۇ نېمە ئۈچۈن؟ ئوخشاش بىر قەۋمگە مەنسۇپ بىر ئايماق ئىمانغا قاراپ يۈگۈرگەن بولسا، يەنە بىر ئايماق ئىنكار قىلىشتا چىڭ تۇرماقتا، بۇ نېمە ئۈچۈن؟ مانا بۇ « نېمە ئۈچۈن؟ »لەرنىڭ جاۋابى كائىناتنىڭ ۋە تەبىئەتنىڭ مۆجىزىۋى تەرتىپى ئىچىگە

يوشۇرۇنغان. ئوخشاشلىقلارنىڭ قارىمۇقارشىلىقى، قارىمۇقارشىلىقلارنىڭ ماسلىششى بۇ مۆجىزىنىڭ بىر كۆرۈنۈشىدۇر.

ئەزۋاج (جۈپ) بىرسى بولماستىن يەنە بىرسى بولمايدىغان شەيئىلەردۇر. مەسىلەن: ئەر - ئايال... يەر - زېمىن...دېگەندەك. ئەزداد (زىتلىق)- بىرسى بولسا يەنە بىرسى مەۋجۇت بولمايدىغانلاردۇر. مەسىلەن: كېچە ۋە كۈندۈز... ئىسسىق ۋە سوغۇق... سۈرىدە سۆزنىڭ رەھىملەرگە ۋە رەھىملەر ئىچىدىكىگە كەلتۈرۈلىشمۇ ئەزۋاجنى كۆرسەتمەكتە ( 8 ). يەنە قورقۇنچ ۋە ئۈمىدنى بىرلىكتە ياشتىشىمۇ بۇ مەنىدە ( 12 ) كەلمەكتە. ئەڭ ئاخىرىدا سۆز مەۋجۇدىيەت مەنسۇپ بولغان ئىلاھىي قانۇنغا كەلتۈرۈلۈپ مۇنداق دېيىلگەن:

وَلِلَّهِ يَسْجُدُ مَنْ فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ طَوْعًا وَكَرْهًا وَظِلَالُهُمْ بِالْغُدُوِّ وَالْآصَالِ

« ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەر مەخلۇق ۋە ئۇلارنىڭ ئەتىتگەندىن كەچكىچە ( ئىلاھى قانۇن تەقەززاسى بىلەن ئۆزگۈرۈپ تۇرغان ) سايىلىرىمۇ ئىختىيارى ۋە مەجبۇرى يوسۇندا ئاللاھ قا بويسۇنىدۇ ( سەجدە قىلىدۇ ) » ( 15 ).

بۇ كۆپلۈكنىڭ سىرىغا ھەممە دىققەتنى تارتقاندىن كېيىن، خىتاب قىلىنغۇچىغا تەۋھىدنى تەۋسىيە قىلماقتا:

« ھەر نەرسىنىڭ ياراتقۇچىسى ئاللاھ تۇر. ئاللاھ بىردۇر، ھەممىگە غالىبتۇر » ( 16 ).

ۋەھيي خىتاب قىلىنغۇچىدىن شەيئىلەر ئارىسىدا مۇناسىۋەت قۇرىدىغان، شەيئىلەر ئارىسىدىكى زىچ مۇناسىۋەتنى كۆرەلەيدىغان بىر ئەقىل تەلەپ قىلماقتا. بۇ ئەقىل ياراتقۇچى بىلەن يارىتىلغان، يەر بىلەن ئاسمان، ئەركەك بىلەن چىشى، ئاللاھ بىلەن پەيغەمبەر، ئاللاھ بىلەن ئىنسان، تەبىئەت قانۇنىيىتى بىلەن ئىجتىمائىي قانۇنلار، يەككە گەۋدە بىلەن كۆپ شاخ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تۇيغۇ، چۈشەنچە ۋە ھەر خىل قىلمىشى بىلەن بىر - بىرىدىن ئايرىۋەتمەيدىغان بىر ئەقىل بولىشى كېرەك:

وَالَّذِينَ يَنْقُضُونَ عَهْدَ اللَّهِ مِنْ بَعْدِ مِيثَاقِهِ وَيَقْطَعُونَ مَا أَمَرَ اللَّهُ بِهِ أَنْ يُوصَلَ وَيُفْسِدُونَ فِي الْأَرْضِ أُولَئِكَ لَهُمُ اللَّعْنَةُ وَلَهُمْ سُوءُ الدَّارِ

« ئاللاھ قا بەرگەن فىترەت ۋەدىسىنى مۇستەھكەملىگەندىن كېيىن بۇزغانلار، ئاللاھ نىڭ سىلە - رەھىم قىلىشتىن ئىبارەت ئەمرىنى تۇتماي، زېمىندا ئىجتىمائى بۇزۇقچىلىقنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولغانلار، ئەنە شۇلار ئاللاھ نىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىنغانلاردۇر ۋە دارى دۇنيادىن كېيىن كېلىدىغان يامان ئاقىۋەت ئۇلارنى كۈتمەكتە » ( 25 ).

مەخلۇقتىكى ئوخشاشماسلىقلار، رەڭدارلىقلار ئۈستىدىن رەسۇلۇللاھ ۋە مۇئمىنلەرگە: « ھەممە كىشىنى مۇئمىن قىلىش سەۋداسىغا بېرىلىپ كەتمەڭلار. چۈنكى، ئاللاھ نىڭ مۇرادى بۇ ئەمەس. ئەگەر ئاللاھ خالىغان بولسا، بۇنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئاللاھ قا قىيىن ئەمەس » دېمەكتە. ئەمدى تۆۋەندىكى ئايەتنى ئوقۇپ باقايلى:

وَلَوْ أَنَّ قُرْآنًا سُيِّرَتْ بِهِ الْجِبَالُ أَوْ قُطِّعَتْ بِهِ الْأَرْضُ أَوْ كُلِّمَ بِهِ الْمَوْتَى بَلْ لِلَّهِ الْأَمْرُ جَمِيعًا أَفَلَمْ يَيْئَسِ الَّذِينَ آمَنُوا أَنْ لَوْ يَشَاءُ اللَّهُ لَهَدَى النَّاسَ جَمِيعًا وَلَا يَزَالُ الَّذِينَ كَفَرُوا تُصِيبُهُمْ بِمَا صَنَعُوا قَارِعَةٌ أَوْ تَحُلُّ قَرِيبًا مِنْ دَارِهِمْ حَتَّى يَأْتِيَ وَعْدُ اللَّهِ إِنَّ اللَّهَ لَا يُخْلِفُ الْمِيعَادَ

« مۇبادا بۇ (تىلاۋەت قىلىش) بىلەن تاغلار يۆتكىلىدىغان ياكى يەر يېرىلىدىغان ۋە ياكى ئۆلۈكلەر سۆزلەيدىغان خىتاب بولغان تەقدىردىمۇ (ئۇلار چوقۇم ئىمان ئېيتمايتتى). ھەممە ئىش الله بەلگىلىگەن قانۇن بويىچە بولىدۇ. مۇئمىنلەر ئەگەر الله خالىسا، ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىنى جەزمەن ھىدايەت قىلىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ تۇرۇپ، ( ھەممە كىشىنى مۇئمىنلەردىن قىلىش ) سەۋداسىدىن تېخىچە ۋازكەچمىدىمۇ؟ ئىنكار قىلىشتا چىڭ تۇرغانلارغا كەلسەك، الله نىڭ ۋەدىسى ئەمەلگە ئاشقانغا قەدەر كاپىرلار ئۆز قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ھامان تۈرلۈك بالالارغا دۇچار بولىدۇ، ياكى بالايى - ئاپەت ئۇلارنىڭ يۇرتىغا يېقىن بىر جايغا چۈشىدۇ، الله ۋەدىسىگە ئەلۋەتتە خىلاپلىق قىلمايدۇ » ( 31 ).

سۈرىدىكى بارلىق بۆلەكلەردە سۆز مەخلۇقاتنىڭ خىلمۇ - خىل ۋە رەڭدارلىق قانۇنىيىتىگە كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ ئارقىلىق خىتاب قىلىنغۇچىغا ھاياتنىڭ ئىلاھىي قانۇنلىرىنى ئۆگىتىش، تىرىشچانلىقنى ئۇ قانۇنىيەتكە پەرۋا قىلماستىن ئەمەس، ئەكسىچە ئۇ قانۇنىيەتلەرنى نەزەردە تۇتقان ئاساستا ئېلىپ بېرىش ئېڭىنى سىڭدۈرۈش مەقسەت قىلىنماقتا.

سۈرە خىتاب قىلىنغۇچىنى مەخلۇقاتنىڭ ھەممىسىنى بىر كىتاب دەپ قاراپ ئوقۇشقا دەۋەت قىلىدۇ. ئافاقى ( 1 - 4 ) ۋە ئەنفۇسى ئايەتلەر ( 8 - 11 ) ئۈستىدە توختىلىدۇ. مەنىسىزلىك ۋە مەقسەتسىزلىك دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدىغان يەككە دۇنيالىق چۈشەنچىنى كەسكىن بىر ئۇسلۇبتا رەت قىلىدۇ ( 5، 11 - 13، 18 ).

سۈرە، خىتاب قىلىغۇچىلىرىنىڭ كىملىكىنىمۇ روشەن ھالدا بايان قىلىدۇ. بۇلار رەببىنى ۋە قايتىدىن تىرىلىشنى ئىنكار قىلغان كىشىلەردۇر ( 5 ). بۇلار ئىلاھى تەھدىدكە قارشى ھاماقەتلەرچە بويۇنتاۋلىق قىلغان ۋە مۆجىزە تەلەپ قىلغان كىشىلەردۇر ( 6 ). ئاللاھ ھەققىدە مۇنازىرە قىلىشقان كىشىلەردۇر ( 12 ). ئاللاھ تىن غەيرىگە يالۋۇرۇپ - يېلىنغان ( 14 )، ئاللاھ بىلەن قىلغان ئەھدىسىنى بۇزغان، بەرپا قىلىشقا، ئۇلاشقا بۇيرىغاننى ئۈزۈپ تاشلىغان ( 25 )، ئاللاھ نىڭ ئەلچىسىنى مەسخىرە قىلغان كىشىلەردۇر ( 32 ). ئاللاھ قا شېرىك كەلتۈرگەن، چۈشەنچىلىرى ئۆزىگە قۇرغان توزاققا چۈشكەن، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئازاپقا لايىق بولغان ( 34 )، ھەزرىتى مۇھەممەد ( ئەلەيھىسسالام )كە « سەن ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلمىدىڭ » دېگەن ( 43 ) كىشىلەردۇر.

بۇ ئايەتلەر پەقەت ئۆز دەۋرىدىكى ئىنكارچىلارنىلا ئەمەس، ھەر دەۋردىكى ئىنكارچىلارنى تەسۋىرلەپ بەرمەكتە.

سۈرە، ئىنساننىڭ ۋەھيي، تەبىئەت ( كائىنات ) ۋە ئۆزىنى ئوقۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالماقتا. بۇ ئوقۇشنىڭ نىھائى مەقستى سۈرىنىڭ 11 - ئايىتىدە مۇنداق ئىپادىلەنگەن:

إِنَّ اللَّهَ لَا يُغَيِّرُ مَا بِقَوْمٍ حَتَّى يُغَيِّرُوا مَا بِأَنْفُسِهِمْ

« ھەر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگۈچە ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ » ( 11 ).
مانا بۇ شەخسى ۋە ئىجتىمائىي / مىللەت خاراكتېرلىق ئۆزگىرىشنىڭ ئىلاھىي قانۇنىيىتىدۇر.

## تۇر سۈرىسى

سىنا تېغى ئىما قىلىنغان « ئۇلۇغ تاغ » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان « تۇر » ئىسمى سۈرىنىڭ بىرىنچى ئايىتىدە تىلغا ئېلىنغان.

بىرىنچى نەسلىدىن بۇگۈنگىچە « تۇر » ئىسمى بىلەن ئاتالغان. تۇر دەپ ئاتالغان سىنا تېغى سىنا يېرىم ئارىلىدىكى تىھ سەھراسىنىڭ چەت بىر قىسمىغا جايلاشقان ۋە مەزكۇر رايۇندىكى تۈزلەڭلىكتە ناھايىتى ھەيۋەتلىك تۇرغان بىر تاغدۇر. ھەزرىتى مۇسا بەنى ئىسرائىلنى مىسىردىن ئېلىپ چىققاندىن كېيىن ۋەھيي ئېلىش ئۈچۈن بۇ تاغقا چىققان. ئون ئەمىر بۇ تاغدا نازىل بولغان.

سۈرە مەككىدە نازىل بولغان. سۈرىدە رەسۇلۇللاھقا قارىتىلغان سۇيىقەست پىلانلىرى ئىما قىلىنغان ( 42 ). سۈرىنىڭ 44 - ئايىتى بىلەن ئىسرا سۈرىسىنىڭ 90 - 92 - ئايەتلىرى ئارىسىدا بىر مۇناسىۋەت باردەك كۆرۈنمەكتە. ھەزرىتى ئوسمان تەرتىپىدە سەجدە - مۈلك، ئىبن ئابباس تەرتىپىدە رەئد - مۈلك، جەبىر بىن زەيدنىڭ ئىبن ئابباسقا نىسبەت بېرىلگەن تەرتىپىدە نۇھ - مۇئمىنۇن ئارىسىدا ئورۇن ئالماقتا.

بۇ يىپ ئۇچلىرىغا ئاساسەن سۈرىنىڭ دەۋەتنىڭ 9 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا نازىل بولغانلىقىنى تەخمىن قىلغىلى بولىدۇ. چۈنكى، قۇرەيش رەسۇلۇللاھقا سۇيىقەستنى پەقەت ئەبۇ تالىپنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن رەسمىي شەكىلدە مۇزاكىرە قىلىشقا باشلىغانىدى.

ھەر نەرسىنىڭ بىر روھى باردۇر. بۇ دۇنيا ھاياتنىڭ جىسمى بولسا، روھى ئاخىرەتتۇر. سۈرىنىڭ ئانا تېمىسى مانا بۇ روھ - ئاخىرەتتۇر.

مەنبەلىرىمىزدە جۇبەير بىن مۇتئىمنىڭ بۇ سۈرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان قىزىقارلىق بىر ئەسلىمىسى نەقىل قىلىنغان: « بەدرى ئەسىرلىرى ھەققىدە مەككىگە ۋاكالەتەن مۇزاكىرە ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن مەدىنىگە كەلدىم. مۇسۇلمانلار مەسجىدتە ناماز ئوقۇۋاتاتتى. رەسۇلۇللاھ تۇر سۈرىسىنى ئوقۇۋاتاتتى. " شۈبھىسىزكى رەببىڭنىڭ ئازابى چوقۇم روياپقا چىقىدۇ. ئۇنىڭغا ھېچكىم قارشى تۇرالمايدۇ " ( 7 - 8 ) ئايەتلىرىگە كەلگەندە يۈرىكىم ئورنىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك بولۇپ كەتتىم » ( بۇخارى ۋە ئىبنى ھەنبەل ).

سۈرە بىر قاتار مەۋجۇدىيەتلەرگە قەسەم قىلىش بىلەن باشلىنىدۇ. ئاللاھ نىڭ ئۆزى ياراتقان مەخلۇقلىرىدىن بەزىلىرىگە قەسەم قىلىشىنىڭ نۇرغۇن سەۋەبى بار. بۇ ۋە بۇنىڭغا ئوخشايدىغان باشقا سۈرىلەردە قەسەمنىڭ مەقسىتى مەۋجۇدىيەتنىڭ شاھىت بولىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىش بولۇپ، ئىنكارچىلار ئاللاھ تىن ھاياتلىرىنى ئېلىپ قاچالايدىغانلىقىنى، يەنى خاتىرىلەنمەيدىغان، ھېسابى ئېلىنمايدىغان بىر ھايات ياشايدىغانلىقىنى پەرەز قىلىشماقتا. قەسەم قىلىنغان مەخلۇقلارغا دىققەتنى بۇراپ، « ئاللاھ ياراتقان ھەر نەرسىگە شاھىت بولالايدىغان بىر ئىقتىدار بېرىلگەن يەردە، يېزىپ قويۇلمىغان بىر ھاياتنى ياشىيالمايسەن » دېمەكتە. بۇ سۈرىدە قەسەم قىلىنغان مەخلۇقلار تۆۋەندىكىچە:

وَالطُّورِ (1) وَكِتَابٍ مَسْطُورٍ (2) فِي رَقٍّ مَنْشُورٍ (3) وَالْبَيْتِ الْمَعْمُورِ (4) وَالسَّقْفِ الْمَرْفُوعِ (5) وَالْبَحْرِ الْمَسْجُورِ (6)

« تۇر تېغى بىلەن قەسەمكى، ئېچىلغان تېرە باغلاملىرىدىكى قۇرلارغا يېزىلغان ئىلاھى خەۋەر بىلەن قەسەمكى، بەيتۇل مەئمۇر بىلەن قەسەمكى، ئاسمان بىلەن قەسەمكى، شاۋقۇن چىقىرىپ دولقۇنلىغان دېڭىز بىلەن قەسەمكى » ( 1 - 6 ).

سۈرىدە ئىنساننىڭ مۇئامىلە ۋە قىلمىشلىرى ھەققىدە بايانلار بېرىلگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ ھۆر ئىرادىدىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بېرىلغان تاللاشنىڭ ئەسەرى ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان. ھەمدە ئىنسانغا ئاجىزلىق ۋە كۈچ، ئاجىزلىق ۋە ئارتۇقچىلىق كۆرسىتىلگەن. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا سۈرىنى مۇكاپات ۋە جازا سۈرىسى دېسەكمۇ بولىدۇ.

بىر - بىرلىرىگە چىڭ باغلانغان ئائىلە ئەزالىرىنىڭ « ھەممىمىز ئىشىنىشىمىز كېرەك، لېكىن ئەمەللىرىمىز ئوخشاش ئەمەس، تەڭ دەرىجىدە ئەمەس. شۇڭا بىز ئاخىرەتتە بۇ دۇنيادىكىدەك بىرلىكتە بولالامدۇق؟ » دېگەن سۇئالىغا جاۋاب بېرىلگەن بىر ئايەت بۇ سۈرىدە بايان قىلىنغان:

وَالَّذِينَ آمَنُوا وَاتَّبَعَتْهُمْ ذُرِّيَّتُهُمْ بِإِيمَانٍ أَلْحَقْنَا بِهِمْ ذُرِّيَّتَهُمْ وَمَا أَلَتْنَاهُمْ مِنْ عَمَلِهِمْ مِنْ شَيْءٍ كُلُّ امْرِئٍ بِمَا كَسَبَ رَهِينٌ

« ئۆزلىرى ئىمان ئېيتقان، ئەۋلادلىرىمۇ ئەگىشىپ ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى ئۇلار بىلەن تەڭ دەرىجىدە قىلىمىز، ئۇلارنىڭ ( ياخشى ) ئەمەللىرىدىن قىلچىمۇ كېمەيتىۋەتمەيمىز، ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ قىلمىشىغا مەسئۇلدۇر » ( 21 ).

ئىنكارچى خىتاب قىلىنغۇچىلارنىڭ بۇ پوزىتسىيىسىنى ئەيىپلەپ ئىشلىتىلگەن ئۇسلۇب ھەققەتەن كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ:

« ئۇلارنىڭ ئەقلى ئۇلارنى مۇشۇنداق ( سۆز ) قىلىشقا بۇيرۇمدۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار ( كۇفرىدا ) ھەددىدىن ئاشقان قەۋمدۇر » ( 32 ).

يارىتىلىشقا مۇناسىۋەتلىك ھالدا ئىنكار قىلغۇچىغا قارىتىلغان سۇئاللار، ئاخىرەتنى ئىنكار قىلىشنىڭ ئىلاھى غەزەپنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئەڭ چوڭ بىر گۇناھ ئىكەنلىكى كۆرسىتىلمەكتە:

فَلْيَأْتُوا بِحَدِيثٍ مِثْلِهِ إِنْ كَانُوا صَادِقِينَ (34) أَمْ خُلِقُوا مِنْ غَيْرِ شَيْءٍ أَمْ هُمُ الْخَالِقُونَ (35) أَمْ خَلَقُوا السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ بَل لَا يُوقِنُونَ (36) أَمْ عِنْدَهُمْ خَزَائِنُ رَبِّكَ أَمْ هُمُ الْمُسَيْطِرُونَ (37)

« ياكى ئۇلار ياراتقۇچىسىز يارىتىلغانمۇ؟ ياكى ئۇلار ئۆزلىرى ياراتقۇچىمۇ؟ ياكى ئۇلار ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقانمۇ؟ بەلكى ئۇلار ( ئاللاھ نىڭ بىرلىكىگە ) ئىشەنمەيدۇ. ئۇلارنىڭ يېنىدا رەببىڭلارنىڭ خەزىنىلىرى بارمۇ؟ ياكى ئۇلار ( شەيئىلەرنى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىدىغان ) ( كائىناتنى ) بويسۇندۇرغۇچىمۇ؟ » ( 35 - 37 ).

سۈرە ۋەھيىنىڭ تۇنجى مۇھاتابلىرىغا سەبىرنى تەۋسىيە قىلىپ سۆزنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ:

وَاصْبِرْ لِحُكْمِ رَبِّكَ فَإِنَّكَ بِأَعْيُنِنَا وَسَبِّحْ بِحَمْدِ رَبِّكَ حِينَ تَقُومُ (48) وَمِنَ اللَّيْلِ فَسَبِّحْهُ وَإِدْبَارَ النُّجُومِ (49)

« رەببىڭنىڭ ھۆكمىنى سەبىر بىلەن كۈتكىن. ئۇنتۇمىغىنكى، سەن ھەقىقەتەن بىزنىڭ ھىمايىمىزدىدۇرسەن، ( ئۇيقۇدىن ) تۇرغان ۋاقتىڭدا رەببىڭگە تەسبىھ ئېيتقىن، ھەمد ئېيتقىن، كېچىدىمۇ، يۇلتۇزلار پاتقاندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتقىن » ( 48 - 49 ).

# مۇلك سۈرىسى

سۈرە، ئاللاھ نىڭ « مۇتلەق ھۆكۈمران ۋە ھۆكۈم ئىگىسى » ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن مۇلك ئىسمىنى بىرىنچى ئايەتتىن ئالغان:

« ( پۈتۈن ئاسمان ۋە زېمىننىڭ ) ھۆكۈمرانلىقى ئىلكىدە بولغان ئاللاھ نىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر، ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر » ( 1 ).

قەدىمقى تەپسىر ۋە ھەدىس مەنبەلىرىدە بۇ ئىسىم بىلەن ئاتالغان. سۈرىنىڭ بۇ ئىسمىدىن باشقا يەنە ئالتە ئىسمى بار.

بىر رىۋايەتكە قارىغاندا ساھابىلەر بۇ سۈرىنى مانىئە ( مەنئى قىلغۇچى ) دەپ ئاتىغان ( تەبەرانى ). ئوقۇغان كىشىگە ئازاپتىن قۇتۇلۇش يوللىرىنى كۆرسىتىدىغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئىسىم بىلەن ئاتىغان.

ئىتقان مۇنجىيە ( قۇتقازغۇچى ) ئىسمى بىلەن ئاتىغان. چۈنكى بۇ سۈرىنى ئوقۇغان كىشىگە جەھەننەمدىن قۇتۇلۇشنىڭ يوللىرىنى كۆرسىتىدۇ. يەنە، دافىئە ( قوغدىغۇچى، ساقلىغۇچى ) دەپمۇ ئاتىغان بولۇپ، بۇ سۈرىنى ئوقۇغان كىشىگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىدىغان يوللارنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە. ئۇنىڭدىن باشقا شافىئە دەپمۇ ئاتالغان ۋە بۇ سۈرىنى ئوقۇغان كىشىنى قىيامەتتە شاپائەت قىلىدىغانلىقى سەۋەب قىلىپ كۆرسىتىلگەن. مۇجادىلە دەپمۇ ئاتالغان بولۇپ، « مۇنكەر ۋە نەكىر پەرىشتىلىرىنىڭ بۇ سۈرىنى ئوقۇغان كىشىنىڭ پايدىسىغا كۆرەش قىلىدىغانلىقى »غا ئوخشاش تالاش - تارتىش قىلىنىدىغان بىر « دەلىل » سەۋەب قىلىپ كۆرسىتىلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا مۇخەللىسە دەپمۇ ئاتالغان. بۇ سۈرىنى ئوقۇغان كىشىنى زابانى ( جەھەننەم پەرىشتىلىرى )لارنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالىدىغانلىقى سەۋەب قىلىپ كۆرسىتىلگەن.

يۇقىرىدىكىلەرگە ئاساسلانغاندا، بۇلارنىڭ ھەممىسى مەزكۇر سۈرىنىڭ ئاخىرەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەكتە.

سۈرە مەككىدە نازىل بولغان بولۇپ، مەككە سۈرىلىرىدە گەۋدىلىك بولغان بالاغەتنى ئاساس قىلغان قىياپەتنى كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. سۈرە مەزمۇن جەھەتتىن بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە.

جابىر تەرتىپىدە مۇئمىنۇن - ھاققا، باشقا تەرتىپلەردە تۇر - ھاققا سۈرىلىرى ئارىسىغا تىزىلغان. بىزنىڭ تەرتىپىمىزدە تۇر - غاشىيە سۈرىسى ئارىسىغا تىزىلغان. بۇ تەخمىنەن رىسالەتنىڭ 9 - يىلىغا توغرا كەلمەكتە. 28 - ئايىتىدە رەسۇلۇللاھقا قارشى پىلانلانغان سۇيىقەستنى ئىما قىلىشى بۇ تارىخنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى كۈچەيتىدۇ.

سۈرە، ئاللاھ - ئىنسان - كائىنات مۇناسىۋىتىنى چۆرىدىگەن ھالدا، ھايات سەپىرىدىكى ئىنساننىڭ ۋەھيىنىڭ يېتەكچىلىكىگە مۇھتاج ئىكەنلىكى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. سۈرىدە ھايات ۋە ئۆلۈمنىڭ ماھىيىتىگە كىشىنىڭ دىققىتى ئاغدۇرۇلغان بولۇپ، ئىنساندىن ئىبارەت شاھ ئەسەرنىڭ نېمە ئۈچۈن ئىككى دۇنيالىق ئىكەنلىكى سوئالىغا سۈرىنىڭ باشلىنىشىدىلا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېيىلگەن: « قايسىڭلارنىڭ ئەمەلىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن » ( 2 ). ئاندىن ئىنساندىن ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان كائىناتنىڭ قۈسۇرسىز بىر نىزامى ھەققىدە تەپەككۇر قىلىشى تەلەپ قىلىنغان:

الَّذِي خَلَقَ سَبْعَ سَمَوَاتٍ طِبَاقًا مَا تَرَى فِي خَلْقِ الرَّحْمَنِ مِنْ تَفَاوُتٍ فَارْجِعِ الْبَصَرَ هَلْ تَرَى مِنْ فُطُورٍ (3) ثُمَّ ارْجِعِ الْبَصَرَ كَرَّتَيْنِ يَنْقَلِبْ إِلَيْكَ الْبَصَرُ خَاسِئًا وَهُوَ حَسِيرٌ (4)

« ئۇ يەتتە ئاسماننى مىسلىسىز ماسلىشىش ئىچىدە ياراتتى. رەھماننىڭ يارىتىشىدا ھېچ نۇقسانىنى كۆرمەيسەن؛ ( ئاسمانلارغا ) تەكرار قاراپ باققىنكى، بىرەر يوچۇقنى كۆرەمسەن؟ ئاندىن سەن يەنە قايتا - قايتا قارىغىن، كۆزۈڭ ئۈمىد ئۈزگەن ۋە تالغان ھالدا قايتىدۇ » ( 3 - 4 ).

يەنى، تەگدىشى يوق بۇ كائىناتنىڭ بىر مەنىسى ۋە مەقسىتى بولىدۇ - يۇ، كائىنات خىزمىتىگە بويسۇندۇرۇلغان ئىنساننىڭ يارىتىلىش مەقسىتى بولمامدۇ؟ ئەقىل ۋە ۋەھيى، ئىنسانغا مەنا ۋە مەقسىتىنى تېپىش ئۈچۈن بېرىلگەن. جەھەننەمگە تاشلانغانلارنىڭ ئاغزىدىن بۇ ھەقىقەت مۇنداق بايان قىلىنغان:

« ئەگەر بىز بۇ ( ۋەھيىگە ) قۇلاق سالغان ياكى ئەقلىمىزنى ئىشلىتىپ ئۇنى چۈشەنگەن بولساق، ئەھلى دوزاخ قاتارىدا بولماس ئىدۇق » ( 10 ).

ئەقىل ۋە نەقىل ... بۇلارنىڭ ئىككىلىسى ئىنساننى ھەقىقەتكە ئېلىپ بارىدۇ. بۇ ئىككىسىدىن يۈز ئۆرىگۈچى، ئاللاھ قا تۇزكورلۇق قىلغان بولىدۇ. تۇزكورلۇق قىلغۇچىلار جازاغا تارتىلىدۇ ( 13 - 18 ). ئىنساننى پەقەت چەكسىز مەرھەمەت ئىگىسى بولغان ئاللاھ ئۆزى ھىمايە قىلىدۇ ( 20 ). ئىنسان يارىلىشتىنلا ئاللاھ قا قەرز ( 23 - 24 ). بۇ قەرزدارلىق تۇيغۇسى بولغان ئەد - دىنىدىن يۈز ئۆرىگۈچىلەر ھېساپ سورىلىدىغان دىن كۈنىگە قارىتا ئاگاھلاندۇرۇلغان ( 23 - 27 ).

سۈرە، ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغۇچىلارغا بۇ پوزىتسىيىسىنى داۋاملاشتۇرغان تەقدىردە دۇچار بولىدىغان ئاقىۋەتتىن خەۋەر بېرىپ ئاخىرلاشقان ( 28 - 30 ).

سۈرىنىڭ ئاخىرقى ئايىتى ھەقىقەتەن مەنىلىك بولۇپ، ھەم ھايات ھەم مۆجىزە ھەمدە جانلىق بولغان سۇغا كىشىنىڭ دىققىتىنى ئاغدۇرىدۇ. بۇ ئارقىلىق سۇ ئۈستىدىن ئىنسان روھىنىڭ سۈيى بولغان ۋەھيىگە كىشىنىڭ نەزىرىنى بۇرىماقتا. ھەر يەردە « سۇلار سەلگە ئوخشاش » كۆپ تېپىلىدىغان بولسىمۇ، كۆپ بولۇشىغا قارىماي ئۆزىنىڭ قىممىتى ۋە ئىززىتى كېمىيىپ قالمايدىغان سۇ ئاللاھ نىڭ ئىنسانغا بولغان سېخىيلىقىنىڭ بىر ئىپادىسى. ئەگەر سۇلار تارتىلىپ كەتسە ۋە ئىنسان ئۇنى پەيدا قىلىشقا ئۇرۇنسا، بىر ئىستاكان سۇ ئۈچۈن ھەق ئالماستىن بىكارغا بەرمەيتتى:

قُلْ أَرَأَيْتُمْ إِنْ أَصْبَحَ مَاؤُكُمْ غَوْرًا فَمَنْ يَأْتِيكُمْ بِمَاءٍ مَعِينٍ

« ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ؟ ئەگەر سۈيىڭلار ( يەر ئاستىغا ) سىڭىپ كەتسە، سىلەرگە پاك ئېقىن سۇلارنى كىم كەلتۈرۈپ بېرىدۇ؟ » دېگىن ( 30 ).

رەسۇلۇللاھ ۋە ساھابىلەردىن بۇ سۈرىنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە كەلگەن رىۋايەتلەر، كىشىنىڭ دىققىتىنى سۈرىنىڭ مەزمۇنىغا ئاغدۇرۇش مەقسىتىدە ئېيتىلغانلىقى ئاساسىدا چۈشىنىلىشى كېرەك.

# غاشىيە سۈرىسى

سۈرە، ئاخىرقى سائەت / قىيامەتنى ئىپادىلەيدىغان « قورشاش، ئوراش » مەنىسىدىكى « غاشىيە » ئىسمىنى بىرىنچى ئايەتتىن ئالغان:

« ئېغىر مۇسىبەتكە ئوخشاش ھەممە تەرەپنى قاپلايدىغان ۋەقەنىڭ خەۋىرى ساڭا كەلدىمۇ؟ » ( 1 ).

مەزكۇر سۈرە مۇسھاب، تەپسىرلەردە ۋە بەزى ھەدىس كىتابلىرىدا غاشىيە ئىسمى بىلەن ئاتالغان. ئىمام مالىك ۋە بۇخارىنىڭ نەقىللىرىدىن مەزكۇر سۈرىنىڭ ساھابىلەر ئارىسىدا بىرىنچى ئايەت بىلەن تولۇق ئاتالغانلىقىنى بىلەلەيمىز.

سۈرە مەككىدە نازىل بولغان. تۈنجى قۇرئان تەرتىپلىرىدە زارىيات ۋە كەھف سۈرىسى ئارىسىغا تىزىلغان. بۇ، سۈرىنىڭ قۇرەيش بايقۇتىنىڭ ئاخىرقى يىلدا ياكى ئۇنىڭدىن كېيىن، يەنى رىسالەتنىڭ 9 - ياكى 10 - يىلدا نازىل بولغانلىقىنى كۆرسەتمەكتە.

بۇ مەزگىلدە نازىل بولغان سۈرىلەرنىڭ ئانا تېمىسى بۇ سۈرىدىكىگە ئوخشاش ئاخىرقى سائەت، قىيامەت ۋە ئاخىرەتتۇر.

سۈرە ئاخىرقى سائەت ۋە قىيامەت ئۈستىدىن بۇ دۇنيا ھاياتىنىڭ ئۆتكۈنچى، ئاخىرەت ھاياتىنىڭ باقىي ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتكەن بولۇپ، بۇ مۇددىئا جەننەت ئەھلى بىلەن جەھەننەم ئەھلىنىڭ ھاياتىدىن قىسقىچە تەسۋىرلەر ئارقىلىق ئىما قىلىنغان ( 1 - 16 ). سۈرىدە قايتا تىرىلىشنى، يەنى ھېساپ كۈننى ئىنكار قىلغۇچىلار كائىنات كىتابىنى ئوقۇشقا دەۋەت قىلىنغان:

أَفَلَا يَنْظُرُونَ إِلَى الْإِبِلِ كَيْفَ خُلِقَتْ (17) وَإِلَى السَّمَاءِ كَيْفَ رُفِعَتْ (18) وَإِلَى الْجِبَالِ كَيْفَ نُصِبَتْ (19) وَإِلَى الْأَرْضِ كَيْفَ سُطِحَتْ (20)

« ئۇلار ( قايتا تىرىلىشنى ئىنكار قىلغۇچىلار ) يامغۇر ئېلىپ يۈرگەن بۇلۇتلارغا قارىمامدۇ؟ ئۇلار ئاسمان قانداق ئېگىز قىلىندى، بۇنىڭغا قارىمامدۇ؟ قارىمامدۇكى، تاغلار قانداق تۇرغۇزۇلدى؟ زېمىن قانداق يېيىتلدى؟ » ( 17 - 20 ).

بۇ بايانلار ئارقىلىق خىتاب قىلىنغۇچىنىڭ ۋىجدانىغا سېلىنغان بويۇنتۇرۇقنى پاچاقلاپ تاشلاپ، ئۇ ( ۋىجدانى )نى پاسسىپ ھالدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئاكتىپ ھالغا كەلتۈرۈش مەقسەت قىلىنماقتا. مەيلى ئۇ دىننى يەتكۈزۈش ۋەزىپىسى بېرىلگەن پەيغەمبەر بولسۇن ياكى باشقا بىرسى، كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، كىشىنى پەقەت ھۆر ئىرادىسىلا ئىمانغا مەجبۇرلىيالايدۇ. مانا بۇ ھەقىقەت تۆۋەندىكى ئايەتلەردە مۇنداق ئىپادىلەنگەن:

فَذَكِّرْ إِنَّمَا أَنْتَ مُذَكِّرٌ (21) لَسْتَ عَلَيْهِمْ بِمُسَيْطِرٍ (22)

« سەن ئۇلارغا ۋەز - نەسىھەت قىلغىن، سەن پەقەت ۋەز - نەسىھەت قىلغۇچىسەن. سەن ئۇلارغا مۇسەللەت ( يەنى ئۇلارنى ئىمانغا مەجبۇرلىغۇچى ) ئەمەسسەن » ( 21 - 22 ).

بۇ ئايەتلەر ئارقىلىق خىتاب قىلىنغۇچىغا ئەگەر ئىنساننى ئىمانغا مەجبۇرلاشنى ئىرادە قىلغان بولسا بۇنى ئەلۋەتتە ئاللاھ قىلاتتى. ئاللاھ بۇنداق قىلىشنى راۋا كۆرمىگەن يەردە، بۇ قانداق بولۇپ ئۇنىڭدىن غەيرىگە جائىز بولىدۇ؟ سۈرە، مانا بۇ ئىنسان ئىرادىسى شىپى كەلتۈرۈلگەن ئىلاھى قەدىرىيەتلەرنى بايان قىلغان مەنىلىك ئىما بىلەن ئاخىرلاشقان.

# كەھف سۈرىسى

سۇرە، « غار » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان « كەھف » ئىسمىنى 13 - 20 - ئايەتلەردە بايان قىلىنغان ئەسھابى كەھف ( غار ئەھلى ) قىسسەسىدىن ئالغان. سۇرە نازىل بولغان ۋاقىتتىن باشلاپ بۇ ئىسىم بىلەن ئاتالغان. بارلىق تەپسىر، سىيەر ۋە ھەدىس مەنبەلىرىدە بۇ ئىسىم بىلەن ئاتالغان.

سۇرە مەككە دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە نازىل بولغان بولۇپ، دەسلەپكى تەرتىپلەردە غاشىيە - نەھل سۈرىسى ئارىسىغا تىزىلغان. نەھل سۈرىسىنىڭ نازىل بولۇش تارىخى بۇ سۇرىدىن بىر ئاز كېيىنكى مەزگىلگە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، نەھل سۈرىسىنىڭ 118 - ئايىتى ئەنئام سۈرىسىدىن كېيىن نازىل بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە.

كەھف سۈرىسى جابىر بىن زەيد تەرتىپىدە غاشىيە - شۇرا سۈرىسى ئارىسىغا تىزىلغان. بارلىق تەرتىپلەردە غاشىيە سۈرىسىنىڭ مەزكۇر سۇرىنىڭ ئالدىغا تىزىلىشى دەل جايىدا بولغان. جابىر تەرتىپىدە بۇ سۇرىدىن كېيىن تىزىلغان شۇرا سۈرىسىنىڭ ئورنى توغرا بولمىغان. چۈنكى، بۇ سۇرە ھا - مىم ئائىلىسىگە تەۋە بولۇپ، بۇ سۇرىلەر رىسالەتنىڭ 12 - يىلىدا نازىل بولغان.

بۇ مەلۇماتلار ئاساسىدا كەھف سۈرىسىنى قۇرەيش بايقۇتىدىن كېيىن، يەنى دەۋەتنىڭ 9 - ياكى 10 - يىلىدا نازىل بولغان دەپ قاراشقا بولىدۇ.

سۇرە ئاللاھ - ئىنسان ئارىسىدىكى قوش لىنىيىلىك مۇناسىۋەتنى ئاساسىي تېما قىلغان. بىر تەرەپتىن ياراتقۇچى - يارالغۇچى ئارىسىدىكى ماھىيەت پەرقى تەكىتلەنگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىنساننىڭ مەۋجۇد بولۇشىدىن تارتىپلا فىترىتىدە بار بولغان رەببىگە مۇھتاج بولۇشتىن ئىبارەت فىترى ھەقىقەت بايان قىلىنغان. بۇ سەۋەبتىن، سۇرە مەۋجۇدىيەتنىڭ ئەڭ ئۈستۈنى بولغان ئاللاھ نىڭ مۇتلەقلىقى بىلەن باشلىنىپ، پەيغەمبەرلىكنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نۇقتىسى ھەزرىتى مۇھەممەدنىڭ بەشەرى ( ئىنسانى ) تەبىئىتى بىلەن ئاخىرلاشقان.

سۇرە، قۇرئاندا ھەمدۇسانا بىلەن باشلانغان بەش سۇرىدىن بىرى بولۇپ، بۇلار فاتىھە، ئەنئام، كەھف، سەبە ۋە فاتىر سۇرىلىرىدىن ئىبارەت. سۇرىدىكى ھەمدۇسانانىڭ سەۋەبى ۋەھيىدۇر. ۋەھيي ئاللاھ نىڭ ئىنسانغا قىلغان ئىلتىپاتى، بۇ سەۋەبتىن بۇ بۈيۈك نېمەت ئۈچۈن ئاللاھ قا ھەمدۇسانا ئېيتىش كېرەك ئەمەسمۇ؟

الْحَمْدُ لِلَّهِ الَّذِي أَنْزَلَ عَلَى عَبْدِهِ الْكِتَابَ وَلَمْ يَجْعَلْ لَهُ عِوَجًا

« جىمى ھەمدۇسانا بەندىسىگە ئۆزىدە ھېچقانداق قىڭغىرلىق ( ئىختىلاپ، زىددىيەت ) بولمىغان بۇ ئىلاھى ھىدايەتنامىنى نازىل قىلغان ئاللاھ قا خاستۇر » ( 1 ).

سۇرە ھەمدۇسانادىن كېيىنلا تەۋھىد ھەققىدە توختىلىپ، « ئاللاھ نىڭ بالىسى بار » دەپ بوھتان چاپلىغۇچىلارغا ئاغزىدىن چىققان سۆزنىڭ « دەھشىتى » ئەسكەرتىلىدۇ ( 5 ).

ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن ئايەتتە رەسۇلۇللاھقا نەسىھەت قىلىنغان. يەنى، ئاللاھ قا بۇنداق يامان بوھتان چاپلىغانلارغا غەزەپ قىلىپ ئۆزەڭنى ھالاك قىلما ( 6 ) دېيىلگەن بولۇپ، بۇ ئارقىلىق رەسۇلۇللاھقا « ئۇلار بۇنداق قىلىشىڭغا ئەرزىمەيدۇ » دېيىلمەكتە. سۇرىنىڭ ئەڭ مۇھىم كەلىمىسى بىرىنچىدە 7 - ئايەتتە ئورۇن ئالغان « ئىنسانلارنىڭ قايسىلىرىنىڭ ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن » جۈملىسىدۇر. كەھف سۈرىسىدە بايان قىلىنغان بۇ قىسسە ۋە مەسىلىلەرنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى ھەقىقەت بۇ ئايەت بىلەن بايان قىلىنغان « ئىلاھى ئىمتىھان »دۇر.

سۇرە ئۆز ئىچىگە ئالغان قىسسە ۋە مەسىلىلەر ئارقىلىق قۇرئاندىكى سۇرىلەر ئىچىدە ئورۇن ئالغان سىمۋوللۇق تىل ۋە ئوبراز ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈلگەن بايانلارغا كىشىنىڭ نەزىرىنى ئاغدۇرىدۇ. سۇرىدە كەھف قىسسەسى ( 13 - 20 )، ئىككى باغ ئىگىسى ھەققىدىكى مەسەل ( 32 - 44 )، ئادەم - ئىبلىس قىسسەسى ( 50 - 53 )، مۇسا - ئالىم بەندە ( خىزىر ) مەسىلى ( 60 - 82 ) ۋە زۇلقەرنەيىن مەسىلى ( 83 - 98 ) ئورۇن ئالغان.

قۇرئان قىسسەلىرىنىڭ مەقسىتى نېمە؟

قۇرئاندا قىسسەلەر ھەققىدە توختالغاندا، قۇرئاننىڭ بىر تارىخ كىتابى، بىر جۇغراپىيە كىتابى ۋە ياكى بىر ۋەقەشۇناس قەلەمگە ئالغان ۋەقنامە ئەمەس، بەلكى ھىدايەت كىتابى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ھەقىقەت نەزەردىن ساقىت قىلىنماسلىقى كېرەك. قۇرئان قىسسەلەرنى بايان قىلغاندا، تارىخى ۋەقەلەرنىڭ ئىچكى سەۋەبىنى تەتقىق قىلىشنى، ئۇ ۋەقەلەرنىڭ بارلىققا كېلىش جەريانىنى ئېنىقلاشنى مەقسەت قىلمايدۇ. قۇرئان مەزكۇر ۋەقەلەرگە مۇناسىۋەتلىك نىمە، نىمە ئۈچۈن، قانداق، قەيەردە، قاچان ۋە كىم دېگەن سۇئاللار ئۈستىدە ئىنچىكىلەپ توختالمايدۇ.

بۇ سەۋەبتىن قۇرئاندا بايان قىلىنغان ھەر قانداق بىر قىسسە ھەققىدە ئېنىق بىر تارىخ بېرىلمەيدۇ ۋە قىسسە باش قەھرىمانلىرىنىڭ تارىخى كىملىكى ئۈستىدە توختالمايدۇ. كۆپىنچە ئىسىملار ھەققىدە توختالمايدۇ. پىرئەۋن دەيدۇ، ئەمما بىز بۇ « تىپىك ئىسىم »نىڭ قايسى شەخسنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى قۇرئاندىن بىلەلمەيمىز. ئەسھابى كەھف ھەققىدە توختىلىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالمايدۇ. « ئادەمنىڭ ئىككى ئوغلى » دەيدۇ، ئىسىملىرىنى زىكىر قىلمايدۇ. ئادەمنىڭ ئايالى دەيدۇ، ئىسمىنى تىلغا ئالمايدۇ. ھەزرىتى نۇھنىڭ ئوغلى ھەققىدە بىر قەدەر تەپسىلى توختىلىدۇ، لېكىن ئىسمىنى تىلغا ئالمايدۇ. ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ ئوغلىنى قۇربان قىلغانلىقى ھەققىدە تەپسىلى توختىلىدۇ، ئەمما قۇربانلىققا ئاتىغان ئوغلىنىڭ ئىسمىنى زىكىر قىلمايدۇ، ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ مۇقەددەس بەيتىنىڭ يېنىغا جايلاشتۇرغان « زۇررىيەت ( نەسلى، ئائىلىسى ) » ھەققىدە توختىلىدۇ، بىراق بۇلارنىڭ كىم ئىكەنلىكى ھەققىدە توختالمايدۇ. « ئىمراننىڭ ئايالى » دەيدۇ، ئىسمىنى تىلغا ئالمايدۇ. لۇتنىڭ ھالاك بولغان قەۋمى ئىچىدە قالغان خوتۇنى ئۈچۈن كىنايە قىلىنغان ھالدا « قېرى خوتۇن » ئىبارىسىنى ئىشلىتىدۇ. ئىمانى ئۈچۈن قىيىن - قىستاق ئاستىدا جان بەرگەن خانىش ئۈچۈن « پىرئەۋننىڭ ئايالى » دەيدۇ، ئەمما ئاسىيە دېمەيدۇ. قۇرئان بەزىدە ئىنچىكىلىك بىلەن ئايرىيدۇ. لېكىن، بۇ ئايرىش شەخسىنىڭ تارىخى كىملىكىنى نەزەردە تۇتۇشتىن كۆرە، ھەقىقەتكە بولغان مەيدانىنى ئاساس قىلىدۇ. مەسىلەن، ھەر يەردە مىسىرغا ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلارنى « پىرئەۋن » دەپ تىلغا ئالغان بولسا، ھەزرىتى يۇسۇپكە چۈشكە تەبىر ئېيتقۇزۇپ، ئۇنى زىنداندىن چىقارغان كىشىنى « مەلىك ( پادىشاھ، ھۆكۈمدار ) » دەپ ئاتايدۇ. بۇنىڭدىن « مەلىك » لەر نەسەپ، جەمەت، خۇي ۋە پوزىتسىيە جەھەتتىن « پىرئەۋن » دېيىلگەن خاندانلاردىن پەرقلىق كىشىلەر ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. تارىخى مەلۇماتلارمۇ بۇنى تەستىقلىماقتا.

قۇرئاندا كۆپىنچە ۋاقىتتا بىز ئۇنىڭ تارىخى ياكى سىمۋول ئىكەنلىكىنى ئايرىيالمايدىغان ئوبرازلارمۇ ئىشلىتىلىدۇ. زۇلقەرنەيىن دەيدۇ، بۇ ئارقىلىق « قوش مۈڭگۈزلۈك تاج كىيىۋالغانلىقى » ئىما قىلىنغانمۇ ياكى مەزكۇر ھۆكۈمدارنىڭ ھېكمەت ۋە ھۆكۈمنى شەخسىيىتىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەنلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن بۇ ئوخشىتىش ئىشلىتىلگەنمۇ؟ ئەبۇ لەھەب دەيدۇ، ئەمما بىز قۇرئان « ئەبۇ لەھەب » دەپ ئاتىغان كىشىنىڭ ئىسمى ياكى لەقىمىنىڭ مۇشۇنداق ئەمەسلىكىنى بىلىمىز. قۇرئان ئەبۇ لەھەب ( لاۋۇلدىغان ئوت پىرى ) دەپ ئاتىشى بىر كىنايە بولۇپ، ئۇنىڭ جەھەننەمگە باشلايدىغان بىر ھاياتنى تاللىغانلىقى ئىما قىلىنغان. ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى ئابدۇلئۇززا. قۇرئان بۇ ئۇسلۇبى ئارقىلىق خاتا يولدا مېڭىۋاتقانلارغا « ئىسىم مۇھىم ئەمەس » دېمەكتە.

شۇنداق، ئىسىم مۇھىم ئەمەس. چۈنكى، قۇرئان ئىسىملار ھەققىدە ئەمەس، ئوبرازلارنىڭ پوزىتسىيە، مەيدانى ۋە خاراكتېر ھەققىدە توختىلىدۇ. ئەبۇ لەھەب ئۆلىدۇ، ئەمما ئەبۇ لەھەبلىك ئۆلمەيدۇ. پىرئەۋن ئۆلىدۇ، پىرئەۋنلىك ئۆلمەيدۇ. قۇرئان خىتاب قىلىنغۇچىغا تونۇشتۇرماقچى بولغىنى پىرئەۋن ئەمەس، پىرئەۋنلىك. ئەبۇ لەھەب ئەمەس، ئەبۇ لەھەبلىكتۇر. قۇرئان پەيغەمبەرلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئومۇمەن ياخشىلارنىڭ ئىسمىنى ئېنىق تىلغا ئالمايدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق ئۇلارنى ۋە ياخشىلىقنىڭ سىمۋول خاراكتېرلىق ئوبرازى سۈپىتىدە ياد ئېتىدۇ. قۇرئاندا تونۇشتۇرۇلغان بىر ياخشى كىشى قىلغان ئىشنى بۈگۈن ئۆزى تۇرۇۋاتقان ماكاندا قىلغان كىشى ئۆز دەۋرىنىڭ « ئۇ » ئوبرازىدۇر. مۇھىم بولغىنى شۇ ۋەياكى بۇ دەۋردە ياشاش ئەمەس، قانداق ياشىغانلىقىڭىز، كىمنىڭ يولىدىن ماڭغانلىقىڭىزدۇر.

قۇرئان قىسسەلەر ئارقىلىق تەسەۋۋۇر، ئەقىل، شەخسىيەت ۋە ھاياتنى شەكىللەندۈرىدۇ. قۇرئان قىسسەلەر ئارقىلىق خىتاب قىلىنغۇچىدا فارۇق بىر ئەقىل شەكىللەندۈرىدۇ. ياخشىلار بىلەن يامانلارنى، ھەق ئەھلى بىلەن

باتىل ئەھلىنى، مۆئمىنلەر بىلەن كاپىرلارنى، سالىھلار بىلەن پاسىقلارنى، زالىملار بىلەن مەزلۇملارنى ئايرىيالايدىغان بىر قابىلىيەت بەرپا قىلىدۇ. بۇ سەۋەبتىن قۇرئان « كىم كىمدۇر؟ » سوئالى ئۈستىدە توختىلىشنىڭ ئورنىغا « كىم ھەقىقەت ئالدىدا قايسى سەپتە تۇرۇۋاتىدۇ؟ » سوئالىنىڭ جاۋابى ئۈستىدە توختىلىدۇ ۋە بىزگىمۇ بۇ سوئالىنىڭ جاۋابى ئۈستىدە ئىزدىنىشىمىزنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

بۇ قىسسەلەردىن بەزىلىرىنىڭ باشلىنىشىدا، ئۇ قىسسەنىڭ « ھەق بىلەن ( بىل ھەققى ) » بايان قىلىنغانلىقى ئالاھىدە ئەسكەرتىلىدۇ. خۇددى كەھف سۈرىسىنىڭ بېشىدىكى « ساڭا ئۇلارنىڭ ھېكايىسىنى ھەق بىلەن ( بىل ھەققى ) ئېيتىپ بېرىمىز » ( 13 ) دېيىلگەندەك شەكىلدە باشلىنىدۇ. يەنە، ئادەمنىڭ ئىككى ئوغلىنىڭ قىسسەسىنىڭ « ھەق بىلەن » بايان قىلىنغانلىقى ئىپادىلەنگەن ( مائىدە، 27 ). بۇ ۋە بۇنىڭغا ئوخشايدىغان قىسسەلەرنىڭ بېشىدىكى « ھەق بىلەن » ئىبارىسىدە نېمە نەزەردە تۇتۇلغان؟ بۇ سوئالغا بېرىلگەن جاۋابلارنىڭ ھەممىسىنى تۆۋەندىكىدەك ئىككى نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

1. « ھەق بىلەن » بايان قىلىشتىن مۇددىئا، بۇ قىسسەلەرنىڭ ئۆزگەرتىۋېتىلگەن ۋارىيانتلىرىنىڭ ئورنىغا توغرا بولغان ئەسلى شەكلىنى قويۇش. قۇرئان نازىل بولغان مۇھىتتا بۇ قىسسەلەرنىڭ كۆپىنچىسىنى كىشىلەر بىلەتتى. لېكىن، ئۇلار توغرا ئەمەس ئىدى. چۈنكى، بۇ قىسسەلەر بۇزغۇنچىلىقتا ئۇچراپ، ئىچىگە يالغان - ياۋىداق نەرسىلەر قوشۇلۇپ كەتكەن بولۇپ، ئەسلى شەكلىنى بىلگىلى بولمايدىغان ھالغا كېلىپ قالغانىدى.

بۇ غەلىتىلىك ھېس قىلىغۇدەك بىر مېتود ئەمەس. بۇ ئۇسلۇبنىڭ ئەڭ زىل نۇقتىسى قۇرئاننىڭ قىسسەلەرنى بايان قىلىش مەقسىتىنىڭ قىسسەلەرنى ئەسلى ۋە بۇزۇلمىغان ھالىتىگە قايتۇرۇش ئەمەسلىكى، ئۇلارنى بىر « بىلىم ئۇنسۇرى »، بىر « مەلۇمات ئۆلى » سۈپىتىدە نەقىل قىلمىغانلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەك. ئاللاھ پەقەت قىسسەلەرنىلا « ھەق بىلەن » بايان قىلىپ قالماستىن، باشقا ئايەتلەردىمۇ زىكىر قىلغىنىدەك ئاسمانلارنى ۋە يەرنى « ھەق بىلەن ( بىل ھەققى ) » ياراتقان ( ئەنئام، 73 )؛ ئەلچىنى « ھەق بىلەن » ئەۋەتكەن ( بەقەرە، 119 )؛ كىتابنى « ھەق بىلەن » نازىل قىلغان ( بەقەرە، 176 ). ئاللاھ نىڭ ئايەتلىرىنى ئۇنىڭغا « ھەق بىلەن » ئوقۇغان ( بەقەرە، 252 )؛ پەرىشتىلەرنى « ھەق بىلەن » چۈشۈرگەن ( ھىجر، 8 ). بۇ سەۋەبتىن قۇرئاننىڭ « ھەق » ئۇقۇمى بىلەن ئىپادىلىگەن نەرسە بايان قىلىنغان ۋەقەنىڭ « تارىخى بولۇشىدىن » كۆرە مەقسىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

2. « ھەق بىلەن » بايان قىلىشتىن مۇددىئا، « توغرا بولغان بىر غايىگە ئۇل قىلىپ » ياكى « مۇتلەق ھەقىقەتنى شىپى كەلتۈرۈپ » دېگەننى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى، قىسسەلەرنىڭ « ھەق بىلەن » بايان قىلىنىشى ئارقىلىق تارىخى بىر مەلۇماتنى تەستىقلاش، تۈزىتىش ئەمەس، قۇرئاننىڭ نازىل قىلىنىش غايىسى بولغان ھىدايەت مەقسەت قىلىنغان. زەماھشەرى، مائىدە سۈرىسى 27 - ئايىتىدە « ھەق بىلەن » بايان قىلىنغان ئادەمنىڭ ئىككى ئوغلىنىڭ قىسسەسىنى تەپسىر قىلغاندا، بىل ھەققى ئىبارىسىنى « بىل غارادىس سەھىھ ( توغرا بىر مەقسەتكە ماس ھالدا ) » دەپ مەنا ئېيتقان. بۇ قۇرئاننىڭ قىسسەلەر ئارقىلىق نېمىنى مەقسەت قىلغانلىقىنى ئېنىق قىلىپ بايان قىلغان ئايەتلەر بىلەن بىردەكلىككە ئىگە. مەسىلەن، بۇ خىل قىسسەلەر بىلەن نېمىنى مەقسەت قىلغانلىقىنى قۇرئاندىن سورىغان ۋاقتىمىزدا، قۇرئان ئۆزىنىڭ نازىل بولۇش مەقسىتىنى بايان قىلماقتا. ئەئراف 176، يۇسۇپ 111 ۋە ھۇد 120 - ئايەتلەر بۇنىڭ دەلىلى.

سۈرىدىكى بەش قىسسە - مەسەلنىڭ مەقسىتى

كەھف سۈرىسىدە بەش قىسسە - مەسەل بايان قىلىنغان. بۇلارنىڭ بىرىنچىسى ئەسھابى كەھف قىسسە.

ئەسھابى كەھف قىسسەسى:

بۇ قىسسە مەۋجۇدىيەتنىڭ ئىككى قۇتۇپى بولغان ھايات ۋە ئۆلۈمنىڭ ماھىيىتىگە كىشىنىڭ دىققىتىنى ئاغدۇرىدۇ. « گۇمراھلىق قاپلىغان بىر جەمئىيەت ئىچىدە ئۇلارغا قارشى كۆكرەك كېرىپ ياشاش كېرەكمۇ ياكى جەمئىيەتنى تەرك ئېتىش كېرەكمۇ؟ » دېگەن سوئالىنىڭ جاۋابى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ قىسسە ئارقىلىق ئىمانىڭىزنى ياشىيالايدىغان بىر غارچىلىك يېرىڭىز ( سىز ئۈچۈن ئۆيىڭىزمۇ بىر غار ) بولسا، ئەنسىرىمەڭ! » دېمەكتە.

سادرى ئىسلامدا بۇ قىسسەنىڭ قەدىرلىك رەسۇلۇللاھنىڭ ۋە ساھابىلەرنىڭ ھاياتىدا نامايەندىلىرى بار ئىدى. ئىبن مەسئۇد مۇرسەلاتى سۈرىسىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا مۇنداق دەيدۇ: « بىز مىنادا بىر غاردا رەسۇلۇللاھ بىلەن مەخپىي ھالدا ئۇچرىشاتتۇق. بۇ سۈرە نازىل بولدى ». بۇ قىسسە ئارقىلىق تۇنجى خىتاب قىلىنغۇچىلىرىغا « سىز بۈگۈننىڭ ئەسھابى كەھف » دېمەكتە ئىدى.

ئىككى باغ ئىگىسى ھەققىدىكى مەسەل

مەسەللەر قىسسەلەردىن پەرقلىق بولۇپ، تارىخى بىر رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشى شەرت بولمىغان ۋە خىتاب قىلىنغۇچىغا بىر ھەقىقەتنى بىر تەمسىل ئارقىلىق يەتكۈزۈشنى مەقسەت قىلغان بىر خىل ئەدەبىي ژانىردۇر. شۇنداقتىمۇ مەسەللەرنىڭ ھەر جايدا ۋە ھەر زاماندا رېئال ھاياتتا يۈز بېرىش مۇمكىنچىلىكى بار. ئىككى باغ ئىگىسى مەسەلى مال - مۈلۈكنى مۈلكىيەتمۇ ياكى ئامانەت دەپ بىلىش كېرەكمۇ؟ دېگەن چۈشەنچە بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر ئاگاھلاندۇرۇش ۋە نەسىھەتنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن بولۇپ، بايلىق بىلەن يوقسۇللۇقنىڭ ماھىيىتىگە كىشىنىڭ نەزىرىنى ئاغدۇرىدۇ. مەسەلدە ئىككى باش قەھرىمان بار بولۇپ، ھەر بىرىگە بىر باغ بەخش ئېتىلگەن. لېكىن، بۇ كىشىلەردىن بىرسى ئۆزىگە ئېمتىھان قىلىپ ئامانەت بېرىلگەن بۇ مۈلۈكنى مۈلكىيەت ( ئۆزىگە تەۋە ) دەپ ئويلاپ قالغان ۋە مۈلۈك بىلەن ئاللاھ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ تاشلىغان. بۇ مۇناسىۋەت ئۈزۈپ تاشلانغىچە مۈلۈك ئۇنىڭ مېلى ئىدى، ئەمما بۇ مۇناسىۋەت ئۈزۈپ تاشلانغاندىن كېيىن، ئۇ كىشى مۈلكىنىڭ مېلىغا ئايلىنىپ قالغان. مانا بۇ پوزىتسىيە بۇنىڭ ئىپادىسىدۇر:

وَكَانَ لَهُ ثَمَرٌ فَقَالَ لِصَاحِبِهِ وَهُوَ يُحَاوِرُهُ أَنَا أَكْثَرُ مِنْكَ مَالًا وَأَعَزُّ نَفَرًا

ئۇ بۇرادىرىگە پەخىرلىنىپ: « مەن سەندىن باي، ئادەملىرىم ( يەنى خىزمەتچىلىرىم، بالىلىرىم، ياردەمچىلىرىم ) سېنىڭكىدىن كۆپ » دېدى.

ئايەتنىڭ شاھادىتى بىلەن بۇ چۈشەنچە بېراۋنىڭ ئۆز ئۆزىگە قىلغان ئەڭ چوڭ يامانلىقىدۇر ( 35 ). چۈنكى، مۈلۈك ئۇنىڭ مىنىدىغان ئۇلىغى ئىكەن، ئەمدى ئۇنىڭ ئەكسىچە مۈلۈكنىڭ ئۇلىغىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەر بولغىنى، ئۆزىگە مۈلكىنىڭ بىرلىشىنى ئاللاھ نىڭ ياخشى كۆرىدىغان بەندىسى بولغانلىقى ئۈچۈن دەپ چۈشەنگەنىدى ( 36 ). مۈلۈك ئۇنىڭغا ئاخىرەتنى ئۇنتۇلدۇرغان، خۇدىنى يوقاتقان، رەببىنى ئۇنتۇلدۇرغانىدى. مەسەلدىكى ياخشى كىشى ئۇنىڭغا مۇنداق دەيدۇ:

قَالَ لَهُ صَاحِبُهُ وَهُوَ يُحَاوِرُهُ أَكَفَرْتَ بِالَّذِي خَلَقَكَ مِنْ تُرَابٍ ثُمَّ مِنْ نُطْفَةٍ ثُمَّ سَوَّاكَ رَجُلًا (37) لَكِنَّا هُوَ اللَّهُ رَبِّي وَلَا أُشْرِكُ بِرَبِّي أَحَدًا (38)

ئۇنىڭغا ( مۇئمىن ) بۇرادىرى مۇنازىرىلەشكەن ھالدا ئېيتتى: « سېنى ( ئەسلىدە ) تۇپراقتىن، ئاندىن ئابى مەنىيدىن يارىتىپ، ئاندىن سېنى يارىتىلىش مەقسىتىگە ماس ھالدا قابىلىيەتكە ئىگە قىلىپ راۋرۇس ئىنسان قىلغان زاتنى ئىنكار قىلامسەن؟ ھالبۇكى مەن رەببىم بولغان ئۇ ئاللاھ نى ئېتىراپ قىلىمەن، ھەر نەرسە ئۇنىڭ ئىنئامىدۇر. ماڭا نېمەتلەر بەرگەن رەببىمگە ھېچ ئەھەدىنى شېرىك كەلتۈرمەيمەن » ( 37 - 38 ).

بۇ ئايەتتىن كېيىن كەلگەن ئايەتلەردە مۈلكى ئاز، ئەمما ئىمانى ۋە شەخسىيتى كۈچلۈك بولغان كىشى مۈلۈك بىلەن كۆرەڭلەپ كەتكەن كىشىگە نەسىھەت قىلىدۇ. لېكىن، ئۇ نەسىھەتكە قۇلاق سالمايدۇ. ئاقىۋەتتە بارلىق مۈلكىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. ئەتراپىدا ئاللاھ تىن غەيرى قالمايدۇ. ئىنسانغا ھەققىي يار ۋە ياردەمچىنىڭ پەقەت ئاللاھ ئىكەنلىكىنى ئەنە شۇ ۋاقىتتا چۈشىنىپ يېتىدۇ. بۇ مەسەلدىن كېيىن كەلگەن بۆلەكتە مەسەلنىڭ مەقسىتىنى بايان قىلغان تۆۋەندىكى ئايەت كەلگەن:

الْمَالُ وَالْبَنُونَ زِينَةُ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَالْبَاقِيَاتُ الصَّالِحَاتُ خَيْرٌ عِنْدَ

« ماللار ۋە بالىلار دۇنيا تىرىكچىلىكىنىڭ زىنىنتىدۇر، باقى قالىدىغان ياخشى ئەمەللەرنىڭ ساۋابى رەببىڭنىڭ نەزىرىدە تېخىمۇ ياخشىدۇر. ئۈمىد تېخىمۇ چوڭدۇر » ( 46 ).

بىر كۈن كېلىدۇ، ھەممە نەرسىنىڭ ھېسابى ئېلىنىدۇ. ھەر كىشىنىڭ ھايات فىلىمى ئۆزىگە كۆرسىتىلىدۇ. ھايات فىلىمىنى كۆرگەن كىشى « ۋاي بىزنىڭ ھالىمىزغا! بۇ نامە - ئەمالغا چوڭ - كىچىك ئىشلارنىڭ ھەممىسى خاتىرىلىنىپتىغۇ؟ » دەيدۇ ( 49 ). بۇ خاتىرە شۇنداق بىر خاتىرە بولۇپ، قەلبىنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدىن ئۆتكەنلەرنىمۇ قويماي خاتىرىلەيدۇ.

بۇنىڭ نېمە ئۈچۈن بايان قىلىنغانلىقىنى، ئەسھابى كەھف قىسسەسى بىلەن باي - يوقسۇل مەسەلى ئارىسىدا ئورۇن ئالغان بۇ ئايەتتىن بىلەلەيمىز:

وَاصْبِرْ نَفْسَكَ مَعَ الَّذِينَ يَدْعُونَ رَبَّهُمْ بِالْغَدَاةِ وَالْعَشِيِّ يُرِيدُونَ وَجْهَهُ وَلَا تَعْدُ عَيْنَاكَ عَنْهُمْ تُرِيدُ زِينَةَ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَلَا تُطِعْ مَنْ أَغْفَلْنَا قَلْبَهُ عَنْ ذِكْرِنَا وَاتَّبَعَ هَوَاهُ وَكَانَ أَمْرُهُ فُرُطًا

« رەببىنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ، ئەتىگەن - ئاخشامدا ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىدىغانلار بىلەن بىرگە سەنمۇ سەبىر قىلغىن! ھاياتىي دۇنيانىڭ زىبۇزىننىتىنى دەپ ئۇلارنى كۆزگە ئىلماي قالمىغىن! نەپسى - خاھىشىنىڭ كەينىگە كىرىپ، ھەر ئىشتا ھەددىدىن ئاشقانلىقى ئۈچۈن ( ئەقىل يۈرگۈزىدىغان ) قەلبى زىكرىمىزدىن غەپلەتتە قالدۇرغان كىشىلەرگە ئەگەشمىگىن! » ( 28 ).

3. ئادەم - ئىبلىس قىسسەسى

كەھف سۈرىسىنىڭ ئۈچىنچى قىسسەسى بولغان ئادەم ئىبلىس قىسسەسى ياخشى ۋە يامان ئارىسىدىكى ماھىيەتلىك پەرق ئۈستىدە توختالغان. ئىبلىس ئىنساننىڭ دۈشمىنى. ئۇنداقتا، كىشى دۈشمىنىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالامدۇ؟ ئەمما، ئىنسان قۇلاق سالىدۇ. دۈشمىنى كىشىگە ياخشى نەسىھەت بېرەمدۇ؟ ئىبلىس ئىنساننى ھەمىشە ئازدۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ. ئىبلىسنىڭ ئىنساننىڭ ياخشىلىقىنى ئويلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ ۋە ئىبلىسنىڭ ئىنسانغا قىلغان ئەڭ چوڭ دۈشمەنلىكى ئىنساننىڭ ھەققەت چۈشەنچىسىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۆچرىتىشى، ئىنساننى ئۆزىگە ۋە رەببىگە قارىتا ياتلاشتۇرۇشىدۇر.

شۇنداق تۇرۇپمۇ شەيتاننى دوست تۇتۇشنىڭ قوبۇل قىلغىدەك بىر ئىزاھاتى بارمۇ؟ بەلكىم، مۇنداق ئىزاھلىنىشى مۇمكىن: « ئەگەر شەيتان ئىنساننى ئازدۇرغان بولسا، ئۇنىڭ بىر كۈچى بار دېمەكتۇر. كۈچى چوڭ بولغانغا يېقىنلاشسام، ئۇنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىمەن ». بۇنىڭغا ئوخشاش ھەر خىل قېيىپ كېتىشنى ۋەھيي « ئاللاھ نى قويۇپ شەيتاننى جان دوست قىلىۋېلىش » دەپ بايان قىلماقتا. بۇنىڭغا ئاساسەن، شەيتاننىڭ يولىدىن مېڭىشنى ئۇنى ئاللاھ قا شېرىك قوشۇشنىڭ بىر تۈرى دەپ قارالغان. مانا بۇ ئايەت:

مَا أَشْهَدْتُهُمْ خَلْقَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَلَا خَلْقَ أَنْفُسِهِمْ وَمَا كُنْتُ مُتَّخِذَ الْمُضِلِّينَ عَضُدًا

« ئۇلار ( يەنى شەيتانلار )غا ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىنىمۇ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ يارىتىلىشىنىمۇ كۆرسەتكىنىم ( شاھىت قىلغىنىم ) يوق. ھەمدە مەن، ( بۇ ) ئازدۇرغۇچىلارنى ياردەمچى قىلىۋالغىنىممۇ يوق » ( 51 ).

4. مۇسا - ئالىم بەندە ( خىزىر ) قىسسەسى / مەسەلى

سىمۋول خاراكتېرلىق تىلىنىڭ يۇقىرى پەللىسى بولغان مۇسا - ئالىم بەندە مەسەلى، سان ۋە سۈپەتنىڭ، ئوچۇق ۋە يوشۇرۇننىڭ، بىلىم ۋە ھېكمەتنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە توختىلىدۇ. بۇنى ئالىم بەندىنىڭ مەسەلىنىڭ ئاخىرىدا ئېيتقان شۇ سۆزلىرىدىن ناھايىتى روشەن ھالدا ھېس قىلالايمىز: « يەنى، مەن ئۆز خاھىشىم بويىچە قىلغىنىم يوق، سەن سەۋر - تاقەت قىلىپ تۇرالمىغان نەرسىلەرنىڭ ھەققىتى ئەنە شۇ » ( 82 ).

بۇ بايانلارنى بىر مەسەل ئەمەس بەلكى كۆپچىلىك بىرلىككە كەلگەندەك قىسسە دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ. ئەگەر بۇنداق بولغاندا، ۋەقەلەرنىڭ ئىزاھاتىنىڭ ئاچقۇچى « بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز قارارىم بىلەن قىلمىدىم » جۈملىسىدۇر. يەنى، ئوتتۇرىدا بەشەرى ئىرادە ۋە ئەقىل ئىشلىتىلمىگەن. ئالىم بەندىنىڭ بىر « پەرىشتە » بولۇشىمۇ مۇمكىن. ھەتتا قىسسەدە ئىرادە ئىشلىتىلمىگەنلىكى بايان قىلىنغانلىقىغا قارىغاندا، ئالىم بەندىنى پەرىشتە دەپ تەبىر بېرىش تېخىمۇ توغرا بولىدۇ.

بۇ قىسسە - مەسەل ئۈچ قىرلىق ئەينەككە ئوخشايدىغان بولۇپ، ھەر قىرىدىن ھەر بىرى پەرقلىق بىر قەھرىماننى ۋە پەرقلىق بىر زاماننى كۆرسەتمەكتە.

1) قىسسە - مەسەلنىڭ « ئالىم بەندە »نى كۆرسەتكەن يۈزى بولۇپ، 82 - ئايەتتە كۆرسەتكەندەك، ئۇ قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسنى ئۆز ئىرادىسى بىلەن قىلمىغان بولۇپ، « ئۆزىگە قىلدۇرۇلغان » بىر « خادىم »دۇر. ئەگەر ھەقىقەت مۇشۇ بولسا، ئۇ قىلغانلىرىدىن جاۋابكار ئەمەس. ئاللاھ ھەزرىتى مۇساغا بىر دەرس بەرمەكچى بولغان. « نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق بىر دەرس؟ » سوئالىنىڭ جاۋابىنى بەنى ئىسرائىل مەنبەلىرىدىن نەقىل قىلىنغان رىۋايەتلەر ياردىمى بىلەن تاپالىشىمىز مۇمكىن: بۇ « بۇ دۇنيادا مەندىنمۇ ئۆتە ئالىم بارمۇ؟ » دېگەن سوئالغا بېرىلگەن بىر ئىلاھىي جاۋابتۇر. مۇسا ئۇنى كەلىمە ئىپادىلىگەن مەنە بويىچە « مۇئەللىم » دەپ بىلگەن ۋە ئىلمىنى ئۆگىتىشنى ئارزۇ قىلغان ( 66 ).

2 ) قىسسە - مەسەلنىڭ ھەزرىتى مۇسانى كۆرسەتكەن يۈزى بولۇپ، قىسسە - مەسەلدە بايان قىلىنغان « بەندىلىرىمىزدىن بىر بەندە » ھەزرىتى مۇسانىڭ دەل ئۆزىدۇر. بىر بەندە ئۆلتۈرگەن بالا، مۇسا سەھۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈپ قويغان قىپتى يىگىت ئىدى. زالىم پادىشاھتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تېشىۋېتىلگەن كېمە، بەنى ئىسرائىلنىڭ ھايات كېمىسى ئىدى. زالىم پادىشاھ ئۇلارنى يوقىتىۋەتمەكچى بولغان پىرئەۋن ئىدى. مېھماندوست بولمىغان قەۋمنىڭ ئۆرۈلۈپ چۈشەي دەپ قالغان تېمىنى ئوڭشاپ قويۇش، مۇسا شاھزادە بولۇپ يىللارچە خىزمەت قىلغان مىسىر دۆلىتى ئىدى. مۇسا بىن ئىمران سارايىدا بىر شاھزادە بولۇپ چوڭ بولغان، سەركەردىلىك دەرىجىسىگىچە يۇقىرى ئۆرلىگەن ۋە ھەبەش يۈرۈشىگە قوماندانلىق قىلىپ قابىلىيىتىنى نامايەن قىلغانىدى.

3) قىسسە - مەسەلنىڭ ۋەھيىنىڭ تۇنجى خىتاب قىلىنغۇچىسى بولغان رەسۇلۇللاھقا قارىتىلغان يۈزى بولۇپ، ئۆلتۈرۈلگەن بالا، پىل ۋەقەسىدىن كېيىن بەختى ئېچىلغان قۇرەيشنىڭ رايوندا تېخى پىشىپ يېتىلمىگەن باشقا قەۋملەر ئارىسىدىكى ئۈتۈقى ئىدى. تېشىۋېتىلگەن كېمە، مەككىنىڭ تىجارەت كېمىسى بولۇپ، رەسۇلۇللاھ بۇ كېمىگە كۆرۈنۈشتە زىيان يەتكۈزۈۋاتقانىدى. ھەقىقەتتە بولسا كېمىنى شەيتاننىڭ چاڭگىلىدىن قۇتقۇزغانىدى. مېھماندوست بولمىغان قەۋمنىڭ ئوڭشاپ قويۇلغان تېمى، رەسۇلۇللاھقا ۋە مۇئمىنلەرگە قاتتىق قول مۇئامىلە قىلغان، زۇلۇم قىلغان مەككىلىكلەرگە خەيبەر فەتھىدىن كېيىن رەسۇلۇللاھ قىلغان ماددىي ۋە ئىقتىسادىي ياردەملەر ئىدى.

5. زۇلقەرنەين مەسەلى

سۈرىنىڭ بەشىنچى قىسسە - مەسەلى بولغان زۇلقەرنەين مەسەلى، ماددىي ئىقتىدار - مەنىۋى بىلىم مۇناسىۋىتىنىڭ ۋە يەرلىك - دۇنيا خاراكتېرلىق مۇۋازىنەتنىڭ قىممىتىنى كۆرسىتىدۇ. تۆۋەندىكى ئىككى ئايەت بۇ مەسەلنىڭ ئانا تېمىسىنى بايان قىلغان:

إِنَّا مَكَّنَّا لَهُ فِي الْأَرْضِ وَآتَيْنَاهُ مِنْ كُلِّ شَيْءٍ سَبَبًا (84) فَأَتْبَعَ سَبَبًا (85)

« ئۇنىڭ ( ھۆكۈمرانلىقى ) ئۈچۈن بىز زېمىندا ئۇنىڭغا لايىق بىر شارائىت يارىتىپ بەردۇق ۋە ئۇنىڭغا شەيئىلەرنىڭ قانۇنىيىتىگە ماس ھالدا خىزمەت قىلىدىغان ۋاستىلەرنىڭ ( ئىلمىنى ) بەردۇق. ئۇمۇ ئۆزىنى ( مەقسىتىگە ) يەتكۈزىدىغان بىر ۋاستىگە مۇراجەت قىلدى » ( 84 - 85 ).

مەسەلدە « دۇنياۋى ھاكىمىيەتنى ئىپادىلىگەن ھۆكۈم بىلەن ئىلىم ۋە بىلىمنى ئىپادىلىگەن ھېكمەتنى بىر يەرگە جەم قىلغاندا قانداق بولىدۇ؟ » دېگەن سوئالغا جاۋاب بېرىلگەن. ئوتتۇرىغا زۇلقەرنەين ( قوش قاناتلىق ) دەپ ئاتاشقا لايىق بولغان بىر « قابىلىيەتلىك ھۆكۈمدار » چىقىدۇ. مانا بۇ زۇلقەرنەين ( قوش مۈڭگۈز / ئىككى دەۋر / ئىككى ئالامەت ئىگىسى ) بولۇشتۇر.

بۇ سۈرە، قىسسە ۋە مەسەللەر بىلەن مەۋجۇدىيەتنىڭ قوش لىنىيىلىك تەبىئىيتى ۋە قارىمۇقارشى قۇتۇپلارنىڭ بىر - بىرىگە ھەمراھلىقى ھەقىقىتىگە كىشىنىڭ نەزىرىنى ئاغدۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئىنساندا شەيئىلەرنىڭ قوش لىنىيىلىك تەرىپىنىڭ بارلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلمايدىغان مۆتىدىل بىر چۈشەنچە بەرپا قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

قىسسە - مەسىلىلەردىن كېيىن كەلگەن بۆلەك قىيامەتنىڭ دەھشەتلىك بىر سەھنىسىنى تەسۋىرلىگەن ھالدا باشلىنىدۇ ( 99 ). بۇ ئايەت ئارقىلىق بارلىق قىسسە ۋە مەسىلىلەرنى بايان قىلىش مەقسىتىنىڭ ئىنسانىنى قىلمىشلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان بىر مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە قىلىش ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. ھېسابىنى بېرەلمەيدىغان بىر ھاياتنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلەرنىڭ ئاساسلىق مەسىلىسى ھېساپ بېرىدىغان بىر كۈننىڭ كېلىدىغانلىقىغا ئىشەنمەسلىك ئىدى.

سۈرىنىڭ قىسسە - مەسىلىلىرىنىڭ ئارقىسىدىن كەلگەن 99 - 108 - ئايەتلەردىكى بۆلەكنىڭ پەقەت قايتىدىن تىرىلىش ھەققىدىكى بايانلارغا ئايرىلغانلىقىنىڭ سەۋەبىمۇ دەل بۇ.

سۈرىنىڭ ئاخىرىدىن سانىغاندا ئىككىنچى ئايىتى، قۇرئاننىڭ ئەڭ سەرخىل ئايەتلىرىدىن بىرسى بولۇپ، رەببىمىزنىڭ كالام بايلىقىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ:

قُلْ لَوْ كَانَ الْبَحْرُ مِدَادًا لِكَلِمَاتِ رَبِّي لَنَفِدَ الْبَحْرُ قَبْلَ أَنْ تَنْفَدَ كَلِمَاتُ رَبِّي وَلَوْ جِئْنَا بِمِثْلِهِ مَدَدًا

ئېيتقىنكى، « رەببىمنىڭ سۆزلىرىنى يېزىش ئۈچۈن ئەگەر دېڭىز سىياھ بولغان بولسا، يەنە ئۇنىڭ بىر مىسلىنىمۇ كەلتۈرگەن بولساقمۇ، يەنىلا رەببىمنىڭ سۆزلىرى تۈگىمەي تۇرۇپ دېڭىزلار چوقۇم تۈگەپ كەتكەن بولاتتى » ( 109 ).

خۇلاسىلىگەندە، كەھف سۈرىسىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى ئىنساننىڭ ھاياتى، بىلىمى ۋە ئىقتىدارى ئۆتكۈنچى، چەكلىك ۋە نىسپى بولۇپ، ئاللاھ نىڭ ھاياتى، بىلىمى ۋە ئىقتىدارى ئەبەدىي، چەكسىز ۋە مۇتلەقتۇر دېگەن ھەقىقەتنى خىتاب قىلىنغۇچىغا ئۆگىتىشتۇر. بۇ سەۋەبتىن ئىنساننىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشى:

فَمَنْ كَانَ يَرْجُوا لِقَاءَ رَبِّهِ فَلْيَعْمَلْ عَمَلًا صَالِحًا وَلَا يُشْرِكْ بِعِبَادَةِ رَبِّهِ أَحَدًا

« كىمكى، رەببىگە مۇلاقەت بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىكەن، ئۇنداقتا ئۇ ئاللاھ نى رازى قىلىدىغان سالىھ ئەمەللەرنى قىلسۇن ۋە رەببىگە بەندىلىك قىلغاندا، ئۇنىڭغا ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمىسۇن » ( 110 ).

## جىن سۈرىسى

سۈرىنىڭ « كۆرۈنمەس مەخلۇقلار » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ئەل - جىن ئىسمى بىرىنچى ئايەتتىن ئېلىنغان:

ئېيتقىنكى، « بىر نەچچە نەپەر جىننىڭ ( مەندىن قۇرئان ) تىڭشاپ ( ئىمان ئېيتقانلىقى ) ماڭا ۋەھيي قىلىندى، ئۇلار ( قەۋمىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن ) ئېيتتى: بىز توغرا يولغا باشلايدىغان ئاجايىپ قۇرئاننى ھەقىقەتەن ئاڭلىدۇق » ( 1 ).

سۈرىگە ئىسىم بولغان جىن، ئىنسان كۆزى بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان مەخلۇق « ئىنس »نىڭ قارىمۇقارشىسىدۇر.

بۇخارىدا، سۈرە بىرىنچى ئايىتىنىڭ بىرىنچى كەلىمىسى بولغان « قۇل ئۇھىيە ئىلەييە » ئىسمى بىلەن ئاتالغان.

سۈرە مەككىدە نازىل بولغان بولۇپ، قۇرەيش بايقۇتىدىن كېيىنكى مەزگىلگە، يەنى رىسالەتنىڭ 10 - يىلىدىكى تائىف سەپىرىگە توغرا كېلىدۇ. رەسۇلۇللاھ مەككىلىك مۇشرىكلارنىڭ بېسىمىدىن يالتايغان بولۇپ، دەۋەت ۋەزىيىتىنى راھەت شەكىلدە ئېلىپ بارىدىغان بىر ماكان ئىزدەۋاتاتتى. بۇ ئىزدىنىشنىڭ تۇنجى بېكىتى مەككىگە خوشنا بولغان تائىف ئىدى. لېكىن، تائىف بېشىغا قونغان دۆلەت قۇشىنى بېشىدىن ئۈچۈرىۋەتكەنىدى. تائىفلىقلار رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋىتىگە قۇلاق سېلىشنىڭ ئورنىغا ئۇنى چالما كېسەك قىلغان بولۇپ، رەسۇلۇللاھ كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. تائىفتىن قايتىش ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ ئېغىر كۈن ئىدى. چۈنكى، تائىفتىن چالما - كېسەك قىلىنغان ھالدا ھەيدەپ چىقىرىلغان بولۇپ، كېيىنىدىك قېنى تۆكۈلگەن

مەككىگە كىرەلمىگەنىدى. مانا بۇ ۋاقىتتا بىر « تەسەللى ئارماغانى ( ھەدىيەسى ) » بولۇپ بۇ سۈرە نازىل بولغان. سۈرە، رەسۇلۇللاھقا ۋەھيي ئارقىلىق كۆرۈنمەيدىغان ۋە بىلىنمەيدىغان ئالەمنى تەمسىل قىلىدىغان « جىنلار بىلەن » مۇناسىۋەتلىك بىر خەۋەرنى بىلدۈرگەنىدى. يەنى رەسۇلۇللاھقا « كۈچۈم تۈگىدى، يار رەببى! » دېگەن يەردە، رەببى « مەن ساڭا ياردەمگە كەلدىم بەندەم » دېگەنىدى.

سۈرىنىڭ تۈنجى تەرتىپلەردىكى ئورنى تارىخى مەلۇماتلار بىلەن بىردەكلىككە ئىگە ئەمەس. چۈنكى، تۈنجى تەرتىپلەردە ئەئراف - ياسىن سۈرىسى ئارىسىغا تىزىلغان. بىرىنچىدىن ياسىن سۈرىسىنىڭ ئەئراف سۈرىسىنىڭ ئارقىسىغا تىزىلىشى توغرا ئەمەس. ئىككىنچىدىن بۇ سۈرىنىڭ ئورنى ۋە زامانى جىن سۈرىسىنىڭ ئالدىغا توغرا كېلىدۇ. سۈرىنىڭ ئەڭ توغرا يېرى بىرىنچىچە كەھف - نۇھ سۈرىلىرىنىڭ ئارىسى بولسا كېرەك.

سۈرىنىڭ ئاساسىي تېمىسى تەۋھىد بولۇپ، جاھىلىيەت ئىنسانىنىڭ جىنلارغا شىپى كەلتۈرگەن بارلىق نورمالدىن ھالقىغان چۈشەنچىلىرىنىڭ ھەممىسىنى رەت قىلغان. سۈرە، كۆرۈنمەس مەخلۇقلارنىڭ ئاللاھ بىلەن ئىنسان ئارىسىدا ۋاستە ئەمەس، ئىلاھىي يېتەكچىلىككە مۇھتاج مەخلۇقلار ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىدۇ. نازىل بولغان مەزگىلى ئىنسانىنىڭ شېئىر ۋە ھەر خىل سۆز سەنئىتىنى كاھىنلىق ۋە سېھىرگەرلىككە، بۇلارنى جىنلارغا باغلايدىغان بىر مەزگىل ۋە مۇھىت ئىدى. جىنلارنى ئىنساننى جازالايدىغان بىر ئىلاھىي كۈچ دەپ چۈشەندۈرەتتى ۋە كىشىلەرنى قورقىتاتتى ( ھۇد، 54 ). ئۇلارغا ئىلاھلىق سۈپەت بېرەتتى ( ئەنئام، 100 ). جىنلارنىڭ غەيبنى بىلىدىغانلىقىغا، ئىنسانغا پايدا ۋە زىيان يەتكۈزەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى ۋە ئاللاھ قا سېغىنغاندەك جىنلارغا سېغىناتتى.

وَأَنَّهُ كَانَ رِجَالٌ مِنَ الْإِنْسِ يَعُوذُونَ بِرِجَالٍ مِنَ الْجِنِّ فَزَادُوهُمْ رَهَقًا

« ھەقىقەتەن ئىنسانلاردىن بەزى كىشىلەر جىنلاردىن بولغان بەزىلەرگە سېغىناتتى، شۇنىڭ بىلەن جىنلار تېخىمۇ تەكەببۇرلىشىپ كەتتى » ( 6 ).

ھەتتا بىۋاستە جىنلارغا چوقۇنىدىغانلارمۇ بار ئىدى ( سەبە، 41 ). سۈرىدىكى جىنلارنىڭ قۇرئان تىڭشاش ۋەقەسى ( 1 - 20 )، تۈنجى خىتاب قىلىنغۇچىلارنىڭ جىن ھەققىدىكى چۈشەنچىسىنى ئۆزگەرتىش ۋە توغرىلاشنى مەقسەت قىلغان. بۇ سۈرىدە قۇرئان كۆرۈنمەيدىغان مەخلۇقلار ھەققىدىكى رېئاللىقنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى تەستىقلايدۇ ۋە ئۇلار ئارقىلىق ۋەھيىگە زەربە بېرىش مەقسىتىنى سۇغا چىلاشتۇرىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سۈرىنىڭ بۇ بۆلىكى ئەھقاف 29 - 32 - ئايىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئوقۇلغاندا، ۋاستىلىق ھالدا يەھۇدىي سېھىرلىك دىن پەلسەپىسى ئاساسىدا شەكىللەنگەن جىن ھەققىدىكى خاتا چۈشەنچىنى رەت قىلىدۇ ( 8 - 9 ). چۈنكى بۇ رايوندا ياشايدىغان مۇشرىكلارنىڭ كۆرۈنمەيدىغان مەخلۇقلار ھەققىدىكى چۈشەنچىسىنى شەكىللەندۈرگەن ئامىللاردىن بىرسى مەزكۇر رايوندىكى يەھۇدىي كۇلتۇرىنىڭ (مەدەنىيىتىنىڭ) تەسىرى ئىدى. بۇ ھەقىقەتنى سۈرىنىڭ باشتىكى بۆلىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان ئەھقاف 30 - ئايەتتىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

مۇشرىكلار ۋەھيىگە قارشى چىققاندا، ئىشلەتكەن دەلىللىرىنىڭ كۆپىنچىسىنى مەزكۇر رايوندىكى يەھۇدىيلاردىن ئالغانىدى. كەھف سۈرىسىدىكى زۇلقەرنەيىن قىسسەسى ھەققىدە نەقىل قىلىنغانلار بۇنىڭ مىسالىدۇر. ئۇممى ئەرەبلەر كىتاب ئەھلى يەھۇدىيلارنىڭ ئىنغۋا، سەپسەتىلىرىگە قاراپ، ئۇلارنى جىنلارغا ۋە ۋەھيىنىڭ مەنبەسىگە مۇناسىۋەتلىك سىرلىق مەلۇماتلارغا ئىگە دەپ قارايتتى. ۋەھيىنىڭ ئىلاھىي مەنبەدىن كەلگەنلىكىگە شەك چۈشۈرۈش ئارزۇسى ئۇلارنى بۇ ھەقتە كۈشكۈرتكەن ئاساسلىق ئامىللاردىن بىرى ئىدى. مۇشرىكلارنىڭ بۇ پوزىتسىيىسى يەھۇدىيلارغىمۇ يارىغانىدى. بۇ ئايەتلەردە تىلغا ئېلىنغان جىنلارنىڭ يەھۇدىي ئىكەنلىكىنى بۇ ھەقتە توختالغان ئەھقاف 29 -32 - ئايەتتىن بىلەلەيمىز. سۈرە يېپىق ھالدا مۇشرىك ئەرەبلەر بىلەن كىتابى بار يەھۇدىيلار ئارىسىدىكى بۇ شەيتانى ھەمكارلىقنى بۇزۇشنى مەقسەت قىلماقتا.

بۇ مەقسەتنى چۆرىدىگەن ھالدا، غەيبنىڭ ئاللاھ بىلەن جىنلار ئارىسىدا بۆلۈشۈلگەنلىكى ھەققىدىكى ھەر خىل مەنتىقنى بۇ سۈرە رەت قىلىدۇ:

عَالِمُ الْغَيْبِ فَلَا يُظْهِرُ عَلَى غَيْبِهِ أَحَدًا (26) إِلَّا مَنِ ارْتَضَى(27)

« پەقەت ئاللاھ لا غەيبنى بىلگۈچىدۇر، ئۆزىنىڭ غەيبىدىن ھېچكىمنى خەۋەردار قىلمايدۇ. پەقەت ئاللاھ ئۆزى مەمنۇن بولغان پەيغەمبىرىگىلا ( بەزى غەيبنى بىلدۈرىدۇ )، بۇ ئەھۋالدا ئۇنىڭ ئالدىغا ۋە ئارقىسىغا كۆزەتچى ( پەرىشتە ) سېلىپ قويىدۇ » ( 26 - 27 ).

سۈرىنىڭ جىنلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئايەتلىرىنىڭ رەسۇلۇللاھقا تەسەللىي بېرىشكە مۇناسىۋەتلىك يەنە بىر ئىماسى بار. يەنى، سېنىڭ يېنىڭدىكى مەككە بۇ ئىلاھى ۋەھيىگە قۇلاق سالمىسا، ئاللاھ ناھايىتى يىراقلاردىن سېنى تىڭشايدىغانلارنى ئەۋەتىدۇ. ياكى سېنى ( ئىنسان ) كۆزى بىلەن كۆرگىلى ۋە بىلگىلى بولىدىغان ئىرادىلىك مەخلۇقلار تىڭشىمىسا، كۆز بىلەن كۆرگىلى ۋە بىلگىلى بولمايدىغان ئىرادىلىك مەخلۇقلار تىڭشايدۇ.

# نۇھ سۈرىسى

سۈرە ئىسمىنى ھەزرىتى نۇھنىڭ ئىنكارچى قەۋمگە قارشى ئېلىپ بارغان بىر ئۆمۈرلۈك كۈرىشىنى بايان قىلغان مەزمۇنىدىن ئالغان بولۇپ، قەدىمكى مۇسھاب ۋە تەپسىرلەردە بۇ ئىسىم بىلەن ئاتالغان.

قۇرئاندا يۇنۇس، ھۇد، يۇسۇپ، ئىبراھىم، مەريەم، لوقمان، نۇھ ۋە مۇھەممەد قاتارلىق پەيغەمبەر ۋە سالىھ كىشىلەرنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان سەككىز سۈرە ئورۇن ئالماقتا.

سۈرە مەككىدە نازىل بولغان. جابىر ئارقىلىق يېتىپ كەلگەن تەرتىپتە نەھل - تۇر ئارىسىغا، باشقا تەرتىپلەردە نەھل - ئىبراھىم سۈرىسى ئارىسىغا تىزىلغان. بۇ يىپ ئۇچى مەزكۇر سۈرىنىڭ قۇرەيش بايقۇتىدىن كېيىن ھىجرەتتىن بۇرۇن نازىل بولغان سۈرىلەر ئارىسدا ئورۇن ئالغانلىقىنى كۆرستىپ بېرىدۇ. قىسسەنىڭ مەزمۇنى سۈرە نازىل بولغان دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشىنى ئەكس ئەتتۈرمەكتە. بۇ رەسۇل بىلەن ئىنكارچى قەۋم ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئۆزۈلۈشىنىڭ خەۋەرچىسى ئىدى.

سۈرە مەزمۇنى نەزەرگە ئېلىنغاندا، دەۋەتنىڭ 10 - يىلىدا نازىل بولغان دېيىشكە بولىدۇ.

سۈرىنىڭ ئاساسىي تېمىسى دەۋەت بولۇپ، ھەزرىتى نۇھ دۇنياغا بېرىلىپ كەتكەن قەۋمنى تەۋھىد ۋە ئادالەتكە دەۋەت قىلغان. ئىنكارچى قەۋم بۇ دەۋەتكە جاھىللىق بىلەن قارشى چىقىپ قۇلاق سالمىغان. نەتىجىدە ھەزرىتى نۇھ قەۋمنى ئاللاھ قا ھاۋالە قىلغان. سۈرىنىڭ بېشىدىكى ئايەتلەر ( 1 - 20 ) ئاخىرىدىكى ھالاك دۇئاسىنى شەرھىيلەش ئۈچۈن بايان قىلىنغان:

إِنَّكَ إِنْ تَذَرْهُمْ يُضِلُّوا عِبَادَكَ وَلَا يَلِدُوا إِلَّا فَاجِرًا كَفَّارًا (27) رَبِّ اغْفِرْ لِي وَلِوَالِدَيَّ وَلِمَنْ دَخَلَ بَيْتِيَ مُؤْمِنًا وَلِلْمُؤْمِنِينَ وَالْمُؤْمِنَاتِ وَلَا تَزِدِ الظَّالِمِينَ إِلَّا تَبَارًا (28)

« ئەگەر سەن ئۇلارنى ساق قويساڭ، شۈبھىسىزكى بەندىلىرىڭنى ئازدۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ تاپقان باللىرىمۇ پەقەت فاجىر، كاپىر بولىدۇ. رەببىم! ماڭا، ئاتا - ئانامغا، مېنىڭ ئۆيۈمگە مۇئمىن بولۇپ كىرگەن كىشىگە ۋە مۇئمىن ئەرلەرگە، مۇئمىن ئاياللارغا مەغپىرەت قىلغىن، زالىملارغا پەقەت ھالاكىتىنى زىيادە قىلغىن » ( 27 - 28 ).

قۇرئان قىسسەلىرى مۇھەممەدى دەۋەتنىڭ ئەينىكى بولۇپ، دەۋەت ئۆزىنى بۇ ئەينەكتىن كۆرىدۇ. قۇرئاندا ھەزرىتى نۇھ ۋە ئىنكارچى قەۋمى ھەققىدە بايانلار بىر قانچە يەردە، يەنى ئەئراف ( 59 -64 )، يۇنۇس ( 71 - 73 )، ھۇد ( 25 - 29 )، مۇئمىنۇن ( 23 - 31 )، شۇئەرا ( 105 - 122 )، ئەنكەبۇت ( 14 - 15 )، سافقات ( 75 - 82 )، قەمەر ( 9 - 16 ) سۈرىلىرىدە تىلغا ئېلىنغان. ئوتتۇرا شەرقتە تارىخ نۇھ بىلەن باشلايدۇ.

قۇرئان ۋەھيمۇ رسالەتنى ۋە ئۇممەتلەر تارىخىنى نۇھ بىلەن باشلىتىدۇ ( ئەئراف 59؛ ھۇد 25؛ مۇئمىنۇن 23؛ نىسا 163 ).
ئەڭ تەپسىلى بايانلار بۇ سۈرىدە ئورۇن ئالغان. نۇھ قەۋمىنىڭ قىسسەسى ھەممە نەرسىگە باھا قويۇپ ئادەتلىنىپ قالغان توپلۇمنىڭ قانداق بولۇپ قىممەت - قاراشلاردىن مەھرۇم قالغانلىقىنىڭ قىسقىچە ھېكايىسىدۇر. بۇ بىر تۇغياندۇر. تۇغيان بولغان ھەر قانداق جايدا توپاننىڭ بولۇشى مۇقەررەر. ھەر توپان قىممەت - قاراشلارنى باھاغا پىدا قىلغۇچىلار ئۈچۈن پالاكەت ۋە ھالاكەت بولۇپ، قىممەت - قاراشنى باھادىن ئۈستۈن كۆرگەنلەر ئۈچۈن بىر نىجاتلىق ۋە نېمەتتۇر. توپان تۇپراق ئۈچۈن بىر تاھارەت، توپلۇم ئۈچۈن بىر پاكلىنىشتۇر.
سۈرە، ھەزرىتى نۇھ بىلەن ئىنكارچى قەۋمنى رەسۇلۇللاھ بىلەن قۇرەيش مۇشرىكلىرىنى دەۋرداش قىلىشنى مەقسەت قىلماقتا. سۈرە ھەزرىتى نۇھ ئارقىلىق رەسۇلۇللاھقا تەسەللى بەرگەن بولسا، نۇھ قەۋمى ئارقىلىق مەككە مۇشرىكلىرىنى قورقۇتقان.
يۈكسەك بىر بالاغەت نامايەندىسى بولغان بۇ سۈرىنىڭ مەقسىتى ۋۇجۇدقا چىققاندى. بۇنىڭغا تارىخ شاھىت. مۇشرىكلار ئۆزلىرىگە يېتىپ كېلىدىغان بىر بالادىن، ۋەھيىنىڭ تەسىرلىك ئۇسلۇبى سەۋەبىدىن قۇتۇلۇپ قالغاندى. ئەگەر ۋەھيي يۈكسەك بالاغىتى بىلەن ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىنىڭ قەلب تەختىدىن ئورۇن ئېلىپ ھىدايىتىگە ۋەسىلە بولمىغان، بىر قىسمىنى جىمىقتۇرۇپ ۋەھيىگە قارشى چىقىشتىن ۋازكەچكۈزمىگەن بولسا ئىدى، ئۇلارمۇ غەزەپكە ئۇچراپ ھالاك بولغان قەۋملەر قاتارىدىن ئورۇن ئالغان بولاتتى.
سۈرىنىڭ دېمەكچى بولغان مەقسىتى ناھايىتى ئوچۇق بولۇپ، ھەر تۇغيان ئۆز دەۋرىنىڭ توپانى، ھەر توپاننىڭ بىر نۇھى، ھەر نۇھنىڭ بىر كېمىسى، ھەر كېمىنىڭ بىر يۆرۈش لېنىيىسى ۋە يول خەرىتىسى بولىدۇ. ئۇممەتى مۇھەممەدنىڭ يول لېنىيىسى ۋە يول خەرىتىسى قۇرئاندۇر. قۇرئاننىڭ يېتەكچىلىكىگە تەسلىم بولغانلار ئاخىر زامان توپانىدىن قۇتۇلىدۇ.

## ئىبراھىم سۈرىسى

سۈرە ئىسمىنى 35 - 41 - ئايەتلەردە بايان قىلىنغان ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ ئائىلىسىنى ئاللاھ قا ئامانەت قىلىش قىسسەسىدىن ئالغان.
قۇرئاندا بىر قانچە يەردە ھەزرىتى ئىبراھىم ھەققىدە توختالغان بولۇپ، پەقەت بۇ سۈرىنىڭ « ئىبراھىم » ئىسمى بىلەن ئاتىلىشىنىڭ چوڭقۇر مەنىسى بولسا كېرەك. مۇناسىۋەتلىك بۆلەكتىكى بايانلار ئاساسىدا، بۇ مەنىنى ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ يەر يۈزىدىكى مېمارچىلىق پائالىيىتىنى قايتىدىن بەرپا قىلىپ، ئۇنى يېڭىدىن ئوتتۇرىغا چىقىرىش پائالىيىتىدىن ئىزدىشىمىز كېرەك دېسەك خاتالاشمايمىز. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ئىگە بولغان ئوغلى ئىسمائىلدىن ئايرىلىشقا رازى بولغان. ئائىلىسىنى « ئېكىنىسىز »، گىياھ ئۈنمەس تاغ بىلەن قورشالغان بىر ۋادىغا ئاپىرىپ قويۇش ئارقىلىق، كىشىنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغانلىرىنى ئاللاھ قا قانداق ئامانەت قىلىدىغانلىقىنىڭ ئەڭ جانلىق ئابىدىسىنى تىكلىگەنىدى.
سۈرە مەككىدە نازىل بولغان. سۈرىنىڭ نازىل بولغان ۋاقتى ھەققىدە پەرىقلىق قاراشلار يوق.
سۈرە تېما ۋە ئۇسلۇب جەھەتتىن بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە. بۇ سۈرە جابىر بىن زەيد تەرتىپىدە شۇرا - ئەنبىيا، باشقا تەرتىپلەردە نۇھ - ئەنبىيا سۈرىلىرى ئارىسىغا تىزىلغان. بۇ يىپ ئۇچىغا ئاساسەن سۈرىنى نەبىلەر قىسسەلىرى ئورۇن ئالغان بايقۇت مەزگىلىدىن كېيىن نازىل بولغان سۈرىلەردىن بىرى دېيىشكە بولىدۇ. سۈرىدە بۇ مەزگىلگە ئائىت ساد، ئەئراف، ئىسرا، ئەنبىيا سۈرىلىرىگە ئوخشاش يەھۇدىي ۋە يەھۇدىيلىشىش مەسىلىسى ئېغىر سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

ئىبراھىم سۈرىسى مۇقاتتائا ھەرپلىرى بىلەن باشلانغان 29 سۈرىدىن بىرسى. سۈرە مەزكۇر سۈرىلەرگە ئوخشاش بىۋاستە ھالدا ۋەھيىنى شىپى كەلتۈرۈپ باشلانغان. بۇ ئۇسلۇبنىڭ بايان قىلىنىش شەكلى ھەققەتەن كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ: « بۇ ئىنسانىيەتنى قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا ئېلىپ چىقىشىڭ ئۈچۈن ساڭا نازىل قىلغان بىر ۋەھيدۇر » ( 1 ). بۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان « قاراڭغۇلۇق » كېچە قاراڭغۇلۇقى ئەمەس، ئەلۋەتتە. مەنىۋى قاراڭغۇلۇق بولغان « قاراڭغۇ ئەقىللەر » بولۇپ، ۋەھيي نۇردۇر. خۇددى كۆز ئۈچۈن يورۇقلۇق نېمىنى ئىپادىلىسە، دىل ئۈچۈنمۇ نۇر شۇنى ئىپادىلەيدۇ. ۋەھيي نۇرى بىلەن قارىغان قەلب پاراسەت ساھىبى بولىدۇ. ۋەھيىنىڭ نۇرى چۈشكەن ئەقىل، قاراڭغۇلۇقتىن قۇتۇلۇپ يورۇقلۇققا چىقىدۇ. ئۇ ئەقىلنىڭ يۆنىلىشى، يەنى قىبلىسى بار بولىدۇ. چۈنكى، بىر يەردە نۇر بولسا، ئۇ يورۇقلۇقنىڭ بىر مەنبەسى بولغان بولىدۇ. نۇر چۈشكەن نەرسىنى مەنبەسگە يۈزلەندۈرىدۇ. بۇ يۈزلىنىش ھىدايەتنىڭ دەل ئۆزىدۇر. ئەگەر نۇر بولمىسا، ئۇ نەرسىنىڭ قىبلىسى بولمايدۇ. چۈنكى، قاراڭغۇلۇقنىڭ مەنبەسى يوق. قاراڭغۇلۇق قاپلىغان ئەقىللەر بىر قاراڭغۇلۇقتىن يەنە بىرسىگە ئاتلاپ يۈرىدۇ.

بۇ سۈرە مۇقاتتائا ھەرپلىرى بىلەن باشلانغان باشقا سۈرىلەرگە ئوخشاش كىرىش قىسمىدىلا ئىنكارچىلارغا قارىتا ھەيۋە قىلىدۇ: « ( كۇتۇپ تۇرۇۋاتقان ) قاتتىق ئازاپ سەۋەبىدىن ئۇ كاپىرلارغا ۋاي » ( 2 ). قۇرئان يۈز ئۆرىگەنلەر ئۈچۈنمۇ بىر رەھمەتتۇر. چۈنكى، يۈز ئۆرىگۈچىلەرگە تېخى ھايات ۋاقتىدىلا كېلەچەكتە دۇچار بولىدىغان ئازاپتىن ئالدىنئالا خەۋەر بەرمەكتە ۋە ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرماقتا. خەتەرلىك يولدا كېتىۋاتقان بىرىنىڭ ئاقىۋىتى ھەققىدە خەۋەر بېرىش ئۇنىڭ ئۈچۈن يامانلىق ئەمەس، ئەكسىچە ياخشىلىقتۇر. قۇرئانمۇ خۇددى بۇنىڭغا ئوخشاش ئىنكارچىلارغا ياخشىلىق قىلماقتا.

قۇرئاننىڭ ياخشىلىقىدىن پايدىلىنىشنىڭ پەقەت بىرلا شەرتى بار، يەنى ئۇنى چۈشىنىش. مانا بۇ سەۋەبتىن ئاللاھ ھەر رەسۇلنى ئۆز قەۋمىنىڭ تىلى بىلەن ئەۋەتكەن. بۇ ھەققەتنى قۇرئان ئۆلچىمگە سالساق، قۇرئان ۋە باشقا بارلىق ۋەھيىلەرنىڭ تىلى ئاللاھ نىڭ تىلى ئەمەس، ۋەھيي ئەۋەتىلگەن قەۋمنىڭ تىلىدۇر. قەۋمنىڭ تىلى دېگەنلىك ئىنسانلار تەرىپىدىن ئىشلىتىلگەن بىر تىل دېگەنلىك بولىدۇ. تۆۋەندىكى ئايەت بۇنىڭ سەۋەبىنى « چۈشىنىشلىك بولۇش ئۈچۈن » دەپ بايان قىلىدۇ. ئايەتنىڭ ئۆزگە قاراپ باقايلى:

وَمَا أَرْسَلْنَا مِنْ رَسُولٍ إِلَّا بِلِسَانِ قَوْمِهِ لِيُبَيِّنَ لَهُمْ فَيُضِلُّ اللَّهُ مَنْ يَشَاءُ وَيَهْدِي مَنْ يَشَاءُ وَهُوَ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ

« قانداقلا بىر رەسۇلنى ئەۋەتمەيلى، ئۇنى بىز ئۆز قەۋمگە ئىلاھىي ۋەھيىنى ئېنىق ۋە چۈشىنىشلىك بايان قىلىپ بېرىشى ئۈچۈن پەقەت ئۆز قەۋمىنىڭ تىلى بىلەن ( سۆزلەيدىغان ) قىلىپ ئەۋەتتۇق. ئاندىن كىمكى ئازغۇنلۇقتا چىڭ تۇرسا، ئاللاھ ئۇنى گۇمراھ قىلىدۇ؛ كىمكى ھىدايەت تېپىشنى خالىسا، ئاللاھ ئۇنى ھىدايەت قىلىپ توغرا يولغا باشلايدۇ. ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر » ( 4 ).

ۋەھيي ئاللاھ نىڭ مۇرادىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئىلاھيي مۇرادنى تونۇپ يېتىش ئۈچۈن ۋەھىنى چۈشىنىش شەرت. يەنى، ۋەھىنى چۈشىنىش پەرزدۇر. بۇ ھەر مۇئمىنگە كۈچىنىڭ يېتىشىچە پەرز. قۇرئاننىڭ ئەسلى تىلىنى بىلمەيدىغانلارنىڭ ئۇنىڭ تەرجىمىسىنى ۋە تەپسىرلىرىنى ئوقۇش ئارقىلىق چۈشىنىش مەسئۇلىيىتى بار. قۇرئان مەيلى ئۇنى ئۇلۇغلاش مەقسىتىدە بولسۇن، ياكى ھەر خىل « چۈشەنگىلى بولمايدۇ، ئادەتتىكى كىشى چۈشىنەلمەيدۇ » داۋالىرىنى قىلغۇچىلارنىڭ بۇ داۋاسىنى بىكارغا چىقىرىدۇ. قۇرئان ئۆزىنى« مۇبىن » سۈپىتى بىلەن سۈپەتلەيدۇ. مۇبىن ھەم « ئۆزى چۈشىنىشلىك ۋە روشەن بولغان » ھەم « باشقا ھەققەتلەرنى چۈشەندۈرگەن ۋە چۈشىنىشلىك قىلىپ بەرگەن » دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

سۈرىنىڭ ئاساسىي تېمىسى « ئاللاھ قا شەرتسىز ئىتائەت قىلىش » بولۇپ، « ئىتائەت »نىڭ ئەسلىدە بىر « شۇكۇر » ئىكەنلىكى كىرىش بۆلىكىدىكى بۇ ئايەت بىلەن ئىپادىلەنگەن:

لَئِنْ شَكَرْتُمْ لَأَزِيدَنَّكُمْ وَلَئِنْ كَفَرْتُمْ إِنَّ عَذَابِي لَشَدِيدٌ

« ئەگەر نېمىتىمگە شۈكۈر قىلساڭلار، ( ئۇنى ) تېخىمۇ زىيادە قىلىمەن. ئەگەر تۇزكورلۇق قىلساڭلار، مېنىڭ ئازابىم ئەلۋەتتە تېخىمۇ قاتتىق بولىدۇ » ( 7 ).

بۇ ئايەتتىن كېيىن كەلگەن ئايەتتە، شۈكۈر قىلماي تۇزكورلۇق قىلساق ئاللاھ قا ھېچقانداق زىيان يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىمىز بايان قىلىنماقتا. چۈنكى، جىمى ھەمدۇسانالار بىز خالىساقمۇ - خالىمىساقمۇ ئاللاھ قا خاستۇر. كائىناتتىكى بارلىق مەخلۇقلارنىڭ ھەمدۇساناسى ئاللاھ قا خاستۇر.

وَقَالَ مُوسَى إِنْ تَكْفُرُوا أَنْتُمْ وَمَنْ فِي الْأَرْضِ جَمِيعًا فَإِنَّ اللَّهَ لَغَنِيٌّ حَمِيدٌ

مۇسا: « ئەگەر سىلەر ۋە پۈتۈن يەر يۈزىدىكى كىشىلەر تۇزكورلۇق قىلىپ كاپىر بولۇپ كەتسەڭلارمۇ، ئاللاھ قا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيسىلەر. چۈنكى ئاللاھ ئەلۋەتتە ھەممىدىن بىھاجەتتۇر، مەدھىيىلەشكە لايىقتۇر » دېدى ( 8 ).

تۇزكورلۇق قىلغۇچىلار ھالاك قىلىنىشقا لايىق بولىدۇ. بۇنىڭغا ئاد ۋە سەمۇد قەۋملىرىدىن ئىبارەت ئىككى ئۆرنەك بېرىلگەن ( 9 - 18 ). بۇ قەۋملەر نەبىلىرىنىڭ ئىنسان بولۇشىغا ئېتىراز قىلغاندى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇلار مۆجىزە تەلەپ قىلغاندى. بۇ ئارقىلىق ھالاك قىلىنغان ئۆتمۈش قەۋملەر ئۈستىدىن ئۆز دەۋرىدىكى ۋەھىنى ئىنكار قىلغۇچىلار ئاگاھلاندۇرۇلغان. چۈنكى ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ ئىنسان رەسۇل بولۇشىغا ئېتىراز قىلغان ۋە مۆجىزە تەلەپ قىلغاندى. لېكىن مۆجىزە ئۇلار ئۈچۈن ياخشىلىقتىن بىشارەت ئەمەس ئىدى. بىرىنچىدىن، مۆجىزە كەلگەن تەقدىردىمۇ ئىنكار قىلىشتا چىڭ تۇراتتى. ئىككىنچىدىن، ئەگەر مۆجىزە كېلىپ، يەنە ئىنكار قىلىشتا چىڭ تۇرسا، ئىلاھىي قانۇنىيەتنىڭ تەقەززاسى بىلەن ئۇلارغا ئىلاھىي ھۆكۈم ھەق بولۇپ ھالاك قىلىناتتى.

ئاللاھ نىڭ ئىنسانغا ئىلاھىي ۋەھىي ئەۋەتىشى، ئىنساننىڭ يارىتىلىشتىكى مەنا ۋە مەقسىدىنى ئۇقۇشلۇق ھالدا ئەمەلگە ئاشۇرۇشى ئۈچۈندۇر. چۈنكى ھەر نەرسىنىڭ يارىتىلىش مەقسىدى ۋە مەناسى بولىدۇ. شەيئىلەرنىڭ مەنا ۋە مۇددىئاغا ئىگە بولۇش قانۇنىيىتى مەخلۇقاتنىڭ قانۇنى بولۇپ، بۇ ھەقىقەتنى تۆۋەندىكى ئايەت بايان قىلماقتا:

أَلَمْ تَرَ أَنَّ اللَّهَ خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ بِالْحَقِّ إِنْ يَشَأْ يُذْهِبْكُمْ وَيَأْتِ بِخَلْقٍ جَدِيدٍ

« ئاللاھ نىڭ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ھەقىقەتكە ( بىر دەلىل بولسۇن دەپ ) مەقسەت ۋە مەناغا ئىگە قىلغان ھالدا ياراتقانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئەگەر ئاللاھ خالىسا سىلەرنى يوق قىلىۋېتىپ، ئورنۇڭلارغا باشقىلارنى يارىتاتتى » ( 19 ).

سۆز بۇ يەرگە كەلگەندە شەيتاننىڭ ئەشەددىي ۋە ئەبەدىي دۈشمىنى بولغان ئىنسانغا قارىتا ئوينىغان ئويۇنى بايان قىلىنغان. يەنى:

وَقَالَ الشَّيْطَانُ لَمَّا قُضِيَ الْأَمْرُ إِنَّ اللَّهَ وَعَدَكُمْ وَعْدَ الْحَقِّ وَوَعَدْتُكُمْ فَأَخْلَفْتُكُمْ وَمَا كَانَ لِي عَلَيْكُمْ مِنْ سُلْطَانٍ إِلَّا أَنْ دَعَوْتُكُمْ فَاسْتَجَبْتُمْ لِي فَلَا تَلُومُونِي وَلُومُوا أَنْفُسَكُمْ مَا أَنَا بِمُصْرِخِكُمْ وَمَا أَنْتُمْ بِمُصْرِخِيَّ إِنِّي كَفَرْتُ بِمَا أَشْرَكْتُمُونِ مِنْ قَبْلُ إِنَّ الظَّالِمِينَ لَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ

ئىش پۈتكەندە ( يەنى ھېساب تۈگەپ، جەننەتلىكلەر بىلەن دوزىخىلار ئايرىلىپ بولغاندا )، شەيتان: « الله ھەقىقەتەن سىلەرگە ( ئىتائەت قىلغۇچىنى مۇكاپاتلاش، ئاسىيلىق قىلغۇچىنى جازالاشتىن ئىبارەت ) راست ۋەدىنى قىلغان ئىدى، ( ۋەدىسىگە ۋاپا قىلدى ). مەن سىلەرگە ( ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش، ساۋاب، جازا دېگەنلەر يوق دەپ يالغان ) ۋەدە قىلغان ئىدىم، ( ۋەدەمگە ) خىلاپلىق قىلدىم، سىلەرگە مېنىڭ ( كۇفرىغا، گۇناھقا زورلىغۇدەك ) ھۆكۈمرانلىقىم بولغىنى يوق، مەن سىلەرنى پەقەت ( گۇمراھلىققا ) دەۋەت قىلدىم، سىلەر ( دەۋىتىمنى ) قوبۇل قىلدىڭلار، شۇنىڭ ئۈچۈن مېنى ئەيىبلىمەڭلار، ئۆزۈڭلارنى ئەيىبلەڭلار، مەن سىلەرگە ياردەم بېرىپ سىلەرنى قۇتقۇزالمايمەن، سىلەرمۇ ماڭا ياردەم بېرىپ مېنى قۇتقۇزالمايسىلەر، مەن سىلەرنىڭ بۇرۇن مېنى الله قا

( ئىبادەتتە ) شېرىك قىلغانلىقىڭلارنى ئېتىراپ قىلمايمەن، شۈبھىسىزكى، زالىملار چوقۇم قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ » دەيدۇ ( 22 ).

سۈرە، قۇرئاننىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئۆتمۈش - كېلەچەك، دۇنيا - ئاخىرەت، ئىمان - ئەمەل، نىشان - ھەقىقەت، كائىنات - ئىنسان ئارىسىدىكى زىچ مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۈرگەن / بايقىيالايدىغان بىر ئەقىل بەرپا قىلىشنى مەقسەت قىلغان. بۇ مەقسەتنى ئەڭ ياخشى شەكىلدە ئىپادىلىگەن ئايەتلەر تۇپراق - يىلتىز، يىلتىز - مېۋە مۇناسىۋەتلىرىنى ياخشى / گۈزەل - يامان / سەت مىسالى بىلەن بايان قىلغان 24 - 27 - ئايەتلەر بولۇپ، ۋەھيىنىڭ مەقسىتى ئىنساننىڭ چاڭقاپ چۆلگە ئايلانغان قەلبىنى بوستانلىققا ئايلاندۇرۇش ئىدى. بۇ مەقسەتتە ئۇ كالام ئۇرۇقلىرىنى قەلب تۇپرىقىغا چاچىدۇ. شەيتان تېرىغان جەھەننەم ئۇرۇقلىرىنى قەلبتە ئۈنۈپ چىقمىسۇن دەپ، ئىلاھىي كالام جەننەت ئۇرۇقلىرىنى تېرىيدۇ. بۇ ھەقىقەت مۇنداق ئىپادىلەنگەن:

أَلَمْ تَرَ كَيْفَ ضَرَبَ اللَّهُ مَثَلًا كَلِمَةً طَيِّبَةً كَشَجَرَةٍ طَيِّبَةٍ أَصْلُهَا ثَابِتٌ وَفَرْعُهَا فِي السَّمَاءِ (24) تُؤْتِي
أُكُلَهَا كُلَّ حِينٍ بِإِذْنِ رَبِّهَا وَيَضْرِبُ اللَّهُ الْأَمْثَالَ لِلنَّاسِ لَعَلَّهُمْ يَتَذَكَّرُونَ (25) وَمَثَلُ كَلِمَةٍ خَبِيثَةٍ كَشَجَرَةٍ
خَبِيثَةٍ اجْتُثَّتْ مِنْ فَوْقِ الْأَرْضِ مَا لَهَا مِنْ قَرَارٍ (26) يُثَبِّتُ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا بِالْقَوْلِ الثَّابِتِ فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا
وَفِي الْآخِرَةِ وَيُضِلُّ اللَّهُ الظَّالِمِينَ وَيَفْعَلُ اللَّهُ مَا يَشَاءُ (27)

« اﷲ نىڭ مۇنداق بىر تەمسىل كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرمىدىڭمۇ. كەلىمە تەييىبە (يەنى ياخشى سۆز، ئىمان كەلىمىسى) يىلتىزى يەرنىڭ ئاستىدا بولغان، شېخى ئاسمانغا تاقاشقان. رەببىڭنىڭ ئىزنى بىلەن ۋاقتى ـ ۋاقتىدا مېۋە بېرىپ تۇرىدىغان ئېسىل دەرەخكە ئوخشايدۇ. اﷲ كىشىلەرگە ۋەز ـ نەسىھەت ئالسۇن دەپ ئۇلارغا نۇرغۇن تەمسىللەرنى كەلتۈرىدۇ. يامان سۆز(يەنى كۇفرى كەلىمىسى) زېمىندىن قومۇرۇپ تاشلانغان، ھېچقانداق قارارى يوق ناچار دەرەخكە ئوخشايدۇ. اﷲ مۆمىنلەرنى مۇستەھكەم ئىمان بىلەن دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە مەھكەم تۇرغۇزىدۇ. اﷲ زالىملارنى گۇمراھ قىلىدۇ، اﷲ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىدۇ » ( 24 ـ 27 ).

بۇ، قۇرئاننىڭ كىشىنىڭ دىققىتىنى ئەڭ تارتىدىغان بىر بۆلىكى بولۇپ، ياخشى سۆز تۇپراقتا يىلتىز تارتقان، شاخلىرى دۇئاغا ئېچىلغان قوللارغا ئوخشاش ئاسمانغا تاقاشقان دەرەخكە؛ يامان سۆز يىلتىزى زېمىندىن قومۇرۇپ تاشلانغان ۋە ھېچقانداق قارارى بولمىغانلىقتىن چىرىپ قۇرۇپ كەتكەن ناچار دەرەخكە ئوخشىتىلغان. بۇ ئوخشىتىشلار ئارقىلىق سۆزنىڭ كۈچىگە كىشىنىڭ دىققىتى ئاغدۇرۇلغان. لېكىن، سۆزنىڭ كۈچلۈك بولالىشى ئۈچۈن، ئۇ ھەقىقەتنىڭ نۇرى ئاستىدا بولۇشى كېرەك. ھەقىقەتتىن ئايرىلغان سۆز تۇپراقتىن قومۇرۇلغان دەرەخكە ئوخشاش چىرىپ كېتىدۇ.

قۇرئان ئۈرنەك شەخسلەر ئۈستىدە توختالغان. ھەر پەيغەمبەر ئىنساننىڭ خاراكتېر ئوخشاشلىقىغا ئۈرنەكتۇر. يەنە قۇرئان ئىبرەتلىك شەخسلەر ئۈستىدە توختىلىدۇ. نەمرۇد، پىرئەۋن، ئەبۇ لەھەب بۇلاردىن بىر قانچە مىسال. قۇرئان بۇلاردىن باشقا يەنە ئائىلىلەرنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن بولۇپ، ئىبراھىم ئائىلىسى ۋە ئىمران ئائىلىسى بۇلارغا ئۈرنەكتۇر. ئىمران ئائىلىسى ھەققىدە توختالغان سۈرىلەردىن بىرسى ئىبراھىم سۈرىسىدۇر. قۇرئاننىڭ ئائىلىلەرنى ئۈرنەك قىلىپ كۆرسىتىشى خىتاب قىلىنغۇچىلارغا بۇ ئائىلىلەرنى ئۈزىگە ئورنەك قىلىپ تىكلىشى ئۈچۈن ئىدى. قۇرئان بۇنىڭ بىلەن كۇپايىلىنىپ قالماستىن، ئۇلارنى ئۆز دەۋرىنىڭ « ھازىر ۋە بۇ يەر »لىرىدە شۇنداق ئۈرنەك ئائىلىلەرنىڭ ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلىشى تەلەپ قىلىنماقتا. يەنى بۇ ئارقىلىق خىتاب قىلىنغۇچىلارغا « بۇ ئائىلىلەرگە ئوخشاش بىرەر ئۈرنەك ئائىلە » بولۇڭ دېيىلمەكتە.

ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ ئائىلىسى ئۈچۈن قىلغان تۇنجى دۇئاسى ئۇلارنى شېرىكتىن يىراق تەۋھىد ئەھلى بولۇشى ئۈچۈن ئىدى ( 35 ). ھەزرىتى ئىبراھىم ئۆز ئائىلىسىنى ئاللاھ قا بېغىشلىغان بولۇپ، ئۇلارنى ئاللاھ نىڭ مۇقەددەس ئۆيىنىڭ يېنىغا، قۇش ئۇچمايدىغان - كارۋان ئۆتمەيدىغان، ئېكىنسىز، يەنى تېرىقچىلىق قىلغىلى بولمايدىغان بىر ۋادىغا جايلاشتۇرۇپ قويغانىدى. بۇ مەسىلىگە مۇناسىۋەتلىك مەنبەلەردە، بۇ ئەسنادا ھەزرىتى

ئىبراھىم بىلەن ھىجرەتنىڭ كېلىنى ھەزرىتى ھاجەر ئارىسىدا مۇنداق بىر دىئالوگ بولۇپ ئۆتكەنلىكى نەقىل قىلىنغان:

« - بىزنى كىمگە ئامانەت قىلدىڭ؟ - دېدى ھاجەر. ئىبراھىم:

-ئاللاھ قا. ھاجەر:

-ئاللاھ قىمۇ؟ ئۇنداقتا ئاللاھ بىزگە يېتەر!. »

ھەزرىتى ھاجەرنىڭ بەرگەن يۇقىرىدىكى جاۋابى نېمە ئۈچۈن ئىبراھىم ئائىلىسىنىڭ ئۈرنەك ئائىلە سۈپىتىدە قۇرئاندا بايان قىلىنىپ كۆرستىپ بېرىدۇ.

ھەزرىتى ئىبراھىم ۋە ئائىلىسى ئارقىلىق بايان قىلىنغان ھەقىقەت، ئىنساننىڭ ئاللاھ ھوزۇرىدىكى ھالىتى بولۇپ، بۇ ھەقىقەتنى چۈرىدىگەن ئاساستا ئىنساننىڭ ئۆتمۈشى، ھازىرقى ھالى ۋە ئىستىقبالى تارىخىي ئۆرنەكلەر ئۇستىدىن « ھازىرغا ۋە بۇ ماكانغا » ئېلىپ كېلىنىدۇ ھەمدە بۇ ئۆرنەكلەر ئارقىلىق خىتاب قىلىنغان كىشىلەرگە ئەبەدىي سائادەت ئۈچۈن چارە - تەدبىر قىلىش تەۋسىيە قىلىنىدۇ.

سۈرىنىڭ ئاساسىي تېمىسى، ھەقىقەتتىن كۈچ ئالغان ھەق سۆزدىن يۈز ئۆرىگۈچىلەرنى كۈتۈۋاتقان قورقۇنچلۇق ئاقىۋەت بولۇپ، بۇ ئاقىۋەتتىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر يولى ئاكتىپ ئەقىل ئىشلىتىش قابىلىيىتىگە ئىگە بولۇشتۇر:

لِيَجْزِيَ اللَّهُ كُلَّ نَفْسٍ مَا كَسَبَتْ إِنَّ اللَّهَ سَرِيعُ الْحِسَابِ (51) هَذَا بَلَاغٌ لِلنَّاسِ وَلِيُنْذَرُوا بِهِ وَلِيَعْلَمُوا أَنَّمَا هُوَ إِلَهٌ وَاحِدٌ وَلِيَذَّكَّرَ أُولُو الْأَلْبَابِ (52)

« اللە ھەر كىشىنىڭ قىلمىشىغا قاراپ مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ، اللە ئەلۋەتتە تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر. كىشىلەرنىڭ ئاگاھلاندۇرۇلۇشى اللە نىڭ بىر ئىكەنلىكىنى بىلىشى، ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ ۋەز ـ نەسىھەت ئېلىشلىرى ئۈچۈن، بۇ ( قۇرئان ) تەبلىغدۇر ( يەنى كىشىلەرگە تەبلىغ قىلىش ئۈچۈن نازىل قىلىندى ) » ( 51 ـ 52 ).

## سافقات سۈرىسى

سۈرە « سەپ ـ سەپ تىزغانلار / تىزىلغانلار » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان سافقات ئىسمىنى بىرىنچى ئايەتتىن ئالغان. ئايەتتە سەپ ـ سەپ تىزغانلار ياكى تىزىلغانلارنىڭ كىملەر ۋە ياكى نېمىلەر ئىكەنلىكى بىلدۈرۈلمىگەن. ئەرەپ تىلىدا بۇ كۆپلۈك شەكلى ئىنسان، پەرىشتە ۋە قۇشقا ئوخشاش ھەرىكەت قابىلىيىتىگە ئىگە بولغان مەخلۇقلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. باشتىكى ئۈچ ئايەتتە ھەر جەھەتتىن ئىتائەت قىلىدىغان مەخلۇقلارنىڭ كۆزدە تۇتۇلغانلىقىنى 165 ـ ئايەت تەستىقلايدۇ. بۇ يەردە سەپ ـ سەپ تىزغانلار / تىزىلغانلار « ۋەھىي » بولۇشى مۇمكىن.

بىز سافقات، زارىيات، نازىئات، مۇرسەلات ۋە ئادىيات سۈرىلىرىنىڭ كىرىش قىسمىدىكى نېمىنى سۈپەتلەپ كەلگەنلىكى نامەلۇم بولغان بۇ سۈپەتلەرنىڭ ۋەھىيلەر بىلەن بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك مۇناسىۋىتى بولغان شەيئىلەرنى بىلدۈرىدۇ دەپ قارايمىز.

سۈرە مەككىدە نازىل بولغان بولۇپ، بارلىق نۇزۇل تەرتىپلىرىدە ئەنئام ـ لوقمان سۈرىلىرىنىڭ ئارىسىغا تىزىلغان. لېكىن، سۈرىنىڭ 62 ـ ئايىتىنى دۇخان 43 ـ ئايەتتىكى ئېتىرازغا جاۋاب سۈپىتىدە ئوقۇش مۇمكىن. يەنە ئىسرا سۈرىسىنىڭ 60 ـ ئايىتىنى بۇ سۈرىنىڭ 62 ـ ئايىتىگە ئىزاھات سۈپىتىدە ئوقۇش مۇمكىن. بۇ ئەھۋالدا سۈرىنى دۇخاندىن كېيىن ۋە ئىسرادىن ئالدىنقى ئورۇنغا تىزىش كېرەك. لېكىن، بۇنداق بولغاندا دۇھاننى ھا ـ مىم

ئائىلىسىدىن ئايرىپ چىقىش كېرەك، بۇ توغرا بولمىسا كېرەك. ئوچۇق قىلىپ ئېيتساق بىزمۇ بۇ سۈرىنى قايسى ئورۇنغا تىزىشنى بىلەلمەي قالدۇق.

ئاللاھ نىڭ نەبىلىرىگە ياردەم قىلىدىغانلىقىغا دائىر ۋەدىسىنى ئەسلىتىشى بۇ سۈرىنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ ناھايىتى ئېغىر كۈنلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزىۋاتقان بىر مەزگىلدە نازىل بولغانلىقىغا ئىشارەت قىلماقتا ( 171 - 172 ). بۇ تەخمىنەن رىسالەتنىڭ 10 - يىلىدا، ئەقەبە بەيئىتى ئارقىلىق مەدىنە ئۈممىتىنىڭ شەكىللىنىشىدىن بۇرۇن نازىل بولغانلىقى مەلۇم بولماقتا.

سۈرىنىڭ ئانا تېمىسى ئىنساننىڭ ئاخىرەت ئېڭىنى شەكىللەندۈرۈشتۇر. 1 - 11 - ئايەتلەردە، خىتاب قىلىنغۇچىنىڭ دىققىتىنى تارتىش ئاساس قىلىنغان مەككە سۈرىلىرىنىڭ ئۇسلۇبى نامايەن قىلىنغان بولۇپ، ئايەتلەر قىسقا، دىققەت تارتىدىغان ۋە تەسىر قىلغۇچى ئالاھىدىلىككە ئىگە. سۈرىنىڭ دەسلەپكى ئۈچ ئايىتىدە ئۈچ سۈپەت بايان قىلىنغان، لېكىن بۇ سۈپەتكە ئىگە بولغۇچىلار تىلغا ئېلىنمىغان. يەنى بۇ ئايەتلەردە ئالاھىدىلىكلەر بايان قىلىنغان، ئەمما بۇ ئالاھىدىلىك ياكى سۈپەتلەر بىلەن نېمىنىڭ نەزەردە تۇتۇلغانلىقى ئېنىق بايان قىلىنمىغان.

وَالصَّافَّاتِ صَفًّا (1) فَالزَّاجِرَاتِ زَجْرًا (2) فَالتَّالِيَاتِ ذِكْرًا (3)

« سەپ - سەپ تىزغانلار ۋە تىزىلغۇچىلار، ۋازكەچتۈرۈپ ئالدىنى توسقانلار، ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن ئارقا - ئارقىدىن كەلگەنلەر بىلەن قەسەمكى،... » ( 1 - 3 ).

بەلكىم، بۇ يەردە سۈپىتى بايان قىلىنغان شەيئى ۋەھيي بولسا كېرەك. چۈنكى، سەپ بىر مەقسەت بىلەن يان - يانغا تىزىلىشنى ئىپادىلەيدۇ. تىلاۋەتمۇ « بىر مەنا شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن ھەرپلەرنىڭ، كەلىمىلەرنىڭ، جۈملىلەرنىڭ يان - يانغا تىزىلىشى » دېمەكتۇر. ساھابىلەرنىڭ قارىيلىرى ۋە تابىئىنلارنىڭ ئالىملىرىدىن قاتادە بىننى دىئامە، بۇ سۈپەتلەر بىلەن ۋەھيىنى ئوقۇپ ئۈنىگىغا ئەگەشكەنلەرنىڭ نەزەردە تۇتۇلغانلىقىنى ئېيتقان.

داۋام قىلغان ئايەتلەرنىڭ ۋەھيي بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى بۇ تەبىرنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى كۈچەيتمەكتە. بولۇپمۇ بۇ ئايەتلەردە ۋەھيي مەنبەسىنىڭ مۇھاپىزەت ئاستىغا ئېلىنغانلىقى ھەققىدىكى بايانلار كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ ( 6 - 10 ).

سۈرىدە تەۋھىد مەسىلىسى ئايەتلەردە يېپىق ھالدا تەكىتلەنگەن. ئىنساننىڭ لايدىن يارىتىلغانلىقى بۇ سۈرىدە ئىما قىلىپ ئۆتۈلگەن ( 11 ). ئىنكارچىلارنىڭ ئاللاھ نىڭ ئايەتلىرىنى كۆزگە ئىلمايدىغانلىقى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن ( 14 ). بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئاخىرەتنى ئىنكار قىلىپ « بىز ئۆلۈپ توپىغا ۋە قۇرۇق سۆڭەككە ئايلانغاندىن كېيىن راستلا تىرىلەمدۇق؟ » دېيىشلىرىچۇ تېخى؟ ( 16 ). بۇ پەقەت ئاللاھ نىڭ ئۆزلىرى ئۈستىدىكى بۇنچىۋالا ئەجرىنى ۋاستىلىق شەكىلدە ئىنكار قىلىشلا بولۇپ قالماي، ئۆزلىرىنىڭ قىلمىشلىرىدىن جاۋابكارلىقتا تارتىلىشتىن قاچقانلىقتۇر. جىنايەت ۋە گۇناھنى ئادەتكە ئايلاندۇرىۋالغانلارنىڭ ئاخىرەتنى ئىنكار قىلىشىمۇ چۈشەنگىلى بولمايدىغان بىر ئەھۋال ئەمەس ( 18 - 34 ). ئايەتلەر بويىچە يامانلار ئالىدىغان جازا ۋە ياخشىلار ئالىدىغان مۇكاپات بايان قىلىنغان. ئىلاھيي قانۇن ناھايىتى ئېنىق بولۇپ، يامانلار جازالىنىدۇ، ياخشىلار مۇكاپاتلىنىدۇ. يامانلارنىڭ ئۆزلىرىگە « ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ يولى »نى شىپى كەلتۈرۈشىنىڭ ھېچقانداق قىممىتى يوق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ھەزرىتى ئىبراھىم مىسال قىلىنىپ تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ ئارقىلىق چوقۇم ئاتا - بوۋىمىزنىڭ يولىدىن ماڭىمىز دېگۈچىلەرگە ئىمان پېشۋاسى ئىبراھىمنىڭ يولىنى تۇت دېمەكتە. لېكىن، ئۇلار خاتا يولنى تاللىغان: « ئۇلار ئاتا - بوۋىلىرىنى خاتا يول ئۈستىدە تاپتى. لېكىن ئۇلار ئاتا - بوۋىسىنىڭ يولىدىن يۈگۈردى » ( 69 - 70 ).

ياخشىلارنىڭ مۇكاپاتى توققۇز رەسۇل ئۈستىدىن بايان قىلىنغان. يەنى، ھەزرىتى نۇھ، ھەزرىتى ئىبراھىم، قۇربانلىق قىلغان ئوغلى بايان قىلىنغان قىسسەدە ئىسمى زىكىر قىلىنماستىن تىلغا ئېلىنغان ھەزرىتى ئىسمائىل، ھەزرىتى ئىسھاق، ھەزرىتى مۇسا، ھەزرىتى ھارۇن، ھەزرىتى ئىلياس، ھەزرىتى لۇت، ھەزرىتى يۇنۇس ( 75 - 148 ).

بولۇپمۇ ھەزرىتى ئىبراھىم قىسسەسى بۇ سۈرىدە تىلغا ئېلىنىپ، باشقا سۈرىلەردە ھەزرىتى ئىبراھىم ھەققىدە بايان قىلىنمىغان بىر ۋەقە، يەنى ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ بىر تال ئوغلىنى قۇربان قىلىپ چۈش كۆرۈشىدىن ئىبارەت

ئېغىر ئىمتىھان بۇ سۈرىدە بايان قىلىنغان. بۇ ئارقىلىق قۇربانلىق بەرمەي تۇرۇپ مۇكاپاتقا / نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەت خىتاب قىلىنغۇچىلارنىڭ ئېڭىغا سىڭدۈرۈش مەقسەت قىلىنماقتا: « بىز ھەقىقەتەن ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز »:

رَبِّ هَبْ لِي مِنَ الصَّالِحِينَ (100) فَبَشَّرْنَاهُ بِغُلَامٍ حَلِيمٍ (101) فَلَمَّا بَلَغَ مَعَهُ السَّعْيَ قَالَ يَا بُنَيَّ إِنِّي أَرَى فِي الْمَنَامِ أَنِّي أَذْبَحُكَ فَانْظُرْ مَاذَا تَرَى قَالَ يَا أَبَتِ افْعَلْ مَا تُؤْمَرُ سَتَجِدُنِي إِنْ شَاءَ اللَّهُ مِنَ الصَّابِرِينَ (102) فَلَمَّا أَسْلَمَا وَتَلَّهُ لِلْجَبِينِ (103) وَنَادَيْنَاهُ أَنْ يَا إِبْرَاهِيمُ (104) قَدْ صَدَّقْتَ الرُّؤْيَا إِنَّا كَذَلِكَ نَجْزِي الْمُحْسِنِينَ (105)

« رەببىم! ماڭا بىر ياخشى پەرزەنت ئاتا قىلغىن ». بىز ئىبراھىمغا ناھايىتى مۇلايىم بىر ئوغۇل بىلەن خۇش خەۋەر بەردۇق. ئۇ ئىبراھىمنىڭ ئىش ـ كۈشلىرىگە يارىغۇدەك بولغان چاغدا، ئىبراھىم: « ئى ئوغلۇم! مەن سېنى بوغۇزلاپ قۇربانلىق قىلىپ چۈشەپتىمەن، ئويلاپ باققىنا! سەن بۇنىڭغا قانداق قارايسەن؟ » دېدى. ئۇ ئېيتتى: « ئى ئاتا! نېمىگە بۇيرۇلغان بولساڭ، شۇنى ئىجرا قىلغىن، ئاللاھ خالىسا ( ئۇنىڭغا ) مېنى سەۋر قىلغۇچى تاپىسەن ». ئىككىسى ( اللە نىڭ ئەمرىگە ) بويسۇندى، ئىبراھىم ئۇنى ( يەنى ئوغلىنى بوغۇزلاش ئۈچۈن ) يېنى ياتقۇزدى. بىز ئۇنىڭغا: « ئى ئىبراھىم! ( ھېلىقى ) چۈشنى ئىشقا ئاشۇردۇڭ ( يەنى چۈشۈڭدە بۇيرۇلغاننى بەجا كەلتۈردۈڭ ) » دەپ نىدا قىلدۇق. بىز ھەقىقەتەن ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز ( 100 ـ 105 ).

بارلىق ئازغۇنلۇقنىڭ تەكتىدە ئاللاھ ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرنىڭ خاتا چۈشەنچىسى ياتىدۇ. بۇ ئازغۇنلۇقنىڭ ئەڭ ئالدىدا ئاللاھ بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ تاشلايدىغان شېرىك كەلمەكتە. كۆرۈنىدىغان ۋە كۆرۈنمەيدىغان بىر قاتار نەرسىلەرگە ئاللاھ قا ئائىت سۈپەتلەرنى بېرىش شېرىكتۇر ( 149 ـ 166 ). ھالبۇكى: « قۇدرەت ئىگىسى بولغان رەببىڭ ئۇلارنىڭ سۈپەتلىگەنلىرىدىن پاكتۇر » ( 180 ).

سۈرىنىڭ ئانا تېمىسىنى سۈرىدە ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلگەن « مۇخلاسىن » كەلىمىسى گەۋدىلەندۈرمەكتە. يەنى: « ئىماننى ساپ ۋە پاك تۇتۇش تىرىشچانلىقىنى ئاللاھ كۆچەيتىپ بەرگەن بەندىلەر ». قۇرئاندا 8 يەردە تىلغا ئېلىنغان بۇ كەلىمە بۇ سۈرىدىلا بەش قېتىم تىلغا ئېلىنغان. بۇ نۇقتا نەزەردە تۇتۇلغاندا، مەزكۇر سۈرىنى « ئىخلاس » سۈرىسى دەپ ئاتىساقمۇ خاتالاشمايمىز.

رەببىم! بىزنى مۇخلىس بولغان ۋە ئىخلاس بېرىلگەن بەندىلەر قاتارىدىن قىلغىن!

## قەسەس سۈرىسى

« قەسەس »، « قىسسە » كەلىمىسىنىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، مەزكۇر سۈرىنىڭ 25 ـ ئايىتىگە ئاساسەن بۇ سۈرىگە ئىسىم قىلىپ قويۇلغان.

سۈرە مەككىدە نازىل بولغان. دەسلەپكى نۇزۇل تەرتىپلىرىدە ئىسرا سۈرىسىنىڭ ئالدىغا تىزىلغان. مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن سۈرە بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە. سۈرىنىڭ ئىچىدىكى بايانلاردا نازىل بولۇش تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك يىپ ئۇچى بار. سۈرىنىڭ 20 ـ ئايىتىدە رەسۇلۇللاھقا قارشى تەييارلانغان سۇيىقەستتىن ۋاستىلىق ھالدا خەۋەر بېرىلگەن. 24 ـ ئايەت رەسۇلۇللاھنىڭ تائىف سەپىرىنى ئەسلىتىدۇ.

بۇ ئىشارەتلەر ئاساسىدا سۈرىنى دەۋەتنىڭ 10 ـ يىلىدا نازىل بولغان دېيىشكە بولىدۇ.

سۈرىدە بايان قىلىنغان قارۇن قىسسەسى ( 76 ـ 82 ) ئارقىلىق مال ـ مۈلۈك ئەخلاقى تېما قىلىنغان. سۈرىدە ئاساسەن تەپسىلى بايان قىلىنغان پىرئەۋن ـ ھامان ـ قارۇن ئۈچلۈكى، ئىجتىمائىي ھاياتتىكى سىياسەت

- هوقۇق - ئىقتساد ئۈچبۇلۇڭنى تەمسىل قىلماقتا. ئەگەر بۇ ئۈچ كۈچ زالىم بولسا، زۇلۇم ئۈستىگە بىنا قىلىنغان بىر پىرامىت شەكىلدىكى سىياسەت مەيدانغا كېلىدۇ. بۇ ئۈچ كۈچنىڭ بىرلەشمىسى كۈچنى ئىلاھلاشتۇرىدۇ. مانا بۇ مەزكۇر بۆلەكنىڭ ئانا تېمىسى.

قەسەس سۈرىسى مۇقاتتائا ھەرپلىرى بىلەن باشلانغان سۈرىلەردىن بىرى. سۈرىدە مۇسا قىسسەسى ئاساسى ئورۇندا تۇرىدۇ ( 3 - 46 ). بۇ قىسسە ئارقىلىق « ئىمانلىق بىر جامائەت شەكىللەندۇرۇش » مەقسەت قىلىنغان بولۇپ، قىسسە باشلىنىشتىلا تەكىتلىنىدۇ ( 3 ).

قۇرئاننىڭ بىر قانچە سۈرىسىدە ھەزرىتى مۇسانىڭ قىسسەسى بايان قىلىنغان. لېكىن، ھەر قىسسەدە تەكىتلەنگەن مەقسەت ئوخشاشمايدۇ. قۇرئاندا بىر قىسسەنىڭ مەنا نۇقتىسىدىن بىرمۇ - بىر تەكرارلانغان شەكلى يوق دېيەلەيمىز بولىدۇ. بۇ قىسسەدىكى ھەزرىتى مۇسا قىسسەسى ۋەقەلەرنى ئەڭ باشتىن، يەنى پىرئەۋننىڭ مىسىردا دۆلەت تېرورى ئېلىپ بېرىشقا باشلىغان تارىخىدىن باشلايدۇ:

إِنَّ فِرْعَوْنَ عَلَا فِي الْأَرْضِ وَجَعَلَ أَهْلَهَا شِيَعًا يَسْتَضْعِفُ طَائِفَةً مِنْهُمْ يُذَبِّحُ أَبْنَاءَهُمْ وَيَسْتَحْيِي نِسَاءَهُمْ إِنَّهُ كَانَ مِنَ الْمُفْسِدِينَ

« شۈبھىسىزكى، پىرئەۋن ( مىسىر ) زېمىنىدا ( زومىگەرلىكتە ) ھەددىدىن ئاشتى، ئاھالىسىنى بۆلەكلەرگە بۆلۈپ، ئۇلاردىن بىر تائىپەنى ئاجىز ۋە كۈچسىز قىلماقچى بولدى. ( بۇ سەۋەبتىن ) ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرىنى ئۆلتۈرۈپ، قىزلىرىنى ( خىزمەتكە سېلىش ئۈچۈن ) تىرىك قالدۇردى، پىرئەۋن ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلاردىن ئىدى » ( 4 ).

قىسسەنىڭ كۆرۈنگەن باش قەھرىمانلىرى مۇسا ۋە پىرئەۋن بولۇپ، كۆرۈنمىگەن ۋە زامانلار ئۈستى قەھرىمانلىرى مەزلۇملار بىلەن زالىملاردۇر. ئاللاھ نىڭ ھەر چاغدىكى مۇرادى ناھايىتى ئېنىق: « مەزلۇملارنى مەزلۇم ھالىتىدىن قۇتقۇلدۇرۇش ».

وَنُرِيدُ أَنْ نَمُنَّ عَلَى الَّذِينَ اسْتُضْعِفُوا فِي الْأَرْضِ وَنَجْعَلَهُمْ أَئِمَّةً وَنَجْعَلَهُمُ الْوَارِثِينَ

« بىز ( مىسىر ) زېمىنىدا بوزەك قىلىنغان / زۇلۇمغا ئۇچرىغانلارغا مەرھەمەت قىلىشنى ئىرادە قىلىمىز، ئۇلارنى يولباشچىلاردىن قىلىشنى، ئۇلارنى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ ( مۈلكىگە / دۆلىتىگە ) ۋارىس قىلىشنى ئىرادە قىلىمىز » ( 5 ).

قۇرئان قىسسەلىرى، « ۋەقەنامە » ياكى « تارىخ ئەينىكى » ئەمەس. بۇ سەۋەبتىن قۇرئان قىسسەلىرىدىن بەلگىلىك بىر تارىخى ۋەقەنى ئەكس ئەتتۈرۈشنى خىيال قىلىش ھاماقەتلىك بولىدۇ. قۇرئاننىڭ كۆزى دائىما خىتاب قىلىنغۇچىغا بېرىدىغان نەسىھەت، كۆرسىتىدىغان يول، يۈزلەندۈرىدىغان يۆنىلىشتە بولۇپ، قۇرئان بۇ نۇقتىلارغا دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرىدۇ ۋە خىتاب قىلىنغۇچىغا دېمەكچى بولغان ھەقىقەتكە ئەھمىيەت بېرىدۇ. بۇ ھەقىقەتنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ھەر پۇرسەتنى چىڭ تۇتىدۇ. قۇرئاننىڭ پەقەت بىرلا دەردى بار، يەنى ئىنسان ئۆز - ئۆزىگە زۇلۇم قىلمىسۇن، ئەبەدىي سائادىتىنى ئۆز قولى بىلەن يوق قىلمىسۇن، يارىتىلىش مەقسىتىگە مۇۋاپىق ھەرىكەت قىلسۇن. بۇ سۈرىدىمۇ بۇ پرىنسىپ ئۆزگەرمەيدۇ.

سۈرىدە مۇسانىڭ بوۋاقلىق دەۋرىدىن قىسقىچە بايانلار بېرىلىدۇ ( 7 - 13 ). بۇ بايانلار ئارقىلىق ئاللاھ خالىسا مۇسانى پىرئەۋننىڭ قۇچىقىدا چوڭ قىلىدۇ، دېيىلمەكتە. دەرۋەقە شۇنداق بولغاندى. مۇسا، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن تۇغۇلغان بارلىق يېڭى بوۋاقلارنى ئۆلتۈرگەدەك دەرىجىدە كۆزى قان بىلەن تولغان پىرئەۋننىڭ قۇچىقىدا چوڭ بولغاندى. رەسۇلۇللاھنىڭ « ئاللاھ خالىسا دىنىغا بىر كاپىرنىڭ قولى بىلەنمۇ ياردەم قىلىدۇ » دېگەن سۆزى تارىخنىڭ بۇ تىلىمدا پەرىقلىق شەكىلدە ۋۇجۇدقا چىققانىدى.

قىسسە مۇسانىڭ بوۋاقلىقى ھەققىدە توختۇلۇپ، بىردىنلا يىگىتلىك دەۋرىگە ئۆتىدۇ. بۇ ئارىلىقتا مۇسا سارايدا شاھزادە سۈپىتىدە چوڭ بولغان، ناھايىتى ياخشى ئىلىم تەھسىل كۆرگەن، ياخشى تەربىيىچىلەر قولىدا چوڭ بولغان بولۇپ، سەرخىل ئۇستازلاردىن دەرس ئالغانىدى. نەتىجىدە پىرئەۋن قوشۇنىدا ھەر خىل ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ،

ھەبەشستان يۇرۇشگە قوماندانلىق قىلىپ زەپەر قازانغان. قۇرئان بۇ تارىخى مەلۇماتلار ئۈستىدە توختالمايدۇ. سۆزنى ئۇدۇل مۇسا سەۋەبچى بولغان بىر ۋەقەگە ئېلىپ كېلىدۇ:

مۇسا شەھەر ئاھالىسىدىن ھېچ كىشىنى كۆرگىلى بولمايدىغان بىر ۋاقىتتا (يەنى چۈشلۈك ئۇيقۇدىكى چاغدا) شەھەرگە كىردى. ئۇ شەھەردە ئىككى كىشىنىڭ ئۇرۇشۇۋاتقانلىقىنى كۆردى. (ئۇرۇشۇۋاتقانلاردىن) بىرى ئۆز قەۋمىدىن بولسا، يەنە بىرى ئۇنىڭ دۈشمىنى ئىدى. ئۆز قەۋمىدىن بولغان ئادەم دۈشمىنىگە قارشى ئۇنىڭدىن ياردەم تىلىدى. مۇسا ئۇنى مۇشت بىلەن بىرنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويدى. مۇسا ئېيتتى: « بۇ شەيتاننىڭ ئىشىدۇر، شۈبھىسىزكى، شەيتان ئازدۇرغۇچى ئاشكارا دۈشمەندۇر » ( 15 ).

ھەزرىتى مۇسا ئىلاھىي نازارەت ئاستىدا بولۇپ، مەلۇم بولغان نەرسە شۇكى، ئۇ ۋەقە ئۆزى خالىماستىن بولغانىدى. چۈنكى، ئايەت مۇساغا : « بۇ شەيتاننىڭ ئىشىدۇر » دېگۈزگەنىدى.

بۇ نۇقتىدا بىر ئاز توختىلايلى. نېمە ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشى؟ ھالبۇكى، مۇشتنى شەيتان ئاتمىغانىدى. مىسىرلىق كىشىنى شەيتان ئۆلتۈرمىگەنىدى. ئايەتنىڭ داۋامىدا مۇسا مۇنداق دەيدۇ : « رەببىم! مەن ھەقىقەتەن ئۆزەمگە زۇلۇم قىلدىم! » دەپ خاتالىقىنى ئېتىراپ قىلغان ۋە « مېنى مەغپىرەت قىلغىن » دەپ تەۋبە قىلغانىدى. ئەگەر بۇ شەيتاننىڭ ئىشى بولغان بولسا، مۇسا نېمە ئۈچۈن مەغپىرەت تىلەيدۇ؟ تەۋبە قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى.

قۇرئان ۋەھيى ئىنساندا بەرپا قىلماقچى بولغان مىسلىسىز چۈشەنچە مانا بۇ نۇقتىدا ئۆزىنى نامايەن قىلىدۇ. بۇ بايانلار ئارقىلىق گۇناھكارنىڭ ئۆزىنى سادىر قىلغان گۇناھىنىڭ بىر پارچىسى ھالىغا كەلتۈرۈۋالماسلىقى، گۇناھنى ئۆزىگە ئېلىۋالماسلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. ئەگەر گۇناھكار سادىر قىلغان گۇناھنىڭ بىر پارچىسىغا ئايلىنىپ، گۇناھنى ئۆزىنىڭ پارچىسى دەپ قارىۋالسا، قانداق قىلىپ تەۋبە قىلىدۇ؟ ئۇ گۇناھتىن قانداق قۇتۇلىدۇ؟ بۇ ئەھۋالدا گۇناھنى تاشلاش ئىنسانغا خۇددى ئۆزىنىڭ جىسمىدىن بىر پارچىنى ئېلىپ تاشلىۋەتكەندەك تۇيغۇ شەكىللەندۈرىدىغانلىقى ئۈچۈن، تەۋبە قىلىپ گۇناھتىن پاكلىنىشنىڭ ئورنىغا ئۆزىنى ئاقلاشقا باشلايدۇ ۋە پاتقاققا تېخىمۇ پاتىدۇ. مانا بۇ، « بۇ شەيتاننىڭ ئىشىدۇر » ئىپادىسى بىلەن ۋەھيى بەرپا قىلماقچى بولغان ئاڭدۇر. ۋەھيى گۇناھنى قۇتۇلۇش كېرەك بولغان بىر يۈك، يۈيۈپ تاشلىنىشى زۆرۈر بولغان بىر كىر دەپ كۆرسىتىش ئارقىلىق گۇناھكارلارغا ئەڭ چوڭ ھەدىيەنى بەرمەكتە.

« رەببىم! بۇنىڭدىن كېيىن گۇناھكارلارغا ۋە زۇلۇم قىلغۇچىلارغا ھەرگىزمۇ ياردەم قىلمايمەن » ( 17 ).

دېمەك، مۇسانىڭ ئەسلى گۇناھى گۇناھكار ۋە ھەقسىزلىق قىلغان بىرسىگە ياردەم قىلىمەن دەپ بىگۇناھ بىرسىنى ئۆلتۈرۈپ قويۇش ئىدى. تاسادىبىي سادىر بولغان بۇ جىنايەت نەتىجە بولۇپ، سەۋەب گۇناھكارغا ياردەم قىلىش ئىدى. نېمە ئۈچۈن؟ سەۋەبى « بىزدىن ( بىزنىڭ قەۋمدىن ) »، يەنى ئەسەبىيەت ( تەرەپبازلىق ) ئىدى... بۇ ۋەقە ئارقىلىق بارلىق ئەسەبىيەت / تەرەپبازلىق ( خاتا بولغان تەقدىردىمۇ مىللىتى، يېقىنى تەرەپتە تۇرۇش )نىڭ جىنايەت بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكى ئىما قىلىنغان. تەبىئىيكى، بۇ ئارقىلىق تارىخىي يەھۇدىي قەۋمىيەتچىلىكىمۇ تىلغا ئېلىنغان. بەلكىم بۇ ئارقىلىق مەككىدە بۇنىڭغا ئوخشاش بىر ۋەقەلەردە رەسۇلۇللاھنىڭ قانداق پوزىتسىيىدە بولۇشى ھەققىدە تەلىمات بېرىلگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن.

ئۇنىڭدىن كېيىنكى بۆلۈمدە پىرئەۋننىڭ قامچىسى مۇسانىڭ ھاسىسىغا يېڭىلگەنلىكى بايان قىلىنغان بولۇپ، تارىخ يەنە بىر قېتىم ھەر پىرئەۋننىڭ بىر مۇساسى بولىدىغانلىقىغا شاھىت بولغانىدى.

قىسسە بويىچە ئېچكى دۇنيادىكى توقۇنۇشلار، ئەندىشە ۋە غەم - قايغۇلار، ھەيرانلىق تۇيغۇسى ۋە خاتالىقلىرى بىلەن ھەزرىتى مۇسانىڭ « بەشەرى » تەرىپى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. چۈنكى، بۇ قىسسەدىن كېيىن كەلگەن ۋە رەسۇلۇللاھقا خىتاب قىلىنغان « شۈبھىسىزكى، سەن خالىغان ئادىمىڭنى ھىدايەت قىلالمايسەن، لېكىن ئاللاھ توغرا يولغا يېتەكلىنىشنى خالىغۇچىنى ھىدايەت قىلىشنى خالايدۇ » ( 56 ) ئايىتىمۇ بۇ قىسسە ئارقىلىق دېمەكچى بولغان مەقسەتنى تاماملىغۇچى خاراكېتىرگە ئىگە. بۇ ئايەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇزۇن بىر بۆلەك ( 47 - 75 ) پەيغەمبەرلەرنىڭ بەشەرى تەبىئىيتى ۋە ۋەھيىنىڭ ئىلاھى مەنبەسىگە كىشىنىڭ دىققىتىنى

ئاغدۇرىدۇ. بۇ بۆلەكتە، ئىنكارچى قەۋملەرنىڭ ئاقىۋەتلىرى ئەسلىتىلىپ، بىر قەۋمنى ئىمىنىڭ ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدىغانلىقنى ئېنىق بىر ئىپادە بىلەن ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

وَمَا كُنَّا مُهْلِكِي الْقُرَى إِلَّا وَأَهْلُهَا ظَالِمُونَ

« بىز ھېچقانداق بىر مەملىكەتنى ئاھالىسى ( بىر - بىرىگە ) زالىم بولمىغىچە ھالاك قىلغۇچى بولمىدۇق » ( 59 ).

ئاندىن سۆز ھېساپ كۈنىدىكى مەھكىمىگە كەلتۈرۈلىدۇ. ھەر كىشىنىڭ ئاخىرەت ۋە ئاقىۋىتىنى، بۇ ھاياتتا قىلغان قىلمىشلىرى بىلەن شەكىللەندۈرىدىغانلىقى يەنە بىر قېتىم تەكىتلىنىدۇ. بۇ سۈرىدىكى مۇسا - پىرئەۋن قىسسەسىدە باشقا سۈرىلەردىكى مۇسا - پىرئەۋن قىسسەسىدىن پەرقلىق ھالدا قارۇن ئوبرازى گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولۇپ، قارۇن ئىقتىسادىي كۈچنى، پىرئەۋن سىياسىي كۈچنى ۋە ھامان بيۇروكرات كۈچنى تەمسىل قىلغان. پىرئەۋن تۈزۈمىنىڭ بىر پارچىسى بولغان قارۇن قۇرئاننىڭ شاھىتلىقى بىلەن مەلۇم بولغىنىدەك پىرئەۋن قەمىدىن ئەمەس، مۇسا قەۋمىدىن ئىدى ( 76 ). ھەتتا بەنى ئىسرائىل مەنبەلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە ھەزرىتى مۇسانىڭ تۇققىنى ئىدى. ئۇ شۇنداق بىر باي بولۇپ، ئۇنىڭ غەزىنىلىرىنىڭ ئاچقۇچلىرىنى كۆتۈرۈش بىر جامائەگىمۇ ھەققەتەن ئېغىرلىق قىلاتتى ( 76 ). ئۇنى قارۇن قىلغان مال - مۈلكى ئەمەس، مال - مۈلۈككە بولغان چۈشەنچىسى ئىدى. چۈنكى ئۇ ئۆزىگە ئېمتىھان قىلىپ بېرىلگەن مال - مۈلۈكنىڭ ئامانەت ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇغان ۋە ئۇنى ئۆزىگە تەئەللۇق مۈلكىيەت دەپ قارىغانىدى. قارۇن تۆۋەندىكى سۆزلىرى بىلەن دۇنياغا بېرىلىپ كەتكەنلەرنىڭ ۋەكىللىك ئوبرازى ئىدى:

قَالَ إِنَّمَا أُوتِيتُهُ عَلَى عِلْمٍ عِنْدِي أَوَلَمْ يَعْلَمْ أَنَّ اللَّهَ قَدْ أَهْلَكَ مِنْ قَبْلِهِ مِنَ الْقُرُونِ مَنْ هُوَ أَشَدُّ مِنْهُ قُوَّةً وَأَكْثَرُ جَمْعًا وَلَا يُسْأَلُ عَنْ ذُنُوبِهِمُ الْمُجْرِمُونَ

قارۇن: « شۇنى ئوبدان بىلىپ قېلىڭلاركى، بۇ مال - دۇنيانى مەن ئۆزەمنىڭ بىلىمىم ۋە قابىلىيىتىم بىلەن قولغا كەلتۈردۈم » دېدى. قارۇن ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەردىن ئۇنىڭغا قارىغاندا تېخىمۇ كۈچلۈك، توپلىغان ( مېلى ) تېخىمۇ كۆپ بولغان كىشىلەرنى ئاللاھ نىڭ قانداق ھالاك قىلغانلىقىنى بىلمىدىمۇ؟ گۇناھنى ئۆزىگە ئادەت قىلىۋالغانلارنىڭ گۇناھلىرىنىڭ سورىلىشى ھاجەتسىزدۇر ( 78 ).

مەن... مەن ... مەن ...

بۇ « مەن » چۈشەنچىسىدە « مەن » ئىدراكى يوق. ئۇنىڭدا « شەخسىيەتچىلىك » بار. ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، ئوتتۇرىدا ئاللاھ نى ئۇنتۇغان بىر « مەن » بار. ئاللاھ نى ئۇنتۇشنىڭ جازاسى ئاللاھ تەرىپىدىن تەرك ئېتىلىش بولۇپ، ئاللاھ بىرسىنى تەرك ئەتسە، ئۇنى يەرگە يۇتقۇزىۋېتىشتىن ھېچكىم توسۇپ قالالمايدۇ:

فَخَسَفْنَا بِهِ وَبِدَارِهِ الْأَرْضَ فَمَا كَانَ لَهُ مِنْ فِئَةٍ يَنْصُرُونَهُ مِنْ دُونِ اللَّهِ وَمَا كَانَ مِنَ الْمُنْتَصِرِينَ

« قارۇننى ئۇنىڭ ئۆيى بىلەن قوشۇپ يەرگە يۇتقۇزدۇق، ئۇنىڭدىن ئاللاھ نىڭ ئازابىنى دەپئى قىلىدىغان بىر جامائە بولمىدى. قارۇن ئۆزىنى قوغدىيالمىدى، ئۇ ياردەمگە لايىق بولغۇچىلاردىن ئەمەس ئىدى » ( 81 ).

رەسۇلۇللاھ ئۆزىگە ۋەھيي كېلىشتىن بۇرۇن ئۆزىگە ۋەھيي بېرىلگەن پەيغەمبەرلەردىن بىرى بولۇشنى دىلىدىن ئۆتكۈزۈپ باققان ياكى ئۈمىد قىلىپ باققان بولغىيمىدى؟

بۇ سوئالغا قۇرئان مۇنداق جاۋاب بەرمەكتە:

وَمَا كُنْتَ تَرْجُو أَنْ يُلْقَى إِلَيْكَ الْكِتَابُ إِلَّا رَحْمَةً مِنْ رَبِّكَ فَلَا تَكُونَنَّ ظَهِيرًا لِلْكَافِرِينَ

« سەن ( ئى بۇ ۋەھيي خىتاب قىلىنغۇچى )، سەن بۇ ئىلاھىي ۋەھيي ( قۇرئان )نىڭ ساڭا نازىل قىلىنىشىنى ئۈمىد قىلمىغانىدىڭ، پەقەت رەببىڭ ساڭا رەھمەت قىلىپ ( ساڭا ئۇنى نازىل قىلدى )، كاپىرلارغا ياردەمچى بولمىغىن » ( 86 ).

سۈرە بارلىق ۋەھىيلەرنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ھەقىقىتى بولغان تەۋھىد ئەقىدىسىنى ئىما قىلغان ھالدا ئاخىرلىشىدۇ:

لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ كُلُّ شَيْءٍ هَالِكٌ إِلَّا وَجْهَهُ

« ئاللاھ تىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ نىڭ زاتىدىن باشقا بارلىق نەرسىلەر يوقىلىدۇ » ( 88 ).

قوشۇمچە:

ھەزرىتى مۇسانىڭ سەھۋەنلىك بىلەن جىنايەت ئۆتكۈزۈشىگە سەۋەب بولغان قولى، ئاللاھ نىڭ نۇبۇۋۋەت ئالامىتى سۈپىتىدە بەخش ئەتكەن ئىككى مۆجىزىدىن بىرى بولغان يەدى بەيزا ( نۇرلۇق قول ) نىڭ دەل ئۆزى ئىدى. بۇ ئارقىلىق قولىڭىز گۇناھ سەۋەبلىك كىرلىنىشى مۇمكىن، لېكىن چىن دىلىڭىزدىن تەۋبە قىلسىڭىز، كىرلەنگەن قولىڭىزنى يۇغان بولىسىز. سىز قولىڭىزنى پاكلىسىڭىز، ئاللاھ بەخش ئەتكەن پاكلىق بىلەن نۇر ئۈستىگە نۇر بولىدۇ. مانا بۇ ۋاقىتتا ئۇ قولىڭىز « نۇرلۇق قول - يەدى بەيزا » بولىدۇ، دېمەكتە.

ھەزرىتى مۇسانىڭ سەھۋەنلىك بىلەن ئۆتكۈزگەن جىنايىتى، ئۆز ئالدىغا تۇرغاندا يامانلىق بولغان بولسا، بىر پۈتۈن گەۋدە ئىچىدە تۇرۇپ قارىغان ۋاقىتتا خەيىر ئىدى. يەنى:

1. شاھزادە مۇسانىڭ ئاللاھ نىڭ ئەلچىسى مۇسا بولۇشى ئۈچۈن پىرئەۋن سارىيىدىن قۇتۇلۇشى كېرەك ئىدى. خۇددى بىرسىنى زىنداندىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق زۆرۈر بولغاندەك، سارايدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈنمۇ بىر تىرىشچانلىق، سەۋەب قىلىش لازىم. مانا بۇ ۋەقە مۇشۇنداق بىر خەيرلىك ئىشقا ۋەسىلە بولدى.

2. مۇسا ئاللاھ نىڭ ئېمتىھانىدا ئۆزىنى دەڭسەپ باقتى. قولىنى بۇ ۋەقە بىلەن كىرلەتتى، لېكىن بۇ خاتالىق ئۇنى رەببىگە يۈزلەندۈردى. خاتاسى ئۈچۈن ئىستىغفار ئېيتىپ، رەببىگە يۈزلەندى، بويۇن ئېگىپ ئاللاھ قا سېغىندى. چۈنكى، ئۇنىڭغا سارايىنىڭ ئىشكى ئاللىقاچان ئېتىلگەنىدى.

3. مىسىر ھاكىمىيىتى ئالدىدا ئۇ بىر قاچقۇن جىنايەتچى ئىدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ مىللىي كىملىكىمۇ ئاشكارىلىنىپ قالغان بولۇپ، مىسىردا تۇرالمايتتى. بۇ دىيارنى تەرك ئېتىشى كېرەك ئىدى. لېكىن بارىدىغان ھېچقانداق يېرى يوق ئىدى. ئۇ قەيەرگە كېتىۋاتقانلىقىنى بىلمەستىن ئىلاھىي قۇدرەت ئۇنى مۇئەللىمىگە قاراپ ئېلىپ كېتىۋاتاتتى. بۇ ۋەقە ئۇنىڭ ھەزرىتى شۇئەيبنىڭ قولى ئاستىدا ئون يىل تەلىم ئېلىشىغا ۋەسىلە بولدى.

بۇ ھەزرىتى مۇسانىڭ « كۆچۈم قالمىدى » دېگەن ۋاقتى ئىدى. ھەر پەيغەمبەرنىڭ بىر « كۆچۈم قالمىدى! قۇربىتىم يەتمىدى! » دېگەن بىر ۋاقتى بار ئىدى. ھەر پەيغەمبەرگە ئۇلارنى تاللىغان رەببى « كۆچۈم قالمىدى! قۇربىتىم يەتمىدى! » دېگۈزگەنىدى. رەسۇلۇللاھنىڭ « كۆچۈم قالمىدى » نۇقتىسى تائىفتىن قايتقان ۋاقتى ئىدى. ھەزرىتى مۇسانىڭ « كۆچۈم قالمىدى! قۇربىتىم يەتمىدى! » نۇقتىسى مەدەيەن رايونى دائىرىسىگە كىرگەن كۈنى ئىدى. مانا ئۇ كۈن ئۇنىڭ ھېرىپ - ئېچىپ ماجالى قالمىغانىدى. بارىدىغان يېرى يوق، بېشىنى تىققۇدەك كەپىسى يوق ئىدى. قىزلار قويلىرىنى سۇغىرىدىغان بىر قۇدۇق بېشىدا ئۈمىدسىز، پەرىشان ھالدا سايىداپ غەمگە پېتىپ ئولتۇرۇپ مۇنداق دېگەنىدى: « رەببىم! ماڭا بەخش ئېتىدىغان خەيرىڭدىن نېمىنى بەرسەڭ، مەن ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا مۇھتاج » ( 24 ).

# ئىسرا سۈرىسى

سۈرە بىرىنچى ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان « كېچە سەپىرى » دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان « ئىسرا » كەلىمىسى بىلەن ئاتالغان. بۇ ئىسمى كېلەچەكتە ئەمەلىيلىشىدىغان ھىجرەتنى ۋە ئېچكى ھىجرەت بولغان ئىسرانى ئىما قىلغان. سۈرىنىڭ ئىسرا ئىسمى كېيىنكى مەزگىلدە ئومۇملاشقان بولسا كېرەك. چۈنكى فىرۇزئابادى « ئەل بەسائىر » ناملىق ئەسىرىدە مەزكۇر سۈرىنىڭ « سۇبھان » ۋە « ئىسرائىل » دىن ئىبارەت ئىككى ئىسمى بارلىقىنى قەيت

قىلغان بولۇپ، « ئىسرا » ئىسمىنى تىلغا ئالمىغان.

سۈرە بەنى ئىسرائىل ئۈستىدە توختالغانلىقى ئۈچۈن « بەنى ئىسرائىل سۈرىسى » دەپمۇ ئاتالغان. لېكىن، قۇرئاندا بەنى ئىسرائىل ھەققىدە ئەڭ كۆپ توختالغان سۈرە بەقەرە سۈرىسىدۇر. ئەگەر بۇ ئۆلچەمگە ئاساسەن ئىسىم قويۇلىدىغان بولسا، بەقەرە سۈرىسى بۇ ئىسىمغا، يەنى بەنى ئىسرائىل سۈرىسى دەپ ئاتىلىشقا ھەممىدىن بەك لايىق.

« بەسائىر » نىڭ مۇئەللىپى تىلغا ئالغان سۇبھان ئىسمى سۈرىنىڭ بىرىنچى كەلىمىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، سۈرە بۇ كەلىمە بىلەن ئاتالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

سۈرە مەككىدە نازىل بولغان بولۇپ، قۇرەيش بايقۇتىدىن كېيىن نازىل بولغان. نەبىلەرنىڭ قىسسەلىرى بايان قىلىنغان سۈرىلەر ئارىسىغا تىزىشقا بولىدۇ. سۈرىدە بايان قىلىنغان يەھۇدىيلارغا مۇناسىۋەتلىك باياناتلار بۇ مەزگىلدە نازىل بولغان ئەنئام، ئەئراف، جىن، نەمل، شۇئەرا سۈرىلىرىنى ئەسلىتىدۇ. زۇھرى ( ۋاپات، 742 / 124 ) ئىسرا ۋەقەسىنى رىسالەتنىڭ 5 - يىلىدا بولغان دەيدۇ ( نەۋەۋى، شەرھە، 2، 209 ). قۇرتۇبىمۇ بۇ قاراشنى توغرا دەيدۇ. 60 - ئايەت سافقات سۈرىسى 62 - ئايەتنى ئىما قىلغان بولۇپ، بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، سۈرىنىڭ سافقات سۈرىسىدىن كېيىن نازىل بولغانلىقى ئېنىق. بۇ سۈرە دەسلەپكى مەزگىلدىكى تەرتىپلەردە قەسەس - يۇنۇس سۈرىلىرى ئارىسىغا تىزىلغان. بۇ رىسالەتنىڭ 10 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ. سۈرە ئىسرا ئايىتى بىلەن باشلانغان بولۇپ، بۇ ئايەت ھەم مەنا ھەم ئۇسلۇب نۇقتىسىدىن سۈرىنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسىدىن ئايرىم بىر بۆلەكنى تەشكىل قىلىدۇ. چۈنكى، سۈرىدىكى بارلىق ئايەتلەر « ا ( ئەلىف ) » بىلەن ئاخىرلاشقان، پەقەت بۇ ئايەت « ر ( را ) » بىلەن ئاخىرلاشقان. ئىسرا ۋەقەسى ۋە ئۇنىڭ ئانا بېكەتلىرىدىن بىرى بولغان « ئەل مەسجىدۇل ئەقسا » بىلەن بەنى ئىسرائىل ئارىسىدا مۇناسىۋەتنىڭ بارلىقى ئايەتنىڭ ئاخىرىدىن مەلۇم بولماقتا.

ئىسرا سۈرىسى مەشھۇر ئىسرا ئايىتى بىلەن باشلانغان. بۇ قۇرئاندا ئىسرا ھەققىتىنى بايان قىلغان بىردىنبىر ئايەت:

سُبْحَانَ الَّذِي أَسْرَى بِعَبْدِهِ لَيْلاً مِّنَ الْمَسْجِدِ الْحَرَامِ إِلَى الْمَسْجِدِ الأَقْصَى الَّذِي بَارَكْنَا حَوْلَهُ لِنُرِيَهُ مِنْ آيَاتِنَا إِنَّهُ هُوَ السَّمِيعُ البَصِيرُ

« ئاللاھ مەخلۇقلىرىغا ئوخشاپ قېلىشتىن پاكتۇر ( ھېچبىر مەخلۇق ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ )، ئۇ قۇدرىتىنىڭ دەلىللىرىنى كۆرستىش ئۈچۈن، بەندىسىنى بىر كېچىدە مەسجىدى ھەرەمدىن ئەتراپىنى بەرىكەتلىك قىلغان مەسجىدى ئەقساغا ئېلىپ كەلدى. ھەققەتەن ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر » ( 1 ).

ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققەتەن چوڭقۇر بولۇپ، بۇ ئامىل ئايەتنى مۇستەقىل ھالدا شەرھىيلەشكە ئىمكان بەرمەكتە. تەپسىر تارىخىمىز بۇنىڭ جانلىق شاھىتى. ئىسرادىن ئىبارەت بىر تەرىپى روھانى، بىر تەرىپى مالائىكىلىق، بىر تەرىپى غىيابى بولغان شاھىتلىقنى ئىمان بولماستىن چۈشەندۈرگىلى ۋە چۈشەنگىلى بولمايدۇ. بۇ « ئالاھىدە » ھادىسىنىڭ ھەر خىل شەرھىيلەرگە سەۋەب بولغانلىقىنى ئىسرا ۋە مىراج ھەققىدىكى رىۋايەتنىڭ مول‌لىقىدىنمۇ كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. ئاللاھ ئىسرا ئايىتى شەرھىيلەش نۇقتىسىدىن ئىشىكنى كەڭ ئېچىپ بېرىش بىلەن بىرگە بەلگىلىك رامكا سىزىپ بەرمەكتە. ئىسرا ئايىتى بۇ رامكا ئارقىلىق شەرھىيلىگۈچىگە مۇنداق بىر قانچە نۇقتىنى ئەسكەرتىپ « قانداق شەرھىيلىسەڭ شەرھىيلە، ئەمما بەلگىلەنگەن رامكىدىن ھالقىپ كەتمە » دېمەكتە. مەزكۇر ئايەتنى چۈشىنىش ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتقان ھەر مۇئمىن ئۈچۈن بەلگىلەنگەن رامكا تۆۋەندىكىچە:

1. سۇبھان. ئىسىمغا ئايلىنىپ كەتكەن بىر پېئىل بولغان بۇ كەلىمە « تەسەۋۋۇردىن ھالقىغاننى شۇ شەكىلدە بىلىش، ئۇلۇغ بولغاننىڭ ئۇلۇغلىقىنى تەقدىرلەش » مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئارقىلىق خىتاب قىلىنغۇچىغا « ئى مۇئمىن! بۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان ئوخشىتىشنى ھەر خىل مەنىدە چۈشەنسەڭ بولىدۇ. لېكىن بۇ ھەرگىزمۇ ئاللاھ نىڭ مۇتلەق ۋە ھېچقانداق بىر مەخلۇققا ئوخشىمايدىغان ھەققىتىگە دەخلى يەتكۈزىدىغان بىر مەنا بولماسلىقى كېرەك » دېمەكتە.

2. « لى نۇرىيەھۇ مىن ئايەتىنا - ئۇنىڭغا ئايەتلىرىمىزنىڭ بىر قىسمىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ... » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان بۇ ئىبارە ئارقىلىق بىر تەرەپتىن ئىسرا ۋەقەسىدە ئاللاھ رەسۇلۇللاھقا ئايەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئەمەس، بىر قىسمىنى كۆرسەتكەنلىكى؛ يەنە بىر تەرەپتىن رەسۇلۇللاھ ئاللاھ نىڭ ئۆزىنى ئەمەس، ئايەتلىرىدىن بىر قىسمىنى كۆرگەنلىكى بايان قىلىنغان.

3. « ئىننەھۇ ھۇۋەس سەمىئۇل بەسىر - ھەقىقەتەن ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر » ، يەنى ئايەتنىڭ ئاخىرى بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ھەر نەرسىنى ئاڭلاپ، كۆرۈپ تۇرۇشنىڭ پەقەت ئاللاھ قىلا خاس ئىكەنلىكى، ئاللاھ تىن غەيرىنىڭ بۇنداق قىلالمايدىغانلىقى بايان قىلىنغان. ھەتتا پەيغەمبەر بولغان تەقدىردىمۇ شۇنداق ئىكەنلىكى بىلدۈرۈلگەن. بۇ ئارقىلىق رەسۇلۇللاھنى ھەر نەرسىنى ئاڭلاپ ۋە كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى داۋا قىلىپ ئۇنىڭغا تۆھمەت قىلماڭلار. بۇنداق بولغاندا ئاللاھ بەلگىلىگەن چەكتىن ئاشقان بولىسىلەر دېمەكتە.

ئىسرا ئايىتىدىن كېيىنلا تېما بەنى ئىسرائىلغا يۆتكەلگەن بولۇپ، بۇ قىسسەدە بايان قىلىنغان بەنى ئىسرائىل پىرئەۋن زۇلۇمى ئاستىدا ئىڭرىغان، ھەزرىتى مۇسانىڭ ئارقىسىدىن دېڭىزغا قاراپ ماڭغان، ئاسماندىن چۈشكەن نېمەتكە رازى بولماي چۆلدە 40 يىل چۆرگىلەپ يۈرگەن بەنى ئىسرائىل ئەمەس. بۇ قىسسەدىكى بەنى ئىسرائىل زالىم، بۇزغۇنچىلىق چىقىرىپ، ئەتراپىغا ئۇرۇش ئوتىنى تۇتاشتۇرغان بەنى ئىسرائىلدۇر. يەنى « يەھۇدىيلەشكەن » بەنى ئىسرائىلدۇر:

وَقَضَيْنَا إِلَى بَنِي إِسْرائِيلَ فِي الْكِتَابِ لَتُفْسِدُنَّ فِي الْأَرْضِ مَرَّتَيْنِ وَلَتَعْلُنَّ عُلُوًّا كَبِيرًا (4) فَإِذَا جَاءَ وَعْدُ أُولَاهُمَا بَعَثْنَا عَلَيْكُمْ عِبَادًا لَنَا أُولِي بَأْسٍ شَدِيدٍ فَجَاسُوا خِلَالَ الدِّيَارِ وَكَانَ وَعْدًا مَفْعُولًا (5) ثُمَّ رَدَدْنَا لَكُمُ الْكَرَّةَ عَلَيْهِمْ وَأَمْدَدْنَاكُمْ بِأَمْوَالٍ وَبَنِينَ وَجَعَلْنَاكُمْ أَكْثَرَ نَفِيرًا (6) إِنْ أَحْسَنْتُمْ أَحْسَنْتُمْ لِأَنْفُسِكُمْ وَإِنْ أَسَأْتُمْ فَلَهَا فَإِذَا جَاءَ وَعْدُ الْآخِرَةِ لِيَسُوءُوا وُجُوهَكُمْ وَلِيَدْخُلُوا الْمَسْجِدَ كَمَا دَخَلُوهُ أَوَّلَ مَرَّةٍ وَلِيُتَبِّرُوا مَا عَلَوْا تَتْبِيرًا (7) عَسَى رَبُّكُمْ أَنْ يَرْحَمَكُمْ وَإِنْ عُدْتُمْ عُدْنَا وَجَعَلْنَا جَهَنَّمَ لِلْكَافِرِينَ حَصِيرًا (8)

« ئىسرائىل ئەۋلادىغا كىتابتا ( يەنى تەۋراتتا ): «پەلەستىن زېمىنىدا چوقۇم ئىككى قېتىم بۇزغۇنچىلىق قىلىسىلەر ۋە زۇلۇم قىلىش بىلەن، ﷲ چەكلىگەن ئىشلارنى قىلىش بىلەن تولىمۇ ھەددىڭلاردىن ئېشىپ كېتىسىلەر» دەپ ۋەھيى قىلدۇق. بىرىنچى قېتىملىق بۇزغۇنچىلىقىڭلارنىڭ ( جازاسى ) ۋەدە قىلىنغان ۋاقىت كەلگەندە، ( سىلەرنى جازالاش ئۈچۈن ) سىلەرگە كۈچلۈك بەندىلىرىمىزنى ئەۋەتتۇق، ( ئۇلار سىلەرنى ئۆلتۈرۈش، بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش ئۈچۈن ) ئۆيلەرنى ئاختۇردى. ( سىلەرگە دۈشمەننى مۇسەللەت قىلىش ) چوقۇم ئىشقا ئاشىدىغان ۋەدە ئىدى ( بۇ مۇشۇنداق ھەددىدىن ئاشقۇچىلارنى جازالاش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن قانۇننىڭ تەجەللىسى ئىدى ). ئاندىن (يەنى تەۋبە قىلغىنىڭلاردىن) كېيىن سىلەرنىڭ ئۇلاردىن ئۇستۇنلىكىڭلارنى ئەسلىگە كەلتۈردۇق ( يەنى دۈشمىنىڭلارنى ھالاك قىلدۇق، سىلەرنى ئۇنىڭ ئۇستىدىن غالىب قىلدۇق )، سىلەرگە نۇرغۇن مال ۋە ئەۋلادلار ئاتا قىلدۇق، سانىڭلارنى كۆپ قىلدۇق. ( ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! ) ئەگەر ياخشىلىق قىلساڭلار، ياخشىلىقىڭلار ئۆزۈڭلار ئۈچۈندۇر، يامانلىق قىلساڭلارمۇ ئۆزۈڭلار ئۈچۈندۇر، ئىككىنچى قېتىملىق بۇزغۇنچىلىق ( جازاسىنىڭ ) ۋەدە قىلىنغان ۋاقتى كەلگەندە، (دۈشمەنلەرنىڭ خار قىلىشى بىلەن) يۈزۈڭلاردا قايغۇنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلۈشى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بەيتۇلمۇقەددەسكە دەسلەپكى قېتىمدا كىرگەندەك كىرىپ ( ئۇنى خاراب قىلىشى ) ئۈچۈن، ئىشغال قىلغانلىكى يەرنى ۋەيران قىلىشى ئۈچۈن (ئۇلارنى بىز ئەۋەتتۇق). ( ئەگەر تەۋبە قىلساڭلار ) پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ سىلەرگە رەھىم قىلىشى مۇھەققەق يېقىندۇر، ئەگەر سىلەر قايتساڭلار (يەنى قايتا بۇزغۇنچىلىق قىلساڭلار)، بىز قايتىمىز ( يەنى بىز سىلەرنى قايتا جازالايمىز ). جەھەننەمنى كاپىرلار / تۇزكورلار ئۈچۈن زىندان قىلدۇق » ( 4 - 8 ).

بۇ ئايەتتە يەھۇدىيلەشكەن بەنى ئىسرائىلنىڭ تارىخى ئەڭ ئىخچام شەكىلدە بايان قىلىنغان. مۆجىزىۋى بىر

بشارەت بولسا كېرەك، بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان تارىخ پەقەت ئاسۇر ئىشغالىيىتىنى، بابىل سۈرگۈنىنى ۋە مىلادىدىن كېيىنكى 70 - يىللىرىدا رىم ئىمپىراتورى تىتۇس دەۋرىدە يۈز بەرگەن ئىرقى قىرغىنچىلىقلارنىلا بايان قىلىپ قالماستىن، بۇ ئايەتلەر نازىل بولغان دەۋردىكى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئەسىرلەردە، ھەتتا مىڭ يىللاردا بەنى ئىسرائىلنىڭ تۇتقان پوزىتسىيىسى ۋە بۇ سەۋەبتىن بېشىغا نېمىلەرنىڭ كېلىدىغانلىقىنىڭ قىسقىچە بايانى ئىدى. بۇنى ياشاۋاتقان دەۋرىمىزگە بىر نەزەر تاشلىساق تېخىمۇ ياخشى بىلەلەيمىز.

بەنى ئىسرائىلنىڭ بۇ ئىبرەتلىك تارىخىدىن كېيىن، سۆز قۇرئانغا كەلتۈرۈپ مۇنداق دېيىلگەن:

إِنَّ هَذَا الْقُرْآنَ يَهْدِي لِلَّتِي هِيَ أَقْوَمُ وَيُبَشِّرُ الْمُؤْمِنِينَ الَّذِينَ يَعْمَلُونَ الصَّالِحَاتِ أَنَّ لَهُمْ أَجْرًا كَبِيرًا

« بۇ قۇرئان ھەقىقەتەن ئەڭ توغرا يولغا باشلايدۇ، ياخشى ئىشلارنى قىلىدىغان مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ چوڭ مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇ » ( 9 ).

قۇرئان ھىدايەتكە چاقىرماقتا، بۇنىڭدا قىلچىمۇ شۈبھە يوق. لېكىن، قۇرئاننىڭ ھىدايەت چاقىرىقى خىتاب قىلىنغۇچىدا بىر ئىرادىنىڭ بولۇشىنى تەقەززا قىلماقتا. چۈنكى، ئاللاھ « بىز ئىنساننىڭ تەقدىرىنى تىرىشچانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك قىلدۇق » ( 13 ) دېمەكتە. قىيامەت كۈنى ئاللاھ ھەر كىشىنىڭ ئالدىغا ئۆزىنىڭ نامە - ئەمال دەپتىرىنى قويىدۇ ۋە: « نامە - ئەمالىڭنى ئوقۇغىن! بۈگۈن ئۆزەڭگە ئۆزەڭ گۇۋاھ بولۇشۇڭ كۇپايە » ( 14 ) دەيدۇ. ئىنساننىڭ تەقدىرىنىڭ ئۇنىڭ تىرىشچانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك قىلىنىشى، بۇ ئايەتنىڭ ئالدىدىلا بايان قىلىنغان بەنى ئىسرائىل تارىخىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنى، ئۇلارنىڭ بېشىدىن ئۆتكەنلەرنىڭ « ئۇلارغا خاس تارىخ » ئەمەس ئىكەنلىكى، بۇنى بىر تەقدىر دەپ قاراشقا بولمايدىغانلىقى، بۇنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قىلمىشلىرى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان تەبىئي نەتىجە ئىكەنلىكى ئىپادىلەنگەن.

بۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن نۆۋەتتىكى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدىغان ئايەتتىمۇ بۇ ھەقىقەت تىلغا ئېلىنغان.

ئاندىن خىتاب بىردىنلا پۈتۈن ئىنسانىيەتكە قارىتىلىدۇ:

لَا تَجْعَلْ مَعَ اللَّهِ إِلَهًا آخَرَ فَتَقْعُدَ مَذْمُومًا مَخْذُولًا

« ( ئى ئىنسان! ) الله قا باشقا مەبۇدنى ( شېرىك ) قىلمىغىن، ( ئۇنداق قىلساڭ الله نىڭ دەرگاھىدا ) ئەيىبلەنگەن، ( الله نىڭ ياردىمىدىن ) مەھرۇم بولغان ھالدا ( دوزاختا ھەمىشە ) قالىسەن » ( 22 ).

قۇرئاندا ئاتا - ئانا ۋە ئەۋلاد مۇناسىۋىتى ھەققىدە نەسىھەتلەر ئۈچ جايدا تىلغا ئېلىنىدۇ:

ئىسرا سۈرىسى 23 - 24 - ئايەتلىرىدە.

لوقمان سۈرىسى 14 - 15 - ئايەتلىرىدە.

ئەنكەبۇت سۈرىسى 8 - ئايەت.

بۇ سۈرىدە ئورۇن ئالغان ئايەتلەر يېنىدا ياشىنىپ قالغان ئاتا - ئانىسى بولغان پەرزەنتنى ئۇلارغا « ئوھوي / ئۇف » دەپ سېلىشتىنمۇ توسىدۇ. بۇ ئايەتلەرنىڭ رېئال ھاياتتا ئەكس ئەتكەن نامايەندىسى بولغانلىقى ئېنىق. سەھىھ مەنبەلىرىمىزدە بۇ ھەقتە بىر مەلۇمات يوق. لېكىن، نازىل بولۇش مۇھىتىدا مۇشۇنداق بىر ۋەقەلەر بولغاندى. مۇھەممەدى دەۋەتنىڭ ئاتا - ئانا ۋە پەرزەنتلەرنى بىر - بىرىدىن ئايرىغانلىقى قىل سىغمايدىغان بىر ھەقىقەت. مەككىدە ئېتىقاد نۇقتىسىدىن پارچىلىنىپ كەتكەن نۇرغۇن ئائىلە بار بولۇپ، مەككىنىڭ ئاقسۆڭەكلەر ئائىلىسگە مەنسۇپ بولغان بىر قانچە يىگىت ئاتا - ئانىسىنىڭ توسۇشىغا قارىماستىن مۇسۇلمان بولغاندى. بەزى ئاتا - ئانىلار مۇسۇلمان بولغان ئوغۇللىرىنى قىين - قىستاققا ئېلىپ زۇلۇم قىلغان، بەزى ئانىلار ئۆلۈۋېلىش تەھدىدى بىلەن ئوغۇللىرىغا بېسىم قىلغاندى. مۇسئاب بىن ئۇمەير ۋە ساد بىن ئەبى ۋاققاسنىڭ ئائىلىسى بۇنىڭغا تىپىك مىسال بولالايدۇ. ئېتىقادى جەھەتتىكى پەرق سەۋەبىدىن ئوتتۇرىغا چىققان چىقىشالماسلىقلار تۈپەيلىدىن، بەزى مۆئمىنلەر ئاتا - ئانىسىغا بولغان ئىنسانىي مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلمىغانلىقتىن، مۇشۇنداق بىر تەلىماتنىڭ كېلىشى ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسىغا ئايلانغان بولسا كېرەك. بۇ مەسىلىدە ئىككىنچى قېتىمدا نازىل بولغان لوقمان سۈرىسى 14 - 15 - ئايەتلەردە، يۇقىرىدىكى ئايەتتە تىلغا ئېلىنمىغان بىر نۇقتا تەكىتلەنگەن. يەنى، ئاللاھ قا شېرىك كەلتۈرۈشكە پەرزەنتنى مەجبۇرلىغان ئاتا - ئانىلارغا بۇ ھەقتە بويسۇنماسلىققا بۇيرۇلغان. بۇ

ئەمر ئۈچىنچى قېتىمدا نازىل بولغان ئەنكە بۈت سۈرىسى 8 - ئايەتتىمۇ تەكرار قەيت قىلىنغان. بۇ تەكىتلەرنىڭ، ئىسرا سۈرىسىدىكى تەلىماتنى سۈيئىستىمال قىلغان ئاتا - ئانىلارغا قارىتىلغانلىقى ئېنىق. يەنى، ئىسرا سۈرىسىدىكى ئايەت پەرزەنتلەرنىڭ دىن ئايرىمىسنى باھانە قىلىپ، ئاتا - ئانىغا قارىتا ئىنسانى مەجبۇرىيىتنى ئادا قىلماسلىقنىڭ ئالدىنى ئالغان بولسا، لوقمان ۋە ئەنكە بۈت سۈرىلىرىدىكى ئايەتلەر قۇرئاننىڭ ئېھسان بىلەن مۇئامىلە قىلىش ئەمرىنى ئاتا - ئانىنىڭ سۈيئىستىمال قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالماقتا.

ئاتا - ئانىغا قارىتىلغان ئەخلاقى مەسئۇلىيەت بايان قىلىنغان ئايەتلەردىن كېيىن، بۇ قېتىم يوقسۇللارغا قارىتا ئادا قىلىش زۆرۈر بولغان ئەخلاقى مەسئۇلىيەتلەر تىلغا ئېلىنغان ئايەتلەر كەلگەن ( 26 ). مال - مۈلۈك ئىنسانغا بېرىلگەن ئامانەت بولۇپ، مۈلكىيەت ئەمەس. مال - مۈلۈكنى ئامانەت دەپ چۈشەنگەنلەر ئۇچۇن قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئىش، ئۇنىڭدىن تەڭ بەھرىمان بولۇشتۇر. بۇ نۇقتىدا قۇرئان ئوتتۇراھال بولۇشنى تەۋسىيە قىلىدۇ:

وَلَا تَجْعَلْ يَدَكَ مَغْلُولَةً إِلَى عُنُقِكَ وَلَا تَبْسُطْهَا كُلَّ الْبَسْطِ فَتَقْعُدَ مَلُومًا مَحْسُورًا

« قولۇڭنى بوينۇڭغا باغلىۋالمىغىن ( يەنى بېخىللىق قىلمىغىن )، قولۇڭنى تولىمۇ ئېچىپمۇ كەتمىگىن ( يەنى ئىسراپ قىلمىغىن )، ( ئۇنداق قىلساڭ مۇھتاجلىق ئىچىدە ) مالامەتكە، پۇشايمانغا قالىسەن » ( 29 ).

سۈرىدە، ئىنسان بىلەن ئاللاھ ۋە ئىنسان بىلەن ئىنسان ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەردە رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئەقىدىۋى ۋە ئەخلاقى پرىنسىپلار ئەسكەرتىلگەن. بولۇپمۇ 22 - 37 - ئايەتلەر ئارىسىدا تىلغا ئېلىنغان بەلگىلىمىلەر 101 - ئايەتتە ئېنىق مەلۇم بولغاندەك، شەنبە كۈنى چەكلىمىسىدىن باشقا تەۋراتتىكى ئون ئەمىردىن توققۇز ئەمرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى، ۋەھىيلەرنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى بولغان قۇرئاننىڭ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ۋەھىيلەرنىڭ روھىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىنىڭ تىپىك ئىپادىسىدۇر.

بۇ بۆلەكتە شۇنداق ئەخلاقى پرىنسىپلار ئورۇن ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆزىنىلا ھاياتقا تەدبىقلاش، ئىنساننى نۇرغۇن خاتادىن ساقلاپ قالىدۇ:

وَلَا تَقْفُ مَا لَيْسَ لَكَ بِهِ عِلْمٌ إِنَّ السَّمْعَ وَالْبَصَرَ وَالْفُؤَادَ كُلُّ أُولَئِكَ كَانَ عَنْهُ مَسْئُولًا

« بىلمەيدىغان نەرسەڭگە ئەگەشمە، (ئىنسان قىيامەت كۈنى) قۇلاق، كۆز، دىل (يەنى سەزگۈ ئەزالىرى) نىڭ قىلمىشلىرى ئۈستىدە ھەقىقەتەن سوئال ـ سوراق قىلىنىدۇ » ( 36 ).

ئاندىن سۈرە تەۋھىد بىلەن مۇناسىۋەتلىك تېمىغا يۆتكىلىدۇ. پەرىشتىلەرنى ئاللاھ نىڭ قىزلىرى دەپ قارايدىغان مۇشرىك ئەقلنى ئەيىپلەيدۇ ( 40 ). مەۋجۇدىيەتنىڭ تەسبىھىنى بايان قىلىدۇ ( 44 ) ۋە ئىنساننىڭ ئاللاھ قا قارشى گەدەنكەشلىكى ۋە تۇزكورلىقى تىلغا ئېلىنىپ، بۇنداق بىر ئەقلنىڭ ئاخىرەتنى ئىنكار قىلىشىنىڭ ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەسلىكى ئىما قىلىنىدۇ. سۈرىدە سۆزمۇ بۇ نۇقتىغا كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، « بىز توپىغا ۋە قۇرۇق سۆڭەككە ئايلىنىپ كەتكەندىن كېيىن، قايتىدىن تىرىلدۈرۈلەمدۇق؟ » دەپ تۇمشۇق ئۇچلاپ، قايتا تىرىلىشتىن ئىبارەت ھەقىقەتنى ئۆزىچە ئىنكار قىلغان ئەقىلگە شۇنداق بىر جاۋاب بېرىلگەن بولۇپ، كىشى ئاغزىنى ئېچىپ تۇرۇپ قالىدۇ:

قُلْ كُونُوا حِجَارَةً أَوْ حَدِيدًا (50) أَوْ خَلْقًا مِمَّا يَكْبُرُ فِي صُدُورِكُمْ فَسَيَقُولُونَ مَنْ يُعِيدُنَا قُلِ الَّذِي فَطَرَكُمْ أَوَّلَ مَرَّةٍ فَسَيُنْغِضُونَ إِلَيْكَ رُءُوسَهُمْ وَيَقُولُونَ مَتَى هُوَ قُلْ عَسَى أَنْ يَكُونَ قَرِيبًا (51)

سىلەر تاش ياكى تۆمۈر ياكى ھاياتلىقنى تەسەۋۋۇر قىلىش تېخىمۇ قىيىن بولغان بىر نەرسە بولۇپ كەتسەڭلارمۇ ( الله سىلەرنى تىرىلدۈرىدۇ ) ئۇلار: ‹‹ بىزنى كىم تىرىلدۈرىدۇ؟ » دەيدۇ. « سىلەرنى دەسلەپتە ياراتقان ئاللاھ تىرىلدۈرىدۇ » دېگىن. ئۇلار ساڭا باشلىرىنى لىڭشىتىپ: ‹‹ ئۇ قاچان بولىدۇ؟ ›› دېيىشىدۇ، ‹‹ ئۇمىدكى، ئۇ يېقىندا بولىدۇ ›› دېگىن ( 50 - 51 ).

بۇ ئۇسلۇبنىڭ مەقسىتى، ئىنساننى قىلمىشلىرىنىڭ ئەخلاقى جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئېلىشقا دەۋەت قىلىش بولۇپ، قىلمىشلىرىنىڭ ئەخلاقى جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالمىغان ئىنسان، دېمىسىمۇ تاشتىن، توپىدىنمۇ

ئېتىبارسىز بىر ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ.
ئىسرا سۈرىسىدىن ئىلگىرىكى سۈرىلەردىكىگە ئوخشاش ئىنكارچى قەۋمنىڭ مۆجىزە تەلەپلىرى تىلغا ئېلىنغان. رەسۇلۇللاھقا قارىتىلغان مۆجىزە تەلەپلىرى ئاللاھ تەرىپىدىن نېمە ئۈچۈن جاۋابقا ئېرىشەلمىگەنلىكى تۆۋەندىكى ئايەتتە ئوچۇق بايان قىلىنغان:
وَمَا مَنَعَنَا أَنْ نُرْسِلَ بِالْآَيَاتِ إِلَّا أَنْ كَذَّبَ بِهَا الْأَوَّلُونَ وَآَتَيْنَا ثَمُودَ النَّاقَةَ مُبْصِرَةً فَظَلَمُوا بِهَا وَمَا نُرْسِلُ بِالْآَيَاتِ إِلَّا تَخْوِيفًا
« مۆجىزىلەرنى مەيدانغا كەلتۈرمەسلىكىمىز پەقەت بۇرۇنقىلار ( يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ ) مۆجىزىلەرنى يالغانغا چىقارغانلىقى ئۈچۈندۇر. بىز سەمۇدقا چىشى تۆگىنى روشەن ( مۆجىزە ) قىلىپ بەردۇق، ئۇلار ئۇنى ئىنكار قىلدى. بىز مۆجىزىلەرنى پەقەت ( بەندىلەرنى ) قورقىتىش ئۈچۈنلا ئەۋەتىمىز » ( 59 ).
60 - ئايەتتە بىرىنچى ئايەتتىكى ئىسرا ۋەقەسى ئىما قىلىپ ئۆتۈلگەن بولۇپ، بۇ كېلەچەك ھەققىدە ئالدىن بشارەت خاراكتېرىگە ئىگە. چۈنكى، رەسۇلۇللاھقا كۆرسىتىلگەن ئىسرا ۋەقەسىنىڭ ئىنسانلار ئۈچۈن بىر ئېمتىھان ۋاستىسى ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق ھالدا بايان قىلىنغان. قۇرئاننىڭ كېلەچەك ھەققىدىكى بۇ مۆجىزىۋى بشارىتى رەسۇلۇللاھ ۋاپات بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا رېئاللىققا ئايلانغان بولۇپ، ئىنسانلار ئىسرا ۋەقەسىنى چۆرىدىگەن ھالدا بىر مىراج ئەدەبىياتى شەكىللەندۈرۈپ ئۆزئارا مۇنازىرە قىلىشقاندى.
ئۇنىڭدىن كېيىنكى بۆلەكتە ئادەم - ئىبلىس قىسسىسى يەنە بىر قېتىم بايان قىلىنغان. ئۆز ۋاقتىدا رەسۇلۇللاھ ئېرىشكەن بۇ ئۇلۇغ ماقامدىن قىزغانغانلار بولغان ئىدى. ئۇلارغا ئىبلىسنى شەيتان قىلغان ئامىلنىڭ ئادەمگە بولغان ھەستى ئىكەنلىكى يەنە بىر قېتىم ئەسكەرتىلىپ ئۆتۈلگەن ( 61 - 65 ).
ئادەم بالىلىرىغا ئاللاھ نىڭ قاتمۇ - قات نېمەت بەخش ئەتكەنلىكى بۇ سۈرىدە تىلغا ئېلىنغان: « شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز ئادەم بالىلىرىنى ھۆرمەتلىك قىلدۇق، ئۇلارنى مەخلۇقاتلىرىمىزنىڭ نۇرغۇنىدىن ئۈستۈن قىلدۇق » ( 70 ).
رەسۇلۇللاھ ئۈستىدىن بارلىق مۇئمىنلەرگە نامازدا ناھايىتى ئەستايىدىل بولۇشى كېرەكلىكى تەكىتلىنىدۇ. بولۇپمۇ بامدات نامىزى تەكىتلىنىدۇ ( 78 ). ئۇنىڭدىن باشقا، رەسۇلۇللاھقا كېچىنىڭ بىر ۋاقتىدا ئويغىنىپ، ئۆزىگە خاس بىر نامازنىڭ سوۋغا قىلىنىشى، يەنى كېچە نامىزى ئوقۇشى ئەمر قىلىنغان ( 79 ). شۇنىڭ بىلەن تەھەججۇد رەسۇلۇللاھ ئۈچۈن ۋاجىپقا ئايلىنىدۇ. « مەدھىيەلەشكە لايىق بىر ماقام »غا ئېرىشىش ئاسان ئەمەس، ئۇخلاش بىلەن قولغا كەلمەيدۇ.
ئاندىن روھ ھەققىدە سوئال سورىغۇچىلارغا سۈرىدە مۇنداق جاۋاب بېرىلىدۇ: « ئۇلار سەندىن روھنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە سورىشىدۇ. ‹‹ روھنىڭ ماھىيىتىنى پەرۋەردىگارىم بىلىدۇ›› دېگىن، سىلەرگە پەقەت ئازغىنا ئىلىم بېرىلگەن » ( 85 ).
ئاندىن قۇرئاننىڭ مۆجىزىلىكىگە كىشىنىڭ دىققىتى ئاغدۇرۇلىدۇ ( 88 ). ئىلاھىي كالامنىڭ مۆجىزىسىنى كۆرەلمىگەن كور كۆزلەر مۆجىزە تەلەپ قىلىدۇ. سۈرىدە بۇ مۆجىزە تەلەپلىرى بىرمۇ - بىر تىلغا ئېلىنغان. يەنى، ئىنكارچىلار رەسۇلۇللاھتىن يەردىن بۇلاقنى ئېتىلدۇرۇپ چىقىرىش، جەننەتكە ئوخشاش ئىچىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان بىر بېغى بولۇش تەلەپ قىلىنغان. بۇلارنى قىلالمىسا ئاسماننى پارچە - پارچە قىلىپ ئۈستىگە چۈشۈرۈشنى تەلەپ قىلغۇدەك دەرىجىدە مۆجىزە سارىڭى بولۇشقاندى. ئۇلار بۇنىڭ بىلەن بولدى قىلماي، يەنە : « الله نى ۋە پەرىشتىلەرنى ئالدىمىزغا كەلتۈرگىن » ( 92 ) دېيىشكەنىدى. پۈتۈن بۇ تەلەپلەرگە قارىتا، ئاللاھ رەسۇلۇللاھنى مۇنداق دېيىشكە بۇيرۇيدۇ: « الله پاكتۇر، مەن پەقەت بىر پەيغەمبەر ئىنسانمەن (الله نىڭ ئىزنى بولمىسا ھېچ ئادەم بىرەر مۆجىزە كەلتۈرەلمەيدۇ) » ( 93 ).
سۈرە ئاخىرقى بۆلىكىدە ۋەھيي تىلغا ئېلىنغان ھالدا ئاخىرلىشىدۇ:
وَقُرْآَنًا فَرَقْنَاهُ لِتَقْرَأَهُ عَلَى النَّاسِ عَلَى مُكْثٍ وَنَزَّلْنَاهُ تَنْزِيلًا

« ئۇنى دائىم ئوقۇپ تۇرۇلىدىغان بىر قۇرئان قىلىش، كىشىلەرگە دانە ـ دانە ئوقۇپ بېرىشىڭ ئۈچۈن، ئۇنى پارچە - پارچىغا ئايرىپ بايان قىلدۇق. چۈنكى، بىز ئۇنى ( ھاياتقا تەدبىقلانسۇن دەپ ) قۇرئاننى بۆلۈپ ـ بۆلۈپ، تەدرىجىي نازىل قىلدۇق » ( 106 ).

نۇبۇۋۋەت بىلەن باشلانغان بۇ سۈرە، سۆزنى مەنانىڭ ئەسلى مەنبەسى بولغان ئاللاھ قا كەلتۈرۈپ ئاخىرلىشىدۇ. ئىنسانىنىڭ ئۆمۈرلۈك سەپىرىدە پەيغەمبەرلىك يېتەكچىلىك بولۇپ، بۇ سەپەرنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسىدا ئاللاھ بار.

ۋەلھاسىلى كالام، ئىنسان ئاللاھ تىن ئۆزىنى قاچۇرالمايدۇ.

# يۇنۇس سۈرىسى

سۈرە ھەزرىتى يۇنۇسنىڭ قەۋمىدىن ئازاپنىڭ كۆتۈرۈۋېتىلىشىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان 98 - ئايىتىگە ئاساسەن يۇنۇس سۈرىسى دەپ ئاتالغان.

ھەزرىتى يۇنۇسنى باشتا ئىنكار قىلىپ مەسخىرە قىلغان، كېيىن بۇ پوزىتسىيىسى سەۋەبىدىن پۇشايمان قىلىپ خاتالىقىنى تونىغان ۋە توغرا يولغا يۈزلەنگەن قەۋمنىڭ قىسسىسى بۇ سۈرىدە بايان قىلىنغان. يۇنۇس پەيغەمبەر ( مىلاددىن بۇرۇنقى 860 - 784 ) بىر ئاسۇر شەھىرى بولغان نىنوۋاغا ئەۋەتىلگەن. سۈرە تەپسىر ۋە رىۋايەتلەردە بۇ ئىسىم بىلەن ئاتالغان.

ساففات سۈرىسىدە يۇنۇس قەۋمى ھەققىدە كەڭ دائىرىدە بايانلار بېرىلگەن بولسىمۇ، بۇ ئىسىم بىلەن ئاتالمىغان. بۇنىڭ سەۋەبى بۇ سۈرىگە ئىسمى بېرىلگەن ئايەتتە ئورۇن ئالماقتا:

« يۇنۇس قەۋمىدىن باشقا ( ئازاپقا لايىق بولغاندىن كېيىن ) ئىمان ئېيتىپ، ئىمانىنىڭ پايدىسىنى كۆرگەن ھېچقانداق بىر قەۋم / شەھەر يوق » ( 98 ).

گەرچە سۈرىدە يۇنۇس قىسسىسىنىڭ ئالدىدا باشقا تۆت پەيغەمبەرنىڭ قىسسىسى بايان قىلىنغان بولسىمۇ، سۈرىنىڭ بۇ ئىسىم بىلەن ئاتىلىشى نەبىلەر تارىخىدىكى بۇ مۇستەسنا ئەھۋالدىن بولسا كېرەك. مۇسھابتا ئارقىمۇ - ئارقا كەلگەن ئۈچ سۈرىلىك « ئەلىف - لام - را » ئائىلىسىنىڭ تۇنجىسى. تۇنجى قۇرئان نەسلىنىڭ تىلىدا باشلانغۇچ ھەرىپلىرى ئوخشاش بولغان سۈرە گۇرۇپپىلىرىنى « ئائىلە » دەپ ئاتىغاندى ( مەسىلەن: ھا - مىم ئائىلىسىگە ئوخشاش ).

سۈرە مەككىدە نازىل بولغان. ھەزرىتى ئوسمان تەرتىپىدە 51 - ئورۇندا، ئىبن ئابباس تەرتىپىدە 48 - ئورۇندا، ئىمام جافەر تەرتىپىدە 50 - ئورۇندا تىزىلغان. ئۈچ تەرتىپنىڭ ھەممىسىدە ئىسرا - ھۇد سۈرىسى ئارىسىغا توغرا كەلمەكتە. بۇ بىز ئۈچۈن توغرىدۇر. قولىمىزدا بۇنىڭغا ئېتىراز قىلغۇدەك ھېچقانداق مەلۇمات يوق.

سۈرە قۇرەيش بايقۇتىدىن كېيىنكى مەزگىلگە توغرا كەلگەن دەۋەتنىڭ 10 - يىلىدا نازىل بولغان. سۈرىنىڭ مەزمۇن، ئۇسلۇپ ۋە شەكلى بۇنى تەستىقلىماقتا. ۋەھيىنىڭ نازىل بولۇش جەريانى ھەققىدە پىكىر بايان قىلغان بارلىق نوپۇزلۇق ئۇستازلارمۇ مۇشۇنداق دەپ قارىغان. بۇنىڭغا زەھەبى ۋە سۇيۇتىغا ئوخشاش قۇرئان ئىلىملىرى ساھەسىدە ئەسەر يازغان ئالىملارمۇ، بازەرگانغا ئوخشاش دەۋرداشلىرىمۇ شۇنداق دەپ قارىغان. ئارقىدا تىلغا ئېلىنغان ئىسىملار، قۇرئان سۈرىلىرىنىڭ نازىل بولۇش تەرتىپى ھەققىدە ئەتراپلىق ئىزدەنگەن شەخسلەر ئىدى.

سۈرىنىڭ تېمىسى ئىلاھى يېتەكچىلىك ۋە بۇ رەھبەرلىكنى رەت قىلغۇچىلار بولۇپ، بۇ سۈرە « ئەلا » تەنبىھ قوشۇمچىسى ئەڭ كۆپ تىلغا ئېلىنغان سۈرىلەردىن بىرىدۇر. بۇ، مەزكۇر سۈرىنىڭ ئاگاھلاندۇرغۇچى لەۋھە خاراكتېرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

مۇقاتتائا بىلەن باشلىغان سۈرىلەردىكى ئومۇمىي ئالاھىدىلىككە ئاساسەن، بۇ سۈرىمۇ ۋەھيى شىپى كەلتۈرۈلگەن ھالدا باشلانغان:

الر تِلْكَ آَيَاتُ الْكِتَابِ الْحَكِيمِ (1) أَكَانَ لِلنَّاسِ عَجَبًا أَنْ أَوْحَيْنَا إِلَى رَجُلٍ مِنْهُمْ أَنْ أَنْذِرِ النَّاسَ
وَبَشِّرِ الَّذِينَ آَمَنُوا أَنَّ لَهُمْ قَدَمَ صِدْقٍ عِنْدَ رَبِّهِمْ قَالَ الْكَافِرُونَ إِنَّ هَذَا لَسَاحِرٌ مُبِينٌ (2)

ئەلىف، لام، را. بۇ، ھېكمەتلىك كىتاب (يەنى قۇرئان) ئايەتلىرىدۇر. ئىنسانلارنىڭ بىرىگە ( يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ): ئىنسانلار ( يەنى كاپىرلار ) نى ( الله نىڭ ئازابىدىن ) ئاگاھلاندۇرغىن، مۆمىنلەرگە پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ( قىلغان ياخشى ئەمەللىرى ئۈچۈن ) يۇقىرى ئورۇنغا ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن دەپ ۋەھيى قىلغانلىقىمىزدىن ئۇلار ئەجەبلىنەمدۇ؟ كاپىرلار: « بۇ ھەقىقەتەن ئاشكارا سېھىرگەردۇر » دېدى ( 1 ـ 2 ).

ئۇنىڭدىن كېيىن مەنىۋىي ۋە كائىنات دۇنياسىغا مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر بايان قىلىنىغان. يەنى، ئاسمانلار، زېمىن، قۇياش، ئاي، كۈندۈز، كېچە... بۇلار كائىنات دۇنياسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەردە ئىچىدە ئورۇن ئالماقتا ( 3 ـ 6 ). بۇ ئارقىلىق تاشقى دۇنيادىكى جىسمى ئايەتلەر ( كائىنات جىسىملىرى ) بىلەن قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ ئىنسان ئىچكى دۇنياسىدا پىكىر ـ چۈشەنچە ئايەتلىرى بولۇپ پورەكلەپ ئېچىلىشى ئىستەنمەكتە. بۇنىڭ ئالدىدىكى ئەڭ چوڭ توساق دۇنياغا بېرىلىپ كېتىشتۇر. دۇنيا ھاياتىدىن مەمنۇن بولغان كىشىلەر دۇنياغا بېرىلىپ كەتكەنلەر بولۇپ، بۇنداق كىشىلەرنىڭ ئاللاھ نىڭ ھوزۇرىغا چىققۇدەك يۈزى بولمايدۇ:

إِنَّ الَّذِينَ لَا يَرْجُونَ لِقَاءَنَا وَرَضُوا بِالْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَاطْمَأَنُّوا بِهَا وَالَّذِينَ هُمْ عَنْ آَيَاتِنَا غَافِلُونَ (7)
أُولَئِكَ مَأْوَاهُمُ النَّارُ بِمَا كَانُوا يَكْسِبُونَ (8)

« شۈبھىسىزكى، بىز بىلەن مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلمايدىغانلار ( يەنى الله قا مۇلاقات بولۇشنى كۆزلىمەيدىغانلار )، دۇنيا تىرىكچىلىكىدىن بەھرىمەن بولۇش بىلەنلا رازى بولغانلار ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئارام تاپقانلار بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزدىن غاپىل بولغانلاردۇر. ئەنە شۇلارنىڭ جايى قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن دوزاخ بولىدۇ » ( 7 ـ 8 ).

شۇنداقتىمۇ ئاللاھ جازالاندۇرۇشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ. چۈنكى ئۇ « رەھمان »دۇر، « رەھىم »دۇر. ئۇ جازالاندۇرۇشتا ئالدىراپ كەتمەيدۇ. شۇنداقتىمۇ ئىنسان ئۆزىگە قايتىش / خاتالىقىدىن يېنىش ئۈچۈن ئالدىرىشى كېرەك. ئىنسان مەنپەئەت بار دەپ ئويلىغان نېمەتلەرنى تىلەشتە دائىم ئالدىرايدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئىنساننىڭ ئەڭ چوڭ نېمەت بولغان ھىدايەتنى تەلەپ قىلىشتا سۇسلۇق قىلىشى كىشىنى ئويغا سالىدۇ.

وَلَوْ يُعَجِّلُ اللَّهُ لِلنَّاسِ الشَّرَّ اسْتِعْجَالَهُمْ بِالْخَيْرِ لَقُضِيَ إِلَيْهِمْ أَجَلُهُمْ فَنَذَرُ الَّذِينَ لَا يَرْجُونَ لِقَاءَنَا فِي
طُغْيَانِهِمْ يَعْمَهُونَ

« ئەگەر الله كىشىلەر تەلەپ قىلغان يامانلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئۇلار تەلەپ قىلغان ياخشىلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئالدىرىغاندەك ئالدىرىسا ئىدى، ئۇلارنىڭ ئەجىلى چوقۇم يەتكەن بولاتتى ( يەنى ھالاك بولاتتى ). بىز بىلەن مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلمايدىغانلارنى گۇمراھلىقتا تېڭىرقاپ يۈرۈشكە قويۇپ بېرىمىز » ( 11 ).

تۆۋەندىكى ئايەت ئىنسان يارىتىلغاندىن تارتىپ پەقەت ئۆزگەرمىگەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان ئىبرەتلىك ئايەتتۇر:

وَإِذَا مَسَّ الْإِنْسَانَ الضُّرُّ دَعَانَا لِجَنْبِهِ أَوْ قَاعِدًا أَوْ قَائِمًا فَلَمَّا كَشَفْنَا عَنْهُ ضُرَّهُ مَرَّ كَأَنْ لَمْ يَدْعُنَا إِلَى
ضُرٍّ مَسَّهُ كَذَلِكَ زُيِّنَ لِلْمُسْرِفِينَ مَا كَانُوا يَعْمَلُونَ

« ئىنسانغا بىرەر زىيان ـ زەخمەت يەتسە ياتسىدۇ، ئولتۇرسىدۇ، تۇرسىدۇ، ( ئۇنى دەپئى قىلىشىمىزنى تىلەپ ) بىزگە دۇئا قىلىدۇ. ئۇلارغا يەتكەن زىيان ـ زەخمەتنى كۆتۈرۈۋەتسەك، گويا ئۇنى كۆتۈرۈۋېتىشىمىزنى تىلەپ بىزگە دۇئا قىلمىغاندەك يامان ئىشنى يەنە داۋاملاشتۇرىدۇ. ھەددىدىن ئاشقۇچىلارنىڭ قىلمىشلىرى ئۇلارغا مۇشۇنداق چىرايلىق كۆرسىتىلدى » ( 12 ).

ئىنساننىڭ تەبىئىتىگە مۇناسىۋەتلىك بۇ مەلۇماتنى پەقەت ئاللاھ لا بىرەلەيتتى. سۈرىنىڭ داۋامدا بايان قىلىنغان ئايەتلەر ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىقىدۇ ۋە خىتاب پۈتۈن ئىنسانلارغا قارىتىلىدۇ. تۆۋەندىكى ئايەت ئانتروپولوگىيىلىك تەتقىقات بىلەنمۇ قولغا كەلتۈرگىلى بولمايدىغان ھەقىقەتنى بايان قىلماقتا:

وَمَا كَانَ النَّاسُ إِلَّا أُمَّةً وَاحِدَةً فَاخْتَلَفُوا وَلَوْلَا كَلِمَةٌ سَبَقَتْ مِنْ رَبِّكَ لَقُضِيَ بَيْنَهُمْ فِيمَا فِيهِ يَخْتَلِفُونَ

« ئىنسانلار ( ئەسلىدە ) بىر دىن ( يەنى ئىسلام دىنى ) دا ئىدى. كېيىن ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشتى ( يەنى دىنلار كۆپەيدى، بۇتلارغا چوقۇنۇشتى ). رەببىڭنىڭ ئالدىنئالا ئېيتقان سۆزى ( يەنى جازالاشنى قىيامەتكە قالدۇرۇشتىن ئىبارەت تەقدىرى ) بولمىسا ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلىرى ئۈستىدە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەلۋەتتە ھۆكۈم چىقىرىلاتتى ( يەنى دىندا ئىختىلاپ قىلىشقانلىرى ئۈچۈن ئۇلارغا بۇ دۇنيادىلا جازا بېرىلەتتى ) » ( 19 ).

ئىلاھىي دەۋەت بولغان قۇرئان ئىنساننى ئەبەدى سائادەت دىيارىغا چاقىرماقتا:

وَاللَّهُ يَدْعُو إِلَى دَارِ السَّلَامِ وَيَهْدِي مَنْ يَشَاءُ إِلَى صِرَاطٍ مُسْتَقِيمٍ

« الله ( كىشىلەرنى ) ئامان جايغا ( يەنى جەننەتكە ) دەۋەت قىلىدۇ ۋە بۇ جايغا بېرىشنى خالىغان ئادەمنى توغرا يولغا باشلايدۇ » ( 25 ).

قۇرئاندا بىزگە كۆپ ئۇچرايدىغان بىر ئوبراز بار. بۇ مەۋجۇت ھەقىقەتكە تەسلىم بولماي، چوقۇم ئۇنىڭدىنمۇ ئۈستۈن بىر ھەقىقەتنى قوغلىشىدىغان بىر ئوبرازدۇر. بۇ ئوبرازدىكى زېھىن غەيرىگە چوقۇنۇش كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئىللەتلىك زېھىندۇر. ئەسلىدە تەپەككۇر كۆزى بىلەن قاراشنى بىلسە ئەتراپىدا كۆرگەن ۋە ئادەتتىكى بىر نەرسە دەپ كۆزگە ئىلمىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بىر مۆجىزىدۇر. كۆزگە كۆرۈنىدىغان شەيئىلەرنىڭ ئاستىدا كۆزگە چېلىقمايدىغان بىر ھەقىقەت ياتىدۇ. شەيئىلەرنىڭ كۆرۈنىشىنىڭ ئاستىدا ياتقان ھەقىقەتنى كۆرەلەيدىغان قەلب كۆزى بۇ ھەقىقەتنى كۆرۈپ يېتىدۇ ۋە يۈرەكنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن چىققان بىر نىدا بىلەن « ئاللاھۇ ئەكبەر! » سادالىرىنى ياڭرىتىدۇ. لېكىن، بۇ ئوبراز بۇنداق قىلىشتىن ئاجىز. سۈرىنىڭ 20 - ئايىتى بۇ ئوبرازنى جانلىق تەسۋىرلەپ بېرىدۇ.

سۈرىدە ئاللاھ نىڭ ھەقىقەتنىڭ مەنبەسى ۋە ئۆلچىمىنى بەلگىلىگۈچى ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنغاندىن كېيىن مۇنداق سوئال قويۇلىدۇ:

« ھەقىقەتتىن قالسا، گۇمراھلىقتىن باشقا نېمە قالىدۇ؟ » ( 32 ).

ھەقىقەت نۇرى بولمىسا، ئىنسان نېمىگە ئەگىشىدۇ؟ قۇرئان بۇ سوئالغا ئوچۇق ۋە ئېنىق قىلىپ « زان (ظَنَّ ) - پەرەز »گە ئەگىشىدۇ دەپ جاۋاب بېرىدۇ:

وَمَا يَتَّبِعُ أَكْثَرُهُمْ إِلَّا ظَنًّا إِنَّ الظَّنَّ لَا يُغْنِي مِنَ الْحَقِّ شَيْئًا إِنَّ اللَّهَ عَلِيمٌ بِمَا يَفْعَلُونَ

« ئۇلارنىڭ تولىسى پەقەت پەرەزگىلا تايىنىدۇ. پەرەز دېگەن ھەقىقەتنى ئىسپاتلاشتا ھەقىقەتەن ھېچ نەرسىگە يارىمايدۇ. شۈبھىسىزكى، الله ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر » ( 36 ).

ئاخىرەتنى ئىنكار قىلىشنىڭ ئاستىدا مەنىۋى قارىغۇلۇق ياتقانلىقى، داۋام قىلغان ئايەتلەردە تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ۋەھىي ۋە ۋەھيي كۆرسەتكەن ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىش ئەسلىدە خاتا چۈشىنىپ قېلىشتىن كېلىپ چىققان:

بَلْ كَذَّبُوا بِمَا لَمْ يُحِيطُوا بِعِلْمِهِ وَلَمَّا يَأْتِهِمْ تَأْوِيلُهُ كَذَلِكَ كَذَّبَ الَّذِينَ مِنْ قَبْلِهِمْ فَانْظُرْ كَيْفَ كَانَ عَاقِبَةُ الظَّالِمِينَ

« ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار قۇرئاننىڭ مەنىسىنى تولۇق چۈشەنمەي ۋە ھەقىقىتىگە تېخى ئەقلى يەتمەي تۇرۇپ ئۇنى ئىنكار قىلىشتى. ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەن ئۈممەتلەرمۇ ( ئۆزلىرىنىڭ نەبىلىرىنى ) مۇشۇلارغا ئوخشاش يالغانغا چىقارغان ئىدى. زالىملارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قاراپ باققىن » ( 39 ).

جاۋابكارلىقىنىڭ كىشىنىڭ ئۆزىگە ئائىت ئىكەنلىكى قۇرئان پات - پات تەكىتلەپ تۇرغان  بىر پرىنسىپ. بۇ ئەسلىدە پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋىتىگە جاھىللىق بىلەن قارشى چىققۇچىلارنىڭ قىلمىشىغا دەۋەت قىلغۇچىلارنىڭ جاۋابكار ئەمەسلىكىنىڭ بايانى ئىدى:

وَإِنْ كَذَّبُوكَ فَقُلْ لِي عَمَلِي وَلَكُمْ عَمَلُكُمْ أَنْتُمْ بَرِيئُونَ مِمَّا أَعْمَلُ وَأَنَا بَرِيءٌ مِمَّا تَعْمَلُونَ

ئەگەر ئۇلار سېنى يالغانچى قىلىشتا چىڭ تۇرسا: « مېنىڭ ئەمەلىم ئۆزۈم ئۈچۈندۇر، سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارمۇ ئۆزۈڭلار ئۈچۈندۇر، مېنىڭ ئەمەلىمدىن سىلەر ئادا ـ جۇداسىلەر، سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن مەنمۇ ئادا ـ جۇدامەن ( يەنى بىراۋ باشقا بىر كىشىنىڭ قىلغان گۇناھىغا جاۋابكار ئەمەس ) » دېگىن ( 41 ).

ھېچكىم ئۆزىنىڭ ھۆر ئىرادىسى بىلەن تاللىغان قارارىنىڭ نەتىجىسى سەۋەبلىك كېلىپ چىققان ئاقىۋەتنى « تەقدىر - پىشانە » دەپ ئاللاھ قا تۆھمەت چاپلىماسلىقى كېرەك. تۆۋەندىكى ئايەت بۇ ھەقىقەتنى جاكارلىماقتا:

إِنَّ اللَّهَ لَا يَظْلِمُ النَّاسَ شَيْئًا وَلَكِنَّ النَّاسَ أَنْفُسَهُمْ يَظْلِمُونَ

« شۈبھىسىزكى، الله ئىنسانلارغا قىلچە زۇلۇم قىلمايدۇ، لېكىن ئىنسانلار ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم قىلىدۇ » ( 44 ).

ئاللاھ قا تۆھمەت قىلىشنىڭ يەنە بىر خىل ئۇسلۇبى، ئاللاھ تىن غەيرىگە ئىلاھلىق سۈپىتى بېرىش بولۇپ، بۇ ھەقتە قۇرئان مۇنداق دەيدۇ:

أَلَا إِنَّ لِلَّهِ مَنْ فِي السَّمَاوَاتِ وَمَنْ فِي الْأَرْضِ وَمَا يَتَّبِعُ الَّذِينَ يَدْعُونَ مِنْ دُونِ اللَّهِ شُرَكَاءَ إِنْ يَتَّبِعُونَ إِلَّا الظَّنَّ وَإِنْ هُمْ إِلَّا يَخْرُصُونَ

« راستلا ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە الله نىڭدۇر ( يەنى الله نىڭ مۈلكىدۇر، بەندىسىدۇر، مەخلۇقاتىدۇر ). الله نى قويۇپ، بۇتلارغا چوقۇنىدىغانلار پەقەت يوقىلاڭ پەرەزگىلا تايىنىدۇ، ئۇلار پەقەت جۆيلۈيدۇ ( پادىغا ئوخشاش قارىغۇلارچە ئىش قىلىدۇ ) » ( 66 ).

ئاللاھ قا ۋە ئۇنىڭ ئۇلۇھىيىتىگە قىڭغىرلىق بىلەن نەزەر تاشلىغان زېھىن پەيغەمبەر ۋە پەيغەمبەرلىككىمۇ قىڭغىر قارايدۇ. تۆۋەندىكى ئايەت بۇ خىل ئەقلىگە ئۇرۇلغان تەستەككە ئوخشايدۇ:

قُلْ لَا أَمْلِكُ لِنَفْسِي ضَرًّا وَلَا نَفْعًا إِلَّا مَا شَاءَ اللَّهُ لِكُلِّ أُمَّةٍ أَجَلٌ إِذَا جَاءَ أَجَلُهُمْ فَلَا يَسْتَأْخِرُونَ سَاعَةً وَلَا يَسْتَقْدِمُونَ

ئېيتقىنكى: « الله خالىمىسىلا مەن ئۆزۈمدىن زىياننى دەپئى قىلىشقا، پايدا قازىنىشقا قادىر ئەمەسمەن، ھەر ئۈممەتنىڭ مەلۇم ۋاقتى بولىدۇ، شۇ ۋاقىت يېتىپ كەلگەندە، ئۇلار بىردەممۇ كېچىكتۈرۈلمەيدۇ، بىردەممۇ ئىلگىرى سۈرۈلمەيدۇ » ( 49 ).

بۇ سۈرىدە ھەزرىتى نۇھ بىلەن باشلىنىپ، ھەزرىتى مۇسا ۋە ھارۇن بىلەن داۋاملاشقان ۋە ھەزرىتى يۇنۇس بىلەن ئاخىرلاشقان قىسسەلەرنىڭ ھەممىسى ئىنكارچى قەۋملەردىن ئىبرەت ئېلىشقا دەۋەت قىلماقتا. ھەزرىتى مۇسا قىسسىسىدە كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان نۇقتا ئۆيىنى ئىنسانغا نىسبەتەن « توغرا يول »غا يۈزلىنىشتىكى بىرەر « قارارگاھ » قا ئايلاندۇرۇش ھەققىدىكى تەلىماتتۇر:

وَأَوْحَيْنَا إِلَى مُوسَى وَأَخِيهِ أَنْ تَبَوَّآ لِقَوْمِكُمَا بِمِصْرَ بُيُوتًا وَاجْعَلُوا بُيُوتَكُمْ قِبْلَةً وَأَقِيمُوا الصَّلَاةَ وَبَشِّرِ الْمُؤْمِنِينَ

بىز مۇسا بىلەن ئۇنىڭ قېرىندىشىغا: « قەۋمىڭلار ئۈچۈن مىسىردا ئۆيلەر ياساڭلار، ئۆيلىرىڭلارنى ناماز ئوقۇيدىغان جاي قىلىڭلار، ناماز ئوقۇڭلار، مۆمىنلەرگە ( دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدىغانلىقى بىلەن ) خۇش خەۋەر بېرىڭلار » دەپ ۋەھيي قىلدۇق ( 87 ).

بۇ، « پىرئەۋننىڭ زۇلۇمى ئانىلارنىڭ بالا ياتقۇسىغىچە يېتىپ بارغان تۇرسا، ئۇ يەردە قىلغۇدەك قانداق ئىش بار؟ » دېگەن سوئالغا جاۋابتۇر.

ئاخىرقى قىسسە بولغان ھەزرىتى يۇنۇس قىسسىسى تارىخى بىر ۋەقە ئۈستىدىن قۇرئان ۋەھيىنىڭ تۇنجى خىتاب قىلىنغۇچىلىرى بولغان مەككە مۇشرىكلىرىگە قاتتىق بىر ئاگاھلاندۇرۇش ئىدى. بەلكىم، بۇ قىسسە ئارقىلىق رەسۇلۇللاھقا : « بىزنىڭ رۇخسىتىمىز بولماي تۇرۇپ، يۇنۇسقا ئوخشاش ۋەزىپەڭنى تاشلاپ كەتمە! » دېيىلگەن بولۇسا كېرەك.

سۈرە، ئىنسانلار تەقدىرىنى ئۇلارنىڭ تەدبىرلىرى، قىلمىشلىرى بەلگىلەيدىغانلىقىنى بايان قىلغان بىر بۆلەك بىلەن ئاخىرلىشىدۇ:

قُلْ يَا أَيُّهَا النَّاسُ قَدْ جَاءَكُمُ الْحَقُّ مِنْ رَبِّكُمْ فَمَنِ اهْتَدَى فَإِنَّمَا يَهْتَدِي لِنَفْسِهِ وَمَنْ ضَلَّ فَإِنَّمَا يَضِلُّ عَلَيْهَا وَمَا أَنَا عَلَيْكُمْ بِوَكِيلٍ (108) وَاتَّبِعْ مَا يُوحَى إِلَيْكَ وَاصْبِرْ حَتَّى يَحْكُمَ اللَّهُ وَهُوَ خَيْرُ الْحَاكِمِينَ (109)

( ئى مۇھەممەد! ) ئېيتقىنكى، « ئى ئىنسانلار! سىلەرگە رەببىڭلار تەرىپىدىن ھەق دىن كەلدى، كىمكى توغرا يولنى تاللايدىكەن، ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن تاللىغان بولىدۇ، كىمكى ئازىدىكەن، ئۆزىنىڭ زىيىنى ئۈچۈن ئازغان بولىدۇ، مەن سىلەرگە ھامىي ئەمەسمەن ». ( ئى مۇھەممەد! ) ساڭا نازىل قىلىنغان ۋەھيىگە ئەگەشكىن ( يەنى ئۇنىڭغا ئۆزۈڭ ئەمەل قىلىپ، باشقىلارغا ئۇنى يەتكۈزگىن ). اللە ( سەن بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ) ھۆكۈم چىقارغۇچە ( دىنغا دەۋەت قىلىش يولىدىكى مۇشەققەتلەرگە ) چىدىغىن، اللە ئەڭ ھەققانىي ھۆكۈم چىقارغۇچىدۇر ( 108 - 109 ).

# ھۇد سۈرىسى

بۇ سۈرىگە 50 - 60 - ئايەتلەردە بايان قىلىنغان ھۇد ۋە ئۇ پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن ئاد قەۋمىنىڭ قىسسىسى بايان قىلىنغان بۆلەككە ئاساسەن « ھۇد » ئىسمى بېرىلگەن.

گەرچە مەزكۇر قىسسە ئەئراف ۋە شۇئەرا سۈرىسىدە بايان قىلىنغان بولسىمۇ، بۇ سۈرىدە سەل تەپسىلىي ھالدا بايان قىلىنغان. سۈرىگە « ھۇد » ئىسمىنى رەسۇلۇللاھ قويغان. بۇنى شۇ ھەدىستىن بىلەلەيمىز:

ئەبۇ بەكرى بىر كۈنى نەبىگە مۇنداق دېدى:

- يا رەسۇلۇللاھ ( تېز ) قېرىپ كەتتىڭمۇ قانداق؟ رەسۇلۇللاھ جاۋاب بېرىپ:
- مېنى ھۇد، ۋاقىئە، مۇرسەلەت، ئەممايەتەسائەلۇن، ئىزەششەمسۇ كۇۋۋىرات قېرىتىۋەتتى دېدى ( تىرمىزى، سۈنەن، 5 / 402 ).

بارلىق مەنبەلەردە بۇ سۈرە مۇشۇ ئىسىم بىلەن ئاتالغان.

دەسلەپكى مەزگىلدىكى بارلىق تەرتىپلەردە يۇنۇس - يۈسۈپ سۈرىلىرى ئارىسىغا تىزىلغان. ئەندۇلۇسلۇق مۇپەسسىر ئىبن ئاتىييە « ئەل - مۇھاررارۇل ۋەجىز » ئىسىملىك مۇسەممما تەپسىرىدە، بۇ سۈرىدە مۇشرىكلارغا قىلىنغان تەھدىد يۇنۇس سۈرىسىگە قارىغاندا ئۇن ھەسسە كۈچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن، ھۇد سۈرىسىنىڭ يۇنۇس سۈرىسىدىن بۇرۇن نازىل بولغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

ئىبن ئاتىييەنىڭ بۇ قارىشىنىڭ توغرا بولغان - بولمىغانلىقى ئايرىم مەسىلە. شۇنداقتىمۇ سۈرىنىڭ ئورنىنى ئېنىقلاشتا ئىشلەتكەن ئۇسلۇبى تەقدىرلەشكە ئەرزىيدۇ. چۈنكى، ئىبن ئاتىييە بۇ قارىشىنى ئىلگىرى سۈرگەندە، سۈرە مەزمۇنىنىڭ نازىل بولغان زامان ۋە ماكاندا يۈزبەرگەن ۋەقە، دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك

ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. بۇ توغرا بىر ئۇسلۇب. قۇرئاننىڭ 23 يىللىق ئۇزۇن بىر ۋاقىت ئىچىدە پارچە - پارچە نازىل بولۇشىنىڭ مەقسىتىمۇ بۇ ئىدى. قۇرئان سورالغان سوئاللارغا جاۋاب، قىلىنغان دەۋالارغا ئىجاۋەت، داۋام قىلىۋاتقان ھاياتقا مۇداخىلە، بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان ھاياتنى ئوڭشاش ۋە توغرا بولغان ياشاش ئۇسۇلىنىڭ بەرپا قىلىنىشى ئىدى. گەرچە ئىبن ئاتىييەنىڭ ئۇسلۇبى توغرا بولغان بولسىمۇ، چىقارغان يەكۈن مۇلاھىزە قىلىشقا تېگىشلىك. چۈنكى ھۇد سۈرىسىنىڭ يۇنۇس سۈرىسىدىن بۇرۇن نازىل بولغانلىقىنى ئېيتىش بىلەن بىرگە، مۇشرىكلارنىڭ ۋەھىيگە تۇتقان ئىنكار پوزىتسىيىسىنىڭ سۈسلىشىشقا قاراپ ماڭغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن. بۇ قاراش تەكرار مۇنازىرە قىلىشقا لايىق. بۇ قاراشنىڭ دەل ئەكسىنى ئېيتىش مۇمكىن. چۈنكى مۇشرىكلارنىڭ ۋەھىيگە ۋە رەسۇلۇللاھقا قارشى دۈشمەنلىكى بارغانسىرى كۈچىيىپ بارغانىدى. شۇڭا دەسلەپكى مەزگىلدىكى تەرتىپنى توغرا دەپ قارايمىز.

ھۇد سۈرىسى رەسۇلۇللاھنىڭ چاچلىرىنى ئاقارتىۋەتكەنىدى. سۈرىنىڭ ئانا تېمىسىنى تۆۋەندىكى ئايەت ئوچۇق كۆرسىتىپ بەرمەكتە:

وَمَا كَانَ رَبُّكَ لِيُهْلِكَ الْقُرَى بِظُلْمٍ وَأَهْلُهَا مُصْلِحُونَ

« رەببىڭ ئاھالىسى ياخشى بولغان يۇرتلارنى زۇلۇم سىلىپ ھالاك قىلمايدۇ » ( 117 ).

قۇرئان نازىل بولۇش جەريانىدا، كۇفرىنى ئوچۇق ئاشكارا ۋە قاتتىق بىر تىل بىلەن ئەيىبلىگەن سۈرىلەر ئىچىدە ھۇد سۈرىسى بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

ھۇد سۈرىسى يۇنۇس ۋە يۇسۇپ سۈرىسى بىلەن بىرلىكتە « ئەلىف - لام - را » ئائىلىسىگە تەۋە سۈرىلەردىن بىرى. سۈرىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت « ئەلىف - لام - را » بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. مەسىلەن، بىر « ھا - مىم » ئائىلىسىمۇ بار بولۇپ، 40 - 47 - سۈرىلەر ئارىسىدىكى يەتتە سۈرە بۇ گۇرۇپپىغا تەۋە. مۇقاتتائا ھەرپلىرىنىڭ ئانچە كۆزگە چېلىقىپ كەتمىگەن تەرىپى ئوخشاش ئائىلىگە تەۋە سۈرىلەر ئارىسىدا بىر بەلگە بولۇشىدۇر.

ھۇد سۈرىسى بىلەن بۇ ئائىلىگە تەۋە يۇنۇس سۈرىسى ئارىسىدا زىچ مۇناسىۋەت بار. بۇ سۈرىدە ھەزرىتى نۇھنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ئائىلە تىراگېدىيىسى تىلغا ئېلىنغان. يۇنۇس سۈرىسىدە ئىلاھى ۋەھىيگە قارشى بويۇنتاۋلۇق قىلغان قەۋملەرنىڭ چوقۇم جازالاندۇرۇلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان بولۇپ، پىرئەۋن ۋە قەۋمى دۇچار بولغان ۋەقەلەر تىلغا ئېلىنىپ، سۈرە « رەببىڭ ھۆكۈم بەرگىچە سەبىر قىل! » ئايىتى بىلەن ئاخىرلاشقان. ھۇد سۈرىسى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمى شۇنداقلا نۇھ، ھۇد، سالىھ، لۇت، شۇئەيب قەۋملىرىنىڭ ئوخشاش شەكىلدە ئىلاھى ۋەھىيدىن يۈز ئۆرىگەنلىكى ئۈچۈن جازالاندۇرۇلغانلىقى ئىبرەت سۈپىتىدە بايان قىلىنغان. جازالاندۇرۇلغان قەۋملەر ئىچىدە ھەزرىتى نۇھنىڭ ئوغلى ۋە ھەزرىتى لۇتنىڭ ئايالىغا ئوخشاش پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىنكارچى يېقىنلىرىنىڭمۇ بولۇشى كىشىگە ئىبرەت ئۆرنىكىدۇر. بۇ ئارقىلىق خاس ھالدا قۇرئان ۋەھيىنىڭ تۇنجى خىتاب قىلىنغۇچىسى بولغان رەسۇلۇللاھقا، ئومۇمىي جەھەتتىن بارلىق مۇئمىنلەرگە تەسەللىي بېرىلگەن ۋە ھىدايەت كىشىلەرنىڭ ئىلكىدە بولغان بولسا، ھەزرىتى نۇھ ئىلكىدىكى ھىدايەتنى ئوغلى كەنئان ئۈچۈن، ھەزرىتى لۇت ئايالى ئۈچۈن ئىشلەتكەن بولاتتى دېمەكتە. چۈنكى رەسۇلۇللاھنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمەنلىرىدىن بىرى تاغىسى ئىدى ( ئابدۇلئۇززا - ئەبۇ لەھەب ). ھىدايەت كىشىلەرنىڭ ئىلكىدە ئەمەس. بۇ سەۋەبتىن ھىدايەتكە لايىق بولمىغان بىر كىشى، مەيلى ئۇ بىر مۇئمىننىڭ ياكى بىر نەبىنىڭ ئەڭ يېقىنى بولسۇن ئۇنى ھىدايەت قىلالمايدۇ، ئۇلار ھىدايەتتىن مەھرۇم بولۇپ قالىدۇ.

سۈرە مۇشرىكلارغا / ئىنكار قىلغۇچىلارغا تەھدىد قىلغۇچى مەزمۇنىنىڭ تەقەززاسىغا ئاساسەن ھەجە ھەرپلىرى بىلەن باشلانغان بولۇپ، بۇ ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ دىققەت نەزىرىنى ئۆزىگە تارتىشنى مەقسەت قىلغان. مۇقاتتائا ھەرپلىرى بىلەن باشلانغان باشقا سۈرىلەردىكى ئۇسلۇبقا ئاساسەن، بۇ سۈرىدىمۇ مۇقاتتائا ھەرپلىرىدىن كېيىنكى ئايەتلەر قۇرئان ۋەھيى ھەققىدە توختالماقتا:

الر كِتَابٌ أُحْكِمَتْ آيَاتُهُ ثُمَّ فُصِّلَتْ مِنْ لَدُنْ حَكِيمٍ خَبِيرٍ

« ئەلىف، لام، را. بۇ، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، ھەممىدىن خەۋەردار ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل بولغان، ئايەتلەرنىڭ تۈزۈلۈشى پۇختا، ( ئەقىدە، ئەھكام، ۋەز ۋە قىسسىلەر ) تەپسىلىي بايان قىلىنغان چۈشىنىشلىك كىتابتۇر » ( 1 ).

بۇ قۇرئان ھەققىدىكى روشەن ئايەتتىن كېيىن، كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان يەنە بىر ئايەت كەلگەن بولۇپ، بۇ ئايەت ۋەھيىنىڭ ئەۋەتىلىشىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق سەۋەبىنى كۆرسەتمەكتە:

أَلَّا تَعْبُدُوا إِلَّا اللَّهَ إِنَّنِي لَكُمْ مِنْهُ نَذِيرٌ وَبَشِيرٌ

( ئېيتقىنكى ) « سىلەر پەقەت ئاللاھ قىلا ئىبادەت قىلىڭلار، شۈبھىسىزكى، مەن سىلەرگە ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ھەقىقەتنى يەتكۈزگۈچى، يەنى ( كاپىر بولساڭلار سىلەرنى ئاللاھ نىڭ ئازابىدىن ) ئاگاھلاندۇرغۇچى، ( ئىمان ئېيتساڭلار ئاللاھ نىڭ مۇكاپاتى بىلەن سىلەرگە ) خۇش خەۋەر بەرگۈچىمەن » ( 2 ).

ئاندىن سۆز ئاخىرەتكە كەلتۈرۈلگەن ( 3 - 4 ). چۈنكى، ئاللاھ نىڭ ھاياتقا بولغان ئاكتىپ مۇداخىلىسى دەپ قاراشقا بولىدىغان ۋەھيىنىڭ مەقستى پەقەت ئاخىرەتكە ھەققىي تۈردە ئىمان ئېيتىلغاندا ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتمىغان بىرسىگە ۋەھيىنىڭ پايدىسى يوقمايدۇ. ۋەھيي ئۇنىڭغا ھېچنەرسە دېمەيدۇ. چۈنكى بۇنداق بىر كىشى ۋەھيىگە نىسبەتەن كور، گاس ۋە تىلسىزدۇر. ئۇ ۋەھيي كۆرسەتكەننى كۆرەلمەيدۇ، دېگەنلىرىنى ئاڭلىيالمايدۇ ۋە ۋەھيي بىلەن دىئالوگ قۇرالمايدۇ.

ئاخىرەتكە ئىمان بىلەن رىزىق ھەققىدىكى ئەندىشە ئارىسىدا بىر مۇناسىۋەت بار. شۇڭا سۈرىدە ئاخىرەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەردىن كېيىن تۆۋەندىكى ئايەت كەلگەن:

وَمَا مِنْ دَابَّةٍ فِي الْأَرْضِ إِلَّا عَلَى اللَّهِ رِزْقُهَا وَيَعْلَمُ مُسْتَقَرَّهَا وَمُسْتَوْدَعَهَا كُلٌّ فِي كِتَابٍ مُبِينٍ

« يەر يۈزىدىكى پۈتۈن جانلىقلارنىڭ ھەممىسىگە رىزىق بېرىشنى ئاللاھ ئۈستىگە ئالدى. ئاللاھ ھەر جانلىقنىڭ تۇرار جايىنى ۋە كۆچۈپ بېرىپ ماكانلىشىدىغان جايىنى بىلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى ئېنىق شەكىلدە خاتىرىلەنگەن ۋە قانۇنىيەت بىلەن بەلگىلەنگەن » ( 6 ).

ھاياتنىڭ سۇ بىلەن باشلىنىپ سۇ ئۈستىدە قايىم تاپقانلىقى بايان قىلىنغان ئايەت بۇ سۈرىدە ئورۇن ئالماقتا ( 7 ). شۈبھىسىزكى، بۇ نۇقتىدا تىلغا ئېلىنغان بىئولوگىيىلىك ھاياتنىڭ مەنبەسى بولغان سۇ بىلەن مەنىۋى ھاياتنىڭ سۈيى بولغان ۋەھيي ئارىسىدا يېپىق ھالدا زىچ مۇناسىۋەت قۇرۇلماقتا. ئاللاھ ياغدۇرغان رەھمەت يامغۇرى بىلەن ئۆلۈك زېمىننى تىرىلدۇرۇشى ئۈستىدىن، ئۆلگەندىن كېيىنكى قايتا تىرىلىش تىلغا ئېلىنغان: « سىلەر ئۆلگەندىن كېيىن چوقۇم تىرىلىسىلەر! » دېسەڭ، كۇفرى پاتقىقىغا پاتقانلار : « بۇ پەقەت روشەن سېھىردۇر ( كۆز بويامچىلىقتۇر ) » دېيىشىدۇ ( 7 ).

ئۇنىڭدىن كېيىن ئىنساننىڭ باياشاتچىلىق ۋە يوقسۇللۇق بىلەن ئىمتىھان قىلىنغان ئىككى ھالىتىدە نامايەن قىلغان ئىككى خىل پوزىتسىيىسى بايان قىلىنغان. بۇ نۇقتىدا تىلغا ئېلىنغان پوزىتسىيە، بايلىق بىلەن يوقسۇللۇقتا بىر ئىمتىھان بارلىقىنى كۆرەلمىگەن پاراسەتسىز ئىنساننىڭ ئەقلى كۆرسىتىپ ئۆتكەن. ھەر پاراسەت ئىگىسى ئۆزىگە ئامانەت قىلىنغان شەيئىلەرنىڭ بارلىقى ۋە يوقلىقىنى، ئاللاھ ئالدىدىكى سەمىمىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان بىر ئامىل دەپ قارىمايدۇ. بۇ ھەل قىلغۇچ مەسىلە ئەمەس. شۇڭا مال - مۈلۈك مۇئمىن ھاياتىنىڭ مەركىزىدىن ئورۇن ئالمايدۇ. قولىغا كىرگەن ياكى قولدىن چىقىپ كەتكەن نەرسىلەر كامال ئەھلى ئۈچۈن ئوخشاشتۇر. خام ئەقىللەر ئامانەتنى مۈلكىيەت ( ئۆزىنىڭ مۈلكى ) دەپ ئويلاپ قالىدۇ. مۇشۇنداق ئويلاپ قالغانلىقنىڭ تەبئىي نەتىجىسى تۆۋەندىكى ئايەتتە مۇنداق بايان قىلىنغان:

وَلَئِنْ أَخَّرْنَا عَنْهُمُ الْعَذَابَ إِلَى أُمَّةٍ مَعْدُودَةٍ لَيَقُولُنَّ مَا يَحْبِسُهُ أَلَا يَوْمَ يَأْتِيهِمْ لَيْسَ مَصْرُوفًا عَنْهُمْ وَحَاقَ بِهِمْ مَا كَانُوا بِهِ يَسْتَهْزِئُونَ (8) وَلَئِنْ أَذَقْنَا الْإِنْسَانَ مِنَّا رَحْمَةً ثُمَّ نَزَعْنَاهَا مِنْهُ إِنَّهُ لَيَئُوسٌ كَفُورٌ (9)

ئەگەر بىز ئۇلارغا نازىل بولىدىغان ئازابنى چەكلىك ۋاقىت كېچىكتۈرسەك، ئۇلار چوقۇم ( مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن ): « ئازاب نېمىشقا چۈشمەيدۇ؟ » دەيدۇ، راستلا ئۇلارغا الله نىڭ ئازابى چۈشكەن كۈندە، ئۇلار

قاچىدىغان يەر تاپالمايدۇ، ئۇلار مەسخىرە قىلغان ئازاب ئۇلارنى قورشىۋالىدۇ. ئەگەر بىز بىرەر ئىنسانغا رەھمىتىمىزنى تېتىتساق ( يەنى نېمىتىمىزنى بەرسەك )، ئاندىن ئۇنى ئۇنىڭدىن تارتىۋالساق، ئۇ چوقۇم ( اﷲ نىڭ رەھمىتىدىن ) ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىدۇ، كۇفرانى نېمەت قىلىدۇ ( 8 - 9 ).

ئىنكار قىلىشتا چىڭ تۇرغان قەۋملەر بارلىق پەيغەمبەرلەردىن مۆجىزە تەلەپ قىلغان بولۇپ، رەسۇلۇللاھمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس ئىدى. مۇشرىكلار « نېمىشقا ئۇنىڭغا بىر خەزىنە چۈشمىدى؟ ياكى ئۇنىڭ بىلەن بىللە ( ئۇنى تەستىقلايدىغان ) بىرەر پەرىشتە كەلمىدى؟ » ( 12 ) دېيىشكەندى.

بىر قانچە سۈرىدە ئىنكارچى قەۋملەرنىڭ بۇ خىل مۆجىزە تەلەپلىرىنى كۆرۈپ ئۆتكەندۇق. ئەسلىدە ئۇلارنىڭ زېھنىدە ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىش ئۈچۈن باھانە ئىزدەش پوزىتسىيىسى ياتماقتا ئىدى. بۇ سۈرىدە تىلغا ئېلىنغان قىسسەلەردە ھالاك قىلىنغان قەۋملەر ھەققىدىكى بايانلار بۇ باھانىنىڭ يالغان باھانە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە. سۈرىدە ھالاكىتى بايان قىلىنغان قەۋملەرگە تەلەپ قىلغان مۆجىزىلىرى كەلدى. نەتىجە نېمە بولدى؟ ئۇلارنىڭ بۇ مۇئامىلىسى ئۆزلىرىنىڭ ھالاكىتىنىڭ باشلىنىشىغا ۋە قايتۇرۇش مۇمكىن بولمايدىغان يوق بولۇشقا ئېلىپ باردى. ئىلاھى قانۇنىنىڭ تەقەززاسى مۇشۇنداق ئىدى. ئىنكارچىلار ئالدى بىلەن مۆجىزە تەلەپ قىلدۇ، ئاندىن تەلەپ قىلغان مۆجىزىلەر كېلىدۇ، لېكىن ئۇلار يەنىلا ئىنكار قىلىشتا چىڭ تۇرىدۇ ۋە مۆجىزىنى « سېھىر » ياكى « ئەپسۇن » دېگەندەك بىر باھانە بىلەن ئىنكار قىلىدۇ. نەتىجىدە ئۇلار ھەققىدە ئىلاھىي قارار بېرىلىدۇ ۋە ھۆكۈم ئىجرا قىلىنىپ، ئۇلار تارىخ بەتلىرىگە كۆمۈلۈپ، بىر ئىبرەتكە ئايلىنىدۇ.

مانا بۇ ئەقىل دۇنياغا بېرىلىپ كەتكەن ئەقىل بولۇپ، بۇ ئەقىل ( چۈشەنچە ) ئاخىرەتتىن نېسىۋە ئالالمايدۇ:

مَنْ كَانَ يُرِيدُ الْحَيَاةَ الدُّنْيَا وَزِينَتَهَا نُوَفِّ إِلَيْهِمْ أَعْمَالَهُمْ فِيهَا وَهُمْ فِيهَا لَا يُبْخَسُونَ (15) أُولَئِكَ الَّذِينَ لَيْسَ لَهُمْ فِي الْآخِرَةِ إِلَّا النَّارُ وَحَبِطَ مَا صَنَعُوا فِيهَا وَبَاطِلٌ مَا كَانُوا يَعْمَلُونَ (16)

« ( قىلغان ياخشى ئەمەللىرى بىلەن پەقەت ) ھاياتىي دۇنيانى ۋە ئۇنىڭ زىبۇزىننىتىنى ( يەنى دۇنيانىڭ نېمەتلىرىنى ) كۆزلەيدىغان كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ ئەجرىنى بۇ دۇنيادىلا تولۇق بېرىمىز، دۇنيادا ئۇلارنىڭ ئەجرىدىن ھېچ نەرسە كېمەيتىلمەيدۇ. بۇنداق كىشىلەرگە ئاخىرەتتە دوزاختىن باشقا نەرسە يوقتۇر، ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرى يوققا چىقىرىلىدۇ، قىلغان( ياخشى ) ئەمەللىرى ھېسابقا ئېلىنمايدۇ » ( 15 - 16 ).

سۈرىدە قىسسەلەر بايان قىلىنىشتىن بۇرۇن، مۇئمىنلەر بىلەن مۇنكىرلەرنىڭ ھايات، مال - مۈلۈك، دۇنيا، بايلىق، يوقسۇللۇق، ئالالاھ، ئىنسان، پەيغەمبەرلىك ۋە ۋەھيي ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرى ئارىسىدىكى ئاسمان - زېمىن قەدەر چوڭ پەرقلەر بايان قىلىنغان ۋە ئاخىرىدا بۇ ئىككىسىنىڭ باراۋەر بولمايدىغانلىقى ئىپادىلەنگەن : « ئۇلارنىڭ ئەھۋالى بىر - بىرىگە ئوخشامدۇ؟ » ( 24 ). ئاندىن سۈرىدە قىسسەلەر بايان قىلىنىشقا باشلانغان.

ئالدى بىلەن قۇرئاندا رەسۇللارنىڭ (ئەلچىلەرنىڭ) تۇنجىسى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغان ھەزرىتى نۇھنىڭ قىسسىسى بايان قىلىنغان. ھەزرىتى نۇھ قىسسىسى ئارقىلىق ۋەھيىنىڭ تۇنجى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى خىتاب قىلىنغۇچىلىرىغا : « تۇغيان (ئىسيان) بولغان يەردە توپان بولىدۇ. ئەگەر بىر يەردە تۇغيان بولسا، توپاننىڭ قوپۇشىنى كۈتۈڭلار. بىراق، توپان ئىمان ئېيتقانلار ئۈچۈن بىر رەھمەت، ئاسىي بولغۇچىلار ئۈچۈن بىر پالاكەتتۇر. ئاسىي قەۋملەر شۇنداق تەكەببۇرلىشىپ كېتىدىغان بولۇپ، « بىزنى قورقۇتقان ئازابنى چۈشۈرۈپ باققىن » ( 32 ) دېگۈدەك دەرىجىدە ھەددىدىن ئاشىدۇ.

مانا بۇ ئازغۇنلۇقنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى ئىدى. ئاسىي قەۋم ئۆزىنىڭ ھۆر ئىرادىسى بىلەن ئىسيان قىلىشنى تاللىغانىدى. دىللاردىكىنى بىلگۈچى ئالالاھ ھەزرىتى نۇھقا : « قەۋمىڭدىن ئىلگىرى ساڭا ئىمان ئېيتقانلاردىن باشقا يەنە ئىمان ئېيتقۇچىلار بولمايدۇ » دەپ خەۋەر بېرىدۇ ( 38 ) ۋە ھەزرىتى نۇھنى كېمە ياساشقا بۇيرۇيدۇ. ۋەھيىنىڭ بارلىق دەۋرلەردىكى مۇئمىنلەرگە ۋە ئىبرەتى ئالەم ئۈچۈن ئاچچىق ساۋاق قىلىپ سۇنغان بۇ قىسسەدە كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان بىر نۇقتا بار. يەنى، ھەزرىتى نۇھقا بېرىلگەن ئەمىر « قۇرۇقلۇقتا / چۆلدە كېمە ياساش » ئىدى. ئاسىي قەۋمى ئۇنى يەنە مەسخىرە قىلىشقا باشلايدۇ ( 38 ). بەلكىم ئۇلار « بۇنىڭ دېڭىزى قەيەردە؟ » دەپ مەسخىرە قىلىشقانىدى. بۇ قىسسە ئارقىلىق رەسۇلۇللاھقا ۋە بارلىق مۇئمىنلەرگە: سەن چۆلدە

/ قۇرۇقلۇقتا كېمە ياسا! دېڭىز لازىم بولسا، دېڭىزنى رەببىڭ ئالدىڭغا ئېلىپ كېلىدۇ، دېمەكچى بولسا كېرەك. ئاقىۋەتتە تۇغيان بولغان يەردە توپان بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئىلاھىي ھۆكۈم رېئاللىققا ئايلاندى ۋە « تونۇردىن سۇ ئېتىلىپ چىقتى » ( 40 ). ھەزرىتى نۇھ « تاغلاردەك ھەيۋەتلىك دولقۇنلار ئارىسىدا يول ئېلىشقا باشلىغان كېمىدىن، ئىنكار قىلىشتا چىڭ تۇرغان ئوغلىنى كۆردى ۋە دادا مېھرى قەلبىدە قايناپ تېشىپ ئۇنى كېمىگە چاقىردى:

« ئى ئوغلۇم، بىز بىلەن بىللە كېمىگە چىققىن، كاپىرلار بىلەن بىللە بولمىغىن! » دەپ توۋلىدى ( 42 ). بۇ ۋاقىتتا ھەزرىتى نۇھنىڭ كېمىگە چاقىرىشى بىلەن ئىمانغا چاقىرىشى ئوخشاش مەنىنى بىلدۈرمەكتە. بۇنىڭدا ئىنكارچى ئوغلىنىڭ كېمىگە چىقىشى بىلەن ئىمان ئېيتىشى ئوخشاش مەنىگە ئىگە بولاتتى. لېكىن، ئوغلى ئىماننىڭ ئورنىغا ئىنكارنى / كۇپرىنى تاللىدى. دېمىسىمۇ، ھەزرىتى نۇھ كېمە ياساشتىن بۇرۇن بۇ ھەقىقەت ئۇنىڭغا ئەسكەرتىلگەنىدى: « ( بۇنىڭدىن كېيىن ) ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغانلار ھەققىدە ماڭا سۆز ئاچمىغىن! ئۇلار چوقۇم ( توپان بالاسىدا ) غەرق قىلىنىدۇ » ( 47 ).

« ئى زېمىن سۈيىڭنى يۇتقىن، ئى بۇلۇت تارقىغىن! » ئەمرى بىلەن يەر ۋە ئاسمان رەببىنىڭ ئەمرىگە بويسۇندى. ھالاك قىلىنغان قەۋمدىن كېيىن ئىلاھىي ھالاكىنىڭ بارلىق تىللاردىن ئۈستۈن بولغان ئېنىق ۋە قەتئىي بولغان تىلى زۇۋانغا كەلدى، ھەقىقەت ھالاك سۈرىتىدە مۇنداق دېدى: « زالىم قەۋم ھالاك بولسۇن! » (44).

ئوغلى ئۈچۈن « رەببىم! ئوغلۇم مېنىڭ ئائىلەمدىكىلەردىن ئىدى » دېگەن ھەزرىتى نۇھقا ئىمان ئائىلىسىدىن بولمىغانلارنىڭ ئائىلە ئەزاسى قاتارىدىن ھېسابلانمايدىغانلىقى ئەسلىتىلىپ: « ئى نۇھ! ئۇ ئائىلەڭدىكىلەردىن ئەمەس! » دېيىلدى ( 45 - 46 ). ھەزرىتى نۇھ دىلىدىن مۇشۇنداق بىر تۇيغۇ ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن تەۋبە قىلدى ۋە مەغپىرەت تىلىدى ( 47 ). ئادەتتىكى كىشىلەر گۇناھلىرى ئۈچۈن تەۋبە قىلىدۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ئەمما ئاللاھ قا يېقىن بولغان نەبىلەر غاپىل ھالدا ئالغان بىر نەپەسى ئۈچۈنمۇ تەۋبە قىلىدۇ. بۇمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىر تەۋبە ئىدى.

ئىككىنچى قىسسە ئاد قەۋمىنىڭ قىسسىسى ئىدى. بۇ قىسسەدە ھەزرىتى نۇھنىڭ ئورنىنى ھۇد، ئاسىي نۇھ قەۋمىنىڭ ئورنىنى تەكەببۇر ئاد قەۋمى ئالغانىدى ( 50 - 60 ). بۇ سۈرىگە ئىسىم قىلىپ بېرىلگەن بۇ بۆلەكتە بايان قىلىنغان قىسسەنىڭ بىلىنگەن قەھرىمانلىرى تارىختا ياشاپ ئۆتكەن ھۇد پەيغەمبەر ۋە ئاد قەۋمى ئىدى. ئەمما، بۇ قىسسەنىڭ نازىل بولۇش مۇھىتىدىكى باش قەھرىمانلىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ۋە قۇرەيش قەبىلىسى ئىدى. بەلكىم قىسسە قەھرىمانلىرىنى ئىسىم ۋە جىسىملاردىن خالىي ھالدا پوزىتسىيىسىنى نەزەرگە ئېلىپ تۇرۇپ ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا، قەھرىمانلارنىڭ ئىسمىنى « ئىمان » ۋە « كۇپرى » ۋەياكى « ئاللاھ قا ئىشەنچ قىلىش » ۋە « ئاللاھ قا ئىشەنچ قىلماسلىق » دەپ قويۇشقا بولىدۇ. بۇ قىسسە ئىچىدە تىلغا ئېلىنغان بىر نۇقتىغا دىققەت قىلماستىن ئۆتۈپ كەتكىلى بولمايدۇ. يەنى، قەۋم رەببىگە ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىگە ئاسىي بولغان ۋاقتىدا ھەر بىر ئۇچىغا چىققان تەرسا، شەپقەتسىزنىڭ بۇيرۇقىغا بويۇن ئەگكەنىدى ( 59 ). بۇ ئېلىشىپ قالغان ساراڭنىڭ ئىشىغا ئوخشايدۇ. يەنى، ئەگەر بىرسى باش ئىگىشكە تىگىشلىك زاتقا قارشى گەدەنكەشلىك قىلسا، تىك تۇرۇشقا تىگىشلىك يەردە تىك تۇرالمايدۇ. بۇ ئايەت مانا بۇ ھەقىقەتنىڭ بىر بايانىدۇر.

سۈرىدىكى ئۈچىنچى قىسسە سەمۇد قىسسىسى بولۇپ، ئاد ۋە سەمۇد قىسسىلىرىنىڭ ئارقىمۇ - ئارقا بايان قىلىنىشىنىڭ بىر سەۋەبى بار. چۈنكى ئىككى قەۋم ئارىسىدا ھەم قانداشلىق ھەم ئىنكاردا ئوخشاشلىق ھەم ئىنكارچى ئەقىل نۇقتىسىدىن بىردەكلىك مەۋجۇت. تارىخىي مەنبەلەردە ئاد قەۋمى « بىرىنچى ئاد »، سەمۇد قەۋمى « ئىككىنجى ئاد » دەپ تىلغا ئېلىنغان. سەمۇد قەۋمى ھالاك قىلىنغان بىرىنچى ئاد قەۋمىنىڭ قالدۇقلىرى دەپ قارىلىدۇ. بۈگۈنكى يەمەننىڭ سانا رايۇنى بىلەن ئوممان ئارىسىدىكى ساھىلغا پاراللېل بولغان بىر جايدا، يەنى ھادرامەۋت ( ئۆلۈك يېشىل ) رايوندا ياشىغان بولۇپ، بۇ جاي يېرىم ئارالنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى ئىگىلىگەن ۋە ئۆلۈمنىڭ يەنە بىر ئىسمى بولغان رۇبۇل خەلىل چۆلىنىڭ ئاخىرقى ئۇچىغا توغرا كېلىدۇ. ئالەم بوشلۇقىدىن ئېلىنغان سۈرەت قاتارلىق مەلۇماتلار ئاساسىدا ئېنىقلانغان قەدىمقى ئىرەم شەھرى ۋە ئاد مەدەنىيىتىنىڭ ئىزنالىرى بەزى جايلاردا 12 مېتىردىن ئارتۇق قۇم بارخانلىرى ئاستىدىن چىققانىدى. ئىسمى تىللاردا داستان بولغان ئىرەم

شەھرىنى بىنا قىلغان ئاد مەدەنىيىتى قۇرئاندا تەپسىلاتى بايان قىلىنغان بىر ئايەت سەۋەبىدىن ھالاك بولغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ قالدۇقلىرى يېرىم ئارالنىڭ شىمالىغا قاراپ كۆچۈپ، بۈگۈن مەدائىنى سالىھ ئىسمى بىلەن ئاتالغان شەھەرنىڭ يېقىن ئەتراپىغا جايلاشقان ۋە قورام تاشلار ئويۇپ ياسالغان، بىنالىرى ھازىرمۇ دەسلەپكى مەزگىلدىكىدەك ھەشەمەتلىك سەلتەنەتنى ئەسلىتىدىغان ھىجر رايونىغا كەلگەنىدى.

سەمۇد « ئاز سۇ » دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ھىجر رايونىدا گۈللەنگەن بۇ مەدەنىيەت ھۆل - يېغىن ناھايىتى ئاز بولغان بىر رايوننى بوستانلىققا ئايلاندۇرغانىدى. بۇ مەدەنىيەتنىڭ سىرى ئۇلارنىڭ سۇنى تېجەشلىك بىلەن ئۈنۈملۈك ھالدا ئىشلەتكەن سىستېمىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەنلىكىدە ئىدى. قورام تاشلاردىن ئويۇپ ياسالغان كۆپ قەۋەتلىك شەھەرلەردە ياشىغان سەمۇد قەۋمى قورام تاش شەھەرلەر ئارىسىدا تاشلارنى ئويۇپ ياسىغان قاناللار بىلەن بىلەن بۇ شەھەرلەرگە سۇ ئېلىپ كەلگەن ۋە سۇنى ساقلىيالىغان بولۇپ، يىلنىڭ قۇرغاقچىلىق مەزگىلىدە ئامبارلىرىدىكى سۇ بىلەن چۆلنىڭ بىر چېتىنى بوستانلىققا ئايلاندۇرغانىدى.

بۇ ئىككى قىسسەنىڭ قۇرئاندا ھەممە جايدا ئارقىمۇ - ئارقا بايان قىلىنىشىنىڭ سىرى تۆۋەندىكى سوئالغا مۇجەسسەملەشكەن. يەنى:

سەمۇد قەۋمى نېمە ئۈچۈن شەھەرلىرىنى قورام تاشلارنى ئويۇپ بىنا قىلغان؟

بۇ سوئالنىڭ جاۋابى ناھايىتى ئېنىق. يەنى، ئۆتمۈشتە ئەجدادلىرى بولغان ئاد مەدەنىيىتى چۆلنىڭ يەنە بىر چەت قىسمىدا شەھەرلەر ۋە تىللاردا داستان بولغان ئىرەم باغلىرىنى بەرپا قىلغانىدى. ئەمما بۇ پارلاق مەدەنىيەت گۇمران بولغان. بۇ ھالاكەتتىن ساق قالغانلار - سەمۇد مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلغۇچىلار ئەجدادلىرىنىڭ ھالاكىتىنىڭ سەۋەبىنىڭ ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىشتا چىڭ تۇرغانلىقىدىن دەپ قارىماستىن، « بىنا ماتېرىياللىرى »نىڭ پۇختا بولماسلىقى دەپ قارىغانىدى. ئۇلارنىڭ بۇ قىڭغىر چۈشەنچىسىنىڭ شەكىللىنىشىدە، ئادى - ئۇلا مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلغان قەدىم ئەجدادلىرىنىڭ مېمارچىلىقتا قۇمنى ئاساسلىق ماتېرىيال قىلىپ ئىشلەتكەنلىكى ۋە ئاقىۋەتتە بۇ مەدەنىيەت يېقىلىپ ۋەيران بولغانلىقى سەۋەب بولغانىدى. ئۇلار بۇ تەجرىبىدىن ساۋاق ئالغانلىقتىن بۇ خاتالىقنى تەكرارلاشنى خالىمىغان. مەدەنىيەتلىرىنى قورام تاشلار ئۈستىدە بىنا قىلغانىدى. ئۇلار ئۆيلىرىنى ۋە شەھەرلىرىنى قورام تاشلارنى ئويۇپ ياسىدى. يەنى بۈگۈنكى تەبىر بىلەن ئېيتقاندا، شەھەرلىرىنىڭ ئاستى - ئۈستى قورام تاش بولغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بۇ يەر تەۋرەش ۋە بوران - چاپقۇنغا چىداملىق بولاتتى، ھېچقانداق زىيانغا ئۇچرىمايتتى.

ئۇلار مەسىلىگە خاتا نۇقتىدىن نەزەر تاشلىغان بولۇپ، ئۆتمۈشكە ھېكمەت نەزىرى بىلەن قارىمىغانىدى. ئەگەر ئاللاھ نەزەر تاشلا دېگەن نۇقتىدىن تۇرۇپ قارىغان بولسا، مەسىلىنىڭ ئىنشائات ماتېرىياللىرىدا ئەمەس، ئاللاھ قا بولغان ئاسىيلىقىدا ئىكەنلىكىنى كۆرەتتى. لېكىن، بۇنى قىلالمىدى ۋە ئەجدادلىرىغا ئوخشاش تەكەببۇرلۇق قىلىپ، ئاللاھ تىن يۈز ئۆرىدى. پەيغەمبىرى ھەزرىتى سالىھنى يالغانغا چىقاردى. توغرا بولغان قۇربان ئىبادىتىنى ئۆزىنىڭ بۇتپەرەست ئەنئەنىسى بىلەن بۇلغاپ، ئاللاھ قا بېغىشلانغان، « ئاللاھ نىڭ تۆگىسى » دەپ ئاتىغان بىر ئاتاق تۆگىدىن سۇنى قىزغاندى ۋە « بۇ تۆگە ئاللاھ نىڭ تۆگىسى بولغاندىكىن ئاللاھ سۇغارسۇن، بىز جاپا تارتىپ قانال ياساپ ئېلىپ كەلگەن سۇدىن ئۇنىڭغا بىر يۇتۇم بەرمەيمىز! » دېدى. چۈشەنچىدىكى بۇ قىڭغىرلىق ئۇلارنىڭ ئۆزىنى ئۆزى كولدۇرلىتىشىغا سەۋەب بولدى ۋە نەتىجىدە ئاستى - ئۈستى قورام تاش بولغان بىر ماكاندا ھالاك قىلىندى:

وَأَخَذَ الَّذِينَ ظَلَمُوا الصَّيْحَةُ فَأَصْبَحُوا فِي دِيَارِهِمْ جَاثِمِينَ (67) كَأَنْ لَمْ يَغْنَوْا فِيهَا أَلَا إِنَّ ثَمُودَ كَفَرُوا رَبَّهُمْ أَلَا بُعْدًا لِثَمُودَ (68)

« زالىملارغا قاتتىق ئاۋاز يۈزلەندى ـ دە، ئۇلار ئۆيلىرىدە ئولتۇرغان پېتى قېتىپ قالدى. گويا ئۇلار ئۆيلىرىدە تۇرمىغاندەك ( يەنى ئۇلارنىڭ تۇرغان جايلىرى ئادەمزات تەرىپىدىن ئاۋات قىلىنمىغاندەك ) بولۇپ قالدى، بىلىڭلاركى، سەمۇد رەببىنى ئىنكار قىلدى، سەمۇد ھالاك بولسۇن ( سەمۇد مانا مۇشۇنداق شەكىلدە تارىخ سەھنىسىدىن يوقالدى ) » ( 67 - 68 ).

سۈرىدە بىرىنچى ۋە ئىككىنجى ئاد قەۋمى قىسسەلىرىدىن كېيىن لۇت پەيغەمبەر ۋە ئۇنىڭ ئازغۇن قەۋمىنىڭ قىسسىسى بايان قىلىنغان ( 69 - 83 ). لېكىن، قىسسە ھەزرىتى ئىبراھىمدىن باشلانغان. بەلكىم بۇ ئارقىلىق قۇرئان ۋەھيىنىڭ تۇنجى خىتاب قىلىنغۇچىلىرى بولغان ئەرەب مۇشرىك قەۋملىرى ھۆرمەتلەيدىغان بىر ئىسىم بىلەن ئۇلارنىڭ دىققىتىنى ئىلاھىي خەۋەرگە ئاغدۇرۇش مەقسەت قىلىنغان بولسا كېرەك. بۇ قىسسەدە خاتا چۈشەنچە شەكىللىنىپ قېلىش ئېھتىمالى بولغان بىر نۇقتا، ھەزرىتى لۇتنىڭ ئازغۇن قەۋمىگە: « ئى قەۋمىم! مېنىڭ بۇ قىزلىرىم سىلەرگە ئەڭ پاكتۇر! » دېيىشى ئىدى ( 78 ). ھەزرىتى لۇتنىڭ بۇ سۆزى بىلەن دېيىلمەكچى بولغان مەقسەت ھەرگىزمۇ قىزلىرىنى زالىم قەۋمىگە ئۇستەك بېرىشى ئەمەس. ھەمجىنىس مۇناسىۋەتنى رەت قىلىپ، فىترەتكە مۇۋاپىق بولغان تەرەپكە دەۋەت قىلىش ئىدى. بەزى مۇپەسسىرلەر « مانا قىزلىرىم » ئىبارىسىنى مۇنداق تەپسىر قىلغان: « ھەزرىتى لۇت پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن قەۋمىنىڭ قىزلىرىنى نەزەردە تۇتقان. چۈنكى پەيغەمبەرلەر ئەۋەتىلگەن قەۋمىنىڭ ئاتىسىنىڭ ئورنىدا ». شۇئەرا سۈرىسى 166 - ۋە بۇ سۈرىنىڭ 79 - ئايىتىگە ئاساسەن ھەزرىتى لۇتنىڭ سۆزىنى مۇنداق چۈشىنىش كېرەك: « مانا قىزلىرىم! ئۇلار بىلەن توي قىلىڭلار! ».

بۇ سۈرىنىڭ تۆتىنجى بولۇپ شۇئەيب نەبىنىڭ قىسسىسى بايان قىلىنغان ( 84 - 94 ). مەديەن خەلقىگە ئەۋەتىلگەن بۇ رەسۇلمۇ قەۋمى تەرىپىدىن ئىنكار قىلىنغان بولۇپ، بۇ سەۋەبتىن ئۇ قەۋمىنىڭ ئاقىۋىتىمۇ ئىلگىرىكى قەۋملەر بىلەن ئوخشاش بولغانىدى. ئىنكارچى مەديەن خەلقى ھەزرىتى شۇئەيبگە، ئۇنىڭ پەقەت نەسەبلىك بىر ئائىلىدىن كەلگەنلىكى ئۈچۈن چېقىلمىغانلىقىنى ئېيتقاندا، ھەزرىتى شۇئەيب بەرگەن بۇ جاۋاب ھەقىقەتەن چوڭقۇر مەنىگە ئىگە:

قَالَ يَا قَوْمِ أَرَهْطِي أَعَزُّ عَلَيْكُمْ مِنَ اللَّهِ وَاتَّخَذْتُمُوهُ وَرَاءَكُمْ ظِهْرِيًّا إِنَّ رَبِّي بِمَا تَعْمَلُونَ مُحِيطٌ

شۇئەيب ئېيتتى: « ئى قەۋمىم! مېنىڭ قەۋم قېرىنداشلىرىم سىلەرگە اﷲ تىنمۇ ئەتىۋارلىقمۇ؟ سىلەر اﷲ نى ئارقاڭلارغا چۆرىۋەتتىڭلار ( يەنى اﷲ قا ئىتائەت قىلمىدىڭلار ۋە اﷲ نى ئۇلۇغلىمىدىڭلار )، رەببىم سىلەرنىڭ قىلمىشلىرىڭلاردىن ئەلۋەتتە خەۋەرداردۇر » ( 92 ).

سۈرىنىڭ بەشىنچى قىسسىسى ھەزرىتى مۇسا - پىرئەۋن قىسسىسى بولۇپ، بۇ قىسسە پەقەت تۆت ئايەت بىلەن بايان قىلىنغان. يەنى شۇنداقلا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەندەك تۇيغۇ بېرىدۇ. باشقا سۈرىلەردە بۇنىڭغا قارىغاندا خېلى تەپسىلى توختالغان. لېكىن، بۇ سۈرىدە ھەزرىتى مۇسا ھەققىدە توختالغان بۆلەك پەقەت بۇ ئەمەس. بىر قانچە بۆلەكتىن كېيىن يەنە ھەزرىتى مۇسا قىسسىسى تىلغا ئېلىنغان. ئەمما، بۇ بۆلەكتە پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ زالىم قەۋمى بىلەن كۈرەش قىلغان ھەزرىتى مۇسا ئەمەس، ئۆز قەۋمى بەنى ئىسرائىلنىڭ يەھۇدىيلىشىش مايىللىقى بىلەن كۈرەش قىلغان ھەزرىتى مۇسا قىسسىسى بايان قىلىنغان ( 110 ). بۇ ئارقىلىق يەھۇدىيلارنىڭ ۋاستىلىق تۈزكورلىقى بىلەن مۇشرىكلارنىڭ بىۋاستە ئىنكارچىلىقى ئارىسىدىكى ئوخشاش نۇقتىنى تەكىتلەش مەقسەت قىلىنغان.

بارلىق ھالاك قىلىنىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك قىسسەلەردىن كېيىن مۇنداق دېيىلگەن:

وَمَا ظَلَمْنَاهُمْ وَلَكِنْ ظَلَمُوا أَنْفُسَهُمْ فَمَا أَغْنَتْ عَنْهُمْ آلِهَتُهُمُ الَّتِي يَدْعُونَ مِنْ دُونِ اللَّهِ مِنْ شَيْءٍ لَمَّا جَاءَ أَمْرُ رَبِّكَ وَمَا زَادُوهُمْ غَيْرَ تَتْبِيبٍ

« بىز ئۇلارغا زۇلۇم قىلمىدۇق، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم قىلدى. رەببىڭنىڭ ( ئۇلارنى ھالاك قىلىش ) پەرمانى كەلگەندە، ئۇلارنىڭ اﷲ نى قويۇپ ئىبادەت قىلغان مەبۇدلىرى ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمىدى، بۇلار ئۇلارغا پەقەت ھالاكىتىنىڭ تېزلىشىشىدىن باشقا بىر پايدا ئېلىپ كەلمىدى » ( 101 ).

بۇ ئايەتلەردىن كېيىن، رەسۇلۇللاھنىڭ چاچلىرىنىڭ ئاقىرىپ كېتىشىگە سەۋەب بولغان ئايەتلەر بايان قىلىنغان:

فَاسْتَقِمْ كَمَا أُمِرْتَ وَمَنْ تَابَ مَعَكَ وَلَا تَطْغَوْا إِنَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ بَصِيرٌ (112) وَلَا تَرْكَنُوا إِلَى الَّذِينَ
ظَلَمُوا فَتَمَسَّكُمُ النَّارُ وَمَا لَكُمْ مِنْ دُونِ اللَّهِ مِنْ أَوْلِيَاءَ ثُمَّ لَا تُنْصَرُونَ (113)

« ( ئى مۇھەممەد! ) اﷲ سېنى بۇيرۇغاندەك توغرا يولدا بولغىن، ساڭا ئىمان ئېيتقانلارمۇ توغرا يولدا بولسۇن. ( مەنئى قىلىنغان ئىشلارنى قىلىپ ) اﷲ نىڭ چەكلىمىلىرىدىن چىقىپ كەتمەڭلار، شۈبھىسىزكى، اﷲ قىلمىشىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. زالىملارغا مايىل بولماڭلار، ( مايىل بولساڭلار ) دوزاخ ئازابىغا قالىسىلەر، سىلەرگە اﷲ تىن باشقا ( دوزاختىن قۇتۇلدۇرىدىغان ) ھېچ ياردەمچى يوقتۇر، ئاندىن كېيىن ھېچ ياردەمگە ئېرىشەلمەيسىلەر » ( 112 ـ 113 ).

رەسۇلۇللاھنىڭ چېچىنىڭ ئاقىرىپ كېتىشىگە سەۋەب بولغان ئەسلى مەسىلە، قەۋمىنىڭ دەپئى قىلىش مۇمكىن بولمايدىغان بىر ھالاكەت باسقۇچىغا كىرىپ قېلىش ئەندىششىسى ئىدى. بۇ سۈرە نازىل بولغان مەزگىلدە، رەسۇلۇللاھنىڭ روھى ھالىتىنى مۇنداق تەخمىن قىلىش مۇمكىن. يەنى، ئۇ ئىلاھىي ئىرادىگە بويسۇنۇشتا گەدەنكەشلىك قىلغان قۇرەيشكە، سەركەشلىك قىلغان بۇ تۇققانلىرىغا بىرەر بالا كېلىپ قالارمۇ دەپ ئەندىشە قىلغانىدى. بۇ سۈرىدىكى قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇشلار رەسۇلۇللاھنى تېخىمۇ ئەندىشىگە سالغان بولۇپ، رەسۇلۇللاھنىڭ چاچلىرىنىڭ ئاقىرىپ كېتىشىگە بۇ ئامىل سەۋەب بولغان بولسا كېرەك.

سۈرىنىڭ ئاخىرىدىكى ئايەتلەر ئارقىمۇ ـ ئارقا تەھدىد خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، ئوچۇق ھالدا تەھدىد بولمىغان ئايەتلەردىمۇ يېپىق ھالدا تەھدىد پۇرىقى چىقىپ تۇرىدۇ. ئىلاھىي ھالاك قانۇنى دېيىلىدىغان بىر قانۇن بولغان بولسا، ئۇ قانۇننى تۆۋەندىكى ئايەتلەر ئېنىق بايان قىلماقتا:

وَمَا كَانَ رَبُّكَ لِيُهْلِكَ الْقُرَى بِظُلْمٍ وَأَهْلُهَا مُصْلِحُونَ (117) وَلَوْ شَاءَ رَبُّكَ لَجَعَلَ النَّاسَ أُمَّةً وَاحِدَةً
وَلَا يَزَالُونَ مُخْتَلِفِينَ (118)

« رەببىڭ ئاھالىسى ياخشى بولغان يۇرتلارنى پەقەت ئازغۇن ئېتىقاد سەۋەبىدىن زۇلۇم سېلىپ ھالاك قىلمايدۇ. ئەگەر پەرۋەردىگارىڭ خالىسا ئىدى، پۈتۈن ئادەملەرنى ئەلۋەتتە بىر ئۇممەت ( يەنى بىر دىندا ) قىلاتتى، ( ئۇ بۇنداق بولۇشنى خالىمىغانلىقى ئۈچۈن ) ئۇلار ( يەنى ئىنسانلار ) پەرقلىق چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولۇپ كەلدى » ( 117 ـ 118 ).

ھەر چاچ مەيلى دۇنيالىق بولسۇن ۋەياكى باشقا بىر يولدا بولسۇن، بىر داۋا يولىدا ئاقىرىدۇ. چاچلىرىنى ۋەھيي بىلەن ئاقارتقانلارغا سالام بولسۇن!

## يۈسۈپ سۈرىسى

سۈرىنىڭ مەلۇم بولغان بىردىنبىر ئىسمى « يۈسۈپ » بولۇپ، سۈرىدە باشتىن ئاياغ يۈسۈپ پەيغەمبەرنىڭ قىسسىسى بايان قىلىنغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئىسىم بىلەن ئاتالغان.

ھەزرىتى يۈسۈپ ھەققىدىكى مەلۇماتلار بۇ سۈرىدىن باشقا، ئەنئام ۋە مۇئمىن سۈرىلىرىدە تىلغا ئېلىنىدۇ. بىراق، « قىسسەلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى » دەپ نام ئالغان يۈسۈپ قىسسىسى بۇ سۈرىدە باشتىن ئاياغ كەڭ دائىرىدە بايان قىلىنغان. قۇرئاندا كىشى ئىسمى بىلەن ئاتالغان سەككىز سۈرە بولۇپ، يۈسۈپ سۈرىسى ئۇلاردىن بىرى.

سۈرە مەككىدە نازىل بولغان بولۇپ، ھىجرەتكە يېقىن بىر مەزگىلگە، يەنى ھىجرەتتىن 2 ـ 3 يىل بۇرۇن، تائىف ۋەقەسىدىن كېيىنكى مەزگىلگە توغرا كېلىدۇ. سۈرە مەزمۇن جەھەتتىن باشتىن ئاخىرى بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولۇپ، بىر قېتىمدىلا نازىل بولغان بولسا كېرەك. دەسلەپكى مەزگىلدىكى تەرتىپلەردە ھۇد ـ ھىجر سۈرىلىرى

ئارسىغا تىزىلغان. بۇ ئورۇن ۋەھيىنىڭ نازىل بولۇش جەريانى، رەسۇلۇللاھنىڭ ھاياتى ۋە سۈرىنىڭ مەزمۇنى نۇقتىسىدىن مۇۋاپىق كۆرۈلمەكتە.

بۇ سۈرىنىڭ ئانا تېمىسى « بىر كىشى نېمە ئىش قىلالايدۇ؟ » سوئالىنىڭ جاۋابى بولۇپ، ئىمان، ئىخلاس، ئىلىم، لاياقەت، ئىپپەت، غەيرەت، سەبىر ۋە سابات ( مۇستەھكەم تۇرۇش ) بىلەن بىر كىشى چوڭ بىر جەمئىيەتنى توغرا يولغا يۈزلەندۈرەلەيدۇ، دېمەكتە. سۈرىنىڭ تېمىسى كەنئان دىياردا ۋە پەيغەمبەر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، كىچىك ۋاقتىدىلا ئانىسىدىن ئايرىلىپ يېتىم قالغان، ھەسەت سەۋەبىدىن قېرىنداشلىرى تەرىپىدىن قۇدۇققا تاشلانغان، قۇل ئورنىدا سېتىلغان، ئىپپىتى سەۋەبىدىن زىندانغا تاشلانغان ھەزرىتى يۈسۈپنىڭ مىسىرغا ھۆكۈمران بولۇش ھېكايىسىدۇر.

قىسسىدە ئىككى مۇھەببەتنىڭ ھېكايىسى بايان قىلىنماقتا. يەنى، زۇلەيخانىڭ خوراتقۇچى مۇھەببىتى ۋە ھەزرىتى ياقۇپنىڭ بېغىشلىغۇچى مۇھەببىتى. بۇ ئىككى مۇھەببەتتە مۇھەببەت باغلانغۇچى شەخس ھەزرىتى يۈسۈپتۇر. لېكىن، زۇلەيخا يۈسۈپ ئارقىلىق ئۆز ئارزۇ - خاھىشىنى ياخشى كۆرگەن، ھەزرىتى ياقۇپ يۈسۈپ ئۈستىدىن مەزلۇملۇق ۋە ناھەقچىلىققا سەبىر قىلىشنى ياخشى كۆرگەندى.

سۈرە ئائىلىنىڭ باشقا ئەزالىرى بولغان يۇنۇس ۋە ھۇد سۈرىسىگە ئوخشاش « ئەلىف - لام - را » ھەرپى بىلەن باشلانغان. سۈرىنىڭ ئەسلى مەقسىتىنىڭ « ھېكايە بايان قىلىش » ئەمەسلىكى سۈرە باشلىنىشتىلا بىلدۈرۈلگەن. « ئەلىف، لام، را. بۇ ھەقىقەتنى بايان قىلغان كىتابنىڭ ( بولۇپ ئۆتكەنلەرنى ) ئېنىق بايان قىلغان ئايەتلىرىدۇر » ( 1 ) دەپ سۆز باشلىنىدۇ. يەنى، بۇ سۈرىدە ھەزرىتى يۈسۈپنىڭ تارىخى ھاياتى ئۈستىدىن بارلىق زامان ۋە ماكانلارنى ھالقىغان « ئەبەدى ھەقىقەتلەر » نى چۈشەندۈرىدۇ. سۈرىدە ھېچقانداق بىر تەپسىرلەر بىلەن شەرھىيلەپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان ئىبرەتلەر بايان قىلىنغان:

لَقَدْ كَانَ فِي يُوسُفَ وَإِخْوَتِهِ آَيَاتٌ لِلسَّائِلِينَ

« يۈسۈپنىڭ ۋە قېرىنداشلىرىنىڭ ( قىسسىسىدە ) سورىغۇچىلار ئۈچۈن ئاللاھ نىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان نۇرغۇن ئالامەتلەر بار » ( 7 ).

سۈرىنىڭ باشلىنىشىدىلا ئىلاھىي كالامنىڭ ئەرەپچە نازىل بولغانلىقى تەكىتلەنگەن ( 2 ). چۈنكى، ئاللاھ نىڭ ئىنسانلار قوللانغان تىللار ئىچىدىن بىرى ئارقىلىق خەۋەر ئەۋەتىشىنىڭ بىر مەقسىتى بار، يەنى « دېمەكچى بولغىنىنى خىتاب قىلىنغۇچىغا بىلدۈرۈش ». بۇ قۇرئان تىلى بولغان ئەرەپچە، ئىنجىل تىلى ئارامىچە، تەۋرات تىلى ئىبرانى ئۈچۈنمۇ شۇنداقتۇر. ئۈچىنچى ئايەتنىڭ تېمىسىمۇ ۋەھيىنىڭ چۈشىنىشلىك بولۇشى بولۇپ، ئايەتتە مۇنداق دېيىلگەن:

إِنَّا أَنْزَلْنَاهُ قُرْآَنًا عَرَبِيًّا لَعَلَّكُمْ تَعْقِلُونَ (2) نَحْنُ نَقُصُّ عَلَيْكَ أَحْسَنَ الْقَصَصِ بِمَا أَوْحَيْنَا إِلَيْكَ هَذَا الْقُرْآَنَ وَإِنْ كُنْتَ مِنْ قَبْلِهِ لَمِنَ الْغَافِلِينَ (3)

« شۈبھىسىزكى، سىلەرنى چۈشەنسۇن دەپ، ئۇنى ئەرەبچە قۇرئان قىلىپ نازىل قىلدۇق. بۇ قۇرئاننى ساڭا ۋەھيى قىلىش ئارقىلىق ئەڭ چىرايلىق قىسسىنى ساڭا بايان قىلىپ بېرىمىز، بۇنىڭدىن بۇرۇن بۇ قىسسىدىن ھەقىقەتەن بىخەۋەر ئىدىڭ » ( 2 - 3 ).

ئۈچ ئايەتلىك بۇ باشلىنىشتىن كېيىن، يۈسۈف قىسسىسىنىڭ بايان قىلىنىش مەقسىتىنىڭ « ساۋاق بېرىش » ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان. بۇ باشلىنىش بۆلىكى ئىچىدە قۇرئان ۋەھيى تىلىنىڭ ئەرەبچە بولغانلىقىدىن، خىتاب قىلىنغۇچىلارنىڭ ئىنكارچى مەككىلىكلەر ئىكەنلىكى مەلۇم. لېكىن، بۇ قىسسە ئارقىلىق ساۋاق بېرىلمەكچى بولغان كىشىلەر پەقەت بۇ ئىنكارچىلارلا ئەمەس. قىسسە خىتاب قىلىۋاتقان ئاساسەن ئۈچ گۇرۇپ بار:

كاپىرلار / ئىنكارچىلار

مۇئمىنلەر

رەسۇلۇللاھ

قىسسە ھەزرىتى يۈسۈپنىڭ چۈشى بىلەن باشلىنىدۇ. بۇ نۇقتىدا ئۈچ ئالەم بار ئىدى:

ئالەمى مۇلۇك - كۆرۈنگەن ماددىي ئالەم

ئالەمى غەيب - كۆرۈنمەيدىغان ئالەملەرنىڭ ھەممىسى

ئالەمى مىسال - كۆرۈنگەن بىلەن كۆرۈنمەيدىغانلار ئارىسىدا قالغان، بىر تەرىپىدە ئالەمى مۇلۇك، يەنە بىر تەرەپتە ئالەمى غەيبكە ئېچىلغان « تەمسىل » ئالەمدۇر. چۈشلەر بۇ ئالەمگە ئائىتتۇر. بۇ سەۋەبتىن چۈشلەر تەستىقمۇ قىلىنمايدۇ، رەتمۇ قىلىنمايدۇ، پەقەت تەبىر بېرىلىدۇ. تەبىر « كېچىك » مەنىسىدىكى « ئۇبۇر »دىن كەلگەن. ئىبرەت سۆزىمۇ ئوخشاش يىلتىزدىن كەلگەن. چۈشلەرنىڭ ھەقىقىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن « ئەجىر قىلىش » كېرەك. ئەقىل بۇ ئىش ئۈستىدە تەر ئاققۇزماي تۇرۇپ چۈشكە تەبىر بەرگىلى بولمايدۇ. يەنى ئالەمى مىسالغا ئائىت كۆرۈنۈشلەر بىرەر سىمۋول ۋە بەلگە بولۇپ، بۇلار تەمسىل قىلغان شەيئىلەرنىڭ ئەسلىگە يېتىش ئۈچۈن بەزى « تار كېچىك »لەردىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

سۈرىدە چۈش ئۈچ قېتىم ئوتتۇرىغا چىقىدۇ:

يۈسۈپنىڭ چۈشى. ئۇ چۈشىدە 11 پىلانېت، ئاي ۋە كۈننىڭ ئۆزىگە سەجدە قىلغانلىقىنى كۆرگەنىدى ( 4 - 6 ).

مەھكۇملارنىڭ چۈشى. يۈسۈپ زۇلەيخانىڭ تۆھمىتى بىلەن زىندانغا تاشلانغانىدى. ئۇ زىنداندىكى ۋاقتىدا مەھكۇملارنىڭ چۈشىگە تەبىر ئېيتىپ بېرىدۇ ( 36 - 37 ). تەبىر ئېيتقان چۈشى تەبىرىگە ماس ھالدا رېئاللىققا ئايلىنىدۇ. يۈسۈپ چۈش تەبىرىنى تەۋھىدكە چاقىرىشنىڭ بىر ۋاستىسى سۈپىتىدە ئىشلىتىدۇ ( 38 - 40 ). يەنى، ئاللاھ نىڭ ئۆزىگە ئاتا قىلغان قابىلىيىتىنى ئاللاھ يولىدا ئىشلىتىدۇ.

مەلىك ( مىسىر ھۆكۈمدارى )نىڭ چۈشى. ھەزرىتى يۈسۈپ مەلىكنىڭ ئەتراپىدىكىلەر تەبىر ئېيتالمىغان چۈشىگە تەبىر ئېيتىپ بېرىدۇ ( 43 - 50 ). مىسىر ھۆكۈمدارى تەبىر ئېيتىلغان چۈشىنىڭ رېئال ھاياتتىكى ئىجراسىنى يۈسۈپكە تاپشۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يۈسۈپ مىسىردىكى پۈتۈن ئىقتىسادى ئىشلىرىغا مەسئۇل بىردىنبىر كىشىگە ئايلىنىدۇ. ھەزرىتى يۈسۈپنىڭ ھاياتىدىكى ئۈچ چۈش ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئۈچ بۇرۇلۇش نۇقتىسىنى تەشكىل قىلغانىدى. دادىسى ياقۇپقا ئېيتىپ بەرگەن چۈشى ھەقىقەتەن ياخشى چۈش ئىدى. لېكىن چۈشنىڭ مۇلاھىزىسى، مۇلاھىزىنىڭ ھەقىقەت بولۇشى ئۈچۈن بېسىشقا تېگىشلىك ناھايىتى ئۇزۇن بىر يول، تارتىدىغان كۆپ جەۋر - جاپا، تۆكۈشكە تېگىشلىك كۆپ تەر، بىرىشكە تېگىشلىك ئېغىر بەدەللەر بار ئىدى. ھەزرىتى ياقۇپ بۇ چۈشنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تەدبىر ئالغان بولسىمۇ، لېكىن تەدبىرى تەقدىرگە بويۇن ئەگكەنىدى:

قَالَ يَا بُنَيَّ لَا تَقْصُصْ رُؤْيَاكَ عَلَى إِخْوَتِكَ فَيَكِيدُوا لَكَ كَيْدًا إِنَّ الشَّيْطَانَ لِلْإِنْسَانِ عَدُوٌّ مُبِينٌ (5) وَكَذَلِكَ يَجْتَبِيكَ رَبُّكَ وَيُعَلِّمُكَ مِنْ تَأْوِيلِ الْأَحَادِيثِ وَيُتِمُّ نِعْمَتَهُ عَلَيْكَ وَعَلَى آلِ يَعْقُوبَ كَمَا أَتَمَّهَا عَلَى أَبَوَيْكَ مِنْ قَبْلُ إِبْرَاهِيمَ وَإِسْحَاقَ إِنَّ رَبَّكَ عَلِيمٌ حَكِيمٌ (6)

ئاتىسى ( يەنى ياقۇپ ئەلەيھىسسالام ): « ئى ئوغلۇم! چۈشۈڭنى قېرىنداشلىرىڭغا ئېيتمىغىن، ساڭا سۇيىقەست قىلىپ سالمىسۇن، شەيتان ئىنسانغا ھەقىقەتەن ئاشكارا دۈشمەندۇر » دېدى. بۇنىڭ مەنىسى، پەرۋەردىگارىڭ سېنى ( پەيغەمبەرلىككە ) تاللايدۇ، ساڭا ۋەقە - ھادىسىلەرنىڭ ئاستىدا ياتقان ھەقىقەتلەرنى ئۆگىتىدۇ / ساڭا چۈش تەبىرىنى بىلدۈرىدۇ، ئەجدادلىرىڭ ئىبراھىم، ئىسھاقلارغا ئىلگىرى الله ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ نېمىتىنى بەرگىنىدەك ساڭىمۇ، ياقۇپ ئەۋلادىغىمۇ ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ نېمىتىنى بېرىدۇ. شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭ ( ئۆز مەرھەمىتىگە كىمنىڭ لايىق ئىكەنلىكىنى ) ئوبدان بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر ( 5 - 6 ).

ھەزرىتى ياقۇپ ئوغلى يۈسۈپنىڭ چۈشىگە توغرا تەبىر بەرگەنىدى. ئۇ، چۈشكە رەببىنىڭ يۈسۈپنى تاللىغانلىقى ۋە نېمىتىنى ئۇنىڭ بىلەن تاماملايدىغانلىقى شەكلىدە تەبىر بەرگەنىدى. ئايەتنىڭ ئالىم ۋە ھەكىم ئىسمى بىلەن ئاخىرلىشىشى ھەقىقەتەن چوڭقۇر مەنىگە ئىگە. ھەزرىتى ياقۇپ بۇ ئارقىلىق ھېچقانداق بىر تەبىرنىڭ ھەقىقەتنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالالمايدىغانلىقىنى ئىپادىلىمەكتە ئىدى. ھەكىم ئىسمى كۆرۈلگەن،

كۆرستىلگەن، كۆرگۈچىنىڭ مەۋجۇدلىقىنىڭ ۋە پۈتۈن بۇلارنىڭ ئارقا پەردىسىدە يۈز بېرىدىغانلارنىڭ ھەتتا ئېلىنغان تەدبىرگە قارىماستىن يۈز بەرگەن ھەر ئىشنىڭ ئارقىسىدا چەكسىز ھېكمەت بارلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

دەرۋەقە پەيغەمبەر ئاتىنىڭ تەدبىرى تەقدىرنى توسۇپ قالالمىدى. ئۆلتۈرۈۋېتىشنى پىلانلىغان قېرىنداشلار يۈسۈپنى قۇدۇققا تاشلىۋېتىش بىلەن كۇپايىلەندى. يۈسۈپنىڭ بەدىنى قۇدۇقتا قالدى، ئۇنى قۇدۇققا تاشلىغانلارنىڭ ئەقلى قۇدۇقتا قالدى. كۈن كەلدى، يۈسۈپ قۇدۇقتىن چىقتى، بىراق ئۇنى قۇدۇققا تاشلىۋەتكەنلەرنىڭ ئەقلى قۇدۇقتىن چىقالمىدى. شەيتاننى شەيتان قىلغان رەشك - ھەسەت قېرىنداشنى قېرىنداش قاتىلى قىلىپ قويغىلى تاس قالغانىدى.

ھەزرىتى يۈسۈپنىڭ قۇدۇقتىن باشلانغان ھايات ھېكايىسى كارۋانلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن قۇل بازىرىدا ئاخىرلاشتى. ئۇنى ناھايىتى ئاز پۇلغا ساتتى ( 20 ). يەنى ئىلكىڭىزگە ئۆتكەننىڭ قىممىتىنى بىلمىسىڭىز، ئۇ سىزگە بىكارغا كەلگەن تەقدىردىمۇ، ساتقان ۋاقتىڭىزدا زىيان تارتىسىز. قىسسە كىشىگە خۇددى يۈسۈپنىڭ ھېكايىسىنى بايان قىلغاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ، لېكىن دىققەت بىلەن زەن سېلىپ قارىغان ۋاقتىڭىزدا، خىتاب قىلىنغۇچىغا « ھازىر ۋە بۇ جايدا » ياشاۋاتقان ھاياتنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. مەسىلەن: « الله (خالىغان) ئىشنى ئاشۇرۇشقا قادىردۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (بۇنى) ئۇقمايدۇ » ( 21 )، « ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز » ( 22 ) دېگەندەك بۇ ھېكمەتلەرگە كۆندىلىك ھاياتتا شاھىت بولىمىز. سۈرىدە بۇنىڭغا ئوخشاش ئىپادىلەر پەقەت ھەزرىتى يۈسۈپ ئۈچۈنلا ئىشلىتىلگەنمۇ؟ ئەلۋەتتە ئۇنداق ئەمەس.

ئەمدى سۈرىدىكى ئۈچ كۆينەك مەسىلىغا قاراپ باقايلى...

بىرىنچى كۆينەك، يۈسۈپنىڭ قانغا بويالغان كۆينىكى بولۇپ، بۇ ھەزرىتى ياقۇپقا يەتكەن مۇسىبەت خەۋىرىنىڭ يالغان شاھىدى سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەنىدى. لېكىن، كۆينەك يالغان شاھىتلىقنى رەت قىلىپ، ھەقىقي ئەھۋالنى ئېيتتى. يەنى بۆرە يىگەن بىرسىنىڭ كۆينىكى ئەمەسلىكىنى، يۈسۈپنى بۆرە يەپ كەتمىگەنلىكىنى، بۇنىڭ بىر توقۇلما ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. يۈسۈپنىڭ كۆينەكنى ئېلىپ كەلگەن قېرىنداشلىرى يالغان ئېيتقان، كۆينەك ھەقىقەتنى بايان قىلغانىدى.

ئىككىنچى كۆينەكمۇ ھەقىقەتنى بايان قىلىپ، زۇلەيخانىڭ تۆھمىتىنى يۈزىگە ئۇرغان، يۈسۈپكە قۇرۇلغان توزاقنىڭ ئەپتى - بەشرىسىنى ئېچىپ بەرگەنىدى. ئارقىدىن يىرتىلغان ھالىتى بىلەن ھەق ۋە ھەقىقەت تەرەپتە تۇرغانىدى. كۆينەك ئىككىنچى قېتىم ھەقىقەتكە شاھىتلىق قىلدى.

ئۈچىنچى كۆينەك، يۈسۈپنىڭ ئاتىسى ياقۇپقا ئەۋەتكەن كۆينىكى بولۇپ، ئۇمۇ ھەقىقەتنى بايان قىلغانىدى. ئۇ گۇماندىن ئۈستۈن كەلگەن « ئىپپەت كۆينىكى » نىڭ دەل ئۆزى ئىدى. چۈنكى يۈسۈپ دادىسىغا بىر كۆينەك ئەۋەتمىگەن، « كۆينىكى »نىمۇ ئەۋەتمىگەنىدى. ئايەتتە تىلغا ئېلىنغاندەك « مانا بۇ كۆينىكىمنى ئېلىپ بېرىڭلار » دېگەنىدى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، ھەزرىتى ياقۇپنىڭ كۆزىنى توسقان پەردىسنى يەنە ئىپپەت كۆينىكى بىلەن ئېلىۋەتكەنىدى.

ھەزرىتى ياقۇپ ئۆلگەنلىكىگە ھەممە كىشى ئىشەنگەن ھەزرىتى يۈسۈپنى پەقەت ئۇنتۇمىغان بولۇپ، « مەن يۈسۈپنىڭ ھىدىنى ئېلىۋاتىمەن » دېگەنىدى ( 94 ). پاك مۇھەببەت ئۈچۈن ئىككى كۆزنى پىدا قىلغان ھەزرىتى ياقۇب بۇنىڭ بەدىلىگە بىر بۇرۇنغا ئىگە بولغان بولۇپ، ئۇ بۇرۇن مىڭ كۆز كۆرەلمىگەن نۇقتىدىن يۈسۈپنىڭ ھىدىنى ئالغانىدى.

ئەسلىدە ھەزرىتى يۈسۈپتىن ئىبارەت بىر تارىخى شەخسىيەت ئۈستىدىن ھايات ھېكايىسى بايان قىلىنغان شەخس دەل مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ ئىدى. سۈرە، ھەزرىتى مۇھەممەدكە شۇ ھەقىقەتنى بايان قىلغانىدى: « ئى مەككىنىڭ يۈسۈپى! تائىف سېنىڭ قۇدۇقۇڭ، مەككە سېنىڭ زىندانىڭ، ھىجرەت سېنىڭ مىسرىغا سەپىرىڭ، مەدىنە سېنىڭ مىسرىڭ. يۈسۈپنى كۈتكەن خوشاللىنارلىق ئاقىۋەت سېنىمۇ كۈتىۋاتىدۇ! مەككىلىك تۇققانلىرىڭ / قېرىنداشلىرىڭ سېنىڭ جېنىڭغا قەست قىلىۋاتىدۇ، لېكىن بۇ خام خىيال، خالاس.

دەرۋەقە، تارىخ بۇ مۆجىزىۋى خۇش خەۋەرنىڭ رېئاللىققا ئايلانغانلىقىنىڭ شاھىدى. كۈنى كەلدى، ئۆزىگە دۇنيانى تار قىلغان مەككىلىكلەر قەھەتچىلىككە مۇپتىلا بولدى. خۇددى ھەزرىتى يۈسۈپنىڭ ھەسەتخور

قېرىنداشلىرىغا ياردەم قىلغىنىدەك، رەسۇلۇللاھمۇ ئۆزىنى قوغلاپ چىقىرىۋەتكەن مەككىلىكلەرگە ياردەم قولىنى ئۇزاتتى. خەيبەردىن كەلگەن كۈمۈشلەرنى مەككىنىڭ ھاكاۋۇر رەئىسى ئەبۇ سۇفيان ئارقىلىق يوقسۇل مەككىلىكلەرگە ئوزۇق - تۈلۈك ئېلىپ تارقىتىپ بېرىش ئۈچۈن ئەۋەتتى. غالىب قوشۇنى بىلەن جېنىغا قەست قىلغان مەككىگە كىردى. كەبىنىڭ ھويلىسىدا ئەندىشە ئىچىدە ئاغزىغا قاراپ تۇرغان مەككىلىكلەردىن :

بۈگۈن سىلەرگە نېمە قىلىشىم ھەققىدە نېمىلەرنى ئويلاۋاتىسىلەر؟ - دەپ سورىدى.

- سەن پەزىلەتلىك بىر ئاتىنىڭ ئوغلى، سەندىن پەقەت ياخشىلىق كۈتىمىز! - دەپ جاۋاب بېرىشتى.

خۇددى يۈسۈپ قېرىنداشلىرىغا ئېيتقىنىدەك، مەنمۇ : « بۈگۈن سىلەر ئەيىبلەشكە ئۇچرىمايسىلەر! » دەيمەن، دېدى.

رەسۇلۇللاھ يۈسۈپ سۈرىسىنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشەنگەنىدى. كىم بىلىدۇ، بەلكىم رەسۇلۇللاھ ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىگە سەۋر تېغىدا ھايات - مامات خەۋپى كۆز ئالدىدا نامايەن بولغان ئەنە شۇ « ئۈچىنچىسى ئاللاھ بولغان ئىككى كىشىگە كىم نېمە قىلالايدۇ ئى ئەبۇ بەكرى! » دېگەن ۋاقتىدا، بۇ خۇش بىشارەتكە ئاساسلانغان بولسا كېرەك.

سۈرە باشتىن ئاخىر خىتاب قىلىنغۇچىلىرىغا قارىتا بەلگىلىك مەقسەتنى ئىپادىلىگەن سىمۋوللار بىلەن تولۇپ تاشقان. بۇلاردىن بىرىنچىسى « كۆينەك » سىمۋولى بولۇپ، ھەسەتنىڭ شاھىدى بولغان يۈسۈپنىڭ قانلىق كۆينىكى ۋە زۇلەيخا ئارقىدىن يىرتىۋەتكەن ئىپپەت كۆينىكى. بۇ ئارقىلىق « ھەممىڭلار بىر يۈسۈپ ۋە ھەر يۈسۈپنىڭ بىر زۇلەيخاسى بار. كۆينىكىڭىزنىڭ قەيەردىن يىرتىلغانلىقىغا دىققەت قىلىڭ. كۆرمەيدىغان كۆزلەرنى ئاچقان بىر جىسمى كۆينەك ئەمەس، بەلكى ئىپپەت كۆينىكىدۇر. كارامەت كۆينەكتە ئەمەس، ئىپپەتتە » دېمەكتە.

گەرچە بۇ قىسسىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن باش قەھرىمانلار يۈسۈپ ۋە زۇلەيخا بولغان بولسىمۇ، ئۇلار ئارقىلىق ھەقىقىي تۈردە يارىتىلغان ئوبراز « ئىپپەت ۋە شەھۋەت »تۇر. قىسسە ئىپپەتنىڭ شەھۋەتتىن غالىپ كەلگەنلىكىنى بايان قىلماقتا.

يۈسۈپ قىسسىسى تەۋراتتىمۇ بايان قىلىنىدۇ، لېكىن بۇ ئىككى قىسسىنى سېلىشتۇرۇپ ئوقۇش، قۇرئاننىڭ ئارىدىكى پەرقىنى كۆرسىتىشكە يېتىپ ئاشىدۇ. تەۋراتتىكى باياندا نە يۈسۈپ يۈسۈپتۇر، نە ياقۇپ ياقۇپتۇر پەيغەمبەردۇر. تەۋراتتىكى بايانلار قوپال، ماددىي ۋە ھېكمەتسىز بولۇپ، قۇرئاندىكى بايانلار ئەدەبى، مەنىۋىي ۋە ھېكمەتلەر بىلەن تولۇپ تاشقان.

يۈسۈپ قىسسىسىدىن كېيىن، خىتاب قۇرئان ۋەھيىنىڭ تۇنجى خىتاب قىلىنغۇچىسى بولغان رەسۇلۇللاھقا قارىتىلىدۇ ( 102 ). بىۋاستە ھالدا رەسۇلۇللاھنىڭ ئۈمىد - ئارزۇلىرىنى، يەنى دىلىدىكى سۆزىنى بايان قىلىدۇ. بۇ ئارزۇنىڭ ئەڭ ئالدىدا ئىنكارچى قەۋمىنىڭ مۆجىزە تەلىپى كەلمەكتە. بۇ تەمەنىڭ مەنىۋىي كۆلەڭگۈسى ئەلۋەتتە رەسۇلۇللاھنىڭ قەلبىگە چۈشكەنىدى. مانا بۇ نۇقتىدا، قۇرئان بارلىق مۆجىزە تەمە قىلغان ئىنكارچى ھاماقەتلەرگە بىر تەستەكتىنمۇ قاتتىق تۇيغۇ بېرىدىغان ئايەت بىلەن جاۋاب بېرىدۇ:

« ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا ( الله نىڭ قۇدرىتىنىڭ ) نۇرغۇن ئالامەتلىرى باركى، ئۇلا ر ئۇنىڭ يېنىدىن دىققەت قىلماستىن ئۆتۈپ كېتىدۇ » ( 105 ).

خۇلاسىلىگەندە، قايسى ساھەدە بولسۇن ئەڭ ياخشى ماقامنىڭ پىلانىنى ئاللاھ قىلىدۇ. بۇ پىلانىنى ئاللاھ نى ھېساپقا قېتىپ تۇرۇپ قىلغۇچىلار غەلبە قازىنىدۇ.

## **ھىجر سۈرىسى**

سۈرە ھىجر ئىسمىنى 80 - ئايەتتىن ئالغان.

ھىجر « قورام تاشلىق جاي » ياكى « يىپىق ھاۋزا » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ، تارىخى مەنبەلەردە قەدىم زامانلاردىن تارتىپ سەمۇد قەۋمى ياشىغان جاي ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن. بۇ رايون قورام تاشلار بىلەن قاپلانغان بولۇپ، ۋولقان پارتلىشى بىلەن شەكىللەنگەن. يۇنان ۋە رىم مەنبەلىرىدە « ھەگرا » دەپ ئاتالغان. بۇ جاي باشتىن ئاياغ مېمارچىلىققا قولايلىق غايەت چوڭ قورام تاشلار بىلەن قاپلانغانلىقتىن بۇ ئىسىم بىلەن ئاتالغان. بۇ قورام تاشلار شۇنداق چوڭ بولۇپ، ئۇزۇنلىقى 1500 مېتىر، كەڭلىكى 700 مېتىر، ئېگىزلىكى 100 مېتىر ئەتراپىدا. باشقا بىر ئىزاھاتقا قارىغاندا، شەھەر قورام تاشلار ئويۇپ بىنا قىلىنغانلىقتىن ھىجر دەپ ئاتالغان. بۇ قورام تاشلار شەھىرى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ھەشەمەتتى بىلەن كۈنىمىزدىمۇ مەۋجۇدلۇقىنى ساقلاپ كەلمەكتە. ھالاك قىلىنغان بۇ قورام تاش شەھىرىنىڭ ئاھالىسى كۈنىمىزدە مەدائىنى سالىھ ( سالىھنىڭ شەھىرى ) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ جاي مەدىنىدىن 400 كىلومېتىر يىراقلىقتا بولۇپ، بۈگۈنكى سەئۇدىي ئەرەبىستان تېررىتورىيىسى ئىچىدە ئورۇن ئالماقتا.

سەمۇد، بەھەيۋەت مەۋجۇدلۇقى ۋە پاجىئەلىك ئاقىۋىتى بىلەن ئەرەپ يېرىم ئارىلى خەلقىنىڭ خاتىرىسىدە يەر ئالغان بولۇپ، گۈللەنگەن بىر مەدەنىيەتنى تەمسىل قىلغانىدى. ئۇلار مەزكۇر رايونغا چۈشكەن ھۆل - يېغىن مىقدارىنىڭ چەكلىك بولۇشىغا قارىماي، بىر سۇ مەدەنىيىتى بەرپا قىلغانىدى. ئۇلار كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان سۇ يوللىرى ۋە سۇنى ياخشى ساقلايدىغان سۇ ئامبارلىرىنى بەرپا قىلغانىدى. سەمۇد، « ئاز سۇ » دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

سۈرە تۈنجى تەرتىپلەردە يۇسۇپ سۈرىسىنىڭ ئارقىسىغا تىزىلغان. بۇ رىسالەتنىڭ 10 - ياكى 11 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ ھىجر سۈرىسىنىڭ قۇرەيش بايقۇتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى ياكى ئۇنىڭدىن كېيىنكى مەزگىلدە چۈشكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۆتمۈش قەۋملەرنىڭ ھالاكىتىنى بايان قىلغان قىسسەلەر قۇرەيش بايقۇتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى ياكى ئۇنىڭدىن كېيىنكى مەزگىلدە نازىل بولغان سۈرىلەرنىڭ تىپىك ئالاھىدىلىكى بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ئىنكارچىلارنى ئاگاھلاندۇرۇش مەقسەت قىلىنغان. بۇ سۈرىدىمۇ « ئەگەر سىلەرمۇ بۇلارغا ئوخشاش ئىنكار قىلىشتا چىڭ تۇرساڭلار، ئاقىۋىتىڭلار سالىھ قەۋمىنىڭ ئاقىۋىتى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ » دېيىلمەكتە.

سۈرىنىڭ تېمىسى، تىلى، ئۇسلۇبى ۋە لىرىك قۇرۇلمىسىدىن مەككىدە نازىل بولغانلىقى ئېنىق نامايەن بولماقتا. بارلىق نوپۇزلۇق ئالىملارنىڭ ھەممىسى سۈرىنىڭ پۈتۈنلەي مەككىدە نازىل بولغانلىقى ھەققىدە ھەمپىكىر.

ھىجر سۈرىسىنىڭ ئانا تېمىسى « ئىنسان » بولۇپ، بۇ سەۋەبتىن ئىنساننىڭ ئېلېمېنتلىق قۇرۇلمىسىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان، قۇرئاندا نادىر ئىشلىتىلگەن ئۇقۇملار بۇ سۈرىدە زىچ ھالدا ئىشلىتىلگەن ( 26، 28، 33 ). سۈرىنىڭ كىرىش قىسمىمۇ ئاساسەن بۇ ئانا تېمىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، سۈرە ئىنكار قىلىشتا چىڭ تۇرغانلارنى ئاگاھلاندۇرغان ھالدا باشلانغان. چۈنكى، ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھ، ئىنساننىڭ ئۆزىنى ئۆزى زايا قىلىشىغا رازى ئەمەس. ئىنسان ئاللاھ نىڭ شاھ ئەسەرى. ئىلاھىي بىر شاھ ئەسەر بولغان ئىنساننىڭ ئۆزىنى زايا قىلىشىنى، ئەسلىدە ئاللاھ نىڭ ئەجرىنى ئىسراپ قىلىشقا تەڭ ئىكەنلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس. سۈرىنىڭ باشلىنىشىدىكى بۇ ئايەتلەر بۇ نەزەر بىلەن ئوقۇلغان ۋاقىتتا، ئىلاھىي شەپقەت ۋە مەرھەمەتنىڭ بىر ئىپادىسىنى ئەكس ئەتتۈرمەكتە:

الر تِلْكَ آَيَاتُ الْكِتَابِ وَقُرْآَنٍ مُبِينٍ (1) رُبَمَا يَوَدُّ الَّذِينَ كَفَرُوا لَوْ كَانُوا مُسْلِمِينَ (2)

« ئەلىف، لام، را. بۇ، كىتابنىڭ ـ ئۆزى چۈشىنىشلىك ۋە بايان قىلغۇچى روشەن قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىدۇر. كاپىرلار ( قىيامەتنىڭ دەھشىتىنى كۆرگەندە، دۇنيادىكى چېغىمىزدا ) مۇسۇلمان بولغان بولساقچۇ دەپ ئارمان قىلىدۇ » ( 1 - 2 ).

ئىلاھىي شەپقەت بۇ ئايەتلەردىن كېيىن مۇنداق بايان قىلىنغان: « بىز ھەر قانداق بىر شەھەرنى ( ئالدى بىلەن ) چۈشەنگىلى بولىدىغان ئىلاھىي بىر ۋەھيى ئەۋەتمەي تۇرۇپ ھالاك قىلمىدۇق » ( 4 ). بۇ ئىلاھىي شەپقەتنىڭ بىر ئىپادىسى ئىدى. ئىنسانغا ئەقلىنىڭ بىرلىشىمۇ ئىنساننىڭ توغرا يولنى تېپىشى ئۈچۈن يېتەرلىك

ئىدى. ئەمما، ئاللاھ رەھمەت ئۈستىگە رەھمەت ئاتا قىلىپ ۋەھيي بىلەن ئىنساننى ئېتىبارغا ئېلىشى ئۇنىڭ رەھمىتىنىڭ بىر نامايەندىسىدۇر. ئۇنداقتا، ئۇنىڭ رەھمىتىنىڭ ئەڭ چوڭ تەجەللىسى بولغان ۋەھيىنى ئېلىپ كەلگەن ئەلچىنى « مەجنۇن » ( 6 ) دېيىش نېمە دېگەنلىك بولىدۇ؟ ئەلۋەتتە بۇ ئىنساننىڭ تۇز كورلۇقتا چەكتىن ئاشقانلىقىنىڭ بىر ئىپادىسى.

سۈرە ھەر ئىنكارچى قەۋمدەك، مەككە مۇشرىكلىرىنىڭمۇ « پەرىشتە رەسۇل » تەلەپلىرىدىن خەۋەر بېرىدۇ ( 7 ). ئۇنىڭدىن باشقا، ۋەھيىنىڭ خاتىرىلەنگەن تەبىئىتى ئىما قىلىنغان ئەل - كىتاب بولۇشىغا ھەم ۋەھيىنىڭ سۆز شەكلىدىكى بىر خىتاب بولغان قۇرئان ئىكەنلىكىگە كىشىنىڭ دىققەت نەزىرىنى ئاغدۇرىدۇ. سۈرە بۇ شەكىلدە باشلىنىپ، بىزنى تەبىئىي ھالدا مەزكۇر سۈرىنىڭ سەرخىل ئايىتى بولغان 9 - ئايەتنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ ئايەت، قۇرئاندىكى قۇرئان ۋەھيىنىڭ ئاللاھ نىڭ ھىمايىسى ئاستىدا ئىكەنلىكىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئايەتلىرىدىن بىرىسىدۇر:

إِنَّا نَحْنُ نَزَّلْنَا الذِّكْرَ وَإِنَّا لَهُ لَحَافِظُونَ

« قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە چوقۇم ئۇنى قوغدايمىز » ( 9 ).

نەزىرىمىزنى باشتا ئاسمانغا يۈزلەندۈرگەن بۇ سۈرە، ئۇ يەردە ئاللاھ نىڭ بۈيۈك قۇدرەت ۋە ئەزىمىتىنى كۆرۈشكە بىزنى دەۋەت قىلىدۇ ( 16 ). تېما يەنە ۋەھيىنىڭ ھىمايە ئاستىغا ئېلىنغانلىقىدۇر. ئوغۇرلۇقچە قۇلاق موللىسى بولماقچى بولغان ھەر قانداق شەيتان ۋە شەيتانسىمانلار ھەرگىزمۇ ۋەھيىدىن خەۋەردار بولالمايدۇ ( 17 - 18 ). بۇ يەردە دېيىلمەكچى بولغان مەقسەت ناھايىتى روشەن. يەنى، غەيبتىن خەۋەر بېرىدىغانلىقىنى داۋا قىلغان، ئۆزىگە ۋەھيي ياكى ۋەھيىگە ئوخشاش بىر نەرسە كەلگەنلىكىنى ئىما قىلغان ھەر كىم، ھەددىنى بىلمەي چەكتىن ئاشقان ھالدا ئاللاھ ۋە نەبىلەردىن رول تالاشقانلاردۇر. بۇ تۈردىكى ھەر قانداق بىر داۋا مەنىۋىي « ئوغۇرلۇق »تۇر. ئىشنىڭ ئەجەپلىنەرلىك تەرىپى شۇكى، باشقىلارنى ئالدىغان بۇ خىل كىشىلەرنى شەيتان ئالدىغان بولۇشى مۇمكىن. ئالدىنىش بىر ئەخمەقلىق بولغان بولسا، ئالدام خالتىغا چۈشكەنلەرگە ئالدىنىش ئىككى ئەخمەقلىق بولىدۇ.

سۈرىنىڭ داۋامىدا ئىنساننىڭ ئېلېمېنتلىق قۇرۇلمىسى بايان قىلىنىدۇ ( 26 ). ئىنسان كۆرگىلى بولىدىغان ئىرادىلىك مەخلۇقتۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، دۇنيا كۆزى بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان ئىرادىلىك مەخلۇقلار بار بولۇپ، قۇرئان بۇلارنىڭ ھەممىسىنى جىن دەپ ئاتايدۇ. دۇنيا كۆزى بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان ئىرادىلىك مەخلۇقلارنىڭ يارىتىلىشىدىن بىز قۇرئان ئارقىلىق خەۋەردار بولىمىز. ئاللاھ ئۇلارنى « كۆيدۈرۈپ تاشلايدىغان، تىل ئىپادىلەشكە ئاجىز كېلىدىغان بىر ئوتتىن » ياراتقان ( 27 ).

ئاندىن بايان خۇددى ئەئراف سۈرىسى 10 - 30 - ئايەتلىرى ئارىسىدا بايان قىلىنغان بەشەرگە روھ پۈۋلىنىپ ئادەمگە ئايلاندۇرۇش ھەققىدىكى قىسسەگە ئوخشاش، سۈرىدە سۆز يەنە ئىنساننىڭ ئېلېمېنتلىق قۇرۇلمىسىغا ئۆتىدۇ ( 28 ). لېكىن، ئەئراف سۈرىسىدىكى بايان بىلەن ھىجر سۈرىسىدىكى باياندا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك گەۋدىلىك پەرقلەر بار. ئەئرافتا ئىبلىسنىڭ ئىنسانلارغا مۇسەللەت بولغانلىقى تەپسىلى بايان قىلىنمايدۇ. بىراق ھىجر سۈرىسىدە ئىبلىسنىڭ ئىنسانغا مۇسەللەت بولۇشى كەڭ دائىرىدە بايان قىلىنغان ( 32 - 44 ).

ئىبلىسنىڭ غەلىبىسى ئىنسان يول قويغان دائىرە ئىچىدە بولىدۇ. بۇنى تۆۋەندىكى ئايەت بايان قىلماقتا:

إِنَّ عِبَادِي لَيْسَ لَكَ عَلَيْهِمْ سُلْطَانٌ إِلَّا مَنِ اتَّبَعَكَ مِنَ الْغَاوِينَ

« مېنىڭ بەندىلىرىمگە ( يەنى ئۇلارنى ئازدۇرۇشقا ) سېنىڭ كۈچۈڭ يەتمەيدۇ، پەقەت گۇمراھلاردىن ساڭا ئەگەشكەنلەرگىلا ( سېنىڭ كۈچۈڭ يېتىدۇ ) » ( 42 ).

ئىبلىسنىڭ ئېچىنارلىق ھېكايىسىدىن كېيىن سۆز ھالاك قىلىنغان قەۋملەرگە كېلىدۇ. ئەسلىدە بۇ، قۇرئان كۆپ ئىشلىتىدىغان بىر ئۇسلۇبنىڭ ئالاھىدىلىكى. بۇ ئارقىلىق « ئىبلىسنىڭ ئەسكىرى بولغانلارنىڭ پاجىئەلىك ئاقىۋىتىنى

بىلمەكچى بولغانلار لۇت قەۋمىنىڭ ( 51 - 77 )، مەديەن ئاھالىسىنىڭ ( 78 - 79 )، ھىجر خەلقىنىڭ ( 80 -84 ) پاجىئەلىك ئاقىۋىتىگە قارىسۇن » دېيىلمەكتە.

بۇ ئەسكەرتىشتىن كېيىن، سۆز ئەسلى ۋە قۇرئان ۋەھيىنىڭ تۇنجى خىتاب قىلىنغۇچىسىغا، يەنى رەسۇلۇللاھقا كەلتۈرۈلگەن. بۇ تارىخى ھالاك ئۆرنەكلىرىدىن كېيىن، رەسۇلۇللاھنىڭ يۈرىكىگە سۇ سېپىلىشى كېرەك ئىدى. مانا بۇ تۆۋەندىكى ئايەتلەر رەسۇلۇللاھ ئۈچۈن بىر تەسەللىي ھەدىيەسى ئىدى:

فَاصْدَعْ بِمَا تُؤْمَرُ وَأَعْرِضْ عَنِ الْمُشْرِكِينَ (94) إِنَّا كَفَيْنَاكَ الْمُسْتَهْزِئِينَ (95)

« ساڭا بۇيرۇلغاننى ( يەنى رەببىڭنىڭ ئەمرىنى ) ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويغىن، مۇشرىكلار ( نىڭ مەسخىرەلىرىگە ) پەرۋا قىلمىغىن. سېنى مەسخىرە قىلغۇچىلارغا بىز چوقۇم تېتىيمىز » ( 94 - 95 ).

بۇ تەسەللىيلەرگە نېمە ھاجەت بار ئىدى؟ سەۋەبى تۆۋەندىكى ئايەتتە:

« بىز ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن يۈرىكىڭنىڭ سىقىلىۋاتقانلىقىنى ئوبدان بىلىمىز » ( 97 ).

سۆزىمىزنى خۇلاسىلىسەك، سۈرىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەرنى مۇنداق ئىخچاملاشقا بولىدۇ:

بۇنىڭغا ئوخشاش سۈرىلەردىكىدەك ئىنكارچىلارنى قورقۇتقان بىر ئۇسلۇب بىلەن ۋەھيي، شەرئى تەرىپى بىلەن تەكىتلەنگەن نۇبۇۋۋەت، ئىنسانلارنىڭ كوللىكتىپ ئەقلىنى شەكىللەندۈرگەن تارىخ، ئىنساننىڭ ئەبەدىي ئىستىقبالى بولغان ئاخىرەت، بىر كىتاب سۈپىتىدە تونۇشتۇرۇلغان تەبىئەت ۋە ئىنساننىڭ مۇستەھكەم ئىرادىسى بولغان تەۋھىد بايان قىلىنغان.

ھالاك قىلىنغان مەدەنىيەتلەر ئۆرنەكلىرى ئارقىلىق، خىتاب قىلىنغۇچىلارنىڭ ئەستە تۇتۇش خاتىرىسىنى يېڭىلىغان مەزكۇر سۈرىنىڭ ئانا تېمىلىرىدىن يەنە بىرسى پەيغەمبەرلىك مۇئەسسەسىدۇر. بۇ دائىرىدە، ۋەھيىنىڭ شەخسىيەت بەرپا قىلغۇچى فونكسىيىسىنىڭ ئەڭ تىپىك ئىككى ئۆرنىكى مۇنداق بايان قىلىنغان:

لَا تَمُدَّنَّ عَيْنَيْكَ إِلَى مَا مَتَّعْنَا بِهِ أَزْوَاجًا مِنْهُمْ وَلَا تَحْزَنْ عَلَيْهِمْ وَاخْفِضْ جَنَاحَكَ لِلْمُؤْمِنِينَ

« بەزى كاپىرلارنىڭ بىز بەھرىمەن قىلغان نەرسىلىرىگە كۆز سالمىغىن، ئۇلار ( نىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقىدىن ) قايغۇرمىغىن، مۆمىنلەرگە كەمتەر بولغىن » ( 88 ).

وَاعْبُدْ رَبَّكَ حَتَّى يَأْتِيَكَ الْيَقِينُ

« سەن ئۆزۈڭگە ئۆلۈم كەلگەنگە قەدەر پەرۋەردىگارىڭغا ئىبادەت قىلغىن » ( 99 ).

يا رەببى! بىزنى ساڭا ئىبادەت قىلىشتىن مەھرۇم بولغانلار قاتارىدىن قىلمىغىن!

## ئەنئام سۈرىسى

ئەنئام سۈرىسى « ھايۋانلار ( تۆگە، كالا، قويلار ) » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ئىسمىنى، توقۇپ چىقىلغان يالغان مۇقەددەسلەر ھەققىدە توختالغان 136 - ۋە داۋامىدىكى ئايەتلەردىن ئالغان.

سۈرىدە بۇ كەلىمە ئالتە قېتىم تىلغا ئېلىنىدۇ. سۈرە رەسۇلۇللاھنىڭ مەزگىلىدىلا بۇ ئىسىم بىلەن ئاتالغان.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، نۇبۇۋۋەت دەلىللىرىدىن بەزىلىرى بۇ سۈرىدە بايان قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، بەزىلەر بۇ سۈرىنى « دەلىل، ئىسپات » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ھۆججەت ئىسمى بىلەن ئاتىغان.

سۈرە مەككە دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، يەنى پەيغەمبەرلىكنىڭ 10 - ياكى 11 - يىلىدا بىر قېتىمدىلا نازىل بولغان.

دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئۈچ تەرتىپتە ھىجر - ساففات سۈرىسى ئارىسىغا تىزىلغان. ئىبن ئابباستىن مۇجاھىد ئارقىلىق يېتىپ كەلگەن ۋە سۈيۇتى « ئىسنادى جەييىت، رىجالى سىقادىر » دەپ ئاتىغان بىر رىۋايەت 151 -

153 - ئايەتلەرنىڭ مەدىنىدە نازىل بولغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن ( سۇيۇتى، « ئىتقان »، 1، 25 ). بۇ رىۋايەت خېلى كۆپ نوپۇزلۇق تەپسىرشۇناسلار تەرىپىدىنمۇ تەكرارلانغان. بەزى نوپۇزلۇق شەخسلەر مەدىنىدە نازىل بولغان ئايەت سانىنى 6 دەيدۇ ( بەسائىر ). ھەتتا، فىرۇزئابادى بۇ ئالتە ئايەتنى مەككىدە ئىككى قېتىمدا نازىل بولغانلىقىنى، قالغان ئايەتلەرنىڭ مەككىدە بىر قېتىمدا نازىل بولغانلىقىنى بايان قىلغان.

مەككىدە ياكى مەدىنىدە نازىل بولغان سۈرىلەرنىڭ بىر قىسمىنىڭ پەرىقلىق زاماندا نازىل بولغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش سەل قارىغىلى بولمايدىغان مۇھىم مەسىلە. چۈنكى بىر بۆلەكنىڭ مەككىدە ياكى مەدىنىدە نازىل بولغانلىقىنىڭ تەپسىر، شەرھىيلەرگە كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلغىلى بولمايدۇ. مەككىدە ياكى مەدىنىدە نازىل بولغان ئايەتلەر ئۇسلۇب جەھەتتىن پەرىقلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ ئىككى دەۋردە نازىل بولغان سۈرىلەرنىڭ ئەڭ تىپىك پەرقى، مەككىدە نازىل بولغان سۈرە ئايەتلىرى كىشىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىش ئۈچۈن بالاغەتنى گەۋدىلىك شەكىلدە ئىشلەتكەن. مەدىنىدە نازىل بولغان ئايەتلەردە مەزمۇن ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن. بۇ سەۋەبتىن مەككىدە نازىل بولغان ئايەتلەر يىل جەھەتتىن پەرىقلىنىپ تۇرسىمۇ، لىرىك جەھەتتىن كىشىنىڭ دىققىتىنى جەلىپ قىلىدۇ، ھەجىم جەھەتتىن بىر قەدەر قىسقا، خىتاب جەھەتتىن كىشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىككى مەزگىلدە نازىل بولغان ئايەتلەرنىڭ مەزمۇنىمۇ كۆزگە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە پەرىقلىنىپ تۇرىدۇ. مەككىدە نازىل بولغان ئايەتلەردە ئېتىقاد ۋە ئەخلاق ئاساسلىرى ئېغىر سالماقنى ئىگىلەيدۇ. مەدىنىدە نازىل بولغان ئايەتلەردە ئىبادەت ۋە مۇئامىلات ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. مانا بۇ سەۋەبتىن مەككىدە نازىل بولغان بىلەن مەدىنىدە نازىل بولغانلىق ئارىسىدىكى پەرقنى نەزەردىن ساقىت قىلغىلى بولمايدۇ.

مانا بۇ سەۋەبلەرگە ئاساسەن بىر ئايەت ياكى ئايەتلەر گۇرۇپپىسىنىڭ ئۆزى نازىل بولغان دەۋردىن باشقا بىر مەزگىل ۋە ماكاندا نازىل بولغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش سەل قارايدىغان مەسىلە ئەمەس. يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش مەككىدە نازىل بولغان ئايەتلەرنى مەدىنىدە نازىل بولغان ياكى مەدىنىدە نازىل بولغان ئايەتلەرنى مەككىدە نازىل بولغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ.

شۇڭا بۇ خىل رىۋايەتلەرنى تۆۋەندىكىدەك بەش خىل ئۆلچەمگە سېلىش كېرەك. بىزمۇ ئىبنى ئابباستىن نەقىل قىلىنغان ۋە مەككىدە نازىل بولغان ئەنئام سۈرىسى ئىچىدە يەر ئالغان، ئەمما مەدىنىدە نازىل بولغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن 151 - 153 - ئايەتلەرنى بۇ ئۆلچەمگە سېلىپ باقايلى:

1. تون ۋە پاسىل. بۇ جەھەتتىن مەدىنىدە نازىل بولغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن 151 - 153 - ئايەتلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كەلىمىلىرى بولغان « تاقىلۇن، تەزەككەرۇن، تەتتەقۇن » ئۆزىدىن ئىلگىرىكى 150 - ئايەت ۋە كېيىنكى 154 - ئايەتنىڭ ئاخىرقى كەلىمىسى « يۇئمىنۇن » بىلەن تون جەھەتتىن ماسلىققا ئىگە بولۇپ، ئالدى ۋە كېيىن جەھەتتىن سۈرىنىڭ لىرىك تون بىلەن بىردەكلىككە ئىگە.

2. تىل. بۇ جەھەتتىن قارىغان ۋاقتىمىزدا 149، 150 ۋە 151 - ئايەتلەر « قۇل ( ئېيتقىنكى ) » بىلەن باشلانغان. 153، 154 ۋە 155 - ئايەتلەر سۆز باغلىغۇچلىرى بىلەن مەنىنى بىر - بىرىگە باغلايدۇ. يەنى، « سۇممە، ۋە » باغلىغۇچىلار ئىشلىتىلگەن. بۇ سەۋەبتىن ھەم 149، 150، 151 ، ھەم 153، 154، 155 - ئايەتلەر تىل نۇقتىسىدىن بىر - بىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، مەنىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، 154 - ئايەتنىڭ باشلىنىشى، ئايەتنى ئالدىنقى بۆلەك بىلەن بىۋاستە ھالدا باغلايدۇ: « بەرىكەت مەنبەسى بولغان بۇ كىتابنى ( ۋە ھازا ... ) بىز نازىل قىلدۇقكى، ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار ».

3. مەزمۇن.

1) ئۈچ ئايەتنىڭ مەزمۇنى ۋە پۈتۈن گەۋدىگە بولغان نىسبىتى. مەزكۇر ئايەتلەر مەزمۇن جەھەتتىن بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە. ھارام قىلىنغانلارنىڭ چەكلىك ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەندىن كېيىن بۆلارنى تىلغا ئالىدۇ. بۇ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى بۆلەكنىڭ جاۋابىدۇر. چۈنكى بۇ ئايەتلەردىن بۇرۇن ( 145 ) ھارام قىلىنمىغان بولسىمۇ، خۇراپاتقا تايىنىپ « ھارام » قىلىۋالغان نەرسىلەر تىلغا ئېلىنمىغاچقا.

2) پۈتۈننىڭ مەزمۇنى ۋە پارچىغا بولغان نىسبىتى. بۇ بۆلەكتىن بۇرۇن كەلگەن 146 - ئايەت بۇ ئۈممەتنىڭ تارىخى ئۆرنىكى بولغان يەھۇدىيلار ھەققىدە توختالغان. ئارقىسىدا كەلگەن 154 - ئايەت مۇسا ۋە تەۋرات ھەققىدە توختىلىدۇ. بۆلەك ئەھكامغا مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقتىن مەدىنىدە نازىل بولغان دەپ قارالسا، ئالدىدىكى ۋە ئارقىسىدىكى ئايەتلەر يەھۇدىيلار ھەققىدە توختالغانلىقى ئۈچۈن بۇلارمۇ مەدىنىدە نازىل بولغان ئايەتلەر قاتارىدا بولۇشى كېرەك. بۇ ئەلۋەتتە توغرا ئەمەس. 151 - 153 - ئايەتنىڭ پۈتۈننىڭ پارچىسى ئىكەنلىكىنى بىلىشنىڭ ئەڭ قىسقا يولى مەزكۇر ئايەتلەرنى پۈتۈن گەۋدىدىن چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن قالغان قىسمىنى ئوقۇش.

4. ئۇسلۇب. سۈرە دەۋرداش سۈرىلەر بىلەن ئۇسلۇب جەھەتتىن ئوخشاشلىقتا ۋە رەڭدارلىقتا ئىگە.

5. رىۋايەتلەرنىڭ توغرا بولۇش ئېھتىماللىقى. بۇ نۇقتىدىن ئەبۇ ئۇبەيد ۋە تابەرانىنىڭ ئىبنى ئابباستىن قىلغان نەقلىگە قارىغاندا، بۇ سۈرىنىڭ ھەممىسى بىر كېچىدە نازىل بولغان ( سۇيۇتى، ئىتقان، 1، 107 ). بۇنىڭغا ئوخشاپ قالىدىغان بىر رىۋايەت ئىبنى ئۆمەردىنمۇ كەلگەن. بۇ، ئاتا، سۇفيان، ئىكرىمە ۋە ئەل - ئاۋفىنىڭ قارىشىدۇر ( ئىبنى ئاشۇر ).

يەنە بىر تەرەپتىن، رەسۇلۇللاھ بەزى ئايەتلەرنى بەزى ۋەقەلەردىن كېيىن ئوقۇيتتى، بۇنى ئاڭلىغان بەزىلەر ئۇ رىۋايەتنى ئۇ ۋەقە سەۋەبىدىن نازىل بولغان دەپ چۈشىنىپ قالغاندى. بۇ ئۆلچەملەرمۇ شۇنى كۆرسىتىدۇكى، بۇ سۈرە زامان جەھەتتىن بىر پۈتۈنلۈكنى تەشكىل قىلماقتا.

رىۋايەتلەر سۈرىنىڭ بىر قېتىمدا نازىل بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئەگەر بۇ سۈرىگە ئىسىم قويۇش ھەققىمىز بولغان بولسا ئىدى، بىز بۇ سۈرىنىڭ ئىسمىنى « تەۋھىد سۈرىسى » دەپ قوياتتۇق. چۈنكى، سۈرىنىڭ ئانا تېمىسى تەۋھىدتۇر. بۇ بىرىنچى ئايىتىدىلا مەلۇم بولماقتا:

الْحَمْدُ لِلَّهِ الَّذِي خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ وَجَعَلَ الظُّلُمَاتِ وَالنُّورَ ثُمَّ الَّذِينَ كَفَرُوا بِرَبِّهِمْ يَعْدِلُونَ

« جىمى ھەمدۇسانا ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان، زۇلمەتلەرنى ۋە نۇرنى پەيدا قىلغان الله قا خاستۇر! ئاندىن ( يەنى مۇشۇنداق دەلىللەرنى كۆرۈپ تۇرۇپ ) كاپىرلار پەرۋەردىگارىغا باشقىلارنى شېرىك كەلتۈرىدۇ » ( 1 ).

سۈرىنىڭ باشلىنىشىدا مەۋجۇدىيەت، ئىنسان ۋە كائىنات نۇقتىسىدىن تەۋھىد ھەر تەرىپى بىلەن كەڭ دائىرىدە بايان قىلىنىدۇ. ئىنسانىنىڭ « قارا لايدىن يارىتىلغانلىقى » تىلغا ئېلىنىپ، بارلىق شېرىك كەلتۈرۈشنىڭ ئاللاھ قا قارشى تۇزكورلۇق قىلغانلىق ئىكەنلىكى ئىما قىلىنىدۇ. ئادەتتىكى بىر بىئولوگىيىلىك شەيئىدىن ئىنساندىن ئىبارەت مانا مۇشۇنداق مىسلىسىز ۋە مۆرەككەپ بىر شاھ ئەسەرنى ياراتقان ئاللاھ نىڭ، كائىناتتا ئۆزىنى نامايەن قىلىۋاتقان سىستېمىسىنىڭ ئىسمى « تەۋھىد »تۇر. ئىنساننىڭ تەۋھىدنى تەرك ئېتىشى مەزكۇر سىستېمىغا خىيانەت قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى ئەقىللىق بىر مەخلۇق بولۇش سۈپىتى بىلەن تەۋھىدنىڭ سىرتىغا چىققان ئىنسان، سىستېمىنى بۇزۇش ۋە بۇزغۇنچىلىقتا ئۈچرىتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشقا باشلايدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، سىستېما تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن « ئۆزىنى قوغداش قانۇنى » ئۆزىنى كۆرسىتىشكە باشلايدۇ. بۇ ئاساسەن بىر « ھالاك بولۇش » جەريانىدۇر. 6 - ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان ھالاك قىلىنىشمۇ سىستېمىغا قارشى ھەرىكەت قىلغۇچىلارنىڭ پاجىئەلىك ئاقىۋىتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. تۆۋەندىكى ئايەت مانا بۇ ھەقىقەتنى جاكارلىماقتا:

قُلْ سِيرُوا فِي الْأَرْضِ ثُمَّ انْظُرُوا كَيْفَ كَانَ عَاقِبَةُ الْمُكَذِّبِينَ

ئېيتقىنكى، «زېمىندا سەير قىلىڭلار، ئاندىن ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغانلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆزدىن كەچۈرۈڭلار» ( 11 ).

ئاللاھ نىڭ ئىنسانغا شاھىت بولۇشى مەۋجۇت بولۇشنىڭ ئەڭ چوڭ ھەققىتىدۇر. بۇ بۈيۈك نېمەتنىڭ شۈكرىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئىنسانمۇ ئاللاھ قا شاھىت بولۇشى كېرەك. بۇ ھەقىقەت ئۈستىدىن ئىنسانغا شاھىتلىق مەسئۇلىيىتىنىڭ بارلىقى ئەسكەرتىلىدۇ ( 19 ). چۈنكى، ئىنسان بۇ جاھانغا ساھىب بولۇش ئۈچۈن ئەمەس،

شاهت بولۇش ئۈچۈن كەلگەن. باشقىچە قىلىپ ئېيتساق، ئىنسان بۇ جاھانغا « كۆرۈنۈپ قويۇش » ئۈچۈن ئەمەس، « شاھىت بولۇش » ئۈچۈن كەلگەن.

ئەپسۇسكى، ئىنسان ھەر دائىم بۇ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشتىن بويۇن تارتماقتا. بەزىدە ئۆز ئۆزىگە يالغان ئېيتماقتا ۋە زۇلۇم قىلماقتا ( 24 ). مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن سادىر قىلغان قىلمىشلىرىنىڭ ھېسابىنى بەرمەسلىك ئۈچۈن، ئاخىرەتنىڭ بارلىقىنىمۇ ئىنكار قىلماقتا ( 25 ـ 36 ).

تەۋھىدنىڭ كۆرۈنگەن ۋە دۇنيا كۆزى بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان ئالەمدىكى دەلىللىرى بىرمۇ ـ بىر تىلغا ئېلىنغاندا، ۋەھيي ئىنسانغا بىۋاستە خىتاب قىلىشنىڭ ئورنىغا ۋاستىلىق يول بىلەن خىتاب قىلىشنى، يەنى « ئېيتقىنكى ( قۇل ) » ئەمرى بىلەن باشلانغان بىر ئۇسلۇبنى ئىشلەتكەن. بۇ ئۇسلۇب ئون نەچچە ئايەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۆلەكلەر بويىچە داۋاملاشقان ( 40،46،50،56،58،63،64،65،66،71 ). « ئېيتقىنكى » ئەمرلىرى ئارقىمۇ ـ ئارقا كەلگەن ئايەتلەر تەۋھىد ھەقىقىتىنى بايان قىلىدۇ.

« ئېيتقىنكى » ئەمرلىرىنىڭ، يەنى قۇرئان ۋەھيىنىڭ تۇنجى خىتاب قىلىنغۇچىسى رەسۇلۇللاھ ئىدى. ئاساسەن « ئېيتقىنكى » ئەمرلىرى بىلەن باشلانغان مىڭلىغان ئايەتنىڭ بېشىدا مىڭلىغان يېپىق « ئېيتقىنكى » بۇيرىقى بار. چۈنكى رەسۇلۇللاھنىڭ « بۇ ۋەھيي » دەپ يەتكۈزگەنلىرىنىڭ ھەممىسى بۇ بۇيرۇققا ئاساسەن يەتكۈزۈلمەكتە ئىدى. بۇ ئەمر، ئايەتلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقىدا كۆرۈنمەيدۇ، بىراق نېمە ئۈچۈن بەزى جايلاردا لەبزى شەكىلدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ؟ بۇ سوئالغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بەرگىلى بولماسلىقى مۇمكىن. بۇ خىل خىتاب ئۇسلۇبى، « مەن ئاللاھ بولۇش سالاھىيتىم بىلەن دېدىم ۋە ئۇلارنىڭ بارلىق پوزىتسىيىسىگە شاھىت بولدۇم. سەنمۇ ئۇلارنىڭ پوزىتسىيىسىگە شاھىت بول! » دېمەكچى بولسا كېرەك.

سۈرىدە تەۋھىد بىلەن مۇناسىۋەتلىك « ئېيتقىنكى » بۆلەكلىرىدىن كېيىن، ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ تەۋھىدتە قەتئىيلىك بىلەن چىڭ تۇرۇشى بايان قىلىنىدۇ ( 74 ـ 83 ). ئاندىن بىر قانچە پەيغەمبەرنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنغان 84 ـ 85 ـ ئايەتلەر كېلىدۇ. ئاندىن خىتاب بىۋاستە ھالدا رەسۇلۇللاھقا قارىتىلىدۇ: « سەنمۇ ئۇلارنىڭ يولىغا ئەگەشكىن » ( 90 ).

تەۋھىد بايان قىلىنغان بۆلەك ئىچىدە كەلگەن تۆۋەندىكى ئايەت سۈرىنىڭ خۇلاسىسىگە ئوخشاپ قالىدۇ:

إِنَّ اللَّهَ فَالِقُ الْحَبِّ وَالنَّوَى يُخْرِجُ الْحَيَّ مِنَ الْمَيِّتِ وَمُخْرِجُ الْمَيِّتِ مِنَ الْحَيِّ ذَلِكُمُ اللَّهُ فَأَنَّى تُؤْفَكُونَ

« دانلارنى ۋە ئۇرۇقچىلارنى بىخ ئۇرغۇزغۇچى ھەقىقەتەن اللە دۇر، تىرىكنى ئۆلۈكتىن ۋە ئۆلۈكنى تىرىكتىن چىقارغۇچى ئەنە شۇ اللە دۇر، (اللە نىڭ ئىبادىتىدىن) قانداقمۇ باش تارتىسلەر؟ » ( 95 ).

ئۇنىڭدىن باشقا بۇ ئەخلاقى پرىنسىپمۇ مەزكۇر سۈرىدە يەر ئالغان: « مۇشرىكلارنىڭ اللە نى قويۇپ ئىبادەت قىلىدىغان بۇتلىرىنى تىللىماڭلار، ( ئۇنداق قىلساڭلار ) ئۇلار بىلمىگەنلىكلىرىدىن ھەددىدىن ئېشىپ اللە نى تىللايدۇ » ( 108 ).

دەۋەتتە كەمسىتىش ۋە ھاقارەت، كەمسىتىش ۋە ھاقارەتتە دەۋەت بولمايدۇ. چۈنكى، بۇ مۇئامىلە ھېس ـ تۇيغۇلارنى زىدىلەيدۇ، ھەم تەرغىپ قىلىنغان ھەقىقەتلەرنى كەمسىتىش ۋە ھاقارەتكە ئوچۇق ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ.

ئىماننىڭ قەلبنىڭ ئەمىن بولۇش ھالى ئىكەنلىكىنى، ئېتىقاد قىلىدىغان قەدرىيەتلەردىن خاتىرجەم بولالمىغان كىشىلەرگە مۆجىزىلەرنىڭ پايدا قىلمايدىغانلىقىنى بۇ ئايەت يارقىن ھالدا ئىپادىلىمەكتە:

وَأَقْسَمُوا بِاللَّهِ جَهْدَ أَيْمَانِهِمْ لَئِنْ جَاءَتْهُمْ آيَةٌ لَيُؤْمِنُنَّ بِهَا قُلْ إِنَّمَا الْآيَاتُ عِنْدَ اللَّهِ وَمَا يُشْعِرُكُمْ أَنَّهَا إِذَا جَاءَتْ لَا يُؤْمِنُونَ

« ئەگەر ئۇلارغا بىرەر مۆجىزە كەلسە، ئۇنىڭغا چوقۇم ئىشىنىدىغانلىقلىرىنى (بىلدۈرۈپ) اللە نىڭ نامى بىلەن قاتتىق قەسەم ئىچىشىدۇ. (ئى مۇھەممەد!) مۆجىزىلەر (مېنىڭ ئەمەس)، اللە نىڭ دەرگاھىدىكى ئىش، دېگىن.

(ئى مۆمىنلەر!) سىلەر نېمىنى بىلىسىلەر؟ مۆجىزىلەر كەلسە، ئۇلار ئېھتىمال ئۇنىڭغا ئىشەنمەسلىكلىرى مۇمكىن » ( 109 ).

سۈرىدە بايان قىلىنغان ئىبراھىم ۋە ئاتىسى ئازەر، سۈرىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن قەھرىمانلىرى. ئەمما، بۇ ئىككى تارىخى شەخس ئۈستىدىن تەۋھىد ۋە شېرىكتىن ئىبارەت ئىككى قەھرىمان بايان قىلىنغان. تەۋھىد بىلەن شېرىك ئارىسىدىكى كۆرەشنىڭ ھېچ توختاپ قالمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى ۋەھيي بۇ ئۇسلۇب بىلەن بايان قىلىدۇ.

سۈرىدە تەۋھىد ھەققىدىكى قەتئىيلىك تۆۋەندىكى ئايەت بىلەن ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىقىدۇ:

قُلْ إِنَّ صَلَاتِي وَنُسُكِي وَمَحْيَايَ وَمَمَاتِي لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ

ئېيتقىنكى، « مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم ( دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت ـ ئىبادەتلىرىم ) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله ئۈچۈندۇر » ( 162 ).

# نەھل سۈرىسى

سۈرىگە 68 ـ ئايەتكە ئاساسەن « ھەسەل ھەرىسى » مەنىسىدىكى نەھل ئىسمى بېرىلگەن.

رەببىڭ ھەسەل ھەرىسىگە ئىلھام بىلەن بىلدۈردى: « تاغلارغا، دەرەخلەرگە ۋە كىشلەرنىڭ ھەسەل ھەرىلىرى ئۈچۈن ياسىغان ئۆيلىرىگە ئۇۋا تۈزگىن » ( 68 ).

ئالەملەرنىڭ رەببى ھەسەل ھەرىسىنىڭمۇ رەببىدۇر. ھەرىلەرگە يارىتىلىش مەقسىتىنى بىلدۈرۈش ئۇلارغا ۋەھيي قىلىش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. سۈرە، ئالغان ۋەھيىنى ھەسەل سۈپىتىدە ھاياتقا ئايلاندۇرغان بۇ مەخلۇقلار ئارقىلىق ئىنسانغا دەرس بەرمەكتە. يەنى بۇ ئارقىلىق ئوتتۇرىچە ئۆمرى بىر قانچە ئاي بولغان ھەرىنىڭ يارىتىلىش مەقسىتى بولىدۇ ـ يۇ، ئىلاھيي بىر شاھ ئەسەر بولغان ئىنساننىڭ يارىتىلىش مەقسىتى بولمامدۇ؟ دېيىلمەكچى بولسا كېرەك.

نەھل، مەزكۇر سۈرىنىڭ بىزگە مەلۇم بولغان بىردىنبىر ئىسمى.

سۈرە مەككىدە نازىل بولغان. دەسلەپكى تەرتىپلەردە كەھف ـ نۇھ سۈرىسى ئارىسىغا تىزىلغان. بۇ، سۈرىنىڭ مەككە دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە نازىل بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەنئام سۈرىسىدىن كېيىن نازىل بولغانلىقى ئېنىق. چۈنكى 118 ـ ئايەتتىكى « ساڭا ئىلگىرى بايان قىلغان ... » ئىبارىسى ئەنئام 146 ـ ئايەتنى ئىما قىلماقتا. نازىل بولۇش مەزگىلىنى ئوسمان بىن مازۇننىڭ ئىمان ئېيتىشىغا ۋەسىلە بولغان سۈرە ئىكەنلىكى ھەققىدە ئەھمەد ئىبن ھەنبەل رىۋايىتىمۇ تەستىقلايدۇ. لېكىن بىزنىڭچە زەئىپ بولغان تەقدىردىمۇ بۇ ساھابىنىڭ ئەرقەمنىڭ ئۆيىدە ئىمان ئېيتقانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك رىۋايەتلەرنىڭ بارلىقىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەك.

« ئەل ـ بۇرھان » نىڭ مۇئەللىپى زەركەشى 40 ـ ئايەتكىچە مەككىدە، قالغان ئايەتلەرنىڭ مەدىنىدە نازىل بولغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئىبن ئابباستىن ئاخىرقى ئۈچ ئايەتنىڭ مەدىنىدە نازىل بولغانلىقى ھەققىدە رىۋايەت نەقىل قىلىنغان. ئەنئام سۈرىسىدە ئوتتۇرىغا قويغان ئۆلچەم بۇ رىۋايەتلەرنى تەستىقلىمايدۇ. بۇ سۈرىنىڭ مەزمۇن جەھەتتىن بىر پۈتۈنلىكى باشتىلا مەلۇم بولماقتا. ھىجرەت ھەققىدە توختالغان 41 ۋە 110 ـ ئايەتلەر ھىجرەتتىن بۇرۇن نازىل بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ سۈرە نۇبۇۋۋەتنىڭ 11 ـ يىلىدا نازىل بولغان بولسا كېرەك.

سۈرىنىڭ ئانا تېمىسى تەۋھىد. شېرىكنىڭ ئىنساننى ئىنسانلىقتىن چىقىرىپ تاشلىغان، بەندىگە ۋە شەيئىلەرگە قۇل قىلىدىغان تەبىئىيتىنى جانلىق شەكىلدە گەۋدىلەندۈرۈپ تەسۋىرلەپ بەرگەن. شېرىك ئىنساننىڭ ياراتقۇچىسىغا قارشى سادىر قىلغان ئەڭ چوڭ مەسئۇلىيەتسىزلىكىدۇر. بۇ سەۋەبتىن سۈرە مۇھاتابىدا ( خىتاب قىلىنغۇچى )

مەسئۇلىيەت ئېڭىنى بەرپا قىلىدۇ. سۈرە باشتىن ئاخىرى ئىنساننىڭ ئاللاھ بىلەن، ئىنساننىڭ تەبئەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بايان قىلىدۇ.

سۈرە « ئاللاھ نىڭ ئەمرى كەلدى » ( 1 ) دەپ باشلىنىدۇ. كىشىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتقۇچى بۇ خىتاب پەقەت باشلىنىش بولۇپ، مۇھاتابىنى، بولۇپمۇ ئاخىرەتنى ئىنكار قىلغان مۇھاتابلارنى قاتتىق بىر سىلكىش بىلەن غەرق بولغان غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىشنى؛ ئاللاھ تىن غەيرىگە ئىلاھلىق سۈپىتى بەرگەن ئەقىلنى سىلكىش ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ئۆلگەن ۋىجدانلارنى قايتىدىن تىرىلدۈرۈشنى ( 2 ) مەقسەت قىلماقتا.

ئاندىن ئۆلگەن ۋىجدانلارنى تىرىلدۈرۈش ئۈچۈن ئاللاھ نىڭ ئىنساننى قورشاپ تۇرغان نېمەتلىرى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن. بۇ نېمەتلەرنىڭ ئەڭ ئالدىدا ۋەھىي كەلمەكتە. ۋەھىي ئىنسانغا يارىتىلىش مەقسىتىنى ئەسلىتىدىغان بىر ئىلاھىي ئۇقتۇرۇشتۇر. ئىنساننىڭ ياشىشى ئۈچۈن يارىتىلغان ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىش مەقسىتى بولىدۇ - يۇ، ئىنساننىڭ بىر يارىتىلىش مەقسىتى بولماسمۇ؟ بۇ ھەقىقەت ئەسلىتىلىدۇ ( 3 ). ئىنسان بىر تامچە ئابىمەنىدىن يارىتىلغان. مۇشۇنداق تۇرۇقلۇق، ئىنسان نېمە ئۈچۈن ئاللاھ قا ئاشكارا خۇسۇمەت قىلىدۇ؟ ( 4 ). ئات، ئېشەك، قېچىر قاتارلىق كۆندۈرۈلگەن ھايۋانلار ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت سەپىرىدە ئۇلارنىڭ يۈكىنى ئاز كۆتۈردىمۇ؟ ( 5 - 9 ). بۇ ھايۋانلار تەشەككۈر تەلەپ قىلمىغان بولسىمۇ، ئۇلارنى « زەلۇل ( ياۋاش، ئىتائەتكار ) » قىلىپ يارىتىپ ئىنساننىڭ ئەمرىگە بەرگەن ئاللاھ ئىنساندىن رەھمەت ئېيتىشنى كۈتمەكتە. ئاسماندىن سۇ چۈشۈرۈپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن رەھمەت ئېيتىشنى كۈتمەكتە ( 10 ). كۈن ۋە ئاينى ئىنساننىڭ ئەمرىگە بەرگەن ئاللاھ، ئىنساندىن رەھمەت ئېيتىشنى كۈتمەكتە ( 12 ). يەر يۈزىگە يەرلەشتۈرگەن رەڭگا - رەڭ گۈزەللىكلەر ئۈچۈن، ئوزۇقلۇق ئامبىرى قىلىپ بەرگەن شەيئىلەر ئۈچۈن، ئىچىنى چەكسىز نېمەتلەر بىلەن تولدۇرغان ۋە ئۈستىدە كېمىلەرنى كۆتۈرۈپ ماڭدۇرىدىغان سۇنىڭ لەيلىتىش قانۇنىنى بەلگىلەپ بەرگەن دېڭىزلار ۋە ئوكيانۇسلارنى ياراتقانلىقى ئۈچۈن ئاللاھ ئىنساندىن رەھمەت ئېيتىشنى كۈتمەكتە (13 - 14). يەر يۈزىدە قىمىرلىماس تاغلارنى يەرلەشتۈرگەنلىكى، شاقىراپ ئاققان سۇلارغا ئېقىن يوللىرىنى ئېچىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئاللاھ ئىنساندىن رەھمەت ئېيتىشنى كۈتمەكتە ( 15 ). مانا بۇ نېمەتلەر ئەسلىتىلگەندىن كېيىن مۇنداق دەپ سورىماقتا:

أَفَمَنْ يَخْلُقُ كَمَنْ لَا يَخْلُقُ أَفَلَا تَذَكَّرُونَ

« ( پۈتۈن كائىناتنى ) ياراتقان اللە بىلەن ( ھېچ نەرسىنى ) يارىتالمايدىغان ( بۇتلار ) ئوخشاش بولامدۇ؟ ئويلىمامسىلەر » ( 17 ).

بۇ ئايەتتىن كېيىن كەلگەن ئايەت، يۈزى قىزارغان ھەر كىشىنى ئاللاھ ئالدىدا خىجالەتتىن يەرنىڭ تېگىگە كىرىپ كەتكۈدەك قىلىۋېتىدىغان بىر ھەقىقەتنى ئەسلىتىدۇ:

وَإِنْ تَعُدُّوا نِعْمَةَ اللَّهِ لَا تُحْصُوهَا إِنَّ اللَّهَ لَغَفُورٌ رَحِيمٌ

« ئەگەر اللە نىڭ ( سىلەرگە بەرگەن ) نېمىتىنى سانىساڭلار، ئۇنىڭ ھېسابىنى ئېلىپ بولالمايسىلەر. شۈبھىسىزكى، اللە سىلەر ( نىڭ بۇ جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكىڭلار ) نى ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ( بەندىلىرىگە ) مېھرىباندۇر » ( 18 ).

ئىنساننىڭ رەببىنى ئۇنتۇشىنىڭ تەكتىدە ئۆزىنى ئېلىپ قېچىش مۇمكىن بولمايدىغان بىر ئۆلۈمنىڭ ئۆزىنى كۈتىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت بىر ھەقىقەتنى ئۇنتۇغانلىقى ياتماقتا. بۇ سەۋەبتىن بۇ نۇقتىدا ئاخىرەتكە مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر بايان قىلىنغان. ئاخىرەتتىن مۇددىئا مۇكاپات ۋە جازادۇر. مۇكاپات ۋە جازانىڭ مەقسىتى ئىنساننىڭ قىلمىشلىرىدىن ھېساپ بېرىدىغان بولغانلىقىدۇر ( 24 - 32 ).

« تەقدىرگە ئىشىنىش » نامى بىلەن ئاللاھ قا تۆھمەت چاپلىغان ئوبرازنىڭ ۋەھىي نازىل بولۇش مۇھىتىدىكى ۋەكىلى مەككە مۇشرىكلىرى بولۇپ، ئۇلارغا « شېرىك كەلتۈرمەڭلار » دەپ خىتاب قىلغان ئاللاھ نىڭ ۋەھيىسىگە ئۇلار يەنە ئاللاھ نى سەۋەبچى قىلىپ كۆرسىتىپ جاۋاب بەرگەن. ئۇلارچە بولغاندا، ئۇلارنىڭ مۇشرىك بولۇشنى

ئاللاھ خالىغان ئىدى ( ئاللاھ نى ئۇلارنىڭ بۇ تۆھمىتىدىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمىز ). يەنى گەپنى ئەگىتىپ « مۇشرىك بولۇشىمىز ئاللاھ نىڭ تەقدىرىدۇر، پىشانىمىزگە پۈتۈلگەن » دېمەكتە:

وَقَالَ الَّذِينَ أَشْرَكُوا لَوْ شَاءَ اللَّهُ مَا عَبَدْنَا مِنْ دُونِهِ مِنْ شَيْءٍ نَحْنُ وَلَا آبَاؤُنَا وَلَا حَرَّمْنَا مِنْ دُونِهِ مِنْ شَيْءٍ كَذَلِكَ فَعَلَ الَّذِينَ مِنْ قَبْلِهِمْ فَهَلْ عَلَى الرُّسُلِ إِلَّا الْبَلَاغُ الْمُبِينُ

مۇشرىكلار: « مۇبادا الله خالىغان بولسا، بىز ۋە بىزنىڭ ئاتا بوۋىلىرىمىز الله نى قويۇپ ھېچ نەرسىگە ئىبادەت قىلمىغان بولاتتۇق، الله ھارام قىلمىغان ( يەنى الله نىڭ ھۆكمىسىز ) ھېچ نەرسىنى ھارام قىلمىغان بولاتتۇق » دېدى. ئۇلاردىن ئىلگىرىكىلەرمۇ ئەنە شۇنداق قىلغان ئىدى. پەيغەمبەرلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى پەقەت روشەن تەبلىغ قىلىشتىنلا ئىبارەت ( 35 ).

ئاللاھ قا « تەقدىرگە ئىشىنىش » نامى ئاستىدا مۇشۇنداق بىر تۆھمەت چاپلىغانلىقى يەتمىگەندەك، يەنە « ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش يوق » دەپ ئاللاھ نامى بىلەن قەسەم قىلىشلىرىغا نېمە دەيلى بۇلارنىڭ؟ مانا بۇ مۇئامىلە، ئاللاھ قا ئاسىي بولغان ۋاقتىتىمۇ، ئاللاھ نى ئۆزىنىڭ نەپسىگە سۇيىئىستىمال قىلماقچى بولغانلىقىنىڭ تىپىك ئىپادىسى:

وَأَقْسَمُوا بِاللَّهِ جَهْدَ أَيْمَانِهِمْ لَا يَبْعَثُ اللَّهُ مَنْ يَمُوتُ بَلَى وَعْدًا عَلَيْهِ حَقًّا وَلَكِنَّ أَكْثَرَ النَّاسِ لَا يَعْلَمُونَ

ئۇلار: « الله ئۆلۈكنى تىرىلدۈرمەيدۇ » دەپ ئاللاھ نامى بىلەن قەسەم ئىچىشتى، ئۇنداق ئەمەس، بۇ ( ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرۈش ) الله چوقۇم ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئۈستىگە ئالغان ۋەدىسىدۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى ( الله نىڭ قۇدرىتىنى ) بىلمەيدۇ ( شۇڭلاشقا ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنى ) ئىنكار قىلىدۇ ( 38 ).

قۇرئاننىڭ ئۇسلۇب ئۆزگىچىلىكلىرى ئىچىدە « مەسانى ( زىت قۇتۇپلار ) » ئالاھىدىلىكى ئەڭ ئالدىدا تۇرىدۇ. مەسىلەن، باشتا مۇنكىرلەرنى بايان قىلغان بولسا، ئارقىدىنلا مۇئمىنلەرنى بايان قىلىدۇ. بۇ سۈرىدىمۇ مەزكۇر ئالاھىدىلىك ئېغىر سالماقنى ئىگىلەيدۇ. سۈرىدە ئاللاھ يولىدا ئەزىيەت تارتقان، جەبىر - جاپاغا دۇچار بولغان ھىجرەت قىلغان مۇئمىنلەرنىڭ مۇكاپاتلىنىدىغانلىقى بايان قىلىنغان ( 41 - 42 ).

ئاندىن سۆز بىۋاستە ھالدا قۇرئان ۋەھيىنىڭ تۇنجى مۇخاتابى بولغان رەسۇلۇللاھقا قارىتىلىدۇ ۋە پەرىشتە ئەلچى تەلەپ قىلغان قەۋمگە رەسۇلۇللاھ ئۈستىدىن جاۋاب بېرىلگەن: « سەندىن ئىلگىرى رەسۇل قىلىپ ئەۋەتكەنلىرىمىزمۇ پەقەت ئۆزىگە ۋەھيى نازىل قىلىنغان ئىنسانلار ئىدى » ( 43 ).

بۇ ئايەتتىن كېيىن « ئۆزەڭلارغا ئىككى ئىلاھ پەيدا قىلىۋالماڭلار » دەپ شېرىكنى رەت قىلغان ۋە تەۋھىدكە چاقىرغان بىر بۆلەك كەلگەن ( 48 - 64 ). بۇ بۆلەكتە ئاللاھ نىڭ قىزلىرى دەپ پەرىشتىلەرگە چوقۇنغان ئەقلىنى، سادىر قىلىۋاتقان جىنايىتى بىلەن قوشۇپ ئەيىپلەپ مۇنداق دېگەن: « ئۇلارنىڭ بىرەرسىگە ( خوتۇنىنىڭ ) قىز تۇغقانلىق خۇش خەۋىرى يەتكۈزۈلسە، چىرايى ئۆزگىرىپ، غەزەپناك بولۇپ كېتىدۇ » ( 58 ). ئەڭ ئېغىر زىتلىق دېگەن مانا مۇشۇ. ئاللاھ قا قىزلارنى لايىق كۆرگەن ئەقلىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆزەڭ بىر قىز پەرزەنت كۆرسەڭ ئۇنى ئۆزەڭ ئۈچۈن ھاقارەت دەپ قارايدۇ؟ ھالىڭلار مۇشۇنداق تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن ئاللاھ قا قىز پەرزەنت نىسبەت بېرىپ ئۇلارغا چوقۇنىسىلەر؟

سۈرىدىكى خىتاب بەزى جايلاردا ئەڭ يۇقىرى پەللىدە تۇرۇپ قىلىنغان خىتابتۇر. مەسىلەن، مۇخاتابىنىڭ يۈرىكىنى تىترەتكەن بۇ ئايەتكە قاراپ بېقىڭ:

وَلَوْ يُؤَاخِذُ اللَّهُ النَّاسَ بِظُلْمِهِمْ مَا تَرَكَ عَلَيْهَا مِنْ دَابَّةٍ وَلَكِنْ يُؤَخِّرُهُمْ إِلَى أَجَلٍ مُسَمًّى فَإِذَا جَاءَ أَجَلُهُمْ لَا يَسْتَأْخِرُونَ سَاعَةً وَلَا يَسْتَقْدِمُونَ

« ئەگەر الله ئىنسانلارنى ئۇلارنىڭ زۇلمى تۈپەيلىدىن ( چاپسان ) جازالايدىغان بولسا، يەر يۈزىدە قىمىرلاپ تۇرىدىغان ھېچبىر جان ئىگىسىنى قويمىغان بولاتتى، لېكىن الله ئۇلارنى مۇئەييەن ۋاقىتقىچە تەخىر قىلىدۇ،

ئۇلارنىڭ ( ھالاك بولۇش ) ۋاقتى كەلگەندە قىلچە ۋاقتمۇ كېچىكتۈرۈلمەيدۇ، ( ۋاقتى كەلمىسە ) قىلچە ۋاقتمۇ ئىلگىرى سۈرۈلمەيدۇ » ( 61 ).

ئاللاھ قا شېرىك قوشقانلارغا 71 - ئايەتتە بۇنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى ئىنساننىڭ بىر ھالىتىنى بايان قىلىش ئارقىلىق تەسۋىرلەپ، شېرىك كەلتۈرگۈچىلەرنىڭ قىلمىشىنى يۈزىگە ئۇرغان. ئايەت بىر تەرەپتىن تۈنجى ئىنساندىن ئەڭ ئاخىرقى ئىنسانغىچە بارلىق توپلۇملار مەنسۇپ بولغان ئىجتىمائىي - ئىقتىسادى قانۇننى ئەستىقلاش بىلەن بىرگە، يەنە بىر تەرەپتىن تەۋھىد ۋە شېرىكنىڭ تەبىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك چۈشەنچىنى مىسلىسىز بىر بالاغەت بىلەن بايان قىلغان:

وَاللَّهُ فَضَّلَ بَعْضَكُمْ عَلَى بَعْضٍ فِي الرِّزْقِ فَمَا الَّذِينَ فُضِّلُوا بِرَادِّي رِزْقِهِمْ عَلَى مَا مَلَكَتْ أَيْمَانُهُمْ فَهُمْ فِيهِ سَوَاءٌ أَفَبِنِعْمَةِ اللَّهِ يَجْحَدُونَ

« الله سىلەرنىڭ بەزىڭلارنى بەزىڭلاردىن رىزىقتا ئۈستۈن قىلدى، رىزىقتا ئۈستۈن قىلىنغانلار ئۆزلىرىنىڭ رىزقىنى باراۋەر بولۇش ئۈچۈن قول ئاستىدىكى قۇللار / خىزمەتكارلارغا بەرمەيدۇ. مانا بۇنىڭغا ( ئۆزى رازى بولمايدىغان تۇرۇپ )، يەنە ( شېرىك قوشۇش ئارقىلىق ) الله نىڭ نېمىتىنى ئىنكار قىلىشامدۇ؟ » ( 71 ).

تەۋھىد ۋە شېرىك مەسىلىسى شۇنداق زىل مەسىلە بولۇپ، ئاللاھ بىلەن باشقا بىر مەۋجۇدىيەتنى ھەر جەھەتتىن ئوخشىتىشقىمۇ بولمايدۇ ( 74 ).

سۈرىنىڭ داۋامىدا يەنە ئاللاھ نىڭ ئىنسانلارنىڭ ئەمرىگە بەرگەن نېمەتلىرى تىلغا ئېلىنغان. ئىنسان ئاللاھ قا ھەر شېرىك قوشقاندا، ئىنسان پۈتۈن نېمەتلەرگە خىيانەت قىلغان ۋە بۇ نېمەتلەرنى ئاتا قىلغان ئاللاھ قا تۇزكورلۇق قىلغان بولىدۇ. ھەر پەيغەمبەر ( ۋە رىسالەتنىڭ قىيامەتكىچە يەتكۈزگۈچىسى بولغان ئالىملار ) ئۆزى ياشىغان ئىجتىمائىي توپنىڭ شاھىتىدۇر: « ئۇ كۈندە بىز ھەر بىر ئۈممەتكە ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئۇلارغا قارشى (گۇۋاھلىق بېرىدىغان) بىر شاھىت كەلتۈرىمىز » ( 89 ).

ئاللاھ قا بېرىلگەن ۋەدە ئارقىلىق بەندىلەرگە بېرىلگەن ۋەدىنى بۇزۇشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى تىلغا ئېلىنغان. بولۇپمۇ ئاللاھ نامىدىن قىلىنغان قەسەملەر كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ:

« قەسىمىڭلارنى ئۆز ئاراڭلاردا ئالدامچىلىقنىڭ ۋاستىسى قىلىۋالماڭلار، بولمىسا قەدىمىڭلار سابىت قىلىنغان زېمىن ( ئىسلام )دىن ئايىغىڭلار قېيىپ كېتىدۇ ۋە ئاللاھ نىڭ يولىدىن يىراقلاشقانلىقىڭلارنىڭ يامان ئاقىۋىتىنى تېتىيسىلەر، ( ئاخىرەتتە دوزاختا ) چوڭ ئازابقا قالىسىلەر » ( 94 ).

ئۇنىڭدىن كېيىن سۆز بىۋاستە قۇرئان ۋەھيىنىڭ تۇنجى مۇخاتابىغا قارىتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىدىن بارلىق مۆئمىنلەرگە قۇرئان ئوقۇش ۋە چۈشىنىشنىڭ پاك بىر ئەقىل بىلەن قانداق ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىنى ئۆگىتىدۇ. بۇ ئىستىئازە ئارقىلىق بولىدۇ. ئىستىئازە، ئەقىلگە تەھارەت ئالدۇرۇش بولۇپ، قۇرئان تەھارەتسىز بىر ئەقىل بىلەن ئوقۇلماسلىقى كېرەك:

فَإِذَا قَرَأْتَ الْقُرْآنَ فَاسْتَعِذْ بِاللَّهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيمِ

« سەن قۇرئان ئوقۇماقچى بولغىنىڭدا، قوغلاندى شەيتاننىڭ (ۋەسۋەسىسىدىن) الله قا سېغىنىپ پاناھ تىلىگىن » ( 98 ).

بۇ ئايەت قۇرئان ۋەھيىنى چۈشىنىشنىڭ بىرىنچى شەرتىنى بايان قىلماقتا. داۋامىدىكى ئايەتلەر ۋەھيىنى توغرا شەكىلدە چۈشىنىشنىڭ كوردىناتلىرىنى بەرمەكتە. ئاندىن ۋەھيىنىڭ ئەسلى مەنبەسىدىن پاك ھالدا نازىل بولغانلىقى بايان قىلىنغان ( 102 ). ۋەھيى مەنبەسىنىڭ ئاللاھ ئەمەس، ئىنسان ئىكەنلىكى تۆھمىتىنى رەت قىلىش ئۈچۈن قۇرئاننىڭ يەر ئايرىشى دەماللىققا كىشىگە غەلىتە تۇيۇلۇشى مۇمكىن ( 103 ). ئەسلىدە بۇ قۇرئاننىڭ « ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنىڭ » بىر دەلىلى. بۇنداق ساراڭلارچە بىمەنە تۆھمەتنى قۇرئاننىڭ ئېغىر بېسىقلىق بىلەن ئۆز ئىچىگە ئېلىپ رەت قىلىشى، ئۇنىڭ ئۆز مەنبەسىگە بولغان ئىشەنچىنىڭ مىسلىسىز دەلىلىدۇر.

هالال - هارامنى بەلگىلەشنىڭ ئاللاھ نىڭ ھەققى ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتكەن بىر بۆلەكتىن كېيىن، سۆز تارىختا بۇ جىنايەتنى سادىر قىلغان كىتابى بار قەۋم بولغان يەھۇدىيلارغا كەلتۈرۈلگەن ( 116 - 118 ). ھەزرىتى ئىبراھىم « ياخشى ئۆرنەك » سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغان ئايەت مانا بۇ دائىرىدە بايان قىلىنغان ( 120 ). يەھۇدىيلارغا قاچانكى ئېزىپ كەتكەنلىكى ئەسكەرتىلسە، دەرھال ئۆزلىرىنىڭ ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ نەسلى ئىكەنلىكىنى پەش قىلىپ ماختىناتتى ۋە بۇ ئۇرۇق - تۇققانچىلىقنى سۈيئىستىمال قىلاتتى ( 121 - 124 ).

ھەقىقەتكە چاقىرىشنىڭ بارلىق زامان ۋە ماكانلاردا ئۆزىنىڭ جارىگلىق ساداسىنى ياڭرىتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۇسلۇب بۇ سۈرىدە بايان قىلىنغان. ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق تۇغرىلىرى بولغان ياخشى ۋە گۈزەلگە ئېرىشىش ئۈچۈن شەخسى ۋە ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ پرىنسىپلىرىغا كىشىنىڭ دىققەت نەزىرىنى ئاغدۇرغان بۇ سۈرە، بۇ ھەقىقەتلەرنى ياقىلاشنىڭ ھەر زامان ۋە ماكانغا ماس كېلىدىغان ئۇسلۇبىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

ادْعُ إِلَى سَبِيلِ رَبِّكَ بِالْحِكْمَةِ وَالْمَوْعِظَةِ الْحَسَنَةِ وَجَادِلْهُمْ بِالَّتِي هِيَ أَحْسَنُ إِنَّ رَبَّكَ هُوَ أَعْلَمُ بِمَنْ ضَلَّ عَنْ سَبِيلِهِ وَهُوَ أَعْلَمُ بِالْمُهْتَدِينَ

« رەببىڭنىڭ يولىغا ( يەنى ئىسلام دىنىغا ) ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا ياخشى ۋەز ـ نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلغىن، ئۇلار ( يەنى مۇخالىپەتچىلىك قىلغۇچىلار ) بىلەن چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلەشكىن. رەببىڭ ھەقىقەتەن ئۇنىڭ يولىدىن ئازغانلارنى ئوبدان بىلىدۇ، ھىدايەت تاپقۇچىلارنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ » ( 125 ).

## لوقمان سۈرىسى

سۈرىگە بۇ ئىسىم، بۇ ھەكىمنىڭ ئوغلىغا، يەنى ھەممىمىزگە بەرگەن نەسىھىتى يەر ئالغان ئايەتلەر ( 12 - 19 ) گە ئاساسەن بېرىلگەن.

بۇ زات قۇرئاندا پەقەت مۇشۇ سۈرىدىلا تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، قۇرئاندا بۇنىڭدىن باشقا سۈرىلەردە لوقمان ئىسمى ئۇچرىمايدۇ.

سۈرە مەككىدە نازىل بولغان. ئىبنى ئابباستىن كەلگەن بىر رىۋايەتمۇ بۇنى تەستىقلايدۇ. كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان نۇقتا شۇكى، بۇ سۈرىدە مەككىدىكى زوراۋانلىققا مۇناسىۋەتلىك ئوچۇق ياكى يېپىق ھالدا ھېچقانداق بىر ئىما ئۇچرىمايدۇ.

قەدىمكى بىلىملىك زات بىلەن مۇناسىۋەتلىك بۇ بۆلەكتە، لوقماننىڭ نەسىھەتلىرى ئارقىلىق مۇھەممەدى دەۋەتكە كەلگەنلەرنىڭ ئۆز ئاتا - ئانىلىرىغا قانداق مۇئامىلە قىلىش ئۇسلۇبى ( 14 - 15 )، ئاتا - ئانا ۋە پەرزەنت مۇناسىۋىتىنىڭ ئاخىرەت تەرىپى تېما قىلىنغان ( 14 - 15 ۋە 33 ). بۇ مەلۇماتلار سۈرىنىڭ مەككىدە نازىل بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ سۈرىنىڭ ئاتا - ئانىغا شەرتسىز ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا بۇيرىغان ئىسرا 23 - 24 - ئايەتلىرىدىن كېيىن نازىل بولغانلىق ئېتىمالى ناھايىتى كۈچلۈك. كېيىنكى مەزگىلدە نازىل بولغان ئەنكەبۇت 8 - ئايىتىدىمۇ ئوخشاش ئۇسلۇب بىلەن بۇ مەسىلە ئۈستىدە توختالغان. چۈنكى ئەقىدە جەھەتتىن ئوخشاشماسلىق سەۋەبىدىن ئىككى نەسىل ئارىسىدا پەيدا بولغان سۈركىلىش بۇ مەزگىلدە ئىجتىمائىي مەسىلە سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققانىدى.

بەزى ئايەتلەرنىڭ مەدىنىدە نازىل بولغانلىقى ھەققىدىكى رىۋايەتلەر ساغلام بىر دەلىلگە تايانمىغانلىقى ئۈچۈن، نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولىدۇ. بۇ خىل رىۋايەتلەر سېلىنىشى كېرەك بولغان بەش ئۆلچەم ئەنئام سۈرىسىدە بايان قىلىندى.

سۈرە دەسلەپكى تەرتىپلەرنىڭ ھەممىسىدە ساففات - سەبە سۈرىسىنىڭ ئارىسىغا تىزىلغان. سەبە سۈرىسىنىڭ ئالدىغا تىزىلىشى مەزكۇر سۈرىنىڭ رىسالەتنىڭ 11 - يىلىدا نازىل بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

سۈرە مۇقاتتائا ھەرپلىرى بىلەن باشلانغان باشقا سۈرىلەرگە ئوخشاش ۋەھيي شىپى كەلتۈرۈلگەن ھالدا باشلانغان : « بۇ، ھېكمەتلىك كىتابنىڭ ئايەتلىرىدۇر » ( 2 ).

بۇ ئايەتتە قۇرئاننىڭ سۈپىتى ئورنىدا ئىشلىتىلگەن « ھەكىم » كەلىمىسى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاللاھ نىڭ سۈپىتى بولۇپ بىر قانچە ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان. ھەكىم كەلىمىسى، بىر ئىسمى فائىل ( ئىگە ) شەكلى بولۇپ، مۇبالىغىنى ئىپادىلەيدۇ. يەنى ئىگە بولغاندا ئەڭ يۇقىرى دەرىجىنى ۋە ئۈستۈنلىكنى بىلدۈرىدۇ. مانا بۇ، قۇرئاننىڭ جانلىق بىر خىتاب ئىكەنلىكىنىڭ ئەڭ روشەن قۇرئانى دەلىلى. قۇرئاندا، قۇرئان ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن مۇبالىغە بىلەن ئىگە بولۇپ كەلگەن ئىسىم - سۈپەت ھەكىم بىلەن چەكلىنىپ قالمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، قۇرئان ئۈچۈن مەجىد، كەرىم ۋە ئەزىز قاتارلىق ئۈچ سۈپەتمۇ ئىشلىتىلگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇبالىغە بىلەن ئىسمى فائىل شەكلىدە كەلگەن. قۇرئاندا، قۇرئان ئۈچۈن مۇبالىغە بىلەن ئىگە شەكلىدە كەلگەن تۆت خىل سۈپەتنىڭ ئىشلىتىلىشى ئارقىلىق: بۇ كىتاب مۇھاتابىنى تىرىلدۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. قۇرئاننى كىتابىغا ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئوقۇيدىغانلار بار بولسا ئەقلى - ھۇشىنى تېپىۋالسۇن. قۇرئاننى كىتابىغا ماسلاشتۇرۇشنىڭ ئورنىغا ئۆزى قۇرئانغا ئەگەشسۇن دېمەكتە.

ئۆزىنى بەرپا قىلغۇچى / تىرىلدۈرگۈچى سۈپىتىدە تونۇشتۇرغان قۇرئان بۇ مەقسەتنى تۆت باسقۇچتا ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ:

1. ئاتالغۇ - ئۇقۇملار بىلەن چۈشەنچىنى شەكىللەندۈرىدۇ / بەرپا قىلىدۇ
2. تەۋسىيەلەر بىلەن قۇرئانى ئەقلنى شەكىللەندۈرىدۇ
3. ئۈرنەكلەر بىلەن شەخسىيەت / كىشىلىكنى شەكىللەندۈرىدۇ
4. بىر پۈتۈن گەۋدىسى بىلەن ھاياتنىڭ ھەر ساھەسىنى شەكىللەندۈرىدۇ

سۈرە دەسلەپكى بۆلەكتە كائىنات ۋە ئىنسانغا مۇناسىۋەتلىك ئايەتلىرى بىلەن مۇھاتابىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلىپ قىلىدۇ ( 3 - 11 ). بۇلاردىن كېيىن، مەخلۇققا قاراپ خالىقنى كۆرەلمىگەن، ئەسەرگە قاراپ ئۈستىنى ئۇنتۇپ قالغان، ھادىسىنى كۆرۈپ ۋۇجۇدقا چىقارغۇچىسىنى كۆرەلمىگەن پاراسەتسىزلەردىن مۇنداق سورايدۇ:

هَذَا خَلْقُ اللَّهِ فَأَرُونِي مَاذَا خَلَقَ الَّذِينَ مِنْ دُونِهِ بَلِ الظَّالِمُونَ فِي ضَلَالٍ مُبِينٍ

« مانا بۇلار ﷲ نىڭ (ياراتقان) مەخلۇقاتلىرىدۇر، ماڭا كۆرسىتىپ بېرىڭلاركى، ﷲ تىن باشقا مەبۇدلىرىڭلار زادى نېمىلەرنى ياراتتى؟ ياق، زالىملار ئوپئوچۇق گۇمراھلىقتىدۇر » ( 11 ).

سۈرىدە، ئومۇمىي جەھەتتىن سۆز ۋە سۆز / كالامنىڭ كۈچى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. سۈرە ئىلاھىي كالام شىپى كەلتۈرۈلگەن ھالدا باشلانغان بولۇپ، 6 - ئايەتتە كۈچىنى بىلىم ( ھەقىقەت )تىن ئالمىغان سۆزنىڭ بىھۇدە ئىكەنلىكىگە ۋە ئۇ ساختا سۆزنىڭ جەلىپ قىلىش كۈچىگە كىشىنىڭ دىققىتىنى ئاغدۇرىدۇ. 12 - 19 - ئايەتلەردە تىلغا ئېلىنغان لوقماننىڭ ھېكمەتلىرى « ياخشى سۆز »نىڭ بىر مىسالى. سۈرىنىڭ ئىككىنجى بۆلىكى، سۈرىگە ئىسمى بېرىلگەن ھەزرىتى لوقماننىڭ نەسىھەتلىرىگە ئايرىلغان. ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزگەرمەس قىممەت - قاراشلىرىنىڭ يەنە بىر ئىسمى بولغان ئىسلامنىڭ بارلىق زامان ۋە ماكانلار چەكلىمىسىدىن خالىي بولغان پرىنسىپلىرى بۇ نەسىھەتتە بايان قىلىنماقتا:

وَلَقَدْ آتَيْنَا لُقْمَانَ الْحِكْمَةَ أَنِ اشْكُرْ لِلَّهِ وَمَنْ يَشْكُرْ فَإِنَّمَا يَشْكُرُ لِنَفْسِهِ وَمَنْ كَفَرَ فَإِنَّ اللَّهَ غَنِيٌّ حَمِيدٌ
(12) وَإِذْ قَالَ لُقْمَانُ لِابْنِهِ وَهُوَ يَعِظُهُ يَا بُنَيَّ لَا تُشْرِكْ بِاللَّهِ إِنَّ الشِّرْكَ لَظُلْمٌ عَظِيمٌ (13) وَوَصَّيْنَا الْإِنْسَانَ
بِوَالِدَيْهِ حَمَلَتْهُ أُمُّهُ وَهْنًا عَلَى وَهْنٍ وَفِصَالُهُ فِي عَامَيْنِ أَنِ اشْكُرْ لِي وَلِوَالِدَيْكَ إِلَيَّ الْمَصِيرُ (14) وَإِنْ
جَاهَدَاكَ عَلَى أَنْ تُشْرِكَ بِي مَا لَيْسَ لَكَ بِهِ عِلْمٌ فَلَا تُطِعْهُمَا وَصَاحِبْهُمَا فِي الدُّنْيَا مَعْرُوفًا وَاتَّبِعْ سَبِيلَ مَنْ
أَنَابَ إِلَيَّ ثُمَّ إِلَيَّ مَرْجِعُكُمْ فَأُنَبِّئُكُمْ بِمَا كُنْتُمْ تَعْمَلُونَ (15) يَا بُنَيَّ إِنَّهَا إِنْ تَكُ مِثْقَالَ حَبَّةٍ مِنْ خَرْدَلٍ

فَتَكُنْ فِي صَخْرَةٍ أَوْ فِي السَّمَاوَاتِ أَوْ فِي الْأَرْضِ يَأْتِ بِهَا اللَّهُ إِنَّ اللَّهَ لَطِيفٌ خَبِيرٌ (16) يَا بُنَيَّ أَقِمِ الصَّلَاةَ
وَأْمُرْ بِالْمَعْرُوفِ وَانْهَ عَنِ الْمُنْكَرِ وَاصْبِرْ عَلَى مَا أَصَابَكَ إِنَّ ذَلِكَ مِنْ عَزْمِ الْأُمُورِ (17) وَلَا تُصَعِّرْ خَدَّكَ
لِلنَّاسِ وَلَا تَمْشِ فِي الْأَرْضِ مَرَحًا إِنَّ اللَّهَ لَا يُحِبُّ كُلَّ مُخْتَالٍ فَخُورٍ (18) وَاقْصِدْ فِي مَشْيِكَ وَاغْضُضْ مِنْ
صَوْتِكَ إِنَّ أَنْكَرَ الْأَصْوَاتِ لَصَوْتُ الْحَمِيرِ (19)

بىز لوقمانغا ھەقىقەتەن ھېكمەت ئاتا قىلدۇق، (ئۇنىڭغا ئېيتتۇقكى) « ﷲ قا شۈكۈر قىلغىن، كىمكى شۈكۈر قىلىدىكەن، ئۆزى ئۈچۈن قىلغان بولىدۇ، كىمكى كۇفرىلىق قىلىدىكەن، شۈبھىسىزكى، ﷲ (بەندىلەردىن) بىھاجەتتۇر، مەدھىيىگە لايىقتۇر ». ئۆز ۋاقتىدا لوقمان (ھەكىم) ئوغلىغا نەسىھەت قىلىپ: « ئى ئوغۇلچىقىم، ﷲ قا شېرىك كەلتۈرمىگىن، شېرىك كەلتۈرۈش ھەقىقەتەن زور گۇناھتۇر » دېدى. ئىنساننى ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق. ئانىسى ئۇنى (قورسىقىدا) ئۇستى ـ ئۇستىگە ئاجىزلىق بىلەن كۆتۈردى. ئىككى يىلدا ئۇنى ئەمچەكتىن ئايرىدى. (ئى ئىنسان!) ماڭا ۋە ئاتا ـ ئاناڭغا شۈكۈر قىلغىن، ئاخىر قايتىدىغان جاي مېنىڭ دەرگاھىمدۇر. ئەگەر ئاتا ـ ئاناڭ سېنى سەن بىلمەيدىغان نەرسىنى ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىسا، ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، ئۇلارغا دۇنيادا ياخشى مۇئامىلىدە بولغىن (يەنى دىنىڭغا زىيان يەتمەيدىغان ئاساستا ياخشىلىق قىلغىن)، ماڭا تائەت بىلەن قايتقان ئادەمنىڭ يولىغا ئەگەشكىن، ئاندىن مېنىڭ دەرگاھىمغا قايتىسىلەر، سىلەرگە قىلمىشىڭلارنى ئېيتىپ بېرىمەن. (لوقمان ئېيتتى) « ئى ئوغۇلچىقىم! قىلمىشىڭ قىچا چاغلىق نەرسە بولۇپ، ئۇ ئۇيۇل تاشنىڭ ئىچىدە (يەنى ئەڭ مەخپىي جايدا) يا ئاسمانلارنىڭ قېتىدا ياكى زېمىننىڭ ئاستىدا بولسىمۇ، ﷲ ئۇنى ھازىر قىلىدۇ (ئۇنىڭ ھېسابىنى ئالىدۇ). ﷲ ھەقىقەتەن ئىنچىكە كۆزەتكۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر. ئى ئوغۇلچىقىم! ناماز ( ئاللاھ قا بەندىلىك )نى (ۋاقتىدا تەئدىل ئەركان بىلەن / ھەقىقىي شەكلىدا ئادا قىلغىن ) ئوقۇغىن، ( ھەردائىم كىشىلەرنى ) ياخشىلىققا بۇيرۇغىن، يامانلىقتىن توسقىن، ساڭا يەتكەن كۈلپەتلەرگە سەۋر قىلغىن (چۈنكى ھەقىقەتكە دەۋەت قىلغۇچى ئەزىيەتلەرگە ئۇچرايدۇ)، بۇ ھەقىقەتەن قىلىشقا ئىرادە تىكلەشكە تېگىشلىك ئىشلاردىندۇر. كىشىلەردىن مەنستىمەسلىك بىلەن يۈز ئۆرۈمىگىن، زېمىندا غادىيىپ ماڭمىغىن، ﷲ ھەقىقەتەن ھاكاۋۇر، ئۆزىنى چوڭ تۇتقۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ. ئوتتۇراھال ماڭغىن، ئاۋازىڭنى پەسلەتكىن، ئاۋازلارنىڭ ئەڭ زېرىكەرلىكى ھەقىقەتەن ئېشەكلەرنىڭ ئاۋازىدۇر » ( 12 ـ 19 ).

گەرچە ئۇستىدىن مىڭلارچە يىل ئۆتسىمۇ، ئىنسانىيەت ئالىمدە ياڭرىغان بۇ ياڭراق سادانىڭ يوق بولمايدىغانلىقىنىڭ دەلىلى بولغان مەزكۇر ھېكمەتلەر، سۆزنىڭ تەربىيە مەقسىتىدە ئىشلىتىلىشىنىڭ ئەڭ ياخشى ئۆرنەكلىرىدىن بىرى. « ئاۋازىڭنى يۇقىرى قىلما! » ( 19 ) دېگەنلىك، ئەسلىدە « سۆزنىڭ قىممىتى »نى يۇقىرى كۆتۈر دېگەنلىكتۇر. بۇ ئايەتلەردىن كېيىن، سۆز، سۆزلەرنىڭ سۇلتانى بولغان ئاللاھ نىڭ سۆزلىرىگە كەلتۈرۈلگەن:

وَلَوْ أَنَّمَا فِي الْأَرْضِ مِنْ شَجَرَةٍ أَقْلَامٌ وَالْبَحْرُ يَمُدُّهُ مِنْ بَعْدِهِ سَبْعَةُ أَبْحُرٍ مَا نَفِدَتْ كَلِمَاتُ اللَّهِ إِنَّ اللَّهَ عَزِيزٌ حَكِيمٌ

« ئەگەر يەر يۈزىدىكى دەرەخلەرنىڭ ھەممىسى قەلەم بولغان، دېڭىز (سىياھ) بولغان، ئۇنىڭغا يەنە يەتتە دېڭىز (نىڭ سىياسى) قوشۇلغان تەقدىردىمۇ ﷲ نىڭ سۆزلىرىنى (يېزىپ) تۈگەتكىلى بولمايدۇ، ﷲ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر »  ( 27 ).

ئىلاھىي كالامنىڭ مەنىسىنى ھەرگىزمۇ يېزىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى بۇنىڭدىنمۇ ياخشى ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدۇ.

سۈرىدە قارىغۇلارچە ئەجدادلار ئىزىنى تەقلىد قىلىپ مېڭىش تەنقىدلەنگەن:

ئەگەر ئۇلارغا: « ﷲ نازىل قىلغان نەرسە (يەنى قۇرئان) غا ئەگىشىڭلار » دېيىلسە، ئۇلار: « ياق، بىز ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ دىنى ( تۇتقان يولى )غا ئەگىشىمىز » دەيدۇ، (21).

بۇ يەردە تەقلىد تەنقىدلەنگەن. چۈنكى تەقلىد، ئىنساننىڭ ئۆزىگە بېرىلگەن ئىرادە ۋە ئەقلىنى يوق قاتارىدا كۆرىدۇ. ئىرادە ۋە ئەقلىنى يوق قاتارىدا كۆرگەنلىك ئىنساننى ئىنسانلىقتىن چىقىرىپ تاشلىغانلىق، بۇ ئىككى نېمەتكە خىيانەت قىلغانلىق بولىدۇ. بۇ ئايەت بۇ نۇقتىدا: « ھەقىقەتنىڭ مەنبەسى ئاتا - بوۋا ئەمەس » دېمەكتە. بىراق، لوقماننىڭ نەسىھەتىگە ئوخشاش لوقماندەك ياخشى بولغان ئاتا - بوۋىلارنىڭ ياخشى بولغان نەسىھەتلىرى قوبۇل قىلىنىشى كېرەك ( 12 - 19 ).

سۈرىنىڭ ئارقىمۇ - ئارقا ئاتا - ئانا ۋە پەرزەنت مۇناسىۋىتى ھەققىدە توختالغانلىقىنى ئاخىردىكى ئايەتلەردىنمۇ كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. بۇ ئايەتتە، ئى ئاتا - ئانىلار! ئەگەر پەرزەنتىڭلارغا شاپائەت ( ياردەم ) قىلماقچى بولساڭلار، ئۇنىڭغا ئاخىرەتتە ئەمەس، بۇ دۇنيادا تەربىيىلەڭلار. ئۈرنەك بولۇشۇڭلار، ياخشى نەسىھەتلىرىڭلار، توغرا يولغا يۈزلەندۈرۈشۈڭلار بىلەن شاپائەت قىلىڭلار! دېمەكتە. بۇ تەۋسىيەنى پەرزەنتنىڭ ئاتا - ئانىسىغا بولغان شاپائىتى تەرىپىگە ئۆرۈپ چۈشىنىشكىمۇ بولىدۇ. ھېساپ كۈنى ھېچقانداق بىر ئاتا - ئانىنىڭ پەرزەنتىگە، پەرزەنتىنىڭ ئاتا - ئانىسىغا پايدىسى بولمايدۇ:

يَا أَيُّهَا النَّاسُ اتَّقُوا رَبَّكُمْ وَاخْشَوْا يَوْمًا لَا يَجْزِي وَالِدٌ عَنْ وَلَدِهِ وَلَا مَوْلُودٌ هُوَ جَازٍ عَنْ وَالِدِهِ شَيْئًا إِنَّ وَعْدَ اللَّهِ حَقٌّ فَلَا تَغُرَّنَّكُمُ الْحَيَاةُ الدُّنْيَا وَلَا يَغُرَّنَّكُمْ بِاللَّهِ الْغَرُورُ

« ئى ئىنسانلار! رەببىڭلارغا ( بۇيرۇقلىرىنى ئورۇنلاش، مەنئى قىلغان ئىشلاردىن چەكلىنىش بىلەن) مەسئۇلىيىتىڭلارنى ئادا قىلىڭلار، شۇنداق بىر كۈندىن قورقۇڭلاركى، (ئۇ كۈندە) ئاتا بالىسىغا ئەسقاتمايدۇ، بالىمۇ ئاتىسىغا ئەسقاتمايدۇ، الله نىڭ ۋەدىسى ھەقىقەتەن ھەقتۇر، سىلەرنى ھەرگىز دۇنيا تىرىكچىلىكى مەغرۇر قىلمىسۇن، شەيتاننىڭ سىلەرنى الله نىڭ ئەپۇسىنىڭ كەڭلىكى بىلەن مەغرۇر قىلىشىغا ( ئالدىشىغا ) يول قويماڭلار ( 33 ).

سۈرىنىڭ ئاخىرقى ئايىتى، كالام ئەدەبىياتىمىزدا خاتا ھالدا شەكىللەنگەن « بەش غەيب مەسىلە ( مۇغايىبەباتى خەمسە ) » ھەققىدىكى 34 - ئايەتتۇر. ئەسلىدە بۇ ئايەتنىڭ لەبزىنىڭ شاھىدلىقى بىلەن شۇنى ئېيتىشقا بولىدۇكى، ھېچقانداق بىر ئىنسان بىلەلمەيدىغان ۋە پەقەت ئاللاھ لا بىلىدىغانلىقى تەكىتلەنگەن مەسىلە بەش ئەمەس ئۈچ:

ئاخىرقى سائەت ( قىيامەت ) ھەققىدىكى مەلۇمات.

كېلەچەكتىكى ئىشلار

قەيەردە ئۆلىدىغانلىقى

ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان قالغان ئىككى ماددا مۇنداق شەكىلدە كەلگەن: « يامغۇرنى ياغدۇرغۇچى ئۇ ( ئاللاھ )دۇر، رەھىملەردە ( بالاياتقۇدا ) ماكانلاشقاننى بىلگۈچى ئۇ ( ئاللاھ )دۇر ». مەلۇم بولغاندەك، بۇ ئىككى جۈملىدە بىلمەنىڭ ئاللاھ قىلا خاس قىلىنغانلىقى ۋە ئىنساندىن خالىي قىلىنغانلىقى بايان قىلىنمىغان. ئەسلىدە بۇ ئايەت « ئىنسان بىلىمىنىڭ چەكلىك ئىكەنلىكىنى » ئىما قىلىدۇ. دېمىسىمۇ ئايەتنىڭ ئاخىرقى جۈملىسى سۈرىنىڭمۇ ئاخىرقى سۆزىدۇر:

« الله ھەقىقەتەن (پۈتۈن ئىشلارنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، (شەيئىلەرنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى تەرەپلىرىدىن) تولۇق خەۋەرداردۇر » ( 34 ).

# سەبەئ سۈرىسى

سۈرىنىڭ ئىسمى بولغان سەبەئ، مەزكۇر سۈرىنىڭ 15 - 20 - ئايەتلىرىدە تىلغا ئېلىنغان سەبەئ دۆلىتى ۋەقەلىكىدىن ئېلىنغان. سەبەئ، ئوكيانۇس - ئاق دېڭىز ئوتتۇرىسىدىكى باھارات يولىنى ھاكىمىيىتى ئاستىدا تۇتقان

جەنۇبى ئەرەبىستاندىكى بىر دۆلەتنىڭ ئىسمىدۇر. ھەدىس ۋە تەپسىرلەردە بۇ سۈرە « سەبەئ » ئىسمى بىلەن ئاتالغان.

سۈرە مەككىدە نازىل بولغان. بەزى ئايەتلەرنىڭ مەدىنىدە نازىل بولغانلىقى ھەققىدىكى قاراشلار ئەنئام سۈرىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئۆلچەمگە مۇۋاپىق كەلمەيدۇ.

سۈرىنىڭ نازىل بولغان ۋاقتىغا كەلسەك، بۇ ھەقتە « ئەگەر خالىساق ئۇلارنى يەرگە يۇتقۇزىۋەتكەن ياكى ئاسماننى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە پارچە - پارچە قىلىپ چۈشۈرگەن بولاتتۇق » ( 9 ) مەنىسىدىكى ئايەت بىزنى يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ ئايەت، ئىسرا 92 - ئايەتتىكى مۇشرىكلارنىڭ « سەن ئېيتقاندەك ئۈستىمىزگە ئاسماننى پارچە - پارچە قىلىپ چۈشۈرگىن » سۆزىگە بىر جاۋاب ماھىيىتىگە ئىگە.

بۇ، سەبەئ سۈرىسىنىڭ ئىسرا سۈرىسىدىن كېيىن نازىل بولغانلىقىنىڭ دەلىلى. سۈرىنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن مەزكۇر سۈرىنى قۇرەيش مۇشرىكلىرىنىڭ بايقۇتىدىن كېيىن، دەۋەتنىڭ 11 - يىلىدا نازىل بولغان سۈرىلەر ئارىسىغا تىزىشقا بولىدۇ.

سۈرە مەككىدە نازىل بولغان فاتىھە، ئەنئام، كەھف ۋە فاتىر سۈرىسىگە ئوخشاش ئاللاھ قا ھەمدۇسانا ئېيتىش بىلەن باشلىنىدۇ. سۈرىنىڭ بىرىنچى ئايىتىدىن مەلۇم بولغاندەك، ئاخىرەتتە ئىبادەت ئاخىرلىشىدۇ، ئەمما ئاللاھ قا ھەمدۇسانا ئېيتىش داۋاملىشىدۇ. بۇ دۇنيادىمۇ، ئۇ دۇنيادىمۇ ھەمدۇسانا پەقەت ئاللاھ قا خاستۇر، ئاللاھ نىڭ ھەققىدۇر، ئاللاھ نىڭ مۈلكىدۇر:

الْحَمْدُ لِلَّهِ الَّذِي لَهُ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الْأَرْضِ وَلَهُ الْحَمْدُ فِي الْآَخِرَةِ وَهُوَ الْحَكِيمُ الْخَبِيرُ

« جىمى ھەمدۇسانا الله قا خاستۇر، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە الله نىڭ مۈلكىدۇر، ئاخىرەتتىكى ھەمدۇسانامۇ الله قا خاستۇر، الله ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر » ( 1 ).

سۈرىنىڭ بىرىنچى بۆلىكى ئىمان - كۇفرى تېمىسى ئۈستىدە توختالغان. ئىنساننى بەندىگە ياكى ماددىغا قۇل بولۇشقا ئېلىپ بارىدىغان شېرىك رەت قىلىنغان. كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان ئالەمنىڭ كۆرۈنمەيدىغان تەرىپى بىلەن، پارچىنىڭ پۈتۈن بىلەن، شەيئىلەرنىڭ بىر - بىرى بىلەن ۋە شەيئىلەرنىڭ ئاللاھ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۈستىدە توختالغان. بۇ ئارقىلىق دىققىتىمىزنى مەۋجۇدىيەتنىڭ مەنا ۋە مەقسەتكە ئىگە ئىكەنلىكىگە ئاغدۇرىدۇ ( 1 - 5 ).

ئاسمان ۋە زېمىن ھەققىدىكى مەلۇماتنىڭ پەقەت كۆرۈنگەنىدىنلا ئىبارەت ئەمەسلىكىنى، مەلۇم بولغاننىڭ نامەلۇم بولغان قىسمى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ناھايىتى ئاز نىسبەتتە ئىكەنلىكى تەكىتلەنگەن. 9 - ئايەت مۇھاتابلارغا كۆرۈنمىگەنلەرنى بىلىش ئۈچۈن تىرىشىشقا دەۋەت قىلىدۇ:

أَفَلَمْ يَرَوْا إِلَى مَا بَيْنَ أَيْدِيهِمْ وَمَا خَلْفَهُمْ مِنَ السَّمَاءِ وَالْأَرْضِ إِنْ نَشَأْ نَخْسِفْ بِهِمُ الْأَرْضَ أَوْ نُسْقِطْ عَلَيْهِمْ كِسَفًا مِنَ السَّمَاءِ إِنَّ فِي ذَلِكَ لَآَيَةً لِكُلِّ عَبْدٍ مُنِيبٍ

« ئۇلار ئاسمان ۋە يەردىن قانچىلىك قىسمىنى كۆرسەتكىنىمىز، قانچىلىك قىسمىنى ئۇلارغا بىلدۈرمىگەنلىكىمىزگە قارىمامدۇ؟ ئەگەر خالىساق ئۇلارنى يەرگە يۇتقۇزىمىز ياكى ئاسماننى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە پارچە - پارچە قىلىپ چۈشۈرىمىز. بۇنىڭدا الله قا قايتقۇچى ھەر بەندە ئۈچۈن ئەلۋەتتە (الله نىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىل بار » ( 9 ).

بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئېرىشىدىغان كۈچ ۋە ئىمكاننى مەۋجۇدىيەتنىڭ يارىتىلىش مەقسىتىگە ماس ھالدا ئىشلەتكىلىمۇ بولىدۇ، ئۇنىڭ ئەكسىچە ئىشلەتكىلىمۇ بولىدۇ. سۈرىدە بۇ ئىككى ئەھۋالنىڭ تارىختىكى ئۈلگىلىرى بېرىلگەن:

1. كۈچ - قۇدرەتنى مەۋجۇدىيەتنىڭ يارىتىلىش مەقسىتىگە ماس ھالدا ئىشلىتىشتە داۋۇد ۋە سۇلايمان ئۆرنەكلىرى بېرىلگەن. بۇ ئىككى ھۆكۈمدار - پەيغەمبەرنىڭ سەلتەنەتى كۈچ ۋە سەلتەنەت ئەخلاقىغا قۇرئان

ئۈلگە قىلىپ كۆرسەتكەن ئۆرنەكتۇر ( 10 ـ 14 ). بۇنىڭ ئۈچۈن شەرت بولغان بىر نەرسە بار. يەنى، كۈچ ئەخلاقى. كۈچ، كۈچ ئەخلاقى بىلەن بىرلىكتە ئىشلىتىلسە، تاغلار ۋە تاشلار، بۆرىلەر ۋە قۇشلارنىڭ ھەر بىرى بۇ ھاكىمىيەتنىڭ ئەمرى ئاستىدا يارتىلىش مەقستىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان بىرەر ئايەتكە ئايلىنىدۇ. « ئى تاغلار! ئى قۇشلار! ئۇنىڭ ئاۋازىغا ئاۋاز قوشۇڭلار! » ( 10 ) ئەمرى نېمىدىگەن چوڭقۇر مەنىگە ئىگە! ھەزرىتى داۋۇدنىڭ ئاۋازىغا ئاۋاز قوشۇش ئۈچۈن تاغلارنىڭ رەببى تاغلارغا ئەمر قىلىۋاتىدۇ. ھەزرىتى سۇلايماننىڭ ئەمرىگە شامال بويسۇندۇرۇپ بېرىلگەن. سارايىنىڭ باغچىسىدا مابەتلەر، ھەيكەللەر، كۆلچەكلەر ۋە كۆللەر بار ئىدى. لېكىن مەزكۇر ئائىلە بۇ مۈلۈكنىڭ ھەممىسىنى تۈزكورلۇق ئۈچۈن ئەمەس، شۈكۈر ئۈچۈن ئىشلەتمەكتە ئىدى ( 12 ).

2. كۈچ ـ قۇدرەتنى مەۋجۇدىيەتنىڭ يارتىلىش مەقستىگە زىت ھالدا ئىشلىتىشتە سەبەئ دۆلىتى مىسال قىلىپ كۆرستىلگەن. مەۋجۇدىيەتنىڭ يارتىلىش مەقستىنى نەزەردە تۇتمىغان بىر ھاكىمىيەتنىڭ ئىلكىدىكى كۈچ ـ قۇدرەت ۋە ھاكىمىيەت بىر بالاغا ئايلىنىدۇ، زاۋاللىققا يول ئاچىدۇ ( 15 ـ 21 ).

بىراق بۇ ئۆرنەكلەرنىڭ ئوخشاش بىر نۇقتىسى بار. يەنى، دۇنيالىق ھەر ھاكىمىيەت ئۆتكۈنچىدۇر، ئەبەدىي بولغان ئاللاھ نىڭ مۇتلەق ھاكىمىيتى ۋە ئاخىرەتنىڭ ئەبەدىي سائادىتىدۇر. بۇ سائادەت پەقەت تىرىك بولغان بىر ئاللاھ ئېتىقادى بىلەن قولغا كېلىدۇ.

ھاكىمىيەتنىڭ ئۆتكۈنچى ئىكەنلىكى قانۇنى. بۇ قانۇن سۇلتان سۇلايماننىڭ ھاكىمىيتى ئۈچۈنمۇ ئوخشاش كۈچكە ئىگە. تىللارغا داستان بولغان بىر دۆلەتنىڭ بەھەيۋەت ۋە پاراسەتلىك ھۆكۈمدارى بولغان سۇلايمان پەيغەمبەرنىمۇ نىھايەت ئۆلۈم كېلىپ تاپقاندى. ئۇنىڭ جىسمىنى يەرگە يىقىتقان نەرسە ھاسىسىنى يەپ تۈگەتكەن قۇرت ئىدى ( 14 ). بۇ نۇقتىدا ئايەت مۇھاتابىغا مۇنداق دېمەكتە: ئى ئىنسان! جاھانغا سۇلتان بولغان سۇلايمان بولساڭمۇ ئۆلۈم سېنى تاپىدۇ، ئۇنىڭدىن قاچالمايسەن. ۋاقتى كەلگەندە سېنى بىر قۇرۇت يىقىتالايدۇ.

سەبەئ دۆلىتىنى ھەزرىتى داۋۇد ۋە سۇلايمان دۆلىتىدىن پەرقلەندۇرۇپ تۇرغان نەرسە كۈچ ۋە ھاكىمىيەت ئەخلاقى ئىدى ( 15 ـ 21 ). كۈچ ئەخلاقىدىن مەھرۇم بولغان ھەر ھاكىمىيەت سەبەئ دۆلىتىگە ئوخشاش پارچە ـ پارچە بولۇپ كەتكەنىدى. رەببىمىز مۇنداق دەيدۇ: « ئۇلارنى بىز (كېيىنكى كىشىلەرگە) چۆچەك قىلىپ قالدۇردۇق » ( 19 ).

بۇ تارىخى ئۆرنەكلەردىن كېيىن تەۋھىد چاقىرىقى تەكرارلىنىدۇ ( 22 ـ 27 ) ۋە شېرىكنىڭ ناھايىتى خەتەرلىك بىر ئىنسانىيەت ۋىرۇسى ئىكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ.

ئاندىن خىتاب بىۋاستە رەسۇلۇللاھقا قارىتىلىدۇ ۋە ئەۋەتىلىش غايىسىنى ئەسكەرتىدۇ: خۇشخەۋەر بەرگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇش ( 28 ).

سۈرىدە بوزەك قىلىنغانلار بىلەن چوڭچىلىق قىلغۇچىلارنىڭ ھېساب كۈنى رەببىنىڭ ھوزۇرىدىكى تەمسىلى دىئالوگلىرى نەقىل قىلىنىش بىلەن بىرگە ( 31 ـ 36 )، شۇ ئەبەدىي ھەقىقەت بۇ نۇقتىدا بايان قىلىنىدۇ:

وَمَا أَمْوَالُكُمْ وَلَا أَوْلَادُكُمْ بِالَّتِي تُقَرِّبُكُمْ عِنْدَنَا زُلْفَى إِلَّا مَنْ آَمَنَ وَعَمِلَ صَالِحًا فَأُولَئِكَ لَهُمْ جَزَاءُ الضِّعْفِ بِمَا عَمِلُوا وَهُمْ فِي الْغُرُفَاتِ آَمِنُونَ

« ماللىرىڭلار ۋە باللىرىڭلار سىلەرنى بىزگە يېقىنلاشتۇرالمايدۇ، پەقەت ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەل قىلغانلارغا قىلغان ئەمەللىرى ئۈچۈن ھەسسىلەپ ساۋاب بېرىلىدۇ، ئۇلار (جەننەتنىڭ) ئېسىل ئۆيلىرىدە (ھەر قانداق كۆڭۈلسىزلىكتىن) ئەمىن بولغان ھالدا تۇرىدۇ » ( 37 ).

بۇ ئاگاھلاندۇرۇشلاردىن كېيىن، ئىنسانغا ئەڭ يۇقىرى پەللىدىن تۆۋەندىكىدەك نەسىھەت قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ئىنسانغا ھەر دائىم ئاللاھ نىڭ نازارىتى ئاستىدا ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىدۇ:

قُلْ إِنَّمَا أَعِظُكُمْ بِوَاحِدَةٍ أَنْ تَقُومُوا لِلَّهِ مَثْنَى وَفُرَادَى

ئېيتقىنكى، «مەن سىلەرگە بىر ئىشنى تەۋسىيە قىلىمەن: سىلەر مەيلى باشقىلار بىلەن ياكى يالغۇز تۇرۇشۇڭلاردىن قەتئىينەزەر، ئاللاھ نىڭ ھوزۇرىدا تۇرۇۋاتقانلىقىڭلارنى ھەرگىز ئۇنتۇماڭلار » ( 46 ).

ھەقنىڭ ئەبەدىي، باتىل ( ساختا )نىڭ ئۆتكۈنچى تەبىئىتى ئەسلىتىلگەندىن كېيىن ( 49 ) كەلگەن بۇ ئايەت، ھىدايەتنىڭ ماھىيىتىگە كىشىنىڭ دىققىتىنى ئاغدۇرىدۇ:

« ئەگەر ئازسام ئازغانلىقىمنىڭ زىيىنى ئۆزۈمگىدۇر، ئەگەر ھىدايەت تاپسام ( بۇ ) رەببىمنىڭ ماڭا ۋەھيى قىلغان قۇرئانىنىڭ سەۋەبىدىندۇر، اللە ھەقىقەتەن ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، يېقىندۇر » ( 50 ).

سۈرىنىڭ ئاخىرقى بۆلىكىنى ھېساپ كۈنىنىڭ دەھشىتىنى قۇرئاندا ئەڭ ياخشى تەسۋىرلەپ بەرگەن تۆۋەندىكى ئايەتلەر تەشكىل قىلىدۇ:

وَلَوْ تَرَى إِذْ فَزِعُوا فَلَا فَوْتَ وَأُخِذُوا مِنْ مَكَانٍ قَرِيبٍ (51) وَقَالُوا آمَنَّا بِهِ وَأَنَّى لَهُمُ التَّنَاوُشُ مِنْ مَكَانٍ بَعِيدٍ (52) وَقَدْ كَفَرُوا بِهِ مِنْ قَبْلُ وَيَقْذِفُونَ بِالْغَيْبِ مِنْ مَكَانٍ بَعِيدٍ (53)

« ئەسلىدە سەن ئۇلارنى كۈكۈلىسىدىن چىڭ تۇتۇلغان، قورقۇپ قاچىدىغان يەر تاپالمايۋاتقان ھالىتىنى بىر كۆرگەن بولساڭ، ئۇلار ( مانا بۇ ۋاقىتتا ): « ئىمان ئېيتتۇق » دەيدۇ، بۇنچە يىراق جايدىن ھېچقانداق جاپا تارتماي قانداقمۇ نىجاتلىققا ئېرىشسۇن؟ ھالبۇكى، ئۇلار ئىلگىرى ئۇنى ئىنكار قىلغان ۋە ( دۇنيادىن ئىبارەت ) يىراق بىر جايدىن ئاخىرەتتىن ئىبارەت ئىدراكتىن ھالقىغان غەيب ئۇستىدە قارىسىغا سۆزلىگەندى » ( 51 - 53 ).

## زۇمەر سۈرىسى

سۈرە 71 - 73 - ئايەتلەردە تىلغا ئېلىنغان زۇمەر ( زۇمرەلەر / گۇرۇپپىلار ) كەلىمىسى بىلەن ئاتالغان.

ھەزرىتى ئائىشەدىن نەقىل قىلىنغان بىر رىۋايەتكە ئاساسەن سۈرىنىڭ تۈنجى نەسل دەۋرىدىلا بۇ ئىسىم بىلەن ئاتالغانلىقىنى ئېيتالايمىز ( تىرمىزى، تەپسىر، 3234 ).

فىرۇزئابادى، سۈرىنىڭ ئىككىنجى بىر ئىسمى بارلىقى ھەققىدە توختالغان. يەنى، غۇراف سۈرىسى. غۇراف، « ئۆي » مەنىسىدىكى « غۇرفە »نىڭ كۆپلۈك شەكلى. بۇ ئىسىم سۈرىنىڭ 20 - ئايىتىدە تىلغا ئېلىنغان « ئاستىدىن دەريالار ئېقىپ تۇرغان، قەۋەت - قەۋەت ھالدا بىنا قىلىنغان جەننەت سارايلىرى ( غۇراف ) » ئىبارىسىدىن ئېلىنغان. تابىئىنلاردىن ۋەھب ب. مۇنەببىھ، « كىم ئاللاھ نىڭ مەخلۇقلىرى ھەققىدىكى ھۆكۈملىرىنى بىلمەكچى بولسا، غۇراف سۈرىسىنى ئوقۇسۇن » دېگەن ( بەسائىر ).

سۈرە مەككىدە نازىل بولغان. مەدىنىدە نازىل بولغانلىقى ھەققىدىكى بەزى رىۋايەتلەرنىڭ دەلىلى يوق. بۇ رىۋايەتلەر ئەنئام سۈرىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئۆلچەملەرگە ماس كەلمەيدۇ.

« ئاللاھ نىڭ يېرى كەڭرىدۇر » ( 10 ) ئىپادىسى ھىجرەتنى ئىما قىلماقتا. سۈرىنىڭ ئۇزۇن ئايەتلەردىن تەشكىل قىلىنىش ئۇسلۇبى، ئۇنىڭ ھەبەش ھىجرىتىدىن بەكرەك مەدىنە ھىجرىتىنى كۆرسەتمەكتە. تۈنجى تەرتىپلەرنىڭ ھەممىسىدە سەبەئ - مۇئمىن سۈرىلىرى ئارىسىغا تىزىلغان بولۇپ، بۇ سۈرىنىڭ قۇرەيش بايقۇتىدىن كېيىن نازىل بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ سۈرىنى نۇبۇۋۋەتنىڭ 11 - يىلىدا نازىل بولغان سۈرىلەر قاتارىغا تىزىشقا بولىدۇ.

سۈرىنىڭ ئانا تېمىسى ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ ئاساسى تۈركى بولغان تەۋھىد بولۇپ، تەۋھىد ۋە شېرىك ھەققىدە توختالغان.

سۈرە ۋەھيىنىڭ مەنبەسى تەكىتلەنگەن ھالدا باشلانغان. ئاللاھ نىڭ ئىمان بىلەن كۇپرى، تەۋھىد بىلەن شېرىكنىڭ تەڭ مەۋجۇت بولۇشىغا يول قويۇشىنىڭ ھېكمىتى نېمە؟ دېگەن سوئالغا بۇ سۈرە جاۋاب بەرمەكتە. بۇ جاۋابنى بەرگەندە، پەلسەپىنىڭ ئەڭ قەدىمقى تېمىلىرىدىن بىرى بولغان « ياخشى ۋە يامانىنىڭ تەبىئىتى »گە قارىتا « ھېكمەت » مەركەزلىك بىر مۇلاھىزە ئۇسلۇبىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. تۆۋەندىكى بالاغەت بىلەن تولغان ئايەت بۇ ھەقتە كەڭ دائىرىلىك مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان:

خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ بِالْحَقِّ يُكَوِّرُ اللَّيْلَ عَلَى النَّهَارِ وَيُكَوِّرُ النَّهَارَ عَلَى اللَّيْلِ وَسَخَّرَ الشَّمْسَ
وَالْقَمَرَ كُلٌّ يَجْرِي لِأَجَلٍ مُسَمًّى أَلَا هُوَ الْعَزِيزُ الْغَفَّارُ (5) خَلَقَكُمْ مِنْ نَفْسٍ وَاحِدَةٍ ثُمَّ جَعَلَ مِنْهَا زَوْجَهَا
وَأَنْزَلَ لَكُمْ مِنَ الْأَنْعَامِ ثَمَانِيَةَ أَزْوَاجٍ يَخْلُقُكُمْ فِي بُطُونِ أُمَّهَاتِكُمْ خَلْقًا مِنْ بَعْدِ خَلْقٍ فِي ظُلُمَاتٍ ثَلَاثٍ ذَلِكُمُ
اللَّهُ رَبُّكُمْ لَهُ الْمُلْكُ لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ فَأَنَّى تُصْرَفُونَ (6)

« اﷲ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى بەلگىلىك بىر مەقسەت ئۈچۈن ياراتتى. اﷲ كېچىنى كۈندۈزگە كىرگۈزىدۇ ۋە كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىدۇ، اﷲ كۈن بىلەن ئاينى ئۆز ئوقىدا مۇئەييەن ۋاقىتقىچە ( يەنى قىيامەتكىچە ) ئايلىنىپ تۇرىدىغان بەلگىلىك قانۇنىيەتكە بويسۇندۇردى، بىلىڭلاركى، ئۇ ( يەنى اﷲ ئۆز ئىشىدا ) غالىبتۇر. (بەندىلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى تولىمۇ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. اﷲ سىلەرنى بىر ئادەمدىن ياراتتى، ئاندىن ئۇنىڭدىن ئۇنىڭ جۈپتىنى ( يەنى ھەۋۋانى ) ياراتتى ۋە ھايۋانلاردىن سەككىزنى ( تۆگە، كالا، قوي، ئۆچكىدىن ئەركەك ـ چىشى بولۇپ جەمئى سەككىز ) سىلەر ئۈچۈن ياراتتى، اﷲ سىلەرنى ئاناڭلارنىڭ قارنىدا بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە تەرەققىي قىلدۇرۇپ ( يەنى ئابىمەنىي، ئاندىن لەختە قان، ئاندىن پارچە گۆش باسقۇچلىرىغا بۆلۈپ )، ئۈچ قاراڭغۇلۇق ( يەنى بالاھەمراھىنىڭ پەردىسى، بەچچىدان ۋە ئانىنىڭ قورسىقى ) ئىچىدە يارىتىدۇ، ئەنە شۇ اﷲ سىلەرنىڭ رەببىڭلاردۇر، پادىشاھلىق اﷲ قا خاستۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، قانداقمۇ ( ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشتىن ئۇنىڭدىن غەيرىيگە چوقۇنۇشقا ) بۇرۇلۇپ كېتىسىلەر » ( 5 ـ 6 ).

بالاغەت شاھ ئەسەرى بولغان بىر ئايەتتە، ھەم ئىنسانىيەتنىڭ ئېلېمېنتلىق يارىتىلىش جەريانىنىڭ ئەڭ ئۇلىغا ھەم بىئولوگىيىلىك يارىتىلىشنىڭ باشلانغۇچىغا ھەم ئانا قورسىقىدىكى تۆرەلمىلىك يارىتىلىش باسقۇچلىرىغا مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلارنىڭ ھەممىسى بايان قىلىنغان ( 6 ).

بىلىمنىڭ بىلىم ئەخلاقىدىن ئايرىلالمايدىغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك گۈزەل بىر ئاگاھلاندۇرۇش بۇ سۈرىدە كەلگەن: « بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟ » ( 9 ). ئۇنداقتا، نېمىنى بىلگەنلەر بىلەن بىلمىگەنلەر؟ ئايەتنىڭ ئالدىدا بۇ سوئالنىڭ جاۋابى بېرىلگەن: رەببىنى! بۇ مەنىدە « بىلىم » دېگەن نېمە سوئالغا، قۇرئان « ھاشىيەت » دېگەن جاۋابنى بېرىدۇ. يەنى، ئاللاھ نىڭ ئۇلۇغلىقىنى بىلىش ۋە ئۇنىڭ ئۇلۇغلىقى ئالدىدا ئۆزىنىڭ ھەددىنى بىلىشتۇر.

بۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ئاساسلىق شەرت بولغان نەرسە « ئىخلاس »تۇر ( 11 ). يەنى، ئەقىدىنى ئاللاھ قا خاس قىلغان ھالدا پەقەت ئاللاھ قىلا ئىبادەت قىلىشتۇر. مانا بۇ ئىخلاسنىڭ قۇرئاندىكى ئىزاھاتى. يەنى، ئىخلاس، قۇرئانغا كۆرە تەۋھىدىكى ئىخلاسنى كۆرسىتىدۇ.

تەۋھىد، « ئېتىقادنى ساپ، سەمىمىي ۋە خالىس ھالدا ئىبادەتنى ئاللاھ قا خاس قىلىش » شەكلىدە قايتا ـ قايتا تەكرارلانغان ( 2،3،11،14 ). « خۇدىنى يوقىتىپ قويۇش » ئىنساننىڭ ئەڭ چوڭ يوقىتىشىدۇر ( 15 ). سۈرىدە تەۋھىد بىناسىنى بۇزغۇنچىلىقىقا ئۇچراتقان شېرىك چۈشەنچىسى ئايرىم بىر تېما سۈپىتىدە بايان قىلىنغان ( 67-46،62-33،38،43 ). ھەر تۈرلۈك شېرىك « ئاللاھ نى يېتەرلىك » دەپ بىلمىگەن چۈشەنچىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. « ئاللاھ بەندىسىگە يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟ » دېگەن 36 ـ ئايەت مانا بۇ ئازغۇن چۈشەنچىنى رەت قىلىدۇ.

ئىنسانلىق تارىخى بويىچە ھەقىقەتكە تالىپ بولغانلارنىڭ ئەڭ چوڭ سۈپىتى بولغان بىر ئەۋزەللىك بۇ سۈرىدە تىلغا ئېلىنغان. يەنى، سۆزنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى ئاڭلاش ۋە ئەڭ ياخشىسىغا ئەگىشىش ( 18 ).

زۇمەر سۈرىسى ۋەھيىنىڭ ئىككى قۇتۇپلۇق بايان ئۇسلۇبى ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان سۈرىدۇر. شۇڭا قۇرئاننىڭ زىت قۇتۇپلۇق ئۇسلۇبىغا ئۆرنەك بولغان ئايەت بۇ سۈرىدە يەر ئالغان:

اللَّهُ نَزَّلَ أَحْسَنَ الْحَدِيثِ كِتَابًا مُتَشَابِهًا مَثَانِيَ تَقْشَعِرُّ مِنْهُ جُلُودُ الَّذِينَ يَخْشَوْنَ رَبَّهُمْ ثُمَّ تَلِينُ جُلُودُهُمْ

« اﷲ سۆزلەرنىڭ ئەڭ چىرايلىقى بولغان قۇرئاننى بىرسى يەنە بىرسىنى شىپى كەلتۈرۈپ تەكرارلانغان، ئىككى قۇتۇپلۇق بىر خىتاب سۈپىتىدە نازىل قىلدى. ( بۇ شۇنداق بىر خىتابتۇركى ) رەببىدىن ئەيمىنىدىغان كىشىلەرنىڭ بەدەنلىرى تىترەيدۇ، ئاندىن اﷲ نىڭ زىكرى ئۈچۈن ( يەنى اﷲ نىڭ رەھمىتى، مەغپىرىتىگە دائىر ئايەتلەر تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا ) ئۇلارنىڭ بەدەنلىرى ۋە دىللىرى يۇمشاپ ( ئارام تاپىدۇ ) » ( 23 ).

« ئىلاھىي ۋەھيي نېمە ئۈچۈن سۆزنىڭ بارلىق ئىمكانلىرىنىڭ ھەممىسىنى پۈتۈنلەي كەڭ دائىرىدە ئىشلىتىدۇ؟ » سوئالىنىڭ جاۋابىنى بۇ سۈرىدە يەر ئالغان بىر ئايەتتىن بىلەلەيمىز:

وَلَقَدْ ضَرَبْنَا لِلنَّاسِ فِي هَذَا الْقُرْآَنِ مِنْ كُلِّ مَثَلٍ لَعَلَّهُمْ يَتَذَكَّرُونَ

« بىز كىشىلەرنى ۋەز ـ نەسىھەت ئالسۇن دەپ، بۇ قۇرئاندا ئۇلارغا تۈرلۈك مىساللارنى بايان قىلدۇق » ( 27 ).

سۈرىدە رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆلىدىغان بىر ئىنسان ئىكەنلىكى ئەسكەرتىلگەن « سەن ھەقىقەتەن ئۆلىسەن، ئۇلارمۇ ھەقىقەتەن ئۆلىدۇ » ( 30 ) ئايىتى، « بىر كۈنى كېلىدۇ پەيغەمبەرلەرنىمۇ ۋە ئىنكار قىلغانلارنىمۇ ھېسابقا تارتىمىز » ئىماسىنى ئەكس ئەتتۈرمەكتە.

قۇرئاننىڭ ھەم خۇشخەۋەر بېرىدىغان ھەم ئاگاھلاندۇرىدىغان ئايەتلىرى بار. بۇ ھەر ئىككى ئايەت گۇرۇپپىسى ئىنسانغا بىر رەھمەتتۇر. چۈنكى ئۇنىڭ مەقسىتى ئىنساننى ئاگاھلاندۇرۇشتۇر. قۇرئاندا يەر ئالغان خۇشخەۋەر بەرگۈچى ئايەتلەرنىڭ بەلكىم بىرىنچىسى تۆۋەندىكى ئايەتتۇر:

لِيُكَفِّرَ اللَّهُ عَنْهُمْ أَسْوَأَ الَّذِي عَمِلُوا وَيَجْزِيَهُمْ أَجْرَهُمْ بِأَحْسَنِ الَّذِي كَانُوا يَعْمَلُونَ

« اﷲ ئۇلارنىڭ ئەڭ يامان ئەمەللىرىنى يوققا چىقىرىدۇ، ئۇلارغا قىلغان ئەڭ ياخشى ئەمەللىرى بويىچە ساۋاب بېرىدۇ » ( 35 ).

ئىنساننىڭ قىلغانلىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى بىلەن مۇكاپاتلىنىشى ھەققىدىكى بۇ خۇشخەۋەر ئېخىمۇ ياخشىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن تىرىشىشقا يېتەرلىك سەۋەبتۇر. ئاللاھ نىڭ ئىنسان ئەمەللىرىنى ئەڭ ياخشىسى ئۈستىدىن مۇكاپاتلايدىغانلىقىنى پەقەت « كەرىم بولۇشى » بىلەن ئىزاھلىغىلى بولىدۇ.

ئىنسان يۈرىكىنى تىترىتىدىغان ئۇ سوئال بۇ سۈرىدە يەر ئالماقتا: « ئاللاھ بەندىسىگە يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟ » يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟ ئېيتىپ بېقىڭە، ئاللاھ بەندىسىگە يېتەرلىك بولمىسا، كىم يېتەرلىك بولىدۇ؟ نېمە يېتەرلىك بولىدۇ؟

ۋەھيىنىڭ تۈنجى مۇھاتابىغا ئەدەبىي تەۋسىيە قىلغان ئۇسلۇبى ھەممىمىزنىڭ قۇلىقىدا جاراڭلاپ تۇرىشى كېرەك:

قُلْ يَا قَوْمِ اعْمَلُوا عَلَى مَكَانَتِكُمْ إِنِّي عَامِلٌ فَسَوْفَ تَعْلَمُونَ

ئېيتقىنكى، « ئى قەۋمىم! سىلەر ئۆزەڭلارغا يارىشىدىغاننى قىلىڭلار، مەنمۇ ئۆزەمگە يارىشىدىغاننى قىلىمەن. سىلەر ئۇزۇنغا قالماي خارلىغۇچى ئازابنىڭ كىمگە كېلىدىغانلىقىنى بىلىسىلەر» ( 39 ).

ئۆلۈمگە مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتىمىز ناھايىتى ئاز بولۇپ، بۇ شەكىلدە داۋاملىشىدۇ. چۈنكى ئۆلۈم ماددىي دۇنيا ئاخىرلىشىپ مەنىۋى دۇنيا باشلانغان بىر بوسۇغىدۇر. ئۇ بوسۇغا ھەققىدە پەقەت ۋەھيي ئارقىلىقلا بىر نەرسە بىلەلەيمىز. تۆۋەندىكى ئايەت بۇ ھەقتە توختالماقتا:

اللَّهُ يَتَوَفَّى الْأَنْفُسَ حِينَ مَوْتِهَا وَالَّتِي لَمْ تَمُتْ فِي مَنَامِهَا فَيُمْسِكُ الَّتِي قَضَى عَلَيْهَا الْمَوْتَ وَيُرْسِلُ الْأُخْرَى إِلَى أَجَلٍ مُسَمًّى إِنَّ فِي ذَلِكَ لَآَيَاتٍ لِقَوْمٍ يَتَفَكَّرُونَ

« ئىنسانلار ئۆلىدىغان چاغلىرىدا، اﷲ ئۇلارنىڭ جانلىرىنى ئالىدۇ، ئۆلمىگەنلەرنىڭ جانلىرىنى ئۇخلىغان چاغلىرىدا ئالىدۇ، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان ( يەنى ئەجىلى يەتكەنلەر ) نىڭ جانلىرىنى تۇتۇپ قېلىپ، قالغانلارنىڭ

جانلىرنى مۇئەييەن ۋاقىتقىچە ( يەنى ئەجىلى يەتكۈچە ) قويۇپ بېرىدۇ، بۇنىڭدا پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن ( اﷲ نىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان ) نۇرغۇن ئالامەتلەر بار » ( 42 ).

ئۆلۈمگە مۇناسىۋەتلىك بۇ ئايەت ۋە بۇ يەرگىچە داۋام قىلغان ئايەتلەر مۇشرىكلارنىڭ شاپائەت چۈشەنچىسىنى يېمىرىپ تاشلاشنى مەقسەت قىلغان. قۇرئاندىكى پۈتۈن شاپائەت ئايەتلىرى، زۇمەر سۈرىسى 44 ـ ئايەت ئاساسىدا چۈشىنىلىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئاللاھ قا تەسلىم بولغانلىقنى داۋا قىلغان مۇسۇلمانلارمۇ ئۆزىدىكى شاپائەت چۈشەنچىسىنى بۇ ئايەت ئاساسىدا شەكىللەندۈرۈشى لازىم:

قُلْ لِلَّهِ الشَّفَاعَةُ جَمِيعًا لَهُ مُلْكُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ ثُمَّ إِلَيْهِ تُرْجَعُونَ

ئېيتقىنكى « شاپائەتنىڭ ھەممىسى اﷲ نىڭ ئىلكىدىدۇر، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىنىنىڭ پادىشاھلىقى اﷲ قا خاستۇر. ئاندىن سىلەر اﷲ نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر» ( 44 ).

سۈرىنىڭ 53 ـ ئايىتىمۇ قۇرئانىنىڭ خۇشخەۋەر بەرگۈچى ئايەتلىرىدىن بىرى:

قُلْ يَا عِبَادِيَ الَّذِينَ أَسْرَفُوا عَلَى أَنْفُسِهِمْ لَا تَقْنَطُوا مِنْ رَحْمَةِ اللَّهِ إِنَّ اللَّهَ يَغْفِرُ الذُّنُوبَ جَمِيعًا إِنَّهُ هُوَ الْغَفُورُ الرَّحِيمُ

« ( ئى مۇھەممەد! مېنىڭ تىلىمدىن ) ئېيتقىنكى، « ( گۇناھلارنى قىلىۋېرىپ ) ئى ھاياتىنى ئىسراپ قىلغان بەندىلىرىم! اﷲ نىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار. اﷲ ھەقىقەتەن ( خالىغان ئادەمنىڭ ) جىمى گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ، شۈبھىسىزكى، اﷲ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر » ( 53 ).

سۈرىنىڭ ئاخىرىدىكى جەننەتكە لايىق بولغان مۇئمىنلەرنىڭ جەننەتكە كىرىشى ۋە جەننەتتە قىزغىن قارشى ئېلىنىشى تەسۋىرلەنگەن جەننەت پۇراقلىق ئايەتلەر ئىنسان روھىغا ھوزۇر بېغىشلايدۇ:

وَسِيقَ الَّذِينَ اتَّقَوْا رَبَّهُمْ إِلَى الْجَنَّةِ زُمَرًا حَتَّى إِذَا جَاءُوهَا وَفُتِحَتْ أَبْوَابُهَا وَقَالَ لَهُمْ خَزَنَتُهَا سَلَامٌ عَلَيْكُمْ طِبْتُمْ فَادْخُلُوهَا خَالِدِينَ (73) وَقَالُوا الْحَمْدُ لِلَّهِ الَّذِي صَدَقَنَا وَعْدَهُ وَأَوْرَثَنَا الْأَرْضَ نَتَبَوَّأُ مِنَ الْجَنَّةِ حَيْثُ نَشَاءُ فَنِعْمَ أَجْرُ الْعَامِلِينَ (74)

رەببى ئالدىدىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى تونۇپ يېتىپ ئادا قىلغانلار، جەننەتكە توپ ـ توپ بولغان ھالدا ماڭدۇرۇلىدۇ، ھالبۇكى، ئۇلار جەننەتكە يېتىپ كەلگەن چاغدا ئۇنىڭ دەرۋازىلىرى ئېچىلىپ بولغان بولىدۇ، جەننەتكە مۇئەككەل پەرىشتىلەر ئۇلارغا: « سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن، سىلەر ( گۇناھلارنىڭ كىرلىرىدىن ) پاك بولدۇڭلار، جەننەتكە كىرىڭلار، ( ئۇنىڭدا ) مەڭگۈ قېلىڭلار » دەيدۇ ( 73 ). ئۇلار ( جەننەتكە كىرىپ ئورۇنلاشقان چاغدا ) ئېيتىدۇ: « جىمى ھەمدۇسانا اﷲ قا خاستۇركى، ئۇ بىزگە قىلغان ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇردى، جەننەتنىڭ زېمىنىغا بىزنى ۋارىس قىلدى. جەننەتتە ئۆزىمىز خالىغان جايدا تۇرىمىز، مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلغۇچىلارنىڭ مۇكاپاتى نېمىدېگەن ياخشى! » ( 74 ).

## غافىر ( مۇئمىن ) سۈرىسى

سۈرە، 28 ـ 45 ـ ئايىتىدىكى قىسسەگە ئاساسەن ئىسلام ئالىمىنىڭ غەربىدە « مۇئمىن »، شەرقىدە 3ـ ئايىتىگە ئاساسەن « غافىر » ئىسمى بىلەن مەشھۇر.

تىرمىزى رەسۇلۇللاھنىڭ مەزكۇر سۈرىنى « ھا مىم ئەلمۇئمىن » دەپ ئاتىغانلىقى ھەققىدىكى بىر ھەدىسنى نەقىل قىلغان.

سۈرە مەككىدە ئەبۇ تالىپنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن نازىل بولغان بولسا كېرەك. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ئۇقبە بىن ئەبى مۇئايت رەسۇلۇللاھقا قول تەككۈزمەكچى بولغاندا ئالدىنى توسۇپ، « سىلەر رەببىم ئاللاھ دېگەن كىشىنى ئۆلتۈرەمسىلەر؟ » ( 28 ) دېگەن بۇ ئايەتنى قوللانغان ( بۇخارى ). سۆيۈملۈك رەسۇلىمىزنى ئۆلتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان بۇ خىل ھەرىكەتلەر ئەبۇ تالىپنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ھىجرەتتىن بۇرۇن باش كۆتۈرۈشكە باشلىغانىدى. يەنى، ئائىلىنىڭ باشقا ئەزالىرى بىلەن بىرلىكتە رەسۇلۇللاھنىڭ ھاياتىغا قەست قىلىنىشقا باشلىغان بىر مەزگىلدە نازىل بولغان. سۈرە دەۋەتنىڭ 11 - يىلىنىڭ ئاخىرى ياكى 12 - يىلىنىڭ باشلىرىدا نازىل بولغان بولسا كېرەك. سۈرە، مۇسھابىتىكى نازىل بولۇش تەرتىپىگە ئاساسەن تىزىلغان يەتتە سۈرىلىك « ھا مىم » ئائىلىسىنىڭ تۇنجى سۈرىسى بولۇپ، دەسلەپكى تەرتىپلەرنىڭ ھەممىسىدە زۇمەر - فۇسسىلەت سۈرىسى ئارىسىغا تىزىلغان.

سۈرىنىڭ ئانا تېمىسى ئىنسان. سۈرىدە ئىنسان ياراتقۇچى ئالدىدا ھەددىنى بىلىش، يارىتىلغانلار ئالدىدا ئۆزىنىڭ قىممىتىنى بىلىشكە دەۋەت قىلىنغان.

سۈرە « ھا مىم » مۇقاتتائا ھەرپىلىرى بىلەن باشلىنىدۇ. مۇشۇنداق باشلانغان باشقا سۈرىلەرگە ئوخشاش ۋەھيي تەكىتلەنگەن. سۈرىنىڭ 3 - ئايىتىدە ئاللاھ نىڭ غەزىپىنىڭ ئىككى رەھمەت ئىسكوپكىسىنىڭ ئىچىگە ئېلىنغانلىقىنى كۆرىمىز:

غَافِرِ الذَّنْبِ وَقَابِلِ التَّوْبِ شَدِيدِ الْعِقَابِ ذِي الطَّوْلِ لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ إِلَيْهِ الْمَصِيرُ

« ( ﷲ ) گۇناھنى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، تەۋبىنى قوبۇل قىلغۇچىدۇر. ( ﷲ نىڭ ) ئازابى قاتتىقتۇر، ( ﷲ ) ئىنئام ئىگىسىدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئاقىۋەت قايتىدىغان جاي ئۇنىڭ دەرگاھىدۇر » ( 3 ).

سۈرىدە كىشىنىڭ دىققەت - نەزىرى ۋەھيىنى ئىنكار قىلغان قەۋملەرنىڭ پاجىئەلىك ئاقىۋىتىگە ئاغدۇرۇلغان بولۇپ( 4 - 5 )، ئاندىن مۇئمىنلەرگە خوشخەۋەر بېرىلگەن ( 7 - 8 ).

سۈرىدە كائىنات دەلىللىرى بايان قىلىنغان بولۇپ، نەزىرىمىزنى بىر دەم ئاسمانغا، بىردەم يەرگە ئاغدۇرىدۇ. رىزقىمىزنىڭ خۇددى ئايەتلەرگە ئوخشاش سامادىن نازىل بولغانلىقىنى بۇ سۈرىدىن ئۆگىنىمىز ( 13 ).

ئېكىنزارلىقتا ئۇرۇق تېرىغۇچى ئاسمانغا قارايدۇ. نېمە ئۈچۈن؟ ئەلۋەتتە رىزىق / رەھمەت سامادىن چۈشكەنلىكى ئۈچۈن. رىزقىمىزغا ئېرىشىش ئۈچۈن ھەرىكەتكە كەلگەن ۋاقتىمىزدا، رىزقىمىزمۇ ئالدىمىزغا كېلىش ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئۆتىدىكەن ۋە بىزگە پۈتۈلگەن رىزىق كېلىپ بىزنى تاپىدىكەن. لېكىن بىزمۇ ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇنى تەلەپ قىلىپ، ئۇنىڭغا ئىسمىمىزنى يازدۇرىشىمىز كېرەك ئىكەن. بىز ئۇنى ئىزدەشكە باشلىغان ۋاقتىمىزدا، ئۇمۇ بىزنى ئىزدەپ تاپىدىكەن. بىزنىڭ كۆڭلىمىز ئۇنى تارتىشقا باشلىغاندا، ئۇمۇ بىزگە ئىنتىلىدىكەن. ئىككى تەرەپ بىر - بىرىگە ئىنتىلگەندە، بۇلارنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھ بەلگىلىگەن قانۇن تەقەززاسى بىلەن ئۇلار بىر - بىرىنى تاپىدىكەن.

سۈرىدە ھېساپ كۈنىدىكى بىر دىئالوگ نەقىل قىلىنغان. بۇ، ئىنساننى قورقۇنچتىن تىترىتىدىغان بىر دىئالوگ. دىئالوگ دېيىلگەندە كۈندىلىك ھاياتتىكى بىر دىئالوگ كۆز ئالدىڭىزغا كەلمىسۇن. ئۇ كۈندە ئاللاھ نىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرگۈدەك نە بىر ئىنسان نە بىر پەرىشتە بولىدۇ. سوئالنى سورىغۇچىمۇ ۋە جاۋابىنىمۇ بەرگۈچى ئاللاھ تۇر.

لِمَنِ الْمُلْكُ الْيَوْمَ لِلَّهِ الْوَاحِدِ الْقَهَّارِ

« - بۈگۈن پادىشاھلىق كىمگە خاس؟

غالىب بىر ﷲ قا خاستۇر » ( 16).

قورقۇنچلۇق بولغان ھېساپ كۈنىمۇ ياكى ھېساپ بېرىشمۇ؟ مېنىڭچە ھېساپ بېرىشتۇر. چۈنكى ئۇ كۈنىنىڭ ئېغىر كۈن بولۇشى، ھېساپ بېرىشنىڭ قىيىنلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك:

وَأَنْذِرْهُمْ يَوْمَ الْآزِفَةِ إِذِ الْقُلُوبُ لَدَى الْحَنَاجِرِ كَاظِمِينَ مَا لِلظَّالِمِينَ مِنْ حَمِيمٍ وَلَا شَفِيعٍ يُطَاعُ

« ئۇلارنى قىيامەت كۈندىن ئاگاھلاندۇرغىن، ئۇ چاغدا دىللار ( قورقۇنچنىڭ قاتتىقلىقىدىن ) بوغۇزلارغا كەپلىشىۋالىدۇ، ئۇلار قايغۇ ـ ھەسرەتكە تولىدۇ، زالىملارغا يېقىن دوست ۋە شاپائىتى قوبۇل قىلىنىدىغان شاپائەتچى بولمايدۇ » ( 18 ).

سۈرىدە ھەزرىتى مۇسانىڭ، زالىم ھاكىمىيەتنىڭ ئۈچ تەرىپىنىڭ سىمۋولى بولغان پىرئەۋن - ھامان - قارۇندىن ئىبارەت ئۈچ كۈچكە قارشى ئېلىپ بارغان كۆرىشى بايان قىلىنىدۇ ( 23 ـ 24 ). پىرئەۋنىنىڭ، خەلقنىڭ سەرخىللىرىنى نېمە بىلەن قورقىتىدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟ ھەزرىتى مۇسانىڭ ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتىگە مۇداخىلە قىلىشى (ئارىلىششى) بىلەن قورقىتاتتى ( 26 ).

پىرئەۋنىنىڭ مەجلىسىدە ھەزرىتى مۇسادىن قانداق قۇتۇلۇش ھەققىدە مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىلماقتا بولۇپ، بىرىنچى چارە ئۇنى ئۆلتۈرۈپ كۆزدىن يوقىتىش ئىدى. پىرئەۋن: « مۇسانى ماڭا قويۇپ بېرىڭلار، ئۇنى مەن ئۆلتۈرەي » دەيدۇ. مۇسانىڭ ئۆلتۈرۈلىشى ئادەتتىكى بىر ئىش ئەمەس بولۇپ، مۇسا پىرئەۋن سارىيىدا چوڭ بولغان بىرى ئىدى. ئۇ غەلبىلىك تاماملىغان ھەبەشىستان يۈرۈشىدىن كېيىن كۆزگە كۆرۈنگەن ۋە پىرئەۋن تەختىگە ۋارىسلىق قىلغۇچى ئۈچ نامزاتتىن بىرى ئىدى. بۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئۇنداق ئاسان ئەمەس ئىدى.

دەل بۇ ۋاقىتتا، ئۇ مەجلىسكە قاتناشقان ۋە ئۇ كۈنگىچە ھەققىي كىملىكىنى يوشۇرۇپ كەلگەن بىر زات ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئۇنىڭ ئۇ مەجلىسكە قاتنىششىنىڭ بىردىنبىر سەۋەبى، خۇددى ئۇ كۈندىكى ۋەزىيىتىنى ئادا قىلىش ئىدى. ئايەتتە ئۇنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنمايدۇ، پەقەت « بىر مۆئمىن » دېيىلىدۇ. مۆئمىن كەلىمىسىنىڭ نەقرا ( نامەلۇم بىر نەرسىگە بېرىلگەن ئىسىم ) بولۇشى پىرئەۋن مەجلىسىدىكى ئۇ مەجھۇل مۆئمىنىنىڭ نامەلۇم ھالدا قېلىشىنى ئىما قىلىدۇ. ئۇ مۆئمىنىنىڭ بەنى ئىسرائىل قەۋمىدىن ئەمەس، مىسىرنىڭ يەرلىك ئاھالىسىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى 29 ـ ئايەتتىن بىلەلەيمىز. بۇمۇ تارىخنىڭ ئاجايىپ جىلۋىلىرىدىن بىرى. يەنى، بىر تەرەپتە ھەزرىتى مۇسانىڭ يېقىن تۇققىنى بولغان تۇرۇپمۇ پەقەت مەنپەئەتى ئۈچۈن پىرئەۋن سېپىدە يەر ئالغان قارۇن؛ يەنە بىر تەرەپتە پىرئەۋنىنىڭ مەجلىس ئەھلى قاتارىدا بولغان، لېكىن ھەزرىتى مۇسانىڭ ئۆلتۈرۈلىشى مۇزاكىرە قىلىنغان بىر مەجلىستە ئۆزىنىڭ پاش بولۇپ قېلىشىغا قارىماي مۇسانى ھىمايە قىلغان بىر مۆئمىن. بۇ ئايەت، سۈرىگە ئىسمى بېرىلگەن مانا بۇ نامەلۇم مۆئمىن ھەققىدە توختالغان. مانا بۇ مۆئمىنىنىڭ پىرئەۋن مەجلىسىدە قىلغان ۋە ئاللاھ مۇ رازى بولغانلىقى ئۈچۈن، ۋەھيي قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ ئەبەدىيلەشتۈرۈلگەن ئۇ سۆزى ئايەتتە مۇنداق بايان قىلىنغان:

وَقَالَ رَجُلٌ مُؤْمِنٌ مِنْ آَلِ فِرْعَوْنَ يَكْتُمُ إِيمَانَهُ أَتَقْتُلُونَ رَجُلًا أَنْ يَقُولَ رَبِّيَ اللَّهُ وَقَدْ جَاءَكُمْ بِالْبَيِّنَاتِ
مِنْ رَبِّكُمْ وَإِنْ يَكُ كَاذِبًا فَعَلَيْهِ كَذِبُهُ وَإِنْ يَكُ صَادِقًا يُصِبْكُمْ بَعْضُ الَّذِي يَعِدُكُمْ إِنَّ اللَّهَ لَا يَهْدِي مَنْ هُوَ
مُسْرِفٌ كَذَّابٌ (28) يَا قَوْمِ لَكُمُ الْمُلْكُ الْيَوْمَ ظَاهِرِينَ فِي الْأَرْضِ فَمَنْ يَنْصُرُنَا مِنْ بَأْسِ اللَّهِ إِنْ جَاءَنَا قَالَ
فِرْعَوْنُ مَا أُرِيكُمْ إِلَّا مَا أَرَى وَمَا أَهْدِيكُمْ إِلَّا سَبِيلَ الرَّشَادِ (29) وَقَالَ الَّذِي آَمَنَ يَا قَوْمِ إِنِّي أَخَافُ
عَلَيْكُمْ مِثْلَ يَوْمِ الْأَحْزَابِ (30) مِثْلَ دَأْبِ قَوْمِ نُوحٍ وَعَادٍ وَثَمُودَ وَالَّذِينَ مِنْ بَعْدِهِمْ وَمَا اللَّهُ يُرِيدُ ظُلْمًا
لِلْعِبَادِ (31) وَيَا قَوْمِ إِنِّي أَخَافُ عَلَيْكُمْ يَوْمَ التَّنَادِ (32) يَوْمَ تُوَلُّونَ مُدْبِرِينَ مَا لَكُمْ مِنَ اللَّهِ مِنْ عَاصِمٍ
وَمَنْ يُضْلِلِ اللَّهُ فَمَا لَهُ مِنْ هَادٍ (33) وَلَقَدْ جَاءَكُمْ يُوسُفُ مِنْ قَبْلُ بِالْبَيِّنَاتِ فَمَا زِلْتُمْ فِي شَكٍّ مِمَّا جَاءَكُمْ
بِهِ حَتَّى إِذَا هَلَكَ قُلْتُمْ لَنْ يَبْعَثَ اللَّهُ مِنْ بَعْدِهِ رَسُولًا كَذَلِكَ يُضِلُّ اللَّهُ مَنْ هُوَ مُسْرِفٌ مُرْتَابٌ (34)
الَّذِينَ يُجَادِلُونَ فِي آَيَاتِ اللَّهِ بِغَيْرِ سُلْطَانٍ أَتَاهُمْ كَبُرَ مَقْتًا عِنْدَ اللَّهِ وَعِنْدَ الَّذِينَ آَمَنُوا كَذَلِكَ يَطْبَعُ اللَّهُ عَلَى
كُلِّ قَلْبِ مُتَكَبِّرٍ جَبَّارٍ (35) وَقَالَ فِرْعَوْنُ يَا هَامَانُ ابْنِ لِي صَرْحًا لَعَلِّي أَبْلُغُ الْأَسْبَابَ (36) أَسْبَابَ

السَّمَاوَاتِ فَأَطَّلِعَ إِلَى إِلَهِ مُوسَى وَإِنِّي لَأَظُنُّهُ كَاذِبًا وَكَذَلِكَ زُيِّنَ لِفِرْعَوْنَ سُوءُ عَمَلِهِ وَصُدَّ عَنِ السَّبِيلِ وَمَا كَيْدُ فِرْعَوْنَ إِلَّا فِي تَبَابٍ (37) وَقَالَ الَّذِي آمَنَ يَا قَوْمِ اتَّبِعُونِ أَهْدِكُمْ سَبِيلَ الرَّشَادِ (38) يَا قَوْمِ إِنَّمَا هَذِهِ الْحَيَاةُ الدُّنْيَا مَتَاعٌ وَإِنَّ الْآخِرَةَ هِيَ دَارُ الْقَرَارِ (39) مَنْ عَمِلَ سَيِّئَةً فَلَا يُجْزَى إِلَّا مِثْلَهَا وَمَنْ عَمِلَ صَالِحًا مِنْ ذَكَرٍ أَوْ أُنْثَى وَهُوَ مُؤْمِنٌ فَأُولَئِكَ يَدْخُلُونَ الْجَنَّةَ يُرْزَقُونَ فِيهَا بِغَيْرِ حِسَابٍ (40) وَيَا قَوْمِ مَا لِي أَدْعُوكُمْ إِلَى النَّجَاةِ وَتَدْعُونَنِي إِلَى النَّارِ (41) تَدْعُونَنِي لِأَكْفُرَ بِاللَّهِ وَأُشْرِكَ بِهِ مَا لَيْسَ لِي بِهِ عِلْمٌ وَأَنَا أَدْعُوكُمْ إِلَى الْعَزِيزِ الْغَفَّارِ (42) لَا جَرَمَ أَنَّمَا تَدْعُونَنِي إِلَيْهِ لَيْسَ لَهُ دَعْوَةٌ فِي الدُّنْيَا وَلَا فِي الْآخِرَةِ وَأَنَّ مَرَدَّنَا إِلَى اللَّهِ وَأَنَّ الْمُسْرِفِينَ هُمْ أَصْحَابُ النَّارِ (43) فَسَتَذْكُرُونَ مَا أَقُولُ لَكُمْ وَأُفَوِّضُ أَمْرِي إِلَى اللَّهِ إِنَّ اللَّهَ بَصِيرٌ بِالْعِبَادِ (44)

پىرئەۋن خانداندا مەنسۇپ، ئىمانىنى يوشۇرىدىغان بىر مۆمىن ئادەم ئېيتتى: « سىلەر 'پەرۋەردىگارىم الله' دېگەن كىشىنى ئۆلتۈرەمسىلەر؟ ھالبۇكى، ئۇ سىلەرگە ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ دەرگاھىدىن روشەن دەلىللەرنى ئېلىپ كەلدى. ئەگەر ئۇ (پەيغەمبەرلىك دەۋاسىدا) يالغانچى بولسا، يالغانچىلىقىنىڭ زىيىنى ئۇنىڭ ئۆزىگىدۇر، ئەگەر ئۇ راستچىل بولسا، ئۇ سىلەرنى قورقۇتقان ئازابنىڭ بىر قىسمى سىلەرگە كېلىدۇ، الله ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئاشقان يالغانچىنى ھىدايەت قىلمايدۇ.

ئى قەۋمىم! بۈگۈن سەلتەنەت سىلەرنىڭ ئىلكىڭلاردىدۇر، ( مىسىر ) زېمىنىدا سىلەر غالىبسىلەر، ئەگەر بىزگە الله نىڭ ئازابى كەلسە، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشقا بىزگە كىم ياردەم بېرىدۇ؟ ».

پىرئەۋن ئېيتتى: « مەن سىلەرگە پەقەت نېمىنى توغرا دەپ قارىسام، شۇنى مەسلىھەت بېرىمەن. سىلەرنى پەقەت مەن توغرا يولغا باشلايمەن ».

مۆئمىن ئادەم ئېيتتى: « ئى قەۋمىم! سىلەرنىڭ نۇھ، ئاد، سەمۇد قەۋملىرىگە ئوخشاش ۋە ئۇلاردىن كېيىنكىلەرگە ئوخشاش جامائەلەر ئۇچرىغان جازاغا ئۇچرىشىڭلاردىن قورقىمەن، الله بەندىلىرىگە زۇلۇم قىلىشنى خالىمايدۇ. ئى قەۋمىم! مەن سىلەر ئۈچۈن ھەقىقەتەن قىيامەت كۈنىدىن ئەنسىرەيمەن. ئۇ كۈندە ( دوزاخ ئازابىنىڭ دەھشىتىدىن قورقۇپ ) ئارقاڭلارغا چېكىنىسىلەر، سىلەرگە ھېچ الله نىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرغۇچى بولمايدۇ. كىمكى الله ئۇنى گۇمراھ قىلىدىكەن، ئۇنى ھىدايەت قىلغۇچى بولمايدۇ. شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئىلگىرى سىلەرگە يۈسۈف ( الله نىڭ دەرگاھىدىن ) روشەن مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلدى. ئۇ ئېلىپ كەلگەن دەلىلدىن سىلەر ھامان شەكلەندىڭلار، تاكى ئۇ ۋاپات بولغاندا، ( دەلىل ـ پاكىتسىز ) ھالدا، الله ئۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز پەيغەمبەر ئەۋەتمەيدۇ دېدىڭلار، الله ( گۇناھتا ) ھەددىدىن ئاشقۇچىنى، ( دىندا ) شەكلەنگۈچىنى مۇشۇنداق ئازدۇرىدۇ ».

الله نىڭ ئايەتلىرى ئۈستىدە ئۆزلىرىگە ( الله تەرىپىدىن ) كەلگەن ھېچقانداق دەلىل بولماستىن ( قارىسىغا ) جاڭجاللىشىدىغانلار الله نىڭ دەرگاھىدا ۋە مۆمىنلەرنىڭ نەزىرىدە قاتتىق نەپرەتكە قالىدۇ، بۈزغۇنچىلىق قىلىپ ( ئىماندىن باش تارتقان )، ( بەندىلەرگە ) زومىگەرلىك قىلغان ھەر قانداق ئادەمنىڭ دىلىنى الله مۇشۇنداق پېچەتلىۋېتىدۇ. پىرئەۋن ( ۋەزىرى ھامانغا ): « ئى ھامان! ماڭا بىر ئېگىز بىنا سالغىن، ئۇنىڭ بىلەن مەن دەرۋازىلارغا-ئاسماننىڭ دەرۋازىلىرىغا يېتىشىم مۇمكىن، شۇنىڭ بىلەن مەن مۇسانىڭ ئىلاھىنى كۆرەي، مەن ھەقىقەتەن مۇسانى يالغانچى دەپ گۇمان قىلىمەن » دېدى. پىرئەۋنگە ئۇنىڭ يامان ئەملى شۇنداق چىرايلىق كۆرسىتىلدى، پىرئەۋن ( گۇمراھلىقنى تۇپەيلىدىن ھىدايەت ) يولىدىن مەنئى قىلىندى، پىرئەۋننىڭ ھىيلە ـ مىكرى پەقەت بىكاردۇر.

( پىرئەۋن خانداندىن ) ئىمان ئېيتقان كىشى ئېيتتى: « ئى قەۋمىم! سىلەر ماڭا ئەگىشىڭلار، مەن سىلەرنى توغرا يولغا باشلايمەن. ئى قەۋمىم! بۇ دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت ( ۋاقىتلىق ) پايدىلىنىشتىن ئىبارەتتۇر، ئاخىرەت ھەقىقەتەن ( مەڭگۈلۈك ) قارارگاھتۇر. كىمكى ( بۇ دۇنيادا ) بىرەر يامانلىقنى قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا ( ئاخىرەتتە )

شۇنىڭغا لايىق جازا بېرىلىدۇ، مەيلى ئەر بولسۇن، مەيلى ئايال بولسۇن، كىمكى ئۆزى مۆمىن تۇرۇپ بىرەر ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئەنە شۇلار جەننەتكە كىرىدۇ، جەننەتتە ئۇلارغا ھېسابسىز رىزىق بېرىلىدۇ. ئى قەۋمىم! ماڭا نېمىدۇركى، سىلەرنى مەن ( دوزاختىن ) قۇتۇلۇشقا دەۋەت قىلىمەن، سىلەر بولساڭلار مېنى دوزاخقا دەۋەت قىلىسىلەر. سىلەر مېنى اللە نى ئىنكار قىلىشقا، مەن بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرۈشكە دەۋەت قىلىسىلەر، ھالبۇكى، مەن سىلەرنى غالىب، ( بەندىلەرنىڭ گۇناھلىرىنى ) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى ( اللە ) غا دەۋەت قىلىمەن. ھەقىقەتەن سىلەر مېنى ئۇنىڭغا ( يەنى بۇتقا ) ئىبادەت قىلىشقا چاقىرىسىلەر، ئۇنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ( ئۆزىگە ئىبادەت قىلىشقا ) چاقىرغىنى يوق، بىزنىڭ ئاخىر بارىدىغان جايىمىز اللە نىڭ دەرگاھىدۇر، ( گۇمراھلىقتا ) ھەددىدىن ئاشقۇچىلار ئەھلى دوزاختۇر. ( سىلەرگە ئازاب نازىل بولغان چاغدا ) سىلەرگە ئېيتقان سۆزۈمنىڭ ( راستلىقىنى ) ئەسلەيسىلەر، مەن ئىشىمنى اللە قا تاپشۇرىمەن، اللە ھەقىقەتەن بەندىلىرىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر» ( 29 ـ 44 ).

ئاللاھ نىڭ، ئۇ مەجھۇل مۇئمىننى پىرئەۋن ۋە قەۋمىنىڭ رەزىل توزاقلىرىدىن ساقلاپ قالغانلىقىنى، ھالاك بولغۇچىلارنىڭ پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەر ئىكەنلىكىنى ئايەتلەر بىزگە بىلدۈرمەكتە ( 45 ).

ئىلاھىي ۋەھىي ۋە ئۇنىڭ يەتكۈزگۈچىلىرىنى ئاللاھ نىڭ قانداق ھىمايە قىلغانلىقىنى بۇ ئۆرنەكلەردىن بىلەلەيمىز. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرەلەيمىزكى، مۇھتەمەلەن مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ مەجلىس مەركىزى بولغان دارۇن نەۋەدىمۇ، خۇددى پىرئەۋن مەجلىسىگە ئوخشاش رەسۇلۇللاھ ھەققىدە مۇزاكىرىلەر ئېلىپ بېرىلىۋاتقانىدى. بەلكىم، قۇرئان بۇ ئۆرنەكلەر ئارقىلىق ئۇ مەجلىستىكى ئىنساپ ئەھلى ئىنسانلارغا جاسارەت بېغىشلاۋاتقان بولسا كېرەك. بۇ ئايەتلەردىن ئۆز ۋاقتىدا رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆلتۈرۈلىشىگە چىن دىلىدىن قارشى چىققان دارۇن نەدۋە ئەزالىرى بولغانلىقىنىمۇ پەرەز قىلغىلى بولىدۇ. بۇ بۆلەكنى رەسۇلۇللاھقا بۇنىڭغا قارشى تەدبىر ئېلىش ھەققىدە بېرىلگەن بىشارەت دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ.

ئاندىن ۋەھىينىڭ ھىمايە قىلىنىشىغا مۇناسىۋەتلىك بىر بۆلەك بايان قىلىنغان. بۇ بۆلەكتە ئاللاھ نىڭ رەسۇلۇللاھقا ياردەم بېرىدىغانلىقى قايتا تەكىتلىنىدۇ:

« شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز رەسۇلىمىزگە، مۇئمىنلەرگە ھاياتىي دۇنيادا ۋە شاھىتلار ( پەرىشتە، نەبىلەر ۋە مۇئمىنلەردىن بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىگە گۇۋاھ بولىدىغان ) ھازىر بولىدىغان كۈندە ئەلۋەتتە ياردەم بېرىمىز » ( 51 ).

سۈرىدە توقۇپ چىقىلغان يالغان قەدرىيەتلەرگە چىڭ ئېسىلىۋالغان ئىنساننىڭ ھەقىقەتكە ۋە ئۆزىگە قانداق ياتلاشقانلىقى تىلغا ئېلىنغان. سۈرىدە، مال ـ مۈلۈك، كۈچ، يۇقىرى ئۆرلەش، كۆز ـ كۆز قىلىش، ھوقوق ۋە ئەڭ چوڭ بولۇش خىرىسىنىڭ ئىنساننىڭ خۇدىنى قانداق يوقىتىپ قويىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. ۋەھىي، ئۆزىنى ئىنكار قىلىشنىڭ پسىخولوگىيىلىك ئانالىزىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. « مۇشۇنداق بىر ئىنكار قىلىشنىڭ تەكتىدە قانداق ئامىللار ياتىدۇ؟ » دېگەن سوئالغا مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ: « ئۇلارنىڭ كۆكرەكلىرى ئىچىدە، ئېرىشىشىمۇ ھېچقاچان رازى بولمايدىغان ئەڭ چوڭ بولۇشتىن ئىبارەت بىر خىرىستىن باشقا نەرسە يوق » ( 56 ). ھەددىنى بىلمەسلىكنىڭ، كىشىنى ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى ھەققىدە جاڭجاللىشىدىغان ھالغا ئېلىپ كېلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان ( 4، 35، 69 ). ئاللاھ قا ئىبادەت قىلىشتىن كىشىنى يىراق تۇتقان ئامىلنىڭ ھاكاۋۇرلۇق ئىكەنلىكى بايان قىلىنىپ، بەندىلەرنى دۇئاغا دەۋەت قىلماقتا:

وَقَالَ رَبُّكُمُ ادْعُونِي أَسْتَجِبْ لَكُمْ إِنَّ الَّذِينَ يَسْتَكْبِرُونَ عَنْ عِبَادَتِي سَيَدْخُلُونَ جَهَنَّمَ دَاخِرِينَ

رەببىڭلار ئېيتىدۇ: « ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن ( دۇئايىڭلارنى ) قوبۇل قىلىمەن ( تىلىگىنىڭلارنى بېرىمەن )، شۈبھىسىزكى، مېنىڭ ئىبادىتىمدىن چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتىدىغانلار خار ھالدا جەھەننەمگە كىرىدۇ » ( 60 ).

ئاللاھ سۆز شەكلىدە ئەۋەتكەن ئايەتلىرىنى رەت قىلىپ، ئۇ ياراتقان بۇ مېھمانخانىنى خالىغىنىچە ئىشلىتىپ يۈزسىزلىك قىلىۋاتقانلارغا ئاسمانلارنى ۋە يەرنى، كېچە ۋە كۈندۈزنى ئاللاھ نىڭ ياراتقانلىقى ئەسلىتىلىدۇ ( 57، 61 ). بۇ ئارقىلىق خۇددى: « ئەگەر ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالمىساڭلار، ئۇ ياراتقان جايدا تۇرماڭلار،

قولۇقلاردىن كەلسە ئۆزەڭلارغا بىر جاي يارىتىپ ئۇ يەرگە كېتىڭلار » دېيىلمەكتە. بۇ نۇقتىدا ئەستايىدىللىق بىلەن ئويلىنىشقا تېگىشلىك بىر مەسىلە تىلغا ئېلىنىدۇ : « ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى يارىتىش ئەلۋەتتە ئىنسانلارنى يارىتىشتىن كۆپ قىيىندۇر ۋە لېكىن ئىنسانلارنىڭ كۆپچىلىكى ( بۇنى ) ئۇقمايدۇ » ( 57 ).

سۈرىدە، ئىلاھىي ۋەھيىنى بىلىپ تۇرۇپ رەت قىلغۇچىلارنىڭ زېھىن جەھەتتىن قانداق ۋەيرانچىلىق ئىچىدە بولىدىغانلىقى بايان قىلىنغان ( 63 ).

سۈرىنىڭ ئاخىرقى ئايەتلىرى، ئازابنى كۆرگەندىن كېيىن ئىمان ئېيتىشنىڭ كىشىگە ھېچقانداق بىر پايدا ئېلىپ كەلمەيدىغانلىقى بايان قىلىنغان. بۇ ئارقىلىق ئىماننىڭ ھەر خىل بېسىمدىن خالىي ھالدا ھۆر ئىرادە بىلەن قوبۇل قىلىنغان تاللاش ئىكەنلىكى تەكىتلىنىدۇ:

فَلَمَّا رَأَوْا بَأْسَنَا قَالُوا آمَنَّا بِاللَّهِ وَحْدَهُ وَكَفَرْنَا بِمَا كُنَّا بِهِ مُشْرِكِينَ (84) فَلَمْ يَكُ يَنْفَعُهُمْ إِيمَانُهُمْ لَمَّا رَأَوْا بَأْسَنَا سُنَّةَ اللَّهِ الَّتِي قَدْ خَلَتْ فِي عِبَادِهِ وَخَسِرَ هُنَالِكَ الْكَافِرُونَ (85)

ئۇلار بىزنىڭ ئازابىمىزنى كۆرگەن چاغدا: « بىز بىر الله قا ئىمان ئېيتتۇق، بىز بۇرۇن (الله قا) شېرىك قىلغان بۇتلارنى ئىنكار قىلدۇق » دېدى. بىزنىڭ ئازابىمىزنى كۆرگەن چاغدا ئېيتقان ئىمانىنىڭ ئۇلارغا پايدىسى بولمىدى، بۇ الله نىڭ ئەزەلدىن تارتىپ بەندىلىرى ئارىسىدا تۇتقان يولىدۇر، بۇ چاغدا كاپىرلار زىيان تارتقۇچى بولدى ( 84 - 85 ).

مانا بۇ سۈننەتۇللاھ ( ئاللاھ نىڭ بەلگىلىمىسى )تۇر. پىرىئەۋنلەشكەن ھەر ئەقىل ئاقىۋەتتە ئىگىسىنى زىيانغا باشلاپ بارىدۇ.

## ئەنبىيا سۈرىسى

« ئەنبىيا » ئىسمى سۈرىنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن بېرىلگەن. يەنى سۈرىدە ھەزرىتى ئىبراھىمدىن باشلاپ ئون يەتتە پەيغەمبەرنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنغان. بۇلار ھەزرىتى مۇسا، ھەزرىتى ھارۇن، ھەزرىتى ئىبراھىم، ھەزرىتى ئىسھاق، ھەزرىتى ياقۇپ، ھەزرىتى لۇت، ھەزرىتى نۇھ، ھەزرىتى سۇلايمان، ھەزرىتى داۋۇد، ھەزرىتى ئەييۇب، ھەزرىتى ئىدرىس، ھەزرىتى ئىسمائىل، ھەزرىتى سالىھ، ھەزرىتى يۇنۇس، ھەزرىتى زەكەرىيا، ھەزرىتى يەھيا، ھەزرىتى ئىسا قاتارلىقلار بولۇپ، قۇرئاندا ئەنبىيا سۈرىسىدىن باشقا سۈرىدە بۇنداق زىچ شەكىلدە تىلغا ئېلىنمايدۇ.

سۈرە مەككىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە نازىل بولغان بولۇپ، جابىر بىن زەيد سەجدە - نەھل سۈرىسىنىڭ ئارىسىغا، باشقىلار ئىبراھىم - مۇئمىنۇن سۈرىسىنىڭ ئارىسىغا تىزغان. 3 - ئايىتى بۇ سۈرىنىڭ بىرىنچى ئەقەبە بەيئىتىدىن ( مىلادى 621 ) كېيىن نازىل بولغانلىقىنى كۆرستىدۇ. ئىبن ئىسھاق نەقىل قىلغان زۇخرۇف سۈرىسىنىڭ 57 - ئايىتىنىڭ بۇ سۈرىنىڭ 98 - ئايىتىنى ئىما قىلغانلىقى ھەققىدىكى ئىبن ئاباس رىۋايىتىگە ئاساسلانغاندا، ئەنبىيا سۈرىسى زۇخرۇف سۈرىسىدىن بۇرۇن نازىل بولغان. بۇ مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، سۈرىنى رىسالەتنىڭ 12 - يىلىدا نازىل بولغان سۈرىلەر قاتارىغا تىزىشقا بولىدۇ.

سۈرىنىڭ ئانا تېمىسى قۇرئاننىڭ مەركىزى ئىدىيىسىنى بايان قىلغان كىرىش سۆزگە ئوخشاپ قالىدۇ. سۈرە دىنىنىڭ ئۈچ ئاساسلىق ئۇل تېشى، يەنى تەۋھىد، ئاخىرەت ۋە نۇبۇۋۋەت ھەققىدە توختالغان.

سۈرە ئىنسانلارغا قارىتىلغان بىر ئاگاھلاندۇرۇش بىلەن باشلىنىدۇ:

اقْتَرَبَ لِلنَّاسِ حِسَابُهُمْ وَهُمْ فِي غَفْلَةٍ مُعْرِضُونَ

« ئىنسانلاردىن ئۇلارنىڭ (ئەمەللىرىدىن) ھېساب ئېلىنىدىغان ۋاقىت (يەنى قىيامەت) يېقىنلاشتى. ھالبۇكى، ئۇلار غەپلەت ئىچىدە (بۇ ھەققەتتىن) يۈز ئۆرۈمەكتىدۇر » ( 1 ).

ئاندىن رەسۇلۇللاھنىڭ نۇبۇۋۋىتىنى ئىنكار قىلماقچى بولغانلارنىڭ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ يۈرگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ ( 5 ). ئىنكار قىلغۇچى مۇھاتابلار يەنە ئوخشاش ئىشنى قىلماقتا بولۇپ، ئۇلار ئىنسان نەبىنىڭ ئورنىغا پەرىشتە نەبى تەلەپ قىلغانىدى. ئۇلارغا « ئەۋەتىلگەن ھەر رەسۇلنىڭ ئىنسان جىنسىدىن ئىكەنلىكى » ئەسكەرتىلىدۇ ( 7 ). بۇ خىل تەلەپلەر ئىنكارچىلارنىڭ ھەقىقىي غەرىزىنى يوشۇرۇشتىكى باھانىسى ئىدى. ئىشەنمەسلىكتە چىڭ تۇرغان نەرسە ئۆزلىرىگە شەرەپ بېغىشلاش ئۈچۈن چۈشۈرۈلگەن ۋەھيىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. ۋەھيى ئالەملەرنىڭ رەببىنىڭ ئىلتىپاتى بولۇپ، ۋەھيىگە ئىشىنىش بىلەن ئىنسان شەرەپكە ئىگە بولىدۇ:

لَقَدْ أَنْزَلْنَا إِلَيْكُمْ كِتَابًا فِيهِ ذِكْرُكُمْ أَفَلَا تَعْقِلُونَ

« سىلەرنىڭ شان ـ شەرىپىڭلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) سىلەرگە ھەقىقەتەن نازىل قىلىپ بەردۇق. (بۇنى) چۈشەنمەمسىلەر؟ » ( 10 ).

ئىنساننىڭ بىر يارىتىلىش مەقسىتى بار. ئىنسان ئۈچۈن يارىتىلغانلارنىڭ بىر مەقسىتى بولىدۇ - يۇ، ئاسمانلار – زېمىن ئۇنىڭ ئۈچۈن يارىتىپ بېرىلگەن ئىلاھى شاھ ئەسەر ئىنساننىڭ بىر يارىتىلىش مەقسىتى بولمامدۇ؟ تۆۋەندىكى ئايەتلەر بۇ ئىلاھىي ھەقىقەتنى ئەسكەرتىدۇ:

وَمَا خَلَقْنَا السَّمَاءَ وَالْأَرْضَ وَمَا بَيْنَهُمَا لَاعِبِينَ (16) لَوْ أَرَدْنَا أَنْ نَتَّخِذَ لَهْوًا لَاتَّخَذْنَاهُ مِنْ لَدُنَّا إِنْ كُنَّا فَاعِلِينَ (17)

« ( ئى ئىنسانلار! ) بىز ئاسماننى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى ئويناپ ياراتقىنىمىز يوق. ئەگەر بىز ئىچ پۇشۇقى قىلماقچى بولساق، قېشىمىزدىكى نەرسىلەر بىلەن قىلالايتتۇق، لېكىن بىز بۇنداق قىلمايمىز » ( 16 ـ 17 ).

قۇرئان كائىناتتىكى تەرتىپنى، ئۇنى ياراتقۇچىنىڭ ۋەھدانىيىتىنىڭ دەلىلى قىلىپ كۆرسىتىدۇ. قۇرئان ئاللاھ نىڭ بارلىقىغا دەلىل كۆرسىتىشكە ئېھتىياج قويمايدۇ، پەقەت ئاللاھ نىڭ بىر ئىكەنلىكىگە دەلىل كۆرسىتىدۇ.

لَوْ كَانَ فِيهِمَا آلِهَةٌ إِلَّا اللَّهُ لَفَسَدَتَا فَسُبْحَانَ اللَّهِ رَبِّ الْعَرْشِ عَمَّا يَصِفُونَ

« ئەگەر ئاسمان ـ زېمىندا الله تىن باشقا ئىلاھلار بولسا ئىدى، (كائىناتنىڭ تەرتىپى) ئەلۋەتتە بۇزۇلاتتى، ئەرشنىڭ رەببى الله ئۇلارنىڭ سۈپەتلىگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر » ( 22 ).

سۈرە ئىنكار قىلغۇچىلارنى قايىل قىلىش مەقسىتىدە پەقەت ئۆز دەۋرىنىڭ ئىنسانلىرىلا ئەمەس، پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ مۇتلەپ كۆپچىلىكى خەۋەردار بولمىغان كائىناتتىكى ئىلاھىي ھەقىقەتلەرنى بايان قىلىدۇ:

أَوَلَمْ يَرَ الَّذِينَ كَفَرُوا أَنَّ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ كَانَتَا رَتْقًا فَفَتَقْنَاهُمَا وَجَعَلْنَا مِنَ الْمَاءِ كُلَّ شَيْءٍ حَيٍّ أَفَلَا يُؤْمِنُونَ

« ئىنكار قىلىشتا چىڭ تۇرغانلار بىلەمدۇكى، ئاسمانلار بىلەن زېمىن باشتا بىر ـ بىرىگە تۇتاش ئىدى، ئۇلارنى ئايرىۋەتتۇق، ھەممە جانلىق مەۋجۇداتنى سۇدىن ياراتتۇق، ئۇلار (الله نىڭ قۇدرىتىگە) ئىشەنمەمدۇ؟ » ( 30 ).

مانا بۇ نۇقتىدا، ھەزرىتى خىزىردىن تارتىپ بارلىق پانىيلار ھەققىدىكى ئۆلۈمسىزلىك چۈشەنچىلىرىنىڭ توغرا ـ خاتالىقىنى ئايرىشتا ئاساسلىنىدىغان ئىلاھىي پرىنسىپ بايان قىلىنغان:

« بىز سەندىن ئىلگىرى ( ئىنسانلاردىن ) ھېچ كىشىنى مەڭگۈ ياشاتقىنىمىز يوق » ( 34 ).

ئىنساننىڭ ئالدىراڭغۇ مىجەزگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان ئايەت بۇ سۈرىدە يەر ئالغان ( 37 ). ئىنكار قىلغۇچىلارمۇ، ئىمان ئېيتقۇچىلارمۇ بىر كۈنى رەببىنىڭ ھوزۇرىغا چىقىدۇ:

وَنَضَعُ الْمَوَازِينَ الْقِسْطَ لِيَوْمِ الْقِيَامَةِ فَلَا تُظْلَمُ نَفْسٌ شَيْئًا وَإِنْ كَانَ مِثْقَالَ حَبَّةٍ مِنْ خَرْدَلٍ أَتَيْنَا بِهَا وَكَفَى بِنَا حَاسِبِينَ

« قىيامەت كۈنى بىز (ئەمەللەر تارتىلىدىغان) ئادالەت تارازىسىنى ئورنىتىمىز، ھېچ ئادەمگە قىلچە ئۇۋال قىلىنمايدۇ (يەنى ياخشى ئادەمنىڭ ياخشىلىقى كېمەيتىۋېتىلمەيدۇ، يامان ئادەمنىڭ يامانلىقى ئاشۇرۇۋېتىلمەيدۇ) ئەگەر ئۇنىڭ قىچا چاغلىق ئەملى بولسىمۇ، ئۇنى ھازىر قىلىمىز، (بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىدىن) ھېساب ئېلىشقا بىز يېتەرلىكمىز » ( 47 ).

سۈرىدە 48 - ئايەتتىن تارتىپ پەيغەمبەرلەر ھەققىدىكى بايانلار باشلىنىدۇ.

سەھىرى ئادەم بىلەن باشلانغان ئىنسانىيەت سەپىرىنىڭ چاشگاھ ۋاقتىنى ھەزرىتى نۇھ، چۈش ۋاقتىنى ھەزرىتى ئىبراھىم، ناماز دىگەر ۋاقتىنى ھەزرىتى مۇھەممەد تەمسىل قىلىدۇ. سۈرىنىڭ باشلىنىشىدىكى « ۋاقىت يېقىنلىشىپ قالدى » ئىبارىسى بىزگە بۇ ھەقىقەتنى ئەسكەرتىدۇ.

سۈرىدە تەرتىپ بويىچە ھەزرىتى مۇسا ۋە ھارۇن ھەمدە ئۇلارغا بېرىلگەن ئىلاھىي ۋەھيي ھەققىدە بايانلار بېرىلىدۇ. قۇرئاننىڭ ئۇ ئىلاھىي ۋەھيىنىڭ داۋامى ئىكەنلىكى تەكىتلىنىدۇ ( 48 - 50 ).

ئاندىن ھەزرىتى ئىبراھىمغا بېرىلگەن مۇھاكىمە قابىلىيىتىگە كىشىنىڭ دىققىتىنى ئاغدۇرىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ساغلام مۇھاكىمىسى ئارقىلىق رەببىنى تاپقانلىقى ۋە ئۇنىڭغا تەسلىم بولغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ. ئۇ ئەڭ ئاخىرىدا بۇتلارنى چېقىپ، قەۋمىنىڭ ئېچىنىشلىق بىر ھالدا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. بۇ ئۇنىڭ ئوتقا تاشلىنىشىغا سەۋەب بولغان، لېكىن ئوتنىڭ رەببى ئوتقا ئەمىر قىلغانىدى: « ئى ئوت! ئىبراھىمغا سالقىن ۋە ئامانلىق بەخش ئېتىدىغان بولۇپ بەر! ». رەببى ئۇنىڭ تەسلىمىيىتىدىن رازى بولغان، ئۇنىڭغا نەبى ئوغۇللار ۋە نەۋرىلەر بەخش ئەتكەنىدى ( 51 - 73 ).

ھەزرىتى لۇتقا ھۆكۈم ۋە ئىلىم بېرىلگەن بولۇپ، ئۇلاردىن بۇرۇن ھەزرىتى نۇھ ۋە يېقىنلىرى چوڭ بىر بالادىن قۇتقۇزۇلغانىدى.

داۋۇد ۋە سۇلايمان ئىككى سۇلتان رەسۇللار بولۇپ، ئۇلارغىمۇ ھۆكۈم ۋە ئىلىم بېرىلگەنىدى. ئۇلار ئۆزلىرىگە بېرىلگەن بۇ سەلتەنەتنى بەخش ئېتىلگەن ئىلمى بىلەن بىرلەشتۈرگەن ۋە بىر ئادالەت دۆلىتى قۇرۇپ چىققانىدى.

ھەزرىتى ئەييۇبنىڭ سەبرى، ھەزرىتى ئىدرىسنىڭ ۋە « ئۈستىگە مەسئۇلىيەت ئالغان كىشى ( زۇلكىفل ) »نىڭ سەبرى تىلغا ئېلىنىدۇ. سۆز بېلىق ۋەقەسىنىڭ باش قەھرىمانىغا كەلتۈرۈلىدۇ ( ھەزرىتى يۇنۇس ). ئاللاھ ئۇنىمۇ دۇچار بولغان مۈشكۈلاتتىن قۇتقازغان ئىدى. بۇ نەبىلەر ئارقىلىق رەسۇلۇللاھقا دەرس بېرىلمەكتە ئىدى. بۇ ئۆرنەكلەر سۈرىنىڭ ئىككىنچى ئايىتىدىكى تەسەللىنىڭ ئىزاھاتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ھەزرىتى زەكەرىيانىڭ دۇئاسى تىلغا ئېلىنىدۇ ۋە ئارقىدىن « ئىپپىتىنى ساقلىغان ئايال ( مەريەم ) » ياد قىلىنىدۇ. بۇ نەبىلەر ھەققىدىكى بايانلاردىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بىر ئۈممەتنىڭ مەنسۇپلىرى ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان بۇ ئايەت كېلىدۇ:

إِنَّ هَذِهِ أُمَّتُكُمْ أُمَّةً وَاحِدَةً وَأَنَا رَبُّكُمْ فَاعْبُدُونِ

« (ئى ئىنسانلار!) مانا بۇ يەردە قىسقىچە ياد قىلىنغان پەيغەمبەرلەر تارىخىمۇ كۆرسەتكەندەك، سىلەرنىڭ ئۈممىتىڭلار ( دىنىڭلار ) ھەقىقەتەن بىر ئۈممەتتۇر ( دىندۇر ). مەن سىلەرنىڭ رەببىڭلاردۇرمەن، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار » ( 92 ).

قۇرئاندىكى نەبىلەر قىسسەلىرىنىڭ ئىككى مەقسىتى بار:

بىرىنچىسى، نۇبۇۋۋەت مۇئەسسەسىنى ۋە ئۇنىڭ ھەل قىلغۇچ ئەھمىيىتىنى چۈشىنىشىمىزنى ئاسانلاشتۇرۇش بولۇپ، نۇبۇۋۋەت بىر روھقا ئوخشايدۇ. ئۇنى ۋۇجۇدقا ئىگە قىلغان نەرسە مانا بۇ قىسسەلەردۇر.

ئىككىنجىسى، مۇھاتابنىڭ كىشىلىكىنى بەرپا قىلىش / شەكىللەندۈرۈش. ۋەھيي ئۇقۇملار بىلەن تەسەۋۋۇرنى، تەۋسىيەلەر بىلەن ئەقلىنى، ئۆرنەكلەر بىلەن كىشىلىكىنى، بىر پۈتۈن گەۋدىسى بىلەن ھاياتىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

سۈرە رەسۇللارنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلغان ھالدا ئىنسانلارنىڭ ئۆزگەرمەس قىممەت - قاراشلىرى، پرىنسىپلىرى بىلەن ئورتاق ياخشىنىڭ يىلتىزىنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى ئىشارەت قىلىدۇ. ئىسىملىرى تىلغا ئېلىنغان نەبىلەرنىڭ ھاياتى بۇ ھەقىقەتنىڭ تارىخى دەلىلىدۇر ( 48 - 91 ).

بۇ ئەبەدى ھەقىقەتنىڭ ھازىر ۋە بۇ ماكاندا نامايەن بولغان نەتىجىسى مۇنداق ئىپادىلەنگەن: « سىلەرنىڭ بۇ ئۇممىتىڭلار بىر ئۇممەتتۇر » ( 92 ). بۇنىڭ ئوخشاش شەكلى ئۇنىڭدىن كېيىنكى بۆلەكتە ئاللاھ نىڭ بىر ئىكەنلىكى ئۇسلۇبىدا بايان قىلىنغان: « سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار بىر يالغۇز ئىلاھتۇر » ( 108 ). بۇ ئارقىلىق ئاللاھ نىڭ مۇتلەق بىر ئىكەنلىكى بىلەن ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقانلارنىڭ مەقسەت بىرلىكى ھەققىدە زىچ مۇناسىۋەت قۇرغان بىر تەسەۋۋۇرنىڭ شەكىللىنىشىنى نىشان قىلماقتا. بىرىنچىسى « تەۋھىدنىڭ »، ئىككىنجىسى « ۋەھدەتنىڭ » شەرتى. بىرىنچىسىنى « ئەقىدىۋى ۋەھدەت »، ئىككىنجىسىنى « ئىجتىمائى تەۋھىد » دەپ ئاتاشقا بولىدۇ.

سۈرىنىڭ ئاخىرىدىكى بۆلەكتە ئاخىرەت ۋە قىيامەت ھەققىدە توختالغان. ئاللاھ تىن باشقا ھېچكىم خەۋەر بېرەلمەيدىغان ئۇ كۈنگە مۇناسىۋەتلىك بىر سەھنە بۇ بۆلەكتە تەسۋىرلەنگەن. ئاسمانلارنىڭ قەغەزگە ئوخشاش يۆگىلىدىغانلىقىنى بايان قىلغان بۇ ئايەت ۋەھيىنىڭ تىپىك قىيامەت تەسۋىرلىرىدىن بىرىنى تەشكىل قىلىدۇ:

يَوْمَ نَطْوِي السَّمَاءَ كَطَيِّ السِّجِلِّ لِلْكُتُبِ كَمَا بَدَأْنَا أَوَّلَ خَلْقٍ نُعِيدُهُ وَعْدًا عَلَيْنَا إِنَّا كُنَّا فَاعِلِينَ

« بۇ كۈندە ئاسماننى (پۈتۈكچى) نەرسە يېزىلغان قەغەزنى يۆگىگەندەك يۆگەيمىز. مەخلۇقاتلارنى دەسلەپتە قانداق ياراتقان بولساق، شۇ ھالىتىدە ئەسلىگە قايتۇرىمىز. (بۇ) بىز ئۈستىمىزگە ئالغان ۋەدىدۇر، (ئۇنى) چوقۇم ئىشقا ئاشۇرىمىز » ( 104 ).

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەۋەتىلىش مەقستى بايان قىلىنغان ئايەت بۇ سۈرىدە تىلغا ئېلىنغان. ئۇ مەقسەت « ئالەملەرگە »، ئىبنى ئابباسنىڭ ئىزاھاتى بويىچە « پۈتۈن ئىنسانىيەتكە رەھمەت بولۇش » ئىدى:

وَمَا أَرْسَلْنَاكَ إِلَّا رَحْمَةً لِلْعَالَمِينَ

« (ئى مۇھەممەد!) بىز سېنى پۈتۈن ئەھلى جاھان ئۈچۈن پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق » ( 107 ).

بۇ ئايەت قۇرئاننىڭ رەسۇلۇللاھ ھەققىدە بەرگەن خەۋىرىدۇر. بۇ ئايەتنىڭ بارلىق زامان ۋە ماكانلاردا جاراڭلىغان ساداسى مۇھاتابىنىڭ قەلب قۇلىقىغا مۇنداق دېمەكتە: « ئالەملەرنىڭ مەسئۇلىيىتىنى يەلكەڭدە ھېس قىلساڭ، ئاللاھ سېنى ئۇ مەسئۇلىيەت ھۆرمىتىگە ئالەملەرگە رەھمەت قىلىدۇ. لېكىن، ئىنسانىيەتكە رەھمەت بولۇش ئىنسانىيەتنىڭ دەردىگە تالىپ بولۇش بىلەن، ئۇنىڭ ھىدايىتى ئۈچۈن « ئۆزىنى ھالاك قىلغۇدەك دەرىجىدە » تىرىشچانلىق كۆرسىتىش بىلەن، ئۆرنەك بولۇشتىن ئىبارەت رولىنى ئادا قىلىش يولىدا چېچىنى ئاقارتىش بىلەن، ئۆمرىنى ئىنسانىيەتنىڭ ئەبەدى سائادىتىگە پىدا قىلىش بىلەن مۇمكىن بولىدۇ.

## مۇئمىنۇن سۈرىسى

سۈرە بىرىنچى ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان « مۇئمىنلەر » مەنىسىدىكى « مۇئمىنۇن » كەلىمىسى بىلەن ئاتالغان.

بىزگە يېتىپ كەلگەن رىۋايەتلەردىن، بۇ سۈرىنى رەسۇلۇللاھنىڭ مەزكۇر ئىسىم بىلەن ئاتىغانلىقى مەلۇم بولماقتا ( ئەبۇ داۋۇد ).

سۈرە مەككە دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە نازىل بولغان. ھەتتا بۇ ساھەدە نوپۇزلۇق بەزى كىشلەر بۇ سۈرىنى مەككىدە نازىل بولغان ئاخىرقى سۈرە دەپ قارىغان. لېكىن مەزمۇن جەھەتتىن قارىغاندا، بۇ سۈرە ئەقەبە بەيئىتىدىن كېيىن پەيغەمبەرلىكنىڭ 12 - يىلىدا نازىل بولغان بولسا كېرەك.

بۇ سۈرىدە « ( چوقۇم ) ئاللاھتۇر، دەيدۇ » ( 84 - 89 ) شەكلىدە پەرەزگە ئاساسلانغان ھالدا ئېلىپ بېرىلغان بىر دىئالوگ، باشقا بىر يەردە « ئەلۋەتتە "ئاللاھ" دەيدۇ » شەكلىدە ئېلىپ بېرىلغان بىر دىئالوگنىڭ بىر پارچىسى بولۇپ كېلىدۇ ( مەسىلەن، ئەنكە بۇت، 61؛ لوقمان، 25 ). بۇنىڭغا ئاساسەن بۇ سۈرە زۇمەر، لوقمان ۋە زۇخرۇف سۈرىلىرى بىلەن بىر مەزگىلدە ياكى ئارقىمۇ - ئارقا نازىل بولغان بولسا كېرەك.

جابىر بىن زەيد تەرتىپىدە تۆت - مۆلك سۈرىسى ئارىسىغا، باشقا تەرتىپلەردە ئەنبىيا سۈرىسىنىڭ ئارقىسىغا تىزىلغان. ئەنبىيا ۋە مۆئمىنۇن سۈرىلىرى ئەقەبە بەيئىتىدىن كېيىن نازىل بولغان سۈرىلەر بولۇپ، بۇ ئورۇن مۇۋاپىق. بىزنىڭچە بۇ سۈرە ئەنبىيا - فۇسسىلەت سۈرىسى ئارىسىغا تىزىلسا مۇۋاپىق بولىدۇ. فۇسسىلەت « ها مىم » ئائىلىسىگە تەۋە ئىككىنجى سۈرە.

سۈرە مەزمۇن جەھەتتىن باشتىن - ئاخىر بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە. مۇكەممەل مۆئمىنىنىڭ سۈپىتىنى تەسۋىرلەپ بەرگەن باشلىنىش ئايەتلىرى بىلەن مائارىج سۈرىسى 22 - 35 - ئايەتلىرى ئارىسىدا ئوخشاشلىق مەۋجۇت. سۈرىدە مەقبۇل بىر ئىمان تىپىسىنى چۈرىدىگەن ھالدا ۋەھيى، نۇبۇۋۋەت ۋە ئاخىرەت بايان قىلىنغان. ئالدىنقى ئورۇندا بولۇپمۇ كىشىلىك ھاياتنى ( 1 - 9 ) ئۆز ئىچىگە ئالمىغان بىر ئىماننىڭ ھېچقانداق بىر مەنا ئىپادىلىمەيدىغانلىقى ( 84 - 89 ) بايان قىلىنغان. سۈرە ئۆتمۈش پەيغەمبەرلەر ئۇستىدىن كۆرسىتىلگەن ئۆرنەكلەرنى چۈرىدىگەن ھالدا، قۇرئان ۋەھيىنىڭ تۇنجى مۇھاتابى بولغان رەسۇلۇللاھنىڭ ۋە ئىمان ئېيتقانلارنىڭ كىشىلىكنى بەرپا قىلىشنى مەقسەت قىلغان ( 23 - 50 ).

سۈرە مۇھاتابىنىڭ « نىجادلىققا ئېرىشىش » چۈشەنچىسىنى شەكىللەندۈرگەن ھالدا باشلىنىدۇ. كلاسىك كالام ئەدەبىياتىدىكى « فىرقائى ناجىيە ( نىجادلىققا ئېرىشكۈچى پىرقە ) كىم؟ » دېگەن سوئالغا گەرچە ھەر كىم مەزھىبىگە، تەرىقىتىگە قارىتا بىرەر جاۋاب بەرگەن بولسىمۇ، ئاللاھ نىڭ بۇ سوئالغا بەرگەن جاۋابى مەزكۇر سۈرىدە دەسلەپكى كۈندىكىدەك جانلىق ھالدا ئالدىمىزدا تۇرماقتا. بۇ جاۋاب « " كىملەر نىجادلىققا ئېرىشىدۇ؟ " دېگەن سوئالنىڭ جاۋابىنى بىرىش ھەققى نىجادلىققا ئېرىششكە مۇھتاج ئىنسانلارنىڭ ئەمەس، نىجادلىققا ئېرىشتۈرگۈچى ئاللاھ قا خاستۇر. ئاللاھ بەرگەن جاۋابقا قانائەت قىلماي ئۆنىڭغا قوشۇپ قويۇش ياكى كېمەيتىش، ئىلاھىي جاۋابنى ياراتماي ئۆز خاھىشى بويىچە " نىجادلىق رىتسىپى " يېزىش دېگەنلىك بولىدۇ. بۇنداق كىشى ئالدى بىلەن بۇ خىل چۈشەنچىدىن قۇتۇلىشى ۋە ئاللاھ بەرگەن جاۋابقا تەسلىم بولۇشى كېرەك » دەيدۇ. تۆۋەندىكىلەر « كىملەر نىجادلىققا ئېرىشىدۇ؟ » دېگەن سوئالنىڭ قىيامەتكىچە كۈچكە ئىگە بولغان ئىلاھى جاۋابىدۇر:

قَدْ أَفْلَحَ الْمُؤْمِنُونَ (1) الَّذِينَ هُمْ فِي صَلَاتِهِمْ خَاشِعُونَ (2) وَالَّذِينَ هُمْ عَنِ اللَّغْوِ مُعْرِضُونَ (3) وَالَّذِينَ هُمْ لِلزَّكَاةِ فَاعِلُونَ (4) وَالَّذِينَ هُمْ لِفُرُوجِهِمْ حَافِظُونَ (5) إِلَّا عَلَى أَزْوَاجِهِمْ أَوْ مَا مَلَكَتْ أَيْمَانُهُمْ فَإِنَّهُمْ غَيْرُ مَلُومِينَ (6) فَمَنِ ابْتَغَى وَرَاءَ ذَلِكَ فَأُولَئِكَ هُمُ الْعَادُونَ (7) وَالَّذِينَ هُمْ لِأَمَانَاتِهِمْ وَعَهْدِهِمْ رَاعُونَ (8) وَالَّذِينَ هُمْ عَلَى صَلَوَاتِهِمْ يُحَافِظُونَ (9)

« تەلەپكە لايىق ھالدا ئىمان ئېيتقانلار ھەقىقەتەن بەختكە ئېرىشىدۇ. ئۇلار ئىبادەتلىرىدە ئەيمىنىپ تۇرغۇچىلاردۇر. ئۇلار بىھۇدە سۆز، بىھۇدە ئىشتىن يىراق بولغۇچىلاردۇر. ئۇلار (ماددى ۋە مەنىۋىي ھەر جەھەتتىن) پاكلانغۇچىلاردۇر. ئۇلار ئەۋرەتلىرىنى (ھارامدىن) ساقلىغۇچىلاردۇر. پەقەت خوتۇنلىرىدىن، يەنى يوللۇق شەكىلدە ئەمرىگە ئالغانلار خارىج باشقىلاردىن ساقلىغۇچىلاردۇر (قانۇنلۇق ئاياللىرى بىلەن يېقىنچىلىق قىلغۇچىلار مالامەت قىلىنمايدۇ). بۇنىڭ سىرتىدىن (جىنسىي تەلەپنى قاندۇرۇشنى) تەلەپ قىلغۇچىلار ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردۇر. ئۇلار شۇنداق كىشىلەركى، ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلغان ئامانەتلەرگە ۋە بەرگەن ئەھدىگە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر. ئۇلار ئىبادەتلىرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئادا قىلغۇچىلاردۇر » ( 1 - 9 ).

نىجادلىققا ئېرىششنىڭ ئالدىنقى شەرتى 1 - ئايەتتە بايان قىلىنغاندەك « ئەلمۇئمىنۇن » قاتارىدىن بولۇشتۇر. يەنى، « تەلەپكە لايىق ئىمان ئېيتقانلار » قاتارىدىن بولۇش كېرەك. « ئىماننىڭ تەقەززاسى نېمە؟ » دېگەن سوئالغا، قۇرئان « قۇرئاننىڭ ئىككى جىلتى ئارىسىدىكىلەر » دېگەن جاۋابنى بېرىدۇ. بۇ توققۇز ئايەتتە كۆرسىتىلگەن شەرتلەرنى ئادا قىلغۇچىلار ئاللاھ نىڭ ۋەدىسى بىلەن نىجادلىققا ئېرىشىدۇ. ئۇنداقتا، نىجادلىققا ئېرىشكەنلەرگە نېمە بېرىلىدۇ؟ دېگەن سوئالغا مۇنداق جاۋاب بېرىلگەن:

أُولَئِكَ هُمُ الْوَارِثُونَ (10) الَّذِينَ يَرِثُونَ الْفِرْدَوْسَ هُمْ فِيهَا خَالِدُونَ (11)

« ئەنە شۇلار (يەنى يۇقىرى سۈپەتلەرگە ئىگە مۇئمىنلەر نازۇنېمەتلىك جەننەتنىڭ) ۋارىسلىرىدۇر. ئۇلار (يۇقىرى دەرىجىلىك جەننەت) فىردەۋسكە ۋارىسلىق قىلىدۇ، فىردەۋستە مەڭگۈ قالىدۇ » ( 10 - 11 ).

بۇ باشلىنىشتىن كېيىن سۆز ئىنساننىڭ ئېلېمېنتلىق يارىتىلىش جەريانىغا كېلىدۇ ۋە ئىنساننىڭ چەكسىز جىرىڭلايدىغان ساپالدىن يارىتىلغانلىقى تەكىتلىنىدۇ ( 12 - 14 ). بۇ ئۈچ ئايەت تۆۋەندىكى ئۈچ نەرسىگە دالالەت قىلىدۇ:

1. ئىنساننىڭ ئېلېمېنتلىق يارىتىلىش جەريانىدىكى بىر باسقۇچنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى « ھەر جانلىق سۇدىن يارىتىلدى » دىن باشلانغان جەريان « بىر شەكىلدىن يەنە بىر شەكىلگە كىرىپ » بەشەر بولۇشقا قەدەر تەرەققىي قىلىپ كەلگەن. بۇ دائىرىدە قۇرئاندا ئوخشاش بولمىغان يەرلەردە ئىشلىتىلگەن ئىنساننىڭ توپىدىن، قارا لايدىن، ساپالدىن، چەكسىز جىرىڭلايدىغان ساپالدىن ... يارىتىلغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان ئىبارىلەرنىڭ ھەر بىرى، ئىنساننىڭ ئېلېمېنتلىق يارىتىلىش جەريانىدىكى بىر باسقۇچقا توغرا كېلىدۇ.

2. ئىنساننىڭ توپىدىن، قارا لايدىن، مەنىيدىن، تۆرەلمىدىن يارىتىلغانلىقىنى بايان قىلغان ھەر ئايەت ئاساسەن ئىنساننى ئاللاھ ئالدىدا كىچىك پېئىل بولۇشقا دەۋەت قىلىدۇ. رەببىگە قارىتا ھاكاۋۇرلۇق قىلغان ئىنسانغا ئەسلىنى ئەسلىتىدۇ ۋە « ئى ئىنسان! نېمەڭگە كۆرەڭلەپ ئاللاھ قا ئاسىي بولىسەن؟ »، « ئەسلى كېلىپ چىقىشىڭغا قارا، توپىدىن، بىر تامچە سۇدىن ئاپىرىدە بولدۇڭ. ئاللاھ سېنى بىر ھۆجەيرىلىكتىن بۇ ھالغا كەلتۈردى. ئاللاھ قا بولغان قەرزىڭنى مانا مۇشۇنداق ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ قايتۇرامسەن؟ » دېمەكتە.

3. ئاللاھ نىڭ ئىنسان ئۈستىدىكى ئەجرىنى ئەسلىتىدۇ. سىڭدۈرۈلگەن ئەجىر قانچىلىك كۆپ بولسا، ئۇنىڭغا قىلىنغان تۇزكورلۇق جىنايىتمۇ شۇنچە ئېغىر بولىدۇ. ئاللاھ نىڭ ئىنسان ئۈستىدىكى ئەجرىنى ئەسكەرتىش ئۈچۈن ئىنسانغا ئېلېمېنتلىق ۋە بىئولوگىيىلىك كېلىپ چىقىشىنى ئەسكەرتىدۇ. بۇ تېما ئۈستىدە توختالغان ھەر ئايەت ئىنسانغا ئاللاھ قا شۈكۈر قىلىش مەجبۇرىيىتى بارلىقىنى ئەسلىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

بۇ ئايەتلەردىن كېيىن مۇھاتابنىڭ نەزىرىنى ئىنساندىن كائىناتقا ئاغدۇرىدۇ ۋە « بىز ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردا يەتتە قەۋەت ئاسماننى ياراتتۇق » ( 17 ) دەپ كائىناتتىكى يارىتىلىشنى ئەسكەرتىدۇ. بۇنىڭغا ئوخشاش ئايەتلەر قۇرئان ئالىمىنىڭ بىر پارچىسى. بۇ ئالەم سىرلىرىنىڭ يېشىلىشى ئۈچۈن كائىنات سىرلىرى يېشىلىشى كېرەك. بۇ ھازىرچە مۇمكىن ئەمەستەك تۇرىدۇ. بۇ ھەقىقەت قۇرئاننىڭ مەنىسىنى ئېيتىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى، ۋەھيىنىڭ ھەر زامان ۋە ھەر ماكانغا، ھەر نەسىل ۋە جانلىققا يېڭى - يېڭى نەرسىلەرنى ئېيتىشنى داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئايەت نەزىرىمىزنى ئاسماندىن يەرگە، يەنى ياغقان رەھمەت يامغۇرى بىلەن كۆلگە ئايلانغان چۆللەرگە، جان كىرگەن ئۆلۈك زېمىنغا، ئۇ يەردىكى خورمازارلىقلارغا، ئۈزۈم باغلىرىغا، زەيتۇنلۇقلارغا ئاغدۇرىدۇ ( 18 - 20 ). بۇ ئارقىلىق ۋەھيي بىلەن يامغۇر، تۇپراق بىلەن قەلبىمىز ئارىسىدا مۇناسىۋەت قۇرۇشىمىزنى ئىما قىلىدۇ.

سۆز بۇ يەرگە كەلگەندە ئۆيگە كۆندۈرۈلگەن ھايۋانلارنىڭ سۈتىگە دىققىتىمىزنى ئاغدۇرۇشى چوڭقۇر مەنىگە ئىگە. سۈت بىر مۆجىزىدۇر. ھەر ئىنەك بىر ئىلاھى سۈت زاۋۇتىدۇر. زامانىۋى تېخنىكا ھازىرغىچە مۇشۇنداق بىر زاۋۇت ياساشقا قادىر بولالمىدى. سامانىنى مۇرەككەپ جەريانلاردىن ئۆتكۈزۈپ سۈتكە ئايلاندۇرغان بۇ سىستېما، ئاللاھ نىڭ پەقەت شۇ ھايۋاننىڭ نەسلىگىلا ئەمەس، ئىنسانغىمۇ قىلغان بىر ئېھسانى. ھەرە ئىستىمال قىلغىنىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق ھەسەل، ئىنەك موزىيىنىڭ ئېھتىياجىدىن ئارتۇق سۈت، مېۋىلىك دەرەخلەر نەسلىنىڭ داۋامىنى ساقلاشتىن نەچچە مىڭ ھەسسە ئارتۇق ئۇرۇق بېرىدۇ. بۇ ئارتۇق مەھسۇلاتلار ئاللاھ نىڭ ئىنسانغا قىلغان ئېھسانىدۇر. شۈكۈر قىلىش ئىنەكنىڭ ئەمەس، ئاللاھ نىڭ ھەققىدۇر. نىشانىنى يوقىتىپ قويغان كىشى يولىدىنمۇ ئېزىپ قالىدۇ ۋە ئىنەككە چوقۇنۇشقا باشلايدۇ. تۇزكورلۇق ئازغۇنلۇقنى، ئازغۇنلۇق ياتلىششىنى،

ياتلىشىش ئەخلاقى زاۋاللىقنى، ئەخلاقى زاۋاللىق ھالاكەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بىر ئاللاھ قا ئىبادەت قىلىشتىن ئاجىز كەلگەنلەر ئىبادەت قىلىشقا لايىق مىڭلىغان يالغان ئىلاھلارنى ئىجاد قىلىدۇ.

يەنى، كىملەرگە ئوخشاش يالغان ئىلاھلارنى ئىجاد قىلىدۇ؟ نۇھ قەۋمىگە ئوخشاش ( 23 -30 ). ھەتتا بۇ سۈرىدە ئىسمى تىلغا ئېلىنمىغان ئەمما خاراكتېرى بايان قىلىنغان ئاد قەۋمى ( 31 - 41 ) ۋە سەمۇد قەۋمىگە ئوخشاش ( 42 - 44 )؛ مۇسا ۋە ھارۇن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن پىرئەۋن ۋە قەۋمىگە ئوخشاش ( 45 - 49 )؛ مەريەم ۋە ئوغلى ئىسانىڭ « ئايەت » قىلىپ ئەۋەتىلگەن يەھۇدىيلەشكەن بەنى ئىسرائىلغا ئوخشاش... يالغان ئىلاھلار ئىجاد قىلىدۇ.

ئاللاھ ھەر پەيغەمبەرنى ئوخشاش بىر ھەقىقەت بىلەن ئەۋەتكەنلىكىنى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ « بىر ئۇممەت » ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتكەن ( 52 ). شۇنداق تۇرۇقلۇق ئىنسانلار قانداق قىلدى؟ مۇنداق قىلغاندى:

فَتَقَطَّعُوا أَمْرَهُمْ بَيْنَهُمْ زُبُرًا كُلُّ حِزْبٍ بِمَا لَدَيْهِمْ فَرِحُونَ

« ئۇلار ئارىسىدىكى بىرلىكنى بۇزۇپ، ( ھەقىقەتنى ) پارچىلاپ تاشلىدى ۋە ھەر پىرقە ئۆزىدىكى ھەقىقەت پارچىسىنى كۆككە كۆتۈرۈپ ( ھەق بىزدە دەپ ) ماختاندى » ( 53 ).

ئىنسانىيەتنىڭ ئېزىپ كېتىشىنىڭ ئۇلىدا، ئاللاھ بىر ئېمتىھان ۋاستىسى سۈپىتىدە بەخش ئەتكەن دۇنيالىق نېمەتلەرنى ئاللاھ نىڭ ئۆزلىرىنىڭ ھايات شەكلىگە قىلغان ياردىمى دەپ چۈشىنىپ قېلىشى ياتماقتا:

أَيَحْسَبُونَ أَنَّمَا نُمِدُّهُمْ بِهِ مِنْ مَالٍ وَبَنِينَ (55) نُسَارِعُ لَهُمْ فِي الْخَيْرَاتِ بَل لَا يَشْعُرُونَ (56)

« (ئۇلار) بىزنىڭ ئۇلارغا مال ـ مۈلۈك ۋە ئەۋلادلارنى بەرگەنلىكىمىزنى ئۆزلىرىنىڭ ( ھازىرقى ھالىنى ) قوللاۋاتقانلىقىمىز دەپ ئويلامدۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار بۇنى ئۇقمايدۇ » ( 55 ـ 56 ).

بۇ ئايەتلەر خاتا بولغان ئىنجادلىق چۈشەنچىسىنىڭ ئاستىدا ناتوغرا ھايات شەكلىنىڭ ياتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ھەقىقەتنىڭ ئىنساندىن مۇستەقىل بولغان مۇتلەق مەنبەسىنى ئىما قىلىدۇ ۋە مۇنداق دەيدۇ:

وَلَوِ اتَّبَعَ الْحَقُّ أَهْوَاءَهُمْ لَفَسَدَتِ السَّمَوَاتُ وَالْأَرْضُ وَمَنْ فِيهِنَّ بَلْ أَتَيْنَاهُمْ بِذِكْرِهِمْ فَهُمْ عَنْ ذِكْرِهِمْ مُعْرِضُونَ

« ئەگەر ھەقىقەت ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا بويسۇندىغان بولسا، ئەلۋەتتە ئاسمانلار، زېمىن ۋە ئۇلاردىكى مەخلۇقاتلار خاراب بولغان بولاتتى، بىراق ئۇنداق بولغىنى يوق، ئۇلارغا (ۋەز ـ نەسىھەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان) قۇرئاننى ئاتا قىلدۇق، ئۇلار ئۆزلىرىگە (ۋەز ـ نەسىھەت بولغان) قۇرئاندىن يۈز ئۆرۈيدۇ » ( 71 ).

بۇ سۈرىدە، كۆنىمىزدە ئۆزىنى ئېتىقادلىق دەپ قارىغان نۇرغۇن كىشىگە قارىغاندا، مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ ئاللاھ قا تېخىمۇ « سەمىمىي » ھالدا ئىشەنگەنلىكىنى بايان قىلغان ئايەتلەر يەر ئالىدۇ:

قُلْ لِمَنِ الْأَرْضُ وَمَنْ فِيهَا إِنْ كُنْتُمْ تَعْلَمُونَ (84) سَيَقُولُونَ لِلَّهِ قُلْ أَفَلَا تَذَكَّرُونَ (85) قُلْ مَنْ رَبُّ السَّمَاوَاتِ السَّبْعِ وَرَبُّ الْعَرْشِ الْعَظِيمِ (86) سَيَقُولُونَ لِلَّهِ قُلْ أَفَلَا تَتَّقُونَ (87) قُلْ مَنْ بِيَدِهِ مَلَكُوتُ كُلِّ شَيْءٍ وَهُوَ يُجِيرُ وَلَا يُجَارُ عَلَيْهِ إِنْ كُنْتُمْ تَعْلَمُونَ (88) سَيَقُولُونَ لِلَّهِ قُلْ فَأَنَّى تُسْحَرُونَ (89)

ئېيتقىنكى، « زېمىن ۋە ئۇنىڭدىكى مەخلۇقاتلار كىمنىڭ؟ ئەگەر سىلەر بىلسەڭلار (ماڭا بۇنى ئېيتىپ بېرىڭلار) ». ئۇلار: « اللە نىڭ » دەيدۇ. ئېيتقىنكى: « (بۇنىڭدىن) پەندى ـ نەسىھەت ئالمامسىلەر؟ ». ئېيتقىنكى، « يەتتە ئاسماننىڭ ۋە ئۇلۇغ ئەرشنىڭ رەببى كىم؟ ». ئۇلار: « اللە » دەيدۇ. ئېيتقىنكى، « ئۇنداقتا، مەسئۇلىيىتىڭلارنى ئاڭقىرىپ يەتمەمسىلەر؟ ». ئېيتقىنكى، « ھەممە شەيئىنىڭ پادىشاھلىقى كىمنىڭ قولىدا؟ (ئىلتىجا قىلغانلارغا) پاناھ بولالايدىغان ۋە ئۇنىڭغا قارشى ھېچ نەرسە پاناھ بولالمايدىغان كىم؟ ئەگەر سىلەر بىلسەڭلار (ماڭا بۇنى ئېيتىپ بېرىڭلار) ». ئۇلار: « اللە » دەيدۇ. ئېيتقىنكى، « ئۇنداقتا سىلەر نېمىشقا ھاكاۋۇرلۇق قىلىسىلەر؟ » ( 84 - 89 ).

بۇ خىل ئازغۇنلۇقلارغا قارشى كۆرەش قىلىشتا قايسى ئۇسلۇبنى ئىشلىتىش كېرەك؟ كاپىرلارنىڭ ھۇجۇمغا مۇئمىنلىق سالاھىيەت بىلەن قانداق جاۋاب قايتۇرۇش كېرەك؟
بۇ سوئاللارغا قۇرئان مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ:
« ھەر يامانلىقنا (ئەپۇ قىلىش بىلەن) ياخشىلىق قىلغىنكى، بۇ ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ مۇۋاپىق ئۇسۇلدا بولسۇن! » ( 96 ).
سۈرىنىڭ ئاخىرىدا ئاساسىي مەسىلە ئۈستىدە توختىلىدۇ. بارلىق ئازغۇنلۇقنىڭ ئۇلىدا ياتقان سەۋەب نېمە؟ ئاساسلىق مەسىلە بۇ سوئالنىڭ جاۋابىغا يوشۇرۇنغان بولۇپ، جاۋاب ناھايىتى ئېنىق. يەنى، ھاياتنىڭ بىر مەنا ۋە مەقسەتتىن خالىي ئىكەنلىك سەپسەتىسىنىڭ بارلىق ئازغۇنلۇقنىڭ ئاستىدا ياتقان ئامىل ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇ سەپسەتە مۇنداق رەت قىلىنغان: « ئى ئىنسانلار! سىلەر ئۆزۈڭلارنى بىكار ۋە مەقسەتسىز بىر ئىچ پۇشۇقى ئۈچۈن ياراتتى دەپ ئويلامسىلەر؟ » ( 115 ).
سۈرىنىڭ ئاخىرىدا ئىنسان - ئاللاھ مۇناسىۋىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان ۋە توغرا بولغان « ئاللاھ » چۈشەنچىسىنى شەكىللەندۈرىدىغان ئايەتلەر تىلغا ئېلىنىدۇ ( 116 - 118 ). سۈرە مۇھاتابلىرىغا ئاللاھ تىن تىلەشنى ئۆگىتىدىغان تۆۋەندىكى ئايەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ:

وَقُلْ رَبِّ اغْفِرْ وَارْحَمْ وَأَنْتَ خَيْرُ الرَّاحِمِينَ

« رەببىم ! مەغپىرەت قىلغىن، رەھىم قىلغىن، سەن رەھىم قىلغۇچىلارنىڭ ياخشىسىسەن» دېگىن ( 118 ).

## فۇسسىلەت سۈرىسى

3 - ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان « تەپسىلى بايان قىلىندى » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان « فۇسسىلەت » پېئىلى بۇ سۈرىگە ئىسىم قىلىپ قويۇلغان.
سۈرە، بۇخارى ۋە تىرمىزىدا بىرىنچى ئايىتىگە ئاساسەن « ھا، مىم، ئەسسەجدە » ئىسمى بىلەن ئاتالغان. سۈرىنى 10 - ئايىتىگە ئاساسەن « ئاقۋات » ۋە 12 - ئايىتىگە ئاساسەن « مەسابىھ » ئىسمى بىلەن ئاتىغانلارمۇ بولغان. ئاقۋات « ئوزۇقلۇق » مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسابىھ « چىراقلار، لامپىلار » مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.
« مەسابىھ » ئىسمى « ئاقۋات » ئىسمىغا قارىغاندا كەڭ دائىرىدە ئىشلىتىلگەن.
سۈرە، يەتتە سۈرىلىك « ھا، مىم » ئائىلىسىنىڭ ئىككىنچى سۈرىسى بولۇپ، بۇ ئائىلىنىڭ قالغان سۈرىلىرى بىلەن بىرگە ئوخشاش مەككىدە نازىل بولغان. مۇئمىن سۈرىسى بىلەن بىر ۋاقىتتا ياكى ئۇنىڭدىن كېيىن نازىل بولغانلىقىغا قارىغاندا، بۇ سۈرىنى باشقا سۈرىلەر بىلەن ئوخشاش بىر مەزگىلگە تىزىش مۇمكىن.
رەسۇلۇللاھ، قۇرەيشكە ۋەكالىتەن ئۆزىگە ئەخلاقسىزلارچە تەكلىپ بىلەن كەلگەن ئۇتبە بىننى رابىئەنىڭ سۆزىنى ئاخىرىغىچە ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا: « ئەمدى سەن مېنىڭ سۆزۈمگە قۇلاق سال» دەپ بۇ سۈرىنى ئوقۇغان. سۈرىنىڭ 13 - ئايىتىنى ئوقۇۋاتقاندا، ئۇتبە « ئاللاھ نىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن قەۋمىڭگە مەرھەمەت قىلغىن! » دەپ رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزىنى توختاتماقچى بولغان ۋە ئاخىرىدا چىرايىدا قان قالمىغان ھالدا قەۋمىنىڭ يېنىغا قايتىپ بېرىپ، بۇ ھالىنىڭ سەۋەبىنى « سىلەرمۇ بىلسىلەر، ئۇنىڭ دېگەن ھەر سۆزى رېئاللىقتا ئايلىنىۋاتىدۇ » دەپ ئىزاھلىغان ( ئىبنى كەسىر ).
فۇسسىلەت سۈرىسى جابىر بىننى زەيد تەرتىپىدىن باشقا بارلىق تەرتىپلەردە مۇئمىن - شۇرا سۈرىسىنىڭ ئارىسىغا تىزىلغان. جابىر بىننى زەيد تەرتىپىدە مۇئمىنۇن - شۇرا سۈرىسى ئارىسىغا تىزىلغان. بىزنىڭچە كېيىنكى

تەرتىپ مۇۋاپىق. ھەزرىتى ئوسمان ۋە ئىبنى ئابباس تەرتىپلىرىدە سۈرىنىڭ نازىل بولۇش ۋاقتى بىر ئاز بۇرۇن بولسا كېرەك.

سۈرىدە ئىمان ۋە ئىنكارنىڭ تەبىئىتى ئانا تېما قىلىنغان.

سۈرە « ھا، مىم » مۇقاتتائا ھەرپلىرى بىلەن باشلانغان بولۇپ، ۋەھيي تەكىتلەنگەن ھالدا سۆز باشلانغان.

سۈرە نازىل بولغان ئۇ ھالقىلىق ۋە ئېغىر مەزگىلنىڭ كۈنتەرتىپىگە ماس ھالدا ئىنكار قىلىشتا چىڭ تۇرغانلارنى ئاگاھلاندۇرىدۇ ۋە تەھدىت سېلىپ قورقىتىدۇ. بىر تەرەپلىمە قاراش ئەقىل تاشلانغان تېگى يوق قۇدۇققا ئوخشايدۇ. كۆرىدىغان كۆز كۆرمەيدۇ، ئاڭلايدىغان قۇلاق ئاڭلىمايدۇ ( 4 ـ 5 ).

خىتاب رەسۇلۇللاھقا قارىتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ بىر ئۆلىدىغان ئىنسان، يەنى بەشەر ئىكەنلىكىنى ئېيتقۇزىدۇ: ئېيتقىنكى، مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاش ئۆلۈملۈك بىر ئىنسانمەن » ( 6 ). ئۇنىڭ باشقىلاردىن پەرقى پەقەت ئۆزىگە ۋەھيي كېلىدىغانلىقى بولۇپ، باشقا ئارتۇقچىلىقى يوق. بۇ ئارتۇقچىلىق رەسۇلۇللاھنى « ئاللاھ نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى » دەپ سۈپەتلىشىمىزنى تەقەززا قىلغان ئالاھىدىلىكتۇر. رەسۇلۇللاھقا بۇنى ئېيتقۇزۇشنىڭ سەۋەبى، ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ئاللاھ تىن ۋە ياكى پەرىشتىلەردىن كۈتكەنلىرىنى ئۇنىڭدىن كۈتۈشكە مايىل بولغانلىقى بولۇپ، بۇ چۈشەنچە بارلىق ئىنكارچى قەۋملەرنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكىدۇر. بۇ نۇقتىدا قۇرئان كۈنىمىزدىكى مۇھاتابىغا « ھەقىقەت بىلەن ياشاشنى خالىمىغانلار بىنورمال ھاياتقا ئەگىشىدۇ » دېمەكتە. ھەقىقەت، نورمال بولغاندۇر. ئىنساندىن ئالەمشۇمۇل ئىلاھيي ئۈمەككە ئۆز ئىرادىسى بىلەن قاتنىشىش تەلەپ قىلىنماقتا. ئاسمانلار ۋە زېمىن بۇ ئىلاھيي ئۈمەككە قاتناشقانلىقىنى ئۆزىنىڭ ھال تىلى بىلەن ئىپادىلىمەكتە: « ئاسمان بىلەن زېمىنغا " ئىختىيارىي ياكى ئىختىيارسىز ھالدا كېلىڭلار! " دېدۇق. ئىككىلىسى " ئىختىيارىي كەلدۇق " دېدى » ( 11 ). ئاسمانلار ۋە زېمىننىڭ ھەر بىرى ئۆز ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى ( 12 ). لېكىن ئىرادىدىن ئىبارەت بىر نېمەت بىلەن ئېمتىھان قىلىنغان ئىنسان بەئەينى ئاد ۋە سەمۇدقا ئوخشاش بۇنىڭغا قارشى چىقتى ( 13 ).

ئىنسان بۇ جاھانغا ساھىپ بولۇش ئۈچۈن ئەمەس، شاھىت بولۇش ئۈچۈن كەلگەن. ئاللاھ ئىنساننى، ئىنساننىڭ ئۆز مەۋجۇدلۇقىغا شاھىت قىلغان ھەم ئاللاھ ئۆزىنىڭ زاتىغا شاھىت قىلغان. ئىنسان ئەگەر بۇ شاھىتلىقنى لايىقىدا ئادا قىلمىسا، ئۇ ۋاقىتتا ئىنساننىڭ ئورگانلىرى، كۆز، قۇلاقلىرى ۋە تېرىسى ئىنساننىڭ زىيىنىغا شاھىتلىق قىلىدۇ ( 19 ـ 22 ). ئوت ئۇلارنىڭ ماكانى بولىدۇ ( 24 ).

ئىنساندىن ئىبارەت بىر شاھ ئەسەرنىڭ بۇنداق ئېچىنىشلىق ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى، شەيتانى خاھىشلارنىڭ ئىدراكىنى ئەسىر ئېلىپ، ئىنساننىڭ ئىككىنجى كىشىلىكى ھالىغا كېلىشىدىن بولغان.

وَقَيَّضْنَا لَهُمْ قُرَنَاءَ فَزَيَّنُوا لَهُمْ مَا بَيْنَ أَيْدِيهِمْ وَمَا خَلْفَهُمْ وَحَقَّ عَلَيْهِمُ الْقَوْلُ فِي أُمَمٍ قَدْ خَلَتْ مِنْ قَبْلِهِمْ مِنَ الْجِنِّ وَالْإِنْسِ إِنَّهُمْ كَانُوا خَاسِرِينَ

« بىز ئۇلارغا نەپسى ـ خاھىشىغا ماس كېلىدىغان دوستلارنى مۇسەللەت قىلدۇق، ئۇلار ئالدى ـ كەينىدىكى نەرسىلەرنى (يەنى ئۇلارنىڭ ھازىرقى ۋە كەلگۈسىدىكى قەبىھ ئەمەللىرىنى) ئۇلارغا چىرايلىق كۆرسەتتى، ئۇلارغا ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئىنسانلاردىن ۋە جىنلاردىن بولغان (گۇناھكار، شەقى) ئۈممەتلەر قاتارىدا ئازاب سۆزى تېگىشلىك بولدى، چۈنكى ئۇلار زىيان تارتقۇچىلار ئىدى » ( 25 ).

بۇلار ھەقىقەتنى ئىزدەشنىڭ ئورنىغا ھەقىقەتنىڭ ساداسىنى شاۋقۇن ـ سۈرەن بىلەن باستۇرماقچى بولىدۇ ( 26 ). ئۇلار « قىلمىشلىرىنىڭ ئەڭ ئېغىرىغا ئاساسەن » جازالاندۇرۇلىدۇ ( 27 ).

ھەر كىمنىڭ بىر « ياخشى كىشى » ئۆلچىمى بولىدۇ. قۇرئاننىڭ « ياخشى كىشى » ئۆلچىمىدىن بىرسى بۇ يەردە بايان قىلىنغان:

وَمَنْ أَحْسَنُ قَوْلًا مِمَّنْ دَعَا إِلَى اللَّهِ وَعَمِلَ صَالِحًا وَقَالَ إِنَّنِي مِنَ الْمُسْلِمِينَ

ﷲ قا (يەنى ﷲ نىڭ تەۋھىدىگە ۋە تائىتىگە) دەۋەت قىلغان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ۋە « مەن ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلاردىنمەن » دېگەن كىشىدىنمۇ ياخشى سۆزلۈك ئادەم بارمۇ؟ ( 33 ).

بۇ ئايەتتىن كېيىن مۇئمىن مۇھاتابلارغا، كۆپرىغا ئايلانغان بىر تەرەپلىمە قاراشتىن ئىبارەت چوڭ توسالغۇنى ياخشى مۇئامىلە بىلەن يېقىتىش ھەققىدە تەلىمات بېرىلىدۇ:

وَلَا تَسْتَوِي الْحَسَنَةُ وَلَا السَّيِّئَةُ ادْفَعْ بِالَّتِي هِيَ أَحْسَنُ فَإِذَا الَّذِي بَيْنَكَ وَبَيْنَهُ عَدَاوَةٌ كَأَنَّهُ وَلِيٌّ حَمِيمٌ

« ياخشى ئىش بىلەن يامان ئىش باراۋەر بولمايدۇ، ياخشى خىسلەت ئارقىلىق (يامان خىسلەتكە) تاقابىل تۇرغىن، (شۇنداق قىلساڭ) سەن بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت بار ئادەم گويا سىرداش دوستۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ » ( 34 ).

لېكىن بۇ ئىككى ئارتۇقچىلىققا ئىگە بولۇش ئۈچۈن كەسبى ۋە ۋەھبىدىن ئىبارەت ئىككى نەرسە لازىم. كەسبى - ئىنساننىڭ تىرىشچانلىق ۋە غەيرىتى بىلەن قولغا كەلتۈرۈلىدىغان ياخشىلىق قىلىشتىكى سەۋر ۋە چىدامچانلىقتۇر. ۋەھبى - ئىنساننىڭ تىرىشچانلىقى ۋە غەيرىتىنىڭ بىر مۇكاپاتى بولغان ئاللاھ تەرىپىدىن بەخش ئېتىلگەن « چوڭ نېسىۋە »دۇر:

وَمَا يُلَقَّاهَا إِلَّا الَّذِينَ صَبَرُوا وَمَا يُلَقَّاهَا إِلَّا ذُو حَظٍّ عَظِيمٍ

« بۇ خىسلەتكە پەقەت سەۋرچان ئادەملەرلا ئېرىشەلەيدۇ، بۇ خىسلەتكە پەقەت بۈيۈك نېسىۋە ئىگىسىلا ئېرىشەلەيدۇ » ( 35 ).

لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى بولغان تەقدىردىمۇ شەيتان يەنىلا ئىنساننى بوش قويىۋەتمەيدۇ. شەيتان زەردۇشتىلىق دىنىدا ۋە ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان باتىل ئەقىدىدە بولغاندەك ئاللاھ نىڭ رەقىبى ۋە دۈشمىنى ئەمەس. شەيتان پەقەت خاتالىقىدا چىڭ تۇرۇپ ئۆزىنى ئاقلىغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھ نىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىنغان بىر تۆزكوردۇر. ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن يا ئۇنىڭغا قارشى كۆرەش قىلىش ياكى ئىگىسىگە يالۋۇرۇش كېرەك. ئىستىئازە ساھىبىغا شەيتاننى باغلاتقۇزۇشتۇر:

وَإِمَّا يَنْزَغَنَّكَ مِنَ الشَّيْطَانِ نَزْغٌ فَاسْتَعِذْ بِاللَّهِ إِنَّهُ هُوَ السَّمِيعُ الْعَلِيمُ

« ئەگەر شەيتان سېنى ۋەسۋەسە قىلىپ ( يۇقىرىقى خىسلەتنى ئۆزلەشتۈرمەسلىككە كۈشكۈرتسە ) ﷲ قا سېغىنىپ ( شەيتاننىڭ شەررىدىن ) پاناھ تىلىگىن، ﷲ ھەقىقەتەن ( بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى ) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ( ئىشلىرىنى ) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر » ( 36 ).

ئىنكار قىلغۇچى ئىنساننىڭ تۇترۇقسىز روھى ھالىتى بۇ سۈرىدە جانلىق شەكىلدە تەسۋىرلەنگەندىن كېيىن سۆز شۇ ئايەتكە كېلىدۇ:

سَنُرِيهِمْ آيَاتِنَا فِي الْآفَاقِ وَفِي أَنْفُسِهِمْ حَتَّى يَتَبَيَّنَ لَهُمْ أَنَّهُ الْحَقُّ

« بىز ئۇلارغا تاكى قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكى ئېنىق بولغۇچە، ئەتراپىدىكى ۋە ئۆزلىرىدىكى (قۇدرىتىمىزگە دالالەت قىلىدىغان) ئالامەتلەرنى كۆرسىتىمىز » ( 53 ).

# شۇرا سۈرىسى

سۈرە، 38 - ئايەتكە ئاساسەن « مەسلىھەتلىشىپ ئورتاق ئەقلنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈش، كېڭەش قىلىش » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان « شۇرا » ئىسمى بىلەن ئاتالغان.

شۇرا كەلىمىسىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەسەل ھەرىسىنىڭ ھەسەل ئىشلەپچىقىرىشىغا قەدەر سوزۇلىدۇ. تۇنجى نەسلىنىڭ بۇ سۈرىنى مەزكۇر ئىسىم بىلەن ئاتىغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك بىرەر رىۋايەت يوق. بەزى تەپسىرلەر سۈرىنى

باشلىنىشتىكى ئىككىنچى گۇرۇپ مۇقاتتائات ھەرپلىرى بىلەن، يەنى « ئەيىن، سىن، قاف » بىلەن، بەزىلىرى « مۇئمىن » ئىسمى بىلەن ئاتىغان.
سۈرە مەككىدە نازىل بولغان. بەزى ئايەتلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا دەپ قارالغان بولسىمۇ، بۇ قاراش ئەنئام سۈرىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئۆلچەملەرگە ماس كەلمەيدۇ. مەزكۇر سۈرە تەۋە بولغان يەتتە سۈرىلىك « ھا، مىم » ئائىلىسىدىكى باشقا سۈرىلەرگە ئوخشاش ھىجرەتكە يېقىن بىر مەزگىلدە نازىل بولغان. مەدىنىدىن كەلگەنلەر بىلەن قىلىنغان ئەقەبە بەيئىتىنى ئىما قىلغان 38 - ئايەت بۇ قاراشنى كۈچلەندۈرمەكتە.
سۈرە دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئۈچ تەرتىپتە فۇسسىلەت - زۇخرۇف سۈرىسى ئارىسىغا، جابەرى نەقىل قىلغان ئىبنى ئابباسقا نىسبەت بېرىلگەن جابىر بىننى زەيد تەرتىپىدە كەھف - ئىبراھىم سۈرىسى ئارىسىغا تىزىلغان. بىزنىڭچە ئالدىنقى ئۈچ تەرتىپتىكى ئورنى مۇۋاپىق كۆرۈلمەكتە.
سۈرىنىڭ تېمىسى ۋەھيى ۋە ۋەھيىنىڭ رەسۇلۇللاھ ۋە ئىنسانلارنىڭ چۈشەنچىسىنى شەكىللەندۈرۈشى بولۇپ، سۈرە ۋەھيى ۋە ئۇنىڭ مەنبەسى تەكىتلەنگەن ھالدا باشلىنىدۇ ۋە ئاخىرلىشىدۇ. سۈرىدە ھەيۋە قىلىش ئۇسلۇبى گەۋدىلىك ھالدا نامايەن قىلىنغان.
سۈرە ۋەھيىنىڭ مەنبەسى تەكىتلەنگەن ھالدا باشلانغان بولۇپ، ئاللاھ نىڭ مۇتلەق ئۇستۇنلىكىگە كىشىنىڭ دىققەت نەزىرىنى ئاغدۇرىدۇ :
لَهُ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الْأَرْضِ وَهُوَ الْعَلِيُّ الْعَظِيمُ
« ئاسمانلاردىكى شەيئىلەر ۋە زېمىندىكى شەيئىلەر الله نىڭدۇر ( يەنى الله نىڭ مۈلكىدۇر، الله نىڭ تەسەررۇپى ئاستىدىدۇر )، الله ئۇستۇندۇر، كاتتىدۇر » ( 4 ).
سۈرىدە ئاللاھ نىڭ ئىنسانلارنى بىر - بىرىدىن پەرقلىق ھالدا ياراتقانلىقى ئەسكەرتىلگەن بولۇپ، بۇ پەرقلەر ئېتىقادنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالماقتا. ئېتىقادتىكى ئوخشاشماسلىق، ئىنسانغا بېرىلگەن ھۆر ئىرادىنىڭ مەھسۇلىدۇر. ئەگەر ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ ھۆر ئىرادىسى بىلەن پەرقلىق يوللارنى تاللىشىنى ئىرادە قىلمىغان بولسا ئىدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر ئۇممەت ( دىندا ) قىلاتتى. ئۇنداقتا ئاللاھ نېمىنى ئىرادە قىلغان:
وَلَوْ شَاءَ اللَّهُ لَجَعَلَهُمْ أُمَّةً وَاحِدَةً وَلَكِنْ يُدْخِلُ مَنْ يَشَاءُ فِي رَحْمَتِهِ وَالظَّالِمُونَ مَا لَهُمْ مِنْ وَلِيٍّ وَلَا نَصِيرٍ
« ئەگەر الله خالىسا، ئۇلارنى ( يەنى پۈتۈن ئىنسانلارنى ) ئەلۋەتتە بىر ئۇممەت ( يەنى بىر دىندا ) قىلاتتى، لېكىن الله رەھمەتكە ئېرىششىنى خالىغان ئادەمنى رەھمىتىگە داخىل قىلىدۇ، زالىملارغا ھېچقانداق ئىگە، ھېچقانداق مەدەتكار بولمايدۇ » ( 8 ).
قۇرئان كائىناتنىڭ سىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قۇرئاننىڭ سىرى ئەسمائى - ھۇسنادا. ئەسمائى - ھۇسنانىڭ سىرى ئاللاھ ئىسمىغا يوشۇرۇنغان. قۇرئاندىكى ئايەتلەرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ بولغىنى مەۋجۇدىيەتنىڭ ئەڭ مۇتئۇرى ئاللاھ ھەققىدىكى ئايەتلەردۇر. ئاللاھ نى قۇرئاندىن تونۇش ئاللاھ نى ئاللاھ نىڭ تىلىدىن تونۇشتۇر. بىرسىنى تونۇشنىڭ ئەڭ بىۋاستە ئۇسۇلى ئۇنى ئۆزىنىڭ ئاغزىدىن تونۇشتۇر. ئاللاھ نى تونۇشتۇرغان ۋە ئاللاھ نىڭ ئوخشىشى يوق ئىكەنلىكىنىڭ ئەڭ روشەن ئىپادىسى بۇ سۈرىدە يەر ئالىدۇ:
لَيْسَ كَمِثْلِهِ شَيْءٌ
« ھېچ شەيئى الله قا ئوخشاش ئەمەستۇر » ( 11 ).
سۈرە، قايسى زامان ۋە ماكاندا ياشىغان بولۇشتىن قەتئىينەزەر، بارلىق پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇلارغا ئىمان ئېيتقان مۇئمىنلەرنى بىر ئۇممەت دەپ بىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ ( 13 - 15 ). ئاللاھ ۋە قىيامەت ھەققىدە مۇنازىرىنىڭ ئازدۇرغۇچى تەسىرىدىن ئاگاھلاندۇرىدۇ ( 16 - 18 ). قىيامەت ھەققىدىكى بۇ جۇرئەتلىك مۇئامىلىنىڭ تېگىدە دۇنياغا بېرىلىپ كېتىش ۋە بىر دۇنيالىق چۈشەنچىسى ياتماقتا ( 19 - 23 ). بىر دۇنيالىق چۈشەنچىسىدىكى بۇ گۇرۇھقا قارشى رەسۇلۇللاھنىڭ شەخسىيىتى مۇنداق كۈچلەندۈرۈلمەكتە:

« تەبلىغ قىلغانلىقىمغا سىلەردىن ھەق تەلەپ قىلمايمەن، پەقەت ﷲ قا يېقىنلىشىش خۇسۇسىدا سىلەردە بىر ئىنتىلىش ۋە مۇھەببەت ( ئويغىتىشنى ) ئارزۇ قىلىمەن » ( 23 ).

قىسقىسى، كىم نېمىنىڭ كەينىدىن ماڭسا شۇنىڭغا ئېرىشىدۇ. بۇ ھەقىقەت بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەت ئۈچۈنمۇ ئوخشاش. بۇ ھەقىقەتنى تۆۋەندىكى جۈملىلەر ئەڭ يارقىن شەكىلدە بايان قىلماقتا:

مَنْ كَانَ يُرِيدُ حَرْثَ الْآَخِرَةِ نَزِدْ لَهُ فِي حَرْثِهِ وَمَنْ كَانَ يُرِيدُ حَرْثَ الدُّنْيَا نُؤْتِهِ مِنْهَا وَمَا لَهُ فِي الْآَخِرَةِ مِنْ نَصِيبٍ

« كىمكى ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى كۆزلىسە، ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى تىرىشچانلىقى( ئىشتىياقى )نى زىيادە قىلىمىز. كىمكى دۇنيانىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلىسە، ئۇنىڭغا كۆزلىگىنىنى بېرىمىز، بىراق ئۇنىڭغا ئاخىرەتتە (ساۋابتىن) ھېچ نېسىۋە يوق » ( 20 ).

بۇ سەۋەبتىن، دۇنياغا بېرىلىپ كەتكەن ۋە ماددى مەنپەئەتكە ئېرىشمەي تۇرۇپ ھەتتا بارمىقىنىمۇ ئويناتمايدىغان قەۋملەر ئۆزلىرىدىن ھېچقانداق بىر ھەق تەلەپ قىلماستىن ھاياتىنى ئاتىغان نەبىلەرنىڭ ئۆزىنى بېغىشلاش روھىنى چۈشىنىپ يېتەلمىگەنىدى. ئۇلارنى « ساراڭ » دەپ ئەيىپلەشلىرىنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرسى بۇ. ئۇلارنىڭچە ھېچكىم مەنپەئەتنى كۆزلىمەي تۇرۇپ ھېچقانداق بىر ئىش قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ دۇنياسىدا مەنپەئەت پەقەت بۇ دۇنيادىكى مەنپەئەتتىنلا ئىبارەت. نەبىلەر ئۇلارنىڭ بۇ يەككە دۇنيالىق چۈشەنچىلىرىنىڭ سىرتىدا بولغانلىقتىن، ئۇلارغا نىسبەتەن رەسۇللار ساراڭدۇر. چۈنكى رەسۇللار ھەق ئالمايلا قالماستىن، ئىلكىدىكى بارلىق ئىمكانلارنى بۇ داۋاغا سەرپ قىلىدۇ. مانا بۇ يەككە دۇنيالىق بىرسى ئۈچۈن ئاڭقىرىپ يەتكىلى بولمايدىغان بىر ئىش:

ذَلِكَ الَّذِي يُبَشِّرُ اللَّهُ عِبَادَهُ الَّذِينَ آَمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ قُلْ لَا أَسْأَلُكُمْ عَلَيْهِ أَجْرًا إِلَّا الْمَوَدَّةَ فِي الْقُرْبَى وَمَنْ يَقْتَرِفْ حَسَنَةً نَزِدْ لَهُ فِيهَا حُسْنًا إِنَّ اللَّهَ غَفُورٌ شَكُورٌ

بۇ، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان بەندىلىرىگە ﷲ تەرىپىدىن بېرىلگەن خۇشخەۋەردۇر.

ئېيتقىنكى: « تەبلىغ قىلغانلىقىمغا سىلەردىن ھەق تەلەپ قىلمايمەن، پەقەت ﷲ قا يېقىنلىشىش خۇسۇسىدا سىلەردە بىر ئىنتىلىش ۋە مۇھەببەت ( ئويغىتىشنى ) ئارزۇ قىلىمەن ».

كىمكى بىرەر ياخشى ئىش قىلسا، بىز ئۇنىڭغا ساۋابىنى زىيادە بېرىمىز، ﷲ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئاز ياخشىلىققا كۆپ ساۋاب بەرگۈچىدۇر ( 23 ).

قۇرئان قەدىمكى ئىنكارچى قەۋملەرنىڭ ئاللاھ قا چاپلىغان تۆھمىتىگە ئاساسەن شەكىللەنگەن « قەدەر / تەقدىر - پىشانە » ئېتىقادىنى پات - پات تىلغا ئالىدۇ. بۇلاردىن بىرسى بۇ سۈرىدە ئورۇن ئالغان. ئۆزى ئىنكارچى ( كاپىر )، ئەمما قىلمىشىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشنىڭ ئورنىغا، بېشىغا كەلگەن مۇسىبەتنىڭ ياكى « قەدەر / تەقدىر - پىشانە » ياكى « تەلەيسىزلىك » ۋەياكى « بەدبەخت »لىك ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. قۇرئان بۇ خىل ئازغۇنلۇقلارنىڭ ھەممىسىنى رەت قىلىدۇ:

« سىلەرگە ( يەنى جىنلار ياكى مېلىكلارغا ) ھەرقانداق بىر مۇسىبەت يەتسە، ئۇ سىلەرنىڭ قىلغان گۇناھلار تۈپەيلىدىن كەلگەن بولىدۇ » ( 30 ).

ئىنسانغا بېرىلگەن دۇنيالىق نېمەتلەر قىسقا مۇددەتلىك ۋە ئۆتكۈنچى نەرسىلەر بولۇپ ( 36 )، بۇ تۆردىكى ئايەتلەر دۇنياغا بېرىلىپ كېتىشكە قارشى ئوتتۇراھال بىر چۈشەنچىنىڭ بەرپا قىلىنىشىغا مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر بىلەن سۈرىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملىشىدۇ.

مۇئمىنلەرگە ئىجتىمائىي ئىشلاردا ئورتاق ئەقىل بىلەن ھەرىكەت قىلىشنى تەۋسىيە قىلغان ئايەت ( 38 )، ئۇلارغا كوللېكتىپ ئەقىلنىڭ رەسمىي ئاپپارات خاراكتېرىگە ئىگە قىلىنىشىنى مەقسەت قىلغان « شۇرا »نى نىشان قىلىپ كۆرسەتمەكتە. شۇرا كەلىمىسىنىڭ يىلتىزى ھەسەل ھەرىسىنىڭ ھەسەل ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن

مۇناسىۋەتلىك. كېڭەش قىلىش بولسا ئەقىللەر مەھسۇلىنى بىر يەرگە جەم قىلىپ، ئورتاق ئەقىل ھەسىلىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئەمەسمۇ؟

سۈرىدە ئاللاھ نىڭ مۇئمىنلەرگە بەخش ئەتكەن نېمەتلىرى تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئىنسانغا قىلغان ئىلتىپاتىنىڭ نامايەندىسى بولغان ۋەھيىنىڭ كېلىش شەكىللىرى ھەققىدىكى ئەڭ تەپسىلى مەلۇمات بۇ سۈرىدە بايان قىلىنغان:

وَمَا كَانَ لِبَشَرٍ أَنْ يُكَلِّمَهُ اللَّهُ إِلَّا وَحْيًا أَوْ مِنْ وَرَاءِ حِجَابٍ أَوْ يُرْسِلَ رَسُولًا فَيُوحِيَ بِإِذْنِهِ مَا يَشَاءُ إِنَّهُ عَلِيٌّ حَكِيمٌ

« الله ھەر قانداق ئادەمگە پەقەت ۋەھيى ئارقىلىق ياكى پەردە ئارقىسىدىنلا ياكى بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتىپ ئۆز ئىزنى بىلەن ئۇنىڭغا خالىغان ۋەھيىنى قىلىش ئارقىلىقلا سۆز قىلغان. الله ھەقىقەتەن (مەخلۇقلارنىڭ سۈپەتلىرىدىن) ئۈستۈندۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر » ( 51 ).

ھەزرىتى مۇھەممەد، ئابدۇللاھ ئوغلى مۇھەممەد سۈپىتىدە دۇنياغا كەلگەندىلا ئالەملەرگە رەھمەت بولغانمىدى ياكى ئىلگىرى كىتاب نېمە، ئىمان نېمە ئىكەنلىكىنى ئۇقمايدىغان ھالىتىدە ئاللاھ تەرىپىدىن تاللىنىپ پەيغەمبەرلىك بېرىلدىمۇ؟ مانا بۇ سوئالنىڭ جاۋابى بولغان ئىككى ئايەتتىن بىرسى بۇ سۈرىدە ئورۇن ئالغان:

« سەن (ۋەھيىدىن ئىلگىرى) قۇرئاننىڭ ۋە ئىماننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۇقمايتتىڭ » ( 52 ).

بۇ سوئالنىڭ جاۋابى بولغان ئىككىنجى ئايەت:

« بىز پەقەت ئالەملەرگە رەھمەت بولسۇن دەپ ساڭا رىسالەتنى بەردۇق » ( ئەنبىيا، 107 ) ئايىتىدىن ئىبارەت.

سۈرە تۆۋەندىكى ئەبەدىي ھەقىقەت بىلەن ئاخىرلاشقان:

« بىلىڭلاركى، ھەممە ئىش الله قا قايتىدۇ » ( 53 ).

يەنى، ئىنسان قىلغان ئىشلار ئۇنى قىلغۇچى ھەققىدە بىرەر شاھىت سۈپىتىدە ئىشلىتىلىش ئۈچۈن ئاللاھ قا سۇنۇلىدۇ. مەيلى ياخشىلىق ياكى يامانلىق بولسۇن يېزىلمايدىغان ھېچقانداق قىلمىش يوق.

قىلمىشلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشنى خالىمايدىغان بىر دۇنيالىق چۈشەنچىگە ئىگە كىشىلەر قىلمىشلىرىنىڭ يېزىلماسلىقىنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئەمما ئىشلار ئۇلارنىڭ ئارزۇ قىلغىنىدەك بولمايدۇ.

## زۇخرۇف سۈرىسى

زۇخرۇف، « بېزەك » مەنىسىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە، كەڭ دائىرىدە ئىشلىتىلىدىغان زىنىنەت بويۇمى بولغان « ئالتۇن » مەنىسىنىمۇ بىلدۈرىدۇ. سۈرىنىڭ 35 - ئايىتىگە ئاساسەن سۈرىگە زۇخرۇف ئىسمى بېرىلگەن. بۇ كەلىمە قۇرئاندا ئۈچ يەردە تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، بىرسى بۇ سۈرىدە ئۆتىدۇ.

سۈرە مەككىدە نازىل بولغان بولۇپ، 79 - 80 - ئايەتلىرىنى ئەبۇ تالىپنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنكى بىر ۋەقەگە ئىما قىلىنغان دەپ قارىغان ۋاقتىمىزدا، ئالدىنقى سۈرىدىن كېيىنلا نازىل بولغان بولسا كېرەك. بۇ نۇبۇۋۋەتنىڭ 12 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ. يەتتە سۈرىلىك « ھا، مىم » ئائىلىسىنىڭ تۆتىنجى ئەزاسى سۈپىتىدە شۇرا - دۇخان سۈرىسى ئارىسىدا ئورۇن ئالىدۇ.

سۈرە مەزمۇن جەھەتتىن ئىچكى پۈتۈنلۈككە ئىگە بولۇپ، ھا، مىم بىلەن باشلانغان باشقا سۈرىلەرگە ئوخشاش ئىلاھىي يول كۆرسەتكۈچ بولغان ۋەھيى تەكىتلەنگەن ھالدا باشلانغان.

سۈرىنىڭ باشلىنىش بۆلىكىدە ۋەھيىگە مۇناسىۋەتلىك بىر مەلۇمات ئالدىمىزغا چىقىدۇ:

« سلەرنى (ئۇنڭ مەنسنى) چۈشەنسۇن دەپ، بز ئۇنى ھەقىقەتەن ئەرەبچە قۇرئان قلدۇق. ھەقىقەتەن ئۇ لەۋھۇلمەھپۇزدا بزنڭ دەرگاھمزدا (مۇقملاشقان) يۇقرى مەرتۋللك ھېكمەتلك (كتاب) دۇر » ( 2 - 4 ).

بۇ يەردە « كتابنڭ ئانسى » ياكى « ئانا كتاب ( ئۇمموۇل كتاب )» دەپ ئاتالغان ۋە بر نۇقتدا مەركزى ساقلغۇچى كارتىغا ئوخشاش دەپ تەسەۋۋۇر قلىشقا بولىدغان ۋەھيىنڭ ئانا مەنبەسى « لەۋھۇلمەھپۇز ( مۇھاپىزەت قلىنغان لەۋھە / كارت ) » دەپ ئاتالغان. ۋەھيىنڭ ئەۋەتلگەن قەۋمگە قارتىلغان تلى بار. ئەمما بۇ تل ئاللاھ نڭ ياكى ۋەھيىنڭ تلى ئەمەس. بۇ تل ۋەھيي ئەۋەتلگەن ئىنسانلارنڭ تلى بولۇپ، ئىنسانلار كۈندلك ھاياتتا ئىشلتدىغان بر تلدا ئەۋەتلگەن. ۋەھيي ھەر پەيغەمبەرگە ئۇ پەيغەمبەر ئەۋەتلگەن قەۋمنڭ تلدا نازل بولغان. ئەرەپچە ۋەھيىنڭ سۈپتدۇر. بۇ ۋەھيي بارلىق سۈپەتلەردىن خالىي ھالدا ئانا كتابتا ساقلانغان. ئانا كتاب بارلىق كتابلارنڭ ئانسى، ۋەھيىنڭ مەنبەسى بولۇش بلەن برگە كائىناتنڭ بارلىق ئىلاھىي قانۇنيەتلرنڭ مەنبەسدۇر. ئۇنداقتا كائىناتنڭ كائىنات ۋە تەبئەت قانۇنلرى بلەن سۆز شەكلدىكى ۋەھيىنڭ سۆزلۈك قانۇنلرى ئوخشاش مەنبەدىن كەلمەكتە.

سۈرە مۇشرىكلارنڭ ئاسمانلار ۋە زېمىننى ياراتقۇچىنڭ ئاللاھ ئىكەنلكنى ئېتراپ قلغانلقنى ئەسلتلدۇ ( 9 ). ۋەھيىنڭ جان بەرگۈچى كۈچىنى ئۆلۈك تۇپراقنى تىرىلدۇرۇشى بلەن سېلىشتۇرۇشىمزنى تەلەپ قلدۇ ( 11 ).

مۇشرىك ئەقلنڭ قىز پەرزەنتلرگە تۇتقان مۇئامىلسىنى نەخ مەيداندا ئەيپلەيدۇ:

وَجَعَلُوا لَهُ مِنْ عِبَادِهِ جُزْءًا إِنَّ الْإِنْسَانَ لَكَفُورٌ مُبِينٌ (15) أَمِ اتَّخَذَ مِمَّا يَخْلُقُ بَنَاتٍ وَأَصْفَاكُمْ بِالْبَنِينَ (16) وَإِذَا بُشِّرَ أَحَدُهُمْ بِمَا ضَرَبَ لِلرَّحْمَنِ مَثَلًا ظَلَّ وَجْهُهُ مُسْوَدًّا وَهُوَ كَظِيمٌ (17) أَوَمَنْ يُنَشَّأُ فِي الْحِلْيَةِ وَهُوَ فِي الْخِصَامِ غَيْرُ مُبِينٍ (18)

ئۇلار الله نڭ بر قسم بەندلرنى الله نڭ بر جۇزئىيى قلىۋالدى. (بۇنداق قلغۇچىلار) ئىنسان ھەقىقەتەن الله قا ئاشكارا ناشۈكۈرلۈك قلغۇچىدۇر. ياكى الله مەخلۇقاتتىن ئۆزى ئۈچۈن قىزلارنى (بالا) تۇتۇپ، ئوغۇللارنى سلەرگە خاس قلدمۇ؟

ئەگەر ئۇلارنڭ برسگە مەرھەمەتلك الله قا لايىق كۆرگەن نەرسە (يەنى قىز بالا) بلەن بېشارەت بېرلسە (يەنى خوتۇننڭ قىز تۇغقانلقى خەۋەر قلنسا)، قايغۇغا چۆمگەن ھالدا ئۇنڭ يۈزى قارىداپ كېتدۇ ۋە: « نېمە؟ زىبۇزىننەت ئىچىدە چوڭ بولۇشتىن ( باشقا بر ئىشقا يارىمايدىغان )دىن يەنە برسى تۇغۇلدىمۇ » دەيدۇ؟ ۋە ئۆزىنى ئوچۇق بولمىغان بر مۇنازىرىنڭ ئىچىدە كۆرىدۇ ( 15 - 18 ).

بۇ مۇشرىك ئەقلنڭ قىڭغىر بولغان تەقدىر ئېتقادى ھەققىدە توختالغان ۋە ئاللاھ قا قلغان تۆھمتى تلغا ئېلىنغان:

ئۇلار: « مەرھەمەتلك الله خالىسا بز ئۇلارغا چوقۇنمايتتۇق » دېدى. بۇ توغرۇلۇق ئۇلارنڭ بلىمى (يەنى ئاساسى) يوق، ئۇلار پەقەت پادىغا ئوخشاش ھەرىكەت قلدۇ ( 20 ).

بۇ، ئازغۇن ئەقلنڭ ئاللاھ قا قلغان تۆھمتىنى ئىپادىلەيدىغان تەقدىر ئېتقادىنڭ بر نامايەندسى ئىدى. بۇ ئەقلنڭ دۇنياغا قاتتىق بېرىلىپ كەتكەن ئەقىل ئىكەنلكنى تۆۋەندىكى ئايەتلەردىن بلەلەيمز:

ئۇلار: « بۇ قۇرئان نېمىشقا ئىككى شەھەر (يەنى مەككە بلەن تائىف ئادەملرىدىن) بر كاتتا ئادەمگە نازىل قلىنمىدى؟ » دېيىشتى ( 31 ).

تەقلىد، بۇ ئەقىلگە زىيان سالىدىغان بر ئازغۇنلۇقنڭ سەۋەبى سۈپتىدە كۆرستلگەن. شېرىكنى ھايات شەكلگە ئايلاندۇرغان گۇرۇھلارنڭ بۇنىڭغا دەلىل سۈپتىدە ئاتا - بوۋىسىنى كۆرسەتكەنلكى بايان قلغان:

ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار: « ھەقىقەتەن ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنڭ بر خىل دىنغا ئېتقاد قلغانلقنى بلىمز، بز ئۇلارنڭ ئىزىدىن مېڭىپ ھدايەت تاپقۇچىلاردۇرمز » دەيدۇ ( 22 ).

سۆز بۇ يەرگە كەلگەندە، نازىل بولۇش مۇھتىدىكى مۇشرىكلار ئەجدادىمىز دەپ بىلىپ ھۆرمەت قىلغان ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ ئۆز ئاتىسىغا قارشى تەۋھىدنى قانداق مۇداپىئە قىلغانلىقى بايان قىلىنغان ( 26 ). ئۇنىڭدىن كېيىن نېمەت ئازغۇنلۇقنىڭ قانداق بىر ئەھۋال ئىكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ. ئەگەر دۇنيا نېمەتلىرى ئىنسانلارنىڭ ئالدىغا چەكسىز شەكىلدە بېرىلگەن، ئىنسانلار ھەر ئارزۇ قىلغان نەرسىلىرىگە ئاسانلا ئېرىشەلىسە، بۇ ئۇلارنىڭ پايدىسىغا ئەمەس، زىيىنىغا بولاتتى:

وَلَوْلَا أَنْ يَكُونَ النَّاسُ أُمَّةً وَاحِدَةً لَجَعَلْنَا لِمَنْ يَكْفُرُ بِالرَّحْمَنِ لِبُيُوتِهِمْ سُقُفًا مِنْ فَضَّةٍ وَمَعَارِجَ عَلَيْهَا يَظْهَرُونَ (33) وَلِبُيُوتِهِمْ أَبْوَابًا وَسُرُرًا عَلَيْهَا يَتَّكِئُونَ (34) وَزُخْرُفًا وَإِنْ كُلُّ ذَلِكَ لَمَّا مَتَاعُ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَالْآَخِرَةُ عِنْدَ رَبِّكَ لِلْمُتَّقِينَ (35)

« ئىنسانلار ( كۇفرى ۋە تۇزكورلۇقتا ھەمدەم بولۇپ ) ھەممىسى (كۇفرىدا) بىر ئۇممەت بولۇپ قالمايدىغان بولسا ئىدى، مەرھەمەتلىك اللە نى ئىنكار قىلغان كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ئۆگزىلىرىنى ۋە ئۇنىڭغا چىقىدىغان شوتىلىرىنى كۈمۈشتىن قىلىپ بېرەتتۇق. ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ئىشىكلىرىنى ۋە تەختلىرىنىمۇ كۈمۈشتىن قىلىپ بېرەتتۇق، ئۇلار تەختلەرگە يۆلىنىپ ئولتۇراتتى. (يۇقىرىقىلارنىڭ بەزىسىنى) ئالتۇندىن قىلىپ بېرەتتۇق، ئۇلارنىڭ ھەممىسى پەقەت دۇنيا تىرىكچىلىكىدە پايدىلىنىدىغان نەرسىلەردۇر. رەببىڭنىڭ ھۇزۇرىدىكى ئاخىرەت (يەنى جەننەت ۋە ئۇنىڭدىكى نازۇنېمەتلەر) مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلغانلارغا خاستۇر » ( 33 - 35 ).

نامازشام قارىغۇسى دەپ ئاتالغان رەڭ قارىغۇلۇقىغا گىرىپتار بولغان ئىنسانلار ئەرەپ تىلىدا ئائ`شا دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ بىر كۆرۈش ئىقتىدارىدىكى ئاجىزلىق بولۇپ، ئىنسان كۆرگەن نەرسىلەرنى ھەقىقىي ھالىتى بىلەن بىلەلمەيدۇ. قۇرئاندا ئايەتلەرگىمۇ مۇشۇنداق بىر نەزەر بىلەن قاراش ئېھتىماللىقى بار. ئاللاھ نىڭ ئايەتلىرىگە نامازشام قارىغۇسى بىر كۆز بىلەن قارىغانلارنىڭ ئەھۋالى بۇ سۈرىدىكى تۆۋەندىكى ئايەتتە مۇنداق بايان قىلىنغان:

وَمَنْ يَعْشُ عَنْ ذِكْرِ الرَّحْمَنِ نُقَيِّضْ لَهُ شَيْطَانًا فَهُوَ لَهُ قَرِينٌ

« كىمكى مېھرىبان اللە نىڭ ۋەز - نەسىھەت بىلەن تولغان بۇ خىتابىغا قىڭغىر نەزەر بىلەن قارىسا، بىز ئۇنىڭغا شەيتان ( باشقا بىر كىشىلىك )نى مۇسەللەت قىلىمىز، شەيتان ئۇنىڭغا ھەمىشە ھەمراھ بولىدۇ » ( 36 ).

أَفَأَنْتَ تُسْمِعُ الصُّمَّ أَوْ تَهْدِي الْعُمْيَ وَمَنْ كَانَ فِي ضَلَالٍ مُبِينٍ

كۆرۈشنى خالىمىغانغا ھېچكىم كۆرسەتمەيدۇ. ئاڭلاشنى خالىمىغانلارغا ھېچكىم ئاڭلىتالمايدۇ. مەيلى ئۇ پەيغەمبەر بولسۇن: « (ئى مۇھەممەد!) سەن گاسلارغا ئاڭلىتالامسەن؟ يا كورلارنى توغرا يولغا سالالامسەن؟ » ( 40 ).

ھەزرىتى مۇساغا پىرئەۋننىڭ، ھەزرىتى ئىساغا بەنى ئىسرائىلنىڭ قارشى چىققانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ ( 46 - 60 ). بۇ ئارقىلىق مەككىلىك مۇشرىكلارغا: بىرىنچىدىن، « پىرئەۋنگە ئوخشاش زۇلۇم قىلماڭلار! »؛ ئىككىنجىدىن، « ئىچىڭلاردىن چىققان بىر ئاكتىپ ياخشىغا تۆھمەت قىلماڭلار، قارا چاپلاپ، ئەزىيەت يەتكۈزۈپ ئۇنى بوغماڭلار! » دېمەكتە. ھەزرىتى ئىسا ئارقىلىق دېيىلمەكچى بولغان ئىشارەتتىن بىرسى، ئۇنىڭ پەرىشتە ئەمەس، بىر ئىنسان ئىكەنلىكىدۇر ( 60 ). سۈرىدە بۇ ئىللەتلىك چۈشەنچىگە ئىگە بولغان كىشىلەرنىڭ ۋەھيىگە تۇتقان مۇئامىلىسى تىلغا ئېلىنىپ ( 46-56، 63 - 65 )، ئۇلارنىڭ پاجىئەلىك ئاقىۋىتى بايان قىلىنىدۇ.

سۈرە ئىمان ۋە ئىنكارنىڭ، تەۋھىد ۋە شېرىكنىڭ تەبىئىتىگە مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلارنى بېرىدۇ. سۈرىدە ئىنسان مەۋجۇدىيەتتىكى ئىلاھىي مۆتىدىللىقنىڭ يەنە بىر ئىسمى بولغان سىراتى مۇستەقىمگە دەۋەت قىلىنىدۇ ( 61، 64 ).

تۆۋەندىكى ئايەت ئاخىرەتكە مۇناسىۋەتلىك بىر خۇشخەۋەرنى يەتكۈزىدۇ:

« بۇ كۈندە جان دوستلار بىر ـ بىرىگە دۈشمەن بولىدۇ، پەقەت ئاللاھ ئالدىدىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى ئىدراك قىلىپ، تەقەززاسىنى ئادا قىلغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا » ( 67 ).

تۆۋەندىكى ئىلاھىي خىتاب ئالدىدا، ئىنسان ئۆز تۈرىنى يولدىن چىقارغانلارنىڭ خىجالەتچىلىكىنى تارتماقتا. تەپەككۇر بىلەن ئوقۇغان كىشىگە « ئاللاھ يەنە نېمە قىلىپ بەرسۇن؟ » دېگۈزىدىغان ئايەت مۇنداق بايان قىلىنغان:

لَقَدْ جِئْنَاكُمْ بِالْحَقِّ وَلَكِنَّ أَكْثَرَكُمْ لِلْحَقِّ كَارِهُونَ

« بىز سىلەرگە ھەقىقەتەن ھەق (دىن) نى كەلتۈردۇق ۋە لېكىن سىلەرنىڭ كۆپچىلىكىڭلار ھەق (دىن) نى يامان كۆرگۈچىلەردۇر » ( 78 ).

ئۇنداقتا، مۇشۇنداق بىر تۈزكورلۇق پاتقىقىغا پاتقانلارغا قارىتا رەببىمىز رەسۇلۇللاھتىن ئۇلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىشنى تەلەپ قىلماقتا؟ قېنى ئوقۇپ باقايلى، سىزنىڭمۇ ئاغزىڭىز مېنىڭكىگە ئوخشاش ھەيرانلىق ئىلكىدە ئېچىلىپ قالىدۇ:

فَاصْفَحْ عَنْهُمْ وَقُلْ سَلَامٌ فَسَوْفَ يَعْلَمُونَ

« سەن ( ئۇلارنىڭ سالامىنى ) خۇشخۇيلۇق بىلەن ئال. يەنى، ( سىلەرگىمۇ ) سالام بولسۇن دېگىن. ۋاقتى كەلگەندە ئۇلار ( ھەقىقەتنى ) بىلىدۇ » ( 89 ).

# دۇخان سۈرىسى

سۈرىگە 10 ـ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان « تۈمان » مەنىسىدىكى « دۇخان » كەلىمىسى ئىسىم قىلىپ بېرىلگەن:

« سەن ئاسمان تۈمان ( دۇخان ) بىلەن قاپلىنىدىغان كۈننى كۈتكىن! » ( 10 ).

قۇرئان سۈرىلىرىنى ئىسىملىرى بىلەن كاتىگورىيەگە ئايرىلسا، ھەر ھالدا قىيامەت ۋە ئاخىرقى سائەت بىلەن مۇناسىۋەت سۈرە ئىسىملىرى بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. قۇرئاندا ئىلاھىي پەيدا بولۇش ۋە يوقۇلۇش ھەقىقىتىنىڭ ئۆزى ياكى سۈپىتى بىلەن ئاتالغان 14 سۈرە بار.

سۈرە « ھا، مىم » ئائىلىسىگە تەۋە سۈرىلەرنىڭ بەشىنچىسى بولۇپ، مەككىدە ھىجرەتكە يېقىن بىر مەزگىلدە نازىل بولغان. مەزمۇن جەھەتتىن بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە. 15 ـ ئايىتىنىڭ مەدىنىدە نازىل بولغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن بولسىمۇ، دەلىلى ساغلام ئەمەس.

دەسلەپكى مەزگىلدىكى تەرتىپلەردە زۇخرۇف ـ جاسىيە سۈرىسى ئارىسىغا تىزىلغان. ئىبن ئابباس تەرتىپىدە 61، ئۇنىڭدىن جابىر بىن زەيد ئارقىلىق يېتىپ كەلگەن تەرتىپتە 63، ھەزرىتى ئوسمان تەرتىپىدە 64 ـ قاتارغا تىزىلغان. تەخمىنەن دەۋەتنىڭ 12 ـ يىلىدا نازىل بولغان. ساففات 62 ـ ئايەتنىڭ بۇ سۈرىنىڭ 43 ـ ئايىتىدىكى ئېتىرازغا بېرىلگەن جاۋاب ئىكەنلىكى نەزەرگە ئېلىنغاندا، بۇ سۈرىنىڭ ساففات سۈرىسىدىن بۇرۇن نازىل بولغانلىقى مۇقۇملىشىدۇ.

سۈرىدە دېيىلمەكچى بولغان مەقسەت ناھايىتى ئېنىق. يەنى، ھەر پىرىەۋنى تۈنجۇقتۇرىدىغان بىر دېڭىز بار.

سۈرىنىڭ ئاساسىي تېمىسى ئىلاھىي تەربىيە لاھىيەسى بولغان ۋەھىيگە تەسلىم بولۇش بولۇپ، مەيلى شەخسى ياكى كوللېكتىپ ھالدا بولسۇن، بۇ لاھىيگە تەسلىم بولمىغانلارنى كۈتۈۋاتقان بىردىنبىر نەرسە قىيامەتتۇر.

سۈرە مۇقاتتائا ھەرپلىرىدىن كېيىن ۋەھيي تەكتلەنگەن ھالدا باشلانغان. قەدىر سۈرىسىدە تىلغا ئېلىنغان قەدىر كېچىسى بىلەن بۇ سۈرىنىڭ 3 - ئايىتىدە تىلغا ئېلىنغان كېچە ئوخشاش بىر كېچىنى كۆرسىتىدۇ.

حم (1) وَالْكِتَابِ الْمُبِينِ (2) إِنَّا أَنْزَلْنَاهُ فِي لَيْلَةٍ مُبَارَكَةٍ إِنَّا كُنَّا مُنْذِرِينَ (3) فِيهَا يُفْرَقُ كُلُّ أَمْرٍ حَكِيمٍ (4) أَمْرًا مِنْ عِنْدِنَا إِنَّا كُنَّا مُرْسِلِينَ (5) رَحْمَةً مِنْ رَبِّكَ إِنَّهُ هُوَ السَّمِيعُ الْعَلِيمُ (6)

ھا، مىم. ئۆزى روشەن ۋە ھەقىقەتنى بايان قىلغۇچى بولغان بۇ كىتابىنىڭ قەدىرىنى بىلىڭلار. بىز قۇرئاننى ھەقىقەتەن مۇبارەك كېچىدە (يەنى شەبى قەدرى كېچىسىدە) نازىل قىلدۇق، بىز ھەقىقەتەن ئىنسانلارنى (قۇرئان بىلەن) ئاگاھلاندۇرغۇچى بولدۇق. ئۇ كېچىدە ھەر بىر ھېكمەتلىك (يەنى ھېكمەتنىڭ تەقەززاسى بويىچە قىلىنغان) ئىش (يەنى بەندىلەرنىڭ رىزقى، ئەجىلى ۋە باشقا ئەھۋالى) ئايرىلىدۇ. بۇ بىزنىڭ ئەمرىمىز بىلەن بولغان ئىشتۇر. بىز ھەقىقەتەن (ئىنسانلارغا پەيغەمبەرلەرنى) ئەۋەتتۇق، (بۇ) رەببىڭنىڭ رەھمىتىدىندۇر. ئۇ ھەقىقەتەن (بەندىلەرنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر. (ئەھۋالىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر ( 1 - 6 ).

قەدىر كېچىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى ھەققىدە توختالغان تۆتىنچى ئايەت كىشىگە قەدىر سۈرىسىدىكى مەلۇماتنى تاماملىغاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ.

« سەن ئاسمان تۇمان ( دۇخان ) بىلەن قاپلىنىدىغان كۈننى كۈتكىن! » ( 10 ) دېگەن تەھدىد بىلەن باشلىنىغان ئايەتكە ئاساسەن سۈرىگە مەزكۇر ئىسىم قويۇلغان. بەزى نوپۇزلۇق ئالىملار بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان تۇماننى ئۆز ۋاقتىدا يۈز بەرگەن بىر ۋەقەگە باغلاپ چۈشەندۈرگەن. بۇ ۋەقە، مەككىدە يۈز بەرگەن قەھەتچىلىك ۋە بۇ ئاچارچىلىق سەۋەبىدىن مۇشرىكلارنىڭ كۆزلىرىنىڭ تۇمانغا غەرق بولغاندەك كۆرمەس بولۇپ قېلىش ۋەقەسىدۇر.

بۇ بۆلەكتىن كېيىن، پىرئەۋننىڭ ھاكاۋۇرلۇقى ۋە ئىنكار قىلىشتا چىڭ تۇرغانلىقى سەۋەبىدىن دۇچار بولغان ئاقىۋەتنى بايان قىلىنغان ( 17 - 33 ). مانا بۇ نۇقتىدا قۇرئان ھەر تەكەببۇر ئىنكار قىلغۇچىغا خىتاب قىلغان بىر ھەقىقەتنى بايان قىلىدۇ. يەنى، ئۆزىنى ۋازكەچكىلى بولمايدۇ دەپ ئويلاپ قالغان ئىنكارچىلارنىڭ ئارقىسىدىن كۆز يېشى قىلىدىغان ھېچكىمى بولمايدۇ:

فَمَا بَكَتْ عَلَيْهِمُ السَّمَاءُ وَالْأَرْضُ وَمَا كَانُوا مُنْظَرِينَ

« ئۇلارغا ئاسمانمۇ، زېمىنمۇ يىغلىمىدى، ئۇلارغا مۆھلەتمۇ بېرىلمىدى » ( 29 ).

بۇنىڭغا تارىختىن نۇرغۇن مىسال كەلتۈرگىلى بولىدۇ. ئۇلار بۇ دۇنيادا ئۇچرىغان پالاكەتتىن باشقا يەنە ئاخىرەتتىمۇ جازالاندۇرۇلىدۇ.

ئاندىن ۋەھيىگە تەسلىم بولغانلارغا ئاخىرەتتە كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان مۇكاپات بايان قىلىنىپ، ئەڭ چوڭ زەپەرنىڭ ئەبەدىي نىجاتلىقتا ئېرىشىش ئىكەنلىكى ئىپادىلىنىدۇ ( 57 ).

دۇخان، جەننەت ۋە جەھەننەمگە مۇناسىۋەتلىك تەپسىلىي تەسۋىرلەر بايان قىلىنغان سۈرىدۇر. دۇنيا ھاياتىدىن ناھايىتى پەرقلىق بولغان ئاخىرەت ھاياتىنىڭ تەبىئىتىنىڭ تەقەززاسىغا ئاساسەن، ئۇ ئالەمگە مۇناسىۋەتلىك تەسۋىرلەرنىڭ مەجازى شەكىلدە بايان قىلىنغانلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەك. تۆۋەندىكى كۆپ ئۇچرىمايدىغان مەجازنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى بولغان ۋە ھەقىقەتنى تەسەۋۋۇر قىلغاندا ئىنسانىنىڭ تېنى قورقۇنچتىن شۈركىنىدىغان ئايەتلەرگە قاراپ باقايلى:

إِنَّ شَجَرَةَ الزَّقُّومِ (43) طَعَامُ الْأَثِيمِ (44) كَالْمُهْلِ يَغْلِي فِي الْبُطُونِ (45) كَغَلْيِ الْحَمِيمِ (46) خُذُوهُ فَاعْتِلُوهُ إِلَى سَوَاءِ الْجَحِيمِ (47) ثُمَّ صُبُّوا فَوْقَ رَأْسِهِ مِنْ عَذَابِ الْحَمِيمِ (48) ذُقْ إِنَّكَ أَنْتَ الْعَزِيزُ الْكَرِيمُ (49) إِنَّ هَذَا مَا كُنْتُمْ بِهِ تَمْتَرُونَ (50)

زەققۇم دەرىخى ھەقىقەتەن گۇناھكارلارنىڭ تامىقىدۇر. ئۇ ئېرىتىلگەن مىستەك (قىزىق) دۇر، ئۇ قورساقلاردا قايناقسۇدەك قايناىدۇ. (دوزاخقا مۇئەككەل پەرىشتىلەرگە) « ئۇنى تۇتۇپ سۆرەپ دوزاخنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېلىپ بېرىڭلار، ئاندىن ئۇنىڭ بېشىغا قايناقسۇ قۇيۇپ ئازابلاڭلار » دېيىلىدۇ. (ئۇنىڭغا خارلاش ۋە مەسخىرە قىلىش

يۈزىسىدىن) « (بۇ ئازابنى) تېتىغىن، سەن ھەقىقەتەن ئىززەتلىك ئۇلۇغ زات ئىدىڭ. بۇ (ئازاب) ھەقىقەتەن (ھايات ۋاقتىڭلاردا) سىلەر شەكلەنگەن نەرسىدۇر » دېيىلىدۇ ( 43 ـ 50 ).

ئەگەر قۇرئاندا ھەزىل ئاملى ئىزدىسەك، 49 ـ ئايەتتىكى جەھەننەمگە تاشلانغانلار ھەققىدە كىنايىلىك ئېيتىلغان « قېنى تېتىپ باققىن، سەن ھەقىقەتەن ئىززەتلىك ئۇلۇغ زات بولساڭ كېرەك! » ئىپادىسى ئۇنىڭ ئەڭ تىپىك مىسالى بولالايدۇ. بۇ، قۇرئاندىكى « ھەزىل »گە تېما بولالىغۇدەك ساناقلىق ئايەتلەردىن بىرى. ئۇ كاپىرنىڭ دۇنيادا پەقەت كۇفرى سەۋەبلىك ئۆزىنى ئىززەتلىك دەپ قارىغانلىقى، مۇئمىنلەرنى پەقەت ئىمانى سەۋەبلىك خار كۆرگەنلىكى ئايەتتىن چىقىپ تۇرىدۇ. ئاخىرەت ئىنساننىڭ ھەقىقي قىممىتى ئوتتۇرىغا چىققان ۋە ھەر نەرسىگە ھەققى لايىقىدا بېرىلگەن « ھەق ۋە ھەقىقەت كۈنى »دۇر.

پۈتۈن بۇ ۋەدە ۋە تەھدىتلەر بىلەن ئۇلارغا لايىق بولغانلار ئارىسىدا پەقەت بىر پەرق بار. يەنى، زامان ( ۋاقىت ). ھەممە ۋاقتى كەلگەندە ھەقىقەتنى كۆرۈپ يېتىدۇ:

« ئۇنداقتا، سەنمۇ كۈتكىن، شۈبھىسىزكى ئۇلار كۈتكۈچىدۇر » ( 59 ).

بۇ سۈرە قۇرئان ۋەھيىنىڭ سۆزلۈك خىتاب خاراكتېرىنىڭ تىپىك ئۆرنەكلىرىدىن بىرىسى. بىر نۇتۇقتا خىتابنى جەلىپ قىلارلىق ۋە تەسىرلىك قىلغان ئامىل خىتابنىڭ ۋە جۈملىلەرنىڭ ئېنىق بولۇشىدۇر. تەكرارلار ۋە تەكىتلەر خىتاب قىلىغۇچىنىڭ زېھنىدە ئىز قالدۇرۇشنى ۋە ۋىجداننى ھەرىكەتكە ئۆتكۈزۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇ سۈرە مانا بۇ ئالاھىدىلىكلىرى ئارقىلىق، ھەقىقەتنىڭ ئەبەدىي قىممىتى بىلەن بالاغەتنىڭ ئەدەبىي قىممىتىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن. بۇ سەۋەبتىن ئايەتلەردىكى مەنا لەبزىگە قارىغاندا ناھايىتى چوڭقۇر. سۈرىنىڭ ئاخىرقى ئايىتى بۇنىڭ تىپىك ئۆرنىكى بولالايدۇ. ئايەتنىڭ تېكىستىنى ۋە تىرناق ئىچىگە ئېلىنغان بايانلارنى نەزەردىن ساقىت قىلغاندا نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى بىلىش تەس بولغان مەنىسى بىلەن بىرلىكتە كۆرۈپ باقايلى:

فَارْتَقِبْ إِنَّهُمْ مُرْتَقِبُونَ

« ئۇنداقتا، سەنمۇ ( يۇقىرىدا بايان قىلىنغان جەننەتنى ) كۈتكىن، شۈبھىسىزكى، ئۇلار (يۇقىرىدا تەسۋىرلەنگەن جەھەننەملىرىنى ) كۈتكۈچىدۇر » ( 59 ).

## جاسىيە سۈرىسى

سۈرىگە 28 ـ ئايەتكە ئاساسەن « جاسىيە » دەپ ئىسىم قويۇلغان بولۇپ، بۇ كەلىمە ئىنساننىڭ ئىلاھىي مەھكىمىدە جاۋابكارلىققا تارتىلىش جەريانىدىكى پەرىشان ھالىتىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ سۈرە قۇرئاندىكى ئىلاھىي يارىلىش ۋە يوقىلىش ھەقىقىتىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسىم ياكى سۈپەت بىلەن ئاتالغان 14 سۈرىدىن بىرى.

سۈرە 18 ـ ئايىتىگە ئاساسەن شەرىئەت سۈرىسى دەپمۇ ئاتالغان:

« سېنىمۇ بۇ مەسئۇلىيەتنى ( لايىقىدا ئادا قىلىدىغان ) بىر شەرىئەتكە ئىگە قىلدۇق » ( 18 ).

بەزىلەر بۇ سۈرىنىڭ « دەھر سۈرىسى » دەپمۇ ئاتالغانلىقىنى ئېيتقان.

سۈرە « ھا، مىم » ئائىلىسىنىڭ 6 ـ سۈرىسى بولۇپ، مەككىدە نازىل بولغان. زامان ۋە مەزمۇن جەھەتتىن دۇخان سۈرىسىدىن كېيىن نازىل بولغانلىقى مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ.

دەسلەپكى مەزگىلدىكى تەرتىپلەردە بۇ سۈرە ئەھقاپ سۈرىسىنىڭ ئالدىغا تىزىلغان بولۇپ، بۇنىڭدىن سۈرىنىڭ رىسالەتنىڭ 12 ـ يىلىدا نازىل بولغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. 14 ـ ئايەتنىڭ مەدىنىدە نازىل بولغانلىقى ھەققىدىكى ئىبنى ئابباسقا نىسبەت قىلىنغان رىۋايەتنى سۈرىنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى مۇناسىۋىتى رەت قىلىدۇ. بۇ رىۋايەت يەنە ئىبنى ئابباستىن كەلگەن بىر سەھىھ رىۋايەتكە زىت كېلىدۇ. سۈرە مەزمۇن ۋە ئىچكى جەھەتتىن بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولۇپ، بۇ ئاملمۇ ئايەتنىڭ ئۆز دەۋرىدىن باشقا بىر دەۋردە نازىل بولغانلىقى ھەققىدىكى قاراشنى رەت قىلىدۇ.

سۈرە ئىلاھىي مەھكىمىدە جاۋابكارلىققا تارتىلىدىغانلىققا ئىمانىنى، يەنى كىشىدە قىلمىشلىرىنىڭ جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالالايدىغان بولۇشتىن ئىبارەت بىر ئاڭنى شەكىللەندۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ.

سۈرە، ئىلاھىي تەربىيە لاھىيەسى بولغان ۋەھيىنى، ئۇنىڭ مەنبەسىنى ۋە دېمەكچى بولغان مەقسىتىنى تەكىتلەش بىلەن باشلىنىدۇ ( 1 ـ 11 ). بۇ بۆلەكتە سورالغان تۆۋەندىكى سوئال كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ:

« ئۇلار اﷲ نى ۋە ئۇنىڭ ئايەتلىرىنى قويۇپ قايسى سۆزگە ئىشىنىدۇ؟ » ( 6 ).

مۇشۇنداق بىر ئىلاھى كايىشتىن كېيىن تۆۋەندىكىدەك بىر ئازارنىڭ كېلىشى شۈبھىسىز:

« ئۆزىنى ئالداپ گۇناھقا چۆمگەنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ھالىغا ۋاي! » ( 7 ).

بۇ خىل كىشىلەر ئاللاھ نىڭ سۆزىنى پەقەت ئاڭلىغاندەك قىلىپ، قۇلاق سالماسلىق بىلەنلا قالماستىن، ئۇلارنى مەسخىرە قىلىدۇ ( 8 ـ 9 ). بۇ بۆلەكنىڭ ئاخىرقى ئايىتىنى ئوقۇش شەرت. قېنى بىر ئوقۇپ باقايلى:

هَذَا هُدًى وَالَّذِينَ كَفَرُوا بِآَيَاتِ رَبِّهِمْ لَهُمْ عَذَابٌ مِنْ رِجْزٍ أَلِيمٌ

« بۇ (قۇرئان ئۇنىڭغا ئىشەنگەن ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن كىشىگە كامىل) ھىدايەتتۇر، رەببىنىڭ ( كائىنات ۋە ۋەھيي قىلىنغان ) ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلار ئەڭ قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ » ( 11 ).

ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن بۆلەكتە، ئىنسانلار ھەرگىزمۇ ئۆتەپ بولالمايدىغان ئاللاھ نىڭ ئۆزلىرى ئۈستىدىكى ھەققى ئەسكەرتىلىدۇ. دېڭىزلاردىكى كېمىلەر ئاللاھ بەلگىلىگەن قانۇن دائىرىسىدە ئۈزىدۇ ( 12 ). ئاسمانلاردا ۋە يەردە يارىتىلغان ھەممە نەرسە ئىنسانلارنىڭ ئەمرىگە بويسۇندۇرۇلغان ( 13 ). بۇ نېمەتلەرنىڭ ھەممىسىگە تۇزكورلۇق قىلىۋاتقانلارغا قارىتا، مۆئمىنلەردىن ئۇلارغا مېھرى ـ شەپقەت ۋە ئەپۇنى ئاساس قىلغان بىر ئۇسلۇب بىلەن مۇئامىلە قىلىشنىڭ تەلەپ قىلىنىشنى، پەقەت ۋە پەقەت ئاللاھ نىڭ چەكسىز شەپقەت ۋە مەرھەمىتى بىلەن ئىزاھلىغىلى بولىدۇ ( 14 ). نېمە ئۈچۈن ياخشى مۇئامىلە قىلىش كېرەك؟ چۈنكى:

مَنْ عَمِلَ صَالِحًا فَلِنَفْسِهِ وَمَنْ أَسَاءَ فَعَلَيْهَا ثُمَّ إِلَى رَبِّكُمْ تُرْجَعُونَ

« كىمكى (دۇنيادا) ياخشى ئىش قىلسا، ئۇ ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن قىلىدۇ، كىمكى يامان ئىش قىلسا، ئۇ ئۆزىنىڭ زىيىنى ئۈچۈن قىلىدۇ، ئاندىن كېيىن رەببىڭلارنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر (اﷲ ياخشىلىققا مۇكاپات، يامانلىققا جازا بېرىدۇ) » ( 15 ).

بۇ بۆلەكتىن كېيىن سۈرىدە بەنى ئىسرائىل قىسسىسى بايان قىلىنىدۇ ( 16 ـ 17 ) ۋە يەھۇدىيلىشىش جەريانى بىلەن ئاخىرەتكە ئىمان ئارىسىدىكى تەتۈر تاناسىپلىق مۇناسىۋەتكە كىشىنىڭ دىققىتىنى ئاغدۇرىدۇ. ئاندىن قۇرئان ۋەھيىنىڭ مەقسىتى بايان قىلىنىدۇ: « بۇ ( ۋەھيي / قۇرئان ) ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئىدراك مەنبەسىدۇر » ( 20 ). بۇ مەنبەدىن يىراق تۇرغۇچىنى كۈتۈپ تۇرغان خەتەرلىك ئاقىۋەت مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

أَفَرَأَيْتَ مَنِ اتَّخَذَ إِلَهَهُ هَوَاهُ وَأَضَلَّهُ اللَّهُ عَلَى عِلْمٍ وَخَتَمَ عَلَى سَمْعِهِ وَقَلْبِهِ وَجَعَلَ عَلَى بَصَرِهِ غِشَاوَةً فَمَنْ يَهْدِيهِ مِنْ بَعْدِ اللَّهِ أَفَلَا تَذَكَّرُونَ

« ماڭا نەپسى خاھىشىنى ئىلاھ قىلىۋالغان ۋە اﷲ ( كىشىنىڭ ئۆز تاللىشى بىلەن ) بەلگىلىك ھەقىقەتكە ئاساسەن ئازدۇرغان، قۇلىقىنى ۋە قەلبىنى پېچەتلىۋەتكەن، كۆزىنى پەردىلىگەن ئادەمنى كۆز ئالدىڭغا كەلتۈرەلەمسەن؟ ئۇنى اﷲ تىن غەيرى كىم توغرا يولغا باشلىيالايدۇ؟ سىلەر (بۇلاردىن) ۋەز ـ نەسىھەت ئالماسىلەر؟ » ( 23 ).

مۇشۇنداق بىر گۇمراھلىقنىڭ ئۇلىدا قىلمىشلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالماسلىق ۋە ھېساب بەرمەسلىكتىن ئىبارەت گۇمان ( زان ) ياتماقتا. يەنى « ئاخىرەت بولمىسا ھەر نەرسە مۇباھ » چۈشەنچىسى ھاكىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇنداق بىر چۈشەنچىگە ئىگە بىر كىشى، ئەگەر قائىدە ـ يۇسۇنغا ( شەرىئەتكە ) ئاساسەن ياشىماسلىقنى ئۆزىگە مىزان قىلغان بولسا، ئاخىرەتنى ئىنكار قىلىشنىمۇ زېھنىگە يەرلەشتۈرگەن بولىدۇ. بۇنداق كىشىلەر زېھنىدىكى ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشنىڭ بىردىنبىر يولىنىڭ ئاخىرەتنى ئىنكار قىلىش ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ.

قۇرئان مانا بۇ ئىپتىدائى ئاتئىزىم ۋە ماتېرىيالىزىم بولغان « دەھرى دۇنيا قارىشى » نىڭ بۇ پەلسەپىسىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

ئۇلار (يەنى قىيامەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار): « ھايات دېگەن پەقەت دۇنيادىكى ھاياتىمىزدۇر، ئۆلىمىز تۇغۇلىمىز، دۇنياغا پەقەت بىر قېتىملا كېلىمىز / تىرىلىمىز. پەقەت زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن يوق بولىمىز » دەيدۇ ( 24 ).

بۇنداق چۈشەنچىگە ئىگە بولغان بىر كىشى قولىغا كەلگەن ھەر قانداق بىر پۇرسەتتە قىلمايدىغان گۇناھ، زۇلۇم، يېمەيدىغان ھەق قالامدۇ؟ سۈرىگە ئىسمى بېرىلگەن ئايەت، مانا بۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىدۇ:

وَتَرَى كُلَّ أُمَّةٍ جَاثِيَةً كُلُّ أُمَّةٍ تُدْعَى إِلَى كِتَابِهَا الْيَوْمَ تُجْزَوْنَ مَا كُنْتُمْ تَعْمَلُونَ (28) هَذَا كِتَابُنَا يَنْطِقُ عَلَيْكُمْ بِالْحَقِّ إِنَّا كُنَّا نَسْتَنْسِخُ مَا كُنْتُمْ تَعْمَلُونَ (29)

ئۇ كۈندە ( قىيامەتتە ) ھەر ئۈممەتنى (قورقۇنچنىڭ قاتتىقلىقىدىن) تىزلانغان ھالدا كۆرىسەن، ھەر ئۈممەت ئۆزىنىڭ نامە ـ ئەمالىنى ( كۆرۈشكە ) چاقىرىلىدۇ، (ئۇلارغا) « بۈگۈن قىلمىشىڭلارغا يارىشا مۇكاپاتقا ئېرىشىسىلەر ياكى جازاغا ئۇچرايسىلەر » (دېيىلىدۇ). بۇ بىزنىڭ كىتابىمىز (يەنى قىلمىشىڭلار يېزىلغان كىتاب) سىلەرگە ھەق بىلەن سۆزلەيدۇ، بىز قىلمىشىڭلارنى يازدۇرۇپ تۇرغان ئىدۇق (يەنى پەرىشتىلەرنى ئەمەللىرىڭلارنى يېزىپ تۇرۇشقا بۇيرۇيتتۇق) ( 28-29 ).

سۈرىنىڭ ئاخىرقى بۆلىكىدە ئىلاھىي مەھكىمە، ئىلاھىي ئادالەتنىڭ تەقەززاسى بولغان مۇكاپات ۋە جازا ھەقىقىتى بايان قىلىنغان ( 30 ـ 35 ).

سۈرىنىڭ ئاخىرقى ئايەتلىرىدە ئىنساننىڭ بارلىقىنىڭ ئەزىمەتلىك ئاللاھ تەرىپىدىن بەخش ئېتىلگەنلىكى، ئىنساننىڭ ئاللاھ قا قەرزدار ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى ئەستىن چىقارماسلىقى ئىما قىلىنغان:

فَلِلَّهِ الْحَمْدُ رَبِّ السَّمَاوَاتِ وَرَبِّ الْأَرْضِ رَبِّ الْعَالَمِينَ (36) وَلَهُ الْكِبْرِيَاءُ فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَهُوَ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ (37)

« جىمى ھەمدۇسانا ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئالەملەرنىڭ رەببى الله قا خاستۇر! ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ئۇلۇغلۇق الله قا خاستۇر، الله غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر » ( 36 ـ 37 ).

## ئەھقاف سۈرىسى

سۈرە، 21 ـ ئايىتىگە ئاساسەن « قۇم تۆپىسى / بارخانلىرى » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ئەھقاف ئىسمى بىلەن ئاتالغان. بۇ كەلىمە قۇرئاندا پەقەت مۇشۇ سۈرىدىلا تىلغا ئېلىنىدۇ. ئەھقاف، جۇغراپىيىلىك ئورۇن نۇقتىسىدىن بۈگۈنكى يەمەن چېگرىسى ئىچىدىكى بىر رايوننى كۆرسىتىدۇ. سانا بىلەن ئۇممان ئارىسىغا جايلاشقان بۇ رايون، ئەرەپ يېرىم ئارىلىنىڭ ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ خەتەرلىك چۆلى بولغان رۇبئۇل ھالى ئاخىرلاشقان ئۇچىغا جايلاشقان. ھىندى ئوكيانۇس ساھىلى بىلەن پاراللېل سوزۇلغان بۇ رايون ھەدرامەۋت ( ئۆلۈك يېشىل ) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئەھقاف تۆپىلىرى بىر زامانلاردا تىللارغا داستان ئىرەم باغلىرى جايلاشقان ئاد مەدەنىيىتى بارلىققا كەلگەن رايون ئىدى. ھۇد پەيغەمبەر بۇ قەۋمگە ئەۋەتىلگەن، لېكىن قەۋمى ئىنكار قىلىشتا چىڭ تۇرغانىدى. ئىنكار قىلىشنىڭ ئاقىۋىتى بولغان ئىجتىمائىي زاۋاللىق ۋە ئەخلاقى بۆھران مەزكۇر قەۋمنى ھەر تەرەپتىن قورشىغان بولۇپ، ئاقىۋەت دەھشەتلىك بىر قۇم بورىنى بىلەن تارىخ سەھنىسىدىن سۈپۈرلۈپ تاشلانغانىدى.

سۈرىنىڭ ئىسمى بولغان ئەھقاف قۇم بورىنى پەيدا قىلغان قۇم بارخانلىرىنىمۇ كۆرسىتىدۇ. كۈنىمىزدە بۇ مەدەنىيەتنىڭ ئىزنالىرى 12 - 18 مېتىر قېلىنلىقتىكى قۇم بارخانلىرىنىڭ ئاستىدىن قېزىپ چىقىرىلدى.

سۈرىنىڭ بارلىق ھەدىس ۋە قۇرئان ئەدەبىياتىدا تىلغا ئېلىنغان بىردىنبىر ئىسمى ئەھقافتۇر.

سۈرە مەككىدە نازىل بولغان. بەزى ئايەتلىرىنىڭ مەدىنىدە نازىل بولغانلىقى ھەققىدىكى قاراشلارنى ئەنئام سۈرىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئۆلچەملەر رەت قىلىدۇ.

سۈرىنى دەۋەتنىڭ 12 - يىلىدا نازىل بولغان سۈرىلەر قاتارىغا تىزىشقا بولىدۇ. سۈرە مۇسھافتىكى تىزىلىشى نازىل بولۇش تەرتىپى بىلەن بىردەك بولغان يەتتە سۈرىلىك « ھا، مىم » ئائىلىسىگە تەۋە سۈرىلەرنىڭ ئاخىرقى سۈرىسى بولۇپ، دەسلەپكى مەزگىللەردىكى تەرتىپلەردە جاسىيە - زارىيات سۈرىلىرى ئارىسىغا تىزىلغان. سۈرىنىڭ 29 - 32 - ئايەتلىرىدە جىنلار ھەققىدە توختالغان. بۇ ۋەقە تائىفتىن قايتىشتا يۈز بەرگەنىدى. رەسۇلۇللاھنىڭ تائىفقا بارغان ۋاقتىنى مۇناسىۋەتلىك مەنبەلەردە ھىجرەتتىن ئۈچ يىل بۇرۇن بولغان دەپ قەيت قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا سۈرىنىڭ 15 - ئايىتىنى ئىسرا 23 – 24، لوقمان 14 - 15 تە تىلغا ئېلىنغان ئاتا - ئانا ۋە پەرزەنت مۇناسىۋىتىگە دائىر تېمىنىڭ داۋامى دېيىشكىمۇ خاتالاشمايمىز. فەررا 9 - ئايەتنى قۇرەيشنىڭ سۇيىقەست پىلانى بىلەن باغلاپ تۇرۇپ چۈشەندۈرىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى سۈرىنىڭ مەزكۇر ئائىلىگە تەۋە باشقا سۈرىلەرگە ئوخشاش رىسالەتنىڭ 12 - يىلىدا نازىل بولغانلىقى ھەققىدىكى قاراشنى كۈچلەندۈرىدۇ.

سۈرە باشقا قېرىنداش سۈرىلەرگە ئوخشاش مەزمۇن جەھەتتىن بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە. سۈرە ئىلاھىي تەربىيە لاھىيەسى بولغان ۋەھيىنىڭ مەنبەسى، قىممىتى ۋە ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرۈش تېمىسى ئۈستىدە توختىلىدۇ ۋە ۋەھيىنى ئىنكار قىلغان ئەقلىنىڭ خار ھالەتكە چۈشۈپ قالغانلىقى ھەققىدە ئۆرنەكلەر بېرىدۇ.

سۈرە مۇقاتتائا ھەرپلىرى بىلەن باشلانغان بولۇپ، ۋەھيي تەكىتلەنگەن ھالدا سۆز باشلايدۇ. سۈرىنىڭ باشلىنىشىدىلا يارىتىلىش ئىگە بولغان مەنا ۋە مەقسەت تىلغا ئېلىنىدۇ. ئەگەر يارىتىلىشنىڭ بىر مەقسەت ۋە مەنىسى بولمىسا ھەرقانداق بىر قانۇن، بەلگىلىمە، تەرتىپ، سىرنىڭ قىممىتى بولمايدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئەخلاق، دىن، ئىمان ۋە قانۇن ( شەرىئەت )لارنىڭ مەۋجۇد بولۇشىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق سەۋەبى مەۋجۇدىيەتنىڭ يارىتىلىشىنىڭ تەقەززاسى بولغان مەنا ۋە مەقسەتتۇر:

مَا خَلَقْنَا السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ وَمَا بَيْنَهُمَا إِلَّا بِالْحَقِّ وَأَجَلٍ مُسَمًّى وَالَّذِينَ كَفَرُوا عَمَّا أُنْذِرُوا مُعْرِضُونَ

« ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى پەقەت بىر مەنا ۋە مەقسەت بىلەن مۇئەييەن مۇددەتكىچە مەۋجۇت بولىدىغان قىلىپ ياراتتۇق. كاپىرلار ئاگاھلاندۇرۇلغان نەرسىلەردىن يۈز ئۆرۈۋاتىدۇر » ( 3 ).

بۇ ئارقىلىق: « ئاسمانلار ۋە زېمىن ئىنسان ئۈچۈن يارىتىلدى. ئىنسانلار ئۈچۈن يارىتىلغان ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ بىر يارىتىلىش مەقسىتى بولىدۇ - يۇ، بۇلار بويسۇندۇرۇپ بېرىلگەن ئىنساننىڭ يارىتىلىش مەقسىتى بولمامدۇ؟ »دىن ئىبارەت بۇ ھەقىقەت تەكىتلەنگەن. ئەگەر بۇ سوئالغا بېرىدىغان جاۋابىڭىز « ئەلۋەتتە، بار » ياكى « بولۇشى كېرەك » بولسا، ئۇنىڭدىن كېيىن مۇنداق بىر سوئال تۇغۇلىدۇ: « ئۇنداقتا، بۇ مەقسەتنى كىم بەلگىلەيدۇ؟ ». بارلىق دەۋر ۋە ماكانلاردا ياشىغان، ياشاۋاتقان ۋە ياشايدىغان ئىنسانىيەتنىڭ ھەممىسى ھەققىدە توختىلىۋاتىمىز. ئىنسانىيەتنىڭ ھەممىسى ھەققىدە سۆز قىلىۋاتقان بولساق، ئىنساننىڭ يارىتىلىشىدىكى مەنا ۋە مەقسىتىنى بەلگىلىگۈچى، ئىنسانىيەت ئۈستىدە سۆز ھەققى بولغان بىر زات بولۇشى كېرەك. پەقەت سۆز ھەققى بولغۇچى بولۇشى يېتەرلىك ئەمەس، ئۇنىڭ ئىنساندا ھەققى ۋە ئەجرى بولۇشى، بۇنىڭدىن بىر مەنپەئەتى بولماسلىقى كېرەك... ئەگەر بىر مەنپەئەتى بولىدىغان بولسا، مەنا ۋە مەقسەتنى بەلگىلىگەندە ئۆز مەنپەئەتىگە مايىل بولۇپ قېلىش ئېھتىمالى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئاجىزلىقى بولماسلىقى كېرەك... ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا، مەنا ۋە مەقسەتنى بەلگىلىگەندە ئاجىزلىقنى ئارلاشتۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن. بۇ ئالاھىدىلىك ئاللاھ تىن باشقا بىرسىدە بارمۇ؟ يوق. ئۇنداقتا ئىنساننىڭ مەنا ۋە مەقسىتىنى ئاللاھ تىن غەيرىنىڭ بەلگىلەشكە ئىنتىلىشى ھەددىدىن ئاشقانلىق بولىدۇ. ئىنساننىڭ مەنا ۋە مەقسەتسىز بولۇپ قېلىشى ھېچنەرسە بولۇش ( نېگىلىزم -

مەقسەتسىزلىك، يارىتىلىش قىممىتىنى ئىنكار قىلىش ) قا باشلايدۇ، ياشاشنىڭ مەنىسى، ئەخلاقى مۇئامىلىنىڭ مەقسىتى قالمايدۇ.

ئۇنداقتا، ئىنساننىڭ مەنا ۋە مەقسىتىنى ئاللاھ بەلگىلىگەنمۇ؟ شۇنداق، بەلگىلىگەن. قەيەردە دەپ سورىسىڭىز، مانا بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى ئاللاھ ۋەھيى دەپ كۆرسەتمەكتە. ۋەھيىنىڭ مەقسىتىنى ئىنساننىڭ ھىدايىتى قىلىپ بەلگىلىگەن. ۋەھيى، ئاللاھ نىڭ يېتەكچىلىكى ۋە رەھبەرلىكىدۇر. ئەگەر بۇ يول كۆرسەتكۈچ بولمىسا، ئىنسان ئىنسانغا قۇل بولىدۇ، ئىنسانىنى قۇل قىلىدۇ، شەيئىلەرگە قۇل بولىدۇ، ئېلىپ - سېتىلىدۇ، ئىنسانىنى بىر تاۋارغا ئوخشاش ئېلىپ - ساتىدۇ. ئىنسان ئىنسانغا، نەپسى خاھىشىغا، غەزەپكە، قورقۇنچقا چوقۇنىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ۋەھيى تەرىپىدىن شېرىك دەپ ئاتىلىدۇ. سۈرىنىڭ بىرىنچى بۆلىكى مانا بۇ خەتەرگە كىشىنىڭ دىققىتىنى ئاغدۇرىدۇ ( 4 - 7 ).

سۈرىدە ۋەھيىگە قارىتىلغان ئېتىرازلارغا جاۋاب بېرىلىدۇ. ئالدى بىلەن « بۇ تەسىر كۈچى يۇقىرى سېھىردۇر » دېگەن ئېتىراز تىلغا ئېلىنغان بولۇپ ( 7 )، بۇنداق دېگۈچىلەر ئەسلىدە ۋەھيىنى ئېتىراپ قىلغانىدى. چۈنكى، ۋەھيى نازىل بولغان جەمئىيەت سۆزنىڭ كۈچىنى ياخشى بىلەتتى ۋە ئېتىراپ قىلاتتى. ئۇ دەۋردە سۆز سەنئىتى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىققان، سۆز ماھىرلىرى باش تاجى قىلىنغان ۋە ئەڭ كۆپ نەپكە ئىگە بولىدىغانلار ئىدى. ۋەھيىنى « سېھىر » دەپ تۆھمەت قىلغانلار يەنە بىر رېئاللىقنى ئېتىراپ قىلغانىدى، يەنى ۋەھيىنىڭ ئۆزلىرىنى ۋە باشقىلارنى جەلپ قىلغانلىق ھەقىقىتى ئىدى. لېكىن ئۇلار ۋەھيىنىڭ تەسىر كۈچىنى ئىلاھىي مەنبەدىن كېلىۋاتىدۇ دەپ بىلىشنىڭ ئورنىغا ۋەھيىنىڭ لەبزىدىن دەپ قارىغانىدى. ئۇلار ۋەھيى ئېلىپ كەلگەن ھەقىقەتنىڭ ئەبەدىيلىكىگە قاراشنىڭ ئورنىغا ۋەھيى لەبزىنىڭ بەدىئىيلىكىگە قارىغانىدى. قىڭغىر قارىغۇچى نەزەر تاشلىغان نەرسىنى توغرا ھالدا كۆرەلمەيدۇ. ئۇلارمۇ قىڭغىر قارىغانلىقتىن توغرا كۆرەلمىگەنىدى.

« ئۇنى مۇھەممەد توقۇپ چىقتى » ( 8 ) دەپ تۆھمەت قىلغۇچىلارغا مۇنداق جاۋاب بېرىلگەن:

أَمْ يَقُولُونَ افْتَرَاهُ قُلْ إِنِ افْتَرَيْتُهُ فَلَا تَمْلِكُونَ لِي مِنَ اللَّهِ شَيْئًا هُوَ أَعْلَمُ بِمَا تُفِيضُونَ فِيهِ كَفَى بِهِ شَهِيدًا بَيْنِي وَبَيْنَكُمْ وَهُوَ الْغَفُورُ الرَّحِيمُ

ياكى ئۇلار قۇرئاننى ئۇ (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) ئۆزى توقۇغان دېيىشەمدۇ؟ ئېيتقىنكى، « ئەگەر ئۇنى مەن توقۇغان بولسام، سىلەر مەندىن اﷲ نىڭ ئازابىدىن ھېچ نەرسىنى دەپئى قىلالمايسىلەر، سىلەرنىڭ قۇرئان توغرىسىدىكى تۆھمەتلىرىڭلارنى اﷲ ئوبدان بىلىدۇ، اﷲ مەن بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا گۇۋاھ بولۇشقا يېتەرلىكتۇر (يەنى مېنىڭ راستچىللىقىمغا ۋە سىلەرنىڭ يالغانچىلىقىڭلارغا گۇۋاھ بولىدۇ)، اﷲ (تەۋبە قىلغۇچىنى) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (مۆمىن بەندىلىرىگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر » ( 8 ).

بۇ ئايەتتىن كېيىن رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېيىشكە بۇيرۇلىدۇ:

ئېيتقىنكى، « مەن (اﷲ ئىنسانلارنى تەۋھىدكە دەۋەت قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن) تۇنجى پەيغەمبەر ئەمەسمەن، ماڭا ۋە سىلەرگە نېمە قىلىنىدىغانلىقىنى ئۇقمايمەن، مەن پەقەت ماڭا ۋەھيى قىلىنغان نەرسىگىلا ئەگىشىمەن، مەن پەقەت ۋەھيىنى شۇ پېتى يەتكۈزگۈچى ئوچۇق ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن » ( 9 ).

بۇ مۇشرىكلار « ماڭا ۋە سىلەرگە ئەتە نېمە قىلىنىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن » دېگەن بىرسىنى پەيغەمبەر دەپ ئېتىراپ قىلمىغانىدى. ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرنى ئېتىراپ قىلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ كېلەچەكنى بىلىشى، غەيبتىن خەۋەر بېرىشى، يۇتۇپ كەتكەن تۆگىسىنىڭ يېرىنى دەپ بېرىشى، كارامەت كۆرسىتىشى، بېشىغا كېلىدىغان ئىشلارنى يۈز بېرىشتىن بۇرۇن ئېيتىپ بېرىشى كېرەك ئىدى. ئۇنتۇماڭكى، بۇلارنى تەلەپ قىلغانلار مۇئمىنلەر ئەمەس، مۇشرىكلار ئىدى. قۇرئان ئۇلارنىڭ بۇ تەمەلىرىنى نەزەرگە ئېلىپمۇ قويماستىن، دىققىتىنى ۋەھيىگە ئاغدۇرىدۇ ( 10 ). توغرا يول تۇتقانلارغا جەننەت بىلەن خۇشخەۋەر بېرىدۇ ( 11 - 12 ).

شۇنىڭ بىلەن بىرگە قۇرئان نازىل بولغان جەمئىيەتتە ئاتا - ئانا ۋە پەرزەنت ئوتتۇرىسىدا ئېتىقاد سەۋەبىدىن مەيدانغا كەلگەن بەزى مەسىلىلەرنى قۇرئان بىزگە خەۋەردار قىلماقتا. ئۆزگە ئىمان تەۋسىيە قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئاتا - ئانىسىغا قوپاللىق بىلەن مۇئامىلە قىلغان پەرزەنت بۇنىڭغا بىر مىسالدۇر ( 15 - 20 ). بۇ بۆلەك كىشىگە،

ئىنسانىيەتنى خۇددى بىر ئاتا مېھرى بىلەن ئىمانغا دەۋەت قىلىۋاتقان رەسۇلۇللاھنى رەت قىلىشنىڭ نېمدېگەن چوڭ تۇزكورلۇق ئىكەنلىكى بايان قىلىنغاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ.
ئەقىل بالىغ بولۇش يېشى ھەممىمىزگە مەلۇم. بۇ ئىنساننىڭ تەپەككۇرىنىڭ تەرەققىياتىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تۇيغۇلىرىنىڭ بالىغ بولۇشىنىڭمۇ مۇئەييەن يېشى بولۇپ، 40 ياش ئىنساننىڭ ھېس - تۇيغۇ جەھەتتىن پىشىپ يېتىلگەن قىران مەزگىلى ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان جۈملە بۇ سۈرىنىڭ 15 - ئايىتىدە تىلغا ئېلىنىدۇ:
« تاكى ئۇ (بوۋاق ئۈسۈپ) كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولۇپ، 40 ياشقا يەتكەندە ».
سۈرىدە ھەددىدىن ئېشىشنىڭ قانداق قىلىپ ئۆزىنى يوقىتىشقا ئېلىپ بارىدىغانلىقىنىڭ ئۆرنەكلىرى، ھالاك قىلىنغان ئۆتمۈش قەۋملەر مىسال كەلتۈرۈلۈش ئارقىلىق بىرىلىدۇ. بىر ئاللاھ قا ئىبادەت قىلىشتىن باش تارتقانلار نۇرغۇن ساختا ئىلاھلار ئىجاد قىلىدىغان خارلىققا قانداق قىلىپ مۇپتىلا بولىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ ( 21 - 28 ). بۇ سۈرىگە ئىسىم قىلىپ قويۇلغان قىسسە بۇ بۆلەكتە بايان قىلىنىدۇ.
سۈرىدە يەنە ۋەھىگە قۇلاق سالغان ۋە قۇلاق سالمىغانلارنىڭ پوزىتسىيىسى ۋە ئاقىۋىتى بايان قىلىنىدۇ ( 29 - 34 ). ۋەھىيگە قۇلاق سالماي، ئۆمرىنى بىكار ئۆتكۈزىۋەتكەنلەر ئۆز ئۆمرىنى ئۆز قولى بىلەن قانداق قىسقارتقانلىقىنى ( مەنا جەھەتتىن ) ئاخىرەتتە بىلىپ يېتىدۇ. ئۆز قولى بىلەن مەنىسىز قىلىۋەتكەن ھايات بەرىكەتسىز بىر ھاياتتۇر. بۇ شۇنداق بىر ئەھۋالكى، ئاخىرەتتە پۈتۈن بىر ئۆمرىنى « پەقەت كۈندۈزدە بىردەم تۇرغاندەكلا » قىسقا ھېس قىلىدۇ ( 35 ). بۇ ئايەتنىڭ ئاخىرى سۈرىنىڭ ئاخىرقى جۈملىسى بولۇپ، سۈرە ھالاك قىلىنىشتا ئىلاھىي شەپقەتنىڭ بىر تەجەللىسى بولغان شۇ ئاگاھلاندۇرۇش بىلەن سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ:
« مانا بۇ ئاگاھلاندۇرۇشىمىزدۇر. ئۇنداقتا، مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن مۇئامىلە قىلغان بىر قەۋمدىن باشقىلار ھالاك قىلىنامدۇ؟ » ( 35 ).

# زارىيات سۈرىسى

سۈرە بىرىنچى ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان « كۆتۈرگۈچى، سورىغۇچى » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان « زارىيات » كەلىمىسى بىلەن ئاتالغان.
بۇ كەلىمە قۇرئاندا بۇ شەكىلدە پەقەت مەزكۇر سۈرىدىلا تىلغا ئېلىنغان. تىرمىزى « جامى » ناملىق ئەسرىدە « زارىيات » شەكلىدە، بۇخارى « ۋەز زارىيات » شەكلىدە ئاتىغان.
سۈرە مەككىدە نازىل بولغان بولۇپ، بارلىق تەرتىپلەردە « ھا، مىم » ئائىلىسىنىڭ ئاخىرقى سۈرىسى بولغان ئەھقاف سۈرىسىنىڭ ئارقىسىغا تىزىلغان. گەرچە سۈرىنىڭ ئىچكى رېتىمى ۋە ئايەتلەرنىڭ قىسقا بولۇشى تۈنجى تەرتىپلەردە تىزىلغان ئورۇندىن تېخىمۇ بۇرۇن نازىل بولغان سۈرىلەر قاتارىغا تىزىلىشى كېرەكلىكىدەك تۇيغۇ پەيدا قىلسىمۇ، پەقەت بۇ يىپ ئۇچىغا تايىنىپلا مەزكۇر سۈرىنى باشقا بىر ئورۇنغا تىزىشنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىنى مۇۋاپىق دەپ قارىمايمىز. بىزنىڭچە بۇ سۈرە ھىجرەتتىن بىر ئاز ئەۋۋەل، يەنى نۇبۇۋۋەتنىڭ 12 - يىلىدا نازىل بولغان بولسا كېرەك.
سۈرە ئىنسان ۋە ئۇنى ئوراپ تۇرغان تەبىئەت، ئېكولوگىيىلىك سىستېمىنىڭ مەنا ۋە مەقسەتتىن خالىي ئەمەسلىكىنى ئاساسىي تېما قىلغان بولۇپ، بۇ ئانا تېما سۈرىنىڭ باشلىنىشىدا ( 1 - 4، 7، 20 - 22 ) ۋە بولۇپمۇ 56 ۋە 57 - ئايەتلىرىدە روشەن ھالدا گەۋدىلەندۈرۈلگەن. بۇ ئانا تېمىنى چۆرىدىگەن ھالدا قايتىدىن تىرىلىش ۋە ئىلاھىي مەھكىمە تىلغا ئېلىنغان ( 5 - 6، 8 - 14 ). قايتىدىن تىرىلىش ھەققىتى كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان ئۆرنەك بىلەن بايان قىلىنغان:

إِنَّهُ لَحَقٌّ مِثْلَ مَا أَنَّكُمْ تَنْطِقُونَ

« سلەرگە ۋەدە قلىنغان نەرسە ئۆزۈڭلارنىڭ سۆزلەش قابىلىيىتىگە ئىگە بولغىنىڭلاردەكلا ھەقتۇر » ( 23 ).

سۈرە كىمگە / نېمىگە قارىتىلغانلىقى نامەلۇم بولغان سۈپەتلەر بىلەن باشلىنىدۇ. بۇ سۈرىدىن باشقا سافقات، مۇرسەلات، ئادىيات ۋە نازىئات سۈرىلىرىمۇ ئوخشاشلا ئىگىسى نامەلۇم بولغان سۈپەتلەر بىلەن باشلانغان. بۇ سەۋەبتىن مەزكۇر نامەلۇم شەيئى ئۆلىمالار ئارىسىدا مۇنازىرە تېمىسى بولغان. رەسۇلۇللاھتىن بۇ ھەقتە سەھىھ بىر ئىزاھات يېتىپ كەلمىگەن. بىزنىڭچە بۇ نامەلۇم ئىگە بىۋاستە ياكى ئىما يولى بىلەن ۋەھيىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ سۈرىدىمۇ ۋەھيي ئىما قىلىنغان.

سۈرىدە كەسكىن بىر تىل ئۇسلۇبى ئىشلىتىلگەن. بۇ تىل ئىنكار قىلغۇچى مۇھاتابلار بىلەن مۇئمىنلەر ئارىسىدىكى بارلىق مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئۈزۈپ تاشلانغانلىقىدىن خەۋەر بەرمەكتە:

كاززاپلارغا لەنەت بولسۇنكى، ئۇلار جاھالەتكە چۆمگەن بولۇپ، ئۆزىنىڭ بۇ ھالىدىن بىخەۋەردۇر. ئۇلار: « قىيامەت قاچان بولىدۇ؟ » دەپ سورايدۇ ( 10 - 12 ).

ھەر پەيغەمبەرگە ئوخشاش رەسۇلۇللاھمۇ ئىنسانلارنى ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتىشقا چاقىرغان بولۇپ، بۇ چاقىرىققا ئېتىراز قىلغانلارغا ۋەھيي جاۋاب بەرگەندى. سۈرىدە بۇ ھەققەت ئۆتمۈشتە ئىنكار قىلغان قەۋملەرنىڭ ھالاكىتى بىلەن قايتىدىن تىلغا ئېلىنىدۇ. مانا بۇ سەۋەبتىن لۇت قەۋمىنىڭ ھالاكىتى ئاساسىدا ھەزرىتى ئىبراھىم قىسسىسى ۋە پىرئەۋن قوشۇنىنىڭ ھالاك بولۇشى مۇناسىۋىتى بىلەن ھەزرىتى مۇسا قىسسىسى بايان قىلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا ئاد، سەمۇد ۋە نۇھ قەۋملىرىنىڭ ھالاكىتىمۇ بۇ تېما ئاساسىدا بايان قىلىنغان.

سۈرىدە، ئۆز رېئاللىقىدىن قېچىشقا ئۇرۇنغانلارغا قەيەرگە قېچىش كېرەكلىكى ھەققىدە ئېنىق مەنزىل كۆرسىتىپ بېرىلگەن:

فَفِرُّوا إِلَى اللَّهِ

« اﷲ تەرەپكە قېچىڭلار » ( 50 ).

ئىنسان ئۆزىنى ئېلىپ قاچالمايدىغان بۇ قېچىشنى بىر پاناگاھقا ئايلاندۇرماقچى بولسا، پەقەت ئاللاھ قا ئىبادەت قىلىشى ۋە ئىبادەتنى پۈتۈن ھاياتىنىڭ مەركىزىگە قويۇشى كېرەك:

وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالْإِنْسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ

« جىنلارنى، ئىنسان ( ئىرادىلىك مەخلۇق )لارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم » ( 56 ).

يەنى بارلىق كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان ۋە كۆرگىلى بولمايدىغان ھەر قانداق بىر ئىرادىلىك مەخلۇق مۇئەييەن يارىتىلىش مەنا ۋە مەقسىتىدىن خالىي ھالدا يارىتىلمىغان. تاشقى دۇنيانىڭ يارىتىلىش مەقسىتىنى بايان قىلغان بۇ سۈرىنىڭ ئاخىرقى بۆلىكىمۇ باشلىنىش بۆلىكى بىلەن ماسلاشقان ھالدا ئاخىرلاشقان. كىرىش بۆلىكىدىكى ئايەتلەر جانلىق تەسۋىر ئۇسلۇبى بىلەن كىشىنىڭ زېھنىدە چوڭقۇر ئورۇن ئالىدۇ.

سۈرىنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بالاغىتى، قۇرئاننىڭ كىتابلارغا سىغمايدىغان ھەققەتلەرنى جۈمللەرگە قانداق سىغدۇرغانلىقىنىڭ تىپىك ئۆرنەكلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن. بىر بۆلەكنىڭ ئۆزىدىلا بىر قانچە ۋاستىنى كۆرەلەيمىز. يەنى ئەقلى ھۆكۈم، يېغىنچاقلاش ۋە سېلىشتۇرۇش؛ تەكلىپ، تەشۋىق، تەمسىل، تەھدىد، ئۈرگۈتۈش، ئەيىبلەش، خۇشخەۋەر بېرىش، تەقدىرلەش، تەبرىكلەش، دارىتمىلاش، ئىزاھلاش، تەھلىل، تەپسىلى بايان قىلىش، شەرھىيلەش قاتارلىق ئۇسلۇبلارنىڭ ھەممىسىنى ئىشلىتىدۇ. بىرىنچى بۆلەك بۇنىڭغا ئۆرنەك بولالايدۇ.

## رۇم سۈرىسى

رىم - پارس ئىمپېرىيىسى ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرىۋاتقان نوپۇز دائىرىسى تالىشىش ئۇرۇشىنىڭ ئاقىۋىتىگە مۇناسىۋەتلىك مۆجىزىۋى بىر خەۋەر بايان قىلىنغان بىرىنچى ئايەتكە ئاساسەن سۈرىگە « رۇم » ئىسمى بېرىلگەن.

ئىبنى ئابباستىن نەقىل قىلىنغان بىر رىۋايەتكە ئاساسلانغاندا، سۈرە رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋرىدىلا « رۇم » ئىسمى بىلەن ئاتالغان ( تىرمىزى، تەپسىر، 3190 ).

سۈرە مەككىدە نازىل بولغان بولۇپ، بۇنى ئىمىسى ۋە ئۇسلۇبى تەستىقلايدۇ.

دەسلەپكى مەزگىلدىكى بارلىق تەرتىپلەردە ئىنشىقاق سۈرىسىنىڭ ئارقىسىغا تىزىلغان. بەزەرگان 1 - 26 ئارىسىدىكى ئايەتلەرنى پەيغەمبەرلىكنىڭ 6 - يىلىدا نازىل بولغان دەپ قارىغان. سۈرىنىڭ 17 - 18 - ئايىتى بۇ قاراشنى كۈچلەندۈرىدۇ. يەنە ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ مەككىلىك مۇشرىكلار بىلەن شەرقى رىمنىڭ كىسرا دۆلىتىنى ھامان مەغلۇپ قىلىدىغانلىقى ھەققىدە دو تىككەنلىكى ھەققىدىكى رىۋايەتلەرمۇ بۇ قاراشنى كۈچلەندۈرىدۇ ( تىرمىزى، تەپسىر، 3190 ).

بۇ يىپ ئۇچلىرىغا ئاساسەن سۈرىنى رىسالەتنىڭ 8 - يىلىغا تىزىشقا بولىدۇ. چۈنكى رۇم سۈرىسى دەسلەپكى تەرتىپلەردە ئىنشىقاق سۈرىسىنىڭ ئارقىسىغا تىزىلغان. سۈرىنىڭ نازىل بولۇش يىلىنى سۈرىدىكى بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق ئىمالار، سۈرىنىڭ مەزمۇنى، خوشنا سۈرىلەر، سىيەر رىۋايەتلىرى ۋە دەسلەپكى مەزگىلدىكى تەرتىپلەردىكى ئورنى قاتارلىقلارغا ئاساسەن پەرەز قىلغىلى بولىدۇ. بۇ يىپ ئۇچلىرىغا ئاساسلانغاندا، سۈرىنىڭ ئورنى دەۋەتنىڭ 8 - يىلىدا نازىل بولغان ئىنشىقاق سۈرىسىنىڭ ئارقىسىغا توغرا كەلمەكتە.

لېكىن، بۇ پەرەزلەرنى ئەنكەبۇت سۈرىسى رەت قىلماقتا. ئەنكەبۇت سۈرىسى دەسلەپكى تەرتىپلەرنىڭ ھەممىسىدە بۇ سۈرىنىڭ ئارقىسىغا تىزىلغان. ئەنكەبۇت سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان سۈرىلەر ئىچىدە ئارقىدىن سانىغاندا ئىككىنچى سۈرە. يەنى پەيغەمبەرلىكنىڭ 13 - يىلىغا ئائىت سۈرىدۇر. ئەگەر رۇم سۈرىسىنى ئۆزىدىن ئىلگىرىكى سۈرىگە نىسبەت بەرسەك، پەيغەمبەرلىكنىڭ 8 - يىلىغا؛ ئۆزىدىن كېيىنكى سۈرىگە نىسبەت بەرسەك، 13 - يىلىغا تىزىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، تۈنجى تەرتىپلەردە بىر مەسىلە بار. ئاللاھۇئالەم، بۇ مەسىلە رۇم سۈرىسىنىڭ ئارقىسىغا ئەنكەبۇت سۈرىسىنىڭ تىزىلىشىدۇر. چۈنكى ئەنكەبۇت سۈرىسىنىڭ ئۇ يەرگە تىزىلىشى توغرا ئەمەس، بۇ ئېنىق. دەسلەپكى تەرتىپلەردە بېرىلگەن يۇقىرىقى يىپ ئۇچىغا ئاساسەن سېلىشتۇرما يولى بىلەن تىزىلغان تەرتىپىمىزدە بۇ سۈرىدىن كېيىن ئەنكەبۇت ئەمەس، نەمل سۈرىسى كەلمەكتە. بۇنى ھەر ئىككى سۈرىنىڭ مەزمۇنى تەستىقلىماقتا. بۇ سەۋەبتىن سۈرىنى خوشنا سۈرىلىرى بولغان ئىنشىقاق ۋە نەمل سۈرىلىرى بىلەن بىرگە پەيغەمبەرلىكنىڭ 8 - يىلىغا تىزىشقا بولىدۇ.

سۈرە غەيبتىن / كېلەچەكتىن بىر خەۋەر بېرىش بىلەن باشلىنىدۇ. بۇ خەۋەر ئۆز دەۋرىدىكى ئىككى دۇنياۋى چوڭ كۈچنىڭ كۈچ سىنىشىش كۆرىشىنىڭ قانداق نەتىجە بىلەن ئاخىرلىشىدىغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

بۇ كۈچلەر ھىراقلىس ھۆكۈمدارلىقىدىكى رىم ۋە 1- خۇسرەۋ ھۆكۈمدارلىقىدىكى پارس دۆلىتى ئىدى. بىر ئەسىردىن بۇيان بىر - بىرىنىڭ نوپۇز دائىرىسىگە كۆز تىكىپ كەلگەن بۇ ئىككى كۈچ كەسكىن بىر نەتىجىگە ئېرىشەلمەي كەلگەنىدى. دەل بۇ مەزگىلدە پارسلار رىملىقلار ئىچىدىكى ئىچكى نىزالاردىن پايدىلىنىپ ھۇجۇمغا ئۆتتىدۇ ۋە ئالدىغا چىققان ھەممە نەرسىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋېتىدۇ. پارس قوشۇنى مىلادى 613 - يىلى سۈرىيە ( شام )نى رىملىقلاردىن تارتىۋالىدۇ. 614 - يىلى پەلەستىن ( قۇددۇس )نى، 615 - 616 - يىلىدا رىمغا قاراشلىق بولغان مىسىر دۆلىتىنى رىم ئىمپېرىيىسىدىن تارتىۋالىدۇ. بۇ پارس ئېقىنىدا ئانادولۇمۇ باشتىن ئاياغ پارسلارنىڭ قولىغا ئۆتىدۇ. ھەتتا رىمنىڭ پايتەختى كونستانتىنپولىس ( ئىستانبۇل ) پارسلار تەرىپىدىن مۇھاسىرىگە ئېلىنىپ، پارسلار رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ مەركىزىگىچە قىستاپ كەلگەنىدى.

رىم ئىمپېرىيىسى يىقىلىپ قالغۇدەك ھالغا كېلىپ قالغان بولۇپ، ئىمپېراتور ھىراقلىس كونستانتىنپولىستىن قارتاجاغا قاچماقچى بولىدۇ. مۇشۇنداق ئېغىر ئەھۋالدا قالغان رىم، پارسلار بىلەن خورلۇقلا تولغان بىر قاتار

سۇلھىلەرنى تۈزىدۇ. بۇ سۇلھ شەرتلىرى ئىچىدە خورلىغۇچى شەرتلەر قەستەن قوشۇلغان بولۇپ، پارس ھۆكۈمدارى 1- خۇسرەۋ، رىم ھۆكۈمدارىنى خارلاش ئۈچۈن ئۇنى ئوتقا چوقۇنۇشقا بۇيرۇيدۇ.

بۇ خەۋەرلەر مەككىگە يېتىپ كەلگەندە مۇشرىكلار خۇشال بولغان، مۇئمىنلەرنىڭ كۆڭلى غەش بولغانىدى. چۈنكى مۇشرىكلار ئۆزلىرىنى مەجۇسى كىسراغا يېقىن دەپ بىلەتتى. مۇئمىنلەر بىر كىتاب ئەھلى بولغان خىرىستىيان ئېتىقادىغا ئىگە ھىراقلىسنىڭ تەرىپىنى تۇتقانىدى.

مەككە مۇشرىكلارنىڭ پارسلار تەرىپىدە تۇرۇشىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىدە، مەككىدىكى سىياسىي نوپۇز تالىشىش كۆرىشى ياتماقتا ئىدى. مەككىدىكى قەبىلىلەر مۇتايىيىبىن ۋە ھەلىف دەپ بىر - بىرىگە رەقىپ ئىككى تەرەپكە ئايرىلغانىدى. ئۇمەييە ئوغۇللىرى ۋە مەھزۇم ئوغۇللىرىدىن ئىبارەت جەبەرۇت ( قەبىھ، ۋەھشى ) قەبىلىلەردىن تەركىپ تاپقان مۇتەيىيبىن گۇرۇپپىسى پارسلار بىلەن ئىتتىپاقداش بولۇپ، بەنى ھاشىم ۋە بەنى ئادىي قاتارلىق نىسبەتەن ئاجىز قەبىلىلەردىن تەشكىللەنگەن ھەلىف گۇرۇپپىسى رىم ۋە ئۇنىڭ رايوندىكى ئىتتىپاقدىشى بولغان ھەبەش خانلىقى تەرەپتە تۇرغانىدى.

سۈرىنىڭ باشلىنىشىدا ئىما قىلىنغان تارىخى ئارقا كۆرۈنۈش يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەندەك ئىدى.

رۇم سۈرىسى، مەدەنىيەتلەرنىڭ قىيامىتىگە ئىما قىلغان ھالدا باشلىنىدۇ ۋە كائىنات قىيامىتى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

مۇقاتىتائا ھەرپىلىرىدىن كېيىن كەلگەن ئايەت كېلەچەك بىلەن مۇناسىۋەتلىك بۇ خەۋەرنى بايان قىلىدۇ:

غُلِبَتِ الرُّومُ (2) فِي أَدْنَى الْأَرْضِ وَهُمْ مِنْ بَعْدِ غَلَبِهِمْ سَيَغْلِبُونَ (3) فِي بِضْعِ سِنِينَ لِلَّهِ الْأَمْرُ مِنْ قَبْلُ وَمِنْ بَعْدُ وَيَوْمَئِذٍ يَفْرَحُ الْمُؤْمِنُونَ (4) بِنَصْرِ اللَّهِ يَنْصُرُ مَنْ يَشَاءُ وَهُوَ الْعَزِيزُ الرَّحِيمُ (5)

« رۇملۇقلار يېقىن بىر جايدا يېڭىلدى، ئۇلار يېڭىلگەندىن كېيىن بىر قانچە يىل ئىچىدە يېڭىدۇ، ئىلگىرى ۋە كېيىن ھەممە ئىش اﷲ نىڭ باشقۇرۇشىدىدۇر، بۇ كۈندە مۇئمىنلەر اﷲ نىڭ بەرگەن ياردىمى بىلەن خۇشال بولىدۇ، اﷲ خالىغان كىشىگە ياردەم بېرىدۇ، اﷲ غالىبتۇر، (مۇئمىنلەرگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر » ( 2ـ5 ).

بۇ ئايەت نازىل بولغان ۋاقىتتا، پارس قوشۇنى پۈتۈن رىم دۆلىتىنى باشتىن ئاياغ تالان - تاراج قىلغان ۋە ئۇنىڭ پايتەختىگە يېقىنلاپ كەلگەنىدى. بۇنداق بىر ئەھۋالدا رىملىقلارنىڭ غالىپ كېلىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ھېچقانداق مەنتىقلىق بىر ئىزاھاتى يوق بولۇپ، بەشەرى چۈشەنچە ۋە رېئاللىق رىملىقلارنىڭ ئورنىدىن قايتا تۇرالمايدىغانلىقىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى. لېكىن ۋەھيي بۇ چوڭ خەۋەرنى بەرگەن ۋە سۈرىدە فى بىدى شىنىن ( ئۈچ - توققۇز يىل ئارىسىدا ) دېگەنىدى. دەرۋەقە، قۇرئاننىڭ بىشارىتى ئىنسان تەخمىنلىرىنى پۈتۈنلەي ئاستىن - ئۈستىن قىلغان ھالدا رېئاللىققا ئايلانغانىدى. رىم قوشۇنى مىلادى 624 - يىلى پارس دىنى تۇغۇلغان شەھەردە ( ئەزەربەيجاندا ) پارس قوشۇنىنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراتتى ۋە مەجۇسى ئىبادەتخانىلىرىنى يەر بىلەن يەكسان قىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ رىم ئارقىمۇ - ئارقا غەلىبە قىلىشقا باشلىدى. بەدىر غازىتى بىلەن ئوخشاش بىر تارىخقا توغرا كەلگەن ( 627 ) نىنوۋا ( باغدات ئەتراپى ) ئۇرۇشىدا رىم قوشۇنى پارسلارغا ئەجەللىك بىر زەربە بەردى. 628 - يىلى پارس ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى قولدىن كەتتى. 1 - خۇسرەۋ تەخت تالىشىش كۆرىشى نەتىجىسىدە تەختتىن چۈشۈرۈلدى ۋە 18 ئوغلى قەتلى قىلىنىپ، ئۆزى زىنداندا ئۆلدى. قۇرئان كېلەچەكتىن ئالدىن بەرگەن خەۋەر مانا مۇشۇنداق رېئاللىققا ئايلاندى. بۇ ئاللاھ نىڭ ۋەدىسى ئىدى:

وَعْدَ اللَّهِ لَا يُخْلِفُ اللَّهُ وَعْدَهُ وَلَكِنَّ أَكْثَرَ النَّاسِ لَا يَعْلَمُونَ (6) يَعْلَمُونَ ظَاهِرًا مِنَ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَهُمْ عَنِ الْآخِرَةِ هُمْ غَافِلُونَ (7)

« اﷲ (ئۇلارنى غالىب قىلىدىغانلىقىنى) ۋەدە قىلدى. اﷲ ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ، لېكىن كىشىلەرنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ. ئۇلار پەقەت ھاياتىي دۇنيانىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنىلا بىلىدۇ، ئۇلار كۆرۈنمەس باقى ئالەمدىكى ھاياتتىن غاپىلدۇر » ( 6 - 7 ).

سۈرە بۇ نۇقتىدىن باشلاپ مۇھاتابىنىڭ ئەڭ خار قىلغۇچى ۋە ئەڭ يېقىن بولغان ئۆتكۈنچى دۇنيا ھاياتىنىڭ كىشىنى ئالدايدىغان تاشقى كۆرۈنۈشىگە مەركەزلىشىپ قالغان دىققىتىنى ئەبەدىي بولغان تەرەپكە ئاغدۇرىدۇ ( 8 ).

سۈرىدە مۇھاتابلىرىنى تارىختىن ئىبرەت ئېلىشقا چاقىرىدۇ:

« ئۇلار يەر يۈزىدە كېزىپ ئۆزلىرىدىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆزەتمىدىمۇ؟ » ( 9 ).

ئاخىرەت دۇنيا ھاياتىنىڭ روھىدۇر. شۇڭا سۆز قايسى زامان ياكى قايسى ماكاندىن باشلىنىشتىن قەتئىينەزەر، ئايلىنىپ كېلىپ ئاخىرەتتە توختايدۇ. چۈنكى ئاخىرەت ئاداققى نىشاندۇر، دۇنيا ئۆتەڭدۇر. بۇ سۈرىدىمۇ بۇ قانۇنىيەت ئۆزگەرمەيدۇ، ئاخىرقى سائەت تىلغا ئېلىنغان ئايەتلەر ئىنسانغا دۇنيادىكى ھاياتىنىڭ ئۆتكۈنچى ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىدۇ ( 11 ـ 16 ).

سۈرىنىڭ ئانا تېمىسى، يارىتىلغانلار ئالەمى مەنسۇپ بولغان « بارلىققا كېلىش ۋە يوقۇلۇش » قانۇنىدۇر:

يُخْرِجُ الْحَيَّ مِنَ الْمَيِّتِ وَيُخْرِجُ الْمَيِّتَ مِنَ الْحَيِّ وَيُحْيِي الْأَرْضَ بَعْدَ مَوْتِهَا وَكَذَلِكَ تُخْرَجُونَ

« اﷲ جانسىز نەرسىلەردىن جانلىق نەرسىلەرنى چىقىرىدۇ، جانلىق نەرسىلەردىن جانسىز نەرسىلەرنى چىقىرىدۇ، ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرىدۇ (يەنى قۇرغاق زېمىننى ئۈسۈملۈكلەر بىلەن كۆكەرتىدۇ)، سىلەرمۇ مۇشۇنداق تىرىلدۈرۈلىسىلەر » ( 19 ).

يىگانىلىق، يالغۇزلۇق ياراتقۇچى ئاللاھ قا، جۈپ بولۇش يارىتىلغان مەخلۇققا خاستۇر. ئىنسان يارىتىلغان بولغاچقا، ئۇنىڭ بىر جۈپ بولۇشى تەبىئىتىنىڭ تەقەززاسىدۇر. ئەر ۋە ئايال بىر ـ بىرى ئۈچۈن پالاكەت ئەمەس ئەكسىچە سۈكۈنەتتۇر. رەسۇلۇللاھنىڭ ئىپادىسى بويىچە « ئائىلە ئىنسانىنىڭ دۇنيادىكى جەننىتىدۇر ». ئەر ـ ئايال بىرلىكىنىڭ سۈكۈنەت بولالىشى ئۈچۈن ئىككى نەرسە شەرت، يەنى سۆيگۈ ۋە مېھرى ـ مۇھەببەت. ئەگەر بۇ ئىككىسى مەۋجۇد بولسا، ئۇ ئائىلىدە ھوزۇر ۋە سائادەت بار دېگەنلىكتۇر. تۆۋەندىكى ئايەت بۇ ھەقىقەتنى بايان قىلماقتا:

وَمِنْ آيَاتِهِ أَنْ خَلَقَ لَكُمْ مِنْ أَنْفُسِكُمْ أَزْوَاجًا لِتَسْكُنُوا إِلَيْهَا وَجَعَلَ بَيْنَكُمْ مَوَدَّةً وَرَحْمَةً إِنَّ فِي ذَلِكَ لَآيَاتٍ لِقَوْمٍ يَتَفَكَّرُونَ

« يەنە سىلەر ئۈچۈن ھوزۇر ۋە ئۇنسى ـ ئۇلپەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن ( اﷲ نىڭ ) ئۆز تىپىڭلاردىن ھەمراھلار ياراتقانلىقى، ئاراڭلاردا ( يەنى ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدا ) مېھر ـ مۇھەببەت ئورناتقانلىقى اﷲ نىڭ ( كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان ) ئالامەتلىرىدىندۇر، پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن، شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار » ( 21 ).

ئىنسانلارنىڭ نەسەبى، قەبىلىسى، رەڭگى، تىلى قاتارلىق ئوخشاشماسلىقلار بىر « تەپرىقە » مەسىلىسى سۈپىتىدە قارالماسلىقى كېرەك. ئاللاھ نىڭ بۇ پەرقلەرنى يارىتىشى ئۇنىڭ ئايەتلىرىدىندۇر. ئىنسانلارنىڭ بۇ پەرقلەر بىلەن ئۆزىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇتۇشقا ئورۇنغانلىقى ئاللاھ نىڭ ئايەتلىرىنى سۇئىستىمال قىلغانلىق بولىدۇ. بۇ ئوخشاشماسلىقلارنى بالايى ـ ئاپەت ئەمەس، بىر نېمەت سۈپىتىدە تونۇشتۇرغان تۆۋەندىكى ئايەتكە قاراپ باقايلى:

وَمِنْ آيَاتِهِ خَلْقُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَاخْتِلَافُ أَلْسِنَتِكُمْ وَأَلْوَانِكُمْ إِنَّ فِي ذَلِكَ لَآيَاتٍ لِلْعَالِمِينَ

« اﷲ نىڭ ئاسمانلارنى، زېمىننى ياراتقانلىقى، تىللىرىڭلارنىڭ، رەڭگىلىرىڭلارنىڭ خىلمۇخىل بولۇشى اﷲ نىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر، بۇنىڭدا بىلىملىك كىشىلەر ئۈچۈن ھەقىقەتەن نۇرغۇن ئالامەتلەر بار » ( 22 ).

پەقەت رەڭلەر ۋە تىللارنىڭ پەرقلىق بولۇشىلا ئايەت بولۇپ قالماستىن، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭمۇ ئاللاھ بەلگىلىگەن قانۇن بىلەن مەۋجۇت بولۇشى ئاللاھ نىڭ ئايىتىدۇر ( 25 ).

ئۆسۇم بىلەن مۇناسىۋەتلىك تۆنجى ئايەت بۇ سۈرىدە تىلغا ئېلىنغان:

وَمَا آتَيْتُمْ مِنْ رِبًا لِيَرْبُوَ فِي أَمْوَالِ النَّاسِ فَلَا يَرْبُو عِنْدَ اللَّهِ وَمَا آتَيْتُمْ مِنْ زَكَاةٍ تُرِيدُونَ وَجْهَ اللَّهِ فَأُولَئِكَ هُمُ الْمُضْعِفُونَ

« شۇنى ( ئوبدان بىلىپ قېلىڭلاركى ) كىشىلەرنىڭ پۇل ـ مېلى ئىچىدە كۆپەيسۇن دەپ ئۆسۇم بىلەن بەرگەن پۇل ـ مېلىڭلار اﷲ نىڭ دەرگاھىدا سىلەر ئۈچۈن بىر پايدا ئېلىپ كەلمەيدۇ. اﷲ نىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ بەرگەن ئىقتىسادىي مەجبۇرىيىتىڭلار بار. مانا بۇ مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلغانلار ئاللاھ نىڭ دەرگاھىدا ئالىدىغان مۇكاپاتلىرىنى قاتمۇ ـ قات كۆپەيتكەنلەردۇر » ( 39 ).

ئىنسانلار بەرپا قىلغان مەدەنىيەتلەرمۇ خۇددى تەبىئەتكە ئوخشاش بۇ قانۇن دائىرىسى ئىچىدە پەيدا بولىدۇ ۋە يوقىلىدۇ ( 40 ـ 50 ).

بۇ پەيدا بولۇش ۋە يوقىلىش ئالىمىدە، ئىنساننىڭ ئۆزگىچە بىر ئورنى بار. بۇ ئاللاھ تەرىپىدىن ئىنساننىڭ ئۆزلىكىگە كەشتىلەنگەن « فىترەت » سايىسىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ بۇزۇلماي مۇھاپىزە قىلىنىشى ۋەھيي بىلەن بەرپا قىلىنىدىغان بىر ئۇستقۇرۇلما بىلەن مۇناسىۋەتلىك. قۇرئاندا پەقەت بۇ سۈرىدىلا تىلغا ئېلىنغان ۋە فىترەت ئايىتى دەپ بىلىنىدىغان ئايەت تۆۋەندىكىچە:

فَأَقِمْ وَجْهَكَ لِلدِّينِ حَنِيفًا فِطْرَةَ اللَّهِ الَّتِي فَطَرَ النَّاسَ عَلَيْهَا لَا تَبْدِيلَ لِخَلْقِ اللَّهِ ذَلِكَ الدِّينُ الْقَيِّمُ وَلَكِنَّ أَكْثَرَ النَّاسِ لَا يَعْلَمُونَ

« بارلىقىڭنى ھەر خىل ئازغۇنلۇقلاردىن يىراقلاشتۇرغان ھالدا پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭ بىلەن توغرا ۋە ئەسلى دىنغا، ئاللاھ نىڭ ئىنسانىيەتنىڭ ئۆز كىملىكىگە يارىتىلىشتىلا نەقىش قىلىپ ئويۇۋەتكەن فىترەتكە يۈزلەندۈرگىنكى، ئاللاھ نىڭ ياراتقىنىدا سەلبىي بىر ئۆزگىرىش مەيدانغا كەلمىسۇن. مانا بۇ توغرا دىنىنىڭ مەقسىتىدۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى بىلمەيدۇ » ( 30 ).

سۈرە ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ كۈشكۈرتىشلىرىنىڭ ئۆرنەكلىرىنى بايان قىلىدۇ ( 58 ) ۋە تۆنجى مۇھاتابىنىڭ بۇ قىلتاقىقا چۈشۈپ، ھەر قانداق شەكىلدە كۈچ ئىشلىتىپ ئىنكاس قايتۇرۇشتىن توسىدۇ. بۇ ئىلاھى تەۋسىيە بولۇپمۇ رەسۇلۇللاھقا قارىتىلغاندى. چۈنكى ئۇزۇن داۋام قىلغان مۇخالىپەتلىك يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەن، ھاكىمىيەت ئۇپۇقتا كۆرۈنگەندى. مەدىنە يولدا، مەدىنىنىڭ ئەڭ مۆتىۋەر شەخسى مەدىنە يولىغا راۋان بولۇش ئالدىدا ئىدى. ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ھەرىكەت قىلماسلىق، تەمكىنلىك بىلەن ھەرىكەت قىلىش كېرەك ئىدى. چۈنكى كۈچكە ئىگە بولغاندا ئۇنىڭغا سەبىر قىلىش، مۇخالىپەت بولۇپ سەبىر قىلىشتىن تېخىمۇ قىيىن. كۈچ / ھاكىمىيەت بىلەن ئېمتىھان، كۈچ ۋە مال ـ مۈلۈك بىلەن ئېمتىھاندۇر. كۈچ ۋە بىساتقا سەبىر قىلىش ھەر قانداق كىشى قىلالايدىغان ئىش ئەمەس:

فَاصْبِرْ إِنَّ وَعْدَ اللَّهِ حَقٌّ وَلَا يَسْتَخِفَّنَّكَ الَّذِينَ لَا يُوقِنُونَ

« سەۋر قىلغىن، اﷲ نىڭ ۋەدىسى ھەقىقەتەن رېئاللىققا ئايلىنىدۇ. ( ئۆز دېگەن سۆزلىرىگە ) چىن دىلىدىن ئىشەنمەيدىغانلارنىڭ ئېغىۋاگەرچىلىكى سېنى باشباشتاقلىققا ۋە خۇدىڭنى بىلمەستىن بىر ئىنكاس قايتۇرۇشقا ئېلىپ بارمىسۇن » ( 60 ).

## ئەنكەبۇت سۈرىسى

سۈرە، 41 ـ ئايەتتىكى « چىشى ئۆمۈچۈك تورى » مىسالى ۋەسىلىسى بىلەن « ئەنكەبۇت » سۈرىسى دەپ ئاتالغان. ئىكرىمەنىڭ بايان قىلىشىچە، ھىجر 95 ـ ئايەت مۇشرىكلارنىڭ بۇ سۈرىنىڭ ئىسمىنى مەسخىرە قىلىشى سەۋەبىدىن نازىل بولغان.

سۈرىنىڭ مەككە ياكى مەدىنىدە نازىل بولغانلىقى ھەققىدە پەرقلىق قاراشلار مەۋجۇت. بۇلارنى مۇنداق تۆت نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1. مۇتلەق كۆپ سانلىق مەككىدە نازىل بولغان دەپ قارايدۇ.
2. ئىبن ئابباسنىڭ ئىككى قارىشىدىن بىرسى ۋە قاتادەگە كۆرە سۈرە پۈتۈنلەي مەدىنىدە نازىل بولغان.
3. شابى، 2 ـ ۋە 3 ـ ئايەتلەر مەدىنىدە، « مۇسۇلمان بولدۇق » دەپ ھىجرەتكە ياندىشمىغانلار ھەققىدە نازىل بولغان ( تابارى ۋە ۋاھىدى ). باشتىكى 11 ئايەت مەدىنىدە، قالغان ئايەتلەر مەككىدە نازىل بولغان ۋەياكى بۇنىڭ دەل ئەكسىچە بولغان دەپ قارايدىغانلارمۇ بار.
4. ھەزرىتى ئەلىگە ئاساسلانغاندا، مەككە ـ مەدىنە ئارىسىدا نازىل بولغان يول سۈرىسىدۇر.

سۈرىنىڭ مەزمۇنى نەزەردە تۇتۇلغاندا، مەككە دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ياكى ھىجرەت ۋە ئۇنىڭدىن ئۇزۇن ئۆتمىگەن بىر مەزگىل ئىچىدە نازىل بولغانلىقىنى ئېيتىشقا بولىدۇ. سۈرىنىڭ نازىل بولۇشىنى ھەبەشىستان ھىجرىتىگىچە بولغان دەۋرگىچە ئىلگىرى سۈرگەنلەرمۇ بولغان. لېكىن 8 ـ ئايەت ئىسرا 23 ـ 25 ـ ئايىتىنى ئىما قىلغانلىقى ئۈچۈن بۇ قاراش توغرا ئەمەس. دەسلەپكى تەرتىپلەردە رۇم ۋە مۇتەففىفىن سۈرىسى ئارىسىغا يەرلەشتۈرۈلگەن. ئەنكەبۇت مەككىدە نازىل بولغان ئاخىرقى سۈرە مۇتەففىفىن سۈرىسى بىلەن بىر ۋاقىتتا ياكى ئارقىدىنلا نازىل بولغان. نۇھ قىسسىسىنىڭ بۇ سۈرىدىكى شەكلى مەككىدە زۇلۇم كۆرگەن مۇسۇلمانلارغا تەسەللىي بەرمەكتە.

سۈرىنىڭ بىرىنچى ۋە ئاخىرقى ئايەتلىرى مۇھىم ئايەتلەر بولۇپ، بەلكى قۇرئان سۈرىلىرى ئىچىدە ئەڭ تەسىرلىك بىرىنچى ۋە ئاخىرقى ئايەتلەر بۇ سۈرىدە ئورۇن ئالغان دېيىشكە بولىدۇ. سۈرە مۇقاتتائا ھەرپلىرىدىن كېيىن تۆۋەندىكى ئايەت بىلەن باشلانغان:

أَحَسِبَ النَّاسُ أَنْ يُتْرَكُوا أَنْ يَقُولُوا آَمَنَّا وَهُمْ لَا يُفْتَنُونَ

ئىنسانلار « ئىمان ئېيتتۇق » دەپ قويۇش بىلەنلا سىنالماي تەرك ئېتىلمىز دەپ ئويلامدۇ؟ ( 2 ).

بۇ، قۇرئان نازىل بولۇش جەريانىدا مۇناپىقلار تىلغا ئېلىنغان تۇنجى سۈرىدۇر ( 3، 10 ـ 13 ). سۈرە بىۋاستە مۇھاتابىنىڭ يۈرىكىگە خىتاب قىلىدىغان بولۇپ، بۇ سۈرىمۇ باشقا سۈرىلەرگە ئوخشاش بىۋاستە ھالدا مۇھاتابىغا تەسىر كۆرسىتىشنى مەقسەت قىلماقتا. بۇ نۇقتىدا « تەسىر كۆرسىتىپ نېمە قىلماقچى؟ » دېگەن سوئال ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. « ئەگەر تەسىرىگە ئۇچرىسا » شۇنىڭغا ماس ھالدا بەشەرنى ئىنسانغا ئايلاندۇرىدۇ. تەسىر كۆرسەتكەن دەرىجىدە ئىنساننى ئۆزىگە قايتۇرىدۇ. تەسىر كۆرسەتكەن دەرىجىدە ئىنسانغا شادلىق بېغىشلايدۇ. ھەممىدىن مۇھىمى، ئۇچرىغان تەسىرىگە ماس ھالدا يارىتىلىش مەقسىتىگە يېقىنلىشىدۇ:

وَمَنْ جَاهَدَ فَإِنَّمَا يُجَاهِدُ لِنَفْسِهِ إِنَّ اللَّهَ لَغَنِيٌّ عَنِ الْعَالَمِينَ

« كىمكى ( يارىتىلىش مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ) پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسەتسە، ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن تىرىشقان بولىدۇ. اﷲ ھەقىقەتەن تامامى ئەھلى جاھاندىن بىھاجەتتۇر » ( 6 ).

ئاتا ـ ئانا بىلەن مۇناسىۋەتلىك تېمىنى تەشكىل قىلغان ئىسرا سۈرىسىدىكى باياناتلاردىن كېيىن، لوقمان سۈرىسى 14 ـ 15 ـ ئايەتلەر ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ سۈرىنىڭ 8 ـ ئايىتى كەلمەكتە. بۇ ئايەتتە، ئىسرا سۈرىسىدىكى « " ئۇف " چاغلىق بىر سۆزنىمۇ قىلما! » ئايىتىنى سۇيئىستىمال قىلماقچى بولغان ئىنكارچى ئاتا ـ ئانىغا قانداق مۇئامىلە قىلىش ھەققىدە يوليورۇق كۆرسىتىلگەن: « ئەگەر ئاتا ـ ئاناڭ سېنى سەن بىلمەيدىغان نەرسىنى ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىسا، ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن » ( 8 ).

سۈرىدە ھەزرىتى نۇھنىڭ قەۋمىگە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىلگەنلىكى تىلغا ئېلىنغان ( 14 - 15 ). « 50 يىل كەم 1000 يىل ( ئەلفە سەنەتىن ئىللا خامسىنە ئامەن ) » مەجاز ئۇسلۇبى بۇ سۈرىدە ئورۇن ئالىدۇ. بۇ ئارقىلىق بىر تەرەپتىن رەسۇلۇللاھقا تەسەللى بېرىشنى، يەنە بىر تەرەپتىن ئىنكارچىلارنى ئاگاھلاندۇرۇشنى مەقسەت قىلماقتا.

ئاندىن ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ ئۆز قەۋمىگە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىلىشى بايان قىلىنىدۇ ( 16 - 27 ). بۇ بۆلەكتە ئىلاھى تەۋسىيەنىڭ ئورۇن ئېلىشى كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ: « زېمىندا سەير قىلىڭلار، اﷲ نىڭ مەخلۇقاتىنى قانداق قىلىپ (يوقتىن) بار قىلغانلىقىغا قاراڭلار » دېگىن ( 20 ). بەزى بەشەرى بىلىملەرگە قارىتا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق تەرغىپ بولامدۇ؟

سۈرىدە ھەزرىتى لۇتنىڭ قەۋمىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەنلىكىمۇ تىلغا ئېلىنغان ( 28 - 35 ) بولۇپ، باشقا ئىنكارچىلارنىڭمۇ مەدىيەن، ئاد ۋە سەمۇد دۇچار بولغان ئاقىۋەتكە قالغانلىقى قەيت قىلىنغان.

سۈرىدە قەسەس سۈرىسىدە بايان قىلىنغان قارۇن - پىرئەۋن - ھاماندىن ئىبارەت ئۈچ ئوبراز تىلغا ئېلىنغان قىسسە تەكرار بايان قىلىنغان. ئەمما بۇ سۈرىدە مەزكۇر ئۈچ ئوبراز بىر يەردە تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، زۇلۇمنىڭ ئۈچ خىل ھالىتى بۇ ئۈچ ئوبراز ئارقىلىق تەسۋىرلەنگەن. قىسسەدە ئاللاھ نىڭ ئىمانىنىڭ بەدىلىنى ئۆتىگەن ئەلچىلەرگە قىلغان ياردىمى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. بۇ ئارقىلىق رىسالەت مىراسىنى زىممىسىگە ئالغۇچىلارنى ئىددىيە جەھەتتىن تەييارلاشنى مەقسەت قىلغان.

نامازنىڭ مەقستىگە مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەردىن بىرسى بۇ سۈرىدە تىلغا ئېلىنغان:

اتْلُ مَا أُوحِيَ إِلَيْكَ مِنَ الْكِتَابِ وَأَقِمِ الصَّلَاةَ إِنَّ الصَّلَاةَ تَنْهَى عَنِ الْفَحْشَاءِ وَالْمُنْكَرِ وَلَذِكْرُ اللَّهِ أَكْبَرُ وَاللَّهُ يَعْلَمُ مَا تَصْنَعُونَ

« ( ئى بۇ خىتابنىڭ مۇھاتابى! ) ساڭا ۋەھيى قىلىنغان كىتابقا ئەگەشكىن ۋە ( باشقىلارغا ) يەتكۈزگىن، نامازنى ( تەئدىل ئەركان بىلەن ) ئوقۇغىن، ( لايىقىدا ئادا قىلىنغان ) ناماز ھەقىقەتەن ( ئىنساننى ) قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسىدۇ، اﷲ نى ياد ئېتىش، ئاللاھنىڭمۇ سىلەرنى ياد ئېتىشى ھەقىقەتەن ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر، اﷲ قىلىۋاتقان ( ھەممە ) ئىشىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ » ( 45 ).

بۇ سۈرىدە باشقا دىن ۋە چۈشەنچىدە بولغانلار بىلەن مۇنازىرە قىلغاندا، رىئايە قىلىش زۆرۈر بولغان ئۇسلۇب ۋە مېتودقا مۇناسىۋەتلىك تەلىماتلار بايان قىلىنغان:

وَلَا تُجَادِلُوا أَهْلَ الْكِتَابِ إِلَّا بِالَّتِي هِيَ أَحْسَنُ إِلَّا الَّذِينَ ظَلَمُوا مِنْهُمْ وَقُولُوا آمَنَّا بِالَّذِي أُنْزِلَ إِلَيْنَا وَأُنْزِلَ إِلَيْكُمْ وَإِلَهُنَا وَإِلَهُكُمْ وَاحِدٌ وَنَحْنُ لَهُ مُسْلِمُونَ

ئەھلى كىتاب بىلەن پەقەت ئەڭ چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلىشىڭلار، زۇلۇم قىلمىغىچە ئۇلارغا ياخشى ئۇسلۇب ۋە مېتودلار بىلەن مۇئامىلە قىلىڭلار ۋە ئېيتىڭلاركى: « بىز بىزگە نازىل قىلىنغان كىتابقا ۋە سىلەرگە نازىل قىلىنغان كىتابقا ئىمان ئېيتتۇق، سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار ۋە بىزنىڭ ئىلاھىمىز بىردۇر، بىز پەقەت اﷲ قا بويسۇنغۇچىلارمىز » ( 46 ).

ئاندىن سۆز ۋەھيىنىڭ ئىلاھىي مەنبەسىگە كەلتۈرۈلىدۇ ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ بۇرۇندىن تارتىپ ساۋادسىنىڭ يوق ئىكەنلىكى تەكىتلىنىدۇ ( 48 - 51 ).

ئىنكارچى قەۋمنىڭ مۆجىزە تەلەپ قىلىشى بۇ سۈرىدە تەكرار بايان قىلىنغان. « رەببى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا بىر مۆجىزە بېرىلىشى كېرەك ئەمەسمۇ؟ » دېگەن ئىنكارچى قەۋم كۆز ئالدىدىكى ئەڭ چوڭ مۆجىزە بولغان قۇرئاننى كۆرەلمىگەن ياكى مۆجىزە دەپ قاراشنى خالىمىغاندى. ئۇلارغا بېرىلگەن جاۋاب شۇ زېھنىيەتنىڭ كۇنىمىزدىكى سارقىندىلىرىغىمۇ بېرىلگەن جاۋابتۇر:

أَوَلَمْ يَكْفِهِمْ أَنَّا أَنْزَلْنَا عَلَيْكَ الْكِتَابَ يُتْلَى عَلَيْهِمْ

« بىزنىڭ ساڭا تىلاۋەت قىلىنىپ تۇرىدىغان كىتابنى نازىل قىلغانلىقىمىز ئۇلارغا ( مۆجىزە بولۇشقا ) كۇپايە قىلمىدىمۇ؟ » ( 51 ).

شۇنداق، كۇپايە قىلمىدىمۇ؟ ئى مۇھاتاب! ئاللاھ كالامى ۋاستىسى بىلەن سەندىن سوراۋاتىدۇ. بۇ سوئالنى ماڭا دەۋاتىدۇ دەپ بىل، ئۆزەڭگە ئال، بۇ سوئالنى ئارقاڭغا چۆرىۋەتمە! ۋە چىن دىلىڭدىن بۇ سوئالغا جاۋاب بەر:

بۇ قۇرئان مۆجىزە سۈپىتىدە ساڭا يېتەرلىكمۇ ـ يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟ يېتەرلىك بولمىغان بولسا، نېمە ئۈچۈن يېتەرلىك ئەمەس؟ ئەگەر قۇرئان بىر مۇئمىنگە يېتەرلىك بولمايدىغان بولسا، ئالەملەرنىڭ رەببى بۇ سوئالنى قويامتىمۇ؟ دېمەك، قۇرئان بىر مۇئمىنگە مۆجىزە سۈپىتىدە كۇپايە قىلىشى كېرەك، ھەتتا يېتەرلىكتۇر. ئەگەر ساڭا يېتەرلىك بولمىغان بولسا، ئاللاھ تىن يەنە قانداق مۆجىزە تەلەپ قىلىسەن؟ سەن مۆجىزە تەلەپ قىلدىڭ، ئاللاھ ساڭا بۇ جاۋابنى بەردى. بۇ جاۋابقا قانائەتلەنمىگەن كىشىگە نېمە كۇپايە قىلىدۇ؟

« ساڭا ئىبادەت قىلماقچى ئىدىم، لېكىن يېرىڭ تار كەلدى » دېگۈچىلەرگە سۈرىدە مۇنداق جاۋاب بېرىلگەن:

يَا عِبَادِيَ الَّذِينَ آمَنُوا إِنَّ أَرْضِي وَاسِعَةٌ فَإِيَّايَ فَاعْبُدُونِ

« ئى ئىمان ئېيتقان بەندىلىرىم! مېنىڭ زېمىنىم ھەقىقەتەن كەڭدۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار » ( 56 ).

بۇ ئايەتتىن كېيىن « ھەر بىر جاندار ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىدۇر، ئاندىن بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتۇرۇلىسىلەر » ( 57 ) دېگەن ئايەت بىلەن ھەممىمىزنىڭ ئاقىۋىتىمىز ئەسلىتىلگەن. ئۆلۈمنى ئەسلەش دۇنياغا بېرىلىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن شەرت. دۇنياغا بېرىلىپ كېتىش يەككە دۇنيا چۈشەنچىسى بىلەن ياشاشتۇر. يەككە دۇنيالىق بولغانلار ئۈچۈن بۇ دۇنيا ئۇلار ئويناپ يۈرگەن باللار باغچىسىدۇر:

وَمَا هَذِهِ الْحَيَاةُ الدُّنْيَا إِلَّا لَهْوٌ وَلَعِبٌ وَإِنَّ الدَّارَ الْآَخِرَةَ لَهِيَ الْحَيَوَانُ لَوْ كَانُوا يَعْلَمُونَ

« ئەگەر ( ئەقلىنى ئىشلەتسە ) دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت ئۆتكۈنچى ئويۇن ـ كۈلكە ۋە غەپلەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس ( ئىككەنلىكىنى بىلەتتى )، شۈبھىسىزكى، ھاياتنىڭ يەنە بىر تەرىپى بار بولۇپ، مانا بۇ ھەقىقى ھاياتتۇر، كاشكى ئۇلار بۇنى بىلىپ يەتكەن بولسا » ( 64 ).

ئۇلار ئەقىل جەھەتتىن دائىم بالا ھالىتىدە قالىدۇ، چوڭ بولمايدۇ. بىئولوگىيىلىك جەھەتتىن چوڭ بولۇپ، ئەقىل جەھەتتىن بالىغ بولماسلىق مەسئۇلىيەتتىن قاچقانلىقتۇر.

ئۇنىڭدىن كېيىن، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىمان يولىدا تۆلىگەن بەدەللىرى ئەسلىتىپ ئۆتۈلگەن بولۇپ، سۈرە بۇ بەدەلنى تۆلەشكە رازى بولغانلارغا بىر خۇشخەۋەر بەرگەن ھالدا ئاخىرلىشىدۇ: « بىزنىڭ يولىمىزدا پۈتۈن كۈچى بىلەن كۆرەش قىلغانلارنى ئەلۋەتتە يولىمىزغا يېتەكلەيمىز » ( 69 ). بۇ ئىككى ئايەت كىشىگە خۇددى مەككىنى مەدىنىگە باغلىغان باسقۇچنى ئىپادىلەۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ. مۇئمىن بىلەن كاپىرنىڭ ھاياتنى قايسى نۇقتىدىن كۆزەتكەنلىكىنى بايان قىلغان بۇ ئايەتلەردىن كېيىن، سۈرە ئاللاھ قا يەتكۈزىدىغان « يوللار » ھەققىدە توختالغان ئايەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. تۆۋەندىكى ئايەتنى بىر « ئەسلى » مەنبەدىن چىققان بىردىن ئارتۇق « ئۇسۇل » شەكلىدە ئوقۇشقا بولىدۇ:

وَالَّذِينَ جَاهَدُوا فِينَا لَنَهْدِيَنَّهُمْ سُبُلَنَا وَإِنَّ اللَّهَ لَمَعَ الْمُحْسِنِينَ

« بىز ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن كۆرەش قىلغانلارنى ئەلۋەتتە يولىمىزغا يېتەكلەيمىز، اﷲ ھەقىقەتەن ياخشى ئىش قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر » ( 69 ).

## مۇتەففىفىن سۈرىسى

سۈرە 1 - ئايەتتىكى « قاقتى - سوقتى قىلغانلار » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان « مۇتەففىفىن » كەلىمىسى بىلەن ئاتالغان:

« قاقتى - سوقتى قىلغانلارنىڭ هالىغا ۋاي! » ( 1 ).

كەلىمە تۈرلىنىپ چىققان تەتفىف، قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆز بولۇپ، هەم ماددى هەم مەنىۋى جەهەتتىن ئۆلچەش ۋە باهالاشتا « ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىش » مەنتىقىسىنى ئىپادىلەيدۇ.

مۇتلەق كۆپ ساندىكى تەپسىر ۋە مۇسهابتا بۇ ئىسىم بىلەن ئاتالغان. هەدىس كىتابلىرىدا ۋە بەزى تەپسىرلەردە بىرىنچى ئايەت بىلەن « ۋەيلۇن لىل مۇتەففىفىن » ئىبارىسى بىلەن ئاتالغان.

دەسلەپكى مەزگىلدىكى نوپۇزلۇق ئالىملار سۈرىنىڭ قىسمەن ياكى پۈتۈنلەي مەككە ۋەياكى مەدىنىدە نازىل بولغانلىقى هەققىدە ئىختىلاپلىشىپ قالغان. بۇلارنى مەككىدە، مەدىنىدە ۋە مەككە بىلەن مەدىنە ئارىسىدا نازىل بولغان دېگۈچىلەر دەپ ئۈچ نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

1. ئىبنى مەسئۇد ۋە ئۇنىڭ ئىزىدىن ماڭغۇچىلار سۈرىنى مەككىدە نازىل بولغان دېگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ئالدىدا كېلىدۇ. ئەگەر ئىبنى مەسئۇدقا نىسبەت بېرىلگەن رىۋايەت ئىشەنچلىك بولسا، ئىبنى مەسئۇد ئۆزى شەخسەن شاهىت بولغان ۋەقە هەققىدە سۆز قىلىدۇ. يېشى، ياشاش شەكلى، بىلىمى ۋە تەجرىبىسى بۇنىڭغا مۇۋاپىق.

2. ئىبنى ئابباس ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكۈچىلەر سۈرىنى پۈتۈنلەي ياكى دەسلەپكى سەككىز ئايىتىدىن باشقا ئايەتلىرى مەدىنىدە نازىل بولغان سۈرە ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئىبنى ئابباسنىڭ بۇ خىل هۆكۈملىرى ئىبنى مەسئۇدقا ئوخشاش ئۆزى شەخسەن بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ياكى شاهىت بولغان مەلۇماتلار بولماستىن، شاهىت بولغان ياكى ئاڭلىغانلار ئارقىلىق ئىگە بولغان مەلۇماتلاردۇر. چۈنكى ئىبنى ئابباس ياش جەهەتتىن هىجرەت كۈنلىرىدە يۈز بەرگەنلەرگە شەخسەن ۋاقىپ بولغىدەك ئەمەس ئىدى.

3. جابىر ئارقىلىق ئۆز ئالدىغا بىر نازىل بولۇش تەرتىپى رىۋايەت قىلىنغان جابىر بىن زەيد سۈرىنى مەككە - مەدىنە ئارىسىدا نازىل بولغان دەيدۇ. كەلبىمۇ بۇ قاراشنى توغرا دەپ قارايدۇ ( ئىبنى ئاشۇر ).

بۇ ئىختىلاپلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىدە، نازىل بولۇش سەۋەبى هەققىدىكى رىۋايەتلەر چوڭ رول ئوينىغان. سۈرىنىڭ باشلىنىشىدىكى « قاقتى - سوقتى قىلغانلار » ئىپادىسى مەككىلىكلەرگە ۋە مەدىنىلىكلەرگە نىسبەت قىلىنغان. چۈنكى بۇ ئىككى شەهەر ئاهالىسىنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقى تۇججار ئىدى. مۇنازىرىگە سەۋەب بولغان نازىل بولۇش سەۋەبى هەققىدىكى رىۋايەتلەرنى بىر تەرەپكە قويۇپ تۇرۇپ، سۈرىنىڭ مەزمۇنى، ئۇسلۇبى ۋە بالاغىتى قاتارلىق ئالاهىدىلىكلىرىنى نەزەردە تۇتقان ۋاقتىمىزدا، سۈرىنىڭ مەككىدە نازىل بولغان سۈرىلەرنىڭ ئالاهىدىلىكىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز. دەسلەپكى مەزگىلدىكى تەرتىپلەرنىڭ هەممىسىدە ئەنكەبۇت سۈرىسىنىڭ ئارقىسىغا تىزىلغان. مۇتەففىفىندىن كېيىن بىر يول سۈرىسى بولغان هەج سۈرىسى نازىل بولغان. بۇ ئەهۋالدا مۇتەففىفىننى مەككىدە نازىل بولغان سۈرە سۈپىتىدە نۇبۇۋۋەتنىڭ 13 - يىلىغا تىزىشقا بولىدۇ.

سۈرىنىڭ ئانا تېمىسى « قاقتى - سوقتى قىلىش »نى رەت قىلىش ۋە « ئادالەت » بەرپا قىلىشقا چاقىرىق بولۇپ، سۈرە تۆۋەندىكىدەك بالاغەت ئۆرنىكى بىلەن باشلانغان:

وَيْلٌ لِلْمُطَفِّفِينَ (1) الَّذِينَ إِذَا اكْتَالُوا عَلَى النَّاسِ يَسْتَوْفُونَ (2) وَإِذَا كَالُوهُمْ أَوْ وَزَنُوهُمْ يُخْسِرُونَ (3) أَلَا يَظُنُّ أُولَئِكَ أَنَّهُمْ مَبْعُوثُونَ (4) لِيَوْمٍ عَظِيمٍ (5) يَوْمَ يَقُومُ النَّاسُ لِرَبِّ الْعَالَمِينَ (6)

« قاقتى - سوقتى قىلغانلارنىڭ هالىغا ۋاي! ئۇلار كىشىلەردىن ئۆلچەپ ئالغان چاغدا تولۇق ئالىدۇ. كىشىلەرگە ئۆلچەپ ياكى تارتىپ بەرگەن چاغدا كەم بېرىدۇ، كىشىنىڭ هەققىنى يەيدۇ. ئۇلار بۈيۈك بىر كۈندە تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقىغا ئىشەنمەمدۇ؟ ئۇ كۈندە ئىنسانلار ئالەملەرنىڭ رەببىنىڭ هۇزۇرىغا چىقىدۇ » ( 1 - 6 ).

ئاندىن ئىنساننىڭ هاياتى خاتىرىلەنگەن ئەمەل دەپتىرى ئېچىلىپ، هېسابى سورىلىدىغان كۈن هەققىدىكى بايانلار بېرىلگەن. بۇ ئارقىلىق قۇرئان ئىنساننىڭ دۇنيادىكى قىلمىشى بىلەن ئاخىرەتتە دۇچار بولىدىغان ئاقىۋىتى ئوتتۇرىسىدا سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتىنىڭ بارلىقىغا كىشىنىڭ نەزىرىنى ئاغدۇرىدۇ. مۇكاپات ياكى جازانىڭ،

پەزىلەت ياكى رەسۋالىقنىڭ، مەسئۇلىيەت ۋە مەسئۇلىيەتسىزلىكنىڭ، ساداقەت ۋە خىيانەتنىڭ ئاخىرەتتە چوقۇم بىر نەتىجىسى بولىدۇ ( 7 - 28 ).

سۈرىنىڭ كىشىنىڭ دىققىتىنى ئەڭ تارتىدىغان ئايىتىدە، مەسئۇلىيەتسىزلىكنىڭ تەكىتىدە قارىيىپ كەتكەن بىر قەلبنىڭ بارلىقى تۆۋەندىكىدەك بايان قىلىنغان:

كَلَّا بَلْ رَانَ عَلَى قُلُوبِهِمْ مَا كَانُوا يَكْسِبُونَ

« ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن دىللىرى قارىيىپ كەتكەن » ( 14 ).

سۈرە، گۇناھ پاتقىقىغا پېتىپ قالغان يەككە دۇنيالىق ئىنكارچىلارنىڭ قوش دۇنيالىق مۇئمىنلەرگە بولغان چۈشەنچىسىدىكى قىڭغىرلىقنى بايان قىلغان تۆۋەندىكى بۆلەك بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. ئۆزىنى كۆتۈپ تۇرغان ئاقىۋەتنى مەسخىرە قىلىپ كۆزگە ئىلمىغانلارنىڭ ئاخىرەتتە قانداق خار ۋە كۈلكىلىك ھالغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقى جانلىق بىر تەسۋىر بىلەن مۇنداق بايان قىلىنغان:

إِنَّ الَّذِينَ أَجْرَمُوا كَانُوا مِنَ الَّذِينَ آمَنُوا يَضْحَكُونَ (29) وَإِذَا مَرُّوا بِهِمْ يَتَغَامَزُونَ (30) وَإِذَا انْقَلَبُوا إِلَى أَهْلِهِمُ انْقَلَبُوا فَكِهِينَ (31) وَإِذَا رَأَوْهُمْ قَالُوا إِنَّ هَؤُلَاءِ لَضَالُّونَ (32) وَمَا أُرْسِلُوا عَلَيْهِمْ حَافِظِينَ (33) فَالْيَوْمَ الَّذِينَ آمَنُوا مِنَ الْكُفَّارِ يَضْحَكُونَ (34) عَلَى الْأَرَائِكِ يَنْظُرُونَ (35) هَلْ ثُوِّبَ الْكُفَّارُ مَا كَانُوا يَفْعَلُونَ (36)

گۇناھ پاتقىقىغا پېتىپ قالغانلار بىر چاغلاردا ھەقىقەتەن مۇئمىنلەرنى مەسخىرە قىلىپ كۈلەتتى، مۇئمىنلەر قاچان ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتسە، ئۇلار ئۆزئارا كۆز قىسىشاتتى، ئۆيلىرىگە قايتقاندا ئەھلىگە بۇلارنى زوق بىلەن ئېيتىپ بېرەتتى. مۇئمىنلەرنى كۆرگەندە: « بۇلار شەكسىز ئاداشقانلار » دېيىشەتتى. ئۇلار مۇئمىنلەرنىڭ ئېتىقادىنى كۈزىتىشكە ئەۋەتىلگىنى يوق. بۈگۈن (يەنى قىيامەت كۈنى) مۇئمىنلەر كۇپرىنى ھايات ئادىتى قىلىۋالغانلار ئۈستىدىن كۈلىدۇ، ئەبەدىي ھوزۇر ۋە سائادەت ماقامىدا ئولتۇرۇپ ( رەببىگە ) قارايدۇ. كۇپرىنى ھايات ئادىتى قىلىۋالغانلار قىلمىشلىرىنىڭ « ساۋابى »غا نائىل بولۇپتىمۇ؟ ( 29 - 36 ).

# ھەج سۈرىسى

سۈرىنىڭ 25 - ئايىتى ۋە ئۇنىڭ داۋامىدا تىلغا ئېلىنغان ھەجگە مۇناسىۋەتلىك بۆلەككە ئاساسەن سۈرە « ھەج » سۈرىسى دەپ ئاتالغان. لېكىن ھەج ئىبادىتى بۇ سۈرىدىن كېيىن نازىل بولغان بەقەرە ۋە ئالئىمران سۈرىلىرى بىلەن پەرز بولغان. سۈرە رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋرىدىلا بۇ ئىسىم بىلەن ئاتالغان ( ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى ).

ھەج سۈرىسى نازىل بولغان ۋاقىت ھەققىدە ئۈچ خىل قاراش مەۋجۇت:

1. مەككىدە نازىل بولغان.
2. مەدىنىدە نازىل بولغان.
3. بىر قىسمى مەككىدە، يەنە بىر قىسمى مەدىنىدە نازىل بولغان.

ئىبنى ئابباس، مۇجاھىد ۋە قاتادە 19 - 22 - ئايەتلىرىدىن باشقا ئايەتلىرىنىڭ مەككىدە نازىل بولغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئىبنى ئابباسقا نىسبەت قىلىنغان نازىل بولۇش تەرتىپىدە، سۈرە زەلزەلە - ھەدىد سۈرىسى ئارىسىغا تىزىلغان. بۇ مەككىدە نازىل بولغان سۈرىلەرنىڭ ئورنىدۇر.

يەنە ئىبنى ئابباسقا نىسبەت بېرىلگەن جابىر بىن زەيد تەرتىپىدە خېلى كېيىنكى بىر مەزگىلدە نازىل بولغان نۇر - مۇنافىقۇن سۈرىسى ئارىسىغا تىزىلغان. بۇ مەدىنىدە نازىل بولغان سۈرىلەرنىڭ ئورنىدۇر. يەنە ئىبنى ئابباسقا،

داھھاق ۋە قاتادەگە نىسبەت بېرىلگەن باشقا بىر رىۋايەتتە، سۈرىنىڭ 52 ـ 55 ـ ئايەتتىن باشقا ئايەتلەر مەدىنىدە نازىل بولغان دېيىلگەن.
يۇقىرىدىكى بىر ـ بىرىگە زىت بولغان ئىككى تەرتىپ ئىبن ئابباسقا نىسبەت قىلىنغان. بۇ توغرا ئەمەس. بۇ ئەھۋال ھەر ئىككى تەرتىپنى شۈبھىلىك ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ.
مۇپەسسىرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى سۈرىنىڭ مەككە ۋە مەدىنىدە بۆلۈنۈپ نازىل بولغانلىقىنى، لېكىن بۇنى بەلگىلەشنىڭ قىيىن ئىكەنلىكىنى قەيت قىلغان. بۇ قاراشنىڭ توغرا بولۇش ئېھتىمالى يۇقىرى. چۈنكى مەككىدە نازىل بولغان ئەڭ ئاخىرقى سۈرە مۇتەففىفىن سۈرىسىدۇر. بۇنىڭدا شۈبھە يوق. ھەج سۈرىسىنىڭ ئورنى مۇتەففىفىن سۈرىسىنىڭ ئارقىسى بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ ھىجرەت سۈرىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. سۈرە ھىجرەتتىن بۇرۇن نازىل بولۇشقا باشلاپ، داۋامى مەدىنىدە نازىل بولغان بولسا كېرەك.
ئۇنداقتا، سۈرىنىڭ قايسى ئايەتلىرى مەككىدە، قايسى ئايەتلىرى مەدىنىدە نازىل بولغان؟
سۈرىنىڭ باشلىنىشى، يەنى دەسلەپكى 24 ئايىتى ھەم ئۇسلۇب ھەم تېما نۇقتىسىدىن مەككىدە نازىل بولغان سۈرىلەرگە ئوخشايدۇ. مۇقاتىل، زەماھشەرى ۋە رازى قاتارلىق مۇپەسسىرلەر بۇنىڭغا ئاساسەن سۈرىنى مەككىدە نازىل بولغان دەيدۇ. لېكىن 25 ـ 41 ـ ئايىتى ( 58 ـ ۋە ئۇنىڭ داۋامىدىكى ئايەتلەرمۇ ) مەدىنىدە نازىل بولسا كېرەك. تېمىنى نەزەردە تۇتساق، سۈرىنىڭ مەككىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى بىلەن مەدىنە دەۋرىنىڭ بېشىدا نازىل بولغانلىقىنى ئېيتالايمىز. بەزەرگان « سەيرى تاھاۋۋلى قۇرئان » ناملىق ئەسىرىدە بۇنىڭغا يېقىن بىر قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان. بىزنىڭچە بۇ قاراش توغرا.
سۈرىنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق يېرى مۇتەففىفىن ـ مۇھەممەد سۈرىسىنىڭ ئارىسىدۇر.
سۈرىنىڭ باشلىنىشى كىشىدە ھەقىقەتەن بىر زىلزىلە تەسىرى قالدۇرىدۇ. چۈنكى قۇرئاندىكى قىيامەت سەھنىلىرى ئىچىدە، شۈبھىسىزكى تەسىرى ئەڭ چوڭ بولغان قىيامەت تەسۋىرلىرىدىن بىرسى بۇ سۈرىدە ئورۇن ئالماقتا:
يَا أَيُّهَا النَّاسُ اتَّقُوا رَبَّكُمْ إِنَّ زَلْزَلَةَ السَّاعَةِ شَيْءٌ عَظِيمٌ (1) يَوْمَ تَرَوْنَهَا تَذْهَلُ كُلُّ مُرْضِعَةٍ عَمَّا أَرْضَعَتْ وَتَضَعُ كُلُّ ذَاتِ حَمْلٍ حَمْلَهَا وَتَرَى النَّاسَ سُكَارَى وَمَا هُمْ بِسُكَارَى وَلَكِنَّ عَذَابَ اللَّهِ شَدِيدٌ (2)
« ئى ئىنسانلار! رەببىڭلار ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىڭلارنى ئېسىڭلاردىن چىقارماڭلار، قىيامەتنىڭ زىلزىلىسى ھەقىقەتەن دەھشەتلىك بولىدۇ. ئۇ كۈندە ھەر بىر سۈت ئېمىتىۋاتقان ئانا ( قاتتىق قورقۇنچتىن تېڭىرقاپ قېلىش بىلەن ) ئېمىۋاتقان بوۋىقىنى ئۇنتۇيدۇ، ھەر بىر ھامىلدارنىڭ بويىدىن ئاجراپ كېتىدۇ، ئىنسانلارنى مەست كۆرسەن، ھالبۇكى، ئۇلار ( ھەقىقەتتە ) مەست ئەمەس، لېكىن اللە نىڭ ئازابى ھەقىقەتەن قاتتىقتۇر » ( 1 ـ 2 ).
سۈرىنىڭ مەككىدە نازىل بولغان بۆلىكىدە ئەڭ يۇقىرى پەللىدىن خىتاب قىلىنغان. سۈرە، « ئى ئىنسانلار! » دەپ باشلىنىدۇ ۋە بۇ خىتاب ئىككىنچى بۆلەكتە تەكرارلىنىدۇ. بۇ بۆلەكتە ئىنساننىڭ ئېلېمېنتلىق يارىتىلىش جەريانى ھەققىدە بايانلار بېرىلگەن. ئاندىن بىئولوگىيىلىك يارىتىلىش جەريانىغا ئۆتكەن ( 5 ). بۇ باسقۇچلار ھەققىدە توختىلىشنىڭ سەۋەبى، ئاللاھ نىڭ ئىنسان ئۈستىدىكى ئەجرىنى ئەسلىتىشتۇر. ئىلاھى مېھنەتكە نائىل بولغان بىر مەخلۇقنى ئاللاھ ئۆز مەيلىگە قويىۋېتەرمۇ؟ بۇنچە ئەجىر سىڭدۈرۈپ، ئۇنى مەنا ۋە مەقسەتسىز يارىتامدۇ؟
ئىنساننىڭ يارىتىلىش مەقسىتى بار. ئىنسانغا بېرىلگەن ھايات ۋە بارلىق ئىمكانلارنى يارىتىلىش مەقسىتىگە ئۇيغۇن شەكىلدە ئىشلەتكەن ـ ئىشلەتمىگەنلىكىدىن چوقۇم بىر كۈنى ھېساب ئېلىنىدۇ. سۈرە دەسلەپكى 24 ئايىتىدە ئىنساننىڭ ئەبەدىي ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلارنى بايان قىلىش بىلەن بىرگە، ئىنساننى يارىتىلىش مەقسىتىگە مۇۋاپىق بىر ھايات بەرپا قىلىشقا چاقىرماقتا.
25 ـ ئايەتتىن باشلاپ ھەج تېمىسى باشلىنىدۇ ۋە مۇھاتابلىرىنى دىنى سىمۋوللار ۋەكىللىك قىلغان ھەقىقەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەسلى مەقسىتىگە كۆڭۈل بۆلۈشكە چاقىرىدۇ. بۇ بۆلەك مۇئمىنلەرنى مەسجىدى ھەرەمدىن مەھرۇم قىلغان مەككە مۇشرىكلىرىغا قارىتا ئاگاھلاندۇرۇش بىلەن باشلىنىدۇ. كەبىنى قايتىدىن بىنا قىلغان ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ شېرىكتىن يىراق ئىكەنلىكى تەكىتلىنىدۇ ( 28 ). ئۇنىڭغا ئىنسانلارنى ھەجگە

چاقىرىش ئەمر قىلىنىدۇ ( 27 ). ھەجدە، ئىبراھىمنىڭ بىر ئەنئەنە بولغان قۇربانلىق قىلىش ئەمرى تىلغا ئېلىنىدۇ ( 28 ). بۇلار ھەجنىڭ سىمۋوللىرى بولۇپ، سىمۋوللار قىممىتىنى ۋەكىللىك قىلغان ھەقىقەتتىن ئالىدۇ. سىمۋوللار خۇددى ئاينى كۆرسەتكەن بارماققا ئوخشايدۇ. نەزەر تاشلىنىشى كېرەك بولغان نۇقتا بارماق ئەمەس، بارماق كۆرسەتكەن ئايدۇر. ھەج ئىبادىتىدە بارماق كۆرسەتكەن ئاي ئىبادەتنىڭ مەقسىتى بولۇپ، ھەجگە مۇناسىۋەتلىك سىمۋوللار ھەقىقى مەنىسىنى ئىمان ئېيتقانلارنىڭ قەلبىدىن تاپىدۇ:

ذَلِكَ وَمَنْ يُعَظِّمْ شَعَائِرَ اللَّهِ فَإِنَّهَا مِنْ تَقْوَى الْقُلُوبِ

« ئىش مانا شۇنداق، ئاللاھ بەلگىلىگەن سىمۋوللارغا چىڭ يېپىشىپ ئۇلارنى ئۇلۇغلايدىغان ھەر كىم شۇنى ياخشى بىلسۇنكى، بۇ ( سىمۋوللار ھەقىقى مەنىسىنى ) دىللاردا يىلتىز تارتقان مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىدىن ئالىدۇ » ( 32 ).

سۈرىدە، قۇربانلىق سىمۋولى ۋەكىللىك قىلغان ھەقىقەت ئۈستىدە ئالاھىدە توختىلىدۇ:

لَنْ يَنَالَ اللَّهَ لُحُومُهَا وَلَا دِمَاؤُهَا وَلَكِنْ يَنَالُهُ التَّقْوَى مِنْكُمْ

« اللە قا ئۇلارنىڭ گۆشلىرى ۋە قانلىرى يېتىپ بارمايدۇ، اللە قا يېتىدىغىنى پەقەت سىلەرنىڭ ئاللاھ قا نامايەن قىلغان مەسئۇلىيەت تۇيغۇلىرىڭلاردۇر » ( 37 ).

ئىنساننىڭ يارىتىلىشىغا مۇناسىۋەتلىك بۆلۈم بىلەن ھەج ھەققىدە توختالغان بۆلۈم ئارىسىدا يېپىق ھالدا زىچ مۇناسىۋەت بار. ھەج، ئەسلىگە قايتىش بولۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئاتا يۇرتى، ئانا قۇچىقىغا بېرىش، ئىنساننى يەر يۈزىدە كۈتىۋالغان تۇنجى ماكانغا بولغان ۋاپا بۇرچىنى ئادا قىلىشتۇر.

بۇ سۈرە، 78 – ئايىتىدە جىھاد زامان ۋە ماكان چەكلىمىسى بولماستىن « بۇيرۇلغان » سۈرە ( فۇرقان، 52 ) بولۇپ، 39 - ئايىتىدە ئۇرۇشقا پەقەت « رۇخسەت قىلىنغانلىقىنى » بىلدۈرىدۇ.

جىھاد ئەمر قىلىنىپ، ئۇرۇشقا رۇخسەت قىلىنىشى نېمە دېگەنلىك بولىدۇ؟ بۇ مۇنداق دېگەنلىك بولىدۇ:

جىھاد، ئىنساننىڭ ئاللاھ يولىدا پۈتۈن كۈچىنى سەرپ قىلىشىنى بىلدۈرىدۇ. جەھدۇ غەيرەت- ئەمەلىي ھەرىكەت بىلەن ئېلىپ بېرىلغان جىھاد؛ ئىجتىھاد- ئىلىم بىلەن ئېلىپ بېرىلغان جىھاد؛ مۇجاھەدە- نەپسى خاھىشىغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان جىھادتۇر. سۈرىدە پەقەت ئۇرۇشقا رۇخسەت قىلىنغان. يەنى، جىھاد ھاياتنىڭ ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرۇشنى تەقەززا قىلىدۇ. جىھاد ھاياتنىڭ غايىسى بولۇپ، ئۇرۇش مەجبۇر بولمىغىچە مۇراجەت قىلىنمايدىغان بىر چارە. شۇڭا جىھادقا بۇيرۇلۇپ، ئۇرۇش قىلىشقا رۇخسەت قىلىنغان.

ئاللاھ قارىغىن دېگەن يەردىن نەزەر تاشلىغان كىشى، كور ھەققىدىكى مۇنداق بىر ئېنىقلىمىنى كۆرىدۇ:

لَا تَعْمَى الْأَبْصَارُ وَلَكِنْ تَعْمَى الْقُلُوبُ الَّتِي فِي الصُّدُورِ

« ھەقىقەتەن كۆزلەرلا كور بولمايدۇ، لېكىن ھەقىقي كور بولغىنى كۆكرەكلەردىكى قەلبلەردۇر » ( 46 ).

سۈرىدىكى 49 - 57 - ئايەتلەر ئارىسدا ئىنكارچىلارنىڭ پەيغەمبەرلىك مۇئەسسەسىگە قارىتا تۇتقان پوزىتسىيىسى ئەيىبلەنگەن بولۇپ، بۇ نۇقتىدا « ئاللاھ نېمە ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىنساننى ئازدۇرىشىغا رۇخسەت قىلغان؟ » دېگەن سوئالىغا مۇنداق جاۋاب بېرىلگەن:

لِيَجْعَلَ مَا يُلْقِي الشَّيْطَانُ فِتْنَةً لِلَّذِينَ فِي قُلُوبِهِمْ مَرَضٌ وَالْقَاسِيَةِ قُلُوبُهُمْ وَإِنَّ الظَّالِمِينَ لَفِي شِقَاقٍ بَعِيدٍ

« (اللە تائالانىڭ ) شەيتاننىڭ بۇنداق قىلىشىغا يول قويۇشى پەقەت دىللىرىدا كېسەل بارلارنى، دىللىرى قاساۋەتلىشىپ كەتكەنلەرنى سىناش ئۈچۈندۇر. مانا بۇ خىل زالىملار ھەقىقەتەن چوڭقۇر گۇمراھلىق ئىچىدىدۇر » ( 53 ).

قۇرئان شېھىت كەلىمىسىنى رىۋايەتلەردىكى ئىشلەتكەن مەنىدەك ئىشلەتمەيدۇ. قۇرئاندىكى شېھىت، ھاياتىنى ئىمانىغا شاھىت قىلغان كىشىدۇر. قۇرئان « ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈلگەنلەر »نى شېھىت دەپ ئاتىمايدۇ. خۇددى 58 - ئايەتتە ئېيتىلغاندەك « ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈلگەن » دەپ ئاتايدۇ.

سۈرىدە 58 - 66 - ئايەتلەر ئىنساننىڭ ئۆتكۈنچى ھاياتتا ئېلىپ بارغان كۆرىشى بىلەن ئەبەدىي ھايات ئارىسىدا زىچ مۇناسىۋەت قۇرىدۇ.

67 - ئايەتتە ھەقىقەتكە يەتكۈزىدىغان يوللار ھەققىدە بىردىنبىر يولغا يېپىشىۋالغان رادىكال چۈشەنچىنى رەت قىلىدۇ. ھەر ئۈممەت ئۈچۈن بەلگىلەنگەن يوللار ھەققىدە توختالغان ئايەتتە مۇنداق دېيىلگەن:

لِكُلِّ أُمَّةٍ جَعَلْنَا مَنْسَكًا هُمْ نَاسِكُوهُ فَلَا يُنَازِعُنَّكَ فِي الْأَمْرِ وَادْعُ إِلَى رَبِّكَ إِنَّكَ لَعَلَى هُدًى مُسْتَقِيمٍ

« ھەر ئۈممەت ئۈچۈن ئاللاھ قا قەلبى تەرەپتىن يېقىنلاشىشۇن دەپ بىر ئىبادەت ئۇسلۇبى بەلگىلىدۇق. بۇنداق بولغان ئىكەن ( ئى بۇ خىتابنىڭ مۇھاتابى )، ھەر قانداق كىشى سېنى بۇ ھەقتە مۇنازىرىگە سۆرىمىسۇن ۋە سەن پەقەتلا كىشىلەرنى رەببىڭگە دەۋەت قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن شەكسىز توغرا يولدىدۇرسەن » ( 67 ).

سۈرىنىڭ ئاخىرىدا سۆز ئاللاھ نىڭ چەكسىز قۇدرىتى ۋە ئىنساننىڭ ئاجىزلىقىغا كېلىپ توختىغان بولۇپ، بۇ ھەقىقەت مۇنداق بايان قىلىنغان:

يَا أَيُّهَا النَّاسُ ضُرِبَ مَثَلٌ فَاسْتَمِعُوا لَهُ إِنَّ الَّذِينَ تَدْعُونَ مِنْ دُونِ اللَّهِ لَنْ يَخْلُقُوا ذُبَابًا وَلَوِ اجْتَمَعُوا لَهُ وَإِنْ يَسْلُبْهُمُ الذُّبَابُ شَيْئًا لَا يَسْتَنْقِذُوهُ مِنْهُ ضَعُفَ الطَّالِبُ وَالْمَطْلُوبُ

« ئى ئىنسانلار! بىر مىسال كەلتۈرۈلدى، ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىڭلار، شۈبھىسىزكى، سىلەر الله نى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىڭلارنىڭ ھەممىسى يىغىلغان تەقدىردىمۇ بىر چىۋىننى يارىتالمايدۇ. چىۋىن ئۇلارنىڭ بەدىنىدىن بىر نەرسىنى ئېلىپ قاچسا، ئۇنى چىۋىندىن تارتىپ ئالالمايدۇ، ئالماقچى بولغانمۇ، قايتۇرىۋالماقچى بولغانمۇ ئاجىزدۇر » ( 73 ).

ئاللاھ نى لايىقىدا ئۇلۇغلاش! بۇ قانداق بولىدۇ؟ بۇ ھەقتە ئايەت مۇنداق دەيدۇ: « ئۇلار ئاللاھ نى ئۇنىڭغا لايىق شەكىلدە ئۇلۇغلاشمىدى! » ( 74 ). ئىنسان ئاللاھ نى ئۇنىڭغا لايىق شەكىلدە ئۇلۇغلىيالمىسا، ئاللاھ نىڭ نېمىسى كېمىيىپ كېتىدۇ؟ ھېچنىمىسى كېمىيىپ قالمايدۇ. « نەتىجە ئېتىبارى بىلەن ھەممە ئىش ئاللاھ قا قايتۇرۇلىدۇ » ( 76 ).

سۈرىنىڭ ئاخىرقى ئايىتى ھەر مۇئمىن ئېسىدە چىڭ تۇتىشى كېرەك بولغان بىر جۈملىنى بايان قىلماقتا: « ئۇ سىلەرنى مۇسۇلمان دەپ ئاتىدى » ( 78 ).

ئاللاھ بەرگەن مۇسۇلمان ئىسمىنى يېتەرلىك دەپ قارىمىغانلار ئۇنىڭ ئورنىغا مەزھەبىنى، مەشرەبىنى، جامائىتىنى، ھىزبىنى، تەرىقىتىنى قويىدۇ. لېكىن شۇنى ئۇنتۇماسلىق لازىمكى، ئاللاھ مۇئمىنلەر ئۈچۈن تاللىغان ۋە ياقتۇرغان ئىسىم « مۇسۇلمان » ئىسمىدۇر. بۇنىڭدىن باشقا ئىسىملار ئاللاھ قويۇپ بەرگەن ئىسمىنىڭ ئورنىغا ئۆتىدىغان بولسا، ئۇ يەردە ئاللاھ نىڭ بۇ تاللىشىغا نارازىلىق بار دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشتىن ئاللاھ قا سېغىنغان ھالدا سۈرىنىڭ ئاخىرقى جۈملىلىرىگە قۇلاق سېلىش ھەممىدىن ئەلادۇر:

« ئاللاھ قا چىڭ يېپىشىڭلار! ئۇ سىلەرنىڭ ئىگەڭلاردۇر، ئاللا نېمە دېگەن ياخشى ئىگە! نېمە دېگەن ياخشى مەدەتكار! » ( 78 ).

## مۇھەممەد سۈرىسى

سۇره ئىككىنجى ئايەتكە ئاساسەن « مۇھەممەد » ئىسمى بىلەن ئاتالغان. قۇرئاندا ئالئىمران ( 144 )، ئەھزاپ ( 40 )، فەتىھ ( 25 ) ۋە بۇ سۇرىدىن ئىبارەت تۆت سۇرىدە مۇھەممەد ئىسمى تىلغا ئېلىنغان. مۇھەممەد ئىسمى ئەڭ باشتا بۇ سۇرىدە تىلغا ئېلىنىدۇ. قۇرئاندا يۇنۇس، ھۇد، يۇسۇپ، ئىبراھىم، مەريەم، لوقمان، نۇھ ۋە مۇھەممەدتىن ئىبارەت پەيغەمبەر ۋە سالىھ كىشىلەرنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان سەككىز سۇره ئورۇن ئالماقتا.

سۇره، ئۇرۇش قىلىشقا رۇخسەت قىلغان تۇنجى سۇره بولغانلىقى ئۈچۈن ( 4 ۋە 20 ) « قىتال سۈرىسى » دەپمۇ ئاتالغان.

سۇره مەدىنىدە نازىل بولغان بولۇپ، بەلكىم ھىجرەتتىن كېيىن نازىل بولغان تۇنجى سۇره بولۇشى مۇمكىن. 13 - ئايەتتە رەسۇلۇللاھنىڭ مەككىدىن مەجبۇرى چىقىرىپ تاشلانغانلىقى تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، بۇ بىر دەۋرنىڭ ئاخىرلىشىپ يېڭى بىر دەۋرنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. سۇرىنىڭ بۇ مەزگىلدىن بۇرۇن ياكى كېيىن نازىل بولغانلىقى ھەققىدىكى قاراشلار توغرا ئەمەس. ئەنفال 67 - 69 - ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان « ئاللاھ ئىلگىرى مۇشۇنداق ئىرادە قىلغان »دىكى مەقسەت بۇ سۇرىنىڭ ئۇرۇشقا رۇخسەت قىلغان ئايەتلىرى بولسا كېرەك.

ئىبنى ئابباس تەرتىپىدە ھەدىد - ئىنسان، باشقا تەرتىپلەردە ھەدىد - رەئد سۈرىسى ئارىسىدا ئورۇن ئالىدۇ. ھەر ئىككى تەرتىپتىكى ئورنى مۇۋاپىق ئەمەستەك تۇرىدۇ. چۈنكى ئىنسان سۈرىسى مەككىدە، ھەدىد سۈرىسى ھىجرەتنىڭ 5 - يىلىدىن كېيىن مەدىنىدە نازىل بولغان. ھەدىد سۈرىسىنى بەدرىدىن ھەتتا ئۇھۇدتىن كېيىن نازىل بولغان دېگۈچىلەرمۇ بار. سۇرىنىڭ دەل ئورنىنى بەلگىلەش بىر ئاز قىيىندەك تۇرىدۇ.

سۇره ئىلاھىي تەربىيە لاھىيسى بولغان ۋەھيىگە ئەگەشكەن كىشىلەرگە خۇشخەۋەر بېرىش بىلەن باشلىنىدۇ:

« ئىمان ئېيتقانلارنىڭ گۇناھلىرىنى الله ئۆچۈرۈپ تاشلايدۇ، ئۇلارنىڭ چۈشەنچىلىرىنى ئىسلاھ قىلىدۇ ۋە يېڭىدىن شەكىللەندۈرىدۇ » ( 2 ).

سۇرىدە ئاللاھ - ئىنسان مۇناسىۋىتى، ئىنساننىڭ ھەق ۋە مەجبۇرىيىتى دائىرىسىدە بايان قىلىنغان. ھەقىقەتكە قارشىلىق ھەر خىل قورالىق - قورالسىز جىسمانىي ھۇجۇم ۋە ئەزىيەتلەرگە قايتۇرما زەربە بېرىش مانا بۇ مەجبۇرىيەتلەردىن بىرى. لېكىن بۇ مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلغاندا، ئىنساننىڭ ئادىمىيلىك ئىززىتىگە لايىق بولمىغان مۇئامىلە، قىلمىشلاردىن يىراق تۇرۇش كېرەك. سۇرىنىڭ تۆتىنجى ئايىتى ئۇرۇشتا ئەسىر ئېلىنغانلارنى قۇل ياكى دېدەك قىلىۋېلىشنى يېپىق ھالدا مەنئى قىلىدۇ:

حَتَّى إِذَا أَثْخَنْتُمُوهُمْ فَشُدُّوا الْوَثَاقَ فَإِمَّا مَنًّا بَعْدُ وَإِمَّا فِدَاءً حَتَّى تَضَعَ الْحَرْبُ أَوْزَارَهَا

« نىھايەت باشلانغان ئۇرۇش ئاخىرلاشقىچە بوشىشىپ قالماڭلار، ( ساق قالغانلىرىنى ) ئەسىر ئېلىڭلار، ئاندىن ئۇلارنى ئېھسان قىلىش يۈزىسىدىن قويۇپ بېرىڭلار، ياكى فىدىيە ئېلىپ قويۇپ بېرىڭلاركى، ئۇرۇش ئېغىر ئاقىۋىتى سەۋەبلىك قايتا يۈز بەرمەيدىغان بولسۇن، مۇشۇنداق قىلىڭلار » ( 4 ).

ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن ئىبارە، ئۇرۇشنىڭمۇ بىر ئېمتىھان ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ:

« ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئەلۋەتتە ( سىلەرنى ئۇرۇشقا تەكلىپ قىلماستىنلا ) ئۇلارنى جازالىغان بولاتتى، لېكىن بەزىڭلارنى بەزىڭلار بىلەن سىناش ئۈچۈن بۇنى ئىرادە قىلدى » ( 4 ).

داۋاسى بولمىغان كىشى ئادەم ئەمەستۇر. قۇرئاننىڭ ئومۇمىي بايانىغا ئاساسەن بۇ يەكۈننى چىقارغىلى بولىدۇ. داۋاسى بولغانلارنىڭ ئەڭ ياخشىلىرى داۋانىڭ ئەڭ ياخشىسىنى تاللايدۇ. داۋالارنىڭ ئەڭ خەيرلىك بولغىنى ئاللاھ نىڭ داۋاسىدۇر. چۈنكى ئاللاھ ھەممىدىن ياخشى ۋە ياخشىلىقنىڭ مەنبەسىدۇر. سۇرىدە ئاللاھ نىڭ داۋاسىنى ئۆزىگە داۋا قىلغۇچىلارغا مۇنداق خۇشخەۋەر بېرىلگەن:

يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آَمَنُوا إِنْ تَنْصُرُوا اللَّهَ يَنْصُرْكُمْ وَيُثَبِّتْ أَقْدَامَكُمْ

« ئى مۇئمىنلەر! سىلەر الله قا (يەنى الله نىڭ دىنىغا) ياردەم بەرسەڭلار، الله سىلەرگە ياردەم قىلىدۇ ۋە قەدەمڭلارنى دىندا بەرقارار قىلىدۇ » ( 7 ).

يەر يۈزىدە ئايلىنىپ تۇرغۇچىلارغا نېمىلەرگە قارشى كېرەكلىكىگە دائىر قۇرئان يول كۆرسەتمەكتە:

أَفَلَمْ يَسِيرُوا فِي الْأَرْضِ فَيَنْظُرُوا كَيْفَ كَانَ عَاقِبَةُ الَّذِينَ مِنْ قَبْلِهِمْ دَمَّرَ اللَّهُ عَلَيْهِمْ وَلِلْكَافِرِينَ أَمْثَالُهَا

« ئۇلار زېمىندا سەير قىلىپ ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆزەتمىدىمۇ؟ اﷲ ئۇلارنى هالاك قىلدى. كاپىرلارمۇ شۇنداق ئاقىۋەتكە قالىدۇ » ( 10 ).

هاياتنى مەنا ۋە مەقسەتتىن ئايرىپ تاشلىغانلار، يەنى ئىلاهىي بىر غايە ۋە داۋاسى بولمىغانلار هايۋانغا ئوخشايدۇ ( 12 ). ئادەم بولغۇچىنىڭ بىر داۋاسى بولىدۇ، داۋاسى بار كىشى بۇ داۋا يولىدا پۈتۈن كۈچى بىلەن كۆرەش قىلىدۇ ( 20 ). ۋەهىيگە ئىشەنمەيدىغانلار بىلەن دوئىلغا چۈشمەيدۇ، ئۇلارنى ئويلىنىشقا، تەپەككۇر قىلىشقا دەۋەت قىلىدۇ:

أَفَلَا يَتَدَبَّرُونَ الْقُرْآنَ أَمْ عَلَى قُلُوبٍ أَقْفَالُهَا

« ئۇلار (هەقنى تونۇش ئۈچۈن) قۇرئان هەققىدە پىكىر قىلمامدۇ؟ ياكى ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىدە قۇلۇپلانغان قەلبلەر بارمۇ ؟ » ( 24 ).

ئاللاھ بەندىدىن تەلەپ قىلىۋاتقان نەرسە ناهايىتى ئېنىق ۋە روشەن:

يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا أَطِيعُوا اللَّهَ وَأَطِيعُوا الرَّسُولَ وَلَا تُبْطِلُوا أَعْمَالَكُمْ (33) إِنَّ الَّذِينَ كَفَرُوا وَصَدُّوا عَنْ سَبِيلِ اللَّهِ ثُمَّ مَاتُوا وَهُمْ كُفَّارٌ فَلَنْ يَغْفِرَ اللَّهُ لَهُمْ (34)

« ئى مۆمىنلەر! اﷲ قا ئىتائەت قىلىڭلار، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەمەللىرىڭلارنى (كۇفرى، نىفاق ۋە رىيا بىلەن) بىكار قىلىۋەتمەڭلار. شۈبهىسىزكى، كاپىر بولغان ۋە (كىشىلەرنى) اﷲ نىڭ يولىدىن توسقانلار، ئاندىن كاپىر پېتى ئۆلگەنلەرنى اﷲ هەرگىز مەغپىرەت قىلمايدۇ » ( 33- 34 ).

ۋەهىيگە ئەگەشكەن ۋە ئۇ كۆرسەتكەن يولدا ماڭغانلارنىڭ هامىنى غالىپ كېلىدىغانلىقى خۇشخەۋىرىنى بەرگەن ئايەتلەردىن كېيىن، سۈرە تۆۋەندىكى چوڭقۇر مەنىلىك ئاگاهلاندۇرۇش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ:

وَاللَّهُ الْغَنِيُّ وَأَنْتُمُ الْفُقَرَاءُ وَإِنْ تَتَوَلَّوْا يَسْتَبْدِلْ قَوْمًا غَيْرَكُمْ ثُمَّ لَا يَكُونُوا أَمْثَالَكُمْ

« اﷲ هەر نەرسىدىن بىهاجەتتۇر، سىلەر بولساڭلار (اﷲ قا) مۇهتاجسىلەر، ئەگەر سىلەر (اﷲ نىڭ تائىتىدىن) يۈز ئۆرۈسەڭلار، اﷲ سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا باشقا بىر قەۋمنى ئالماشتۇرىدۇ، ئۇلار سىلەرگە ئوخشاش ئاللاھ تىن يۈز ئۆرۈمەيدۇ » ( 38 ).

يەنى هەر قانداق بىر مەخلۇق ئاللاھ ئۈچۈن ۋاز كېچەلمەس نەرسە ئەمەس، بىراق هەممە ئاللاھ قا مۇهتاج، ئۇنىڭدىن ۋاز كېچەلمەيدۇ.

# تەغابۇن سۈرىسى

سۈرىنىڭ 9 - ئايىتىگە ئاساسەن بۇ سۈرىگە هەم « ئالدىنىش ۋە يۇتۇپ كېتىش » هەم « ئۇتۇق » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان « تەغابۇن » ئىسمى بېرىلگەن:

« مەهشەر كۈنى يىغىپ كەلگەنىدە، ئاللاھ سىلەرنى قىيامەت ئۈچۈن توپلايدۇ. ئۇ كۈن ئۆز ئارا ئالدىنىش ( تەغابۇن ) كۈنىدۇر » ( 9 ).

مەزكۇر ئايەتتىكى « ئۆزئارا ئالدىنىش » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان تەغابۇن ئوخشاشلىق پېئىلى بولۇپ، ئىككى تەرەپنىڭ بىر - بىرىنى ئالدىشىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەرەپچىدە بۇ پېئىل شەكلى هەرىكەتنىڭ دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ مەنىسى نەزەردە تۇتۇلغاندا، بۇ ئايەتنى « ئالدانغانلىقنى ناهايىتى ئېنىق هېس قىلىدىغان كۈن » دەپ مەنا ئېيتىش كېرەك. ئەل - غابىن بىر تاۋارغا ئەسلى قىممىتىدىن تۆۋەن باها پىچىشنى بىلدۈرىدۇ.

بىزنىڭچە بۇ پېئىل ئاخىرەتتىكى ئالدىنىشنىڭ قوش يۈنىلىشلىك تەبىئىتىنى ئىپادىلەيدۇ. يەنى ھەر ئالداش ئەسلىدە بىر ئالدىنىشتۇر، ئۆزىنى ئالداشتۇر. كەلىمە قۇرئاندا پەقەت بۇ ئايەتتىلا تىلغا ئېلىنىدۇ. سۈرە تۇنجى نەسلى تەرپىدىن بۇ ئىسىم بىلەن ئاتالغان.

قەدىمقى تەپسىر ساھەسىدىكى نوپۇزلۇق شەخسلەر ئارىسىدا سۈرىنىڭ قەيەردە نازىل بولغانلىقى ھەققىدە ئىختىلاپلار بولغان. سۈرىنىڭ قاچان نازىل بولغانلىقى ھەققىدە سۈرىنىڭ ئۆزىدە مەلۇم بولغان بەزى يىپىق ئىمالاردىن باشقا ئىشەنچلىك دەلىللەر يوق.

سۈرىنىڭ 14 - 15 - ئايەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۆلەكتە بىر قىسىم مۇئمىنلەر تارتقان جاپا تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، بۇنىڭغا قارىغاندا ھىجرەت بىلەن بەدرى ئوتتۇرىسىدىكى بىر مەزگىلدە نازىل بولغان بولسا كېرەك.

بەزىلەر 14 - 15 - ئايەتلەرنىڭ مەككىدە، قالغان ئايەتلەرنىڭ مەدىنىدە نازىل بولغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ھالبۇكى، 11 - ئايەتتىن باشلانغان تېما 14 - ۋە 15 - ئايەتلەر بىلەن داۋام قىلماقتا. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ بۆلەكتىكى تېما ھىجرى 2 - يىلىدا نازىل بولغان ئەنفال سۈرىسى 24 - 28 - ئايەتلەر ئارىسىدا قايتا تىلغا ئېلىنغان. ئەنفال 28 - ئايەت بىلەن بۇ سۈرىنىڭ 15 - ئايىتى ئوتتۇرىسىدىكى پەۋقۇلئاددە ئوخشاشلىق كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. بۇ ئامىللار نەزەردە تۇتۇلغاندا، سۈرىنىڭ مەدىنىدە، ھىجرەتتىن كېيىنلا نازىل بولغانلىقى مەلۇم بولماقتا. تۇنجى تەرتىپلەرنىڭ ھەممىسىدە پەرقلىق جايلارغا يەرلەشتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئاساسىي جەھەتتىن بىزنىڭ قارىشىمىزغا يېقىن كەلمەكتە. بىزنىڭچە بۇ سۈرىنىڭ ئورنى مۇھەممەد - بەقەرە سۈرىسىنىڭ ئارىسىدۇر.

سۈرە باشلىنىش شەكلى جەھەتتىن ئوخشاشلىقتا ئىگە بولغان سەپ، جۇمە، ھەشىردىن تەركىپ تاپقان تۆت سۈرىنىڭ تۇنجىسىدۇر.

سۈرىنىڭ ئاساسىي تېمىسى ئىسلام جامائىتىنى شەكىللەندۈرۈش بولۇپ، بۇنى ئاللاھ تەسەۋۋۇرىنى بەرپا قىلىش بىلەن باشلىغان ( 1 - 4 ).

ئاندىن كېيىن سۆز ئىنكار ۋە ئىنكار قىلغۇچىلارغا كېلىدۇ. « سىلەرگە ئىلگىرى كاپىر بولۇپ ئەمەللىرىنىڭ ۋابالىنى تېتىغانلارنىڭ خەۋىرى كەلمىدىمۇ؟ » ( 5 ) دەپ سورايدۇ. ئەلچىلەرنىڭ ئۇلارغا ھەقىقەتنىڭ روشەن دەلىللىرى بىلەن كەلگەنلىكىنى، لېكىن ئۇلارنىڭ ئەلچىلەر ئېلىپ كەلگەن ھەق خەۋەرگە قاراشىنىڭ ئورنىغا، ئەلچىنىڭ پەرىشتە بولغان بولمىغانلىقى بىلەن ئاۋارە بولۇپ يۈرگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. تەسەۋۋۇرى قىڭغىر كەتكەن بۇ ئىنكارچىلار « بىزگە ئوخشاش بىر ئىنسان بىزگە يېتەكچىلىك قىلامدۇ؟ » دەپ ئېتىراز قىلغانىدى ( 6 ). قايتىدىن تىرىلدۈرۈلمەيمىز دەپ گۇمان قىلغان بۇ كىشىلەرگە قۇرئاندا خىتاب قىلىپ مۇنداق دېيىلگەن:

ئېيتقىنكى: « ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، پەرۋەردىگارىم بىلەن قەسەمكى، سىلەر چوقۇم تىرىلدۈرۈلىسىلەر، ئاندىن سىلەرگە قىلمىشىڭلاردىن خەۋەر بېرىلىدۇ، بۇ اللە قا ئاساندۇر» ( 7 ).

بۇ ئايەتلەردىن كېيىن، سۆز ۋەھيىنىڭ يورۇقلۇقىغا دەۋەت قىلىنىدۇ:

فَآَمِنُوا بِاللَّهِ وَرَسُولِهِ وَالنُّورِ الَّذِي أَنْزَلْنَا وَاللَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ خَبِيرٌ

« ئۇنداقتا ( ئى ئىنسانلار! ) اللە قا، اللە نىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە بىز نازىل قىلغان نۇرغا (يەنى قۇرئانغا) ئىمان ئېيتىڭلار، اللە قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر » ( 8 ).

ئىمان ئېيتىش ئىشەنچ قىلىشتۇر. مۇئمىن ئاللاھ قا ئىشەنچ قىلىشى كېرەك. « كىشىگە يەتكەن ھەر قانداق مۇسىبەت پەقەت اللە نىڭ ئىزنى بىلەنلا يېتىدۇ » ( 1 1 ). ئەگەر مۇسىبەت يەتسە سەبىر، يەنى بەرداشلىق بېرىش كېرەك، بۇ مۇسىبەت بەزىدە مال - مۈلكىمىز ۋە يېقىنلىرىمىز بولۇشى مۇمكىن: « سىلەرنىڭ ماللىرىڭلار، باللىرىڭلار (سىلەرگە اللە تەرپىدىن) بىر تۈرلۈك سىناقتۇر » ( 15 ).

سۈرە ھەم « خەيرلىك قەرز » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان قەرزى ھەسەنگە، ھەمدە « ئاللاھ يولىدا بىر نەرسە تەمە قىلماستىن ئىقتىساد سەرپ » قىلىش مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ئىنفاقىقا تەشۋىق قىلىش بىلەن ئاخىرلاشقان.

بۇ بىر تەك بەھرىمان بولۇش چاقىرىقى بولۇپ، ياخشى ئاقىۋەتكە ئىگە بولۇشنى ئارزۇ قىلغانلار مۇۋاپىق شەكىلدە بۇ دۇنيادىكى ئىمكانلىرىدىن باشقىلار بىلەن تەك بەھرىمان بولۇشنى بىلىشى كېرەك.

سۈرە مال - مۈلۈكنىڭ تارقىلىشىنىڭ سىناق ئىكەنلىكىنى ئىپادە قىلغان بىر ئىلاھىي سىرغا كىشىنىڭ دىققىتىنى ئاغدۇرۇش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ:

إِنْ تُقْرِضُوا اللَّهَ قَرْضًا حَسَنًا يُضَاعِفْهُ لَكُمْ وَيَغْفِرْ لَكُمْ وَاللَّهُ شَكُورٌ حَلِيمٌ (17) عَالِمُ الْغَيْبِ وَالشَّهَادَةِ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ (18)

« اﷲ قا قەرزى ھەسەنە بەرسەڭلار (يەنى مەمنۇنىيەت بىلەن سەدىقە بەرسەڭلار) اﷲ سىلەرگە ئۇنىڭ (ساۋابىنى) ھەسسىلەپ بېرىدۇ، سىلەرگە مەغپىرەت قىلىدۇ، اﷲ شۈكۈر ئېيتىشقا لايىق يالغۇز زاتتۇر، ( ناشۈكۈرلۈكنى ) جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ. (اﷲ) غەيبنى ۋە ئاشكارىنى بىلگۈچىدۇر، غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر » ( 17- 18 ).

## بەقەرە سۈرىسى

سۈرىگە 67 - 73 - ئايەتلىرىدە بايان قىلىنغان قىسسەگە ئاساسەن « كالا » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان « بەقەرە » ئىسمى قويۇلغان.

بۇ قىسسە بەنى ئىسرائىل قەۋمى ئىچىدە يۈز بەرگەن جىنايەتچىسى نامەلۇم جىنايەتنى ئېنىقلاش ئۈچۈن قۇربان قىلىنغان كالىنىڭ قىسسىسىدۇر. ئەسلىدە بۇ كالا بەنى ئىسرائىل قەۋمىنىڭ زېھنىگە ئورۇنلىشىپ كەتكەن مىسىر ئىلاھلىرىنى تەمسىل قىلىدۇ. چۈنكى ئاپىس كالىسى ۋە « خوتور » دەپ ئاتالغان بۇ « يەر ئىلاھى »نى تەمسىل قىلغان « كالا » ۋە ئۇنىڭ « مۈزىيى » بەنى ئىسرائىل قەۋمىنىڭ قەلب تۆرىدىن ئورۇن ئالغان مىسىر ئىلاھلىرىدىن بەزىلىرى ئىدى. بەنى ئىسرائىل قەۋمىدىن قۇربان قىلىش تەلەپ قىلىنغان نەرسە ئەسلىدە زېھنىدە، دىلىدا مۇھەببەت باغلىغان دۈشمەنلىرىنىڭ بۇ ساختا ئىلاھلىرى ئىدى.

بۇ سۈرە بىر ھەدىستە « بەقەرە سۈرىسى » دەپ ئاتالغان ( مۇسلىم، مۇسافىرىن، 212 ). ھەدىسلەرنىڭ لەبزەن ئەمەس، مەنا جەھەتتىن نەقىل قىلىنغانلىقى نەزەردىن ساقىت قىلىنمىغاندا، بۇ سۈرىگە مەزكۇر ئىسمنى رەسۇلۇللاھنىڭ قويغانلىق ئېھتىمالى يۇقىرى.

يەنە بىر ھەدىستە رەسۇلۇللاھ بۇ سۈرىنى « قۇرئاننىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى ( سەنامۇل قۇرئان ) » دەپ ئاتىغان ( مۇستەدرەك ). بۇ ھەدىستە « ھەر نەرسىنىڭ بىر چوققىسى بولىدۇ، بەقەرە سۈرىسى قۇرئاننىڭ ئەڭ يۈكسەك چوققىسى » دېگەن.

سۈرە ھەجىم جەھەتتىن چوڭ ۋە ئۇزۇنلىقى، كۆز قاماشتۇرىدىغان تۈزۈلۈشى، تېما جەھەتتىن رەڭدارلىقى سەۋەبىدىن « فۇستەتۇل قۇرئان »، يەنى « قۇرئان ئۆيى » ياكى « قۇرئان ئۆيى سېلىنغان ماكان » دەپ ئاتالغان.

گەرچە بەقەرە سۈرىسىنىڭ ئايەتلىرى ئۇزۇن بولسىمۇ، ئىچكى رېتىم جەھەتتىن مەككىدە نازىل بولغان سۈرىلەردىن قېلىشمايدۇ. بۇ جەھەتتىن سۈرىنىڭ لىرىكىلىق تۈسى بالاغىتىدىن قېلىشمىغۇدەك دەرىجىدە كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. سۈرىنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكىنى ئىبنى ئابدىلبەرنىڭ « ئەل ئىستىئاب » ناملىق ئەسىرىدە بايان قىلغان تۆۋەندىكى ۋەقە ناھايىتى جانلىق ھالدا ئىپادىلەپ بېرىدۇ:

ئۆمەر بىن خەتتاب بىر كۈنى لەبىد بىن رەبىئادىن يېڭى يازغان شېئىرلىرىنى ئوقۇپ بېرىشنى سورايدۇ. لەبىد بىن رەبىئا جاھىلىيەت شائىرلىرىنىڭ ئەڭ مەشھۇرلىرىدىن بىرى بولۇپ، شېئىرى كەبىنىڭ تېمىغا ئېسىلغان ئەڭ چوڭ يەتتە شائىردىن بىرى ئىدى. لەبىد ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ بۇ تەلىپىگە بەقەرە سۈرىسىنى ئوقۇش ئارقىلىق جاۋاب بېرىدۇ. ئۇ بۇ ئارقىلىق ھەسسان بىن سابىتتىن « نېمە ئۈچۈن ياخشى شېئىر ئوقۇيالماس بولۇپ قالدىڭ » دەپ

سورالغاندا، « قۇرئاننى كۆرگەندىن كېيىن تىلىم تۇتۇلدى » دەپ جاۋاب بەرگەندەك بىر جاۋاب بەرگەندى. بىزگە يېتىپ كەلگەن مەلۇماتلاردىن، لەبىد ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن شېئىر يازمىغانلىقى، ئۇنىڭغا نىسبەت بېرىلگەن بىر بېيىتنىڭمۇ ئۇنىڭغا ئائىت ئەمەسلىكى مەلۇم بولماقتا.

سۈرىنىڭ 255 - ئايىتى « ئايەتەل كۇرسى » دېگەن ئىسىم بىلەن مەشھۇردۇر. بۇ ئايەت مەزكۇر سۈرىدە بولغانلىقى ئۈچۈن « سۈرەتۇل كۇرسى » دەپمۇ ئاتالغان.

بەقەرە سۈرىسى بىلەن ئالئىمران سۈرىسى بىر ھەدىستە « ئەز زەھرەۋەين ( ئىككى گۈل ياكى ئېچىلىش ئالدىدىكى ئىككى ئۈسۈملۈك )» دەپ ئاتالغان. بۇ ئارقىلىق قۇرئان ئاتلىق سۆز جەننىتىدە ئۇنۇپ چىققان ۋە دائىم ئېچىلىپ تۇرغان ئىككى مۇبارەك گۈل ئىكەنلىكى ئىما قىلىنغان بولسا كېرەك.

بەقەرە سۈرىسى قۇرئاننىڭ ئەڭ ئۇزۇن سۈرىسى بولۇپ، ھەم ئايەت سانى ھەم مۇسھابىتا ئىگەللىگەن بەت سانى جەھەتتىن ئېغىر سالماقنى تۇتىدۇ. سۈرە 286 ئايەتتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۆلچەملىك بېسىلغان مۇسھابلاردا 50 بەتنى ئىگىلەيدۇ. بۇ تەخمىنەن قۇرئاننىڭ ئون ئىككىدەن بىرىگە توغرا كېلىدۇ. قۇرئاندا بەقەرە، ئالئىمران، نىسا، مائىدە، ئەنئام، ئەئراف، ئەنفال ۋە تەۋبە سۈرىسىدىن ئىبارەت يەتتە ئۇزۇن سۈرە بار. سائىد بىن جۇبەير ئەنفال سۈرىسىنىڭ ئورنىغا يۇنۇس سۈرىسىنى قويىدۇ. بەقەرە سۈرىسى ھەجىم جەھەتتىنلا قۇرئاندىكى ئەڭ ئۇزۇن سۈرە بولۇپلا قالماستىن، نازىل بولۇش ۋاقتى جەھەتتىنمۇ ئەڭ ئۇزۇن ۋاقىتتا نازىل بولغان سۈرىدۇر. تولۇق نازىل بولغان مۇددىتى ھەققىدە ھەر خىل قاراشلار مەۋجۇت بولۇپ، شۇنداقتىمۇ بەش - ئون يىلغا سوزۇلغان ۋاقىت ئىچىدە تاماملانغان. ئەگەر قۇرئاندا ئەڭ ئاخىردا نازىل بولغان ئايەتنىڭ، بۇ سۈرىنىڭ 281 - ئايىتى ئىكەنلىكىنى ۋەياكى ئۈسۈم بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان 275 - 280 - ئايەتلەر ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگۈچىلەرنىڭ قارىشى توغرا بولسا، سۈرىنىڭ نازىل بولۇش مۇددىتى مەدىنىدىكى 10 يىللىق دەۋرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

سۈرە ھەجىم جەھەتتىن چوڭ بولۇش بىلەن بىرگە، قۇرئاندىكى سۈرىلەر ئىچىدە ئۆز ئىچىگە ئالغان تېما رەڭدارلىقى جەھەتتىنمۇ بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

بەقەرە سۈرىسى ھىجرەتنىڭ بىرىنچى يىلى نازىل بولۇشقا باشلىغان. روزا تۇتۇشنى پەرز قىلغان ئايەت بۇ سۈرىدە ئورۇن ئالماقتا. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، روزا پەرز قىلىنىشتىن بۇرۇن نازىل بولغانلىقى مەلۇم بولماقتا. ھەزرىتى ئائىشە بۇ سۈرە نازىل بولغان مەزگىلدە رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆيىدە ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. مەككىدىكى ۋاقىتدا ھەزرىتى ئائىشەنىڭ رەسۇلۇللاھ بىلەن چاي ئېچكۈزۈلگەنلىكى، ھىجرەتنىڭ بىرىنچى يىلى شەۋۋال ئېيىدىن باشلاپ رەسۇلۇللاھ بىلەن مەدىنىدە توققۇز يىل بىرگە ياشىغانلىقى ھەممىزگە مەلۇم. ھەزرىتى ئائىشەنىڭ بۇ گۇۋاھلىقىمۇ مەزكۇر سۈرىنىڭ ھىجرەتنىڭ بىرىنچى يىلىدا نازىل بولۇشقا باشلىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

بەقەرە سۈرىسنى مەدىنىدە نازىل بولغان تۇنجى سۈرە دەپ قارايدىغانلار مۇتلەق كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدۇ. سۈرىنىڭ نازىل بولۇش مۇددىتى ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ بەش يىل داۋاملاشقان. بۇ مۇددەتنى ئالتە ھەتتا ھەجگە مۇناسىۋەتلىك ئايەتلىرىگە ئاساسەن سەككىز يىلغا چىقىرىشمۇ مۇمكىن. ئىبنى ئابباستىن نەقىل قىلىنغان ئىككى رىۋايەتنىڭ بىرىسدە، سۈرىنىڭ 281 - ئايىتى قۇرئاننىڭ ئەڭ ئاخىردا نازىل بولغان ئايىتى بولۇپ، ۋىدا ھەججىدە قۇربان ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى نازىل بولغان.

ھەزرىتى ئوسمان تەرتىپىدە87 - ئورۇندا، مۇتەففىفىن - ئەنفال سۈرىسى ئارىسىغا تىزىلغان. ئىبنى ئابباس تەرتىپىدىمۇ مۇتەففىفىن - ئەنفال سۈرىسى ئارىسىغا تىزىلغان بولۇپ، 84 - ئورۇنغا يەرلەشتۈرۈلگەن. ئىمام جافەر تەرتىپىدە يۇقىرىدىكى سۈرىلەر ئارىسىدا 86 - ئورۇنغا تىزىلغان. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، دەسلەپكى مەزگىلدىكى تەرتىپلەرنىڭ ھەممىسىدە مۇتەففىفىن - ئەنفال سۈرىسى ئارىسىغا تىزىلغان. بۇ يەر ئالدىنقى سۈرە نەزەردە تۇتۇلغاندا توغرا ئەمەستەك تۇرىدۇ. تەغابۇن - ئەنفال ئارىسى ھازىرچە بۇ سۈرە ئۈچۈن مۇۋاپىق بولسا كېرەك.

سۈرىنىڭ ئانا تېمىسىنى تۆۋەندىكى بەش نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1. ئېتىقاد

2. سەمىمىيەت
3. ئىبادەت
4. ئۇبۇۋۋەت
5. يەھۇدىيلىشىش
ئى ھىدايەت تەلەپ قىلغۇچى، مانا بۇ كىتاب سەن تىلىگەن ھىدايەتتۇر!
بۇ سۈرىنىڭ ئالدىنقى ئايىتى خۇددى فاتىھەدىكى « بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن » دېگەن دۇئانىڭ جاۋابىغا ئوخشايدۇ. يەنى بەندىنىڭ ئاللاھ قا قىلغان ھىدايەت تىلىكىگە ئاللاھ بۇ سۈرىنىڭ باشلىنىشىدا مۇنداق جاۋاب بەرمەكتە:

ذَلِكَ الْكِتَابُ لَا رَيْبَ فِيهِ هُدًى لِلْمُتَّقِينَ

« ئۇزىدە ھېچقانداق شۈبھە بولمىغان بۇ كىتاب (يەنى قۇرئان) تەقۋادارلارغا يېتەكچىدۇر » ( 2 ).
بۇ ئارقىلىق خۇددى، ئى بەندەم سەن ھىدايەت تىلەۋاتامسەن؟ مانا بۇ قۇرئان سېنىڭ دۇئايىڭغا بېرىلگەن جاۋابتۇر، ھىدايەتنىڭ دەل ئۆزىدۇر. ئىلاھى بىر يېتەكچىدۇر. بۇ يېتەكچى ھەمراھلىقىدا ھايات سەپىرىڭنى داۋاملاشتۇر. ئەگەر مۇشۇنداق قىلساڭ يولىڭ ئاخىرىدا جەننەت ئىشىكىگە يېتىپ بارىسەن. ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭ زىيان تارتىسەن، زالالەتكە چۈشىسەن. يولنى ئاداشتۇرۇپ قويغانلار جەننەتكە بارالمايدۇ. جەننەتكە يېتىپ بارالماسلىق جەھەننەمگە كىرىش دېگەنلىكتۇر. دېمىسىمۇ بىر ئۈچى جەننەتكە تۇتاشمىغان بىر يول ۋە سەپەرمۇ جەھەننەمنىڭ بىر قىسمىدۇر دېمەكتە.
قولدا قۇرئاندىن ئىبارەت بىر ھىدايەت يېتەكچىسى تۇرۇپ باشقا يەرلەردىن ھىدايەت ئىزدىگۈچى ياكى قولدا تۇتقان قۇرئاننىڭ ھىدايەت تىلىكىگە ئىجاۋەت قىلىنغان جاۋاب ئىكەنلىكىنى كۆرمىگەن ۋە يەنە ئاللاھ تىن ھىدايەت تىلەۋاتقانلارنىڭ ھالى خۇددى سۇپسۇزۇك بۇلاقنىڭ بويىدا تۇرۇپ ئۇسسۇزلۇقتىن چاڭقاپ كەتكەن كىشىنىڭ ھالىغا ئوخشايدۇ. بۇنداق قىلغۇچى ياكى ھىدايەت تەلەپ قىلغاندەك قىلىپ چىن دىلىدىن ھىدايەت تىلىمەيۋاتقان ۋەياكى نېمە تىلەۋاتقانلىقىنى بىلمەي تىلەۋاتقان ياكى تىلەكتە سەمىمىي بولمىغان ۋەياكى تىلەۋاتقان نەرسىسىنىڭ ماھىيىتىدىن بىخەۋەر بولسا كېرەك. بۇ ئېھتىماللىقلارنىڭ ھەر بىرى بىر - بىرىدىن خەتەرلىك.
فاتىھە بىلەن بەقەرە سۈرىسى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت، ھىدايەت تەلىپى ۋە بۇ تەلەپنىڭ ئىجاۋىتى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. ئىككى سۈرە ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ئۇقتىلىرىدىن يەنە بىرسى فاتىھە سۈرىسىنىڭ ئاخىرىدىكى « غەزىپىڭگە ئۇچرىغانلارنىڭ يولى »نىڭ قايسى يول ئىكەنلىكى بەقەرە سۈرىسىدە كۆرسىتىپ بېرىلگەن. غەزەپكە ئۇچرىغانلارنىڭ يولىدىن ماڭماسلىق ئۈچۈن ئۇلارنىڭ يولىنى بىلىش لازىم. قۇرئان مانا بۇ مەلۇماتنى بەقەرە سۈرىسىدە بايان قىلىدۇ. ۋەھيىنى يەتكۈزۈش ئامانىتى تاپشۇرۇلغان بەنى ئىسرائىلنىڭ يەھۇدىيلىشىشى، غەزەپكە ئۇچرىغانلارنىڭ يولىغا مۇناسىۋەتلىك بىر ئىبرەت ھېكايىسىدۇر.
قۇرئاننىڭ ئەڭ ئۇزۇن سۈرىلىرىدىن بىرسى بەقەرە سۈرىسى بولۇپ، قۇرئاننىڭ كىچىك كۆزنىكىگە ئوخشايدۇ. مۇسھابىتا نېمە ئۈچۈن فاتىھەدىن كېيىن بۇ سۈرىنىڭ تىزىلغانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق. بەزىلەر مۇسھابىتىكى تەرتىپنىڭ ئۇزۇندىن قىسقىغا قاراپ تىزىلغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن. لېكىن بۇنى ھەر سۈرە تەستىقلىمايدۇ. بىزنىڭچە، فاتىھە سۈرىسىدىن كېيىنلا بەقەرە سۈرىسىنىڭ تىزىلىشى، ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇن سەۋەبىدىن بولسا كېرەك. 286 ئايەتلىك بۇ سۈرىنىڭ 116 ئايىتى بەنى ئىسرائىلنىڭ يەھۇدىيلىشىش جەريانىغا ئايرىلغان بولۇپ، بۇ ئۇممەتنى كۇتۇپ تۇرغان ئەڭ چوڭ خەتەرنىڭ بۇ ئىكەنلىكىگە كىشىنىڭ دىققەت نەزىرىنى ئاغدۇرىدۇ. 6- ۋە 7 - ئايىتىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، پۈتۈنلەي ئىمان ئېيتقان ياكى ئىمان ئېيتقاندەك كۆرۈنگەنلەرگە خىتاب قىلىدۇ.
مۇئمىنلەرگە مۇناسىۋەتلىك 5، كاپىرلارغا مۇناسىۋەتلىك 2، مۇناپىقلارغا مۇناسىۋەتلىك 22 ئايەت بۇ سۈرىدە ئورۇن ئالغان. بۇ تەقسىمات ھەقىقەتەن چوڭقۇر مەنىگە. سۈرىنىڭ باشلىنىشىدا يەر ئالغان مۇئمىنلەرگە

مۇناسىۋەتلىك بەش ئايەتلىك بۆلەك ھىدايەت يېتەكچىسى سۈپىتىدە قۇرئاننى ئىشارەت قىلىپ سۆز باشلايدۇ. بۇ بۆلەكتە ئىمان ۋە ئەمەل بىرلىكتە تىلغا ئېلىنىدۇ. غەيبكە ۋە ئاخىرەتكە ئىمان بىلەن ناماز ۋە ئىنفاق يانمۇ - يان قويۇلغان ھالدا تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، بۇلار ھىدايەت ئۈستىدە بولۇشنىڭ شەرتىدۇر. ننجادلىققا ئېرىشىش ھىدايەتكە ئېرىشكۈچىلەرنىڭ ھەققىدۇر.

دەسلەپكى بەش ئايەتتىن كېيىن كاپىرلار ھەققىدە ئىككى ئايەت كېلىدۇ. بۇ ئايەتلەر ئىشارەت قىلغان كاپىرلار ئىمان دەۋىتىگە قەتئىيلىك بىلەن رەددىيە جاۋابى بەرگەن كاپىرلاردۇر. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۇلارنىڭ قەلبى مۆھۈرلەنگەن. چۈنكى ئۇلار ئىنكار قىلىشنى ئادىتىگە ئايلاندۇرىۋالغانىدى. ئەگەر قىيامەتكىچە ئۆمرى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ قىيامەتكىچە ئىنكار قىلىشتا چىڭ تۇرىدىغانلىقى ئېنىق. بۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ قەلبلىرى جىنايىتىنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە ئېچىلىدىغان قىيامەتكىچە مۆھۈرلەنگەن.

ئۇنىڭدىن كېيىن مۇناپىقلارغا مۇناسىۋەتلىك 22 ئايەتلىك بىر بۆلەك بايان قىلىنغان. كاپىرلار ھەققىدە ئىككى ئايەت، ئەمما مۇناپىقلار ھەققىدە 22 ئايەتنىڭ كېلىشى ھەقىقەتەن كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. بۇ ئايەتلەردە مۇناپىقلارنىڭ خاراكتېرى بايان قىلىنغان. ئاساسەن دەسلەپكى مەزگىلدىكى ۋەھيى مۇھاتابلىرى ئارىسىدىكى مۇناپىقلار ئارقىلىق بارلىق دەۋرلەردىكى مۇناپىقلار تەسۋىرلەنگەن.

تەۋبە بىلەن ئادەم، ھەسەت بىلەن شەيتان بولۇش

سۈرىنىڭ 30 - 39 - ئايەتلىرى ئارىسىدا ئادەم - ئىبلىس قىسسىسى بايان قىلىنغان. قىسسىنىڭ باش قەھرىمانى بولغان ئادەم گۇناھىنى ئېتىراپ قىلىپ ئادەم بولۇشنىڭ، ئىبلىس گۇناھىدا چىڭ تۇرۇپ شەيتان بولۇشنىڭ سىمۋولىدۇر. قىسسىدە ئادەم ۋە شەيتان ئارقىلىق خاتالىقنى تونۇش ۋە خاتالىقدا چىڭ تۇرۇش ئاساسىي تېما قىلىنغان. بۇ قىسسە ئارقىلىق ئاللاھ ئىنساندىن خاتالىق ئۆتكۈزمەسلىكنى تەلەپ قىلمايۋاتىدۇ. چۈنكى ئادەمنىڭ ئۆتكۈنچى جەننىتىدىمۇ ئېمتىھان قىلىنغان بىر دەرەخ بولغان يەردە، جەننەت بولمىغان دۇنيادا ھايات باشتىن ئاياغ ئېمتىھان « دەرەخلىرى » بىلەن تولۇپ تاشقاندۇر دېمەكتە. ئادەم- ئىنسانغا، يېقىنلىشىش چەكلەنگەن دەرەخ- ئاللاھ ئىنسان ئۈچۈن بەلگىلىگەن چەك – چېگراغا، شەيتان- ئىنساننىڭ ئازدۇرغۇچى نەپسى - خاھىشىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ قىسسە ئارقىلىق تەۋبە يولىنىڭ ھەر دائىم ئوچۇق ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت خۇشخەۋەر بېرىلمەكتە. ئاللاھ ئىنساندىن خاتالىق سادىر قىلماسلىقنى كۈتمەيدۇ. ئەكسىچە، ئىنساندىن خاتالىقنى ئېتىراپ قىلىپ، مەغپىرەت تىلەشكە يۈزلىنىشىنى كۈتمەكتە.

سۈرىدە ئادەم - ئىبلىس قىسسىسىدىن كېيىن بەنى ئىسرائىلىنىڭ يەھۇدىيلىشىش جەريانى بايان قىلىنىدۇ. بەنى ئىسرائىلنىڭ يەھۇدىيلىشىش جەريانى بىلەن ئۇنىڭ ئالدىدا تىلغا ئېلىنغان ئادەم - ئىبلىس قىسسىسى ئارىسىدا بىۋاستە بىر مۇناسىۋەت بار. ئىبلىس ئادەمگە قانداق ھەسەت قىلغان بولسا، مەدىنىدىكى يەھۇدىيلارمۇ رەسۇلۇللاھقا شۇنداق ھەسەت قىلغانىدى. ئىبلىس ھەسەت قىلىشىنىڭ سەۋەبىنى « مەن ئۇنىڭدىن ئۈستۈن » دەپ كۆرسەتكەندەك، يەھۇدىيلارمۇ مانا شۇنداق بىر سەۋەب بىلەن رەسۇلۇللاھقا ھەسەت قىلغانىدى. ئىبلىس ئاللاھ نىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىنىش بەدىلىگە ئادەمگە سەجدە قىلماسلىقتا چىڭ تۇرغاندەك، يەھۇدىيلارمۇ ئاللاھ نىڭ غەزىپىگە دۇچار بولۇش بەدىلىگە رەسۇلۇللاھقا ئىمان ئېيتمىغانىدى. ئاللاھ خۇددى ئېلىمېنتلىق كېلىپ چىقىش جەھەتتىن توپىدىن يارىتىلغان ئادەمنى ئوتتىن يارىتىلغان شەيتاندىن ئۈستۈن تۇتقاندەك، مۇئمىنلەر ئىچىدىن تاللىغان يېتىم مۇھەممەدنىمۇ ئۆزلىرىنى « تاللانغان مىللەت » ۋە « ئاللاھ نىڭ ئوغۇللىرى ۋە ياخشى كۆرگەن بەندىلىرى » ( تەۋبە، ئاللاھ نى بۇ تۆھمەتلەردىن پاك دەپ بىلىمىز ) دەپ داۋا قىلغان يەھۇدىيلاردىن ئۈستۈن قىلغانىدى.

بەقەرە سۈرىسىنىڭ 8 - ئايىتىدىن باشلىنىپ، ئادەم - ئىبلىس قىسسىسى باشلانغان 30 - ئايەتكىچە بولغان ئارىلىقتا تىلغا ئېلىنغان نىفاق ۋە مۇناپىقلىق مەسىلىسى ئاساسەن ئادەم - ئىبلىس قىسسىسى ۋە يەھۇدىيلەشكەن بەنى ئىسرائىل قىسسىلىرى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا تىلغا ئېلىنغان مۇناپىقلارنىڭ يەھۇدىيلارنىڭ مۇناپىقلىرى بولۇش ئېھتىمالى كۈچلۈك. بىزگىچە يېتىپ كەلگەن نۇزۇل سەۋەبىگە مۇناسىۋەتلىك رىۋايەتلەرمۇ بۇنى تەستىقلايدۇ. چۈنكى بۇ ئايەتلەر نازىل بولغان مەزگىل ھىجرەتتىن

ئۇزۇن ئۆتمىگەن ۋاقىتتا توغرا كېلىدۇ. رەسۇلۇللاھ بىلەن مەدىنىدىكى يەھۇدىي قەبىلىلىرى ئارىسىدا « ۋەسىقە » ئەھدىنامىسى تۈزۈلگەن ئىدى. بۇ ۋەسىقە بىر خىل « ھۇجۇم قىلىشماسلىق » كېلىشىمى ھېسابلىناتتى. يەھۇدىيلار قارامىلىق قىلىپ بۇ ئەھدىنى بۇزۇشنى خالىمايتتى. لېكىن، سامانىنىڭ تېگىدىن سۇ يۈگۈرتۈپ، مۇھەممەدى دەۋەتكە قارشى چىقىشتىن يانمىغان بولۇپ، بۇ قىلمىشى دەل مۇناپىقلىق ئىدى.

بەقەرە سۈرىسى مۇناپىقلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بۆلىكى ئارقىلىق بۇ نىفاقنى پاش قىلىدۇ. بەقەرە سۈرىسى يەھۇدىي مۇناپىقلىرىنىڭ ئالدىغا ئادەم - ئىبلىس قىسسىسى ئارقىلىق، يا تەۋبە قىلىپ ئادەمگە ئوخشاش ئادەم بولۇش ياكى نىفاقلىرىدا چىڭ تۇرۇپ شەيتان بولۇشتىن ئىبارەت ئىككى تاللاشنى قويىدۇ.

سۈرىدە قىسسىلىرى بايان قىلىنغان ئادەم ۋە مۇسا ئارىسىدا ئورتاق بىر نۇقتا بار. يەنى، ئادەم ئىلاھى چەكلىمىنى دەپسەندە قىلىپ گۇناھ ئۆتكۈزىدۇ ۋە تەۋبە قىلىپ يوقىتىپ قويغان جەننىتىنى قايتىدىن تاپىدۇ. مۇسا بىر قازا سەۋەبىدىن جىنايەت سادىر قىلىدۇ ۋە تەۋبىسى ئۈنىڭغا بىر « يەدى بەيزا ( نۇرلۇق قول ) » نى بەخش ئېتىدۇ.

بەقەرە سۈرىسىنىڭ ئاساسىي تېمىسى - يەھۇدىيلەشمەڭلار!

ئادەم - ئىبلىس قىسسىسى ئاخىرلاشقان 40 - ئايەتتە تۇيۇقسىز شۇ خىتاب ئالدىمىزغا چىقىدۇ: « ئى بەنى ئىسرائىل! ». بۇ خىتاب بېرىلگەن ئايەتتە ئۇلارغا قارىتا تۆۋەندىكى ئەسكەرتىش تىلغا ئېلىنغان:

يَا بَنِي إِسْرَائِيلَ اذْكُرُوا نِعْمَتِيَ الَّتِي أَنْعَمْتُ عَلَيْكُمْ وَأَوْفُوا بِعَهْدِي أُوفِ بِعَهْدِكُمْ وَإِيَّايَ فَارْهَبُونِ

« ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! ئۆز ۋاقتىدا مېنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىمنى ياد ئېتىڭلار، ماڭا بەرگەن ۋەدەڭلارغا ۋاپا قىلىڭلار، مەنمۇ سىلەرگە قىلغان ۋەدەمگە ۋاپا قىلىمەن، مەندىنلا قورقۇڭلار » ( 40 ).

« ئى بەنى ئىسرائىل! » دېگەن خىتاب بىلەن باشلىنغان ۋە قىلغان خاتالىقلىرى بىرمۇ - بىر يۈزىگە سېلىنغان ئايەتلەرنىڭ مۇھاتابلىرى ئۆلۈپ تۈگىگەن، تارىختا تېما بولغان بەنى ئىسرائىل ئەمەس. دەل ۋەھيي نازىل بولۇۋاتقان مەزگىلدە ياشاۋاتقان يەھۇدىيلاردۇر. قۇرئان ھېچقانداق ئېتىراز قىلماستىن، ھېچقانداق ئىزدەنمەستىن ئەجدادلىرىنىڭ ئىزىدىن ماڭغان يەھۇدىيلارنىڭ، ئەجدادلىرىنىڭ خاتالىقىغا ھەمتاۋاق بولغانلىقىنى بايان قىلماقتا. ئۇلارنى نەچچە ئەسىردىن بۇيان نەسىلدىن نەسىلگە يەتكۈزۈپ كەلگەن خاتالىقلىرىنىڭ باش جىنايەتچىسى دەپ ئەيىپلىمەكتە. ئۇلارمۇ بۇ ئەيىپلەشكە قارىتا ھېچقانداق بىر ئېتىراز بىلدۈرەلمىگەن. تارىخ مەدىنە يەھۇدىيلىرىنىڭ « ئۇلار ئەجدادلىرىمىزنىڭ قىلغان ئىشى ئىدى، بىز شۇ ياكى بۇ نۇقتىدا ئۇلارغا قوشۇلمايمىز » دېگەندەك بىر ئېتىرازنى قەيت قىلمىغان.

بۇ بۆلەكتە مۇسۇلمان بەنى ئىسرائىلنىڭ يەھۇدىيلىشىش جەريانى بايان قىلىنىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئى ئۇممەتى مۇھەممەد! يەھۇدىيلىشىش پەقەت ئىبرانى مىللىتىگە خاس ئىللەت ئەمەس. ئەگەر سىلەرمۇ ئۇلارنىڭ قىلغانلىرىنى قىلساڭلار، سىلەرمۇ ئۇلارغا ئوخشاش بولىسىلەر. ئەگەر يەھۇدىيلىشىشنى خالىمىساڭلار، ئۇلارنى يەھۇدىيلەشتۈرگەن خۇسۇسلاردىن ھەزەر ئەيلەڭلار، دېيىلمەكتە.

بۇ خۇسۇسلارنى بەقەرە سۈرىسىنىڭ 40 - ئايىتىدىن باشلاپ 116 - ئايەت ۋە داۋامىدىكى بۆلەكتە يىغىنچاقلىغان نۇقتىلار تۆۋەندىكىچە:

1. ئاللاھ قا بەرگەن ۋەدىسىدە تۇرمىدى، ھەر قېتىم ۋەدىسىدىن يېنىۋالدى ( 40، 64 ).

2. ئاللاھ نىڭ ئايەتلىرىنى دۇنيالىق مەنپەئەتكە تېگىشىۋەتتى، دىنىنى مۇراسىمغا ئايلاندۇرۇپ، شەكلىگە مەھكۇم قىلىپ قويىدى ( 41، 177 ).

3. ھەقنى باتىل بىلەن ئارىلاشتۇرىۋەتتى ( 42 ).

4. ئىبادەتلەرنى ئەسلى مەقسىتىدىن يىراقلاشتۇرۇپ بۇرمىلىۋەتتى ( 43 ).

5. ئېرىشكەنلىرىنى تەڭ بەھرىمان بولۇشقا بۇيرۇلغان بولسىمۇ، بۇنىڭغا ئەمەل قىلمىدى ( 43 ).

6. ئاللاھ نىڭ ئەمرىگە بويسۇنمىدى، چەكلىمىلىرىنى دەپسەندە قىلدى ( 43، 65 ).

7. باشقىلارغا پەزىلەتلىك بولۇشنى تەۋسىيە قىلىپ، ئۆزلىرى تەرك قىلدى ( 44 ).

8. ئەقلنى ئىشلەتمدى ( 44 ).

9. ئاللاھ بەرگەن نېمەتلەرگە قارىتا تۇزكورلۇق قىلدى ( 47 ).

10. ئاللاھ نىڭ نەزىرىدە ئالاھىدە ئورنى بارلىقىدىن ئىبارەت خاتا چۈشەنچىسى بىلەن غەپلەتكە چۆمدى ( 48، 80 ).

11. دۈشمەنلىرىگە ئۇلارنىڭ ئىلاھلىرىغا رىشتە باغلىغىدەك دەرىجىدە ھەۋەس قىلىشتى ( 54، 92 ).

12. ئاللاھ نى ياردىمى ۋە مۆجىزىلىرى بىلەن كۆرۈپ تۇرۇپمۇ، بۇنىڭغا قانائەت قىلماستىن كۆزى بىلەن كۆرمەكچى بولدى ( 55 ).

13. مەن ۋە سەلۋا قاتارلىق نېمەتلەرگە تۇزكورلۇق قىلىپ، ئۆز نەپسىگە زۇلۇم قىلدى ( 57 ).

14. ھەقىقەتنى كەلىمىلەرگە، كەلىمىلەرنى سۆز ئويۇنىغا قۇربان قىلىۋەتكەنىدى ( 59 ).

15. ياشىغان ماكانلاردا دائىم پاسات، ئۇرۇش، مالىمانچىلىق ۋە پىتنە تېرىپ تۇرغان ( 60 ).

16. ئىمان ۋە ھۆرلۈكنى پىياز ۋە سامساقىقا ساتىدىغان دەرىجىدە قارنىغا دۈم چۈشكەنىدى ( 61 ).

17. ئاللاھ مۇسىبەتلەر ۋە نېمەتلەر ئارقىلىق بەرگەن بىشارەتلىرىگە كۆزىنى يۇمۇۋالغان، ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسىدە بولغانىدى ( 61 ).

18. ئۆزلىرىگە ھەقنى يەتكۈزگەن پەيغەمبەرلەرنى يالغانغا چىقارغان، ھاقارەتلىگەن، ئەزىيەت يەتكۈزگەن، ئۆلتۈرگەنىدى ( 61، 87 ).

19. ئىلاھىي ئەمرلەرنى مەقسەتلىرىگە ئاساسەن ئادا قىلىشنىڭ ئورنىغا تەپسىلاتلىرى بىلەن ئاۋارە بولۇپ، ئۆزىگە قىيىنلاشتۇرىۋالغانىدى ( 67 - 74 ).

20. ئادالەتنى ھەممە كىشىگە ئوخشاش ئىجرا قىلىشنىڭ ئورنىغا كىشىگە قاراپ مۇئامىلە قىلغانىدى ( 72، 178 ).

21. ئاللاھ نىڭ كالامىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۆزگەرتىۋەتكەنىدى ( 75 ).

22. مۇناپىقلىقنى دىنغا ئايلاندۇرىۋالغان ( 76 ).

23. ئاللاھ نىڭ كىتابىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ، ئۆزلىرى يېزىۋالغان كىتابلارنى ئاللاھ نىڭ كىتابىدىن ئۇستۇن تۇتقان ۋە ئاللاھ نىڭ كىتابىغا قىلىشقا تېگىشلىك مۇئامىلىنى بۇ كىتابلارغا كۆرسەتكەن ( 79 ).

24. ئىچكى ئىختىلاپنى تەپرىقىغە، تەپرىقىنى قان داۋاسىغا ئايلاندۇرۇپ، بىر - بىرىنىڭ كىكىردەكىنى سىققان ( 84 ).

25. دوستلىرىغا دۈشمەندەك مۇئامىلە قىلىپ، نەپرەتلىرىنى ئۆز كىشىلىرىنىڭ ئۈستىگە ياغدۇرغانىدى ( 85 ).

26. ئۆزلىرىنىڭ ئېتىقادى ئاساسلىرىنى تەستىقلىغان بىر ۋەھيي كەلگەندە، ئېرىقچىلىق قىلىپ ئۇنى ئىنكار قىلدى ( 89، 91 ).

27. ھەقىقەتنى قىزغاندى، ئۆزلىرىگە كەلمىگەن ھەقىقەتكە دۈشمەن بولدى ( 90 ).

28. شەخسىيىتىنى ساتتى ( 90، 102 ).

29. « ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلغانغا ئىمان ئېيتىڭلار » دېيىلگەندە، « بىز پەقەت ئۆزىمىزگە نازىل قىلىنغانغا ئىشىنىمىز » دېيىشتى ( 91 ).

30. ۋەھيىنى ھاياتىڭلارغا تەدبىقلاڭلار دېيىلگەندە، تاشقى جەھەتتىن ئىتائەت قىلغاندەك كۆرۈنۈپ، قەلبى جەھەتتىن قارشى چىقتى ( 93 ).

31. دەسلەپ ئېتىقادى بۇزۇلدى، ئاندىن ئەمەللىرى بۇزۇلدى ( 93 ).

32. ئاخىرەتتە ئۆزلىرىگە ئالاھىدە مۇئامىلە قىلىنىدىغانلىق خام خىيالىغا پاتتى ( 94 ).

33. دۇنياغا بېرىلىپ كېتىشتى، دۇنيا ھاياتىغا ھەددىدىن زىيادە بىر رىشتە بىلەن باغلاندى ( 96 ).

34. پەقەت ئۆزى ئىچىدىن چىقمىغان ھەزرىتى مۇھەممەدكىلا ئەمەس، ھەتتا ئۇنىڭغا ۋەھيي ئېلىپ كەلگەن جىبرىئىلغىمۇ دۈشمەن بولۇشتى ( 98 ).

35. ھەزرىتى مۇساغا كەلگەن ۋەھيىنىڭ ئەڭ يېڭى شەكلى بولغان قۇرئان ۋەھيىدىن يۈز ئۆرىدى ( 101 ).

36. پەيغەمبەرلىرىگە ۋە ياخشىلارغا قارىتا تارىختىن بېرى ھەر خىل تەشكىللىك ھىيلە - نەيرەڭ، تۇزاق، سۇيىقەست، سېھىر ۋە ئەپسۇن قىلىش بىلەن ئاۋارە بولدى ( 102 ).
37. كەلىمىلەرنى ئۆزگەرتىۋەتتى، سۆزنى ئۇياقتا ئۆرۈپ، بۇ ياقتا چۆرۈپ، تىلنى بۇزۇپ تاشلىدى ( 104 ).
38. قۇۋلۇق قىلغان بولسىمۇ، ئىماننى بىرىپ ئورنىغا كۇپرىنى سېتىۋالغاندى ( 108 ).
39. ئۆزلىرى ئىنكار قىلىش بىلەن كۇپايىلىنىپ قالماي، يەنە مۇئمىنلەرنىمۇ ئازدۇرۇشقا ئۇرۇنغاندى ( 109 ).
40. يەھۇدىي بولمىغانلار جەننەتكە كىرەلمەيدۇ دېگەن سەپسەتىسى ئارقىلىق، ھەقىقەتكە مەنسۇپ بولۇشنىڭ ئورنىغا جامائەتكە مەنسۇپ بولۇشنى ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى قىلىۋالدى ( 111 ).

سۈرىدە مۇسۇلمان بەنى ئىسرائىلنىڭ قانداق قىلىپ يەھۇدىيلەشكەنلىكىنى تەپسىلاتى بىلەن ۋە تارىخى مىساللىرى بىلەن بايان قىلىنىۋېتىپ، بىردىنلا تېما باشقا بىر مەسىلىگە يۆتكىلىدۇ. 122 - ئايەتتىن باشلاپ ئەسلى تېمىغا قايتىدۇ. لېكىن، 108 - 121 - ئايەتلەر ئارىسىدىكى بۆلەك بىر تېمىدىن چەتنىگەن بىر پاراگراف بولۇپ، بۇ خۇددى يەھۇدىيلار ھەققىدىكى بارلىق بايانلار ئارقىلىق « قىزىم ساڭا ئېيتاي، كېلىنىم سەن ئاڭلا » دېگەنلىكتۇر. يەنى، ھەزرىتى مۇسانىڭ يەھۇدىيلەشكەن ئۇممىتى ھەققىدە توختالغاندا، ئەسلى مەقسەت ھەزرىتى مۇھەممەدنىڭ ئۇممىتىگە « ئاگاھ بولۇڭلار، يەھۇدىيلەشمەڭلار! » دېيىش ئىدى. يەھۇدىيلار ھەققىدە توختالغان ئىككى بۆلەك ئارىسىغا قىستۇرۇلغان ۋە مۇھاتابى بىۋاستە ھالدا ئۇممەتى مۇھەممەد بولغان ئارا بۆلەكنىڭ تۇنجى ئايىتى تۆۋەندىكىچە:

أَمْ تُرِيدُونَ أَنْ تَسْأَلُوا رَسُولَكُمْ كَمَا سُئِلَ مُوسَى مِنْ قَبْلُ وَمَنْ يَتَبَدَّلِ الْكُفْرَ بِالْإِيمَانِ فَقَدْ ضَلَّ سَوَاءَ السَّبِيلِ

« ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار) ئىلگىرى مۇسادىن تەلەپ قىلغان نەرسىلەرنى سىلەرمۇ پەيغەمبىرىڭلاردىن تەلەپ قىلىۋاتامسىلەر؟ كىمكى ئىماننى كۇفرىغا تېگىشسە، ئۇ ھەقىقەتەن توغرا يولدىن ئازغان بولىدۇ » ( 108 ).

ئاندىن سۆز يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلار ئارىسىدىكى مۇنازىرىغا كېلىدۇ ( 113 ۋە داۋامى ). بۇ دە - تالاشتا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ « ھەقىقەت »نىڭ ئورنىغا جامائەتنى قويغانلىقى ئىما قىلىنىدۇ. ھەقىقەتنى ئىسىملارغا، نەسەبلەرگە، دىن گۇرۇپپىلىرىغا خاس قىلىۋالغىلى بولمايدىغانلىقىنى تۆۋەندىكى ئايەت مۇنداق بايان قىلىدۇ:

وَلَنْ تَرْضَى عَنْكَ الْيَهُودُ وَلَا النَّصَارَى حَتَّى تَتَّبِعَ مِلَّتَهُمْ قُلْ إِنَّ هُدَى اللَّهِ هُوَ الْهُدَى وَلَئِنِ اتَّبَعْتَ أَهْوَاءَهُمْ بَعْدَ الَّذِي جَاءَكَ مِنَ الْعِلْمِ مَا لَكَ مِنَ اللَّهِ مِنْ وَلِيٍّ وَلَا نَصِيرٍ

سەن يەھۇدىيلار ۋە ناسارالارنىڭ دىنىغا كىرمىگىچە ئۇلار سەندىن ھەرگىزمۇ رازى بولمايدۇ.
ئۇلارغا ئېيتقىنكى، « توغرا يول پەقەت الله نىڭ يولىدۇر ».
ساڭا كەلگەن ( مۇتلەق ھەقىقەتنىڭ ) ئىلمىدىن كېيىن، ئەگەر سەن ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگىشىدىغان بولساڭ، سېنى الله نىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزىدىغان ھېچقانداق دوستمۇ بولمايدۇ، مەدەتكارمۇ بولمايدۇ ( 120 ).

بۇ ئايەتتىن كېيىن كەلگەن ئايەت بىر ئېتىقادقا مەنسۇپ بولغۇچىلار ئىچىدە ياخشىلارنىڭمۇ، ناچارلارنىڭمۇ بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى بايان قىلىدۇ. قۇرئان ھەممىنى قارا - قويۇق بىر تاياقتا ھەيدەيدىغان ۋە ئومۇمىيلاشتۇرىۋالىدىغان بىر تىل ئۇسلۇبىنى رەت قىلىدۇ. قۇرئان ھەممىنى بىراقلا سۈپۈرۈپ تاشلىۋەتمەيدۇ ياكى ھەممىدىن بىراقلا سۈپۈرۈپ ئالمايدۇ. دائىم تاسقاپ تاللايدىغان ۋە ئاق - قارىنى پەرق ئېتىپ ئايرىيدىغان بىر ئەقىل بەرپا قىلىدۇ. بۇ ئايەتمۇ دەل بۇلاردىن بىرسى. 122 - ئايەت بىلەن سۆز ئەسلىدىكى تېمىغا، يەنى بەنى ئىسرائىل ھەققىدىكى بايانلارغا قايتىدۇ. لېكىن ئارقىدىنلا ھەزرىتى ئىبراھىم بىلەن داۋاملىشىدۇ. چۈنكى يەھۇدىيلارمۇ، مۇشرىكلارمۇ ھەزرىتى ئىبراھىمنى سۇيىئىستىمال قىلىۋاتقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئېتىقاد نۇقتىسىدىن

ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادى ئىكەنلىكىنى داۋا قىلىپ، ئۆزلىرىنى ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ دىنىغا نىسبەت قىلىۋاتقانىدى. قۇرئان دەل بۇ نۇقتىدا يەھۇدىيلارنى جان يېرىدىن تۇتۇپ، قىبلىنىڭ قۇددۇستىن كەبىگە ئۆزگەرتىلىشىنى ئىما قىلىپ، كەبىنى ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ قايتىدىن بىنا قىلىشىنى بايان قىلىدۇ ( 125 - 129 ). ئاندىن ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ ۋە ھەزرىتى ياقۇبنىڭ نەسلىدىن تەۋھىدكە سادىق بولىدىغانلىقلىرى ھەققىدە ۋەدە ئالغانلىقى بايان قىلىنىدۇ ( 132 - 133 ). ئەجدادى بىلەن ماختانغانلارغا سەممىي بىر ئەسكەرتىش سۈپىتىدە قۇرئان مۇنداق دەيدۇ:

تِلْكَ أُمَّةٌ قَدْ خَلَتْ لَهَا مَا كَسَبَتْ وَلَكُمْ مَا كَسَبْتُمْ وَلَا تُسْأَلُونَ عَمَّا كَانُوا يَعْمَلُونَ

« ئۇلار ئۆتكەن بىر ئۈممەتتۇر، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرى ئۆزلىرى ئۈچۈندۇر. سىلەرنىڭ ئەمەلىڭلار ئۆزۈڭلار ئۈچۈندۇر، ئۇلارنىڭ قىلمىشىغا سىلەر جاۋابكار ئەمەس » ( 134 ).

ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن بۆلەكلەردە يەھۇدىيلارنىڭ بىھۇدە ۋە ھەقسىز تەكەببۇرلۇقى ۋە كىبىرلىرى تىلغا ئېلىنىدۇ ( 135 - 141 ). ئاندىن قىبلىنىڭ قۇددۇستىن كەبىگە ئۆزگەرتىلىشى بايان قىلىنىپ ( 142 ۋە داۋامى )، ھەر ئۈممەتنىڭ بىر قىبلىسى بولغانلىقى ئەسكەرتىلىدۇ ( 148 ). بەدەننىڭ قايسى تەرەپكە يۈزلەنگەنلىكى مۇھىم ئەمەس ( 177 ). مۇھىم بولغان نەرسە قەلبىنىڭ ئاللاھ قا يۈزلەنگەن يۈزلەنمىگەنلىكى ( 149 - 152 ) بولۇپ، بۇ بۆلەكتە ھەقىقى ياخشى ئەمەلنىڭ ئېنىقلىمىسى مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

لَيْسَ الْبِرَّ أَنْ تُوَلُّوا وُجُوهَكُمْ قِبَلَ الْمَشْرِقِ وَالْمَغْرِبِ وَلَكِنَّ الْبِرَّ مَنْ آمَنَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ وَالْمَلَائِكَةِ وَالْكِتَابِ وَالنَّبِيِّينَ وَآتَى الْمَالَ عَلَى حُبِّهِ ذَوِي الْقُرْبَى وَالْيَتَامَى وَالْمَسَاكِينَ وَابْنَ السَّبِيلِ وَالسَّائِلِينَ وَفِي الرِّقَابِ وَأَقَامَ الصَّلَاةَ وَآتَى الزَّكَاةَ وَالْمُوفُونَ بِعَهْدِهِمْ إِذَا عَاهَدُوا وَالصَّابِرِينَ فِي الْبَأْسَاءِ وَالضَّرَّاءِ وَحِينَ الْبَأْسِ أُولَئِكَ الَّذِينَ صَدَقُوا وَأُولَئِكَ هُمُ الْمُتَّقُونَ

« سىلەرنىڭ كۈن چىققان ۋە كۈن پاتقان تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشۈڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ. بەلكى اللە قا، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، كىتابقا (يەنى اللە نازىل قىلغان كىتابلارغا)، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش، اللە نى سۆيۈش يۈزىسىدىن خىش ـ ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبن سەبىللەرگە (يەنى پۇل ـ مېلىدىن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان مۇساپىرلارغا)، سائىللارغا ۋە قۇللارنىڭ ئازادلىقىقا ئېرىشىشىگە پۇل ـ مال ياردەم بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، يوقسۇزلۇققا، كېسەللىككە ۋە ھەر خىل قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىش ياخشى ئەمەلگە كىرىدۇ. ئەنە شۇلار (يەنى يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە كىشىلەر) (ئىماندا) راستچىل ئادەملەردۇر، ئەنە شۇلار تەقۋادار ئادەملەردۇر » ( 177 ).

ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن ئاللاھ يولىدا جان بەرگۈچىلەرنىڭ ئەھۋالىدىن، سەفا بىلەن مەرۋە ئارىسىدا سەئيى قىلىش مەسىلىسىنىڭ ئۆزىدە ئىخلاس ۋە سەممىيەتنىڭ بولۇشى كېرەكلىكى تەكىتلىنىدۇ ( 154 - 158 ). ئىخلاسنىڭ ئاساسي پەقەت بىر بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ تەۋھىدتۇر ( 159 - 167 ). يېمەك - ئىچمەكنىڭ بىختەرلىكى ۋە ھالاللىقى ھەققىدە توختىلىپ، ئەسلىدە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىنىڭ مۇباھلىق ئىكەنلىكىنى ئىما قىلىدۇ ( 168 - 173 ).

سۆز يەنە يەھۇدىيلەشكەن بەنى ئىسرائىلغا قايتىدۇ ( 174 ۋە داۋامى ). بۇ ئارقىلىق مۇھەممەد ئۈممىتى ئاگاھلاندۇرۇلىدۇ ( 178 - 182 ). بۇ بۆلەكتە جىنايەتنىڭ جازاسى ۋە مىراس ھەققىدە توختىلىدۇ. قارىماققا بۇ تېمىنىڭ بەنى ئىسرائىل بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوقتەك كۆرۈنىدۇ، لېكىن بۇ مەسىلىنى بەنى ئىسرائىلنىڭ يەھۇدىيلىشىش مەسىلىسى ئىچىدە تىلغا ئالىدۇ. مەسىلەن، قەستەنلىك بىلەن سادىر قىلغان جىنايەتلەردە قىساس ئېلىشقا بۇيرىغان ئايەتلەر مۇئمىنلەرنىڭ بەنى ئىسرائىلنىڭ يەھۇدىيلىشىش ئالامەتلىرىدىن بىرى بولغان « كىشىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىغا قاراپ جازا » بېرىشتىن ئىبارەت ئازغۇنلۇقىغا چۈشۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن بايان قىلىنغان.

روزا بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنىڭ يەھۇدىيلارنى بايان قىلغان بۆلەكلەر ئارىسىدا كېلىشى ھەقىقەتەن كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. بۇ بۆلەك مۇنداق باشلىنىدۇ:

يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى الَّذِينَ مِنْ قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ

« ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھ ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىنى بىلگۈچىلەردىن بولۇشۇڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى » ( 183 ).

بۇ ئارقىلىق، ئى مۇھەممەد ئۈممىتى! يەھۇدىيلەشكەن بەنى ئىسرائىلنىڭ خاتالىقلىرىغا قارشى چىقىڭلار. بۇنى ئىنسانىيەت بىلەن تەڭتۇش بولغان ئىسلامنىڭ ھەقىقەتلىرىگە ئىگە بولغان ھالدا ئادا قىلىڭلار. ئۇ ھەقىقەتلەردىن بىرسى روزىدۇر، دېمەكتە. روزا ئىنسانىيەت بىلەن تەڭ دىمەتلىك بولغان ئىسلامنىڭ بارلىق زامان ۋە ماكانلاردا ئادا قىلىنىپ كىلىنگەن ئىبادەتلىرىدىن بىرسى.

ئاندىن ئۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرگە دائىر ئايەتلەر بايان قىلىنىدۇ ( 190 ۋە داۋامى، 261 ۋە داۋامى ). ئۇرۇش بولمايدىغان بىر دۇنيانى تەسەۋۋۇر قىلىش ساددىلىق بولىدۇ. چۈنكى بۇنداق بىر دۇنيا جەننەت بولىدۇ. ھاياتنى كۆلپەتكە ئايلاندۇرۇشنىڭ يولىدىن بىرسى، جەننەتنى بۇ دۇنيادا بەرپا قىلىشقا ئۇرۇنۇشتۇر. ئۇرۇش ھاياتنىڭ بىر پارچىسى بولۇپ، مۇۋاپىق بولغان نەرسە ئۇرۇش ئەخلاقى ۋە بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلىشتۇر. قۇرئاندا مەزكۇر ئايەتلەر مۇھاتابىدا بۇ ئاڭنى شەكىللەندۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ.

بەقەرە سۈرىسىدە تەپسىلى بايان قىلىنغان ئىبادەتلەردىن بىرسى ھەج ئىبادىتى بولۇپ، بۇ سۈرىدە ھەج ئۇرۇش دائىرىسى ئىچىدە تىلغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى ھەج ئايلىرى ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلار بولۇپ، بۇ بەلگىلىمىگە رىئايە قىلىمىغاندا، ئىبادەت قىلىش ھەققىنى دەپسەندە قىلغانلىق بولىدۇ.

219 ـ 242 ـ ئايەتلەر ئارىسىدىكى بۆلەكتە ھاراقنىڭ زىيىنى، ئىنفاقنىڭ پايدىسى، يېتىملارغا ئىگە چىقىش، ئاياللارنىڭ ھەيز ھاللىرى، ئاللاھ نامىدىن قىلىنغان قەسەم ۋە بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان تالاققا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر تىلغا ئېلىنىدۇ.

ئاللاھ نامىدىن قىلىنغان قەسەملەرگە مۇناسىۋەتلىك ئايەتتە، ۋەھيي ئىنساننى « ئاللاھ نى شاھىت قىلىپ قىلغان ھەر ئىشقا ئاللاھ نىڭ ھەقىقەتەن شاھىت بولغانلىقىنى ئۇنتۇما! » دەپ ئاگاھلاندۇرىدۇ:

« مەقسەتسىز ئىچكەن قەسىمىڭلار ئۈچۈن الله سىلەرنى جازاغا تارتمايدۇ، دىلىڭلارنىڭ تۈتقان مۇئامىلىسى ئۈچۈن الله سىلەرنى جاۋابكارلىققا تارتىدۇ. الله مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ھەلىمدۇر ( يەنى بەندىلىرىنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ، بەندىسىگە پۇرسەت بەرگۈچىدۇر ) » ( 225 ).

243 ـ ئايەتتە سۆز يەنە بەنى ئىسرائىلغا قايتىدۇ. تالۇت ۋە جالۇت قىسسىسى ( 246 ـ 252 ) ئىبرەتلىك بىر قىسسەدۇر. بۇ قىسسە ئارقىلىق مۇئمىنلەرگە تەكرارلىنىدىغان تارىخنى قانداق مۇلاھىزە قىلىشى كېرەكلىكىنى ئۆگىتىدۇ. رەسۇلۇللاھنىڭ قوماندانلىقىدىكى مۇسۇلمانلار قوشۇنى تالۇتنىڭ قوشۇنىغا، مۇشرىكلارنىڭ قوشۇنى جالۇتنىڭ قوشۇنىغا ئوخشىتىلغان. مانا بۇ نۇقتىدا سۈرىدە ئايىتەل كۇرسى كېلىدۇ. ئايىتەل كۇرسى ئاللاھ نى تونۇشتۇرغان ئايەتتۇر.

بەنى ئىسرائىلنىڭ يەھۇدىيلىشىش جەريانىنى بايان قىلغان بىر سۈرىنىڭ مەركىزىدە نېمە ئۈچۈن بۇنداق بىر ئايەت كەلگەن؟

ئەلجاۋاب: ھەر تۈرلۈك ئازغۇنلۇقنىڭ تەكتىدە، تەسەۋۋۇردىكى ئاللاھ چۈشەنچىسىنىڭ توغرا بولمىغانلىقى ياتىدۇ. بۇ ئايەت بايان قىلغان ھەقىقەت « ئۇخلاپ قالمايدىغان ۋە ئۇنتۇپ قالمايدىغان » بىر ئاللاھ ئېتىقادىغا ئىنساننى دەۋەت قىلىشتۇر. بۇ ئايەت ئالدى بىلەن ئاللاھ نى ئۇخلاتماقچى ۋە ئۇنتۇغۇزماقچى بولغان تەسەۋۋۇردىكىلەرنى ( ئاللاھ نى بۇ نۇقسانلاردىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمىز ) توغرا بولغان ئاللاھ تەسەۋۋۇرىغا دەۋەت قىلىدۇ. مانا بۇ ئايەت تۆۋەندىكىچە:

اللَّهُ لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ الْحَيُّ الْقَيُّومُ لَا تَأْخُذُهُ سِنَةٌ وَلَا نَوْمٌ لَهُ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الْأَرْضِ مَنْ ذَا الَّذِي يَشْفَعُ عِنْدَهُ إِلَّا بِإِذْنِهِ يَعْلَمُ مَا بَيْنَ أَيْدِيهِمْ وَمَا خَلْفَهُمْ وَلَا يُحِيطُونَ بِشَيْءٍ مِنْ عِلْمِهِ إِلَّا بِمَا شَاءَ وَسِعَ كُرْسِيُّهُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ وَلَا يَئُودُهُ حِفْظُهُمَا وَهُوَ الْعَلِيُّ الْعَظِيمُ

« بىر اللە تىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر؛ اللە ھەمىشە تىرىكتۇر، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر؛ ئۇ مۈگدەپ قالمايدۇ، ئۇنى ئۇيقۇ باسمايدۇ. ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە اللە نىڭ (مۈلكى) دۇر؛ اللە نىڭ رۇخسىتىسىز كىممۇ اللە نىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلالىسۇن؟ اللە ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى (يەنى دۇنيادا قىلغان)، كەينىدىكى (يەنى ئۇلار ئۇچۇن ئاخىرەتتە تەييارلىغان) ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرىدۇ؛ ئۇلار اللە نىڭ مەلۇماتىدىن (اللە) ئۇلارغا بىلدۈرۈشنى خالىغان نەرسىلەردىن باشقا ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ، اللە نىڭ كۇرسى (مەلۇماتى) ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاسمان ـ زېمىننى ساقلاش ئۇنىڭغا ئېغىر كەلمەيدۇ. ئۇ يۇقىرى مەرتىۋىلىكتۇر، ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر » ( 255 ).

ئايىتەل كۇرسىدىن كېيىنلا كەلگەن ئايەتمۇ مەزكۇر ئايەتنىڭ دېمەكچى بولغانلىرىنى تولۇقلىماقتا ۋە ئاللاھ نىڭ ئىنساننىڭ ئىرادىسىگە بولغان ھۆرمىتىنى بايان قىلماقتا. بۇ ئايەتنىڭ خۇلاسىسى « ئىمان ئىنساننىڭ ھۆر ئىرادىسىنى ئاساس قىلىدۇ »:

لَا إِكْرَاهَ فِي الدِّينِ قَدْ تَبَيَّنَ الرُّشْدُ مِنَ الْغَيِّ فَمَنْ يَكْفُرْ بِالطَّاغُوتِ وَيُؤْمِنْ بِاللَّهِ فَقَدِ اسْتَمْسَكَ بِالْعُرْوَةِ الْوُثْقَى لَا انْفِصَامَ لَهَا وَاللَّهُ سَمِيعٌ عَلِيمٌ

« دىندا زورلاش يوقتۇر، ھىدايەت گۇمراھلىقتىن ئېنىق ئايرىلدى، كىمكى تاغۇت (يەنى اللە تىن باشقا بارچە مەبۇد) نى ئىنكار قىلىپ، اللە قا ئىمان ئېيتىدىكەن، ئۇ سۇنماس، مەھكەم تۇتقىنى تۇتقان بولىدۇ، اللە (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئىشلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر » ( 256 ).

ئايىتەل كۇرسىدىن كېيىن بايان قىلىنغان تېمىلارنىڭ كۆرۈنگەن يۈزى نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ تېمىلار توغرا بولغان بىر ئەقىدىنىڭ تىكلىنىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بولۇپمۇ ئىگە بولغان ھەر تۈرلۈك ئىقتىسادىي ئىمكانلارنى يوقسۇللار بىلەن بىرگە بەھرىمان بولۇش مەسىلىسى 261 - ئايەتتىن تارتىپ 283 - ئايەتكىچە داۋاملىشىدۇ. بۇ ئايەتلەردە ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈملەرنىڭ ھەممىسىنىڭ تەكتىدە ئىنساننىڭ ئاللاھ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ياتماقتا. سۈرىنىڭ ئاخىرقى ئۈچ ئايىتى، 283 - ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان ھەر نەرسىنىڭ مەقسىتىنىڭ ئىنساننىڭ ئەبەدىي سائادىتى ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. سۈرىنىڭ دۇئا بىلەن ئاخىرلىشىشى ھەقىقەتەن كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. بولۇپمۇ بۇ دۇئانىڭ ئىچىدە « بىزدىن ئىلگىرىكىلەرگە يۈكلىگىنىڭگە ئوخشاش بىزگە ئېغىر يۈك يۈكلىمىگىن » دۇئاسى بىۋاستە بەنى ئىسرائىلغا قىلىنغان ئىما بولسا كېرەك.

لِلَّهِ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الْأَرْضِ وَإِنْ تُبْدُوا مَا فِي أَنْفُسِكُمْ أَوْ تُخْفُوهُ يُحَاسِبْكُمْ بِهِ اللَّهُ فَيَغْفِرُ لِمَنْ
يَشَاءُ وَيُعَذِّبُ مَنْ يَشَاءُ وَاللَّهُ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ (284) آمَنَ الرَّسُولُ بِمَا أُنْزِلَ إِلَيْهِ مِنْ رَبِّهِ وَالْمُؤْمِنُونَ
كُلٌّ آمَنَ بِاللَّهِ وَمَلَائِكَتِهِ وَكُتُبِهِ وَرُسُلِهِ لَا نُفَرِّقُ بَيْنَ أَحَدٍ مِنْ رُسُلِهِ وَقَالُوا سَمِعْنَا وَأَطَعْنَا غُفْرَانَكَ رَبَّنَا وَإِلَيْكَ
الْمَصِيرُ (285) لَا يُكَلِّفُ اللَّهُ نَفْسًا إِلَّا وُسْعَهَا لَهَا مَا كَسَبَتْ وَعَلَيْهَا مَا اكْتَسَبَتْ رَبَّنَا لَا تُؤَاخِذْنَا إِنْ
نَسِينَا أَوْ أَخْطَأْنَا رَبَّنَا وَلَا تَحْمِلْ عَلَيْنَا إِصْرًا كَمَا حَمَلْتَهُ عَلَى الَّذِينَ مِنْ قَبْلِنَا رَبَّنَا وَلَا تُحَمِّلْنَا مَا لَا طَاقَةَ لَنَا بِهِ
وَاعْفُ عَنَّا وَاغْفِرْ لَنَا وَارْحَمْنَا أَنْتَ مَوْلَانَا فَانْصُرْنَا عَلَى الْقَوْمِ الْكَافِرِينَ (286)

ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى شەيئىلەر ( ئىگىدارچىلىق قىلىش جەھەتتىن بولسۇن، تەسەررۇپ قىلىش جەھەتتىن بولسۇن ) اﷲ نىڭ ئىلكىدىدۇر. دىلىڭلاردىكى (يامانلىقنى) مەيلى ئاشكارا قىلىڭلار، مەيلى يوشۇرۇڭلار، ئۇنىڭ ئۈچۈن اﷲ سىلەردىن ھېساب ئالىدۇ، اﷲ خالىغان كىشىگە مەغپىرەت قىلىدۇ، خالىغان كىشىگە ئازاب قىلىدۇ. اﷲ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر.

رەسۇل رەببى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان كىتابقا ئىمان كەلتۈردى، مۆمىنلەرمۇ ئىمان كەلتۈردى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى اﷲ قا ۋە اﷲ نىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا ۋە رەسۇللىرىغا ئىمان كەلتۈردى. ( ئۇلار ) « اﷲ نىڭ رەسۇللىرىنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز ( يەنى ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىگە ئىمان ئېيتماي قالمايمىز ). بىز ( دەۋىتىڭنى ) ئاڭلىدۇق ۋە ( ئەمرىڭگە ) ئىتائەت قىلدۇق، رەببىمىز، مەغپىرىتىڭنى تىلەيمىز، ئاخىر قايتىدىغان جايىمىز سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر » دەيدۇ.

اﷲ ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ. كىشىنىڭ قىلغان ياخشىلىقى ( نىڭ ساۋابى ) ئۆزىگىدۇر، يامانلىقى ( نىڭ جازاسى ) مۇ ئۆزىگىدۇر.

( ئۇلار ) « رەببىمىز! ئەگەر بىز ئۇنتۇساق ياكى خاتالاشساق ( يەنى بىز ئۇنتۇش ياكى سەۋەنلىك سەۋەبىدىن ئەمرىڭنى تولۇق ئورۇنلىيالمىساق )، بىزنى جازاغا تارتمىغىن. رەببىمىز! بىزدىن ئىلگىرىكىلەرگە يۈكلىگىنىڭگە ئوخشاش بىزگە ئېغىر يۈك يۈكلىمىگىن ( يەنى بىزنى قىيىن ئىشلارغا تەكلىپ قىلمىغىن )، رەببىمىز! كۈچىمىز يەتمەيدىغان نەرسىنى بىزگە ئارتمىغىن، بىزنى كەچۈرگىن، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، بىزگە رەھىم قىلغىن، سەن بىزنىڭ ئىگىمىزسەن، كاپىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن» دەيدۇ ( 284 ـ 286 ).

## ئەنفال سۈرىسى

سۈرە بىرىنچى ئايىتىگە ئاساسەن « مەغپىرەت قىلىنغان، زىيادە بەخش ئېتىلگەن » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان « ئەنفال » كەلىمىسى بىلەن ئاتالغان. گەرچە كەلىمىنىڭ لۇغەت مەنىسى يۇقىرىدىكىدەك بولسىمۇ، بۇ يەردە « غەنىيمەت » مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.

سۈرە تۇنجى نەسىل تەرىپىدىن « ئەنفال » ئىسمى بىلەن ئاتالغان ( بۇخارى ۋە ۋاھىدى ).

فىرۇزئابادى سۈرىنىڭ « بەدىر سۈرىسى » دەپمۇ ئاتالغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئىككىنجى نەسلىنىڭ مۆتىۋەرلىرىدىن ۋە مۆتتەقى ئالىملىرىدىن سەئىد بىن جۇبەير بىر سوئالغا جاۋاب بېرىپ بۇ سۈرىنى « بەدىر سۈرىسى » دەپ تەرىپلەيدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، سۈرىدە بەدىر ئۇرۇشى، بۇ ئۇرۇش جەريانىدا ۋە ئۇرۇشنىڭ ئەتىسىلا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر تەپسىلى بايان قىلىنغان.

سۈرە ھىجرەتنىڭ 2 ـ يىلى رامىزان ئېيىدا بەدىر ئۇرۇشى مۇناسىۋىتى بىلەن نازىل بولغان. باشتىن ـ ئاخىر مەزمۇن پۈتۈنلىكىگە ئىگە. بۇ، سۈرىنى تەشكىل قىلغۇچى بۆلەكلەر ئارىسىدا بەك ئۇزۇن زامان ئارىلىقى يوقلۇقنى بىلدۈرىدۇ. بىر رىۋايەتتە 30 ـ 36 ـ ئايەتلەرنىڭ مەككىدە نازىل بولغانلىقى قەيت قىلىنغان ( قۇرتۇبى ). لېكىن 36 ـ ئايەت بىلەن 37 ـ ئايەت ئارىسىدا ئايرىغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە زىچ مۇناسىۋەت بار. ئەنئام سۈرىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئۆلچەملەر بۇ رىۋايەتلەرنى رەت قىلىدۇ.

دەسلەپكى مەزگىلدىكى تەرتىپلەردە، سۈرە بەقەرە ـ ئالئىمران سۈرىسىنىڭ ئارىسىغا تىزىلغان. ھەزرىتى ئوسمان تەرتىپىدە 88، ئىبنى ئابباس تەرتىپىدە 85، ئىمام جافەر تەرتىپىدە 87 ـ ئورۇنغا تىزىلغان. بىزنىڭچە بەقەرە سۈرىسىنىڭ ئارقىسىغا تىزىلغانلىقى مۇۋاپىق بولغان بولۇپ، تارىخىي ۋەقە بۇنى تەستىقلايدۇ. لېكىن سۈرىنىڭ ئارقىسىغا ئالئىمران سۈرىسىنىڭ قويۇلۇشى توغرا ئەمەس. ئالئىمران سۈرىسى ھىجرەتنىڭ 3 ـ يىلى شەۋۋال ئېيىدا يۈز بەرگەن ئۇھۇد ئۇرۇشىغا مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلارنى بايان قىلىدۇ. ئەنفال سۈرىسى بىر بەدىر سۈرىسىدۇر. ئىككى سۈرە ئارىسىدا بىر يىلدەك ۋاقىت بار. ئەنفال سۈرىسىنىڭ ئارقىسىغا تىزىلىشقا مۇناسىپ بولغان

سۈرە ھەدىد سۈرىسىدۇر. ھەدىد سۈرىسىمۇ ئەنفال سۈرىسىگە ئوخشاش بەدر سۈرىسى بولۇپ، بەدر ئۇرۇشىدىن كېيىن نازىل بولغان.

ئەنفال سۈرىسى غەنىيمەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرنى بەدر ئۇرۇشى ئۈستىدىن بايان قىلىدۇ. سۈرىنىڭ مەركىزىدە ئورۇن ئالغان بەدر ئۇرۇشىنى مۇنداق ئىخچاملاشقا بولىدۇ:

مىلادى 622 - يىلى رەسۇلۇللاھ مەككىدىن يەسرىب ( بۈگۈنكى مەدىنە )كە ھىجرەت قىلغان. بۇ ھىجرەتنىڭ روياپقا چىقىشىدىكى سەۋەب پەقەت مەككىدە ئىمكان قالمىغانلىقتىنلا بولماستىن، كېيىنكى مەزگىلدە مەدىنەتۇن نەبى ( نەبى شەھرى ) دەپ ئاتىلىدىغان يەسرىبتە شەكىللەنگەن ئىسلام جامائىتىنىڭ پارلاق ئىستىقبالىدىن بىشارەت بېرىشى ئىدى. ئەگەر بۇنداق بولمىغان بولسا ۋە ھىجرەت پەقەت مەككىلىكلەرنىڭ زۇلۇمىدىن قېچىپ قۇتۇلۇشلا بولغان بولسا ئىدى، رەسۇلۇللاھمۇ مۇئمىنلەر ئۈچۈن بىخەتەر ماكان بولغان ھەبەشىستانغا كېتەتتى.

ھىجرەتتىن كېيىن يەسرىب مەدىنە دەپ ئاتىلىشقا باشلىغانىدى. « پەيغەمبەر شەھرى » بولغان مەدىنىدە ئىسلام جامائىتى كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىدۇ. رەسۇلۇللاھ ھىجرەتتىن كېيىنلا مەدىنە ۋە ئەتراپىدىكى قەبىلىلەر بىلەن تۈزگەن « مەدىنە كېلىشىمى » ئارقىلىق، بۇ رايوندا ياشايدىغانلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى قانۇنى ئاساسقا ئىگە قىلىدۇ. مەدىنىدە شۇنىڭدىن باشلاپ « چۆل » قانۇنىنىڭ ئورنىنى « شەھەر » قانۇنى ئىگىلەيدۇ. بۇ ئارقىلىق مەدىنىدە نىسبەتەن مۇقىم بىر ۋەزىيەت شەكىللىنىدۇ. رەسۇلۇللاھ مەدىنىدە ئىسلام جامائىتىنىڭ ئۆزىگە خاس بىر كىملىكىنى شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ ۋە مۇسۇلمان كىملىكىنىڭ بارلىققا كېلىشىنى بىر « سۈننەت » سۈپىتىدە ۋەز قىلىدۇ. مەدىنىدە مۇسۇلمانلارنىڭ جەمگاھى پەيغەمبەر مەسجىدى ئىدى. بۇ يەر شەھەرنىڭ مەركىزى، ئىسلام جامائىتىنىڭ قارارگاھى بولۇپ، قىبلىسى يوق قەلبلەرگە قىبلە تۇيغۇسى مانا بۇ ماكاندا بەخش ئېتىلگەن.

مەسجىدنىڭ يېنىغا سېلىنغان دارۇس سۇففا، ئىسلام جامائىتى ئىچىدىكى يوقسۇل ۋە ئىگە - چاقىسىز كىشىلەرنىڭ پاناگاھى ھەم مەكتىۋى ئىدى. سۇففا سايىسىدە رەسۇلۇللاھ جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن تەبىقىسىنى تەشكىل قىلغان ئىگە - چاقىسىز كىشىلەردىن ئىسلام جامائىتىنىڭ ئەڭ ساپالىق شەخسىيەتلىرىنى تەربىيىلەپ چىققانىدى. سۇففا، ئەقلىنىڭ قىبلىسىنى تەيىن قىلىشتا مۇھىم رول ئوينىغان.

رەسۇلۇللاھ مەدىنىدە بەرپا قىلغان ئۈچىنچى ماكان ئىسلام جامائىتىگە ئائىت بىر بازار يېرى بولۇپ، بۈگۈنكى باقى مازارلىقى جايلاشقان ماكانغا قۇرۇلغان ئىسلام بازىرى ئۈچۈنمۇ بەلگىلىك پرىنسىپلارنى بەلگىلىگەنىدى. بۇ بازارنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى بىر ئۈچىدا تۇرۇپ يەنە بىر ئۇچىنى كۆرەلىگۈدەك شەكىلدە تۈز بولۇشى بولۇپ، بۇ ئادىل بىر بازارنىڭ تەقەززاسى ئىدى. بازارنىڭ قائىدىلىرىدىن بىرسى، ھېچكىمنىڭ مۇقىم بىر يەرنى ئىگەللىمەسلىكى ئىدى. بۇ ھەقسىز رىقابەتنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان بىر تەدبىر ئىدى. يەنە بىرسى، مۇقىم باھانىڭ قويۇلماسلىقى بولۇپ، بۇ، تاۋارنىڭ ئەركىن بازار مۇھىتىدا ھېچقانداق بىر سۈنئىي تەسىرگە ئۇچرىماستىن، ئۆزىگە لايىق باھاسىنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن زۆرۈر ئىدى. بۇ سەۋەبتىن، رەسۇلۇللاھ تاۋارنىڭ بازارغا ئېلىپ كېلىنمەي تۇرۇپ، يولدا ئالدىنى توساپ بىرىنچى قولدىن سېتىۋېلىشىنى ( تەلاققىر رۇكبان ) مەنئى قىلدى. خۇلاسىلىگەندە، مەدىنە بازىرى تىجارەتنىڭ قىبلىسىنى شەكىللەندۈرگەنىدى.

رەسۇلۇللاھ مەدىنىدە ئىسلام جامائىتىنىڭ كىملىكىنى شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشىۋاتقاندا، رەسۇلۇللاھنى قولدىن قاچۇرۇپ قويغان مەككە مۇشرىكلىرىمۇ جىم تۇرمايۋاتاتتى. ئۇلار بىر تەرەپتىن مەدىنىدىكى يەھۇدىيلار ۋە دىلىدا كېسەل بولغان بەزى كىشىلەر بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ، يەنە بىر تەرەپتىن مەدىنە ئەتراپىدىكى قەبىلىلەرنى رەسۇلۇللاھقا قارشى كۈشكۈرتىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ بۇ تىرىشچانلىقى بەزىدە ئۆزىنى كۆرسىتەتتى. مەسىلەن، مەدىنە كېلىشىمى ( ئەل - ۋەسىقە )گە ئەزا بولغان يەھۇدىي رەئىس كائاب بىن ئەشرەفنى بۇ كېلىشىمگە خىيانەت قىلىشقا قايىل قىلغانىدى. ئۇمۇ بۇ كېلىشىمگە سادىق بەزى يەھۇدىي رەئىسلەرنى قايمۇقتۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىۋاتاتتى، ھەتتا رەسۇلۇللاھنىڭ ھەرىمگە تىل تەككۈزۈشتىن تارتىپ ھەر يولنى سىناۋاتاتتى.

مەككە مۇشرىكلىرى ئۆزلىرىنى رەسۇلۇللاھتىن ھىجرەت سەۋەبلىك قۇتۇلدۇق دەپ قارىمىدى. چۈنكى، مەدىنىدە بىر جامائەتنى بەرپا قىلغان رەسۇلۇللاھ ئۇلار ئۈچۈن مەككىدە تۇرۇپ قېلىشىدىنمۇ خەتەرلىك ئىدى. ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋىتىگە باشتىن - ئاخىر مەنپەئەتلىرىگە زىيان يەتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن قارشى چىققانىدى. مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن، ئۇلار ئۈچۈن خەۋپ تېخىمۇ چوڭايغانىدى. مەدىنە مەككىنىڭ جان تومۇرى بولغان ئىلاف تىجارەت يولى ئۈستىدىكى ئەڭ مۇھىم قاتناش تۈگۈنى ئىدى. مەككە - سۇرىيە ئوتتۇرىسىدىكى تىجارەت بۇ يول ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان بولۇپ، بۇنىڭدىن باشقا بىر يول يوق ئىدى. مەككىلىكلەر قورققان ئىش ئاخىرى بېشىغا كەلدى. ئۇلار ئۈچۈن جان تومۇرى بولۇپ ھېسابلىنىدىغان بۇ يولنىڭ تىزگىنى مەدىنە ئىسلام جامائىتىنىڭ ئىلكىگە ئۆتتى.

ھىجرەتنىڭ 2 - يىلى شابان ئېيىدا، ئەبۇ سۇفيان باشچىلىقىدىكى مەككە كارۋىنى ھەققىدە خەۋەر يېتىپ كەلدى. مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەردىنمۇ مەلۇم بولغانىدەك، رەسۇلۇللاھ بۇرۇندىنلا كارۋان ئۈچۈن ئەمەس، ئۇرۇش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىۋاتاتتى. ئىسلام قوشۇنى ئىچىدىكى بەزى كىشىلەرنىڭ ئۇرۇش چۈشەنچىسى تېخى قۇرئانغا ئاساسەن شەكىللەنمىگەنىدى. تۆۋەندىكى ئايەتلەر قۇرئاننىڭ بۇ مەسىلىگە قارىتا قانداق بىر ئەقىل شەكىللەندۈرگەنلىكىنىڭ شاھىتى:

وَإِذْ يَعِدُكُمُ اللَّهُ إِحْدَى الطَّائِفَتَيْنِ أَنَّهَا لَكُمْ وَتَوَدُّونَ أَنَّ غَيْرَ ذَاتِ الشَّوْكَةِ تَكُونُ لَكُمْ وَيُرِيدُ اللَّهُ أَنْ يُحِقَّ الْحَقَّ بِكَلِمَاتِهِ وَيَقْطَعَ دَابِرَ الْكَافِرِينَ (7) لِيُحِقَّ الْحَقَّ وَيُبْطِلَ الْبَاطِلَ وَلَوْ كَرِهَ الْمُجْرِمُونَ (8)

« ئۆز ۋاقتىدا اﷲ ئىككى گۇرۇھ (بىرى مۇشرىكلار كارۋىنى ، يەنى بىرى مۇشرىكلار قوشۇنى) دىن بىرىنىڭ قولۇڭلارغا كەلتۈرۈلۈشىنى ۋەدە قىلدى، سىلەر قورالسىز گۇرۇھنىڭ (يەنى كارۋاننىڭ) قولۇڭلارغا كەلتۈرۈلۈشىنى ياقتۇردۇڭلار. اﷲ ئۆز سۆزلىرى ئارقىلىق ھەقنى ھەق قىلىشنى، كاپىرلارنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتۇشنى خالايدۇ. اﷲ گۇناھكار ئادەملەرنىڭ ياقتۇرمىغىنىغا قارىماي، بۇ ئارقىلىق ھەقنىڭ ھەقىقەت، باتىل (يەنى كۇفرى) نىڭ يالغاندىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ » ( 7 - 8 ).

مىڭ تۆگىگە ئارتىلغان يۈك بىلەن مەككىگە قايتىۋاتقان بۇ كارۋاننى قىرىق كىشى قوغداپ مېڭىۋاتقانىدى. مەدىنىدىكى تەييارلىق ھەققىدىكى خەۋەرنى سۇرىيەدىكى ۋاقتىدىلا ئالغان ئەبۇ سۇفيان مەككىلىكلەردىن ياردەم تەلەپ قىلدۇ. مەككە ئۇنىڭ بۇ تەلىپىگە تەخمىنەن مىڭ كىشىدىن تەشكىللەنگەن بىر قوشۇننى ئەۋەتىش بىلەن جاۋاب بەردى.

ھىجرى 2 - يىلى رامىزاننىڭ 17 - كۈنى دۇنيا تارىخىنىڭ يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتكەن بىر ۋەقە يۈز بەردى. بۇ تارىخىي بىر زەپەر ئىدى. بىراق ۋەھيي بۇ زەپەر ئۈستىدىن بىر « زەپەر ئەخلاقى » بەرپا قىلدى. مانا بۇ ئەنفال سۈرىسىنىڭ زەپەر ئەخلاقىنى شەكىللەندۈرىدىغان ئايەتلىرىدىن پەقەتلا بىرسى:

فَلَمْ تَقْتُلُوهُمْ وَلَكِنَّ اللَّهَ قَتَلَهُمْ وَمَا رَمَيْتَ إِذْ رَمَيْتَ وَلَكِنَّ اللَّهَ رَمَى وَلِيُبْلِيَ الْمُؤْمِنِينَ مِنْهُ بَلَاءً حَسَنًا إِنَّ اللَّهَ سَمِيعٌ عَلِيمٌ

« ئۇلارنى سىلەر (ئۆز كۈچۈڭلار بىلەن) ئۆلتۈرگىنىڭلار يوق، بەلكى ئەمەلدە ئۇلارنى (سىلەرگە ياردەم بېرىپ، ئۇلارنىڭ دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا قىلىش بىلەن) اﷲ ئۆلتۈردى، ئاتقىنىڭدا سەن ئاتمىدىڭ، بەلكى ئەمەلدە ئۇنى اﷲ ئاتتى. اﷲ مۇئمىنلەرنى ئىنايىتى بىلەن تەقدىر قىلغان بىر ئىمتىھان بىلەن سىنىدى. اﷲ ھەقىقەتەن (ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (نىيەتلىرىنى، ئەھۋاللىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر » ( 17 ).

سۈرىنىڭ ئاساسىي تېمىسى ئۇرۇش ۋە ئۇرۇش پرىنسىپى بولۇپ، باشقا بىر ئىپادە بىلەن ئېيتقاندا، ئىنسانلار ئېڭىدا « ئۇرۇش ئەخلاقى »نى بەرپا قىلىشتۇر. دېمىسىمۇ بۇ سۈرىنىڭ يەنە بىر ئىسمى « بەدىر سۈرىسى » بولۇپ، بۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، سەئىد بىن جۇبەيردىن بۇ سۈرە ھەققىدە سوئال سورالغاندا، ئۇ: « بەدىر سۈرىسىدۇر » دېگەن.

ئۇرۇش هاياتتىكى نورمال بىر ۋەقەدۇر. ئۇرۇشقا پۈتۈنلەي قارشى چىقىش دەماللىققا قۇلاققا ياقىدىغان سۆز بولسىمۇ، سالماقلىق بىلەن ئويلانغاندا، بۇنىڭ « ئىجاۋەت بولمايدىغان دۇئاغا ئامىن » دېگەندەك بىر خىيالپەرەستلىك ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم. ئەپسۇسكى، « ئۇرۇش بولمايدىغان بىر دۇنيا تېخىمۇ ئادىل بىر دۇنيادۇر » دېيەلمەيمىز. چۈنكى زۇلۇم ۋە زالىم دائىم بار ئىدى. زۇلۇم ۋە زالىم مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان مۇددەتچە زۇلۇمغا قارشى ئۇرۇشمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. تۆۋەندىكى ئايەت ئىسلامدا ئۇرۇشنىڭ مەقسىتىنىڭ زۇلۇم ۋە بېسىمغا خاتىمە بېرىش ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ئېنىق بايان قىلىدۇ:

وَقَاتِلُوهُمْ حَتَّى لَا تَكُونَ فِتْنَةٌ وَيَكُونَ الدِّينُ كُلُّهُ لِلَّهِ فَإِنِ انْتَهَوْا فَإِنَّ اللَّهَ بِمَا يَعْمَلُونَ بَصِيرٌ

« پىتنە ( زۇلۇم ۋە ئېتىقادقا بېسىم ) تۈگىگىچە، ھايات پۈتۈنلەي ئاللاھ قا بېغىشلانغىچە ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار. ئەگەر ئۇلار بۇ قىلمىشىدىن يانسا، ئۇنتۇماڭلاركى اللە ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ » ( 39 ).

بۇ سەۋەبتىن ئۇرۇش بولمىغان بىر دۇنياغا بولغان ئىنتىلىش، بىر جەھەتتىن زالىملارنىڭ مەنپەئەتىگە ماس كېلىدۇ. زالىملار ۋە ھەقسىزلىق ھاكىم بولغان بىر دۇنيادا ئۇرۇشقا قارشى چىقىش ئوخشاشلا مۇشۇنداق بىر دۇنيادا « مۇقىملىق » يانتايىقى بولۇشقا ئوخشاپ قالىدۇ. بولۇپمۇ، يارىتىلىش قانۇنىيىتىنىڭ ئاساسلىق ئامىللىرىدىن بىرى بولغان قارىمۇقارشى قۇتۇپلۇلۇق ئۇرۇشسىز بىر دۇنيا خىيالىنى باشتىنلا رەت قىلىدۇ.

ئەگەر ئۇرۇش بولمايدىغان بىر دۇنيا، ئىنسان تەبىئىتىنىڭ تەقەززاسى ھەمدە زالىملار ۋە زۇلۇمغا يانتاياق بولىدىغانلىقى ئۈچۈن مۇمكىن بولمىسا، ئۇنداقتا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىش « ئۇرۇش ئەخلاقى » بولۇشى كېرەك. ۋەھىي مانا بۇنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ. ۋەھىي نازىل بولغان ئۇ مەزگىلدە ئۇرۇشلار ئۇرۇش ئەخلاقىدىن مەھرۇم بولۇپ، ھېچقانداق بىر پرىنسىپ يوق ئىدى دېيىش ئانچە توغرا ئەمەس. ئۆز دەۋرىدە قەۋملەر ئەنئەنىسى، قەبىلە مۇناسىۋەتلىرى ۋە مەزكۇر رايون قىممەت قاراشلىرىدىن شەكىللەنگەن بەلگىلىك پرىنسىپلار بار ئىدى. لېكىن بۇ پرىنسىپلارنىڭ ئارقىسىدا « ئۆزگەرمەس بىر قىممەت قاراش تىزگىنى » بولمىغانلىقتىن رېئال ھاياتتا ئىجرا قىلىنالمىغان ياكى بۇ پرىنسىپلارنى كۈچلۈكلەر ۋە زالىملار بەلگىلەيدىغان بولغانلىقتىن، ئۆز مەنپەئەتلىرىگە مۇۋاپىق ھالغا كەلتۈرەتتى. قۇرئان ۋەز قىلغان بۇ ئۇرۇش ئەخلاقى، ئۆز ئىچىدە تولۇق بولغان بىر قىممەت قاراشقا ئىگە بولغان سىستېمىسىنىڭ بىر پارچىسى ئىدى. ئۇرۇش ئەخلاقى ھەققىدە توختالغان ئىلاھىي كۈچ ھەممىدىن ئۈستۈن بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئەخلاقى پرىنسىپلار بۇنى ئىجرا قىلغۇچىلاردىن تارتىپ ھەممە كىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. رەسۇلۇللاھنىڭ ھاياتى، قۇرئان ۋەز قىلغان ئۇرۇش ئەخلاقىغا ھەممىدىن بەك رىئايە قىلغۇچىلارنىڭ ۋەھيىنىڭ تۇنجى مۇھاتابى ۋە ساھابىلىرى ئىكەنلىكىنىڭ ئىسپاتىدۇر. ۋەھىي پەقەت ئۇرۇش ئەخلاقىنى شەكىللەندۈرۈش بىلەنلا قالماستىن، مۇھاتاپلىرىدا ئاكتىپ ۋە جانلىق بىر ۋىجدان بەرپا قىلغان ھەمدە ئۇ ۋىجدانغا ئادالەت ۋە مەرھەمەتنى دائىم تەۋسىيە قىلىپ تۇرغان. بىر تەرەپتىن ھەقلىق بولغۇچىنىڭ كۈچلۈك بولۇش يوللىرىنى كۆرسىتىپ بېرىپ، يەنە بىر تەرەپتىن كۈچ - قۇدرەت تاپقان ھەق ۋە ھەقلىق بولغۇچىنىڭ ئالدىغا « كۈچ ئەخلاقى »نىڭ پرىنسىپلىرىنى قويغان ئىدى.

ئەنفال سۈرىسى ئىسمىدىن مەلۇم بولغاندەك « جەڭ غەنىيمەتلىرى » بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر سوئالغا جاۋاب بېرىش بىلەن باشلىنىدۇ:

يَسْأَلُونَكَ عَنِ الْأَنْفَالِ قُلِ الْأَنْفَالُ لِلَّهِ وَالرَّسُولِ فَاتَّقُوا اللَّهَ وَأَصْلِحُوا ذَاتَ بَيْنِكُمْ وَأَطِيعُوا اللَّهَ وَرَسُولَهُ إِنْ كُنْتُمْ مُؤْمِنِينَ

غەنىيمەتلەر (نى قانداق تەقسىم قىلىشنىڭ) توغرۇلۇق سەندىن سورىشىدۇ، (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، « غەنىيمەتلەر (توغرىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش) اللە قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە خاستۇر. اللە ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىڭلارنى ئۇنتۇماڭلار، (ئىختىلاپ قىلىشماي ئىتتىپاق بولۇپ) ئاراڭلارنى تۈزەڭلار، ئەگەر سىلەر مۆئمىن بولساڭلار، اللە قا ۋە اللە نىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار » ( 1 ).

يۇقىرىدىكى ئايەتتىن كېيىنلا تۆۋەندىكى ئايەتلەرنىڭ كېلىشى قۇرئان دېمەكچى بولغان « ئۇرۇش ئەخلاقى »نىڭ ئارقىسىدىكى چوڭقۇر قىممەت قاراشلار ئۈچۈن تېپىك بىر بىشارەتتۇر:

إِنَّمَا الْمُؤْمِنُونَ الَّذِينَ إِذَا ذُكِرَ اللَّهُ وَجِلَتْ قُلُوبُهُمْ وَإِذَا تُلِيَتْ عَلَيْهِمْ آيَاتُهُ زَادَتْهُمْ إِيمَانًا وَعَلَى رَبِّهِمْ يَتَوَكَّلُونَ (2) الَّذِينَ يُقِيمُونَ الصَّلَاةَ وَمِمَّا رَزَقْنَاهُمْ يُنْفِقُونَ (3)

« پەقەت ئاللە ياد ئېتىلسە دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا بولىدىغان، ئاللە نىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا ئىمانى كۈچىيىدىغان، پەقەت رەببىگىلا ئىشەنچ قىلىدىغان كىشىلەرلا (كامىل) مۇئمىنلەردۇر. ئۇلار (مۇكەممەل رەۋىشتە) ناماز ئوقۇيدۇ، بىز ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن پۇل ـ مالدىن ئاللاھ يولىدا سېخىيلىق بىلەن سەرپ قىلىدۇ » ( 2 ـ 3 ).

ئەنفال سۈرىسى ئۇرۇشنىڭ ئەسلى مەقسىتىنىڭ تىنچلىق ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى ئېنىق ۋە يېپىق ھالدا ئىپادىلىگەن ئايەتلەر بىلەن تولۇپ تاشقان. مانا ئۇلاردىن بىرى:

وَإِنْ جَنَحُوا لِلسَّلْمِ فَاجْنَحْ لَهَا وَتَوَكَّلْ عَلَى اللَّهِ إِنَّهُ هُوَ السَّمِيعُ الْعَلِيمُ (61) وَإِنْ يُرِيدُوا أَنْ يَخْدَعُوكَ فَإِنَّ حَسْبَكَ اللَّهُ هُوَ الَّذِي أَيَّدَكَ بِنَصْرِهِ وَبِالْمُؤْمِنِينَ (62)

« ئەگەر ئۇلار تىنچلىققا مايىل بولسا، سەنمۇ تىنچلىققا مايىل بولغىن، پەقەت ئاللە قىلا ئىشەنچ قىلغىن. شۈنى ئۇنۇتمىغىنكى، ئاللە (ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (نىيەتلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ئەگەر ئۇلار (تەييارلىق قىلىۋېلىش ئۈچۈن سۈلھى بىلەن) سېنى ئالدىماقچى بولسا، ئاللە (ئۇلارنىڭ شەررىدىن) شەكسىز ساڭا كۇپايە قىلغۇچىدۇر. ئاللە سېنى ئۆزىنىڭ ياردىمى بىلەن ۋە مۇئمىنلەر بىلەن كۈچلەندۈردى » ( 61 ـ 62 ).

ئۇ دەۋردە ئۇرۇشلار بىر كىرىم مەنبەسى بولۇپ، ئۇرۇشلار جەڭگىۋارلار ئۈچۈن ئالتۇندەك تېپىلغۇسىز بىر پۇرسەت ئىدى. بۇ سەۋەبتىن تېخىمۇ كۆپ غەنىيمەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ كىشىنى ئۆلتۈرۈشتىن يانمايتتى. بۇ پرىنسىپسىز ئۇرۇشلاردا كىم نېمىنى ئولجا ئالسا بۇ ئۇنىڭ بولاتتى. ئۇ دەۋردىكى ئۇرۇشلاردا بىر خىل « بۇلاڭ ـ تالاڭ » ئەنئەنىسى ھاكىم ئىدى. بۇ ئامىل ئۇرۇشخۇمارلارنى بىر ئۆلۈم ماشىنىسىغا ئايلاندۇرۇپ قويغان بولۇپ، كۆزىنى تېخىمۇ كۆپ غەنىيمەتكە تىككەنلەر « ئۇرۇش » باھانىسى بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈش يوللۇق بولغان بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلەتتى. يەنى، كۆزى ئۇرۇشتا ئالىدىغان غەنىيمەتتە بولغان بىر كىشى ئۈچۈن ئۇرۇشنىڭ ئۆزى ئەڭ چوڭ غەنىيمەت ئىدى. بۇ چۈشەنچە، كىشىدىكى ئۆلتۈرۈش خىرىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتەتتى ۋە بۇ ئارقىلىق يوق ھېسابىتىكى ۋىجدانىنى بېسىپ تۇراتتى. بۇ چۈشەنچە كىشىدە قارشى تەرەپتىكى كىشىنى ئۆزىگە ئوخشاش بىر جان ئىگىسى ئەمەس، ئەكسىچە قارشى تەرەپنى ئۆلتۈرسە ئۆزىگە مەنپەئەت ئېلىپ كېلىدىغان بىر ۋاستە تۇيغۇسىنى پەيدا قىلاتتى. بۇ سەۋەبتىن، بىر جانغا سېلىشتۇرغاندا ئەرزىمەس نەرسە ھېسابلىنىدىغان ئولجا ئۈچۈن قارشى تەرەپنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئۆلتۈرەتتى.

مانا مۇشۇنداق ئەھۋالدا، ئۇرۇشنى « تالان ـ تاراج »، ئۇرۇشقا قاتناشقۇچىلارنى بىر ئۆلۈم ماشىنىسىغا ئايلىنىپ قېلىشتىن ساقلاپ قېلىشنىڭ بىردىنبىر يولى « جەڭ غەنىيمەتلىرىنى » قانۇنلۇق ( ئادىل ) تەقسىمات بىلەن بىر تەرەپ قىلىش ئىدى. قۇرئاندا بۇ سۈرە ۋە باشقا سۈرىلەردە ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغان نەرسە مانا بۇ ئىدى. قۇرئان « تالان ـ تاراج » ئاساسىغا قۇرۇلغان « غەنىيمەت ئولجا ئالغۇچىغا ئائىت » چۈشەنچىسىنى مەنئى قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا جەڭ غەنىيمەتلىرىنى يوقسۇللار ۋە ئېھتىياجلىقلارغا تارقىتىپ بېرىشنى دەسسىتىدۇ:

وَاعْلَمُوا أَنَّمَا غَنِمْتُمْ مِنْ شَيْءٍ فَأَنَّ لِلَّهِ خُمُسَهُ وَلِلرَّسُولِ وَلِذِي الْقُرْبَى وَالْيَتَامَى وَالْمَسَاكِينِ وَابْنِ السَّبِيلِ إِنْ كُنْتُمْ آمَنْتُمْ بِاللَّهِ وَمَا أَنْزَلْنَا عَلَى عَبْدِنَا يَوْمَ الْفُرْقَانِ يَوْمَ الْتَقَى الْجَمْعَانِ وَاللَّهُ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ

« (ئى مۇئمىنلەر!) بىلىڭلاركى، سىلەر ئالغان غەنىيمەتنىڭ بەشتىن بىرى ئاللە قا، پەيغەمبەرگە، پەيغەمبەرنىڭ خىش ـ ئەقرىبالىرىغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە خاستۇر. ئەگەر سىلەر ئاللە قا، ئىككى گۇرۇھ (يەنى مۇسۇلمانلار بىلەن كاپىرلار) ئۇچرىشىپ ھەق بىلەن ناھەق ئايرىلغان كۈندە (يەنى بەدرى

ئۆرۈشى بولغان كۈندە) بەندىمىزگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) بىز نازىل قىلغان نەرسىلەر (يەنى ئايەتلەر ۋە پەرىشتىلەر) گە ئىشەنسەڭلار (ئاللاھ نىڭ غەنىيمەت توغرىسىدىكى ھۆكمىنىڭ ئەنە شۇ ئىكەنلىكىنى بىلىڭلار). ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر » ( 41 ).

يۇقىرىدا ۋەھيىنىڭ « ئەقىل بەرپا قىلىشى » ھەققىدە توختىلىشىمىز سەۋەبسىز ئەمەس. چۈنكى ئىنسانلىق تارىخىدا، ئىنسانغا بەخش ئېتىلگەن ئەڭ چوڭ ئىلاھىي نېئمەت بولغان ئەقىلگە قارىتىلغان ماختاش مانا بۇ سۈرىدە، ھەمدە تازا قىززىغان جەڭ سەھنىسى بايان قىلىنغان بۆلەكتىن كېيىنلا كەلمەكتە:

إِنَّ شَرَّ الدَّوَابِّ عِنْدَ اللَّهِ الصُّمُّ الْبُكْمُ الَّذِينَ لَا يَعْقِلُونَ

« شۈبھىسىزكى، ئاللاھ نىڭ نەزىرىدە ھايۋانلارنىڭ ئەڭ يامىنى (ھەقنى ئاڭلىماي) گاس بولۇۋالغان، (ھەقنى سۆزلىمەي) گاچا بولۇۋالغان، ئەقلىنى ئىشلەتمەيدىغان كىشىلەردۇر » ( 22 ).

ئەسلىدە بۇ بىر جەڭ ئەمەس. تاشقى كۆرۈنۈش جەھەتتىن بىر ئۇرۇشتەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە « ئىنسان بىلەن ئىنساننىڭ سائادىتىنىڭ يەنە بىر ئىسمى بولغان ئىسلام » ئارىسىغا سېلىنغان بارلىق توساقلارنى چېقىپ تاشلاش تەشەببۇسىدۇر. تۆۋەندىكى ئايەتلەر پەقەت ئەنفال سۈرىسىنىڭلا ئەمەس، پۈتۈن قۇرئاننىڭ ئەڭ سەرخىل ئايەتلىرىدىن بىر ئۆرنەكتۇر:

يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اسْتَجِيبُوا لِلَّهِ وَلِلرَّسُولِ إِذَا دَعَاكُمْ لِمَا يُحْيِيكُمْ وَاعْلَمُوا أَنَّ اللَّهَ يَحُولُ بَيْنَ الْمَرْءِ وَقَلْبِهِ وَأَنَّهُ إِلَيْهِ تُحْشَرُونَ (24) وَاتَّقُوا فِتْنَةً لَا تُصِيبَنَّ الَّذِينَ ظَلَمُوا مِنْكُمْ خَاصَّةً وَاعْلَمُوا أَنَّ اللَّهَ شَدِيدُ الْعِقَابِ (25)

« ئى مۆئمىنلەر! ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى سىلەرگە ھايات بەخش ئېتىدىغان بىر ئىشقا (يەنى ئەبەدىي ھاياتقا ئېرىشتۈرىدىغان) / ئىمانغا دەۋەت قىلسا، ئۇنى قوبۇل قىلىڭلار. بىلىڭلاركى، ئاللاھ كىشى بىلەن ئۇنىڭ قەلبى ئارىسىغا كىرىدۇ. (قىيامەت كۈنى) سىلەر ئاللاھ نىڭ دەرگاھىغا يىغىلىسىلەر. سىلەر ئېغىر بىر ئېمتىھان ئۈچۈن ھەر دائىم تەييار ھالەتتە تۇرۇڭلار، ئاللاھ پەقەت ئەقلى - ھۇشنى يوقاتقانلارغىلا مۇسەللەت بولمايدۇ. بىلىڭلاركى، ئاللاھ نىڭ ئازابى قاتتىقتۇر » ( 24 - 25 ).

سۈرىگە ئىسىم قىلىپ قويۇلغان ئايەتلەرنىڭ غەنىيمەتلەرنىڭ تەقسىماتىنى « ئۇرۇش ئەخلاقى » دائىرىسىدە يېڭىدىن بەلگىلىگەنلىكىنى بايان قىلىپ ئۆتكەندۇق. ئىنساننى مال - دۇنياغا بېرىلىپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ھەر دائىم ھوشيار تۇرۇشقا دەۋەت قىلغان تۆۋەندىكى ئايەتلەر ئۇرۇش ئەخلاقىنىڭ ئەڭ چوڭ كاپالىتى بولغان ئاكتىپ بىر ۋىجدان بەرپا قىلىشنى مەقسەت قىلماقتا:

يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَخُونُوا اللَّهَ وَالرَّسُولَ وَتَخُونُوا أَمَانَاتِكُمْ وَأَنْتُمْ تَعْلَمُونَ (27) وَاعْلَمُوا أَنَّمَا أَمْوَالُكُمْ وَأَوْلَادُكُمْ فِتْنَةٌ وَأَنَّ اللَّهَ عِنْدَهُ أَجْرٌ عَظِيمٌ (28)

« ئى مۆئمىنلەر! ئاللاھ قا، پەيغەمبەرگە خىيانەت قىلماڭلار، بولمىسا سىلەرگە ئامانەت قىلىنغان قىممەت قاراشلارغا بىلىپ تۇرۇپ خىيانەت قىلغان بولىسىلەر. شۇنى ئۇنتۇماڭلاركى، سىلەرنىڭ ماللىرىڭلار، باللىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن بىر تۇرلۇك سىناقتۇر. بىلىڭلاركى، ئاللاھ نىڭ دەرگاھىدا چوڭ ساۋاب بار » ( 27 - 28 ).

بەدىردە، پەقەت ئىككى ئاتلىق، قالغانلىرى پىيادە بولغان 300 گە يېقىن مۆئمىن ئېرىشكەن زەپەر، ئۆزىدىن كېيىنكى مىڭ يىللار بويىچە داۋاملاشقان فەتىھلەر دەۋرىنىڭ باشلانغۇچى بولدى. بۇ ۋەھيي ۋە ئىماننىڭ زەپىرى ئىدى. بۇ زەپەر بىلەن باشلانغان ئىمان داۋاسى ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر ئىنسانلار جەمئىيىتى ۋە سىياسەت شەكلىنى روياپقا چىقاردى. قۇرئان زەپەر كۈنىگە ۋەھيىگە بەرگەن سۈپەتنى بەردى: « يەۋمۇل فۇرقان » ( 41 ). يەنى « ھەق بىلەن باتىل بىر - بىرىدىن ئېنىق ئايرىلغان كۈن ». بۇ زەپەر، ئۇ كۈنگىچە شەخسى ئۆتۈقلار بىلەن داستانلار يازغان ئىسلام توپلۇمىغا « ئىسلام جامائىتى » كىملىكىنى بەردى. بۇ كۈندىن باشلاپ جېنىنى

ھەقىقەتكە شاھىت قىلغان شەخسلەر ئەمەس، بىر جامائەت ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ جامائەتنىڭ ھەقىقەت ۋە ئادالەتنى ھاكىم قىلىشى ئۈچۈن بىرلىك ۋە ئىتتىپاقلىقنى ھىمايە قىلىشى كېرەك ئىدى:

وَأَطِيعُوا اللَّهَ وَرَسُولَهُ وَلَا تَنَازَعُوا فَتَفْشَلُوا وَتَذْهَبَ رِيحُكُمْ وَاصْبِرُوا إِنَّ اللَّهَ مَعَ الصَّابِرِينَ

« (پۈتۈن سۆز ھەرىكەتلىرىڭلاردا) الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئىختىلاپ قىلىشماڭلار، بولمىسا شىجائىتىڭلارنى يوقىتىپ قويىسىلەر، كۈچ ـ قۇۋۋىتىڭلار كېتىپ قالىدۇ. چىدامچانلىق بىلەن بەرداشلىق بېرىڭلار ( قارشى تۇرۇڭلار )، الله ھەقىقەتەن سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر » ( 46 ).

مۇئمىنلەر ئارىسىدىكى مېھرى - مۇھەببەت يەر يۈزىدىكى بارلىق بايلىقلاردىنمۇ ئۈستۈندۇر. مېھرى- مۇھەببەت دۇنيانى بەرىسىمۇ قۇربان قىلىنمايدىغان بىباھا قىممەت قاراشتۇر:

وَأَلَّفَ بَيْنَ قُلُوبِهِمْ لَوْ أَنْفَقْتَ مَا فِي الْأَرْضِ جَمِيعًا مَا أَلَّفْتَ بَيْنَ قُلُوبِهِمْ وَلَكِنَّ اللَّهَ أَلَّفَ بَيْنَهُمْ إِنَّهُ عَزِيزٌ حَكِيمٌ

« سەن يەر يۈزىدىكى پۈتۈن بايلىقنى سەرپ قىلغان تەقدىردىمۇ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى بىرلەشتۈرەلمەيتتىڭ، لېكىن الله ئۇلارنى ئىناق قىلدى. شۈبھىسىزكى، الله غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر » ( 63 ).

ئەنفال سۈرىسىنى بىر جۈملىگە يىغىنچاقلايدىغان بولساق، « ئىمان ئەڭ چوڭ ئىمكاندۇر » دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى يارىتىلغان ھەر قانداق نەرسە كۈچىنى ئۆزىدىن ئالمايدۇ. ئاللاھ نىڭ ياردىمىگە ئاللاھ قا ياردەم قىلغانلار ئېرىشىدۇ. سۈرە كىشىنىڭ دىققەت نەزىرىنى سەۋەبكە ئەمەس، نەتىجىنى مەيدانغا كەلتۈرگۈچىگە ئاغدۇرىدۇ. پەقەت ئۇرۇش ئەخلاقىنىلا ئەمەس، ئەخلاق ئۇرۇشىنىمۇ ئۆگىتىدۇ. بۇ ئارقىلىق مۇھاتابىغا ھەق - باتىل ئۇرۇشىنى ھەرگىزمۇ سانغا، غەنىيمەتكە، زېمىن ئىشغال قىلىشقا ۋە ھەر قانداق دۇنياۋى مەنپەئەت ئۇرۇشىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ، دەيدۇ.

# ھەدىد سۈرىسى

بىزگە يېتىپ كەلگەن پەرقلىق رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا، سۈرە رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋرىدىلا « ھەدىد » ئىسمى بىلەن ئاتالغان. سۈرىگە « تۆمۈر » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان « ھەدىد » ئىسمى تۆۋەندىكى ئايەتكە ئاساسەن قويۇلغان:

« بىز ھەقىقەتەن ئەلچىلىرىمىزنى روشەن دەلىللەر بىلەن ئەۋەتتۇق ۋە ئۇلار بىلەن بىللە، ئىنسانلار ئادالەتنى بەرپا قىلسۇن دەپ كىتابنى، قانۇننى چۈشۈردۇق. كۈچ - قۇۋۋەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋە ئىنسانلار ئۈچۈن نۇرغۇن مەنپەئەتلەر بولغان تۆمۈرنى ( الْحَدِيدَ ) ياراتتۇق » (25 ).

تۆمۈرنىمۇ خۇددى قۇرئاننى نازىل قىلغاندەك « نازىل ( أَنْزَلْنَا الْحَدِيدَ ) قىلدۇق » ئىبارىسىنىڭ ئىشلىتىلىشى بىر قانچە خىل مەناغا ئىگە. ئايەتتە نېئمەت سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغان ئۈچ شەيئىدىن بىرسى بولغان تۆمۈر ئادالەتنىڭ ئىلكىدىكى كۈچ بولغان ۋاقىتتا ئادالەتنىڭ ھامىيسى. زۇلۇمنىڭ ئىلكىدىكى كۈچكە ئايلانسا زۇلۇمنىڭ ۋاستىسى بولىدۇ. سۈرىنىڭ « تۆمۈر » مەنىسىدىكى ھەدىد كەلىمىسى بىلەن ئاتىلىشىنىڭ بىردىن ئارتۇق سىمۋوللۇق مەنىسى بار.

گەرچە سۈرىنىڭ مەدىنىدە نازىل بولغانلىقىنىڭ ئەكسىچە بەزى رىۋايەتلەر بولسىمۇ، مەزكۇر سۈرە بىر پۈتۈن ھالدا مەدىنىدە نازىل بولغان. ھەشر ۋە سەپ سۈرىلىرىمۇ خۇددى بۇ سۈرىگە ئوخشاش « سەببەھە ـ سَبَّحَ »

بىلەن باشلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا جۇمە ۋە تەغابۇن سۈرىلىرىمۇ بۇ كەلىمىنىڭ مۇئارىز شەكلى بولغان « يۇسەببىھۇ - يُسَبِّحُ » بىلەن باشلىنىدۇ.

سۈرىنىڭ تېمىسىغا نەزەر سالغان ۋاقتىمىزدا، 10 - ئايىتى يۈز بەرگەن بىر ئۇرۇشنى تىلغا ئالىدۇ. سۈرىدە نىفاق ۋە ئىنفاق مەسىلىسى ناھايىتى زىچ ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان. « تۆمۈر » ئىسمىلىك بىر سۈرىنىڭ مۇئمىنلەرنىڭ مۇخالىپەت ھالىتىدە ئەمەس، ھۆكۈمران كۈچكە ئىگە بولغان بىر مەزگىلدە نازىل بولۇشى دەۋر ئارقا كۆرۈنىشى نەزەردە تۇتۇلغاندىمۇ دەۋرنىڭ تەقەززاسىدۇر.

دەسلەپكى مەزگىللەردىكى تەرتىپلەردە سۈرە پەرقلىق يەرلەرگە تىزىلغان. ھەزرىتى ئوسمانغا نىسبەت قىلىنغان تەرتىپتە، سۈرە زەلزەلە - مۇھەممەد سۈرىسى ئارىسىغا تىزىلغان بولۇپ، بۇنى ئىزاھلىغىلى بولمايدۇ. چۈنكى زەلزەلە سۈرىسى مەككە دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدە نازىل بولغان سۈرە بولۇپ، رىسالەتنىڭ 4 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ. مۇھەممەد سۈرىسىنىڭ مەدىنىدە نازىل بولغانلىقى ئېنىق. بۇ ئىككى سۈرە ئارىسىدا تەخمىنەن ئون يىللىق بىر زامان تىلىمى بار. پەرقلىق ئىككى زامانغا ئائىت سۈرىنىڭ ئارىسىغا مەدىنىدە نازىل بولغان ھەدىد سۈرىسىنى تىزىشنىڭ ئىزاھاتى قىيىن.

ئىبنى ئابباس تەرتىپىدە ھەج - مۇھەممەد سۈرىسى ئارىسىغا تىزىلغان. بۇ ھەزرىتى ئوسمان تەرتىپگە قارىغاندا بىر ئاز مۇۋاپىقتەك كۆرۈنسىمۇ، مۇھەممەد سۈرىسىنىڭ ئالدىغا ئەمەس، سەپ سۈرىسىنىڭ ئالدىغا تىزىلسا تېخىمۇ توغرا بولىدۇ.

سۈرە بەدىر يىلىدا نازىل بولغان بولسا كېرەك. بۇ ئەھۋالدا سۈرىنى ھىجرەتنىڭ 2 - يىلى نازىل بولغان دېسەك خاتالاشمايمىز.

سۈرىنىڭ دەسلەپكى ئۈچ ئايىتىدە ئىلاھىي سەككىز ئىسىم / سۈپەت ئورۇن ئالغان بولۇپ، مەزمۇن جەھەتتىن دەل « ئىنفاق سۈرىسى »دۇر. مۈلۈكنىڭ مۇتلەق مەنىدە ئاللاھ قا ئائىت ئىكەنلىكى ( 2، 4 - 5 )، ئىنفاق قىلىشتىن قېچىشنىڭ مۇناپىقلارچە بىر قىلمىش ئىكەنلىكى ( 10 )، بۇنىڭ بىر « يەھۇدىيلىشىش ئالامىتى » ئىكەنلىكى ( 16 )، دۇنيادىكى مال - مۈلۈكنىڭ ئۆتكۈنچى ئىكەنلىكى، ئاللاھ نىڭ سېخىيلىقىغا نائىل بولغانلارنىڭ بېخىللىق قىلىشىدىكى چۈپرەندىلىك ( 23 - 24 )، ئىمانىنىڭ مال - مۈلۈك ۋە كۈچ بىلەن كۈچلەندۈرۈلىشى كېرەكلىكى ( 25 )، ئاللاھ نىڭ سېخىيلىقىنى ئۇنتۇماسلىق لازىملىقى ( 28 - 29 ) ئىنفاق تېمىسى دائىرىسىدە بايان قىلىنىدۇ. ئىنفاق مۇئمىنلەرنىڭ ئاخىرىتىنىڭ نۇرلۇق يۈلتۈزى بولىدۇ ( 12 - 13 ).

ئەسمائى ھۇسنادا ئورۇن ئالغان سەككىز مۇبارەك ئىسىم تۆۋەندىكى ئايەتتە مۇنداق بايان قىلىنغان:

سَبَّحَ لِلَّهِ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَهُوَ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ (1) لَهُ مُلْكُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ يُحْيِي وَيُمِيتُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ (2) هُوَ الْأَوَّلُ وَالْآخِرُ وَالظَّاهِرُ وَالْبَاطِنُ وَهُوَ بِكُلِّ شَيْءٍ عَلِيمٌ (3)

« ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى الله قا تەسبىھ ئېيتتى / ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ( ئۇلارغا يارىتىلىش مەقسىتىنى بىلدۈرگەن ) ئاللاھ نىڭ نامى بىلەن ھەرىكەت قىلدى، الله غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىنىنىڭ پادىشاھلىقى الله قا خاستۇر، الله ئۆلتۈرەلەيدۇ، تىرىلدۈرەلەيدۇ، الله ھەر نەرسىگە قادىردۇر. الله نىڭ ئېپتىداسى يوقتۇر، ئىنتىھاسى يوقتۇر، (الله) ئاشكارىدۇر (يەنى مەۋجۇتلۇقىنى كۆرسەتكۈچى دەلىللەر بىلەن ئەقىللەرگە ئاشكارىدۇ)، مەخپىيدۇر (يەنى ئۇنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ زاتىنىڭ ماھىيىتىنى تونۇشقا ئەقىللەر ئېرىشەلمەيدۇ)، الله ھەر نەرسىنى بىلگۈچىدۇر » ( 1 - 3 ).

بۇ ئەسما ئىچىدە 3 - ئايەتتە ئورۇن ئالغان ئەۋۋەل ۋە ئاخىر، زاھىر ۋە باتىن ئىسىملىرى پۈتۈن قۇرئاندا، پەقەت بۇ جايدىلا ئورۇن ئالغان. بەزىلىرى 2 - ئايەتتىكى يۇھيي ۋە يۇمىت ئەفئالى ھۇسناسىدىن ئىككى ئىسىمنى تۈرلەندۈرۈپ ئەسما تىزىملىكىگە كېيىن قوشۇپ قويغان ۋە بۇنىڭغا تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە ھەدىسلىرىنى دەلىل قىلىپ كۆرسەتكەن، بىراق بۇ توغرا ئەمەس. ئاللاھ نىڭ قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان ئىسىملىرى بولغاندەك پېئىل

شەكلدىكى ئىسمىلىرىمۇ بار. ئەگەر پېئىللىرىنى ئىسىملىرى بىلەن ئوخشاش دەپ قاراپ، ئۇ پېئىلدىن ئىسىملارنى تۈرلەندۈرۈپ چىقىشقا ئۇرۇنساق، بۇ ئەھۋالدا « تۇزاق قۇرغۇچى » مەنىسىدىكى مەكەرە پېئىلىدىن « ئەل ماكىر ( تۇزاق قۇرغان ) »؛ « ھىيلە قىلىدىغان » مەنىنى بىلدۈرىدىغان يۇھادىئۇ پېئىلىدىن « ئەل ھادى - ھىيلە قىلغان »؛ « ئازاپ قىلىدىغان » مەنىنى بىلدۈرىدىغان يۇئەززىبۇ پېئىلىدىن « ئەل مۇئاززىب - ئازاپ قىلغان »؛ « ھالاك قىلىمىز » مەنىنى بىلدۈرىدىغان نۇھلىقۇ پېئىلىدىن « ئەل ھالىقۇ - ھالاك قىلغان »؛ « ئاتتى » مەنىنى بىلدۈرىدىغان رامە پېئىلىدىن « ئەر رامى - ئاتقۇچى » ئىسىملىرىنى تۈرلەپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ مەسىلىگە باشتىن - ئاخىر بىر خىل ۋە پرىنسىپلىق ھالدا مۇئامىلە قىلىش كېرەك. بۇ خىل ئىسىملار ئاللاھ نىڭ شەنىگە لايىق بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ مەسىلىدە باشتىن - ئاخىر بىردەك بولۇش ۋە ئاللاھ ئىسىم ئورنىدا ئىشلەتكەن كەلىمىلەرنى ئىسىم سۈپىتىدە، پېئىل سۈپىتىدە ئىشلەتكەنلەرنى پېئىل سۈپىتىدە قوبۇل قىلىش كېرەك.

بۇ ئايەتلەردىن كېيىن كائىناتقا مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر بىلەن دىققەت نەزىرىمىزنى كائىناتقا ئاغدۇرىدۇ ۋە ئاللاھ نىڭ كائىناتنىڭ ھۆكۈمرانلىق ماقامى بولغان ئەرش ئۈستىدە قارار ئالغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

سۈرىدە 7 - ئايەتتىن باشلاپ ئىنفاق مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلۇشقا باشلىنىدۇ. كائىناتقا دائىر ئايەتلەردىن كېيىن ئىنفاق تېمىسىنىڭ تىلغا ئېلىنىشى ئەسلىدە ئىنساننىڭ مەۋجۇدىيەت كارۋىنىغا قوشۇلۇشى ئۈچۈن بىر دەۋەتتۇر. چۈنكى مەۋجۇدىيەتنىڭ تەسبىھاتى ئۇلارنىڭ ئاللاھ نامىدىن ( يارىتىلىش مەقسىتىگە مۇۋاپىق ) ھەرىكەت قىلىشىدۇر. ئاللاھ نامىدىن ھەرىكەت قىلغان ھەر مەۋجۇدىيەت ئەسلىدە ئىنفاق قىلماقتا. قۇياش ۋە ئاي، ئاسمان ۋە زېمىن، تۇپراق ۋە سۇ، كېچە ۋە كۈندۈز، ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانات... بۇلاردىن ئىنفاق قىلمايدىغانلار بارمىدۇ؟ ئەمما ئۇلارنىڭ ئىنفاقى ئىبادەت ھېسابلانمايدۇ، چۈنكى ئۇلار ئاڭلىق ئەمەس. ئاڭلىق ھالدا ئىنفاق قىلىدىغان، ئاڭلىق ھالدا باشقىلارنى ئۆز ئىمكانلىرىدىن ھەمبەھىر قىلىدىغان مەۋجۇدىيەت ئىنساندۇر. ئىنساندىن بۇ ئىلاھي كارۋانغا قوشۇلۇش تەلەپ قىلىنماقتا.

ئاللاھ ئۈچۈن بېرىش « بېرىش » ئەمەس، ئەكسىچە « ئېلىش »تۇر. چۈنكى ئاللاھ بەندىسىدىن نېمىنى قۇربان قىلىشنى تەلەپ قىلسا « ئېلىش » ئۈچۈن ئەمەس، « بېرىش » ئۈچۈن تەلەپ قىلىدۇ. ئاللاھ نىڭ بەندىگە ئېھتىياجى يوق، لېكىن بەندىنىڭ ئاللاھ قا بولغان ئېھتىياجىنىڭ چېكى يوق. ئاللاھ نىڭ قانۇنىنىڭ تەقەززاسىغا ئاساسەن ئىنفاق ئاللاھ نىڭ بەندىگە ئاتا قىلغان نېئمىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن بەلگىلىگەن ئېمتىھان ۋاسىتىسىدۇر:

مَنْ ذَا الَّذِي يُقْرِضُ اللَّهَ قَرْضًا حَسَنًا فَيُضَاعِفَهُ لَهُ وَلَهُ أَجْرٌ كَرِيمٌ

« كىمكى الله قا قەرزى ھەسەنە بېرىدىكەن (يەنى الله نىڭ رازىلىقىنى تىلەپ، ئۇنىڭ يولىدا پۇل - مال سەرپ قىلىدىكەن)، الله ئۇنىڭغا ھەسسىلەپ قايتۇرىدۇ، ئۇنىڭغا چوڭ ساۋاب بېرىدۇ » ( 11 ).

ئىنفاق نىفاقنىڭ ۋاكسىنىسىدۇر. مۇناپىقنى مۇناپىق بولمىغانلاردىن ئايرىيدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىل ئىنفاقتۇر. بۇ ئىككى كەلىمە ئوخشاش بىر سۆز يىلتىزىدىن تۈرلىنىپ چىققان بولۇپ، نىفاق ۋە ئىنفاقتىن ئىبارەت بۇ ئىككى كەلىمە بىر - بىرىگە زىت مەنىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا سۈرىدە ئىنفاق بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەردىن كېيىنلا نىفاققا ئالاقىدار ئايەتلەر كەلگەن ( 12 - 15 ).

دەماللىققا 16 - 17 - ئايەتلەرنىڭ خېلى بۇرۇنلا نازىل بولغانلىقى ھەققىدىكى رىۋايەتلەر توغرىدەك بىلىنىدىغان بولۇپ، ئايەتلەر ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بۆلەكتەك، ئاۋاز تونى باشقىچىدەك تۇيۇلىدۇ. لېكىن 26 - 27 - ئايەتلەرنىڭمۇ ئاۋاز تونى پەرقلىق بولسىمۇ، ئانا تېما بىلەن بىردەكلىككە ئىگە. بۇ سەۋەبتىن 16 - 17 - ئايەتلەر سۈرە نازىل بولغان مەزگىلدىن پەرقلىق بىر مەزگىلدە چۈشكەن دەپ قاراش مۇۋاپىق ئەمەس.

قۇرئاننىڭ كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان ئايەتلىرىدىن بىرسى بۇ سۈرىدە ئورۇن ئالغان. بۇ ئايەت رەببىمىزنىڭ ئىنساننىڭ ھىدايەتنى تاللىشىنى قانچىلىك ئارزۇ قىلغانلىقىنىڭ روشەن دەلىلى. مۇسۇلمان مۇھاتابىغا « ۋەھىيگە قۇلاق سالىدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلمىدىمۇ؟ » دەپ سورايدۇ ۋە بىزدىن « كەلدى ئى رەببىم، يېتىپ كەلدى! » دەپ جاۋاب بېرىشىمىزنى كۈتمەكتە.

دىققەت قىلىڭ، ئايەت بۇ سوئالنى كاپىردىن، مۇناپىقتىن، كىتاب ئەھلىدىن ئەمەس « ئىمان ئېيتقانلاردىن » سوراۋاتىدۇ. يەنى، ئىماننى داۋا قىلىپ، ئىمان ئېيتتىم دېگەنلەر ئاللاھ نىڭ كىتابىغا قانداق بولۇپ بىپەرۋا مۇئامىلە قىلىسىلەر؟ دەپ سوراۋاتىدۇ. بۇ جەھەتتىن ھەدىد 16 - ئايەت بىلەن فۇرقان 30 - ئايەت ئوخشاش بىر تېما ئۈستىدە توختالماقتا. بۇ سۈرىدىكى مەزكۇر ئايەت ھايات مۇئمىنلەرنى ۋەھىيگە قارىتا ئەستايىدىل بولۇشقا چاقىرغان بولسا، فۇرقان سۈرىسى 30 - ئايەت ۋەھىيگە قارىتا مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن مۇئامىلە قىلغان ئۆلگەن ( روھىي جەھەتتىن ) مۇئمىنلەرنى ئاللاھ قا شىكايەت قىلماقتا. مانا بۇ ئايەت :

أَلَمْ يَأْنِ لِلَّذِينَ آمَنُوا أَنْ تَخْشَعَ قُلُوبُهُمْ لِذِكْرِ اللَّهِ وَمَا نَزَلَ مِنَ الْحَقِّ وَلَا يَكُونُوا كَالَّذِينَ أُوتُوا الْكِتَابَ مِنْ قَبْلُ فَطَالَ عَلَيْهِمُ الْأَمَدُ فَقَسَتْ قُلُوبُهُمْ وَكَثِيرٌ مِنْهُمْ فَاسِقُونَ

« مۇئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ دىللىرى الله نىڭ زىكرىگە ۋە نازىل بولغان ھەقىقەتكە (يەنى قۇرئان ئايەتلىرىگە) ئېرىيدىغان ۋاقتى يېتىپ كەلمىدىمۇ؟ ئۇلار ئىلگىرى ۋەھيي ئەۋەتىلگەن ۋە زامانىنىڭ ئۇزىرىشى بىلەن دىللىرى قېتىپ كەتكەنلەردەك بولۇپ قالمىسۇن، ئۇلارنىڭ نۇرغۇنى الله نىڭ ئىتائىتىدىن چىققاندى » ( 16 ).

سۈرىنىڭ ئانا تېمىسى سۈرىگە ئىسمى بېرىلگەن 25 - ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان ئۈچ ئامىلغا، يەنى كىتاب، مىزان ۋە ھەدىدكە مەركەزلەشكەن بولۇپ، ئەل - كىتاب ۋەھىيگە، ئەل- مىزان ئادالەتكە، ئەل - ھەدىد كۈچكە سىمۋول قىلىنغان. بىرىنچىسى پرىنسىپلارنىڭ نەزىرىيىۋى مەنبەسىنى، ئىككىنچىسى ئۇ مەنبەنى توغرا چۈشىنىش ئۈچۈن شەرت بولغان ئۆلچەم ۋە ھۆكۈم چىقىرىش قابىلىيىتىنى، ئۈچىنچىسى ئۇ پرىنسىپلارنى ھاياتقا تەدبىقلاش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان يوللۇق كۈچنى بىلدۈرىدۇ. بۇلارنى ئىلىم - ھېكمەت - ھۆكۈم ياكى تەۋھىد - ئادالەت - جىھاد شەكلىدە چۈشىنىشكىمۇ بولىدۇ. بۇ، تەۋھىدنىڭ ئادالەت ۋە كۈچ بىلەن كۈچلەندۈرۈلىشىنى مەقسەت قىلماقتا. سۈرىدە ئاساسيي سالماقنى ئىگىلىگەن ئىنفاق تېمىسىمۇ بۇ دائىرىدە تىلغا ئېلىنغان.

ھەدىد بىلەن ھەشر سۈرىسى ئارىسىدا مەزمۇن جەھەتتىن يېقىنلىق بار. بۇ سۈرىلەر كىشىدە « مال - مۈلۈك ئەخلاقى »نى شەكىللەندۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. ھەشر 16 ئىلاھيي ئىسىم بىلەن ئاخىرلىشىدۇ، ھەدىد 8 ئىلاھيي ئىسىم بىلەن باشلىنىدۇ.

سۈرىنىڭ بىر جەھەتتىن ئىنفاق سۈرىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ئايەت تۆۋەندىكىچە:

إِنَّ الْمُصَّدِّقِينَ وَالْمُصَّدِّقَاتِ وَأَقْرَضُوا اللَّهَ قَرْضًا حَسَنًا يُضَاعَفُ لَهُمْ وَلَهُمْ أَجْرٌ كَرِيمٌ

« ئىمانىغا بولغان ساداقىتىنىڭ بەدىلىنى تۆلىگەن ئەرلەر ۋە ئاياللار بىلەن الله قا قەرزى ھەسەنە بەرگۈچىلەرگە ( بۇ ئەمەلى ئۈچۈن ) ھەسسىلەپ (ساۋاب) بېرىلىدۇ، ئۇلارغا زور مۇكاپات (يەنى جەننەت) بېرىلىدۇ » ( 18 ).

سۈرىدە ھەزرىتى نۇھ ۋە ھەزرىتى ئىبراھىم ئالاھىدە بىر سەۋەب بىلەن تىلغا ئېلىنغان ( 26 ). بۇ سەۋەب بىلەن ئۇلارنىڭ نەسلىدىن ھىدايەتكە ئېرىشكەنلەرنىڭمۇ، توغرا يولدىن ئېزىپ كەتكەنلەرنىڭمۇ بارلىقى ئەسكەرتىلىدۇ. بۇ ئايەت بەلكىم يا رەسۇلۇللاھنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى ياكى مۇئمىنلەرنىڭ زېھنىدىكى بىر سوئالغا جاۋاب بولۇپ كەلگەن بولسا كېرەك.

27 - ئايەتتە سۆز مەريەم ئوغلى ئىسا ۋە ئىنجىلغا كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ مۇسۇلمانلارغا ئېنىق ۋە روشەن ھالدا « خىرىستىيانلاشماڭلار! » دېگەن ئاگاھلاندۇرۇشدۇر. چۈنكى بۇ ئايەت نازىل بولغان مەدىنىدە تىلغا ئالغۇدەك خىرىستىيان نوپۇسى يوق ئىدى، بۇ بىرىنچى سەۋەب. ئىككىنچى سەۋەب، قۇرئاندا پەقەت بۇ يەردىلا « روھبانلىق » ھەققىدە توختالغان بولۇپ، ئاللاھ روھبانلىقنى ئەمىر قىلمىغان. ئۇلار روھبانلىقنى سۈرەتى ھەقتىن ( كۆرۈنۈشى ھەقىقەت ) بولغان سەۋەبلەر بىلەن ئىجاد قىلغانىدى. نادان، قارا تۈركلەر دىنىنى كەمتۈك ياشايدۇ، ئىلىمسىز سوپىلار دىنغا بىر نەرسىلەرنى قوشۇپ قويىدۇ. نەتىجىدە ھەر ئىككىسىنىڭ قىلغان كېمەيتىۋېتىش ياكى قوشۇپ قويۇش قىلمىشى ماھىيەتتە ئوخشاشلا خاتالىقتۇر.

# نۇر سۈرىسى

سۈرە قۇرئاندا سىمۋول نۇقتىسىدا ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلگەن « نۇر » ئىسمى بىلەن ئاتالغان. بۇ ئىسىم سۈرىنىڭ 35 - ئايىتىگە ئاساسەن قويۇلغان. نۇر، « مەنبەسى كۆرۈنمەيدىغان، ئەمما ئوبيېكتنى كۆرگىلى بولىدىغان ھالغا كەلتۈرگەن ئىلاھى يورۇقلۇق » دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. تۇنجى نەسىل بۇ سۈرىنى « نۇر » ئىسمى بىلەن ئاتىغان.

سۈرە مەدىنىدە نازىل بولغان بولۇپ، بىر قېتىمدىلا نازىل بولماي، پارچە - پارچە ھالدا نازىل بولغان. سۈرىدىكى تېمىلارنىڭ پەرقلىق بولۇشى بۇنىڭ دەلىلى.

گەرچە سۈرە نازىل بولۇشقا باشلىغان يىلنى ئېنىق بىر شەكىلدە ئېيتىش قىيىن بولسىمۇ، يەنىلا تەخمىن قىلغىلى بولىدۇ. زىناغا مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر ھىجرى 3 - يىلدا نازىل بولغان بولسا كېرەك. چۈنكى بۇ ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇشىغا سەۋەب بولغان ۋەقەنىڭ باش قەھرىمانى مەرسەد ئۇشبۇ يىلدىكى رەجى پىستىرمىسىدا شېھىت بولغانىدى.

سۈرىنىڭ 11 - 26 - ئايەتلىرى ئارىسىدىكى بۆلەك ھەزرىتى ئائىشەگە چاپلانغان تۆھمەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇ ئايەتلەر ھىجرەتنىڭ 5 - يىلىدا نازىل بولغان. چۈنكى خۇزائانىڭ بىر ئايمىقى بولغان مۇستالىق ئوغۇللىرىغا قارىتىلغان ھەربىي يۈرۈش خەندەك ئۇرۇشىدىن كېيىنلا بولغانىدى. بۇ يۈرۈش بىر رىۋايەتكە كۆرە خەندەكتىن بۇرۇن شابان ئېيىدا بولغان.

سۈرىنىڭ قاچان تاماملانغانلىقى ھەققىدە ئېنىق بىر نەرسە دېيىشمۇ قىيىن. سۈرىنىڭ تاماملىنىشى ھىجرەتنىڭ 9 - يىلىدىكى تەبۇك غازىتىغىچە سوزۇلغان.

يۇقىرىقى مەلۇماتلارغا ئاساسەن سۈرىنىڭ نازىل بولۇشقا باشلىغان ۋاقتىنى ھىجرەتنىڭ 3 - يىلى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ سۈرە ئۇچۇن « پالان تارىختا نازىل بولدى » دېگەنلىك ئۇ سۈرىنىڭ ھەممىسى نازىل بولغان تارىخنى ئەمەس، باشلىنىش تارىخنى كۆرسىتىدۇ. بەلكىم بۇ نۇقتىدا مۇنداق بىر سوئال تۇغۇلۇشى مۇمكىن: بۇ سۈرە بىلەن ئوخشاش بىر مەزگىلدە نازىل بولۇشقا باشلىغان نىسا سۈرىسىدىكى زىنا بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر نېمە ئۇچۇن ئۇ سۈرىگە يەرلەشتۈرۈلگەن؟ نېمىشقا بۇ سۈرىدىكى زىنا بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر بۇ سۈرە ئىچىگە تىزىلغان؟ بۇ سوئالغا بەرگىلى بولىدىغان جاۋاب مۇنداق بولۇشى مۇمكىن: بۇ يەردىكى زىنا بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر مۇئمىنلەر بىلەن ئاللاھ رەسۇلىنىڭ يېقىنلىرىغا چاپلانغان تۆھمەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك. نىسا سۈرىسىدىكى زىنا ھەققىدىكى ئايەتلەر توپلۇمىنىڭ ھەممىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

سۈرە ھەزرىتى ئوسمان تەرتىپىدە ھەشر - ھەج، ئىبن ئابباس تەرتىپىدە ئەھزاپ - مۇمتەھىنە، جابىر بىن زەيد تەرتىپىدە ناسر - ھەج سۈرىسى ئارىسىغا تىزىلغان. بىزنىڭچە بۇ سۈرە مەزمۇن ئاساس قىلىنغان ھالدا تەييارلىغان تەرتىپىمىزدە ھەدىد - ئالئىمران سۈرىسى ئارىسىغا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى ھەدىد سۈرىسى بەدىر يىلى بولغان ھىجرەتنىڭ 2 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ. ئالئىمران سۈرىسى ئۇھۇد سۈرىسى بولۇپ، ھىجرەتنىڭ 3 - يىلىغا توغرا كەلمەكتە. نۇر سۈرىسىنىڭ رەجى ۋەقەسىدىن كېيىن نازىل بولۇشقا باشلىغانلىقى نەزەردە تۇتۇلغاندا، سۈرە ھىجرى 3 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا نازىل بولۇشقا باشلىغان دېسەك خاتالاشمايمىز.

نۇر سۈرىسى ئىسمىدىن مەلۇم بولغاندەك ئىنسان تەبئىتىنى ۋە ئىنسان مۇناسىۋەتلىرىنى، بولۇپمۇ ئەر - ئايال ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى يورۇتۇپ بەرگەن سۈرىدۇر. بۇ سۈرە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنىڭ، ئىنسان كىملىكىنىڭ بىر پارچىسى بولغان جىنسىيەت سۇيئىستىمال قىلىنماستىن، قايسى شەكىلدە ئېلىپ بېرىلىشى كېرەكلىكىنى بايان قىلىدۇ. بۇ دائىرىدە بەزى ئەخلاقى پرىنسىپلارنى بەلگىلەيدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق يات جىنسلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى پۇختا بىر ئاساسقا ئىگە قىلىدۇ. سۈرىدە ئەر - ئايال ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە قارىتا بەلگىلىك دائىرىلەرنى بەلگىلەيدۇ ۋە بۇ چېگرادىن ھالقىغانلارغا قارىتا مۇئەييەن جازا بېكىتىدۇ. ئەر - ئايال مۇناسىۋىتىنىڭ

نورمال بولۇشى ۋە ئايالنىڭ يات جىنس تەرىپىدىن سۈيئىستېمال قىلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئايال كىشىنىڭ كىشىلىكى جىنسىيىتىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان. سۈرىدە ئايال كىشىنىڭ بەدىنىنى ئاۋامغا ئېچىشى مەنئى قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ھۆرمەت ۋە شەخسىيىتىنى ھىمايە قىلىش مەقسەت قىلىنغان. سۈرە بۇ ئارقىلىق ساغلام ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ ساغلام كىشىلىك مۇناسىۋەت ئارقىلىق بەرپا قىلىنىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

سۈرە ۋەھيىنىڭ ئىنسان ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈم قويغۇچى ۋە ئىنسان مۇناسىۋەتلىرىنى بەلگىلىگۈچى ئامىل ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش بىلەن باشلىنىدۇ. ئاندىن زىنا قىلغۇچى ئەر ۋە ئايالغا مۇناسىۋەتلىك تۇنجى ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ھەم ئىنساننىڭ شەخسى ھۆرمىتىنى ھەم ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ ئەخلاقىي تەرتىپىنى بۇزۇش مەقسەت قىلىنغان زىنا جىنايىتىگە قۇرئان بەلگىلىگەن جازانىڭ ئەسلى مەقستى كىشىلەرنى بۇ يامان قىلمىشتىن ۋازكەچتۈرۈش بولۇپ، بۇ جازانىڭ بىر پارچىسى ئايەتنىڭ ئاخىرىدا بايان قىلىنغاندەك ئاۋامنى بۇنىڭغا شاھىت قىلىشتۇر:

الزَّانِيَةُ وَالزَّانِي فَاجْلِدُوا كُلَّ وَاحِدٍ مِنْهُمَا مِئَةَ جَلْدَةٍ وَلَا تَأْخُذْكُمْ بِهِمَا رَأْفَةٌ فِي دِينِ اللَّهِ إِنْ كُنْتُمْ تُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ وَلْيَشْهَدْ عَذَابَهُمَا طَائِفَةٌ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ

زىنا قىلغۇچى ئايال ۋە زىنا قىلغۇچى ئەرنىڭ ھەر بىرىنى يۈز دەررىدىن ئۇرۇڭلار، ئەگەر سىلەر الله قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىدىغان بولساڭلار، الله نىڭ دىنىنىڭ (ئەھكامىنى ئىجرا قىلىشتا) ئۇلارغا رەھىم قىلماڭلار، ئۇلارنى جازالىغان چاغدا مۆئمىنلەردىن بىر تۈركۈم كىشى ھازىر بولسۇن ( 2 ).

ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن ئايەت زىنانىڭ ئىككى كىشى ئارىسىدا بولىدىغان بىر جىنايەت ۋە گۇناھ ئىكەنلىكىنى ئىشارەت قىلىدۇ. ئىككى كىشى بىرلىكتە ئېلىپ بارغان بىر گۇناھ ۋە جىنايەت شەخسى گۇناھ ۋە جىنايەت دەپ قارالمايدۇ. 3 - ئايەت زىنانىڭ جىنسى خاھىشقا قۇل بولۇش ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. بۇ زىنانىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى پسىخولوگىيىلىك تەھلىل بولۇپ، بۇ ئايەت ئاۋام ئارىسىدا خۇددى « زىناخور ئەر كىشى ۋە زىناخور ئايال پەقەت زىناخور ئەر ۋە زىناخور ئايال ياكى مۇشرىك بىلەن توي قىلىدۇ » دېگەندەك خاتا چۈشىنىپ كېلىنگەن. بۇ چۈشەنچىنىڭ شەكىللىنىشى ئايەتنىڭ تەرجىمىدىكى كەمتۈكلۈكتىن كېلىپ چىقماقتا ( بەقەرە، 221؛ فۇرقان، 43 - ئايەتكە قاراڭ ).

زىنا ئىجتىمائىي جەمئىيەتنى ئىچىدىن چىرىتىپ تاشلايدىغان بىر ئىجتىمائىي ۋابادۇر. بۇ ئىللەت ئىجتىمائىي جەمئىيەتلەرنىڭ ئۇلىنى تەشكىل قىلغۇچى ئەر - ئايال مۇناسىۋەتلىرىدىكى خاتالىقنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئەر - ئايال ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەردە ساقلانغان ئىللەت ئىجتىمائىي ۋاباغا، ئىجتىمائىي ۋابا ئۇ مىللەتكە ئائىت مەدەنىيەتنىڭ بىتاپ بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. زىنا بىر جەمئىيەتنىڭ ئۇل تاشلىرىنى بىر - بىرىدىن ئاجرىتىپ تاشلايدىغان سەلبىي تەسىرگە ئىگە. بىر كىشىنىڭ زىنا قىلىشى ئېغىر گۇناھ بولغاندەك، زىنا قىلمىغان بىرسىگە زىنا تۆھمىتى چاپلاشمۇ شۇنىڭدەك يامان ۋە قەبىھ ئىشتۇر. ئېپپەتكە قارىتىلغان تۆھمەتمۇ خۇددى زىناغا ئوخشاش ئىجتىمائىي جەمئىيەتنى ئىچىدىن يەپ تۈگىتىدىغان پارازىتتۇر. سۈرىنىڭ 4 - ئايىتى ئېپپەتكە قارىتىلغان تۆھمەتنى 80 دەررە بىلەن جازالاندۇرىدۇ. بۇنداق بىر ئەيىبلەشنى كۆتۈرۈپ چىققۇچى تۆت شاھىت كەلتۈرۈشى كېرەك. 6 - 9 -ئايەتلەر بىراۋنىڭ جۆرىسىنى زىنا بىلەن ئەيىپلىگەندە ئۇستىگە ئېلىشى كېرەك بولغان مەسئۇلىيەتنى بايان قىلىدۇ. بۇ بۆلەكنىڭ ئاخىرىدىكى ئايەتلەر تەۋبىنى ئىشارەت قىلىدۇ. ئاللاھ رەھمان ۋە رەھىمدۇر. مەرھەمىتى چەكسىز بولغان ئاللاھ نىڭ تەۋبە ئىشىكى ھەر دائىم ئوچۇق بولۇپ، گۇناھكار بەندىلىرىنى بۇ ئىشىكتىن كىرىشكە دەۋەت قىلىدۇ. مانا بۇ ئايەت ئىلاھىي دەۋەتنىڭ ئىپادىسى:

وَلَوْلَا فَضْلُ اللَّهِ عَلَيْكُمْ وَرَحْمَتُهُ وَأَنَّ اللَّهَ تَوَّابٌ حَكِيمٌ

« ئەگەر سىلەرگە الله نىڭ پەزلى ۋە رەھمىتى بولمىسا ئىدى (چوقۇم رەسۋا بولاتتىڭلار)، الله تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر » ( 10 ).

ھەزرىتى ئائىشە ئاللاھ رەسۇلىنىڭ ئايالى. مۇۋاپىق بىر پۇرسەتنى كۈتۈپ تۇرغان مۇناپىقلار ئىنسانى بىر بىخەستەلىك سەۋەبىدىن مەيدانغا كەلگەن نورمال بىر ئەھۋالنى باھانە قىلىپ، بىر غازاتتىن قايتىشتا مۇئمىنلەرنىڭ بۇ ئانىسىغا تۆھمەت چاپلايدۇ. ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھ ھەزرىتى ئائىشەگە چاپلانغان بۇ تۆھمەت ئۈستىدىن بارلىق مۇئمىنلەرگە دەۋر ۋە ماكان چەكلىمىسىدىن خالىي بولغان ئەخلاقىي پرىنسىپلارنى بەلگىلەپ بېرىدۇ. پارچە ھالدا يامانلىقتەك كۆرۈنگەن بىر ئىش بىر پۈتۈن گەۋدە ئىچىگە قويۇپ قارىغان ۋاقىتتا ياخشىلىققا ۋەسىلە بولغان ئىدى. تۆھمەت قۇربانى بولغۇچىلارنىڭ « بۇگۈنى ۋە بۇ ماكانى » نۇقتىسىدىن قارىغان ۋاقتىمىزدا، « كاشكى بولمىغان بولسا ئىدى » دېگەن بۇ رەزىل قىلمىش، نەتىجىسى ۋە بۇ سەۋەبتىن نازىل بولغان ئايەتلەر نەزەرگە ئېلىنغاندا، ھېكمەتلىك بىر ئىش بولۇپ چىقماقتا. مانا بۇ سۈرىنىڭ 11 - 20 - ئايەتلىرى بۇ رەزىل تۆھمەت ئۈستىدىن قىيامەتكىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان نەسىھەت ۋە ئىبرەتلەرنى ئالدىمىزغا قويىدۇ. بۇ بۆلەكتە شۇنداق بىر ئايەت باركى، بۇنىڭغا ئوخشاش تۆھمەت ۋەقەلىرىدە مۇئمىنلەرنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن مەسئۇلىيەتنى بايان قىلىدۇ:

لَوْلَا إِذْ سَمِعْتُمُوهُ ظَنَّ الْمُؤْمِنُونَ وَالْمُؤْمِنَاتُ بِأَنْفُسِهِمْ خَيْرًا وَقَالُوا هَذَا إِفْكٌ مُبِينٌ

بوھتاننى ئاڭلىغان چاغلىرىڭلاردا، ئەر ـ ئايال مۇئمىنلەر نېمىشقا ئۆزئارا ياخشى گۇماندا بولۇپ، « بۇ ئېنىق بوھتان » دېمىدى؟ ( 12 ).

وَلَوْلَا إِذْ سَمِعْتُمُوهُ قُلْتُمْ مَا يَكُونُ لَنَا أَنْ نَتَكَلَّمَ بِهَذَا سُبْحَانَكَ هَذَا بُهْتَانٌ عَظِيمٌ

ئۇنى ئاڭلىغان چېغىڭلاردا نېمىشقا « بۇ مەسىلىدە سۆز قىلىش بىزگە مۇناسىپ ئەمەس، (ئى الله! مۇشۇنداق بىر تۆھمەتتىن ) سەن ساڭا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمىز! بۇ ئېغىر بوھتاندۇر » دېيىشىڭلار كېرەك ئەمەسمىدى؟ ( 16 ).

بۇ ئايەتلەرنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھ، ئىنساننىڭ ياراتقۇچىسىدۇر. ئىنسانلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ تەپەككۇرىنىڭ ئەڭ تۆۋەن سەۋىيىگە يېقىن بىر نۇقتىدا ئىشلەيدىغانلىقىنى بىلىدۇ. چۈنكى ئىنسانلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى جاپاسىز، ئەجىرسىز قولغا كەلگەننى تاللايدۇ. تەپەككۇر سېزىمنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئەجىر تەلەپ قىلىدۇ، ئەڭ تۆۋەن سەۋىيىگە چۈشۈرۈش ئەجىر تەلەپ قىلمايدۇ. ئەڭ تۆۋەن سەۋىيىدىكى بىلىش نەپسى - خاھىشنىڭ دائىرىسىگە كىرىدۇ ۋە ئۇنىڭ يۈزلەندۈرۈشى بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ. نەپسى - خاھىش ھاكىم بولغان ئورۇن شەيتان ھاكىم بولغان ئورۇن دېگەنلىكتۇر. بۇ ساھەدە تارقالغان ھەر خىل خەۋەرلەرنى ئاڭلايدىغان قۇلاق ھۇسنى زان ( ياخشى گۇمان )غا ئەمەس، سۇئى زان ( يامان گۇمان )غا توغرىلانغان بولىدۇ. ھالبۇكى ياخشى گۇماندىن ھېساپ ئېلىنمايدۇ، ئەمما يامان گۇماندىن ھېساپ ئېلىنىدۇ. رەسۇلۇللاھنىڭ « مۇئمىننىڭ قېنى، مېلى، ئار - نۇمۇسى ۋە سۇئىزانى مۇئمىنگە ھارام » دېيىشىمۇ مانا مۇشۇنداق بىر چۈشەنچىنىڭ نەتىجىسى بولسا كېرەك.

خۇددى زىنا ھەققىدە توختالغان بۆلەكلەردىكىگە ئوخشاش زىنا تۆھمىتى ھەققىدە توختالغان بۆلەكنىڭ ئاخىرىدىمۇ سۆز ئاللاھ نىڭ ئەپۇ ۋە مەغپىرىتىگە كېلىدۇ. تەۋبە ئىشىكى ھەر دائىم ئوچۇقتۇر، يېتەركى كىشى ئۇ ئىشىكتىن كىرىشنى ئارزۇ قىلسۇن:

وَلَوْلَا فَضْلُ اللَّهِ عَلَيْكُمْ وَرَحْمَتُهُ وَأَنَّ اللَّهَ رَءُوفٌ رَحِيمٌ

« الله نىڭ سىلەرگە پەزلى ۋە مەرھەمىتى بولمىسا ئىدى (سىلەرنى قاتتىق جازالايتتى)، الله شەپقەتلىكتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر » ( 20 ).

سۈرىنىڭ 21 - 26 - ئايەتلىرى، ھەزرىتى ئائىشەگە چاپلانغان بۆھتاندىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان ئىجتىمائىي ۋەزىيەت ئۈستىدىن ئومۇمىيۈزلۈك نەسىھەت بېرىدۇ. بۇ نەسىھەتلەر ئىچىدە، نۈزۈل سەۋەبى ھەزرىتى ئەبۇ بەكىر بولغان نەسىھەت كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. قىزى ئائىشەگە قىلىنغان بۆھتانلارنى تارقاتقۇچىلاردىن بىرسى يوقسۇل بولغانلىقتىن يىللاردىن بۇيان ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ ياردىمى بىلەن تۇرمۇشنى قامداپ كېلىۋاتقان يېقىن تۇققىنى مىستاھ بىن ئۇساسە ئىدى. مىستاھنىڭ قىزى ئائىشەگە قىلىنغان بۆھتاننى تارقىتىشى

ھەزرىتى ئەبۇ بەكرگە بەكمۇ ئېغىر كەلگەن بولۇپ، ئۇ بۇنىڭدىن كېيىن مىستاھقا ياردەم قىلمايدىغانلىقىغا دائىر قەسەم قىلدۇ. شۇنىڭ بىلەن تۆۋەندىكى ئايەتنىڭ نازىل بولغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان:

وَلَا يَأْتَلِ أُولُو الْفَضْلِ مِنْكُمْ وَالسَّعَةِ أَنْ يُؤْتُوا أُولِي الْقُرْبَى وَالْمَسَاكِينَ وَالْمُهَاجِرِينَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَلْيَعْفُوا وَلْيَصْفَحُوا أَلَا تُحِبُّونَ أَنْ يَغْفِرَ اللَّهُ لَكُمْ وَاللَّهُ غَفُورٌ رَحِيمٌ

« ئاراڭلاردا ئەھلى كەرەم ۋە دۆلەتمەن بولغانلار خىش ـ ئەقرىبالارغا، مىسكىنلەرگە ۋە دىن يولىدا ھىجرەت قىلغانلارغا (بىر نەرسە) بەرمەسلىككە قەسەم قىلمىسۇن، (ئۇلارنىڭ گۇناھىنى) ئەپۇ قىلسۇن، كەچۈرسۇن، اﷲ نىڭ سىلەرگە مەغپىرەت قىلىشنى ياقتۇرمامسىلەر؟ اﷲ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر » ( 22 ).

ھەزرىتى ئەبۇ بەكىر ئايەتتىكى « اﷲ نىڭ سىلەرگە مەغپىرەت قىلىشنى ياقتۇرمامسىلەر؟ » جۈملىسىنى ئوقۇپ، كۆز ياشلىرى ئىچىدە « ئەلۋەتتە ئاللاھىم، ئەلۋەتتە ياقتۇرىمەن » دېگەن ۋە بۇنىڭدىن كېيىن مىستاھقا بۇرۇنقىدىن ئىككى مىسلى ياردەم قىلىش ھەققىدە قەسەم قىلغان.

مەھرەمىيەت ( كىشىنىڭ شەخسىي ھاياتى )كە مۇناسىۋەتلىك مەسىلە ئىپپەتكە قارىتىلغان جىنايەتلەر بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. بۇ سەۋەبتىن كىشىنىڭ ئۆزىگە ئائىت بولمىغان ئۆيلەرگە كىرىشنى بەلگىلىك قائىدىگە ئىگە قىلغان بۆلەك بۇ سۈرىدە ئورۇن ئالغان ( 27 ـ 29 ). بۇ ئايەتلەر نازىل بولغان جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ بەدەۋىيلىك ( چۆل ھاياتى )تىن شەھەر ھاياتىغا يېڭىدىن كۆچۈۋاتقانلىقىنى ۋە مەدەنىي مۇئامىلىلەرنى ئۆزلەشتۈرۈپ بولالمىغانلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەك.

ئەر ـ ئايال مۇناسىۋەتلىرىنى ئىنسان فىترىتىنى نەزەرگە ئالغان ئاساستا ھەل قىلماي تۇرۇپ، ئىپپەتكە قارىتىلغان جىنايەتلەرنى جازالاش بىلەن ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. قۇرئان بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

قُلْ لِلْمُؤْمِنِينَ يَغُضُّوا مِنْ أَبْصَارِهِمْ وَيَحْفَظُوا فُرُوجَهُمْ ذَلِكَ أَزْكَى لَهُمْ إِنَّ اللَّهَ خَبِيرٌ بِمَا يَصْنَعُونَ

« مۇئمىن ئەرلەرگە ئېيتقىنكى، (نامەھرەملەرگە) تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى (زىنادىن) ساقلىسۇن، مۇنداق قىلىش ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر، اﷲ ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن تولۇق خەۋەردار » ( 30 ).

بۇ نۇقتىدا ئەنئەنىۋى قاراشتا نەزەردىن ساقىت قىلغان بىر مەسىلە بار. كىشىنىڭ شەھۋىتىنى كۈشكۈرتىدىغان شەھۋەتلىك قاراشنى ئەر ۋە ئايالدىن توسىدىغان ئىككى ئايەتنىڭ تۇنجىسى ئەر كىشىگە خىتاب قىلماقتا. چۈنكى بۇ نۇقتىدا ئەرلەر ئاياللارغا قارىغاندا ئاجىز كېلىدۇ. بۇ ئەمرگە بويسۇنۇپ كۆزىنى تىزگىنلەشنى ئۆگىنىشى پەرز بولغان مۇئمىن ئەر كىشىنىڭ ئەنئەنىۋى پوزىتسىيىسى بولسا پىتنىنى ئۆزىنىڭ كۆزىدىن ئىزدەشنىڭ ئورنىغا ئايال كىشىنىڭ چىرايىغا ئارتىپ قويۇش بولماقتا. بۇ نۇقتىدا توختاپ قېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، پىتنىنى ئايالنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىغا ئارتىپ قويماقتا. كۈنىمىزدە مۇسۇلمان ئەر ـ ئايال مۇناسىۋەتلىرىدە ئوتتۇرىغا چىققان ھەددىدىن ئېشىپ كېتىش ۋە بىپەرۋالىقنىڭ مەنبەسىنى مانا بۇ ئادالەتسىزلىكتىن ئىزدەش لازىم.

قۇرئانى تەسەتتۇر ( ھىجاپ ) يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئارقا كۆرۈنۈش ئاساسىدا شەكىللىنىدۇ. تەسەتتۇرنىڭ بىرىنچى مۇھاتابى شۈبھىسىز ئايال كىشىدۇر. جانابى ئاللاھ گۈزەللىك ۋە جەلپكارلىقنىڭ كۆپرەكىنى ئايالغا بەرگەن. ئايال كىشى جەلپ قىلغۇچى ۋە ئۆزىگە تارتقۇچىدۇر. ئەر كىشى جەلپ قىلىنغۇچى ۋە رام قىلىنغۇچىدۇر. ئايال كىشىنىڭ جەلپ قىلغۇچى تەرىپى كىشىنى ئۇنىڭغا رام قىلىدۇ. مانا بۇ مايىللىقنىڭ تەكتىدە كىشىنى ئازدۇرغۇچى خاھىش ۋە ھاۋايى ـ ھەۋەس ياتىدۇ. 31 ـ ئايەتتە كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان بىر نۇقتا بار. يەنى ئەر كىشىگە ئايالنى يوشۇرۇش ئەمەس، ئايال كىشىگە ئۆزىنىڭ ۋۇجۇد گۈزەللىكىنى ئاۋامغا ئاچماسلىقنى بۇيرۇيدۇ. تەسەتتۇرنىڭ سەۋەبى مۇنداق، ئى مۇئمىن ئايال! يات جىنس بىلەن جىنسىيەت نۇقتىسىدىن ئەمەس، ئىنسانلىق نۇقتىسىنى چىقىش قىلىپ مۇناسىۋەت قۇر. يات جىنسنىڭ جىنسىيىتىڭنى سۇيىئىستىمال قىلىشىغا يول قويما. بۇ ئارقىلىق ئەگەر مەن بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتماقچى بولساڭ، جىنسىيىتىم ئۈستىدىن ئەمەس، كىشىلىكىم، شەخسىيىتىم ئۈستىدىن مۇناسىۋەت قۇر، دېمەكتە.

سۈرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىنى تەشكىل قىلغان ئايىتى شۈبھىسىز سۈرىگە ئىسمى بېرىلگەن نۇر ئايىتىدۇر.

اللَّهُ نُورُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ مَثَلُ نُورِهِ كَمِشْكَاةٍ فِيهَا مِصْبَاحٌ الْمِصْبَاحُ فِي زُجَاجَةٍ الزُّجَاجَةُ كَأَنَّهَا كَوْكَبٌ دُرِّيٌّ يُوقَدُ مِنْ شَجَرَةٍ مُبَارَكَةٍ زَيْتُونَةٍ لَا شَرْقِيَّةٍ وَلَا غَرْبِيَّةٍ يَكَادُ زَيْتُهَا يُضِيءُ وَلَوْ لَمْ تَمْسَسْهُ نَارٌ نُورٌ عَلَى نُورٍ يَهْدِي اللَّهُ لِنُورِهِ مَنْ يَشَاءُ وَيَضْرِبُ اللَّهُ الْأَمْثَالَ لِلنَّاسِ وَاللَّهُ بِكُلِّ شَيْءٍ عَلِيمٌ

« الله ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ نۇرىدۇر، الله نىڭ (مۆئمىن بەندىسىنىڭ قەلبىدىكى)نۇرى خۇددى (چىراق قويىدىغان) تەكچىگە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدا چىراق باردۇر، چىراق شىشىنىڭ ئىچىدىدۇر، شىشە گويا نۇرلۇق يۇلتۇزدۇر، چىراق مۇبارەك زەيتۇن دەرىخىنىڭ (يېغى) بىلەن يورۇتۇلغان، ئۇ (يەنى زەيتۇن دەرىخى) شەرق تەرەپتىمۇ ئەمەس، غەرب تەرەپتىمۇ ئەمەس. يېغى (ئەڭ سۈزۈك بولىدۇ، سۈزۈكلۈكىدىن) ئوت تەگمىسىمۇ يورۇپ كېتەيلا دەپ قالىدۇ، (ئوت بىلەن يورۇتۇلسا) نۇر ئۈستىگە نۇر قوشۇلىدۇ. الله ئارزۇ قىلغان كىشىنى ئۇنىڭ نۇرىغا (يەنى قۇرئانغا) (ئەگىشىشكە) مۇۋەپپەق قىلىشنى خالايدۇ. الله (ئىبرەت ئالسۇن دەپ) كىشىلەرگە مىساللارنى (ئۇلارنىڭ پەمىگە يېقىنلاشتۇرۇپ) بايان قىلىدۇ، الله ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر » ( 35 ).

ۋەھيى ئۇ ئالەملەرنىڭ نۇرىدىن كەلگەن بىر نۇردۇر. ئەقىل ئۇنىڭ كۆزىدۇر. ۋەھيى نۇرى تەگمىگەن ئەقىلنىڭ كۆزى كوردۇر. ئەقىل كۆزىنىڭ كۆرۈشى ئۈچۈن ۋەھيى نۇرى تېگىشى شەرت. مەۋجۇدىيەتنىڭ ئۆزىدىكى ھەرىكەت بۇ نۇردىن كەلمەكتە. ئاتومدىن پىلانىتلارغىچە، تامچىدىن دېڭىزغىچە ھەر نەرسە بۇ نۇرنىڭ سايىسىدە مەۋجۇدلىقىنى داۋام قىلدۇرماقتا، ھەرىكەت قىلماقتا. ھەتتا قۇشلارمۇ بۇ نۇر سايىسىدە تەسبىھ ئېيتماقتا ( 41 - 42 ). بۇلۇتلار بۇ نۇر سايىسىدە ۋەزىپىسىنى ئادا قىلماقتا ( 43 ).

تاكامۇل ئاللاھ جانلىقلاردىن تارتىپ بارلىق مەخلۇقاتلارغا بەلگىلىگەن ئۆزگەرمەس قانۇندۇر. ئالەملەرنىڭ رەببى ھەر مەخلۇقنى ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە قاراپ تەرەققىي قىلدىغان بىر فىترەت بىلەن ياراتقان. ئاللاھ ياراتقانلىرىغا يارىتىلىش مەقستىنى بىلدۈرگەن بولۇپ، بۇ غايىگە يېتىش ئۈچۈن بەزىلىرىنى بەلگىلىك قانۇنلارغا تەۋە قىلغان، بەزىلىرىگە ئىشلەش پرىنسىپىنى بەلگىلەپ بەرگەن، ئەقىل ۋە ئىرادە بېرىپ ئۇلارنىڭ تاكامۇللىششىنى خالىغان. « ھەر جانلىقنى سۇدىن ياراتتۇق » ( 45 ) ئايىتى ئىما قىلغان بۇ ھەققەت مەۋجۇدىيەت تەۋە بولغان تاكامۇللىشىش قانۇندۇر.

ئاللاھ نىڭ شەيئىلەرنىڭ تەبىئىتىگە قانۇنلار يەرلەشتۈرگەنلىكى ۋە ياراتقان ئىرادىسىز مەخلۇقلارنى بۇ قانۇنلارغا تەۋە قىلغانلىقى ھەقىقىتىنى « ھەر جانلىقنى سۇدىن يارىتىشى » ئۈستىدىن بايان قىلغان ئايەت يەنە باشقا شەكىلدە بايان قىلىدۇ: ئاللاھ نىڭ قۇدرىتىنىڭ چەكسىزلىكىنى، يەنى « ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر » دەپ ئىپادىلەيدۇ. بۇ بىر مۆجىزە بولغان قۇرئاننىڭ مەسانى / قوشماق / ئىككى قۇتۇپلۇق ئالاھىدىلىكىدۇر. بۇنىڭ ئەھمىيىتى تۆۋەندىكى تەرەپتە گەۋدىلىنىدۇ: « بىر قىسىم ئۆلىمالارغا كۆرە، ئاللاھ نىڭ شەيئىلەر ئۈچۈن قانۇنىيەت بەلگىلىگەنلىكىنى ئېيتىش، ئاللاھ نىڭ قۇدرىتىنى چەكلەپ قويغانلىق بولۇپ، بۇ زىنھار جائىز ئەمەس. بۇ ئاشقۇنلۇقنىڭ قارشى تەرىپىدە دېتېرمىنىزم يەر ئالىدۇ ۋە ھەر نەرسىنى سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتىگە مەھكۇم قىلىپ قويىدۇ. قۇرئان بىر ئايەتنىڭ ئۆزىدىلا ھەم ئاللاھ نىڭ شەيئىلەر ئۈچۈن بەلگىلىگەن قانۇننى ھەم ئۆزىنىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى تىلغا ئېلىپ، بۇ ئىككى مۇۋازىنەتسىزلىكنى رەت قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئاللاھ شەيئىلەر ئۈچۈن بەلگىلىگەن قانۇنلار بار، لېكىن ئاللاھ ئۆزى بەلگىلىگەن قانۇنلارغا مەھكۇم ئەمەس، ئەكسىچە ئۇنىڭ ھاكىمىدۇر. بۇ ھەرگىزمۇ ئاللاھ نىڭ ئۆزى بەلگىلىگەن قانۇنلارنى ئۆزى رەت قىلغانلىقى ۋە يوق قاتارىدا كۆرگەنلىكىنى ئىپادىلىمەيدۇ. مەۋجۇدىيەتنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلغۇچى ھەرگىزمۇ مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ. مەسىلەن: تۆۋەندىكى قانۇنلارنىڭ ھەممىسى قۇرئانغا ئائىت:

- ئۇرۇق تېرىمىغان ھوسۇل ئالالمايدۇ.
- تىرىشىپ ئەجىر قىلغۇچى غەلىبە قىلىدۇ، ئۇنىڭدا ياتقان مەغلۇپ بولىدۇ.
- ئۆزىنى ئۆزگەرتمىگەن قەۋمنىڭ ھالىنى ئاللاھ ئۆزگەرتمەيدۇ.

- ئاللاھ ھەر ئىنساننىڭ تەقدىرىنى ئۆز تىرىشچانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك قىلغان.
- ئاللاھ ئازغۇنلاردىن باشقىسىنى زالالەتكە ھەيدىمەيدۇ.
- ئاللاھ ھەقتىن يۈز ئۆرىگەن كىشىنىڭ قەلبىنى بۇرىۋېتىدۇ.

قۇرئان « ئورتاق ياخشىلىققا » چاقىرىدۇ ( 53 ). ئورتاق ياخشىلىق، پەقەت بەلگىلىك تائىپىلەردىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغان، پەقەت ئۇلار ئارىسىدىلا تىلسىمغا ئوخشاش ئايلىنىپ يۈرگەن ئالاھىدە بىر ئىلىم ئەمەس. ئۇنداقتا ئۇ نېمە؟ « ئىنسانىيەت ياخشىلىق دەپ بىلىدىغان » نەرسىلەردۇر. مانا بۇ مەئرۇپنىڭ ئېنىقلىمىسىدۇر. ئىنساننىڭ ياخشى ئىشنى قىلماسلىقى، ئۇنى بىلمىگەنلىكىدىن ئەمەس. چۈنكى ئۇنىڭ ۋىجدانىغا ياخشىلىق كەشتىلەنگەن. ئىنساننىڭ ياخشى ئىشنى قىلماسلىقى ۋە ئۇنىڭغا يۈزلەنمەسلىكى ۋىجداننىڭ ئۈستىنى يېپىپ قويغانلىقى ( كۇپۇر )، ئۇنىڭ قۇلىقىنى گاس قىلىپ قويغانلىقى ( سۇممۇن )، ئۇنىڭ چۇقاننى باستۇرۇپ قويغانلىقى ( بۇكمۇن )، ئۇنىڭ كۆزىنى كور قىلغانلىقى ( ئۇميۇن )دىن كېلىپ چىقماقتا. ۋىجداننىڭ تىرىكلىكىنىڭ ئەڭ گۈزەل ئىپادىسى « تەقۋا ( مەسئۇلىيەتچان بولۇش ) » ۋە « ھاشىيەت ( ئاللاھ نىڭ مۇھەببىتىدىن مەھرۇم بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەش ) »تۇر ( 52 ).

سۈرە 58 - ئايەتتىن باشلانغان بۆلىكىدە، باشلىنىشتىكى مەھرەمىيەت تېمىسىغا قايتىدۇ. لېكىن بۇ يەردىكى مەھرەمىيەت نامەھرەملەر ئارىسىدىكى مەھرەمىيەت ئەمەس. مەھرەم بولغانلار ئارىسىدىكى ئەدەب تېمىسى بولغان مەھرەمىيەت ھەققىدە توختىلىدۇ. پەرزەنتلەرنىڭ ئانىسىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرگەندە رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئەدەپ - قائىدە تىلغا ئېلىنىدۇ ( 58 - 59 ). شەھۋەتنى قوزغايدىغان ياشتىن ئۆتۈپ كەتكەن مويسىپىت ئاياللار ئۈچۈن 31 - ئايەتتە بەلگىلەنگەن تەسەتتۇر ئەمرى يەڭگىللىتىلگەن بولۇپ، 60 - ئايەت بۇنى تىلغا ئالىدۇ. لېكىن بۇ رۇخسەتتىن پايدىلانغاندا، بەك ئېچىلىپ كەتمەسلىكنىڭ ئۇلار ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى ئىكەنلىكى ئەسكەرتىلىدۇ. 61 - ئايەت مەھرەمىيەت ئۈچۈن بەلگىلەنگەن چېگرالارنىڭ ھاياتنى ياشىغىلى بولمايدىغان ھالغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قويۇلمىغانلىقىنىڭ ئەڭ يارقىن دەلىلىدۇر. نادانلار دىننى كېمەيتىۋېتىدۇ، قىرقىيدۇ، نادان دىندارلار دىنغا بىر نەرسىلەرنى قوشۇپ قويىدۇ ( تەقۋالىق نامىدىن ). بۇ ئايەتلەر بۇ ئىككى سىنىپ ئۈچۈندۇر. ئۇنىڭدىن باشقا 61 - ئايەت ئائىلە دوستلىرىنىڭ بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشىدە ھېچقانداق بىر مەسىلە يوقلىقىنى بايان قىلىدۇ.

بىر ئىسلام جامائىتىدە « مۇخالىپەت » قانداق شەكىللەندۈرۈلىدۇ؟ بىر ئىسلام جامائىتىدە يېتەكچىنىڭ كۆز قارىشىدىن باشقىچە قاراش قانداق ئۇسلۇب ۋە ئەدەپ بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ؟ 62 - ئايەت بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى بېرىدۇ:

إِنَّمَا الْمُؤْمِنُونَ الَّذِينَ آمَنُوا بِاللَّهِ وَرَسُولِهِ وَإِذَا كَانُوا مَعَهُ عَلَى أَمْرٍ جَامِعٍ لَمْ يَذْهَبُوا حَتَّى يَسْتَأْذِنُوهُ إِنَّ الَّذِينَ يَسْتَأْذِنُونَكَ أُولَئِكَ الَّذِينَ يُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ وَرَسُولِهِ فَإِذَا اسْتَأْذَنُوكَ لِبَعْضِ شَأْنِهِمْ فَأْذَنْ لِمَنْ شِئْتَ مِنْهُمْ وَاسْتَغْفِرْ لَهُمُ اللَّهَ إِنَّ اللَّهَ غَفُورٌ رَحِيمٌ

« ئاللاھ قا ۋە رەسۇلىغا ئىمان ئېيتقان كىشىلەر كامىل مۇئمىنلەردۇر. ئۇلار مۇسۇلمانلارغا مۇناسىۋەتلىك بىر ئىش ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن بىر يەرگە جەم بولغاندا، ئۇنىڭدىن ئىجازەت ئالماستىن كېتىپ قالمايدۇ. سەندىن ( باشقىچە قارىشىنى، پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئۈچۈن، چارە تېپىش ئۈچۈن ) ئىجازەت سورىغانلارمۇ ئاللاھ قا ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا چىن يۈرەكتىن ئىمان ئېيتقان كىشىلەردۇر. بۇ سەۋەبتىن ئۇلار سەندىن بەزى ئىشلىرى ئۈچۈن ئىجازەت سورىسا، ئۇلار ئىچىدىن سەن خالىغان كىشىگە ئىجازەت بەرگىن، ئۇلارغا سەن ئاللاھ تىن مەغپىرەت تىلىگىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر ».

سۈرە ئاللاھ نىڭ چەكسىز ئىلمى تەكىتلەنگەن ھالدا ئاخىرلىشىدۇ. بۇنىڭ ھېكمىتى بۇ سۈرىدە ئاللاھ نىڭ ھاياتقا ئاكتىپ مۇداخىلىسىنىڭ ئىپادىسى بولغان ئىلاھىي ھۆكۈملەر ئۇنىڭ چەكسىز ئىلمىگە نىسبەت قىلىنىدۇ. ئەڭ ياخشى ھۆكۈم ھەممىنى بىلگۈچىنىڭ ھۆكۈمىدۇر. ئۇنداقتا ئەڭ ياخشى ھۆكۈم ئاللاھ بەرگەن ھۆكۈمدۇر.

# ئال ئىمران سۈرىسى

سۈرە 33 - ئايىتىگە ئاساسەن « ئىمران ئائىلىسى » دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان « ئالئىمران » ئىسمى بىلەن ئاتالغان.

بۇ ئايەت بىلەن باشلانغان بۆلەك ھەزرىتى ئىسا، ئۇنىڭ ئانىسى مەريەم، ھەزرىتى مەريەمنىڭ دادىسى ئىمران، ئانىسى ھاننە ( ئانناھ )، ھاممىسى ئېلىزابىت، ھاممىسىنىڭ ئېرى ھەزرىتى زەكەرىيا ۋە ئۇلارنىڭ ئوغلى ھەزرىتى يەھيادىن تەركىب تاپقان ئىمران ئائىلىسى، ئىنسانىيەتكە ئۆرنەك قىلىپ كۆرسىتىلگەن قىسسىنى بايان قىلىدۇ. ھەزرىتى مەريەمنىڭ دادىسى « ئىمران » ئىسمىنى بوۋىسىنىڭ بوۋىسى بولغان ھەزرىتى مۇسانىڭ دادىسىدىن ئالغانىدى. سۈرىگە بېرىلگەن « ئىمران ئائىلىسى » ئىسمىدىكى ئائىلە ئارقىلىق ھەزرىتى مۇسانىڭ دادىسىنىڭ ئائىلىسى نەزەردە تۇتۇلغان ئەمەس. چۈنكى قىسسە « ئىمراننىڭ ئايالى » دەپ باشلانغان بولۇپ، ئۇ ھەزرىتى مەريەمنىڭ ئانىسى ھاننە ئىدى.

سۈرە رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋرىدىلا بۇ ئىسىم بىلەن ئاتالغان ( مۇسلىم، تەپسىر، 1 ). مەزكۇر ھەدىستە بەقەرە بىلەن بىرلىكتە « ئىككى گۈل » ۋەياكى « ئېچىلىش ئالدىدىكى ئىككى ئۆسۈملۈك ( ئەز زەھراۋەين ) » دەپ تەرىپلىنىشى بېرىلگەن ئىسىم بولماستىن بەلكى بىر سۈپەتتۇر. سۈرىگە كەنز، ئەمان، مۇجادىلە، ئىستىغفار دېگەندەك ئىسىملارمۇ قويۇلغان. لېكىن بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئالئىمرانغا قەدەر كەڭ دائىرىدە ئىشلىتىلمىگەن.

سۈرە بىر قاراشقا ئاساسلانغاندا بەقەرە سۈرىسىدىن، يەنە بىر قاراشقا ئاساسلانغاندا بەقەرە ۋە ئەنفال سۈرىسىدىن كېيىن مەدىنىدە نازىل بولغان. ھەزرىتى ئوسمان، ئىبنى ئابباس ۋە ئىمام جافەرگە نىسبەت قىلىنغان تەرتىپلەرنىڭ ھەممىسىدە ئەنفال سۈرىسىنىڭ ئارقىسىغا تىزىلغان. بىراق بۇ ئېتىرازلىق بىر ئەھۋال. چۈنكى بەقەرە سۈرىسى ھىجرەتنىڭ 1 - يىلىدا نازىل بولۇشقا باشلىغان بولۇپ، رامىزان روزىسى پەرز قىلىنغان ئايەتنىڭ بۇ سۈرىدە يەر ئېلىشى بۇنىڭ دەلىلى. بەقەرە سۈرىسى نازىل بولۇشقا باشلىغاندىن كېيىن ئەنفال سۈرىسى نازىل بولۇشقا باشلىغان بولۇپ، بۇ ھىجرەتنىڭ 2 - يىلى رامىزان ئېيىغا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى ئەنفال سۈرىسى بەدىر سۈرىسىدۇر. بەدىر زەپىرى ھىجرى 2 - يىلى رامىزاننىڭ 17 - كۈنى قولغا كەلتۈرۈلگەن. ئەنفال سۈرىسىنىڭ ئارقىسىدىنلا بىر ئۇھۇد سۈرىسى بولغان ئالئىمراننى تىزىش بىر مۇنچە مەسىلىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولماقتا. بۇلاردىن بىرسى، يەنە بىر بەدىر سۈرىسى بولغان ھەدىد سۈرىسىنى قەيەرگە تىزىش كېرەك؟ ئەگەر ھەدىد سۈرىسىنى ئەنفال بىلەن ئالئىمران ئارىسىغا تىزمىساق، ئوتتۇرىغا بىر بوشلۇق چىقىدۇ ۋە بىر زامان تىلىمىنى ئاتلاپ ئۆتۈپ كەتكەن بولىمىز. بۇ سەۋەبتىن ھەدىد سۈرىسى ئەنفال سۈرىسىنىڭ ئارقىسىغا تىزىلىشى كېرەك. بۇ نۇر سۈرىسى ئۈچۈنمۇ شۇنداق بولۇپ، نۇر سۈرىسى ھىجرەتنىڭ 3 - يىلىدا نازىل بولۇشقا باشلىغان بولۇپ، سۈرە رەجى ۋەقەسى ھەققىدە توختالغان. رەجى ۋەقەسىنىڭ ئۇھۇد ئۇرۇشىدىن كېيىن بولغانلىقى ئېنىق. بۇ ئەھۋالدا ئەنفال بىلەن ئالئىمران سۈرىسى ئارىسىدا ئەڭ ئاز دېگەندە ئىككى سۈرە بولسا كېرەك، يەنى ھەدىد ۋە نۇر سۈرىسى. يىغىنچاقلىغاندا، ئالئىمران سۈرىسى نۇر سۈرىسىنىڭ ئارقىسىغا تىزىلىشى كېرەك.

**سۈرىنىڭ نازىل بولۇشىغا سەۋەب بولغان ئىككى ۋەقە**

سۈرىنىڭ نازىل بولۇشىغا ئىككى ۋەقە سەۋەب بولغان. بۇلاردىن بىرسى ئۇھۇد ئۇرۇشى بولۇپ، ھىجرەتنىڭ 3 - يىلى شەۋۋال ئېيىنىڭ 10 - كۈنى يۈز بەرگەن. بۇ ئېنىق. ئىككىنچى ۋەقە، خىرىستىيان نەجران ھەيئىتىنىڭ كېلىشى ئىدى. سۈرىنىڭ مەركىزىدە بۇ ئىككى ۋەقە بار بولۇپ، سۈرىنىڭ باشلىنىش بۆلىكى ۋە 118 - 195 - ئايەتلىرى ئۇھۇد ئۇرۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇنىڭ دەلىلى 121 ۋە 144 - ئايەتلەردۇر. 16 - 117 ۋە 196 - 200 ئارىسىدىكى بۆلەك نەجران ھەيئىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. 20، 64، 79 ۋە 113 - ئايەتلەر بۇنىڭ روشەن دەلىلىدۇر. سۈرىنىڭ نازىل بولۇشقا باشلىغان ۋاقتى ئۇھۇد ئۇرۇشى بولغان ھىجرى 3 - يىلى شەۋۋال ئېيى

بولۇپ، نەجران ھەيئىتى كەلگەن مەزگىل سۈرىنىڭ ئاخىرلاشقان ۋاقتىدۇر. نەجران ھەيئىتىنىڭ « ئەلچىلەر يىلى » دەپ ئاتالغان ھىجرى 9 - يىلىدا كەلگەنلىكى ئىسلام ئالىملىرى تەرىپىدىن بىردەك قوبۇل قىلىنغان. لېكىن ئىبن ئاشۇر سىيەرچىلەر ( رەسۇلۇللاھنىڭ ھاياتىنى تەتقىق قىلغۇچىلار )نىڭ بۇ قارىشىنى مۇۋاپىق ئەمەس دەپ قارىغان ۋە ئالئىمران سۈرىسىنىڭ مەدىنىدە نازىل بولغان تۇنجى سۈرە ئىكەنلىكىدە بىرلىككە كەلگەنلىكىنى ئېيتقان. ئۇ بۇ ۋەقەلەرنىڭ بىلىنگەن ۋاقتتىن ئېخىمۇ بۇرۇن يۈز بەرگەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

نەجران، شائىر ئائىشا ئېيتقاندەك ئەرەپ يېرىم ئارىلى خىرىستىيانلىرىنىڭ كەبىسىگە ئىگە ئىدى. 60 كىشىلىك بىر ھەيئەت مەدىنىگە كەلگەن بولۇپ، يېنىدا پاپالىرىمۇ بار ئىدى. ئۇلار رەسۇلۇللاھ بىلەن ھەزرىتى ئىسانىڭ تەڭرى ئىكەنلىكى ھەققىدە مۇنازىرە قىلىشقان.

ئۇلاردىن دەلىل تەلەپ قىلىنغاندا كۆپرىلىرىدا چىڭ تۇرغان بولۇپ، رەسۇلۇللاھ ئۇلارنى مۇباھەلە ( قەسەم ئىچىشكە ) دەۋەت قىلغان:

فَمَنْ حَاجَّكَ فِيهِ مِنْ بَعْدِ مَا جَاءَكَ مِنَ الْعِلْمِ فَقُلْ تَعَالَوْا نَدْعُ أَبْنَاءَنَا وَأَبْنَاءَكُمْ وَنِسَاءَنَا وَنِسَاءَكُمْ وَأَنْفُسَنَا وَأَنْفُسَكُمْ ثُمَّ نَبْتَهِلْ فَنَجْعَلْ لَعْنَةَ اللَّهِ عَلَى الْكَاذِبِينَ

سەن ئىسا توغرۇلۇق ھەقىقى مەلۇماتقا ئىگە بولغىنىڭدىن كېيىن، كىملەركى سەن بىلەن مۇنازىرىلەشسە، سەن ئۇلارغا: « كېلىڭلار، ئوغۇللىرىمىزنى ۋە ئوغۇللىرىڭلارنى، ئاياللىرىمىزنى ۋە ئاياللىرىڭلارنى، ئۆزلىرىمىزنى ۋە ئۆزلىرىڭلارنى يىغىپ، اللە نىڭ لەنىتى يالغانچىلارغا بولسۇن دەپ اللە قا يالۋۇرۇپ دۇئا قىلايلى » دېگىن ( 61 ).

ھەيئەت باشتا قەسەم قىلىش تەكلىپىنى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، كېيىن بېشىغا بىرەر بالا كېلىپ قېلىشىدىن قورقۇپ ۋاز كەچكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ جىزىيە بېرىش شەرتى بىلەن « ئامانلىقى »غا كاپالەتلىك قىلىش ھەققىدە بەرگەن تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ يۇرتىغا قايتىپ كەتكەن.

سۈرە، دەماللىققا پەرقلىق تېمىلار ھەققىدە توختالغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئانا تېما ئەقىدە، ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ بۇزۇلىشى ۋە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشىغا قارشى ئېلىنىدىغان تەدبىرلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بەقەرە سۈرىسىدىكى « يەھۇدىيلەشمەڭلار! » ئاگاھلاندۇرۇشى، بۇ سۈرىدە « خىرىستىيانلاشماڭلار! » شەكلىدە تەكىتلەنگەن. بۇ ئىككى ئازغۇنلۇق تۈرىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك شەكىلدە بايان قىلغان نۇقتىسى « رەسۇل » چۈشەنچىسىدۇر. يەھۇدىيلىشىپ يولدىن چىقىپ كېتىشتە، ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەر خارلانغان ۋە ئۆلتۈرۈلگەن. خىرىستىيانلىشىپ يولدىن چىقىپ كېتىشتە، ئەلچىلەر ئىنسانلىقتىن ھالقىغان بىر ئورۇنغا ئىگە قىلىنىپ تەڭرىلەشتۈرۈلگەن.

قۇرئاننى مەھكەم ۋە مۇتەشابىھ دەپ ئىككى خىل كاتېگورىيىگە ئايرىغان بىردىنبىر ئايەت بۇ سۈرىدە ئورۇن ئالغان:

هُوَ الَّذِي أَنْزَلَ عَلَيْكَ الْكِتَابَ مِنْهُ آيَاتٌ مُحْكَمَاتٌ هُنَّ أُمُّ الْكِتَابِ وَأُخَرُ مُتَشَابِهَاتٌ فَأَمَّا الَّذِينَ فِي قُلُوبِهِمْ زَيْغٌ فَيَتَّبِعُونَ مَا تَشَابَهَ مِنْهُ ابْتِغَاءَ الْفِتْنَةِ وَابْتِغَاءَ تَأْوِيلِهِ وَمَا يَعْلَمُ تَأْوِيلَهُ إِلَّا اللَّهُ وَالرَّاسِخُونَ فِي الْعِلْمِ يَقُولُونَ آمَنَّا بِهِ كُلٌّ مِنْ عِنْدِ رَبِّنَا وَمَا يَذَّكَّرُ إِلَّا أُولُو الْأَلْبَابِ

ئۇ ( اللە ) ساڭا كىتابنى ( يەنى قۇرئاننى ) نازىل قىلدى. ئۇنىڭدا مەھكەم ( يەنى مەنىسى ئوچۇق ) ئايەتلەر باركى، ئۇلار كىتابنىڭ ( يەنى پۈتۈن قۇرئاننىڭ ) ئاساسىدۇر؛ يەنە باشقا مۇتەشابىھ ( كۆرۈنۈشتە ئوخشاش ئەمما ئەسلى ماھىيىتى كۆرۈنگەندىن پەرقلىق بولغان ئوخشاشلىق ) ئايەتلەر باردۇر. دىللىرىدا ئەگرىلىك بار ( يەنى گۇمراھلىققا مايىل ) كىشىلەر پىتنە قوزغاش ۋە ئۆز رايى بويىچە مەنە بېرىش ئۈچۈن مۇتەشابىھ ئايەتلەرگە ئەگىشىدۇ ( يەنى مۇتەشابىھ ئايەتلەرنى ئۆز نەپسى خاھىشى بويىچە چۈشەندۈرىدۇ ). بۇنداق ئايەتلەرنىڭ ( ھەقىقىي ) مەنىسىنى پەقەت اللە بىلىدۇ. ئىلىمدا توشقانلار ئېيتىدۇ: « ئۇنىڭغا ئىشەندۇق، ھەممىسى پەرۋەردىگارىمىز تەرىپىدىن نازىل بولغان. ( بۇنى ) پەقەت ئەقىل ئىگىلىرىلا چۈشىنىدۇ » ( 7 ).

**ئالئىمران سۈرىسى: « خىرىستىيانلاشماڭلار! » دېمەكتە**

بۇ مەزمۇندىكى بىر ئايەتنىڭ نېمە ئۈچۈن ئانا تېمىسى « خىرىستىيانلارشىماشلار! » بولغان بىر سۈرىدە ئورۇن ئالغانلىقى كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. بۇنىڭ قايىل قىلارلىق جاۋابى، خىرىستىيانلىشىش مايىللىقىدا ئەڭ كۆپ ئىشلىتىدىغان ۋاستە « تەۋىل » ۋە « مەجاز » بولۇپ، بۇ خەتەرلىك مايىللىققا قاراپ تەۋىل ۋە مەجازغا دۈشمەن بولۇش، ساختىپەز پەيغەمبەرلەرگە قاراپ نۇبۇۋۋەتكە دۈشمەن بولغاندەك هاماقەتلىكتۇر. تەۋىل ۋە مەجاز ئاساسەن مۇتەشابىه بىلەن ئوخشاش بىر دائىرىگە كىرىدۇ.

مۇتەشابىهلىق، مەنانىڭ دەماللىققا بىلگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە يېپىق بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇ خۇددى ئاخىرەتنى بايان قىلغان ئايەتلەردىكىگە ئوخشاش، تېما ئىنسان ئىدراكىدىن هالقىغان بولىدۇ. بۇنداق ئەهۋالدا خىتابنىڭ مۇتەشابىه بىر تىل بىلەن ئىپادىلىنىشى مۇقەررەردۇر.

بەقەرە سۈرىسىنىڭ كىرىش بۆلىكىدە ئىمان، ئىنكار ۋە نىفاق ئۈستىدە توختالغان. بۇ سۈرىنىڭ كىرىش قىسمىدا پۇختا بىر ئېتىقادنىڭ بۇزۇلۇش سەۋەبلىرى هەققىدە توختالغان. بۇلارنىڭ ئەڭ ئالدىدا ۋەهيىنىڭ ئەسلى ئۇچۇق هۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلىشنى تاشلاپ قويۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا تارماق مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈش كەلمەكتە. مەهكەم ۋە مۇتەشابىه هەققىدە توختالغان 7 - ئايەت بۇ هەقىقەتكە كىشىنىڭ دىققىتىنى ئاغدۇرىدۇ.

خىرىستىيانلارنىڭ هەزرىتى ئىسانى ئىلاهلاشتۇرۇشى مانا مۇشۇنداق بىر باسقۇچنىڭ نەتىجىسىدۇر. چۈنكى ئىساۋىلارنىڭ هەزرىتى ئىسانى ئىلاهلاشتۇرۇش باسقۇچى « دادا - ئوغۇل » مەجازىنى هەقىقەت دەپ چۈشىنىش ۋە ئىزاهلاش بىلەن باشلانغان. مەجاز مۇتەسسىپلەرنىڭ ۋە سۇيىئىستىمالچىلارنىڭ قولىدا هەقىقەتكە ئايلاندۇرۇلماقچى بولغاندا، « ئىنسان بالىسى » ئىسانى « تەڭرى ئوغلى » ئىساغا ئايلاندۇرۇش يولى ئېچىلىدۇ. قۇرئاندىكى مەهكەم ۋە مۇتەشابىه ئايەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىردىنبىر ئايەتنىڭ بۇ سۈرىدە ئورۇن ئېلىشىنىڭ سەۋەبى بۇ بولسا كېرەك.

جىهاد ئاللاه داۋاسى يولىدا ئىنسانىنىڭ بارلىق تىرىشچانلىقىنى كۆرسىتىشى بولۇپ، ئۇنىڭ مەقسىتى ئىنسان بىلەن ئاللاه ئوتتۇرىسىدىكى بارلىق توساقلارنى ئۆرۈپ تاشلاشتۇر. « ئاللاه داۋاسى » نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ ئاللاه داۋاسى بەندىنىڭ بەخت - سائادىتىدۇر. بەندىلەرنىڭ ئەبەدىي سائادىتىنى ئاللاه ئۆزىگە داۋا قىلغان. شۇڭا ئاسمان - زېمىن، قۇياش ۋە ئايىنى بەندىلەرنىڭ ئەمرىگە بويسۇندۇرۇپ بەرگەن. شۇڭا ئىنسانغا ئەقىل، ئىرادە ۋە ۋىجدان بەرگەن. شۇڭا ئەلچىلەر ۋە كىتابلار ئەۋەتكەن. شۇڭا پەرىشتىلىرىنى ئىنسانغا سەجدە قىلدۇرغان. مانا بۇ سەۋەبتىن بەندىنىڭ داۋاسىمۇ « ئاللاه نىڭ رازىلىقى » بولۇشى كېرەك. ئىنسان ئاللاه داۋاسى يولىدا جىهاد قىلغاندا، ئاداققى نىشان ئاخىرەت يۇرتىدىكى ئەبەدىي سائادەت بولۇشى كېرەك. ئەگەر بۇنداق قىلمىسا، ئۆتكۈنچى دۇنيا زىننەتلىرى ئۇنى مەهلىيا قىلىپ، ئۇنىڭ ئاداققى نىشانغا يېتىشىگە توسالغۇ بولىدۇ. چۈنكى:

زُيِّنَ لِلنَّاسِ حُبُّ الشَّهَوَاتِ مِنَ النِّسَاءِ وَالْبَنِينَ وَالْقَنَاطِيرِ الْمُقَنْطَرَةِ مِنَ الذَّهَبِ وَالْفِضَّةِ وَالْخَيْلِ الْمُسَوَّمَةِ وَالْأَنْعَامِ وَالْحَرْثِ ذَلِكَ مَتَاعُ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَاللَّهُ عِنْدَهُ حُسْنُ الْمَآبِ

« ئاياللار، ئوغۇللار، ئالتۇن - كۈمۈشتىن توپلانغان كۆپ ماللار، ئارغىماقلار، چارۋىلار ۋە ئېكىنلەردىن ئىبارەت كۆڭۈل تارتىدىغان نەرسىلەرنىڭ مۇهەببىتى ئىنسانلارغا چىرايلىق كۆرسىتىلدى. ئۇلار دۇنيا تىرىكچىلىكىدە مەنپەئەتلىنىدىغان (باقاسى يوق) شەيئىلەردۇر؛ الله نىڭ دەرگاهىدا بولسا قايتىدىغان گۈزەل جاي (يەنى جەننەت) باردۇر (شۇنىڭ ئۈچۈن باشقىغا ئەمەس، جەننەتكە قىزىقىش كېرەك) » ( 14 ).

ئىسلام دېيىلگەندە ئەقىلگە نېمە كېلىشى كېرەك؟ بۇ سوئالنىڭ كامىل بىر جاۋابى بۇ سۈرىنىڭ 19 - ئايىتىدە بېرىلگەن:

إِنَّ الدِّينَ عِنْدَ اللَّهِ الْإِسْلَامُ وَمَا اخْتَلَفَ الَّذِينَ أُوتُوا الْكِتَابَ إِلَّا مِنْ بَعْدِ مَا جَاءَهُمُ الْعِلْمُ بَغْيًا بَيْنَهُمْ وَمَنْ يَكْفُرْ بِآيَاتِ اللَّهِ فَإِنَّ اللَّهَ سَرِيعُ الْحِسَابِ

« هەقىقەتەن الله نىڭ نەزىرىدە مەقبۇل دىن ئىسلام (دىنى) دۇر. كىتاب / ۋەهيي بېرىلگەنلەر پەقەت ئۆزلىرىگە ئىلىم كەلگەندىن كېيىنلا ئۆزئارا هەسەت قىلىشىپ بىر - بىرى بىلەن ئىختىلاپ قىلىشتى ( پەرقلىق

قاراشلارغا ئىگە بولدى )، كىمكى اﷲ نىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىدىكەن (اﷲ ئۇنى يېقىندا جازالايدۇ)، اﷲ تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر » ( 19 ).

بۇ جاۋابتىن ئىسلامنىڭ ھەزرىتى مۇھەممەدكە كەلگەن ۋەھيى بىلەن باشلانغان بىر دىن ئەمەسلىكى مەلۇم بولماقتا. بارلىق ۋەھيىلەر ئىسلام ۋەھيىسىدۇر. ئىنسانىيەت تارىخ يارىتىشقا ئىسلام بىلەن، يەنى ۋەھيى بىلەن باشلىغان. ئىنسانىيەت تارىخىدىكى بارلىق ئېزىپ كېتىشلەر ئەسلىدە ئىسلامدىن چىقىپ كېتىشتۇر.

قۇرئاننىڭ ئەڭ تىپىك ئايەتلىرىدىن ئىككىسى بۇ سۈرىدە ئورۇن ئالغان. بۇ ئىككى ئايەت ئاللاھ ۋە ئىنسان، ئامانەت ۋە مۈلكىيەت، ئۆزگەرمەسلەر ۋە ئۆزگىرىۋاتقانلار دېگەندەك ئېنىملارنىڭ ھەممىسىنى بىر يەرگە جەم قىلغان ئايەتلەردۇر. بۇ ئايەتلەرنىڭ مەنىسى ئوكيانۇسلاردىنمۇ چوڭقۇردۇر:

قُلِ اللَّهُمَّ مَالِكَ الْمُلْكِ تُؤْتِي الْمُلْكَ مَنْ تَشَاءُ وَتَنْزِعُ الْمُلْكَ مِمَّنْ تَشَاءُ وَتُعِزُّ مَنْ تَشَاءُ وَتُذِلُّ مَنْ تَشَاءُ بِيَدِكَ الْخَيْرُ إِنَّكَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ (26) تُولِجُ اللَّيْلَ فِي النَّهَارِ وَتُولِجُ النَّهَارَ فِي اللَّيْلِ وَتُخْرِجُ الْحَيَّ مِنَ الْمَيِّتِ وَتُخْرِجُ الْمَيِّتَ مِنَ الْحَيِّ وَتَرْزُقُ مَنْ تَشَاءُ بِغَيْرِ حِسَابٍ (27)

ئېيتقىنكى، « پادىشاھلىقنىڭ ئىگىسى بولغان ئى اﷲ! خالىغان ئادەمگە پادىشاھلىقنى بېرىسەن، خالىغان ئادەمدىن پادىشاھلىقنى تارتىپ ئالىسەن؛ خالىغان ئادەمنى ئەزىز قىلىسەن، خالىغان ئادەمنى خار قىلىسەن؛ ھەممە ياخشىلىق سېنىڭ ئىلكىڭدىدۇر. سەن ھەقىقەتەن ھەممىگە قادىرسەن. كېچىنى كۈندۈزگە كىرگۈزىسەن، كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىسەن؛ جانلىقنى جانسىزدىن چىقىرىسەن، جانسىزنى جانلىقتىن چىقىرىسەن؛ ئۆزۈڭ خالىغان كىشىگە ھېسابسىز رىزىق بېرىسەن » ( 26 - 27 ).

**ئۈچ ئەۋلادنىڭ ئۆزىنى ئاللاھ قا بېغىشلاش جەريانى: ھاننە - مەريەم - ئىسا**

سۈرىنىڭ 33 - 58 - ئايەتلىرى ئارىسىدا، « يېتەكچىلىك ۋە رەھبەرلىك مەسىلىسىگە قارىتا قۇرئان ئوتتۇرىغا قويغان ھەل قىلىش تەدبىرى نېمە؟ » ياكى « ئادەم ( غوللۇق خادىم ) ئازلىق مەسىلىسى قانداق ھەل قىلىنىدۇ؟ » دېگەن سوئالنىڭ جاۋابى يەر ئالىدۇ. بۇ بۆلەكتە ھاننە - مەريەم - ئىسادىن ئىبارەت ئۈچ نەسلىنىڭ ئۆزىنى بېغىشلاش جەريانى بايان قىلىنغان. بۇ بۆلەك رەھبەرلىك مەسىلىسىنىڭ ھەل قىلىنىشىغا مۇناسىۋەتلىك بىر ئۆرنەكتۇر. بۇ ئۆرنەكتە ھاننە - مەريەم - ئىسادىن ئىبارەت ئۈچ نەسىل يەر ئالماقتا. بۇ ئۈچ نەسىل ئەتراپىدا ئاتا - ئوغۇل رەسۇللاردىن ھەزرىتى زەكەرىيا ۋە يەھيا يەر ئالىدۇ. سۈرىدە ھەزرىتى مەريەم ۋە ھەزرىتى ئىسانىڭ تۇغۇلۇشى بايان قىلىنىدۇ. ھەزرىتى ئىسانىڭ تۇغۇلۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك تەپسىلى بايانلار بۇ سۈرىدىن خېلىلا بۇرۇن نازىل بولغان مەريەم سۈرىسىدە تىلغا ئېلىنغانىدى. بۇ يەردە تۇغۇلۇشنىڭ تەكتلىنىشى مەريەم ئوغلى ئىسا ۋە باشقا بارلىق رەسۇللارنىڭ تۇغۇلغان ۋە ئۆلىدىغان بىر بەشەر ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىشنى مەقسەت قىلماقتا.

سۈرىدە ھەزرىتى ئىسانىڭ ئانىسى « مەريەم » بىلەن بىرلىكتە تىلغا ئېلىنىشى چوڭقۇر مەنىگە ئىگە بولۇپ، ئىسا « مەريەم »نىڭ ئوغلى، « ئاللاھ »نىڭ ئوغلى ئەمەس دېيىلمەكتە. « مەريەم ئوغلى ئىسا » ئىپادىسى بىلەن ئۈچ نەرسە رەت قىلىنىدۇ:

1. خىرىستىيانلارنىڭ ھەزرىتى ئىسانى ئىلاھلاشتۇرۇشى. « مەريەم ئوغلى ئىسا » ئىپادىسى ئارقىلىق رەسۇلنى ئىلاھلاشتۇرغان خىرىستىيانلارغا « ئۇ ئاللاھ نىڭ ئوغلى ئەمەس، مەريەمنىڭ ئوغلى » دېيىلمەكتە.

2. يەھۇدىيلارنىڭ ھەزرىتى مەريەمگە قىلغان تۆھمەتلىرى. مەريەم ئۇلار تۆھمەت قىلغاندەك بىر كىشى ئەمەس، ئەكسىچە ئېيپەت ئابىدىسى بولغان بىر ئەلچىنىڭ ئانىسى. « مەريەم ئوغلى ئىسا » ئىپادىسى تەكىتلىگەن يەنە بىر نۇقتا « رەسۇل ئانىسى مەريەم »دۇر.

3. رىمنىڭ ئەر كىشى ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدىغان چۈشەنچىسى. بۇ رىمغا ئۇرۇلغان بىر تەستەك بولۇپ، دادىسىز تۇغۇلغان ئىسا ئارقىلىق: ئى ئەر كىشىنى ئۇلۇغلاپ، ئايال كىشىنى كەمسىتىدىغان، كۈچكە چوقۇنىدىغان ھاكاۋۇر رىم! سېنىڭ بۇ ساختا ھاكاۋۇرلۇقنىڭ ئارقىسىدا « كۈچ »كە چوقۇنۇش چۈشەنچىسى ياتىدۇ. ئەر كىشىنى كۈچنىڭ سىمۋولى دەپ قارىغانلىقىڭ ئۈچۈن ئەر كىشىنى ئۇلۇغلايسەن. مەريەم ئوغلى ئىسا بولسا ئاللاھ ساڭا

بەرگەن ئېنىق بىر جاۋاب دېمەكتە. ئاللاھ ئىنسانىيەت تارىخىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدىغان رەسۇللىرىدىن بىرسىنى دادىسىز ياراتتى. ئاللاھ ئىسانى ئانىسىغا نىسبەت بەرگەن ھالدا تىلغا ئالغان. بۇ ئىككى خۇسۇس، رىمنىڭ ئىككى كاچتىغا ئۇرۇلغان ئىلاھىي تەستەكتۇر.

سۈرىنىڭ ئانا تېمىسى « خىرىستىيانلاشماڭلار! » ئاگاھلاندۇرۇشى ئىكەنلىكىنى ئېيتقاندۇق. بۇ مەسىلە ئايدىڭلىشىشى ئۇچۇن تارىخىي ئېغىپ كېتىش ئىبرەت سۈپىتىدە بايان قىلىنىشى كېرەك ئىدى. مانا بۇ ئىسەۋى مۇئمىنلەرنىڭ ئورنىنى ئىسانى تەڭرىلەشتۈرگەن خىرىستىيانلارغا تەرك ئېتىشى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان ئاقىۋەتنىڭ ئارقا پەردىسىدە ياتقان چۈشەنچىنى بۇ سۈرىدە كۆرۈپ يېتىمىز. سۈرىدە سۆز مەريەم ئوغلى ئىسانىڭ ئىلاھلاشتۇرۇلىشىغا كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، نەجرانلىقلارنىڭ كېلىشى مۇناسىۋىتى بىلەن ۋەھيي رەسۇل چۈشەنچىسىدىكى ئېغىپ كېتىشنىڭ سەۋەب ۋە نەتىجىلىرىنى بايان قىلغان. ئەسلىدە بۇ ئارقىلىق مۇئمىنلەرگە « سىلەرمۇ ئۇلارغا ئوخشاش ئىش قىلماڭلار! » دېمەكتە.

مۇشرىكلار ئۆزلىرىنى ھەزرىتى ئىبراھىمغا نىسبەت قىلىشنى ياقتۇراتتى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئەجدادى ئىدى. ئۇنىڭ مۇبارەك يادىكارى بولغان كەئبىگە خىزمەت قىلىش ئۇچۇن بەسلىشەتتى. بۇ سەۋەبتىن ھەزرىتى ئىبراھىم ئاياق باسقان تاش دەپ قوبۇل قىلىنغان تاشنىمۇ مۇقەددەس بىر ئامانەت سۈپىتىدە ساقلاپ كەلگەنىدى. بىراق مۇشرىكلارنىڭ بۇ ھۆرمىتى ساختا بىر ھۆرمەت بولۇپ، ئەسلىدە ھۆرمەتتەك كۆرۈنگەن ھۆرمەتسىزلىك ئىدى. ئۇلار ھەزرىتى ئىبراھىمدىن يادىكار دەپ بىلگەن تاشنى ھۆرمەت قىلىشتا بەسلەشكەن، لېكىن ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ ئەسلى ئېتىقادىنى تونۇغلى بولمايدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويۇشقانىدى. ئاندىن ھەزرىتى ئىبراھىمغا ۋارىسلىق قىلىش ئۇچۇن يەھۇدىيلار ۋە خىرىستىيانلار بىلەن « سۆز » مۇسابىقىسىگە چۈشكەنىدى. تۆۋەندىكى ئايەت ھەزرىتى ئىبراھىم ئۈستىدىن بارلىق تەرەپبازلىق ئەسەبىيتىنى رەت قىلماقتا:

مَا كَانَ إِبْرَاهِيمُ يَهُودِيًّا وَلَا نَصْرَانِيًّا وَلَكِنْ كَانَ حَنِيفًا مُسْلِمًا وَمَا كَانَ مِنَ الْمُشْرِكِينَ

« ئىبراھىم يەھۇدىيمۇ ئەمەس، ناسارامۇ ئەمەس ۋە لېكىن توغرا دىنغا يۈزلەنگەن مۇسۇلمانلاردىن ئىدى، ئاللاھ قا شېرىك قوشقۇچىلاردىنمۇ ئەمەس ئىدى » ( 67 ).

سۈرىدە يەنە پۈتۈن كىتاب ئەھلىنى بىر تاياقتا ھەيدەيدىغان زېھنىيەتكە جاۋاب بېرىلگەن. قۇرئان يەھۇدىيلىشىشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بايان قىلغان بەقەرە سۈرىسىدە ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەپ ياكى بىراقلا قارا قويۇق قوبۇل قىلىدىغان ياكى قارا قويۇق رەت قىلىدىغان زېھنىيەتنىڭ ئورنىغا توغرا - خاتاسىنى تاللاپ ئايرىيدىغان بىر ئەقىل بەرپا قىلىشنى مەقسەت قىلغاندەك، خىرىستىيانلىشىشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بايان قىلغان ئالئىمران سۈرىسىدىمۇ مۇھاتابىدا توغرا - خاتانى ئايرىيدىغان ساپ ئەقىل بەرپا قىلىشنى مەقسەت قىلدى. تۆۋەندىكى ئايەت بۇنىڭ دەلىلى:

وَمِنْ أَهْلِ الْكِتَابِ مَنْ إِنْ تَأْمَنْهُ بِقِنْطَارٍ يُؤَدِّهِ إِلَيْكَ وَمِنْهُمْ مَنْ إِنْ تَأْمَنْهُ بِدِينَارٍ لَا يُؤَدِّهِ إِلَيْكَ إِلَّا مَا دُمْتَ عَلَيْهِ قَائِمًا ذَلِكَ بِأَنَّهُمْ قَالُوا لَيْسَ عَلَيْنَا فِي الْأُمِّيِّينَ سَبِيلٌ وَيَقُولُونَ عَلَى اللَّهِ الْكَذِبَ وَهُمْ يَعْلَمُونَ

ئەھلى كىتابتىن ( ئىلگىرى ۋەھيي بېرىلگەنلەردىن ) بەزى كىشىلەر باركى، ئۇنىڭدا كۆپ مال ئامانەت قويساڭمۇ ساڭا ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ. ئۇلاردىن يەنە بەزى كىشىلەرمۇ باركى، ئۇنىڭدا بىر دىنار ئامانەت قويساڭمۇ ئۇنىڭ بېشىدا تۇرمىغىچە ( يەنى قايتا ـ قايتا سۈيلىمىگىچە ) ئۇنى ساڭا قايتۇرۇپ بەرمەيدۇ. بۇ شۇنىڭ ئۇچۇنكى، ئۇلار: « ئۇممىلەرنىڭ مېلىغا خىيانەت قىلساق بىزگە گۇناھ بولمايدۇ ( يەنى بىزنىڭ دىنىمىزدا بولمىغانلارنىڭ ماللىرى بىزگە ھارام ئەمەس ) » دەيدۇ. ئۇلار بىلىپ تۇرۇپ الله نامىدىن يالغاننى توقۇيدۇ ( 75 ).

بۇ ئايەتكىمۇ بىر قاراپ باقايلى:

لَيْسُوا سَوَاءً مِنْ أَهْلِ الْكِتَابِ أُمَّةٌ قَائِمَةٌ يَتْلُونَ آيَاتِ اللَّهِ آنَاءَ اللَّيْلِ وَهُمْ يَسْجُدُونَ

« ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر خىل ئەمەس، ئەھلى كىتابتىن كېچىلىرى الله نىڭ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىپ تۇرىدىغان ۋە سەجدە قىلىپ تۇرىدىغان بىر جامائە كىشىلەر بار » ( 113 ).

مەيلى يەھۇدىيلىشىش بولسۇن ياكى خىرىستىيانلىشىش بولسۇن، بۇلارغا قارشى ئەڭ كۈچلۈك ۋاكسىنا ئىنفاق قىلىشتۇر. بۇنى خۇددى بەقەرە سۈرىسىدە كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئالئىمران سۈرىسىدىمۇ كۆرۈپ ئۆتىمىز:

لَنْ تَنَالُوا الْبِرَّ حَتَّى تُنْفِقُوا مِمَّا تُحِبُّونَ وَمَا تُنْفِقُوا مِنْ شَيْءٍ فَإِنَّ اللَّهَ بِهِ عَلِيمٌ

« ياخشى كۆرىدىغان نەرسەڭلاردىن سەرپ قىلمىغۇچە (يەنى ماللىرىڭلارنىڭ ياخشىسىنى سەدىقە قىلمىغۇچە) ھەرگىز ياخشىلىققا (يەنى جەننەتكە) ئېرىشەلمەيسىلەر، (ﷲ نىڭ يولىدا) نېمىنى سەرپ قىلماڭلار، ﷲ ئۇنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر » ( 92 ).

خىرىستىيانلىشىشنىڭ تىپىك ئالامەتلىرىدىن بىرسى، دىندارلىق نامايەندىسى سۈپىتىدە ھالالنى ھارام قىلىشتۇر. بۇ ئېنىق ئازغۇنلۇقتۇر. قۇرئان ھاراملارنى ھالال قىلىش ھەققىدە بىر قېتىم توختالسا، بۇنىڭ ئەكسى بولغان ھالالنى ھارام قىلىش ھەققىدە ئون قېتىم توختىلىدۇ. بۇ بىر خىرىستىيانلىشىش ئالامىتىدۇر. چۈنكى خىرىستىيانلىشىشنىڭ تىپىك نايامەندىلىرىدىن بىرسى رىياخور دىندارلىقتۇر. روھبانلىق ( دىندارلار سىنىپى )نىڭ بۇ ئېتىقاد سىستېمىسىنىڭ ئىچىدە ئورۇن ئېلىشى ھەرگىزمۇ تاسادىپىيلىق ئەمەس. تۆۋەندىكى ئايەت ھەم يەھۇدىيلىشىشنىڭ ھەم خىرىستىيانلىشىشنىڭ تىپىك ئالاھىدىلىكىنى بايان قىلماقتا:

كُلُّ الطَّعَامِ كَانَ حِلًّا لِبَنِي إِسْرَائِيلَ إِلَّا مَا حَرَّمَ إِسْرَائِيلُ عَلَى نَفْسِهِ مِنْ قَبْلِ أَنْ تُنَزَّلَ التَّوْرَاةُ قُلْ فَأْتُوا بِالتَّوْرَاةِ فَاتْلُوهَا إِنْ كُنْتُمْ صَادِقِينَ

تەۋرات نازىل قىلىنىشتىن ئىلگىرى بەنى ئىسرائىل ئۆزىگە ھارام قىلغان يېمەكلىكلەردىن باشقا يېمەكلىكلەرنىڭ ھەممىسى ئىسرائىل ئەۋلادىغا ھالال ئىدى. ( ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا ) ئېيتقىنكى، « ئەگەر راستچىل بولساڭلار، تەۋراتنى ئېلىپ كېلىپ ئوقۇپ بېقىڭلار » ( 93 ).

تىپىك بىر خىرىستىيانلىشىش مايىللىقى تەپرىقىچىلىقتۇر. خىرىستىيان مەزھەبلىرىنىڭ بىر - بىرىگە بولغان دۈشمەنلىكى بۇنىڭ تارىخىي دەلىلىدۇر. بۇ ئىبرەت ئارقىلىق قۇرئان بارلىق مۇھاتابلىرىغا مۇنداق دەيدۇ:

وَاعْتَصِمُوا بِحَبْلِ اللَّهِ جَمِيعًا وَلَا تَفَرَّقُوا وَاذْكُرُوا نِعْمَةَ اللَّهِ عَلَيْكُمْ إِذْ كُنْتُمْ أَعْدَاءً فَأَلَّفَ بَيْنَ قُلُوبِكُمْ فَأَصْبَحْتُمْ بِنِعْمَتِهِ إِخْوَانًا وَكُنْتُمْ عَلَى شَفَا حُفْرَةٍ مِنَ النَّارِ فَأَنْقَذَكُمْ مِنْهَا كَذَلِكَ يُبَيِّنُ اللَّهُ لَكُمْ آيَاتِهِ لَعَلَّكُمْ تَهْتَدُونَ

« ھەممىڭلار ﷲ نىڭ ئارغامچىسىغا ( يەنى ﷲ نىڭ دىنىغا ) مەھكەم يېپىشىڭلار، ئايرىلماڭلار ( يەنى سىلەردىن ئىلگىرى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار ئىختىلاپ قىلىشقاندەك، دىندا ئىختىلاپ قىلىشماڭلار ). ﷲ نىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ئەسلەڭلار، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر ئۆزئارا دۈشمەن ئىدىڭلار، ﷲ دىلىڭلارنى بىرلەشتۈردى، ﷲ نىڭ نېمىتى بىلەن ئۆزئارا قېرىنداش بولدۇڭلار، سىلەر دوزاخ چۇقۇرىنىڭ گىرۋىكىدە ئىدىڭلار، ﷲ سىلەرنى ( ئىسلام ئارقىلىق ) ئۇنىڭدىن قۇتقۇزدى. سىلەرنىڭ ھىدايەت تېپىشىڭلار ئۈچۈن ﷲ ئايەتلىرىنى سىلەرگە شۇنداق بايان قىلىدۇ » ( 103 ).

بۇ تەلىماتنىڭ مۇھاتابى بولغان مۆئمىنلەرنىڭ زىممىسىگە ئارتىلغان مەسئۇلىيەت ناھايىتى ئېغىر، بۇ ئېغىرلىقىغا ماس ھالدا مۇكاپاتىمۇ چوڭ:

كُنْتُمْ خَيْرَ أُمَّةٍ أُخْرِجَتْ لِلنَّاسِ تَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَتَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنْكَرِ وَتُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ وَلَوْ آمَنَ أَهْلُ الْكِتَابِ لَكَانَ خَيْرًا لَهُمْ مِنْهُمُ الْمُؤْمِنُونَ وَأَكْثَرُهُمُ الْفَاسِقُونَ

« سىلەر ئىنسانلار مەنپەئىتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان، ﷲ قا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر. ئەگەر ئەھلى كىتاب ( يەنى يەھۇدىيلار، ناسارالار ) ئىمان ئېيتسا ( يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىگە ئىشەنسە )، ئۇلار ئۈچۈن ( دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ) ئەلۋەتتە ياخشى بولاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە مۆئمىنلەرمۇ بار، ئەمما ئۇلارنىڭ تولىسى پاسىقلاردۇر » ( 110 ).

سۈرىدە ئاللاھ نىڭ بىر، تەڭدىشى يوق، ئىنساننىڭ ئۇنىڭغا مۇھتاج ئىكەنلىكى ئەسلىتىلگەندىن كېيىن، ئىمان ئاجىزلىقىنىڭ ئىنسانغا ئېلىپ كېلىدىغان دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك زىيانلىرى بايان قىلىنىدۇ. نازىل بولۇش جەريانىدا ئۆسۈم بىلەن مۇناسىۋەتلىك تۇنجى ئايەت ئۇھۇد ئۇرۇشى دائىرىسىدە بايان قىلىنىدۇ:

يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَأْكُلُوا الرِّبَا أَضْعَافًا مُضَاعَفَةً وَاتَّقُوا اللَّهَ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ

« ئى مۇئمىنلەر! جازانىنى قاتمۇقات ئاشۇرۇپ يېمەڭلار، بەخت - سائادەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن اﷲ ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىڭلارنى ئەسلەڭلار » ( 130 ).

جازانە، ئۇھۇد ئۇرۇشىنىڭ مەغلۇبىيەت سەۋەبلىرىدىن بىرى.

« بۇ مۇسىبەت نېمە سەۋەبتىن بېشىمىزغا كەلدى؟ » دەپ سورىغان ھەر كىشى مۇنداق جاۋابنى ئالىدۇ: « بۇ سىلەرنىڭ ئۆزەڭلاردىن كەلدى » دېگەن ئايەتنى ئوقۇيلى، شاھىتىمىز بولسۇن:

أَوَلَمَّا أَصَابَتْكُمْ مُصِيبَةٌ قَدْ أَصَبْتُمْ مِثْلَيْهَا قُلْتُمْ أَنَّى هَذَا قُلْ هُوَ مِنْ عِنْدِ أَنْفُسِكُمْ إِنَّ اللَّهَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ

ئۇلارنى ئىككى ھەسسە مۇسىبەتكە دۇچار قىلغاندىن كېيىن، ئۇ مۇسىبەت سىلەرنىڭ بېشىڭلارغا يەتكەندە: « بۇ مۇسىبەت قەيەردىن كەلدى؟ » دەپ سورايسىلەر، شۇنداقمۇ؟ ئېيتقىنكى، « ئۇ سىلەرنىڭ ئۆزلىرىڭلاردىن ( يەنى رەسۇلنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغانلىقىڭلار ۋە غەنىمەتكە ھېرىس بولغانلىقىڭلاردىن ) بولدى ». اﷲ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر ( 165 ).

قۇرئاندا بايان قىلىنغان يۈرەكنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن چىققان دۇئالاردىن بىرسى بۇ سۈرىنىڭ ئاخىرىدا يەر ئالغان:

وَلِلَّهِ مُلْكُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَاللَّهُ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ (189) إِنَّ فِي خَلْقِ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَاخْتِلَافِ اللَّيْلِ وَالنَّهَارِ لَآيَاتٍ لِأُولِي الْأَلْبَابِ (190) الَّذِينَ يَذْكُرُونَ اللَّهَ قِيَامًا وَقُعُودًا وَعَلَى جُنُوبِهِمْ وَيَتَفَكَّرُونَ فِي خَلْقِ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ رَبَّنَا مَا خَلَقْتَ هَذَا بَاطِلًا سُبْحَانَكَ فَقِنَا عَذَابَ النَّارِ (191) رَبَّنَا إِنَّكَ مَنْ تُدْخِلِ النَّارَ فَقَدْ أَخْزَيْتَهُ وَمَا لِلظَّالِمِينَ مِنْ أَنْصَارٍ (192) رَبَّنَا إِنَّنَا سَمِعْنَا مُنَادِيًا يُنَادِي لِلْإِيمَانِ أَنْ آمِنُوا بِرَبِّكُمْ فَآمَنَّا رَبَّنَا فَاغْفِرْ لَنَا ذُنُوبَنَا وَكَفِّرْ عَنَّا سَيِّئَاتِنَا وَتَوَفَّنَا مَعَ الْأَبْرَارِ (193) رَبَّنَا وَآتِنَا مَا وَعَدْتَنَا عَلَى رُسُلِكَ وَلَا تُخْزِنَا يَوْمَ الْقِيَامَةِ إِنَّكَ لَا تُخْلِفُ الْمِيعَادَ (194) فَاسْتَجَابَ لَهُمْ رَبُّهُمْ أَنِّي لَا أُضِيعُ عَمَلَ عَامِلٍ مِنْكُمْ مِنْ ذَكَرٍ أَوْ أُنْثَى بَعْضُكُمْ مِنْ بَعْضٍ فَالَّذِينَ هَاجَرُوا وَأُخْرِجُوا مِنْ دِيَارِهِمْ وَأُوذُوا فِي سَبِيلِي وَقَاتَلُوا وَقُتِلُوا لَأُكَفِّرَنَّ عَنْهُمْ سَيِّئَاتِهِمْ وَلَأُدْخِلَنَّهُمْ جَنَّاتٍ تَجْرِي مِنْ تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ ثَوَابًا مِنْ عِنْدِ اللَّهِ وَاللَّهُ عِنْدَهُ حُسْنُ الثَّوَابِ (195)

ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى اﷲ قا خاستۇر، اﷲ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر. شۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئەلۋەتتە روشەن دەلىللەر بار. ئۇلار ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ اﷲ نى ئەسلەپ تۇرىدۇ، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ. ( ئۇلار ئېيتىدۇ ):

« رەببىمىز! بۇلارنى مەنا ۋە مەقسەتتىن خالىي ھالدا بىكار ياراتمىدىڭ، سەن پاكتۇرسەن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن. رەببىمىز! سەن كىمنىكى دوزاخقا كىرگۈزىدىكەنسەن، ئۇنى ئەلۋەتتە خار قىلغان بولىسەن. زالىملارغا ھېچقانداق ياردەمچى بولمايدۇ!

رەببىمىز! بىز ھەقىقەتەن بىر چاقىرغۇچىنىڭ 'رەببىڭلارغا ئىمان ئېيتىڭلار' دەپ ئىمانغا چاقىرغانلىقىنى ئاڭلىدۇق، ئىمان ئېيتتۇق.
رەببىمىز! بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، يامانلىقلىرىمىزنى يوققا چىقارغىن، بىزنى ياخشىلىق ئۇستىدىكى ۋاقتىمىزدا قەبزى روھ قىلغىن.
رەببىمىز! بىزگە ئەلچىلىرىڭ ئارقىلىق ۋەدە قىلغان نەرسىنى ( يەنى ئىتائەت قىلغانلارغا خاس بولغان جەننەتنى ) بەرگىن، قىيامەت كۈنى بىزنى رەسۋا قىلمىغىن. سەن ھەقىقەتەن ۋەدەڭگە خىلاپلىق قىلمايسەن ».
ئۇلارنىڭ دۇئاسىغا رەببى مۇنداق جاۋاب بەردى:
« مەن سىلەردىن ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن، ھەر قانداق بىر ياخشى ئىش قىلغۇچىنىڭ قىلغان ئەمەلىنى بىكار قىلىۋەتمەيمەن، سىلەر بىر گەۋدىنىڭ بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدىغان پارچىسى. يامانلىق ۋە يامانلىق دىياردىن ھىجرەت قىلغانلار، يۇرتلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىلغانلار، مېنىڭ يولۇمدا ( يەنى الله نىڭ دىنى ئۈچۈن ) ئەزىيەت تارتقانلار، ئۇرۇشقا قاتناشقانلار ( يەنى مېنىڭ يولۇمدا ئۇرۇشقانلار ) ۋە مېنىڭ يولۇمدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ گۇناھلىرىنى ( مەغپىرەتىم ۋە رەھمىتىم بىلەن ) ياپىمەن. ئەلۋەتتە، ئۇلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىمەن ». بۇ ( ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرى ئۈچۈن ) الله تەرىپىدىن بېرىلگەن مۇكاپاتتۇر. الله نىڭ دەرگاھىدا ياخشى مۇكاپات ( يەنى جەننەت ) بار » ( 189 - 195 ).
سۈرە ئىماندا مۇستەھكەم تۇرغانلارغا جەننەت ۋە ئەبەدىي سائادەت ۋەدىسى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

# سەف سۈرىسى

سۈرە، 4 - ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان « بىرلىك روھى » ۋە « كۆرەش نىزامى » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان « سەف » كەلىمىسى بىلەن ئاتالغان.
« شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئۆزىنىڭ يولىدا مۇستەھكەم بىنادەك سەپ بولۇپ بىرلىك ئىچىدە كۆرەش قىلغانلارنى دوست تۇتىدۇ » ( 4 ).
قۇرئاندا پەرىشتىلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن سەف ئادەتتىكى بىر « سەپ بولۇپ تىزىلىش » نى كۆرسەتمەيدۇ، ئەكسىچە ۋەھيي بەرپا قىلماقچى بولغان كائىنات مىزانى بىلەن ماسلىشىش ئىچىدىكى ئىجتىمائىي تەرتىپكە مۇناسىۋەتلىك « تۈزۈلۈشى »نى كۆرسىتىدۇ. بۇ سەپ ئۆزىگە خاس بىر سىياسەت ۋە ئىدارە قىلىش شەكلىنى، يەنى سەپ سىستېمىسىنى ئىما قىلىدۇ. سەپ سىستېمىسى ئادالەت، لاياقەت، ئەھلى بولۇش، پۇرسەت باراۋەرلىكى ۋە ھەققانىيەتنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ سىستېمىدا بەسلىشىش، ياخشىلىقتا قېرىنداشلىرىدىن ئېشىپ كېتىشنى بىلدۈرىدۇ. نامازدىكى سەپ بۇ سىستېمىنىڭ ئىبادەتتىكى نامايەندىسىدۇر. ئىمام بىر قەدەم ئالدىدا تۇرىدۇ. ئىمامنىڭ دەرىجىسى ئارقىسىدىكىلەر بىلەن ئوخشاشتۇر. ئارىسىدا ماقام، دەرىجە پەرقى يوقتۇر. ئەگەر ئىمام خاتالىشىپ قالسا ياكى ۋەزىپىسىگە لايىق بولمىغان بىر ئەھۋال كۆرۈلسە دەرھال ئارقىدىكىلەر ئەسلىتىدۇ ياكى بىر قەدەم ئېلىپ ئالدىغا ئۆتىدۇ. سەپ سىستېمىسىنىڭ قارشى قۇتۇبىدا « پىرامىت سىستېمىسى » ئورۇن ئالىدۇ. بۇ پىرئەۋن سىستېمىسىدۇر. سەپ سىستېمىسىنىڭ قارىمۇقارشىسى بولغان بۇ سىستېمىدا يۇقىرى ئۆرلەش ئۈچۈن باشقىلارنىڭ بېشىغا دەسسەشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ سىستېمىدا ئورۇن ئالغۇچىلارنىڭ ئالدىدا ئېزىش ياكى ئېزىلىشتىن باشقا بىر يول يوقتۇر.
سۈرە ساھابىلەر زامانىدا بۇ ئىسىم بىلەن ئاتالغان. ھەۋارىيلەر تىلغا ئېلىنغان تۈنجى سۈرە بولغانلىقى ئۈچۈن ھەۋارىيۇن ۋەياكى ئىسا سۈرىسى دەپ ئاتىغانلارمۇ بولغان ( سۇيۇتى ۋە ئالۇسى ). سۈرە ھەۋارىيۇن ئىسمىنى بۇ ئايىتى سەۋەبلىك ئالغان:
ئى مۇئمىنلەر! خۇددى ئۆز ۋاقتىدا مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسا ھەۋارىيۇنلاردىن:

« اﷲ قا يۈزلەنگەن يولدا كىملەر ماڭا بارلىقى بىلەن ياردەمچى بولىدۇ؟ » دەپ سورىغاندا، ھەۋارىيۇنلار: « بىز اﷲ يولىنىڭ خالىس ياردەمچىلىرىمىز » دەپ جاۋاب بەرگىنىگە ئوخشاش سىلەرمۇ اﷲ يولىنىڭ ياردەمچىلىرى بولۇڭلار! ... ( 14 ). سۈرىگە « ئىسا » ئىسمى يەنە بۇ ئايەتكە ئاساسەن بېرىلگەن.

سۈرە مەدىنىدە نازىل بولغان.

قاچان نازىل بولغانلىقى ھەققىدە ئېنىق بىر نەرسە دېيىش قىيىن بولسىمۇ، يۇمشاق - قاتتىق ئۇسلۇبى نەزەرگە ئېلىنغاندا، ئۇھۇد ئۇرۇشىدىن كېيىنكى روھى - ھالەتنى ئوڭشاش مەقسەت قىلىنغانلىقى ئېنىق.

ئىبن ئابباستىن كەلگەن نۇزۇل سەۋەبى رىۋايەتلىرىمۇ بۇنى تەستىقلايدۇ. بۇ ئەھۋالدا سۈرە ھىجرەتنىڭ 3 - يىلىنىڭ ئاخىرى 4 - يىلىنىڭ بېشىدا نازىل بولغان بولسا كېرەك.

سۈرە كىرىش ۋە مەزمۇن جەھەتتىن ھەشر، ھەدىد، تەغابۇن ۋە جۇمە سۈرىلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. دەسلەپكى تەرتىپتىكى ئورنى بۇنى تەستىقلايدۇ. ھەزرىتى ئوسمان تەرتىپىدە تەغابۇن - جۇمە سۈرىسى، ئىبن ئابباس تەرتىپىدە تەغابۇن - مائىدە سۈرىسى ئارىسىدا ئورۇن ئالىدۇ. تۇنجى تەرتىپلەرنى نەزەردە تۇتقان ئاساستا تەييارلىغان تەرتىپىمىزدە ئالئىمران - جۇمە سۈرىسى ئارىسىدا ئورۇن ئالماقتا.

سۈرە ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بىرلىك ۋە ھەمكارلىقى ھەققىدە توختالغان بولۇپ، ئانا تېمىسى ئىسلامنىڭ زەپەر ۋە فەتىھ چۈشەنچىسىنى شەكىللەندۈرۈشتۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن تۇنجى قەدەمدە يوق قىلىنىشى كېرەك بولغىنى سۆز - ھەرىكەتتە بىردەك بولماسلىق ئىللىتى ئىدى. بۇ ئايەت بۇ ھەقىقەتنى تەكىتلەيدۇ:

« ئى مۇئمىنلەر! نېمە ئۈچۈن سۆزلىرىڭلار بىلەن ھەرىكىتىڭلار بىر - بىرىگە ماس كەلمەيدۇ؟ » ( 2 ).

بۇ ئايەتتىن كېيىن ئۇرۇش ئىنتىزامى ھەققىدە توختالغان بولۇپ، ھەزرىتى مۇسا ئۆرنىكى ئارقىلىق ئۇھۇد ئۇرۇشىدىكى ئىنتىزامسىزلىق ئىما قىلىپ ئۆتۈلگەن ( 3 - 5 ). بىر تەرەپتىن ئۇھۇدتىن كېيىن چۈشۈپ كەتكەن روھى - كەيپىياتنى ئوڭشاش، يەنە بىر تەرەپتىن مۇھاتابلىرىغا « يەھۇدىيلەشمەڭلار! » دېيىش مەقسىتىدە ۋەھيي مۇنداق دەيدۇ:

وَإِذْ قَالَ مُوسَى لِقَوْمِهِ يَا قَوْمِ لِمَ تُؤْذُونَنِي وَقَدْ تَعْلَمُونَ أَنِّي رَسُولُ اللَّهِ إِلَيْكُمْ فَلَمَّا زَاغُوا أَزَاغَ اللَّهُ قُلُوبَهُمْ وَاللَّهُ لَا يَهْدِي الْقَوْمَ الْفَاسِقِينَ

( سىلەرنىڭ بۇ ھالىتىڭلار ) ئۆز ۋاقتىدا مۇسانىڭ قەۋمىگە:

« ئى قەۋمىم! مېنىڭ اﷲ نىڭ سىلەرگە ئەۋەتكەن رەسۇلى ئىكەنلىكىمنى بىلىپ تۇرۇپ ماڭا نېمىشقا ئازار بېرىسىلەر؟» دېگەن ھالىنى ئەسلىتىدۇ.

ئۇلار (ھەقتىن) بۇرۇلۇپ كەتكەندىن كېيىن، اﷲ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى ھىدايەتتىن بۇرىۋەتتى، اﷲ يولدىن چىققان قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ ( 5 ).

بۇ سۈرىدە رەسۇلۇللاھ ھەزرىتى ئىسانىڭ ئاغزى ئارقىلىق « ئەھمەد » دەپ خۇشخەۋەر بېرىلىدۇ ( 6 ). بۇ خۇشخەۋەر بىلەن بىرگە كېلەچەككە مۇناسىۋەتلىك باشقا خۇشخەۋەرلەرمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ ( 7 - 8 ). ئاندىن سۆز ئاللاھ داۋاسى يولدا ئۇرۇشقا كەلتۈرۈلۈپ، ھەقىقي زەپەرنىڭ ھەقىقەتنى كۈچ بىلەن قوللاش ۋە ھىمايە قىلىش نەتىجىسىدە قولغا كېلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. مال ۋە جان بىلەن قىلىنغان جىھاد ئىنساننىڭ ئاللاھ بىلەن قىلغان پايدىلىق تىجارىتى دەپ سۈپەتلىنىدۇ. بۇ پەقەت زەپەرنىڭلا ئەمەس، ئەبەدىي سائادەتنىڭمۇ ئاچقۇچى بولىدۇ ( 10 - 13 ).

سۈرىنىڭ ئاخىرقى ئايىتىنىڭ ھەزرىتى ئىسا بىلەن ھەۋارىيلىرى ئارىسىدىكى دىئالوگغا ئايرىلىشى، ئاللاھ يولىدا كۆرەش قىلىشنىڭ ھەقىقي غايىسىنىڭ قەلبلەرنى ئىمانغا ئېچىش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ھەۋارىيلار تەسەۋۋۇرىمىزدىكى جەڭ ئەزىمەتلىرى ئەمەس، ئەبەدىي ھەقىقەتنىڭ قەلب دەۋەتچىلىرى ئىدى. ھەزرىتى ئىسامۇ تەسەۋۋۇرىمىزدىكى ھەرقانداق بىر ئۇرۇشنىڭ تەرەپتارى بولمىغانىدى. ھەۋارىيلارمۇ ئۇستازىغا ئوخشاش تىنچ يوللار بىلەن دەۋەتنى داۋاملاشتۇرغان، ئۆزلىرىگە قارىتىلغان ھەر تۈرلۈك جىسمانىي ئەزىيەتلەرگە قارشىلىق بىلدۈرمىگەنىدى. ئاللاھ داۋاسىغا ياردەم بېرىشنى ۋەدە قىلغان ھەقىقي بىر ھەۋارىيلار « تىنچلىق ئەلچىلىرى »

ئىدى. سۆز بۇ يەرگە كەلگەندە « ھەۋارىي » كەلىمىسىنىڭ مەنىسى ھەققىدە توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ. راغىپ بۇ كەلىمە « ئۇۋچى » مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ دەيدۇ. كەلىمە ئۆزى ئائىت بولغان ئارامى تىلىدىمۇ بۇ مەنىنى بىلدۈرىدۇ. لېكىن كەلىمىنى ئەرەبچە سۆز دەپ قارىغانلار ئۇنى « ئاق » دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان « ھۇر » سۆز يىلتىزىغا نىسبەت قىلىدۇ. ھەۋارىيلارنىڭ ئۇۋچىلىقى ئەلۋەتتە « بېلىق ئۇۋچىلىقى » ئەمەس، بەلكى « قەلب ئۇۋچىلىقى » ئىدى. ئايەت ئۇلارنىڭ بۇ سايىدە غالىپ كەلگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك ئېغىر جازا، ئەزىيەتكە ئۇچرىغانلىقى، بەزىلىرىنىڭ رەھىمسىزلىك بىلەن قەبىھ ئۇسلۇبتا ئۆلتۈرۈلگەنلىكى بىزگە مەلۇم. شۇنداقتىمۇ غالىپ كەلگەندى. ئاللاھ « نەزەر تاشلا » دېگەن يەردىن قارىغان كىشىنىڭ غالىبىيەت ۋە مەغلۇبىيەتكە بەرگەن مەنىسى باشقىلارنىڭكىدىن پەرقلىق بولىدۇ. سۈرىنىڭ ئاخىرقى ئايىتى بىزنىڭمۇ بۇ سۈرە ھەققىدىكى ئاخىرقى سۆزىمىز بولسۇن:

يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا كُونُوا أَنْصَارَ اللَّهِ كَمَا قَالَ عِيسَى ابْنُ مَرْيَمَ لِلْحَوَارِيِّينَ مَنْ أَنْصَارِي إِلَى اللَّهِ قَالَ الْحَوَارِيُّونَ نَحْنُ أَنْصَارُ اللَّهِ فَآمَنَتْ طَائِفَةٌ مِنْ بَنِي إِسْرَائِيلَ وَكَفَرَتْ طَائِفَةٌ فَأَيَّدْنَا الَّذِينَ آمَنُوا عَلَى عَدُوِّهِمْ فَأَصْبَحُوا ظَاهِرِينَ

ئى مۇئمىنلەر! خۇددى ئۆز ۋاقتىدا مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسا ھەۋارىيۇنلاردىن:

« ئاللاھ قا يۈزلەنگەن يولدا كىملەر ماڭا بارلىقى بىلەن ياردەمچى بولىدۇ؟ » دەپ سورىغاندا، ھەۋارىيۇنلار:

« بىز ئاللاھ يولىنىڭ خالىس ياردەمچىلىرىمىز » دەپ جاۋاب بەرگىنىگە ئوخشاش سىلەرمۇ ئاللاھ يولىنىڭ ياردەمچىلىرى بولۇڭلار!

ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بىر تائىپە ( ئۇنىڭغا ) ئىمان ئېيتتى، يەنە بىر تائىپە كاپىر بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىز مۇئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ ئۆز دۈشمەنلىرىگە قارشى تۇرۇشىدا يار - يۆلەكتە بولدۇق، شۇنىڭ بىلەن مۇئمىنلەر غالىب بولدى ( 14 ).

# جۇمۇئە سۈرىسى

سۈرىگە جۇمۇئە ئىسمى « كەڭ كۆلەملىك تەربىيە » مودېلىنىڭ ئىنسانلىق تارىخىدىكى ئەڭ ئۇتۇقلۇق ئۆرنىكىنى تەشكىل قىلغان ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىجتىماسى ( بىر يەرگە جەم بولۇشى ) بولغان ھەمدە كۈنىمىزدىمۇ داۋاملىشىۋاتقان جۇمە نامىزى ھەققىدە نازىل بولغان تۇۋەندىكى ئايەتكە ئاساسەن بېرىلگەن:

« ئى مۇئمىنلەر جۇمە كۈنى جۇمە نامىزىغا ئەزان ئېيتىلسا، ئېلىم - سېتىمنى قويۇپ ئاللاھ نى ياد ئېتىشكە (يەنى جۇمە خۇتبىسىنى ئاڭلاشقا ۋە جۇمە نامىزىنى ئادا قىلىشقا) ئالدىراپ بېرىڭلار، ئەگەر ( ياخشىلىق بىلەن مەنپەئەت ئارىسىدىكى پەرقنى ) بىلسەڭلار بۇ سىلەر ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشىدۇر » ( 9 ).

سۈرە نازىل بولغان مەزگىلنى ئېنىق ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇش قىيىن. بۇ مەسىلىدىكى پەرقلىق قاراشلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى 9 - ئايەتنىڭ جۇمە نامىزىنى پەرز قىلغان ئايەت دەپ چۈشىنىشتىن كېلىپ چىقماقتا. ھالبۇكى ئايەتنىڭ ئۇسلۇبى جۇمە نامىزىنىڭ بۇ ئايەت نازىل بولۇشتىن بۇرۇنمۇ قىلىنىۋاتقانلىقىغا دالالەت قىلىدۇ. تارىخىي رىۋايەتلەرمۇ بۇ ھەقىقەتنى تەستىقلايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئايەتنىڭ بېشىدىكى « إِذَا نُودِيَ »، جۇمە ئەزاننىڭ ئۆزۈندىن بۇيان ئوقۇلۇپ كېلىنگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

سۈرىنىڭ 1 - 8 - ئايەتلىرى بىلەن 9 - 11 - ئايەتلىرىنىڭ ئىككى پەرقلىق مەزگىلدە نازىل بولغانلىقى ئېھتىمالغا يېقىن. لېكىن مەزمۇن نەزەرگە ئېلىنغاندا، ئالدىنقى بۆلۈمنى ئەبۇ ھۇرەيرە رىۋايىتىگە ئاساسەن خەيبەرنىڭ فەتھە قىلىنىشىغىچە ئارقىغا تارتىدىغان قاراشنى قوللىمايدۇ. چۈنكى 5 - ۋە 6 - ئايەتلەر مۇسۇلمان -

يەھۇدى مۇناسىۋەتلىرى ناھايىتى قويۇق بولغان بىر مەزگىلگە دالالەت قىلماقتا. 7 - يىلدىكى خەيبەر فەتھى بۇ سۈرە ئۈچۈن ناھايىتى كېيىنكى بىر مەزگىلدۇر. نازىل بولۇش تارىخى مەدىنىدىكى ئاخىرقى يەھۇدىي قەبىلىسى بولغان بەنى قۇرەيزانىڭ مەدىنىدىن ھەيدەپ چىقىرىلىش مەزگىلىگە توغرا كەلمەيدۇ.

بۇ ئەھۋالدا پەرقلىق زامانلاردا نازىل بولغانلىقىنى قوبۇل قىلغان ۋاقتىمىزدىمۇ، سۈرىنىڭ ھەر ئىككى بۆلىكىنى ھىجرەتنىڭ 3 - ياكى 4 - يىلىدا نازىل بولغان دەپ قاراش مۇۋاپىق.

سۈرىنى سەف سۈرىسىنىڭ ئارقىسىغا تىزىش ئەڭ مۇۋاپىق. سەف سۈرىسىدە ئۇرۇش دائىرىسىدە تىلغا ئېلىنغان ئىنتىزام مەسىلىسى، بۇ سۈرىدە ناماز دائىرىسىدە تەكرار تىلغا ئېلىنغان. مۇئمىنلەرنىڭ سەپ ئېڭىنى شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارنى جامەدە جۈمەدە جامائەت بىلەن بىرلىكتە جەم قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىنغان.

جۈمە سۈرىسىنىڭ ئانا تېمىسى، مۇسۇلمانلارغا « يەھۇدىيلىششىتىن ھەزەر ئەيلەڭلار! » ئاگاھلاندۇرۇشىنى ئەسكەرتىش بولۇپ، تەۋراتنى يەتكۈزۈش ۋە ھاياتىغا تەدبىقلاش مەسئۇلىيىتى بېرىلگەن، بىراق بۇ مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلمىغان يەھۇدىيلارنىڭ ئەھۋالى « كىتاب يۈكلەنگەن ئېشەكلەرگە » ئوخشىتىلغان.

مَثَلُ الَّذِينَ حُمِّلُوا التَّوْرَاةَ ثُمَّ لَمْ يَحْمِلُوهَا كَمَثَلِ الْحِمَارِ يَحْمِلُ أَسْفَارًا بِئْسَ مَثَلُ الْقَوْمِ الَّذِينَ كَذَّبُوا بِآيَاتِ اللَّهِ وَاللَّهُ لَا يَهْدِي الْقَوْمَ الظَّالِمِينَ

« تەۋراتنى يەتكۈزۈش مەسئۇلىيىتى بېرىلىپ، ئۇ مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلمىغانلارنىڭ ھالى خۇددى كىتاب يۈكلەنگەن ( ئەمما دۈمبىسىدىكى كىتابنىڭ قىممىتىدىن بىخەۋەر بولغان ) ئېشەككە ئوخشايدۇ. الله نىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان قەۋمنىڭ مىسالى نېمىدېگەن يامان! الله زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ » ( 5 ).

ئەسلىدە بۇ، قۇرئانىمىزمۇ يۈكلىرىدىكىگە ئوخشاش مۇئامىلىدە بولىدىغانلارغا بىر ئاگاھلاندۇرۇشتۇر. سۈرىنىڭ كىرىش قىسمىدا قۇرئان ۋەھيىنىڭ تۇنجى مۇخاتابلىرىنىڭ كىتابتىن مەھرۇم ( ئۈممى ) ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىشنىڭ سەۋەبىمۇ بۇ ( 2 ). بۇ ئارقىلىق كىتابلارنىڭ ئەڭ مۇقەددىسىگە ئېرىشكەندىن كېيىن « كىتابى بار، ئەمما كىتابسىز » ھالغا چۈشۈپ قېلىشتەك خەتەرلىك ئەھۋالغا مۇئمىنلەرنىڭ دىققەت نەزىرىنى ئاغدۇرۇپ ئاگاھلاندۇرىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۈممەتى مۇھەممەدكە:

« قۇرئان ۋەھيىنى يەتكۈزۈش مەسئۇلىيىتى سىلەرگە بېرىلدى. بۇ مەسئۇلىيەتنى پەقەتلا قۇرئاننىڭ ۋاراقلىرىنى قولۇڭلاردا تۇتۇش بىلەن، ئۆيۈڭلاردا، ئىشكاپلىرىڭلاردا، تەكچىلەرگە قويۇپ قويۇش بىلەن ئادا قىلغان بولمايسىلەر. بۇ مەسئۇلىيەتنى قۇرئاننىڭ لەبزىنى يادا ئېلىش بىلەنلا ئادا قىلغان بولمايسىلەر. بۇ مەسئۇلىيەتنى قۇرئاننى ئالتۇن ھەل بىلەن يېزىپ، ئۆيۈڭلارنىڭ تاملىرىنى بېزەش بىلەن ئادا قىلغان بولمايسىلەر. بۇ مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىشنىڭ ئەڭ چوڭ شەرتى قۇرئاننى ھاياتنىڭ / تۇرمۇشنىڭ ئىچىگە ئېلىپ كىرىش ۋە قۇرئان كۆرسەتمىسى بىلەن ياشاشتۇر. ئەگەر بۇنداق قىلمىساڭلار بەنى ئىسرائىلنىڭ تەۋراتقا قىلغان مۇئامىلىسىنى سىلەر قۇرئانغا قىلغان بولىسىلەر. بەنى ئىسرائىل تەۋراتقا بولغان مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلمىغانلىقتىن يەھۇدىيلەشتى. سىلەرمۇ قۇرئانغا ئەنە شۇنداق مۇئامىلە قىلساڭلار سىلەرمۇ يەھۇدىيلىشىسىلەر! » دېمەكتە.

تۆۋەندىكى ئايەتتە مۇسۇلمانلارنىڭ ھەپتىلىك يىغىلىشقا قاتنىششىنى ھەر قانداق ماددىي پايدىغا سېتىۋېتىشكە بولمايدىغانلىقى تەكىتلەنگەن.

يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِذَا نُودِيَ لِلصَّلَاةِ مِنْ يَوْمِ الْجُمُعَةِ فَاسْعَوْا إِلَى ذِكْرِ اللَّهِ وَذَرُوا الْبَيْعَ ذَلِكُمْ خَيْرٌ لَكُمْ إِنْ كُنْتُمْ تَعْلَمُونَ

« ئى مۇئمىنلەر! جۈمە كۈنى جۈمە نامىزىغا ئەزان ئېيتىلسا، ئېلىم ـ سېتىمنى قويۇپ الله نى ياد ئېتىشكە ( يەنى جۈمە خۇتبىسىنى ئاڭلاشقا ۋە جۈمە نامىزىنى ئادا قىلىشقا ) ئالدىراپ بېرىڭلار، ئەگەر ( ياخشىلىق بىلەن مەنپەئەت ئارىسىدىكى پەرقنى ) بىلسەڭلار بۇ سىلەر ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشىدۇر » ( 9 ).

يەھۇدىيلارنىڭ شەنبە كۈنى ھىلىسىنىڭ ئاستىدا ياتقان دۇنياغا بېرىلىپ كېتىش ئىللىتى تۆۋەندىكى ئايەتتە ئۇستى يېپىق ھالدا ئىما قىلىنغاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ كىشىگە. بۇنىڭ تەكىتىدە « بىردىنبىر رىزىق بەرگۈچى خەيرلىك زات » ئاللاھ قا بولغان ئىشەنچسىزلىك ياتماقتا. ھالبۇكى، « ئىمان »نىڭ ئەخلاقى نۇقتىدىكى مەنداش سۆزى « ئىشەنچ قىلىش »تۇر.

وَإِذَا رَأَوْا تِجَارَةً أَوْ لَهْوًا انْفَضُّوا إِلَيْهَا وَتَرَكُوكَ قَائِمًا قُلْ مَا عِنْدَ اللَّهِ خَيْرٌ مِنَ اللَّهْوِ وَمِنَ التِّجَارَةِ وَاللَّهُ خَيْرُ الرَّازِقِينَ

« ئەمما ئۇلار بىرەر تىجارەت مەنپەئەتنى ياكى تاماشانى كۆرگەندە، سېنى ئۆرە تۇرغان پېتىڭ تاشلاپ، ئۇنىڭغا (يەنى تىجارەتكە) يۈگۈرىدۇ. (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى:
اﷲ نىڭ دەرگاھىدىكى نەرسە (يەنى ساۋاب ۋە نېمەت) تاماشادىن ۋە تىجارەتتىن ياخشىدۇر، اﷲ بىردىنبىر ئەڭ ياخشى رىزىق بەرگۈچىدۇر » ( 11 ).

# بەييىنە سۈرىسى

سۈرە، 1 - ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان « ئېنىق ۋە روشەن دەلىل » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان بەييىنە كەلىمىسى بىلەن ئاتالغان:
« ئەھلى كىتابتىن (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالاردىن) كاپىر بولغانلار ۋە شېرىك قوشۇشنى ئۆزگە ئادەت قىلىۋالغانلار ئۆزلىرىگە روشەن دەلىل ( بەييىنە ) كەلگەنگە قەدەر كۇفرىدىن ئايرىلغۇچى بولمىدى » ( 1 ).
ئەل - بەييىنە بۇ يەردە نوقۇل ھالدا مۇئەييەن بىر دەلىلنى كۆرسەتمەيدۇ. بۇ يەردىكى روشەندىن مەقسەت، بۇ ھەقتىكى « ھەر دەلىل »نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كېيىنكى ئايەتتىن بۇ دەلىلنىڭ « رىسالەت » ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز.
بەزى مۇسھابىلاردا بۇ ئىسىم بىلەن ئاتالغان بولسىمۇ، رەسۇلۇللاھقا نىسبەت قىلىنغان بىر رىۋايەتتە « لەم يەكۇنىللەزىنە كەفەرۇ » دەپ ئاتالغان ( مۇسلىم ۋە بۇخارى ).
سۈرە يەنە قەييىمە ياكى بەرىييە دەپمۇ ئاتالغان.
سۈرە مەدىنىدە نازىل بولغان. سۈرىنىڭ مەزمۇنى ئۇنىڭ مەدىنىدە نازىل بولغانلىقىغا دەلالەت قىلىدىغان بولۇپ، مەككىدە نازىل بولغانلىقى ھەققىدىكى قاراشنى رەت قىلىدۇ. گەرچە سۈرە قىسقا بولسىمۇ، ئايەتلىرىنىڭ ئۇزۇنلىقى مەدىنىدە نازىل بولغان سۈرىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە. ھەزرىتى ئوسمانغا نىسبەت قىلىنغان تەرتىپتە سۈرە تالاق – ھەشر، ئىبنى ئابباس تەرتىپىدە تالاق - جۇمۇئە سۈرىلىرى ئارىسىدا ئورۇن ئالغان. تالاق سۈرىسىنىڭ بەييىنەدىن ئەڭ ئاز بىر يىل كېيىن نازىل بولغانلىق ئېھتىمالى كۈچلۈك. بەييىنە سۈرىسىنىڭ نازىل بولۇش مەزگىلى ھىجرەتنىڭ 4 - يىلى رەبىئۇلئەۋۋەل ئېيىدىن بۇرۇن. چۈنكى، بۇ سۈرىنىڭ بىرىنچى ئايىتىدە ئىما قىلىنغان بەنى نادىر، ھىجرەتنىڭ 4 - يىلى رەبىئۇلئەۋۋەل ئېيىدىن بۇرۇن مۇھاسىرىگە ئېلىنغانىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، بەييىنە سۈرىسىنىڭ ئالدىغا تىزىلغان تالاق سۈرىسىنى نازىل بولۇش سەۋەبى بولغان ۋەقەدىن مەلۇم بولغاندەك، ئەڭ بالدۇر بولغاندا ھىجرەتنىڭ 5 - يىلىغا تىزىشقا بولىدۇ. بۇنىڭ 6 - يىلى بولۇش ئېھتىماللىقىمۇ بار. بىزنىڭ تەرتىپىمىزدە جۇمۇئە - ھەشر سۈرىسى ئارىسىدا ئورۇن ئالماقتا.
سۈرە نازىل بولغان ھىجرى 4 - يىلى يەھۇدىيلار توختىماي ۋەقە چىقىرىپ تۇرغان يىل ئىدى. « ۋەسقە » دەپ ئاتالغان ھۆججەتتە كۆرسىتىلگەندەك رەسۇلۇللاھ ھىجرەتتىن كېيىن يەھۇدىي قەبىلىلىرى بىلەن قىلغان كېلىشىمگە كېلىشىم تەرەپتارلىرىدىن بىرى بولغان قەبىلىلەر بىر - بىردىن خىيانەت قىلىشقانىدى. بۇ سۈرە نازىل

بولۇشتىن ئىلگىرى بەنى نادىر كېلىشىمگە خىيانەت قىلغان بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىگە يەتكەن ھەقىقەت ۋە روشەن دەلىللەرگە قارىماستىن ئىنكار قىلىشنى تاللىغاندى.

سۈرە دەلىل ۋە ئىمان ئارىسىدا بىۋاستە بىر مۇناسىۋەت قۇرىدۇ. سۈرىدە « نىجادلىق پىشقەدەم ۋە سابىق بولغۇچىغا ئائىت ئەمەس، ئەكسىچە ھەقىقەتكە سادىق بولغۇچىغا ئائىتتۇر » دېگەن ھەقىقەتنى ئانا تېما قىلىنغان.

سۈرىدە تىلغا ئېلىنغان ئەھلى كىتاب مەدىنە يەھۇدىيلىرى ئىدى. گەرچە ئۇلار ۋەھيي ۋە نۇبۇۋۋەت ھەقىقىتىگە ئىمان ئېيتقان بولسىمۇ، ئاخىرقى ۋەھيي ۋە ئاخىرقى نەبىگە ئىمان ئېيتمىدى. ئۇلار بۇنىڭ بىلەنلا قالماستىن يەنە ۋەھيي ۋە نۇبۇۋۋەتنى ئىنكار قىلغان مۇشرىكلار بىلەن بىر سەپتە تۇردى. يەنە كېلىپ، بۇنى ھەقىقەتنىڭ روشەن دەلىللىرى ئۆزلىرىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن قىلدى. ھالبۇكى، ئۇلار ئىلگىرى يېقىندا كېلىدىغان بىر نەبى ئارقىلىق مۇشرىك ئەرەبلەرنىڭ ئەدىپىنى بېرىدىغانلىقىنى داۋا قىلغاندى ( بەقەرە، 89 ). ھەقىقەت ئېنىق ۋە روشەن دەلىللىرى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققاندا ھەسەتخورلۇقى سەۋەبىدىن ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىپ ئازدى ( بەقەرە، 109 ).

كىتاب ئەھلى مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كىتابلىرى ۋە ئۆزىگە كەلگەن ئەلچىلەرگىمۇ ئىشەنمەيدىغانلىقىنى نامايەن قىلغاندى. سۈرە بۇ تارىخىي ۋەقە ئارقىلىق تەبىئى بىر تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. يەنى، ئىلگىرىكى ۋەھيىگە بولغان ئىتائەت داۋاسىنىڭ ئىسپاتى ئەلچىلەر زەنجىرىنىڭ ئاخىرقى ھالقىسىغا ئىمان ئېيتىشتا ئەڭ ئالدىدا بولۇشتۇر. ھالبۇكى، ئۇلار مۇشرىكلاردىنمۇ كېيىن قالدى.

وَمَا تَفَرَّقَ الَّذِينَ أُوتُوا الْكِتَابَ إِلَّا مِنْ بَعْدِ مَا جَاءَتْهُمُ الْبَيِّنَةُ (4) وَمَا أُمِرُوا إِلَّا لِيَعْبُدُوا اللَّهَ مُخْلِصِينَ لَهُ الدِّينَ حُنَفَاءَ وَيُقِيمُوا الصَّلَاةَ وَيُؤْتُوا الزَّكَاةَ وَذَلِكَ دِينُ الْقَيِّمَةِ (5)

« كىتاب بېرىلگەنلەر پەقەت ئۆزلىرىگە روشەن دەلىل كەلگەندىن كېيىنلا ئىختىلاپ قىلىشتى. ئۇلار پەقەت ئاللاھ قىلا خالىس ئىبادەت قىلىشقا، دىن بەلگىلەش ھوقوقىنىڭ پەقەت ئاللاھ قىلا خاس ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتىپ، باتىل بولغان ھەر نەرسىدىن يۈز ئۆرۈشكە، ئىبادەت / نامازنى لايىقىدا ئادا قىلىشقا، زاكات / پاكلىنىشقا ۋە تېخىمۇ كۆپەيتىش ئۈچۈن بېرىلىشى كېرەك بولغاننى بېرىشكە بۇيرۇلدى. ئەنە شۇلار ئەبەدىي قىممەتلەر سىستېمىسىدۇر / ( ناماز، زاكات ) توغرا دىندۇر » ( 4 - 5 ).

نۇرغۇنلىغان مۇشرىكلار ئىمان ئېيتىپ رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالغاندا، ئۇلار نىجادلىقنى تەسلىمىيەت ۋە ساداقەتتىن ئىزدىمەي، پىشقەدەملىك ۋە سابىق بولۇشتىن ئىزدىگەنىدى.

سۈرە بۇ ئىبرەت ئۈستىدىن ھەر دەۋر ۋە ھەر مۇھاتابقا:

ھەقىقەت ھەر دەۋر ۋە ماكاندا پەرقلىق تىللار، پەرقلىق ئۇسۇل ۋە ئۇسلۇبلار بىلەن قايتىدىن ئۆزىنى نامايەن قىلىدۇ. ھەقىقەتنىڭ يېڭى تەجەللىسىنى پەقەت « بىزگە » ئائىت بولمىغانلىقى ياكى بۇ جەھەتتە پىشقەدەم بولغانلىقىمىز ئۈچۈن رەت قىلىش بۇ سۈرىنىڭ كايىشىغا ئۇچراش دېگەنلىكتۇر. سۈرىنىڭ ئاخىرقى ئايەتلىرىدە شېرىك قوشۇشنى تۇرمۇش ئادىتىگە ئايلاندۇرىۋالغانلار « مەخلۇقلارنىڭ ئەڭ زىيانلىقى » دەپ سۈپەتلىنىدۇ ( 6 ). ئىمان ئېيتقان ۋە ئىمانىغا ماس ھالدا بىر ھايات ياشىغانلار « مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ ياخشىسى » دەپ تونۇشتۇرۇلىدۇ ( 7 ).

مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ ياخشىلىرى بولغان ئىمان ۋە سالىھ ئەمەل ئىگىلىرىگە رەببى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە « مەمنۇن »لىقنىڭ يەككە تەرەپىنى ئەمەس، ھەر ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى ئەسكەرتىلىدۇ:

«ااﷲ ئۇلاردىن رازى بولىدۇ، ئۇلارمۇ ااﷲ تىن مەمنۇن بولىدۇ » ( 8 ).

## ھەشر سۈرىسى

سۈرىگە 2 - ئايىتىدە تىلغا ئېلىنغان ئاخىرەتكە مۇناسىۋەتلىك ھالدا ئىشلىتىلگەن « يىغىش، جەم قىلىش » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان « ھەشر » كەلىمىسى ئىسىم قىلىپ قويۇلغان. مەزكۇر كەلىمە بۇ يەردە ۋەقەگە مۇناسىۋەتلىك ھالدا « ئۇرۇنۇش، قوزغىلىش، ئىسيان كۆتۈرۈش » مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.

تىزمىزى رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە سۈرە بۇ ئىسىم بىلەن ئاتالغان.

ئىبن ئاببانىنىڭ مەزكۇر سۈرىنى ھەشر دەپ ئاتىغان سەئىد بىن جۇبەيرنى « بەنى نادىر سۈرىسى » دەپ ئاتاش ھەققىدە نەسىھەت قىلغانلىقى مەلۇم بولماقتا ( بۇخارى ). ئىبن ئاببانىنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنداق دېگەنلىكى كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. ئەسلىدە بۇ بىر ئېتىراز بولۇپ، بۇ ئېتىراز سۈرىنىڭ « ھەشر » ئىسمىگە قارىتىلماستىن، بەلكى بۇ ئىسمىنىڭ سۈرىنىڭ مەزمۇنى ۋە نازىل بولۇش سەۋەبىنى بىلمەيدىغان كىشىلەر تەرىپىدىن خاتا چۈشىنىش ئېھتىمالى نەزەردە تۇتۇلغان. بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى سۆپىتىدە مەشھۇر بولغان ھەشر كەلىمىسىنىڭ دائىرىدە قوبۇل قىلىنغان قىيامەتتىكى قايتىدىن تىرىلىشنى بىلدۈرىدىغان ھەشر ئەمەس، ئەكسىچە رەسۇلۇللاھ بىلەن بىتىم تۈزگەنلىكىگە قارىماستىن ئىسيان كۆتۈرگەن يەھۇدىي قەبىلىسى بەنى نادىرنىڭ « ئىسيانى »نى بىلدۈرىدىغان « ھەشر »دۇر.

سۈرە مەدىنىدە نازىل بولغان. ئىبن ئاباس قويغان ئىسىم ۋە سۈرىنىڭ مەزمۇنى نەزەرگە ئېلىنغاندا، سۈرىنىڭ ھىجرى 4 - يىلى نازىل بولغانلىقى مەلۇم بولماقتا. بۇ تارىختا بەنى نادىر يەھۇدىيلىرى مەدىنىدىن سۈرگۈن قىلىنغانىدى. بۇ يەھۇدىي قەبىلىسى بۇ رايونغا 600 يىل ئىلگىرى، يەنە بىر رىۋايەتكە قارىغاندا ھەزرىتى مۇسا دەۋرىدە كەلگەن. بەنى نادىر، ئۆلىمالىرى ئۆز ئىچىدىن چىققان ھارۇن جەمەتىدىن كەلگەن بولۇپ، مەدىنىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلىرى بۇلارنىڭ مونوپوللۇقىدا ئىدى. سۈرىنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبىمۇ بۇ مەسىلە بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

سۈرە ھەزرىتى ئوسمانغا نىسبەت قىلىنغان تەرتىپتە بەيىنە - نۇر سۈرىسى ئارىسىغا تىزىلغان. بۇ تىزىلىش توغرا بولمىغان. چۈنكى نۇر سۈرىسى نازىل بولۇش سەۋەبىدىن مەلۇم بولغاندەك، بەيىنە سۈرىسىدىن بۇرۇن نازىل بولغان. نۇر سۈرىسى ھىجرى 3 - يىلدا نازىل بولۇشقا باشلىغان بولۇپ، بەيىنە سۈرىسى ھىجرى 4 - يىلدا نازىل بولغان. ئىبن ئاباس تەرتىپىدە ئالئىمران - ئەھزاب سۈرىسى ئارىسىدا ئورۇن ئالغان. بۇ تەرتىپ ئالدىنقىسىغا قارىغاندا تېخىمۇ توغرا ئەمەس. چۈنكى ئالئىمران سۈرىسى بىلەن ئەھزاپ سۈرىسىنىڭ نازىل بولۇش تارىخى ئوخشىمايدۇ. سۈرە، بىزنىڭ تەرتىپىمىزدە بەيىنە - مۇنافىقۇن سۈرىسى ئارىسىدا ئورۇن ئالماقتا.

ھىجرەتتىن كېيىن رەسۇلۇللاھ مەدىنىدىكى يەھۇدىيلار بىلەن بىر ئىتتىپاق ئەھدىنامىسى ( سەھىپە ) تۈزۈشكەن. بەدر زەپىرىدىن كېيىن مەدىنە يەھۇدىيلىرىدىن بىر قىسمى ئۆزلىگىدىن رەسۇلۇللاھنى تەۋراتتا غالىپ دەپ سۈپەتلەنگەن « كېلىشى ئېنىق بولغان پەيغەمبەر » نىڭ دەل ئۆزى ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى. لېكىن ئۇھۇدنى مەغلۇبىيەت دەپ قاراپ نانكورلۇق قىلىشى ئۇلارنىڭ كۆڭلىكە چوقۇنغانلىقىنى ئاشكارىلاپ قويىدى. بەنى نادىر تۈزۈلگەن ئەھدىنامىگە خىلاپلىق قىلىپ، قۇرەيش بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشتى. ئۇلار ئەھدىنامىگە ئاساسەن بىر مۇسۇلماننىڭ سەھۋەنلىكى سەۋەبىدىن ئوتتۇرىغا چىققان خۇن بەدىلىنى تۆلەشكە رىئايە قىلمىدى. بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، رەسۇلۇللاھقا سۇيىقەست قىلماقچى بولۇشتى. ئۇنىڭدىن باشقا رەئىسى كائاب بىن ئەشرەپ رەسۇلۇللاھنى قارىلاش ھەرىكىتىنى باشلىغان بولۇپ، مەككىلىك مۇشرىكلارنى مەدىنىدىكى مۇسۇلمانلارغا قارشى كۈشكۈرتكىنى ئازدەك، ئىسلام جامائىتى ئىچىدىكى ئەڭ ھۆرمەتلىك ئاياللارنى كەمسىتىدىغان ئىشىق شېئىرلىرىنى يازغان. نەتىجىدە يېپىق شەكىلدىكى بىر ھەرىكەت بىلەن جازالاندى.

ئۇلارنىڭ بۇ خىيانىتى سەۋەبىدىن رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا ئىككى يولدىن بىرنى تاللاشنى شەرت قىلدى. يەنى، يا مەغلۇپ بولغۇچى ھەممە نەرسىسىدىن ئايرىلىپ قالىدىغان بىر ئۇرۇش ياكى بىساتىنى ئېلىپ مەدىنىدىن چىقىپ كېتىش. بەنى نادىر بىر قارارغا كېلىشى ئۈچۈن ئون كۈن مۆھلەت سورىدى. قارارلىرى ھەققىدە جاۋاب ئېلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن ئابدۇللاھ بىن ئۇبەي بىن سەلۇل بويسۇنماسلىقى ۋە ئۆزىنىڭ ئۇلارغا ئىككى مىڭ كىشى بىلەن ياردەم قىلىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەردى. شۇنىڭ بىلەن بەنى نادىر ئىسلامغا قارشى ئىسيان كۆتۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئالتە قەلئەسىنىڭ ھەممىسى مۇھاسىرىگە ئېلىندى. بىر قانچە ھەپتىلىك مۇھاسىرىدىن كېيىن ياردەم ھەققىدىكى ۋەدىنىڭ يالغانلىقىنى كۆرۈپ يىتىپ تەسلىم بولدى. بۇ ۋەقە ھىجرى 4 - يىلى رەبىئۇلئەۋۋەل

ئېيدا يۈز بەردى. ھەر ئۈچ ئائىلىگە بىر تۆگە ئېلىپ مېڭىشقا رۇخسەت قىلىنىش نەتىجىسىدە 600 تۆگىلىك بىر كارۋان بىلەن بەنى نادىر مەدىنىدىن كۆچۈپ كەتتى. ئۇلار ئۆيلىرىنى ئۆز قولى بىلەن چېقىپ تاشلاپ، ئىشىك - دەرىزىلىرىدىن تارتىپ قومۇرۇپ ئېلىپ كەتكەن بولۇپ، بىر قانچە ئائىلىنى ھېساپقا ئالمىغاندا ھەممىسى سۇرىيەگە بېرىپ يەرلەشتى.

سۈرىدە تىلغا ئېلىنغان « فەي » مانا بۇ بەنى نادىر ئېلىپ كېتەلمىگەن مۇقىم مۈلۈكلەر ئىدى. بۇ ئۇقۇم « غەنىمەت » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ئەنفال سۈرىسىدىن پەرقلىق ھالدا « تىنچ يول بىلەن ئېرىشكەن ئۇرۇش غەنىمەتلىرى » مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. رەسۇلۇللاھ بۇ ماللارنى ئەنسارلارغا بەرمەي ئېتىقادى ئۈچۈن يۇرت - ماكانىنى تاشلاپ چىقىپ كەتكەن مۇھاجىرلارغا تەقسىم قىلىپ بەردى.

بۇ سۈرىدە تىلغا ئېلىنغان مال - مۈلۈك ئارقىلىق ئەخلاقى نەسىھەت بەرمەكتە. بولۇپمۇ ئىنسان - مۈلۈك ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ھەققىدە توختىلىپ، يەھۇدىيلىشىشنىڭ ئەڭ تىپىك ئالامەتلىرىدىن بىرسىنىڭ مال - مۈلۈككە بېرىلىپ كېتىش ئىكەنلىكىگە كىشىنىڭ دىققىتىنى ئاغدۇرماقتا. بەنى نادىردىن قالغان « فەي »نىڭ مۇھاجىرلارغا بېرىلىشىنىڭ سەۋەبى دەۋر ۋە ماكاندىن ھالقىغان تۆۋەندىكى پرىنسىپتۇر:

« ( ئاللاھ نىڭ بۇنداق قىلىشى ) مۈلۈكنىڭ ئىچىڭلاردىكى بايلار ئارىسىدا قولدىن قولغا ئۆتۈپ يۈرمەسلىكى ئۈچۈندۇر » ( 7 ).

بۇ سۈرىنىڭ 9 - ئايىتى قۇرئاندا « باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىدىن ئەلا بىلىش » دېيىشكە بولىدىغان « ئىسار » بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىردىنبىر ئايەتتۇر:

وَالَّذِينَ تَبَوَّءُوا الدَّارَ وَالْإِيمَانَ مِنْ قَبْلِهِمْ يُحِبُّونَ مَنْ هَاجَرَ إِلَيْهِمْ وَلَا يَجِدُونَ فِي صُدُورِهِمْ حَاجَةً مِمَّا أُوتُوا وَيُؤْثِرُونَ عَلَى أَنْفُسِهِمْ وَلَوْ كَانَ بِهِمْ خَصَاصَةٌ وَمَنْ يُوقَ شُحَّ نَفْسِهِ فَأُولَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ

« ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇلار ( يەنى مۇھاجىرلار ) كېلىشتىن بۇرۇن ئۇلارغا ماكان تەييارلىغان ۋە قەلبىدە ئىماننى يەرلەشتۈرگەنلەرگە ( بېرىلىدۇ ). ئىمانى كۈچلۈك بولغانلار (يەنى ئەنسارلار) يېنىغا ھىجرەت قىلىپ كەلگەنلەرنى (يەنى مۇھاجىرلارنى) دوست تۇتىدۇ، ئۇلارغا بېرىلگەن نەرسىلەر ئۈچۈن ئىچى تارلىق قىلمايدۇ، ئۇلار مۇھتاج تۇرۇقلۇق باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىنى ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئىتىدىن ئەلا بىلىدۇ. باشقىلارنىڭ ئىلكىدىكىگە كۆز تىكىشتىن ساقلانغانلار ئەنە شۇلار نىجاتلىققا ئېرىشكۈچىلەردۇر » ( 9 ).

ئوخشاش بىر ماكان ۋە زاماندا ياشىغان مۆئمىنلەرنىڭ ئۆزئارا مەسئۇلىيىتى بار، ئەلۋەتتە. بىراق ئوخشاش بىر ماكان ۋە زاماندا بىرلىكتە ياشىمىسىمۇ، مۆئمىنلەرنىڭ ئۆزئارا مەسئۇلىيىتى بولىدۇ. بۇ مەسئۇلىيەتنىڭ ئەڭ ئالدىدا ھاياتلارنىڭ باقىي ئالەمگە سەپەر قىلىپ كەتكەنلەرگە بولغان مەسئۇلىيىتى كەلمەكتە. شۇنداق، بىر مۆئمىن « تىرىكلەرنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلەرگە قارىتا نېمە مەسئۇلىيىتى بولىدۇ؟ » دېيەلمەيدۇ. تۆۋەندىكى ئايەت مانا بۇ مەسئۇلىيەتنى ئەسلەتمەكتە:

وَالَّذِينَ جَاءُوا مِن بَعْدِهِمْ يَقُولُونَ رَبَّنَا اغْفِرْ لَنَا وَلِإِخْوَانِنَا الَّذِينَ سَبَقُونَا بِالْإِيمَانِ وَلَا تَجْعَلْ فِي قُلُوبِنَا غِلًّا لِّلَّذِينَ آمَنُوا رَبَّنَا إِنَّكَ رَءُوفٌ رَّحِيمٌ

ئۇلاردىن كېيىن كەلگەنلەر: « رەببىمىز! بىزگە ۋە بىزدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتىپ ۋاپات بولغان قېرىنداشلىرىمىزغا مەغپىرەت قىلغىن، دىللىرىمىزدا مۆئمىنلەرگە قارشى دۈشمەنلىك پەيدا قىلمىغىن، رەببىمىز! سەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىسەن، مېھرىبانسەن » دەيدۇ ( 10 ).

مۇناپىقلار بىلەن بەنى نادىر ئارىسىدىكى مەخپىي ئۈچرىشىشلارنى مۆجىزىۋى شەكىلدە ئاشكارىلىغان ئايەتلەر كاپىرلار ئارىسىدىكى ھەمكارلىقنىڭ ئەسلىدە ناھايىتى ئاجىز ئىكەنلىكىنى بايان قىلماقتا: « ئۇلارنى ئۆم دەپ ئويلايسەن، ھالبۇكى ئۇلارنىڭ دىللىرى تارقاقتۇر » ( 14 ).

سۈرىنىڭ ئاخىرقى ئايەتلىرى ئاللاھ قا ئىمان ئېيتىپ ئىشەنچ قىلغان ھەر مۆئمىنگە مەسئۇلىيىتىنى ئەسلىتىش ۋە ئاگاھلاندۇرۇشتۇر: « سىلەر الله نى ئۇنتۇغان، شۇنىڭ بىلەن الله ئۇلارغا ئۆزلىرىنى ئۇنتۇلدۇرغان كىشىلەردەك

بولماڭلار،... » ( 19 ). مەسئۇلىيەتسىزلىكنىڭ ئەڭ چوڭى ۋەھىيگە قارىتا كور ۋە گاستەك مۇئامىلە قىلىشتۇر. « ئەگەر بىز قۇرئاننى بىرەر تاغقا نازىل قىلساق، چوقۇم سەن ئۇنىڭ اﷲ تىن قورققانلىقتىن باش ئەگكەنلىكىنى، يېرىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرەتتىڭ،... » ( 21 ) دېيىش ئارقىلىق، ئىنسانغا: « ئى ئىنسان! سەن تاغدىن ۋە تاشتىنمۇ بەك ھېسسىزمۇ؟ » دېيىلمەكتە:

وَلَا تَكُونُوا كَالَّذِينَ نَسُوا اللَّهَ فَأَنْسَاهُمْ أَنْفُسَهُمْ أُولَئِكَ هُمُ الْفَاسِقُونَ (19) لَا يَسْتَوِي أَصْحَابُ النَّارِ وَأَصْحَابُ الْجَنَّةِ أَصْحَابُ الْجَنَّةِ هُمُ الْفَائِزُونَ (20) لَوْ أَنْزَلْنَا هَذَا الْقُرْآنَ عَلَى جَبَلٍ لَرَأَيْتَهُ خَاشِعًا مُتَصَدِّعًا مِنْ خَشْيَةِ اللَّهِ وَتِلْكَ الْأَمْثَالُ نَضْرِبُهَا لِلنَّاسِ لَعَلَّهُمْ يَتَفَكَّرُونَ (21)

« سىلەر اﷲ نى ئۇنتۇغان، شۇنىڭ بىلەن اﷲ ئۇلارغا ئۆزلىرىنى ئۇنتۇلدۇرغان مەسئۇلىيەتسىز كىشىلەردەك بولماڭلار، ئەنە شۇلار پاسىقلاردۇر / توغرا يولدىن ئازغانلاردۇر. ئەھلى دوزاخ بىلەن ئەھلى جەننەت (قىيامەت كۈنى) باراۋەر بولمايدۇ، ئەھلى جەننەت بولسا نىجادلىققا ئېرىشكۈچىلەردۇر. ئەگەر بىز قۇرئاننى بىرەر تاغقا نازىل قىلساق چوقۇم سەن ئۇنىڭ اﷲ تىن قورققانلىقتىن باش ئەگكەنلىكىنى، يېرىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرەتتىڭ، بىز بۇ مىساللارنى كىشىلەرگە ئۇلار ئۇستىدە پىكىر قىلسۇن دەپ بايان قىلىمىز » ( 19 - 21 ).

ۋەھيىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى ئاللاھ نىڭ ئۆز زاتى ھەققىدە سۆز قىلغان بۆلەكلىرىدۇر. بۇ سۈرىنىڭ ئاخىرقى ئۈچ ئايىتى مانا بۇ يۇقىرى پەللىلەردىن بىرسى:

هُوَ اللَّهُ الَّذِي لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ عَالِمُ الْغَيْبِ وَالشَّهَادَةِ هُوَ الرَّحْمَنُ الرَّحِيمُ (22) هُوَ اللَّهُ الَّذِي لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ الْمَلِكُ الْقُدُّوسُ السَّلَامُ الْمُؤْمِنُ الْمُهَيْمِنُ الْعَزِيزُ الْجَبَّارُ الْمُتَكَبِّرُ سُبْحَانَ اللَّهِ عَمَّا يُشْرِكُونَ (23) هُوَ اللَّهُ الْخَالِقُ الْبَارِئُ الْمُصَوِّرُ لَهُ الْأَسْمَاءُ الْحُسْنَى يُسَبِّحُ لَهُ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَهُوَ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ (24)

« اﷲ تىن باشقا ھېچ مەبۇد ( بەرھەق ) يوقتۇر، ئۇ يوشۇرۇننى، ئاشكارىنى بىلگۈچىدۇر، ئۇ ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر ( يەنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ) كەڭ رەھمەت ئىگىسىدۇر. اﷲ تىن باشقا ھېچ مەبۇد ( بەرھەق ) يوقتۇر، ئۇ ( مۇتلەق ) پادىشاھتۇر ( يەنى پۈتۈن مەخلۇقاتنىڭ مالىكىدۇر )، پاكتۇر ( يەنى ھەممە نۇقساندىن پاكتۇر )، ( مۇئمىنلەرگە ) سالامەتلىك بېغىشلىغۇچىدۇر، ( دوستلارنى قورقۇنچتىن، ئازابتىن ) ئەمىن قىلغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر، غالىبتۇر، قەھر قىلغۇچىدۇر، ئۇلۇغلۇق ئىگىسىدۇر، ( مۇشرىكلارنىڭ ) شېرىك كەلتۇرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر. اﷲ ( ھەممىنى ) ياراتقۇچىدۇر، ( يوقلۇقتىن ) پەيدا قىلغۇچىدۇر، ( ھەممە نەرسىگە ) سۈرەت ( شەكىل ) بېغىشلىغۇچىدۇر، ئەڭ چىرايلىق ئىسىملارغا ئىگىدۇر، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەر ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ، ئۇ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر » ( 22 - 24 ).

رەسۇلۇللاھ ئاللاھ نى تونۇشتۇرغان بۇ ئايەتلەرنى ھەر كۈنى سەھەردە ئوقۇشنى، يەنى مۇئمىننىڭ ھەر كۈننىڭ بىرىنچى كۈنتەرتىپىنىڭ ئاللاھ بولۇشىنى ( ئوقۇشتىن مەقسەت بۇ ) تەۋسىيە قىلغان ( تىرمىزى ). بۇ تەۋسىيەدە، بۇ ئايەتلەرگە باشلىغاندا ئىستىئازە ( ئەئۇزۇ... ) ئوقۇشمۇ يەر ئالىدۇ. بۇ، زېھنىگە تاھارەت ئالدۇرۇش، بولۇپمۇ مۇتلەق ھەقىقەت بولغان ئاللاھ ھەققىدە تەپەككۇر قىلغاندا، ئاللاھ قا سېغىنىش تەۋسىيەسىدۇر. بۇنىڭ مەقستى ناھايىتى ئېنىق: ئىنسان ئەقلى مۇتلەق زات بولغان ئاللاھ نى تەسەۋۋۇر قىلىشتىن ئاجىز بولغانلىقتىن، ئاللاھ نى ئەسما ۋە سۈپەتلىرى بىلەن بىلىش، تونۇش ۋە چۈشىنىشنى تەۋسىيە قىلماقتا. بۇ سەۋەبتىن مەزكۇر ئايەتلەردە ئاللاھ نى بىلىش، تونۇش ۋە چۈشىنىشىمىزگە ۋەسىلە بولىدىغان 16 ئىسىم - سۈپەت تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن.

بۇ ئايەتلەر قۇرئاندا ئەڭ كۆپ ئىلاھىي ئەسما ئارقا - ئارقىدىن تىلغا ئېلىنغان ئايەتلەر بولۇپ، بۇ ئارقىلىق « دۇنيا پانى، ئاللاھ باقىي » دېيمەكتە.

# مۇنافىقۇن سۈرىسى

سۈرە مەزمۇنىغا ئاساسەن « ئىككى يۈزلىمچى كىشلەر / مۇناپىقلار » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان « مۇنافىقۇن » كەلىمىسى بىلەن ئاتالغان.

سۈرىدە ھەر دەۋر ۋە ماكاندا ئۇچراپ تۇرىدىغان ئىككى يۈزلىمچى شەخسلەرنىڭ روھى - ھالىتى ئانالىز قىلىنغان بولۇپ، تۇنجى نەسل تەرىپىدىن بۇ ئىسىم بىلەن ئاتالغان.

سۈرە مەدىنىدە نازىل بولغان بولۇپ، تەبۇك غازىتى جەريانىدا نازىل بولغانلىقى ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنى ۋەقە تەستىقلىمايدۇ. چۈنكى بۇ غازات ئېلىپ بېرىلغان ھىجرى 9 - يىلىدا مەدىنىدە مۇناپىقلار نوپۇزىنى يوقاتقاندى. سىيەر ۋە تەپسىر ساھەسىدىكى نوپۇزلۇق شەخسلەرنىڭ بايانىغا قارىغاندا مۇناپىقلارنىڭ كاتتىۋېشى ئىبنى ئۇبەيگە ئائىت بولغان 8 - ئايەتتىكى سۆزنى بەنى مۇستالىقتا ئېلىپ بارغان غازاتتا دېگەنىدى. ئۇ مۇنداق دېگەنىدى: « مەدىنىگە / شەھەرگە قايتساق، ئەڭ ئەزىز ئادەم ( يەنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ۋە مۇناپىقلارنىڭ ئۆزلىرىنى دېمەكچى ) ئەڭ خار ئادەمنى ( يەنى رەسۇلۇللاھنى، مۇئمىنلەرنى دېمەكچى ) مەدىنىدىن چىقىرىۋېتىدۇ » ( 8 ). ۋەقەلىك بۇنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى تەستىقلىماقتا.

بۇنىڭغا ئاساسەن سۈرىنىڭ ھىجرى 5 - يىلىدا نازىل بولغانلىقى مەلۇم بولماقتا. سۈرىنى نىسا سۈرىسىنىڭ ئالدىغا تىزىشقا بولىدۇ.

سۈرىنىڭ نازىل بولۇشىغا سەۋەب بولغان ۋەقەلىك تۆۋەندىكىچە:

بەنى مۇستالىق غازىتى جەريانىدا ئەنسارلاردىن بىر كىشى بىلەن مۇھاجىرلاردىن بىر كىشى ئارىسىدا سۇ نۆۋىتى سەۋەبىدىن غەۋغا چىقىدۇ. مۇناپىقلارنىڭ كاتتىۋېشى ئابدۇللاھ بىن ئۇبەي بىن سەلۇل بۇ غەۋغانى رەزىل غەرىزى ئۈچۈن تېپىلغۇسىز پۇرسەت دەپ قاراپ، بۇ جېدەلنى سۈيئىستىمال قىلىپ ئەنسار تەرەپتە تۇرىدۇ. ئۇ مۇھاجىرلارغا بولغان نارازىلىقىنى ئىپادىلەيدۇ ۋە مەدىنىگە قايتىپ بارغاندا « شەھەرنىڭ ئەڭ ئەزىز ئادىمى ئەڭ خار ئادەمنى چىقىرىۋېتىدىغانلىقىنى » ئېيتىدۇ.

بۇ خەۋەر رەسۇلۇللاھقا يەتكەندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھ ئۇنى چاقىرتىپ سۆزنىڭ ئەسلىنى ئۇنىڭدىن سورايدۇ، لېكىن ئۇ ئىنكار قىلىدۇ. ۋەھىي ئۇنىڭ يالغانچىلىقىنى پاش قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا رەسۇلۇللاھتىن كەچۈرۈم سوراش تەكلىپى بېرىلىدۇ، ئەمما ئۇ قوبۇل قىلمايدۇ ( ئىبنى كەسىر ). نىفاق- ئىمانغا سەل قاراش، « ئىمان ئەخلاقىدىن » مەھرۇم بولۇشتۇر. بۇ تەرىپى نەزەردە تۇتۇلغاندا، مۇناپىقلىق بىر ئەقىدە مەسىلىسى بولۇشتىن زىيادە بىر ئەخلاق مەسىلىسىدۇر. بۇنىڭ تەكتىدە توغرا بولمىغان ئاللاھ تەسەۋۋۇرى ۋە ئاخىرەتكە ئىشەنمەسلىك چۈشەنچىسى ياتىدۇ. قۇرئان ئىنسانلارنى ئېتىقاد نۇقتىسىدىن مۇئمىن، كاپىر ۋە مۇناپىقتىن ئىبارەت ئۈچ تۈرگە ئايرىيدۇ. مۇناپىق تاشقىي كۆرۈنۈشى جەھەتتىن مۇئمىنگە، ئىچكى دۇنياسى نۇقتىسىدىن كاپىرغا ئوخشايدۇ. تاشقىي كۆرۈنۈشىنىڭ مۇئمىنگە ئوخشاش بولۇشى بىراۋنى مۇئمىن قىلىشقا كۇپايە قىلمايدۇ. ئەمما، نىفاقى بىراۋنى كاپىردىنمۇ خەتەرلىك ھالغا كەلتۈرۈشكە يېتىپ ئاشىدۇ.

سۈرە بىر شەخسىيەتنىڭ پارچىلىنىشىغا بولغان نىفاقنى تارىخىي ئۆرنەكلەر ۋە شەخسلەر ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ ئۆتىدۇ. ئۇلار ئىشەندۈق دېگەندە يالغان ئېيتقانىدى، ھەتتا يالغاندىن قەسەم قىلماقتا:

إِذَا جَاءَكَ الْمُنَافِقُونَ قَالُوا نَشْهَدُ إِنَّكَ لَرَسُولُ اللَّهِ وَاللَّهُ يَعْلَمُ إِنَّكَ لَرَسُولُهُ وَاللَّهُ يَشْهَدُ إِنَّ الْمُنَافِقِينَ لَكَاذِبُونَ (1) اتَّخَذُوا أَيْمَانَهُمْ جُنَّةً فَصَدُّوا عَنْ سَبِيلِ اللَّهِ إِنَّهُمْ سَاءَ مَا كَانُوا يَعْمَلُونَ (2)

مۇناپىقلار سېنىڭ ئالدىڭغا كەلگەن چاغدا: « گۇۋاھلىق بېرىمىزكى سەن ھەقىقەتەن اﷲ نىڭ ئەلچىسىدۇرسەن » دەيدۇ، سېنىڭ ھەقىقەتەن اﷲ نىڭ ئەلچىسى/ رەسۇلى ئىكەنلىكىڭنى اﷲ بىلىدۇ، اﷲ

گۇۋاھلىق بېرىدۇكى، مۇناپىقلار ھەقىقەتەن يالغانچىلاردۇر. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يالغان قەسەملىرىنى قالقان قىلىۋالدى، بۇ ئارقىلىق اﷲ نىڭ يولىدىن ئازدۇردى، ئۇلارنىڭ قىلمىشى نېمىدېگەن يامان! ( 1 - 2 ).
نىفاقنى ئۆزىگە سىڭدۈرىۋالغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قەلبلىرى مۆھۈرلەنگەن ( 3 ). ئۇلار تاشقى كۆرۈنۈش ۋە كىيىنىشدىن تارتىپ ھەممە تەرىپىنى ئالدامچىلىق ئاساسىغا قۇرغان بولۇپ، قۇرئاننىڭ بۇلار ھەققىدىكى ئوخشىتىشى كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ:
« گويا ئۇلار تامغا يۆلەپ قويۇلغان ( چىرىپ قالغان ) ياغاچلاردۇر » ( 4 ).
ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگۈچى ئاللاھ رەسۇلى بولغان تەقدىردىمۇ، مۇناپىقلار ھەرگىزمۇ ئاللاھ نىڭ ئەپۇسىغا نائىل بولالمايدۇ ( 6 ).
سۈرىنىڭ ئاخىرقى بۆلىكى ئىنفاق بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، دەماللىققا ئىنفاق بىلەن نىفاق ئارىسىدا بىر مۇناسىۋەت يوقتەك تۇيۇلسىمۇ، ھەم تىل ھەم ماھىيەت جەھەتتىن بىر - بىرى بىلەن مۇناسىۋىتى بار. بۇ مۇناسىۋەت قارىمۇقارشىلىقنىڭ مۇناسىۋىتى بولۇپ، نىفاق ئىككى يۈزلىمىچىلىكتۇر. ئىككى يۈزلىمچى بولغانلارنىڭ بىرلا دۇنياسى بولىدۇ. ئىنفاق ئىككى دۇنيالىق بىر ئىماننىڭ ئەسەرىدۇر:
يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تُلْهِكُمْ أَمْوَالُكُمْ وَلَا أَوْلَادُكُمْ عَنْ ذِكْرِ اللَّهِ وَمَنْ يَفْعَلْ ذَلِكَ فَأُولَئِكَ هُمُ الْخَاسِرُونَ (9) وَأَنْفِقُوا مِنْ مَا رَزَقْنَاكُمْ مِنْ قَبْلِ أَنْ يَأْتِيَ أَحَدَكُمُ الْمَوْتُ فَيَقُولَ رَبِّ لَوْلَا أَخَّرْتَنِي إِلَى أَجَلٍ قَرِيبٍ فَأَصَّدَّقَ وَأَكُنْ مِنَ الصَّالِحِينَ (10)
ئى مۇئمىنلەر! ماللىرىڭلار ۋە بالىلىرىڭلار سىلەرنى اﷲ نىڭ زىكرىدىن ( يەنى اﷲ نىڭ تائەت ـ ئىبادىتىدىن ) غەپلەتتە قالدۇرمىسۇن، كىملەركى شۇنداق قىلىدىكەن، ئۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر. بىرىڭلارغا ئۆلۈم كېلىپ: « رەببىم! نېمىشقا مېنى ( يەنى ئەجىلىمنى ) بىر ئاز كېچىكتۈرمىدىڭ، سەدىقە قىلىپ ياخشىلاردىن بولار ئىدىم » دېيىشتىن بۇرۇن، ئۆزۈڭلارغا رىزىق قىلىپ بېرىلگەن نەرسىلەرنى سەدىقە / ئىنفاق قىلىڭلار ( 9 - 10 ).
نەتىجە: ئىنفاق نىفاقنىڭ ۋاكسىنىسىدۇر.

## نىسا سۈرىسى

بۇ سۈرە سۈرىنىڭ بېشىدا ئورۇن ئالغان خانىم - قىزلارنىڭ ھەق - ھوقۇقى ۋە مەسئۇلىيىتىنى بايان قىلغان ئايەتلەرگە ئاساسەن « ئائىلىلەر » مەنىسىدىكى « نىسا » كەلىمىسى بىلەن ئاتالغان.
سۈرە ساھابىلەر مەزگىلىدىلا بۇ ئىسىم بىلەن ئاتالغان بولۇپ، « قىسقا نىسا سۈرىسى » دەپ ئاتالغان تالاق سۈرىسىدىن ئايرىش مەقسىتىدە « ئۇزۇن نىسا سۈرىسى » دەپ ئاتىغانلارمۇ بولغان ( بەسائىر ).
ئائىلىلەرنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنمايدىغان بىر جەمئىيەتتە، خانىم - قىزلارنىڭ ھەق - ھوقوقى ۋە مەسئۇلىيىتى ھەققىدە توختالغان بىر سۈرىنىڭ بولۇشى قۇرئان ۋۇجۇدقا چىقارغان ئىجتىمائىي ئىسلاھاتلاردىن بىرىسىدۇر. قۇرئان خانىم - قىزلارغا بىر سۈرە ئايرىغان. بۈنى كۈنىمىز زامانىۋىلىقىدىكىدەك « ئايال » بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى « ئىنسان » بولغانلىقى ئۈچۈن قىلغان. بۇ مەقسەت سۈرىنىڭ تۇنجى ئايىتىدىلا « ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىر مەۋجۇدىيەتتىن ياراتقان، ئۇنىڭدىن (يەنى ئۆز جىنسىدىن) ئۇنىڭ جۈپتىنى ياراتقان ۋە ئۇلاردىن نۇرغۇن ئەر ـ ئائىلىلەرنى ياراتقان... » دېيىش ئارقىلىق بايان قىلغان. بۇ ئارقىلىق قۇرئان ئاساس قىلغان پرىنسىپنىڭ ئەركەكلىك ياكى ئائىللىق ئەمەس، بەلكى « ئادىمىيلىك » ئىكەنلىكىنى، ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئورتاق مەنپەئەتنىڭ ھەر دائىم ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلۇشى كېرەك ئىكەنلىكىنى، ھاياتنىڭ بۇ ئورتاق مەنپەئەتى ئۈستىدە بەرپا قىلىنىشى

كېرەكلىكنى، جىنسىيەت پەرقىنىڭ ئايرىمچىلىققا سەۋەب بولماسلىقىنى، ئۇنىڭ فىترى بىر ۋەزىپە تەقسىماتى ئىكەنلىكىنى ئىما قىلماقتا.

سۈرە مەدىنىدە نازىل بولغان بولۇپ، بۇنىڭدا شۈبھە يوق. ھەزرىتى ئوسمانغا نىسبەت قىلىنغان تەرتىپتە ئەنفال – ئەھزاپ، ئىبن ئابباسقا نىسبەت قىلىنغان تەرتىپتە ئەنفال - ھەشر، يەنى 86 – ئورۇنغا، يەنە ئىبن ئابباسقا نىسبەت قىلىنغان باشقا بىر تەرتىپتە مۇمتەھىنە سۈرىسىنىڭ ئارقىسىغا تىزىلغان. ئىبن ئابباس مەدىنىدە نازىل بولغان سۈرىلەرنى بەقەرە، ئەنفال، ئالئىمران، ئەھزاپ، مۇمتەھىنە ۋە نىسا سۈرىسى شەكلىدە تىزغان. ئىمام جافەرگە نىسبەت قىلىنغان تەرتىپتە ئەنفال - ئەھزاپ سۈرىسى ئارىسىغا، 88 - ئورۇنغا تىزىلغان.

يۇقىرىدىكى مەلۇماتلاردىن مەلۇم بولغاندەك، بۇ ئۈچ تەرتىپتە سۈرىنىڭ ئورنى پەرقلىق. بىزنىڭچە ئەڭ مۇۋاپىق يەر مۇنافىقۇن - مۇجادىلە سۈرىسىنىڭ ئارىسىدۇر. چۈنكى نىسا سۈرىسى خەندەك ئۇرۇشىدىن كېيىنلا نازىل بولۇشقا باشلىغان بولسا كېرەك. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا بۇ تارىخ ھىجرى 4 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ. ئەگەر يېتىملارنىڭ مال - مۈلكى ھەققىدىكى 2 - ئايەت ئۇھۇد يېتىملىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا، سۈرىنىڭ نازىل بولۇش ۋاقتى 4 - يىلىنىڭ بېشىدا ھەتتا 3 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا نازىل بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر 2 - ئايەتتىكى يېتىملار بەزى رىۋايەتلەردە بايان قىلىنغاندەك غەتافانلىق ( مۇشرىك ئەرەب قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئىسمى ) بىر ئادەمنىڭ جىيەنىدىن قالغان يېتىملىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا، سۈرىنى خەندەك ئۇرۇشى بولغان ھىجرى 5 - يىلىدا نازىل بولۇشقا باشلىغان دېيىشكە بولىدۇ. غەتافانلىقلار ئەڭ بالدۇر بولغاندا خەندەك ئۇرۇشىدىن كېيىن مۇسۇلمان بولغان ئىدى.

ئاجىز بىر ئېھتىماللىق نەزەردە تۇتۇلغاندا، سۈرىنىڭ باش قىسمىنىڭ ھىجرى 6 - يىلدىكى ھۇدەيبىيە سۈلھىسىدىن كېيىن نازىل بولغان دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ئالئىمراندىن كېيىن نازىل بولغانلىقى ئېنىق. چۈنكى « تەيەممۇم ئايىتى » دېيىلگەن 43 - ئايەت ھىجرى 5 - يىلدىكى مۇرەيسى غازىتىدىن كېيىن نازىل بولغان.

سۈرىنىڭ تاماملىنىشى ئەڭ بالدۇر بولغاندا ھىجرى 7 - يىلغا توغرا كېلىدۇ. ھەتتا ئامانەتنى ئەھلىگە قايتۇرۇش ھەققىدىكى ( 58 )، ئۇرۇشنى كۆڭلى تارتمىغانلارنى ئاگاھلاندۇرغان ( 75 ) ۋە قەلالە ئايەتلىرىنىڭ ( 176 ) نازىل بولۇش سەۋەبى نەزەرگە ئېلىنغاندا، سۈرىنىڭ ھىجرى 8 - يىلغىچە داۋام قىلغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. ئامانەتنى ئەھلىگە تاپشۇرۇشقا بۇيرىغان 58 - ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى سۈپىتىدە كۆرسىتىلگەن ۋەقە مەككىنىڭ فەتھى جەريانىدا رەسۇلۇللاھنىڭ كەئبىنىڭ ئىچىگە كىرمەكچى بولۇشى سەۋەبىدىن يۈزبەرگەن. بەزىلەر قەلالە ئايىتىنى قۇرئاندا ئەڭ ئاخىرقى قېتىمدا نازىل بولغان ئايەت دەپ ئېلان قىلىشى سۈرىنىڭ تاماملىنىشىنى رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپاتىغىچە ئېلىپ بارىدۇ. لېكىن قەلالە ئايىتى مۇتلەق مەنىدە ئەڭ ئاخىرقى قېتىم نازىل بولغان ئايەت ئەمەس، ئەڭ ئاخىرقى قېتىم نازىل بولغان ئەھكام ئايەتلىرىدىن بىرسى دەپ قاراش تېخىمۇ مۇۋاپىق.

سۈرە بىر پۈتۈن گەۋدە ھالىتىدە تۆۋەندىكىدەك بەش ئاساسلىق ئامانەتنى مۇھاپىزەت قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ:

1. جان
2. ئەقىل
3. دىن
4. نەسىل / ئەۋلاد
5. مال - مۈلۈك

سۈرىنىڭ ئانا تېمىسىنى ئادالەت ۋە قانۇن تەشكىل قىلماقتا. قانۇن ئاساسىنىڭ « ئىنسانىيەت »نىڭ ئورتاق مەنپەئەتى ۋە مەسئۇلىيەت ئەخلاقى ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن ئايەت بىلەن سۈرە باشلانغان. بۇ ئايەت مۇھاتابلىرىنى ئاللاھ ئالدىدا مەسئۇلىيەتچان بولۇشقا چاقىرىش بىلەن بىرگە، كىشىنىڭ دىققەت نەزىرىنى ھەم ئىنسانىيەتنىڭ ھەم مەرھەمەتنىڭ سىمۋولى بولغان « رەھىم ( بالاياتقۇ )داشلىق »قا ئاغدۇرىدۇ.

يَا أَيُّهَا النَّاسُ اتَّقُوا رَبَّكُمُ الَّذِي خَلَقَكُمْ مِنْ نَفْسٍ وَاحِدَةٍ وَخَلَقَ مِنْهَا زَوْجَهَا وَبَثَّ مِنْهُمَا رِجَالًا كَثِيرًا وَنِسَاءً وَاتَّقُوا اللَّهَ الَّذِي تَسَاءَلُونَ بِهِ وَالْأَرْحَامَ إِنَّ اللَّهَ كَانَ عَلَيْكُمْ رَقِيبًا

« ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىر مەۋجۇدىيەتتىن ياراتقان، ئۇنىڭدىن ( يەنى ئۆز جىنسىدىن ) ئۇنىڭ جۈپتىنى ياراتقان ۋە ئۇلاردىن نۇرغۇن ئەر ـ ئاياللارنى ياراتقان رەببىڭلار ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىڭلارنى ئۇنتۇماڭلار. بىر ـ بىرىڭلاردىن نەرسە سورىغاندا نامى بىلەن سورايدىغان اﷲ ۋە بۇ ئىنسانلىق رىشتىڭلار ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىڭلارنى ئۇنتۇشتىن ساقلىنىڭلار. اﷲ ھەقىقەتەن سىلەرنى ( يەنى پۈتۈن ئەھۋالىڭلارنى ) كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر » ( 1 ).

ئاندىن كېيىن ئائىلە ھەق - ھوقۇقنى چۆرىدىگەن ھالدا يېتىملارنىڭ ھەققىگە رىئايە قىلىشقا بۇيرۇلغان ئايەتلەر بايان قىلىنغان ( 2 - 7 ). خاس ھالدا يېتىملار، ئومۇمىي جەھەتتىن « ئىگە - چاقىسىزلار » مەسىلىسى ھەر قانداق بىر جەمئىيەتنىڭ قاناۋاتقان يارىسىدۇر. يېتىملار دېيىلگەندە، ئۇقۇم جەھەتتىن بۇ دائىرىگە تۇللار ۋە جەمئىيەتتىكى باشقا ئىگە - چاقىسىزلارمۇ كىرىدۇ. يېتىملار مەسىلىسىنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى سەۋەبلەردىن بىرسى ئۇرۇش بولۇپ، بۇ ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇشىغا سەۋەب بولغان دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشىدە ئارقا - ئارقىدىن يۈز بەرگەن ئۇرۇشلار ۋە ئۇنىڭدىن قالغان يارىلار ياتماقتا. ئۇرۇشنىڭ سەلبىي تەسىرىگە ئۇچرىغۇچىلار ئاساسەن باللار ۋە ئاياللار بولۇپ، ئەگەر ئاياللار بالا - چاقىلىق بولغانلار بولسا، دەردى ئىككى قات ئېغىر بولماقتا. بالا - چاقىلىق ئانىلار ۋە ئاتىسىدىن ئايرىلىپ قالغان يېتىم قىزلارنىڭ ھەق - ھوقۇقنى قانداق قوغداش مەسىلىسى ھەر ئۇرۇشتىن كېيىن بىر تەرەپ قىلىنىشى زۆرۈر بولغان بىرىنچى دەرىجىلىك مەسىلىدۇر. ئەگەر بۇ مەسىلە مۇۋاپىق شەكىلدە بىر تەرەپ قىلىنمىسا، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي چىرىكلىشىشتىن ئەخلاقى بۇزۇقچىلىققا، ھەق - ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىدىن مىراس مەسىلىسىگىچە بىر قاتار مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقى ئېنىق. قۇرئان خاس ھالدا يېتىملار، ئومۇمىي جەھەتتىن ھىمايە قىلىنىشقا ۋە يار - يۆلەك بولۇشقا مۇھتاج بولغان، ئۇرۇشنىڭ تالاپىتىگە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش تەدبىرلىرىنى كۆرسەتمەكتە. بۇلاردىن بىرسى 3 - ئايەتتە بايان قىلىنغان « كۆپ ئاياللىق بولۇش » مەسىلىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك تەدبىردۇر. مەيلى قانداق بىر ھاكىمىيەت تەرىپىدىن بېكىتىلگەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەر بىر قانۇنى ھەق - ھوقوق تەدبىرلىرىنىڭ يوللۇق بولۇشى بىر تەرەپنىڭ مەنپەئەتىنى نەزەردە تۇتمايدۇ. چۈنكى ھەر قانداق ھەق - ھوقۇق مەسىلىسى ئۆزىنىڭ ئېتىراپ قىلىنىشىنى ئۇ قانۇننى ئىجرا قىلىدىغان ئىنسانلارنىڭ ۋىجدانىدىن ئالىدۇ. شۇڭا قۇرئان ھەر بىر ھەق - ھوقۇق مەسىلىسىدە بىر بەلگىلىمە بېكىتكەندىن كېيىنلا ئىنساننىڭ ۋىجدانىغا خىتاب قىلىدۇ. مانا بۇ سەۋەبتىن، 3 - ئايەتنىڭ ئاخىرىدىمۇ مۇھاتابلارنى ئاللاھ ئالدىدا مەسئۇلىيەتچان بولۇشقا چاقىرغان ۋە ئاللاھ نىڭ دائىم ئىنساننى نازارەت قىلىپ تۇرىدىغانلىقى ئەسلىتىلگەن.

« يېتىملار مەسىلىسى قۇرئاندا مۇشۇنداق مۇھىم مەسىلە قاتارىدىن ئورۇن ئالغان. ئۇنداقتا فىقھىتا " بوۋا يېتىمى " دەپ ئاتالغان ۋە ۋاپات بولغۇچىنىڭ ئۇنىڭدىن بۇرۇن ۋاپات بولغان بالىسىنىڭ يېتىملىرىغا ( يەنى مىراس ئىگىسىنىڭ يېتىم ۋە ئىگە - چاقىسىز نەۋرىلىرىگە ) نېمە ئۈچۈن مىراستىن نېسىۋە بېرىلمىگەن؟ » سوئالى كىشىنىڭ ئەقلىگە كېلىشى مۇمكىن. شۇنداق، مىراس نىسبىتى بايان قىلىنغان 11 ۋە 12 - ئايەتلەردە تىلغا ئېلىنغانلار ئارىسىدا يېتىملار يوق. بۇ ئايەتلەر يېتىملارنىڭ زىيىنىغا ئەمەس، ئەكسىچە پايدىسىغا بولۇپ، 8 - ئايەتتە مىراس تەقسىملەشتە يېتىملارغا بىر نېسىۋە بېرىشكە بۇيرۇلغان. بىراق قانچە ئۈلۈش ئالىدىغانلىقى بەلگىلەنمىگەن. مىراستىن بېرىلىدىغان ھەققىنىڭ ئېنىق بەلگىلەنمىگەنلىكى يېتىملارنىڭ زىيىنىغا ئىشلىتىلمەسلىكى كېرەك. چۈنكى مىراستىن ئالىدىغان مىقدارنى بەلگىلەيدىغان ئايەتلەر 11 ۋە 12 – ئايەتتۇر. 8 - ئايەت يېتىملارغا نېسىۋە بېرىشكە بۇيرۇيدۇ. يەنى بۇ، يېتىملار مىراستىن ھەققى بەلگىلەنگەنلەردىن ئالدىنقى ئورۇندا دېگەنلىكتۇر. چۈنكى مىراس بۆلۈنگەندىن كېيىن ھېچنەرسە قالمايدۇ. شۇڭا يېتىملارغا مىراستىن ھەق بېرىلىدىغان بولسا، مىراس تەقسىم قىلىنىشتىن بۇرۇن بېرىلىدۇ. مىقدارىنىڭ بەلگىلەنمىگەن بولۇشى، يېتىملارنىڭ زىيىنىغا سۇيىئىستىمال قىلىنماسلىقى لازىم. ئەنئەنىۋىي چۈشەنچىدە مەسىلىگە بۇ نۇقتىدىن قارىمىغان بولسا، بۇ

قۇرئاننىڭ مەسلىسى ئەمەس، بەلكى ئەنئەننىڭ مەسلىسىدۇر. قۇرئان پەقەت كېلەچەكنىلا ئەمەس، ئەنئەننىمۇ يېڭىدىن شەكىللەندۇرگۈچىدۇر.

فىقھ ئىلمىدە مىراس تەقسىماتى « فەرائىز »، مىراس ئايەتلىرى « فەرائىز ئايەتلىرى » دەپ ئاتالغان ۋە بۇ ئىسىم بىلەن مەشھۇر بولغان. بۇ نۇقتىدا شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، كۆرۈنۈشتە مىراس ۋە ۋەسىيەت بەلگىلىمىسى تىلغا ئېلىنغان 7 - 21 - ئايەتلەر ئارىسىدىكى بۆلەكنىڭ ئاساسلىق تېمىسى « مىراس » ئەمەس، بەلكى « ئايال »نىڭ ھەققىدۇر. بولۇپمۇ 7 - 10 - ئايەتلەر ئايال كىشىنىڭ ھەققىنى بايان قىلىدۇ ۋە بۇ ھەققىنى دەپسەندە قىلغۇچىلارنى قورقۇنچلۇق ئاقىۋەت بىلەن ئاگاھلاندۇرىدۇ:

إِنَّ الَّذِينَ يَأْكُلُونَ أَمْوَالَ الْيَتَامَى ظُلْمًا إِنَّمَا يَأْكُلُونَ فِي بُطُونِهِمْ نَارًا وَسَيَصْلَوْنَ سَعِيرًا

« زۇلۇم قىلىپ يېتىملەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى ( ناھەق ) يەۋالىدىغانلار، شۈبھىسىزكى، قورسىقىغا ( قىيامەت كۈنى يېنىپ تۇرىدىغان ) ئوتنى يەۋالغان بولىدۇ، ئۇلار يېنىپ تۇرغان ئوتقا ( يەنى دوزاخقا ) كىرىدۇ » ( 10 ).

ئايەتتە ھەققى ھىمايە قىلىنغان « يېتىملار » بىلەن تۇل بولسۇن - بولمىسۇن ئاياللارنىڭ نەزەردە تۇتۇلغانلىقى مەلۇم بولماقتا. قۇرئاننىڭ بۇ مەسلىنى « مەخسۇس ئاياللار مەسلىسى » سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويماسلىقى ۋە بۇنداق ئايرىماسلىقنى ئايەت نازىل بولغان مەزگىلدىكى كىشىلەر ياشىغان دۇنيانىڭ، بۈگۈنكى « زامانىۋي دۇنيا » ئىنسانلىرىغا ئوخشاش جىنسىي كىملىكنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويغان دۇنيا بولمىغانلىقى بىلەن ئىزاھلاش مۇمكىن. بۇ ھەرگىزمۇ ئۇ كۈننىڭ دۇنياسىدا ئاياللارغا قارىتا ئايرىمچىلىق قىلىنمىغانلىقىنى بىلدۈرمەيدۇ، ئەلۋەتتە. شۇنداقتىمۇ، جاھىلىيەت ئىنسانلىرىدا بۇ ئايرىمچىلىققا قارىماستىن، قۇرئان نازىل بولغان مۇھىتتىكى ئىنسانلار زېھنىدە كۈنىمىز ئىنسانلىرىغا قارىغاندا جىنسىيەت ئايرىمچىلىقىنىڭ ئاز ئىكەنلىكى مەلۇم بولماقتا.

يۇقىرىدىكى ئايەتتىن كېيىن مىراس بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر كېلىدۇ ( 11 - 12 ). بۇ بۆلەكنىڭ ئاداققى غايىسى ۋە مەقسىتى مىراس نىسبىتىنى رەقەملىك شەكىلدە بەلگىلەشتىن زىيادە، ھەقسىزلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئادالەتنى بەرپا قىلىشتۇر. بۇ نىسبەتلەر ئىچىدە، ئۆز ۋاقتىدىكى جەمئىيەتتە بىر ئىسلاھات مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان بىر ئىجرائات باشلانغان. يەنى، ئايال كىشىگە ئەر كىشى ئالغان مىراسنىڭ يېرىمچىلىك مىراس ئېلىش ھەققى بېرىلگەن ( 11 ). ئايال كىشى مىراستىن نېسىۋە ئالالمىغان، قىز بوۋاقلار تىرىك كۆمۈۋېتىلگەن، ئۆلگەن ئاتىلىرىنىڭ ئاياللىرىمۇ ئوغۇللىرىغا مىراس قالغان، ئايال كىشىگە ئېلىپ - سېتىلىدىغان تاۋار كۆزى بىلەن قارايدىغان بىر دۇنيادا، ئايال كىشىگە مىراستىن نېسىۋە بېرىشنىڭ ئۆزى سىزچە ئىسلاھات بولماي نېمە؟ بۇ ھۆكۈمنى چۈشىنىپ يېتىشتىكى ئاچقۇچ، ۋەھيىنىڭ قانۇن تۈرغۇزۇش ئالاھىدىلىكىدۇر. ۋەھيي تەڭ بۆلۈشۈلگەن بىر مىراسنى ئىككىدەن بىرگە چۈشۈرۈپ قويمايدۇ، ئەكسىچە پەقەت بېرىلمىگەن مىراستىن ئاياللارغا ئۈلۈش ئايرىيدۇ. يەنى مۇھاتابلىرىغا بۇ نۇقتىدا رىئايە قىلىشى كېرەك بولغان بەلگىلىمىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ۋەھيىنىڭ بۇ ھۆكمىنىڭ سەۋەبى بارلىقىنى مەزكۇر سۈرىنىڭ 32 - ئايىتىدىن كۆرۈۋالالايمىز: « ئەرلەرنىڭ تاپاۋىتىدىن ئۆزىگە بىر ھەسسە باردۇر، ئاياللارنىڭمۇ تاپاۋىتىدىن ئۆزىگە بىر ھەسسە باردۇر ». ئۆز دەۋرىنىڭ ئىنسانلىرى مىراستىن ئاياللارغا ئۆزلىكىدىن ھەسسە بېرىدىغان ھالدا ئەمەس ئىدى. ئۇرۇش، تىجارەت ۋە مىراستىن تەشكىل تاپقان ئاساسلىق كىرىم ئەرلەرنىڭ ئىلكىدە بولۇپ، بۇنداق بىر جەمئىيەتتە ئاياللارنى مال - مۈلۈك ئىگىسى قىلىشنىڭ ھەق - ھوقۇق نۇقتىسىدىكى ئەھمىيىتىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ.

كۆزى، كۆڭلى ۋەياكى پۈتى تالادا بولغان ئۈي - ئوچاقلىق خانىملار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر يەنە مىراس دائىرىسى ئىچىدە تىلغا ئېلىنغان. چۈنكى، جەمئىيەتتە ئەڭ چوڭ ئىختىلاپلار مال - مۈلۈكنى بۆلۈشەلمەسلىك سەۋەبىدىن چىقماقتا. قان داۋالىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىمۇ بۇ مەسىلە سەۋەبىدىن چىقماقتا. مانا بۇ مەسىلىلەرنىڭ مەركىزىدە جەمئىيەتتە ئاجىز ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇلغان بىر گۇرۇپپىنىڭ ھەق - ھوقۇقى ھىمايە قىلىنغان. مەسىلەن، 19 - ئايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: « ئى مۇئمىنلەر! ئاياللارغا زورلۇق قىلىپ، ئۇلارنى مىراس قىلىپ ئېلىش ( يەنى بىر ئادەمنىڭ قولىدىن يەنە بىر ئادەمنىڭ قولىغا ئۆتۈپ تۇرىدىغان مال ئورنىدا

قىلىۋالماق ) سىلەرگە دۇرۇس بولمايدۇ ». شۇنداق، مۇشتۇمزور ئەرلەر كۆپىنچە ئەھۋالدا ئاياللارغا مىراسچى بولىۋالاتتى، ھەتتا ئايال كىشىنىڭ ۋۇجۇدىنى بىر مىراس دەپ چۈشىنەتتى.

ئاندىن ئائىلە قۇرۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر كېلىدۇ ( 22 - 42 ). بۇ بۆلەكتە ئۆز ئارا تويى قىلىش ھارام قىلىنغانلارنىڭ كىملەر ئىكەنلىكى تەپسىلى بايان قىلىنىدۇ ( 23 - 25 ). دىققەت قىلىدىغان بولساق، بۇ بۆلەكنىڭ تېمىسىمۇ ھەق - ھوقۇق بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. بۇ نۇقتىدا مۇنداق بىر سوئال ئەقلىمىزگە كېلىدۇ: ئاللاھ بۇ خىل بەلگىلىمىلەرنى نېمە ئۈچۈن ئىنسانلارنىڭ ئۆزىگە قويۇپ بەرمەي، ۋەھيي يولى بىلەن ئۆزى بەلگىلەيدۇ؟ بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى يەنە نىسا سۈرىسىنىڭ بۇ بۆلىكىدىن تاپىمىز. چۈنكى ئىنسانىنىڭ ھېس - تۇيغۇسىغا ئەسىر بولۇش ئېھتىمالى يۇقىرى. بۇ ئەھۋالدا بەلگىلىنىدىغان پرىنسىپ « بەندىگە قۇل بولۇش » پرىنسىپىدۇر. نەپسىگە، ھېس - تۇيغۇسىغا ۋە شەيئىلەرگە قۇل بولۇش بۇنىڭغا ئەگىشىپ كېلىدۇ. بۇنداق بىر قانۇنىي ئۆلچەم، تەدبىقلىغۇچى ۋە تەدبىقلانغۇچى ئىنسان ئۈچۈنمۇ يوقتۇر. تۆۋەندىكى ئايەتلەر بۇ ھەقىقەتنى بايان قىلىدۇ:

وَاللَّهُ يُرِيدُ أَنْ يَتُوبَ عَلَيْكُمْ وَيُرِيدُ الَّذِينَ يَتَّبِعُونَ الشَّهَوَاتِ أَنْ تَمِيلُوا مَيْلًا عَظِيمًا (27) يُرِيدُ اللَّهُ أَنْ يُخَفِّفَ عَنْكُمْ وَخُلِقَ الْإِنْسَانُ ضَعِيفًا (28)

« اﷲ سىلەرنىڭ تەۋبەڭلارنى قوبۇل قىلىشنى خالايدۇ، شەھۋەتلەرگە ئەگىشىدىغانلار سىلەرنى توغرا يولدىن چىقىرىۋېتىشنى ( ئۆزلىرىگە ئوخشاش فاجىر بولۇشۇڭلارنى ) خالايدۇ. اﷲ سىلەرنىڭ يۈكۈڭلارنى يېنىكلىتىشنى خالايدۇ. ئىنسان ( نەپسى خاھىشىغا خىلاپلىق قىلىشتىن ) ئاجىز يارىتىلدى » ( 27 - 28 ).

34 - ئايەت ئائىلىدە ساداقەتسىزلىك ۋە ئىپپەتسىزلىك بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر چىقىشالماسلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئادەتتىكى بىر چىقىشالماسلىقتا ئەقلىگە ئەڭ باشتا كېلىدىغان ئىش ئايالنى ئۇرۇش بولغان بىر جەمئىيەت ئەرلىرىگە بۇنىڭدىن باشقا تېخىمۇ ئىنسانىي ئۇسلۇب ۋە يوللارنىڭ بارلىقىنى ئەسلىتىدۇ.

سۈرىنىڭ بۇ يەرگىچە بولغان قىسمىدىكى مەقسەتنى مۇنداق ئىخچاملاشقا بولىدۇ: پاك بىر ئەقىدە، پاك بىر ئائىلە، پاك بىر شەخسىيەت، پاك بىر ئائىلە، پاك بىر مال - مۈلۈك ۋە پاك بىر جەمئىيەت بەرپا قىلىش. 43 - ئايەت بىلەن باشلىغان ۋە داۋام قىلغان بۆلەكلەرنىڭ ئاخىرقى مەقسىدىمۇ پاك بىر جەمئىيەت بەرپا قىلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر.

سۈرىدە ھاراق بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىككىنچى بىر بۆلەك ئورۇن ئالىدۇ ( 43 ). ناماز ھۆكۈملىرى ۋە تازىلىق ئەھكامى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرمۇ « تازىلىق » نىشانىنىڭ بىر پارچىسىدۇر. ئۇنىڭدىن كېيىن كىتاب ئەھلىنىڭ ئېزىپ كېتىشى تىلغا ئېلىنىدۇ ( 44 - 57 ). تۆۋەندىكى ئايەت بۇ سۈرىنىڭ سەرخىل ئايەتلىرىدىن بىرىسىدۇر:

إِنَّ اللَّهَ لَا يَغْفِرُ أَنْ يُشْرَكَ بِهِ وَيَغْفِرُ مَا دُونَ ذَلِكَ لِمَنْ يَشَاءُ وَمَنْ يُشْرِكْ بِاللَّهِ فَقَدِ افْتَرَى إِثْمًا عَظِيمًا

« اﷲ ھەقىقەتەن اﷲ قا شېرىك كەلتۈرۈش گۇناھىنى مەغپىرەت قىلمايدۇ. خالىغان ئادەمنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ. كىمكى اﷲ قا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، چوڭ گۇناھ قىلغان بولىدۇ » ( 48 ).

بۇ سۈرىدىمۇ يەھۇدىيلىشىش خەۋپىگە كىشىنىڭ دىققەت نەزىرىنى يەنە بىر قېتىم ئاغدۇرغان. چۈنكى ۋەھيىگە شاھىت بولغان ۋە يەتكۈزۈش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلغان بىر قەۋممۇ ئەسلى نىشانىدىن يىراقلىشىپ كېتىشى، بۇزۇلۇشى مۇمكىن. زېھىندە پەيدا بولغان « ۋەھيىدىن يىراقلىشىپ ئاداشقاندا قەۋم كىملەرگە ئوخشاپ قالىدۇ؟ » دېگەن سوئالغا، ۋەھيي « يەھۇدىيلەشكەن بەنى ئىسرائىل قەۋمگە ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ » دەپ جاۋاب بەرمەكتە.

سۈرىدە پاك بولغان ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بەلگىلىمىلەر بەلگىلەنگەن. بۇلار خىلمۇ - خىل بوران - چاپقۇنلار بىلەن تولغان ھايات ئۈچۈن چەكلىك ئۆرنەكلەردۇر. لېكىن

قۇرئان بىزگە بۇ ئۆرنەكلەرنى ئاساس قىلىپ، يېتىپ بارماقچى بولغان نىشان ئۈچۈن بوياپ مېڭىشىمىز كېرەك بولغان يولنى كۆرسىتىپ قويىدۇ، فورمىلا بېرىدۇ. بىر فورمىلا بىلەن مىڭ مەسىلىنى يەشكىلى بولىدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم بىر ھەقىقەتتۇر.

پاك بولغان ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى ئۈچۈن ياخشىلاردىن بولۇش كۇپايە قىلمايدۇ، ئاكتىپ ياخشىلاردىن بولۇش شەرت. قۇرئان پاسسىپ ياخشىلارنى ئاكتىپ ياخشىلاردىن بولۇشقا چاقىرىپ مۇنداق دەيدۇ:

الَّذِينَ آمَنُوا يُقَاتِلُونَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَالَّذِينَ كَفَرُوا يُقَاتِلُونَ فِي سَبِيلِ الطَّاغُوتِ فَقَاتِلُوا أَوْلِيَاءَ الشَّيْطَانِ إِنَّ كَيْدَ الشَّيْطَانِ كَانَ ضَعِيفًا

« مۆئمىنلەر اﷲ يولىدا جىھاد / پۈتۈن كۈچى بىلەن كۆرەش قىلىدۇ، كاپىرلار شەيتاننىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلىدۇ. شەيتاننىڭ دوستلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىڭلار. ئۇنتۇماڭلاركى، شەيتاننىڭ تەدبىرى ھەقىقەتەن ئاجىزدۇر » ( 76 ).

ۋەھىي، « ئاكتىپ ياخشىلارنىڭ ئاكتىپ يامانلىقنىڭ يامراپ كېتىشىنى توسۇشى ھايات بويىچە داۋام قىلىدىغان كۆرەشنىڭ مەقسەتلىرىدىن بىرسى » دەيدۇ ( 84 - 85 ). سۆز بۇ نۇقتىغا كەلگەندە ۋەھىي ياخشى ۋە يامانلار ھەققىدىكى قىڭغىر چۈشەنچىگە قارىتا تۈزىتىش بېرىدۇ:

مَا أَصَابَكَ مِنْ حَسَنَةٍ فَمِنَ اللَّهِ وَمَا أَصَابَكَ مِنْ سَيِّئَةٍ فَمِنْ نَفْسِكَ وَأَرْسَلْنَاكَ لِلنَّاسِ رَسُولًا وَكَفَى بِاللَّهِ شَهِيدًا

« ( ئى ئىنسان! ) ساڭا يەتكەن ياخشىلىق ( مەرھەمەت قىلىش يۈزىسىدىن ) اﷲ تەرىپىدىندۇر، ساڭا يەتكەن يامانلىق ( قىلمىشلىرىڭ تۈپەيلىدىن ) ئۆزۈڭدىندۇر.

( ئى مۇھەممەد! ) سېنى بىز ( پۈتۈن ) ئىنسانلارغا رەسۇل / ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتۇق، ( بۇنىڭغا بىر شاھىت كېرەك بولسا ) شاھىتلىققا اﷲ يېتەرلىكتۇر » ( 79 ).

ھەق - ھوقۇققا مۇناسىۋەتلىك بۆلەكلەرنىڭ ئاخىرقىسى شەرتسىز جىنايەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەر بولۇپ، 92 - 93 - ئايەتلەردە بۇ مەسىلە تىلغا ئېلىنغان. بۇ يەردە مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئوتتۇرىغا چىققان ئىختىلاپ ھەققىدىكى مەسىللەر تەرتىپ بىلەن بايان قىلىنغان.

ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن ئايەتلەر ئۇرۇش ئەخلاقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئاندىن يەنە پاسسىپ ياخشىلارنى ئاكتىپ ياخشىلاردىن بولۇشقا دەۋەت قىلغان ئايەتلەر كەلمەكتە. بۇلارنىڭ ئىچىدە كىشىنىڭ دىققىتىنى ئەڭ تارتىدىغان ئايەت ئاللاھ نىڭ ھەرگىزمۇ پاسسىپ ياخشىلارنى ئاكتىپ ياخشىلار بىلەن بىر ئورۇنغا قويمايدىغانلىقى ھەققىدىكى ئايەتتۇر:

لَا يَسْتَوِي الْقَاعِدُونَ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ غَيْرُ أُولِي الضَّرَرِ وَالْمُجَاهِدُونَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنْفُسِهِمْ فَضَّلَ اللَّهُ الْمُجَاهِدِينَ بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنْفُسِهِمْ عَلَى الْقَاعِدِينَ دَرَجَةً وَكُلًّا وَعَدَ اللَّهُ الْحُسْنَى وَفَضَّلَ اللَّهُ الْمُجَاهِدِينَ عَلَى الْقَاعِدِينَ أَجْرًا عَظِيمًا

« مۆئمىنلەردىن ئۆزرىسىز ( ئەما، توكۇر، كېسەلگە ئوخشاش ئۆزرىسى بارلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا ) جىھاد قىلمىغانلار اﷲ يولىدا ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىپ جىھاد قىلغۇچىلار بىلەن باراۋەر بولمايدۇ. اﷲ ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىپ جىھاد قىلغۇچىلارنى جىھاد قىلمىغانلاردىن بىر دەرىجە ئۈستۈن قىلدى. بۇ ئىككى خىل كىشىلەر ( يەنى ئۆزرىسى بولۇپ جىھاد قىلالمىغانلار ۋە جىھاد قىلغۇچىلار ) نىڭ ھەممىسىگە اﷲ جەننەتنى ۋەدە قىلدى. اﷲ جىھاد قىلغۇچىلارغا بۈيۈك ئەجىر ئاتا قىلىپ، ئۇلارنى ( ئۆزرىسىز تۇرۇپ جىھاد قىلمىغانلاردىن ئارتۇق ) قىلدى » ( 95 ).

بەزىدە ئۇرۇش شۇنداق مەجبۇرى بىر ھالغا كېلىپ قالىدىغان بولۇپ، بۇنداق ئەھۋالدا نامازنىڭمۇ يېرىمىنى ئۇرۇشقا بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. ئاكتىپ يامانلارنىڭ يامانلىقىنى توختىتىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان بۇ ئۇرۇش

نامازنىڭ بىر قىسمى بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. سۈرىنىڭ 101 ۋە 102 - ئايەتلىرى بۇ ھەقىقنى بايان قىلماقتا.

105 - ئايەت بىلەن باشلانغان بۆلەك رەسۇلۇللاھقا قارىتىلغان بەزىدە قاتتىق، بەزىدە يۇمشاق ئاگاھلاندۇرۇش بىلەن تولغان. رەسۇلۇللاھقا قارىتىلغان « خائىنلار تەرەپتە تۇرما! » ئاگاھلاندۇرۇشىغا سەۋەب بولغان ۋەقە بىزگە رەسۇلۇللاھنىڭ ئىنسان ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىدۇ. چۈنكى رەسۇلۇللاھ ئۆزىنىڭ ئالدىغا كەلگەن بىر داۋادا ھەقسىز بولغان تەرەپنىڭ پايدىسىغا ھۆكۈم قىلىشقا تاس قالغان بولۇپ، يۇقىرىدىكى ئايەت نازىل بولۇپ رەسۇلۇللاھ ئاگاھلاندۇرۇلغان. ئۇبەيرىك جەمەتىدىن ئەبۇ تىئمە لەقەملىك بىر كىشى بىر ساۋۇتنى ئوغۇرلايدۇ ۋە بىر يەھۇدىي گۆرۈچكە گۆرۈگە قويىدۇ. ساۋۇت تېپىلغاندىن كېيىن ئەبۇ تىئمە رىئاللىقنى ئىنكار قىلىپ، گۇناھنى گۆرۈچى يەھۇدىيغا ئارتىپ قويىدۇ. رەسۇلۇللاھ ئالدىغا كەلگەن بۇ داۋادا ئەبۇ تىئمە ئۆزى بۆھتان چاپلىغان يەھۇدىيغا قارشى مۇسۇلمان جامائەتكە مەنسۇپ بولۇشىنىڭ بارلىق ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچى بولىدۇ. داۋانىڭ قارشىسى بولغان رەسۇلۇللاھقا: « مەن مۇسۇلمان تۇرسام ماڭا ئىشەنمەي، بىر يەھۇدىيغا ئىشىنەمسەن؟ » دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ داۋادا ئەبۇ تىئمەنىڭ پايدىسىغا ھۆكۈم بەرمەكچى بولغاندا تۆۋەندىكى ئايەت نازىل بولغان:

إِنَّا أَنْزَلْنَا إِلَيْكَ الْكِتَابَ بِالْحَقِّ لِتَحْكُمَ بَيْنَ النَّاسِ بِمَا أَرَاكَ اللَّهُ وَلَا تَكُنْ لِلْخَائِنِينَ خَصِيمًا (105)

وَاسْتَغْفِرِ اللَّهَ إِنَّ اللَّهَ كَانَ غَفُورًا رَحِيمًا (106)

« سېنى كىشىلەر ئارىسىدا اﷲ نىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە ھۆكۈم قىلسۇن دەپ ساڭا ھەقىقەتەن ھەق كىتابنى نازىل قىلدۇق. خائىنلارنىڭ تەرىپىنى ئالمىغىن. اﷲ تىن مەغپىرەت تىلىگىن. اﷲ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر » ( 105 - 106 ).

رەسۇلۇللاھقا بىۋاستە خىتاب قىلغان بۇ ئايەتتىن كېيىن، رەسۇلۇللاھنىڭ مۇھاتابلىرىغا قارىتىلغان ۋە ئۇلارنىڭ چۈشەنچىلىرىنى شەكىللەندۈرىدىغان ئايەتلەر كېلىدۇ ( 114 - 115 ).

سۈرىدە يەھۇدىيلەشكەن مۇسا ئۈممىتى تىلغا ئېلىنغاندا، خىرىستىيانلاشقان ئىسا ئۈممىتىمۇ زىكىر قىلىنغان. 171 - ئايەتتە خىتاب بىۋاستە ئۇلارغا قارىتىلغان. بىراق « قىزىم ساڭا ئېيتاي، كېلىنىم سەن ئاڭلا » ئۇسلۇبى بىلەن مۇھەممەد ئۈممىتىنىڭ مۇئمىنلىرى ئاگاھلاندۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلارغا: « سىلەرمۇ ئۇلارغا ئوخشاش رەسۇلىڭلارنى ئۇلۇغلاش شۇئارى ئاستىدا خىرىستىيانلىشىپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار! » دېيىلمەكتە. بۇ بۆلەكنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى: « ئى ئىنسانلار! دىن ئىماندىن مۇستەسنا بىر ئەھۋالنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. ئاللاھ ھېچكىمگە ئىلتىماس قىلمايدۇ. سىلەر تەۋەلىك تۇيغۇلىرىڭلارنى ئاراڭلاردا بازارغا سېلىپ كۆككە كۆتۈرەلىشىڭلار ۋە بۇ ئارقىلىق ھەر خىل ماددىي ۋە مەنىۋىي مەنپەئەتكە ئېرىشىشىڭلار مۇمكىن. ئەمما ئاللاھ قا تەۋەلىك تۇيغۇلىرىڭلارنى ساتىمەن دېگۈچى بولماڭلار! »دىن ئىبارەت.

بۇ يەردە ئورۇن ئالغان بىر ئايەت نىجادلىقنىڭ بەلگىلىك جامائەتكە مەنسۇپ بولۇش بىلەن ئەمەس، ھەقىقەتكە مەنسۇپ بولۇش بىلەن قولغا كېلىدىغانلىقىنى بايان قىلماقتا:

لَيْسَ بِأَمَانِيِّكُمْ وَلَا أَمَانِيِّ أَهْلِ الْكِتَابِ مَنْ يَعْمَلْ سُوءًا يُجْزَ بِهِ وَلَا يَجِدْ لَهُ مِنْ دُونِ اللَّهِ وَلِيًّا وَلَا نَصِيرًا

« نىجادلىق، سىلەرنىڭ قۇرۇق ئارزۇيۇڭلار ۋە ئەھلى كىتابنىڭ قۇرۇق ئارزۇسى بىلەن قولغا كەلمەيدۇ، كىمكى بىر يامانلىق قىلىدىكەن، بۇنىڭ ئۈچۈن ( دۇنيادا ياكى ئاخىرەتتە ) جازالىنىدۇ، ئۇ ئۆزى ئۈچۈن اﷲ تىن باشقا ( اﷲ نىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان ) ھېچقانداق دوست ۋە ھېچقانداق مەدەتكار تاپالمايدۇ » ( 123 ).

بۇ ئارىغا قىستۇرۇلغان بۆلەكتىن كېيىن، سۈرە يەنە ئەسلى تېمىسى بولغان ئاياللارنىڭ ھەق - ھوقۇقى مەسىلىسىگە قايتىدۇ. ۋەھيي بولۇپمۇ ئەر كىشى ھاكىم ئورۇندا تۇرىدىغان بىر جەمئىيەتتە ئاجرىشىشنىڭ، ئەھۋالنىڭ پۈتۈنلەي ئايال كىشىنىڭ زىيىنىغا بولغان تەرەپلىرى ھەققىدە توختىلىدۇ ۋە ئاجراشقان ئايالنىڭ ھەققىنى ھىمايە قىلىدىغان تەلىماتلارنى بايان قىلىپ ئۆتىدۇ ( 127 - 134 ).

ئىنسان زېھنىدىكى « شەرەپ ۋە ئىززەتنى كىمنىڭ يېنىدىن ئىزدەش كېرەك؟ » دېگەن سوئالغا ۋەھيي تۆۋەندىكىدەك جاۋاب بېرىدۇ:

الَّذِينَ يَتَّخِذُونَ الْكَافِرِينَ أَوْلِيَاءَ مِنْ دُونِ الْمُؤْمِنِينَ أَيَبْتَغُونَ عِنْدَهُمُ الْعِزَّةَ فَإِنَّ الْعِزَّةَ لِلَّهِ جَمِيعًا

« مۆئمىنلەرنى قويۇپ، كاپىرلارنىڭ دوستلىقىدىن ( شەرەپ ) ھېس قىلغانلار شەرەپ ۋە ئىززەتنى كاپىرلارنىڭ يېنىدىن ئىزدەمدۇ؟ شۈنى ئوبدان بىلىڭلاركى، شەرەپ ۋە ئىززەتنىڭ ھەممىسى الله قا خاستۇر » ( 139 ).

ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن ئايەتتە ۋەھيىنى مەسخىرە قىلغان ۋە ۋەھيىگە سەل قارىغانلار ھەققىدە مۇنداق دېيىلگەن:

وَقَدْ نَزَّلَ عَلَيْكُمْ فِي الْكِتَابِ أَنْ إِذَا سَمِعْتُمْ آيَاتِ اللَّهِ يُكْفَرُ بِهَا وَيُسْتَهْزَأُ بِهَا فَلَا تَقْعُدُوا مَعَهُمْ حَتَّى يَخُوضُوا فِي حَدِيثٍ غَيْرِهِ إِنَّكُمْ إِذًا مِثْلُهُمْ إِنَّ اللَّهَ جَامِعُ الْمُنَافِقِينَ وَالْكَافِرِينَ فِي جَهَنَّمَ جَمِيعًا

« الله كىتابتا ( يەنى قۇرئاندا ) سىلەرگە مۇنداق تەلىمات بېرىدۇ:

سىلەر الله نىڭ ئايەتلىرىنىڭ ئىنكار قىلىنىۋاتقان ۋە مەسخىرە قىلىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان چېغىڭلاردا، ئۇلار ( يەنى الله نىڭ ئايەتلىرىنى مەسخىرە قىلىۋاتقان كاپىرلار ) باشقا پاراڭغا كىرىشمىگىچە ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرماڭلار، بولمىسا ( گۇناھتا ) ئۇلارغا ئوخشاش بولۇپ قالىسىلەر. الله ھەقىقەتەن مۇناپىقلارنىڭ ۋە كاپىرلارنىڭ ھەممىسىنى ( ئاخىرەتتە ) جەھەننەمگە توپلايدۇ » ( 140 ).

« قۇرئاندىن كاپىرلار ۋە مۇناپىقلارنى سېلىشتۇرۇشنى سورىغان بولساق نېمە دەر بولغىيتى؟ » دېگەن سوئالغا قۇرئان تۆۋەندىكى ئايەتتە مۇناپىقلارنىڭ كاپىرلاردىنمۇ بەتتەر ئىكەنلىكىنى تىلغا ئېلىش ئارقىلىق جاۋاب بېرىدۇ. بۇ نىفاقنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە يوشۇرۇن ۋە خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىشكە يېتىپ ئاشىدۇ:

إِنَّ الْمُنَافِقِينَ فِي الدَّرْكِ الْأَسْفَلِ مِنَ النَّارِ وَلَنْ تَجِدَ لَهُمْ نَصِيرًا

« مۇناپىقلار چوقۇم دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قەۋىتىگە ( يەنى قەئرىگە ) تاشلىنىدۇ، ئۇلارغا ھەرگىزمۇ ( ئازابتىن قۇتقۇزىدىغان ) مەدەتكار تاپالمايسەن » ( 145 ).

ئاللاھ نىڭ بارلىقىغا ئىشىنىدىغانلىقىنى داۋا قىلىپ، ئاللاھ ئەۋەتكەن ئەلچىلەر ۋە ئۇ ئەلچىلەر ئارقىلىق ئەۋەتىلگەن سۆزلەرگە ئىشەنمەيدىغانلار ئەمەلىيەتتە ئاللاھ قا ئىشەنگۈچىلەر قاتارىدىن سانالمايدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشى ئاللاھ بىلەن ئەلچىلەرنى ئايرىسنى ئايرىۋەتكەنلىكتۇر:

إِنَّ الَّذِينَ يَكْفُرُونَ بِاللَّهِ وَرُسُلِهِ وَيُرِيدُونَ أَنْ يُفَرِّقُوا بَيْنَ اللَّهِ وَرُسُلِهِ وَيَقُولُونَ نُؤْمِنُ بِبَعْضٍ وَنَكْفُرُ بِبَعْضٍ وَيُرِيدُونَ أَنْ يَتَّخِذُوا بَيْنَ ذَلِكَ سَبِيلًا (150) أُولَئِكَ هُمُ الْكَافِرُونَ حَقًّا وَأَعْتَدْنَا لِلْكَافِرِينَ عَذَابًا مُهِينًا (151)

« شۈبھىسىزكى، الله نى ۋە ئۇنىڭ ئەلچىلىرىنى ئىنكار قىلغانلار، الله بىلەن ئۇنىڭ ئەلچىلىرىنىڭ ئارىسىنى ( الله قا ئىشىنىپ ئەلچىلىرىگە ئىشەنمەيمىز دېيىش بىلەن ) ئاجرىتىۋەتمەكچى بولغانلار، ( ئەلچىلەرنىڭ ) بەزىسىگە ئىشىنىمىز، بەزىسىگە ئىشەنمەيمىز دېگۈچىلەر ـ ئەنە شۇلار ( ئىماننى دەۋا قىلغان تەقدىردىمۇ ) راستىنلا كاپىرلاردۇر. بىز كاپىرلارغا خورلىغۇچى ئازاب تەييارلىدۇق » ( 150 ـ 151 ).

سۈرە 153 ـ ئايىتى بىلەن يەھۇدىيلىشىش خەۋپىگە مۆئمىنلەرنىڭ دىققەت نەزىرىنى ئاغدۇرۇش مەقسىتىدە بەنى ئىسرائىلنىڭ يەھۇدىيلىشىش تارىخىدىن ئىبرەتلەر سۇنىدۇ. ئۇلارنىڭ رەسۇلۇللاھقا قىلغانلىرى ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئۇلار بۇنىڭغا ئوخشاش ئەزىيەتلەرنى ئىلگىرى ئۆز ئىچىدىن چىققان ھەزرىتى ئىساغىمۇ يەتكۈزگەنىدى ( 156 ـ 162 ). سۈرىنىڭ داۋامىدىكى ئايەتلەردە رىسالەتنىڭ ئەبەدىي ئىكەنلىكى تەكىتلىنىدۇ ۋە بۇ نۇقتا نەزەردە تۇتۇلغان ھالدا ئۆتمۈشتىكى بىر قىسىم پەيغەمبەرلەر تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلىدۇ ( 163 ). بۇ بۆلەكتىن كېيىن خىتاب پۈتۈن ئىنسانلارغا قارىتىلىدۇ:

يَا أَيُّهَا النَّاسُ قَدْ جَاءَكُمُ الرَّسُولُ بِالْحَقِّ مِنْ رَبِّكُمْ فَآمِنُوا خَيْرًا لَكُمْ وَإِنْ تَكْفُرُوا فَإِنَّ لِلَّهِ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَكَانَ اللَّهُ عَلِيمًا حَكِيمًا

« ئى ئىنسانلار! مانا رەسۇل ( يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ) سىلەرگە رەببىڭلاردىن ھەق ( دىن ) ئېلىپ كەلدى، ئىمان ئېيتىڭلاركى، ( بۇ ) سىلەر ئۈچۈن پايدىلىق، ئەگەر ئىنكار قىلساڭلار ( يەنى كۇفرىنى داۋاملاشتۇرساڭلار ) ( اللە سىلەردىن بىھاجەت ). چۈنكى ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى اللە نىڭدۇر ( يەنى اللە نىڭ مەخلۇقاتىدۇر، مۈلكىدۇر ). اللە ( بەندىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ) بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر » ( 170 ).

باشتىن ئاخىر ئاللاھ، ئىنسان، ئايال، مىراس، مال - مۈلۈك، ئۇرۇش ۋە ئاجرىشىشقا مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈملەر بايان قىلىنغان نىسا سۈرىسى ئەڭ ئاخىرىدا خىتابىنى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە قارىتىدۇ. ئەڭ يۇقىرى نۇقتىدىن قىلىنغان بۇ خىتابنى پەقەت ئاللاھ لا قىلىدۇ:

يَا أَيُّهَا النَّاسُ قَدْ جَاءَكُمْ بُرْهَانٌ مِنْ رَبِّكُمْ وَأَنْزَلْنَا إِلَيْكُمْ نُورًا مُبِينًا (174) فَأَمَّا الَّذِينَ آمَنُوا بِاللَّهِ وَاعْتَصَمُوا بِهِ فَسَيُدْخِلُهُمْ فِي رَحْمَةٍ مِنْهُ وَفَضْلٍ وَيَهْدِيهِمْ إِلَيْهِ صِرَاطًا مُسْتَقِيمًا (175)

« ئى ئىنسانلار! سىلەرگە رەببىڭلار تەرىپىدىن ئوچۇق دەلىل كەلدى، سىلەرگە روشەن نۇرنى ( يەنى قۇرئاننى ) نازىل قىلدۇق. اللە قا ئىمان ئېيتقان ۋە ئۇنىڭغا ( يەنى قۇرئانغا ) چىڭ يېپىشقانلارغا كەلسەك، اللە ئۇلارنى ئۆز رەھمىتىگە ۋە نېمىتىگە ( يەنى جەننىتىگە ) داخىل قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى توغرا يولغا باشلايدۇ » ( 174 - 175 ).

يىغىنچاقلىغاندا، نىسا سۈرىسى ھەر پۇرسەتتە ئەخلاق ۋە ئەقىدە ئارىسىدىكى ئايرىلماس مۇناسىۋەتكە كىشىنىڭ دىققەت نەزىرىنى ئاغدۇرىدۇ. بىراۋنىڭ ھەققىنى يېيىشنىڭ رەزىل قىلمىش ئىكەنلىكىنى ۋە مۇسۇلمانلار ئارىسىدا مۇھەببەتنىڭ زۆرۈرلىكىنى تەكىتلەيدۇ. سۈرە مىراسقا مۇناسىۋەتلىك قەلالە ئايىتى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

سوئال: قۇرئاننىڭ مىراس ھەققىدە بۇنچە ئەستايىدىللىق بىلەن توختىلىشىنىڭ ھېكمىتى نېمە؟

ئەلجاۋاب: ئەمگەككە ھۆرمەت قىلىش ۋە ئىنسانغا تاپشۇرۇلغان ئىلاھىي ئامانەت بولغان مالنى ئامانەتچىسىز قويماسلىق. چۈنكى ئىگىسى بولمىغان بىر ئامانەت، خىيانەتكە يول ئاچىدۇ.

## مۇجادىلە سۈرىسى

سۈرىنىڭ ئىسمى بولغان « مۇجادىلە » ئادالەت ئىزدەپ، ھەققىنى تەلەپ قىلىپ « ئېتىراز قىلغان ئايال » دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بىرىنچى ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان « تۇجادىلۇ » پېئىلىگە ئاساسەن سۈرىگە بۇ ئىسىم قويۇلغان:

« اللە ھەققەتەن ئېرى توغرىسىدا ساڭا ئېتىراز قىلغان ( تۇجادىلۇ ) ۋە ئىشىنى اللە قا ھاۋالە قىلغان ئايالنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدى / مۇراجىتىنى قوبۇل قىلدى » ( 1 ).

سۈرە « مۇجادەلە » دەپ ئاتالغان بولۇپ، بۇ ئەھۋالدا كەلىمە « مۇنازىرلىشىش » مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. لېكىن سۈرىگە ئىسىم قىلىپ قويۇلغان ئىبارىنىڭ باغلىنىشى، مۇجادىلە ئىسمىنى كۈچلەندۈرىدۇ. مۇجادەلە ئىسمى سۈرىنىڭ ئەسلى باغلىنىشى بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولۇپ، خۇددى ئوتتۇردا بىر - بىرىنى يەكمەكچى بولغان ئىككى تەرەپ باردەك تۇيغۇ بېرىدۇ. ھالبۇكى، ئۇنداق بىر ئەھۋال يوق. ئەگەر شۇنداق بولغان بولسا، ئايەتلەردە ئاللاھ شىكايىتىنى قوبۇل قىلىپ قوللىغان ئايالنىڭ قارشى تەرىپىدە رەسۇلۇللاھ بولۇشى كېرەك. يەنى، بۇ ئەھۋالدا « مۇجادەلە قىلغۇچى ئىككى تەرەپ - ئاللاھ قوللىغان ئايال ۋە رەسۇلۇللاھتۇر » دېيىشكە مەجبۇر بولۇپ قالىمىز.

بۇ ئەھۋال توغرا ئەمەس ھەم ۋەقەنىڭ رېئاللىقىغىمۇ ماس كەلمەيدۇ. ئوتتۇردا ئېرى تەرىپىدىن ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىغان ۋە ھەققىنى تەلەپ قىلغان بىر ئايال بار. بۇ مەسىلە مۇراجەت قىلىنغان رەسۇلۇللاھتىن ھالقىغان بىر مەسىلە بولۇپ، مانا بۇ نۇقتىدا ۋەھيي ئارىغا كىرىدۇ ۋە مەسىلە يېشىلىدىن ھەل بولىدۇ. سۈرە بۇ ۋەقەنى تېما قىلغانلىقى ئۈچۈن ئىسمى « ھەققىنى تەلەپ قىلغان ئايال » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان « مۇجادىلە » شەكلىدە تەلەپپۇز قىلىنىشى كېرەك. ئەگەر « مۇجادەلە » شەكلى ئەر كىشى ھۆكۈمران بولغان بىر ئەنئەنىنىڭ ئەسەرى بولمىسا، ھېچ بولمىغاندا خاتا چۈشىنىپ قېلىشىنىڭ ئەسەرىدۇر. چۈنكى بۇ ئىسىم سۈرىنىڭ نازىل بولۇشىغا سەۋەب بولغان ۋەقەگە مۇۋاپىق كەلمەيدۇ.

سۈرە بىر پۈتۈن ھالدا مەدىنىدە نازىل بولغان. بۇنىڭ ئەكسىنى ئىلگىرى سۈرگەن قاراشلار مەۋجۇت بولسىمۇ، ئەنئام سۈرىسىدىكى ئۆلچەملەر بۇ قاراشلارنى رەت قىلماقتا. ئەھزاب سۈرىسى 4 - ئايەتنىڭ « زىھار » تۈرىدىكى تالاقنى رەت قىلغانلىقى نەزەردە تۇتۇلغاندا، بۇ سۈرە ئەھزاب سۈرىسىدىن بۇرۇن نازىل بولغان بولسا كېرەك. بۇنىڭغا ئاساسەن سۈرىنى ھىجرى 5 - يىلىنىڭ بېشىدا نازىل بولغان دېيىشكە بولىدۇ.

دەسلەپكى مەزگىلدىكى بارلىق تەرتىپلەردە سۈرىنىڭ مۇنافىقۇن سۈرىسىنىڭ ئارقىسىغا تىزىلغانلىقى يۇقىرىدىكى يەكۈننى تەستىقلايدۇ. سۈرە بىزنىڭ تەرتىپىمىزدە نىسا - ئەھزاپ سۈرىسىنىڭ ئارىسىدا ئورۇن ئالىدۇ. چۈنكى نىسا سۈرىسى ئۇھۇد ئۇرۇشىدىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ھەققىدە توختىلىدۇ. نىسا سۈرىسى ھىجرى 4 - يىلىدا نازىل بولغان ئاخىرقى سۈرە بولۇش ئېھتىمالى يۇقىرى بولۇپ، مۇجادىلە سۈرىسى 5 - يىلىدا نازىل بولغان تۆت سۈرىنىڭ تۇنجىسىدۇر.

سۈرە ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن ئەنئەنىگە ئايلىنىپ قالغان بىر ھەقسىزلىق ۋە ئايرىمچىلىق ئۆرنىكىنى تىلغا ئېلىپ، ئاياللارغا قارىتىلغان زۇلۇمنى رەت قىلىدۇ. بۇ، ئايالنى ئانىسىنىڭ ئورنىغا قويۇپ، ئۇنى ھەقلىرىدىن مەھرۇم قالدۇرۇش ئەنئەنىسى بولغان « زىھار » ئىدى. بۇ خىل ھەقسىزلىقنى رېئال ھاياتتا يۈز بەرگەن بىر ۋەقە ئارقىلىق رەت قىلغان ۋەھيي بۇ ئەنئەنىنى داۋاملاشتۇرغۇچىلارنى جازا سۈپىتىدە كاپارەت ئۆتەشكە بۇيرۇيدۇ ( 1 - 6 ).

بۇ ھەقسىزلىققا ئۇچرىغان خانىم ھاۋلە بىنتى سائ لەبە بولۇپ، ئېرى ئەۋس بىن سامىت « سەن مەن ئۈچۈن ئانامنىڭ ئۇچىسىغا ئوخشاش! » دەپ زىھار قىلىدۇ. ئاندىن كېيىن ھاۋلە بىلەن بىرگە بولۇشنى تەلەپ قىلغاندا ھاۋلە ئېرىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىدۇ ۋە « ھۆكۈمنى رەسۇلۇللاھ بەرسۇن » دەيدۇ. ئېرى « رەسۇلۇللاھقا بۇنى دېيەلمەيمەن » دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ھاۋلە: « ئۇنداقتا مەن ئېيتىمەن » دەيدۇ ۋە ۋەقەنى رەسۇلۇللاھقا ئېيتىدۇ. رەسۇلۇللاھ بىلەن ھاۋلە بىنتى سائ لەبە ئارىسىدىكى دىئالوگ مۇنداق بولغان:

- ئى رەسۇلۇللاھ! ئېرىم مېنى نىكاھىغا ئالغاندا ياش، چىرايلىق، جەلىپ قىلارلىق ئىدىم. ئۇنىڭغا بىر قانچە بالا تۇغۇپ بەردىم، يېشىممۇ چوڭىيىپ قالدى. ئۇ ۋاقىتتا سۆيگەن يارى ئىدىم، ئەمدى « ئانىسى » بولدۇم، مېنى كوچىغا چىقىرىۋەتتى.
- ھازىر سەن ئۇنىڭغا ھالال ئەمەس.
- ئاللاھ بىلەن قەسەمكى تالاق قىلمىدى.
- ھازىر سەن ئۇنىڭغا ھالال ئەمەس. بۇ ھەقتە بىر نەرسە نازىل بولمىدى.
- نېمە بولىدۇ، ئوبدان ئويلىنىپ باققىن، ساڭا پىدا بولاي ئى رەسۇلۇللاھ!
- مېنىڭ شەخسى قارىشىم مۇشۇنداق!
- ئەمما ماڭا مۇھتاج كىچىك بىر بالام بار. ئەگەر ئۇنىڭغا بەرسەم قىينىلىپ قالىدۇ. مەن يېنىمغا ئالسام ئاچ قالىدۇ.
- .....
- ئاللاھىم! دەردىمنى ساڭا، پەقەت ساڭا ھاۋالە قىلىمەن.

بۇ دىئالوگلاردىن بىر مۇددەت ئۆتكەندىن كېيىن ھاۋلە بۇ ئايەتلەرنىڭ نازىل بولغانلىقى خۇشخەۋرىنى ئالىدۇ. رەببى ھەقلىق بولغۇچى ۋە ھەققەت تەرەپتە تۇرغۇچىدۇر. رەببى ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىغان ھاۋلە تەرەپتە تۇرغۇچىدۇر. ھەممىسىدىن كۆرە ئۇنىڭ « ھەق - ھوقۇقنى تەلەپ قىلغان ئايال » سۈپىتىدە ھەم قۇرئاندا ھەم

تارىختا نىشانى قالدۇ. ھەققىنى تەلەپ قىلىشتا پاسسىپ مۇئامىلىدە بولغان سانسىزلىغان ئەركەكلەرگە بىر ئايال كىشى ئۆرنەك بولدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىنكى بۆلەكتە، كىشىنى بىئارام قىلغۇچى ۋەياكى سۇيىئىستېمال قىلىنىش ئېھتىمالى يۇقىرى بولغان « ئايرىم كۆرۈشۈش » ياكى « پىچىرلىشىش » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان نەجۋا ئادىتى تىلغا ئېلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ۋازكەچتۈرىدىغان بىر جازا سۈپىتىدە « مەجبۇرىي سەدىقە » بېرىش بىكىتىلىدۇ ( 7 - 13 ). بۇ ھەر دەۋردە يېتەكچى ۋە باشلامچى بولغان كىشىلەرنى بىئارام قىلىدىغان مەسىلىدۇر. قۇرئان بۇ مەسىلىگە قارىتا ئېلىپ كەلگەن ھەل قىلىش تەدبىرى ئارقىلىق، پەقەت ئۇ دەۋردىلا مەۋجۇت بولغان بىر مەسىلىنى ئەمەس، بارلىق دەۋرلەردە ئالدىمىزغا چىقىدىغان بىر مەسىلىگە قارىتا قۇرئانى ھەل قىلىش تەدبىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

سۈرىنىڭ ئاخىرقى بۆلىكى ئىسلام جامائىتىگە دۈشمەن بولغانلارنى سىرداش ۋە يولداش قىلىۋېلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر.

مۇئمىنلەرنىڭ بۇنداق قىلىشى مەنئى قىلىنغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىككى يۈزلىمچىلىك بولىدىغانلىقى ئىما قىلىنغان. ئاللاھ قا ئىمان ئېيتىپ ئىشەنچ قىلغان بىر كىشىنىڭ، ئەڭ يېقىن تۇققانلىرى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنى ئاللاھ ۋە ئەلچىسىنىڭ دوستلىقىدىن ئەلا بىلمەسلىكى تەكىتلەنگەن:

لَا تَجِدُ قَوْمًا يُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ يُوَادُّونَ مَنْ حَادَّ اللَّهَ وَرَسُولَهُ وَلَوْ كَانُوا آبَاءَهُمْ أَوْ أَبْنَاءَهُمْ أَوْ إِخْوَانَهُمْ أَوْ عَشِيرَتَهُمْ أُولَئِكَ كَتَبَ فِي قُلُوبِهِمُ الْإِيمَانَ وَأَيَّدَهُمْ بِرُوحٍ مِنْهُ وَيُدْخِلُهُمْ جَنَّاتٍ تَجْرِي مِنْ تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمْ وَرَضُوا عَنْهُ أُولَئِكَ حِزْبُ اللَّهِ أَلَا إِنَّ حِزْبَ اللَّهِ هُمُ الْمُفْلِحُونَ

« اللە قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان بىر قەۋمنىڭ اللە بىلەن ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى بىلەن قارشىلاشقانلارنى ئۇلارنىڭ ئاتىلىرى، ئوغۇللىرى، يا قېرىنداشلىرى، يا ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بولغان تەقدىردىمۇ ـ دوست تۇتقانلىقىنى كۆرمەيسەن (يەنى ئۇلارنى دوست تۇتۇشى مۇمكىن ئەمەس)، ئەنە شۇلارنىڭ دىللىرىدا اللە ئىمانىنى مەھكەم قىلدى ۋە ئۆز دەرگاھىدىن بولغان مەنىۋى كۈچ بىلەن ئۇلارنى كۈچەيتتى، اللە ئۇلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ، اللە ئۇلاردىن رازى بولىدۇ، اللە تىن ئۇلارمۇ مەمنۇن بولىدۇ، ئەنە شۇلار اللە تەرىپىدە تۇرغۇچىلاردۇر. بىلىڭلاركى، اللە تەرىپىدە تۇرغۇچىلار نىجادلىققا ئېرىشكۈچىلەردۇر » ( 22 ).

تۆۋەندىكى ئايەت ئاللاھ نىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغۇچىلارغا قارىتىلغان ئىلاھىي تەھدىتنىڭ بىر ئىپادىسىدۇر:

« مەن ۋە ئەلچىلىرىم ئەلۋەتتە غەلىبە قىلىمىز! » ( 21 ).

بۇنىڭدا ھېچ شۈبھە يوقتۇر يا رەببى!

ئامەننا ۋە سەددەقنا.

## ئەھزاپ سۈرىسى

سۈرە « ئىتتىپاقداش كۈچلەر / قوشۇن » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان « ئەھزاپ » كەلىمىسى بىلەن ئاتالغان. سۈرىنىڭ 9 - 27 - ئايەتلىرى ئارىسىدا ئورۇن ئالغان بۆلەكتە بۇ كۈچلەر ھەققىدە مەلۇماتلار بېرىلگەن.

سۈرە مەدىنىدە نازىل بولغان. بىزگە مەلۇم بولغان يىپ ئۇچلىرى سۈرىنىڭ ھىجرى 5 - 7 - يىللىرى ئارىسىدا نازىل بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە.

20 - ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان خەندەك ( ئەھزاپ ) ئۇرۇشى ھىجرى 5 - يىلى شەۋۋال ئېيىدا، 4 - 5 ۋە 37 - 40 - ئايەتلەردە تىلغا ئېلىنغان ۋەقەلەر شۇ يىلى زۇلقائىدە ئېيىدا يۈزبەرگەندى. رەسۇلۇللاھنىڭ ئاياللىرى

بلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان 28 - 29 - ئايەتلەر، بولۇپمۇ ئۆي ئوچاقلىق بولۇش مەسىلىسىدە نەبىگە چەك قويۇلغان 52 - ئايەت ھەزرىتى سەفىيە بىلەن توي قىلغان مەزگىلى بولغان خەيبەر فەتھىدىن كېيىن نازىل بولغان بولسا كېرەك.

ھەزرىتى ئوسمانغا نىسبەت قىلىنغان تەرتىپتە سۈرە ئالىئىمران - مۇمتەھىنە سۈرىسى ئارىسىغا تىزىلغان. بۇ يەر توغرا ئەمەستەك تۇرىدۇ. ئالىئىمران سۈرىسىنى ئەھزاپ سۈرىسىنىڭ ئالدىغا قويغىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئالىئىمران سۈرىسى ھىجرى 3 - يىلىدا يۈزبەرگەن ئۇھۇد سۈرىسىدۇر. بۇ ئىككى سۈرە ئارىسىدا باشقا سۈرىلەر بولۇشى كېرەك. ئىبنى ئابباسقا نىسبەت قىلىنغان تەرتىپتە ھەشر - نۇر سۈرىسى ئارىسىغا تىزىلغان. بۇ تىزىلىشمۇ توغرا ئەمەس. بىزنىڭچە بولغاندا مۇجادىلە - تالاق سۈرىسى ئارىسىغا تىزىش مۇۋاپىقتەك تۇرىدۇ.

قۇرئاندا ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ئەڭ كۆپ تىلغا ئېلىنغان سۈرىلەردىن بىرسى ئەھزاپ سۈرىسىدۇر. تېمىلار شەخسى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر ۋە ھۆكۈملەرنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ ئىسلام جامائىتىنىڭ سىياسىي پىشىپ يېتىلىش جەريانى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. چۈنكى مۇشرىك ئىتتىپاقداش قوشۇنىنىڭ خەندەك ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولۇشى ئىسلام جامائىتى ئۈچۈن بىر تارىخىي بۇرۇلۇش نۇقتىسى ئىدى. بۇ رېئاللىقنى بىر كۈنى سەھەردە دۈشمەنىنىڭ قارارگاھنى تاشلاپ، ئۈن - تىنسىز ھالدا جەڭ مەيدانىدىن چېكىنىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەندە « ئەمدى نۆۋەت سىلەردە! » دېگەن رەسۇلۇللاھمۇ توغرىلايدۇ.

سۈرە ئومۇمىي جەھەتتىن كىشىلىك مۇناسىۋەتنى قانداق شەكىللەندۈرۈش بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

قۇرئاندا « ئى نەبى! » خىتابى ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلگەن بۇ سۈرە بىۋاستە ھالدا نەبىگە خىتاب بىلەن باشلىنىدۇ. ئىجتىمائىي بېسىمنىڭ ئېغىرلىقى قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر كىشى ئاللاھ قا بويسۇنۇشى كېرەك. ئالدى بىلەن رەسۇلۇللاھقا « مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئىش قىل! » ئاگاھلاندۇرۇشى بېرىلىدۇ. ئاندىن كاپىرلارغا ۋە مۇناپىقلارنىڭ رايىغا بويسۇنماسلىققا بۇيرۇلغان ھالدا سۆز باشلىنىدۇ. بۇ « ئۇلارغا ئىتائەت قىلما! » ئەمرى « كۈنتەرتىپنى ئۇلارنىڭ بەلگىلىشىگە يول قويما! » مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. ئايەتنىڭ داۋامى مۇنداق:

وَاتَّبِعْ مَا يُوحَى إِلَيْكَ مِنْ رَبِّكَ إِنَّ اللَّهَ كَانَ بِمَا تَعْمَلُونَ خَبِيرًا (2) وَتَوَكَّلْ عَلَى اللَّهِ وَكَفَى بِاللَّهِ وَكِيلًا (3)

« ساڭا رەببىڭ تەرىپىدىن ۋەھيى قىلىنغان نەرسىگە (يەنى قۇرئانغا) ئەگەشكىن. اﷲ ھەقىقەتەن قىلغان ئەمەللىرىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر. ( ھەممە ئىشىڭدا ) اﷲ قا يۆلەنگىن، اﷲ ( ساڭا ) ھامىي بولۇشقا يېتەرلىكتۇر » ( 2 - 3 ).

قۇرئاننىڭ ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان، كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان باياندىن بىرسى بۇ سۈرىدە يەر ئالىدۇ: « اﷲ ھەر قانداق ئادەمنىڭ ئىچىدە ئىككى يۈرەك / ئىككى ۋىجدان ياراتقىنى يوق » ( 4 ). بۇ ئارقىلىق « ھەقىقەتنىڭ بىر بولىدىغانلىقى » ئىما قىلىنغان. شۇنداق، ھەقىقەت بىردۇر. ھەر قانداق بىر كىشىنىڭ ئىككى ئانىسى، ئىككى دادىسى بولمايدۇ، بۇ كۆز يۇمغىلى بولمايدىغان بىر رېئاللىق. ئۆزى تۇغمىغان بىرسىنى « قىزىم، ئوغلۇم » دېگۈچى ئۇنى تۇغۇپ دۇنياغا كەلتۈرگەن بىر ئانىنىڭ بارلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. بىرسىنىڭ ئايالىغا « سەن مەن ئۈچۈن ئانامغا ئوخشايسەن » دېيىشى ھەرگىزمۇ ئايالىنى ئۇنىڭ ئانىسىغا ئايلاندۇرمايدۇ ( 4 ). بىراۋنىڭ پۇشتىدىن بولمىغان بىر كىشىنى ئۆزىنىڭ ئاتىسى دېيىشى ئۇنىڭ بىر ئۆز ئاتىسىنىڭ بارلىقىدىن ئىبارەت رېئاللىقنى يوق قىلالمايدۇ ( 5 ).

يەنى، يارىتىلىشتىن تارتىپ بار بولغان فىترى ھەقىقەتنى ئېغىزدا ئېيتىلغان سۆزلەر بىلەن ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ. شەيئىلەرنىڭ ھەقىقىتى بولىدۇ. بىزنىڭ سۆزلىرىمىز ئۇ ھەقىقەت بىلەن بىردەكلىككە ئىگە بولسا توغرا، بىردەكلىككە ئىگە بولمىسا خاتادۇر. شەيئىلەرنىڭ ھەقىقىتىنى بىزنىڭ سۆزلىرىمىز بەلگىلىمەيدۇ. خاتا چۈشەنچىلەرنىڭ جەمئىيەتتە بىردەك قوبۇل قىلىنىشى ئۇنى خاتا بولۇشتىن خالىي قىلمايدۇ. ئەجدادلارنىڭ ئەنئەنىسى مۇشۇنداق دەپ « ئايالى » ئانىسى بولۇپ قالمايدۇ. بېقىۋالغان بالىمۇ ئۆز پۇشتىدىن بولغان بالا بولۇپ قالمايدۇ.

ھەقىقەتكە ساداقەت ئەلچىلىك / رەسۇللۇق ئەنئەنىسىنىڭ شۇئارىدۇر ( 7 ـ 8 ). بۇ ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلغان مۇئمىنلەرگە ھەر دەۋردە جەڭ ئېلان قىلىنغان. ھاياتى بەدىلىگە ھەقىقەت تەرەپتە تۇرۇش، كاپىر ۋە ئىككى يۈزلىمىچىلەرگە ئوخشاش بولۇپ قالماسلىق ئۇ مۇئمىنلەرنىڭ بۇرچىدۇر ( 9 ـ 20 ).

رەسۇل بۇ مەسىلىدە ئەڭ تىپىك ئۈلگە بولۇپ، ھەقىقەتكە ساداقەت كۆرسىتىشتە مۇئمىنلەرمۇ ئەلچىلەردەك بولۇشى كېرەك ( 21 ـ 27؛ 45 ـ 46 ). ئاللاھ رەسۇلىنىڭ بۇ ئۈلگىلىك رولىنى بايان قىلغان ئايەت بۇ سۈرىدە ئورۇن ئالماقتا:

لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُولِ اللَّهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ لِمَنْ كَانَ يَرْجُو اللَّهَ وَالْيَوْمَ الْآَخِرَ وَذَكَرَ اللَّهَ كَثِيرًا

« سىلەرگە ـ اﷲ نى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە اﷲ نى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە ـ رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر » ( 21 ).

ئاللاھ رەسۇلىنىڭ ئۇ مىسلىسىز ئۈلگەكلىك رولى تارىخىي نۇقتىدىن خەندەك ئۇرۇشىدىن بۇرۇن نامايەن بولغان ئىدى. سۈرىدە نەبەۋى ئۈلگەكلىكنىڭ تارىخىي كارتىنلىرى ئىشارەت قىلىنىدۇ ( 22 ). ئاندىن رەسۇلۇللاھنىڭ ئۈلگەكلىكىنى ھاياتىغا تەدبىق قىلغان، ئۆزىگە ئۈلگە قىلغان ۋە « ساھابە » ئۇنۋانىغا لايىق بولغان رەسۇلۇللاھنىڭ ئەڭ ياخشى ھەمراھلىرىنىڭ تىللارغا داستان مەيدانى ئەبەدىيلەشتۈرۈلگەن:

مِنَ الْمُؤْمِنِينَ رِجَالٌ صَدَقُوا مَا عَاهَدُوا اللَّهَ عَلَيْهِ فَمِنْهُمْ مَنْ قَضَى نَحْبَهُ وَمِنْهُمْ مَنْ يَنْتَظِرُ وَمَا بَدَّلُوا تَبْدِيلًا

« مۇئمىنلەرنىڭ ئىچىدە اﷲ قا بەرگەن ئەھدىنى ئىشقا ئاشۇرغان نۇرغۇن يىگىت كىشىلەر بار. ئۇلارنىڭ بەزىسى ئۆزىنى ئاللاھ قا ئاتاپ ساداقىتىنى كۆرسەتتى، بەزىسى نۆۋىتىنى كۈتمەكتە، ئۇلار ۋەدىسىنى ھەرگىز ئۆزگەرتكىنى يوق » ( 23 ).

رەسۇلنىڭ ئاياللىرىمۇ ئۆزىنىڭ ئۈلگەكلىك رولىنى ئۇنتۇماسلىقى، ئۆزىگە لايىق بولغانىنى قىلىشى كېرەك. خۇددى ئەلچىلەر مۇئمىنلەرگە ئۈلگە بولغاندەك، ئەلچىلەرنىڭ ئاياللىرىمۇ مۇئمىنلەرنىڭ ئاياللىرىغا ئۈلگە بولۇشى كېرەك. چۈنكى بىر كىشىنىڭ ئۈلگە بولۇشى يېتەرلىك بولمايدۇ، ئائىلىنىڭ ئۈلگە بولۇشى شەرت. قۇرئان ئىبراھىم ئائىلىسى ۋە ئىمران ئائىلىسىنى ئۈلگە قىلىپ كۆرسەتكەنىكەن، بۇلارنى باشلامچى بولۇپ ئۆزىگە ئۈلگە قىلغۇچىلار يەنىلا رەسۇلۇللاھنىڭ ئائىلىسى بولۇشى، بۇ ئۈلگىلىك رولغا ماس كەلمەيدىغان ئىشلار رەسۇلنىڭ ئۆيىدە يۈزبەرگەن تەقدىردە جازاسى قالماسلىقى كېرەك. مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن، قارشى چىقىش جازاغا، ئىتائەت مۇكاپاتقا لايىقتۇر ( 28 ـ 36 ).

رەسۇلۇللاھنىڭ ئاياللىرى ۋە ئۆيلىرى ئۈستىدىن ئىنسان ئەقلىگە كەلگەن « مۇئمىنىنىڭ ئۆيى ۋە ئۇ ئۆيدە ئولتۇرىدىغان مۇئمىن بىر ئائىلە قانداق بولۇشى كېرەك؟ » دېگەن سوئالغا مۇنداق جاۋاب بېرىلگەن:

وَقَرْنَ فِي بُيُوتِكُنَّ وَلَا تَبَرَّجْنَ تَبَرُّجَ الْجَاهِلِيَّةِ الْأُولَى وَأَقِمْنَ الصَّلَاةَ وَآَتِينَ الزَّكَاةَ وَأَطِعْنَ اللَّهَ وَرَسُولَهُ إِنَّمَا يُرِيدُ اللَّهُ لِيُذْهِبَ عَنْكُمُ الرِّجْسَ أَهْلَ الْبَيْتِ وَيُطَهِّرَكُمْ تَطْهِيرًا (33) وَاذْكُرْنَ مَا يُتْلَى فِي بُيُوتِكُنَّ مِنْ آَيَاتِ اللَّهِ وَالْحِكْمَةِ إِنَّ اللَّهَ كَانَ لَطِيفًا خَبِيرًا (34)

« ئۆيلىرىڭلاردىكى ۋاقىتىڭىزمۇ ئەدەپ ـ قائىدىنى ئۇنتۇماڭلار، ئىلگىرىكى جاھىلىيەت دەۋرىدىكىگە ئوخشاش ياسىنىپ چىقىپ جىنسىيىتىڭلارنى نامايەن قىلماڭلار! نامازنى لايىقىدا ئوقۇڭلار، زاكات بېرىڭلار، اﷲ قا ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا ئىتائەت قىلىڭلار! ئى ئاللاھ رەسۇلىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر! اﷲ سىلەردىن گۇناھنى ساقىت قىلىشنى ۋە سىلەرنى تامامەن پاك قىلىشنى خالايدۇ. ئۆيلىرىڭلاردا ئوقۇلۇۋاتقان اﷲ نىڭ ئايەتلىرى، ( بولۇپمۇ ئۇلاردىكى ) ھېكمەت ئۈستىدە ئەقىل يۈرگۈزۈڭلار، اﷲ ھەقىقەتەن سىرلارنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر » ( 33ـ 34 ).

سۈرىدە رەسۇلۇللاھنىڭ يېقىنلىرى بىلەن بولغان شەخسى مۇناسىۋەتلىرىمۇ بەلگىلىك پرىنسىپقا باغلانغان بولۇپ، ھەزرىتى ئائىشەنىڭ « ئەگەر رەسۇلۇللاھ ۋەھىيدىن بىر قىسمىنى يوشۇرماقچى بولغان بولسا، ئۇ بۇلار بولاتتى » دېگەن 37 - 40 - ئايەتلەر ئارىسىدا بايان قىلىنغان شەخسىي ئۆرنەك ئارقىلىق، ئەنئەنىنىڭ قالدۇقلىرى سۈپۈرۈپ تاشلىنىدۇ. ھەمدە ئازادگەردىلەر ( ئازاد قىلىنغان قۇللار )نىڭ جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي ئورنى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. بۇ ۋەقە رەسۇلۇللاھنىڭ ھاممىسىنىڭ قىزى بولغان زەينەپ بىنتى جاھشنى بېقىۋالغان باللىسى زەيد بىن ھارىسە بىلەن نىكاھلىشى ئىدى. زەينەپ مەككىدىكى ئابرويلۇق بىر ئائىلىگە تەۋە ھۆر ئايال بولۇپ، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ بىلەن بېشىنى قوشۇپ قويغان زەيد بىن ھارىسە ئازاد قىلىنغان بىر قۇل ئىدى. گەرچە زەينەپ رازى بولمىسىمۇ، ماقۇل بولۇشقا مەجبۇر بولغان بۇ نىكاھ ئوڭۇشلۇق داۋاملاشمىغان. زەينەپ ئاجرىشىپ كەتكەندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھ ئۇنى نىكاھىغا ئالغانىدى. زەينەپ بىنتى جاھش ھەزرىتى نەبى بىلەن توي قىلغاندا 36 ياشقا كىرگەن بولۇپ، پەرزەنتى يوق بىر تۇل ئايال ئىدى. ئۇ ئېرى زەيد بىن ھارىسە بىلەن سۆيۈملۈك رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزىنى يېرالمىغانلىقى ئۈچۈن توي قىلغان بولۇپ، ئەسلىدە ئۇنىڭ كۆڭلىدە رەسۇلۇللاھ بار ئىدى. ئۇ، رەسۇلۇللاھ بىلەن توي قىلىش تەمەسىدە 35 يېشىغىچە بارلىق تالىپلىرىنى رەت قىلىپ كەلگەن. رەسۇلۇللاھنىڭ ھەزرىتى زەينەپ بىلەن توي قىلىشى ھەم بىر جاھلىيەت ئەنئەنىسى بولغان بېقىۋالغان باللىرىنىڭ ئاياللىرى بىلەن توي قىلالماسلىقتەك ئادەتكە خاتىمە بېرىش ھەم تەبىقە ئايرىمچىلىقنىڭ ئورنىغا ئىسلام قېرىنداشلىقىنى دەسسىتىش ھەمدە ھەزرىتى زەينەپنىڭ قالغان كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىدى.

بۇ سەۋەبلەرگە قارىماستىن، بۇ ۋەقەنىڭ قۇرئان تەرىپىدىن ئەيىبدىيلەشتۈرۈلىشى رەسۇلۇللاھ ھېچ خالىمايدىغان بىر ئىش ئىدى. لېكىن بۇ ۋەقەنىڭ قۇرئاندا ئورۇن ئېلىشىنىڭ ۋەھىينىڭ ئىلاھىي مەنبەسىگە قارىتىلغان بارلىق ئېتىرازلارنى بىكار قىلىدىغان بىر تەرىپىمۇ بار. بۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق بىر ئەقلى دەلىل بولمىغان تەقدىردىمۇ بۇ ئايەتلەر ۋەھيي مەنبەسىنىڭ ئىلاھىي ئىكەنلىكىگە دەلىل بولۇپ يېتىپ ئاشىدۇ.

رەسۇلۇللاھنىڭ ۋەزىپىسىنىڭ « شېھىت » ۋە « خۇشخەۋەر بەرگۈچى » ئىكەنلىكى بۇ سۈرىدە بايان قىلىنىدۇ. شېھىت بولۇشنىڭ قۇرئاندىكى مەنىسى « ئۈلگە ۋە ئۆرنەك » بولۇشتۇر. يەنى، ھاياتىنى ئىمانىغا شاھىت قىلىش ۋە ياشىغان دەۋرىنىڭ شاھىدى / گۇۋاھچىسى بولۇشتۇر. بۇ ئىككى رولنىڭ داۋامى سۈپىتىدە ئاللاھ قا چاقىرغان دەۋەتچى ۋە ئەتراپىنى يورۇتىدىغان بىر قەندىل بولۇشتۇر... شېھىت بولۇش مانا بۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر ۋەزىپىدۇر، رولدۇر:

يَا أَيُّهَا النَّبِيُّ إِنَّا أَرْسَلْنَاكَ شَاهِدًا وَمُبَشِّرًا وَنَذِيرًا (45) وَدَاعِيًا إِلَى اللَّهِ بِإِذْنِهِ وَسِرَاجًا مُنِيرًا (46)

« ئى نەبى! سېنى بىز ھەقىقەتەن شاھىت، خۇشخەۋەر بەرگۈچى، ئاگاھلاندۇرغۇچى، الله نىڭ ئىزنى بىلەن الله قا دەۋەت قىلغۇچى ۋە ئەتراپىنى يورۇتقۇچى نۇرلۇق چىراق قىلىپ ئەۋەتتۇق » ( 45 - 46 ).

سۈرىنىڭ داۋامىدا رەسۇلۇللاھنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىنى يېڭىدىن بەرپا قىلىدىغان ئايەتلەر بايان قىلىنغان. بەزى شەرئى ۋە ئەخلاقى بەلگىلىمىلەر بېكىتىلگەن ( 37 - 59 ). ئىجتىمائى ئەدەپ ۋە تەربىيە قائىدىلىرىگە كىشىنىڭ دىققەت نەزىرى ئاغدۇرۇلغان. بۇلار ئارىسىدا مۇئمىنلەرنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆيىدىكى مېھماندارچىلىقتا رىئايە قىلىشى كېرەك بولغان ئەدەپ - ئەخلاق قائىدىلىرى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە قارىتىلغان ئەدەپ - ئەخلاق پرىنسىپلىرى بايان قىلىنغان ( 53 ).

قۇرئاندا ئاللاھ نىڭ ۋە پەرىشتىلەرنىڭ رەسۇلۇللاھقا « سالات ( ياردەم ) قىلغانلىقى - ( يۈسەللۇنە ) » بايان قىلىنىدۇ. مۇئمىنلەردىنمۇ ياردەملىرىنى بۇ ئىلاھىي ياردەم بىلەن بىرلەشتۈرۈش تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ ئىلاھىي تەلەپ ئەسلىدە ئېلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەخش ئېتىش ئۈچۈن قويۇلغان بىر تەلەپتۇر. ئاللاھ بەندىدىن بىر نەرسە تەلەپ قىلغاندا ئېلىش ئۈچۈن تەلەپ قىلمايدۇ. ئەكسىچە ئاتا قىلىش / بەخش ئېتىش ئۈچۈن تەلەپ قىلىدۇ. بۇ يەردىمۇ سۆز مۇشۇ مەنىدە. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان سالاۋات ( رەھمەت ئوقۇش ) ئەدەبىياتى بۇ ئايەتتە ئەمىر قىلىنغان ياردەمنىڭ باشقا بىر شەكلى سۈپىتىدە پەيدا بولغان. لېكىن بۇ ياردەم تەلىپى ھەرگىزمۇ ئېغىزدىكى سۆزگە چۈشۈرۈپ قويغىلى بولمايدىغان بىر « ئەمەلىي ھەرىكەت » تەلىپى بولۇپ، ئايەتتە

مۇئمىنلەردىن تەلەپ قىلىنغان ياردەم ئەسلىدە ئەمەلىي ھەرىكەت بىلەن ياردەم قىلىشنى كۆرسىتىدۇ، ئاغزاكى ياردەمنى كۆرسەتمەيدۇ. « يۇسەللۇنە » ۋە « سەللۇ » پېئىللىرى بۇنىڭ دەلىلىدۇر. ئۇ ئايەت تۆۋەندىكىچە:

إِنَّ اللَّهَ وَمَلَائِكَتَهُ يُصَلُّونَ عَلَى النَّبِيِّ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا صَلُّوا عَلَيْهِ وَسَلِّمُوا تَسْلِيمًا

« شۈبھىسىزكى، الله ۋە ئۇنىڭ پەرىشتىلىرى ھەقىقەتەن نەبىگە ياردەم قىلىدۇ. ئى مۇئمىنلەر! سىلەرمۇ نەبىيگە ياردەم قىلىڭلار ۋە ئىتائەت قىلىشتا ( ئۇ ئۆرنەك بولغاندەك ) الله قا پۈتۈنلەي تەسلىم بولۇڭلار » ( 56 ).

بۇ ئايەتتىن كېيىن كەلگەن « الله ۋە رەسۇلىنى رەنجىتكەنلەر » بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئايەت تەلەپ قىلىنغان بۇ ياردەمنى قىلىشنىڭ ئورنىغا چوماق بولغانلار ھەققىدە توختالغان بولۇپ، يۇقىرىدىكى ئىزاھاتىمىزنى تەستىقلىماقتا. بۈگۈننىڭ مۇئمىنى ئاللاھ رەسۇلىغا بولغان ياردەم بۇرچىنى ئۇ ئامانەت قويۇپ كەتكەن « قۇرئان »غا ساداقەت كۆرسىتىش ۋە ئاللاھ رەسۇلىنىڭ ھايات شەكلى بولغان قۇرئاننى ئۆزىنىڭ ھاياتىغا تەدبىقلاشتىن ئىبارەت سۈننەتنى تىرىلدۈرۈش بىلەن ئادا قىلىشى كېرەك.

قۇرئان نازىل بولۇۋاتقان شۇ جەمئىيەتتە ئاللاھ رەسۇلىنى رەنجىتكەن ئىككى يۈزلىمچى ۋە قەلبى كىسەللىك بىلەن تولۇپ كەتكەن كىشىلەرگە « يامانلىق قىلغۇچىلار يامانلىقتىن باشقا نەرسىگە ئېرىشەلمەيدۇ » قانۇنىيىتىنى ئەسلىتىدۇ. ئەسلىدە كىم نېمە قىلغان بولسا شۇنىڭغا لايىق نەتىجىگە ئېرىشىدىغانلىقى ئاللاھ نىڭ سۈننىتىدۇر. ئاللاھ نىڭ سۈننىتى ئاللاھ نىڭ ئۆزگەرمەس قانۇنىدۇر:

سُنَّةَ اللَّهِ فِي الَّذِينَ خَلَوْا مِنْ قَبْلُ وَلَنْ تَجِدَ لِسُنَّةِ اللَّهِ تَبْدِيلًا

« بۇ الله نىڭ ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرگە تۇتقان يولىدۇر، الله نىڭ تۇتقان يولىدا / سۈننىتىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش تاپالمايسەن » ( 62 ).

سۈرىدە ئىنكارچىلارنى كۈتۈۋاتقان چوڭ ئازاپ تىلغا ئېلىنىدۇ ( 63 ـ 68 ). سۆز بۇ يەرگە كەلگەندە ئۈممەتى مۇسانىڭ ھەزرىتى مۇساغا قىلغانلىرىنى ئۈممەتى مۇھەممەدنىڭمۇ سادىر قىلماسلىقى تەلەپ قىلىنىدۇ: « ئى مۇئمىنلەر! سىلەر مۇساغا ئازار قىلغان كىشىلەر (يەنى بەنى ئىسرائىل) دەك بولماڭلار! » ( 69 ).

بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ناھايىتى ئوچۇق ۋە روشەن بولۇپ، « ئى مۇھەممەد ئۈممىتى يەھۇدىيلەشمەڭلار! » دېيىلمەكتە.

مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە ھەر ئىنساننىڭ غايىسى « ئىلاھىي ئامانەت »نى خىيانەت قىلماي كېيىنكىلەرگە يەتكۈزۈش بولۇشى كېرەك. ئىلاھىي ئامانەتكە خىيانەت قىلغۇچى خىيانىتىنىڭ بەدىلىنى ئېغىر شەكىلدە ئۆتەيدۇ. قۇرئاندا « ئامانەت ئايىتى » دەپ ئاتالغان ئۇ ئايەت بۇ سۈرىدە يەر ئالغان:

إِنَّا عَرَضْنَا الْأَمَانَةَ عَلَى السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَالْجِبَالِ فَأَبَيْنَ أَنْ يَحْمِلْنَهَا وَأَشْفَقْنَ مِنْهَا وَحَمَلَهَا الْإِنْسَانُ إِنَّهُ كَانَ ظَلُومًا جَهُولًا

« شۈبھىسىزكى، بىز ئامانەتنى ئاسمانلارغا، زېمىنغا ۋە تاغلارغا تەكلىدۇق، ئۇلار ئامانەتكە خىيانەت قىلىشتىن قورقتى. ئۇنى ئىنسان ئۈستىگە ئالدى. لېكىن ئىنسان ھەقىقەتەن ( ئۆزىگە ) زۇلۇم قىلغۇچى، نادان بولۇپ چىقتى » ( 72 ).

## تالاق سۈرىسى

سۈرە بىرىنچى ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان « ئاجرىشىش، ئۈزۈلۈشىش » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان « تالاق » كەلىمىسى بىلەن ئاتالغان. يەنى:

« ئى نەبى! سلەر ئاياللارنى تالاق قلساڭلار ئۇلارنىڭ ئىددىتىگە (لايىق پەيتتە يەنى پاكلىق ھالىتىدە) تالاق قلىڭلار. (نەسەب ئارىلىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) ئىددەتنى ساناڭلار! رەببىڭلار ئاللادىن قلمشلرىڭلاردىن جاۋابكار ئىكەنلىكىڭلارنى ئۇنتۇماڭلار! » ( 1 ).

ئايەتتىكى ئەمرىنىڭ مۇھاتابى ئايالنى تالاق قىلغان ئەرلەر بولۇپ، مۇئمىن ئەرلەرگە تالاق ھوقۇقىنى ئىشلەتكەن ۋاقىتتا ئايال كىشىنىڭ ھەق - ھوقۇقىنى نەزەردە تۇتۇش ئەمر قىلىنماقتا ۋە بۇنىڭ ئاللاھ ئالدىدىكى مەسئۇلىيەتنىڭ بىر پارچىسى ئىكەنلىكى ئەسكەرتىلمەكتە. سۈرىگە ئىسمى بېرىلگەن بىرىنچى ئايەتنىڭ مەزمۇنى نەزەردە تۇتۇلغاندا، بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى « تالاق مەسىلىسىدە مەسئۇلىيەتچان بولۇش » مەنىسى ئىپادىلەيدۇ.

سۈرىنىڭ بۇ ئىسىم بىلەن ئاتىلىشى ۋاقتىنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ شەكىللەنگەن.

ئابدۇللاھ بىن مەسئۇد سۈرىنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن « قىسقا نىسا سۈرىسى - سۈرەتۇن نىسائىل قۇسرا » دەپ ئاتىغان. بۇ ئىسىم مەزكۇر سۈرىنى خۇددى نىسا سۈرىسىگە ئوخشاش « ئايالالار ھەق - ھوقوقى » مەسىلىسى ئۈستىدە توختالغان سۈرىلەر قاتارىغا تىزىدۇ.

سۈرىنىڭ قاچان نازىل بولغانلىقىنى ئېنىق بەلگىلەش قيىن. سۈرىنىڭ 1 - 7 - ئايەتلىرىنىڭ بەقەرە 228 - 234 - ئايەتلىرىنىڭ يېشىمى / ئىزاھاتى ئىكەنلىكى ھەققىتىگە ئىبنى مەسئۇدنىڭ بۇ سۈرىگە قويغان ئىسمىنى بىرلەشتۈرسەك، سۈرىنىڭ ھىجرەتتىن كېيىنلا نازىل بولۇشقا باشلىغان بەقەرە سۈرىسى ۋە ھىجرى 4 - يىلىدا نازىل بولۇشقا باشلىغان نىسا سۈرىسى ھەتتا ئەھزاپ 49 - ئايەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى دىققەتكە ئالغان ۋاقتىمىزدا، سۈرىنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان سۈرىلەردىن كېيىن نازىل بولغانلىقى مەلۇم بولماقتا. ئەھزاپ سۈرىسى بىلەن بۇ سۈرە ئارىسىدىكى ئوخشاشلىق رەسۇلۇللاھقا قارىتىلغان خىتابلاردىمۇ كۆزگە چېلىقىدۇ. ئەھزاپ 50 - ئايىتى بىلەن بۇ سۈرىنىڭ 1 - ئايىتىدە « ئى نەبى! » دەپ خىتاب قىلىنماقتا.

سۈرە قەدىمكى تەرتىپلەرنىڭ ھەممىسىدە ئىنسان - بەيىنە سۈرىلىرى ئارىسىغا تىزىلغان بولۇپ، بۇ ئورۇن بىزنىڭچە مۇۋاپىق ئەمەس. چۈنكى ئىنسان سۈرىسى مەككىدە، ھەتتا مەككىدە نازىل بولغان دەسلەپكى ئۈچتەنبىرى سۈرىلەرنىڭ ئىچىدە ئورۇن ئالىدۇ. قۇرئان سۈرىلىرىنىڭ نازىل بولۇش ۋاقتى ۋە ماكانى ھەققىدە ساھابىلەر ئىچىدە ئەڭ نوپۇزلۇق شەخس بولغان ھەم سۆزىنى ھېچكىم ئالدىراپ رەت قىلالمايدىغان ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇئەنھۇ ئىنسان سۈرىسىنىڭ قىيامەت سۈرىسىدىن بۇرۇن نازىل بولغانلىقىنى ئېيتقان. بۇ سۈرىنىڭ رىسالەتنىڭ 4 ياكى 5 - يىلىدا نازىل بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق بولغاندا ئىنسان سۈرىسىنىڭ تۈنجى تەرتىپلەردىكى ئورنى ۋە نازىل بولۇش تارىخى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنىڭ گۇۋاھلىقى، سۈرىنىڭ مەزمۇنى ۋە باالاغىتىمۇ نامايەن قىلغان ئالاھىدىلىكى نەزەردە تۇتۇلغاندا، تەرتىپتىكى ئورنى بىلەن نازىل بولغان ۋاقىت ئارىسىدا تەخمىنەن 15 يىللىق بىر پەرىق ئوتتۇرىغا چىقماقتا. بۇ دەۋر پەرقى نەزەردىن ساقىت قىلغۇدەك دەرىجىدە كىچىك ئەمەس. دەسلەپكى مەزگىلدىكى تەرتىپلەرنىڭ تالاق سۈرىسىنىڭ ئارقىسىغا تىزغان بەيىنە سۈرىسى ھىجرى 4 - يىلى رەبىئۇلئەۋۋەل ئېيىدىن بۇرۇن نازىل بولغان بولسا كېرەك. يىغىپ ئېيتقاندا، تالاق سۈرىسىنىڭ تۈنجى تەرتىپلەردە ئىنسان - بەيىنە سۈرىسى ئارىسىغا تىزىلىشىنى ئىزاھلىغىلى بولمايدۇ. بىزنىڭچە بولغاندا ئەھزاپ - مائىدە سۈرىسىنىڭ ئارىسىغا تىزىلسا مۇۋاپىق بولىدۇ.

بۇ يىپ ئۇچىغا ئاساسەن سۈرە ھىجرى 5 ياكى 6 - يىلىدا نازىل بولغان دېيىشكە بولىدۇ.

سۈرىنىڭ ئىككى مەقسىتى بار. بىرىنچىسى، ئاجرىشىپ كەتكەن ئايالنىڭ ئۇۋالچىلىققا قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ھەتتا ئىچكىرلەپ تەھلىل قىلغاندا، ئاجىزلارنى مۇشتۇمزورلارنىڭ زۇلۇمىدىن قوغداش. ئىككىنچىسى، ئۈزلەشكەن ئاياللارنىڭ ئىددەت مەسىلىسىنى چۆرىدىگەن ئاساستا، نەسەبنىڭ ساپلىقىنى ھمايە قىلىش ھەم ئاجرىشىپ كەتكەن ئاياللارغا قارىتىلغان بولغۇسى بىر تۆھمەت ۋە بۆھتاننىڭ ئالدىنى ئېلىشنى مەقسەت قىلماقتا.

ۋەھيي ئەركەك - چىشى بۇ ئىككى جىنسنى بىر - بىرىگە « تەسەللىي » بەخش ئېتىدىغان ئىككى ئامىل سۈپىتىدە تونۇشتۇرىدۇ. بۇ بىر مەقسەت بولۇپ، بۇ مەقسەت پەقەت « مېھرى - مۇھەببەت » ۋە « مەرھەمەت / شەپقەت » بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ ( رۇم، 21 ). نىكاھ رىشتى بۇ مۇناسىۋەتنىڭ يوللۇق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بىراق بىر جۈپ ئارىسىدىكى تەبىئىي مايىللىق تۈگىگەن ۋە نىكاھ رىشتىنى ئۈزۈش زۆرۈر بولۇپ قالغان ئەھۋال

ئوتتۇرىغا چىققان بولسا، بۇنىڭغىمۇ « مەجبۇرىي » يول قويۇلغان. « ئۈزۈلۈش / خېتىنى بېرىش » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان تالاق مانا بۇ ئىجازەتنىڭ ئىسمىدۇر.

ئاجرىشىش ھاياتنىڭ ئاچچىق رېئاللىقىدىن بىرى. ۋەھىي بۇ رېئاللىقنى نەزەردىن ساقىت قىلمايلا قالماستىن، ئۇۋۇالچىلىقنىڭ پەيدا بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. سۈرە 1 - 7 - ئايەتلىرىدە ئاجرىشىش ھەققىدە بەلگىلىمىلەر قويغان. ۋەھىي بۇ ئاچچىق رېئاللىقنى بېشىدىن ئۆتكۈزگۈچىلەر ئۈستىدىن ھەر دەۋرنىڭ قىيىنچىلىقىتا قالغان كىشىلىرىگە مۇنداق خۇشخەۋەر بېرىدۇ:

وَمَنْ يَتَّقِ اللَّهَ يَجْعَلْ لَهُ مَخْرَجًا (2) وَيَرْزُقْهُ مِنْ حَيْثُ لَا يَحْتَسِبُ وَمَنْ يَتَوَكَّلْ عَلَى اللَّهِ فَهُوَ حَسْبُهُ (3)

« كىمكى اﷲ ئالدىدىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن ھەرىكەت قىلىدىكەن، اﷲ ئۇنىڭغا چىقىش يولى بېرىدۇ. اﷲ ئۇنىڭغا ئويلىمىغان يەردىن رىزىق بېرىدۇ » ( 2 - 3 ).

سۈرىنىڭ 4 - ئايىتى « ئاجراشقان ئاياللارنىڭ قايتىدىن توي قىلىشى ئۈچۈن كۈتۈپ تۇرۇشى كېرەك بولغان مۇددەت » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان « ئىددەت » مەسىلىسى ھەققىدە توختىلىدۇ. سۈرىدە بۇ مەسىلىنىڭ تىلغا ئېلىنىشىغا ئۆز دەۋرىدە ئاياللارغا قارىتىلغان زۇلۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش سەۋەب بولغان. چۈنكى ئەرلەر تالاق قىلغان ئاياللارغا بېسىم قىلىپ، ئۇلارنىڭ قايتىدىن تۇرمۇشلۇق بولۇشىغا توسالغۇلۇق قىلىدىغان بولۇپ، بۇنىڭغا تالاق قىلىنغان ئايالنىڭ ھامىلە بولۇش ئېھتىماللىقىنى باھانە قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئەسلى مەقسىتى نەسەپ ساپلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ۋەياكى پۇشتىغا ئىگە چىقىش ئەمەس ئىدى. ئۇلار بۇ ئۇسلۇب بىلەن سابىق ئايالىدىن ئۆچ ئېلىشنى، بەزىسى ئۈزۈلۈشۈپ كەتكەن بولسىمۇ سابىق ئايالىنى « زاپاس » قىلىپ تۇتۇپ تۇرۇشنى، بەزىسى ئۆزىنىڭ ئەرلىك مەسئۇلىيىتىدىن قۇتۇلۇپ، ئايالىنى قول ئورنىدا ئىشلىتىشنى مەقسەت قىلاتتى. قۇرئان بۇ زۇلۇمغا خاتىمە بېرىپ، ئۇنىڭغا قارىتا بەلگىلىمىلەرنى بېكىتكەن. بۇنى پرىنسىپلارنى بەلگىلىگەندە ئەرلەرگە « تەقۋا / مەسئۇلىيەتچان » بولۇشنى ئەسكەرتكەن:

« كىمكى اﷲ ئالدىدىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن ئەمەل قىلىدىكەن، اﷲ ئۇنىڭ ئىشىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. ئەنە شۇ اﷲ نىڭ سىلەرگە نازىل قىلغان ھۆكمىدۇر، كىمكى اﷲ ئالدىدىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن ھەرىكەت قىلىدىكەن، اﷲ ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى يوققا چىقىرىدۇ، ئۇنىڭغا كاتتا ساۋاب بېرىدۇ » ( 4 - 5 ).

سۈرىنىڭ زۇلۇمغا ئۇچرىغان ئاياللارنىڭ ھەققىنى ھىمايە قىلغان مەزمۇنى تۆۋەندىكى ئايەتتە ناھايىتى يارقىن ھالدا بايان قىلىنماقتا:

أَسْكِنُوهُنَّ مِنْ حَيْثُ سَكَنْتُمْ مِنْ وُجْدِكُمْ وَلَا تُضَارُّوهُنَّ لِتُضَيِّقُوا عَلَيْهِنَّ وَإِنْ كُنَّ أُولَاتِ حَمْلٍ فَأَنْفِقُوا عَلَيْهِنَّ حَتَّى يَضَعْنَ حَمْلَهُنَّ فَإِنْ أَرْضَعْنَ لَكُمْ فَآتُوهُنَّ أُجُورَهُنَّ وَأْتَمِرُوا بَيْنَكُمْ بِمَعْرُوفٍ وَإِنْ تَعَاسَرْتُمْ فَسَتُرْضِعُ لَهُ أُخْرَى

« ئۇلارنى ( ئىددەت ئىچىدىكى ئاياللىرىڭلارنى ) قۇدرىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە ئۆزۈڭلار ئولتۇرۇۋاتقان جايىڭلارنىڭ بىر قىسمىدا ئولتۇرغۇزۇڭلار، ئۇلارغا بېسىم قىلىپ جانىدىن تويغۇزىۋەتمەڭلار. ئەگەر ئۇلار ھامىلدار بولسا يەڭگىگەنگە قەدەر ئۇلارنى تەمىنلەڭلار، ئەگەر ئۇلار سىلەر ئۈچۈن ( بالىلىرىڭلارنى ) ئېمىتىپ بەرسە، ئۇلارنىڭ ( ئېمىتىش ) ھەققىنى بېرىڭلار، ( بالىنىڭ كېلەچىكى ھەققىدە ) ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىڭلار. ئەگەر ( بالىنى ئېمىتىش مەسىلىسىدە ) كېلىشەلمىسەڭلار، ئۇنى ( يەنى بالىنى ) باشقا بىر ئايال ئېمىتسۇن » ( 6 ).

سۈرىنىڭ كېيىنكى بۆلىكى دۇنيا ۋە ئاخىرەت سائادىتىنىڭ ئاچقۇچى بولغان ۋەھىي ۋە ئۇنى بىزگە يەتكۈزگەن نۇبۇۋۋەت / ئەلچىلىك بىلەن مۇناسىۋەتلىك ( 8 - 11 ). ئەگەر بىر ئەقىل ئاللاھ نىڭ ئاجرىشىشتىن ئىبارەت بۇ مەسىلىگە ئارىلىشىشىنى چۈشىنىشتە قىيىنىلىۋاتقان بولسا، ئۇنىڭغا يەر ۋە زېمىننى « ئىنسان » غا بويسۇندۇرۇپ بەرگەن ئاللاھ نىڭ ئۇنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتمەيدىغانلىقىنى ئەسكەرتىش ئارقىلىق جاۋاب بېرىلگەن:

اللَّهُ الَّذِي خَلَقَ سَبْعَ سَمَوَاتٍ وَمِنَ الْأَرْضِ مِثْلَهُنَّ يَتَنَزَّلُ الْأَمْرُ بَيْنَهُنَّ لِتَعْلَمُوا أَنَّ اللَّهَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ وَأَنَّ اللَّهَ قَدْ أَحَاطَ بِكُلِّ شَيْءٍ عِلْمًا

« اﷲ يەتتە ئاسماننى ياراتتى، زېمىننىمۇ ئاسمانلارغا ئوخشاش ( يەنى يەتتە قىلىپ ) ياراتتى، اﷲ نىڭ ئەمرى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھەر ۋاقىت جارى بولۇپ ئۈزۈلۈكسىز ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ، ( سىلەرگە بۇنى بىلدۈرۈشۈم ) اﷲ نىڭ ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكىنى ۋە اﷲ نىڭ ھەممە نەرسىنى تولۇق بىلىدىغانلىقىنى بىلىشىڭلار ئۈچۈندۇر » ( 12 ).

خۇلاسىلىگەندە، ئىنسان ئاللاھ ئۈچۈن ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتكىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئەتىۋارلىق بىر مەۋجۇدىيەتتۇر.

# مائىدە سۈرىسى

مائىدە « ( ئەرشتىن چۈشكەن ) داستىخان » مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. 112 - 114 - ئايەتلەر ئارىسىدا ھەۋارىيۇنلارنىڭ ھەزرىتى ئىسانىڭ ھوزۇرىدا بايان قىلغان ئارزۇسى نەقىل قىلىنغان. ئەنە شۇ ئارزۇ سۈرىگە ئىسىم قىلىپ قويۇلغان. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، بۇ سۈرە ساھابىلەر دەۋرىدىلا بۇ ئىسىم بىلەن ئاتالغان ( ئىبن ھەنبەل ).

سۈرە بىرىنچى ئايىتىدە تىلغا ئېلىنغان ۋە « ئەھدىلەر، ۋەدىلەر » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان « ئۇقۇد » كەلىمىسى بىلەنمۇ ئاتالغان. ئۇنىڭدىن باشقا « قۇتقازغۇچى » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان « مۇنقىزە » ئىسمى بىلەنمۇ ئاتالغان.

سۈرە مەدىنىدە ھۇدەيبىيە سۈلھىسىدىن كېيىن نازىل بولۇشقا باشلىغان بولۇپ، بىر قېتىمدىلا نازىل بولماستىن، زامانغا يېيىلغان ئاساستا قەدەممۇ - قەدەم نازىل بولغانلىقى ئېنىق.

نازىل بولۇشقا باشلىغان يىلى ۋە يىللار ھەققىدە پەرقلىق قاراشلار مەۋجۇت. قەدىمكى نازىل بولۇش تەرتىپلىرىدە سۈرە بىر - بىرىدىن پەرقلىق ئورۇنغا تىزىلغان. ھەزرىتى ئوسمانغا نىسبەت قىلىنغان نازىل بولۇش تەرتىپىدە 112 - ئورۇن، فەتىھ - تەۋبە سۈرىسى ئارىسىدا؛ ئىبن ئابباس تەرتىپىدە 108 - ئورۇن، سەپ - تەۋبە سۈرىسى ئارىسىدا؛ ئىمام جافەر تەرتىپىدە تەۋبە سۈرىسىنىڭ ئارقىسىغا تىزىلغان بولۇپ، ئارقىدىن سانىغاندا ئىككىنچى سۈرە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

قەدىمكى تەرتىپلەردىكى بۇ ئورۇن، سۈرىنىڭ مەزمۇنى نەزەردە تۇتۇلغاندا تازا مۇۋاپىق بولمىغاندەك تۇرىدۇ. چۈنكى سۈرىنىڭ يەھۇدىيلارغا مۇناسىۋەتلىك بۆلىكى ( 42 - 71 )، بولۇپمۇ 42 - 50 - ئايەتلەر ئارىسىدىكى بۆلەكتە مۇسۇلمان - يەھۇدىي ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر ئېنىق چىقىپ تۇرىدۇ. قەدىمكى تەرتىپلەردە سۈرىنىڭ تىزىلغان ئورنىغا قارالغاندا، سۈرىنىڭ نازىل بولۇش مەزگىلى ھىجرى 10 - يىلىغا توغرا كەلمەكتە، بۇ مەزگىلدە مۇسۇلمانلار بىلەن يەھۇدىيلار ئارىسىدا بۇنداق بىر مۇناسىۋەت يوق. بۇ، سۈرىدە تىلغا ئېلىنغان مۇناپىقلار ۋە ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر ئۈچۈنمۇ ئوخشاش بىر ئەھۋال. بۇ سەۋەبتىن جابەرى ئارقىلىق يېتىپ كەلگەن جابىر بىن زەيد تەرتىپىدە سۈرە ئەھزاپ - مۇمتەھىنە سۈرىسى ئارىسىغا تىزىلغان. بۇ ئورۇننى سۈرىنىڭ مەزمۇنى توغرىلىماقتا. بۇ سۈرىدە ھىجرەتتىن كېيىنلا مۇسۇلمانلار بىلەن يەھۇدىيلار ئارىسىدا تۈزۈلگەن « مەدىنە ۋەسىقىسى / بېتىمى » ئىما قىلىنغان بۆلەكلەر مەۋجۇت. بولۇپمۇ 42 - 71 - ئايەتلەر ئارىسىدىكى بۆلەك بىلەن مۆئمىنلەر ۋە يەھۇدىيلار ئارىسىدا ھىجرەتتىن كېيىن تۈزۈلگەن مەدىنە ۋەسىقىسى ئارىسىدىكى ئوخشاشلىق كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. ئەگەر بۇ يىپ ئۇچىنى ئاساس قىلساق، سۈرىنى ھىجرەتتىن كېيىنلا نازىل بولۇشقا باشلىغان سۈرىلەر ئارىسىغا تىزىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنداق بولغاندا، باشقا بىر مەسىلە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. يەنى ئۇنىڭدىن كېيىنكى مەزگىللەرنى ئىشارەت قىلغان باشقا بۆلەكلەر... بۇ ئەھۋالدا بۇ مەسىلەرنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ

قىلىشنىڭ بىردىنبىر چارىسى سۈرىنىڭ بىر قېتىمدىلا نازىل بولماستىن، زامانغا يېپىلغان ھالدا نازىل بولغانلىقىنى قوبۇل قىلىشتۇر. بىزنىڭچە بۇ توغرا بولغان ئۇسلۇب.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك سۈرىنىڭ بىر قېتىمدىلا نازىل بولمىغانلىقى ئېنىق. يۇقىرىدىكى بايانلارمۇ بۇنى تەستىقلايدۇ. سۈرىنىڭ بىر قانچە بۆلىكى مەدىنە دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىدە نازىل بولغان بولسا كېرەك. ھەتتا بۇ ساھەدىكى نوپۇزلۇق شەخسلەرنىڭ بايانىغا ئاساسلانغاندا، قۇرئاندا ئەڭ ئاخىرىدا نازىل بولغان ئايەتلەر بۇ سۈرىدە ئورۇن ئالماقتا. ھەزرىتى ئائىشە ۋە ئىبن ئۆمەرگە نىسبەت قىلىنغان رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، مائىدە سۈرىسى قۇرئاننىڭ ئەڭ ئاخىرقى سۈرىسىدۇر. قۇرئاندىن ئەڭ ئاخىرىدا نازىل بولغان ئايەتلەرنىڭ بۇ سۈرىدە ئورۇن ئالغانلىقى سەۋەبىدىن بەلكىم مۇشۇنداق دېيىلگەن بولسا كېرەك. رەبى بىن ئەنەسنىڭچە سۈرە ۋىدا ھەججىدە نازىل بولغان. ئەسما بىنتى يەزىد مىنادا نازىل بولغانلىقىنى ئېيتقان. مۇجاھىدنىڭچە 3 - ئايەتنىڭ ئاخىرقى يېرىمى مەككىنىڭ فەتھى قىلىنىشىدىن كېيىن، باشقىلارنىڭچە ۋىدا ھەججىدە نازىل بولغان. 3 - ئايەتنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا نازىل بولغان ئايەت ئىكەنلىكى بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان. « ئەڭ ئاخىرىدا نازىل بولغان ئايەت قايسى؟ » دېگەن سوئالغا پەرقلىق جاۋابلار بېرىلگەن. بۇ ساھەدە نوپۇزلۇق شەخسلەردىن بىرى بولغان ئىبن ئابباستىنمۇ پەرقلىق ئىككى رىۋايەت يېتىپ كەلگەن. بىراق مەزمۇنغا قارالغاندا، « بۇ ئەڭ ئاخىرقى ئايەت » دېگىلى بولىدىغان ئايەت مەزكۇر سۈرىنىڭ 3 - ئايىتىدۇر:

الْيَوْمَ أَكْمَلْتُ لَكُمْ دِينَكُمْ وَأَتْمَمْتُ عَلَيْكُمْ نِعْمَتِي وَرَضِيتُ لَكُمُ الْإِسْلَامَ دِينًا

« بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېئمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم » ( 3 ).

ئايەت دىنىنىڭ « پۈتۈن »، نېئمەتنىڭ « تاماملانغانلىقى »نى بايان قىلماقتا. بىر نەرسىنى « پۈتۈن قىلىش » ئۇنىڭ جەۋھىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك تەرەپلىرىنىڭ تولۇق شەكىللىنىشىنى بىر پۈتۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلىشىنى بىلدۈرىدۇ. بىر نەرسىنى « تاماملاش » ئۇنىڭ جەۋھىرى تاماملانغان بولسىمۇ، مۇناسىۋەتلىك قىسمىنىڭ تېخى تولۇقلانمىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئاللاھ دىنىنى ھەر جەھەتتىن مۇكەممەللەشتۈرگەن. بۇ سەۋەبتىن، كېيىن دىنغا بىر نەرسىلەرنى قوشۇپ قويۇش ( بىدئەت ) رەسۇلۇللاھ تەرىپىدىن « ئازغۇنلۇق » ( زالالەت ) دەپ ئاتالغان. چۈنكى بۇ خىل قىلمىش دىنىنىڭ پۈتۈن قىلىنغانلىقىدىن ئىبارەت ئىلاھىي بۇيرۇققا قارشى چىققانلىق مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. لېكىن نېئمەت پۈتۈن قىلىنمىغان، تاماملانغان، نېئمەتنى تاماملاش ۋەزىپىسى بۇ ئۈممەتنىڭ ئالىملىرىنىڭ، يېتەكچىلىرىنىڭ ۋە رەھبەرلىرىنىڭدۇر. ئىلىم ساھەسىدە ئىجتىھاد، مۇجادىلە ساھەسىدە جىھاد، قەلب ساھەسىدە مۇجاھەدە ( نەپسىگە قارشى كۈرەش قىلىش )، ھايات ساھەسىدە جەھد ( كۈچىنىڭ يېتىشىچە تىرىشىش ) بىلەن بۇ ۋەزىپە ئادا قىلىنىدۇ.

مائىدە سۈرىسى بەلگىلىمىلەر ۋە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك رامكىلار بەلگىلەنگەن سۈرە بولۇپ، قۇرتۇبى پەقەت بۇ سۈرىنىڭ ئۆزىدىلا تىلغا ئېلىنغان 19 پەرزنى ئېنىقلاپ چىققانلىقىنى ئېيتقان. سۈرە، ئىنساندا ئۆزىنى باشقۇرغان ۋە بەلگىلىمىلەرگە رىئايە قىلغان ئاساستا ياشاش ئېڭىنى شەكىللەندۈرۈشنى مەقسەت قىلماقتا. چۈنكى بىر چەك - چېگرا بولمىسا، چەكسىزلىك بولىدۇ، ئىنسان چەكسىزلىك ئىچىدە ئۆزىنى يوقىتىپ قويىدۇ.

سۈرە ئاللاھ - بەندە ئارىسىدىكى ئەھدىگە ۋاپا قىلىش ھەققىدىكى تەلىمات بىلەن باشلىنىدۇ. غىزانىڭ ھالال - ھارام دائىرىسىنى بەلگىلەپ بېرىدۇ. پەقەت جانلا بوغۇزدىن كەلمەيدۇ، شەيتانمۇ بوغۇزدىن كىرىدۇ. ھالال ۋاپادار، ھارام ۋاپاسىزدۇر. بوغۇزدىن كىرگەن ھەر ھارام لوقما چىقىدىغان ھارام يەرنى ئىزدەيدۇ. ھارامدىن كەلگەن كىرىم چىقىش ئۈچۈن ھارام جاينى ئىزدەيدۇ.

قۇرئان ھارامنىڭ ھالال قىلىنىشى ھەققىدە بىر قېتىم توختالسا، ھالالنىڭ ھارام قىلىنىشى ھەققىدە ئون قېتىم توختىلىدۇ. بۇ سەۋەبتىن سۈرە سىغىر تۈرىدىكى ھايۋانلارنىڭ ھالال قىلىنغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر بىلەن باشلىنىدۇ. ئۆز دەۋرىدە يەھۇدىيلار ۋە مەزكۇر رايونىدىكى باشقا مەدەنىيەتلەردە ئۆز مەيلىچە بەزى ھالاللارنى ھارام

قىلىدىغان ئادەت بار ئىدى. بۇ ھۆكۈملەر مەزكۇر خاتا « ھاراملارنى » ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ.
سۈرىنىڭ 4 - ئايىتى بۇ ھەقىقەتنى بايان قىلىدۇ:

يَسْأَلُونَكَ مَاذَا أُحِلَّ لَهُمْ قُلْ أُحِلَّ لَكُمُ الطَّيِّبَاتُ

ئۇلار سەندىن ئۆزلىرىگە ( يېمەك ـ ئىچمەكتىن ) نېمىلەرنىڭ ھالال قىلىنغانلىقىنى سورايدۇ. ئېيتقىنكى، « سىلەرگە پاك نەرسىلەر ۋە ياخشى بولغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ھالال قىلىندى » ( 4 ).

يۇقىرىدا كۆرۈلگەندەك، ئايەت ھالاللارنى ساناپ ئۆتمەيدۇ. ئومۇمىي دائىرىنى بەلگىلەش بىلەن كۇپايىلىنىدۇ. ئىسلام فىقھىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈملىرىمۇ بۇ ئايەتلەرنى ئاساس قىلغان ھالدا بەلگىلەنگەن. بۇ پرىنسىپقا ئاساسلانغاندا شەيئىلەردە ئەسلى مەقسەت ئەركىن - ئازادە بولۇش بولۇپ، بۇ سەۋەبتىن ھارام قىلىنغان نەرسىلەر تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلىدۇ، ھالال قىلىنغان نەرسىلەر تىلغا ئېلىنمايدۇ. بىر نەرسە چەكلەنمىگەن بولسا، ئەركىن قويۇپ بېرىلگەن بولىدۇ.

سۈرىنىڭ 5 - ئايىتىدە ئەھلى كىتابنىڭ يېمەك - ئىچمىكىنىڭ ۋە ئاياللىرىنىڭ ھالال قىلىنغانلىقى بايان قىلىنغان. بۇنىڭدىن، قۇرئاننىڭ كىتاب ئەھلى دەپ تونۇشتۇرغان يەھۇدىيلار ۋە خرىستىيانلار ئۈچۈن ئالاھىدە بىر بەلگىلىمىنى بىكىتكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

الْيَوْمَ أُحِلَّ لَكُمُ الطَّيِّبَاتُ وَطَعَامُ الَّذِينَ أُوتُوا الْكِتَابَ حِلٌّ لَكُمْ وَطَعَامُكُمْ حِلٌّ لَهُمْ وَالْمُحْصَنَاتُ مِنَ الْمُؤْمِنَاتِ وَالْمُحْصَنَاتُ مِنَ الَّذِينَ أُوتُوا الْكِتَابَ مِنْ قَبْلِكُمْ إِذَا آتَيْتُمُوهُنَّ أُجُورَهُنَّ مُحْصِنِينَ غَيْرَ مُسَافِحِينَ وَلَا مُتَّخِذِي أَخْدَانٍ وَمَنْ يَكْفُرْ بِالْإِيمَانِ فَقَدْ حَبِطَ عَمَلُهُ وَهُوَ فِي الْآخِرَةِ مِنَ الْخَاسِرِينَ

« بۈگۈن سىلەرگە پاك نەرسىلەر ھالال قىلىندى، كىتاب بېرىلگەنلەر ( يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار ) نىڭ تاماقى سىلەرگە ھالالدۇر ۋە سىلەرنىڭ تاماقلىرىڭلار ئۇلارغا ھالالدۇر، مۇئمىنلەردىن بولغان ئەففە ئاياللارنىڭ، سىلەردىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەر ( يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار ) دىن بولغان ئەففە ئاياللارنىڭ مەھرىنى بەرسەڭلار، ئىپپەتلىك بولغىنىڭلار ۋە ئاشكارا ـ يوشۇرۇن پاھىشىنى كۆزلىمىگىنىڭلار ھالدا ( ئۇلارنى ئالساڭلار )، ئۇلار سىلەرگە ھالالدۇر، كىمكى ئىماننى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇنىڭ ئەمەلى ( نىڭ ساۋابى ) يوققا چىقىرىلىدۇ، ئاخىرەتتە ئۇ زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىدۇ » ( 5 ).

ئايەتنىڭ ئاخىرىدا مەلۇم بولغاندەك بۇنىڭ سەۋەبى « ئۇلارنىڭ ئىماننى ئىنكار قىلماسلىق »تۇر. چۈنكى « كىم ئىماننى ئىنكار قىلسا ئەمەلى بىكار بولۇپ كېتىدۇ ». ئىنكار قىلىنماسلىقى تەلەپ قىلىنغان بۇ ئىمان ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبىدىنمۇ مەلۇم بولغىنىدەك يەھۇدىي ۋە خرىستىيانلارنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان ۋە ئىچىگە باشقا نەرسىلەر قوشۇلۇپ كەتكەن ئىماندۇر. بۇ نۇقتىدا كىشىنىڭ ئەقلىگە مۇنداق بىر سوئال كېلىدۇ: « قۇرئان يەھۇدىي ۋە خرىستىيان بىرسىنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان ئىماننى ئىنكار قىلىشنى ئىماننى ئىنكار قىلغانلىق دەپ تىلغا ئالىدۇ. ئۇنداقتا مۇئمىننىڭ ئىماننى ئىنكار قىلىشنىڭ ۋابالى قانچىلىك ئېغىر بولار؟ ».

بۇنىڭدىن ئالىدىغان ساۋاق: مۇئمىننى تەكفىر دېيىش، قۇرئانغا ئاساسەن ئىماننى ئىنكار قىلغانلىق بولىدۇ.

سۈرىدە غىزا مەسىلىسى تەۋھىدنى چۆرىدىگەن ئاساستا قايتا تىلغا ئېلىنىدۇ. سۈرىدە باشتىن ئاخىر تىلغا ئېلىنغان ھەر تېمىدىن كېيىن سۆز ئىسلامنىڭ ئەڭ چوڭ پرىنسىپى بولغان تەۋھىدكە كېلىدۇ.

قۇرئاندا ئەڭ ئاخىرىدا نازىل بولغان 3 - ئايەتنىڭ ئاخىرقى قىسمى سۈرىنىڭ دەسلەپكى بۆلىكى نازىل بولغان مەزگىل ھەققىدە يىپ ئۇچى بەرمەكتە. ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان « بۈگۈن » رەسۇلۇللاھ ۋاپات بولۇشتىن تەخمىنەن ئىككى ئاي بۇرۇنقى ۋىدا ھەججىنى كۆرسەتسە كېرەك.

قۇرئاندا تاھارەت ۋە تەيەممۇمنىڭ قانداق ئېلىنىدىغانلىقى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بېرىلگەن ئايەتلەر بۇ سۈرىدە ئورۇن ئالىدۇ. بۇ ئايەتلەر تۆۋەندىكىچە:

يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِذَا قُمْتُمْ إِلَى الصَّلَاةِ فَاغْسِلُوا وُجُوهَكُمْ وَأَيْدِيَكُمْ إِلَى الْمَرَافِقِ وَامْسَحُوا بِرُءُوسِكُمْ وَأَرْجُلَكُمْ إِلَى الْكَعْبَيْنِ وَإِنْ كُنْتُمْ جُنُبًا فَاطَّهَّرُوا وَإِنْ كُنْتُمْ مَرْضَى أَوْ عَلَى سَفَرٍ أَوْ جَاءَ أَحَدٌ مِنْكُمْ مِنَ الْغَائِطِ أَوْ لَامَسْتُمُ النِّسَاءَ فَلَمْ تَجِدُوا مَاءً فَتَيَمَّمُوا صَعِيدًا طَيِّبًا فَامْسَحُوا بِوُجُوهِكُمْ وَأَيْدِيكُمْ مِنْهُ مَا يُرِيدُ اللَّهُ لِيَجْعَلَ عَلَيْكُمْ مِنْ حَرَجٍ وَلَكِنْ يُرِيدُ لِيُطَهِّرَكُمْ وَلِيُتِمَّ نِعْمَتَهُ عَلَيْكُمْ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ

« ئى مۆئمىنلەر! ( سىلەر تاھارەتسىز بولۇپ ) ناماز ( ئوقۇماقچى بولۇپ ) تۇرغىنىڭلاردا، يۈزۈڭلارنى يۇيۇڭلار، قولۇڭلارنى جەينىكىڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار، بېشىڭلارغا مەسىھى قىلىڭلار، پۇتۇڭلارنى ئوشۇقۇڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار، ئەگەر جۈنۈپ بولساڭلار پاكلىنىڭلار ( يەنى غۇسلى قىلىڭلار )، ئەگەر كېسەل بولساڭلار ( سۇ زىيان قىلىدىغان بولسا )، ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ ( سۇ تاپالمىساڭلار )، ياكى سىلەرنىڭ بىرسىڭلار ھاجەتخانىدىن كەلگەن ( يەنى تاھارەت سۇندۇرغان ) بولساڭلار، ياكى ئاياللىرىڭلار بىلەن يېقىنچىلىق قىلغاندىن كېيىن ( غۇسلى تاھارەت ئۈچۈن ) سۇ تاپالمىساڭلار، پاك تۇپراقتا تەيەممۇم قىلىڭلار، ئۇنىڭ بىلەن يۈزۈڭلارغا، قولۇڭلارغا مەسىھى قىلىڭلار، اﷲ سىلەرگە مۇشەققەتنى خالىمايدۇ، لېكىن اﷲ شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرنى پاك قىلىشنى، ( ئىسلام شەرىئىتىنى بايان قىلىش بىلەن ) نېمىتىنىڭ ھەممىسىنى سىلەرگە بەخش ئېتىشنى خالايدۇ » ( 6 ).

قۇرئاننىڭ ئادالەت ھەققىدىكى تەلىماتلىرىدىن بىرسى بۇ سۈرىدە ئورۇن ئالغان:

يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا كُونُوا قَوَّامِينَ لِلَّهِ شُهَدَاءَ بِالْقِسْطِ وَلَا يَجْرِمَنَّكُمْ شَنَآنُ قَوْمٍ عَلَى أَلَّا تَعْدِلُوا اعْدِلُوا هُوَ أَقْرَبُ لِلتَّقْوَى وَاتَّقُوا اللَّهَ إِنَّ اللَّهَ خَبِيرٌ بِمَا تَعْمَلُونَ

« ئى مۆئمىنلەر! اﷲ ئۈچۈن ھەق تەرەپتە تۇرۇپ ئادالەتنىڭ سىمۋولى بولۇڭلار، بىرەر قەۋمگە بولغان ئۆچمەنلىكىڭلار ( ئۇلارغا ) ئادىل بولماسلىقىڭلارغا سەۋەب بولمىسۇن، ( دۈشمىنىڭلارغا ) ئادىل بولۇڭلار، بۇ ( يەنى ئۇلارغا ئۆچمەن تۇرۇپ ئادىل بولۇشۇڭلار ) تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر، اﷲ ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىڭلارنى ئۇنتۇماڭلار، اﷲ ھەقىقەتەن قىلمىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر » ( 8 ).

ئىلاھىي چەك - چېگرالار بەلگىلەنگەن ۋە رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك پرىنسىپلار بايان قىلىنغان بىرىنچى بۆلەكتىن كېيىن بايان يەھۇدىيلىشىش ۋە خرىستىيانلىشىش خەۋپىگە يۈتكىلىپ، بەنى ئىسرائىل تارىخىدىن بىر قاتار يەھۇدىيلىشىش ئۆرنىكى بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئىسەۋى مۆئمىنلەرنىڭ خرىستىيانلىشىش جەريانىنىڭ مەنتىقىسىنى كۆرسىتىپ بەرگەن داۋالىرىمۇ بايان قىلىنىدۇ. 12 - ئايەتتىن باشلانغان تېما 34 - ئايەتكىچە داۋاملىشىدۇ. بۇ نۇقتىدا بەنى ئىسرائىل ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ۋە ئىنسان ھاياتىنىڭ مۇقەددەسلىكىنىڭ ئەڭ يارقىن ئىپادىسى بولغان بۇ پرىنسىپنىڭ ھەر دەۋرنىڭ مۆئمىنلىرى ئۈچۈنمۇ كۈچكە ئىگە بىر تەلىمات ئىكەنلىكى تۆۋەندىكى بايانلاردىن مەلۇم بولماقتا:

مِنْ أَجْلِ ذَلِكَ كَتَبْنَا عَلَى بَنِي إِسْرَائِيلَ أَنَّهُ مَنْ قَتَلَ نَفْسًا بِغَيْرِ نَفْسٍ أَوْ فَسَادٍ فِي الْأَرْضِ فَكَأَنَّمَا قَتَلَ النَّاسَ جَمِيعًا وَمَنْ أَحْيَاهَا فَكَأَنَّمَا أَحْيَا النَّاسَ جَمِيعًا وَلَقَدْ جَاءَتْهُمْ رُسُلُنَا بِالْبَيِّنَاتِ ثُمَّ إِنَّ كَثِيرًا مِنْهُمْ بَعْدَ ذَلِكَ فِي الْأَرْضِ لَمُسْرِفُونَ

« شۇ ( يەنى قابىلنىڭ ھابىلنى ناھەق ئۆلتۈرگەنلىكى ) سەۋەبتىن ( تەۋراتتا ) ئىسرائىل ئەۋلادىغا ھۆكۈم قىلدۇقكى:

كىمكى ناھەق ئادەم ئۆلتۈرمىگەن ياكى يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلمىغان بىر ئادەمنى ئۆلتۈرسە، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنى ئۆلتۈرگەندەك بولىدۇ، كىمكى بىر ئادەمنى تىرىلدۈرسە ( يەنى قۇتقۇزسا ياكى ھايات قېلىشىغا سەۋەبچى بولسا )، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنى تىرىلدۈرگەندەك بولىدۇ.

رەسۇللىرىمىز بەنى ئىسرائىلغا راستلا ( شانلىق ) مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ( يەنى ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ) تولىسى ( كۇفرىدا، ئادەم ئۆلتۈرۈشتە ) زېمىندا ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردىن بولدى » ( 32 ).

ئادەمنىڭ ئىككى ئوغلى ھەققىدىكى قىسسىمۇ ئىنسان ھاياتىغا قەست قىلىشنىڭ يامان قىلمىش ئىكەنلىكى دائىرىسىدە بايان قىلىندۇ ( 27 - 31 ). ئەسلىدە ئادەمنىڭ ئىككى ئوغلىنىڭ قىسسىسى ئادەم باللىرىنىڭ قىسسىسىدۇر. بۇ قىسسىدە جىنايەت بىلەن ئاخىرلاشقان دۈشمەنلىكنىڭ ئارقا پەردىسىدە « ھەسەت ۋە قىزغىنىش » ياتماقتا. ئۇنىڭ تەكتىدە دۇنياغا بېرىلىپ كېتىش ياتىدۇ. ئەگەر قابىل دۇنيا مېلىغا رىشتە باغلىمىغان بولسا ئىدى، ئىلكىدىكى نەرسىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى قۇربان قىلغان، قۇربانلىقى قوبۇل قىلىنغان بولاتتى. ئەگەر قۇربانلىقى قوبۇل قىلىنغان بولسا ئىدى، قىزغانچۇقلۇق قىلمىغان ۋە بۇ جىنايەتنى سادىر قىلىشقا سەۋەب بولىدىغان باسقۇچقا كىرمىگەن بولاتتى. بۇ جەرياننىڭ ئەڭ بېشىدا دۇنيالىقلارغا بېرىلىپ كېتىش كەلمەكتە. دۇنيالىقلارغا بېرىلىپ كېتىش يەھۇدىيلىشىش مايىللىقىنىڭ ئەڭ تىپىك ئالامىتىدۇر. بۇ ئايەتنىڭ داۋامىدىمۇ يەھۇدىيلىشىپ كەتكەن بەنى ئىسرائىل ۋە خىرىستىيانلاشقان ئىسەۋىلەر ( ئىسا ئۇممىتى ) ھەققىدە بايانلار بېرىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە نازىل قىلىنغان ۋەھيي بىلەن ھۆكۈم قىلمىغانلىقى بايان قىلىندۇ ( 41 - 47 ).

بۇ ئارقىلىق بۇ ئىككى تائىپىنىڭ سەمىمىيەتسىزلىكى تەكىتلەنگەن ۋە « ئۇلار مۇئمىنلەرنى ئۆزلىرىگە دەۋەت قىلىدۇ، لېكىن ئۆزلىرى ئۆزىگە بېرىلگەن كىتابلارنىڭ ئەمرى بىلەن ئىش قىلمايدۇ. ئۇلار باشقىلارنى ئۆزىگە دەۋەت قىلىشتىن بۇرۇن ئۆزىنىڭ كىتابلىرىغا ھۆرمەت قىلسۇن! » دېيىلمەكتە.

يەھۇدىيلىشىش ۋە خىرىستىيانلىشىش ئۆرنەكلىرى بايان قىلىنغاندىن كېيىن، مۇئمىنلەرگە « ئى ئىمان ئېيتقانلار! » دەپ خىتاب قىلىش بىلەن بىۋاستە ۋە ۋاستىلىق ھالدا يەھۇدىيلىشىش ۋە خىرىستىيانلىششقا قارشى ئېلىنىدىغان تەدبىرلەر كۆرسىتىپ ئۆتۈلىدۇ ( 51 - 69 ). ئاندىن سۆز يەنە يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلارغا قايتىدۇ. قۇرئاننىڭ قەيىرىدە سۆز يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلارغا كەلسە، ئۇ يەردە ياخشى - يامانىنى ئايرىش ئۇسلۇبىنى كۆرىمىز. بۇ ئۇسلۇب بۇ يەردىمۇ ئورۇن ئالغان. قۇرئان مۇھاتابىدا تاللاپ ئايرىيالايدىغان بىر ئەقىل بەرپا قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ، ھەرگىزمۇ ھەممىنى قارا قويۇق بىر تاياقتا ھەيدەيدىغان مۇئامىلىگە يېشىل چىراق ياقمايدۇ. بۇ ئۇسلۇب مەزكۇر سۈرىدىمۇ كۆرۈلىدۇ. قۇرئان « بىز ناسارالاردىن » دېگۈچىلەرنى باشقىلاردىن مۇنداق ئايرىيدۇ:

لَتَجِدَنَّ أَشَدَّ النَّاسِ عَدَاوَةً لِلَّذِينَ آَمَنُوا الْيَهُودَ وَالَّذِينَ أَشْرَكُوا وَلَتَجِدَنَّ أَقْرَبَهُمْ مَوَدَّةً لِلَّذِينَ آَمَنُوا الَّذِينَ قَالُوا إِنَّا نَصَارَى ذَلِكَ بِأَنَّ مِنْهُمْ قِسِّيسِينَ وَرُهْبَانًا وَأَنَّهُمْ لَا يَسْتَكْبِرُونَ (82) وَإِذَا سَمِعُوا مَا أُنْزِلَ إِلَى الرَّسُولِ تَرَى أَعْيُنَهُمْ تَفِيضُ مِنَ الدَّمْعِ مِمَّا عَرَفُوا مِنَ الْحَقِّ يَقُولُونَ رَبَّنَا آَمَنَّا فَاكْتُبْنَا مَعَ الشَّاهِدِينَ (83) وَمَا لَنَا لَا نُؤْمِنُ بِاللَّهِ وَمَا جَاءَنَا مِنَ الْحَقِّ وَنَطْمَعُ أَنْ يُدْخِلَنَا رَبُّنَا مَعَ الْقَوْمِ الصَّالِحِينَ (84)

پۈتۈن ئىنسانلار ئىچىدە يەھۇدىيلار ۋە مۇشرىكلارنىڭ مۇئمىنلەرگە ھەممىدىن قاتتىق دۈشمەن ئىكەنلىكىنى چوقۇم بايقايسەن. يەنە ئىنسانلارنىڭ ئىچىدە « بىز ناسارا » دېگەن كىشىلەرنىڭ دوستلۇق جەھەتتە مۇئمىنلەرگە ھەممىدىن يېقىن ئىكەنلىكىنىمۇ چوقۇم بايقايسەن. بۇنىڭ سەۋەبى، ناسارالارنىڭ ئىچىدە ( ھەقنى قوبۇل قىلىشتا ) تەكەببۇرلۇق قىلمايدىغان ئۆلىمالار ۋە راھىبلار بولغانلىقى ئۈچۈندۇر.

ئۇلار رەسۇلغا نازىل قىلىنغان قۇرئاننى ئاڭلىغان چاغلىرىدا ھەقىقەتنى تونۇغانلىقلىرىدىن ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن ياش قويۇلغانلىقنى كۆرىسەن. ئۇلار ئېيتىدۇ:

« رەببىمىز، بىز ئىمان ئېيتتۇق، بىزنى ( رەسۇلۇڭنى، كىتابىڭنى ) ئېتىراپ قىلغۇچىلار قاتارىدا قىلغىن. بىز نېمىشقا اللە قا، بىزگە كەلگەن ھەقىقەتكە ئىشەنمەيلى؟ ھالبۇكى، بىز رەببىمىزنىڭ بىزنى ياخشى كىشىلەر قاتارىدا ( جەننەتكە ) كىرگۈزۈشنى ئۈمىد قىلىمىز » ( 82 - 84 ).

قۇرئاننىڭ « بىز ناسارالاردىن » دېگۈچىلەرنى مۇشرىكلاردىن ۋە يەھۇدىيلەردىن ئايرىم تۇتقانلىقى ناھايىتى ئېنىق. لېكىن بىزنىڭچە « بىز ناسارالاردىن » دېگۈچىلەر باشقا ئايەتلەردە « ناسارا ۋە ناسرانىيۇن » دەپ تىلغا

ئېلىنغان خىرىستىيانلاردىنمۇ پەرقلىق بىر گۇرۇپپىتۇر. بۇلار « خىرىستىيان » ئەمەس، ئۇلارنى « ئىسەۋى » دەپ ئاتاش تېخىمۇ مۇۋاپىق. نەجاشى مانا بۇ ئىسەۋىلەردىن ئىدى. شۇڭا ھەم « بىز ناسارالاردىن » دېدى ھەم ئاللاھ رەسۇلىغا ۋە قۇرئانغا ئىمان ئېيتتى. نەجاشىنىڭ ھەبەشىستان مۇھاجىرى بولغان مۇسۇلمانلارنىڭ قىلغان نامىزىنى قىلىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان ياكى بىلىدىغانلار چىقمىدى. نەجاشىنىڭ ئۆزىنى بۇرۇنقىدىن باشقىچە سۈپەتلىگەنلىكىگە شاھىت بولغانلارمۇ بولمىدى. بۇ كىملىكى بىلەن ئۇ « بىز ناسارالاردىن » دېگۈچىلەر قاتارىدىن ئىدى. بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى رىۋايەتلىرىدىن « بىز ناسارالاردىن » دېگەن گۇرۇپپىنىڭ ھەبەشىستاندىن كەلگەن 12 كىشىلىك ئىسەۋى دىن ئۆلىمالىرى ئىكەنلىكى مەلۇم بولماقتا. مەككىدە بۇ ئېتىقادقا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئۈچ كىشى بار ئىدى. ئۇلار ۋەرەقە بىن نەۋفەل، ئۇبەيدۇللاھ بىن جاھش ۋە ئوسمان بىن ھۇۋەيرىس. ئەبۇ سۇفيانىنىڭ قىزى ئۇممۇ ھەبىبەنىڭ رەسۇلۇللاھتىن بۇرۇنقى ئېرى بولغان ئۇبەيدۇللاھ بىن جاھشىنىڭ ئاقىۋىتى يۇقىرىدىكى ئىككى كىشىدىن پەرقلىق بولغان. بۇ زات ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغان مۇھاجىرلار ئارىسىدىن ئورۇن ئېلىش شەرىپىگە نائىل بولغان. لېكىن ھەبەشىستاندا ھاراققا بېرىلىپ كەتكەن بولۇپ، كېيىن تەسلىسچى خىرىستىيانلار ( ئۈچ ئىلاھ ئېتىقادىدىكى ) ئېتىقادىغا كىرىپ كەتكەن ۋە بۇ ئېتىقادى ئۈستىدە ئۆلگەن.

87 - ئايەتتە سۈرە ھالال غىزا مەسىلىسىگە قايتىدۇ ۋە ئارقىدىنلا كەلىسە - كەلمەس قەسەملەرنىڭ كاپارىتىنى تىلغا ئالىدۇ ( 89 ). بۇ ئىككىسى ئارىسىدىكى ئوخشاشلىق ھەممىگە مەلۇم. غىزا بوغۇزدىن كىرىدۇ، سۆز ئېغىزدىن چىقىدۇ. شۇڭا ئىنسان مەيلى غىزا ياكى قەسەم بولسۇن، بۇلاردا مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ھەرىكەت قىلىشى كېرەك. ئاندىن ۋەھيي ھاراق، قىمار ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش ھەر خىل لاتارىيە ئويۇنلىرى ۋە ئاللاھتىن غەيرىگە قۇربان قىلىنغان قۇربانلىقلار ئۈستىدە توختىلىدۇ ( 90 - 91 ). ئۇنىڭدىن كېيىن سۆز ھەج جەريانىدا ئوۋ ۋە ئوۋ ئوۋلاش ئۈستىدىن ھەج ئىبادىتىگە كەلتۈرۈلىدۇ ( 94 - 97 ). بۇ بۆلۈمدە ساختا مۇقەددەسلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك جاھىلىيەت ئەنئەنىسى ئۈستىدە توختىلىدۇ.

سۈرىنىڭ 103 - ئايىتى قەدىمدىن تارتىپ ئەنئەنە شەكلىدە داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ۋە گۆشى ھالال بولغان ھايۋانلارنى بەزى سەۋەبلەر بىلەن « ئاتاق » دەپ ئاتاپ، ئاندىن ئۇ ھايۋانلارنى يارىتىلىش مەقسىتىنىڭ سىرتىغا چىقىرىۋېتىش ئەنئەنىسى ھەققىدە توختىلىدۇ. بۇ خىل ھايۋانلارنىڭ گۆشىدىن، سۈتىدىن، يۇڭىدىن، تېرىسىدىن، خۇلاسەكالام، ھېچنىمىسىدىن پايدىلانغىلى بولمايتتى. ھالبۇكى، بۇ ساختا مۇقەددەسلىك ئەسلىدە ئاللاھ قويغان مەۋجۇدىيەت تەرتىپى ( مەراتىبۇل ۋۇجۇد )گە خىلاپ ئىدى. مانا بۇ نۇقتىدا قۇرئاننىڭ « كور ئەنئەنىچىلىككە » ۋە « تەقلىدچىلىككە » قارشى تۇتقان پوزىتسىيىسىنى بىلدۈرىدىغان ئايەت ئورۇن ئالماقتا:

وَإِذَا قِيلَ لَهُمْ تَعَالَوْا إِلَى مَا أَنْزَلَ اللَّهُ وَإِلَى الرَّسُولِ قَالُوا حَسْبُنَا مَا وَجَدْنَا عَلَيْهِ آبَاءَنَا أَوَلَوْ كَانَ آبَاؤُهُمْ لَا يَعْلَمُونَ شَيْئًا وَلَا يَهْتَدُونَ

ئۇلارغا اﷲ نازىل قىلغان ۋە رەسۇل بايان قىلغان ھۆكۈمگە ئەمەل قىلىڭلار دېيىلسە، ئۇلار: « ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ دىنى بىزگە كۇپايە » دەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى ھېچ نەرسە بىلمەيدىغان ۋە توغرا يولدا بولمىغانلاردىن بولۇپ قالغان بولسىمۇ ئۇلارغا ئەگىشەمدۇ؟ ( 104 ).

ۋەسىيەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنىڭ مەقسىتى ھەر قانداق نەرسىنىڭ ئىگە - چاقىسىز قالماسلىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشتۇر ( 106 - 108 ). چۈنكى مال - مۈلۈك ئىگە - چاقىسىز قالغاندا گۇناھقا سەۋەب بولۇپ قالماقتا. خاراكتېرى ئاجىز ۋە ھەقسىزلىككە مايىل ئىنسانلارنىڭ كۆزى ھەر دائىم ئىگىسى يوق مۈلۈككە تىكىلىدۇ. بۇ جىنايەت ۋە گۇناھقا تەرغىپنىڭ بىر تۈرىدۇر. قۇرئاننىڭ مىراس ۋە ۋەسىيەتكە ئەستايىدىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشىنىڭ ئارقا پەردىسىدە مانا بۇ ئامىل ياتماقتا.

ئاندىن سۆز مال - مۈلۈك ھەققىدىكى ۋەسىيەتتىن ھەقىقەتنىڭ ۋەسىيىتىگە، مال - مۈلۈك مىراسىدىن رىسالەت مىراسىغا يۆتكىلىدۇ. رىسالەت مىراسىغا خىيانەت قىلىپ، ئۆزىگە ئەۋەتىلگەن رەسۇلنى ئىلاھلاشتۇرغان خىرىستىيانلار ئۈستىدىن ئۇممەتى مۇھەممەدكە « خىرىستىيانلىشىپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار! » دەيدۇ ( 109

- 118 ). سۈرىگە ئىسىم قىلىپ قويۇلغان ئايەتلەر بولغان 112 - 115 - ئايەتلەر بۇ ئاخىرقى بۆلەكتە ئورۇن ئالىدۇ.

مانا بۇ نۇقتىدا ئالللاھ قۇرئاندا ھەزرىتى ئىسادىن بىر سوئال سورايدۇ ۋە ئارقىدىن مۇنداق جاۋاب بېرىلىدۇ:

وَإِذْ قَالَ اللَّهُ يَا عِيسَى ابْنَ مَرْيَمَ أَأَنْتَ قُلْتَ لِلنَّاسِ اتَّخِذُونِي وَأُمِّيَ إِلَهَيْنِ مِنْ دُونِ اللَّهِ قَالَ سُبْحَانَكَ مَا يَكُونُ لِي أَنْ أَقُولَ مَا لَيْسَ لِي بِحَقٍّ إِنْ كُنْتُ قُلْتُهُ فَقَدْ عَلِمْتَهُ تَعْلَمُ مَا فِي نَفْسِي وَلَا أَعْلَمُ مَا فِي نَفْسِكَ إِنَّكَ أَنْتَ عَلَّامُ الْغُيُوبِ (116) مَا قُلْتُ لَهُمْ إِلَّا مَا أَمَرْتَنِي بِهِ أَنِ اعْبُدُوا اللَّهَ رَبِّي وَرَبَّكُمْ وَكُنْتُ عَلَيْهِمْ شَهِيدًا مَا دُمْتُ فِيهِمْ فَلَمَّا تَوَفَّيْتَنِي كُنْتَ أَنْتَ الرَّقِيبَ عَلَيْهِمْ وَأَنْتَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ شَهِيدٌ (117) إِنْ تُعَذِّبْهُمْ فَإِنَّهُمْ عِبَادُكَ وَإِنْ تَغْفِرْ لَهُمْ فَإِنَّكَ أَنْتَ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ (118)

مانا بۇ ۋاقىتتا اﷲ: « ئى مەريەم ئوغلى ئىسا! سەن كىشىلەرگە، اﷲ نى قويۇپ مەن بىلەن ئانامنى ئىككى ئىلاھ قىلىۋېلىڭلار، دېدىڭمۇ؟ » دېدى. ئىسا ئېيتتى:

« ( رەببىم! ) شەنىڭگە لايىق ئەمەس نەرسىلەردىن سېنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەنكى، ماڭا ئېيتىشقا تېگىشلىك بولمىغان سۆزلەرنى مەن ئېيتمايمەن، ئەگەر مەن بۇ سۆزنى ئېيتقان بولسام، ئۇنى سەن چوقۇم بىلىسەن. سەن مېنىڭ زاتىمدىكىنى بىلىسەن، مەن سېنىڭ زاتىڭدىكىنى بىلمەيمەن، سەن غەيبلەرنى ناھايىتى ئوبدان بىلىسەن.

مەن ئۇلارغا پەقەت سەن مېنى ئېيتىشقا بۇيرۇغان سۆزنى، يەنى، مېنىڭ رەببىم ۋە سىلەرنىڭ رەببىڭلار بولغان اﷲ قا ئىبادەت قىلىڭلار، دېدىم. مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بولغان مۇددەتتە ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىگە شاھىت بولغان ئىدىم، مېنى قەبزى روھ قىلغىنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى سەن كۆزىتىپ تۇرغان ئىدىڭ، سەن ھەممە نەرسىدىن خەۋەردارسەن. ئەگەر ئۇلارغا ئازاب قىلساڭ ئۇلار سېنىڭ بەندىلىرىڭدۇر، ئەگەر ئۇلارغا مەغپىرەت قىلساڭ سەن ( ئىشىڭدا ) غالىب، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇرسەن » ( 116 - 118 ).

ئەسلىدە بۇ سوئال ھەزرىتى ئىسا ئۈستىدىن قۇرئان ۋەھيىنىڭ تۇنجى مۇھاتابى بولغان رەسۇلۇللاھتىن سورالماقتا. رەسۇلۇللاھ بۇ يەردىكى ئاگاھلاندۇرۇشنى ھەقىقىتى بىلەن كۆرۈپ يەتكەن. بۇ سەۋەبتىن ئۈممىتىگە ۋەسىيەت سۈپىتىدە مۇنداق دېگەن:

« مەريەم ئوغلىنى ھەددىدىن زىيادە كۆككە كۆتۈرگەندەك، سىلەرمۇ مېنى ھەددىدىن زىيادە كۆككە كۆتۈرمەڭلار! شۇنى بىلىڭلاركى مەن پەقەت بىر بەندە. مېنى " ئالللاھ نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى / رەسۇلى " دەڭلار » ( بۇخارى ).

يۇقىرىدىكى بۆلەكنىڭ ئاخىرىدا ئورۇن ئالغان ئايەت رەسۇلۇللاھقا شۇنداق قاتتىق تەسىر كۆرسەتكەن بولۇپ، بىر قېتىملىق نامىزىدا كۆز ياشلىرى ئىچىدە بۇ ئايەتنى ئون نەچچە قېتىم قايتا - قايتا ئوقۇغان.

سۈرە ئالللاھ نىڭ ئاسمانلارنىڭ ۋە يەرنىڭ مۇتلەق ھۆكۈمرانى ئىكەنلىكى تەكىتلىنىش بىلەن ئاخىرلاشقان:

لِلَّهِ مُلْكُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَمَا فِيهِنَّ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ

« ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلاردىكى پۈتۈن مەۋجۇداتنىڭ پادىشاھلىقى اﷲ قا مەنسۇپتۇر، اﷲ ھەر نەرسىگە قادىردۇر » ( 120 ).

بۇ ئايەتنىڭ باشتىن ئاخىر كۈندىلىك ھاياتقا مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سۈرىنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى مۇنداق:

ھەجىم ۋە ئۆمۈر نۇقتىسىدىن ئىنسان بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە چوڭ ۋە ئۇزۇن ئۆمۈرلۈك بولغان ئاسمانلار ۋە زېمىن ئۈچۈن بەلگىلىك قانۇن - مىزانلارنى قويغان ئالللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن ئىنسان ئۈچۈن قانۇن قويماي، ئۇنى ئىختىيارىغا قويۇپ بېرەمدۇ؟ ئاسمانلار ۋە زېمىن مەنسۇپ بولغان قانۇنلار بولىدۇ - يۇ، ئىنسانلار بەلگىلىمىدىن خالىي ياشامدۇ؟

خۇلاسىلىگەندە، ئاللاھ قا بەرگەن ئەھدە بىلەن باشلانغان سۈرە ئاللاھ نىڭ ئەزمى بىلەن ئاخىرلاشقان.

## مۇمتەھانە سۈرىسى

سۈرىگە 10 - ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن « سىنالغان ئايال » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان « مۇمتەھانە » ئىسمى قويۇلغان:

« ئى مۆئمىنلەر! سىلەرگە مۆئمىن ئاياللار ھىجرەت قىلىپ كەلسە، گەرچە اﷲ ئۇلارنىڭ ئىمانىنى ئوبدان بىلسىمۇ، سىلەر يەنىلا ئۇلارنى سىناپ كۆرۈڭلار » ( 10 ).

ئەگەر سۈرىنىڭ ئىسمى مۇمتەھانە شەكلىدە تەلەپپۇز قىلىنسا توغرا تەلەپپۇز قىلىنغان ۋە ئىسمى ھەم سۈرىنىڭ مەزمۇنى بىلەن ھەم لەبزى بىلەن بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلانغان بولىدۇ.

سۈرە، مەزمۇنىغا ماس بولمىغان شەكلىدە مۇمتەھىنە دەپ ئاتالغان. بۇ ئەھۋالدا ئىمتىھان سۈرىگە نىسبەت قىلىنىپ، « ئىمتىھان قىلغان سۈرە »، يەنى « ئىمتىھان سۈرىسى » مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر بۇ نەزەردە تۇتۇلغان بولسا بۇ يەردە بىر خاتالىق بار دېمەكتۇر. چۈنكى فىرۇزئابادىنىڭ بايانىغا ئاساسەن سۈرىنىڭ ئۈچ ئىسمىدىن ئىككىنجىسى « ئىمتىھان سۈرىسى » بولۇپ، بىۋاستە مۇشۇنداق دېيىلسە تېخىمۇ توغرا بولىدۇ. مۇمتەھانەنىڭ مۇمتەھىنە دەپ ئوقۇلۇشىنى ئىبارە خاتالىقى دەپ قاراشقا بولىدۇ. چۈنكى سۈرىنىڭ ئىسمىنى مۇمتەھىنە دەپ تەلەپپۇز قىلىشنى تەقەززا قىلىدىغان بىر مەزمۇن يوق. مەزمۇنىغا مۇۋاپىق بولغان ئىسمى مۇمتەھانەدۇر.

بۇنىڭدىن باشقا، بۇ سۈرە مەزكۇر سۈرىدە ئۈچ قېتىم تىلغا ئېلىنغان « مەۋەددە - سۆيگۈ / مۇھەببەت » كەلىمىسى بىلەنمۇ ئاتالغان ( 1، 7 ).

سۈرىنىڭ نازىل بولۇشىغا سەۋەب بولغان ۋەقە مۇنداق:

ھىجرى 4 - يىلىدا ئەبۇ لەھەبنىڭ سارە ئىسىملىك مۇشرىك دېدىكى مەدىنىگە كېلىپ ياردەم سورايدۇ. ئۇنىڭغا ياردەم قىلىنىدۇ. بۇ ئايال ھۇدەيبىيەدىن كېيىن مەككىگە قايتقاندا خاتىپ ئۇنىڭغا بىر مەكتۇپ بېرىدۇ. خاتىپ ئۆزى ھىجرەت قىلغان بولسىمۇ ئانىسى، باللىرى ۋە قېرىنداشلىرى مەككىدە ھىمايىسىز قالغان بىر كىشى ئىدى. مېنىڭچە، ئۇ ئايال مەككىلىكلەر جاسۇسلۇق ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئايال بولۇپ، خاتىپنىڭ ئەقلىنى قايمۇقتۇرغان ئىدى.

بۇ ئايال كۆپرىدا چىڭ تۇرغان ۋە كاپىر ھالىتىدە ئۆلتۈرۈلگەن. بۇ ئايالنىڭ فەتھىتىن كېيىن « ئامانلىق » بېرىلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگەن ئىككى ئايالدىن بىرسى بولۇشى بۇ قاراشنى كۈچلەندۈرمەكتە. خاتىپنىڭ ئۇھۇد ئۇرۇشىدا « يېرىڭلاردىن ئايرىلماڭلار » دېگەن بۇيرۇق بىلەن ئوقچىلار تۆپىسىگە يەرلەشتۈرۈلگەنلەر ئىچىدىن بۇيرۇققا خىلاپلىق قىلىپ ئورنىدىن ئايرىلغان كىشىلەردىن بىرى ئىكەنلىكى نەزەردىن ساقىت قىلىنماسلىقى كېرەك. ئۇ مەكتۇبىدا مۇنداق يازغان:

« رەسۇلۇللاھ كېچىدە تۇيۇقسىز كەلگەن سەلگە ئوخشايدىغان قوشۇن بىلەن سىلەرگە قاراپ كېلىۋاتىدۇ، بۇنىڭدىن خەۋىرىڭلار بولۇپ قالسۇن. ئاللاھ قا قەسەم بولسۇنكى، ئۇ ئۆزى يالغۇز ھالدا سىلەرگە قاراپ ئاتلانغان تەقدىردىمۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا نۇسرەت ئاتا قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ، ئاللاھ نىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن ۋەدىسىگە نائىل بولىدۇ » ( ئالۇسى ).

رەسۇلۇللاھ بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ھەزرىتى ئەلى باشچىلىقىدا تۆت كىشىنى بۇ ئايالنى تۇتۇپ كېلىشكە ئەۋەتىدۇ. ئۇلار راۋزائى ھاھ دېگەن جايدا بۇ ئايالغا يېتىشىدۇ ۋە تەھدىد قىلىپ مەكتۇبنى تاپشۇرۇشقا مەجبۇرلايدۇ. ئۇ ئايال ئامالسىز مەكتۇبنى يوشۇرۇپ قويغان جايىدىن ئېلىپ ئۇلارغا تاپشۇرىدۇ. رەسۇلۇللاھ خاتىپنى چاقىرتىدۇ. خاتىپ:

« ئى رەسۇلۇللاھ، مېنىڭ زىيىنىمغا ھۆكۈم بېرىشتە ئالدىرىمىغىن. مەن قۇرەيشتىن ئەمەس، قۇرەيشنىڭ ياللانمىچىسى. سەن بىلەن بىرگە كەلگەن مۇھاجىرلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ مەككىدە يېقىنلىرى بار. ئۇلار مەككىدە قالغان ئائىلىسىنى ھىمايە قىلىدۇ. ئەمما مېنىڭ ئائىلەمنى ھىمايە قىلىدىغان كىشىلەر بولمىغانلىقتىن، بۇ يول بىلەن ئۇلارنى ھىمايە قىلىشنى مەقسەت قىلدىم. بۇنداق قىلىشىم، ئىنكار قىلغانلىقىم ياكى دىنىمدىن يۈز ئۆرىگەنلىكىم ۋەياكى ئىسلامدىن كېيىن كۇپرىغا رازى بولغانلىقىم ئۈچۈن قىلمىدىم » دەيدۇ.

رەسۇلۇللاھ « راست گەپ قىلدى » دەيدۇ ۋە ئۇنى ئەپۇ قىلىدۇ ( تابارى ).

سۈرىنىڭ مەدىنىدە نازىل بولغانلىقى ھەققىدە ئۆلىمالار ھەمپىكىر. بىراق نازىل بولغان ۋاقتىنى بەلگىلەشتە ئىختىلاپ بار. بۇ ئىختىلاپ سۈرىنىڭ كىرىش قىسمىدا بايان قىلىنغان خاتىپ ۋەقەسىنىڭ مەككە فەتھى ھارپىسىدا يۈز بەرگەنلىكىنى قوبۇل قىلىشتىن كېلىپ چىققان. بۇنىڭغا قارىغاندا، رەسۇلۇللاھ مەككە سەپىرى ئۈچۈن تەييارلىق قىلىۋاتقاندا، نىشانىنى خەيبەر قىلىپ كۆرسىتىپ ھەربىي تاكتىك ئىشلەتكەنىدى. ھالبۇكى، خەيبەر مەككە فەتھى قىلىنىشتىن بىر يىل بۇرۇن فەتھى قىلىنغان. سۈرىگە ئىسمى قويۇلغان ۋەقە ( 10 ) ھۇدەيبىيە سۈلھىسىدىن كېيىن يۈز بەرگەنىدى.

ئەگەر سۈرىنىڭ مەككە فەتھى ھارپىسىدا نازىل بولغانلىقى قوبۇل قىلىنسا، سۈرىنى ئىچكى جەھەتتىن ھۇدەيبىيەدىن كېيىنكى ( 10 - 12 ) ۋە فەتھىتىن بۇرۇن ( 1 - 9 ) دەپ ئىككى بۆلەككە ئايرىشقا توغرا كېلىدۇ. لېكىن سۈرىنىڭ ئاخىرىدىكى بايانىنىڭ يەنە كىرىشتىكى تېمىغا قايتىشى سۈرىنىڭ ئىچكى جەھەتتىن بىر پۈتۈن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

خاتىپ بىن ئەبى بەلتەئانىڭ مەكتۇبىنى مەككىلىكلەرنى كۈتۈۋاتقان مۇقەررەر ئاقىۋەت ھەققىدە ئالدىن بېرىلگەن « بىشارەت » دەپ قاراش مۇۋاپىق. مەكتۇبنى ئېلىپ ماڭغان ئايالنىڭ مەدىنىگە ھىجرى 4 - يىلى كەلگەنلىكى ۋە ھۇدەيبىيە سۈلھىسى بىلەن نەتىجىلەنگەن ئۆمرە ھەججىنى بىر « ھەربىي يۈرۈش » دەپ قارىساق، سۈرىنى ھۇدەيبىيە يىلى دەپ ئاتالغان ھىجرى 6 - يىلى نازىل بولغان دېيىشكە بولىدۇ.

ھەزرىتى ئوسمان تەرتىپىدە ئەھزاپ - نىسا؛ ئىبنى ئابباس تەرتىپىدە نۇر - فەتھ سۈرىسى ئارىسىغا تىزىلغان. ئالدىنقىسى كېيىنكىسىگە قارىغاندا بىر ئاز توغرىدەك تۇرىدۇ. بىزنىڭچە بۇ سۈرىنىڭ ئورنى مائىدە - فەتھ سۈرىسىنىڭ ئارىسىدۇر. مەزكۇر سۈرىنىڭ ئەھزاپ سۈرىسىدىن كېيىن نازىل بولغانلىقى تارىخىي مەلۇماتلار بىلەن ئېنىق.

سۈرە جەڭ ئەخلاقى ھەققىدە توختىلىدۇ. بولۇپمۇ ئىسلام جامائىتى بىلەن كاپىرلار ئارىسىدىكى ھېسسى ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر ھەققىدە رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك پرىنسىپلارنى بەلگىلەيدۇ ( 1 - 3 ). سۈرىنىڭ بىرىنچى ئايىتى ھەر دەۋر مۆئمىنلىرىنىڭ قۇلىقىدا چىڭ تۇرۇشى كېرەك بولغان تۆردىكى ئايەتلەردىن بىرى:

يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَتَّخِذُوا عَدُوِّي وَعَدُوَّكُمْ أَوْلِيَاءَ تُلْقُونَ إِلَيْهِمْ بِالْمَوَدَّةِ وَقَدْ كَفَرُوا بِمَا جَاءَكُمْ مِنَ الْحَقِّ يُخْرِجُونَ الرَّسُولَ وَإِيَّاكُمْ أَنْ تُؤْمِنُوا بِاللَّهِ رَبِّكُمْ إِنْ كُنْتُمْ خَرَجْتُمْ جِهَادًا فِي سَبِيلِي وَابْتِغَاءَ مَرْضَاتِي تُسِرُّونَ إِلَيْهِمْ بِالْمَوَدَّةِ وَأَنَا أَعْلَمُ بِمَا أَخْفَيْتُمْ وَمَا أَعْلَنْتُمْ وَمَنْ يَفْعَلْهُ مِنْكُمْ فَقَدْ ضَلَّ سَوَاءَ السَّبِيلِ

« ئى مۆئمىنلەر، مېنىڭ دۈشمىنىمنى ۋە سىلەرنىڭ دۈشمىنىڭلارنى دوست تۇتماڭلار! سىلەر ئۇلارغا دوستلۇق يەتكۈزىسىلەر، لېكىن ئۇلار سىلەرگە كەلگەن ھەقىقەتنى ( يەنى ئىسلامنى، قۇرئاننى ) ئىنكار قىلىپ، پەقەت رەببىڭلار اللە قا ئىمان ئېيتقىنىڭلار ئۈچۈن اللە رەسۇلىنى ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقاردى. ( ئۆز ۋاقتىدا ) سىلەر مېنىڭ يولۇمدا ۋە رازىلىقىمنى تىلەپ قىلغان بىر جىھاد نەتىجىسىدە ( يۇرتۇڭلاردىن ) چىققان ئىدىڭلار. ( ئەمما بۈگۈن ) فىترى رىشتىنى باھانە قىلىپ ئۇلارغا سىر بېرىۋاتىسىلەر. مەن سىلەر يوشۇرغان ۋە ئاشكارىلىغان نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىمەن، كىمكى شۇنداق قىلىدىكەن ( يەنى ئۇلارنى دوست تۇتۇپ، ئۇلارغا اللە رەسۇلىنىڭ خەۋەرلىرىنى يەتكۈزىدىكەن )، ئۇ ھەقىقەتەن توغرا يولدىن ئازغان بولىدۇ » ( 1 ).

ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ ئەتراپىدىكىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بىر مۇستەسنا ئەھۋالنى نەزەرگە ئالمىغاندا، بۇ نۇقتىدا ئۈرنەكتۇر ( 4 ). ئاللاھ تەرىپىدىن مۇئمىنلەرگە ئۈرنەك قىلىپ كۆرسىتىلگەن ئۇ ئۈرنەكتىكى مۇستەسنا ئەھۋال ئۇنىڭ دادىسىغا دۇئا قىلىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بېرىشى ۋە بۇت ياسىغۇچى دادىسىنىڭ كۇپرى ئۈستىدە ئۆلگەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، بۇ ۋەدىسى سەۋەبىدىن ئۇنىڭغا مەغپىرەت تىلەش تەلىپىنى توختاتماسلىقى ئىدى:

قَدْ كَانَتْ لَكُمْ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ فِي إِبْرَاهِيمَ وَالَّذِينَ مَعَهُ إِذْ قَالُوا لِقَوْمِهِمْ إِنَّا بُرَآءُ مِنْكُمْ وَمِمَّا تَعْبُدُونَ مِنْ دُونِ اللَّهِ كَفَرْنَا بِكُمْ وَبَدَا بَيْنَنَا وَبَيْنَكُمُ الْعَدَاوَةُ وَالْبَغْضَاءُ أَبَدًا حَتَّى تُؤْمِنُوا بِاللَّهِ وَحْدَهُ إِلَّا قَوْلَ إِبْرَاهِيمَ لِأَبِيهِ لَأَسْتَغْفِرَنَّ لَكَ وَمَا أَمْلِكُ لَكَ مِنَ اللَّهِ مِنْ شَيْءٍ رَبَّنَا عَلَيْكَ تَوَكَّلْنَا وَإِلَيْكَ أَنَبْنَا وَإِلَيْكَ الْمَصِيرُ

ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان ( مۇئمىنلەر ) سىلەرگە ھەقىقەتەن ئوبدان نەمۇنىدۇر، ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار قەۋمىگە:

« ھەقىقەتەن بىز سىلەردىن ۋە سىلەر اﷲ نى قويۇپ ئىبادەت قىلىۋاتقان بارلىق نەرسىلەردىن ئادا ـ جۇدامىز، بىز سىلەرنىڭ ( تۇرمۇش ئادىتىڭلارنى ) رەت قىلىمىز. سىلەر بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدىكى ئاداۋەت ۋە ئۆچمەنلىك تاكى سىلەر يالغۇز بىر اﷲ قا ئىمان ئېيتقىنىڭلارغا قەدەر ئەبەدىي ساقلىنىپ قالىدۇ » دېدى.

پەقەت ئىبراھىمنىڭ ئاتىسىغا ئېيتقان « ئەلۋەتتە ساڭا مەغپىرەت تىلەيمەن، اﷲ نىڭ ئازابىدىن ھېچ نەرسىنى سەندىن دەپئى قىلالمايمەن » دېگەن سۆزىنى سىلەرنىڭ نەمۇنە قىلىشىڭلارغا بولمايدۇ. ( سىلەر قىلىشقا تېگىشلىك ئىش ):

« رەببىمىز ساڭا تەۋەككۇل قىلدۇق، ساڭا قايتتۇق، ئاخىر قايتىدىغان جاي سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر » دەپ ( ئىلتىجا قىلىشتۇر ) ( 4 ).

مىللەتلەر / قەۋملەر ئارىسىدىكى ياخشى مۇناسىۋەتكە توسالغۇ بولغان ئەسلى سەۋەب ھەقىقەت ( ئىسلام )نى ئىنكار قىلىش ئەمەس، ئەكسىچە ئېتىقادقا قارىتا بېسىم قىلىش ۋە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشتۇر. پەرقلىق ئېتىقادقا ئىگە مىللەتلەر ئارىسىدا ئۆز ئارا دوستلۇق، مەرھەمەت، ياخشىلىق ۋە ئادالەتنى ئاساس قىلغان خوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتى قۇرۇشقا بولىدۇ. ئىسلامدا ئۇرۇشنىڭ يوللۇق بولغان ئىككى سەۋەبىنىڭ بارلىقىنى تۆۋەندىكى ئايەتلەردىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. يەنى، ئېتىقادقا بېسىم قىلىش ۋە يۇرت - ماكاندىن چىقىرىۋېتىلىش. بۇنىڭدىن باشقا سەۋەبلەر، بولۇپمۇ پەرقلىق ئېتىقادقا ئىگە بولۇش ئۇرۇش باھانىسى بولالمايدۇ. پەرقلىق ئېتىقادقا مەنسۇپ كىشىلەر بىلەن ئۆزئارا دوستانە مۇناسىۋەت قۇرۇشنى ئاللاھ توسمايدۇ.

عَسَى اللَّهُ أَنْ يَجْعَلَ بَيْنَكُمْ وَبَيْنَ الَّذِينَ عَادَيْتُمْ مِنْهُمْ مَوَدَّةً وَاللَّهُ قَدِيرٌ وَاللَّهُ غَفُورٌ رَحِيمٌ (7) لَا يَنْهَاكُمُ اللَّهُ عَنِ الَّذِينَ لَمْ يُقَاتِلُوكُمْ فِي الدِّينِ وَلَمْ يُخْرِجُوكُمْ مِنْ دِيَارِكُمْ أَنْ تَبَرُّوهُمْ وَتُقْسِطُوا إِلَيْهِمْ إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ الْمُقْسِطِينَ (8) إِنَّمَا يَنْهَاكُمُ اللَّهُ عَنِ الَّذِينَ قَاتَلُوكُمْ فِي الدِّينِ وَأَخْرَجُوكُمْ مِنْ دِيَارِكُمْ وَظَاهَرُوا عَلَى إِخْرَاجِكُمْ أَنْ تَوَلَّوْهُمْ وَمَنْ يَتَوَلَّهُمْ فَأُولَئِكَ هُمُ الظَّالِمُونَ (9)

« بەلكىم اﷲ سىلەر دۈشمەن دەپ قارايدىغان ئادەملەر  بىلەن ئاراڭلاردا دوستلۇق پەيدا قىلىشى مۇمكىن، اﷲ ( بۇنىڭغا ) قادىردۇر، اﷲ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

(كۇففارلاردىن) سىلەر بىلەن دىنى ئېتىقاد سەۋەبىدىن ئۇرۇش قىلمىغان ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارمىغانلارغا كەلسەك، اﷲ ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلاردىن، ئۇلارغا ئادىل بولۇشۇڭلاردىن سىلەرنى توسمايدۇ، شۈبھىسىزكى، اﷲ ئادىللارنى دوست تۇتىدۇ.

اﷲ دىن ئۈچۈن سىلەر بىلەن ئۇرۇشقان، سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارغان ۋە سىلەرنى ھەيدەپ چىقىرىشقا ياردەملەشكەنلەرنى دوست تۇتۇشۇڭلاردىن سىلەرنى توسىدۇ، كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇلار زالىملاردۇر » ( 7 - 9 ).

بۇ ئايەتلەر قۇرئاننىڭ ۋەھيىنىڭ ئۈزۈش مەسىلىسىدە يوللۇق بولغان ئۈزۈشنىڭ دائىرىسىنى بەلگىلەپ بەرگەن ئايەتلەردۇر. بۇ مەسىلىدە بارلىق مۇلاھىزىلەر بۇ ئايەتلەرگە ئاساسلانغان ھالدا ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك.

10 - 11 - ئايەتلەر ئىنكاردا چىڭ تۇرغان جۈپلار بىلەن بولغان ئەر - ئاياللىق مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشكە بۇيرۇيدۇ. بۇ ۋەھيىنىڭ ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنىڭ بىر ئىپادىسى. باشقا نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ ئايەت ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئىمان ئاساسىدا قۇرۇلغان ئائىلە بىلەن يۇقىرى كۆتۈرۈلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئارقىلىق مۇسۇلمان ئائىلىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى مەقسەت قىلىنماقتا. ئىسلام گۈللەنگەن بىر مۇھىتتا بۇ ئەمرنى سۇيىئىستىمال قىلغۇچىلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، سۈرىدە « بەيئەت / ساداقەت قەسىمى » پرىنسىپى ئوتتۇرىغا قويۇلغان ( 12 ).

سۈرىدە ئۈمىدسىزلىك ئىپادىسى بولغان يەھۇدىيلار ۋە ئۇلار بىلەن بەلگىلىك مەقسەتتە ھەمكارلاشقانلارنىڭ ئۇلاردىن قەلب رىشتىنى ئۈزۈشى تەۋسىيە قىلىنغان ( 13 ).

مانا بۇ شەكىلدە « ئىسلام جامائىتى » بىناسىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىدىكى ئاخىرقى كېسەك ئورنىغا قويۇلغان.

## فەتھ سۈرىسى

سۈرە، ئىسلام بىلەن ئىنسانلار ئارىسىدىكى، بولۇپمۇ پسىخولوگىيىلىك توسالغۇلارنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، قەلبلەرگە تۇتاشقان يولنى ئېچىشنى بىلدۈرىدىغان « فەتھ » ئىسمىنى بىرىنچى ئايەتتىن ئالغان.

بۇخارىدا نەقىل قىلىنغان بىر رىۋايەت تۈنجى نەسلىنىڭ بۇ سۈرىنى مەزكۇر ئىسىم بىلەن ئاتىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە. بۇ سۈرىنىڭ بىر ئۈزۈش جەريانىدا ئەمەس، ھۇدەيبىيەدىن ئىبارەت تىنچلىق كېلىشىمىدىن كېيىن نازىل بولغانلىقى نەزەرگە ئېلىنغاندا، « فەتھ »تىن نېمىنىڭ نەزەردە تۇتۇلغانلىقى تېخىمۇ ئايدىڭلىشىدۇ. بۇ، قۇرئاندا « فەتھ » ئىسمى بىلەن ئاتالغان بىردىنبىر سۈرە بولۇپ، بۇنداق بىر سۈرىنىڭ تىنچلىق كېلىشىمىدىن كېيىن نازىل بولۇشى ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ سۈرىگە « فەتھ » ئىسمىنىڭ قويۇلۇشى ئىسلامدا فەتھ مەقسىتىنىڭ زېمىن ئىشغالى ئەمەس، ئەكسىچە « قەلب/يۈرەك فەتھى » ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

سۈرە مەدىنىدە نازىل بولغان. ھۇدەيبىيە سۈلھىسىدىن كېيىن مەدىنىگە قايتىش يولىدا نازىل بولغان بولۇپ، بۇ ئەھۋالدا سۈرىنىڭ ھىجرى 6 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا نازىل بولغانلىقى ئېنىق بولىدۇ. گەرچە سۈرىنىڭ نازىل بولۇش تارىخى ئېنىق بولسىمۇ، تۈنجى تەرتىپلەردىكى ئورنى مەسىلىسىدە كۆپ پەرق بار. ھەزرىتى ئوسمان تەرتىپىدە جۇمە - مائىدە، ئىبن ئابباس تەرتىپىدە مۇمتەھانە - نىسا، جابىر بىن زەيد تەرتىپىدە سەپ - تەۋبە، ئىمام جافەر تەرتىپىدە تەغابۇن - تەۋبە سۈرىسى ئارىسىغا تىزىلغان.

بىزنىڭ ئىزاھاتلىق نازىل بولۇش تەرتىپىمىزدە مۇمتەھانە - ناسر سۈرىسى ئارىسىدا ئورۇن ئالماقتا.

سۈرىنىڭ نازىل بولۇش مۇھىتىدىكى قىسقىچە دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى مۇنداق:

رەسۇلۇللاھ ۋە باشقا مۇھاجىرلار يىللاردىن بۇيان بارالمىغان ئانا يۇرتىنى بەكمۇ سېغىنغانىدى. رەسۇلۇللاھ بىر كۈنى چۈشىدە ئۆزىنى مەككە يولىدا ئېھرام باغلىغان ۋە يېنىدا قۇربانلىقلىرىنى ئالغان ھالدا كۆرىدۇ ( 27 ). شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم مۇئمىنلەرنى ئۆمرىگە دەۋەت قىلىدۇ. ئۆزرىخالىق ئېيتقان ئىنتىپاقداش بەدەۋى ( چۆل ئەرەبلىرى ) قەبىلىلەردىن باشقا ( 11 ) 1400 - 1500 كىشى بۇ دەۋەتكە ئاۋاز قوشىدۇ. كارۋان ئەرەپ ئەنئەنىسىدە ئۇرۇش قىلىش ھارام بولغان ئايلاردىن ھىجرى 6 - يىلى زۇلقائىدەنىڭ بېشىدا ( مىلادى 628، مارت ) يانلىرىغا قىلىچتىن باشقا قورال ئالماي ئېھرام بىلەن يولغا چىقىدۇ.

لېكىن مەككىلىكلەر مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ تەلپىنى رەت قىلىش بىلەن بىرگە ئۇرۇش قىلىش ھارام قىلىنغان ئاي ئەنئەنىسىنى دەپسەندە قىلىپ، خالىد بىن ۋەلىد قوماندانلىقىدا 200 كىشىلىك چەۋەنداز ئەۋەتىدۇ. مەككىگە ئىككى

كۈنلۈك مۇساپە قالغاندا بۇ خەۋەر رەسۇلۇللاھقا يېتىپ كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ئۆمرە ھەج كارۋىنىنى تىزلىك بىلەن جىددە ـ مەككە يولى ئارقىلىق كەبىگە 20 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ھۇدەيبىيىيەگە ئېلىپ كېلىدۇ. چۈنكى بۇ يەر مۇداپىئە ئۈچۈن مۇۋاپىق ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئۇھۇد ئۇرۇشىدىمۇ بۇ تاكتىكىنى ئىشلەتكەن بولۇپ، سان جەھەتتىن ئۆزىدىن ئۈستۈن بولغان دۈشمەن بىلەن مەيدان ئۇرۇشى قىلىشنىڭ ئورنىغا ئارقا تەرىپى پۇختا بولغان جايىنى ماكان تۇتۇپ، دۈشمەنگە تەڭ كەلگۈدەك بىر كۈچ بىلەن جەڭ قىلىشنى تاللىغانىدى. ئائىلىسى ئەزەلدىن بۇيان ئەلچىلىك ۋەزىپىسى ئۆتەپ كەلگەن ئۆمەر بىن خەتتاب ئۆزىگە بېرىلگەن ۋەزىپە ئۈچۈن ئۆزرىخالىق ئېيتىپ، بۇ ئىشقا ئوسمان بىن ئەففاننىڭ تېخىمۇ لايىق ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ئوسمان بىن ئەففاننى ئەسلى مەقسەتلىرىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن مەككىگە ئەۋەتىدۇ. ئوسمان بىن ئەففاننىڭ مەككىدە ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ھەققىدە خەۋەر تارقىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ يېنىدىكى ھەممە كىشىدىن ئەڭ ئاخىرقى بىر تامچە قېنى قالغىچە ئۇرۇش قىلىدىغانلىقى ھەققىدە بەيئەت ئالىدۇ ( 10 ۋە 18 ). كېيىن ھەزرىتى ئوسماننىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەرنىڭ يالغان ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. مەككىلىكلەر خۇلەيس بىن ئەلقەمنى مۇسۇلمانلارنى مەدىنىگە قايتىپ كېتىشكە قايىل قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىدۇ. بۇ كىشى مۇسۇلمانلارنى ئېھرام ئىچىدە قۇربانلىقلار بىلەن كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، بىر ئېغىز گەپ قىلماستىن قايتىپ كېتىدۇ. بۇ ئارىلىقتا مەككىلىكلەر توختىماستىن ئېغۋاگەرچىلىك قىلىپ تۇرىدۇ. تەخمىنەن 40 كىشىلىك مۇشرىك قوشۇنى كېچىدە مۇسۇلمانلارغا باسقۇن قىلماقچى بولغاندا تۇتۇلۇپ قالىدۇ. رەسۇلۇللاھ ئۇلارنى جازالىماي، مەككىلىكلەرگە قايتۇرۇپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئوخشاش ۋەقەگە 80 كىشىلىك بىر مۇشرىك قوشۇنى دۇچ كېلىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن مەككىلىك مۇشرىكلار چىرايلىق مۇئامىلە قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ ۋە سۇھەيل بىن ئامىر باشچىلىقىدا ئۈچ كىشىلىك بىر ھەيئەت ئەۋەتىدۇ. بۇ ھەيئەت بىلەن ئاللاھ رەسۇلى ئارىسىدا تۆت ماددىلىق تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالىنىدۇ. كېلىشىمگە ئاساسەن:

1. ئىككى تەرەپ ئارىسىدا 10 يىلغىچە ئۇرۇش بولمايدۇ.

2. سۈلھىدىن كېيىن، مەككىدىن مۇئمىنلەر تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتكەنلەر مەككىلىكلەرگە قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ. مۇئمىنلەر ئارىسىدىن مەككە تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەنلەر قايتۇرۇپ بېرىلمەيدۇ.

3. ئەرەب قەبىلىلىرى ئۆزى خالىغان تەرەپ بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈش ئىختىيارىغا ئىگە.

4. سۈلھى تۈزۈلگەن يىلى مۇسۇلمانلار ئۆمرە قىلماي قايتىپ كېتىدۇ. ئىككىنچى يىلى مەككىلىكلەر مەككىنى مۇسۇلمانلارغا ئۈچ كۈن تاشلاپ بېرىپ چىقىپ كېتىدۇ، مۇسۇلمانلار مەككىگە كىرىپ ئۆمرە قىلىدۇ.

قارىماققا مەككىلىكلەرنىڭ پايدىسىغا بولغاندەك كۆرۈنگەن بۇ سۈلھى ئەمەلىيەتتە مەدىنە ئىسلام دۆلىتىنىڭ مەككە مۇشرىكلىرى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىشى ئىدى. ھەممىدىن مۇھىمى، بۇ سۈلھى بىلەن بارلىققا كېلىدىغان تىنچ مۇھىت ۋەھيىنىڭ يۈرەكلەرنى فەتىھ قىلىشى ئۈچۈن زۆرۈر ئىدى. بۇ، ئىنسان بىلەن ئىسلام ئارىسىدىكى ھېسسىي توسالغۇلارنىڭ ئاغدۇرۇپ تاشلىنىشى، يەنى بىر « فەتىھ » ئىدى. بۇ سۈلھىگە « ماقۇل » دېگەن رەسۇلۇللاھ سۆزىنىڭ كۈچىنىڭ، كۈچىنىڭ سۆزىدىن غالىپ كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. دېمىسىمۇ، بۇ سۈرە بۇ ھەقىقەتكە « فەتىھ » دەپ ئىسىم قويغان.

بۇ سۈلھى قەلبلەرنىڭ ئالدىغا سېلىنغان تاملارنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغانلىقى ئۈچۈن « فەتىھ » دەپ ئاتالغانىدى. رىسالەتنىڭ باشلىنىشىدىن تارتىپ ئۇ ۋاقىتقىچە بولغان 20 يىللىق مەزگىلدە ۋۇجۇدقا چىققان ئىنسانىي قولغا كەلتۈرۈش نىسبىتى بۇ سۈلھىدىن كېيىنكى ئىككى يىل ئىچىدە ھەسسىلەپ ئاشتى. بۇ تىنچلىق كېلىشىمى تۈزۈلۈپ ئۈچ ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ رايۇندىكى ئەڭ چوڭ يەھۇدىي قەبىلىسىنىڭ قەلئەسى خەيبەر فەتىھ قىلىندى. رەسۇلۇللاھ دەۋەتكە يول ئېچىش ئۈچۈن « ئۆمرە قىلىش»نى ۋەسىلە قىلغانىدى. ئەسلى نىشان مەككىنىڭ فەتىھ قىلىنىشى ئىدى. لېكىن ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن شىمالدىكى خەيبەرنى فەتىھ قىلىپ بىخەتەر ھالغا كەلتۈرۈشى كېرەك ئىدى. رەسۇلۇللاھ قىيىن بولغاننى تاللىدى. ئالدى بىلەن تىنچ مۇھىتنى قولغا كەلتۈرۈش، ئاندىن خەيبەر زەپەرى ۋە ئاداققى نىشان بۈيۈك فەتىھ ئىدى. ئىككى يىل ئۆتمەستىن مەككىلىكلەر

كېلىشمنى بۇزدى ۋە مۇشرىكلار قەلئەسى بولغان مەككە فەتىھ قىلىندى. ھەر ئىككىسى مۇبىن، يەنى « روشەن » بىر فەتىھ ئىدى. چۈنكى بۇ فەتىھ قان تۆكۈلمەستىن ۋۇجۇدقا چىقتى. بۇنىڭ يەككە بىر ئىسمى بار ئىدى - يۈرەك فەتىھى.

سۈرىنىڭ كىرىشىدە ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەقىقەت فەتىھنىڭ پەقەت ھەربىي ساھەگە مەھكۇم قىلىپ قويغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە كەڭ دائىرىگە ئىگە ئۇقۇم ئىكەنلىكىدۇر. قۇرئان قەلبلەرنىڭ ئەبەدىي ۋە يېگانە ھەقىقەتىنىڭ يەنە بىر ئىسمى بولغان ئىسلامغا ئېچىلىش باسقۇچىنى « روشەن فەتىھ » دەپ ئاتىغان. بۇ سۈرە شەكىللەندۇرگەن چۈشەنچە بىلەن قارايدىغان بولساق، ۋەھىي ئاللاھ تەرىپىدىن ئىنسانغا قارىتىلغان فەتىھتۇر. ئىبادەت ئىنساندىن ئاللاھ قا يۈزلەنگەن فەتىھتۇر. جىھاد ئىنساندىن ئىنسانغا يۈزلەنگەن فەتىھتۇر. بايقاش ئىنساندىن تەبىئەتكە ۋە شەيئىلەرگە يۈزلەنگەن فەتىھتۇر.

سۈرە مۇنداق باشلىنىدۇ:

« ساڭا بىز ھەقىقەتەن روشەن فەتىھ / غەلىبە ئاتا قىلدۇق » ( 1 ).

روشەن فەتىھ، يەنى فەتىھى مۇبىن. مۇبىن سۈپىتى ھەم ئۆزىدە ئوچۇق ھەم باشقا نەرسىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرغۇچى / روشەنلەشتۈرگۈچى مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. كەلىمنى ئىككى سۆز تومۇرىدىن تۇرلەپ چىققىلى بولغانلىقتىن ھەم ئۆتۈملۈق ھەم ئۆتۈمسىزدۇر. فەتىھى مۇبىن نۇزۇل سەۋەبىدە بايان قىلىنغاندەك روشەن ھالدا ئىنسان ۋە قەلب فەتىھىدۇر. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، فەتىھى مۇبىن ھەقىقەتنى باشقىلارغا يەتكۈزۈشتىكى توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلىغانلىقى ئۈچۈن ئىنسان بەخت - سائادىتىنىڭ يەنە بىر ئىسمى بولغان ئىسلامنى ئۇنىڭدىن بىخەۋەر بولغان ئىنسانلارغا چۈشەندۈرۈپ يەتكۈزگەن بىر فەتىھتۇر.

تۆۋەندىكى ئايەتتىكى كۈچ - قۇدرەتنىڭ ئىگىسى فەتىھ قىلىنىشقا لايىق بولغان دىللارنىڭ ئىگىسى ئەمەسمۇ؟

هُوَ الَّذِي أَنْزَلَ السَّكِينَةَ فِي قُلُوبِ الْمُؤْمِنِينَ لِيَزْدَادُوا إِيمَانًا مَعَ إِيمَانِهِمْ وَلِلَّهِ جُنُودُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَكَانَ اللَّهُ عَلِيمًا حَكِيمًا

مۇئمىنلەرنىڭ ئىمانىغا ئىمان قوشۇلۇشى ئۈچۈن، الله ئۇلارنىڭ دىللىرىغا تەمكىنلىكنى چۈشۈردى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ ( پەرىشتىلەردىن، جىنلاردىن، ھايۋانلاردىن ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرىدىن بولغان ) قوشۇنلىرى الله نىڭدۇر، الله ھەر نەرسىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر » ( 4 ).

رەسۇلۇللاھنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۈچ كەلىمە بىلەن قىسقىچە بايان قىلغان تۆۋەندىكى ئايەتنىڭ تەپسىرى ئۈچۈن بىر جىلد ئەسەر سىزچە يېتەرلىك بولامدۇ؟

إِنَّا أَرْسَلْنَاكَ شَاهِدًا وَمُبَشِّرًا وَنَذِيرًا

« (ئى رەسۇل!) بىز ھەقىقەتەن سېنى شاھىد /گۇۋاھلىق بەرگۈچى، ( مۇئمىنلەرگە جەننەت بىلەن ) خۇش خەۋەر بەرگۈچى، ( كاپىرلارنى ئازابتىن ) ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق » ( 8 ).

سۈرىنىڭ داۋامىدىكى ئايەتلەر نازىل بولغان مەزگىلدە يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى بىرمۇ - بىر ئىما قىلىدۇ. رەسۇلۇللاھقا بەيئەت قىلغانلار ھەقىقەتەن ئاللاھ قا بەيئەت قىلغان بولىدۇ ( 10 ). ئەلچىگە بولغان ئىتائەت ئەلچىنى ئەۋەتكۈچىگە ئىتائەتتۇر، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭدىن كېيىن بەدەۋىيلەرنىڭ مەنپەئەتپەرەست ئىككى يۈزلىمچىلىكى تىلغا ئېلىنىدۇ ( 11 - 13 ). بەدەۋىيلەرنىڭ ئىككى يۈزلىمچىلىكى ھەقىقەتەن چوڭ، ئەمما ئاللاھ نىڭ مەغپىرىتى ۋە ئەپۇسى ئۇنىڭدىنمۇ چوڭدۇر ( 14 ).

**رىزۋان بەيئىتى...**

بۇ ئىسىم بىلەن مەشھۇر بولغان بۇ بەيئەت مەككىگە ئەۋەتىلگەن ھەزرىتى ئوسماننىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ھەققىدىكى يالغان خەۋەر سەۋەبىدىن بولغانىدى. ئۇ يەردە رەسۇلۇللاھ بىلەن بىرگە بولغانلار جېنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ، ئاللاھ رەسۇلىغا بەيئەت قىلدى. بۇ بەيئەت دەۋرىمىزدە بەزىلەر چۈشەندۇرگەندەك ۋە ئېلىپ

بىرىۋاتقان « بەيئەت قىل ۋە قۇتۇلغىن » مەنىسىدىكى بەيئەت ئەمەس. ئەكسىچە، « جېنىڭنى ئالقىنىڭغا ئال ۋە ئۇنى ئېلىپ رەسۇلۇللاھنىڭ ئالقىنىغا قوي » بەيئىتى ئىدى. دەرۋەقە، شۇنداق بولدى. ئاللاھ مانا مۇشۇنداق بىر بەيئەت ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئايەتنى نازىل قىلدى:

لَقَدْ رَضِيَ اللَّهُ عَنِ الْمُؤْمِنِينَ إِذْ يُبَايِعُونَكَ تَحْتَ الشَّجَرَةِ فَعَلِمَ مَافِي قُلُوبِهِمْ فَأَنْزَلَ السَّكِينَةَ عَلَيْهِمْ وَأَثَابَ هُمْ فَتْحًا قَرِيبًا

« ئۆز ۋاقتىدا ( ھۇدەيبىيىدە ) دەرەخ ( سايىسى ) ئاستىدا ساڭا بەيئەت قىلغان مۇئمىنلەردىن الله ھەقىقەتەن رازى بولدى. الله ئۇلارنىڭ دىلىدىكىنى ( يەنى راستلىق بىلەن ۋاپانى ) بىلدۇ، الله ئۇلارغا ( ئۇلار بەيئەت قىلىۋاتقاندا ) تەمكىنلىك چۈشۈرۈپ بەردى ۋە ئۇلارنى يېقىن غەلىبە بىلەن مۇكاپاتلىدى » ( 18 ).

بۇ سۈرىنىڭ بىر ئىجابىي، بىر سەلبى ئىككى قەھرىمانى بار. ئىجابىي قەھرىمانى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى؛ سەلبىي قەھرىمانى بولسا جاھىلىيەت غورۇرى ئىدى. 26 -ئايەت مانا بۇ ھەقىقەتنى بايان قىلىدۇ. مەسئۇلىيەت ئېڭى ۋە جاھىلىيەت غۇرۇرى ئارىسىدىكى كۆرەش ئۇ كۈندىن بۈگۈنگىچە ھېچ تۈگىمىگەن ۋە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ تۈگىمەيدۇ.

سۈرىنىڭ ئاخىرقى ئىككى ئايىتى تۆۋەندىكىچە:

هُوَ الَّذِي أَرْسَلَ رَسُولَهُ بِالْهُدَى وَدِينِ الْحَقِّ لِيُظْهِرَهُ عَلَى الدِّينِكُلِّهِ وَكَفَى بِاللَّهِ شَهِيدًا (28) مُحَمَّدٌ رَسُو لُ اللَّهِ وَالَّذِينَ مَعَهُأَشِدَّاءُ عَلَى الْكُفَّارِ رُحَمَاءُ بَيْنَهُمْ تَرَاهُمْ رُكَّعًا سُجَّدًا يَبْتَغُونَ فَضْلًامِنَ اللَّهِ وَرِضْوَانًا سِيمَاهُ مْ فِي وُجُوهِهِمْ مِنْ أَثَرِ السُّجُودِ ذَلِكَمَثَلُهُمْ فِي التَّوْرَاةِ وَمَثَلُهُمْ فِي الْإِنْجِيلِ كَزَرْعٍ أَخْرَجَ شَطْأَهُ فَآزَرَهُفَاسْتَغْلَظَ فَاسْتَوَى عَلَى سُوقِهِ يُعْجِبُ الزُّرَّاعَ لِيَغِيظَ بِهِمُ الْكُفَّارَوَعَدَ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ مِنْهُمْ مَغْفِرَةً وَأَ جْرًاعَظِيمًا(29)

« الله ھەق دىنىنى پۈتۈنلەي ئوتتۇرىغا قويۇپ بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئەلچىسىنى توغرا يول يېتەكچىسى ۋە ھەق دىن بىلەن ئەۋەتتى ( بۇنىڭغا ) گۇۋاھلىق بېرىشكە الله يېتەرلىكتۇر.

مۇھەممەد الله نىڭ رەسۇلىدۇر، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان مۇئمىنلەر كۇففارلارغا / ھەقنى ئىنكار قىلغۇچىلارغا قاتتىقتۇر، ئۆزئارا كۆيۈمچاندۇر. ئۇلارنى رۇكۇ قىلغان، سەجدە قىلغان ھالدا كۆرىسەن. ئۇلار الله نىڭ پەزلىنى ۋە رازىلىقىنى تىلەيدۇ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىدە سەجدىنىڭ ئەسىرىدىن نىشانلار بار، ئەنە شۇ ئۇلارنىڭ تەۋراتتىكى سۈپىتىدۇر، ئۇلارنىڭ ئىنجىلدىكى سۈپىتى بولسا ( ئۇلار ) شاخ چىقارغان، كۈچلىنىپ چوڭايغان، ئاندىن ئۆز غولى بىلەن ئۆرە تۇرغان، بوللۇقلۇقى ۋە كۆركەم كۆرۈنۈشى بىلەن دېھقانلارنى مەمنۇن قىلغان بىر زىرائەتكە ئوخشايدۇ، الله نىڭ ( مۇئمىنلەرنى مۇنداق زىرائەتكە ئوخشىتىش ) كۇففارلارنى خاپا قىلىش ئۈچۈندۇر، الله ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا مەغپىرەت ۋە كاتتا ئەجىر ۋەدە قىلدى » ( 28 - 29 ).

## نەسر سۈرىسى

سۈرىنىڭ « زەپەر ئېنىق بولغان ياردەم » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ئىسمى بىرىنچى ئايەتكە ئاساسەن قويۇلغان:

« الله نىڭ ياردىمى ۋە غەلىبىسى كەلگەندە،... » ( 1 ).

نەسر ئۆز ئالدىغا يالغۇز كەلگەندە « ياردەم » دېگەنلىك بولىدۇ. لېكىن ئاللاھ ئىسمىغا ئېنىقلىغۇچى بولۇپ « نەسرۇللاھ » شەكلىدە كەلگەندە، مەنىسى « زەپەر ئېنىق بولغان ياردەم » مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭ شاھىتى ئەنفال 10 - ئايەتتۇر، يەنى « ئەن - نەسر پەقەت ئاللاھ تەرىپىدىن كېلىدۇ ». ئەگەر نەسرنىڭ مەنىسى ئادەتتىكى بىر « ياردەم » بولغان بولسا ئىدى، ئاللاھ قا خاس قىلىشنىڭ ھېچقانداق بىر ئەھمىيىتى بولمايتتى. چۈنكى ھەر ئىنسان باشقا بىر ئىنسانغا ياردەم قىلالايدۇ. لېكىن نەسر پەقەت ئاللاھ لا قىلالايدىغان بىر ياردەم بولىدىغان بولسا بۇنى ئىنساننىڭ ياردىمىدىن ئايرىپ تۇرغان پەرق « زەپەرنىڭ ئېنىق بولغانلىقى »دۇر. « ئاللاھ نىڭ نەسرى »نىڭ مەنىسى « زەپەر ئېنىق بولغان ياردەم »دۇر.

دەسلەپكى مۇسھاب ۋە تەپسىرلەردە سۈرە بۇ ئىسىم بىلەن ئاتالغان. بۇخارىنىڭ ھەزرىتى ئائىشەدىن نەقىل قىلغان بىر رىۋايىتىدە، سۈرە بىرىنچى ئايىتى، يەنى « ئىزاجەئە نەسرۇللاھى ۋەل فەتىھ » بىلەن ئاتالغان.

تىرمىزى « فەتىھ » ئىسمى بىلەن ئاتىغان.

ئىبنى مەسئۇد، سۈرە رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپاتىنى ئىما قىلغانلىقى ئۈچۈن « تەۋدى - ۋىدا » سۈرىسى دەپ ئاتىغان.

نەسر سۈرىسى قاچان نازىل بولغان؟

سۈرىنىڭ ئۇسلۇبى ۋە بالاغىتى نەزەردە تۇتۇلغاندا، مەككىدە نازىل بولغان سۈرىلەر بىلەن ئوخشاش ئالاھىدىلىككە ئىگە. سۈرە مەدىنىدە نازىل بولغان دېگۈچىلەر ئىچىدىمۇ پەرقلىق قاراشلار مەۋجۇت. سۈرىنىڭ نازىل بولۇش تارىخى ھەققىدە ئۈچ پەرقلىق قاراش مەۋجۇت بولۇپ، بۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. تابارى ۋە تابەرانى ئىبنى ئابباستىن كەلگەن رىۋايەتلەرگە ئاساسەن ھىجرى 7 - يىلىدا خەيبەردىن قايتىشتا نازىل بولغان دەيدۇ. قاتادەدىن كەلگەن « رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپاتىدىن ئىككى يىل بۇرۇن نازىل بولدى » دېگەن رىۋايىتىمۇ بۇ قاراشنى كۈچلەندۈرىدۇ.

2. ۋاھىدىنىڭ يەنە ئىبنى ئابباستىن قىلغان نەقىلگە ئاساسلانغاندا ھۇنەيىندىن قايتىشتا نازىل بولغان.

3. بەززار، بەيھەقى ۋە ئىبنى ئەبى شەيبە نەقىل قىلغان ئىبنى ئۆمەر رىۋايىتىگە قارىغاندا، ۋىدا ھەججى كۈنلىرىنىڭ ئوتتۇرىدا نازىل بولغان، رەسۇلۇللاھ شۇنىڭدىن كېيىن ئۈچ ئاي ئۆمۈر كۆرگەن.

بۇ رىۋايەتلەردىن سۈرىنىڭ تېكىستى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە بولغىنى بىرىنچى رىۋايەتتۇر. چۈنكى ئۆتمۈش زامان پېئىلىنىڭ بېشىدا كەلگەن « ئىزا » شەرتى پېئىلنىڭ زامانىنى كېلىدىغان زامانغا ئايلاندۇرىدۇ. سۈرە كېلەچەككە ئائىت بىر خەۋەردىن بىشارەت بېرىدۇ. قالغان قاراشنى نەزەرگە ئالغان ۋاقتىمىزدا، ۋەقە بولۇپ بولغان شەكلىدە قوبۇل قىلغانلىق بولىدۇ.

سۈرىدە زەپەر ئەخلاقى ئاساس تېما قىلىنغان بولۇپ، سۈرە كېلەچەككە مۇناسىۋەتلىك مۆجىزىۋى ۋە غەيبى بىر خەۋەر بىلەن باشلىنىدۇ. بۇ خۇشخەۋەر كېلەچەكتە رېئاللىققا ئايلىنىشى مۇقەررەر بولغان بىر زەپەرنىڭ ۋە فەتىھنىڭ خۇش بىشارىتى ئىدى:

إِذَا جَاءَ نَصْرُ اللَّهِ وَالْفَتْحُ

« الله نىڭ ياردىمى ۋە غەلىبىسى كەلگەندە،... » ( 1 ).

زەپەرنىڭ مەنىسى ناھايىتى روشەن: كۆرەشتە غالىپ بولۇش. ئۇنداقتا، فەتىھ نېمىنى بىلدۈرىدۇ؟ ئۇنىڭ مەنىسى ئىككىنجى ئايەتتە بايان قىلىنماقتا:

وَرَأَيْتَ النَّاسَ يَدْخُلُونَ فِي دِينِ اللَّهِ أَفْوَاجًا

« الله نىڭ دىنىغا كىشىلەرنىڭ توپ ـ توپ بولۇپ كىرگەنلىكىنى كۆرگىنىڭدە، ( سېنىڭ ۋەزىپەڭمۇ تاماملاندى دېگەنلىكتۇر ) ... » ( 2 ).

بۇ ئايەتتە كېلەچەككە مۇناسىۋەتلىك مۆجىزىۋى ۋە غەيبى بىر خەۋەردىن بىشارەت بېرىلمەكتە. ئايەتتە بىشارەت قىلىنغان خەۋەرگە ماس ھالدا كىشىلەرنىڭ توپ - توپ بولۇپ ئىسلامغا كىرىشى ھىجرى 9 - يىلىدا

مەيدانغا كەلگەن. « ئەلچىلەر يىلى - ئامۇل ۋۇفۇد » دەپ ئاتالغان بۇ يىلدا كىشىلەر ئىسلامغا تەسلىم بولۇش ئۈچۈن ئەرەپ يېرىم ئارىلىنىڭ ھەر تەرىپىدىن توپ - توپ بولۇپ مەدىنىگە كەلگەنىدى.

بۇنىڭ ئىسمى « يۇرەك فەتھى »دۇر. خۇددى فەتھە سۈرىسىدىكىگە ئوخشاش بۇ يەردىمۇ كۆرەشنىڭ مەقسىتى ئىسلام بىلەن ئىنسان ئارىسىدىكى توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، يۇرەكلەرنى فەتھە قىلىش ئىكەنلىكى تەكىتلەنمەكتە. مانا بۇلار رىئاللىقتا ئايلىنىۋاتقان ۋاقىتتا بۇ غالىپ قوشۇننىڭ باش قوماندانىغا ھەر مۇھاتابنىڭ يىلىكىنى تىترىتىدىغان بىر ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلىدۇ:

فَسَبِّحْ بِحَمْدِ رَبِّكَ وَاسْتَغْفِرْهُ إِنَّهُ كَانَ تَوَّابًا

« ( مانا بۇ ۋاقىتتا ) رەببىڭغا تەسبىھ ئېيتقىن، ھەمدى ئېيتقىن ۋە ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلىگىن. اﷲ ھەقىقەتەن تەۋبىنى بەك قوبۇل قىلغۇچىدۇر » ( 3 ).

مانا بۇ زەپەر ئەخلاقىدۇر. ئۆزىڭىزنى - ئۆمرىڭىزنى سەرپ قىلىپ غەلىبە قىلىش ۋە ئۇتۇق قازىنىش. مانا بۇ ۋاقىتتا « مەن تىرىشتىم ۋە غەلىبە قازاندىم » دېيىشنىڭ ئورنىغا خۇددى فەتھە كۈنى بېشىنى تۆگىسىنىڭ لوكىسىغا تەگكىدەك دەرىجىدە ئېگىپ، كۆزلىرىدىن ياشلار تۆكۈلىۋاتقان نەبىنىڭ ئاغزىدىن ئۈزلۈكسىز تۆكۈلىۋاتقان ئىستىغفارغا ئوخشاش « ئەستەغفىرۇللاھ » دېيىشتۇر. مانا بۇ، قۇرئان ھەر مۇئمىندە شەكىللەندۇرمەكچى بولغان زەپەر ئەخلاقى.

زەپەرنى زالىملارمۇ قازىنالايدۇ، لېكىن ئەخلاقلىق زەپەرنى پەقەت زەپەر ئەخلاقىغا ئىگە بولغان كىشىلەر قازىنالايدۇ.

# ھۇجۇرات سۈرىسى

« خانىلەر، ھۇجرىلار » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ھۇجرات ئىسمى 4 - ئايەتكە ئاساسەن قويۇلغان. سۈرە تۈنجى نەسلىدىن تارتىپ مەزكۇر ئىسىم بىلەن ئاتالغان. مەيلى سىيەر ۋەياكى ھەدىس مەنبەلىرىدە بولسۇن بۇنىڭدىن باشقا بىر ئىسىم بىلەن ئاتالغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات يوق.

مەدىنە ئىسلام جامائىتىنى تەشكىل قىلغۇچى شەخس ياكى ئائىلىلەر بىر بەدەننىڭ ھۇجەيرىلىرىگە ئوخشاش ئىدى. بۇ ھۇجەيرىلەر ئارىسىدىكى توقۇلما ماسلىششىنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن پەقەت قانۇنلار ۋە بەلگىلىمىلەر كۇپايە قىلمايدۇ. ئىجتىمائىي ئەلەقىگە مۇناسىۋەتلىك ئەدەب قائىدىلىرىمۇ كېرەك. گەرچە سۈرىنىڭ كۆرۈنۈشتىكى ئىسمى ھۇجۇرات بولسىمۇ، كۆرۈنمىگەن ئىسمى ئەسلىدە ئىجتىمائىي ئەلەقىگە مۇناسىۋەتلىك ئەدەب قائىدىلىرىدۇر.

سۈرە مەدىنىدە نازىل بولغان.

4 - ئايەتتە تەمىم جەمەتى ھەيئىتىنىڭ زىيارىتى ئىما قىلىنغان. بۇ ۋەقە « ئەلچىلەر يىلى » دەپ ئاتالغان ھىجرى 9 - يىلدا بولغانىدى. 6 - ئايەتنىڭ نازىل بولۇشىغا سەۋەب بولغان ۋەقەنىڭ باش قەھرىمانى فەتھىتىن كېيىن مۇسۇلمان بولغان بىر كىشىدۇر. بۇ مەلۇماتلار سۈرىنىڭ ئەڭ بالدۇر بولغاندا ھىجرى 8 - يىلدا نازىل بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

سۈرە ئارقىدىن سانىغاندا 3 - قېتىمدا نازىل بولغان سۈرىدۇر.

سۈرىنىڭ ئانا تېمىسى ئىسلام جامائىتىنىڭ ئادىمگەرچىلىكى ۋە بۇ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردە رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك پرىنسىپلاردۇر. « ئى ئىمان ئېيتقانلار! » خىتابى بەش قېتىم تىلغا ئېلىنغان بۇ سۈرە باشتىن ئاخىر ئادىمگەرچىلىك مۇناسىۋەتلىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن ئەخلاقى ۋە ھېسسى قىممەت - قاراشلار ۋە ئەدەپ - ئەخلاق ھەققىدە توختىلىدۇ.

ۋەھيي سۈرىدە ئەڭ باشتا ئاللاھ رەسۇلى بىلەن ساھابىلەر ئارىسىدىكى ئەدەپ - ئەخلاق ھەققىدە توختالغان:

« ئى مۇئمىنلەر! سىلەر ( ھېچقانداق بىر ئىش ۋە سۆزدە ) اللہ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىنىڭ ئالدىغا ئۆتمەڭلار! » ( 1 ).

ۋەھيي بۇ ئەدەبنى تەقۋانىڭ بىر پارچىسى سۈپىتىدە تىلغا ئالىدۇ. دېمەككى، ئەدەپ - ئەخلاق قائىدىلىرىمۇ تەقۋانىڭ بىر پارچىسى. يەنى، تەقۋانىڭ ئەدەپ - ئەخلاقتىن ئىبارەت يەنە بىر تەرىپىمۇ بار. ئايەتتىكى « ئالدىغا ئۆتمەڭلار » تەلىماتىنى پەقەت ئەدەپ - ئەخلاق ساھەسىگىلا خاسلاشتۇرىۋالغىلى بولمايدۇ. بۇ ئەمرنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان دائىرىسى ناھايىتى كەڭ. ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈش ھەددىدىن ئاشقانلىقتۇر. بۇ نۇقتىدىن ئايەت « ئى مۇئمىنلەر! ھەددىڭلاردىن ئاشماڭلار! » دېمەكتە.

ھەددىنى بىلگۈچىلەر ئۆزىنى بىلگەنلەردۇر. ئۇنداقتا بۇ ئەمرنى يەر يۈزىنىڭ ئەڭ قەدىمكى يېزىق شەكلىدىكى ھېكمىتى بولغان « ئۆزەڭنى بىل! » شەكلىدە چۈشىنىش كېرەك.

سۈرە رەسۇلۇللاھ ئۇستىدىن ھاياتىنىڭ پەرقلىق ساھەلىرىدە ئۇنىڭ مىراسىغا ۋارىسلىق قىلغانلارغا قارىتا ھۆرمەت كۆرسىتىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ ( 1 - 5 ).

ئۇنىڭدىن كېيىن ئىسلام جامائىتىنى شەكىللەندۈرگۈچى شەخسلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر ھەققىدە توختىلىدۇ. يالغان خەۋەر پەيدا قىلغان ۋە يەتكۈزگەنلەرنى ئىسلام جامائىتىنىڭ بىر - بىرىگە بولغان ئىشەنچ ئۇستىگە قۇرۇلغان ئاساسىغا زىيان يەتكۈزگۈچى ئۇنسۇر سۈپىتىدە كۆرسىتىدۇ. بۇ نۇقتىدا مەلۇمات / خەۋەر ھەققىدە ئەڭ ياخشى پرىنسىپنى ئەسلىتىپ ئۆتىدۇ:

يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِنْ جَاءَكُمْ فَاسِقٌ بِنَبَإٍ فَتَبَيَّنُوا أَنْ تُصِيبُوا قَوْمًا بِجَهَالَةٍ فَتُصْبِحُوا عَلَى مَا فَعَلْتُمْ نَادِمِينَ

« ئى مۇئمىنلەر! ئەگەر سىلەرگە بىر پاسىق / مەسئۇلىيەتسىز ئادەم بىرەر خەۋەر ئېلىپ كەلسە، (ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى) بىلمەستىن بىرەر قەۋمنى رەنجىتىپ قويۇپ، قىلمىشىڭلارغا پۇشايمان قىلىپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈن، (ئۇ خەۋەرنى) ئېنىقلاپ كۆرۈڭلار » ( 6 ).

بۇ خىل مەسىلىلەرگە قارىتا ئېلىنىدىغان ئەڭ ياخشى تەدبىر ئىمان قېرىنداشلىقىدۇر. مۇئمىنلەرنىڭ ئۆزئارا ئىختىلاپى بىر ياقتا تۇرسۇن، توقۇنۇشۇپ قېلىشىمۇ ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس ( 9 ). بۇ ۋەھيىنىڭ ھاياتنىڭ رېئاللىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلمىغانلىقى ۋە پرىنسىپلارنى بۇ رېئاللىق ئاساسىدا شەكىللەندۈرگەنلىكىدۇر. مانا مۇشۇنداق ئەھۋالدا قانداق قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدە يولىيورۇق بېرىدۇ. ئەمما ھەممىدىن مۇھىم بولغان بىر نۇقتىنى تەكىتلەيدۇ:

إِنَّمَا الْمُؤْمِنُونَ إِخْوَةٌ

« مۇئمىنلەر ھەقىقەتەن (دىندا) قېرىنداشلاردۇر » ( 10 ).

ئايەت بۇ ئاددى پرىنسىپنى شۇنداق كۈچلۈك خىتاب بىلەن ئېيتىدۇكى، كىشىگە خۇددى قېرىنداش بولغان ۋاقىتىڭلاردا ئاندىن مۇئمىن بولغان بولىسىلەر دېگەندەك تۇيغۇ بېرىدۇ.

مۇسۇلمان قېرىنداش بولالىغىنىچىلىك مۇئمىن بولىدۇ...

مۇئمىنلەرنىڭ ئىمانلىرى قېرىنداش بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆزلىرى خالاپ - خالىماي قېرىنداش بولۇشقا مەجبۇردۇر...

ئىمانىنىڭ ئىمان بىلەن قېرىنداش بولۇشى مۇئمىنلەرنى قېرىنداش قىلىدۇ...

ئۇنىڭدىن كېيىن قېرىنداشنىڭ قېرىنداش ئۇستىدىكى مەسئۇلىيىتى تىلغا ئېلىنىدۇ: قېرىنداشلىرىنىڭ ئارىسىنى تۈزەپ قويۇش بۇ مەسئۇلىيەتتىن بىرسى. مۇئمىنىنىڭ مۇئمىننى مەسخىرە قىلىپ، خور كۆرمەسلىكى قېرىنداشلىق مەسئۇلىيىتىنىڭ بىر پارچىسىدۇر ( 11 ). مۇئمىنىنىڭ مۇئمىن ھەققىدە يامان گۇمان ( سۇئىزان )دىن يىراق تۇرۇشى،

ئەيپلىرىنى ئىزدىمەسلىكى ۋە غەيۋەت قىلماسلىقى قېرىنداشلىق بۇرچىنىڭ بىر پارچىسىدۇر ( 12 ). بۇ ئايەت غەيۋەتنى مەنئىي ياۋايىلىق ( يىرتقۇچى ) سۈپىتىدە قوبۇل قىلىدۇ. بۇ يەردە ھەقىقىي مەنىدە، غەيۋەت قىلغۇچىدىن غەيۋەتنى قىلغۇچىنىڭ بىر پارچە گۆشىنى يېيىشى نەزەردە تۇتۇلمىغان. ئەسلىدە غەيۋەتتە ھەقىقىي زىيان تارتقۇچى غەيۋەت قىلىنغۇچى ئەمەس، بەلكى غەيۋەت قىلغۇچىدۇر. غەيۋەت قىلىنغاندا، گەرچە غەيۋەتنى قىلىنغۇچى نەخ مەيداندا بولمىسىمۇ، ئۇ سورۇندا ئاللاھ باردۇر. لېكىن غەيۋەت قىلغۇچى ئاللاھ نىڭ ھازىر ۋە نازىر ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى نەزەردىن ساقىت قىلىش گۇناھىنى سادىر قىلىپ، غەيۋەتتىنمۇ چوڭ بولغان گۇناھنى ئۆتكۈزگەن بولىدۇ.

« ئىمان قېرىنداشلىقى » پرىنسىپى چىقىش نۇقتىسى قىلىنىپ، سۆز تېخىمۇ كەڭ دائىرىدىكى « ئىنسان قېرىنداشلىقى »غا كېلىپ توختايدۇ. مانا بۇ پرىنسىپ تۆۋەندىكى ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان:

« ھەقىقەتەن ئەڭ مەسئۇلىيەتچان بولغانلىرىڭلار الله نىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر ( يەنى كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، الله ئالدىدىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن بولىدۇ ) » ( 13 ).

تەقۋا بىردىنبىر ئۈستۈنلۈك ئۆلچىمىدۇر. تەقۋا / مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىدىن باشقا ھېچقانداق ئۈستۈنلۈك ئۆلچىمى يوقتۇر. تەقۋادىن باشقا ھەر قانداق بىر ئۈستۈنلۈك ئۆلچىمى قويۇش ئەسەبىيەتتۇر. رەسۇلۇللاھ « كىمكى ئەسەبىيەتكە تەرغىب قىلسا، ئۇ بىزدىن ئەمەس » دېگەن. تەقۋانىڭ ئۈستۈنلۈك ئۆلچىمى بولۇشى تەقۋادار كىشىنىڭ ئۆزىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن دەپ قارىشىنى بىلدۈرمەيدۇ. دېمىسىمۇ تەقۋا ئۆزگە باشقىلاردىن ئۈستۈنلۈك بەرمەسلىكتۇر. كەمتەرلىك تەقۋانىڭ يەنە بىر تەرىپىدۇر. كىچىك پېئىل بولۇش تەقۋانىڭ بىر ئاملىدۇر. كىبىر ۋە ھاكاۋۇرلۇق تەقۋانىڭ ئۆلۈمىدۇر.

سۈرىدە ئېغىزدىكى ئىمان بىلەن ئىسپاتلانغان ئىمان ئارىسىدىكى پەرق تارىخىي بىر ئۆرنەك بىلەن كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن. يەنى، ئىمانى بوغىزىدىن تۆۋەنگە ئۆتمىگەن بەدەۋىيلەر مىسال قىلىنغان ( 14 ). بۇنىڭدىن ئىماننىڭ ئىچكى دۇنيادىكى ئىسلام، ئىسلامنىڭ تاشقى دۇنيادىكى ئىمان ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. ئىمان قەلبنىڭ ئەمەلىدۇر، ئەمەل ئورگانلارنىڭ ئىمانىدۇر. بۇ نۇقتىدا ھەقىقىي مۇئمىنلەرنىڭ ئېنىقلىمىسى تىلغا ئېلىنىپ مۇنداق دېيىلگەن:

إِنَّمَا الْمُؤْمِنُونَ الَّذِينَ آمَنُوا بِاللَّهِ وَرَسُولِهِ ثُمَّ لَمْ يَرْتَابُوا وَجَاهَدُوا بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنْفُسِهِمْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ أُولَئِكَ هُمُ الصَّادِقُونَ

« شۈبھىسىزكى، (ھەقىقىي) مۇئمىنلەر الله قا ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا ئىمان كەلتۈرگەن، ئاندىن شەك كەلتۈرمىگەن، ماللىرى بىلەن، جانلىرى بىلەن الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلاردۇر، ئەنە شۇلار (ئىمان دەۋاسىدا) راستچىللاردۇر » ( 15 ).

ئاللاھ قا دىن ئۆگەتمەكچى بولۇش ھەر جەھەتتىن بىر بەندە سادىر قىلىدىغان ئەڭ چوڭ تەربىيەسىزلىكتىن بىرسىدۇر:

« ئېيتقىنكى:

سىلەر ئاللاھ قا دىنىڭلارنى ئۆگەتمەكچىمۇ؟ » ( 16 ).

قۇرئانغا ئاساسلانغاندا، ئىمان ۋە تەسلىمىيەت كىشىنىڭ ئاللاھ قا ئەمەس، ئۆزىگە قىلغان ئەڭ چوڭ ياخشىلىقىدۇر. مۇسۇلمان بولۇشىمىزنى خۇددى ئاللاھ قا قىلىنغان ئىلتىپاتتەك قاراش مۇسۇلمان بولمىغانلىقىمىزنىڭ ئىپادىسىدۇر. چۈنكى مۇسۇلمان بولۇش ئاللاھ قا شەرتسىز تەسلىم بولۇشتۇر. مۇسۇلمان بولۇشنى ئاللاھ قا قىلىنغان بىر ئىلتىپاتتەك كۆرگۈچى ئۆزىنى ۋازكەچكىلى بولمايدىغان دەپ قارىغان بولىدۇ. ھالبۇكى، ئاللاھ ئۈچۈن ۋازكەچكىلى بولمايدىغان نەرسە يوقتۇر، ئەمما بەندە ھەرگىزمۇ ئاللاھ تىن ۋازكېچەلمەيدۇ. قۇرئان بۇ ھەقىقەتنى ئۆز ئاغزى بىلەن بايان قىلسۇن:

يَمُنُّونَ عَلَيْكَ أَنْ أَسْلَمُوا قُلْ لَا تَمُنُّوا عَلَيَّ إِسْلَامَكُمْ بَلِ اللَّهُ يَمُنُّ عَلَيْكُمْ أَنْ هَدَاكُمْ لِلْإِيمَانِ إِنْ كُنْتُمْ صَادِقِينَ

ئۇلار ساڭا مۇسۇلمان بولغانلىقىنى مىننەت قىلىدۇ. (ئۇلارغا):

« سىلەر ماڭا مۇسۇلمان بولغانلىقىڭلارنى مىننەت قىلماڭلار، ئەگەر سىلەر راست (مۆئمىن) بولساڭلار، اﷲ سىلەرنى ئىمانغا ھىدايەت قىلىپ سىلەرگە ئىلتىپات قىلدى » دېگىن ( 17 ).

# تەھرىم سۈرىسى

سۈرىگە « ھارام قىلىش، ھارام دەپ بىلىش » مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان « تەھرىم » ئىسمى بىرىنچى ئايەتكە ئاساسەن قويۇلغان:

« ئى نەبى! نېمە ئۈچۈن ئاللاھ ساڭا ھالال قىلغان نەرسىنى ئاياللىرىڭنىڭ رازىلىقىنى تىلەش يۈزىسىدىن ھارام قىلىسەن؟ ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر » ( 1 ).

ئايەتتىن مەلۇم بولغانىدەك ھالالنى « ھارام دەپ بىلگۈچى » رەسۇلۇللاھ بولۇپ، بۇ سەۋەبتىن رەببى ئۇنىڭغا ئازار توسىنى ئالغان بىر ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەنىدى.

سۈرە، سۈرىنىڭ ئۈچتەنبىرىنى تەشكىل قىلىدىغان بىرىنچى بۆلىكى سەۋەبىدىن « نەبى سۈرىسى » دەپ ئاتالغان. چۈنكى سۈرىنىڭ ئالدىنقى ئۈچتەنبىر قىسمى رەسۇلۇللاھنىڭ كىشىلىكىنى شەكىللەندۈرمەكتە. بۇنىڭ ئەڭ يارقىن دەلىلى 1 - ۋە 9 - ئايەتتىكى « ئى نەبى! » شەكلىدە بىۋاستە ھالدا رەسۇلۇللاھقا خىتاب قىلىنىشىدۇر.

سۈرە « مۇتەھاررىم » دەپمۇ ئاتالغان.

سۈرە مەدىنىدە نازىل بولغان ئاخىرقى سۈرىلەردىن بىرى بولۇپ، سۈرىنى تەشكىل قىلغان ئۈچ بۆلەك مەزمۇن جەھەتتىن بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولغانلىقتىن، پەرقلىق زامانلاردا نازىل بولغانلىقى ھەققىدىكى قاراشلار توغرا ئەمەس. سۈرىنىڭ نازىل بولۇش ۋاقتىنى ئېنىق شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويۇش تەس.

« ئاللاھ سىلەرگە ( كەففارەت ) بىلەن قەسىمىڭلاردىن چىقىشنى بىلدۈرگەنىدى » ( 2 ) ئايىتىنىڭ مائىدە 89 - ئايەتنى ئىما قىلىشۋاتقانلىقى نەزەرگە ئېلىنغاندا، سۈرىنىڭ مائىدە سۈرىسىدىن كېيىن نازىل بولغانلىقى مەلۇم بولماقتا. تۈنجى تەرتىپلەرنىڭ ھەممىسىدە ھۇجۇرات سۈرىسىنىڭ ئارقىسىغا تىزىلغان. بۇ تەخمىنەن ھىجرەتنىڭ 8 ياكى 9 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ. نازىل بولۇش سەۋەبىگە مۇناسىۋەتلىك رىۋايەتلەرمۇ بۇ تارىخنى توغرىلايدۇ.

ھەزرىتى ئوسمان ۋە ئىبنى ئابباس تەرتىپلىرىدە سۈرىنىڭ تەغابۇن سۈرىسىنىڭ ئالدىغا تىزىلىشى مۇۋاپىق ئەمەستەك تۇرىدۇ. چۈنكى تەغابۇن سۈرىسى مەزكۇر سۈرىدىن خېلى بۇرۇن نازىل بولغان. بىزنىڭ ئىزاھاتلىق تەرتىپىمىزدە ھۇجۇرات - تەۋبە سۈرىسى ئارىسىدا ئورۇن ئالماقتا.

سۈرىنىڭ مەقسىتى ئۈرنەك ئىنسان تىپى بەرپا قىلىش بولۇپ، سۈرىدە رەسۇلۇللاھقا ئۆزىنىڭ رولى ئەسلىتىلىدۇ. بۇ رول ئارقىلىق بارلىق ئىش - ھەرىكىتىنىڭ ئىلاھىي نازارەت ئاستىدا ئىكەنلىكى تەكىتلىنىدۇ ( 1 - 2 ). رەسۇلۇللاھ ئالغان بۇ خىل ئاگاھلاندۇرۇشلار قالغان ئۆمرىنىڭ ئىلاھىي نازارەتتىن غەلىبىلىك ئۆتكەنلىكى مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. سۈرىدە « شەخسىي ھايات » چۈشەنچىسى تارايتىقلى بولىدىغان ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىدە كىچىكلىتىلگەن. قۇرئانغا رەسۇلۇللاھنىڭ قول تىقمىغانلىقىغا دەلىل سۈپىتىدە تەھرىم 1 - 3 ۋە ئەھزاپ 37 - ئايەتلەر بېتەرلىكتۇر. بۇ « رەسۇلۇللاھنىڭ مەخپىي - يوشۇرۇن ئىشلىرى يوق » دېگەنلىكتۇر.

ئاللاھ رەسۇلۇللاھ ئۈستىدىن ئۇنىڭ ئەڭ يېقىنلىرىنىمۇ « ئۈرنەك بەرپا قىلىش » دائىرىسى ئىچىگە ئالغان ( 3 - 4 ) بولۇپ، نەبىنىڭ ئاياللىرىنىڭ ئادەتتىكى ئاياللاردەك مۇئامىلىدە بولالمايدىغانلىقى تەكىتلەنگەن ( 5 ).

سۆز بۇ نۇقتىغا كەلگەندە ھەر دەۋرنىڭ مۇئمىنلىرىگە ئومۇمىي بىر چاقىرىق قىلىنىدۇ. بۇ چاقىرىق ئائىلىنىڭ مەركىزى بولغان ئۆيلەرنى جەھەننەم ئەمەس، جەننەتنىڭ بىر تارمىقىغا ئايلاندۇرۇش چاقىرىقىدۇر:

يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا قُوا أَنْفُسَكُمْ وَأَهْلِيكُمْ نَارًا وَقُودُهَا النَّاسُ وَالْحِجَارَةُ

« ئى مۇئمىنلەر! ئۆزۈڭلارنى ۋە بالا ـ چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان دوزاختىن ساقلاڭلار! » ( 6 ).

ھەقىقىي ياخشى ياتقان ياخشى ئەمەس، بەلكى يامانلىق بىلەن ئاكتىپ كۆرەش قىلغان ياخشىلاردۇر. بۇ سەۋەبتىن سۈرە رەسۇلۇللاھقا بىۋاستە ھالدا خىتاب قىلىپ، ئۇنى ئاكتىپ ياخشىلاردىن بولۇشقا بۇيرۇيدۇ ( 9 ).

سۈرىدە ھەزرىتى نۇھ ۋە ھەزرىتى لۇتتىن ئىبارەت ئىككى رەسۇلنىڭ ئاياللىرى « ئىبرەتى ئالەم » سۈپىتىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن ( 10 ) بولۇپ، بۇ ئارقىلىق « ياخشى كىشىنىڭ يېقىنى بولۇش ياخشى بولغانلىقىنىڭ كاپالىتى ئەمەس » دېيىلمەكتە. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ، ئايالى سەۋەبىدىن بىتەلەي بولغان ھەر دەۋرنىڭ مۇئمىن ئەرلىرىگە بىر تەسەللىيدۇر. ئۆتمۈشتىن بۈگۈنگىچە كەلگەن ياخشى ئۆرنەكلەر ئاكتىپ كۆرەشنىڭ يارقىن ئۈلگىلىرى بولۇپ كەلگەندى. پىرئەۋننىڭ مۇئمىن ئايالى ئاسىيە ۋە ھەزرىتى مەريەم ھەر دەۋرنىڭ مۇئمىن خانىملىرىغا « مۇئمىنە مىسالى » سۈپىتىدە ئۈلگە قىلىپ كۆرسىتىلگەن. ئاسىيە ئۆرنىكىمۇ يولدىشى سەۋەبىدىن بىتەلەي بولۇپ قالغان ھەر دەۋرنىڭ مۇئمىن خانىملىرى ئۈچۈن بىر تەسەللىيدۇر ( 11 ـ 12 ).

# تەۋبە سۈرىسى

ئۆزرىسىز تۇرۇپ تەبۇك غازىتىغا قاتناشمىغان ئۈچ كىشىنىڭ چىن دىلدىن قىلغان تەۋبىلىرى بايان قىلىنغان ( 102 ـ 118 ) بۆلەككە ئاساسەن بۇ سۈرە « تەۋبە » ئىسمى بىلەن ئاتالغان.

ئىبن ئابباس بۇ سۈرىنى مەزكۇر ئىسىم بىلەن ئاتىغان، تىرمىزى سۈنەن ئىسىملىك ھەدىس توپلىمىدا سۈرىنى بۇ ئىسىم بىلەن ئاتىغان.

سۈرىنىڭ كەڭ تارقالغان ئىسمىدىن يەنە بىرسى « بەرائە » بولۇپ، سۈرىنىڭ كىرىش قىسمىنى تەشكىل قىلغان بەرائە « بىرسىدىن مۇناسىۋەتنى ئۈزگەنلىكنى ئېلان قىلىش، جاكارلاش » مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.

زەيد بىن سابىت ۋە ئەبۇ ھۈرەيرەدىن نەقىل قىلىنغان رىۋايەتلەردىمۇ بۇ ئىسىم بىلەن ئاتالغان ( بۇخارى، سالات، 10 / 1347 ). ئۇنىڭدىن باشقا، بۇخارى سەھىھىدە سۈرىگە بۇ ئىسىم بىلەن ئايرىم ماۋزۇ ئاچقان.

دەسلەپكى مەزگىللەردە بەرائە ئىسمىنىڭ تەۋبە ئىسمىگە قارىغاندا كەڭ دائىرىدە ئىشلىتىلگەنلىكىنى ئېيتىش مۇمكىن. چۈنكى خېلى كۆپ تەپسىر مەنبەلىرىدە بۇ سۈرە بەرائە ئىسمى بىلەن تىلغا ئېلىنغان. تەۋبە ئىسمى كۈنىمىزدە كەڭ دائىرىدە ئىشلىتىلىشكە باشلانغان ۋە بۇ ئىسىم بىلەن مەشھۇر بولغان. بىراق ھازىرمۇ بەزى جايلاردا بۇ سۈرە بەرائە ئىسمى بىلەن ئاتالماقتا. بۇ سەۋەبتىن مۇسھابلارنىڭ مۇندەرىجىسىدە ۋە بەزى ئەسەرلەردە ھەر ئىككى ئىسىم بىلەن ئاتالماقتا، ھەتتا بەزىدە بۇ ئىككى ئىسىم بىرلىكتە تىلغا ئېلىنماقتا.

سۈرە تۈنجى نەسل تەرىپىدىن ھەرخىل پەرقلىق ئىسىم بىلەن ئاتالغان. يەنى، نىفاق ۋە شېرىك ئىللىتىدىن قۇتقازغانلىقى ۋە كاپىرلارنى « تاخە » دېگەنلىكى ئۈچۈن « مۇقاشقىشە » ( كافىرۇن بىلەن بىرلىكتە ) ئىسمى بىلەن ئاتالغان. مۇناپىقلار سەۋەب بولغان ۋەقەنى ئوتتۇرىغا چىقارغانلىقى ئۈچۈن « فادىھا »؛ كاپىرلارنى جازالاش ھەققىدە توختالغانلىقى ئۈچۈن « ئازاب » ئىسمى بىلەنمۇ ئاتالغان. مۇشرىكلارنىڭ دىلىدىكىنى ئاشكارىلىغانلىقى ئۈچۈن « مۇنەككىرا »؛ ئىككى يۈزلىمىچىلەرنىڭ ھەقىقى ئەپتى ـ بەشىرىسىنى كۆرسىتىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن « بەھۇس »؛ نىفاق ئەھلىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئاشكارلايدىغان مەنىۋى ئانالىز ئېلىپ بارغانلىقى ئۈچۈن « ھافىرا »؛ ئۇنىڭدىن باشقا، مۇناپىقلارنىڭ سىرلىرىنى يېيىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن « مۇبا شىرا »؛ مۇشرىكلارنىڭ ھاكىمىيىتىگە

خاتىمە بەرگەنلىكى ئۈچۈن « مۇدەممەدە » ئىسمى بىلەنمۇ ئاتالغان. بۇلارنى نەزەرگە ئالغاندا، سۈرىنىڭ ئۈنغا يېقىن ئىسمى بارلىقى مەلۇم بولماقتا.

سۈرىنىڭ « بەھۇس » ئىسمى مەشھۇر ساھابە ئەبۇ ئەييۇب ئەل ئەنسارىدىن نەقىل قىلىنىدۇ. « فادىھا ۋە مۇبا شىرا » ئىسىملىرى ئىبنى ئاباستىن نەقىل قىلىنغان.

تەۋبە سۈرىسىنىڭ مەدىنىدە نازىل بولغانلىقى ھەققىدە شۈبھە يوق. بەزى ئايەتلەرنىڭ مەككىدە نازىل بولغانلىقى ھەققىدىكى قاراشلار ئەنئام سۈرىسىدە ئۆتتۈرىغا قويۇلغان ئۆلچەملەر تەرىپىدىن رەت قىلىنماقتا.

بۇ سۈرە ئەڭ ئاخىرىدا نازىل بولغان قۇرئان سۈرىسىدۇر. جابىر بىن زەيد ئىبنى ئابباستىن نەقىل قىلغان تەرتىپتە ئەڭ ئاخىرىغا تىزىلغان. لېكىن باشقا تەرتىپلەردە ئەڭ ئاخىرقى سۈرە سۈپىتىدە ئورۇن ئالمىغان. ھەزرىتى ئوسمان تەرتىپىدە 113 - ئورۇندا مائىدە - نەسر؛ ئىبنى ئاباباس تەرتىپىدە 109 - ئورۇندا مائىدە - نەسر؛ ئىمام جافەر تەرتىپىدە 112 - قاتاردا فەتىھ - نەسر سۈرىسى ئارىسىدا ئورۇن ئالغان. بۇ تەرتىپلەر ئىچىدە ئەڭ توغرا بولغىنى جابىر بىن زەيد تەرتىپىدۇر. تەۋبە سۈرىسى تەھرىم سۈرىسىدىن كېيىن قۇرئاندا نازىل بولغان ئەڭ ئاخىرقى سۈرە ئۈنىۋانىغا ئىگە.

بۇ ساھەدىكى مۇتلەق كۆپچىلىك كىشىلەر بۇ سۈرىنى بىر قېتىمدا نازىل بولغان دەپ قارايدۇ. سۈرىنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسى بۇ قاراشنى كۈچلەندۈرىدۇ. ھەزرىتى ئائىشەدىن نەقىل قىلىنغان بىر رىۋايەتتە، رەسۇلۇللاھنىڭ بەرائە سۈرىسىنىڭ بىر قېتىمدىلا نازىل بولغانلىقىنى ئېيتقانلىقى بايان قىلىنغان. بۇ رىۋايەتمۇ سۈرىنىڭ مەزمۇنى بىلەن بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە. سۈرىنىڭ نازىل بولۇش مەزگىلى ھەققىدە كۆپچىلىك قوبۇل قىلغان قاراشنى ئاساس قىلغان ۋاقىتىمىزدا، سۈرىنىڭ ھىجرى 9 - يىلى ( مىلادى 631 ) شەۋۋال ئېيىنىڭ بېشى بىلەن زۇلقائىدەنىڭ ئاخىرىدا نازىل بولۇشقا باشلىغانلىقىنى ئېيتىشقا بولىدۇ.

بىسمىللاھ بىلەن باشلانمىغان بىردىنبىر سۈرە

تەۋبە سۈرىسى قۇرئاندا بىسمىللاھ بىلەن باشلانمىغان بىردىنبىر سۈرىدۇر. ئىبنى مەسئۇد نۇسخىسىدا « بىسمىللاھ » بىلەن باشلانغانلىقى ھەققىدىكى رىۋايەتنى مۇستەسنا دەپ قارىساق، بۇ قاراش ساھابىنىڭ ئورتاق قوبۇل قىلغان چۈشەنچىسى ۋە ئىزاھاتى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر ( ئىتكان، 1، 173 ). بۇ ھەقتە پەرقلىق ئىزاھاتلار، قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، رازى بارلىق قاراشلارنى ئالتە نۇقتىغا يىغىنچاقلىغان. بۇ قاراشلارغا « بىسمىللاھنىڭ ھۆكمى » ھەققىدىكى پەرقلىق قاراشلارنى ياقلىغان فىقھ ئېقىملىرىنىڭ نەزىرىيىلىرىمۇ كىرگۈزۈلگەن ( بۇ ھەقتە « فاتىھە » سۈرىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك بايانلارغا قاراڭ ).

بۇ خىل مەزھەبى قاراشلارنى بىر ياققا قويۇپ تۇرساق، سۈرىنىڭ بېشىدا نېمە ئۈچۈن « بىسمىللاھ » بولمىغانلىقىنى ئىزاھلاشقا تىرىشقان بارلىق قاراشلارنىڭ كۆرسەتكەن سەۋەبى ئوخشاشتۇر: ئىككى (ئەنفال ۋە تەۋبە ) سۈرە مەزمۇنىنىڭ بىر - بىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشىدۇر. ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۇ قاراشلار بۇ مۇناسىۋەتنىڭ خاراكتېرى ھەققىدە پەرق كۆرسەتمەكتە. ئۇبەي بىن كائابقا نىسبەت قىلىنغان بىر قاراشقا ئاساسلانغاندا، ئالدىنقى سۈرە بولغان ئەنفال سۈرىسى كېلىشىم قىلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇ سۈرە تۈزۈلگەن كېلىشىمنى بۇزۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك. يەنە باشقا بىر قاراشقا قارىغاندا، ئەنفال سۈرىسىدە ئىمان ئېيتقانلار ئۆزئارا ياردەم قىلىشقا چاقىرىلغان، تەۋبە سۈرىسى مۇئمىنلەرنى مۇشرىكلار بىلەن سىياسىي ۋە ئەخلاقى ساھەدە مۇناسىۋەتلەرنى ئۈزۈشكە چاقىرىدۇ.

رىۋايەتكە ئاساسلانغاندا، ئىبنى ئابباسنىڭ « ئەنفال سۈرىسى بىلەن بەرائە سۈرىسىنى نېمە ئۈچۈن يانمۇ - يان تىزدىڭلار؟ » دېگەن سوئالىغا ھەزرىتى ئوسمان: «رەسۇلۇللاھ ھەر سۈرە نازىل بولغاندىن كېيىن، بۇنى شۇ يەرگە تىزىڭلار » دېدى دەپ جاۋاب بەرگەن. بەرائە سۈرىسى قۇرئاننىڭ ئەڭ ئاخىرىدا نازىل بولغان سۈرىسىدۇر.

رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ ئورنىنى بەلگىلەشتىن بۇرۇن ۋاپات بولغان. بۇ سۈرىنىڭ مەزمۇنى بىلەن ئەنفال سۈرىسىنىڭ مەزمۇنى بىر - بىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. شۇڭا ئىككى سۈرە ئارقىمۇ - ئارقا تىزىلغان ( رازى ). يەنە ئىبنى ئابباسنىڭ ھەزرىتى ئەلىدىن: « نېمە ئۈچۈن ئەنفال بىلەن تەۋبە ئارىسىدا بىسمىللاھ يوق؟ » دەپ سورىغان

سوئالىغا ھەزرىتى ئەلىنىڭ: « چۈنكى " بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم " ئامانلىق بېرىشتۇر، بۇ سۈرە دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە ئۇرۇش ۋە كېلىشىمنى بىكار قىلىش ھەققىدە » دەپ جاۋاب بەرگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ. لېكىن ھۇمەزە، مۇتەففىفىنغا ئوخشاش نۇرغۇن سۈرىنىڭ مەزمۇن ۋە خىتابىنىڭ تىل جەھەتتىن قاتتىق ئۇسلۇب ئىشلىتىلگەنلىكىگە قارىماستىن « بىسمىللاھ » بىلەن باشلانغانلىقى ۋە ئۇرۇشقا بۇيرۇلغان ئايەتلەردىن تارتىپ قۇرئاندىكى باشقا ئايەتلەرنى ئوقۇغاندىمۇ « بىسمىللاھ » بىلەن باشلاشنىڭ جائىز ئىكەنلىكى ھەققىدە ئالىملارنىڭ ئوخشاش قاراشتا ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم ( ئالۇسى ). ئۇنىڭدىن باشقا، قۇرئاندا نۇرغۇن سۈرە بايان قىلغان تېما جەھەتتىن بىر - بىرىگە ئوخشاپ قالىدۇ. ئىزدىگەن ۋاقىتتا، مەزمۇن جەھەتتىن بىر - بىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان سۈرىلەرنى تېپىش قىيىن ئەمەس. يەنە كېلىپ بۇ ئىككى سۈرە ئارىسىدا يەتتە يىللىق زامان پەرقىنىڭ بارلىقىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىنماسلىقى كېرەك.

يۇقىرىدىكىلەر نەزەردە تۇتۇلغاندا، بېشىدا « بىسمىللاھ » بولمىغانلىقى ھەققىدە ھېچقانداق ئىختىلاپ بولمىغان بۇ سۈرىنىڭ نېمە ئۈچۈن « بىسمىللاھسىز » باشلانغانلىقى ھەر خىل قاراشلارنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلىشىغا ئوچۇق بىر تېما سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

تەۋبە سۈرىسىنىڭ پەردە ئارقىسىدا كونا دۈشمەنلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى قايتىدىن كۆزدىن كەچۈرۈلگەنلىكى ياتىدۇ. ھۇدەيبىيەدە مۇشرىك مەككىلىكلەر بىلەن تۈزۈلگەن تىنچلىق كېلىشىمدىن كېيىن رەسۇلۇللاھ مۇتلەق غالىبىيەتكە قارىماستىن ئەھدىگە ۋاپا قىلىپ كەلگەن بولۇپ، مەككىلىكلەر مۇتلەق مەغلۇبىيەتكە قارىماي كېلىشىمگە خىلاپ بولغان ھەر خىل ھىيلىلەرنى ئىشلەتمەكتە ئىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ ئىتتىپاقدىشى خۇزائا مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ ئىتتىپاقدىشى بەنى بەكىر ئايمىقى بىلەن كونا قان داۋاسى سەۋەبىدىن ئۇرۇشتى. خۇزائا ئىتتىپاقدىشى بولغان مۇئمىنلەردىن ياردەم تەلەپ قىلدى. رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ تەلەپكە قايتۇرغان ئىجابىي جاۋابى مەككىنىڭ فەتھىسى ۋە ھۇنەيىن غازىتى بىلەن نەتىجىلەندى. بۇ ھەرىكەتنىڭ داۋامى سۈپىتىدە ھىجرى 9 - يىلى رەجەپ ئېيىدا تەبۇك غازىتى بولدى. ئىسلام جامائىتىنىڭ ھەج ئۆمىكى / كارۋىنى ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ باشچىلىقىدا ھەج قىلىشۋاتقانىدى. رەسۇلۇللاھ بۇ سۈرىنىڭ بىرىنچى بۆلىكىنىڭ ئوچۇق ئاگاھلاندۇرۇش ئىكەنلىكىنى مۇھاتابلارغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ھەزرىتى ئەلىنى ھەج ئۆمىكىنىڭ ئارقىسىدىن مەككىگە ئەۋەتتى. بۇ، يېڭىلگەن بارلىق تەرەپلەرگە ئەگەر ئىسلام جامائىتى بىلەن بىرگە ياشىماقچى بولسا، ئىسلامنىڭ ئۈستۈنلىكىنى ۋە ئىسلام ھاكىمىيىتىنى ئېتىراپ قىلىش ۋە ئۇنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلىش ئۇلتىماتۇمى ئىدى. بۇ دائىرىدە ھەج ئىبادىتى ۋە ھەج رايونى شېرىك ئىزنالىرىدىن پاكلاندى.

سۈرىنىڭ ئانا تېمىسى تەۋھىد، ئادالەت ۋە ئىسلام جامائىتىنىڭ بىخەتەرلىكى بولۇپ، سۈرە ئادالەت بىلەن بىخەتەرلىك ياكى ئەخلاق بىلەن بىخەتەرلىك ئارىسىدىكى زىل تەڭپۇڭلۇقنىڭ قانداق ساقلىنىدىغانلىقى ھەققىدە نەسىھەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن سۈرە بىر تەرەپتىن ئىسلامغا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلغان مۇشرىكلارغا قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش، يەنە بىر تەرەپتىن مۇئمىنلەرگە مۇناسىۋەتنى ئۈزۈش ھەققىدە بېرىلگەن تەلىماتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئايەتلەر بىلەن سۆز باشلايدۇ:

بَرَاءَةٌ مِنَ اللَّهِ وَرَسُولِهِ إِلَى الَّذِينَ عَاهَدْتُمْ مِنَ الْمُشْرِكِينَ (1) فَسِيحُوا فِي الْأَرْضِ أَرْبَعَةَ أَشْهُرٍ وَاعْلَمُوا
أَنَّكُمْ غَيْرُ مُعْجِزِي اللَّهِ وَأَنَّ اللَّهَ مُخْزِي الْكَافِرِينَ (2) وَأَذَانٌ مِنَ اللَّهِ وَرَسُولِهِ إِلَى النَّاسِ يَوْمَ الْحَجِّ الْأَكْبَرِ أَنَّ
اللَّهَ بَرِيءٌ مِنَ الْمُشْرِكِينَ وَرَسُولُهُ فَإِنْ تُبْتُمْ فَهُوَ خَيْرٌ لَكُمْ وَإِنْ تَوَلَّيْتُمْ فَاعْلَمُوا أَنَّكُمْ غَيْرُ مُعْجِزِي اللَّهِ وَبَشِّرِ
الَّذِينَ كَفَرُوا بِعَذَابٍ أَلِيمٍ (3) إِلَّا الَّذِينَ عَاهَدْتُمْ مِنَ الْمُشْرِكِينَ ثُمَّ لَمْ يَنْقُصُوكُمْ شَيْئًا وَلَمْ يُظَاهِرُوا عَلَيْكُمْ
أَحَدًا فَأَتِمُّوا إِلَيْهِمْ عَهْدَهُمْ إِلَى مُدَّتِهِمْ إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ الْمُتَّقِينَ (4)

« ( بۇ ) اللە ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىنىڭ كېلىشىم تۈزۈشكەن مۇشرىكلارغا قاراتقان ئادا ـ جۇدا بولۇش ( يەنى مۇئاھىدىنى بىكار قىلىش ) ئېلانىدۇر. ( ئى ئەھدىنامە تۈزۈشكەن مۇشرىكلار! ) يەر يۈزىدە ( خالىغىنىڭلارچە )

تۆت ئاي يۈرۈڭلار، بىلىڭلاركى، سىلەر اﷲ ( نىڭ ئازابى ) دىن قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر، ( بىلىڭلاركى ) اﷲ كۇپرىدا چىڭ تۇرغۇچى ۋە كېلىشىمگە خىيانەت قىلغۇچىلارنى خار قىلىدۇ. ( بۇ ) چوڭ ھەج كۈنىدە اﷲ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى تەرىپىدىن كىشىلەرگە چىقىرىلغان ئېلاندۇركى، اﷲ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى ئاللاھ قا خاس بولغان سۈپەت ( ئالاھدىلىك )نى ئۇنىڭدىن غەيرىگە بەرگۈچىلەر ( مۇشرىكلار )دىن ئادا ـ جۇدادۇر. ئەگەر بۇنىڭدىن كېيىن ( كۇفرىدىن ) تەۋبە قىلساڭلار، بۇ سىلەرگە ( گۇمراھلىقتا كېتىۋېرىشتىن ) ياخشىدۇر، ئەگەر چاقىرىقتىن يۈز ئۆرۈسەڭلار، بىلىڭلاركى، اﷲ ( نىڭ ئازابى ) دىن قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر.

كۇپرى ۋە خىيانەت قىلىشتا چىڭ تۇرغانلارغا قاتتىق ئازاب بىلەن بىشارەت بەرگىن. ئەمما مۇشرىكلار ئىچىدىكى سىلەر بىلەن مۇئاھىدە تۈزگەن، مۇئاھىدىگە ھېچقانداق خىلاپلىق قىلمىغان، سىلەرگە قارشى ھېچقانداق ئادەمگە ياردەم بەرمىگەنلەرگە كەلسەك، ئۇلار بىلەن تۈزگەن بۇ مۇئاھىدىگە ئۇنىڭ ۋاقتى توشقانغا قەدەر رىئايە قىلىڭلار، شۈبھىسىزكى، اﷲ تەقۋادارلارنى دوست تۇتىدۇ » ( 1 ـ 4 ).

ۋەھيىنىڭ ئىلاھى كالامنى پۈتۈنلەي رەت قىلىش بىلەنلا قالماي ئۇنىڭغا قارشى جەڭ ئېلان قىلغانلارغا قاراتقان بۇ ئۇلتىماتۇمدا، ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدىمىگەنلىكى ئېنىق بىر ئۇسلۇبتا 4 ـ ئايەتتە ناھايىتى روشەن بايان قىلغان بولۇپ، بۇ كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. ئايەتنىڭ ئاخىرىدىكى « ئۇنتۇماڭلاركى، ئاللاھ مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلغانلارنى / تەقۋادارلارنى دوست تۇتىدۇ » جۈملىسى دىنى، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي... بارلىق مۇخالىپلارغا قارىتا مۇئامىلە قىلغاندا، ئۇلارغا قاراتقان پوزىتسىيىدە « مەسئۇلىيەت ئەخلاقى »نىڭ بولۇشى كېرەكلىكىنى تەكىتلىمەكتە. بۇ ئاساسىي پرىنسىپ « ھاكىمىيەت ئەخلاقى »دىن ۋەز نەسىھەت بەرمەكتە.

يۇقىرىدىكى ئايەتلەردىن كېيىن كەلگەن 5 ـ ئايەت شۈبھىسىز قۇرئاننىڭ شىددەتلىك ۋە قاتتىق ئۇسلۇبى ئەكس ئەتكەن ئايەتلەردىن بىرىدۇر:

فَإِذَا انْسَلَخَ الْأَشْهُرُ الْحُرُمُ فَاقْتُلُوا الْمُشْرِكِينَ حَيْثُ وَجَدْتُمُوهُمْ وَخُذُوهُمْ وَاحْصُرُوهُمْ وَاقْعُدُوا لَهُمْ كُلَّ مَرْصَدٍ فَإِنْ تَابُوا وَأَقَامُوا الصَّلَاةَ وَآتَوُا الزَّكَاةَ فَخَلُّوا سَبِيلَهُمْ إِنَّ اللَّهَ غَفُورٌ رَحِيمٌ

« بۇ مۆھلەت توشقاندا، مۇشرىكلار ( كېلىشىم تۈزۈپ ئۇنىڭغا خىيانەت قىلغانلار )نى قەيەردە ئۇچراتساڭلار شۇ يەردە ئۆلتۈرۈڭلار، ئەسىرگە ئېلىڭلار، قورشاڭلار، ئۇلارنىڭ ئۆتىدىغان يوللىرىنى كۆزىتىپ تۇرۇڭلار، ئەگەر ئۇلار تەۋبە قىلسا، ناماز ئوقۇسا، زاكات بەرسە، ئۇلارنى قويۇپ بېرىڭلار، شۈبھىسىزكى، اﷲ ( تەۋبە قىلغۇچىلارغا ) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، رەھىم قىلغۇچىدۇر » ( 5 ).

قۇرئاندىكى ئەڭ قاتتىق ئۇسلۇبتا بايان قىلىنغان بۇ ئايەتنىڭ قانداق ئاخىرلاشقانلىقىغا دىققەت قىلىڭ! شۇنداق، مۇشۇنداق بىر ئايەت « شۈبھىسىزكى، اﷲ ( تەۋبە قىلغۇچىلارغا ) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، رەھىم قىلغۇچىدۇر » دەپ ئاخىرلاشقان. ئىشلىتىلگەن تىل ئېتىبارى بىلەن مۇشۇنداق قاتتىق ئۇسلۇب قوللىنىلغان بىر ئايەتنىڭ ئاخىرىدا ئاللاھ نىڭ چەكسىز مەغپىرەت قىلغۇچى، چەكسىز مەرھەمەت قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىلىپ ئۆتكەن ئەسمائى ـ ھۇسنا، ئايەت ھەققىدىكى بارلىق شەرھلەرنىڭ دائىرىسىنى بەلگىلەپ بېرىشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئەسما بىلەن ئاخىرلاشقان بارلىق ئايەت ۋە بۆلەكلەرمۇ بۇ مەقسەتكە ئىگە. چۈنكى كائىناتنىڭ سىرى ئىنساندا، ئىنساننىڭ سىرى قۇرئاندا، قۇرئاننىڭ سىرى ئەسمادا، ئەسمانىڭ سىرى ئاللاھ لەبزىدە، ئاللاھ لەبزىنىڭ سىرى ئاللاھ نىڭ زاتىدا مۇجەسسەملەنگەن. قۇرئاننىڭ سىرى ئەسمادا بولغانلىقىغا قارىغاندا، ئايەتلەرنىڭ ئاخىرىدىكى ئەسما ئۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنىڭ سىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۇرگەندۇر. قۇرئاندىكى تىل ئۇسلۇبى ئەڭ قاتتىق بولغان ئايەت ھېسابلانغان بىر ئايەت ئاللاھ نىڭ غەفۇر ۋە رەھىم ئىسمى بىلەن ئاخىرلاشقان بولسا، بۇ ئارقىلىق مۇئمىن مۇھاتابقا: « بۇ قۇرئان بىلەن ئەمەل قىلىشنى ھايات غايىسى قىلغان ئى مۇئمىن! بۇ ئايەتلەرنى چۈشىنىش ۋە تەدبىقلاش جەھەتتە مۇنداق ئىككى نۇقتىنى نەزەردىن ساقىت قىلما: ئەپۇ ۋە مەرھەمەت! ئۇنۇتما، ئۆزىگە ئەڭ چوڭ تۈزكورلۇقلار، يامان گۇمانلار، ۋاپاسىزلىقلار، ناشۈكۈرلۈكلەر قىلىنغان ئاللاھ نىڭ مەرھەمىتى " ھەر نەرسىنى ۋە ھەر كىشىنى " ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سەنمۇ قۇرئان ئەخلاقى بىلەن

ئەخلاقلان ۋە بۇ چەكسىز ئەپۇ ۋە مەرھەمەتتىن سەنمۇ ئۆزەڭگە چۈشكەن نېسۋىنى ئال! غەپۇر ۋە رەھىم ئىسمىدىن ساڭا قانچىلىك نېسۋە چۈشكەنلىكى قولۇڭغا پۇرسەت كەلگەندە دۈشمەنلىرىڭگە قانداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىڭ بىلەن مەلۇم بولىدۇ! » دېمەكتە.

دېمىسىمۇ 5 - ئايەتتىن كېيىن كەلگەن ئايەت يۇقىرىدىكى باياناتلارنى تولۇقلايدىغان ماھىيەتتە:

وَإِنْ أَحَدٌ مِنَ الْمُشْرِكِينَ اسْتَجَارَكَ فَأَجِرْهُ حَتَّى يَسْمَعَ كَلَامَ اللَّهِ ثُمَّ أَبْلِغْهُ مَأْمَنَهُ ذَلِكَ بِأَنَّهُمْ قَوْمٌ لَا يَعْلَمُونَ

« ئەگەر مۇشرىكلاردىن بىرەر كىشى سەندىن ئامانلىق تىلىسە، ئۇنىڭغا باشپاناھ بولغىن. بەلكىم ئۇ الله نىڭ كالامىغا قۇلاق سېلىپ قېلىشى مۇمكىن. ئاندىن ئۇنى ( جېنى، مېلى ) ئامان تاپىدىغان جايغا يەتكۈزۈپ قويغىن! ئۇلارغا مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلغىن، چۈنكى ئۇلار ( ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىتىنى ) ئۇقمايدىغان قەۋمدۇر » ( 6 ).

ھاكىمىيەت بىلەن ئېمتىھان قىلىنغان مەدىنە ئىسلام جامائىتى « مەسئۇلىيەت ئەخلاقى ( تەقۋا ) »غا تايانغان بىر ھاكىمىيەت ئەخلاقى شەكىللەندۈرۈشى كېرەك ئىدى. تەۋبە سۈرىسىنىڭ بىرىنچى بۆلىكى بۇ ھەقىقەتنىڭ ئۆرنەكلىرى بىلەن تولۇپ تاشماقتا. ھەتتا، بۇنى رېئال ھاياتتا شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن ئىسلام جامائىتىنى قەتئىيلىك بىلەن ئۆزىنى پات - پات تەكشۈرۈپ تۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ. سۈرە ئىسلام جامائىتىگە بىخەتەرلىك مەسىلىسىنى ئادالەت ۋە ئەخلاقى پرىنسىپ ئاساسىدا ھەل قىلىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. كېلىشىملەرگە رىئايە قىلىش، ھەتتا ئۇرۇش ئاستىدىمۇ ئەھدىنامىلەرگە رىئايە قىلىش بۇ پرىنسىپلارنىڭ ئەڭ ئالدىدا كېلىدۇ ( 8 - 16 ). بۇ بۆلەكتە ئۇن - تىنىسىز ئاققان دەرياغا ئوخشايدىغان ھاياتنىڭ بىر « ئېمتىھان » ئىكەنلىكى ھەقىقىتى ئانا تېما قىلىنغان. دوستمۇ، دۈشمەنمۇ ئېمتىھاندۇر. ھاكىمىيەتمۇ ئېمتىھاندۇر، مۇخالىپەتمۇ ھەم شۇنداق. مۇھىم بولغان نەرسە پەقەت دوستلۇق ئېمتىھانىدىنلا ئۆتۈپ قالماي، دۈشمەن بىلەن قىلىنغان سىناقتىنمۇ غەلبىلىك ئۆتۈش ۋە نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ ھەرىكەت قىلماسلىق؛ پەقەت مۇخالىپەت بىلەنلا ئەمەس، ھاكىمىيەت / كۈچ بېرىپ سىنالغان ۋاقىتتىمۇ بۇ ئېمتىھاندىن غەلىبىلىك ئۆتۈش؛ يوقلۇقتا سەبىر قىلغاندەك مولچىلىقتىمۇ سەبىر قىلىپ، ئۇنىڭغا يېڭىلىپ قالماسلىقتۇر.

سۈرىنىڭ ئالدىنقى 37 ئايىتى ئىجتىمائىي مىزاننى بەرپا قىلىدۇ ۋە ئىجتىمائىي جەمئىيەتنى تەشكىل قىلىدىغان پەرقلىق ئېتىقادتىكى كىشىلەرگە ئىسلام جامائىتىنىڭ مەۋجۇت بولۇش سەۋەبى بولغان ئاساسلىق پرىنسىپلاردا يول قويۇلمايدىغانلىقى ھەقىقىتىنى بىلدۈرىدۇ.

« الله نىڭ مەسجىدلىرىنى ئاۋات قىلىشى ئاللاھ قا شېرىك قوشقانلارنىڭ ئىشى ئەمەس » دېگەن 17 - ئايەت پەقەت ئۆز دەۋرىنىڭ قىڭغىر چۈشەنچىسىگىلا ئەمەس، كۈنىمىزدىكى قىڭغىر چۈشەنچىلەرگىمۇ خىتاب قىلماقتا. يەنى شېرىك مەۋجۇت بولغان ھەر يەردە ئىبادەت بولمايدىغانلىقى بايان قىلىنماقتا.

ھايات تۈپتۈز يولدا داۋام قىلمايدۇ، بۇ يول ئەگرى - توقايلىقلار بىلەن تولۇپ تاشقان. مۇئمىننىڭ ئىمانى دائىم ئېمتىھان قىلىنىپ تۇرۇلىدۇ. ھەزرىتى ئادەمگە ئوخشاش ئىبلىس بىلەن، ھەزرىتى نۇھقا ئوخشاش تۇپان بىلەن، ھەزرىتى ئىبراھىمغا ئوخشاش ئوت بىلەن، ھەزرىتى ئىسمائىلغا ئوخشاش جان بىلەن، ھەزرىتى ياقۇپقا ئوخشاش پەرزەنت ئوتى بىلەن، ھەزرىتى يۈسۈپكە ئوخشاش ئايال بىلەن، ھەزرىتى ئاسىيەگە ئوخشاش ئېرى بىلەن، ھەزرىتى مۇساغا ئوخشاش ھاكىمىيەت بىلەن، ھەزرىتى داۋۇدقا ئوخشاش سەلتەنەت بىلەن، ھەزرىتى يەھياغا ئوخشاش قۇربان بولۇش بىلەن سىنىلىدۇ. ھەر كىشىنىڭ يانغىندا قۇتقۇزۇپ چىقىدىغان نەرسىلىرىنىڭ تىزىملىكى پەرقلىق بولىدۇ. مۇھىم بولغان نەرسە ئۆزىڭىزگە خاس بولغان قۇتقۇزۇشقا تېگىشلىك نەرسىلەرنىڭ تىزىملىكىدۇر. سىز ئۈچۈن يانغىندا ئەڭ باشتا قۇتقۇزۇپ چىقىشقا تېگىشلىك بولغان نەرسە نېمە؟ ئىمانىڭىزمۇ، روھىڭىزمۇ، جىسمىڭىزمۇ، مېلىڭىز، ئائىلىڭىزمۇ، ئۇرۇق - تۇققانلىرىڭىزمۇ، قەبىلىڭىزمۇ، ئۆيىڭىزمۇ، ئىشىڭىزمۇ؟ ئەسلىدە يۇقىرىدىكى سوئالنىڭ ئارقىسىغا « سىز ئۈچۈن ئەڭ خەيرلىك بولغان نەرسە نېمە؟ » دېگەن سوئال ياتماقتا. تۆۋەندىكى ئايەت بۇ سوئال قانداق قىلساق توغرا جاۋاب بېرەلەيدىغانلىقىمىزنى كۆرسەتمەكتە:

قُلْ إِنْ كَانَ آبَاؤُكُمْ وَأَبْنَاؤُكُمْ وَإِخْوَانُكُمْ وَأَزْوَاجُكُمْ وَعَشِيرَتُكُمْ وَأَمْوَالٌ اقْتَرَفْتُمُوهَا وَتِجَارَةٌ تَخْشَوْنَ كَسَادَهَا وَمَسَاكِنُ تَرْضَوْنَهَا أَحَبَّ إِلَيْكُمْ مِنَ اللَّهِ وَرَسُولِهِ وَجِهَادٍ فِي سَبِيلِهِ فَتَرَبَّصُوا حَتَّى يَأْتِيَ اللَّهُ بِأَمْرِهِ وَاللَّهُ لَا يَهْدِي الْقَوْمَ الْفَاسِقِينَ

ئېيتقىنكى، « ئەگەر سىلەرنىڭ ئاتاڭلار، ئوغۇللىرىڭلار، قېرىنداشىڭلار، خوتۇنلىرىڭلار، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭلار ( ھەممە ئۇلاردىن باشقىلار )، تاپقان پۇل ـ ماللىرىڭلار، ئاقماي قېلىشىدىن قورققان تىجارىتىڭلار، ياخشى كۆرىدىغان ئۆيلىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن الله تىن، الله نىڭ رەسۇلىدىن ۋە الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلىشتىنمۇ / بارلىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشتىنمۇ سۆيۈملۈك بولسا ( يەنى شۇلار بىلەن بولۇپ كېتىپ، الله نىڭ رەسۇلىغا ياردەم بەرمىسەڭلار )، ئۇ ھالدا سىلەر تاكى الله نىڭ ئەمرى كەلگىچە كۈتۈڭلار، الله پاسىق قەۋمنى / مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن مۇئامىلە قىلغۇچىلارنى توغرا يولغا باشلىمايدۇ / ھىدايەت قىلمايدۇ » ( 24 ).

قۇرئان مۇئمىنلەرنى ئۆزىنى تەكشۇرۇپ تۇرۇشقا دەۋەت قىلغاندا، ئۇلارغا بەنى ئىسرائىلنىڭ يەھۇدىيلىشىش، ئىسەۋىلەرنىڭ خىرىستىيانلىشىش قەدەم باسقۇچلىرىدىن ئۆرنەكلەر كۆرسىتىدۇ ( 30 ـ 34 ). بۇ، مۇسۇلمانلارغا « يەھۇدىيلەشمەڭلار ۋە خىرىستىيانلاشماڭلار! » ئاگاھلاندۇرۇشى ئىدى. بۇ بۆلەكتە سۆزنىڭ يەھۇدىيلىشىش ۋە خىرىستىيانلىشىش ئۆرنەكلىرىدىن كېيىن « ئى ئىمان ئېيتقانلار! » ( 34 ) دەپ مۇئمىنلەرگە قارىتىلغانلىقى بۇنىڭ دەلىلى.

ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بۆلەكتە، ئۆزىنى جامائەتنىڭ بىخەتەرلىك ۋەزىپىسىدىن خالىي تۇتماقچى بولغان بايلارغا ئەخلاقى مەسئۇلىيىتى، باشقۇرغۇچىلارغا كىرىمنىڭ تەقسىملىنىشىدە ئادالەتنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق مەسئۇلىيىتى ئەسكەرتىلىدۇ ( 34 ـ 35، 60 ).

ئىسلام جامائىتىنىڭ ئەزالىرى جېنى ۋە مېلى بەدىلىگە ئەقىدىسىنى ھىمايە قىلىشتا بوشاڭلىق قىلالمايدۇ. سۈرىدە بۇنداق قىلغۇچىلار قاتتىق بىر تىل ئۇسلۇبى بىلەن تەنقىتلىنىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىككى يۈزلىمىچىلىكى ئېنىق بولغانلار ئىسلام جامائىتى تەرىپىدىن كەسكىن ۋە ئېنىق بىر ئىپادە بىلەن چەتكە قېقىلىدۇ ( 38 ـ 123 ).

تەۋبە سۈرىسىمۇ خۇددى ئەنفال سۈرىسىگە ئوخشاش « ئۇرۇش ئەخلاقى » ھەققىدە توختالغان سۈرىلەردىن بىرى بولۇپ، مۇئمىنلەرگە ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلىشنىڭ مۇئەييەن پرىنسىپلىرى بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئاللاھ يولىدىكى ئۇرۇش باشقا ئۇرۇشلارغا ئوخشىمايدۇ. ئاللاھ نامى بىلەن يولغا چىققاندا، بۇ سەپەرگە ئاتلانغۇچىلارغا يۈكلەنگەن مەسئۇلىيەتلەر بولىدۇ. بۇ مەسئۇلىيەتلەرنى ئادا قىلغۇچىلارغا جەننەت بىلەن خۇش بىشارەت بېرىلىدۇ. بۇ مەسئۇلىيەتنىڭ ئەڭ ئالدىدا قوبۇل قىلىنىدىغان بىر ئۆزرە بولماي تۇرۇپ، ئاللاھ يولىدىكى جىھاتتىن قېچىش كەلمەكتە. بۇ ئىككى يۈزلىمىچىلەر قىلىدىغان بىر ئىشتۇر ( 73 ـ 80 ). قەلبىدە كېسەل بولغان بەزىلەر ئاللاھ يولىدا جىھادقا چىقماقچى بولغانلارغا « بۇ ئىسسىقتا ئۇرۇشقا چىقماڭلار! » دېگۈدەك دەرىجىدە ھاكاۋۇرلىشىپ كەتكەنىدى. قۇرئان ئۇلارغا مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ: « جەھەننەمنىڭ ئوتى تېخىمۇ قىزىقتۇر » ( 81 ).

ھەر ئىمان ئۆزىنى ئەمەلىي ھەرىكەتتە نامايەن قىلىدۇ. نىفاق- ئېتىقادتىكى ئىككى يۈزلىمىچىلىك ئىللىتىدۇر. بۇ كېسەلنى ئەڭ ياخشى شەكىلدە نامايەن قىلىدىغان ئامىل يەنىلا ئەمەلىي ھەرىكەتتۇر. بۇ سۈرە نىفاق ھەققىدە « روھى ئانالىزى » ئېلىپ بارغان نادىر سۈرىلەردىن بىرى بولۇپ، مۇناپىقلارنى نەق مەيداندا تۇتۇۋېلىشنىڭ يوللىرىنى كۆرسىتىپ بېرىش بىلەن بىرگە، نىفاقنىڭ تەبىئىيتى ھەققىدە ئۆز دەۋرىدىن جانلىق ئۆرنەكلەر بېرىدۇ. مانا بۇ بۆلەك ئارىسىدا خىتاب بىۋاستە ھالدا رەسۇلۇللاھقا قارىتىلىدۇ ۋە ئازارلىغان تۇستە تۆۋەندىكى ئىشنى قىلىشتىن توسىدۇ:

وَلَا تُصَلِّ عَلَى أَحَدٍ مِنْهُمْ مَاتَ أَبَدًا وَلَا تَقُمْ عَلَى قَبْرِهِ إِنَّهُمْ كَفَرُوا بِاللَّهِ وَرَسُولِهِ وَمَاتُوا وَهُمْ فَاسِقُونَ

« سەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆلگەن ھېچبىر ئادەمنىڭ نامىزىنى چۈشۈرمىگىن، ئۇنىڭ قەبرىسى ئۈستىدىمۇ تۇرمىغىن. چۈنكى ئۇلار الله ۋە الله نىڭ رەسۇلىغا تۇزكورلۇق قىلدى ۋە پاسىق ھالىتى بىلەن ئۆلدى » ( 84 ).

قۇرئاندا كۆپ ئۇچرايدىغان ياخشىنى ياماندىن ئايرىيدىغان ساپ ئەقىل بەرپا قىلىش ئۇسلۇبى بۇ سۈرىدىمۇ ئورۇن ئالغان. ئىككى يۈزلىمچىنى ئىككى يۈزلىمچى بولمىغانلاردىن ئايرىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئايەتلەردىن چىقىرىدىغان خېلى كۆپ ساۋاق بار:

لَيْسَ عَلَى الضُّعَفَاءِ وَلَا عَلَى الْمَرْضَى وَلَا عَلَى الَّذِينَ لَا يَجِدُونَ مَا يُنْفِقُونَ حَرَجٌ إِذَا نَصَحُوا لِلَّهِ وَرَسُولِهِ مَا عَلَى الْمُحْسِنِينَ مِنْ سَبِيلٍ وَاللَّهُ غَفُورٌ رَحِيمٌ (91) وَلَا عَلَى الَّذِينَ إِذَا مَا أَتَوْكَ لِتَحْمِلَهُمْ قُلْتَ لَا أَجِدُ مَا أَحْمِلُكُمْ عَلَيْهِ تَوَلَّوْا وَأَعْيُنُهُمْ تَفِيضُ مِنَ الدَّمْعِ حَزَنًا أَلَّا يَجِدُوا مَا يُنْفِقُونَ (92)

ئاجىزلار ( يەنى ياشانغان بوۋايلار )، كېسەللەر، ئىنفاق قىلىش ئۈچۈن سەرپ قىلغۇدەك نەرسە تاپالمىغانلار / ( جىھادقا چىقىشقا ) خىراجەت تاپالمىغانلار الله قا ۋە الله نىڭ رەسۇلىغا سادىق بولسىلا ئۇلار جاۋابكارلىققا تارتىلمايدۇ، ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى ئەيىبلەشكە يول يوقتۇر، الله مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر. يەنە مۇنداق كىشىلەرنىمۇ ئەيىبلەشكە يول يوقتۇركى، ئۇلار ( جىھادقا چىقىش ئۈچۈن ) سەندىن ئۇلاغ سوراپ كەلگەندە، ( ئۇلارغا سەن ) « مېنىڭ سىلەرنى تەمىنلەيدىغان ئۇلاغلىرىم يوق » دېدىڭ؟ ئۇلار ( جىھادقا چىقىشقا ) سەرپ قىلىدىغان نەرسە تاپالمىغانلىقلىرى ئۈچۈن غەمكىن، كۆزلىرىدىن ياش تۆككەن ھالدا قايتىشتى، ئۇلارغا ئەيىبلەش يوقتۇر ( 91 - 92 ).

قۇرئاننىڭ بۇ مۇئامىلىسى ناھايىتى زىل ۋە ئىنچىكە بولۇپ، پەقەت ياخشىنى ياماندىن ئايرىشنى ئۆگىتىپلا قالماستىن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىككى يامان ئىچىدىن تېخىمۇ ئاز ناچار / يامان بولغانىنىمۇ ئايرىشنى ئۆگىتىدۇ. بۇ بىزگە ھەزرىتى ئۆمەرگە نىسبەت قىلىنغان شۇ سۆزلەرنى ئەسلىتىدۇ: « ئەقىللىق بولۇش ياخشىنى ياماندىن ئايرىش ئەمەس. بەلكى ئۇ، ئىككى يامان ئارىسىدىن تېخىمۇ ئاز يامان بولغانىنى ئايرىپ چىقىشتۇر ». تۆۋەندىكى ئايەت ئىككى يامان ئارىسىدا تېخىمۇ ئاز زىيانلىق بولغانىنى ئايرىشنى ئۆگىتىدىغان بىر نەسىھەت سۈپىتىدە ئوقۇلۇشى كېرەك:

الْأَعْرَابُ أَشَدُّ كُفْرًا وَنِفَاقًا وَأَجْدَرُ أَلَّا يَعْلَمُوا حُدُودَ مَا أَنْزَلَ اللَّهُ عَلَى رَسُولِهِ وَاللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٌ

« ئەئرابىلار كۇفرى ۋە ئىككى يۈزلىمچىلىكتە ( باشقىلارغا قارىغاندا ) تېخىمۇ چىڭ تۇرىدۇ. ( ئۇلار ) الله رەسۇلىغا نازىل قىلغان ھايات شەكلىنىڭ چەك - چېگرىسىنى بىلىش ۋە چۈشىنىپ يېتىشتە باشقىلارغا قارىغاندا ئارقىدا تۇرىدۇ، الله بۇ ھەقىقەتنى ناھايىتى ياخشى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر » ( 97 ).

ئايەتتە « شەھەرلىك / مەدەنىي » مۇئامىلە بىلەن « چەت ياقىلار / چۆل » مۇئامىلىسى سېلىشتۇرما قىلىنغان. بۇ ئايەت « چەت ياقىلار / چۆل » ئەسكىنىڭ « شەھەرلىك / مەدەنىي » ياماندىن تېخىمۇ بەتتەر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى « چەت ياقىلار / چۆل »نىڭ ئەسكىسى باتىل ۋە ئازغۇن بولۇش بىلەن بىرگە قوپال، قالاق ۋە تەربىيەسىز كېلىدۇ.

سۈرە بۇ بايانلاردىن كېيىن سۆزنى شۇنداق بىر نۇقتىغا كەلتۈرىدۇكى، ئۇ « تاش دەل جايىغا قويۇلغان » نۇقتىدۇر:

وَقُلِ اعْمَلُوا فَسَيَرَى اللَّهُ عَمَلَكُمْ وَرَسُولُهُ وَالْمُؤْمِنُونَ وَسَتُرَدُّونَ إِلَى عَالِمِ الْغَيْبِ وَالشَّهَادَةِ فَيُنَبِّئُكُمْ بِمَا كُنْتُمْ تَعْمَلُونَ

( ئۇلارغا ) ئېيتقىنكى، « ( خالىغان ) ئەمەللەرنى قىلىڭلار، قىلغان ئەمەللىڭلارنى الله ، الله نىڭ رەسۇلى ۋە مۆئمىنلەر كۆرۈپ تۇرىدۇ. نىھايىتىدە يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ( نەرسىلەرنى ) بىلگۈچى ( الله ) نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر، الله قىلمىشىڭلارنى سىلەرگە خەۋەر قىلىدۇ » ( 105 ).

سۈرىدە پەقەت ئىككى يامان / زىيان ئىچىدىن ئەڭ ئاز يامان / زىياننى تاللاپ ئايرىشنىلا ئۆگىتىدىغان ئايەتلەر ئورۇن ئېلىپلا قالماستىن، يەنە ئىككى ياخشى ئىچىدىن تېخىمۇ ياخشىسىنى قانداق ئايرىيدىغانلىقىمىزنى ئۆگىتىدىغان ئايەتلەرمۇ ئورۇن ئالىدۇ. ئىككى ياخشى ئارىسىدا تېخىمۇ ياخشى بولغىنى دائىم ئاكتىپ بولغان

ياخشدۇر. پاسسىپ ياخشى دائىم ئاكتىپ ياخشىدىن كېيىن تۇرىدۇ. بۇنىڭ تەبىئىي نەتىجىسى سۈپىتىدە ئەڭ چوڭ مۇكاپاتمۇ ئاكتىپ ياخشىلارغا بېرىلمەكتە. تۆۋەندىكى ئايەت بۇ ھەقىقەتنى بايان قىلماقتا:

إِنَّ اللَّهَ اشْتَرَى مِنَ الْمُؤْمِنِينَ أَنْفُسَهُمْ وَأَمْوَالَهُمْ بِأَنَّ لَهُمُ الْجَنَّةَ يُقَاتِلُونَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ فَيَقْتُلُونَ وَيُقْتَلُونَ وَعْدًا عَلَيْهِ حَقًّا فِي التَّوْرَاةِ وَالْإِنْجِيلِ وَالْقُرْآنِ وَمَنْ أَوْفَى بِعَهْدِهِ مِنَ اللَّهِ فَاسْتَبْشِرُوا بِبَيْعِكُمُ الَّذِي بَايَعْتُمْ بِهِ وَذَلِكَ هُوَ الْفَوْزُ الْعَظِيمُ (111) التَّائِبُونَ الْعَابِدُونَ الْحَامِدُونَ السَّائِحُونَ الرَّاكِعُونَ السَّاجِدُونَ الْآمِرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَالنَّاهُونَ عَنِ الْمُنْكَرِ وَالْحَافِظُونَ لِحُدُودِ اللَّهِ وَبَشِّرِ الْمُؤْمِنِينَ (112)

« شۈبھىسىزكى، الله يولىدا جەڭ قىلغان، ئۆلتۈرگەن ۋە ئۆلتۈرۈلگەن مۇئمىنلەردىن الله ئۇلارنىڭ جانلىرىنى، ماللىرىنى ئۇلارغا جەننەتنى بېرىپ سېتىۋالدى. بۇ الله نىڭ تەۋراتتا، ئىنجىلدا ۋە قۇرئاندا بەرگەن ۋەدىسىدۇر، ۋەدىسىگە الله تىنمۇ بەك ۋاپا قىلغۇچى كىم بار؟ ئۇنداقتا قىلغان بۇ سوداڭلاردىن خۇشال بولۇڭلار، مانا بۇ زور مۇۋەپپەقىيەتتۇر.

بۇ، قاچان بىر گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قالسا دەرھال پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن الله قا يۈزلىنىپ تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ، پەقەت الله قىلا ئىبادەت قىلغۇچىلارنىڭ، ( الله قا ) ھەمدۇسانا ئېيتقۇچىلار، ئۇنىڭ رازىلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلغانلارنىڭ، روزا تۇتقۇچىلارنىڭ، پەقەت ئۇنىڭ الله ئالدىدىلا ئىگىلىپ، پەقەت ئۇنىڭ ھوزۇرىدىلا سەجدە قىلغۇچىلارنىڭ، ياخشى ۋە توغرا بولغان ئىشلارغا دەۋەت قىلىپ، يامان ئىشلاردىن توسقۇچىلارنىڭ، الله نىڭ بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلغۇچىلار ( يەنى الله نىڭ بېكىتكەن پەرزلىرىنى ئادا قىلىپ، نەھىي قىلغان ئىشلىرىدىن يانغۇچىلار )نىڭ مۇۋەپپەقىيىتىدۇر. بۇ خۇشخەۋەرنى مۇئمىنلەرگە يەتكۈزگىن » ( 111 - 112 ).

بۇ سۈرىنىڭ 119 - ئايىتىدىكى بىر جۈملە كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ: « سادىقلار بىلەن بىللە بولۇڭلار! »، بۇ جۈملە « سادىقلاردىن بولۇڭلار! » شەكلىدىمۇ كېلىشى مۇمكىن ئىدى. ھەتتا « سادىق بولۇڭلار! » شەكلىدىمۇ كېلىشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن ئۇنداق شەكىلدە ئەمەس « سادىقلار بىلەن بىللە بولۇڭلار! » شەكىلدە كەلگەن. بۇ ئىلاھىي ئەمر بىزگە ئەسلىتىدىغان نۇرغۇن نەرسىلەرنىڭ بېشىدا ساداقەت كېلىدۇ. سادىق بولۇش ساداقەتنى ساقلاپ قېلىشتىن ئوڭاي. ساداقەتنى ساقلاپ قېلىش سادىق بولۇشتىن قىيىن. بۇ قېيىنچىلىقنى يېڭىشنىڭ يولى سادىقلار بىلەن بىللە بولۇشتۇر. كىشى سادىقلارنىڭ ئىچىدە بولغاندا ساداقەتنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ. ئۆز ئالدىغا يالغۇز بولغان ۋاقتىڭىزدا سۇنىدىغان ساداقەت تېرىكىڭىز باشقىلار بىلەن بىرگە بولغاندا تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ. سادىقتىڭىزگە قارىتىلغان بۇزغۇنچىلىق خاراكتېردىكى ھەر خىل ۋەسۋەسىلەرگە ئۆزىڭىز يالغۇز قارشى تۇرالماسلىقىڭىز مۇمكىن. ئەمما سادىقلار بىلەن بىللە بولغاندا، ئۇنىڭغا قارشى پۈت تىرەپ تۇرالايسىز.

قۇرئان مۇئمىننىڭ ئىمانىنى ئاشۇرىدۇ، بۇنىڭدا قىلچىلىك شۈبھە يوق. لېكىن ئېنىق بولغان يەنە بىر نەرسە باركى، ئۇ بولسىمۇ قەلبنى كېسەللىك قاپلاپ كەتكەنلەرنىڭ كېسىلىنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ. بۇ قۇرئاننىڭ مۆجىزىۋى خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى. بۇ ئالاھىدىلىكنى قۇرئان « مەسانى » دەپ ئاتايدۇ. قوشماق ۋە زىتلىق پەقەت يارىتىلغان شەيئىلەردىلا ئەمەس، قۇرئاننىڭ مۇھاتابىنىڭ مەيدانىغا ماس ھالدا ئۆز تەسىر كۈچىنى نامايەن قىلىدۇ. قېنى بۇ ئايەتنى ئوقۇپ باقايلى:

وَإِذَا مَا أُنْزِلَتْ سُورَةٌ فَمِنْهُمْ مَنْ يَقُولُ أَيُّكُمْ زَادَتْهُ هَذِهِ إِيمَانًا فَأَمَّا الَّذِينَ آمَنُوا فَزَادَتْهُمْ إِيمَانًا وَهُمْ يَسْتَبْشِرُونَ (124) وَأَمَّا الَّذِينَ فِي قُلُوبِهِمْ مَرَضٌ فَزَادَتْهُمْ رِجْسًا إِلَى رِجْسِهِمْ وَمَاتُوا وَهُمْ كَافِرُونَ (125)

( قۇرئاندىن ) بىرەر پارچە نازىل قىلىنسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا: « بۇ ( يەنى پارچە ) قايسىڭلارنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتتى؟ » دەيدىغانلار بار. مۇئمىنلەرگە كېلىدىغان بولساق، بۇ ( يەنى پارچە ) ئۇلارنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتتى، ئۇلار ( سۈرىنىڭ نازىل بولۇشىدىن ) خۇشال بولىدۇ، بۇ خۇشخەۋەرنى بىر - بىرىگە يەتكۈزىدۇ.

دىللىرىدا كېسەل بارلار ( يەنى مۇناپىقلار ) غا كېلىدىغان بولساق، بۇ ( پارچە ) ئۇلارنىڭ كۇفرىغا كۇفرى قوشىدۇ ( يەنى ئۇلار مۇناپىقلىقتا تېخىمۇ ئەزۋەيلەيدۇ، تېخىمۇ گۇمراھلىشىدۇ )، ئۇلار گېلىغىچە پاتقان كۇپرى پاتقىقىدا كاپىر پېتى ئۆلىدۇ ( 124 ـ 125 ).

سۈرىدىكى ئاللاھ نىڭ « بىر ئىكەنلىكى، باقىي، ھەر نەرسىنى كۆرۈپ تۇرغۇچى، يېگانە نىجادكار، مەغپىرىتى چەكسىز، ئەڭ قۇدرەتلىك، تەۋبىلەرنى دائىم قوبۇل قىلغۇچى » دەپ تونۇشتۇرغان جۈملىلەر پەقەت ئىنساننىڭ ئاللاھ قا مۇھتاج ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپلا قالماستىن، يەنە ئىنساننىڭ بەندىلىك شەرىپىگە ئىگە بىر مۆتىۋەر مەۋجۇدىيەت سۈپىتىدە ھۆر ۋە ئەركىن ئىكەنلىكىنىمۇ ۋاستىلىق شەكىلدە ئىما قىلىدۇ. بۇ، ئىنساننىڭ « مەن »لىك، تارىخ، دوست ـ يارەن، قەبىلە، مال ـ مۈلۈك، ئۆرپ ـ ئادەت ... قاتارلىق ئىچكى ۋە تاشقى بېسىملاردىن قۇتۇلۇش يولىنى ئېچىپ بېرىدىغان بىر ھۆرلۈك يولىدۇر. كىشى بۇ ھۆرلۈك ۋە خاتىرجەملىك تۇيغۇسىنى كۈچ، پۇل ـ پۇچەك، ئەمەل ـ مەنسەپ ۋەياكى باشقا ئۇسلۇب بىلەن ئەمەس، ئاللاھ بىلەن قىلغان ئىتائەت ئەھدىسى سايىسىدە قولغا كەلتۈرىدۇ. ئەھدە تۈزگۈچى تەرەپلەردىن بىرسى ئاللاھ بولغان بىر كېلىشىم ئىنسان ئۈچۈن ھەرگىزمۇ ۋازكەچكىلى بولمايدىغان بىر شەرەپ، ھۆرلۈك ۋە خاتىرجەملىك كاپالىتىدۇر.

سۈرە، ۋەھيي بىلەن مۇناسىۋەتلىك بۆلەكتىن كېيىن، ئاللاھ رەسۇلىنى ئالەملەرگە رەھمەتنىڭ تەجەللىسى قىلغان، چەكسىز شەپقەت ۋە مەرھەمەتنىڭ ئىپادىسى ماھىيىتىدىكى ئىككى ئايەت بىلەن ئاخىرلاشقان:

لَقَدْ جَاءَكُمْ رَسُولٌ مِنْ أَنْفُسِكُمْ عَزِيزٌ عَلَيْهِ مَا عَنِتُّمْ حَرِيصٌ عَلَيْكُمْ بِالْمُؤْمِنِينَ رَءُوفٌ رَحِيمٌ (128)

فَإِنْ تَوَلَّوْا فَقُلْ حَسْبِيَ اللَّهُ لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ عَلَيْهِ تَوَكَّلْتُ وَهُوَ رَبُّ الْعَرْشِ الْعَظِيمِ (129)

( ئى ئىنسانلار! ) شۈبھىسىزكى، سىلەرگە ئۆز ئىچىڭلاردىن بىر ئەلچى كەلدى. سىلەرنىڭ كۈلپەت چېكىشىڭلار ئۇنىڭغا ئېغىر تۇيۇلىدۇ؛ ئۇ سىلەرنىڭ ( ھىدايەت تېپىشىڭلارغا ) ھېرىستۇر، مۇئمىنلەرگە ئامراقتۇر، ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر.

مانا بۇ ھەقىقەتنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ئۇلار يەنە ( ساڭا ئىمان ئېيتىشتىن ) يۈز ئۆرۈسە، سەن: « الله ماڭا كۇپايە قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ھەر دائىم ئۇنىڭغا ئىشەنچ قىلدىم ( يەنى الله قا يۆلەندىم، الله تىن باشقا ھېچ ئەھەدىدىن ئۈمىد كۈتمەيمەن ۋە ھېچ ئەھەدىدىنمۇ قورقمايمەن )، ئۇ بۈيۈك ئەرشنىڭ رەببىدۇر » دېگىن ( 128 ـ 129 ).